


# شىرىن بۇلاق

سەفىييۇر رەھمان مۇبارەك فورى

كىتابقا ئىشلىگۈچى: پەيكار

پۈتكۈل ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى

ئوقۇشقا تېگىشلىك تەۋسىيە

كىتاب

Www.xabnam.com

# دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش مۇدىرى

## مۇھەممەد ئەلى ھەرەكانىنىڭ

## تەبرىك سۆزى

ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان، قاراڭغۇ ـ زۇلمەتنى ۋە ئوچۇق يورۇقلۇقنى ئورۇنلاشتۇرغان، پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، بۈيۈك ئاللاھقا ھەمدۇسانا بولسۇن ۋە جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى، ئۇلۇغ يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇ ئىنسانلارغا خۇش بېشارەت يەتكۈزدى، ئاگاھلاندۇردى. جەننەت بىلەن ۋەدە قىلدى. دوزاختىن قورقۇتتى. ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەتنى ئازغۇنلۇقتىن قۇتقۇزۇپ، ئۆزىنىڭ توغرا يولىغا ھىدايەت قىلدى. بىلىش كېرەككى ، ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.

ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شاپائەت مەقامى ۋە يۇقىرى مەرتىۋە ئاتا قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭغا مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت قىلىشقا ھىدايەت قىلدى ھەتتا رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىشنى الله ئۆزىگە مۇھەببەت قىلغانلىق دەپ بىكىتتى ئۇمۇنداق دىدى: ﴿قل ان كنتم تحبون الله فاتبعوني يحببكم الله و يغفر لكم ذنوبكم﴾ «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ. (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ».

مانا بۇ ئەھۋال كۆپلىگەن دىللارنىڭ ئۇ (رەسۇلۇللاھ) نى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈشكە ۋە ئۆزى بىلەن رەسۇلۇللاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن داۋاملىق ئىزدىنىشىگە تۈرتكە بولدى.ئەمەلىيەتتىمۇ ئىسلام نۇرى بۇجاھاننى يورۇتۇشقا باشلىغاندىن بۇيان مۇسۇلمانلار بۇ دىنىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالىيجاناپ خىسلىتى، شانلىق ئىش ـ ئىزلىرى، مۇلايىم سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ۋە گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ جەڭگىۋار ھايات تەرجىمىھالىنى بەس ـ بەستە نەشر قىلىشقا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ كەلگەن ئىدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى ئائىشە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا): «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى»، دەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھنىڭ كالامى، نۇقسانسىز مۇقەددەس كالام. ھەر كىم «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆلچىمىگە چۈشسە، ئۇ خەلقى ئالەم ئىچىدە ئەڭ سۆيۈملۈك ئەڭ كامىل ۋە ھەقىقي سۆيۈشكە ئەرزىيدىغان ئادەم بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

مۇسۇلمانلار (رەسۇلۇللاھقا بولغان) بۇ قىممەتلىك مۇھەببەتكە ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد شۇنداق چىڭ ئېسىلىپ كەلدىكى، ئۇنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە ھىجرىيە 1396 ـ يىلى

(مىلادىيە 1976 ـ يىلى) پاكىستاندا «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» توغرىسىدىكى تۇنجى ئىسلام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ئىتتىپاقىمىز «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن تېمىدا تۈۋەندىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەڭ ياخشى بەش ئەسەرگە نەق پۇل مۇكاپاتى تارقىتىدىغانلىقىنى، مۇكاپات ئومۇمىي سوممىسى 150 مىڭ ريال (سەئۇدى ئەرەبىستان پۇلى) بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان ئىدى.

ئۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولغان:

1. ئەسەر تارىخى ۋەقەلىكلەرنى تولۇق، مۇكەممەل، رەتلىك، ئۆز ئەينى بايان قىلغان بولۇشى؛
2. ئەڭ ئىلغار سەۋىيىدە يېزىلغان بولۇشى، ئىلگىرى نەشر قىلىنمىغان بولۇشى؛
3. مۇئەللىپ پايدىلانغان ئەسەرلەرنى ۋە ئۇزۇندە ئالغان ئىلمىي مەنبەلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشى؛
4. مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ ئىلمىي قابىلىيىتى ۋە ئەسەر ئىجادىيەتلىرىنى بايان قىلىشى ۋە قىسقىچە تەرجىمىھالىنى يېزىپ چىقىشى؛
5. ئوچۇق، روشەن، ئىخچام يېزىلىشى ۋە خەت ئۇرۇش ماشىنىسى بىلەن قايتا ئۇرۇپ ئىسلاھ قىلىنغان بولۇشى؛
6. ئەسەر ئەرەب تىلى ۋە باشقا ھەر قايسى جانلىق تىللاردا يېزىلسا بولىدۇ.
7. ئەسەرلەرنى قوبۇل قىلىش ئىشى ھىجرىيە 1396 ـ يىلى رەبىئۇسسانىي(4 ـ ئاي)دا باشلىنىپ، 1397 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىدا ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ.
8. ئەسەر سېلىنغان كونۋېرتنىڭ ئېغىزىنى پۇختا ئېتىپ، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ مەككىدىكى ئىش بېجىرىش ئورگىنىغا تاپشۇرۇپ بېرىش لازىم. ئورگان مەخسۇس كۆچ تەشكىللەپ، ئەسەرلەرگە قوبۇل قىلىنىش رەت ـ تەرتىپى بويىچە نومۇر قويۇپ چىقىدۇ.
9. ئورگىنىمىز يەنە مۇشۇ ساھەدە يېتىشكەن نوپۇزلۇق ئۆلىمالاردىن بىر كومىتېت تەشكىللەپ، ئەسەرلەرگە قارىتا كۆزدىن كۆچۈرۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ ئېلان رەسۇلۇللاھنىڭ مۇھەببىتى ئاتا قىلىنغان مۇھتەرەم ئۆلىمالىرىمىزنىڭ قىزغىن ئىزدىنىشىگە ۋە بەس ـ بەستە قەلەم تەۋرىتىشىگە زور تۈرتكە بولدى. ئىتتىپاقىمىزمۇ ئەرەبچە، ئىنگلىزچە، ئوردۇچە ۋە باشقا تىللاردا يېزىلغان بۇ ئەسەرلەرنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق كۆردى.

ئۆلىمالىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرىنى ئەۋەتىشكە باشلىدى. تاپشۇرۇۋېلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 171گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەرەب تىلىدا يېزىلغىنى 84، ئوردۇ تىلىدا يېزىلغىنى 64، ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغىنى 21، فرانسۇزچىسى بىر، سلاۋيانچىسى بىر بولۇپ، تەشكىلاتىمىز بۇ ئەسەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە مۇكاپاتقا لاياقەتلىكلىرىنىڭ رەت تەرتىپىنى بېكىتىپ چىقىش ئۈچۈن نوپۇزلۇق ئۆلىمالاردىن بىر كومىتېت تەشكىللەپ بۇ شەرەپلىك خىزمەتكە

ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ رەت تەرتىپى تۆۋەندىكىدەك بېكىتىلىپ چىقتى.

1. سەفىيىور رەھمان مۇبارەك فورى. ھىندىستان سەلەفىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن. مۇكاپات سوممىسى 50 مىڭ ريال.

2. دوكتۇر مەجىيد ئەلى خان. ھىندىستان يېڭى دېھلى ئىسلام مەھەللىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن. مۇكاپات سوممىسى 40 مىڭ ريال.

3. دوكتۇر نەسىير ئەھمەد ناسىر. پاكىستان خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى. مۇكاپات سوممىسى 30 مىڭ ريال.

4. ئۇستاز ھامىد مەھمۇد لىمۇدى. مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىدىن. مۇكاپات سوممىسى 20 مىڭ ريال.

5. ئۇستاز ئابدۇسالام ھاشىم. سەئۇدى ئەرەبىستانى مەدىنە مۇنەۋۋەردىن. مۇكاپات سوممىسى 10 مىڭ ريال.

شۇنداقلا ئىتتىپاقىمىز يەنە ھىجرىيە 1398 ـ يىلى شەئبان ئېيى (8 ـ ئاي)دا كاراچىدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق ئاسىيا ئىسلام كېڭەش يىغىنىدا ۋە ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى ۋە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن رابىيتەتۇلئىسلامى (دۇنيا ئىسلام كېڭىشى) مەككىدىكى ئىش بېجىرىش ئورگىنىدا، شۇ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل (3 ـ ئاي)نىڭ 12 ـ كۈنى شەنبە چۈشتىن ئىلگىرى مەككە مۇكەررەمەنىڭ ئەمىرى شاھزادە فەۋاز ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ۋەكىلى شاھزادە سەئۇد ئىبنى ئابدۇلموھسىن ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ رىياسەتچىلىكىدە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، شاھزادە ئالىيلىرىنى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئاپتورلارغا مۇكاپات تارقىتىپ بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردى. زىياپەت ئاخىرىدا ئىتتىپاقىمىز بۇ ئەسەرلەرنى پات ئارىدا باستۇرۇپ، نەشر قىلىدىغانلىقىنى ۋە بىر قانچە تىلغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ تارقىتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! مانا بۇ قولىڭىزدىكى ئەسەر ھىندىستان سەلەفىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن سەفىيىور رەھمان مۇبارەك فورىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن «شېرىن بۇلاق» ناملىق ئەسىرى ئاشۇ ئەسەرلەر ئىچىدە تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغىنىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەرلەرمۇ رەت تەرتىپى بويىچە ئىنشائاللاھ (ئاللاھ خالىسا) ئارقا ـ ئارقىدىن نەشردىن چىققۇسى.

بىز ئاللاھتىن جىمى ئەمەللىرىمىزنى خالىس ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن قوبۇل ئېتىشىنى تىلەيمىز. ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى خوجىدارىدۇر ۋە ئەڭ ياخشى ياردەم قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابە كىراملىرىغا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت قىلسۇن. (ئامىين!!!)

دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش مۇدىرى (مۇھەممەد ئەلى ھەرەكان)

ھىجرىيە 1400 - يىلى

## مۇئەللىپنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

مۇئەللىپ سەفىيىۇر رەھمان مۇبارەك فورى 1943 - يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ھىندىستاننىڭ ئەئزەم كاتا ئۆلكىسى مۇبارەك فورى ۋىلايىتى ھ ۇسەين ئاباد كەنتىدە ئەنسارى جەمەتى نامى بىلەن تونۇلغان ئوقۇمۇشلۇق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن (ئاپتور ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىدا بۇ جەمەتنى ئۇلۇغ ساھابە ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىنىڭ ئەۋلادى دەپ يازىدۇ). 1948 - يىلىغا قەدەر ئائىلىسىدە قۇرئاندىن دەسلەپكى ساۋادىنى چىقارغان. 1948 - يىلى مۇبارەكفور دارۇتتەئلىم[1] گە ئوقۇشقا كىرگەن. بۇ مەكتەپتە ئىپتىدائى ئوقۇشلۇقلارنى تاماملىغاندىن سىرىت مەلۇم دەرىجىدە پارس تىلىنى ئۆگەنگەن، 1954 -

[1] دارۇتتەئلىم ــــ تەلىم تەربىيە مەكتىپى دىگەن مەنىدە.

يىلى بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ مۇبارەكفور ئەھيائۇلئۇلۇم[1] مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ بۇ
مەكتەپتە ئەرەب تىلىغا ئائىت نەھۋى (گرامماتىكا) سەرف (مورفولوگىيە) قاتارلىق پەنلەردە
مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بولغان. 1956 ـ يىلى مۇبارەكفوردىن 35 كىلومېتىر
يىراقلىقتىكى مئو شەھىرى پەيزئام مەكتىپىگە ي ۆتكىلىپ ئوقۇغان. بۇ مەكتەپتە
1961 ـ يىلىغا قەدەر ئەرەب تىلى قائىدىلىرى ، دىن شەرىئەت ئىلىملىرى ب ۋىيچە
سىستېمىلىق بىلىم ئىگىلىگەن ۋە 1961 ـ يىلى پەزىلەت (يەنى، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە
پەتىۋا بېرىش دەرىجىسىگە يەتكۈچى) ئۇنۋانى بىلەن بۇ مەكتەپنى پ ۈتتۈرگەن. تىلىغا
ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ي ېرى شۇكى ، ئاپتور س ەفىيىۇر رەھمان مئ و، دىن ـ شەرىئەت
مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئىلمى ئۇنۋان باھالاش
كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان ئىمتىھانلارغا قاتنىشىپ 1959 ـ يىلى «مەۋلىۋى[2]» لىك
ئۇنۋانىغا 1960 ـ يىلى «ئالىم»لىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن
ھىندىستاننىڭ ئاللاھ ئاباد نىفپور قاتارلىق ئۆلكە شەھەرلەردە تەلىم ـ تەربىيە ، دىنىي
دەۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1963 ـ پەيزى ئاباد مەكتىپىگە ئ وقۇتقۇچىلىققا
تەكلىپ قىلىنغان ئىككى يىلدىن ك ېيىن مەلۇم سەۋەبلەر ت ۈپەيلى بۇ مەكتەپتىن
ئايرىلىپ ئائىلىسىگە قايتقان ۋە يەنە بىر يىلدىن كېيىن 1966 ـ يىلى فېۋرالدا ئۆلكىلىك
ئەئزەم كاتتا «ئىرشاد» (ھىدايەت) ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان ،
ئۇ يەردىن مئو دارۇلھەدىس[3]كە ئەۋەتىلگەن ۋە مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق ۋە ئوقۇتۇش
ئىشلىرىنى باشقۇرغان . ئۇ بۇ جەرياندا يەنى 1967 ـ يىللىرى ۋە 1968 ـ يىللىرى
ھىندىستاندىكى مۇسۇلمان ياشلارنىڭ ئىسرائىلىيىنىڭ پەلەستىننى يوتۇۋېلىشىغا قارشى
تۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتناشقان ۋە 1967 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ھىندىستاننىڭ يېڭى د ېھلىدا
ئۆتكۈزۈلگەن پەلەستىن كېڭەش يىغىنىغا ھىندىستانلىق ئىككى ۋەكىلنىڭ بىرى بولۇپ
قاتناشقان. 1969 ـ يىلغا كەلگەندە ئىچكى تاشقى ھەرخىل سەۋەبلەر ت ۈپەيلى بۇ
مەكتەپتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان، ئۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىدىن ئىستىپا بېرىپ بىر
قانچە كۈندىن كېيىن بارادىش ئ ۆلكىلىك پەيزۇل ئۇلۇم (ئىلىم نۇرى) ئۇنىۋېرسىتېتىغا
تەكلىپ قىلىنغان . ئ ۇ مئو شەھىرىدىن 700 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سىئون
شەھىرىگە بېرىپ پەيزۇل ئۇلۇم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى قوشۇمچە ئوقۇتۇش خىزمىتىگە
مەسئۇل بولغان. ئۇ بۇ جەرياندا كۆپ قېتىم جەمئىيەت ۋە مەكتەپ ئىچىدە دىنى دەۋەت
ئىلمى لېكسىيىسى سۆزلەپ ، ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ دىنىي، ئىقتىسادىي، سودا تىجارەت ۋە
ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ۋە 1972 ـ يىلى يۇرتى مۇبارەكفورغا
قايتىپ ئانا مەكتى پى دارۇتتەئلىم مەكتى پىدە تەلىم ـ تەربىيە يېتەكچىسى بولۇپ
ئىشلىگەن. 1974 ـ يىلى ھىندىستان بىنارىس سەلەفىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باش مۇدىرى
مۇبارەكفور دارۇتتەئلىم مۇدىرىغا ئىلتىماس قىلىپ سەفى رەھماننى سەلەفىيە
ئۇنىۋېرسىتېتىغا مۇدەرسلىككە ي ۆتكىگەن. ھازىر ئۇ مۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىي

---

[1] ئەھيائۇلئۇلۇم ـــــ دىنى تەلىمات دىگەن مەندە

[2] مەۋلىۋى بۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمى ئۇنۋان.

[3] مئو دارۇلھەدىس ـــــ ھەدىس پەنلىرى مەخسۇس مەكتىپى

دەرىجىلىك مۇدەررىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە. مۇئەللىپ سەفىيىۇررەھمان بۇ جەرياندا ئۆگۈنۈشنى ت وختىتىپ قويمىغانغا ئوخشاش، ئەسەر يېزىش ۋە تەرجىمىچىلىك ئىشلىرىنىمۇ تاشلاپ قويمىغان. ئۇ 18 پارچە كىتاب يازغان ۋە بىرنەچچە پارچە ماقالە ئىلمىي ئەسەرلىرىنى گېزىت- ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان. 1976 يىلى ئەرەب ئەدەبىي پەنلىرى بويىچە ئىمتىھان بېرىپ ئالىي ئوقۇتقۇچىلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

قولىڭىزدىكى بۇ شېرىن بۇلاق ناملىق ئەسەر مۇئەللىپنىڭ مۇسۇلمانلارغا سۇنغان توققۇزىنچى كىتابى، يەنى توققۇزىنچى سوۋغىسى ھېسابلىنىدۇ.

# كىتابخانلارغا ئىككى كەلىمە سۆز

جىمىي ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئۇ ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن توغرا ھىدايەت ۋە ھەققانىي دىن بىلەن ئەۋەتتى ۋە ئۇنى ئادىل گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئاللاھ تەرىپىگە چاقىرغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراغ قىلدى. ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئەستىن چىقارمايدىغانلار ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۈلگىلىك ئېسىل خىسلەتلەرنى مۇجەسسەم قىلدى.

ئى ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابە كىراملىرىغا ۋە قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇنىڭغا سەمىمىي قەلب بىلەن ئەگىشىپ ماڭغانلارغا كۆپتىن- كۆپ رەھمەت قىلغىن ۋە ئۇلارغا رىزۋان بۇلىقىڭنى ئەبىدى ئاقتۇرغىن! ئامىين!

مۆھتىرەم كىتابخان كىشىنى شۇ ھاياجانغا سالىدۇكى، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى ھىجرىيە 1396- يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ( 3- ئاي)دا پاكىستاندا ئۆتكۈزگەن «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا يازغۇچى ئاپتورلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش ۋە ئۇلارنىڭ تەپەككۇر تىرىشچانلىقىغا ئىلھام بېرىش يۈزىسىدىن «سىيرەتۇن نەبەۋى» (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى) دېگەن تېمىدا خەلقئارالىق ئىلمى مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى.

مەن بۇ ئىشنىڭ سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز چوڭ ئەھمىيىتى ۋە ئىلمىي قىممىتى بار، دەپ قارايمەن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىغا ۋە ئۇنىڭ تارىختىكى ئورنىغا دىققەت ئېتىبارىمىز بىلەن قارايدىغان بولساق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھايات مەنبەسى ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتى بەخت ـ سائادىتىنىڭ بىردىنبىر بۇلىقى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

مەنمۇ بۇ مۇبارەك مۇسابىقىگە قاتناشقانلىقىمنى چوڭ بەخت ـ سائادەت ۋە تەلىيىمنىڭ ئوڭدىن كەلگەنلىكى دەپ قارايمەن، لېكىن مەن قانچىلىك ئادەم؟ ئاۋۋالقىلار ۋە كېيىنكىلەرنىڭ سەردارى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى تەرجىمىھالىنى بۇ ئاددىي قەلىمىم بىلەن يورۇتۇپ بېرىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار ھەم شەرەپلىك ۋەزىپىنى قانچىلىك رەۋىشتە ئادا قىلالايتتىم؟ مەن پەقەت زالالەت (ئازغۇنلۇق)نىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتلىرىدە ھالاك بولۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىدايەت نۇرىدىن يورۇقلۇق ئالالىسام، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولۇپ ياشاپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولۇپ ئۆلسەم، ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى بىلەن گۇناھىمنى كەچۈرۈم قىلىپ ماڭا مەرھەمەت ئەيلىسە مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەخت ـ سائادەت ۋە كاتتا نىجاتلىق، دەپ قارايدىغان ئادەممەن. بۇ مېنىڭ ئەسەرگە تۇتۇش قىلىشتىكى مۇددىئايىمدۇر.

مەن ئەسەرگە تۇتۇش قىلىشتىن ئاۋۋال بەك ئۇزارتىۋېتىپ مالاللىق كەلتۈرۈشتىن ۋە ياكى بەك قىسقارتىۋېتىپ ئۇقۇمسىز قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ئوتتۇرا ھەجىملىك بولۇپ چىقىشىنى نىشان قىلدىم. بەزى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدا تارىخى ۋەقەلىكلەرنىڭ رەت تەرتىپى ياكى قىسمەن ۋەقەلىكنىڭ تەپسىلاتى تۈپتىن ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرسەم چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدىم ۋە ھەر قايسى تەرەپلەرگە نەزەر يۈگۈرتۈپ مېنىڭچە توغرا بولدى، دەپ قارىغان تەتقىقات نەتىجەمنى بۇ ئەسەرگە كىرگۈزدۈم. گەپنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بايانلىرىمغا دەلىل ـ ئىسپات قىستۇرۇشتىن ساقلاندىم.

بەزى جايلارنى كىتابخانلارنىڭ يات ساناپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگىنىمدە ياكى كۆپىنچە يازغۇچىلارنىڭ زەئىف رىۋايەت[1] لەرنى تۇتقا قىلغىنىنى كۆرگىنىمدە قىسمەن دەلىللەرگە ئىشارەت بەردىم، خالاس.

ئى ئاللاھ! ماڭا دۇنيا ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، سەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇرسەن، دوست تۇتقۇچىدۇرسەن، كاتتا ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇرسەن.

ئامىين!

سەفىيىور رەھمان مۇبارەك فورى

---

[1] زەئىف رىۋايەت ــــ ھەدىسشۇناسلىق ئىلمىدە ھەدىسلەرنىڭ سەنەد دەرىجە ئايرىمىسىدىكى رىۋايەت قىلغۇچىلىرى ئانچە ئىشەنچىلىك بولمىغان بىر تۈرى زەئىف رىۋايەت دەپ ئاتىلىدۇ.

# ئەرەبلەر ۋە ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى كۇفرى قاراڭغۇلۇقىدىن ئىمان نۇرىغا چىقىرىش ۋە ئۇلارنى بەندىلەرگە چوقۇنۇشتىن بىر ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشقا چاقىرىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئىلاھى ئەلچىلىكتىن ئىبارەتتۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەلچىلىكنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى ئوتتۇرىسىنى سىلىشتۇرۇپ كۆرگەندىلا ئاندىن بۇ تەرجىمىھالنىڭ بەدىئىي تەسۋىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەب خەلقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇش ھارپىسىدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەت توغرىسىدا كونكرېت چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز.

## ئەرەبلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى

ئەرەب «عرب» دېگەن بۇ سۆز لېكسىكىلىق مەنادا، سەھرا، چۆل، دەشتى ـ باياۋان، سۇ ۋە ئوت ـ چۆپتىن خالىي زېمىن دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ نام ئەڭ قەدىمقى دەۋرلەردىن بۇيان ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ۋە بۇ ئارالدا ئەجداتتىن ئەۋلادقا ياشاپ كەلگەن ياكى سىرتتىن كۆچۈپ كېلىپ بۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغان خەلقلەرنىڭ نام ئاتالغۇسى بولۇپ قالغان.

ئەرەب يېرىم ئارىلى غەربتە قىزىل دېڭىز ۋە سىنائ ئارىلى بىلەن، شەرقتە پارس قولتۇقى دېڭىزى ۋە ئىراق زېمىنىنىڭ جەنۇبىي قىسمى بىلەن چېگرالىنىدۇ. جەنۇبتا ھىندى ئوكيانغا تۇتاش ئەرەب دېڭىزى بىلەن، شىمالدا شام (سۈرىيە) ۋە قىسمەن ئىختىلاپلارنى نەزەرگە ئالمىغاندا ئىراقنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن چېگرالىنىدۇ. ئارالنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن 1 مىليون 300 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغىچە مۆلچەرلەنمەكتە.

ئارالنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن ئالغاندىمۇ بۇ ئارال مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئالايلى، ئارالنىڭ ھەر تەرەپتىن كەڭ كەتكەن سەھرا قىشلاق ۋە قوۋم بارخانلىرى بىلەن قورشالغان بولۇشىدەك ئىچكى جايلىشىش ئالاھىدىلىكى بۇ ئارالنى ئەجنەبىيلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قولىنى سۇنۇشى ۋە مۇستەملىكچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈشىگە يول قويمايدىغان مۇستەھكەم بىر قورغانغا ئايلاندۇرغان. شۇڭا، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا مۇشۇ قوملۇق توسقىدىن باشقا ھېچقانداق مۇداپىئە ئەسلىھەسى بولمىغان ئارال خەلقى ئۆز زامانىدىكى دەربىدىن تاشقىرى چوڭ ئىككى ئىمپېرىيە (رۇم ۋە پارس خاندانلىقى)گە قوشنا تۇرۇقلۇق ھەممە ئىشلاردا ئەركىن، ئاقىۋەتتىن قىلچە ئىككىلەنمەيدىغان، غەم يېمەيدىغان ھالەتتە ناھايىتى قاپ يۈرەكلىك بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

ئەمما، سىرتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەرەب ئارىلى دۇنياغا مەشھۇر قەدىمقى ئۈچ چوڭ قىتئە ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، يېرىم ئارال ئاشۇ قىتئەلەر بىلەن دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقلار ئارقىلىق تۇتىشىدۇ. ئارالنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمى ئافرىقا قىتئەسىنىڭ كىرىش ئېغىزىدۇر. غەربىي شىمال قىسمى ياۋروپا قىتئەسىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. شەرق ۋە شىمال تەرەپلىرى ئەجەم (تۈركىي مىللەتلەر) مىللەتلىرى، ئوتتۇرا شەرق ۋە يىراق شەرق دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ، ھىندىستان ۋە جۇڭگو زېمىنلىرىغا ئۇلىنىدۇ. شۇنداقلا ئارال يەنە ھەر قايسى قىتئەلەر بىلەن دېڭىز ئارقىلىق تۇتىشىدۇ ۋە ھەر قايسى قىتئەلەرنىڭ قاتناش ـ ترانسپورتلىرى ۋە كېمە ـ پاراخوتلىرى ئارالنىڭ ھەر قايسى قولتۇق، پورت ـ پرىستانلىرىدا توختاشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئاجايىپ جايلىشىش ئارالنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي قىسمىنى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ساياھەت ۋە دەم ئېلىش بېكىتىگە، سودا ـ سېتىق، دىن ـ مەدەنىيەت ۋە پەن ـ تېخنىكا ئالماشتۇرۇش مەركىزىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان.

## ئەرەب خەلقلىرى

تارىخشۇناسلار ئەرەب خەلقلىرىنى ئۇلارنىڭ كېلىپ چىققان نەسەب شەجەرىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلدى.

1. ئەلئەرەبۇلبائىدە، يەنى قەدىمقى ئەرەبلەر. بۇلار ئەرەبلەرنىڭ سەمۇد، تەسەم، جەدىس ۋە ئوملاق قاتارلىق تارىخى مەنبەسى توغرىسىدا مۇكەممەل بىر مەلۇماتقا ئېرىشكىلى بولمىغان ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىدۇر. بۇلار «ئەرەبۇلبائىدە» ئەڭ قەدىمكى ئەرەبلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

2. ئەلئەرەبۇلئارىبە، يەنى ساپ ئەرەبلەر. بۇلار يەشجەب ئىبنى قەھتاننىڭ ئوغلى يەئروبنىڭ نەسلىدىن ئاۋۇپ كۆپەيگەنلەردۇر. بۇلار قەھتان ئەرەبلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

3. ئەلئەرەبۇلمۇستەئرىبە، يەنى ئەرەبلەشكەن ئەرەبلەر. بۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل (ئەلەيھىسسالام)نىڭ نەسلىدىن ئاۋۇپ كۆپەيگەنلەردۇر. بۇلار ئەدنان ئەرەبلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئەمما، ئەرەبۇلئارىبە، يەنى قەھتان ئەرەبلىرىنىڭ ئانا يۇرتى يەمەن تۇپرىقىدۇر. ئۇلار بۇ تۇپراقتا ئاۋۇپ كۆپىيىپ، قەبىلە ـ ئايماقلارغا بۆلۈنگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسەن ئىككى قەبىلە مەشھۇرراقتۇر:

1) ھىميەر قەبىلىسى. بۇ قەبىلىنىڭ ئايماقلىرىدىن زەيدۇلجەمھۇر، قوزائە ۋە سەكاسىك قاتارلىقلار بار.

2) كەھلان قەبىلىسى. ھەمدان، ئەنمار، تەي، مۇزھىج، كىندە، لەخمى، جوزام، ئەزدى، ئەۋس، خەزرەج ۋە شامغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان جەفنە ئەۋلادلىرى مۇشۇ قەبىلىنىڭ ئايماقلىرىدۇر. كەھلان قەبىلىسىنىڭ ئايماقلىرى يەمەندىن كۆچۈپ، ئەرەب ئارىلىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تاراپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەمەندە ئىرەم سۇ ئاپىتى يۈز بېرىشتىن خېلىلا ئىلگىرى رۇملۇقلار مىسىر، شام زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتىكى تىجارەت يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇلارغا ئېغىر سودا ئىمبارگوسى يۈرگۈزگەنلىكتىن يۇرت ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

يەنە بىر خىل ئېھتىماللىق شۇكى، ھىميەر قەبىلىسىنىڭ يەمەندە داۋاملىق تۇرۇپ قېلىپ، كەھلان ئايماقلىرىنىڭ كۆچۈپ كەتكىنىگە قارىغاندا، ھىميەر ئايماقلىرى بىلەن كەھلان ئايماقلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق تىركىشىش يۈز بېرىپ كەھلان تەرەپ يەمەندىن قوغلاپ چىقىرىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

كەھلان قەبىيلىسىنى مۇنداق تۆت ئايماققا بۆلۈشىمىز مۇمكىن.

1) ئەزدى ئايمىقى. بۇلار باشلىقى ئىمران ئىبنى ئەمرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يەمەن تەۋەسىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ، تەرەپ ـ تەرەپلەرگە تەكشۈرگۈچىلەرنى ئەۋەتكەندىن كېيىن شىمالغا قاراپ يول ئالغان. ئۇلار ئۇياق ـ بۇياقلارغا يۆتكىلىپ يۈرۈپ ئەڭ ئاخىرى ماكانلاشقان يەرلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ئەزدى ئايمىقىدىن سوئلەبە ئىبنى ئەمرى ھىجاز تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، سوئلەبە بىلەن زىقار ئوتتۇرىسىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئەۋلادى كۆپىيىپ كۈچى زورايغاندىن كېيىن يەسرەبكە كىرىپ، بۇ يەردە ماكانلاشقان. مانا بۇ ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرى ئاشۇ سوئلەبەنىڭ ئوغلى ھارىسنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھارىس ئىبنى ئەمرى (ئۇ خۇزائە دېگەن كىشىدۇر) ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھىجاز تەۋەسىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىرى مەررى زەھرانغا كېلىپ چۈشتى. ئاندىن مەككىگە كىرىپ ئولتۇراقلىشىپ، مەككە ئاھالىسىدىن جۇرھوملارنى قوغلاپ چىقاردى.

ئىمران ئىبنى ئەمرى ئومانغا بېرىپ ئەۋلادلىرى بىلەن شۇ يەردە ماكانلاشتى. ئۇلار ئەزدى ئومان دەپ ئاتالدى. لىفەر ئىبنى ئەزدى تەھامىگە كېلىپ ماكانلاشتى. بۇلار ئەزدى شەنۇئە دەپ ئاتالدى.

غەسسان پادىشاھلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى جەفنە ئىبنى ئەمرىمۇ ئەۋلادلىرىنى باشلاپ شامغا بېرىپ ماكانلاشتى. غەسسان ئەسلىدە ئۇلار شامغا مېڭىش يولىدا چۈشۈپ ئۆتكەن ھىجاز تەۋەسىدىكى بىر سۇ مەنبەئىنىڭ نامى ئىدى. كېيىن بۇ ئۇلارنىڭ ئومۇمي ئاتىلىشى بولۇپ قالدى.

2) لەخمى، جوزام ئايماقلىرى. ھىيرەدىكى مۇنازىر پادىشاھلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى نەسىر ئىبنى رەبىئە لەخمى جەمەتىدىن ئىدى.
3) بەنى تەي ئايمىقى. ئۇلار ئەزدى ئايماقلىرى شىمالغا قاراپ يۆرۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن يولغا چىقىپ، مەنزىلمۇ-مەنزىل كۆچۈپ يۈرۈپ ئاخىرى ئاجا سەلما دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ چۈشتى ۋە مۇشۇ يەردە ماكانلاشتى. كېيىن بۇ تاغلار تەي تېغى دەپ ئاتالدى.
4) كىندە ئايمىقى. بۇ ئايماقنىڭ ئادەملىرى دەسلەپ بەھرەيىنگە چۈشتى. ئاندىن ئۇلار مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەھرەيىندىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ ھەزرەمەۋتكە يۆتكەلدى. ئەمما، ئۇلارغا بەھرەيىندە يولۇققان ئوڭۇشسىزلىقلار قايتا تەكرارلىنىپ، نەجدكە كېلىپ چۈشتى ۋە بۇ يەردە ناھايىتى قۇدرەتلىك بىر دۆلەت قۇرغانىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇ دۆلىتى تېزلا يىمىرىلىپ نام-نىشانىمۇ قالمىدى.
يەنە يەمەندىن كۆچۈپ چىققان قەبىلىلەر ئىچىدە ھىمىيەر قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىدە قاراش ئوخشاش بولمىغان بىر قەبىلە بار (ئۇ بولسىمۇ قوزائە قەبىلىسى). ئۇلار يەمەندىن كۆچۈپ چىقىپ، ئىراق تەۋەسىدىكى سەماۋە ۋادىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى.
ئەمما، ئەرەبۇلمۇستەئرىبە، يەنى ئەرەبلەشكەن ئەرەبلەرنىڭ چوڭ بوۋىسى (ئاتىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام) ئىراقنىڭ كۇفە شەھىرىگە يېقىن بولغان پۇرات دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى قەدىمى شەھەر «ئار» دىن ئىدى. بۇ شەھەر خارابىسى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان قېدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر مۇشۇ يەردە ياشىغان خەلقلەر، جۈملىدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسى ۋە شۇ دەۋرنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى توغرىسىدا بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە قىلدى. مەلۇم بولۇشىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ يەردىن ھاران ياكى ھىرانغا ھىجرەت قىلغان، كېيىن بۇ يەردىن پەلەستىنگە يۆتكىلىپ پەلەستىننى ئۆزىنىڭ دەۋەت بازىسى قىلىپ مۇشۇ ئەتراپتىكى رايونلاردا دىنىي دەۋەت ئېلىپ بارغان. ئۇ بىر قېتىم مىسىرغا بارغان. بۇ چاغدا مىسىر پادىشاھى فىرئەۋن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سارەگە يامان نىيەتتە بولغان. لېكىن، ئاللاھ بۇ پادىشاھنىڭ يامان نىيىتىنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرمىغاچقا، ئۇ سارەنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان كۈچلۈك مۇناسىۋىتىنى تونۇپ ئۇنىڭ پەزلىنى ئېتىراپ قىلىش يۈزىسىدىن قىزى [1] ھاجەرنى خىزمەتكارلىققا تۇتۇپ بەرگەن. كېيىن سارە بۇ قىزنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلاپ قويغان.
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەلەستىنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاللاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ھاجەردىن ئىسمائىلنى رىزىق قىلىپ بەردى. بۇنىڭغا نىسبەتەن سارەنىڭ كۈندەشلىكى تۇتۇپ، ئاخىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئەمدىلا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان يۈرەك پارىسى بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ھاجەرنى كۆزدىن غايىب قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ ئانا-بالا ئىككىيلەننى ئېلىپ ھىجاز زېمىنىغا كەلدى ۋە بۇلارنى بەيتۇللاھنىڭ يېنىدىكى قاقاسلىققا چۈشۈردى. بەيتۇللاھ بۇ

[1] ھاجەر ئانىنىڭ مىسىر پادىشاھىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىدە قاراش ئوخشاش ئەمەس. مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۇ فىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدىكى بالا چىراي دېدەك ئىكەن.

چاغدا بىر دۆڭلۈككە ئوخشايدىغان ئېگىز جاي بولۇپ، ۋادىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن سەل ۋە لاتقىلار كەلسە، دۆڭنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىن ئېقىپ كېتەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئانا ـ بالا ئىككىسىنى ھازىرقى مەسجىدىل ھەرامنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە زەمزەم قۇدۇقىنىڭ يېنىدىكى چوڭ دەرەخ [1] تۈۋىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ پەلەستىنگە قايتتى. شۇ كۈنلەردە مەككىدە نە ئادەم، نە سۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى جان ئۈچۈن پەقەت بىر تۇلۇم خورما ۋە بىر تۇلۇم سۇ قالدۇرۇپ قايتىپ كەتتى. ھاجەر ئانا بۇلارنى قانچە تىجەپ ئىشلەتكەن قىلغان بولسىمۇ، ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا بۇ نەرسىلەر (بولۇپمۇ سۇ) پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتتى. مۇشۇنداق قىيىنچىلىق پەيتتە ئاللاھنىڭ پەزلى مەرھەمىتى بىلەن زەمزەم قۇدۇقى ئېتىلىپ چىقىپ، بۇلارنىڭ ۋاقىتلىق ئوزۇقلۇقى ھەل بولدى (بۇ قىسسە سەھىھۇلبۇخارىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ).

شۇ كۈنلەردە يەمەندىن بىر قەبىلە (ئۇلار جۇرھۇم سانى دەپ ئاتىلىدۇ) كېلىپ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھاجەرنىڭ رۇخسىتى بىلەن مەككىدە تۇرۇپ قالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار بۇندىن ئىلگىرى مەككە ئەتراپىدىكى ۋادىلاردا كۆچمەنلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. سەھىھۇلبۇخارىنىڭ رىۋايىتى بۇ قەبىلىنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئانا ـ بالا ئىككىسى مەككىدە ئولتۇراقلىشىپ خېلى مەزگىلدىن كېيىن كېلىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر ھالدا ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە چۈشۈشى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بالاغەتكە يېتىشتىن خېلى بۇرۇنقى ئىش ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەككە ئۇلارنىڭ يول ئۈستىدىكى بىر ئۆتكى ئىدى، خالاس.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەلەستىنگە قايتقاندىن كېيىن ئۆزى تاشلاپ كەتكەن بۇ پۇشتىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن مەككىگە پات ـ پات كېلىپ كېتىپ تۇردى. بۇ بېرىش ـ كېلىشلەرنىڭ قېتىم سانى تازا ئېنىق ئەمەس. بىراق، تارىخى مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغىنى پەقەت تۆت قېتىم. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوغلى (ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام)نى قۇربانلىق قىلىپ چۈش كۆرسەتكەنلىكىنى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ دەرھال بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا يۈزلەنگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فلمّا أسلما وتلّه للجبين وناديناه أن يا إبراهيم قد صدقت الرّؤْيا إنّا كذالك نجزي المحسنين إنّ هذا لهو البلاء المبين وفديناه بذبح عظيم﴾ «ئىككىسى (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى. ئىبراھىم ئۇنى (يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنى ياتقۇزدى. بىز ئۇنىڭغا: ‹ئى ئىبراھىم (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ)›، دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى (يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقارنى) بەردۇق». («قۇرئان كەرىم» سۈرە ساففات 103 ـــ 107 ـ ئايەتلەر).

سەپەرى تەكۋىندە زىكرى قىلىنىشىچە، ئىسمائىل (ئەلەيھىسسالام) ئىسھاق (ئەلەيھىسسالام)دىن 13 ياش چوڭ ئىكەن. قىسسىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىش ۋەقەسى ئىسھاق تۇغۇلۇشتىن خېلى ئىلگىرى يۈز بەرگەنلىكىنى

---

[1] شۇ ۋاقىتتا زەمزەم قۇدۇقىنىڭ يېنىدا چوڭ بىر تۈپ دەرەخ بار ئىدى.

كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»دە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىسھاق (ئەلەيھىسسالام) بىلەن بېرىلگەن بېشارەت ئىسمائىل (ئەلەيھىسسالام)نى قۇربانلىق قىلىش ۋەقەسى بايان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن زىكرى قىلىنىدۇ. بۇ قىسسە (ئاز دېگەندىمۇ) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمائىل (ئەلەيھىسسالام) كىچىك ۋاقتىدىكى بىر قېتىملىق سەپىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمما، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيىنكى ئۈچ قېتىملىق يوقلاش سەپىرىنى سەھىھۇلبۇخارىدىكى ئىبنى ئابباس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ مۇنداق بىر رىۋايىتى تولۇق بايان قىلىپ بەردى.

رىۋايەتنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام چوڭ بولۇپ، جۇرھۇم ئەرەبلىرىدىن ئەرەبچىنى ئۆگەندى ۋە ئۇلاردىن بىر قىزغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئانىسى ھاجەر ئالەمدىن ئۆتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ ئوغلىنى يوقلاش ئۈچۈن مەككىگە يەنە كەلدى. بىراق، ئۇ بۇ قېتىم ئوغلى بىلەن ئۇچرىشالماي كېلىنىدىن ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى. ئىسمائىل (ئەلەيھىسسالام)نىڭ ئايالى بۇ ناتونۇش قېيىنئاتىسىغا ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قىيىنچىلىقتا ئۆتۈۋاتقانلىقىنى شىكايەت قىلىپ ھال ئوقۇدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ كېلىنىگە: «ئىسمائىل ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىنى ئالماشتۇرۇۋەتسۇن»، دەپ تاپىلاپ قويۇپ پەلەستىنگە قايتتى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئاتىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، بۇ ئايالىنىڭ تالىقىنى بەردى ۋە ئەرەبلەردىن يەنە بىر قىزغا ئۆيلەندى. ئۇ جورھۇملارنىڭ باشلىقى ئەمرى ئىبنى مەزازنىڭ قىزى ھۇبا ئىدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئەمرىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەنە كەلدى. ئەپسۇس، ئۇ بۇ قېتىممۇ يەنە ئۇچرىشالماي يېڭى كېلىنچىكى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئىككىسىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى. تەلەيلىك بۇ ئايال ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا: «خۇداغا شۈكرى، تۇرمۇش ئەھۋالىمىز ياخشى»، دەپ جاۋاب بېرىۋىدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئىسمائىل ئەمدى ئىشىكىنىڭ بوسۇغۇسىنى ئۆز جايىدا قالدۇرسۇن»، دەپ تاپىلاپ قويۇپ پەلەستىنگە قايتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۆتىنچى قېتىم كېلىپ ئاندىن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتى. بۇ چاغدا ئۇ زەمزەم قودۇقىغا يېقىن چوڭ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ياچاق ئوقى ياساۋاتاتتى. ئىسمائىل ئاتىسىنى كۆرۈپ ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، ئاتا-بالا ئىككىسى قوچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بۇلارنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە ئۇزۇن يىللار بولغاچقا، بۇنداق ئەھۋالدا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا پەرزەنت يۈزى كۆرگەن دىلى يۇمشاق، كۆيۈمچان ئاتا ئۆز پەرزەنتىگە، زېرەك، ئوغلۇق چوڭ بولغان ۋاپادار ئوغۇل ئۆز ئاتىسىغا قانداق قىزغىن ھېسسىياتتا بولىدۇ دەيسىز؟

مۇشۇ قېتىمدا ئاتا-بالا ئىككىسى كەئبىنىڭ ھۇلىنى قوپۇرۇپ، بەيتۇللاھنى بىنا قىلدى ۋە ئاللاھنىڭ پەرمانى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ھەج قىلىشنى ئېلان قىلدى.

ئاللاھ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا مەزازنىڭ قىزىدىن 12 ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدى. ئۇلار نابىت، قەيدار، ئەدبائىل، مىيشام، مىشمائ، دۇما، مىيشا، ھەدەد، يەتما، يەتۇر،

نەفس ۋە قەيدامانلار ئىدى، بۇلاردىن 12 قەبىلە بارلىققا كەلدى ۋە ھەممىسى دىگۇدەك بىر مەھەل مەككىدە ئولتۇراقلاشتى. ئۇلار ئاساسلىقى يەمەندىن شامغا، شامدىن مىسىرغا تىجارەت ۋە سودا ـ سېتىق قىلىش بىلەن كۈن كەچۈرەتتى. ئاندىن بۇ قەبىلىلەر ئارالىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا، ھەتتا ئارالنىڭ سىرتلىرىغىچە تاراپ كۆچۈپ كېتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن نابىت ۋە قەيدار ئەۋلادلىرىدىن باشقا ئەۋلادلارنىڭ ئەھۋالى جاھاننىڭ قاراڭغۇ گۈملىرىدا ئاستا ـ ئاستا غايىب بولۇپ كەتتى.

نابىتنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئەنباتلار ھىجازنىڭ شىمالىدا گۈللەپ ياشىدى ۋە بەترائ① نى پايتەخت قىلىپ، قۇدرەتلىك بىر دۆلەت قۇرۇپ، ئەتراپتىكى ئەللەرنى بويسۇندۇرغانىدى. ھېچكىم ئۇلار بىلەن يۈت تېپىشىشكە پېتىنالمايتتى. ئاخىرى رۇملۇقلار تاجاۋۇز قىلىپ ئۇلارنىڭ بۇ دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

شەيخ سۇلايمان نەدۋى چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن: « غەسسان پادىشاھلىرى، شۇنىڭدەك ئەۋس ۋە خەزرەج ئەنسارلىرى قەھتان ئەرەبلىرىدىن بولماستىن، بەلكى ئۇلار ئىسمائىل (ئەلەيھىسسالام)نىڭ ئوغلى نابىتنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادلىرىدىن شۇ دىيارلاردا ماكانلاشقانلىرى ئىدى »، دېدى.

ئەمما، ئىسمائىل (ئەلەيھىسسالام)نىڭ ئوغلى قەيدارنىڭ ئەۋلادلىرى مەككىدە داۋاملىق قېلىپ مۇشۇ زېمىندا كۆپەيدى ۋە گۈللەپ ياشىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ نەسلىدىن ئەدنان ۋە ئەدناننىڭ ئوغلى مەئدى دۇنياغا كەلدى. ئەدنان ئەرەبلىرى (ئەرەبۇلمۇستەئرىبە)، يەنى ئەرەبلەشكەن ئەرەبلەر ئۆزىنىڭ نەسەب شەجەرىسىنى دەل مۇشۇ كىشىدىن باشلاپ، يادقا ئېلىپ، ئېسىدىن چىقارماي ساقلاپ كەلگەن. ئەدنان دېگەن بۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەب شەجەرىسىدىكى 21 ـ ئاتا ھېسابلىنىدۇ. ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ نەسەب شەجەرىسىنى بايان قىلىپ، ئەدنانغا يەتسە توختايتتى ۋە: « نەسەبشۇناسمەن دېگەنلەر يالغان ئېيتىدۇ »، دەيتتى ـ دە ئەدناننىڭ يۇقىرىسىغا ئۆتۈپ نەسەب ئۇلىمايتتى، دېيىلىدۇ.

خېلى كۆپ ئالىملار يۇقىرىقى ھەدىسنى زەئىپ دەپ قاراپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەدناندىن يۇقىرىدىكى نەسەب شەجەرىسىنى ھەم ئۇلاپ نەقىل قىلىشنى راۋا كۆردى ۋە ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلغاندا، ئەدنان بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا قىرىق ئاتا شەجەرىسى مەۋجۇد دېيىشتى.

مەئدىنىڭ ئەۋلادلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوغلى نەزار (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مەئدىنىڭ نەزاردىن ئۆزگە ئوغۇل پەرزەنتى يوق ئىكەن) تۆت بالىلىق بولغان. بۇ تۆت ئەۋلادتىن چوڭ تۆت قەبىلە بارلىققا كەلگەن. ئۇلار ئەياد، ئەنمار، رەبىيئە ۋە مۇزەرلەر ئىدى. رەبىيئە بىلەن مۇزەرنىڭ ئايماق ۋە جەمەتلىرى كۆپەيدى. رەبىيئەدىن ئەسەد ئىبنى رەبىيئە ،ئەنىيزە، ئابدۇلقەيس، ۋائىلنىڭ ئىككى ئوغلى (بەكرى ۋە تەغلىب)، بەنى ھەنىيفە ۋە باشقا قەبىلىلەر بارلىققا كەلدى.

مۇزەرنىڭ ئەۋلادلىرى چوڭ ئىككى قەبىلىگە بۆلۈندى. ئۇلار قەيس ئېيلان ئىبنى مۇزەر ۋە ئىلياس ئىبنى مۇزەر ئىدى. قەيس ئېيلاندىن بەنى سۇلەيم، بەنى ھەۋازىن ۋە بەنى

---

① جاي نامى

غەتپان قاتارلىق قەبىلىلەر بارلىققا كەلدى. غەتپان قەبىلىسىدىن ئەبەس، زەبيان، ئەشجەئە ۋە غىنەبنو ئەئسور ئايماقلىرى شاخلىنىپ چىقتى.

ئىلياس ئىبنى مۇزەردىن تەمىيم ئىبنى مۇررە، ھۇزەيل ئىبنى مۇدرىكە، ئەسەد ئىبنى خوزەيمە جەمەتلىرى ۋە كەنانە ئىبنى خوزەيمە ئايماقلىرى بارلىققا كەلدى. كەنانە ئىبنى خوزەيمەدىن قۇرەيش قەبىلىسى شەكىللەندى. بولۇپمۇ فىھرى ئىبنى مالىك ئىبنى نەزرى ئىبنى كەنانەنىڭ ئەۋلادلىرى قۇرەيش دەپ ئاتالدى.

قۇرەيشمۇ يەنە نۇرغۇن قەبىلىلەرگە بۆلۈندى. بۇ قەبىلىلەر ئىچىدىن ئەڭ مەشھۇر بولغانلىرى جۇمەھ، سەھمى، مەخزۇم، تەيم، زوھرە ۋە قۇسەي ئىبنى كىلاب قەبىلىلىرىدۇر.

قۇسەي ئىبنى كلاب قەبىلىسىنىڭ ئايماقلىرى ئابدۇددار ئىبنى قۇسەي، ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززا ئىبنى قۇسەي ۋە ئابدۇماناف ئىبنى قۇسەيلەردۇر.

ئابدۇمانافنىڭ تۆت ئوغۇل پەرزەنتى بولغان ئىدى. ئۇلار ئابدۇشەمس، نەۋفەل، مۇتەللىپ ۋە ھاشىملاردۇر. ھاشىم ئائىلىسىدىن ئاللاھ سەيىيدىمىز مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ ئىبنى ھاشىمنى پەيغەمبەرلىككە تاللىدى.

ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ خەلقنى يارىتىپ، مېنى ئۇلارنىڭ ئەرەب ـ ئەجەم فىرقىلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشى فىرقىدىن قىلدى. ئاندىن قەبىلىلەرنى تاللاپ، مېنى قەبىلىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى قەبىلىدىن چىقاردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئائىلىلەرنى تاللاپ، مېنى ئەڭ ياخشى ئائىلىدە دۇنياغا كەلتۈردى. شۇڭا، مەن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئائىلە كېلىپ چىقىشىمنى ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئەڭ ياخشى ئادەممەن».

شۇنداق قىلىپ ئەدنان ئەۋلادلىرى ئاۋۇپ ـ كۆپەيگەندىن كېيىن ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ، ئەرەب زېمىنلىرىنىڭ ھەر قايسى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا تاراپ كېتىشتى.

ئابدۇلقەيس جەمەتى، بەكرى ئىبنى ۋائىلنىڭ ئايماقلىرى ۋە تەمىيم قەبىلىسىنىڭ قىسمەن ئايماقلىرى بەھرەينگە كۆچۈپ بېرىپ، شۇ يەردە ماكانلاشتى.

بەنۇ ھەنىيفە (ئىبنى سەئەب ئىبنى ئېلى ئىبنى بەكرى) قەبىلىسى يەمامىگە كۆچۈپ چىقىپ، يەمامە تەۋەسىدىكى ھىجرى دېگەن يەرگە چۈشتى. بەكرى ئىبنى ۋائىلنىڭ قالدۇق ئاھالىسى يەمامەدىن بەھرەينغىچە ۋە سەيفى كازىمەدىن دېڭىزغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىراق زېمىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەبىللە ۋە ھەيت قاتارلىق كەڭ زېمىنلارغا ئورۇنلاشتى.

تەغلىپ قەبىلىسى پۇرات ئاراللىرىدا ماكان تۇتتى. يەنە قىسمەن ئايماقلىرى بەنى بەكرى ئايماقلىرى بىلەن سىغىشىپ ئولتۇراقلاشتى. بەنۇ تەيىم خەلقى بەسرە تۈزلەڭلىكىگە يەرلەشتى.

بەنۇ سۇلەيم قەبىلىسى مەدىنىگە يېقىن جايدا ۋادىلقۇرادىن خەيبەرغىچە مەدىنىنىڭ شەرقىدىن قوشتاغ چېگراسى ۋە ھەررە تاشلىقىغىچە بولغان ئارىلىقتا ماكان تۇتتى.

سەقىف قەبىلىسى تائىفتا، ھەۋازىن مەككىنىڭ شەرقىدە ئەۋتاس ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى. ئەۋتاس ۋادىسى مەككە بىلەن بەسرە ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ.

بەنى ئەسەد قەبىلىسى تەيمائ نىڭ شەرقىي، كۇفەنىڭ غەربىگە ئورۇنلاشتى. بەنى ئەسەد قەبىلىسى بىلەن تەيما ئوتتۇرىسىدا تەي قەبىلىسىنىڭ بەھتەر ئەۋلادلىرى جايلاشقان بولۇپ، ئۇلار بىلەن كۇفە ئارىلىقى بەش كۈنلۈك مۇساپە كېلىدۇ.

زەبيان قەبىلىسى تەيما بىلەن ھورانغىچە بولغان جايلاردا تۇرۇپ قالدى. تەھامە تۈزلەڭلىكىدە كەنانە قەبىلىسىنىڭ قىسمەن ئايماقلىرى؛ مەككە ۋە مەككە ئەتراپىدا بولسا قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ھەر قايسى ئايماقلىرى تارقاق ئولتۇراقلاشتى. ئۇلار سىياسى جەھەتتە ئىنتايىن چېچىلاڭغۇ بولۇپ، ھېچقانداق بىر كۈچ ئۇلارنى بىرلەشتۈرەلمىگەنىدى. ئاخىرى ئۇلاردىن قۇسەي ئىبنى كىلاب دۇنياغا كېلىپ، قۇرەيش قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈردى ۋە ئۇلارنىڭ شەرىپىنى ۋە ئىنسانىي ھوقۇقىنى قوغدايدىغان بىرلىك روھىغا ئىگە قىلدى.

# ئەرەبلەردىكى ھاكىمىيەت ۋە بەگلىكلەر

ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى بىلەن تونۇشماقچى بولساق، ئۇلارنىڭ تارىخى دەۋرلەردە قۇرغان دۆلىتى، تۈزگەن ھاكىمىيىتى، تەشكىللىگەن بەگلىك ۋە خەلىپىلىكلىرىنى، ئېتىقاد قىلغان دىيانىتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى بىر قۇر كىچىكلىتىپ تەسۋىرلەپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەن مەزگىللەردىكى ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن ت ونۇشۇش ئوڭاي بولىدۇ.

ئىسلام قۇياشى مەككە تۇپرىقىدا جۇلالىنىش ھارپىسىدا ئەرەب ئارىلىنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرى چوڭ جەھەتتىن مۇنداق ئىككى قىسىمغا بۆلۈنەتتى: بىر قىسمى تاج كىيگەن پادىشاھلار. لېكىن ئۇلار ماھىيەتتە تولۇق مۇستەقىل ئەمەس ئىدى. يەنە بىر قىسمى، قەبىلە ۋە ئايماقلارنىڭ باشلىقلىرى. ئۇلارنىڭمۇ تاجلىق پادىشاھلارغا ئوخشاش ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلىرى بار ئىدى. بىرلا ئارتۇقچىلىقى ئۇلارنىڭ قىسمەنلىرى (ئايرىم ئەھۋاللاردا) تاجلىق پادىشاھلارغا بېقىنمىسا، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تولۇق مۇستەقىل ئىدى. ئەينى چاغدىكى يەمەن پادىشاھلىقى، غەسسان (شام) پادىشاھلىقى، ھىيرە پادىشاھلىقلىرى تاجلىق پادىشاھلىقلار ھېسابلىناتتى. ئارال ھۆكۈمران سىنىپلىرى ئىچىدە يۇقىرىقىلاردىن باشقىلىرى تاجسىز پادىشاھلار ھېسابلىناتتى.

## يەمەن پادىشاھلىقى

يەمەندە ئەرەبۇلئارىبە، يەنى قەدىمى ئەرەبلەر نامى بىلەن مەشھۇر بولغان خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمقىلىرىدىن بىرى سەبەئ خەلقىدۇر. «ئۇر» خارابىلىقىدىن ئۇلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 25 ئەسىردىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە ئائىت مەدەنىي يادىكارلىقلىرى بايقالدى. ئۇلار

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 11 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردە گۈللىنىپ، ھۆكۈمرانلىق نوپۇزىنى تىكلەپ، دۆلەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە باشلىغان.

ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەرنى تۆۋەندىكىدەك مۆلچەرلەش مۇمكىن.

1. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 650 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەر. بۇ دەۋرلەردە ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى «مۇكەررىبە سەبەئ»، دەپ ئاتىلاتتى. ھازىر خەرىيبە (كونا خارابىلىق) دەپ ئاتىلىدىغان مەئرەب شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى سورۋاھ خارابىيلىقى ئۇلارنىڭ پايتەختى بولغان. بۇ جاينىڭ قەدىمىي شەھەر خارابىلىقلىرى ھېلىھەم مەۋجۇت.

يەمەن تارىخىدىكى مىسلىسىز چوڭ قۇرۇلۇش مەشھۇر «مەئرەب توغىنى» سۇ قۇرۇلۇشى شۇلارنىڭ دەۋرىدە قۇرۇلۇش قىلىنىشقا باشلىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سەبەئ خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئەرەب زېمىنىنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا نۇرغۇن جايلارنى مۇستەملىكە قىلغانىكەن.

2. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 650 ـ يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 115 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەزگىللەر. بۇ مەزگىللەردە ئۇلار «مۇكەررىب سەبەئ» دېگەن شاھلىق نامىنى «مولوكو سەبەئ»گە ئۆزگەرتىپ، پايتەختنى سورۋاھتىن مەئرەبكە يۆتكەپ كەلگەن. مەئرەب خارابىلىقى ھازىرقى سەنئا شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 60 ئىنگلىز چاقىرىم يىراقلىقتا توغرا كېلىدۇ.

3. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 115 ـ يىلدىن مىلادىيە 300 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرلەر. بۇ دەۋرلەرگە كەلگەندە ھىمىيەر قەبىلىسى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، سەبەئ دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى ۋە پايتەختنى مەئرەب شەھىرىدىن رىيدانغا يۆتكىدى. رەيدان شەھىرىنىڭ نامىنى زىيپار (غەلىبە)گە ئۆزگەرتتى. زىيپار خارابىلىقى «يەرىيم»غا يېقىن يۇمىلاق تاغ ئۈستىدە ھازىرغا قەدەر ئۆز پېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ دەۋرلەردە (يەنى، مىلادىيە 300 ـ يىللىرىغا كەلگەندە) ئۇلارمۇ گۇمرانلىق ۋە تەنەززۇلغا قاراپ يۈزلەندى.

سەۋەبى: بىرىنچىدىن، ئەنباتلار ھىجازنىڭ شىمالىدا ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتكەنلىكتىن ئۇلارنىڭ تىجارىتى زور دەرىجىدە توسالغۇغا ئۇچرىدى.

ئىككىنچىدىن، رۇملۇقلار مىسىر، سۇرىيە ۋە ھىجازنىڭ شىمالىدىن قىسمەن جايلارنى بېسىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ دېڭىز يولى تىجارىتىنى پۈتۈنلەي قامال قىلىۋالدى.

ئۈچىنچىدىن، قەبىلىلەر ئارا ئىچكى توقۇنۇش يۈز بەردى. مانا بۇ ئامىللار قەھتان ئەرەبلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكى ۋە يىراق ئەللەرگە كۆچۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

4. مىلادىيە 300 ـ يىلدىن تاكى يەمەنگە ئىسلام دىنى كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى مەزگىللەر. بۇ مەزگىللەردە يەمەن خەلقىنى پالاكەت باستى. ئۇلار كۆپلىگەن تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىنقىلاب ۋە ئىچكى ئۇرۇشلار يۈز بېرىپ، ئەجنەبىيلەرنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى. ئاخىرى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم قالدى. شۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، رۇملۇقلار ئەدەننىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا باشلىغان ئىدى. شۇ يىلى، يەنى مىلادىيە 340 ـ يىلى ھەبەشلەر

يەمەندىكى ھەمەدان ۋە ھىميەر قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى نىزادىن پايدىلىنىپ، يەمەننى تۇنجى قېتىم ئىشغال قىلىشقا باشلىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشغالىيىتى ئۇزاققا بارمىدى. مىلادىيە 378 ـ يىلىدىن كېيىن يەمەن خەلقى يەنە تولۇق مۇستەقىللىققە ئېرىشتى. لېكىن كۆتۈلمىگەن يەردىن مەئرەب سۇ توغىنىدا چوڭ ـ كىچىك چەكلەر پەيدا بولۇپ، بارا ـ بارا چوڭىيىپ، ئاخىرى مىلادىيە 450 ـ يىلى ياكى 451 ـ يىلى «قۇرئان كەرىم»دە سەيلى ئىرەم دەپ زىكرى قىلىنغان چوڭ سۇ ئاپىتى يۈز بەردى. بۇ زور بالايى ئاپەت تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئۆي ئىمارەتلەر ۋەيران بولدى ۋە سانسىزلىغان خەلق ئۆي ماكانسىز سەرگەردان بولۇپ كەتتى.

مىلادىيە 523 ـ يىلى يەھۇدىي زۇنىۋاس نەجران ئاھالىسىنىڭ خرىستىئانلىرىغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنى خرىستىئان دىنىدىن ۋاز كېچىشكە زورلىدى. ئۇلار ئەقىدىسىدىن يانغىلى ئۇنىمىغاندا، يەرگە قاتار ئورا قازدۇرۇپ، ئاستىدىن ئوت قويۇپ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغانلارنى بىر ـ بىرلەپ ئورتقا تاشلاپ، كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى. «قۇرئان كەرىم» سۈرە بۇرۇجدا مۇشۇ ۋەقەگە ئىشارەت بېرىپ، ﴿قتل اصحاب الاخدود﴾ «ئورەك ئىگىلىرىگە لەنەت بولسۇن»، دەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن كېيىنچە خرىستىئان دىنى مۇخلىسلىرى رۇم خاندانلىقىنىڭ قوللىشى بىلەن ئەرەب زېمىنلىرىدا ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ بېرىپ تەسىر دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. دېمىسىمۇ، رۇملۇقلار ھەبەشلەرنى كۈشكۈرتىپ، ئۇلارغا نۇرغۇن دېڭىزدا جەڭ قىلغۇچى ھەربىي قوشۇنلار بىلەن ياردەم بەردى. نەتىجىدە ھەبەشلەردىن ئەريات ئىسىملىك بىر ھەربىي قوماندان باشچىلىقىدا 70 مىڭ دېڭىز لەشكىرى ئەدەندە قۇرۇقلۇققا چىقىپ، مىلادىيە 523 ـ يىلى يەمەننى ئىككىنچى قېتىم بېسىۋالدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئەريات ھەبەش خاندانلىقى تەرىپىدىن يەمەنگە ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن ئىدى. ئاخىرى بىر كۈنى ئۇنى ئەبرەھە (ئۆزىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرىدىن بىرى) يوشۇرۇن ئوجۇقتۇرۇۋېتىپ، ھەبەش خانىنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا يەمەنگە ۋالىي بولدى. ئۇلۇغ كەئبىنى يىقىمەن، دەپ قوشۇن تارتىپ كەلگەن ۋە قۇرئاندا ئەسھابۇلفىيل «پىل ئىگىلىرى»، دەپ ئاتالغان ئەبرەھە دەل مۇشۇ كىشىدۇر.

پىل ۋەقەسىدىن كېيىن يەمەنلىكلەر ئىرانلىقلاردىن ياردەم سوراپ ھەبەشلەرگە قارشى تۇردى ۋە مىلادىيە 575 ـ يىلى ئۇلار ھىميەر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى مەئدىكەرىب ئىبنى سەيىف زىلىيەزىن رەھبەرلىكىدە ھەبەشلەرنى يەمەن زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، قايتا مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن يەمەن خەلقى ئۇنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىپ تىكلىۋالدى. مەئدىكەرىب ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بىر بۆلۈك ھەبەشلەرنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار مەئدىكەرىبنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى ۋە ماڭسا ئۇلىغىنى يېتىلەيتتى. ھەبەشلەر بىر كۈنى مەئدىكەرىبنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتى. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھلىق زىيەزىن جەمەتىدىن كېتىپ قالدى. نەتىجىدە، ئىران خانى كىسرا سەنئادا ئىرانلىق ئەمەلدارلارنى تۇرغۇزۇپ، يەمەننى ئىراننىڭ بىر ۋىلايىتىگە ئايلاندۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يەمەنگە ئىرانلىق ئەمەلدارلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ ئەلنى ئىدارە قىلىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋالىيسى بازان مىلادىيە

638 ـ يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن ئىرانلىقلارنىڭ يەمەن زېمىنىغا بولغان ئىستىلاسى ئاياغلاشتى.

## هىيرە پادىشاھلىقى

ئىرانلىقلارنى قارۋاش چوڭ (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 527 — 557 ـ يىللىرى) بىرلىككە كەلتۈرگەندىن تارتىپ، ئۇلار ئىراق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەنىدى. ھېچكىم ئۇلار بىلەن پۇت تىپىشىشكە پېتىنالمايتتى. تاكى ئىسكەندەر ماكېدونى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين دەپمۇ ئاتىلىدۇ). مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 326 ـ يىلى قوشۇن تارتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ ھاكىمىيىتىنى تۈنجى قېتىم ئاغدۇرۇپ تاشلىدى ۋە ئۇلارنىڭ شان ـ شەۋكىتىنى يەرگە ئۇردى. نەتىجىدە، ئىران زېمىنى پارچىلىنىپ، بۆلۈنمە ھۆكۈمرانلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار مولوكۇ تەۋائىف (بۆلۈنمە خانلىقلار) دەپ ئاتىلاتتى. بۇلار تاكى مىلادىيە 230 ـ يىلىغا قەدەر ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا بۆلۈنمە ھالەتتە ھوقۇق تۇتۇپ كەلدى. مۇشۇ بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە قەھتان ئەرەبلىرى يەمەندىن كۆچۈپ كېلىپ، ئىراقنىڭ بىر قىسىم يېزا ـ قىشلاقلىرىغا ئۇرۇنلاشتى. ئارقىدىنلا مەككىدىن كۆچۈپ چىققان ئەدنان ئەرەبلىرى يېتىپ كېلىپ قەھتانلار بىلەن سىقىشىپ ئولتۇراقلاشتى. ھەتتا پۇرات ئاراللىرىدىن بىر قىسىم جايلارنىمۇ ئىگىلەپ ئولتۇردى.

ئەردىشىر (مىلادىيە 226 ـ يىلى ساسان دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى)دەۋرىدە ئىرانلىقلار قايتىدىن باش كۆتۈردى. ئەردىشىر پۈتۈن ئىرانلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئەرەبلەرگىمۇ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. مانا بۇ ئۆزگىرىشلەر قوزائە قەبىلىسىنىڭ شامغا كۆچۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. ھىيرە ۋە ئەنبار ئاھالىلىرى ئىرانلىقلارغا ئەل بولدى.

ئەردىشىر دەۋرىدە جوزەيمە تۇلۇۋززاھىنىڭ ھوقۇقى ھىيرە ۋە ئىراق ۋادىسىدىكى بارلىق ئەرەبلەرگە شۇنداقلا ئاراللاردىكى رەبىيئە ۋە مۇزەر ئاھالىلىرىغا تولۇق يۈرۈيتتى. ئەردىشىر ئەرەبلەرگە ئۆز ئىچىدىن نوپۇزلۇق بىر كىشىنى شاھ قىلىپ تەيىنلىمىگەندە، ئۇلارنى بىۋاستە ئىدارە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن ساقلىنىش قىيىن دەپ قارىغان بولسا كېرەك. شۇ جەھەتتىن جوزەيمىنى ھىيرىگە پادىشاھ قىلىپ تەيىنلىدى.

يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا ئىرانلىقلارغا نىسبەتەن ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك رەقىبلىرى بولغان رۇملۇقلارغا قارىتا بۇلاردىن پايدىلىنىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئىراق ئەرەبلىرى بىلەن، رۇملۇقلارنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى شام ئەرەبلىرىگە تاقابىل تۇرغىلى بولاتتى.

ئەردىشىر ھىيرە پادىشاھلىقىدا مۇنتىزىم ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزدى. قورچاق پادىشاھ زورۇر تېپىلغاندا ئۆز شاھىغا قارشى چىققان بەدەۋى ئەرەبلەرگە قارىتا بۇ قوشۇندىن پايدىلىناتتى. جوزەيمە مىلادىيە 268 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

جوزەيمە ئۆلگەندىن كېيىن لەخمى قەبىلىسىدىن بولغان ئەمرى ئىبنى ئەدىي ئىبنى لەيەر(ئەردەشىرنىڭ ئوغلى سابور شاھنىڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ) لەخمى قەبىلىسىدىن چىققان پادىشاھلارنىڭ تۇنجىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى ئىراندا قەبباز ئىبنى فەيرۇز تەختكە چىققانغا قەدەر ھىيرەگە لەخمى قەبىلىسىدىن بولغان پادىشاھلار ئارقا ـ ئارقىدىن تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ كەلدى. قەبباز ئىبنى فىيروز ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئىراندا مەزدەك ئىسىملىك بىر كىشى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ «ئىباھىيەت» [①] سەپسەتىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

شۇنىڭ بىلەن قەبباز ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى مەزدەكنى قوللاپ، بۇ ئېقىم ئومۇملىشىشقا باشلىدى. ئاندىن قەبباز ھىيرە پادىشاھى (شۇ ۋاقىتتا مۇنزىر ئىبنى مائىسسەمائە تەختتە ئىدى)غا خەت يېزىپ، مۇشۇ مەسلەكنى يولغا قويۇشنى ۋە ئۇنىڭغا ئەقىدە باغلاشنى تەلەپ قىلدى. مۇنزىر قەببازنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش شاھلىق بەدىلىگە ئېتىقاد ۋە ۋىجدانىنى ساتقانلىق، بۇنداق قىلىش ئۆزىنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرىنى يوقاتقانلارغا مەنسۇپ، دەپ ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن قەبباز ئۇنىڭ ھىيرىگە بولغان شاھلىقىنى ئېلىپ تاشلىدى ۋە مۇنزىرنىڭ ئورنىغا قەببازنىڭ شەرتىگە كۆنۈپ، مەزدەك ئىدىيىسىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماقچى بولغان كىندى جەمەتىدىن ھارىس ئىبنى ئەمرى ئىبنى ھىجرىنى ھىيرەگە شاھلىققا تەيىنلىدى.

قەبباز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا نوشىرۋان تەختكە چىقتى. نۇشىرۋان مەزدەك ئىدىيىسىنى ئىنتايىن يامان كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ تەختكە چىققان ھامان مەزدەك ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن نۇرغۇن كىشىنى جادۇغا باستى. مەمۇرى ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىپ، مۇنزىرنىڭ ھىيرەگە بولغان شاھلىق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. نوشىرۋان ئۆز ئەقىدىسىنى ئەمەلگە تېگىشكەن ھېلىقى ھارىسنى تۇتۇشقا ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ بەنى كەلىپ دىيارىغا قېچىۋېلىپ تاكى ئۆلگەنگە قەدەر شۇ يەردە خار ـ زەبۇنلۇقتا ئۆتتى.

مۇنزىر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تەختكە چىقىپ، ئاخىرى نۆۋەت نۇئمان ئىبنى مۇنزىرغا كەلدى. نۇئمان تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە زەيد ئىبنى ئەدىي ئىبادىي دېگەن كىشى نوئمان ئۇستىدىن يالغاندىن گەپ ئويدۇرۇپ، كىسراغا چېقىپ ئىران خانى كىسرانى دەرغەزەپ قىلغۇەتتى ۋە دەرھال نوئماننى ئوردىغا ھازىر قىلىشقا ئادەم ئەۋەتتى. نوئمان يولغا چىقىش ئالدىدا خان لەشكەرلىرىگە تۇيدۇرماستىن، بەنى شەيبان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ھانىئىي ئىبنى مەسئۇدنىڭ قېشىغا چىقىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بارلىق بالا ـ چاقا ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئامانەت قويىدى ـ دە، ئاندىن ئىرانغا يۈرۈپ كەتتى. نوئمان ئىرانغا يېتىپ بېرىۋىدى، كىسرا ئۇنى زىندانغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ھىيرەگە ئىياس ئىبنى قەبىيسە تائىينى تىكلەپ، ئۇنى ھانئى ئىبنى مەسئۇد (شەيبان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى)غا ئادەم ئەۋەتىپ، نوئمان ئامانەت قويغان ئادەم ۋە مال ـ مۈلۈكلەرنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا بۇيرىدى. ھانئىي ئامانەتكە

---

[①] ئىباھىيەت ـــ ئادەم ھەممە ئىشلاردا چەكلىمىسىز بولۇش، توغرا ـ خاتا، ھالال ـ ھارام دەپ ئايرىماسلىق كېرەك دېگەنگە ئوخشاش چەكسىز ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان پىكىر ئېقىمى.

ۋاپا قىلىش يۈزىسىدىن بۇ تەكلىپنى رەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن ھەر قانداق بەدەل تۆلەشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي كىسرانىڭ لاۋۇ-لەشكەرلىرى ئىياس قوشۇنىغا قېتىلىپ، باستۇرۇپ كېلىپ، زىقار دېگەن جايدا ئىككى تەرەپ كەسكىن ئېلىشتى. جەڭدە بەنى شەيبان تەرەپ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئىرانلىقلار پاجىئەلىك مەغلۇب بولدى. مانا بۇ كۈن ئەرەبلەرنىڭ ئەجەم ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان تۇنجى ئۇرۇش كۈنى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇپ ئازراقتىن كېيىن يۈز بەرگەن. بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىياس ئىبنى قەبىيسە ھىيرەگە پادىشاھ بولۇپ سەككىز ئايدىن كېيىن دۇنياغا كۆز ئاچقان، دېيىلىدۇ.

ئىياس ئۆلگەندىن كېيىن كىسرا ھىيرەگە ئىرانلىق بىر ئەمەلدارنى ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى ۋە مىلادىيە 632-يىلىغا كەلگەندە ھىيرەنىڭ ھوقۇقى بەنى لەخمى قەبىلىسىگە يەنە قايتتى. شۇنىڭ بىلەن ھىيرەگە ئۇلاردىن مەئرۇر نامى بىلەن مەشھۇر بولغان مۇنزىر ئىسىملىك يەنە بىر كىشى پادىشاھ بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ قورچاق شاھلىقى سەككىز ئايلىق بولماي تۇرۇپلا، خالىد ئىبنى ۋەلىد باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىپ ئۆلدى.

## شام پادىشاھلىقى

ئەرەبلەردە قەبىلە بويىچەكۆچۈش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن مەزگىللەردە قوزائە قەبىلىسىنىڭ بىر قانچە ئايمىقى شام تەۋەلىكىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. ئۇلار «زەجائىم» نامى بىلەن تونۇلغان بەنى سۇلەھە ئايمىقىنىڭ بەنى زەجئەم ئىبنى سۇلەھە جەمەتى ئىدى. رۇملۇقلار بۇلار ئارقىلىق بەدەۋىيلەرنىڭ تۇيۇقسىز مالىمانچىلىق پەيدا قىلىشىنى چەكلەش ۋە ئىرانلىقلارغا قارىتا ئالدىنقى سەپ مۇداپىئە قالقىنى قۇرۇش مەقسىتىدە ئۇلارنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان ئىدى ۋە ئۇلارغا ئۆز ئىچىدىن بىر پادىشاھ تىكلەپ قويغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقى نەچچە يىللار داۋاملاشتى. زىياد ئىبنى ھەبۇللە ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر ۋە ئەڭ قابىل شاھ ھېسابلىنىدۇ. زەجائىملارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيە 2-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملاشقان دەپ مۆلچەرلەنمەكتە. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى غەسسان جەمەتىنىڭ شامغا كۆچۈپ كېلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. غەسسانلار شامغا كۆچۈپ كېلىپلا، زەجائىملارنىڭ قولىدىكى ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلارنى تارتىۋالدى ۋە سىياسىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىدى. شۇنىڭ بىلەن رۇملۇقلار غەسسانلارنى قوللاپ، ئۇلارنى شام ئەرەبلىرىگە پادىشاھ قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئاساسىي بازىسى دەۋمەتۇلجەندەل ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن غەسسان قەبىلىسى ئۆزىنىڭ رۇم خاندانلىقىنىڭ شام زېمىنىدىكى غالچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تاكى ھىجرىيىنىڭ 13-يىلى يەرمۇك ۋەقەسى يۈز بەرگەنگە قەدەر شام زېمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلدى. ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى جەبىللە ئىبنى ئەيھەم

ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

## ھىجازدا خىلاپەت

ئىسمائىل (ئەلەيھىسسالام) پۈتۈن بىر ئۆمۈر مەككە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىش ۋە بەيتۇللاھنىڭ خىزمىتىنى قىلىش بىلەن 137 ياشقا كىرىپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشلىرىغا نابىت، ئاندىن قەيدار ۋارىسلىق قىلدى. بۇ ئىككىسىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ بوۋىسى مەزاز ئىبنى ئەمرى جورھۇمى ھوقۇق تۇتتى. بۇنىڭ بىلەن مەككىنىڭ سىياسىي ھوقۇقى جورھۇملۇقلارغا ئۆتۈپ كېتىپ، شۇلارنىڭ قولىدا داۋام قىلدى.

ئىسمائىل (ئەلەيھىسسالام)نىڭ ئەۋلادلىرى پەقەت ئاتىسىنىڭ بەيتۇللاھنى بىنا قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ھۆرمەت قىلىنىدىغان بولدى. ئەمما، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ھېچقانداق ئورنى بولمىدى.

ئايلار يىللار ئۆتۈۋەردى، ئىسمائىل (ئەلەيھىسسالام)نىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ئاجىزلاپ تاكى بۇختى نەسىر باش كۆتۈرۈشتىن سەل ئىلگىرىكى مەزگىللەرگىچە سىياسىي سەھنىدە تىلغا ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالدى ۋە شۇ مەزگىلدىن باشلاپ جورھۇملارنىڭ ئەھۋالى سەل زەئىپلىشىپ، ئەدنان جەمەتىنىڭ سىياسىي چولپىنى مەككە ئاسمىنىدا غىل ـ پال چاقناشقا باشلىدى. بۇنداق دېيىشىمىزدە بۇختى نەسىر زاتى ئىرىق دېگەن جايدا ئەرەبلەرگە ئورۇش قوزغىغاندا بۇ تەرەپتىن قوماندانلىق قىلغان كىشى جورھۇملۇق بولماستىن، بەلكى ئەدنان جەمەتىدىن ئىدى، دەيدىغان گەپلەر بار.

بۇختى نەسىر ئەرەبلەرگە ئىككىنچى قېتىم (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 587 ـ يىلى) تاجاۋۇز قىلغاندا، ئەدنان جەمەتى يەمەن تەرەپكە كۆچۈپ كېتىشتى ۋە مەئدنى بەرمىيا پەيغەمبەر① شامغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇختى نەسىرنىڭ زۇلۇمى پەسەيگەندىن كېيىن مەئدى مەككىگە قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا مەككىدە جورھۇملاردىن پەقەت جورشۇم ئىبنى جەلشەملا قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن مەئدى جورشۇمنىڭ قىزى مۇئاناغا ئۆيلەندى. موئانادىن نەزار دۇنياغا كەلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەككىدە جورھۇملارنىڭ ئەھۋالى كۇنسايىن يامانلاشتى. تۇرمۇش قىيىنلىشىپ كەتتى. نەتىجىدە ئۇلار مەككىگە ھەجگە كەلگەن ـ كەتكەنلەرنى بۇلاپ ـ تالىدى. كەئبىنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىشتى. مانا بۇ ئەھۋال ئەدنان تەرەپنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، جورھۇملۇقلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى كۈچەيتىۋەتتى. شۇڭا، خوزائە قەبىلىسى مەررىزەھرانغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئەدنانىلارنىڭ جورھۇملارغا بولغان ئۆچمەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئەدنانىلاردىن بەزى ئايماقلار (ئۇلار بەنۇ بەكرى ئىبنى ئابدۇماناف ئىبنى كەنانە ئەۋلادلىرى ئىدى) نىڭ ياردىمى بىلەن جورھۇملارنى قوغلاپ چىقىرىپ، مەككىنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى.

---

① بەرمىيا ئۆز زامانىسىنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىر پەيغەمبەردۇر.

جورھوملار مەككىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغاندا، زەمزەم قۇدۇقىغا بىر قانچە ئەتىۋارلىق نەرسىنى تاشلاپ تۇندۇرۇپ قۇدۇقنىڭ ئىزناسىنى يوقىتىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن چىقىپ كېتىشتى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دېگەن: «جۇرھۇملارنىڭ باشلىقى ئەمرى ئىبنى ھارىس ئىبنى مەزاز[①] كەئبىنىڭ ئىككى دانە كىيىكىنى ۋە ھەجەرۇلئەسۋەدنى ئېلىپ چىقىپ، زەمزەم قۇدۇقىغا تاشلاپ كۆمۈۋەتتى. ئاندىن ئادەملىرىنى باشلاپ يەمەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. كېيىن ئۇلار مەككە ۋە ئۇنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ قولىدىن كەتكەنلىكىگە قاتتىق قايغۇرۇپ تۆۋەندىكى مىسرالارنى يازدى.

ھەجون بىلەن ساپا ئارا يۈرگەنىدۇق،
مەككىنىڭ دالاسىدا شېرىن پاراڭ سۈرگەنىدۇق.
ئەلۋەتتە بىز ئۇلۇغ جايدا تۇرغانىدۇق،
جودۇن شامال تەگدى بىزگە، سۈرگۈن بولدۇق.

ئىسمائىل (ئەلەيھىسسالام)نىڭ ياشىغان دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 20-ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا جۇرھۇملارنىڭ مەككىدە تۇرغان ۋاقتىنى تەخمىنەن 21 ئەسىر، مەككىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتىنى 20 ئەسىر ئۆپچۆرىسىدە مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. خۇزائە قەبىلىسىمۇ بەنى بەكرى ئايمىقىنى چەتكە قېقىپ، مەككىنىڭ ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. پەقەت بەنى بەكرىگە مۇنداق ئۈچ خىل ئىمتىيازنىلا بەردى.

1. ھاجىلارنى ئەرەفات تېغىدىن مۇزدەلىفەگە باشلاپ كېلىش ۋە مىنادىن قايتىش كۈنى ئۇلارغا ئىجازەت بېرىش: بۇ ئىشلارغا ئىلياس ئىبنى مۇزەر ئايمىقىدىن بەنى غەۋس ئىبنى مۇررە جەمەتى رىياسەتچىلىك قىلاتتى. ئۇلار سوفە، دەپ ئاتىلاتتى. ئىجازەت بېرىش دېگىنىمىز سوفەلەردىن بىر كىشى شەيتانغا تاش ئېتىشنى باشلاپ بەرمىگۈچە ھاجىلار تاش ئېتىشقا بولمايتتى. مىنادىن قايتىش ۋاقتىدا سوفەلەر ئەقەبەنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ بەنى غەۋس ئۆتۈپ بولغۇچە ھېچكىمنى ئۆتكۈزمەيتتى. ئۇلار ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن يولنى قويۇۋېتەتتى. بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن سەئەد ئىبنى زەيدىمانات جەمەتى ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلدى.

2. نەھرى (قۇربانلىق قىلىش) كۈنى ئەتىگەن ھاجىلارنى مۇزدەلىفەدىن مىناغا قايتۇرۇپ كىرىش. بۇ ئىشقا بەنى ئودۋان جەمەتى يېتەكچىلىك قىلاتتى.

3. ھارام ئايلارنى نىسىي (كەينىگە سۈرۈپ) قالدۇرۇپ بېكىتىش ھوقۇقى. بۇ بەنى كەنانە قەبىلىسىدىن تەمىم ئىبنى ئەدىي جەمەتىنىڭ قولىدا ئىدى.

خوزائە قەبىلىسىنىڭ مەككىگە ئىگىدارچىلىق قىلىشى 300 يىلدەك داۋاملاشتى. ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئەدنان «ئەرەبۇ مۇستەئرىبە»لەر نەجدى، ئىراق ئەتراپى ۋە بەھرەين قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كېتىشتى. مەككە ئەتراپىدا قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ بىر قانچە ئايمىقىلا ھەرەمنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا تۇرۇپ قالدى ۋە بىر قانچە ئائىلە ئۆز پۈشتىلىرى بولغان بەنى كەنانە خەلقلىرى بىلەن سىغىشىپ

---

[①] مەزكۇر مەزاز قىسسىمىزنىڭ بېشىدا ئۆتكەن مەزاز ئەمەس.

ئولتۇراقلاشتى. ئۇلار تاكى قۇسەي ئىبنى كىلاب باش كۆتۈرۈپ چىققانغا قەدەر مەككىنىڭ سىياسىي ھوقۇقى ۋە بەيتۇللاھنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمىغانىدى.

قۇسەيىنىڭ تەرجىمىھالىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ھامىلە ۋاقتىدا ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئانىسى بەنى ئۇزرە قەبىلىسىدىن بىر كىشى (ئۇ رەبىئە ئىبنى ھەرام ئىدى)گە ياتلىق بولىدۇ. ئۇ كىشى بۇلارنى شام ئەتراپىدىكى مەھەللىسىگە ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. قۇسەي چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاندىن مەككىگە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا مەككىنىڭ ۋالىيسى خۇزائە قەبىلىسىدىن ھەلىيل ئىبنى ھەبەشە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قۇسەي ھەلىيلنىڭ قىزى ھۇباغا خېرىدارلىق قىلىدۇ. ھەلىيلمۇ قۇسەيىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، قىزى ھۇبانى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىدۇ. ھەلىيل ئۆلگەندىن كېيىن خۇزائە قەبىلىسى بىلەن قۇرەيشلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بېرىپ ئاخىرى مەككىنىڭ ھوقۇقى ۋە بەيتۇللاھنىڭ ئىشلىرى قۇسەيىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ.

مەزكۇر ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا مۇنداق ئۈچ خىل قاراش بار.

1. قۇسەيىنىڭ بالىلىرى ئاۋۇپماللىرى كۆپەيدى ۋە نوپۇزى تىكلىنىپ بولغاندىن كېيىن ھەلىيل ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ چاغدا قۇسەي ئۆزىنى بەيتۇللاھ ۋە مەككە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا خوزائە ۋە بەنى بەكرى قەبىلىلىرىدىن كۆرە ئۆزى ئەڭ ھەقلىق دەپ قارىدى. چۈنكى، قۇرەيشلەر ئىسمائىل (ئەلەيھىسسالام) ئەۋلادلىرىنىڭ كۆزى، ئىرقى بىر قەدەر ساپ جەمەت ئىدى. شۇڭا، ئۇ قۇرەيش ۋە بەنى كەنانە قەبىلىلىرى ئىچىدىكى نوپۇزلۇق كىشىلەرگە خوزائە ۋە بەنى بەكرى قەبىلىلىرىنى مەككىدىن قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. قۇرەيش ۋە بەنى كەنانە خەلقى ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى ـ دە، بۇ ئۇرۇش يۈز بەردى.

2. ھەلىيل (خوزائە خەلقىنىڭ ئېيتىشىچە) قۇسەيگە بەيتۇللاھ ۋە مەككە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىپ تۇتۇش توغرىسىدا تەۋسىيە قالدۇرغانمىش، شۇڭا بۇ ئۇرۇش پارتلىغانمىش.

3. ھەلىيل بەيتۇللاھغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ئىشىنى قىزى ھۇباغا بېرىپ ئۆز جەمەتىدىن ئەبۇ غەبشان خوزائىينى قىزىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلىگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەبۇ غەبشان ھۇباغا ۋاكالىتەن بەيتۇللاھنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كەلگەن. ھەلىيل ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەبۇ غەبشان بۇ ۋەزىپىنى قۇسەيگە بىر تۇلۇم ھاراققا سېتىۋەتكەن. خۇزائە خەلقى بۇ سودىغا نارازى بولۇپ، قۇسەيىنى بەيتۇللاھقا ئىگىدارچىلىق قىلىشتىن توسماقچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن قۇسەي قۇرەيش ۋە بەنى كەنانە قەبىلىلىرىنىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرىگە خۇزائە قەبىلىسىنى مەككىدىن قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ كۈچ توپلىغان. ئۇلارمۇ قۇسەيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان، نەتىجىدە بۇ ئۇرۇش يۈز بەرگەن.

قانداقلا بولمىسۇن ھەلىيل ئۆلۈپ كەتتى. سوفەلەر ئۆز ئىمتىيازىنى جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. قۇسەي قۇرەيش ۋە بەنى كەنانەدىن توپلىغان ئادەملىرىنى باشلاپ ئەقەبەگە باردى ۋە ئۇلارغا: بۇ خىزمەتلەرگە سىلەردىن كۆرە بىز لايىقراقدۇرمىز، دېدى، ئۇلار قۇسەيگە قارشىلىق بىلدۈرۈپ ئۇرۇش قوزغىدى. بۇ ئۇرۇشتا قۇسەي مۇتلەق ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلەپ

غەلىبە قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئىمتىيازلىرىنى بىكار قىلىپ، ئۆزى باشقۇردى. بۇ چاغدا خۇزائە ۋە بەنى بەكرى قەبىلىلىرىدىن بىر قىسىملار قۇسەيدىن ئۆزىنى قاچۇرغانىدى. لېكىن، قۇسەي ئۇلارغىمۇ باستۇرۇپ بېرىپ، ئۇرۇشۇشقا مەجبۇرلىدى. نەتىجىدە، ئىككى تەرەپ تۇتۇشۇپ، قاتتىق قىرغىن قىلىشتى. ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم بۇ ئۇرۇشقا يەم بولۇپ كەتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزئارا كېلىشىم تۈزەشكە چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەنى بەكرى قەبىلىسىدىن يەئمۇر ئىبنى ئەۋفنى ئارىدا ئادىل تۇرۇپ، ماجرانى ئايرىپ قويۇشقا تەكلىپ قىلغان ئىدى. يەئمۇر مۇنداق ئايرىدى:

1. بەيتۇللاھنىڭ مۇتەۋەللىيلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ۋە ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى تۇتۇشقا خوزائە قەبىلىسگە قارىغاندا قۇسەي ھەقلىقدۇر.

2. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قۇسەي تەرەپ خۇزائە تەرەپتىن تۆككەن قانلارنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىنىدۇ. خۇزائە ۋە بەنى بەكرى قەبىلىلىرى تۆككەن قانلار بولسا ئۇنىڭغا چوقۇم دىيەت(قان پۇلى) تۆلىتىپ ئېلىنىدۇ ۋە قۇسەينى كەئبە ئىشلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىشتىن توسۇشقا بولمايدۇ، قاتارلىقلار ئىدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن يەئمۇر شەدداخ «كەسكۈچى»، دەپ ئاتالدى. قۇسەينىڭ مەككە ۋە بەيتۇللاھنىڭ ئىشلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىشى مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى، يەنى 440 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن قۇسەينىڭ ۋە قۇرەيشلەرنىڭ مەككە تەۋەسىدە خوجىلىق ئورنى تىكلەندى ۋە ھوقۇقى يۈرىدىغان بولدى. بولۇپمۇ، قۇسەي ئەمدى ئارالنىڭ جاي ـ جايلىرىدىن كىشىلەر ئۇزۇلمەي تاۋاپقا كېلىپ تۇرىدىغان ئاشۇ بەيتۇللاھنىڭ بىردىن ـ بىر دىنىي داھىيسىغا ئايلاندى.

قۇسەينىڭ مەككىدە ئېلىپ بارغان ئىشلىرىدىن بىرى ئۇ قۇرەيشلەرنى ئەتراپتىكى تارقاق تۇرالغۇ جايلىرىدىن مەككىگە كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئايماقلار ئارا زېمىن بۆلۈپ بەردى ۋە قۇرەيشلەرنىڭ ھەر بىر ئايمىقىنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئولتۇراق جايلىرىغا ئايرىم ـ ئايرىم ئولتۇراقلاشتۇردى. ھارام ئايلارنى ئالدى كەينىگە سۈرۈشنى يولغا قويدى. سەفۋان جەمەتى، ئۇدۋان جەمتى ۋە مۇررە ئىبنى ئەۋف جەمەتلىرىنى بۇرۇنقى مەنسەپ ئىمتىيازلىرىدىن بەھرىمەن قىلدى. چۈنكى، ئۇ ئۆز كۆڭلىدە بۇ ئىشلارنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان دىنى قائىدە ـ يوسۇن دەپ قارايتتى.

قۇسەينىڭ ياخشى ئىش ـ ئىزلىرىدىن يەنە بىرى ئۇ مەسجىدىلھەرامنىڭ شىمالى تەرىپىگە بىر ئىشىك ئېچىپ، ئۇنىڭ سىرتىغا بىر دارۇننەدوۋەت (كېڭەش يۇرتى) تەسىس قىلدى. بۇ قۇرەيشلەرنىڭ يىغىن زالى ئىدى. مۇھىم ئىشلار مۇشۇ يەردە مۇزاكىرە قىلىنىپ، ھەل قىلىناتتى. بۇ ئورۇن قۇرەيشلەرنىڭ پىكىر بىرلىكى ۋە مۇشكۇلاتلىرىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشقا رولى زور بولغاچقا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىلاتتى.

قۇسەينىڭ تۆۋەندىكىدەك ئەمەلىي ھوقۇقى بار ئىدى:

1. دارۇننەدوۋەت (كېڭەش يۇرتى)نى باشقۇرۇش ھوقۇقى. ئۇلار بۇ يەردە پەۋقۇلئاددە يۈز بەرگەن چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ بىر تەرەپ قىلاتتى ۋە ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئۆيلەيتتى.

2. تۇغ چىقىرىش ھوقۇقى. ئۇرۇش تۇغىنى قوشۇننى ئۆز قولى بىلەن قاداپ بېرەتتى.
3. ھىجابەت. ئۇ كەئبە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولۇپ، كەئبىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىشقا توغرا كەلسە، قۇسەي ئۆز قولى بىلەن ئېچىپ بېرەتتى. يەنە كەئبىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قاراش ھوقۇقى قۇسەينىڭ قولىدا ئىدى.
4. ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ھوقۇقى. قۇرەيشلەر ھەج مەۋسۇمى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن مەخسۇس كۆلچەكلەرنى ياساپ، سوغا توشقۇزۇپ، ئۇنىڭغا قۇرۇق ئۈزۈم ۋە خورما مېۋىلىرىنى چىلاپ تەم كىرگۈزۈپ، ھاجىلار ئۇچۇن تەييارلاپ قوياتتى. ھەر قايسى ئەل ھاجىلىرى مەككىدە تۇرغان مەزگىللەردە شۇ ئىچىملىكتىن بەھرىمەن بولاتتى.
5. رىفادە. بۇ ھاجىلارغا زىياپەت بېرىش ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىنىدىغان تاماق بولۇپ، قۇسەي قۇرەيش خەلقىگە ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدا ماللىرىدىن مەلۇم مىقدارنى ئايرىشنى بەلگىلىگەنىدى. ئۇ بۇ ماللار بىلەن ئوزۇق ـ تۈلۈكى يېتىشمىگەن ھاجىلارغا ئاتاپ ئاش ـ تاماق تەييارلايتتى.
يۇقىرىقى ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى پۈتۈنلەي قۇسەينىڭ قولىدا بولۇپ، قۇسەينىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇمەنناپمۇ ئاتىسى ھايات ۋاقتىدىلا خېلى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە مۆتىۋەرلەردىن بولۇپ قالغانىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ قېرىندىشى ئابدۇددارنى ھېچ كىشى كۆزگە ئىلمايتتى. شۇڭا قۇسەي ئۇنىڭغا: «مەن سېنى شەرەپتە قېرىندىشىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇشۇم كېرەك»، دەپ قارىدى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىدىغان بارلىق ئىمتىيازلارنى ئىلتىپات قىلدى. بولۇپمۇ دارۇننەدۋەت رىياسىتى، ھىجابەت شەرىپى، تۇغ قاداش ھوقۇقى، سىقايەت (ھاجىلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى ھەل قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش) مەنسىپى قاتارلىق قۇسەينىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئىمتىيازلىرىنىڭ ھەممىسىنى شۇنىڭغا بېرىۋەتتى. قۇسەي بۇيرۇقى كەسكىن، دېگىنى دېگەن، ھۆر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى مەيلى ھاياتىدا بولسۇن ياكى ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بولسۇن، شەرتسىز ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك دىنىي مەجبۇرىيەت دەپ قارىلاتتى. شۇڭا، قۇسەي ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ پەرمانى بويىچە ئىش كۆردى. ھېچقانداق نىزائ بولمىدى. بىراق ئابدۇماناف ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ باللىرى ئابدۇددارنىڭ ئوغۇللىرى (يەنى بىر نەۋرە ئاغىلىرى)دىن ھېلىقى مەنسەپ ۋە ئىمتىيازلارنى تالاشتى. نەتىجىدە، قۇرەيشلەر ئىككى پىرقىگە بۆلۈندى. ھەتتا ئارىدا ئىچكى ئۇرۇش پارتلاش گىرداۋىغا بېرىپ قالدى. لېكىن، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن ئۆزئارا سۈلھىگە چاقىرىشىپ يۇقىرىقى مىراس مەنسەپلەرنى بۆلۈشۈۋالدى. سىقايەت (ھاجىلارنىڭ ئۇسسۇزلۇق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش) ۋەزىپىسى ۋە رىفادەت (ھاجىلارنىڭ ئاش ـ تاماق ئېھتىياجىنى قامداش) مەنسىپى بەنى ئابدۇماناف جەمەتىگە ئېلىپ بېرىلدى. دارۇننەدۋەت، جەڭ تۇغى ۋە ھىجابەت (بەيتۇللاھقا قاراش) قاتارلىقلار ئابدۇددار جەمەتىگە قالدى. ئاندىن كېيىن ئابدۇماناف جەمەتى ئۆزلىرىگە نېسىپ بولغان ھېلىقى ئىمتىيازلارغا كىمنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا چەك تاشلاپ كۆرۈشتى. نەتىجىدە، چەك ھاشىم ئىبنى ئابدۇمانافقا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ھاشىم ئىبنى ئابدۇماناف تاكى ئۆمرى ئاخىرلاشقانغا قەدەر سىقايەت ۋە رىفادەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كەلدى. ئۇ ئۆلگەندىن

كېيىن ئۇنىڭ قېرىندىشى مۇتەللىپ ئىبنى ئابدۇماناف تۇتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىپ ئىبنى ھاشىم ئىبنى ئابدۇماناف تۇتتى. ئابدۇلمۇتەللىپتىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ۋارىسلىق قىلىپ كەلدى ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەن مەزگىللەردە يۇقىرىقى ئىمتىيازلار ئاببااس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ قولىدا ئىدى.

قۇرەيشلەرنىڭ ئۆزئارا بۆلۈشۈۋالغان يەنە بىر قانچە خىل ئەمەل ـ مەنسەپلىرى بار ئىدى. ئۇلار بۇ ئەمەل، ئىمتىيازلار ئارقىلىق گويا بىر كىچىك دۆلەتنىڭ تەشكىلى ئاپپاراتىنى ھاسىل قىلغانىدى (تېخىمۇ ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، يېرىم دېموكراتىيىلەشكەن بىر دۆلەت قۇرغانىدى). بۇ دۆلەتنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى پارلامېنت ئاپپاراتى ۋە كېڭەش قۇرۇلتايلىرىغا ئوخشاش خىزمەت تەقسىمات دائىرىسى ۋە ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ مەشغۇلىيەت تۈزۈمى بار ئىدى. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ خىزمەت تەقسىمات ئەھۋالىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز:

1. ئىيسار. يەنى بۇتلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىش سوراش ئوقلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى. بۇ بەنى جۇمەھە قەبىلىسىدە ئىدى.

2. تەھجىيرۇلمال. يەنى بۇتلارغا ھەدىيە قىلىنغان قۇربانلىق ۋە نەزىر چىراغلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى، شۇنىڭدەك جېدەل ـ ماجىرا، ئەدلىيە ۋە دەۋا ئىشلىرىنى ئايرىش ھوقۇقى. بۇ بەنى سەھمى جەمەتىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىدى.

3. مەسلىھەت يىغىنى تەشكىللەش. بۇ بەنى ئەسەد جەمەتىنىڭ قولىدا ئىدى.

4. ئىشناق. يەنى دىيەت (جىنايى ئىشلار تۆلىمى) ۋە قەرز ئىشلىرى ۋە دەۋا دەستۇرلارنى ئايرىش ھوقۇقى. بەنى تەيىم جەمەتىدە ئىدى.

5. ئىقاب. يەنى تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرۈش ھوقۇقى. بەنى ئۇمەييە جەمەتىدە ئىدى.

6. قۇببە. يەنى ئەسكىرى كۈچلەرنى تەشكىللەش، شۇنىڭدەك ئاتلىق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش مەنسىپى. بۇ بەنى مەخزۇم جەمەتىدە ئىدى.

7. سىفارەت. (تاشقى ئالاقە، يەنى دىپلوماتىيە خىزمىتى ھوقۇقى) بەنى ئەدىي جەمەتىدە ئىدى.

## ھىجاز سىرتىدىكى ئەرەبلەرنىڭ قۇرغان ھاكىمىيەتلىرى

ئالدىنقى بابلاردا قەھتان ۋە ئەدنان ئەرەبلىرىنىڭ قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ ھىجرەت قىلغانلىقىنى ۋە كەڭ ئەرەب زېمىنىنى ئۆزئارا بۆلۈشۈۋالغانلىقىنى تىلغا ئالغىنىمىزدا بۇ قەبىلىلەردىن ھىيرەگە يېقىن جايلاردا ئولتۇراقلاشقانلىرى ھىيرەدىكى ئەرەب خانىغا قارايتتى. شام ۋادىسىغا بېرىپ چۈشكەنلىرى شامدىكى غەسسان خاندانلىقىغا بېقىناتتى. لېكىن، بۇ بېقىندىچىلىق پەقەت نامىدىلا بولۇپ، ئەمەلىيەتتە خېلى ئەركىن ئىدى. ئەمما، ئارالنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان بەدەۋى قەبىلىلەر بولسا مۇتلەق ئەركىن ئىدى، دېگەنىدۇق.

ئەسلىدە بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئۆزى ساياپ چىققان قەبىلە باشلىقلىرى بار ئىدى، ھەر بىر قەبىلە كىچىك بىر دۆلەت شەكلىدە بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، ئۇرۇقداشلىق،

تەئەسسوبىيەت (تەرەپبازلىق)، زېمىن پۈتۈنلىكىنى قوغداش ۋە تاجاۋۇزچىلىققا تەشكىللىك قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئورتاق مەنپەئەت بۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كېلىشىنىڭ تىپىك ماھىيىتى ئىدى.

قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ شۇ قەبىلىدىكى ئورنى پادىشاھلىق دۆلەتتىكى پادىشاھلارنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. قەبىلە ئەزالىرى ئۇرۇش ۋە تىنچلىقتا قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ رايىغا باقاتتى. ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشقا بولمايتتى. قەبىلە باشلىقىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھوقۇق يۈرگۈزۈشى ۋە مۇستەبىت بىيۇروكراتلىقلىقى گويا كۈچلۈك بىر سولقانات گۇرۇھىنىڭ كاتتىۋېشىنىڭ قىلىقىغا ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ بىرى قاچانكى بىر چاغدا، ئورۇنسىز دەرغەزەپ بولۇپ قالسا، نەچچە مىڭ سەرۋاز ئۆز باشلىقىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاچچىقلانغانلىقىنى سورىماستىن ھەمدەمگە كېلەتتى. بىر نەۋرە تۇغقانلار ئارىسىدىكى قەبىلىنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى تالىشىش رىقابىتى ئۇلارنى نۇرغۇن خەيرى-ساخاۋەتلەرنى قىلىپ مېھمانلارغا زىياپەت بېرىشكە، كەڭ قول، مۇلايىم بولۇشقا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۆزگىلەرنى قوغداشقا شجائەت كۆرسىتىشكە، ئەلنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشقا مەجبۇرلايتتى. بولۇپمۇ، شۇ ۋاقىتلاردىكى قەبىلىنىڭ تەشۋىقات تىلى بولغان شائىرلارنى قولغا كەلتۈرۈش تولىمۇ مۇھىم ئىدى. شۇنداق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، رەقىبلىرىدىن ئۈستۈن تۇراتتى.

قەبىلە باشلىقى ۋە يۇرت چوڭلىرىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا خېلى كۆپ ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇش ئولجىلىرىدىن مىرباﺋ (غەنىيمەت ئومۇمىي مىقدارىنىڭ تۆت قىسمىدىن بىر قىسمىنى) سافايا (غەنىيمەت تەقسىم قىلىنىشتىن ئىلگىرى كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنگىنى) ، نەشىيتە (ئۇرۇشتىن ئاۋۋال قولغا چۈشكەن غەنىيەت) ۋە فوزۇل (تەقسىم قىلىشقا ئەپسىز بولۇپ قالغان مال-مۈلۈك) قاتارلىقلارنى خالىغانچە ئايرىپ ئېلىۋېلىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. بۇ ھەقتە بىر شائىر مۇنداق يازىدۇ.

ئى رەئىس ئالىيلىرى، سىز ئۈچۈن تۆتتىن بىرى،
خالىغاننى ئالسىلا، يۈرۈيدۇ ھۆكۈملىرى.
ئالدىدا كەلگەن غەنىيمەت سىزگىدۇر، ئۇ بىنىزا ئ.
ئاشقىنىغە مەرھەمەت قىلسىلا ھەم يوق بېرى[①].

مىرباﺋ: غەنىمەتنىڭ تۆتتىن بىرى ساپايا. قەبىلە باشلىقى غەنىمەت تەقسىم قىلىنىشنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە تاللىۋالغان نەرسە. نەشىيتە: قوشۇن دۈشمەنگە تېگىش قىلىشتىن ئىلگىرى قولغا چۈشۈرگەن مال-مۈلۈك. فوزۇل: ئەسكەرلەرنىڭ سانى بويىچە تەقسىم قىلىشقا توغرا كەلمەي ئېشىپ قالغان بىرەر دانە تۆگە ۋە ئاتقا ئوخشاش ماللاردۇر.

## سىياسىي ۋەزىيەت

① بار-يوقى دېگەن مەنىدە.

يۇقىرىدا ئەرەب ھۆكۈمران سىنىپلىرىنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. ئەمدى ئەرەبلەرنىڭ ئەينى چاغدىكى سىياسىي ۋەزىيىتىنى خۇلاسىلىغان ھالدا بىر قۇر سۆزلەپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. ئەرەبلەرنىڭ غەيرى ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن چېگرىداش بولغان ئۇچ تەرەپىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئىنتايىن داۋالغۇش ۋە مۇقىمسىزلىق ئىچىدە ئۆتەتتى. ئادەملەر قۇللار ۋە قۇلدارلار، ھۆكۈمرانلار ۋە ياكى مەھكۇملار دەپ ئىككى تەبىقىگە بۆلۈنەتتى. قۇلدار خوجايىنلار (بولۇپمۇ ئەجنەبىي ھۆكۈمرانلار) ھالۋا يېسە، يېتىم ۋە قۇل ـ چۆرىلەر تايىقىنى يەيتتى. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، پۇقرالار ھۆكۈمەتكە غەللە تاپشۇرىدىغان يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزغا ئوخشايتتى. ھۆكۈمەت ئۇلارنى بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ۋە ئەيشى ـ ئىشرەتلىرى ئۈچۈن ئويۇنچۇق ئورنىدا ئويناپ تاماشا قىلسا، يەنە بەزىدە ئۇلارنى زۇلۇم ـ سىتەم ۋە يولسىز تاجاۋۇزچىلىقلىرىغا لاخشىگىر ئورنىدا ئىشلىتەتتى. ئەمما، نادان خەلق غەپلەت ئۇيقۇسىدا خورەك تارتىپ، ھەيرەت چۆلىدە تېڭىرقاپ يۈرمەكتە ئىدى. ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن زۇلۇم ئوقلىرى توختىماي يېغىۋاتقان بولسىمۇ، مۇداپىئەلىنىش ۋە تەدبىر قوللىنىشقا مادارى يەتمەيتتى. بەلكى، ئۇلار خىلمۇ ـ خىل ئازاب ئوقۇبەت تەملىرىنى جىم تۇرۇپ تېتىشقا مەجبۇر ئىدى. قىسقىسى ھۆكۈمرانلار ئىنتايىن مۇستەبىت ئىدى، كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمەت قاتتىق ئاياغ ئاستى قىلىنغانىدى. بۇ رايونلارغا چېگرىداش قەبىلىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ ئىنتايىن تۇراقسىز بولۇپ، ناتوغرا خاھىش ۋە يامان غەرەزلەرنىڭ ئوقىغا نىشان بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار بىردەم ئىراقلىقلارنىڭ ھىمايىسىگە كىرسە، يەنە بىردەم شام خاندانلىقىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتاتتى.

ئارالنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان قەبىلىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ چېگرا ئەتراپىغا جايلاشقان ئەرەبلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قېلىشمايتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يىرىك بولۇپ، قەبىلىۋازلىق، جەمەتۋازلىق ۋە دىنىي ئىختىلاپلار ئەسىر قىلىۋالغان ئىدى. ھەتتا، ئۇلارنىڭ بىر ناتىقى مۇنداق دېگەن:

مەن بۇلاڭچى توپىدىن ئالدىن قاتاردا بىر كىشى،
توغرا بولسۇن يا خاتا تەقدىرداش ھەممە ئىشى.

بۇ قەبىلىلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللاپ، قۇۋۋەتلەيدىغان بىرەر پادىشاھى ۋە ياكى قىيىن كۈنلەردە باشپاناھ بولىدىغان سەردارى يوق ئىدى.

ئەمما، ھىجاز ھۆكۈمىتىگە قارىتا پۈتۈن ئەرەبلەر قەدىرلەش ۋە ئۇلۇغلاش نەزەرى بىلەن قارايتتى ۋە ئۇلارنى دىنىي مەركەزنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي رەھبەرلىرى دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. بۇ ھۆكۈمەت سىياسىي، مەمۇرىي ۋە دىنىي جەھەتلەردىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى بىرلەشتۈرگەن شۇنداقلا بىر قەدەر مۇكەممەل تەشكىللەنگەن ھۆكۈمەت بولۇپ، پۈتۈن ئەرەبلەرگە «دىنى رەھبەرلىك» نامى بىلەن، ھەرەم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا «ئاللاھنىڭ مېھمانلىرىنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنى ئومۇملاشتۇرىدىغان ھۆكۈمەت» دېگەن نام بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىغا ئوخشاش (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك) ھۆكۈمەت تەشكىلىي ئاپپاراتى ۋە ئىش

تەقسىماتلىرى بار بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئاجىز بولغاچقا، دۆلەتنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈپ كېتەلمەيتتى. بۇ ئەھۋال ھەبەشلەر باستۇرۇپ كىرگەندە ناھايىتى رۇشەن ئىپادىلەندى.

## ئەرەبلەرنىڭ دىيانىتى

ئەرەبلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام (ئۇلارنى ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنغا دەۋەت قىلغاندا)نىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئاللاھنى بىر بىلەتتى. ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلاتتى ۋە ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇراتتى. زاماننىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلار غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولۇپ، ئەستە ساقلاشقا تېگىشلىك دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلاردا تەۋھىد ئەقىدىسى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن بىر قانچە دىنىي قائىدە يوسۇنلار يەنىلا قېپقالغانىدى. ئاخىرى خۇزائە قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئەمرى ئىبنى لوھەي دۇنياغا كەلدى. ئۇ ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىش، خەيرى ـ ساخاۋەتنى كەسىپ قىلىش ۋە دىنىي ئىشلارغا قىزغىن بولۇش قاتارلىق ئالاھىدە پەزىلەت بىلەن ئۆسۈپ يېتىلدى. شۇڭا، ئۇ ئەل ئارىسىدا ھەممە سۆيىدىغان شەخسكە ئايلاندى ۋە ئۇنى كاتتا ئۆلىما ۋە ئۇلۇغ ئەۋلىيا دەپ بىلىپ، يۇرت چوڭى قىلىپ تىكلىۋېلىشتى. ئۇ قەبىلە باشلىقى بولغاندىن كېيىن، بىر نۆۋەت شامغا زىيارەتكە چىقتى. ئۇ زىيارەت داۋامىدا شاملىقلارنىڭ بۇتلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنى ياقتۇرۇپ قالدى ۋە مۇشۇ توغرا، چۈنكى شام پەيغەمبەرلەرنىڭ ماكانى ۋە ئىلاھى كىتابلارنىڭ تارقىلىش ئورنى دەپ ئويلاپ، يېنىشىدا ھۇبۇل دېگەن بۇتنى بىرگە ئالغاچ كەلدى ۋە كەئبىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ مەككە ئاھالىسىنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكە چاقىردى ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋۋال مەككىلىكلەر ئاۋاز قوشتى. ئاندىن ئۇزۇن ئۆتمەي ھىجاز ئاھالىسى ئەگەشتى. چۈنكى، مەككىلىكلەر ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بەيتۇللاھنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى ۋە ھەرەم ئەھلىيىسى ئىدى.

ئەرەبلەر چوقۇنغان بۇتلارنىڭ ئەڭ قەدىمقىلىرىدىن بىرى «مانات» بۇتى بولۇپ، قىزىل دېڭىز ساھىلىدىكى قەدىد (جاي نامى) غا يېقىن جاي مۇشەللەل (جاي نامى)دە ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تائىفتا «لات» دېگەن بۇتنى تىكلىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ۋادىننەخلى (جاي نامى)گە ئۇززا دېگەن بۇتنى تىكلەشتى. مانا بۇ ئۈچى ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ چوڭ بۇتلىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەككە تەۋەسىدە شېرىك ئەقىدە يامراپ كەتتى، ۋە ھىجازنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا چوڭ ـ كىچىك بۇتلار پەيدا بولدى. ئېيتىلىشىچە، ئەمرى ئىبنى لۇھەينىڭ جىن تائىپىلىرىدىن بىر يول كۆرسەتكۈچىسى بار بولۇپ، ئۇ ئەمرى ئىبنى لۇھەيگە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ (ۋەد، سۇۋائ، يەغۇس، يەئۇق ۋە نەسر قاتارلىق) بۇتلىرى جىددەدە دەپنە قىلىنغانلىقىنى ئىسكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئەمرى ئىبنى لۇھەي جىددىگە بېرىپ، ھېلىقى بۇتلارنى كولاپ چىقىرىپ تەھامىگە ئېلىپ كەلگەن ۋە ھەج مەۋسۇمىدە، ھېلىقى بۇتلارنى ھەر قايسى قەبىلىنىڭ ھەج ئۆمەكلىرىگە تارقىتىپ بەرگەن. ئۇلار بۇ بۇتلارنى ئۆز يۇرتلىرىغا ئېلىپ

كېتىشكەن. نەتىجىدە ھەر بىر قەبىلىنىڭ بىردىن، ھەتتا ھەر بىر ئائىلىنىڭ بىردىن بۇتى بار بولغان. ئۇلار تېخى مەسجىدىلھەرامنىمۇ بۇتلار بىلەن توشقۇزىۋەتكەنىكەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى ئىشغال قىلغاندا بەيتۇللاھنىڭ ئەتراپىدا 360 بۇتنىڭ قاتار تىزىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى ۋە بۇتلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ پاچاقلاپ تاشلىۋەتتى. ئاندىن پەرمان چۈشۈرۈپ، مەسجىدنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى.

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش شېرىك ئەقىدە ۋە بۇتپەرەسلىك ئۆزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا دەۋالغان، جاھىلىيەت ئاھالىسىنىڭ دىنىي ئەھۋالى ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇتلارغا قىلىدىغان ئىبادەتلىرىدە بىر قانچە تۈرلۈك تەقلىدىي ئادەت ۋە ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇبلىرى بار بولۇپ، بۇ ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئەمرى ئىبنى لۇھەي ئىجاد قىلغان. ئۇلار ئەمرى يولغا قويغان ھەر قانداق ئىشنى «بىدئەت ھەسەنە»، يەنى ياخشى يېڭىلىق، بۇ ھەرگىزمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەنلىك ئەمەس، دەپ قارايتتى.

مۇشرىكلارنىڭ بۇتقا چوقۇنۇش مۇراسىملىرىدىن تۆۋەندىكىلەر گەۋدىلىك پائالىيەتلەر ھېسابلىنىدۇ.

1. ئۇلار مۇشۇ بۇتلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلىدۇ ۋە ئارزۇ ـ تىلەكلىرىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئاشۇ بۇتلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىستىقامەت قىلاتتى ۋە ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى تىلەيتتى. ئاۋاز كۆتۈرۈپ يىغلايتتى، قىيىنچىلىقتا يولۇقسا، دادۇ ـ پەرياد ئېيتىپ ھاجىتىنى تىلەيتتى.

2. ئۇلار بۇتلارنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، ھەج تاۋاپ قىلىشاتتى. بۇتلار ئۈچۈن تاۋاپ ـ زىيارەت قىلاتتى ۋە بۇت ئالدىدا ئۆزىنى خارۇ ـ زار تۇتۇپ، يېقىلىپ، سەجدىگە باش قوياتتى.

3. بۇتلارنىڭ نامىغا ئاتاپ قوي، تۆگىلەرنى ئۆلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلىشاتتى. مانا بۇ ئىككى خىل قۇربانلىق تۈرىنى ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىپ، ﴿وما ذبح على النصب ﴾ «بۇتلارغا ئېلىپ بېرىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا بوغۇزلانغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارام قىلىندى». («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). دەيدۇ. ۋە سۈرە ئەنئامنىڭ 121 ـ ئايىتىدە ﴿ولا تأكلو مما لم يذكر اسم الله عليه ﴾ «ئاللاھنىڭ ئىسمى زىكرى قىلىنماي بوغۇزلانغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەڭلار»، دەيدۇ.

4. بۇتلارغا يېقىنچىلىق ئىزھار قىلىش ئۇسۇللىرىدىن بىرى: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىدىن خالىغانلىرىنى بۇتلىرىغا ئاتاپ ئايرىيتتى. شۇنىڭدەك دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن مەلۇم مىقدارنى ئاشۇ بۇتلىرىغا ئاتاپ ئايرىپ قوياتتى. تېخىمۇ قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئۇلار بۇتلار ئۈچۈن ئاتاپ ئايرىغان نەرسىلەرنىڭ يەنە بىر قىسمىنى ئاللاھقا خاس دەپ قارايتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن ئايرىغان نېسىۋىدىن بۇتلىرىنىڭكىگە قوشۇۋېلىشقا تۈرلۈك باھانە سەۋەبلىرى بار ئىدى. لېكىن، بۇتلارنىڭ نېسىۋىسىدىن ئاللاھنىڭ نېسىۋىسىگە بىرنىمۇ قوشۇشقا

بولمايتتى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وجعلوا للّه مما ذرء من الحرث ولانعام نصيبا فقالوا هذا للّه بزعمهم و هذا لشركائنا فما كان لشركائهم فلا يصل الي الله وما كان للّه فهو يصل الى شركائهم ساء يحكمون ﴾ تەرجىمىسى: «مۇشرىكلار ئاللاھ ياراتقان ئېكىنلەردىن ۋە چاھارپايلاردىن (يەنى تۆگە، كالا قويلاردىن) ئاللاھ ئۈچۈن بىر ھەسسە (بۇتلىرى ئۈچۈن بىر ھەسسە) ئايرىپ قويۇپ، ئۆز گۇمانلىرىچە (ھېچقانداق دەلىلسىزلا): «بۇ ئاللاھ ئۈچۈندۇر، ۋە بۇ مەئبۇدلىرىمىز ئۈچۈندۇر»، دېدى. بۇتلىرىنىڭ نېسىۋىسىدىن ئاللاھنىڭكىگە قوشۇشقا بولمايتتى، ئاللاھنىڭ نېسىۋىسىدىن بۇتلىرىنىڭكىگە قوشۇشقا بولاتتى.
(مۇشرىكلار ئاللاھقا ئاتىغان ھەسسىسىدىن بۇتلارغا ئاتىغان ھەسسىسىگە بىرەر نەرسە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بۇتلىرىنىڭ ھەسسىسى ئىچىدە قالدۇراتتى ۋە ئاللاھنى بۇنىڭغا مۇھتاج ئەمەس، دەيتتى. بۇتلىرىغا ئاتىغان ھەسسىسىدىن ئاللاھقا ئاتىغان ھەسسىسىگە بىرەر نەرسە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بۇتلىرىنىڭ ھەسسىسىگە قايتۇرۇۋېتەتتى) ئۇلارنىڭ قارارى نېمىدېگەن قەبىھ». («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنئام 135 ـ ئايەت).

5. بۇتلارغا قىلىنىدىغان ئىبادەت تۈرلىرىدىن يەنە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە چاھارپايلارنى نەزىر قىلىش ئادىتى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وقالوا هذِهِ أنعام وحرث حِجر لاّ يطْعمها إلاّ من نشاء بِزعمِهِم وأنعام حرّمت ظهورها وأنعام لا يذكرون اسم اللّهِ عليها افتِراء عليْهِ سيجْزِيهِم بما كانواْ يفْترون﴾ «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىچە: ‹بۇ ھايۋانلار ۋە ئېكىنلەر (مەئبۇدلىرىمىزغا خاس بولۇپ، باشقىلارغا) ھارامدۇر، ئۇلارنى پەقەت بىز خالىغان ئادەملەرلا يەيدۇ، بۇ ھايۋانلارنى مىنىش ھارامدۇر، بۇ ھايۋانلارنى بوغۇزلىغاندا، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشقا بولمايدۇ›، دېدى. ئۇلار ئاللاھقا يالغان چاپلىدى». («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنئام 138 ـ ئايەت).

6. ئەرەبلەرنىڭ بۇتلار ئۈچۈن ئىبادەت ، دەپ قىلىدىغان نەزىر-چىراغلىرىدىن يەنە بەھىيرە، سائىبە، ۋەسىيلە ۋە ھام قاتارلىقلار بار. ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دېگەن: «بەھىرە دېگەن سائىبەنىڭ چىشى بوتىلىقى بولۇپ، تۆگە ئۇدا ئوننى چىشى توغۇپ، ئارىدا بىرنىمۇ ئەركەك تۇغمىسا، ئۇلار ئۇنى سائىبە (ئۆزىنى ئازاد قىلغۇچى) دەپ ئاتاپ ئىشتىن ئازاد قىلىپ ئۆز مەيلىگە قويىۋېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆگىنى مىنىشكە، يۇڭىنى قىرقىپ پايدىلىنىشقا ۋە ئۇنىڭ سۈتىنى مېھماندىن ئۆزگىلەرنىڭ سېغىپ ئىچىشىگە بولمايتتى. تۆگە مۇشۇ نامغا ئېرىشكەندىن كېيىن، يەنىلا چىشى تۇغسا، ئۇنىڭ قۇلىقىنى يېرىپ، ئانىسى بىلەن قويىۋېتىلەتتى. بۇنىمۇ ئانىسىغا ئوخشاش مىنىشكە، يۇڭىنى قىرقىشقا، سۈتىنى مېھماندىن ئۆزگىلەرنىڭ ئىچىشىگە بولمايتتى. مانا بۇ سائىبە (ئۆزىنى ئىشلەشتىن ئازاد قىلغان تۆگە)نىڭ كەنجى بوتىلىقى بەھىيرە (ئامىتى كەلگەن چىشى تۆگە)ئىدى.

ۋەسىيلە دېگەن ئۇدا ئوننى بەش قورساقتا قوش كېزەكلەپ ھەممىسىنى چىشى تۇغقان قوي بولۇپ، ئارىدا بىرنىمۇ ئەركەك تۇغمىسا، ئۇلار بۇ قوينى «ئۇلىدى»، دېگەن مەنىدە «ۋەسىيلە» دەپ ئاتايتتى. ئۇ قوينىڭ شۇنىڭدىن كېيىن تۇققان قوزىلىرىنى ئەرلىرىمىزگە خاستۇر، خوتۇنلىرىمىز يېيىشكە بولمايدۇ، دەيتتى. ناۋادا شۇنىڭدىن بىرەرسى ئۆزىچە ئۆلۈپ قالسا، ئۇنى ئەر-ئايال ئورتاق يېيىشكە بولاتتى.

ھام دېگەن نەسىللىك ئەركەك تۆگە بولۇپ، ئۇ قوغلىغان چىشى تۆگە ئۇدا ئوننى چىشى تۇغسا، ھېلىقى ئەركەك تۆگىنى ھام (ئۆزىنى ئىشتىن قوغدىغۇچى) دەپ ئاتىلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى مىنىشكە، يۇڭىنى قىرقىشقا بولمايتتى. ئەمما، چاپتۇرۇپ پايدىلانسا بولاتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى:﴿وما جعل الله من بحيرة ولا سائبة ولا وصيلة ولا حام ۙ ولكن الذين كفروا يفترون على الله الكذب ۖ و اكثرهم لايعقلون﴾ «ئاللاھ بەھىيرە، سائىبە، ۋەسىيلە، ھاملارغا (يۇقىرىقىدەك قىلىشنى) بۇيرىغىنى يوق، (لېكىن كاپىرلار ئاللاھقا يالغاننى چاپلايدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنىڭ يالغانلىقىنى) چۈشەنمەيدۇ». («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 103 ـ ئايەت). ﴿وقالو ما فى بطون هذه الانعام خالصة لذكورنا ومحرم على ازواجنا ۚ وإن يكن ميتة فهم فيه شركاء ... ﴾ «ئۇلار: ‹بۇ ھايۋانلارنىڭ قورساقلىرىدىكى باللىرى بىزنىڭ ئەركىشلىرىمىزگە خاستۇر، بىزنىڭ خوتۇن كىشىلىرىمىزگە ھارامدۇر›، دېدى. ئەگەر تۇغۇلغان ھايۋان ئۆلۈك بولسا، بۇ ئەر كىشىلىرىمىز بىلەن خوتۇن كىشىلىرىمىز ئارىسىدا ئورتاقتۇر (يەنى ئۇنى ھەممەيلەن تەڭ يەيدۇ) دەپ (ھالال ـ ھارامنى تەيىنلەشتى) ...». («قۇرئان كەرىم سۈرە ئەنئام 139 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

سەئىد ئىبنى سەييەپمۇ: «مەزكۇر خىلدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى بۇتلار ئۈچۈن ئاتىۋېتىلگەنىدى»، دەپ كۆرسەتتى. سەھىھ ھەدىستە، ئەمرى ئىبنى لۇھەي تۇنجى بولۇپ تۆگىلەرنى سائىبە (ئۆزىنى ئازاد قىلغۇچى) قىلىپ قويۇۋەتكەن كىشىدۇر، دېيىلگەن.

ئەرەبلەر بۇتلارغا قىلىدىغان يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بۇتلار بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ، نامە ـ ئەمەللىرىمىزنى ئاللاھقا يەتكۈزىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شاپائەت قىلىدۇ، دېگەن ئېتىقاد بىلەن قىلاتتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وما نعبدهم الا ليقربونا الى الله زلفى ﴾ «بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنىشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر، دەيدۇ». («قۇرئان كەرىم» سۈرە زۇمەر 3 ـ ئايەت). ﴿و يعبدون من دون الله ما لاينصرهم ولا ينفعهم ويقولون هؤلاء شفعاءنا عند الله ﴾ «ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ. ئۇلار (يەنى بۇتلار) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىدۇر دېيىشىدۇ». («قۇرئان كەرىم» سۈرە يۇنۇس 18 ـ ئايەت).

ئەرەبلەر ئەزلام (ياچاقنىڭ تىغسىز ئوقى) بىلەن تەلىيىنى سىناپ كۆرەتتى. تەلەي سىناش ئەزلام (تىغسىز ئوق)لىرى ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، بىرىگە «نەئەم» (بولىدۇ)، يەنە بىرىگە «لا» (بولمايدۇ)، دەپ يېزىلغانىدى. ئۇلار سەپەرگە چىقىش، ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئۆيلەش دېگەندەك ئىشلىرىدا، شۇ ئوقلار بىلەن پال سېلىپ كۆرەتتى. ئەگەر «نەئەم» (بولىدۇ) چىقسا، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىغا راۋان بولاتتى. ناۋادا «لا» (بولمايدۇ) چىقسا ۋاقتىنچە توختاپ تۇرۇپ، كېيىن قايتا كېلىپ سىنايتتى.

ئۈچىنچى بىر خىلى سۇ، ئوتلاق ۋە دىيەت (خۇن تۆلىمى)لەر ئۈچۈن ئىدى. يەنە باشقا بىر خىلىغا «مىنكۇم» (سىزلەردىن) ياكى «مىن غەيرىكۇم» (سىلەردىن باشقىلاردىن) ۋە ياكى «مولىق» (چاپلىما) دەپ يېزىلغانىدى. ئۇلار قەبىلە ئىچىدە بىرەرسىنىڭ نەسىبىدىن گۇمانلىنىپ قالسا، ھۇبۇل دېگەن بۇتقا ئاتاپ يۈز تۆگە ئاپىرىپ، ئۇنى ئاشۇ

بۆتنىڭ پالچىسىغا بېرەتتى. ئەگەر «مىنكىم» (سىزلەردىن) چىقسا، ئۇ قەبىلە ئىچىدە ئوتتۇرا مەرتىۋىلىك كىشى بولاتتى. ئەگەر «مىن غىيرىكىم» (سىزلەرنىڭ غەيرىڭىزدىن) دېگەن خەت پۈتۈلگەن ئوق چىقسا، ئىتتىپاقداش بولاتتى. ناۋادا «مولسىق» (چاپلىما) چىقسا قەبىلىدىكى ئەسلى ئورنىنى ساقلاپ قېلىپ، نەسىپى ۋەياكى ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى بولمايتتى.

ئەرەبلەر يەنە چىراغچى كاھىنلارنىڭ، مۇنەججىم ئەررافلارنىڭ خەۋەرلىرىگە ئىشىنەتتى. كاھىن دېگىنىمىز، كەلگۈسىدە بولىدىغان كائىنات خەۋەرلىرىنى يەنە باشقا سىرلىق ئىشلارنىمۇ «بىلىمىز»، دەپ دەۋا قىلىدىغانلار ئىدى. مەزكۇر كاھىنلار ئىچىدىن غەيبى خەۋەرلەرنى جىن ئارقىلىق بىلىمەن دەيدىغانلىرى ۋە پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارى بىلەن غايىب دۇنيانى كۆزىتىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىپ يۈرىدىغانلىرى، شۇنداقلا سورىماقچى بولغان سوئال، قىلماقچى بولغان ئىش ياكى يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئەھۋاللارنى مەلۇم بېشارەت ۋە ئالدىن مەلۇماتلار بىلەن بىلەلەيدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغانلىرىمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، ئوغرىلىق يۈز بەرگەن ئورۇن ۋە يۈتۈپ كەتكەن نەرسە دېگەندەكلەرنى بىلىمەن دەپ دەۋا قىلىدىغانلار ئەرراف دەپ ئاتىلاتتى.

مۇنەججىم دېگىنىمىز، يۇلتۇزلارغا، سەييارىلارغا قاراپ ۋە ئۇنىڭ يۆنىلىشى ۋە ۋاقىت مىقدارىنى كۆزىتىپ، كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرنى بىلەلەيدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغانلار ئىدى. مۇنەججىملەرنىڭ خەۋىرىنى تەستىقلاش ماھىيەتتە يۇلتۇزلارغا ئىشەنگەنلىك ئىدى. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ «پالانى يۇلتۇزنىڭ ئاسماندا پەيدا بولۇشى بىلەن يامغۇر ياغدى»، دەپ ھۆل - يېغىنلارنى مەلۇم يۇلتۇزلارغا باغلاشلىرى ئۇلارنىڭ يۇلتۇزلارغا ئىشىنىش ئىپادىلىرىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئۇلاردا يەنە «تىيەرە» (مەلۇم شەيئىدىن شۇم پال ئېلىش) ئادىتى بار ئىدى. ئەسلىدە، بۇ مۇنداق ئىش ئىدى: ئۇلار مەلۇم ئۇچار قۇش ياكى كىيىك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنى ئۈركۈتەتتى - دە، ھايۋان ئوڭ تەرەپنى بېسىپ ماڭسا، ئىرادە قىلغان ئىشلىرىغا راۋان بولاتتى ۋە ئۇنى بەرىكەت ھېسابلايتتى. ناۋادا ئۈركۈتۈلگەن ھايۋان چەپ (سول) تەرەپنى بېسىپ ماڭسا، بۇ ئىشىدىن توختايتتى ۋە ئۇنى «شۇملۇقنىڭ بېشارىتى»، دەپ قارايتتى. شۇنىڭدەك يەنە، بىرەر ئىشقا ئاتلانغاندا يول ئۈستىدە مەلۇم ئۇچارلىق ياكى ھايۋانلارغا يولۇقسا ئۇنىڭدىن شۇم پال ئالاتتى. ئۇلارنىڭ توشقاننىڭ ئوشۇق سۆڭىكىنى ئېسىۋېلىشى، مەلۇم ئاي - كۈنلەر، ھايۋاناتلار، تۇرالغۇجاي ۋە خوتۇن كىشىلەردىن شۇم پال ئېلىشلىرى «ئەدۋا» (تۆگىلەردە بولىدىغان قوتۇر) كېسىلىنىڭ يۇقىشى ۋە مۇشۇكياپىلاق دېگەن جانىۋاردىن شۇملۇق ھېس قىلىشلىرى مۇشۇ «تىيەرە» ئەقىدىسىگە ياتىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ قان قىساسى ئېلىنمىسا، ئۇنىڭ كۆڭلى تىنماسمىش ۋە ئۇنىڭ روھى مۇشۇكياپىلاققا ئايلىنىپ، چۆل - جەزىرىلەردە سەرسان بولۇپ يۈرۈپ، ھەققىمنى ئېلىڭلار دېگەندەك، ‹ھۇق، ھۇق›، دەپ تۇۋلارمىش ئۇنىڭ قىساسى ئېلىنىپ، ھەق ئۆز جايىغا قارار تاپقۇزۇلسا، ئۇنىڭ روھى تەسكىن تېپىپ ئارام ئالارمىش ۋە ھاكازالار...».

جاھىلىيەت ئاھالىسىنى ئەنە شۇنداق بۇزۇق ئەقىدە ۋە ئەۋھام، خۇراپاتلار قاپلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلاردا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن مەلۇم پائالىيەتلەر يەنىلا قېلىپ قالغان ئىدى. مەسىلەن، بەيتۇللاھنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىش، ھەج قىلىش، ئۈمرە قىلىش، ئەرافاتقا چىقىش ۋە مۇزدەلىفىدە قونۇش، بەيتۇللاھقا تۆگە ھەدىيە قىلىش قاتارلىقلار. بىراق، ئۇلار بۇ پائالىيەتلەرگە نۇرغۇن بىدئەتلەرنى قوشۇۋېلىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

قۇرەيشلەرنىڭ ئۆزلىرىنى بىر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى، ھەرەم ئىگىسى، بەيتۇللاھنىڭ خادىملىرى ۋە مەككە ئاھالىسىدۇرمىز، ھېچقانداق بىر ئەرەب ئورۇن ۋە مەرتىۋە جەھەتتە بىزگە يېتەلمەيدۇ، دەپ ئىتقاد قىلىشىمۇ شۇ بىدئەت خۇراپاتلىقتا ياتىدىغان ئىشلاردىن.

ئۇلار ئۆزلىرىنى «ھىمس» (ھەر جەھەتتە ئەركىن) دەپ ئاتايتتى. شۇڭا، ئۇلار: «بىزنىڭ ھەرەم زېمىنىدىن ھالال جايغا چىقىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق»، دەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئەرافاتتا ۋوقۇف قىلمايتتى ۋە ھەم ئىفازە (ئەرافاتتىن مۇزدەلەفەگە قايتىش) قىلمايتتى. مۇزدەلىفەدىنلا ھەرەمگە يېنىپ كىرەتتى. ئاللاھ بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿ثم افيضوا من حيث افاض الناس﴾ «ئاندىن كېيىن سىلەر (ئەرەفاتتىن) كىشىلەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار». («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 199 ـ ئايەت)

ئاشۇ بىدئەتلەرنىڭ ئىچىدە يەنە «ھىمس»لەرنىڭ ئېھرام ئىچىدىكى ھالەتتە قېتىق ئۇيۇتۇش ۋە ياغ ئۇيۇتۇشىغا بولمايدۇ، ئېھرام ھالىتىدە يۇڭ ئۆي (كىگىز ئۆي) لەرگە كىرىپ ئولتۇرسا بولمايدۇ، ئۇلار پەقەت قېرىم ۋە چەرمىلەردىن ياسالغان ئۆيلەردىن باشقا ئۆيلەردە سايىداپ ئولتۇرسا بولمايدۇ، دېگەن قاراشلىرىدۇر.

شۇنىڭدەك ئاشۇ بىدئەتلەر ئىچىدە يەنە: ھەرەمنىڭ سىرتىدىكىلەرنىڭ ھەج ياكى ئۈمرىگە كەلگەندە ھەرەم سىرتىدىن بىرگە ئېلىپ كەلگەن ئاش ـ ئوزۇقلارنى ھەرەم ئىچىدە يېيىشكە بولمايدۇ، دېگەن سەپسەتىسىدۇر.

يەنە ئۇلار ھەرەم سىرتىدىن كەلگەنلەرنى بەيتۇللاھنى تۇنجى قېتىم تاۋاپ (تاۋاپى قۇدۇم) قىلغاندا «ھىمس»لەرنىڭ كىيىمىنى كىيىپ تاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇيتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ كىيىمى تېپىلمىسا، ئەرلەر قىپيالىڭاچ تاۋاپ قىلاتتى. ئاياللار بولسا كىيىمىنىڭ ھەممىسىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ، پەقەت سىرتىغا كىيىدىغان ئالدى ئوچۇق بىر چادىر بىلەنلا تاۋاپ قىلاتتى ۋە مۇنداق دەپ مىڭگىشى كېرەك ئىدى:

ئاشكارا بولىۇر بۈگۈن بەزىسى يا ھەممىسى،
ھالال بولماس ئۇنىڭدىن بولغىنى ئاشكارىسى.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿يا بني آدم خذوا زينتكم عند كل مسجد﴾ تەرجىمىسى: «ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتلىرىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار». («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەئراف 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ناۋادا تاۋاپچىلار ھەرەمنىڭ سىرتىدىن ئېلىپ كەلگەن كىيىمى بىلەن تاۋاپ قىلىپ سالسا، ئۇ كىيىمىنى تاۋاپتىن كېيىن چۇقۇم

چۆرۈۋېتىش كېرەكىدى. ئۇنىڭدىن ھېچكىشى پايدىلانسا بولمايدۇ، دەيتتى. ئاشۇ ئورۇنسىز بىدئەتلەردىن يەنە: ئۇلار (يەنى مەككىلىكلەر) ھەجگە ئىھرام باغلاقلىق ھالەتتە ئۆيلىرىگە كىرىپ چىقىشقا توغرا كەلگەندە، ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ چىقماي، ئۆيىنىڭ ئارقا تېمىنى تېشىپ، سۇڭگۈچ ئېچىپ كىرىپ چىقاتتى ۋە بۇ ئاۋارىچىلىقنى ساۋاب دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. بۇنىمۇ «قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 189 ـ ئايەتتە چەكلىۋەتتى.

مانا بۇ (شېرىك ئېتىقاد، بۇتلارغا چوقۇنۇش، ناتوغرا ئوي ـ خىيال، خۇراپاتلارغا ئىشىنىش) ئەرەبلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىمىدىكىلەرنىڭ ئەمەل قىلىپ كەلگەن دىيانىتى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە يەھۇدىيەت دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە سابىئىيەت دىنلىرىمۇ ئەرەب تۇپرىقىدا خېلى كەڭ تارقالغانىدى.

## يەھۇدى دىنى

يەھۇدىيلارنىڭ ئەرەب زېمىنلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان دەۋرى (ئاز دېگەندە) مۇنداق ئىككى باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) يەھۇدىيلارنىڭ، بابىلىيە ۋە ئاشورىيىلەرنىڭ پەلەستىندىكى مۇستەملىكىچىلىكى دەۋرىدىكى ھىجرىتى.

بۇ قېتىمقى ھىجرەت مىلادىدىن بۇرۇنقى 587 ـ يىلى پادىشاھ بۇختى نەسىر ئۇلارنىڭ يەھۇدىي ھەيكىلىنى چېقىپ تاشلاپ، يۇرت ـ ماكانلىرىنى ۋەيران قىلىپ، قاتتىق ئىسكەنجىگە ئالغانلىقتىن كېلىپ چىققان. بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەسىر ئېلىنىپ، بابىلغا يالاپ كېتىلگەن. ئاز بىر قىسمى پەلەستىندىن ھىجاز تەرەپكە كېلىپ، ھىجازنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

2) مىلادىيە 70 ـ يىلى رۇملۇق (شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)لار ھەربىي قوماندان بىتوتوسنىڭ يېتەكچىلىكىدە پەلەستىننى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن كۆچۈپ كەلگەن. بۇ قېتىمقى كۆچۈشمۇ ئوخشاشلا رۇملۇقلارنىڭ يەھۇدىيلارنى قىرغىن قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەيكىلىنى چېقىپ تاشلاپ ۋە يۇرت ـ ماكانلىرىنى خاراب قىلىۋەتكەنلىكىدىن بولغان ۋە بىر قانچە يەھۇدىي قەبىلىسى ئەرەب زېمىنىدىن ھىجاز تەۋەلىكىگە كۆچۈپ كېلىپ، يەسرەب (مەدىنە مۇنەۋۋەر)، خەيبەر ۋە تەيما قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ۋە بۇ يەرلەردە يېزا، كەنت، شەھەر سېپىلى ۋە ھەربىي قەلئەلەرنى قۇرغان ۋە بۇ كۆچمەنلەر ئارقىلىق بىر قىسىم ئەرەب ئاھالىسى يەھۇدى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ھەتتا بۇ دىن ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى ۋە ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىش ھارپىسىدا يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەقەلەردە ئالاھىدە تەسىرى بار دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەن مەزگىللەردە مەشھۇر يەھۇدىي قەبىلىلىرىدىن خەيبەر، نەزىر، مۇستەلىق، قۇرەيزە ۋە قەينۇقا قاتارلىق قەبىلىلەر بار ئىدى. سەمھۇدى «ۋەفائۇلۋەفا» دېگەن كىتابىنىڭ 116 ـ بېتىدە، «ئەينى چاغدا يەھۇدىي قەبىلىلىرىنىڭ سانى 20دىن ئاشاتتى»، دەپ كۆرسىتىدۇ.

يەھۇدى دىنى يەمەنگە كاپىتان ئەسئەد ئىبنى ئەبى كەرىبىنىڭ ۋاستىسى بىلەن كىرگەن. ئۇ ئەسلىدە يەسرەبكە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلگەن ۋە ئۇ يەردە يەھۇدى دىنىنى قوبۇل قىلىپ، قايتىشتا بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىدىن ئىككى يەھۇدىي ئالىمنى يەمەنگە بىللە ئېلىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدى دىنى يەمەن تۇپرىقىدا تارقىلىشقا ۋە كېڭىيىشكە باشلىغان. ئەسئەد ئالەمدىن ئۆتۈپ، يەمەنگە ئۇنىڭ ئوغلى يوسۇپ زونىنەۋاس تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن نەجرانلىق خرىستىئانلارغا ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنى يەھۇدىيەت دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلىغان. ئۇلار يۇسۇفنىڭ چاقىرىقىغا ئۇنىمىغاندا، ئۇ ئاكوپ كولىتىپ ئوت قويۇپ، خرىستىئانلارنى چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش، ئوغۇل ـ قىز دەپ ئايرىماي ئورىغا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قېتىمقى پاجىئەدە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى 20 مىڭدىن 40 مىڭغا قەدەر ئىكەن. بۇ ۋەقە مىلادىيە 523 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يۈز بەرگەن. «قۇرئان كەرىم»مۇ بۇ ۋەقەنىڭ بىر قىسمىنى سۈرە بۇرۇجدا « قتل اصحاب الاخدود » «ئورەك ئىگىلىرىگە لەنەت قىلىندى»، دەپ زىكرى قىلدى.

## خرىستىئان دىنى

خرىستىئان دىنى ئەرەب زېمىنىغا ھەبەشلەر ۋە رۇملۇقلارنىڭ مۇستەملىكچىلىكىگە ئەگىشىپ كىرگەن. ھەبەشلەر يەمەننى مىلادىيە 340 ـ يىلى تۇنجى قېتىم بېسىۋېلىپ، مىلادىيە 378 ـ يىلىغىچە مۇستەملىكە قىلغان. دەل مۇشۇ مەزگىلدە خرىستىئان تەشۋىقاتچىلىرى يەمەن تۇپرىقىدا كەڭ كۇشادە دىنى تەرغىبات بىلەن شۇغۇللانغان.

مۇشۇ مەزگىللەردە نەجران شەھىرىگە دۇئايى ئىجابەت، خىسلەتلىك بىر زاھىد كىشى (ئۇنىڭ ئىسمى فەبەمىيون دېيىلەتتى) كىرىپ كەلدى ۋە ئۇلارنى خرىستىئان دىنىغا دەۋەت قىلدى. ئۇنىڭ توغرا سەممىيىتى ۋە دىنى ئىخلاسىنى كۆرگەن نەجران ئاھالىسى تېزدىنلا ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، خرىستىئان دىنىغا كىرىپ كەتتى.

ھەبەشلەر يەمەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇخدۇد ۋەقەسىنى پەيدا قىلغان يوسۇف زونىنۋاس تۇتقان يولنىڭ تامامەن ئەكسىچە يول تۇتتى. ئەبرەھە ھۆكۈمىتى بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، خرىستىئان دىنىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىشقا كىرىشتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئاكتىپچانلىقى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇ يەمەنگە بىر كەئبە بىنا قىلىپ، ئەرەب ھاجىلىرىنى ئاشۇ كەئبىگە قايتۇرماقچى ۋە مەككىدىكى بەيتۇللاھنى يىقىۋەتمەكچى بولدى. شۇڭا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىككى جىنايىتى (يېڭى كەئبە بىنا قىلغانلىقى ۋە مۇقەددەس كەئبە بەيتۇللاھنى ۋەيران قىلماقچى بولغانلىقى) ئۈچۈن بىراقلا جازالىدى.

خرىستىئان دىنىنى يەنە شامدىكى غەسسان ئەرەبلىرى، تەغلىب، تەس قەبىلىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا رۇملۇقلارغا چېگرىداش قوشنا مىللەتلەر قوبۇل قىلغان. ھەتتا، ھىيرە پادىشاھلىقىنىڭ خانلىرىمۇ خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان.

## مەجۇسىيەت

ئەمما، مەجۇسى (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى ئاساسەن ئىرانغا چېگراداش بولغان جايلاردىكى ئەرەبلەرگە كۆپ تارقالغان. شۇڭا، بۇ دىنىنىڭ ئېتىقادچىلىرى ئىراق، بەھرەين، ھەجەر ۋە ئەرەب دېڭىز ساھىلى رايونلىرىغا يېقىن جايلاردا كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئىرانلىقلار يەمەننى مۇستەملىكە قىلغان مەزگىلدە بىر قىسىم يەمەنلىكلەرمۇ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغان.

## سابىئىيەت دىنى

سابىئىيەت دىنى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىراق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر بۇ دىنىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى كەلدانىيىلەرنىڭ دىنى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ دىنغا قەدىمقى ئۆتمۈشتە شام ۋە يەمەن ئاھالىلىرىدىن نۇرغۇن خەلقلەر ئېتىقاد قىلغان، ىىراق يەھۇدى ۋە خرىستىئان دىنلىرىدىن ئىبارەت يېڭى دىنلارنىڭ ئارقىمۇئارقا مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، سابىئىيەت دىنىنىڭ دىنىي قۇرۇلمىلىرى بۇزۇلۇپ، پائالىيىتى ئاجىزلىشىپ ئاستا ـ ئاستا يوقالغان. لېكىن، شۇنداقتىمۇ بۇ دىنىنىڭ ئېتىقادچىلىرى كىشىلەر ئارىسىدا مەجۇسىي (ئاتەشپەرەس)لارغا ياكى مەجۇسىيلارغا چېگراداش ئىراق ئەرەبلىرى ۋە ئەرەب دېڭىزى بويىدىكى ئاھالىلەرگە ئارىلاش ھالدا ئەينى ۋاقىتلارغىچە مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان.

## ئەرەبلەرنىڭ دىنى ئەھۋالى

يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن دىنلار ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىش ھارپىسىدا ئەرەبلەر ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان دىنلار بولۇپ، بۇ دىنلارنىڭ ھەممىسى ھەر جەھەتتىن يىمىرىلىش ۋە يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. ئۆزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا، دەپ داۋا قىلىپ كېلىۋاتقان مۇشرىكلارنى ئالىدىغان بولساق، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىن ـ شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئەمرى ـ پەرمان، نەھيى ـ مۇنكەر بەلگىلىمىلىرىدىن كۆپ يىراق ئىدى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن ئېسىل ئەخلاقلار سەل قارىلىپ، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر كۆپىيىپ كەتكەنىدى ۋە زامانىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىدە بۇددىستلارنىڭكىگە ئوخشاش شېرىك، خۇراپى ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن پەيدا بولدى. ھەتتا، بۇ خۇراپاتلار ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە دىنىي ھاياتىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

يەھۇدى دىنىنى ئالساق، ئۇ بەئەينى كۆز ب وىيامچىلىق ۋە قۇرۇق دەۋا دەستۇرغا ئايلىنىپ قالغانىدى. دىنىي ئۆلىمالىرى ئۆزلىرىنى ئىككىنچى خۇدا دەپ دەۋا قىلىپ، خەلق ئارىسىدا ئۆز خاھىشلىرى بويىچە ھۆكۈم چىقىراتتى ۋە ئاۋام خەلقتىن كۆڭۈلدىن كەچكەن ئوي ـ خىياللىرى ۋە تىل ـ ئېغىزلىرىنى مىدىرلاتقان ھەرىكەتلىرىدىنمۇ ھېساب ئالاتتى. ئۇلارغا نىسبەتەن دىن دەپسەندە بولۇپ كەتسىمۇ، خۇداسىزلىق ۋە كۇفرى ئېقىمى

يامراپ كەتسىمۇ ھەتتا ئاللاھ تەرغىب قىلغان ئىلاھى تەلىماتلار سەل قارالسىمۇ مەيلى ئىدىكى، قولىدىكى ھوقۇق ۋە ماددىي مەنپەئەتتىن ئايرىلىپ قالمىسىلا بولاتتى.

خرىستىئان دىنى — بۇ دىنمۇ چۇشەنمەك قىيىن بولغان بىر خىل بۇتپەرەسلىككە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ مۇجمەل بىر خىل غەلىتە مۇناسىۋەتنى پەيدا قىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ئەرەب ئېتىقادچىلىرىنىڭ كۆڭگەن تۇرمۇش ئادىتىدىن يىراق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دىلىدا بۇ دىنىدىن ھەقىقىي رازىمەنلىك ۋە قانائەتلىنىش يوق ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشكىمۇ ھەم پېتىنالمايتتى.

ئەمما، ئەرەبلەرنىڭ باشقا دىنلىرىنىڭ ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشرىكلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوپ ـ ئوخشايتتى. ئۇلار گويا بىر قېلىپتا قويۇلغاندەك، بىر جامدىن سۇ ئىچكەندەك ئۆرپ ـ ئادەت، پسخىكا ۋە ئەقىدە جەھەتلەردە بىر ـ بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيتتى.

## جاھىلىيەت دەۋر ىدىكى ئەرەب جەمئىيىتى دىن كۆرۈنۈش

بىز ئالدىنقى بابلاردا ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتتۇق. ئەمدى ئارال خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە ئەخلاقىي ئەھۋاللىرى بىلەن تونۇشۇپ باقايلى!

### ئىجتىمائىي ئەھۋالى

ئەرەب جەمئىيىتىدە ئەھۋالى بىر ـ بىرىگە ئوخشمايدىغان ئىجتىمائىي تەبىقىلەر مەۋجۇت ئىدى. ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىكى ئەرلەرنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ناھايىتى ئۈستۈن بولۇپلا قالماي، ھەتتا، بۇ تەبىقىنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىمۇ تولۇق تاللاش ئەركىنلىكى ۋە سۆز ئەركىنلىكىگە ئىگە ئىدى. بۇ تەبىقىنىڭ قىز ـ خوتۇنلىرى قاتتىق ھۆرمەتلىنەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىپپەت نومۇسى ئۈچۈن قىلىچلەر شىلتىلىپ، قانلار تۆكۈلەتتى. بىر ئادەم ئەرەبلەرنىڭ نەزەرىدە يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولغۇسى، ساخاۋەت ۋە شىجائەت پەزىلىتى بىلەن ماختالغۇسى كەلسە، كۆپىنچە ھاللاردا قىز ـ خوتۇنلارنىڭ تىلىغا مۇراجىئەت قىلاتتى. ئاياللار خالىسا قەبىلىلەرنى تىنچلىققا ئېرىشتۇرەتتى، خالىسا قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇش ـ جېدەل ئوتلىرىنى ياقاتتى. شۇنداقتىمۇ ئەرلەر يەنىلا ئائىلىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق باشلىقى ۋە ئائىلىنىڭ قانۇنىي مەسئۇلى ھېسابلىناتتى. ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ئادەتتە ئائىلە باشلىقىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولاتتى. قىز ـ خوتۇنلار ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئىگە چاقىلىرىنىڭ گېپىنى يەرئۆبتەلمەيتتى.

يۇقىرى ئاق سۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى مانا مۇشۇنداق بولۇۋاتقان بىر پەيتتە تۆۋەن ۋە ئوتتۇرا تەبىقىدىكى ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدا بىر قىسىم پەسكەش

كىشىلەرمۇ بار ئىدى، بىز ئۇنداقلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى پەقەت شاللاقلىق، هاياسىزلىق ۋە بۇزۇق ـ پاھىشىۋازلىق خالاس، دېيىشتىن باشقا سۆز بىلەن ئىپادىلىيەلمەيمىز. ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «جاھىلىيەتنىڭ نىكاھ ئىشلىرى تۆت تۈرلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى كىشىلەر بۈگۈنكى كۈندە ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان نىكاھلىنىش قائىدىسى شۇ ئىدى، يەنى ئەر تەرەپ ئايال تەرەپكە خېرىدارلىق قىلىپ ئەلچى يوللاش، تويلۇق مەھرى بېرىش، ئاندىن كېيىن تويلىشىش. يەنە بىر خىل نىكاھلىنىش ئادىتى، ئارىدا ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى بار بولغان بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇننىڭ ئېرى، خوتۇنى ھېيىزدىن پاك بولغاندا ئۇنىڭغا: «پالانى ئەرگە خوتۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇرۇغىنى ئالغىن»، دەيتتى ۋە خوتۇنى (پالانى) دىن ھامىلىدار بولمىغۇچە يېقىندارچىلىق قىلمايتتى ۋە بىر جايدا ياتمايتتى. ئايالىنىڭ شۇ ئەردىن قورساق كۆتۈرگەنلىكى ئېنىقلانسا، ئاندىن خالىسا بىر ئورۇندا بولاتتى، خالىسا بولمايتتى. ئۇلار بۇنى بالىسىنىڭ سورتلۇق تۇغۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىپ شۇنداق قىلاتتى. شۇڭا بۇ «نىكاھى ئىستىبزائ» (ئۇرۇق ئېلىش نىكاھى) دەپ ئاتىلاتتى.

ئۈچىنچى بىر خىلى، بىر قانچە شاپاقچى ئەر جەم بولۇپ بىرلا ۋاقىتتا بىرلا خوتۇن بىلەن بىرگە بولاتتى. بۇ خوتۇن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقاندىن كېيىن، بىر قانچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئاشۇ ئەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ يىغاتتى، ھېچقايسىسىنىڭ كەلمەسلىككە ھەددى ئەمەس ئىدى. ئۇلار جەم بولغاندىن كېيىن ئايال ئۆزى رازى بولىدىغان بىرسىنىڭ نامىنى ئاتاپ: «مانا! قىلغان ئىشىڭلار ھەممىڭلارغا ئايان، مەن تۇغدۇم، پالانى! بالا سىزنىڭكى»، دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بالا ئاشۇ ئەرگە مەنسۇپ بولاتتى.

تۆتىنچى بىر خىلى، نۇرغۇن كىشىلەر توپلىشىپ بىرلا خوتۇن بىلەن بىرگە بولاتتى. ئۇ خوتۇنمۇ قارشىلىق بىلدۈرمەيتتى. بۇلار ئاساسەن پاھىشە خوتۇنلار بولۇپ، ئۇلار ئەرلەرنىڭ تېپىپ كېلىشىگە قولاي بولسۇن ئۈچۈن ئىشىك دېرىزىلىرىنىڭ ئۈستىگە بايراق چىقىرىپ قوياتتى، بۇنداق خوتۇنلار قورساق كۆتۈرۈپ تۇغسا، ھېلىقى ئەرلەر ھەممىسى جەم بولۇپ، قاپىيىكەش چاقىراتتى. ئاندىن كېيىن، بۇ ھارامدىن بولغان بالىنى ئاشۇ قاپىيىكەش  پەرەز قىلىپ بېكىتكەن ئادەمگە مەنسۇپ قىلاتتى ۋە شۇنىڭ بالىسى بولۇپ قالاتتى. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ، جاھىلىيەت ئاھالىسىنىڭ ئاشۇ ناتوغرا نىكاھلىنىش، شەھۋەت ئادا قىلىش قىلمىشلىرىنى چەكلەپ، بۈگۈنكى ئىسلام دىنى يولغا قويغان ئادىل نىكاھ تۈزۈمىنى ئورناتتى، دېگەن (سۇنەنى ئەبۇ داۋۇدنىڭ كىتابۇ نىكاھتىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى نىكاھلىنىش ئۇسۇللىرى بابىدا زىكرى قىلىندى).

ئەرەبلەردە يەنە ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتىنى قىلىچىنىڭ بىسلىرى ۋە نەيزىلەرنىڭ تىغلىرى ئورنىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار ئىدى. بۇ ئاساسەن قەبىلىلەر ئارا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلاردا غالىب تەرەپ مەغلۇپ تەرەپنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئۇنى خوتۇن قىلىشتىن كېلىپ چىققان نىكاھ مۇناسىۋىتى بولۇپ، بۇ خوتۇنلاردىن دۇنياغا كەلگەن بالىلارنىڭ پېشانىسىدىكى نومۇس زېدىسى ئۆمۈرۋايەت ساقايمايتتى.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئەرەبلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشتا چەكلىمىگە ئۇچرىمايتتى. شۇڭا، ئۇلاردا بىر ئەر ھەمشىرە ئاچا ـ سىڭىللارنى بىر نىكاھتا جەملەيدىغان ئىشلارمۇ بار ئىدى. ئاتىسى نىكاھىغا ئېلىپ قويۇۋەتكەن ياكى ئاتىسىدىن تۇل قالغان ئۆگەي ئانىلىرىنى ئۇيالماستىن خوتۇن قىلاتتى. ئەرلەردىكى تالاق «ئايرىلىش» ھوقۇقىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرىمايتتى.

قىسقىسى، زىناخورلۇقتىن ئىبارەت بۇ پەسكەش قىلىق ھەر قايسى تەبىقىلەردە ئومۇملىشىپ كەتكەنىدى. بىز بۇ پاھىشىۋازلىق ۋە پەسكەش قىلىقلاردىن سەسكىنىدىغان ئايرىم تېگى پاكىز ئەر ۋە ئاياللاردىن باشقا ھېچقايسى بىر تەبىقە ۋە بىر سىنىپنى بۇ رەزىللىككە چۈشۈپ قالمىغان دەپ ئىستىسنا قىلالمايمىز. ھەر ھالدا ھۆر (ئازاد) ئاياللارنىڭ ئەھۋالى دېدەكلەرنىڭكىدىن كۆپ ياخشى ئىدى. پاھىشە ئاياللارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاساسىي جەھەتتىن دېدەكلەر بولۇپ، ئاشكارىلىنىشىچە، جاھىلىيەت ئاھالىسىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى بۇ پاھىشە قىلىقلارغا چېتىلىپ قېلىشنى نومۇس ھېس قىلمايدىكەن. ئىمام ئەبۇ داۋۇت ئەمرى ئىبنى شۇئەيبدىن، ئۇ دادىسىدىن، ئۇ بوۋىسىدىن نەقىل قىلىپ ئېيتىدۇكى، بىر ئادەم: «ئى رەسۇلۇللاھ! پالانى، مېنىڭ بالام، مەن ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن بۇرۇن جاھىلىيەت ۋاقتىدا بىرگە بولغانىدىم»، دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىسلامدا جاھىلىيەت دەۋاسى ئاقمايدۇ، جاھىلىيەت دەۋرى كەتتى، بالا تۆشەك ئىگىسىنىڭ، زىناخور تاش كېسەك قىلىنىدۇ»، دەپ جاۋاب بەرگەن. سەئەد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەبدى ئىبنى زەمئەنىڭ، زەمئەنىڭ دېدىكىدىن بولغان ئوغلى (ئۇ ئابدۇراھمان ئىبنى زەمئە ئىدى) توغرىسىدىكى جېدەل ـ ماجىراسىنىڭ تەپسىلاتى ھەممىگە ئايان.

جاھىلىيەتتە يەنە ئاتا ـ بالىلار مۇناسىۋىتىمۇ كۆپ خىل ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بالىلىرىنى:

ئالدىمىزدا يورغىلىغان ئوماق بالىمىز،
يەر يۈزىگە ئاجراپ چۈشكەن جىگەر پارىمىز.

دەپ ئەتىۋارلىسا، يەنە بەزىلىرى قىزلارنىڭ نومۇس كەلتۈرۈشىدىن ۋە كۆپ چىقىمدار قىلىشىدىن قورقۇپ، ئۇلارنى تىرىك ھالەتتە كۆمۈۋېتىدىغانلىرى، يوقسۇللۇق ۋە نامراتلىقتىن قورقۇپ بالىلىرىنى كىچىك ھالىتىدە كۆمۈۋېتىدىغانلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈرە ئەنئام 151 ـ ئايەت، سۈرە نەھلى 58 ـ، 59 ـ ئايەت ۋە سۈرە بەنىي ئىسرائىل 31 ـ ئايەتلىرىدە ئېنىق بايانلار بار. لېكىن، بۇنى «جەمئىيەتتە ئومۇملاشقان ئادەت»، دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز. چۈنكى، ئۇلار دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئوغۇل پەرزەنتكە ھەممىدىن بەك ئېھتىياجلىق خەلق ئىدى.

ئەمما ئۇلارنىڭ قېرىنداشلار ئارا مۇناسىۋىتى تاغىنىڭ بالىلىرى (ئىككى تۇغقان) بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۆز جەمەتى ئىچىدىكى ئۇرۇغ ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئىنتايىن مۇستەھكەم ۋە قويۇق ئىدى. ئۇلار ئىنتايىن قەبىلىۋاز بولۇپ، ئۆز قەبىلىسى ئۈچۈن ئۆلۈپ تىرىلەتتى. بىر قەبىلە ئىچىدە ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللىگەن بىرلىك روھىغا

تەئەسسۇبىيەت (تەرەپبازلىق) روھى قوشۇلۇپ، ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ئاساسى ئۇرۇقداشلىق ۋە ئۇرۇغ ـ تۇغقانچىلىق تەئەسسۇبىيىتى ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. ئۇلار «قېرىندىشىڭ زالىم بولسۇن ياكى زۇلۇمغا ئۇچرىسۇن، ئوخشاشلا ياردەم بېرىشىڭ كېرەك»، دېگەن ماقال ـ تەمسىلنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرەتتى. ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، بۇ تەمسىلنىڭ «زالىمغا ياردەم بېرىش» دېگەن ئۇقۇمىنى «زۇلۇم سېلىشتىن توسۇش» دېگەنگە ئۆزگەرتتى، ئەمما تەمسىلنى پۈتۈنلەي يوققا چىقارمىدى.

بىراق، ھوقۇق ـ مەنسەپ رىقابىتى كۆپ ھاللاردا بىر ئاتىنىڭ نەسلىدىن كۆپىيىپ شاخلىغان قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇش ـ ماجىرانى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. ئەۋس ـ خەزرەج، ئەبەس ـ زەبيان ۋە بەكرى ـ تەغلىب قاتارلىق قەبىلىلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن قانلىق توقۇنۇشلار بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر.

ئەمما، ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان قەبىلىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كۈچى ئۇرۇشقا سەرپ قىلىناتتى، بىراق دىنىي جەھەتتىكى بەزى ئورتاق ئەنئەنە ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ سېلىشتىن قورقۇش ۋە غايىبانە ئەيمىنىش ئۇلارنىڭ قىلىچ نەيزىلىرىنىڭ بىسىنى ياندۇرۇپ، جېدەل ـ ماجىرا ئوتلىرىنى ئۆچۈرەتتى. بەزىدە دوستلۇق ئورنىتىش، ئىتتىپاق تۈزۈش ۋە رايون تەۋەلىكى قاتارلىق ئامىللارمۇ قارشىلىشىۋاتقان قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ قوياتتى. بولۇپمۇ، ھەرەم ئايلىرى ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشى ۋە تۇرمۇشىنى قامدىۋېلىشىغا چوڭ پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنىدى.

گەپنىڭ خۇلاسىسى، ئەرەبلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئىنتايىن قالاق، تۆۋەن دەرىجىدە بولۇپ، جاھالەت تۇمانلىرى بېسىپ كەتكەنىدى. خۇراپات ئۇچۇن مەيدان كەڭ ھازىرلانغان، بىدئەت، خۇراپات ۋە ئازغۇن پىكىر ـ قاراشلىرى ئەركىن پەرۋاز قىلماقتا، ئادەملەر ھايۋان كەبى ياشايتتى. ئاياللار مال ـ ماتانىڭ ئورنىدا ئېلىپ سېتىلاتتى، پۈتۈن بىر مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا بىرلىك رىشتىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن بولۇپ، بار دېيىلگەن ھۆكۈمەتلەرنىڭ بارلىق ئەس ـ يادى پۇقرانى بۇلاپ، ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇرۇش ياكى قارشى رەقىبلەرگە ئۇرۇش قوزغاش غېمىدە تىپىرلاش ئىدى.

## ئىقتىسادىي ئەھۋالى

ئەرەبلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىن جىق پەرقلەنمەيتتى. بىز ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ ناھايىتى ئېنىق ئايدىڭلىشىدۇ. ئالايلى، تىجارەت ئۇلارنىڭ ھاياتلىق لازىمەتلىكلىرىگە ئېرىشىشىنىڭ بىردىنبىر يولى ئىدى. تىجارەت سەپىرى دېگەن ئادەتتە ۋەزىيەت مۇقىم، جەمئىيەت تىنچ بولغاندىلا ئاندىن راۋاج تاپىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما، بۇنداق تىنچ ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ھارام ئايلاردىن باشقىسىدا ھەرگىز تېپىلمايتتى. ئەرەبلەرنىڭ ئۇكاز، زۇلمەجاز ۋە مەجىننە قاتارلىق مەشھۇر بازارلىرى دەل مۇشۇ ئايلاردا ئۆتكۈزۈلەتتى.

ئەمما، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى ئالساق، ئەرەبلەر سانائەتتىن ئەڭ يىراق مىللەت ئىدى. ئەرەبلەردە بار دېيىلگەن سانائەتنىڭ بار- يوقى پەقەت قول توقۇمىچىلىقى ۋە تېرە- خۇرۇم ئاشلاش ۋەھاكازالار ئىدى خالاس. قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ كۆپ قىسمى يەمەن ۋە ھىيرە ئاھالىلىرىدا، شۇنىڭدەك شامغا يېقىن جايلاردىكى خەلقلەردە تېپىلاتتى.
ئارالىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پەقەت دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە چارۋىچىلىقتا تايىناتتى. ئەرەب ئاياللىرى بولسا يىپ ئىگىرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. لېكىن، بۇ ئاياللار مەڭ جاپادا ئىگىرىپ توقۇغان يىپ- ماتالىرى ھەربىي ھازىرلىقتا يەتمەيتتى. نامراتلىق ۋە ئاچ- يالىڭاچلىق جەمئىيەتتە ئومۇمىي يۈزلۈك بالايى- ئاپەتكە ئايلانغانىدى.

## ئىجتىمائىي ئەخلاق

جاھىلىيەت ئەرەبلىرىدە ساغلام ئەقىل ۋە پاك ۋىجدان راۋا كۆرمەيدىغان ناچار ۋە رەزىل ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمايمىز، لېكىن ئۇلاردا كىشىنى ئۈزىگە جەلپ قىلىدىغان ۋە ھەيران قالدۇرىدىغان ۋە ئۇلگە ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئاجايىپ ئېسىل ئەخلاقلارمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە

1. ساخاۋەت: ئەرەبلەر كەڭقوللۇقتا بەسلىشەتتى ۋە خەير ساخاۋەت بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئۇلارنىڭ ساخاۋەت بىلەن ماختىنىش ۋە سېخىيلارغا مەدھىيە ئوقۇش ئۈچۈن ئىجاد قىلغان شېئىرلىرى ئەرەب شېئىرلىرىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئۆيىگە قەھرىتان سوغۇق ۋە ئاچارچىلىق كۈنلەردە ئۇشتۇمتۇت بىر مېھمان چۈشۈپ قالسا، ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدە پەقەت ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ جان- تومۇرى بولغان بىرلا تۆگىسى بار بولسا، شۇئان ئۇنى ساخاۋەت روھى بىرلا ھەرىكەتلەندۈرەتتى- دە، ئۇ ئىككىلەنمەستىن ھېلىقى تۆگىنى سويۇپ، مېھمانغا زىياپەت بېرەتتى.
ئۇلاردىكى ئالىيجاناپ پەزىلەتلەردىن بىرى شۇكى، ئۇلار ھەددى- ھېسابسىز ئېغىر دىيەت (تۆلەم) ۋە ئىقتىسادىي يۈكلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا رازى ئىدىكى، قان تۆكۈلۈش ۋە بىر ئىنسانىنىڭ جېنىنىڭ ناھەق زايا بولۇپ كېتىشىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشلىرى ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ ئەمەلدار باشلىقلىرىغا پەخرى- تەفاخور قىلىشاتتى.
ئۇلارنىڭ سېخى كەڭ قوللۇق خىسلەتلىرىدىن بىرى ئۇلار ھاراق- شاراب ئىچىش بىلەن ماختىناتتى. ئۇلار بۇنى ھاراقكەشلىكىنىڭ ئۆزى پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئىش دەپ قىلماستىن، بەلكى ئۇنى ساخاۋەت يوللىرىنىڭ بىر تۈرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاراقكەشلىك ئادەمگە كەڭ قوللۇقنى ئۆگىتىدۇ»، دەپ قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۈزۈم دەرىخىنى «كەرەم»، يەنى ساخاۋەت دەرىخى دەپ ئاتاپ، ئۈزۈم ھارىقىنى «بىنتۇلكەرەم» (ساخاۋەت قىزى) دەپ ئاتاشقانىدى. ئەرەبلەردىكى قەدىمكى كلاسسىك شېئىرلار تويلاملىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق مەخسۇس ھاراقكەشلىك توغرىسىدا مەدھىيە ۋە پەخىر بابلىرىنى كۆرىمىز.

ئەنتەرەتۇلئەبەسى (ئىبنى شەدداد) دېگەن شائىر ئۆزىنىڭ مۇئەللەق ناملىق شېئىرلار توپلىمىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ.

مەن هاراق ئىچكەن چېغىم هاۋا سوۋۇپ، سالقىنلىغان،
سۈپ ـ سۈزۈك پىيالىلەر قولدىن قولغا سۇنۇلغان،
مەستلىكىمدە مال تۆكۈپ، ساخاۋەتكە تاشلىسام،
مەن هوشۇمغاكەلگىنىمدە كەڭ قوللۇقنى باشلىغان.

يەنە ئەرەبلەرنىڭ ساخاۋەت يوللىرىدىن بىرى، قىمارۋازلىق ئىدى. ئۇلار قىمارنى ساخاۋەت ئۇسۇللىرىدىن بىرخىل ئۇسۇل دەپ قارايتتى. چۈنكى ئۇلار قىماردىن ئالغان پايدىنى ياكى تەقسىماتتىن ئاشقىنىنى پۈتۈنلەي ئاجىز ـ مىسكىنلەرگە يىگۈزەتتى. شۇ جەهەتتىن «قۇرئان كەرىم»نىڭمۇ هاراق ۋە قىماردا پايدىلىق تەرەپلەرنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلماستىن، بەلكى ﴿و اثمها اكبر من نفعهما ﴾ «بۇ ئىككىسىدىكى گۇناھ پايدىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ»، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

ئەرەپلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ـــــ ئەهدىگە ۋاپا قىلىش. ئەهدى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە چىڭ ئېسىلىشقا تېگىشلىك دىن ئىدى. ئەهدىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن جان ـ جىگەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە خانىۋەيران بولۇشى قاتارلىق ئېغىرچىلىقلار هېچنېمە ئىدى. بۇنىڭغا شەيبان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى هانىئى ئىبنى مەسئۇد، سمۇول ئىبنى ئادىيا ۋە هاجىب ئىبنى زىرارلەرنىڭ قىسسىلىرى ئەمەلىي مىسال بولالايدۇ.

3. «ئىززەتۇننەفس»، يەنى ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلەش. زۇلۇم ـ سىتەمگە تېز پۈكمەسلىك ۋە خورلۇققا باش ئەگمەسلىك روهى. ئۇلاردىكى قارام شىجائەت، قەيسەر ئىرادە ۋە دەرهال هەرىكەتكە كېلىش غەيرىتى قاتارلىقلارنى ئاشۇ ئەخلاقلارنىڭ كۆزى دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىزا ـ ئاهانەت ۋە خورلۇقنىڭ پۇرىقى چىقىدىغان هەر قانداق بىر گەپ ـ سۆزنى ئاڭلىسىلا، قوللىرىغا قىلىچ ـ نەيزىلەرنى ئېلىپ، ئۇرۇش مارشىنى ياڭرىتاتتى ۋە بۇ يولدا قانچىلىك قۇربانلارنى بېرىشتىن پەرۋا قىلمايتتى.

4. قىيىن ئىشلارغا قەدەم بېسىش. ئۇلار «شان ـ شەرەپ كەلتۈرىدۇ»، دەپ قارىغان هەر قانداق بىر ئىشقا ئىرادە باغلىسا، ئۇنى هېچنەرسە توسيالمايتتى. بەلكى، ئۇلار خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي، ئۆزىنى ئاشۇ ئىشقا ئاتايتتى.

5. «هەلىملىق»، يەنى مۇلايىملىق، ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ۋە تەمكىنلىك پەزىلەتلىرىدۇر. ئۇلار بۇ ئەخلاقلار بىلەن ماختانسىمۇ، بىراق ئۇلاردىكى قارام شىجائەت ۋە جەڭگىۋارلىق قەيسىرانە روهى ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلەش روهىنى ئاشۇرۇۋەتكەنىدى.

6. سەهرالىقتا خاس ساددىلىق، شەهەر مەدەنىيىتىنىڭ كىر ـ داغلىرى ۋە هىيلىگەر ـ نەيرەڭۋازلىقلىرى بىلەن بۇلغانماسلىق. ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدىكى سەمىمىي، ساداقەتمەنلىك، ئامانەتكە ۋاپا قىلىش ۋە ئالدامچىلىق ۋە مەككارلىقتىن نەپرەتلىنىش قاتارلىق ئالىيجاناپ پەزىلەتلەر شۇ ئەخلاقلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بىز بۇ قىممەتلىك ئېسىل ئەخلاقلار ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا سېلىشتۇرغاندىكى مۇهىم جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئالاهىدىلىكى بىلەن قوشقاندا، ئۇلارنىڭ باش ئەلچىلىك يۈكىنى ۋە ئىنسانىيەت مىللەتلىرىگە ۋە ئىنسانىيەت

جەمئىيەتتىكە رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تاللانغانلىقىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى بولغان بولۇشى مۇمكىن دېيىشكە ھەقلىقمىز. چۈنكى، بۇ ئەخلاقلارنىڭ قىسمەنلىرى قارىماققا يامانلىققا ئېلىپ بارىدىغاندەك ۋە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاززاق ئىسلاھ قىلىنسىلا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە زور مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان بىباھا گۆھەرلەردۇر. مانا بۇ ئىسلاھاتنى ئىسلام دىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئېلىپ باردى. بىز بۇنىڭدىن، ئىنسان روھىدىكى ياخشى، يامان تەرەپلەرگە ئاللاھقا باغلانغان بىر ئېتىقاد يېتەكچىلىك قىلمىسا، ئۇ ياخشى تەرەپلەرنىڭمۇ ئۆزۈل ـ كېسىل ياخشى بولالماي، نىسپىي، ئۆزگىرىشچان خاراكتېر ئېلىپ قالىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ئەرەبلەردىكى ئېسىل ئەخلاقلار ئىچىدە ۋەدىگە ۋاپا قىلىشتىن قالسا، ئەڭ قىممەتلىك ۋە پايدىسى ئەڭ زور بولغىنى ئۆز قەدرى ـ قىممىتىنى بىلىش، خەتەرلىك ئىشلارغا جۈرئەت قىلىش ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بولۇش پەزىلىتى بولسا كېرەك. چۈنكى، يامان ئىللەت ۋە يامان ئىشلارنى چەكلەش ۋە ئادىل تەرتىپ ئورنىتىش دەل مۇشۇنداق قەتئىي ئىرادە، كەسكىن مەيدان ۋە قەيسىرانە روھ بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەرەبلەرنىڭ يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرى بار. ئەمما، ئۇ ھەقتىكى مۇلاھىزە بىزنىڭ كىتابىمىزدىكى ئاساسىي تېما ئەمەس.

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ۋە ئائىلە كېلىپ چىقىشى

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

بىر قىسمىنىڭ ئېنىق ھالدا ئىشەنچلىك نەسەبنامە ئىكەنلىكىگە تارىخشۇناس ۋە نەسەبشۇناسلار تولۇق قايىل. ئۇ بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەدنانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى نەسەب شەجەرىسىدۇر.

ئىككىنچى قىسىم نەسەب شەجەرىسى ھەققىدە بەزىلەر سۈكۈت قىلسا، يەنە بەزىلەر ئېغىز ئاچىدۇ. ھەر ھالدا ئىختىلاپ بارلىقى ئېنىق. بۇ قىسىم ئەدناندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان ئارىلىقتىكى نەسەب شەجەرىسىدۇر.

ئۈچىنچى قىسىم نەسەب شەجەرىسى ھەققىدە بىزمۇ ئۇنىڭ رەت تەرتىپىدە توغرا بولمىغان تەرەپلەرنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلالمايمىز. ئۇ بولسىمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئادەم ئاتىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى نەسەب شەجەرىسىدۇر. يۇقىرىدا بۇ نۇقتىغا ھەم ئىشارەت بەرگەنىدۇق. مەزكۇر ئۈچ قىسىم نەسەبنامىنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى، ئابدۇللاھ ئابدۇلمۇتەللىپ(ئەسلى ئىسمى شەيبە)نىڭ ئوغلى، ئابدۇلمۇتەللىپ ھاشىم (ئەسلى ئىسمى ئەمرى)نىڭ ئوغلىدۇر، ھاشىمنىڭ ئاتىسى ئابدۇماناف (ئەسلى ئىسمى مۇغىيرە) قۇسەي (ئەسلى ئىسمى زەيد)نىڭ ئوغلىدۇر، قۇسەي كىلابنىڭ ئوغلى، كىلاب مۇررەنىڭ ئوغلى، مۇررەنىڭ ئاتىسى كەئەب لوئەينىڭ ئوغلى، لوئەينىڭ ئاتىسى غالىب فىھرىنىڭ ئوغلىدۇر. فىھرى قۇرەيش دەپ ئاتالغان ۋە ئۇنىڭ جەمەتىمۇ شۇ نام بىلەن تونۇلغان. فىھرى مالىكنىڭ ئوغلى، مالىك نەزرى (ئەسلى ئىسمى قەيس)نىڭ ئوغلى، نەزرى كەنانەنىڭ ئوغلى، كەنانە خۇزەيمەنىڭ ئوغلى خۇزەيمە مۇدرىكە (ئەسلى ئىسمى ئامىر)نىڭ ئوغلى، مۇدرىكە ئىلياسنىڭ ئوغلى، ئىلياسنىڭ ئاتىسى موزەر نەزارنىڭ ئوغلى، نەزار مەئدىنىڭ ئوغلى مەئدى ئەدناننىڭ ئوغلىدۇر.

2. ئەدناننىڭ يۇقىرىسى: ئەدنان ئەددىنىڭ ئوغلى، ئەددى ھۇمەيسىئەنىڭ ئوغلى، ھۇمەيسىئە سىيلاماننىڭ ئوغلى، سىيلاماننىڭ ئاتىسى ئىۋەس بۇزنىڭ ئوغلى، بۇز قىمۋالنىڭ ئوغلى، قىمۋالنىڭ ئاتىسى ئۇبەي ئاۋامنىڭ ئوغلى، ئاۋام ناشىدنىڭ ئوغلى، ناشىد هازانىڭ ئوغلى، هازانىڭ ئاتىسى بەلداس يەدلافنىڭ ئوغلىدۇر، يەدلافنىڭ ئاتىسى تابىخ جاھىمنىڭ ئوغلى، جاھىم ماخىينىڭ ئوغلى، ماخى ئەيزنىڭ ئوغلى، ئەيز ئەبقەرنىڭ ئوغلى، ئەبقەر ئۇبەيدىنىڭ ئوغلى، ئۇبەيدە ئەدئانىڭ ئوغلى، ئەدئا ھەمداننىڭ ئوغلى، ھەمداننىڭ ئاتىسى سىبەر يەسرەبنىڭ ئوغلى، يەسرەب يەھزۇننىڭ ئوغلى، يەھزۇن ئەرئەۋانىڭ ئوغلى، ئەرئەۋا ئەيزنىڭ ئوغلى، ئەيز دەيشاننىڭ ئوغلى، دەيشان ئەيسۇرنىڭ ئوغلى، ئەيسۇر ئەفنادنىڭ ئوغلى، ئەفناد ئەيهامنىڭ ئوغلى، ئەيهام مۇقسىرنىڭ ئوغلى ئۇناھىسنىڭ ئوغلى، ناھىس زارىهنىڭ ئوغلى، زارىھ سۇمەينىڭ ئوغلى، سۇمەي مەزىينىڭ ئوغلى مەزيى ئىۋەزنىڭ ئوغلى، ئىۋەز ئارامنىڭ ئوغلى، ئارام قەيدارنىڭ ئوغلى، قەيدار ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىدۇر.

3. ئىسمائىل (ئەلەيھىسسالام)نىڭ يۇقىرىسى. ئىسمائىل (ئەلەيھىسسالام) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تارىخ (ئەسلى ئىسمى ئازار)نىڭ ئوغلى، تارىخ ناخورنىڭ ئوغلى، ناخور سارۇئ (ياكى ساروغ)نىڭ ئوغلى ساروغ رائۇنىڭ ئوغلى، رائۇ فالەخنىڭ ئوغلى، فالەخ ئابىرنىڭ ئوغلى ئابىر شالەخنىڭ ئوغلى، شالەخ ئەرفەخشەدنىڭ ئوغلى، ئەرفەخشەد سامنىڭ ئوغلى، سام نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىدۇر، نۇھ ئەلەيھىسسالام لامىكنىڭ ئوغلى لامىك مۇتەۋەشلىخنىڭ ئوغلى، مۇتەۋەشلىخ ئوخنوخنىڭ ئوغلىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئوخنوخ ئىدرىس ئەلەيھىسسالام ئىكەن. ئوخنوخنىڭ ئاتىسى يارىد مەھلائىلنىڭ ئوغلى، مەھلائىل قەيناننىڭ ئوغلى، قەينان ئانوشەنىڭ ئوغلى، ئانوشە شىس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى، شىس ئەلەيھىسسالام ئادەم ئاتا (ئەلەيھىسسالام)نىڭ ئوغلىدۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە كىلىپ چىقىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە ـ جەمەتى (چوڭ بوۋىسى ھاشىم ئىبنى ئابدۇمانافقا مەنسۇپ قىلىنىپ) ھاشىم جەمەتى دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنداقتا، بىز ھاشىم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئازراق توختىلايلى.

1. ھاشىم (بىز يۇقىرىدا بەنى ئابدۇماناف جەمەتى بىلەن بەنى ئابدۇددار جەمەتى مەككىنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي ھوقۇق مەنسەپلىرىنى ئۆزئارا ئۆلۈشۈۋېلىشقان چاغدا، بەنى ئابدۇماناف جەمەتىدىن ھاشىم ئىبنى ئابدۇمانافنىڭ ھاجىلارنى سۇغۇرۇش ۋە ئۇلارنى يېمەك ـ ئىچمەك ۋە باشقا تەمىناتلار بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق). ئۇ، قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدە ئەڭ ئابرۇيلۇق ۋە باي شەخس بولۇپ تۇنجى قېتىم مەككىدە ھاجىلارغا شورپا نان بىلەن زىياپەت بەرگەن. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەمرى ئىدى، ئۇ ھاجىلارغا كۆپلەپ زىياپەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن «مېھمانلارغا نان ئۇشاتقۇچى»، دېگەن مەنىدە ھاشىم (ئۇشاتقۇچى) دەپ ئاتالغان. يەنە ئۇ قۇرەيشلەرنىڭ يازلىق، قىشلىق ئىككى سەپىرىنىڭ يولىنى تۇنجى بولۇپ ئاچقان كىشىدۇر. بۇ ھەقتە بىر شائىر قەلەم تەۋرىتىپ، مۇنداق يازغان:

ئەمردۇر تەمىنلىگەن گۆش بىلەن ئۆز قەۋمىنى،
ئاچ ئوزۇق ھاجى ھەرەمنى ئەيلىگەن شادۇ ـ ئامان.
يول ئېلىپ، سودا ـ تامان تىجارەتكە باش بولۇپ،
ھاشىمنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى قىش ۋە ياز كارۋان راۋان.

ھاشىمنىڭ تەرجىمىھالىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

ئابدۇمانافنىڭ ئوغلى ھاشىم تىجارەت بىلەن شامغا چىقىپ، قايتىشتا مەدىنىگە چۈشكەن ۋە بۇ يەردە ئەدىي ئىبنى نەججار جەمەتىدىن ئەمرى ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ سەلما دېگەن قىزىغا ئۆيلىنىپ، بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ، تىجارەت بىلەن يەنە شامغا قايتقان (بۇ چاغدا سەلما ئابدۇلمۇتەللىپكە ئېغىر ياقلىق ئىدى). ئەپسۇسكى، ھاشىم بۇ قېتىمقى سەپەردە پەلەستىنىنىڭ غۇززە (ھازىرقى گازا رايونى) دېگەن يېرىدە بەختكە قارشى ئۆلۈپ كەتكەن. مىلادىيە 497 ـ يىلى سەلما ساق ـ سالامەت يەڭگىپ ئوغلىنى «ئاقچاچ» دېگەن مەنىدە «شەيبە»، دەپ ئاتىغان. چۈنكى، ئۇ تۇغۇلغان ۋاقتىدا بېشىدا مەلۇم مىقداردا ئاقچاچ بار ئىدى. شەيبە، بوۋىسى ئەمرىنىڭ تەربىيىسىدە يەسرەب (مەدىنىنىڭ قەدىمقى نامى)تە چوڭ بولدى. ھاشىمنىڭ مەككىدە ئەسەد، ئەبۇ سەيفى، نەزلە قاتارلىق ئوغۇللىرى ۋە شىفا، خالىدە، زەئىيفە، رۇقىيە ۋە خەننە قاتارلىق قىزلىرى بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاتىسىنىڭ يەسرەبتە يەنە بىر ئوغلىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى.

2. ئابدۇلمۇتەللىپ (يەنى شەيبە) بىز يۇقىرىدا ھاجىلارنى سۇغۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەش ھوقۇقى ھاشىم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قېرىندىشى مۇتەللىپ ئىبنى ئابدۇمانافقا قالغانىدى ۋە بۇ مۇتەللىپمۇ قېرىندىشى ھاشىمغا ئوخشاشلا قەۋمى ـ جامائەت ئىچىدە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە، نوپۇزلۇق شەخسكە ئايلانغانىدى. قۇرەيشلەر ئۇنى ئۇنىڭ كەڭ قوللۇقى ئۈچۈن «فەييازى» (كەلكۈن) دەپ ئاتىۋېلىشقانىدى، دېگەنىدۇق. شەيبە چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يېتىش ئالدىدا تۇرغاندا مۇتەللىپ (مەزكۇر

ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ، يەنى شەيبەنىڭ تاغىسى) ئۆز قېرىندىشى ھاشىمنىڭ يەسرەب (مەدىنە)تە شەيبە ئىسىملىك يەنە بىر ئوغلىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، دىدار كۆرۈشمەك ئۈچۈن مەدىنىگە كەلدى. مۇتەللىپ قېرىندىشىنىڭ بۇ ئاسراندى ئوغلىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ باغرىغا ئېلىپ، ئۇلاغقا مىندۈرمەكچى بولۇۋىدى، ئۇ: «ئانام رۇخسەت قىلمىسا بارمايمەن»، دەپ تۇرۇۋالدى. مۇتەللىپ ئۇنىڭ ئانىسىدىن ئۇنى ئۆزى بىلەن بىرگە مەككىگە يولغا سېلىپ قويۇشنى ئۆتۈنگەندى، ئۇنىڭ ئانىسى بۇ ئۇماق جىگەر پارىسىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ چاغدا مۇتەللىپ ئۇنىڭغا: «بۇ ئاتىسىنىڭ مەككىدىكى ھوقۇقىنى قولغا ئالغىلى بارىدۇ، ئاللاھنىڭ ھەرىمىگە بارىدۇ»، دەپ ئۇنى بىرگە ئېلىپ كېتىشنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلغاندىن كېيىن سەلما ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇتەللىپ قېرىندىشىنىڭ كەنجى ئوغلىنى تۆگىسىنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ، مەككىگە ئېلىپ كەلدى. مۇتەللىپنىڭ كەينىدە ناتونۇش بىر ئوغۇلنىڭ بارلىقىنى كۆرگەن مەككە ئاھالىسى مۇتەللىپ، سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەلگەن قول ـ چاكىرى چېغى، دەپ ئويلاپ مۇتەللىپنىڭ چاكىرى دېگەن مەنىدە «ئابدۇلمۇتەللىپ»، دەپ چاقىرىشتى. مۇتەللىپ: «ئەيىۇھەنناس! بۇ دېگەن قېرىندىشىم ھاشىمنىڭ ئوغلى، بوۋام ئابدۇمانافنىڭ پۇشتى، ئۇنىڭ ئىسمى شەيبە»، دەپ تونۇشتۇرغان بولسىمۇ بۇ نام ئاسانلىقچە ئۆزگەرمىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەيبە تاغىسى مۇتەللىپنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدى. بىر مەھەلدىن كېيىن، مۇتەللىپ يەمەننىڭ رەدمان دېگەن يېرىدە تويۇقسىز ۋاپات بولۇپ كەتتى ـ دە، قۇرەيشلەر ئارىسىدا ئابدۇلمۇتەللىپ نامى بىلەن تونۇلغان شەيبە تاغىسى مۇتەللىپنىڭ بارلىق ئىمتىيازلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى ۋە قەۋمى ـ جامائەت ئىچىدە ئەجدادلىرى جارى قىلدۇرغان ياخشى ئىشلارنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ، ئەجدادلىرى يېتەلمىگەن ئىناۋەت ۋە ئابرۇيلارغا ئېرىشىپ، مەككە تەۋەسىدە ئۇنىڭ نوپۇزى ئالاھىدە تىكلەندى ۋە مەككە جەمئىيىتىدە، مۇھىم بىر شەخسكە ئايلىنىپ قالدى.

مۇتەللىپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەنە بىر قېرىندىشى نەۋفەل سەكرەپ چىقىپ ئابدۇلمۇتەللىپقا تېگىشلىك بولغان بارلىق ئىمتىيازلارنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالماقچى بولدى. بۇ چاغدا ئابدۇلمۇتەللىپ قېرىنداش قەبىلىلەر ئىچىدىكى نوپۇزلۇق كىشىلەردىن ياردەم سورىغانىدى، ئۇلار: «بىز تاغاڭ بىلەن سېنىڭ ئاراڭدىكى ئىشلارغا ئارىلىشالمايمىز»، دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەنى بەججار جەمەتىدىكى تاغىلىرىغا خەت يېزىپ، شېئىر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاپ ياردەم سورىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئانا تەرەپ تاغىسى ئەبۇ سەئەد ئىبنى ئەدي مەدىنىدىن سەكسەن ئاتلىقنى باشلاپ كېلىپ، مەككىنىڭ ئەبتەھ دېگەن يېرىگە چۈشتى. ئابدۇلمۇتەللىپ تاغىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «ئاۋۋال ئۆيگە، تاغا!»، دېگەن بولسىمۇ، ئۇ: «ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن نەۋفەل بىلەن ئۇچراشمىغىچە ئاتتىن چۈشمەيمەن»، دېدى. ئاندىن ئۇدۇل كەئبىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، نەۋفەلنىڭ قېشىدا توختىدى. بۇ چاغدا نەۋفەل بەيتۇللاھنىڭ ھىجرى (ھىتىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەن يېرىدە قۇرەيش پېشۋالىرى بىلەن بىخارامان ئولتۇرۇۋاتاتتى. ئەبۇ سەئەد ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپ

قىلچىنى پۇلاڭلىتىپ: «بەيتۇللاھنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، مۇبادا سەن ھەمشىرەمنىڭ ئوغلىغا ئۇنىڭ بارلىق قانۇنىي ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلىرىنى قايتۇرۇپ بەرمەيدىغان بولساڭ، ئاشۇ تېنىڭنى قولۇمدىكى قىلىچىمغا غىلاپ قىلىۋېتىمەن»، دېدى. بۇ چاغدا نەۋفەل دەرھال قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەبۇ سەئەد نەق مەيداندا قۇرەيش مۆتىۋەرلىرىنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ مەنزىلىگە چۈشتى ۋە ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن مەدىنىگە قايتتى.

بۇ بىر قاتار ئىشلاردىن كېيىن، نەۋفەل (ئىبنى ئابدۇماناف) جەمەتى بەنى ئابدۇشەمىس ئىبنى ئابدۇماناف جەمەتى بىلەن بىرلىكتە بەنى ھاشىم جەمەتىگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشتى. خۇزائە قەبىلىسى بەنى نەججار قەبىلىسىنىڭ ئابدۇلمۇتەللىپكە ياردەم بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ: «ئابدۇلمۇتەللىپ سىزلەرنىڭ پۇشتىڭىز بولسا، ئۇنىڭ بوۋىسى ئابدۇماناپ بىزنىڭ پۇشتىمىز، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە بىز تېخىمۇ ھەقلىق»، دېيىشىپ، (ئۇلارنىڭ مۇنداق دېيىشى ئابدۇمانافنىڭ ئانىسى خوزائە قەبىلىسىدىن ئىدى) دارۇننەدۋەت (قۇرەيش كېڭەش يۇرتىغا)گە كېلىپ، بەنى ھاشىم جەمەتى بىلەن بەنى ئابدۇشەمىس ۋە بەنى نەۋفەل جەمەتلىرىگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشتى. مانا بۇ ئىتتىپاق كېيىن تىلغا ئېلىنغىنىدەك مەككە ئىشغالىيىتىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالغانىدى.

ئابدۇلمۇتەللىپكە بەيتۇللاھقا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق ئىككى چوڭ ئىش ئۇدۇل كېلىپ قالدى. بىرى زەمزەم قۇدۇقىنىڭ قېزىلىشى، يەنە بىرى پىل ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى.

1. زەمزەم قۇدۇقىنىڭ قېزىلىش جەريانى مۇنداق بولدى: ئابدۇلمۇتەللىپ بىر كۈنى چۈشىدە زەمزەم قودۇقىنىڭ ئورنى كۆرسىتىلىپ ۋە ئۇنى قېزىشقا ئەمرى قىلىنىپ، چۈش كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇلمۇتەللىپ دەرھال ئاتلىنىپ، قۇدۇقنى قېزىشقا كىرىشتى. قۇدۇقنى قازغاندىن كېيىن، قۇدۇقنىڭ ئورنىدىن جۇرھۇملار مەككىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلانغاندا قۇدۇققا تاشلاپ، كۆمۈۋەتكەن قىلىچ، ساۋۇت ۋە ئىككى دانە ئالتۇن كىيىكنى تېپىۋالدى. ئابدۇلمۇتەللىپ ھېلىقى نەرسىلەرنى كولاپ ئېلىپ، كىيىكنى ئېرىتىپ، كەئبىگە دەرۋازا سوقتۇردى. قىلىچنى ھېلىقى دەرۋازىغا گىرەلەشمە شەكىلدە قىيا قىلىپ قېقىپ قويدى ۋە زەمزەم قودۇقى بىلەن ھاجىلارنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

زەمزەم قۇدۇقى رەسمىي سۇ بىلەن تەمىنلەشكە باشلىغاندا قۇرەيشلەر ئۇنىڭغا: «قۇدۇقنى تەڭ باشقۇرايلى»، دېيىشتى. ئابدۇلمۇتەللىپ: «بۇ ماڭا خاس ئىش، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن»، دەپ تۇرىۋالدى. قۇرەيشلەرمۇ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاخىرى ئۇنى بەنى سەئەد قەبىلىسىدىكى بىر كاھىننىڭ قېشىغا دەۋالىشىپ ئېلىپ چىقىشتى. ئۇلار تېخى قايتماي تۇرۇپ، ئاللاھ ئۇلارغا يول ئۈستىدىلا بىر مۆجىزە كۆرسىتىپ ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ زەمزەمنى يالغۇز باشقۇرۇشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مۇشۇ چاغدا ئابدۇلمۇتەللىپ: «ئاللاھ ماڭا ئون ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىپ، ئۇلار ماڭا ئارقا تېرەك (يۆلەنچۈك) بولغۇدەك بولسا، ئۇلارنىڭ بىرىنى كەئبىنىڭ ئالدىدا قۇربانلىق قىلىمەن» دەپ نەزر قىلدى.

2. پىل ۋەقەسى: ئۇنىڭ جەريانى شۇكى، ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىنىڭ يەمەندە تۇرۇشلۇق ۋالىيسى ئەبرەھەتۇسسەبباھ ئەرەبلەرنىڭ مەككىگە ھەجگە بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەنئا[①]غا چوڭ بىر چېركاۋ سالدۇردى ۋە ئەرەب ھاجىلىرىنى مۇشۇ چېركاۋنى تاۋاپ قىلىشقا يۈزلەندۈرمەكچى بولدى. بۇنى ئەرەبلەرنىڭ كەنانە قەبىلىسىدىن بىر كىشى ئاڭلاپ كېچىلەپ بېرىپ چېركاۋغا كىرىپ چوڭ تەرەت قىلىپ پىشەپنى چىركاۋنىڭ مېھرابلىرىغا سۈۋاپ قويۇپ قېچىپ كەتتى. ئەبرەھە بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق دەرغەزەپ بولدى ۋە زور قوشۇن (60 مىڭ كىشىلىك) بىلەن كەئبىنى يىقىپ تاشلاشقا ئاتلاندى. ئەبرەھە قوشۇنىدىكى توققۇز ياكى ئون ئۈچ جەڭ پىلىدىن ئەڭ چوڭىدىن بىرىگە ئۆزى مىندى ۋە تېز سۈرئەت بىلەن يول يۈرۈپ ئاخىرى مەككىنىڭ سىرتىدىكى مۇغەممەس دېگەن جايغا كېلىپ چۈشتى. بۇ يەردە قوشۇننى قايتا رەتكە سېلىپ پىل (ھازىرقى زامان ئۇرۇشىدىكى تانكا، بىرونېۋىك ۋە بومباردىمانچى قىسىمنىڭ رولىنى ئوينايتتى) قوشۇننى ھەربىي ھالەتكە ئۆتكۈزۈپ، ئالدىنقى سەپكە تىزدى ۋە مەككىگە باستۇرۇپ كىرىشكە تەييارلاندى. دۈشمەن قوشۇنى مۇزدەلىفە بىلەن مىنا تېغى ئارىلىقىدىكى ۋادى مۇھەسسەر دېگەن جايغا كەلگەندە، ئەبرەھە ئولتۇرغان چوڭ پىل يېتىۋالدى، ئۇلار ئۇنى قوپارسا كەئبە تەرەپكە بىر قەدەممۇ ئالمايتتى. جەنۇب شىمال ۋە ياكى شەرىق تەرەپكە قاراتسا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ يۈگۈرەيتتى، يەنە كەئبە تەرەپكە قاراتسا دەرھال يېتىۋالاتتى. ئەبرەھە تەرەپ پىللار بىلەن ھەپىلىشىپ تۇرۇۋاتقان پەيتتە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ ـ توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى. قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى تاشلاپ ئۇلارنى چايناۋېتىلگەن سامانەدەك قىلىۋەتتى. بۇ قۇشلار خۇددى قارلىغاچ ۋە سۇندۇكلارغا ئوخشايتتى. ھەر بىر قۇش تۇمشۇقىدا بىر تال، ئىككى پۇتىدا بىر تالدىن ئىككى تال پۇرچاق چوڭلۇقىدا ساپال تاشلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنىڭ باشلىرىغا تاشلاشقا باشلىدى، تاش تەككەنلا كىشىنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى لەخشە ـ لەخشە ئاجراپ چۈشۈپ ھالاك بولاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا، تۆگەشكەن بولماستىن بەلكى ئۇلار قاتتىق پاتپاراقچىلىقتا قېچىپ يۈرۈپ، ھەر قايسى يول ئېغىزلىرى ۋە سۇ بويلىرىدا توپا چىشلەشكەن، دېيىلىدۇ.

ئەمما ئەبرەھەگە ئاللاھ بىر خىل كېسەل سېلىپ مۇشۇ كېسەل بىلەن ئۇنىڭ ئۆگە بارماقلىرى ئاجراپ چۈشۈشكە باشلىغان، ئۇ سەنئاغا يېتىپ بارغاندا ھەممە ئەزالىرىدىن ئايرىلىپ، ئەمدىلا تۇخۇمنىڭ ئىچىدىن چىققان چۈجىگە ئوخشاش بولۇپ قالغان ئىدى ئاخىرى ئۇ كۆكرىكى يېرىلىپ يۈرىكى ساڭگىلاپ قېلىپ ئۆلدى. بۇ چاغدا قۇرەيش خەلقى دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىدىن قورقۇپ، تاغ چوققىلىرى ۋە جىلغا ـ جىرالارغا مۆكۈنۈۋېلىشقانىدى. ئۇلار ئەبرەھە قوشۇنىنىڭ كۈتۈلمىگەن تالاپەتكە يولۇققانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئاندىن مەككىگە قايتىپ كىرىشتى.

بۇ ۋەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشتىن ئەللىك ياكى ئەللىك بەش كۈن (كۆپ ساندىكىلەرنىڭ قارىشىدا ئەللىك بەش كۈن) ئىلگىرى مۇھەررەم ( 1 ـ ئاي)دا يۈز بەرگەن بولۇپ، مىلادىيە 571 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ۋە 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ۋەقەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز پەيغەمبىرى ۋە مۇقەددەس بەيتىنىڭ كەلگۈسى

---

① يەمەننىڭ پايتەختى.

ئىستىقبالى ئۈچۈن ئالدىن ئىشلىگەن تەييارلىق خىزمىتى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، بىز بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئاھالىسى (ئۆز زامانىسىدىكى) ئىمان ئەھلى تۇرۇقلۇق ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان مۇشرىكلارنىڭ ئاياغ ـ ئاستى قىلىشىغا ئۇچرىدى. مەسىلەن: مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 587 ـ يىلى بۇختى نەسىرنىڭ ۋە مىلادى 70 ـ يىلى رۇملۇقلارنىڭ قىرغىن قىلىشىغا ئۇچرىدى. لېكىن، بۇ قېتىم كەئبە شەرىفنى ئالساق، ناسارالار ـ خرىستىيانلار (شۇ دەۋرنىڭ ئىمان ئەھلى، مۇسۇلمانلىرى تۇرۇقلۇق) كەئبىگە ئۆزىنىڭ ئىشغالىيەت قولىنى سۇنۇشقا قادىر بولالمىدى. ھالبۇكى، كەئبە ئاھالىسى بۇ چاغدا تېخى پۈتۈنلەي مۇشرىك ئىدى.

مەزكۇر ۋەقەنىڭ خەۋىرى شۇ دەۋردىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەرگە تېزدىن تارالدى. ئالايلى، ھەبەشلەر رۇملۇقلار بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتتە ئىدى. ئىرانلىقلار بولسا، رۇم ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ رەسەتخانىدىن چىقمايتتى. شۇڭا بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىرانلىقلار يەمەننى بېسىۋالدى. چۈنكى، ئەينى چاغدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى بۇ ئىككى چوڭ دۆلەت دۇنيانىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى تالىشىۋاتاتتى. بۇ ۋەقە يەنە دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى ۋە بەيتۇللاھنىڭ ئۇلۇغلاشقا ئەرزىيدىغان مۇقەددەس بەيت ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئاھالىسىدىن بىر كىشى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ «مەن پەيغەمبەر دەپ» كەلسە، بۇ شەكسىزكى ئاشۇ ۋەقە تەقەززا قىلغان ئىشنىڭ ئۆز ئەينى ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئۇسۇل بىلەن ئىمان ئەھلى ئۈستىدىن مۇشرىكلارغا ياردەم بېرىشىدىكى سىرلىق تېپىشماقنىڭ يېشىلگەنلىكىنى بولاتتى، ئەلۋەتتە.

ئاللاھ ئابدۇلمۇتەللىپكە ئون ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدى. ئۇلار ھارس، زۇبەير، ئەبۇ تالىب، ئابدۇللاھ، ھەمزە، ئەبۇ لەھەب، غەيداق، مىقوەم، سىيفار ۋە ئاbbas قاتارلىقلار. يەنە بىر سۆزدە 11 ئىدى، دېيىلىپ «قەسەم» ئىسىملىك بىرسى قوشۇپ قويۇلىدۇ. ئۈچىنچى بىر سۆزدە ئون ئوغۇل ئىدى، دېيىلىپ ئابدۇلكەئبە ۋە ھەجەل دەپ ئىككىسى زىكرى قىلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئابدۇلكەئبە مىقوەم شۇ ئىكەن، ھەجەل دېگىنى غەيداق ئىكەن. ئەمما ئۇنىڭ قەسەم دەپ ئوغلى يوق ئىكەن. قىزلىرى: ئۇممى ھەكىم (ئۇ بەيزا دەپ ئاتىلاتتى)، بەررە، ئاتىكە، سەفىيە، ئەرۋا ۋە ئۇمەيمەلەدۇر.

1. ئابدۇللاھ رەسۇلۇللاھنىڭ ئاتىسى (ئابدۇللاھنىڭ ئانىسى فاتىمە ئەمرىنىڭ قىزى ئەمرى ئائىزنىڭ ئوغلى ئائىز ئىمراننىڭ ئوغلى ئىمراننىڭ ئاتىسى مەخزۇم يەقزەنىڭ ئوغلى يەقزە موررەنىڭ ئوغلىدۇ) ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ بالىلىرى ئىچىدە ھەممىدىن چىرايلىق ھەم ئۇڭلۇق چوڭ بولغاچقا، ئابدۇلمۇتەللىپكە بەك يېقىن تۇراتتى. ئۇنىڭ زەبىيھ (قۇربانلىق) دېگەن نامى بار بولۇپ، ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان: ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغۇل پەرزەنتى ئونغا يېتىپ ئۇنىڭ كەينىدە قاتار تۇرغىدەك بولۇۋىدى، ئۇ بالىلىرىغا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى نەزرىسىنى ئۇقتۇردى، ئوغۇللار بىردەك: «ئەلھۆكمۇللاھى»، دېيىشىپ تەقدىرگە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇلمۇتەللىپ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئىش سوراش ئوقىغا يېزىپ، ھۇبەل دېگەن

بۇتنىڭ شەيخىغا بەردى. شەيخ راھىب ئوقلارنى بىر ئۆرۈپ ئېلىۋىدى، قۇربانلىقنى كۆرسىتىدىغان ئوق ئابدۇللاھنىڭ نامىغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇلمۇتەللىپ قولىغا پىچاقنى ئېلىپ ئابدۇللانى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن كەئبە تەرەپكە قاراپ ئېلىپ ماڭدى. قۇرەيشلەر ئابدۇلمۇتەللىپنى توستى. بولۇپمۇ ئابدۇللاھنىڭ بەنى مەخزۇم جەمەتىدىن بولغان ئانا تاغىلىرى ۋە بىر قورساق قېرىندىشى ئەبۇ تالىب قاتتىق تىكىلىپ تۇرۇۋالدى. بۇ چاغدا ئابدۇلمۇتەللىپ: «ئۇنداقتا مەن نەزرەمنى قانداق قىلىمەن؟»، دېگەنىدى، ئۇلار ئابدۇلمۇتەللىپكە ئەررافنىڭ قېشىغا بېرىپ مەسلەھەت سوراپ بېقىشنى ئېيتتى.
ئابدۇلمۇتەللىپ ئەرراف[①]نىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلىۋىدى، ئەرراف ئۇنىڭغا ئابدۇللاھ بىلەن ئون تۆگە ئوتتۇرىسىدا چەك تاشلاپ كۆرۈشنى، ناۋادا قۇربانلىق ئابدۇللاھغا چىقىپ قالسا، تۆگىدىن يەنە ئوننى قوشۇپ تاكى تەڭرى رازى بولغانغا قەدەر ئوندىنلا قوشۇپ چەك ئۆرۈشنى، چەك تۆگىگە چىققاندا، ئاندىن تۆگىنى قۇربانلىق قىلىشنى بۇيرىدى. ئابدۇلمۇتەللىپ قايتىپ كېلىپ ئابدۇللاھ بىلەن ئون تۆگە ئوتتۇرىسىدا چەك تاشلاپ كۆرۈۋىدى، چەك ئابدۇللاھقا چىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇلمۇتەللىپ ھەر قېتىمدا ئوندىنلا قېتىپ چەك ئۆرۈشكە باشلىدى، ئەمما چەك داۋاملىق ئابدۇللاھقىلا چىقاتتى. ئاخىر ئونىنچى قېتىمدا ئاندىن چەك تۆگىگە چىقتى. ئابدۇلمۇتەللىپ شۇ ھامان ھېلىقى تۆگىلەرنى قۇربانلىق ئۈچۈن زەبھى قىلدى ۋە ئۇنىڭ گۆشىنى مەيلى ئادىمىزات مەيلى گۆشخور ھايۋانات ھېچقايسىسىدىن توسمىدى. قان دىيىتى (تۆلىمى) قۇرەيش ئىچىدە، بەلكى بارلىق ئەرەب خەلقلىرى ئارىسىدا پەقەت ئون تۆگىلا بولاتتى. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن 100 تۆگە تۆلەم ئېلىش جارى بولدى. بۇنى ئىسلام دىنىمۇ شۇ بويىچە يولغا قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «مەن ئىككى قۇربانلىقنىڭ ئوغلىدۇرمەن»، يەنى ئىسمائىل(ئەلەيھىسسالام)بىلەن ئاتىسى ئابدۇللانى دېمەكچى.
ئابدۇلمۇتەللىپ بىر ئۆلۈمدىن قالغان بۇ تەۋەررۇك ئوغلىغا ۋەھەب ئىبنى ئابدۇماناپنىڭ قىزى ئامىنەنى جۆرىلىككە تاللىدى. ۋەھەب ئابدىماناپنىڭ ئوغلى ئىدى. ئابدۇماناپنىڭ ئاتىسى زۆھرە كىلابنىڭ ئوغلى ئىدى. ئامىنە شۇ ۋاقىتتا قۇرەيش قەبىلىلىرى ئىچىدە نەسەب ۋە ئىجتىمائىي ئورۇن جەھەتتە ئەڭ فازىل ۋە ئېسىل ئايال بولۇپ، ئاتىسى ۋەھەب بەنى زۆھرە قەبىلىسىنىڭ نەسەب ۋە مەنسەپ تاجدارى ئىدى. ئابدۇللاھ ئامىنىگە ئۆيلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئاتىسى ئابدۇلمۇتەللىپ ئۇنى مەدىنىگە ئاشلىق ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى ۋە شۇ سەپىرىدە ئۆلۈپ كەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئابدۇللا بۇ قېتىم شامغىچە بارغان ۋە قۇرەيش كارۋىنى بىلەن قايتىشتا مەدىنىگە چۈشكەن. ئۇ شۇ چاغدا قاتتىق كېسەل ئىدى ۋە شۇ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ۋە نابغەتولجەئدى مەھەللىسىدە دەپنە قىلىنغان. ئۇ بۇ چاغدا 25 ياشتا بولۇپ. رەسۇلۇللاھمۇ تېخى تۇغۇلمىغانىدى. كۆپىنچە تارىخچىلار شۇنداق قارايدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ سۆزىدە ئابدۇللا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن دەيدۇ. ھەر ھالدا

---

[①] ئەررافنى بىز كىتابىمىزنىڭ بېشىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق.

ئابدۇللاھنىڭ ۋاپات قىلغانلىقى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر مەككىگە يېتىپ كېلىۋىدى، ئامىنە تۆۋەندىكى تەسىرلىك مەرسىيىسىنى ئوقۇۋىدى:

بەتھانى قويۇپ بەردىڭ ھاشىم ئوغلى ئابدۇللاھ،
ئەل يۇرتىدا لەھەتكە كىرىپ ياتتىڭ ئابدۇللاھ.

ئۆلۈملەر چاقىرىپ كەتتى سېنى، ئەل بولدۇڭ كەلمەسكە،
ئانىلار تۇغالماس كېيىن سېنىڭدەكنى ئابدۇللاھ.

ئەرشنى كۆتۈرگەنلەر ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
بېسىم باساقىلا لىق تولدى، ئەنە شۇنچە كەڭ دالا.

كۆرۈنگەنگە ئوخشايسەن ئۆلۈم كۆڭلىگە بەك قىممەت،
كەڭ قوللۇقتا تەڭداشسىز، كىچىك كۆڭۈل ئابدۇللاھ.

ئابدۇللا قويۇپ كەتكەن مال-دۇنيانىڭ جەمئىسى بەش تۆگە بىر نەچچە تال قوي ۋە بەربەرە ئىسىملىك بىر نېگىر چاكار قىز ئىدى. ئۇنىڭ كونىيىتى (تەخەللۇس ئىسمى) ئۇممۇ ئەيمەن بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى باققۇچىسى بولغان.

# رەسۇلۇللاھنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى 40 يىل

## رەسۇلۇللاھنىڭ دۇنياغا كېلىشى

جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى سەييىدىمىز مۇھەممەدۇن سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىران شاھى نوشىرۋان ھاكىمىيىتىنىڭ 40- يىلى، مەككىدە يۈز بەرگەن پىل ۋەقەسىنىڭ 1- يىلى، رەبىئۇلئەۋۋەل (3- ئاي) نىڭ 9- كۈنى سەھەردە مەككىدىكى بەنى ھاشىم كوچىسىدا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتى. بۇ ئاي ۋە كۈنلەر ئاتاقلىق دىنىي ئالىم مۇھەممەد سۇلايمان مەنسۇر فورى ۋە ئاتاقلىق ئاسترونوم تەتقىقاتچى مەھمۇد پاشالارنىڭ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشىچە، مىلادىيە 571- يىلى 4- ئاينىڭ 20- كۈنى ياكى 22- كۈنىگە توغرا كېلىدىكەن.

ئىبنى سەئەدنىڭ رىۋايىتىدە رەسۇلۇللاھنىڭ ئانىسى مۇنداق دېگەن: «مەن ئۇ (مۇھەممەد)نى تۇغقاندا قورسىقىمدىن بىر نۇر چىققاندەك مەلۇم بولدى، ئۇ نۇر بىلەن شام قەسىرلىرى يورۇپ كەتتى». ئىمام ئەھمەدمۇ شۇنىڭغا يېقىن بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.

رىۋايەتلەرنىڭ خۇلاسىسىدىن قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان كۈنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك ئالدىن بىشارەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن نامايەن بولغان؛ ئىران خان ئوردىسىنىڭ پىشايۋىنىدىن 14 كۆز دەرىزە چۈشۈپ كەتكەن. مەجۇسى (ئوتپەرەس)لەر ئىبادەت قىلىۋاتقان (ئاتالمىش مۇقەددەس) ئوت تۇساتتىن ئۆچۈپ قالغان. ساۋە كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى چېركاۋلار يىقىلىپ دۇم كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەن ۋە ئارقىدىنلا كۆلنىڭ سۈيى جىمىپ كەتكەن. بۇنى بەيھەقى رىۋايەت قىلدى.

رەسۇلۇللاھ تۇغۇلغان هامان بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىپكە خەۋەر قىلىندى. ئابدۇلمۇتەللىپ ئىنتايىن خۇشال بولغان هالدا كېلىپ ئۇ (رەسۇلۇللاھ)نى كەئبىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. ئۇ كەئبە ئىچىدە ئاللاھقا دۇئا قىلدى ۋە شۈكرى سەنا ئېيتتى ۋە «مۇھەممەد» دېگەن ئىسىمنى تاللاپ ئات قويدى (بۇ ئىسىم ئەرەبلەردە يوق دېيەرلىك ئىسىم ئىدى) ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە يەتتىنچى كۈنى خەتنە قىلدۇرۇۋەتتى.

رەسۇلۇللاھنى (ئۆز ئانىسىدىن قالسا) تۇنجى بولۇپ ئېمىتكەن ئىنىك ئانا ئەبۇ لەھەبنىڭ ئازادگەردە(ئازاد قىلىۋەتكەن) دېدەكى سۇۋەيبە بولدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنى مەسرۇھ ئىسىملىك بىر ئوغلىنىڭ سۈتى بىلەن ئېمىتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنىمۇ ئېمىتكەن. رەسۇلۇللاھتىن كېيىن، بەنى مەخزۇم جەمەتىدىن ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇلسەئەدنى ئېمىتتى.

## بەنى سەئەد قەبىلىسىدە

ئەۋلادلىرىنىڭ شەھەر بالىلىرىدا كۆرۈلىدىغان هورۇنلۇق، تەييار تاپلىق ئىللەتلىرىدىن خالى، بەدىنى تىمەن، ئەت ـ مۇسكۇللىرى چىڭ، كىچىكىدىنلا ئەرەبچىگە تىلى پىششىق چوڭ بولۇشى ئۈچۈن بوۋاقلىرىغا سەهرالاردىن ئىنىك ئانا تېپىپ بېرىش ئەرەب شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى ئىدى. شۇڭا ئابدۇلمۇتەللىپمۇ رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ئېنىك ئانا ئىزدىدى ۋە بەنى سەئەد قەبىلىسىدىن بىر خوتۇن (ئۇ ھەلىمە بىنتى ئەبى زۇئەيب)غا ئېمىتىپ بېرىشكە بەردى. ھەلىمەنىڭ ئېرى ھارىس ئىبنى ئابدۇلئۇززا ئەبۇ كەبشە دېگەن تەخەللۇس بىلەن مەشھۇر ئىدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ بەنى سەئەد قەبىلىسىدىكى ئېمىلدەش بىر تۇغقانلىرىدىن ئابدۇللا ئىبنى ھارىس، ئەنىسىيە بىنتى ھارىس، ھۇزافە ياكى جۇزامە بىنتى ھارىس (ئۇ شەيما دېگەن لەقەم بىلەن مەشھۇر بولغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئىنىك ئانىسىغا بېقىشىپ بەرگەن) ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغلى ئەبۇسوفىيان ئىبنى ھارىس قاتارلىقلار بار.

رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپمۇ بەنى سەئەد قەبىلىسىدە ئېمىتىشكە بېرىلگەندە، رەسۇلۇللاھ ھەلىمەنىڭ يېنىدىكى ۋاختىدا ھەمزەنىڭ ئىنىك ئانىسى ئۇنى بىر كۈن مىقدارى ئېمىتىپ بەرگەن. شۇ جەھەتتىن ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھقا ئىككى تەرەپتىن، بىرى ئەبۇ لەھەبنىڭ دېدەكى سۇۋەيبە تەرىپىدىن، يەنە بىرى بەنى سەئەدلىك ئىنىك ئانىسى تەرىپىدىن ئېمىلدەش كېلىدۇ.

ھەلىمە رەسۇلۇللاھنى ئېمىتىپ بېرىشكە ئالغاندىن كېيىن، ئاجايىپ ـ غارايىپ بەرىكەتلەرنى كۆرگەن. ئەمدى، بىز ئۇنى ئەمەلىي ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلايلى...

ئىبنى ئىسھاقنىڭ ئېيتىشىچە، ھەلىمە تۆۋەندىكى بايانلارنى ئۆز ئېغىزى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن: ئۇ شۇ ۋاقىتتا ئېمىتىۋاتقان بالىسىنى ئېلىپ ئېرى بىلەن بىرگە شۇ قەبىلىدىن بىر قانچە خوتۇن بىلەن ئىجارىگە ئېمىتىدىغان بالا ئىزلەپ، ئۆز يۇرتلىرىدىن مەككىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاشۇ يىلى قەھەتچىلىك بىر يىل بولغانىدى. بىز ھەممە نەرسىدىن ئايرىلغانىدۇق. بىزنىڭ بىرلا ئاق مادا ئېشىكىمىز بار بولۇپ، مەن ئاشۇ ئېشەككە مىنىدىم. بىزنىڭ يەنە بىر تال سۇ توشۇش تۆگىمىزمۇ بار ئىدى. ئەمما، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن بىر تېمىم سۈت چىقسا كىمنىڭ ھەققى؟! قۇچىقىمدىكى ھېلىقى بالامنىڭ ئاچلىق زارىدىن پۈتۈن بىر كېچە كۆز يۇممىدۇق. نە مېنىڭ ئەمچىكىمدىن، نە تۆگىنىڭ ئەمچىكىدىن بوۋاقنىڭ نەپسىنى ئارام ئالدۇرغۇدەك بىر نەرسە چىقمايتتى. ھەممىمىز يامغۇر يېغىپ، يۇرتىمىزنىڭ مەمۇرچىلىققا ئايلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتۇق. مەن ھېلىقى ئېشەككە مىنىپ يولغا چىقتىم. ئېشىكىمىزنىڭ ئورۇق ئاجىزلىقى ھەمراھلىرىمىزنىڭ تېز يول يۈرۈشىگە پۈتلىكاشاڭ بولدى بولغاي، ئۇلار بەزىدە غودۇرىشىپ، بەزىدە ئالدىمىزدا ئىلگىرىلەپ مېڭىپ، ئاخىرى مەككىگە يېتىپ كېلىپ ئىجارىگە ئېمىتىدىغان بالا ئىزلەشكە كىرىشىپ كەتتۇق. مەن بىلەن بىللە كەلگەن ئاياللارنىڭ قايسى بىرسىگە رەسۇلۇللاھ توغرا قىلىنىپ، ئۇنىڭ يېتىملىقى تىلغا ئېلىنسا، ئۇنىڭدىن قاچاتتى. سەۋەبى ھەممىمىز بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن كۆپرەك خەيرخاھلىق كېلىشىنى كۈتەتتۇق. شۇڭا بىز: ‹يېتىم ئىكەن! تۇل خوتۇن دېگەننىڭ نېمىگە قۇربى يېتەتتى!› دەيتتۇق. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، يېتىم بالىلار ئانچە خوش ياقمايتتى. مەندىن باشقا ھەمراھلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىردىن بوۋاقنى ئېمىتىپ بېرىشكە ئىجارىگە ئېلىپ قۇچاقلىشىپ مېڭىشتى. پەقەت مەنلا قالدىم، قايتىش ۋاقتى يېقىنلاپ قالدى. شۇڭا، مەن ئېرىمگە: ‹بىللە كەلگەن خوتۇنلار ئارىسىدا ئېمىتىشكە بالا ئالماي قۇرۇق قول قايتىشتىن نومۇس قىلىمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەزبىرايى خۇدا، مەن بېرىپ ئاشۇ يېتىم بالىنى بولسىمۇ ئەكىلەيمىكىن دەيمەن›، دېدىم. ئۇ: ‹ئالساڭ بولىدۇ، ئاللاھ ئاشۇ بالىنىڭ سەۋەبى بىلەن بىزگە بەرىكەت ئاتا قىلسا ئەجەب ئەمەس›، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بېرىپ رەسۇلۇللاھنى ئىجارىگە ئېمىتىپ بېرىشكە ئالدىم. مەن ئۇ (رەسۇلۇللاھ)نى ئۇنىڭدىن باشقا ئىجارىگە ئىمىتىدىغان بالا تاپالمىغانلىقىم ئۈچۈنلا ئالغانىدىم». ھەلىمە سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇ (رەسۇلۇللاھ)نى ئېلىپ ياتاققا قايتىپ كېلىپ قۇچىقىمغا ئېلىۋېدىم، ئەمچىكىمدىن سۈتلەر شۇرقىراپ ئېقىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېمىپ قاندى، ئارقىدىن بىز بىرگە ئېلىپ كىرگەن ھېلىقى ئوغلىمىزمۇ ئەمدى. ئاندىن ھەر ئىككىلىسى ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئارامىمىزدا ئۇخلىيالمىغانىدۇق، مەن بالا ئىمىتىۋاتقان پەيتتە، ئېرىم تۆگىگە قارىغىلى بارغانىكەن، تۆگىنىڭ ئەمچەكلىرى ئىسىلىپ ئېتىلغۇدەك بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆگىنى سېغىپ ئەكەلدى، ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز ئىچىپ قاندۇق.

قورساقلىرىمىزمۇ قاپاردى. بۇ بىز ئۈچۈن مەككىدە ئارامىمىزدا ئۇخلىغان راھەتلىك بىر كېچە بولۇپ قالدى. ئەتىسى ئېرىم ماڭا: ‹بىلەمسىز ھەلىمە! سىز مۇبارەك بىر بوۋاقنى ئانا بولۇپ قاپسىز›، دېدى. مەنمۇ: ‹شۇنداق بولغىيتتى، ئىلاھىم!› دېدىم. ئاندىن ئېشەك ئۇلاغلىرىمىزغا مىنىشىپ يۇرتىمىزغا راۋان بولدۇق. مەن ھېلىقى ئاق مىدەمگە مىنىپ، ئۇ (رەسۇلۇللاھ)نى تۇتۇپ ئولتۇردۇم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئېشىپ كەتتىم. ھەتتا سەپەرداش ئايالار: ‹ئى ھەلىمە! ئېشىپ كەتكىنىڭنى قارا، بىزنىمۇ ئويلاپ قويساڭچۇ؟ مەھەللىدىن مىنىپ چىققان مادا ئېشىكىڭ مۇشۇ ئەمەسمۇ؟›، دەيتتى. مەن: ‹ھەئە شۇ، چوقۇم شۇ›، دەيتتىم. ئۇلار: ‹ئەزبىرايى خۇدا، ئەجەبا ئۇنىڭ ئېشىكىگە جان كىرىپ قاپتا!› دېيىشەتتى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى يۇرتىمىز بەنى سەئەد زېمىنىگە قەدەم باستۇق. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، يەر يۈزىدە بىزنىڭ زېمىنىمىزدەك قۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىك زېمىنىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتىم. لېكىن، بىزنىڭ قويلىرىمىز ئاشۇ كۈندىن ئېتىبارەن قورساقلىرى توق ئەمچەكلىرى ئېسىلگەن ھالدا قايتىپ كېلىدىغان بولدى. ھېچكىمنىڭ قويىدىن ئەمەس، ھەتتا تۆگىسىدىنمۇ بىر تېمىم سۈت چىقمايۋاتسا، بىز قويلىرىمىزنى سېغىپ ئىچەتتۇق. ھەتتا قولۇم ـ قوشنىلار پادىچىلىرىغا: ‹ھەي سىلەرنى... قويلارنى ھەلىمىنىڭ قويلىرى ئوتلىغان يەرلەردە ئوتلاتساڭلار بولمامدۇ؟› دەپ تاپىلاشقان بولسىمۇ، كەچلىكى يەنىلا ئۇلارنىڭ قويلىرى ئاچ، ئەمچەكلىرى قاقاچ قايتىپ كېلەتتى. بىزنىڭ قويلىرىمىز قورساقلىرى قاپارغان، ئەمچەكلىرى ئېسىلگەن ھالدا قايتىپ كېلەتتى. بىز تاكى رەسۇلۇللاھ ئىككى ياشقا توشۇپ، بىزدىن ئايرىلغانغا قەدەر خۇدايى تائالانىڭ ئالاھىدە پەزلى ـ ئېھسانىغا نائىل بولۇپ تۇردۇق. رەسۇلۇللاھ باشقا باللارغا ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە تېز چوڭ بولغاندەك قىلاتتى، ھەتتا ئۇ ئىككى يېشىغا توشماي تۇرۇپلا، چوپ ـ چوڭ بالا سىنىغا كىرىپ قالدى».

ھەلىمە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇ (رەسۇلۇللاھ)نى ئايرىپ بولغاندىن كېيىن مەككىگە ئانىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدۇق. ۋەھالەنكى، بىز (ئۇنىڭ بەركەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرغان بولغاچقا) ئۇنىڭ قېشىمىزدا داۋاملىق قېپقېلىشىغا تولىمۇ تەشنا ئىدۇق، شۇڭا بىز ئۇنىڭ ئانىسىغا گەپ قىلدۇق ۋە ئۆزۈم شەخسەن: ‹ئوغلىمىزنى ئوبدانراق چوڭ بولغىچە يېنىمىزدا قويسىڭىز! مەن ئۇنىڭغا مەككىنىڭ ۋابا (بىر خىل يوقۇملۇق كېسەل) كېسىلىنىڭ تېگىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن›، دېدىم ۋە ئاخىرى ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە قايىل قىلدۇق».

مانا مۇشۇنداق قىلىپ رەسۇلۇللاھ بەنى سەئەد دىيارىدا تۇرۇپ قالدى. ھەتتا 4 ـــ 5 ياشلارغا كىرىۋىدى، ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ كۆكرىكى يېرىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. ئىمام مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: رەسۇلۇللاھ بىر كۈنى باللار بىلەن ئويناۋاتاتتى، جىبرىئىل (ئەلەيھىسسالام) كېلىپ رەسۇلۇللاھنى تۇتقانچە يېقىتتى ۋە كۆكرىكىنى يېرىپ يۈرىكىنى سىرتقا ئالدى ۋە ئۇنىڭدىن كاللەك لەختە قانلارنى چىقىرىپ تاشلىۋېتىپ: «بۇ سەندىكى شەيتانىنىڭ نېسىۋىسى ئىدى»، دېدى. ئاندىن ئۇنى ئالتۇن داسقا سېلىپ، زەمزەم سۈيى بىلەن

يۇغاندىن كېيىن ئۆز جايىغا قايتۇرۇپ ھەملىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن باللار رەسۇلۇللاھنىڭ (ئىنىك) ئانىسىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ: «مۇھەممەدنى بىرسى ئۆلتۈرۈۋەتتى»، دەپ خەۋەر قىلىشتى. ئۇلار ئۈچقاندەك يۈگۈرۈشۈپ كەلسە، رەسۇلۇللاھ ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەن ھالدا رەڭگى-رويى ساماندەك سارغىيىپ ياتاتتى.

## مېھرىبان ئانا باغرىدا

مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن ھەلىمە رەسۇلۇللاھنىڭ كۈتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ قېلىپ، ئانىسى ئالدىدا يۈز كېلەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، مەككىگە ئەكىرىپ ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئالتە ياشقا كىرگەنگە قەدەر ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولدى.

شۇ كۈنلەردە رەسۇلۇللاھنىڭ ئانىسى ئامىنە ئاخىرەتكە سەپەر قىلغان مەرھۇم ئېرىنىڭ روھىنى ئەسلەپ ئۇنىڭ يەسرەبتىكى تۇپراق بېشىنى زىيارەت قىلىپ كەلمەكچى بولدى. شۇڭا، ئۇ يېتىم ئوغلى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى ۋە دېدىكى ئۇممۇ ئەيمەننى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ 500 كىلومېتىردەك مۇساپىنى نىشانلاپ مەككىدىن يولغا چىقتى. ئابدۇلمۇتەللىپمۇ بۇ دىلى سۇنۇق كېلىنىگە مەھرەم بولۇپ بىرگە چىققانىدى. ئامىنە مەدىنىدە بىر ئاي تۇرغاندىن كېيىن قايتىش تەرەددۇتىدا[①] تۇرغاندا، ئۇنىڭغا ئۇشتۇمتۇت ئېغىر كېسەل تەگدى. ئۇ يولغا چىققاندىن كېيىن، كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلاپ مەككە بىلەن مەدىنە ئارىلىقىدىكى ئەبۋا دېگەن يەرگە كەلگەندە ئاخىرى بولالماي ئۆلۈپ كەتتى.

## كۆيۈمچان بوۋا تەربىيىسىدە

ئامىنەنى ئەبۋاغا دەپنە قىلىپ قويغاندىن كېيىن، ئابدۇلمۇتەللىپ رەسۇلۇللاھنى ئېلىپ مەككىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە قەلب جاراھىتى قايتا يېڭىلانغان بۇ مۇسىبەتدار نەۋرىسىگە نىسبەتەن ھېسداشلىق ۋە ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى ھەسسىلەپ ئاشماقتا ئىدى، شۇڭا ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ ھېچقايسىسىگە كۆرسەتمىگەن ئىللىقلىقنى مۇشۇ نەۋرىسىگە يەتكۈزەتتى ۋە ئۇنى پىشانىسىگە پۈتۈلگەن يالغۇزلۇققا تاشلىۋەتمەستىن، بەلكى ھەممە باللىرىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قوياتتى. ئىبنى ھىشام مۇنداق دەيدۇ: «كەئبە سايىسىدا ئابدۇلمۇتەللىپكە ئاتاپ كۆرپە سېلىپ تەييارلىناتتى. ئابدۇلمۇتەللىپ كۆرپىگە چىققۇچە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى كۆرپىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئولتۇرۇپ تۇراتتى. ئاتىسىغا ھۆرمەت بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھېچكىم ئۇنىڭ بىساتىغا قەدەم باسمايتتى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ خېلى چوڭ بولۇپ قالغان بولۇپ ئۇ بوۋىسىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئويناقشىپ كېلىپ كۆرپىگە چىقاتتى-دە، ئۇنىڭ تاغىلىرى ئۇنى ئاتىسىنىڭ كۆرپىسىدىن يىراق قىلىۋەتمەكچى بولاتتى، بۇ چاغدا ئابدۇلمۇتەللىپ: «بۇ بالامنى مەن بىلەن

---

[①] ظعككعلعنعش دئضةن مةنعدة بولذص بذ يةردة سةصةر تةييارلعقع قعلعؤاتقان دئضةن بولعدذ.

ئۇلتۇرغىلى قويۇڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ بالامدا چوقۇم بىر خىسلەت بار»، دەيتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھنى قىراش ئۇستىدە قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇستى ـ باشلىرىنى سىلاپ، ئۇنىڭ ئويۇن ھەرىكەتلىرىدىن سۆيۈنۈپ ھوزۇرلىناتتى ۋە ئۇنى سۆيۈپ ھىدلايتتى، رەسۇلۇللاھ سەككىز ياشقا كىرىپ ئىككى ئاي ئون كۈن توشۇۋىدى، بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىپ مەككىدە ئالەمدىن ئۆتتى ۋە جان ئۈزۈش ئالدىدا بۇ نەۋرىسىگە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قان قېرىندىشى ئەبۇ تالىبنىڭ (چۈنكى، ئابدۇللاھ بىلەن ئەبۇ تالىبنىڭ ئانىسى بىر ئىدى) كېپىل بولۇشنى تەۋسىيە قىلىپ كۆز يۇمدى.

## شەپقەتلىك تاغا ھىمايىسىدە

ئەبۇ تالىب ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئوغلىنىڭ ھەققىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئادا قىلدى. ئەبۇ تالىب ئۇنى ئۆز باللىرىغا قوشۇۋالدى. بەلكى تېخى ئۇنى ئۆز باللىرىدىنمۇ چارىراق كۆردى. ئۇ رەسۇلۇللاھنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيتتى ۋە قەدىرلەيتتى. 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھنىڭ پىشىنى كۆتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا ھىمايە تونىنى يېپىپ، باشقىلار بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن دوستلىشىپ، رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ئاداۋەتلىشىپ كەلدى. بۇنىڭ بىر قىسمى ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنىدۇ.

## رەسۇلۇللاھ بىلەن سۇ تىلەش

ئىبنى ئەساكىر جەلھەم ئىبنى ئەرفەتەدىن نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە، جەلھەم ئىبنى ئەرفەتە مۇنداق دېگەن:« مەن بىر نۆۋەت مەككىگە كەلگەنىدىم، ئۇ ۋاقىتتا مەككىلىكلەر ئىنتايىن قەھەتچىلىك ئىچىدە ئىكەن. بىر كۈنى قۇرەيشلەر:‹ئى ئەبۇتالىپ ۋادىمىزدا قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ ئەھلى ـ ئەۋلادلىرىمىز ئاچارچىلىقتا قالدى، سۇ تىلەپ بەرگەن بولساڭ›، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇتالىپ چىرايى ۋەسلى گويا يامغۇردىن كېيىنكى قۇياشتەك نۇرانە ئوچۇق چىراي بىر بالىنى ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر قانچە بالا بىرگە ئويناۋاتاتتى، ئەبۇ تالىب ھېلىقى ئوغۇلنى قولىغا ئېلىپ دۈمبىسىنى كەئبىگە چاپلاپ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلدى، كۆك ئاسماندا بۇلۇتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتى، بىردىنلا ئۇياق ـ بۇياقلاردىن پارچە ـ پارچە بۇلۇتلار كېلىپ، قارا بۇلۇتقا ئۆزگىرىپ ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى ۋە بىردەمنىڭ ئىچىدىلا مەككە ۋادىسى ئېقىن بولۇپ ئاقتى، شەھەر ـ قىشلاق ھەممىسى كۆكلەمگە ئايلاندى».

ئەبۇ تالىب تۆۋەندىكى سۆزى بىلەن بۇ ۋەقەگە ئىشارەت بەرگەنىدى.

يۈزى ئاقدۇر، ئۇنىڭ بەرىكاتىدىن ياغار يامغۇر،
يېتىملەرگە كاپالەتچى، تۇللارغا بولار غەمخور.

## راھىب بۇھەيرا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 12 ياشقا كىرگەندە (ئون ئىككى ياش ئىككى ئاي ئون كۈن دىگۈچىلەرمۇ بار) ئەبۇ تالىب ئۇنى شامغا تىجارەتكە بىللە ئېلىپ چىقىپ، بۇسرا دېگەن جايغىچە ئاپاردى (بوسرا شامغا تەۋە زېمىن بولۇپ، ھۆراننىڭ كىرىش ئېغىزى ئىدى. ھۆران شۇ مەزگىلدە رۇملۇقلارنىڭ ئىشغالىيتى ئاستىدىكى ئەرەب زېمىنلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى) ۋە بۇ شەھەردە بۇھەيرا نامى بىلەن مەشھۇر جىرجىس ئىسىملىك بىر راھىب بار ئىدى. تىجارەت كارۋىنى شەھەرگە چۈشكەندىن كېيىن راھىب كارۋاننىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتىۋالدى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ راھىب تالا ـ تۈزلەرگە ئانچە چىقىپ قالمايتتى، ئۇ كاۋاندىكىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ رەسۇلۇللاھقا سەپسېلىپ قارىدى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ كىتابىدىكى تونۇشتۇرۇشلىرىغا سېلىشتۇرۇپ تونۇۋالغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «بۇ (بالا) پۈتۈن ئالەملەرنىڭ خوجىسىدۇر. بۇنى ئاللاھ ئادەملەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ»، دېدى. ئەبۇ تالىب: «بۇنى قانداق بىلىسەن؟» دېۋىدى، راھىب: «سىلەر داۋاندىن ئاشقاندىن تارتىپ بىرمۇ تاش ـ تىكەن قالماي ھەممىسى سەجدىگە باش قويدى، بۇنداق مەرتىۋە پەقەت پەيغەمبەرگىلا ئىلتىپات قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇنى قولىنىڭ ئوخرەك كۆمۈرچىكىنىڭ ئاستىدىكى پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىدىن تونۇۋالدىم. بىزنىڭ كىتابلىرىمىزدا ئەنە شۇنداق تونۇشتۇرۇلغان»، دېدى ۋە ئەبۇ تالىبتىن رەسۇلۇللاھنى شامغا ئاپارماسلىقنى، ئۇنىڭغا يەھۇدىيلاردىن ھېزىي بولۇشنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تالىب رەسۇلۇللاھقا چاكارلىرىدىن بىرنى قېتىپ مەككىگە يولغا سېلىۋەتتى.

## فۇججار ئۇرۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 15 ياشقا كىرگەن يىلى قۇرەيش ۋە كەنانە قەبىلىلىرى بىلەن قەيس ئېيلان قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى، ئۇرۇشقا قۇرەيش ۋە كەنانە تەرەپتىن پىشقەدەم نوپۇزلۇق شەخس ھەرب ئىبنى ئومەييە قوماندانلىق قىلغانىدى. ئەتىگەنلىك (بىرىنچى مەيدان) جەڭدە قەيس ئېيلان تەرەپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەنىدى، چۈشلۈكتىكى (ئىككىنچى مەيدان) جەڭدە قۇرەيش ۋە كەنانە تەرەپ قەيس ئېيلان تەرەپنى مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن مەغلۇپ قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ھەرەم زېمىنى ۋە ھارام ئايلارنىڭ ھۆرمىتى ئاياغ ئاستى قىلىنغانچقا، بۇ ئۇرۇش «فۇججار» (گۇناھكار)لار ئۇرۇشى، دەپ ئاتالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان ۋە تاغىلىرىغا ئوق راسلاپ بەرگەن ئىدى.

## خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شۇ يىلى زۇلقەئدە ( 11 ـ ئايدا) مەككىدە خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. ئۇيۇشمىغا قۇرەيش قەبىلىلىرىدىن بەنى ھاشىم جەمەتى، بەنى مۇتەللىپ جەمەتى، ۋە بەنى تەيم جەمەتلىرى قاتناشتى ۋە ئۇيۇشمىغا ئەزا قەبىلە ۋە ئايماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە نوپۇزلۇق ئەرباب ئابدۇللاھ ئىبنى جەدئاننىڭ قورۇسىغا يىغىلىپ: «مەيلى مەككىلىك، مەيلى ياقا ـ يۇرتلۇق ھەر قانداق بىر ئادەم مەككە تەۋەسىدە زۇلۇمغا ئۇچرىسا ئەزا قەبىلىلەر ھەممەيلەن بىردەك زولۇمغا ئۇچرىغۇچى تەرەپتە تۇرۇپ ھەقنى ئۆز جايىغا قارار تاپقۇزۇشقا»، كېلىشىم ئىمزالاشتى ۋە كۈچلۈك ئەھدى پەيمان بېرىشتى. بۇ ئۇيۇشمىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ قاتناشقان. ئۇ پەيغەمبەرلىك شەرىپىگە ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ: «ئابدۇللا ئىبنى جەدئاننىڭ قورۇسىدا بىر ئۇيۇشمىغا قاتناشقانىدىم، بۇ ماڭا نىسبەتەن قىزىل تۆگىدىنمۇ كاتتىراق ئىش بولغانىدى. ئەمدى ھازىرمۇ ئەنە شۇنداق ئىشلارغا چاقىرىلسام ئەلۋەتتە ئاۋاز قوشىمەن»، دېگەنىدى.

ئۇيۇشمىنىڭ ئاساسىي نىشانى ھەممە ئادەم ئۆز تەرەپدارىنى قوللاشتىن كېلىپ چىققان كونا تەرەببازلىق ئېقىمىغا قارشى تۇرۇش ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ ئۇيۇشمىنىڭ قۇرۇلۇشىغا مۇنداق بىر ئىش سەۋەب بولغان ئىكەن. ئەرەبلەرنىڭ زۇبەيدە قەبىلىسىدىن بىر كىشى مەككىگە مەلۇم مىقداردا مال ـ ماتا ئەكىلىپ قۇرەيشلەرنىڭ بەنى سەھمى جەمەتىدىن ئاس ئىبنى ۋائىل دېگەن كىشىگە ساتقان، ئاس ئىبنى ۋائىل ھېلىقى كىشىنىڭ ھەققىنى دەرھال بەرگىلى ئۇنىماي ئۇنى كەينىگە سۈرۈپ تۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان ئابدۇددار، مەخزۇم، جومەھ، سەھمى، ۋە ئەدىي جەمەتلىرىدىن ئۇنىڭ ھەققىنى ئېلىشىپ بېرىشكە ياردەم سورىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسىنىڭ كارى بولمىغان. شۇڭا ئۇ مەككىدىكى ئەبىلقۇبەيس تېغىغا چىقىپ پۈتۈن ئاۋازى بىلەن توۋلاپ ئۆزىنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى مەزمۇن قىلىپ شېئىر ـ ئەشئارلارنى ئوقۇغىلى تورغان. بۇنى زۇبەير ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ ئۇقۇپ: «بۇ ئادەم بىلەن ھېچ كىمنىڭ كارى بولمىغىنى نېمىسى؟» دەپ شۇ توغرىلىق يول مېڭىپ ئاخىر يۇقىرىقى جەمەتلەرنىڭ چوڭلىرىنى يىغىپ، مەزكۇر ئۇيۇشمىنى قۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى، ئاندىن ئۇيۇشما ئەزالىرى ھەممەيلەن بىراقلا بېرىپ ئاس ئىبنى ۋائىلدىن ھېلىقى كىشىنىڭ تۇتۇپ قېلىنغان ھەققىنى ئېلىپ بەردى.

## جاپالىق ھايات

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بىرەر كەسىپ ۋەياكى مۇقىم بىر ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانغان ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدە بەنى سەئەد قەبىلىسىدە، كېيىنچە مەككىدە بىر قانچە قىرات [1] پۇلغا ئىجارىگە قوي بېقىپ بەرگەنلىكى تۇغرىسىدا ھەدىس بار. ئۇ 25 ياشقا كىرگەندە خەدىچە (خۇۋەيلىدنىڭ قىزى)نىڭ مېلى بىلەن شامغا تىجارەتكە چىققان. ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد مەككە تەۋەسىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە زەردار خوتۇن ئىدى. ئۇ

[1] سومما بىرلىكى.

تىجارەتكە ئېپى بار كىشىلەرنى ياللاپ ئىشلىتەتتى ۋە شېرىك تىجارەتمۇ قىلاتتى، دېمىسىمۇ قۇرەيشلەر ئومۇمىيۈزلۈك تىجارەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان خەلق ئىدى. بۇ ئايال رەسۇلۇللاھنىڭ راستچىل، سەممىمىي، ئاق كۆڭۈل ۋە ئېسىل ئەخلاقلىق كىشى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتتى ۋە: «ئۆزىنىڭ چاكىرى مەيسەرە بىلەن شامغا مال ئاچىقىپ سودا ـ سېتىق قىلىپ كىرسە، ئۇنىڭغا باشقىلارغا بەرگەندىن كۆپرەك ھەق بەرسەم»، دېگەن تەكلىپىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ بۇ ئايالنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ مەيسەرە ئىسىملىك چاكىرى بىلەن نۇرغۇن مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ تىجارەت بىلەن شامغىچە بېرىپ كەلدى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ خەدىچىگە ئۆيلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شام سەپىرىدىن قايتىپ كېلىۋىدى خەدىچە ئەۋەتكەن ماللىرىنىڭ ئالدىنقى قېتىمدىكىلەرگە قارىغاندا ھەم بىخەتەر ھەم پايدىسى كۆپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ ۋە رەسۇلۇللاھقا قېتىپ قويغان چاكىرى مەيسەرەدىن يول بويى رەسۇلۇللاھتىن سەزگەن خۇشخۇي مىجەزلىك، گۈزەل ئەخلاقلىق، پىكرى ئۆتكۈر، گەپ ـ سۆزى ئورۇنلۇق ۋە توغرا يول تاللاشتەك ئالىي جاناپ پەزىلەتلىرى ۋە پەۋقۇلئاددە ئىقتىدار ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، گويا ئۆزىنىڭ ئىزدىگەن بىرى يوقىتىپ قويغان نەرسىسىنى تۇساتتىن تېپىۋالغاندەكلا بولۇپ قالدى ۋە بىر خىل شېرىن ئويى خىيالغا پاتتى، (مەككىدە ئاتاقلىق بايۋەچچىلەر ۋە يۇرت بېشى مۆتىۋەرلەر ئۇزاقتىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن تويلىشىشقا لەۋ چىشلەپ يۈرۈشكەن بولسىمۇ، خەدىچە ئۇلارغا ماقۇل بولماي كەلگەن ئىدى) شۇڭا ئۇ كۆڭلىدىكى بۇ ئويىنى يېقىن دوستى نەفىسە بىنتى مەنيىگە ئېيتتى. نەفىسە كېلىپ رەسۇلۇللاھقا خەدىچە بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش توغرىسىدا گەپ ئاچتى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە تاغىلىرىنى خەۋەرلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىلىرى خەدىچىنىڭ تاغىلىرى يېنىغا بېرىپ خېرىدارلىق قىلدى. ئارقىدىنلا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا بەنى ھاشىم جەمەتى ۋە مۇزەر جەمەتى ئايمىقىنىڭ كاتتىلىرى ھەممىسى قاتناشتى. توي رەسۇلۇللاھ شامدىن قايتىپ كېلىپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەنىدى. رەسۇلۇللاھ يىگىرمە تۆگىنى تويلۇق مەھرىگە ئاتىدى. بۇ چاغدا خەدىچە 40 ياشلار چامىسىدا بولۇپ ئۆز قەۋمى جامائىتىنىڭ ئاياللىرى ئارىسىدا ئېسىل نەسەب، ئىقتىسادىي ئەھۋال ۋە ئەقىل ـ پاراسەت جەھەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان خوتۇن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ تۇنجى نىكاھىغا ئالغان ئايالى بولۇپ قالدى ۋە تاكى خەدىچە ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر خوتۇن ئېلىپ قوش نىكاھلىق بولمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىبراھىمدىن باشقىسى خەدىچىدىن دۇنياغا كەلگەن. خەدىچە ئاۋۋال رەسۇلۇللاھقا قاسىم دېگەن ئوغلىنى تۇغۇپ بەرگەنىدى. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ بالىسىنىڭ ئىسمى بىلەن «ئەبۇلقاسىم» دەپ تەخەللۇس قوللانغان ئىدى) ئاندىن كېيىن، زەينەب، رۇقىيە، ئۇممى كۇلسۇم، فاتىمە ۋە ئابدۇللاھنى

تۇغۇپ بەردى. ئابدۇللاھ «تەييىب» (ئوبدان، بەلەن) ۋە «تاھىر» (پاكىز) دەپ ئاتىلاتتى. ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى كىچىك ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتكەن. ئەمما قىز پەرزەنتلىرى ئىسلام دەۋرىگە مۇشەررەف بولغان ۋە مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە ھىجرەت قىلغان، ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا ئالەمدىن كېتىپ قالدى، پەقەت فاتىمىلا رەسۇلۇللاھتىن قېلىپ ئالتە ئايدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى.

## كەئبىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە ياراشتۇرۇش مەسىلىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 35 ياشقا كىرگەن يىلى قۇرەيشلەر كەئبىنى يېڭىلاپ سالماقچى بولدى. چۈنكى ئۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تارتىپ ئۈستى ئوچۇق، ئادەم بويىدىن ئېگىزرەك، تەخمىنەن توققۇز گەز ئېگىزلىكتە قوپۇرۇپ قويۇلغان بولغاچقا، كۆپ قېتىم ئوغرى-يالغانلار ئۇنىڭ ئىچىدىكى مال-مۈلۈكلەرگە سوغۇق قول تەگكۈزۈش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە كەئبە قەدىمىي قورۇلۇش بولغاچقا، كەلكۈن ۋە بوران-چاپقۇن قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ھەر جەھەتتىن كونىراپ، تاملىرى چاك كېتىشكە باشلىغان، بولۇپمۇ مۇشۇ يىلى (رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولۇشتىن بەش يىل ئىلگىرى) مەككىدە چوڭ كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، كەلكۈن كەئبىگە ئۇدۇل كېلىپ ئۇسكەن بولغاچقا، كەئبە يېقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. شۇڭا قۇرەيشلەر كەئبىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى يېڭىلاپ سېلىشقا بەل باغلىدى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىغا ھالال يول بىلەن تاپقان ماللارنى سەرپ قىلىش، زىنا، ھارام، جازانە خورلۇق ۋە كىشىلەرگە زۇلۇم سېلىش يولى بىلەن قولغا كەلگەن ماللارنى قەتئىي يېقىن كەلتۈرمەسلىككە كېلىشتى. ئۇلار كەئبىنى يىقىشتىن ئەيمىنىپ، ھېچكىم ئاۋۋال قول تەگكۈزۈشكە ئۇنىمىدى. ئاخىرى بولماي بەنى مەخزۇم جەمەتىدىن ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە دەسلەپ قىلىپ يىقىشنى باشلاپ بەردى. ئاندىن ئۇنىڭ غەيرى ئەھۋالغا يولۇقمىغانلىقىنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ يىقىشقا كىرىشتى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار كەئبىنى ئاخىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇتقان ھۇلغىچە يىقتى، ئاندىن قۇرۇلۇشقا تۇتۇش قىلىپ، كەئبە تاملىرىنى بۆلۈشۈپ قەبىلىلەر ئارا ئايرىۋېلىشتى. نەتىجىدە ھەر بىر قەبىلە ئايرىم-ئايرىم تاش يىغىپ قۇرۇلۇش قىلىشقا كىرىشتى. قۇرۇلۇشنىڭ تېخنىك ئىشلىرىنى رۇملۇق «باقۇم» ئىسىملىك بىر قۇرۇلۇشچى باشقۇردى، قۇرۇلۇشنىڭ تېمى كۆتۈرۈلۈپ «ھەجەرۇلئەسۋەد»نىڭ ئورنىغا چىققۇدى ئۇلار «ھەجەرۇلئەسۋەد»نى ئۆز ئورنىغا ئېلىپ قويۇش شەرىپىنى تالىشىپ ئىختىلاپلىشىپ قالدى، تالاش-تارتىش تۆت كۈن داۋاملىشىپ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ھەتتا قانلىق توقۇنۇشقا ئايلىنىپ ھەرەم زېمىنىنى بۇلغىغىلى تاسلا قالدى، بىراق مەخزۇم جەمەتىدىن ئەبۇ ئۇمەييە ئىبنى مۇغىيرە ئۇلار ئىختىلاپلىشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە: «ھازىر مۇشۇ ھالەتتە مەسجىد دەرۋازىسىدىن كىم بىرىنچى بولۇپ كىرسە، ئاشۇ ئايرىپ قويسا قانداق؟» دېگەن تەكلىپنى ئېيتىۋىدى، بۇنىڭغا ھەممەيلەن قوشۇلدى. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى شۇنداق بولسا كېرەك،

مەسجىد دەرۋازىسىدىن تۇنجى بولۇپ كىرىدىغان كىشىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇپ قېلىشىنى كىممۇ بىلسۇن؟! ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ: «بۇ دېگەن ئەمىن (ئىشەنچىلىك، راستچىل دېگەن مەنىدە، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شۇنداق ئاتىۋېلىشقان ئىدى)، ئۇنىڭغا بىز رازى، ... ھوي مۇھەممەد كەلدى»، دەپ توۋلىشىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن بىر دانە «رىدا» (ئەرەبلەرنىڭ تاش كىيىمى)نى تاپتى ـ دە، «ھەجەرۇلئەسۋەد»نى ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى، ئاندىن تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتقان قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىنى رىدانىڭ ئەتراپىنى تۇتقۇزۇپ كۆتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئۇلار ناھايىتى رازىمەنلىك ئىلكىدە «ھەجەرۇلئەسۋەد»نى ئەسلى ئورنىغا ئاپاردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ھازىرقى جايىغا ئېلىپ قويدى. مۇشۇنداق قىلىپ مەسىلە جامائەتچىلىكنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ھەل بولدى.

قۇرۇلۇش داۋامىدا قۇرەيشلەر توپلىغان پاكىز مەبلەغ كەملەپ قالغاچقا، ئۇلار كەئبىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ئالتە گەزدەك يەرنى تامنىڭ سىرتىدا تاشلاپ قويۇشتى (بۇ يەر ھىجرى ‹توساق› ۋە ھەتىم ‹سوقما تام› دەپ ئاتالدى) ۋە كىشىلەرنىڭ خالىغانچە كىرىپ چىقىپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن كەئبە بىناسىنىڭ دەرۋازىسىنى يەردىن ئۈستىن قىلىپ ئورنىتىشتى ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئېگىزلىكى 15 گەزگە يېتىۋىدى، ئىچىگە ئالتە تۈۋرۈك ئورنىتىپ ئۈستىنى ياپتى. شۇنىڭ بىلەن كەئبە تەخمىنەن 15 گەز ئېگىزلىكتە تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە پۈتۈپ چىقتى. «ھەجەرۇلئەسۋەد» ئورۇنلاشتۇرۇلغان تام بىلەن ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكى تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىردىن بولدى. «ھەجەرۇلئەسۋەد» تاۋاپگاھ زېمىنىدىن بىر مېتىر 50 سانتىمېتىر ئېگىزگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە دەرۋازا ئورنىتىلغان تام بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىكى تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 مېتىردىن پۈتۈپ چىقتى. دەرۋازا يەر يۈزىدىن ئىككى مېتىر ئېگىزلىككە بېكىتىلدى، بىنانىڭ سىرتىدىن تۆۋەنكى تەرىپىنى ئېگىزلىكى 25 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىنا ھۇلى پەشتىقى ئوراپ تۇردى، بۇ جاي ھازىر «شازىرۋان» (يەنى پەنجىرە) دەپ ئاتىلىدۇ، بۇمۇ ھەم بەيتۇللاھنىڭ ئەسلى ھۇلى ئىدى. لېكىن، قۇرەيشلەر ئۇ يەرنى تاشلاپ قويۇپ بىنا تېمىنى نېپىزرەك قىلىپ ئىشلىگەن.

## رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى ھاياتىدىن ئومۇمىي خولاسە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىكىدىنلا ئىنسانلاردا بولىدىغان ئالاھىدە ياخشى پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەنىدى. ئۇ پىكرىنىڭ ئۆتكۈرلىكى ۋە نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىلىكى. ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تەپەككۇرىنىڭ توغرىلىقى ۋە تەدبىرىنىڭ دانالىقى بىلەن ھەممە جەھەتلەردە ئۈلگە بولۇشقا ئەرزىيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ جىمغۇر، كەم سۆز كەيپىياتىنى، پىكىر قىلىش، خىيال سۈرۈش، تەپەككۇرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە مەۋجۇدىيەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تەھقىقلەشكە ئىشلىتەتتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ پەم ـ پاراستى ۋە ئوچۇق يورۇق تەبىئىتى بىلەن ھايات

سەھىپىلىرىنى ۋە ئاۋام خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ساغلام بولمىغان يامان ئادەتلىرىدىن قول ئۈزگەنىدى ۋە ياكى ۋە ئۆزىنى تارتقانىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئاساستا ئەل جامائەتچىلىك بىلەن ئارىلىشىپ، ياخشى ئىش، ياخشى پائالىيەت بولسا ئاكتىپ قاتنىشاتتى. بولمىسا ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇق قورغىنىغا قايتىپ كىرىپ يامان، ئەخلاقسىز ئىشلاردىن مۇداپىئەلىنەتتى. شۇڭا ئۇ ھاراق ئىچمەيتتى، بۇتلارغا ئاتاپ زەبھى قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەيتتى، بۇت ھەيكەللەر ئۈچۈن ئۆيۈشتۈرۈلغان ھېيت ـ بايرام ۋە مۇراسىملارغا قاتناشمايتتى، بەلكى ئۇ كىچىكىدىنلا بۇ يالغان ئىلاھلاردىن نەپرەتلىنەتتى، ھەتتا ئۇنىڭغا مۇشۇ بۇتلاردىنمۇ ئۆچ كۆرۈنىدىغان بىرەر شەيئى يوقتەك قىلاتتى، ھەتتا ئۇنىڭ «لات»، «ئۇززا»نىڭ نامى بىلەن قىلىنغان قەسەملەرنى ئاڭلاپ قېلىشقىمۇ رازىلىقى يوق ئىدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، تەقدىر ئىلاھىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئىنايىتى ۋە مۇھاپىزىتىدە ساقلىغانىدى. مۇبادا نەفسى ئەممارە (يامانلىققا باشلىغۇچى نەفس)نىڭ خاھىشلىرى، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ بىر قىسىم ھوزۇر ـ ھالاۋەتلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈشكە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بەزى ناچار ئادەتلەرنى چىرايلىق كۆرسەتسە، راۋا كۆرۈپ قالغىلى مايىل بولسا بىردىنلا ئاللاھنىڭ ئىنايىتى (ئاللاھنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ مۇھاپىزەت قىلىشى) ئارىلىشىپ رەسۇلۇللاھنى ئۇنداق نامۇۋاپىق ئىشلاردىن توسۇپ قالاتتى. ئىبنى ئەسىرنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئۆمرۈمدە پەقەت ئىككى قېتىملا جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ناتوغرا پائالىيىتىگە قاتناشماقچى بولغانىدىم. لېكىن، ئىككىلا قېتىمدا ئاللاھ مېنىڭ مەقسىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرمىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنداق ئىشلارنى كۆڭلۈمگە كەلتۈرمىدىم. ئاخىرى ئاللاھ مېنى ئۆز ئەلچىلىكى بىلەن ھۆرمەتلىدى. بىر كېچىسى مەككىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە مەن بىلەن بىللە قوي باقىدىغان قويچى بالىغا: «مېنىڭ قويۇمغا قاراپ قويساڭ، مەن مەككىگە كىرىپ ياشلار بىلەن كېچىلىك ئويۇن ـ بەزمىدىن بەھىر ئېلىپ چىققان بولسام»، دېۋىدىم، ئۇ: «شۇنداق قىلاي»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن مەككىگە قاراپ يول ئالدىم ۋە مەككىگە كىرىشىمگىلا كوچىنىڭ بېشىدىكى بىرىنچى ئۆيدىن نەغمە ـ ناۋانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى: «بۇ نېمە گەپ؟» دەپ سورىسام ئۇلار: «پالانى پۇستانىغا ئۆيلۈنۈپتۇ، شۇلارنىڭ توي كېچىلىكى»، دېيىشتى. شۇ چاغدا مېنىڭ «مۇزىكا ئاڭلاي»، دەپ ئولتۇرغىنىم ئېسىمدە، لېكىن ئاللاھ ئۇنى ماڭا ئاڭلاتماپتۇ. مەن ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئەتىسى قۇياشنىڭ تەپتى ئۇستىمگە چۈشكەندە ئاندىن ئويغىنىپ تاغقا قايتتىم. قويچى ھەمراھىم سورىۋىدى، بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردىم. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر كېچىسىمۇ ھېلىقى ھەمراھىمغا يەنە تاپىلاپ قويۇپ، مەككىگە كىردىم. بۇ كېچىسىمۇ ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاش يەنە ئۇخلاپ قاپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ناتوغرا ئىشلارنى ئىرادە قىلمىدىم»، دېگەن.

ئىمام بۇخارى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى، كەئبە قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئابباس بىلەن جىددىي تاش توشۇۋاتاتتى. ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئۇچاڭدىكى يېپىنچاڭنى مۈرەڭگە قويۇۋالساڭ، تاش ئاغرىتمايتتى»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر

ئەلەيھسسالام ئاباسىنىڭ دىگىنىدەك قىلىۋىدى، شۇئان ھۇشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى ۋە كۆزلىرى ئاسمان تەرەپكە چەكچىيىپ ھالىدىن كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ھۇشىغا كېلىپ: «يىپپىنچام!! يىپپىنچام!!» دەپ كىيىمىنى بىلىگە تاڭدى. يەنە بىر رىۋايەتتە، شۇنىڭدىن باشقا ھىچ قانداق ئورۇندا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالغان ئەمەس، دىيىلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قەۋمى جامائىتى ئىچىدە خۇش پىئىللىقى، ئەخلاق پەزىلىتى ۋە ئېسىل ئادەتلىرى بىلەن تونۇلغانىدى. ئۇ ئادەمگەرچىلىكى ياخشى، ئەخلاقى گۈزەل، قوشنىدارچىلىقى بەلەن، مىجەزى يېقىملىق، تىلى تاتلىق، كۆڭلى تۈز، تەبىئىتى مۇلايىم، ئىپپەت ـ نومۇسلۇق، كەڭ قول، ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىشقا ئامراق، ئەھدىسىدە تۇرىدىغان، ئامانەتكە ۋاپا قىلىدىغان كاتتا زات ئىدى. ھەتتا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىكى ياخشى ئادەتلىرىنى ۋە رازى بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتلىرىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ئۇنى «ئەمىن» (ئىشەنچىگە يارايدىغان)، دەپ ئاتىۋېلىشقان ئىدى. قىسقىسى رەسۇلۇللاھ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتقاندەك ئېغىرچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەتتى، يوقسۇللارغا ياردەم قىلاتتى، مېھماننى ياخشى كۈتەتتى ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنىڭ ھەققىنى ئېلىشىپ بېرەتتى.

## پەيغەمبەرلىك سايىسىدا

### ھىرا ئۆڭكۈرى

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يېشى 40 قا يېقىنلاشقانسىرى، ئۇنىڭ ئۆتكەنكى تەئەممۇلات (ئوي ـ پىكىر)لىرى ئۇنىڭ بىلەن قەۋمى ئۆتتۇرىسىدىكى مەنىۋي ھاڭنى چوڭقايتىۋەتكەنىدى، ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە كۆپ ھاللاردا يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ سۇ ۋە تالقان قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ مەككىدىن ئىككى مىل (تەخمىنەن ئۈچ كىلومىتىر) يىراقلىقتىكى نۇر تېغىغا جايلاشقان ھىرا ئۆڭكۈرى[1]گە چىقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ ئۇنىڭغا يېقىن بىر يەردە تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ ھېلىقى ئۆڭكۈردە رامىزان ئېيىدا بىر ئاي تۇرۇپ ئۆتكەن ـ كەچكەن ئاجىز مىسكىنلەرگە ئاش ـ تاماق بېرىش، ئىستىقامەت قىلىش ۋە ئەتراپىدىكى كائىناتنىڭ
دەلىل ـ پاكىتلىرىغا ۋە كائىنات ئارقىسىدىكى ياراتقۇچىنىڭ زور كۈچ قۇدرىتىگە تەپەككۇر يۈرگۈزۈش بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزەتتى. ۋەھالەنكى، ئۇ ئۆز قەۋمىنىڭ تۇراقسىز شېرىك ئەقىدىسىدىن ۋە ئۆمۈچۈك تورى كەبى تەسەۋۋۇرلىرىدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭمۇ ئۆزى ئىشەنچ قىلالىغۇدەك ۋە رازى بولغۇدەك ئېنىق نىشانى، مۇقىم پىلانى ۋە تۇتۇپ ماڭىدىغان توغرا يولى يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بۇنداق يالغۇزلۇقنى ئىختىيار قىلىپ قىلىشىمۇ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇپ، بۇ ئۇنى كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن ئىدى. بۇنداق چوڭ

[1] ئۇ ئۇزۇنلۇقى تۆت گەز، كەڭلىكى بىر گەز كېلىدىغان ئادەتتىكى بىر ئۆڭكۈر ئىدى.

ئىشنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈمىد قىلىنىۋاتقان ھەر قانداق بىر روھ ئىگىسى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەسىر كۆرسىتەلىشى ۋە ئۇ جەمئىيەتنىڭ تەتۈر ئېقىمىنى باشقا ياققا بۇرىيالىشى لازىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ روھ ئىگىسى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ يالغۇز تۇرۇشى ۋە ھاياتلىق مەشغۇلاتلىرىدىن ۋە تۇرمۇشنىڭ بىسىمىدىن، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى پۈتۈنلەي چىرمىۋالغان پارچە ـ پۇرات غەم ـ غۇسسىلەردىن ئايرىلىپ تۇرۇپ، مەلۇم ۋاقىتنى پىكىر ـ تەپەككۇر بىلەن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى.

جانابى ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاشۇ ئۇلۇغ ئامانەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان، يەر شارى ۋەزىيىتىنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە لايىق ئۆزگەرتىشكە قابىل ئىستىبداتلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن مانا شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

ئاللاھ ئۇنىڭغا بۇ خىلۋەت خۇمارلىقنى پەيغەمبەرلىككە تەكلىپ قىلىشتىن ئۈچ يىل ئىلگىرىسىدىن باشلاپ سالغانىدى. ئۇ بۇ بىر ئايلىق يالغۇزلۇق ھالىتىدە مەۋجۇدىيەت روھى بىلەن ئەركىن ئازادە پەرۋاز قىلىپ، ئاللاھ ئىزنى قىلسا ئاشۇ غەيبى ئالەم بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىش ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، مۇشۇ دۇنيانىڭ كەينىدىكى غايىب ئالەم ھەققىدە كەڭ كۆشادە تەپەككۇر ـ مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى.

## جىبرئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھى ئېلىپ كېلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشى 40 قا توشۇۋىدى، ( 40 ياش ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ راسا تاكامۇللاشقان دەۋرى بولۇپ، ئېيتىلىشىچە، پەيغەمبەرلەر مۇشۇ ياشلاردا پەيغەمبەرلىككە ئەۋەتىلىدىكەن) پەيغەمبەرلىك ئالدىن بېشارەتلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ھايات سەھىپىلىرىنىڭ ھەر قايسى بەتلىرىدە غىل ـ پال كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى ۋە بۇ بېشارەتلەر ئاۋال راست چۈشلەردىن باشلاندى. شۇڭا ئۇ چۈش كۆرسىلا گويا تاڭ نۇرىدەك روشەن، ئېنىق كۆرەتتى. بۇ ھالەت ئالتە ئايدەك داۋاملاشتى (پەيغەمبەرلىكنىڭ مۇددىتى جەمئىي 23 يىل بولدى، بۇ راست چۈشمۇ ئاشۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 قىسمىنىڭ بىرى ئىدى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ھىرا ئۆڭكۈرىدە خىلۋەتتە تۇرۇۋاتقان مەزگىلىنىڭ ئۈچىنچى يىلى رامىزان ئېيىدا ئاللاھ يەر شارى ئاھالىسىنى ئۆز رەھمىتى بىلەن تارتۇقلاشنى ئىرادە قىلدى چېغى، ئۇ رەسۇلۇللاھقا پەيغەمبەرلىكنى ۋەھيى قىلدى ۋە جىبرئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۇنىڭغا قۇرئاندىن بىر قانچە ئايەتنى نازىل قىلدى.

## ۋەھىينىڭ باشلىنىشىغا ئائىت ئەھۋاللار

مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا نەزەر سېلىپ كۆرگىنىمىزدە، بۇ ۋاقىتنى رامىزاننىڭ 21 ـ كۈنى دۈشەنبە كېچە ئىدى، دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. بۇ مىلادىيە 601 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشى شۇ ۋاقىتتا

قەمەرىيە كالىندارى بويىچە 40 ياشقا توشۇپ ئالتە ئاي 12 كۈن ئاشقانىدى. شەمسىيە كالىندارى بويىچە 39 ياشتىن 3 ئاي 12 كۈن ئاشقان بولىدۇ.

بىز ئائىشە سىددىق (راستچىل) (رەزىيەللاھۇ ئەنھا)نىڭ سۆزىگە قۇلاق سالايلى، ئۇ بىزگە كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇ-زۇلمەتلىرىنى يېرىپ ئاخىرى ھاياتلىق يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكەن ۋە تارىخىي سىزىقىنى رۇسلىغان ئىلاھىي نۇرنىڭ شولىسى ئاشۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى ئەڭ دەسلەپتە راست چۈشلەر بىلەن باشلاندى، ئۇ چۈش كۆرسىلا تاڭ نۇرىدەك ئوچۇق، روشەن كۆرەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھىرا ئۆڭكۈرىدە ئائىلىسىگە قايتماي، نەچچە كۈن-نەچچە كۈن ئىستىقامەتتە بولاتتى. ئاندىن خەدىچىنىڭ يېنىغا قايتىپ يەنە ئالدىنقىغا ئوخشاش ئوزۇق-تۈلۈك راسلاپ چىقاتتى. ئاخىرى بىر كۈنى ئۇنىڭغا ھەق پەرمانى كەلدى. ئۇ بۇ چاغدا ئاشۇ ھىرا ئۆڭكۈرىدە يەنىلا خىلۋەتتە ئىستىقامەت قىلىۋاتاتتى. شۇئان رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا بىر پەرىشتە پەيدا بولۇپ: ‹ئوقۇ!›، دېدى. رەسۇلۇللاھ: ‹مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن›، دېدىم دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى پەرىشتە مېنى قاتتىق سىقتى، ھەتتا چارچاپ كەتتىم. ئاندىن قويۇۋېتىپ: ‹ئوقۇ!›، دېدى. مەن: ‹ئوقۇشنى بىلمەيمەن›، دېدىم. پەرىشتە يەنە ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم قاتتىق سىقىپ قويۇۋەتكەندىن كېيىن: ‹ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى ئۇيۇل قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى»، دېدى (‹قۇرئان كەرىم› سۈرە ئەلەق 1 — 5-ئايەتلەر). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قورقىنىدىن يۈرىكى پۇلاڭلىغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ خەدىچىگە: ‹مېنى يۆگەپ قويۇڭلار!›، ‹مېنى يۆگەپ قويۇڭلار!›، دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يۆگەپ قويۇشتى. بىر چاغدىن كېيىن ئۇنىڭ قورقۇنچىسى بېسىقىپ، يۈرىكى پەسىيىۋىدى، خەدىچىگە ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپ: ‹ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ مەن ئۆزۈمدىن قورقۇپ قالدىم›، دېدى. خەدىچە: ‹يوقسۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ سېنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ، چۈنكى سەن خىش-ئەقرىبالارغا سىلە رەھىم قىلىسەن، ئاجىز بىچارىلەرگە ياردەم قىلىسەن، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتىسەن، ھەق ئۈچۈن ياردەم قىلىسەن›، دېدى، ئاندىن ئۇنى ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنى (تاغىسىنىڭ ئوغلى) ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلنىڭ قېشىغا باشلاپ باردى. ۋەرەقە جاھىلىيەت زامانىدا خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان كىشى بولۇپ ئۇ ئىبران يېزىقىنى بىلەتتى، ئىنجىلدىن ئىبرانچە كۆپ نەرسىلەرنى يېزىپ خاتىرە قالدۇراتتى، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇ ياشىنىپ قالغان بولغاچقا، ئىككى كۆزىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغانىدى. خەدىچە ئۇنىڭغا: ‹ھەي تاغامنىڭ ئوغلى! قېرىندىشىڭىزنىڭ ئوغلىغا (يەنى مۇھەممەد ‹ئەلەيھىسسالام› سۆزى) قۇلاق سېلىڭ›، دېدى. ۋەرەقە: ‹نېمە بولدى، ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى!› دەپ رەسۇلۇللاھتىن سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، ۋەرەقە ئۇنىڭغا: ‹ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان شەرىئەت دەل مۇشۇ، كاشكى مەن ياش نەۋقىران بولسامچۇ! قەۋمىڭ سېنى قوغلاپ چىقارغاندا، مەن ھايات بولسامچۇ؟›

دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئۇلار مېنى قوغلاپ چىقىرارمۇ؟› دېۋىدى، ۋەرەقە: ‹ھەئە، پەيغەمبەر بولغان ئادەم دۈشمەنلىك بولىدۇ، ئەگەر مەن سېنىڭ ئاشۇ كۈنلىرىڭگىچە ياشىسام، ساڭا كۈچۈمنىڭ بارىچە ياردەم قىلغان بولاتتىم›، دېدى. ئاندىن ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەرەقە ئالەمدىن ئۆتتى ۋە ۋەھيىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى».

ئىمام تەبەرى ۋە ئىبنى ھىشام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي تۇيۇقسىز كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ غاردىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئاندىن يەنە قايتىپ غاردا ئىستىقامەتتىنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى، شۇنىڭدىن خېلى كېيىن مەككىگە قايتقانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. تۆۋەندىكى ئۇنىڭ رىۋايىتىنىڭ تولۇق تېكىستىدۇر:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيي نازىل بولغانلىقىنى زىكرى قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتى ئىچىدە ماڭا مەجنۇن ۋە شائىرلاردىن باشقا ئۆچ ئادىمىم قالمىدى. ھەتتا شائىر ۋە مەجنۇن دېگەنلەرنى كۆرمىسەم، دەيتتىم».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى: «مەن كۆڭلۈمدە، مېنىڭ شائىر ياكى مەجنۇن بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن ئەمەس، ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسامچۇ؟! قۇرەيشلەر بۇنى مەڭگۈ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆتۈرۈپ يۈرۈشىدۇ. بۇ چاغدا مەن ئېگىز تاغلارغا چىقىپ ئۆزۈمنى ئېتىپ ئۆلتۈۋالىمەن ـ دە، ئاندىن مەڭگۈ راھەت ئالىمەن، دەيتتىم. مەن شۇنداق قىلماقچى بولۇپ، نەچچە قېتىم تاغقا چىقتىم، ھەتتا تاغنىڭ يېرىمىغا چىقىپ بولغىنىمدا ئاسماندىن: ‹ئى مۇھەممەد! سەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!!! مەن جىبرىئىل!!!› دېگەن سادانى ئاڭلىدىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، جىبرىئىل ئىككى قەدىمىنى ئاسماننىڭ قەئرىدە ئىختىيارى قويغان ھالدا: ‹ئى مۇھەممەد! سەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، مەن جىبرىئىل›، دېگىنىچە تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا قاراپ جىم قېتىپ قالدىم. ئويلىغانلىرىم دىلىمدىن ئۆچتى، يا ئالدىمغا، يا ئارقامغا يانالمىدىم. يۈزۈمنى قايسى ياققا بۇرىسام، ئاشۇ ھالەت كۆرۈندى. مەن يا ئالدىمغا، يا ئارقامغا يانالماي شۇ پېتىم تۇرۇۋېرىپتىمەن، ھەتتا خەدىچە مېنى ئىزلەپ ئادەم ئەۋەتىپ، مەككىنى قېزىۋېتىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن ئاشۇ ئەھۋاللار غايىب بولدى. مەنمۇ ئۆيگە قايتىپ، بېرىپ خەدىچىنىڭ باغرىغا بېشىمنى قويۇپ ياتتىم. ئۇ ماڭا: ‹ئەبۇلقاسىم! نەلەردە يۈردىڭىز، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىزنى كۆپ ئىزدەپ كەتتىم. باللار سىزنى مەككىگە كىرىپ تاپالماي چىقتى›، دېدى. مەن ئۇنىڭغا كۆرگەنلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. خەدىچە ماڭا: ‹خۇش بولۇڭ،ئى تاغامنىڭ ئوغلى! سابىت بەرقەدەم بولۇڭ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىزنى مۇشۇ ئۇممەتنىڭ پەيغەمبىرى بولارسىزمىكى، دەيمەن›، دېدى. ئاندىن بېرىپ ۋەرەقەگە ئەھۋالنى يەنە ئېيتتى. ۋەرەقە: ‹كاتتا ئىش بولۇپتۇ، ناھايىتى كاتتا ئىش بوپتۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭغا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئۇلۇغ شەرىئەت كەپتۇ. ئۇ چوقۇم مۇشۇ ئۇممەتنىڭ پەيغەمبىرى بولغۇدەك، سىز ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، خاتىرجەم بولسۇن›، دەپتۇ. خەدىچە قايتىپ كېلىپ، ماڭا ۋەرەقەنىڭ ئېيتقانلىرىنى سۆزلەپ بەردى».

بۇ قېتىم رەسۇلۇللاھ ھېلىقى غاردىكى ئىستىقامىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ مەككىگە قايتىپ كېلىۋىدى، ئۇنى ۋەرەقە ئىزلەپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىدىن بەزى ئەھۋاللارنى

ئاڭلاپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىز چوقۇم مۇشۇ ئۈممەتنىڭ پەيغەمبىرى بولغۇدەكسىز، سىزگە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن شەرىئەت كەپتۇ»، دېدى.

## ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى

ئىبنى سەئەد ئابدۇللا ئىبنى ئابباس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)تىن ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغان ۋاقتىنىڭ پەقەت بىر قانچە كۈنلا داۋاملاشقانلىقىنى نەقىل قىلىدۇ. ھەر قايسى تەرەپلەرگە نەزەر سالغىنىمىزدىمۇ مۇشۇ قاراشنىڭ توغرا ھەم ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەمما، ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ئۈچ يىل ياكى ئىككى يېرىم يىل داۋاملاشقان دېگەن سۆزلەرنىڭ ھېچقانداق بىر دەلىل ـ ئاساسى يوق. بىز بۇ يەردە ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپمۇ ئولتۇرمايمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيي ئۈزۈلۈپ قالغان مەزگىللەردە قاتتىق بىئاراملىق ۋە غەم ئەندىشە ھېس قىلاتتى. ئۇنى ھەر تەرەپتىن ھەيرانلىق ۋە قورقۇنچ باساتتى.

ئىمام بۇخارى كىتابۇتتەئبىر دېگەن بابتا تۆۋەندىكىدەك رىۋايەت قىلغان: «ۋەھيي بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالدى، (ئۇقۇشمىزچە) بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق تىت ـ تىت بولۇپ، نەچچە قېتىم تاغ چوققىسىدىن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن تاغنىڭ قىيا چوققىلىرىغا يېتىپ بارغان، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيدا بولۇپ: «ئى مۇھەممەد! سەن ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى»، دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلى تەسكىن تېپىپ، كۆڭلى ئارامغا چۈشەتتى ـ دە يەنە قايتىپ كېلەتتى. ۋەھيي پات كەلمىگەنسېرى ئۇ يەنە قايغۇ ئەلەمگە پېتىپ، ئالدىنقىدەك قارارغا كېلىپ يولغا چىقاتتى، ھەتتا تاغ چوققىسىغا يېتىپ بارغاندا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام يەنە پەيدا بولۇپ، ھېلىقى سۆزىنى تەكرارلايتتى.

## ۋەھيىنىڭ قايتا ئەسلىگە كېلىشى

ئىبنى ھەجەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ (يەنى ۋەھيىنىڭ بىر قانچە كۈن ئۈزۈلۈپ قېلىشى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا ۋەھيي نازىل بولغان تۇيۇقسىز پەيدا بولغان قورقۇنچنى يوقىتىش ۋە ۋەھيىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى سېغىندۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېڭىدىن تېڭىرقاش قارا تۇمانلىرى ئاستا ـ ئاستا زايىل بولۇپ، ھەقىقەت داغدام يوللىرى روشەن، ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز بۈيۈك ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىگە ئاسمان خەۋىرىنى يەتكۈزىدىغان پەرىشتىنىڭ ۋەھيي ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەھيىنى سېغىنىشى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇشۇ يولدا دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارغا قارىتا سابىت بەرقەدەملىك تۇيغۇسى ۋە مۇستەھكەم ئىرادە تىكلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم ۋەھيي ئېلىپ كەلدى. ئىمام بۇخارى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيي ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى رىۋايەت قىلدى (ئۇ مۇنداق دېدى): « بىر چاغدا مەن كوچىدا كېتىۋاتاتتىم. ئاسمان تەرەپتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بېشىمنى شۇنداق كۆتۈرۈپ قارىسام، ھېلىقى ھىرا غارىدا كەلگەن پەرىشتە ھاۋا بوشلۇقىدا چوڭ بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتۇ، مەن ئۇنىڭدىن قاتتىق قورقۇپ، يەرگە يىقىلدىم ۋە ئۆيگە قانداق كەلگەنلىكىمنى بىلمەيمەن، كېلىپلا: ‹مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! مېنى يۆگەپ قويۇڭلار!» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىكىلەر مېنى يۆگەپ قويۇشتى. بۇ چاغدا ئاللاھ تائالا « مۇددەسسىر» سۈرىسىدىن تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: (يايها المدثر قم فانذر وربك فكبّر وثيابك فطهر والرّجز فاهجر ولا تمنن تستكثر ) «ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) تۇر! (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا. كىيىمىڭنى پاك تۇت. ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول ». شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ۋەھيي ئارقىمۇئارقا ئۈزۈلمەي نازىل بولۇشقا باشلىدى.

## ۋەھيي تۈرلىرى ھەققىدە چۈشەنچە

بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىك ھاياتىنىڭ تەپسىلاتىغا تۇتۇش قىلىشتىن ئاۋۋال ئاشۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ مەنبىئى ۋە ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئەسلى خېمىر تۇرۇچى بولغان ۋەھيىنىڭ تۈرلىرىنى تونۇۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئىبنى قەييۇم ۋەھيي تۈرلىرىنى دەرىجىگە ئايرىپ مۇنداق دېگەن:

1. راست چۈش[①]. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى بولغانىدى.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى ھەدىستە: « روھۇلئەمىين (جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) مېنىڭ قەلبىمگە ھەر قانداق بىر نەپسى (جان ئىگىسى) ئۆز رىزقىنى يەپ بولمىغۇچە، ھەرگىز ئۆلمەيدىغانلىقىنى ئىلقا (تاشلاش) قىلدى، شۇڭا سىلەر تەقۋادارلىقنى لازىم تۇتۇڭلار، رىزقى تەلەپ قىلىشتا توغرا يول تاللاڭلار، رىزقىنىڭ كېچىكىپ كېلىشى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ رىزقى ئىزلەشكە ئېلىپ بارمىسۇن، ئاللاھنىڭ نازۇ-نېمەتلىرىگە پەقەت ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ» دېگىنىگە ئوخشاش رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىگە پەرىشتىنىڭ ۋەھيىنى ئىلقا قىلىشى (تاشلىشى)دۇر. ئەمما، رەسۇلۇللاھ ئۇ پەرىشتىنى كۆزى بىلەن كۆرمەيتتى.

3. پەرىشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئادەم سۈرىتىدە كېلىپ، يۈز تۇرانە سۆزلەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئەستە قالدۇرۇۋالاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇنى ساھابىلەرمۇ كۆرەلەيتتى.

4. بەزىدە ۋەھيي قوڭغۇراق ئاۋازىدەك جاراڭلىق كېلەتتى. بۇ خىلدىكى ۋەھيىنىڭ بېسىمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەتەن ئەڭ ئېغىر بولۇپ، ۋەھيي پەرىشتىسى ئاشۇ ئاۋاز بىلەن بىرگە كېلەتتى، ھەتتا قەھرىتان سوغۇق كۈنلەردىمۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ

---

① سەھىھۇلبۇخارىدا: « رەسۇلۇللاھقا ۋەھيي ئەڭ دەسلەپ راست چۈش بىلەن باشلانغان »، دېيىلگەن.

پىشانىلىرىدىن چاپ-چاپ تەرلەر ئېقىپ چۈشەتتى ناۋادا رەسۇلۇللاھ ئۇلاغ ئۈستىدە بولسا، ئۇلاغ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالاتتى. بىر قېتىم رەسۇلۇللاھقا مۇشۇ تەرىقىدە ۋەھيي نازىل بولغانىدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ پۇتىنى زەيد ئىبنى سابىتنىڭ پۇتىغا قويۇپ ئولتۇرۇقلۇق ئىدى. شۇئان رەسۇلۇللاھنىڭ پۇتى قاتتىق ئېغىر بېسىپ، زەيدنىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇۋەتكىلى تاسلا قالدى.

5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيي بىلەن نازىل بولغان ھېلىقى پەرىشتىنى ئەسلى قىياپىتىدە كۆرەتتى پەرىشتە ئۇنىڭغا ئاللاھ خالىغان ۋەھيىلەرنى يەتكۈزەتتى. بۇ خىلدىكى ۋەھيي سۈرە نەجمىدە زىكرى قىلىنغىنىدەك جەمئىي ئىككى قېتىم مۇيەسسەر بولغان.

6. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىئراجغا چىققاندا، يەتتىنچى ئاسماندا ئاللاھ بىۋاستە ئۇنىڭغا ناماز ۋە باشقا ئەمەللەرنى پەرز قىلىپ نازىل قىلغان ۋەھيىسىدۇر.

7. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرگە پەرىشتىنى ۋاستە قىلماستىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆزلىگەندەك بىۋاستە سۆز قىلىشى. بۇ خىل مەرتىۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇيەسسەر بولغانلىقى «قۇرئان كەرىم»دە نەقىل قىلىنغان، ئەمما پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مەرتىۋىگە مۇشەررەف بولغانلىقى ئىسرا[①] ھەدىسى بىلەن سابىتتۇر.

يەنە بەزى ئالىملار ۋەھيىنىڭ سەككىزىنچى بىر خىلى بار. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرگە ھىجاپسىز ھالدا يۈزمۇ-يۈز ۋەھيي قىلىشىدۇر»، دېيىشتى. بۇ ئەھلى سەلەف (بۇرۇنقى) ئۆلىمالار بىلەن ئەھلى خەلەف (كېيىنكى ئۆلىمالار) ئارىسىدىكى ئىختىلاپلىق مەسىلىدۇر. ئەلھەمدۇلىللاھ، ۋەھيىنىڭ بىرىنچى ۋە سەككىزىنچى مەرتىۋىسىنى ئازراق قىسقارتىپ نەقىل قىلىش بىلەن ۋەھيي تۈرلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى ئاياغلاشتى.

## ئىلاھى چاقىرىق ۋە ئۇنىڭ ماددىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ﴿يايها المدثر قم فانذر وربك فكبّر وثيابك فطهر والرّجز فاهجر ولا تمنن تستكثر ﴾ تەرجىمىسى: «ئى (ۋەھيي نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) تۇر! ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا، كىيىمىڭنى پاك تۇت. ئازابتىن (يەنى ئازابقا دۇچار قىلىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول. كۆپ ئېلىش نىيىتىدە بەرمە (يەنى كىشىگە بىرەر نەرسە سوۋغا قىلساڭ، ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئېلىشنى تەمە قىلما)، پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن (قەۋمىڭدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەبرى قىل»، دېگەن مەزمۇندا بىر نەچچە ئىلاھىي چاقىرىقلارنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ چاقىرىقلار گەرچە قارىماققا ئاددىي، يۈزەكىدەك تۇيۇلسىمۇ، ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلغاندا مەنىسى چوڭقۇر، نىشانى ئېنىق، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك، رېئال ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە، دانا بۇيرۇقلاردۇر.

1. ئاگاھلاندۇرۇش. بۇنىڭدىن مەقسەت: «ھاياتلىق ئالىمىدىكى ھەر قانداق بىر شەخسنى ئاللاھ رازى بولمايدىغان يولدا مېڭىۋېرىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ،

---

① ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەپ، غەيبى ئالەمنى زىيارەت قىلىش.

ئۇنىڭ قەلب تارىلىرىنى قورقۇنچ ۋە ئەيمىنىش پەردىلىرى بىلەن تەسىرلىك رەۋىشتە چېكىپ قويۇشتىن ئىبارەت.

2. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلاش . بۇنىڭدىن مەقسەت: « يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ ئەزەمىتى ۋە كاتتا شانۇشەۋكىتىدىن باشقا ھەر قانداق بىر ھاكاۋۇر، ياۋۇز كۈچنى ئېتىراپ قىلماسلىق ۋە جىمى، ‹ئۇلۇغلۇق بۈيۈكلۈك›ئاللاھقىلا مەنسۇپ، دېگەن ئەقىدىنى تۇرغۇزۇش.

3. كىيىمنى پاك تۇتۇش ۋە ئازابقا دۇچار قىلىدىغان ئىشلارنى تاشلاش، بۇنىڭدىن مەقسەت: ئىنسان ئىچى ۋە تېشىنى ئۈزۈل ـ كېسىل پاكلاش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ سايىسى ۋە ھىدايىتىنىڭ نۇرى ئاستىدا ياشىغانىكەن، مۇمكىن قەدەر بارلىق سەلبىي ئىشلاردىن ۋە ئادەمنىڭ روھىغا داغ كەلتۈرىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولغىلى بولىدۇ، بۇ چاغدا ساغلام قەلب ئىگىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ. گۇمران رەزگى دىللارمۇ ئۇنىڭ ھەيۋىتىنى ۋە ئالىي جاناپ پەزىلىتىنى ھېس قىلالايدۇ. نەتىجىدە پۈتۈن دۇنيا ئىختىيارى ياكى مەجبۇرىيي ھالدا ئۇنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا مەركەزلىشىدۇ».

4. قىلغان ـ ئەتكەن ياخشىلىقنى كۆپ ساناپ كەتمەسلىك، بۇنىڭدىن مەقسەت: «ئىنسان ئۆزىنىڭ ياخشى ئىش ـ ئىزلىرىنى، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى بەك چوڭ ساناپ كەتمەسلىك، داۋاملىق ھارماي ـ تالماي تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىشلەش، جاپا چېكىش، بەدەل تۆلەش ۋە قۇربان بېرىش ئىرادىسىنى تىكلەش. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتىش، بەلكى ئاللاھنى ئويلىغاندا قىلغان ياخشى ئىش، ياخشى پائالىيەتلىرىنى ئەسلەپ يۈرۈيدىغان ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنى ئۇنتۇيدىغان بارلىقىنى ئاللاھ يولىغا پىدا قىلىدىغان ئىرادىگە كېلىش».

5. ئاخىرقى ئايەتتە پات ئارىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققانىيەتكە قارشى زالىملارنىڭ قارشىلىق، مازاق ۋە مەسخىرەلىرىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ياكى ئەسھابىلىرىنى ئۆلتۈرۈش قەستلەشلەرگە، ھەتتا ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلارنى تەلتۆكۈس يوقۇتۇش غەرەزلىرىدە بولۇش قاتارلىق ئەزىيەت ـ كۈلپەتلەرگە ئۇچرايدىغانلىقى توغرىسىدا ئىشارەت بېرىلگەن، ھەمدە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ ئەمەس، بەلكى پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھنىڭلا رازىلىقىنى كۆزلەپ، يوقارقىدەك ھەرقانداق قىيىنچىلىق، ئېغىر كۈلپەتلەرگە پەرۋا قىلماي باتۇرانە جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرلەشكە بۇيرۇغان.

ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھ ھەممىدىن كاتتا). بۇ ئەمىر پەرمانلار كۆرۈنۈشتە تولىمۇ ئاددىي ئەمما كىشىنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىشى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقى نېمە دېگەن كۈچلۈك؟ ئەھمىيىتى نېمىدېگەن زور ھەم كەسكىن پۈتۈن دۇنيانى ، بىرلا نىشانغا يېتەكلەشتە نېمىدېگەن يارقىن ھەم جەلپ قىلارلىق ؟!

يۇقارقى ئايەتلەر دەۋەت ۋە ۋەز ـ نەسىھەت ماددىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، «ئىنزار»، يەنى ئاگاھلاندۇرۇش سۆزىنىڭ ئۆزىلا ھاياتلىقتىكى بەزى ئەمەللەر ئۆز ئىگىلىرىگە ئىنتايىن يامان ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئالايلى، ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ نامى ـ ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى مۇشۇ دۇنيادا تولۇق، نەق

كۆرەلمەيدىغانلىقى ھەممىگە ئايان، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ياخشى يامان، جازا ـ مۇكاپاتى مۇشۇ دۇنيادا ھەرگىزمۇ يېپىدىن يىگىنىسىغىچە تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلمەيدۇ. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، «ئىنزار» نىڭ ئۆزىلا ئەمەللەرگە قارىتا چوقۇم ھېساب ـ كىتاب بولىدىغانلىقى ۋە ھاياتىي دۇنيانىڭ كۈنلىرىدىن باشقا بىر كۈننىڭ چوقۇم مەۋجۇدلۇقىنى شەرتسىز دەلىللەيدۇ. ئۇ كۈن بولسىمۇ «قىيامەت» كۈنىدۇر، ئەلۋەتتە.

مانا بۇ كۈننىڭ مەۋجۇدلۇقى بىزدىن دۇنيادا ھازىر ياشاۋاتقان ھاياتتىن ئۆزگە بىر ھاياتنىڭ مەۋجۇد بولىدىغانلىقىنى ۋۇجۇدىمىزدىن تەسلىم بولۇپ، چۈشىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئايەتنىڭ داۋامى يەنە بەندىلەردىن توغرا ئەقىدىلىك بولۇشىنى، ھەممە ئىشتا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنى، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، ئۆز مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىشتەك شەخسىيەتچىلىكنى تەرك ئېتىشنى ۋە ئاللاھنى نارازى قىلىش بەدىلىگە بەندىلەرنىڭ رازىلىقى، قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتەك ۋىجدانسىزلىق ئىللەتلەرنى قەتئىي تەرك ئېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

دەۋەت تېمىلىرىنى تۆۋەندىكى ماددىلارغا مەركەزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

1. تەۋھىد، يەنى تەبىئەتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە باشقۇرۇچىسى يەككە ـ يىگانە دەپ ئېتىقاد قىلىش.

2. قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

3. يامان ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدىغان مۇنكەر، پاھىشە ئىشلاردىن قول ئۈزۈش ۋە ئۇلۇغۋار، گۈزەل، ياخشى ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىش ئارقىلىق ئۆز نەپسىنى پاكلاش.

4. ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش.

5. يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە دانا يوليورۇقلىرى ئاستىدا ئېلىپ بېرىش... قاتارلىقلار.

ئاندىن ئايەتنىڭ باشلىنىشىلا بۈيۈك ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بۇ ئۇلۇغۋار ئىشقا تەكلىپ قىلىش نىداسى ۋە ئۇنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ۋە بېشىنى چۆمكىۋېلىپ، بىخۇت يېتىۋېلىشتىن، جىھاد قىلىش، كۈرەش قىلىشقا ۋە جاپا ـ مۇشەققەتكە چاقىرىش نىداسى ﴿يايها المدثر قم فانزر ﴾ «ئى (ۋەھيي نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) تۇر، (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر»، بىلەن باشلىنىدۇ. مەزكۇر ئايەتتە گويا: «ئى مۇھەممەد! بىر كىشىلىك نەپسى (جېنى) ئۈچۈنلا ياشىغۇچىلار جاپا تارتماي راھەتلىك ياشىشى مۇمكىن، ئەمما ساڭا ئوخشاش بۇنداق ئېغىر يۈكنى ئۆز زىممىسىگە ئالغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇيقۇنىڭ نېمە كېرىكى؟ راھەت پاراغەتنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئىللىق فىراش، تىنچ تۇرمۇش ۋە كۆركەم مال ـ ماتالارنىڭ نېمە كېرىكى؟! تۇر! ئۇلۇغۋار ئىشلار سېنى كۈتمەكتە! ئېغىر يۈك (ئىلاھىي ئەلچىلىك يۈكى)نى زىممەڭگە ئېلىش ئۈچۈن تۇر! جاپا ـ مۇشەققەت ۋە قىيىن كۈلپەتلەر ئۈچۈن تۇر! قانغىچە ئۇخلاش، راھەت پاراغەت ۋە ھۇزۇر ھالاۋەتنىڭ ۋاقتى كەلمەسكە كەتتى. ئەمدى بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئىزچىل بىدارلىق ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان

جاپالىق كۈرەش باشلىنىدۇ، تۇر! مۇشۇ ئىشلار ئۈچۈن تەييار تۇر! ۋە بۇيرۇق كۈت!»، دېيىلگەنىدى.

مانا بۇ قەتئىي ھەم كەسكىن بۇيرۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئائىلە شادلىقىدىن، راھەتلىك، ئىللىق كۆرپىسىدىن ۋە تىنچ ـ خاتىرجەم تۇرمۇشتىن سۆرەپ تارتىپ چىقىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىكى مەۋقەسىزلىك، خۇراپاتلىق ۋە بولمىغۇر ناھاقچىلىقلار ئارىسىغا ئىختىيارسىز ئىتتىرىپ ئەكىردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بۇيرۇققا بىنائەن ئورنىدىن دەس تۇردى، ئۇ شۇ تۇرغانچە 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىزچىل مۇستەھكەم، سابىت بەرقەدەم تۇردى. ئۇھ...، دەپ راھەت سېغىنىپ ئولتۇرمىدى. ھېرىپ توختاپ قالمىدى. ئەمدى بولدى قىلاي دېمىدى، ئۆز شەخسىيىتى ۋە ياكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۈچۈنلا ياشىمىدى.

ئۇ يەر شارىدىكى ئەڭ ئېغىر يۈك، چوڭ ئامانەت يۈكىنى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىدە يۈكىنى ۋە ھەر قايسى مەيدانلاردىكى جەڭ ۋە جىھاد يۈكىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ ھارماي ـ تالماي ئىزچىل ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىپ 20 يىلدىن كۆپرەك ھاياتىنى كۈرەش مەيدانىدا ئۆتكۈزدى. ئۇ بۇ ئىلاھىي چاقىرىقنى تاپشۇرۇۋېلىپ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن بويان بىر ئىشنى يەنە بىر ئىشقا توقۇنۇشتۇرۇپ قويمىدى، بىر ئىشنى دەپ يەنە بىر ئىشنى ئاقسىتىپ قويمىدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا بىز ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا ۋاكالىتەن ئەڭ ياخشى مۇكاپات ئاتا قىلسۇن! ئامىين!!!

تۆۋەندىكى قۇرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت ئېلىپ بارغان مۇددەتتىكى جاپالىق، كۈرەشچان، ئۆمۈر مەنزىللىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن تەسۋىرىدۇر. ئۇنى كۆڭۈل ئېكرانىڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ كۆرگەيسىز!!!

## دەۋەت مەزگىلى ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت ئېلىپ بارغان مەزگىلىنى مۇنداق ئىككى دەۋرى باسقۇچقا بۆلۈشىمىز مۇمكىن. بۇنىڭ  بىرى يەنە بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

1. مەككە دەۋرى، تەخمىنەن 13 يىل.
2. مەدىنە دەۋرى، ساق ئون يىل.

ئاندىن ھەر بىر دەۋر بىر قانچە باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە ھەر قايسى باسقۇچنىڭ ئۆزىگە خاس ئايرىم ئالاھىدىلىكلىرى بار. بۇ ئالاھىدىلىكلەرئەينى چاغدىكى شەرت ـ شارائىتلارغا ئىنچىكىلەپ نەزەر سالغىنىمىزدا خېلى روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

مەككە دەۋرى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلىنىدۇ.

1) يوشۇرۇن دەۋەت باسقۇچى، ئۈچ يىل.

2) مەككە تەۋەسىدە ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتۈش باسقۇچى، پەيغەمبەرلىكنىڭ تۆتىنچى يىلىنىڭ بېشىدىن ئونىنچى يىلىنىڭ ئاخىرىلىرىغىچە.

3) مەككىنىڭ سىرتىدىكى دەۋەت باسقۇچى ۋە دەۋەتنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلەرگە كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلۇشى. بۇ ئۈنىنچى يىلنىڭ ئاخىرلىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى مەزگىلدۇر.

مەدىنە دەۋەت دەۋرىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىنىڭ تەپسىلاتى ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنىدۇ.

# بىرىنچى باسقۇچ ــ دەۋەت كۈرىشى

## ئۈچ يىللىق يوشۇرۇن دەۋەت

ھەممىگە مەلۇم، مەككە ئەرەبلەرنىڭ دىنىي پايتەختى، ئۇلۇغ كەئبىنىڭ مۇتەسەددىلىرى (باشقۇرغۇچىلىرى) ۋە بارلىق ئەرەب خەلقىنىڭ نەزىرىدىكى (ئاتالمىش) مۇقەددەس بۇت ـ ھەيكەللەرگە قارىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى، مۇشۇ مەككىدە ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا، بۇ يەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىدىيە ۋە ئەقىدىنى توغرا يولغا سېلىشتىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي نىشانغا يېتىش مەككىنىڭ سىرتىدىكىدىن كۆپ قىيىنغا توختايدۇ. دېمەك، بۇ ئىش ۋاقتىنچە قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان دانا بىر تەدبىرگە موھتاج بولغاچقا، مەككىلىكلەرنى بىراقلا چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئىسلام دەۋىتى دەسلەپكى مەزگىلدە سەل ـ پەل يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىشى ئەڭ ياخشى دانا تاللاش ئىدى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ مۇشۇ ئۇسۇلنى تاللىدى.

## تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار

شۈنىسى تەبىئىيكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دىننى ئاۋۋال ئۆز ئائىلىسى ۋە مۇناسىۋىتى يېقىن دوست ـ بۇرادەرلىرىگە تەكلىپ قىلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئۇ تۇنجى بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى، يەنى ئۆز ئائىلىسىنى ۋە يېقىن دوست ـ بۇرادەرلىرىنى، شۇنىڭدەك تونۇش بىلىشلىرى، بولۇپمۇ ئۇلار ئىچىدىن «ھەق سۆيەر، ياخشى تەبىئەتلىكلىكى» بىلەن تونۇلغان، ئۇلارمۇ رەسۇلۇللاھنى، «راستچىل ھەقىقەت ياقلىغۇچى»، دەپ بىلىدىغان، «ۋۇجۇدىدا ياخشىلىقنىڭ ئەسىرى بار بىر قىسىم كىشىلەرنى تاللاپ ئىسلامغا چاقىردى. نەتىجىدە، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالىيجاناپلىقى، شەخسىيەتسىزلىكى ۋە راستچىللىقىغا شەكلەنمەيدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بۇ دەۋەتكە تۇنجى بولۇپ ئاۋاز قوشتى، ئۇلار ئىسلام تارىخىدا «تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار»، دەپ ئاتالدى. ئۇلارنىڭ دەسلەپ ئىپتىگارىدا رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد، رەسۇلۇللاھنىڭ ئازاد قىلىۋەتكەن قۇلى زەيد ئىبنى ھارىس [1] ئىبنى شۇرەھبىل كەلبى،

---

[1] زەيد ئەسلىدە ئەرەبلەرنىڭ بەنى كىلاب قەبىلىسىدىن بولۇپ، بىر قېتىملىق قەبىلە ئۇرۇشىدا ئەسىر چۈشۈپ قېلىپ، قۇل قىلىنغان ۋە ئۇنى خەدىجە سېتىۋېلىپ رەسۇلۇللاھقا ھەدىيە قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاتىسى ۋە تاغىلىرى ئۇنى قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەندە، ئۇ رەسۇلۇللاھتىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئاتىسى بىلەن قايتىپ كەتكىلى ئۇنىمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئازات قىلىۋېتىپ، بالا قىلىۋالغان ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنى ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە زەيد ئىبنى مۇھەممەد، يەنى مۇھەممەدنىڭ ئوغلى دەپ ئاتالغان.

رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب (ئۇ بۇ چاغدا تېخى نارەسىدە بالا بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ كاپالىتىدە بالا چىراي تۇرۇۋاتاتتى) ۋە يېقىن دوستى ئەبۇ بەكرى سىددىقلەر مۇسۇلمان بولدى. بۇلار دەۋەت باشلانغان بىرىنچى كۈنىلا مۇسۇلمان بولغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ بەكرىمۇ دەۋەتكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ خۇش پېئىل، ئاغىنىدارچىلىقى ياخشى، چىقىشقاق تەبىئەت، ئەخلاقلىق، كەڭ قول ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ پاراسەتلىكلىكى، تىجارەتتىكى ئېپى ۋە شېرىن سۆھبەت ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ قەۋمى ـ جامائىتى ئوتتۇرىسىدىكى باردى ـ كەلدى مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرغانىدى ۋە ئەل ئارىسىدىكى تەسىرىنى زورايتقانىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ سۆھبىتىگە ھازىرلىق قىلىدىغان قەۋمى ـ قېرىنداشلىرىدىن ئىشەنچ قىلالايدىغانلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ مەسلەكداشلىرىدىن ئوسمان ئىبنى ئەففان ئۇمەۋى، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام ئەسەدى، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف زۇھرى، سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس زوھرى ۋە تەلھە ئىبن ئوبەيدۇللا تەيمى قاتارلىقلار مۇسۇلمان بولدى. ھەممىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان بۇ سەككىز شەخس تارىختا ئىسلام ئاۋانگارتلىرى (يەنى تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار) بولۇپ قالدى.

دەسلەپ مۇسۇلمان بولغانلاردىن يەنە بىلال ئىبنى ئەبى رەباھ ھەبەشىيمۇ بار. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇلارغا ئەگىشىپ، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ئەبۇ ئۇبەيدە ئامىر ئىبنى جەرراھ (بەنى ھارىس جەمەتىدىن)، ئەبۇ سەلىمە ئىبنى ئابدۇلئەسەد (بەنى مەخزۇم جەمەتىدىن)، ئەرقەم ئىبنى ئەبىلئەرقەم (بەنى مەخزۇم جەمەتىدىن)، ئوسمان ئىبنى مەزئۇن ۋە ئۇنىڭ ئىككى قېرىندىشى قۇدامە ۋە ئابدۇللاھ، شۇنىڭدەك ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس ئىبنى مۇتەللىپ، (ئىبنى ئابدۇماناف) ۋە سەئەد ئىبنى زەيد (بەنى ئەدى جەمەتىدىن) ۋە ئۇنىڭ ئايالى فاتىمە بىنتى خەتتاب (ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ھەمشىرىسى)، خەبباب ئىبنى ئەرەت، بەنى ھۇزەيل جەمەتىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە ئۇلاردىن باشقا بىر بۆلۈك كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى. ئەنە شۇلار قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ھەر قايسى ئايماقلىرىدىن ئەڭ دەسلەپ مۇسۇلمان بولغانلاردۇر.

ئىبنى ھىشام: «بۇلارنىڭ سانىنى 40 كىشى ئىدى»، دەپ ھېسابلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ھېسابىدىكى بەزىلەرنى دەسلەپكى مۇسۇلمانلاردىن ساناشتا بىر ئاز مەسىلە بار.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئەر ـ ئايال، توپ ـ توپ بولۇپ ئىسلامغا كىرىشكە باشلىدى. مەككىدە ئىسلام توغرۇلۇق گەپ ـ سۆزلەر تارقالدى. بارا ـ بارا ئىسلام ھەققىدىكى پاراڭ كىشىلەرنىڭ سۆز تېمىسىغا ئايلاندى.

يۇقارقىلارنىڭ ھەممىسى يوشۇرۇن مۇسۇلمان بولغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلار بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ، دىنىي ئەھكاملارنى يوشۇرۇن ئۆگىتىپ تۇراتتى. چۈنكى، دەۋەت تېخىچە ئايرىم ـ ئايرىم شەخسلەر بويىچە يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى.

سۈرە مۇددەسسىرنىڭ باش قىسمى نازىل بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ۋەھيي ئارقىمۇئارقا نازىل بولۇشقا باشلىدى. شۇ مەزگىللەردە نازىل بولغان ئايەتلەر ۋە سۈرە بۆلەكلىرى ئەينى دەۋرنىڭ تىنچ ۋەزىيىتىگە ماس كېلىدىغان، جۈملە بۆلەكلىرى قىسقا، مۇڭلۇق ئايرىم پاسىلغا ئىگە، تەسىرلىك ۋە جەزبىدارلىققا ئىگە ئايەتلەر بولۇپ، بۇ ئايەتلەر

ئىنسان نەپسىنى پاكلاش، دۇنيادىكى سەتچىلىكلەرگە چېتىلىپ قېلىشتىن سەسكەندۈرۈش، جەننەت ۋە دوزاخلەرنى گويا كۆز بىلەن كۆرگەندەك تەسۋىرلەش قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان بولۇپ، مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلارنى ئۇلار ياشاۋاتقان ئاشۇ جەمئىيەتتىن باشقا بىر مۇھىتقا باشلاپ باراتتى.

## ناماز

دەسلەپ نازىل بولغان ئايەتلەردە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغان ئەمىر ـ پەرمانلار بار ئىدى. مۇقاتىل ئىبنى سۇلايمان: «ئاللاھ تائالا ئىپتىدائىي ئىسلام دەۋرىدە (ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى باشلىنىشى)دا ئەتىگەندە ئىككى رەكئەت، كەچتە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغانىدى. بۇ ھەقتە ﴿وسبح بحمدِ ربك بالعشي والابكار ﴾ «ئاخشىمى، ئەتىگىنى پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ بىلەن ھەمدى ئېيتقىن» (سۈرە مۇئمىن 55 ـ ئايەت)، دېيىلگەن، دەيدۇ.

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىئراجغا [1] چىقىشتىن بۇرۇن ئۆزىمۇ ۋە ساھابە ـ كىراملارمۇ چوقۇم ناماز ئوقۇيتتى. لېكىن، مۇسۇلمانلار ھازىر ئادا قىلىۋاتقان بەش ۋاقىت ناماز پەرز قىلىنىشتىن ئىلگىرى يەنە باشقا ناماز پەرز قىلىنغانمۇ، يوق؟ بۇ توغرىدا قاراش ئوخشاش ئەمەس. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ ۋاقىتلاردا كۈن چىقىشتىن بۇرۇن كۈن پاتقاندىن كېيىن ئادا قىلىش پەرز قىلىنغان ناماز بار ئىكەن. ھارىس ئىبنى ئۇسامە ئىبنى لۇھەيئە دىن ئۇ زەيد ئىبنى ھارىستىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە: «رەسۇلۇللاھقا ۋەھيي نازىل بولغان دەسلەپكى كۈنلەردە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇنىڭغا تاھارەت ئېلىشنى ئۆگەتتى. رەسۇلۇللاھ تاھارەتتىن پارىغ بولغاندىن كېيىن، بىر ئوچۇم سۇنى ئېلىپ ئەۋرىتىگە چاچتى» ، دېيىلگەن. بەررا ئىبنى ئازىب ۋە ئىبنى ئابباسلارمۇ شۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنى نەقىل قىلغان. ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايىتىدە: «مانا بۇ ئەڭ بۇرۇن نازىل بولغان پەرزلەر ئىدى»، دېگەن سۆز قىستۇرۇلغان.

«تارىخ ئىبنى ھىشام» دېگەن كىتابتا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر ناماز ۋاقتى كىرگەندە، تاغ جىلغىلىرىغا بېرىپ، ئەل كۆزىدىن يىراق جايلاردا نامازلىرىنى يوشۇرۇن ئوقۇشۇپ كېلەتتى. بىر قېتىم ئەبۇ تالىب رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەلىينىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغان ۋە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، بۇ ئىككىيلەننى سۇباتلىق بولۇشقا بۇيرۇغان»، دېيىلگەن.

## بۇ ھەقتىكى تولۇقسىز خەۋەر قۇرەيش كاتتىلىرىغا ئاڭلاندى

ئەينى چاغدىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، (مۇشۇ مەزگىلدە) دەۋەت گەرچە مەخپىي ئايرىم ـ ئايرىم شەخسلەر بويىچە يوشۇرۇن ئېلىپ

---

[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا زىيارەتكە چىقىپ، ناماز، روزا ۋە باشقا دىنىي ئەھكاملار ھەققىدە ئەمىر ـ پەرمان تاپشۇرۇۋېلىپ قايتىپ كىرگەن ئىش.

بىرلىشۋاتقان بولسىمۇ، قۇرەيش دائىرىلىرى بۇنى ئۇقماي قالمىغان. بىراق، ئۇلار بۇنىڭغا ئارتۇقچە پەرۋا قىلماي كەتمىگەنىدى.

مۇھەممەد غەززالى مۇنداق دېگەن: «ئىسلام دەۋىتى ھەققىدىكى مىش مىش خەۋەرلەر قۇرەيش دائىرىلىرىغا يەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىدى. چۈنكى، ئۇلار رەسۇلۇللاھنى ئۇمەييە ئىبنى ئەبى سەلت، قىس ئىبنى سائىد ۋە ئەمرى ئىبنى نەۋفەللەرگە ئوخشاش ئىلاھىيەت ۋە ئۇنىڭ ھەقلىرى ئۈستىدە گەپ قىلىدىغان دىن دەۋاگەرلىرىنىڭ بىرسى بولسا كېرەك›، دەپ، گۇمان قىلغانىدى، لېكىن ئۇلار دەۋەت خەۋىرىنىڭ ئەتراپقا تاراپ، تەسىرى كېڭىيىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ دەۋەت ۋە ئۇنىڭ كۈندىلىك تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە ۋە بۇ دىنغا كىرگەنلەرگە ئاستىرتتىن نازارەت قىلىشقا باشلىدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئىسلام دەۋىتى گەرچە شەخسلەر ئارا يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، شۇنىڭ مابەينىدە، ئىسلامى قېرىنداشلىق ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىق ئاساسىدا ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈش ۋە ئۇنى ئۆز جايىغا قارار تاپقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالايدىغان بىر تۈركۈم سادىق مۇئمىنلەر بارلىققا كېلىپ بولغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتۈشكە، باتىل ئىشلارغا قورقماي قارشى تۇرۇشقا ۋە بۇتپەرەسلىككە قارشى دادىل ھۇجۇم قىلىشقا تەكلىپ قىلىنىپ، ۋەھيىلەر نازىل بولدى.

# ظعككعنحع باسقذح ــــ ظاشكارا دةؤةتكة ظأتىش

## تۇنجى ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتۈش بۇيرۇقى

ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتۈش ھەققىدە تۇنجى بولۇپ ئاللاھنىڭ ﴿واندر عشيرتك الاقربين﴾ «يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن»، («قۇرئان كەرىم» سۈرە شۇئەرا 214 ـ ئايەت)دېگەن ئايىتى نازىل بولدى. مەزكۇر ئايەت نازىل بولغان سۈرە شۇئەرادا ئاۋۋال مۇسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن تارتىپ ئۇ تاكى بەنى ئىسرائىلنى باشلاپ ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ۋە ئۇلارنىڭ فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قولچۇماقلىرىدىن قۇتۇلغاندىن تارتىپ، فىرئەۋننىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى بىلەن قوشۇپ غەرق قىلىۋېتىلگەنگە قەدەر بولغان بىر قاتار جىددىي ھەم تەسىرلىك ۋەقەلەر جەريانى بايان قىلىنىدى. بۇ قىسسە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى ئاللاھ تەرىپىگە دەۋەت قىلىش جەريانىدا، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن جىمى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. مېنىڭچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتۈش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىش ھارپىسىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەسىنى بۇنچىۋالا تەپسىلىي بايان قىلىپ كەلتۈرۈشتىكى مەقسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابە ـ كىراملار ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتكەندە ئۇچرايدىغان قارشىلىق، ئاھانەت ۋە زۇلۇم ـ سىتەملەر ئالدىدا بۇ قىسسەلەر ياخشى ئۈلگە بولسۇن ئۈچۈن، شۇنىڭدەك ئۇلار ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتۈشتىن ئاۋۋال ئۆز ئىشلىرىغا تولۇق ئىدىيۋى

تەييارلىق كۆرۈپ قويسۇن ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى، ھەقىقەتنىڭ ئۆز نۇرىنى تولۇق چېچىشى، مۇقەررەر يوسۇندا باتىلنىڭ زۇلۇم ـ ستەم قورغانلىرىنى چېقىپ تاشلاش ۋە ئۇلار بىلەن جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئاندىن ئەمەلگە ئاشاتتى. شۇڭلاشقا، بۇنداق ۋاقىتتا مۇسۇلمانلاردا ئەنە شۇ قىيىنچىلىقلارغا نىسبەتەن ئىدىيىسىدە تەييارلىق بولۇشى، ئالدىنئالا تەۋرەنمەس ئېتىقاد، ئىرادە ھازىرلىشى ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇ سۈرە (فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى تەسۋىرلەش بىلەن بىرگە) نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، ئاد ۋە سەمۇد خەلقى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى قاتارلىق ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغۇچىلارنىڭ ۋە ئەيكە ئاھالىلىرىنىڭ بۇ يامان قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ تەسۋىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇنى كەلتۈرۈشتىن مەقسەتمۇ ئەلۋەتتە پات ئارىدا ئۆز پەيغەمبىرىگە قارىغۇلارچە قارشى چىقىپ، ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى، ھەتتا ئەكسىيەتچىل مەيداندا داۋاملىق چىڭ تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، چوقۇم ئاللاھنىڭ قاتتىق جازالىشىغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالسۇن ئۈچۈن ۋە مۆئمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنىڭ چوقۇم پارلاق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالسۇن ئۈچۈن ئىدى.

## يېقىن خىش ـ ئەقرىبالار ئارىسىدىكى دەۋەت

مەزكۇر ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال بەنى ھاشىم جەمەتىنى چاقىردى. شۇئان ئۇلارمۇ ھازىر بولۇشتى. ئۇلارغا بەنى مۇتەللىپ ئىبنى ئابدۇماناف جەمەتىدىن بىر قانچە ئادەم قوشۇلۇپ يىغىلغانىدى. يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ سانى 45 كىشىگە يەتتى. ئۇلار تولۇقلىنىپ بولماي تۇرۇپلا ئەبۇ لەھەب سورۇننىڭ كەيپىياتىنى بۇزدى، ئۇ: « بۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ تاغىلىرىڭ ۋە ياكى تاغىلىرىڭنىڭ باللىرى، ھە ... سۆزلە! لېكىن ھېلىقى يات دىنىڭنىڭ گېپىنى قىلغۇچى بولما! شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، سېنىڭ قەۋمىڭ پۈتۈن ئەرەبلەرگە تاقابىل تۇرالمايدۇ، سېنى توسۇشقا مەن ھەقلىق. ئەمما، ھازىرچە ئۆز پۇشتىلىرىڭ كۇپايە. ناۋادا گېپىمگە قۇلاق سالماي ئۆز بېشىمچىلىق قىلىۋېرىدىغان بولساڭ، پۈتۈن ئەرەبلەر بىر ياقتىن قول چىقىرىپ، قۇرەيشلەر باش بولۇپ، ساڭا قول سالغاندىن كۆرە ئۆز جەمەتىڭنىڭ سېنى توسقىنى تۈزۈك، مەن ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىغا سېنىڭدەك بالا ـ قازا ئېلىپ كەلگەن ئادەمنى كۆرمىگەنمەن،»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب قايتۇرماي جىم تۇردى ۋە سورۇن ئەھلىمۇ تارقاپ كېتىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى جەمەتداشلىرىنى يەنە بىر قېتىم قايتا چاقىرىپ سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە: « جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇركى، مەن ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. ئۇنىڭدىن مەدەت ۋە ياردەم تىلەيمەن. ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىمەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىمەن ۋە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھ يەككە ـ يېگانىدۇر، شېرىكى يوقتۇر»، دېدى. ئاندىن مۇنداق دېدى: « چوقۇم ھەر قانداق

بىر قەۋمنىڭ ئەلچىسى ئۆز قەۋمىگە يالغان سۆزلىمەيدۇ، يەككە يىگانە ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. مەن ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئالايىتەن، پۈتۈن ئىنسانلارغا ئۇمۇمەتەن ئەۋەتكەن ئەلچىسىدۇرمەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر گويا ئۇخلىغاندەك ئۆلىسىلەر، ئويغانغاندەك تىرىلىسىلەر، قىلغان ـ ئەتكەن
نامە ـ ئەمەللىرىڭلاردىن ھېساب ئېلىنىسىلەر، ھېسابتىن كېيىن ئورنۇڭلار مەڭگۈلۈك جەننەتتىدۇر ۋەياكى مەڭگۈلۈك دوزاخدۇر، خالاس»، دېدى. بۇنىڭغا قارىتا ئەبۇ تالىب ناھايىتى ياخشى پوزىتسىيە بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ساڭا ياردەمدە بولۇش بىز ئۈچۈن شەرەپ، بىز سېنىڭ نەسىھىتىڭنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىمىز، سۆزۈڭگە چىن پۈتىمىز. مانا سېنىڭ بوۋاڭنىڭ ئەۋلادلىرى جەم بوپتىمىز. مەن ئۇلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سەن ياقتۇرىدىغان ئىشلارغا ئالدىرايمەن، سەن ئۆز ئىشىڭغا راۋان بولغىن ئەزبىرايى خۇدا، مەن سېنى مەڭگۈ قوغدايمەن ۋە ھىمايە قىلىمەن، بىرلا ئىش ئاتام ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ دىنىدىن ئايرىلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايۋاتىدۇ». ئۇنىڭ كەينىدىن ئەبۇ لەھەب يەنە ئېغىز ئېچىپ: «يائاللاھ!! بۇ سەتچىلىكنى؟! ئۇنى باشقىلارنىڭ توسىغىنىدىن كۆرە، ئۆزەڭلار توسساڭلار بولمامدۇ؟!» دېدى. بۇنىڭغا جاۋابەن ئەبۇ تالىب: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز ھاياتلا بولىدىكەنمىز، ئۇنى جان تىكىپ قوغدايمىز»، دېدى. سورۇن ئەھلى غۇلغۇلا ئىچىدە تارقاپ كېتىشتى.

## سەپا تېغىدا سادا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتكەن ئەھۋالدا تاغىسى ئەبۇ تالىب ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ھىمايە قىلىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ بىر كۈنى ساپا تېغىغا چىقىپ: «يا سەباھاھ[1] »، دەپ توۋلىدى. بۇ سادانى ئاڭلىغان قۇرەيش ئايماقلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن يىغىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تەۋھىد (بىر خۇدالىق ئەقىدىسى)گە ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ بەرھەقلىكىگە ئىشىنىشكە چاقىردى. ئىمام بۇخارى بۇ قىسسىنىڭ بىر قىسمىنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ و انذر عشيرتك الاقربين ﴾ «يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن»، دېگەن ئايەت نازىل بولۇۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساپا تېغىغا چىقىپ: «ئى بەنى فىھرى جەمەتى! ئى بەنى ئەدىي جەمەتى!» دەپ قۇرەيش ئايماقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ چاقىردى. قۇرەيش ئاممىسى يىغىلدى. ھازىرلىق قىلالمايدىغانلار نېمە ئەھۋال ئىكەنلىكىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ لەھەبمۇ بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆز قىلىپ: «ئى قۇرەيش جامائەسى! ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر مەن دۈشمەن ئاتلىق قوشۇنى تاغ ئارقىسىدا سىلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ، دېسەم مېنىڭ گېپىمگە چىن پۈتەمسىلەر؟» دېدى ئۇلار بىردەك: «شۇنداق، سېنىڭ گېپىڭگە چىن پۈتىمىز، سېنىڭ راستچىل، سەمىمى ئىكەنلىكىڭگە

[1] سەباھاھ ساداسى ـــ دۈشمەن ھۇجۇمى، ھەر خىل تويۇقسىز ئاپەت ياكى مۇھىم خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن توۋلىناتتى.

ئىشىنىمىز»، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا، مەن سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن»، دېۋىدى، ئەبۇ لەھەب: «ئى ھالاك بولغۇر، بىزنى مۇشۇنى دەپ يىغدىڭمۇ؟» دېدى. بۇ چاغدا ﴿تبت يدا ابي لهب و تب ○ ما اغنا عنه ماله و ما كسب○ سيصلى نارًا ذات لهب○ وامراته حما لة الحطب○ في جيدها حبل مِن مسد﴾ «ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى. ○ ئۇنىڭغا ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ○ ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ. ○ ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى (يەنى سوخەنچى) خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ○ ئۇنىڭ بويىندا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ» دېگەن سۈرە نازىل بولدى ۋە ئىمام مۇسلىم بۇ قىسسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇ ئايەت ﴿و انذر عشيرتك الاقربين﴾ «يېقىن خىش - ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن»، دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەخسلەر بويىچە ۋە كوللېكتىپلەر بويىچە چاقىرىپ: «ئى قۇرەيش جامائەسى! ئۆز - ئۆزۈڭلارنى دوزاخ ئازابىدىن قۇتقۇزۇڭلار! ئى ئىبنى كەئىب جەمەتى! سىلەرمۇ ئۆز - ئۆزەڭلارنى دوزاخ ئازابىدىن قۇتقۇزۇڭلار! ئى قىزىم فاتىمە! سەنمۇ ئۆزەڭنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقازغىن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىگە ئارا تۇرالمايمەن، ئارىمىزدىكى ئۇرۇغ - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئۆز يولىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ»، دېدى.

مانا بۇ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن جاراڭلىق تەبلىغ ساداسى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سادا ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىغا: «ئىلاھى ئەلچىلىكنى راست دەپ چىن پۈتۈش، ئوتتۇرىمىزدىكى ئۇرۇغ - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم ھالقىسىدۇر، ئەرەبلەردە ھازىر چېكىگە چىققان ئەسەبىيلىك (تەرەببازلىق) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن نازىل بولغان ئاگاھلاندۇرۇش ھارارىتىدە ئېرىپ تۈگىدى»، دېگەننى جاكارلىغانىدى.

## ھەقنى جاكارلاش ۋە مۇشرىكلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى

ھەق ئاۋازىنىڭ جاراڭلىق ساداسى مەككە تەۋەسىدە داۋاملىق ياڭرىماقتا ئىدى. ئاخىرى ئاللاھنىڭ ﴿فاصدع بما تؤمر واعرض عن المشركين﴾ «ساڭا بۇيرۇلغاننى (يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلارنىڭ مەسخىرىلىرىگە پەرۋا قىلمىغىن»، دېگەن ئايىتى نازىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ شېرىك - خۇراپاتلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاساسسىز ئەپسانىلىرىنىڭ ئەپتە - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاشقا كىرىشتى ۋە بۇت - ھەيكەللەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ نەقەدەر قەدرى - قىممەتسىز نەرسە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ، بوتلارنىڭ ئاجىز، كېرەكسىز بىر نېمە ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈردى. بۇتلارغا سېغىنىش ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇشنى ئۆزى بىلەن خۇدا

ئوتتۇرىسىدا ۋاستە قىلىنىۋالغانلارنىڭ ئاپ ـ ئاشكارا ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى روشەن دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن بايان قىلدى.

گويا چاقماق گۈلدۈرمامىسى تىنچ ھاۋا بوشلۇقىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەندەك، مۇشرىكلارنىڭ ئازغۇنلۇقىنى ۋە بۇتقا چوقۇنۇشنىڭ ھاماقەتلىكلىكىنى ئاشكارا جاكارلاش مەككىلىكلەرنىڭ غەزەپ ئوتىنى لاۋۇلدىتىۋەتتى ۋە ئۇلار بۇنىڭدىن بەكلا تاسادىپىيلىق ۋە غەيرىلىك ھېس قىلىشىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلىشقا باشلىدى.

قۇرەيشلەر ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇ يېڭى بۇرۇلۇشنى توسىماقچى بولدى. چۈنكى، بۇنداق قىلمىغاندا، ئۇلارنىڭ كونا ئەنئەنىۋى مىراسلىرى خەۋپكە ئۇچرايتتى قۇرەيشلەر تەدبىر قوللانماقچى بولدى. چۈنكى، ئۇلار: « بىر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ كۆپ ئىلاھلارغا قارشى تۇرۇش »، ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈپ قىيامەت كۈنىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىش دېگەننىڭ مەنىسى: «ئادەم ئۆزىنىڭ جېنى ۋە مال ـ مۈلكىدىمۇ ئەركىن ئىختىيارى بولمايدىغان دەرىجىدە بۇ نىداغا مۇكەممەل بويسۇنۇش ۋە ئۆزىنى تەلتۆكۈس ئاتاش، دېگەنلىكتۇر. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا بۇ مۇشرىكلارنىڭ دىنىي تونغا ئورۇنۇۋېلىپ، پۈتۈن ئەرەبلەر ئۈستىدىن يۈرگۈزىدىغان خوجايىنلىق ئورنىنى يوقىتىش، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆز نەپسىنىڭ راھەت ـ پاراغىتىدىن ۋاز كېچىش دېگەنلىكتۇر. شۇنداقلا يەنە، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان باتىل ئەقىدە، بۇزۇق قاراشلاردىن ئۈزۈل ـ كېسىل ۋاز كېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ روھىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادى، سىياسىي ھالەتلىرىدە ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش دېگەنلىكتۇر. بۇ يەنە تۆۋەن، ئوتتۇرا تەبىقىدىكىلەر ئۈستىدىن ئوينىتىدىغان قانلىق قامچىسىنى توختىتىش ۋە ئەتە ـ ئاخشام توختىماي ئۆتكۈزۈۋاتقان گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن قول ئۈزۈش دېگەنلىكتۇر»، دېگەنلەرنى ئېنىق تونۇپ يەتكەن ۋە بۇ ئۇقۇملارنى ناھايىتى رۇشەن ئېنىق چۈشەنگەن ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئۇلۇغلۇق ۋە ياخشىلىقنىڭ تەسىرىدىن ئەمەس، بەلكى ﴿بَلْ يُرِيْدُ الاِنْسَانُ لِيَفْجُرَ اَمَامَهُ ﴾ « بەلكى ئىنسان كەلگۈسى ھاياتىدا ئەزۋەيلىمەكچى بولىدۇ »، بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھوقۇق ـ ئىمتىيازلىرىنى تۆۋەنلىتىپ قويىدىغان ۋە بۇ ھوقۇق ـ ئىمتىيازلاردىن ۋاقىتلىق تۆۋەن چۈشۈرگۈچى يېڭى ۋەزىيەتنى زادىلا قوبۇل قىلغۇسى كەلمىدى.

قۇرەيشلەر يۇقىرىقىلارنى ناھايىتى ئوبدان تونۇپ يەتتى. لېكىن، ئۇلار: «ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئەخلاقى كامالەتتە، ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئۈلگە بولالايدىغان قەۋمى ـ جامائەت ۋە ئەجدادلار تارىخىدا تەڭدىشى يوق ئەڭ ئىشەنچىلىك، ئەڭ راستچىل ۋە ئەڭ سەممىي بىر ئەرگە قارىتا نېمە دەپ ئېيتەلىسۇن؟ ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھەيران قېلىشتى، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قېلىشقا تېگىشلىك ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئۇلار ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، كۆپ تەپەككۇر قىلغاندىن كېيىن ئاخىرى رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن جىيەن ئىنىسىنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلماقتىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ تەلىپىگە جىددىيلىك ۋە ھەقىقانىيەت لىباسىنى كىيدۈرۈپ، ئەبۇ تالىبقا: «مۇھەممەدنىڭ بۇ ئىلاھلىرىمىزنى تاشلاشقا دەۋەت قىلىشى بۇ

ئىلاھلىرىمىزنىڭ پايدا ـ زىيىنى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ يوقلۇقىنى سۆزلەپ يۈرۈشى، ئاشۇ ئىلاھلىرىمىزنى قاتتىق ھاقارەتلىگەنلىك ۋە ئەيىبلىگەنلىك. مۇشۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن نەچچە ئەۋلاد ئەجدادلىرىمىزنى ئازغۇن گۇمراھلار دېگەنلىك ۋە ئۇلارنى ئەقىل ـ پاراسەتسىز دەپ قارىلىغانلىق»، دېمەكچى بولۇشتى ـ دە، شۇئان تەشكىللىنىپ، ئەبۇ تالىبنىڭ قورۇسىغا كەلدى.

## قۇرەيش ئەلچىلىرى ئەبۇ تالىب قورۇسىدا

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دېگەن: «قۇرەيش مۆتىۋەرلىرىدىن بىر نەچچە ئەرباب ئەبۇ تالىبنىڭ قورۇسىدا پەيدا بولدى. ئۇلار ئەبۇ تالىبقا: «ئى ئەبۇ تالىب! سەن بىلىسەن، سېنىڭ قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى ـــ ت) بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنى قاپسىپ، تىللاۋاتىدۇ. دىنىمىزنى ئەيىپلەپ، بىزنى ئەقىل ـ ئىدراكسىز بىر نەرسىگە، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى ئازغۇنلۇققا چىقىرىۋاتىدۇ. ئۇنى ياكى ئۆزۈڭ توسىغىن ياكى بىزنىڭ توسۇشىمىزغا يول قويغىن. چۈنكى، سەنمۇ بىز تەرەپتە، ئۇنى توسۇش ئىشىنى ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىمىز»، دېيىشتى. بۇ چاغدا، ئەبۇ تالىب ئەلچىلەرگە چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۆزرەخاھلىق ئېيتىپ ياندۇردى. ئۇلارمۇ قايتىپ قېلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھنىڭ دىنىنى تەشۋىق قىلىش ۋە تەۋھىيد دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇشنى بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

## ھاجىلارنى دەۋەتكە قۇلاق سېلىشتىن چەكلەش توغرىسىدىكى كېڭەش يىغىنى

مۇشۇ كۈنلەردە قۇرەيش دائىرىلىرى باشقىچە بىر غەمگە پاتتى. سەۋەبى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشكارا، دەۋەتكە ئۆتكىنىگە بىر قانچە ئاي بولمايلا، ھەج مەۋسۇمى يېقىنلاپ كەلگەنىدى. قۇرەيشلەر ھەر قايسى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ھەج ئۆمەكلىرى پات ئارىدا مەككىگە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇلار: «مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ھەققىدە مۇۋاپىق بىر پىتنە ـ ئىغۋا سۆز تېپىشى تارقىتىپ بۇ دەۋەتنىڭ ھاجىلار ئارقىلىق پۈتۈن ئەرەبلەرگە تاراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، دەپ قارىدى»، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇشۇ سۆزدە بىرلىككە كېلىشۋېلىش ئۈچۈن ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرەنىڭ ئۆيىگە جەم بولۇشتى. ۋەلىد ئۇلارغا: «بۇ ھەقتە ھەممىڭلار بىر پىكىرگە كېلىڭلار، گېپىڭلار بىر يەردىن چىقسۇن، بىرىڭلار يەنە بىرىڭلارنى يالغانغا چىقىرىدىغان ياكى بىرىڭلارنىڭ سۆزىنى يەنە بىرىڭلار رەت قىلىدىغان ئىش بولمىسۇن»، دېدى. ئۇلار: «سەن دېگىن»، دېيىشتى. ۋەلىد: «ياق، ئۆزەڭلار دەڭلار، مەن ئاڭلاپ باقاي»، دەپ تۇرىۋالدى. ئۇلار: «كاھىن (چىراغچى) دەيلىمىكىن»، دېۋىدى، ۋەلىد: «ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ كاھىن ئەمەس، بىز كاھىنلارنى جىق كۆرگەن، ئۇنىڭ دېگەنلىرى كاھىنلارنىڭ قېلىپلاشقان سۆز ئىبارىلىرى ۋە سەجئى قاپىيىلىرىگە ھەرگىز

ئوخشىمايدۇ»، دېدى. ئۇلار ئۇنداقتا: «ساراڭ» دەيلى دېيىشكەندى، ۋەلىد: «ياق ئۇ ساراڭ ئەمەس. بىز ساراڭ مەجنۇن بولغانلارنى كۆرگەن، ساراڭلارنىڭ روھى ھالىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز، مۇھەممەد ساراڭلاردەك بوغۇلۇپ، ئىگىز- پەس سۆزلەپ يۇرمەيدۇ» دېدى. ئۇلار: «ئەمىسە شائىر دەيلى»، دېيىشتى، ۋەلىد: «نەدە شائىر بولسۇن! بىز شېئىر تۇرلىرىنىڭ قوشاق، قاپيي، غەزەل، نەسىر، ئاددى ۋە مۇرەككەپ ۋەزىنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىمىز، ئۇنىڭ دېگەنلىرى ھەرگىز شېئىر ئەمەس»، دېدى. ئۇلار: «ساھىر دەيلى»، دېيىشتى، ۋەلىد: «ئۇ دېگەن ساھىرمۇ ئەمەس، بىز كۆپلىگەن ساھىرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ سېھرى ئويۇنلىرىنى كۆرگەن، مۇھەممەدنىڭ ئىشى ئۇلارنىڭ دەم سېلىشى ۋە بەنت قىلىشلىرىغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ»، دېدى. ئۇلار: «ئەمىسە نېمە دەيمىز؟» دېگەندى، ۋەلىد: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ گېپىنىڭ بىر خىل ھوزۇر- ھالاۋىتى بار، ئۇنىڭ ئەسلى يىلتىزى بىر. تارماق شاخچىلىرى گويا باغنىڭ باراقسان نوتىلىرىدۇر. ئۇنىڭ ھەققىدە نېمىلا دېمەڭلار هامان چېنىپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا بىر ئاز يېقىن كېلىدىغان سۆز ‹ساھىر›، دەڭلار، ئۇ سېھىرگەرگە ئوخشاش ئاتا- بالا، ئەر- ئايال، قان- قېرىنداش ۋە يۇرت- مەھەللە ئارىسىغا نىزا- ئارازلىق سالىدىغان گەپ سۆزلەرنى ئېلىپ كەلدى»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن سورۇن قاتناشچىلىرى شۇ بويىچە ئىش كۆرۈدىغان بولۇپ تارقىلىشتى.

يەنە باشقا رىۋايەتلەردە: ۋەلىد يىغىن ئەھلىنىڭ ھەممىسىنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلار ۋەلىدكە: «دەل جايىغا چۈشىدىغان گەپ بولسا، سەن دېمەمسەن؟» دېيىشكەن. شۇنىڭ بىلەن ۋەلىد: «ماڭا بىر ئاز مۆھلەت بېرىڭلار، مەن بۇ ھەقتە ئويلىنىپ كۆرەي»، دېگەن ۋە بىردەم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، خىيال سۇرۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن سورۇن قاتناشچىلىرىغا يۇقىرىقى سۆزنى قىلغان.

ئاللاھ ۋەلىد ھەققىدە مۇدەسسىر سۇرىسىدە 11- ئايەتتىن 16- ئايەتكىچە نازىل قىلىپ، بۇ ئايەتتە ۋەلىدنىڭ ئويلىنىپ كۆرۈش ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿انه فكر و قدر ○ فقتِل كيف قدر ○ ثمّ قتل كيف قدر ○ ثمّ نظر ○ ثمّ عبس و بسر ○ ثمّ ادبر واستكبر ○ فقال ان هذا الا سحر يؤثر ○ ان هذا الا قول البشر﴾ «ئۇ (پەيغەمبەر ۋە قۇرئان ھەققىدە) ئويلاندى، (قۇرئان ۋە پەيغەمبەر توغرۇلۇق نېمە دېيىشنى) پىلانلىدى. ○ ئاندىن ئۇ قارىدى.○ لەنەت بولسۇنكى ئۇ قانداق پىلانلىدى. ○ يەنە لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى. ○ ئاندىن قوشۇمىسىنى تۇردى ۋە چىرايىنى پۇرۇشتۇردى، ○ ئاندىن (ئىماندىن) يۈز ئۆردى، (پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتتى، ○ ‹بۇ (كالامۇللاھ ئەمەس) پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر، ○ بۇ پەقەت ئىنسان سۆزىدۇر›، دېدى»، دېدى.

يىغىن بۇ قارارنى ماقۇللىغاندىن كېيىن دەرھال ئىجرا قىلىشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن قۇرەيش دائىرىلىرى ھاجىلار كېلىدىغان ھەر قايسى يول ئېغىزلىرىغا چازا- توساقلارنى قۇرۇپ ئۆتكەن- كەچكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى توختىتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھېزىي بولۇشنى تاپىلىدى ۋە ئۇنىڭ ئىش- ھەرىكەتلىرىنى سەلبىي تىللار بىلەن تونۇشتۇردى.

بۇ خىزمەتنى مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگۈچى يەنىلا ئەبۇ لەھەب ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەتتە ھەج مەۋسۇملىرىدا، ئۇكاز ۋە مەجىننە بازارلىرىدا ھەر قايسى قەبىلە ۋە ئايماقلارنىڭ ياتاق ـ ئۆتەڭلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنى ئاللاھ تەرىپىگە چاقىراتتى ۋە ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ بېرەتتى. مۇشۇنىڭ ھەممىسىدە ئەبۇ لەھەب رەسۇلۇللاھنىڭ كەينىدە (لالما ئىتتەك سۆرۈلۈپ) يۈرۈپ: «بۇنىڭ گېپىگە كىرمەڭلار، بۇ دىگەن ئۆز دىنىدىن ۋاز كەچكەن ئازغۇن، كەززاپ»، دەپ ئىغىزنى يوق قىلىپ يۈرەتتى. دەل مۇشۇ ئەھۋال ئەرەبلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسلام دىنى توغرۇلۇق ئاڭلىغان ـ ئۇققانلىرىنى ئۆز يۇرتلىرىغا ئېلىپ كېتىشكە تۈرتكە بولدى ـ دە، نەتىجىدە ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ توغرىدىكى گەپ ـ سۆزلەر پۈتۈن ئەرەب دۇنياسىغا پۇر كەتتى.

## ئىسلام دەۋىتىنى چەكلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان چارە ـ تەدبىرلەر

قۇرەيش دائىرلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىسلام دەۋىتىدىن ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى توسالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، بۇ ھەقتە قايتا ئويلىنىشىپ كۆرۈشتى ۋە بۇ دەۋەتنى تۈپ يىلتىزىدىن چەكلەش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك چارە ـ تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى.

1. مەسخىرە قىلىش، يەنى زاڭلىق قىلىش، ھاقارەتلەش، مازاق قىلىش، يالغانغا چىقىرىپ ئىنكار قىلىش ۋە كۈلكىگە ئايلاندۇرۇپ تەسىرىنى يوقۇتۇش قاتارلىقلار. ئۇلار بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى يېتىم قالدۇرماقچى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرماقچى بولدى. شۇڭا، ئۇلار رەسۇلۇللاھقا ئورۇنسىز تۆھمەتلەرنى چاپلاپ، ئۇنى سەت تىللار بىلەن تىللىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنى چاقىرماقچى بولسا: «ئى مەجنۇن ساراڭ!» دەپ تووۋلايتتى. سۈرە ھىجرى 6 ـ ئايەتتە ﴿وقالو يٰايها الذى نزل عليه الذكر إنك لمجنون﴾ «ئۇلار ئېيتتى: ‹ئى قۇرئان نازىل قىلىنغان ئادەم! سەن ھەقىقەتەن بىر مەجنۇنسەن›». ئۇلار يەنە رەسۇلۇللاھنى «ساھىر، كەززاپ»، دەپ ئاتايتتى. ئاللاھ تائالا سۈرە سادتا بۇنى زىكرى قىلىپ ﴿وعجبوا ان جاءهم منذر مِنهم وقال الكافرون هذا س اه ر كذاب﴾ «ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلگەنلىكىگە ئۇلار ھەيران قېلىشتى، كاپىرلار ئېيتتى: ‹بۇ بىر يالغانچى سېھىرگەردۇر› » (سۈرە ساد 4 ـ ئايەت). قۇرەيشلەر بۇ ئىغۋالارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تارقىتىشقا ئاتلاندى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچراشقاندا ھېلى يەۋېتىدىغاندەك ھومىيىپ، غەزەپ بىلەن قارايتتى. ﴿وان يكاد الذين كفروا ليذلقونك بابصارهم لما سمعوا الذكر و يقولون انه لمجنون﴾ «كاپىرلار قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا (ساڭا بولغان دۈشمەنلىكىنىڭ قاتتىقلىقىدىن يامان كۆزلىرى بىلەن سېنى يىقىتىۋېتىشكە تاس قالىدۇ، سېنى: ‹شۈبھىسىزكى، بىر مەجنۇن›، دېيىشىدۇ». («قۇرئان كەرىم» سۈرە قەلەم 51 ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاجىز مىسكىن ساھابىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرسا، ئۇلارنى مازاق قىلىپ: ﴿... أهؤلآء منّ الله عليهم مّن بيننا ...﴾ «... ئاللاھ ئارىمىزدىن (ھىدايەت قىلىش بىلەن) ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟ ...»، دېيىشەتتى. ئاللاھ تائالا بۇلارغا

جاۋابەن: ﴿اليس الله باعلم بالشاكرين ﴾ «ئاللاھ شۈكرى قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلمەمدۇ؟»، دېدى. قىسقىسى، ئۇلار گويا قۇرئاندا تەسۋىرلىگەندەك: ﴿انّ الذين اجرموا كانوا من الذين آمنو يضحكون ○ واذا مروا بهم يتغامزون ○ واذا انقلبوآ الى اهلهم انقلبو فكهين ○ واذا راوهم قالوآ انّ هؤلاء لضالّون ○ ومآ ارسلوا عليهم حافظين ﴾ «كاپىرلار ھەقىقەتەن مۇئمىنلەرنى (مەسخىرە قىلىپ) كۈلەتتى. ○ (مۇئمىنلەر )ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى، ○ ئۆيلىرىگە قايتقاندا (مۇئمىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ) مازاق قىلغان ھالدا قايتىشاتتى. ○ مۇئمىنلەرنى كۆرگەندە: ‹بۇلار شەكسىز ئاداشقانلار›، دېيىشەتتى. ○ ئۇلار مۇئمىنلەرنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگىنى يوق » («قۇرئان كەرىم» سۈرە مۇتەففىفىين 29 —— 33 ئايەتلەر)ئىدى.

2. ئىسلام تەلىماتلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، گۇمان ۋە شەك ـ شۈبھە پەيدا قىلىش، يالغان تەشۋىقات تارقىتىپ ئاساسسىز داۋلىلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ شەخسىيىتى توغرۇلۇق تۆھمەت ۋە پىتنە ـ ئىغۋالارنى تارقىتىپ، ئاممىغا ئۇنىڭ دەۋىتىنىڭ مەزمۇنىنى مۇلاھىزە قىلىشقا پۇرسەت بەرمەسلىك. ئۇلار «قۇرئان كەرىم» ھەققىدە ﴿وقالوا اصاطير الاولين اكتتبها فهي تملى عليه بكرة وّاصيلا ﴾ «ئۇلار ئېيتتى: ‹(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇركى، بۇلارنى ئۇ يازدۇرۇۋالغان، (ھېپزى قىلىۋېلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇ› » («قۇرئان كەرىم» سۈرە فۇرقان 5 ـ ئايەت) ۋە ھەم ﴿وقال الذين كفروآ ان هذآ الا افك ِافتره و اعانه عليه قوم آخرون ج ...﴾ «ئۇلار: ‹بۇ (يەنى قۇرئان) پەقەت ئۇ (يەنى مۇھەممەد) ئۆزى توقۇغان يالغاندۇر، ئۇنىڭغا ئۇنى توقۇشقا باشقا بىر قەۋم (يەنى ئەھلى كىتاب) ياردەم بەرگەن›، دەيدۇ...» («قۇرئان كەرىم» 35 ـ سۈرە 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ۋەھاكازالارنى دېيىشەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتى توغرىلىق ﴿... انا يعلِمه بشر ...﴾ « ...ئۇنىڭغا قۇرئاننى بىر ئىنسان تەلىم بېرىدۇ...» («قۇرئان كەرىم» سۈرە نەھلى 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېيىشەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتى توغرىلىق ﴿ماهٰذا الرسول يأكل الطعام ويمشى فى الاسواق ﴾ « ‹بازارلاردا› بىز تاماق يېگەندەك تاماق يەيدىغان، بىز ماڭغاندەك ماڭىدىغان بۇ قانداق پەيغەمبەر؟ » («قۇرئان كەرىم» سۈرە فۇرقان 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)، دەيتتى. «قۇرئان كەرىم»دە ئۇلارنىڭ پىتنە ـ ئىغۋالىرىنىڭ ئۆز ئەينىنى نەقىل قىلىپ جاۋاب بېرىلگەن ياكى نەقىل قىلماي رەددىيە بېرىلگەن نۇرغۇن ئۆلگىلىك مىساللار بار.

3. «قۇرئان كەرىم»گە بۇرۇنقىلارنىڭ سۆز ـ چۆچەكلىرى ۋە ئەپسانىلىرى بىلەن تاقابىل تۇرۇش ۋە خالايىقنى ئاشۇ ھېكايە ـ ئەپسانىلەر بىلەن «قۇرئان كەرىم»گە بېرىلىپ كېتىشتىن توسۇش ئىدى. ئېيتىلىشىچە، نەزرى ئىبنى ھارىس بىر قېتىم قۇرەيش جامائەسىگە: «ئى قۇرەيش خەلقى! قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا ئېغىر مۇشكۇلات كەلدى. سىلەر تېخىچە ئۇنىڭ چارىسىنى ئىزدىمەيۋاتىسىلەر. مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ھەممە كىشى رازى بولىدىغان، راستچىل، ئامانەتكە ۋاپا قىلىدىغان بىر ئوبدان يىگىت ئىدى. ھەتتا، ئۇ بېشىغا ئاق سانچىپ ھېلىقى بىر نېمىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىۋىدى، سىلەر ئۇنى ساھىر دېدىڭلار، ئەزبىرايى خۇدا ئۇ ھەرگىز ساھىر ئەمەس، بىز

ساھىرلارنىڭ دەم سالغانلىرىنى ۋە بەنت قىلغانلىرىنى كۆرگەنمىز. يەنە كاھىن دېدىڭلار، قەسەم قىلالايمەنكى، ئۇ ھەرگىز كاھىن ئەمەس، بىز كاھىنلارنى ۋە ئۇلارنىڭ بوغۇلۇپ سىقىلغانلىقىنى كۆرگەن ۋە ئۇلارنىڭ قاپىيداش سۆز-ئىبارىلىرىنى ئاڭلىغان. ئۇنى شائىرمۇ دېدىڭلار، قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ھەرگىز شائىر ئەمەس. بىز شېئىر تۈرلىرىنىڭ لىرىك، قاپىي ھەممىسىنى بىلىمىز، سىلەر ئۇنى مەجنۇن (ساراڭ) دېدىڭلار، ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەم، ئۇ ھەرگىز مەجنۇن ئەمەس، بىز مەجنۇن (ساراڭ)لارنى كۆرگەن. مۇھەممەد مەجنۇنلاردەك بوغۇلۇپ، ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ پوقىقا پۇرچاقنى ئىبلىشتۇرۇپ يۇرمىسە»، ئى قۇرەيش جامائەسى سىلەر بۇ ئىشقا سەل قارىماڭلار، ئەزىبرايى خۇدا سىلەر چوڭ مۇشكۇلگە دۇچ كەلدىڭلار» دېدى.

ئاندىن ئۇ ھىيرەگە بېرىپ، ئۇ يەردە پارىس خان ئوردىسى ھېكايىلىرىنى، رۇستەم ۋە ئىسفەندىيارلارنىڭ جەڭنامىلىرىنى ئۆگىنىپ، يادقا ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ رەسۇلۇللاھ ھەر قانداق بىر جايدا، سورۇن تۈزۈپ كىشىلەرنى ئاللاھ تەرىپىگە چاقىرىپ ياكى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ ئولتۇرسا، ئارقىدىنلا نەزر ئىبنى ھارىس بېسىپ كېلىپ: «ئەزىبرايى خۇدا، مۇھەممەد تېخى سىلەرگە مەندەك لەزىز گەپلەرنى سۆزلەپ بەرمىدى»، دەيتتى، ئاندىن ئۇلارغا پارىس خان ئوردىسىنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى، رۇستەم دەستەم ۋە ئىسفەندىيارلارنىڭ جەڭنامە، ئەپسانىلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئاندىن ئۇ: «مۇھەممەدنىڭ دېگەنلىرى بۇنىڭ ئالدىدا قانچىلىك قىزىقارلىق- ھە؟»، دەپ مەغرۇرلىنىپ كېتەتتى.

ئىبنى ئاباستىن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىستە زىكرى قىلىنىشىچە، نەزرى ئىبنى ھارىس بىر قانچە ناخشىچى قىز-دېدەكلەرنى سېتىۋالغان بولۇپ، ئۇ بىرەر كىشىنىڭ مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بىلەن يېقىنلىشىپتۇ، دېگىنىنى ئاڭلىسا، ئاشۇ قىزلاردىن بىرنى چىرايلىق جابدۇپ، ئۇنىڭ كەينىگە سېلىپ قوياتتى. ئۇ قىز ھېلىقى كىشىگە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ بېرىپ، ئۇنىڭدىكى ئىسلامغا بولغان مايىللىق يوقالغانغا قەدەر ھەمراھ بولاتتى. نەزرى ھەققىدە تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى. ﴿ومن الناس من يّشتري لهو الحديث ليضلّ عن سبيل الله بغير علم ﴾ «بەزى كىشىلەر بىلىمسىزلىكتىن، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ يولىنى مەسخىرە قىلىدۇ، ...».

4. سودىلىشىش. ئۇلار بۇ ئويۇن ئارقىلىق مۇشرىكلارمۇ بەزى خۇراپاتلىقلىرىنى تاشلاش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ دەۋەت ماددىلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بەدىلىگە ئىسلام دىنى بىلەن كۇفرى جاھالىتىنى تار يولدا ئۇچراشتۇرۇپ، كۆرۈشتۈرمەكچى بولدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ودّوا لوْ تدْهن فيدهنون ﴾ «ئۇلار سېنىڭ (ئۆزلىرى بىلەن) مادارا قىلىشىڭنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭمۇ (سەن بىلەن) مادارا قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ» («قۇرئان كەرىم» سۈرە قەلەم 9- ئايەتنىڭ بىر قىسمى). مۇشۇ بارىدا ئىبنى جەرىر بىلەن تەبەرانىي نەقىل قىلغان بىر ھەدىس مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئۇ بىر يىل مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىغا ئىبادەت قىلىش، مۇشرىكلارمۇ پەرۋەردىگار تائالاغا بىر يىل ئىبادەت قىلىش تەكلىپىنى

بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇمەيسىئىنىڭ يەنە بىر ھەدىسى: «مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھقا: ‹سەن بىزنىڭ بۇتىمىزنى بىر قېتىم سۆيۈپ بۆسە قىلساڭ، بىز ساڭا ئەگىشەيلى!› دېگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى ئىسھاق نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋاتاتتى، ئەسۋەد ئىبنى مۇتەللىپ، ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە، ئۇمەييە ئىبنى خەلەف ۋە ئاس ئىبنى ۋائىل سەھمى قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. (بۇلار ئەل ـ يۇرت ئىچىدە تەسىرى بار شەخسلەر ئىدى) ۋە: ‹ئى مۇھەممەد، بۇ ياققا كەلگىن، قارشىلىشىپ ئۆتۈۋەرمەيلى، بىزمۇ سەن ئىبادەت قىلىۋاتقان خۇداغا ئىبادەت قىلايلى، سەنمۇ بىز ئىبادەت قىلىۋاتقان ئىلاھلىرىمىزغا ئىبادەت قىلغىن، بىز بۇ ئىشتا ئورتاقلىشايلى، ئەگەر سېنىڭ خۇدايىڭ بىزنىڭكىدىن ياخشى چىقىپ قالسا، بىز توغرا يول تاللىغان بولارمىز، ناۋادا بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز سېنىڭكىدىن ياخشى چىقىپ قالسا، سەن توغرا يول تاللىۋالغان بولىسەن›»، دېيىشتى. بۇ چاغدا ئاللاھ تائالا بۇلار ھەققىدە تۆۋەندىكى سۈرىنى نازىل قىلدى: ﴿قل يايها الكافرون ○ لا اعبد ما تعبدون ﴾ تەرجىمىسى: «(ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، ‹ئى كاپىرلار! ○ سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن...›». («قۇرئان كەرىم» 109 ـ سۈرە كاپىروننىڭ بىر قىسمى).

ئاللاھ بۇ كاپىرلارنىڭ ئاشۇ كۈلكىلىك يارىشىش تەكلىپىنى يۇقىرىقى ئايەتتىكى كەسكىن بۇيرۇق بىلەن رەت قىلىۋەتتى.

بۇ ھەقتىكى نەقىللارنىڭ ئوخشىماسلىقى ئېھتىمال قۇرەيش دائىرىلىرىنىڭ مەزكۇر سودىلىشىش تەكلىپىنى بىر نەچچە قېتىم ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

## دەھشەتلىك ئىزىش ـ ئىزىلىش

مۇشرىكلار يۇقىرىقى تەدبىر ۋە ۋاستىلەرنى نەبۇۋەت (رەسۇلۇللاھقا پەيغەمبەرلىك شەرىپى ئىلتىپات قىلىنغان يىلى)نىڭ 4 ـ يىلى يىل بېشىدا ئىسلام دەۋىتى يوشۇرۇن ھالەتتىن ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتكەندىن كېيىن دەۋەتنى توسۇش ئۈچۈن بىر ـ بىرلەپ يولغا قويغانىدى. ۋەزىيەت شۇ بويىچە بىر قانچە ھەپتە ھەتتا بىر قانچە ئاي داۋاملاشتى. مۇشرىكلار ئاشۇ ۋاستىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ بىرەر ئادەمگە دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش ياكى ئازابلاپ قىيناش دەرىجىسىگە يەتمىگەنىدى. لېكىن، ئۇلار بۇ ۋاستىلەرنىڭ ئىسلام دەۋىتىنى توسۇشتا ئۈنۈم بەرمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قايتا يىغىن چاقىردى. يىغىندا قۇرەيش كاتتىۋاشلىرىدىن 25 كىشىدىن تەركىپ تاپقان بىر كومىتېت تەشكىل قىلىندى. رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ئەبۇ لەھەب بۇ كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. يىغىندا كومىتېت ئەزالىرى چوڭقۇر بەس ـ مۇنازىرە ۋە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا قارىتا قەتئىي، كەسكىن بولۇش توغرىسىدا مۇنداق بىر قارار ماقۇللىدى: «ھەر قايسى قەبىلە ـ ئايماقلار، ئىسلام دىنىغا قارشى كۈرەش قىلىش ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىزا ـ ئاھانەت قىلىشتا ئورتاق كۈچ چىقىرىش، ئىسلام دىنىغا كىرگەن

ۋە ئۇنى قوللىغانلارنى تۇرلۇك ۋاستىلەر بىلەن ئازابلاپ قىيناش، جىسمانىي جازاغا تارتىش، رەھىمدىللىق قىلماسلىق كېرەك » دەپ، كۆرسەتتى.

ئۇلار بۇ قارارنى ماقۇللىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇشتى. چۈنكى، بۇ قارارنى ئىجرا قىلىش مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن (بولۇپمۇ ھىماتچىسى يوق ئاجىز مۇسۇلمانلارغا) نىسبەتەن ئوڭاي گەپ ئىدى. ئەمما، رەسۇلۇللاھقىچۇ؟ ئۇ دوست ـ دۈشمەنلەر ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە پەۋقۇلئاددە شەخس. ئۇنى ھەممە ئادەم ھۆرمەتلەيدۇ، ئايرىم يۈزسىز كىشىلەردىن باشقا ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغانلار بۇنداق نوپۇزلۇق ئەرباپلارغا تىل تەگكۈزۈش ۋە ئىزا ـ ئاھانەت قىلىشنى ئار ـ نومۇس دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى تاغىسى ئەبۇ تالىب قانات ئاستىغا ئېلىپ، قاتتىق ھىمايە قىلماقتا. ھالبۇكى، ئەبۇ تالىب ئاتا بوۋىسىدىن تارتىپ چوڭ ئۆتكەن نوپۇزلۇق ئەرباپلارنىڭ بىرى. مەككە تەۋەسىدە ئۇنىڭ كىيىملىك تەۋەسىگە دەخلى ـ تەرۆز قىلىشقا ۋە ھىمات دائىرىسىگە قول ئۇزارتىشقا كىم پېتىنالايدۇ؟! مانا بۇ سوئاللار قۇرەيش دائىرىلىرىنى گاھى ئولتۇرغۇزۇپ، گاھى قوپۇرۇپ، قاتتىق ساراسىمىگە سالدى. لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنى ۋە سىياسىي ئورنىغا ۋە ماددىي مەنپەئەتىگە تاقىلىدىغان بۇنداق چوڭ پايدا ـ زىيان توقۇنۇشى ئالدىدا چىش لەۋلىرىنى مەھكەم چىشلەپ، سەبرى قاچىلىرىنى چېقىشتى.

رەسۇلۇللاھقا قارىتا ئورۇنسىز چېقىلىپ يولسىزلىق قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ باشلامچىسى يەنىلا (رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى) ئەبۇ لەھەب بولدى. ئۇ قۇرەيش دائىرىلىرى يۇقىرىقى قارارنى چىقىرىپ دەۋەتنى چەكلەشتىن بۇرۇنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتكەن تۇنجى كۈنى ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئوچۇق بىلدۈرگەنىدى. ئالدىنقى بابلاردا ئۇنىڭ بەنى ھاشىم جەمەتىنىڭ ئايرىم يىغىلىشىدا ۋە سەپا تېغىدىكى يىغىلىشتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قوپاللىق بىلەن رەددىيە بەرگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق. يەنە بەزى رىۋايەتلەردە: « ئۇ ئاشۇ سەفا تېغىدىكى يىغىلىشتا قولىغا تاش ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇرماقچى بولغانلىقى زىكرى قىلىنىدۇ ».

ئەبۇ لەھەب رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى ئىككى ئوغلى ئۇتبە ۋە ئۇتەيبەلەرگە رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى رۇقىيە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇملەرنى كېلىن قىلىۋالغانىدى. رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن ئۇ ئىككى ئوغلىغا بېسىم ئىشلىتىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قىزلىرىنى تالاق قىلغۇزۇۋەتتى.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى ئوغلى) ئابدۇللاھ ئۆلۈپ قېلىۋىدى، ئەبۇ لەھەب خۇش بولغىنىدىن مىيىقىدا كۈلۈپ، مەسلەكداش شېرىكلىرىگە « مۇھەممەدنىڭ نەسلى قۇرىدى »، دەپ خۇشخەۋەر يەتكۈزدى. ئالدىنقى بابلاردا ئەبۇ لەھەبنىڭ ھەج مەۋسۇمى مەزگىلىدە ۋە بازار رەستىلەردە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرىنى تەتۈر تالاش ئۈچۈن ئۇنىڭ كەينىدىن سۆرۈلۈپ يۈرگەنلىكىنى بايان قىلغانىدۇق. تارىق ئىبنى ئابدۇللاھ مۇھارىبى ئەبۇ لەھەبنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرىنى تەتۈر تالاپلا قالماستىن، بەلكى بەزى دەۋەت سورۇنلىرىدا ھەددىدىن ئېشىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، تاش ئېتىپ، پۇتىنىڭ ئوشۇقلىرىنى قانغا بويىۋەتكەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ.

ئەبۇ لەھەبنىڭ ئايالى ئۇممۇ جەمىل (تولۇق ئىسمى ئەرۋا ھەرب ئىبنى ئۇمەييىنىڭ قىزى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەربنىڭ ھەمشىرىسى)مۇ رەسۇلۇللاھقا ئۆچمەنلىك قىلىشتا ئېرىدىن ھەرگىز قېلىشمايدىغان ھازازۇل خوتۇن ئىدى. ئۇ شۇخا ـ تىكەنلىك شاخلارنى ئالايىتەن يۈدۈپ ئەكىلىپ، كېچىسى رەسۇلۇللاھنىڭ ئىشىك دەرۋازىلىرىنى چىتلاپ قوياتتى ۋە ئىشىك ئالدى يوللىرىغا چاچاتتى. ئۇ قاتتىق يۈزسىز خوتۇن بولۇپ سەۋەبسىزلا رەسۇلۇللاھقا تىل سالاتتى، يالغان سۆز ـ چۆچەك تارقىتىپ، پىتنە ـ پاسات ئوچىقىغا ئوت ياقاتتى ۋە رەسۇلۇللاھقا قارىتا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قوزغاش كويىدا يۈرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» بۇ خوتۇننى ﴿... حما لة الْحطب ...﴾ «ئوتۇن توشۇغۇچى»، («قۇرئان كەرىم» سۈرە مەسەدنىڭ بىر قىسمى)، يەنى سۇخەنچى دەپ ئەيىبلىدى.

بۇ ئايال «قۇرئان كەرىم»دىن ئۆزى ۋە ئېرى توغرۇلۇق نازىل بولغان ئايەتلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھنى ئىزلەپ كەلدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ بەيتۇلھەرەمدە كەئبىنىڭ يېنىدا ئەبۇ بەكرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ (خوتۇن)نىڭ قولىدا بىر چاڭگال شېغىل تاشمۇ بار ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرى ئولتۇرغان يەرگە كەلگەن ھامان ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزىنى رەسۇلۇللاھتىن بەنت قىلىۋەتتى چېغى، ئۇ ئەبۇ بەكرىدىن ئۆزگىنى كۆرەلمىدى، شۇڭا ئۇ: «ئى ئەبۇ بەكرى! بايامقى ھەمرىيىڭ قېنى؟ ئۇ مېنى ھەجۋى قىلىپتىكەنمىش، ئەزىبرايى خۇدا، مەن ئۇنى مۇشۇ پېتى تاپالىسام، مۇشۇ تاش بىلەن ئۇنىڭ ئېغىزىنى يېرىۋېتەتتىم، بىلەمسەن، مەنمۇ شائىرەغۇ؟» دېدى. ئاندىن ئۇ تۆۋەندىكى:

مۇزەممەمگە[1] ئاسىيمىز، ئىشلىرىغا قارشىمىز،

ئۆزىنى خار، دىنىنى ئۆچ كۆرەرمىز.

دېگەندەك قوشىقىنى ئوقۇۋېتىپ كېتىپ قالدى. بۇ چاغدا ئەبۇ بەكرى: «ئى رەسۇلۇللاھ ئۇ خوتۇن سېنى كۆرمىدىمۇ قانداق؟» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «راست، ئۇ مېنى كۆرەلمىدى، ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزىنى مەندىن بەنت قىلىۋەتتى»، دېدى.

ئەبۇ بەكرى بەززارمۇ بۇ قىسسىنى رىۋايەت قىلدى. ئۇنىڭدا: «ئۇممۇ جەمىل ئەبۇ بەكرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ‹ئى ئەبۇ بەكرى، سېنىڭ ھېلىقى ئادىمىڭ بىزنى ھەجۋى قىلىپ سۆز توقۇپتۇ›، دېگەن. ئەبۇ بەكرى: ‹ياق، مۇشۇ بىنا (كەئبە)نىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنداق ئىش يوق، ئۇ ھەجۋى قىلىپ شېئىر توقۇمايدۇ، ھەتتا شېئىر دېگەنلەرنى ئېغىزىغا ئالمايدۇ›، دېگەن ئۇممى جەمىل ‹سەنغۇ راست ئېيتىسەن›، دېگەچ قايتىپ قالغان»، دېيىلىدۇ.

ئەبۇ لەھەب رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز تاغىسى ۋە تام ئېلىشما قوشنىسى تۇرۇقلۇق يات قوشنىلىرىغا ئوخشاشلا ئەنە شۇنداق ئەزىيەتلەرنى قىلاتتى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھتىن قۇسۇر ئىزدەپ ئۇنىڭ ئۆيىگىچە باستۇرۇپ كىرىپ، ئورۇنسىز جېدەل تېرىپ ئەزىيەت قىلىدىغانلاردىن ئەبۇ لەھەب، ھەكەم ئىبنى ئەبۇلئاس، ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئەيت، ئەدي ئىبنى ھەمرائۇسەقەفى ۋە ئىبنى ئەسدائۇلھۇزەلى قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ يېقىن قوشنىلىرى بولۇپ،

---

[1] مۇزەممەم ـــــ ئەل نەزىرىدىن ساقىت قىلىنغۇچى دېگەن مەنىدە.

ھەكەم ئىبنى ئەبۇلئاستىن باشقىلىرى ئىسلامغا مۇشەررەف بولالمىغان. ئۇلارنىڭ بىرى رەسۇلۇللاھ ناماز ئوقۇۋاتقاندا، قوينىڭ ھەمرىيىنى [1] ئەكىلىپ ئۇنىڭ دولىسىغا ئارتىپ قويسا، يەنە بىرى ھىلىقى مەينەتنى ئۇنىڭ قايناۋاتقان قازىنىغا تاشلاپ قوياتتى. ئاخىرى بولالماي رەسۇلۇللاھ پەخەسرەك ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئايرىم ھۇجرا تەسىس قىلىشقا مەجبۇر بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار تاشلىغان ھىلىقى مەينەتنى تاياقتا ئىلىپ، ئىشىك تۈۋىگە ئاچىقىپ: ‹ئى ئابدۇماناف جەمەتى! مۇشۇمۇ قوشنىدارچىلىقمۇ؟› دەيتتى ۋە يىراققا ئىتىۋىتىپ كىرىپ كىتەتتى».

ئۇقبە ئىبنى مۇئەيت شاقاۋەت ۋە بەدبەختلىكتە ئىنتايىن ھەددىدىن ئاشقان مەلئۇن ئىدى. ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن نەقىل قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى بەيتۇللاھنىڭ يىنىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئەبۇ جەھىل ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بىر چەتتە ئولتۇرۇقلۇق ئىدى. توساتتىن ئۇلارنىڭ بىرى: ‹قايسىڭلار بىرىپ پالانىنىڭ تۆگىسىنىڭ يىنىنى ئىلىپ كىلىپ، مۇھەممەد سەجدىگە بارغاندا، ئۇنىڭ گەجگىسىگە تاشلاپ قويالايدۇ؟›، دىگەن گەپنى چىقاردى. بۇ چاغدا قەۋمنىڭ ئەڭ شەقىي، بەدبىخى (ئۇ ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئەيت ئىدى) ئورنىدىن تۇرۇپ، ھىلىقى يىننى راستلا سۆرەپ كىلىپ قاراپ تۇردى. رەسۇلۇللاھ سەجدىگە بىرىۋىدى، ئۇ يىننى رەسۇلۇللاھنىڭ دۈمبىسىدىن غول تەرىپىگە ئارتىپ قويدى. مەن بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرغان بولسامۇ، توسۇشقا چامىم يەتمەيتتى. كاشكى، چەكسىز كۈچ-قۇدرىتىم بولسىچۇ؟ دەپ قالدىم. ئۇلار كۈلۈشۈپ، قورساقلىرىنى تۇتۇشۇپ، بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ كىتىشتى. (يەنى ئۇلار كۆپ كۈلگىنىدىن ھەممىسى ئۆز خۇدىنى يوقۇتۇشۇپ، بىر-بىرىگە يۆلىنىپ قىلىشتى) ھەتتا، بىر چاغدا فاتىمە كىلىپ، ئۇنى ئىلىۋەتكەنگە قەدەر رەسۇلۇللاھ بىشىنى كۆتۈرەلمەي سەجدىدە يىتىپ قالدى. فاتىمە كىلىپ ھىلىقى، ئۆپكە-شاللاق، قىرىن-پوقلارنى ئىلىپ تاشلىۋەتكەندىن كىيىن ئاندىن رەسۇلۇللاھ بىشىنى كۆتۈرەلىدى ۋە ‹ئى ئاللاھ! قۇرەيشنى تۇتقىن›، دەپ ئۈچ قىتىم تەكرارلىدى. بۇ دۇئا ئۇلارنى جىمىقتۇرۇۋەتتى. چۈنكى، ئۇلار بۇ جايلاردا قىلىنغان دۇئالار ئىجابەتلىك، دەپ بىلەتتى. ئارقىدىنلا رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئىسىملىكىنى بىر-بىرلەپ ئاتاپ: ‹ئى ئاللاھ! ئەبۇ جەھىلنى تۇتقىن، ئۇتبە ئىبنى رەبىئەنى تۇتقىن، شەيبە ئىبنى رەبىئەنى تۇتقىن، ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرەنى تۇتقىن، ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنى تۇتقىن، ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيتنى تۇتقىن›، دەپ دۇئا قىلدى. (رەسۇلۇللاھ يەتتە كىشنى ساناپ تىلغا ئالغانىدى. ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى يەتتىنچىسىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ)، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن رەسۇلۇللاھ تىلغا ئالغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، بەدرى قۇدۇقىغا تۆپە-تۆپىلەپ تاشلىنىپ، كۆمۈۋىتىلگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم».

ئۇمەييە ئىبنى خەلەف رەسۇلۇللاھنى كۆرسىلا مازاق قىلىپ، كۆز قىساتتى ۋە مەسخىرە قىلاتتى. بۇنىڭ ھەققىدە ﴿ويل لكلّ همزة لِمزة ﴾ «(كىشىلەرنى) ئەيىبلىگۈچى سۇخەنچىگە ۋاي...» 104 - سۇرە) دىگەن ئايەت نازىل بولدى.

---

[1] قوزا توغۇلغاندىن كىيىن چۈشىدىغان نىجاسەت ھەمرىيى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەزكۇر ئۇمەييىنىڭ قېرىندىشى ئۇبەي ئىبنى خەلەف ۋە ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئەيتلەر بەئەينى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى ئىدى. بىر قېتىم ئۇقبە رەسۇلۇللاھنىڭ مەجلىسىدە قېلىپ، ئۇنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بۇنى ئۇبەي ئۇققاندىن كېيىن ئۇقبەگە قاتتىق تاپا-تەنە قىلىپ ئاچچىقلاندى ۋە ئۇنىڭدىن مۇھەممەدنىڭ يۈزىگە مىشقىرىپ، تۈكۈرمىگىچە ئەپ ئۆتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇقبە ئۇبەينىڭ دېگىنىدەك قىلدى. مۇشۇ بەدبەخ يەنە بىر كۈنى چىرىپ كەتكەن كونا بىر ئۇستىخاننى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇۋاپ، شامال يۆنىلىشىگە قارىتىپ رەسۇلۇللاھقا چاچتى①.

ئەخنەس ئىبنى شۇرەيقمۇ رەسۇلۇللاھقا ئورۇنسىز چېقىلىپ، ئەزىيەت قىلىدىغانلاردىن ئىدى. «قۇرئان كەرىم» ئۇنىڭدىكى بارلىق سەلبىي سۈپەتلەرنى تۆۋەندىكى توققۇز سۈپەتكە يىغىنچاقلاپ بايان قىلدى: ﴿ولا تطع كلّ حلّاف مّهيْن هماز مّشّاء بنميم مّناعٍ لّلخير معتد اثيم عتلّ بعد ذالك زنيم﴾ «قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور، سۇخەنچى، بېخىل، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار، قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارامدىن بولغان ئادەمگە ئىتائەت قىلمىغىن» («قۇرئان كەرىم» سۈرە قەلەم 10-، 11-، 12-، 13- ئايەتلەر).

ئەبۇ جەھىل بەزىدە رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ قۇرئان تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ كېتەتتى. لېكىن، ئۇنىڭدا ئىمان، ئىتائەت، ئەدەپ-ئەخلاق تەلىم ئېلىش ۋە قىلچە ئەيمىنىش پەيدا بولماستىن، بەلكى رەسۇلۇللاھقا ئاھانەت قىلىپ ئۇنى دەۋەت يولىدىن توساتتى. ھەتتا، ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ، جەمئىيەتكە ئۇلۇغۋار بىر تۆھپىنى قوشۇۋاتقاندەك، قىلىۋاتقان جىنايى قىلمىشىدىن مەغرۇرلىنىپ پەخىرلىنەتتى. ئۇنىڭ ھەققىدە ﴿فلا صدّق ولا صلّى﴾ «ئۇ (كاپىر) ئىشەنمىدى ۋە ناماز ئوقۇمىدى» («قۇرئان كەرىم» 75- سۈرە 31- ئايەت) دېگەن ئايەت نازىل بولدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەرەمدە ناماز ئوقۇغىنىنى كۆرگەن كۈنىدىن باشلاپلا، ئۇنى نامازدىن توسۇشقا باشلىغانىدى. بىر قېتىم ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ «ماقامى ئىبراھىم» ئالدىدا ناماز ئوقۇۋاتقان يېرىگە كېلىپ قالدى ۋە «ئى مۇھەممەد! مەن سېنى بۇنداق دومىلاپ يۈرۈشتىن توسمىدىممۇ؟» دېدى. ۋە: «ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسەن»، دەپ تەھدىت سالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭغا بوش كەلمىدى. تېگىشلىك دەككىسىنى بېرىپ گېپىگە گەپ قايتۇرغانىدى. بۇ چاغدا ئۇ: «ئى مۇھەممەد! سەن نېمەڭگە تايىنىپ چوڭ سۆزلەيسەن، بىلەمسەن؟ مەن مۇشۇ تەۋەلىكتىكى سورۇنداشلىرى (قوللىغۇچىلىرى) ئەڭ كۆپ ئادەممەن»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ﴿فليدْع نادية﴾ «ئۇ ئۆزىنىڭ سورۇنداشلىرىنى (ياردەمگە) چاقىرسۇن» («قۇرئان كەرىم» 96- سۈرە 17- ئايەت)، دېگەن ئايەت نازىل بولدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا!» دېگەچ ئۇنىڭ پوكىنىدىن سىقىپ يەرگە ئاتتى. بۇ چاغدا خۇدانىڭ دۈشمىنى مەلئۇن ئەبۇ جەھىل: «ئى مۇھەممەد! سەن چېغىڭدا مېنى قورقۇتماقچىمۇ؟ دەمسەن؟ ئەزىبرايى خۇدا، سەن ۋە سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ مېنى ھېچ نېمە

① ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئاللاھ ياسىن سۈرىسىدە بايان قىلغان: «مۇشۇنداق چىرىپ كەتكەن ئۇستىخانمۇ قايتا تىرگۈزۈلەمدۇ؟» دەپ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ئەقىدىسىنى ئىنكار قىلىش ئىدى.

قىلالمايسىلەر، مەن مۇشۇ ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئادەمدۇرمەن»، دەپ كۆرەڭلەپ كەتتى.

بۇ ئەبلەخ يەنە ھېلىقى قېتىم دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن مۇغەمبەرلىك، مەستلىكتىن ھوشىغا كېلىش ئۈياقتا تۇرسۇن، بەلكى تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى. ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس نەقىل قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىر كۈنى ئەبۇ جەھىل نۇتۇق سۆزلەپ: ‹مۇھەممەد كۆز ئالدىڭىزدا يەرگە ئۈسۈپ، يۈزىنى توپىغا پۇچۇلاپ يۈرىدۇ، شۇنداقمۇ؟› دېدى. سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغانلار: ‹شۇنداق›، دېيىشتى، ئۇ: ‹لات ـ ئۇززا (بۇتلارنىڭ نامى ـــ ت) بىلەن قەسەمكى، ئەمدى ئۇنىڭ شۇنداق يوچۇن ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىنى كۆرسەم ئۇنىڭ گەجگىسىگە راسا دەسسەپ، ئۇنىڭ يۈزىنى توپىغا ئوبدانراق مىلەپ قويىمەن›، دېدى ـ دە، ئۇدۇل رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ بۇ ۋاقىتتا ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ گەجگىسىگە يانچىماقچى بولۇپ كەلدى. كۆپچىلىك قارىشىپ تۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن بىر نەرسىنى بوشتىپ، كەينىگە قايتقانلىقى ئۇلارنى ھاڭتاڭ قالدۇردى. بىر قانچە كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ‹ئى ئەبۇلھەكەم (ئەبۇ جەھىلنىڭ كونيىتى) نېمە بولدۇڭ؟› دەپ سوراشقانىدى. ئەبۇ جەھىل راسا ئۇلۇغ ـ كىچىك بىر تىنىۋېلىپ: ‹مۇھەممەد بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامغا يالقۇنلاپ كۆيۈپ تۇرغان بىر خەندەك پەيدا بولدى. مانا بۇلار ئوتنىڭ ئۇچقۇنلىرى›، دېدى. شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ: ‹ئەگەر ئەبۇ جەھىل ماڭا يېقىنلاپ كەلگەن بولسا، پەرىشتىلەر ئۇنى تىتما ـ تىتما قىلىپ پارچىلىۋېتەتتى›، دېگەن».

مۆھتەرەم كىتابخان! مان بۇ ناھەق ئەزىيەت كۆلپەتلەر ۋە ئېغىر ھاقارەت، ئورۇنسىز چېقىلىش ۋە دىل ئازار بېرىش قىلمىشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە جەمئىيىتىدىكى يۇقىرى تۆۋەن ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىدە ئىززەت ۋە ھۆرمەت سۇپىسىدىن ئورۇن ئالغان، مەككە ئاقساقاللىرى ئىچىدە تەسىرى ئەڭ زور ۋە ئەڭ ئابرۇيلۇق شەخس، ئەبۇ تالىپنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تۇرۇقلۇق تارتقان ئەزىيەت كۆلپەتلەردۇر.

ئەمما، مۇسۇلمانلار (بولۇپمۇ ئىگە چاقىسىز ئاجىز) ھىماتچىسى يوقلارغا نىسبەتەن مەزكۇر قارارنىڭ ئىجراسى تېخىمۇ ئېغىر ھەم ئېچىنىشلىق بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەر تەرەپتىن بېسىم ۋە ئىزا ـ ئاھانەتلەر يېغىۋاتقان شۇ كۈنلەردە ھەر بىر قەبىلە ئۆز تەۋەسىدىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن ياكى مايىل بولغانلارنى سەزگەن ھامان تۇرلۇك قەبىھ ۋاستىلەر بىلەن قىيناپ جازا يۈرگۈزدى. قەبىلە تەۋەلىكى بولمىغانلارنى جەمئىيەت داشقاللىرى ۋە قۇلدار خوجايىنلار ئۆزلىرى خالىغانچە جازالاپ، قىيىن ـ قىستاققا ئالدى، بۇنداق ۋەھشىيانە ئېچىنىشلىق جەريانلار نى ـ نى تاش يۈرەك ئادەملەرنىمۇ ئېچىندۇرىدۇ ۋە تېنىنى شۈركەندۈرىدۇ.

ئەبۇ جەھىل ئۆز تەۋەسىدە نوپۇزلۇقراق ياكى ھىماتچىلىرى كۈچلۈكرەك كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغىنىنى ئاڭلىسا، بېرىپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرەتتى ياكى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە زور زىيان يېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇراتتى. ناۋادا جەمئىيەتتە ئورنى يوق، ئاجىز كىشى مۇسۇلمان

بولسا، ئۇنىڭغا كەلگىنىچە قول سېلىپ ئۇراتتى ۋە باشقىلارنى ئۇلارنى ئازابلاشقا كۈشكۈرتەتتى.

ئوسمان ئىبنى ئەففاننى ئۇنىڭ تاغىسى خورما شاخلىرىدىن ياسالغان چىغ پالازغا يۆگەپ ئاستىدىن ئىس قويۇپ بېرىپ ئازابلىدى.

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا نان بەرمەي نەچچە كۈن ئاچ قويدى ۋە ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپ سەرگەردانلىق يولىغا ھەيدىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاچلىق ۋە دالا تۇرمۇشىنىڭ دەستىدىن، يىلان تېرە تاشلىغاندەك بىر قات تېرىسىنى تاشلىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئائىلىسى خېلى يۇقىرى ھاللىق ئائىلە ئىدى.

بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئەسلىدە ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنىڭ قۇلى ئىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۇمەييە ئۇنىڭ بويىنىغا ئارغامچا سېلىپ باغلاپ، كىچىك گۆدەك باللارغا تۇتۇپ بەردى. كىچىك كەپسىز باللار بىلالنى مەككىنىڭ تاغلىرىدا سۆرەپ يۈرۈپ بويۇنلىرىنى زىدە قىلىپ قانىتىۋېتەتتى. كەچلىكى باللار زېرىكىپ قايتىپ كەلسە، ئۇنى مەھكەم باغلىۋېتىپ ئۇزى ھارغىچە ئۇراتتى. بەزىدە كۈننىڭ ئاپتاپ تومۇزىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاپتاپقا قاقلاپ قىيىنىسا، يەنە بەزىدە قورسىقىغا نان بەرمەي، «ئىماندىن يانساڭ، نان يەيسەن»، دەپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق بولغىنى شۇكى، ئۇ ھەر كۈنى كۈن راسا قىزىغاندا، بىلالنى باغلاپ، مەككىنىڭ سىيىغا ئاچىقىپ، ياتقۇزۇپ مەيدىسىگە قاتتىق قىزىغان قورام تاشلارنى ئېلىپ قويۇپ: «ئەزبىرايى خۇدا، سەن بۇگۈن ياكى مۇھەممەدنى ئىنكار قىلىپ، لات-ماناتقا باش قويىسەن ياكى مۇشۇ پېتىڭ ئۆلىسەن»، دەيتتى. بىلال مۇشۇنداق ئېغىر ئازاب ئىچىدە: «ئەھەد، (بىر) ئاللاھ بىر»، دەپ تۇراتتى. بىلال شۇنداق ئازاب چېكىۋاتقان ھالەتلەرنىڭ بىرىدە ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئوبدان خىزمىتىنى قىلىۋاتقان بىر قارا قۇلغا تېگىشىپ ئازاد قىلىۋەتتى. ئەبۇ بەكرى بىلالنى يەتتە ئۇقىيە ياكى بەش سەر كۈمۈش تەڭگىنى نەخ ساناپ بېرىپ سېتىۋېلىپ، ئازاد قىلىۋەتكەن» دېگەن سۆزمۇ بار.

ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بەنى مەخزۇم جەمەتىدە بىر كىشىنىڭ ئازاتگەردىسى (سېتىۋېلىپ ئازات قىلىۋەتكەن قۇلى) بولۇپ، ئەممار، ئەممارنىڭ ئاتىسى ۋە ئانىسى بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولغانىدى. مۇشرىكلار (بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ كاتتىۋېشى ئەبۇ جەھىل) بۇ ئۈچ كىشىنى مەككىنىڭ سىرتىدىكى تاشلىققا ھەيدەپ ئېلىپ چىقىپ، سايىنىڭ تاشلىرى راسا قىزىغاندا، يالىڭاچلاپ تاشقا ياتقۇزۇپ ئازابلاشقا باشلىدى ۋە قىزىغان تاشلارنى ئەكېلىپ ئۇلارنىڭ تۆپىسىگە دۆۋىلەپ قويدى. ئۇلار مۇشۇنداق ئازابلىنىۋاتقان ۋاقىتلىرىنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «سەۋرى قىلىڭلار، ياسىر ئائىلىسى! جەننەت سىلەرنى كۈتمەكتە»، دېدى. راست دېگەندەك ياسىر ئاشۇ ئازاب ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى. قىيناپ ئۆلتۈرۈشتە جېنى چىقماي قالغان سۇمەييە (ئەممارنىڭ ئانىسى)نىڭ ئەۋرىتىگە ئەبۇ جەھىل نەيزە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ئىسلام دىنى مەيدانىغا

كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى شەھىدە (ئايال شېھىد) ھېسابلىنىدۇ. مۇشرىكلار ئەممارنى بىر دەم ئاپتاپقا سېلىپ كۆن نۇرىدا قىزىغان تاشلارنى ئۇستىگە دۆۋىلەپ قويۇپ ئازابلىسا، يەنە بىر دەم سۇغا پىشىپ دېمىقتۇرۇپ ئازابلايتتى. بىر قېتىم ئۇلار: «بۇگۈن بىز سېنى ياكى مۇھەممەدنى تىللاپ ئەيىبلىمىگۈچە ياكى لات، ئۇززا ھەققىدە مەدھىيە ئوقۇمىغىچە قويۇۋەتمەيمىز، ئۆلتۈرۈۋېتىمىز»، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەممار مەجبۇريي ھالدا رەسۇلۇللاھنى ئەيىبلەشكە قوشۇلدى ۋە ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپلا ئۇدۇل رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا يىغلىغان پېتى ئۆزرە ئېيتىپ كەلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە ﴿من كفر باللّٰه من بعد اِيمانه اِلا من اكره و قلبه مطمئن بالايمان ﴾ «كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنۋالسا، (قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ، مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا،) كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىيارى يۇسۇندا مۇرتەد بولسا) ئۇ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ». (سۈرە نەھل106 ـ ئايەت).

ئەبۇ فۇكەيھە (تولۇق ئىسمى ئەفلەھ) ئابدۇددار جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئازادگەردىسى ئىدى. ئۇلار ئەفلەھنى پۇتىدىن باغلاپ ئاتقا سۆرىتىپ ئازابلايتتى.

خەبباب ئىبنى ئەرەت ئۇممى ئەنمار بىنتى سىبائ خۇزائىنىڭ قۇلى ئىدى. مۇشرىكلار ئۇنى تۈرلۈك قەبىھ ۋاستىلەر بىلەن ئازابلايتتى. ئۇلار خەببابنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ، سۆرەيتتى ۋە ئالدى ـ كەينىگە ئىتتىرىپ دۈشكەللەپ قىينايتتى. ئۇنى نەچچە قېتىم قىزىق قوقاسقا ئۇلتۇرغۇزۇپ، ئۇستىگە كۆتۈرۈپ قوپالمىغۇدەك ئېغىر تاشلارنى ئارتىپ قويغاندى.

زەنىرە، نەھدىيە ۋە ئۇنىڭ قىزى شۇنىڭدەك ئۇممۇ ئەبىيسەلەر مۇسۇلمان بولغان دېدەك ـ چۆرىلەر ئىدى. مۇشرىكلار ئۇلارغىمۇ ئوخشاشلا ئازاب ـ ئۇقۇبەتلەرنى ياغدۇرۇپ، قىيىن ـ قىستاققا ئالدى. بەنى مۇئەممىل جەمەتى (ئۇلار بەنى ئەدىي قەبىلىسىنىڭ بىر ئايمىقى)دىن بىر دېدەك مۇسۇلمان بولغاندى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ئۇ بۇ ۋاقىتتا تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى) ئۇنى ئۇرۇپ، ھارغاندا ئاندىن قويۇۋەتتى ۋە: «ھېرىپ قالمىغان بولسام، يەنە ئۇراتتىم»، دېدى.

ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) بىلال ۋە ئامىر ئىبنى فۇھەيرەلەرنى سېتىۋېلىپ، ئازات قىلىۋەتكىنىدەك، مەزكۇر چۆرە ـ قىزلارنىمۇ سېتىۋېلىپ، ئازاد قىلىۋەتتى. مۇشرىكلار بەزى ساھابىلەرنى تۆگە تېرىسى ۋە كالا تېرىسىگە يۆگەپ كۈنىنىڭ قىزىقىغا تاشلاپ قوياتتى ۋە بەزىلىرىگە تۆمۈر ساۋۇتلارنى كىيگۈزۈپ، پاژ ـ پاژ قىزىغان تاشلار ئۇستىدە ياتقۇزۇپ قىينايتتى.

خۇدا يولىدا ئازابلانغانلارنىڭ سانى كۆپ، ئەھۋالى ئېچىنىشلىق. چۈنكى، مۇشرىكلار كىمنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئۇقسا، ئۇنى تۇتۇپ جازاغا تارتاتتى ۋە ئەزىيەت، كۈلپەت يەتكۈزەتتى.

**ئەرقەم قورۇسىدا چاقنىغان مەشئەل**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قاتمۇ-قات زۇلۇم-ستەملەر ئالدىدا مۇسۇلمانلارنى سۆز ياكى ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئاشكارىلاشتىن توسۇشى ۋە ئۇلار بىلەن مەخپىي رەۋىشتە ئۇچرىشىشى ئىنتايىن دانا تەدبىر بولغانىدى. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن ئاشكارا «باردى-كەلدى» قىلىپ يۈرگەندە مۇشرىكلار ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا «قۇرئان كەرىم»نى ئۆگىتىۋېتىپ، دىنىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ نەپسىنى پاكلاش ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى. ھەتتا ئىككى تەرەپنىڭ توقۇنۇشۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. نەبۇۋۋەتنىڭ (پەيغەمبەرلىك نازىل بولغان يىل)نىڭ 4-يىلى ئەنە شۇنداق ئەھۋاللار ھەقىقەتەن يۈز بەردى. «ساھابىلار تاغ-جىرالارغا يىغىلىپ، مۇشرىكلارنىڭ كۆزىدىن يىراق يەرلەردە ناماز ئوقۇيتتى. بىر كۈنى قۇرەيش كاپىرلىرىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ، قاتتىق ھاقارەتلىدى ۋە مۇشت كۆتۈرۈپ ئۇرۇشتى. ئۇرۇش-تالاش جەريانىدا سەئەد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇشرىكلاردىن بىر كىشىنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ قويىدى. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئاققان قان ئىسلام تارىخىدا قارشى تەرەپتىن تۆكۈلگەن تۇنجى قان ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، ناۋادا بۇنداق توقۇنۇش ۋە ئۇرۇشلار كۆپ قېتىم يۈز بەرسە ياكى ئۇزۇنغا سوزۇلسا، مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى قاتتىق باستۇرۇشى ۋە تەلتۆكۈس يوقىتىپ، قەتلى ئام قىلىۋېتىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، يوشۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ھەر ھالدا دانالىق بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن ساھابىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامى ئىبادىتىنى، دۇئا-تىلاۋەتلىرىنى ۋە يىغىلىش پائالىيەتلىرىنى مەخپىي تۇتاتتى. ئەمما، رەسۇلۇللاھچۇ؟ ئۇ مۇشرىكلار يىغىلغان سورۇنلاردا ئاشكارا دەۋەت ئېلىپ بېرىۋېرەتتى ۋە ئاشكارا ئىبادەت قىلىۋېرەتتى. ئۇنى بۇ ئىشىدىن ھېچكىم توسالمايتتى. لېكىن، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاشۇ مۇسۇلمانلار بىلەن ئىنتايىن مەخپىي رەۋىشتە ئۇچرىشاتتى. ئەرقەم ئىبنى ئەبىلئەرقەم مەخزۇمىينىڭ قورۇسى، سەپا تېغىنىڭ كەينىگە جايلاشقان بولۇپ، زالىم جاللاتلارنىڭ كۆزىدىن ۋە ئۇلارنىڭ يىغىلىش سورۇنلىرىدىن بىر قەدەر يىراق ئىدى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ بۇ يەرنى بىئسەت (يەنى پەيغەمبەرلىك نازىل بولغان يىلى)نىڭ 5-يىلىدىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ دەۋەت بازىسى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچرىشىش مەركىزى قىلدى.

## ھەبەشىستانغا قىلىنغان تۇنجى ھىجرەت

مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى ناھەق جازالاپ قىيناشلىرى بىئسەت (پەيغەمبەرلىك نازىل بولغان يىلى)نىڭ 4-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ يولغا قويۇلۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن كۈندىن كۈنگە، ئايدىن ئايغا تەدرىجىي كۈچىيىپ، 5-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، رەسمىي چېكىدىن ئاشتى. ۋەزىيەتتە چىداپ تۇرغۇسىز ھالەت شەكىللەندى. ھەتتا مەككىدە تۇرۇش مۇمكىن بولماي قالدى. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلارنى بۇ ئېغىر ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان بىر چارە-تەدبىر تېپىشقا توغرا كەلدى. مانا مۇشۇنداق زۇلۇم قاپلاپ

كەتكەن قىيىن بىر پەيتتە مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاشلىغان سوئاللىرىغا جاۋابەن سۈرە كەھف نازىل بولدى. بۇ سۈرە ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ قىسسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇ قىسسىلەردە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مۇئمىن بەندىلەرگە چوڭقۇر تەربىيە ۋە چىقىش يولى يوشۇرۇن ئىشارەتلەر بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن. سۈرىدىكى

ئەسھابۇلكەھف قىسسىسى: مۇئمىن ئادەم ئۆز دىنىنىڭ پىتنە- پاساتقا ئۇچرىشىدىن قورقسا، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ، كۇفرى ۋە زۇلۇم- سىتەم ئەۋج ئالغان جايلارنى تاشلاپ، ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلىدۇ. ﴿واذاعتزلتموهم وما يعبدون اِلا الله فاوآ اِلى الْكهْف ينْشرْ لكمْ ربكم مِنْ رحمتهِ ويهيئ لكمْ مّن امركم مرْفقا﴾ «(ئى يىگىتلەر!) سىلەر ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىدىن ئايرىلغان ئىكەنسىلەر، غارنى پانا جاي قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە كەڭ رەھمەت قىلىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ». («قۇرئان كەرىم 18- سۈرە 16- ئايەت) دەيدۇ.

خىزىر (ئەلەيھىسسالام) بىلەن مۇسا (ئەلەيھىسسالام)نىڭ قىسسىسى بولسا: جاھاننىڭ رەپتارى ھەرگىز بىر پەلەكتە ئايلانمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ شەرت- شارائىتلىرى ھەمىشە كىشى مۆلچەرلىگەندەك چىقمايدىغانلىقىنى، بەلكى بەزىدە ئىشلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قىسسىدە يەنە ھازىر مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇرۇش ۋە قىيىن قىستاقلار پات ئارىدا تامامەن ئەكسىگە ئۆرۈلۈپ، بۇ زالىم، قانخور مۇشرىكلار (ئەگەر مۇسۇلمان بولۇپ، تەۋبە قىلىۋالمىغان تەقدىردە) ئاشۇ ئازاب چەككەن ۋە خارلانغان ئاجىز مۇسۇلمانلار ئالدىدا قاتتىق جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىغا نازۇك ئىشارەت ۋە بېشارەتلەر بېرىلگەن.

زۇلقەرنەين قىسسىسى ، زېمىن ئاللاھنىڭ زېمىنى، ئۇنى ئاللاھ ئۆزى خالىغان بەندىلەرگە ئىلتىپات قىلىدۇ، نىجاتلىق ۋە ئاقىۋەتنىڭ خەيرلىك بولۇشى كۇفرىنىڭ تويۇق كوچىسىدا ئەمەس، بەلكى ئىمان- ئىسلامنىڭ داغدام يولىدا تېپىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىلىرى ئىچىدىن ھەر قايسى دەۋرنىڭ يەئجۇجى ۋە مەئجۇجلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنىدىن شۇ دەۋرنىڭ ئاجىز بىچارىلىرىنى قۇتقۇزىدىغان ھەقىقىي جەسۇر، مەرد، مۇئمىنى كامىللارنى (پات- پات) مەيدانغا كەلتۈرۈپ تۇرىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ زېمىنىغا ۋارىسلىق قىلىشقا ئاللاھنىڭ سالىھ (مۇئمىنى كامىل تەقۋادار) بەندىلىرى لايىقتۇر، دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ. سۈرە كەھفنىڭ ئارقىسىدىنلا ھىجرەت قىلىشقا ئىشارەت بېرىپ ۋە ئاللاھنىڭ زېمىنىنىڭ تار ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇرۇپ سۈرە زۇمەر نازىل بولدى. ﴿لِلّذين احسنوا في هذه الدنيا حسنة ط وارض الله واسعة ط انما يوفّى الصّابروْن اجرهمْ بغير حساب﴾ «... بۇ دۇنيادا ياخشى ئىش قىلغانلار (ئاخىرەتتە) ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ. ئاللاھنىڭ يېرى كەڭدۇر (كۇففارلار ئارىسىدىن شۇ يەرگە ھىجرەت قىلىڭلار)، پەقەت سەبرى قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ». («قۇرئان كەرىم» سۈرە زۇمەر 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەبەشىستان پادىشاھى ئەسھەمەتۇننەجاشىنىڭ ئادىل پادىشاھ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە ھەر قانداق بىر دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى بوزەك

قىلنمايدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئۆز دىنىنى پىتنە ـ پاسات، زۇلۇم ۋە بېسىمدىن خالىي ساقلاش ئۈچۈن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىدى.

بېئسەتنىڭ 5 ـ يىلى رەجەب (7 ـ ئاي) ئېيىدا 12 نەپەر ئەر ۋە تۆت نەپەر ئايالدىن تەركىب تاپقان تۇنجى بىر تۈركۈم ساھابىلەر ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلدى. ئۇلارغا ئوسمان ئىبنى ئەففان مەسئۇل بولدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئايالى رۇقىيە (رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى) بىرگە ھىجرەت قىلغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككىيلەن ھەققىدە: «بۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامدىن قالسا، تۇنجى قېتىم خۇدا يولىدا ھىجرەت قىلغان بىر ئائىلىلىك كىشىلەردۇر»، دېدى.

بۇلار قۇرەيشلەرگە تۇيدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن تۈن نىسپىدە شەپە چىقارماي سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىپ قىزىل دېڭىز بويىدىكى بىر خەلق پورتىغا يېتىپ باردى. ئالالاھنىڭ تەقدىرى شۇنداق بولسا كېرەك، بۇ مۇھاجىرلارغا ئىككى دانە تىجارەت كېمىسى ئۇچراپ قېلىپ، ئۇلارنى ھەبەشىستانغا ئۆتكۈزۈپ قويدى. مۇھاجىرلار ئويلىغىنىدەك قۇرەيش دائىرىلىرى ئەھۋالنى ئۇقۇپ قېلىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ چىقتى. لېكىن، ئۇلار دېڭىز بويىغا بارغاندا، مۇھاجىرلار ئالللىقاچان دېڭىز ساھىلىدىن ئايرىلىپ بولغانىدى. مۇسۇلمانلار ھەبەشىستاندا ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋېلىنىدى ۋە بىر ئوبدان تۇرۇپ قالدى.

شۇ يىلى رامىزان ئېيىدا مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەردى. رەسۇلۇللاھ بىر كۈنى ھەرەمگە چىققانىدى. بۇ يەردە نۇرغۇن كىشىلەر يىغىلىپ، سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭ ـ چوڭ ئەربابلار ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرىمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىغا چىقىپلا، سۈرە نەجمىنى تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى. مۇشرىكلار: ﴿لا تسمعوْا لهذا القرآن والغوا فيه لعلكم تغلبون﴾ «بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرىۋېتىڭلار، سىلەر غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن» (قۇرئان كەرىم سۈرە فۇسسىلەت، 26 ـ ئايەت) دېگەن نەزەرىيىسى بويىچە ئۇلار ئۆزئارا پۈتۈشۈۋالغان ئەھدىلىرىگە ئاساسەن بۇنىڭ ئالدىدا بۇ قۇرئاننى زەڭ سېلىپ تىڭشاپ باقمىغانىدى. بۇ قېتىم رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئۇشتۇمتۇت بۇ سۈرىنى ئوقۇپ بېرىۋىدى، (تىل گۈزەللىكى ۋە شېرىن زابانلىقىنى تەسۋىرلەپ بولمايدىغان) كۈچلۈك جەزبىدارلىقتا ئىگە بۇ ئىلاھىي كالام ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىدىن بىئىختىيار ھالدا كىرىپ، دىل تارلىرىنى چەكتى چېغى، ئۇلار ئۆزلىرىچە خۇدىنى يوقىتىپ، بۇ مۆڭلۈق تىلاۋەتكە قۇلاق سېلىپ داڭ قېتىپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە قۇرئان مەزمۇنىدىن باشقا ھېچنەرسە كىرمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرىنىڭ ئاخىرىدىكى ﴿فَٱسْجدو لله وَاعبدوا﴾ «ئالالاھقا سەجدە قىلىڭلار ۋە ئىبادەت قىلىڭلار»، دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلىپ بولۇپلا، سەجدىگە باش قويۇۋىدى، ھەممەيلەن رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىپ ئىختىيارسىز ھالدا سەجدىگە كېتىشتى.

ئەسلىدە بۇلارنىڭ ئىختىيارسىز سەجدىگە كېتىشى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ھەقىقەت كۈچىنىڭ ھاكاۋۇر، مەسخىرىچى، خۇمسىيلارنىڭ كۆڭلىدىكى بۇيۇنتاۋلىق تۇغانىنى پاچاقلاپ تاشلىغانلىقى ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بىئىختىيار ھالدا سەجدىگە كېتىشكەنىدى.

كېيىن، ئۇلار ئاللاھنىڭ كالامىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بويۇن چۆلۈۋرىنى تارتىپ بويسۇندۇرغانلىقىنى، نەتىجىدە ئۆزلىرى يوقاتماقچى بولۇپ ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتۇاتقان ئىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا قىلىپ سالغانلىقىنى سېزىشىپ، قوللىرىنى چىشلەشتى ھەمدە ئۇلارغا سورۇنغا ھازىرلىق قىلمىغانلار تەرىپىدىن قاتمۇ-قات تاپا-مالامەتلەر ياغدى. بۇ چاغدا ئۇلار رەسۇلۇللاھقا تۆھمەت چاپلاپ: «رەسۇلۇللاھ بىزنىڭ بۇتلىرىمىزغا مۇئەييەن دەرىجىدە ئورۇن بېرىشكە قوشۇلدى ۋە ئاشۇ بۇتلار ھەققىدە «ئاشۇ بۇتلار ئۇلۇغ پەرىشتىلەردۇر، ئۇلارنىڭ شاپائىتى چوقۇم ئۈمىد قىلىنىدۇ»»، دېدى، دېگەندەك بىر نېمىنى ئويدۇرۇپ چىقاردى. ئۇلار بۇ قاپ-قارا تۆھمەتنى ئۆزلىرىنىڭ ھېلىقى سورۇندا رەسۇلۇللاھ بىلەن سەجدىگە باش قويۇپ سالغانلىقىنى ئاقلاش يۈزىسىدىن ئويدۇرۇپ چىققانىدى.

ئەمەلىيەتتە يوچۇق تاپسىلا يالغاننى توقۇپ، ھىيلە-نەيرەڭ ئويىنىتىپ، تۆھمەت چاپلاشقا ئادەتلەنگەن بىر قەۋم ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق ئەھۋاللارنى ھەرگىز يات سانىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇ خەۋەر ھەبەشىستان مۇھاجىرلىرىغا ئاڭلاندى. لېكىن، ئۇ دەل ئەكسىچە: «قۇرەيشلەر بىر پۈتۈن مۇسۇلمان بولۇپ كېتىپتۇ»، دېگەن مەزمۇندا ئاڭلانغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەبەشىستاندىكى مۇھاجىرلار مۇشۇ يىلى شەۋۋال ئېيى ( 10- ئاي)دا مەككىگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار مەككىگە كىرگىلى بىرەر سائەتلىك يول قالغاندا، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇپ، كەينىگە ئۇرۇلگىنىچە ھەبەشىستانغا قايتتى. ئاز بىر قىسمى يوشۇرۇن ھالەتتە ياكى قۇرەيشلەردىن بىرەر كىشىنىڭ ھىمايىسىدە ئاندىن مەككىگە كىرەلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن قۇرەيشلەرنىڭ ھەبەشىستاندىن قايتىپ كەلگەنلەرگە ياكى مەككىدە مۇقىم تۇرغانلارغا بولسۇن جازا يۈرگۈزۈپ، قىيىن قىستاققا ئېلىشى تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ كەتتى ۋە ھەر قايسى قەبىلە، ئائىلىلەر ئۆز تەۋەسىدىن مۇسۇلمان بولغانلارنى ئىسكەنجىگە ئالدى. ئەسلىدە، ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىنىڭ مۇسۇلمان مۇھاجىرلىرىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ياخشى ئورۇنلاشتۇرغانلىقى قۇرەيش دائىرىلىرىغا قاتتىق ئەلەم قىلغانىدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرگە ھەبەشىستانغا قايتا ھىجرەت قىلىشتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى ئېيتتى. لېكىن، بۇ قېتىمقى ھىجرەت ئالدىنقى قېتىمدىكىدەك ئوڭايغا توختىمىدى. «قۇرەيش دائىرىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرەت پىلانىنى سېزىپ قېلىپ، ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلىشقانىدى. بىراق مۇسۇلمانلارمۇ بوش كەلمەي چاپسان تەييارلىنىپ، ئۆز يولىغا راۋان بولۇشتى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ سەپىرىنى ئاسان قىلىشى بىلەن ھېچبىر توسالغۇسىز ھەبەشىستانغا يېتىپ بېرىۋېلىشتى.

بۇ قېتىمدا ئەرلەردىن 83 كىشى (ئەممار ئىبنى ياسىرمۇ شۇلار ئىچىدە بار دېيىلسە، چۈنكى ئۇنىڭ مۇشۇ قېتىم ھىجرەت قىلغانلار ئىچىدە بارلىقى ھەققىدە قاراش ئوخشاش ئەمەس)، ئاياللاردىن 18 ياكى 19 كىشى ھىجرەت قىلدى.

## قۇرەيشلەرنىڭ ھەبەشىستاندىكى مۇھاجىرلارغا چاڭ سېلىشى

مۇھاجىر-مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكى ۋە دىنى ئۈچۈن
تىنچ-خاتىرجەم بىر ماكان تېپىۋالغانلىقى مۇشرىك كاپىرلارنىڭ ئوغۇزىنى ئېچىتتى ۋە
ئۇلارغا قاتتىق ئەلەم قىلدى. شۇڭا ئۇلار ئەقىل-پاراسەتلىك، جەسۇر ئىككى يىگىتنى
(ئۇلار ئەمرى ئىبنى ئاس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەبىئە بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ تېخى مۇسۇلمان
بولمىغان چاغلىرى ئىدى) تاللىدى. ئۇلاردىن نەجاشى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر-ۋۇزورالىرى ۋە
دۆلەت ئەركانلىرىغا ناھايىتى ئېسىل سوۋغا-سالاملارنى يوللىدى. ئەلچىلەر ئاۋۋال ۋەزىر
ئەركانلار بىلەن كۆرۈشۈپ، سوغا تارتۇقلارنى تاپشۇرۇپ بەردى ھەمدە ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنى
قوغلاپ چىقىرىشنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا دەلىل-پاكىتلار بىلەن تەمىنلىدى
ۋە ئۇلارنى پادىشاھقا مۇسۇلمانلارنى قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشكە قايىل
قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىككىسى نەجاشىنىڭ سەيناسىدا ھازىرلا يېتىپ كەلگەن
قىياپەتتە پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا مەككىدىن ئېلىپ كەلگەن سوغا-سالام ۋە
ھەدىيە-تارتۇقلارنى تەقدىم قىلدى. ئاندىن پادىشاھقا سۆز ئېچىپ مۇنداق دېيىشتى:
پادىشاھ ئالىيلىرى! سىلىنىڭ دۆلەتلىرىگە بىر قىسىم يامان غەرەزلىك ئادەملەر
كېلىۋاپتۇ. ئۇلار ئۆز قەۋمى ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى دىنىنى تاشلىغانلاردۇر.
سىلىنىڭ دىنلىرىغىمۇ ھەم كىرمەيدۇ. ئۇلار شۇنداق يوچۇنلا بىر دىنىنى كۆتۈرۈپ
چىقتىكى، ئۇنىڭ تەلىماتىنى بىزمۇ ئۇقمايمىز، سىلىمۇ ئۇقمايلا! بىزنى ئۇلارنىڭ
ئاتا-ئانا، ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى، قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە ئەل يۇرت مۆتىۋەرلىرى قايتۇرۇپ
كېلىشكە ئەۋەتتى. ئەلۋەتتە، چوڭلار يىراقنى كۆزلەيدۇ ۋە بۇلارنىڭ بىزگە قويغان
ئەيىبلىرىنى ۋە چىقىشالمىغان تەرەپلىرىنى ئاشۇلار ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا، بۇلارنى بىز
بىلەن قايتۇرۇۋېتىشلىرىنى ئالىي ئېھتىرام بىلەن ئىلتىماس قىلىمىز!».

—— شۇنداق پادىشاھ ئالىيلىرى! بۇ پەيداۋايلارنى مۇشۇ ئەلچىلەرگە تاپشۇرۇپ
بەرسىلە، ئۇلارنى ئۆز ماكانلىرىغا قايتۇرۇپ كەتسۇن، —— دېدى ۋەزىر-ۋۇزۇرالار بىردەك ئاۋاز
بىلەن.

لېكىن، نەجاشى ئېنىقلاپ، ئەتراپلىق ئاڭلاپ بېقىش كېرەكلىكىنى زورۇر دەپ
قارىدى چېغى، مۇسۇلمانلارغا ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كەلدى. مۇسۇلمانلار مەيدانغا ھازىر
قىلىندى. ئۇلار ئۆزئارا پىكىرلىشىپ: «قانداقلا بولمىسۇن، راست گەپ قىلايلى»، دېگەن
قارارغا كەلگەندى.

نەجاشى مۇسۇلمانلاردىن: «ئۆزۈڭلارنىڭ قەۋمى-جامائىتى ۋە يۇرت-مەھەللىسىدىن
ئايرىلىپ تۇرۇپ، يا مېنىڭ دىنىمگە كىرمەي، يا باشقا مىللەتلەرنىڭ دىنىغا كىرمەي،
ئېتىقاد قىلىۋاتقىنىڭلار قايسى دىن ئۇ؟» دەپ سورىدى.

شۇنىڭ بىلەن جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب مۇسۇلمانلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ مۇنداق
دېدى:

—— پادىشاھ ئالىيلىرى! بىز جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەن نادان خەلق ئىدۇق،
بۇتقا چوقۇناتتۇق، ئۆزى ئۆلگەن ماللارنىمۇ يەيتتۇق. زىنا-پاھىشىگە ئۆزىمىزنى ئۇراتتۇق.
ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارا سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قوشنىدارچىلىقىمىز يامانلاشقانىدى.
كۈچلۈكلەر ئاجىزلىرىمىزنى يەيتتى. بىز مۇشۇنداق ناھەقچىلىققا توشقان جەمئىيەتتە

ياشاۋاتقان بىر پەيتتە ئاللاھ بىزگە ئۆز ئىچىمىزدىن بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى. بىز ئۇنىڭ راستچىل، سەمىمىي، پاك نەسەبلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئۇ بىزنى ئاللاھنى يەككە يېگانە بىلىشكە، ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا، بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۇزاقتىن بىرى قارىغۇلارچە چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان ياغاچ ـ تاش (بۇت)لارنى كۆزىمىزدىن سېلىپ تاشلاشقا چاقىردى ۋە بىزنى راست سۆزلەش، ئامانەتنى ئۆز جايىغا قارار تاپقۇزۇش، سىلە ـ رەھىم قىلىش، قولۇم ـ قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش، هارامخورلۇق ۋە ناھەق قان تۆكۈشتىن قەتئىي ساقلىنىشقا بۇيرىدى. پاھىشىۋازلىق، يالغانچىلىق، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ مېلىنى يەۋېلىش ۋە ئىپپەتلىك ئاياللارغا بوھتان قىلىشلاردىن توستى. ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇشقا بۇيرىدى،ـــ دەپ جەئفەر بىر قانچە دىنىي ئەمەللەرنى تىلغا ئالدى. ـــ بىز ئۇنى تەستىقلىدۇق. سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇ ئېلىپ كەلگەن توغرا دىنغا كىردۇق ۋە ئاللاھنى بىر بىلىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلدۇق. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىدۇق. بىز هارام قىلىنغان شەيئىلەرنى هارام، هالال قىلىنغان شەيئىلەرنى هالال دەپ ئېتىقاد قىلدۇق بىزنىڭ قەۋمى ـ جامائىتىمىز مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا بىزگە ئاچچىقلاندى. بىزنى يولسىز ئازابلىدى. ئۇلار بىزنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا بۇت ـ ھەيكەللەرگە چوقۇندۇرۇپ، ئىلگىرى راۋا كۆرگەن رەزىل قىلىقلارنى يەنە راۋا كۆرىدىغان ئىدىيىگە ئەكېلىپ، بىزنى بۇ دىنىمىزدىن ياندۇرماقچى بولۇشتى. ئۇلار بىزگە چىدىغۇسىز زۇلۇم سېلىپ ھەر جەھەتتىن سىقىپ، دىنىي ئىشلىرىمىزنى ئەركىن ئېلىپ بارغىلى قويمىغاندىن كېيىن جانابلىرىنىڭ دۆلىتىگە پاناھ ئىزلەپ كەلدۇق ۋە ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن ئەلا بىلىپ، ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويۇشلىرىغا رىغبەت قىلىپتۇق. پادىشاھ ئالىيلىرى! ئۆزلىرىنىڭ سايىلىرىدا زۇلۇمغا ئۇچرىماسلىقىمىزنى ئۈمىد قىلىمىز»، دەپ گېپىنى تۈگەتتى.

بۇ چاغدا نەجاشى ئۇنىڭغا: «ئۇ پەيغەمبىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى دىنىنىڭ ۋەسىقىلىرىدىن سەندە بىرەر نەرسە بارمۇ؟» دەپ سورىدى جەئپەر: «ھەئە، بار» دېدى. نەجاشى: «ئۇنداق بولسا ئۇنى ماڭا ئوقۇپ بەرگىن»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب نەجاشىغا « كهيعص» يەنى سۈرە مەريەمنىڭ باش قىسمىنى ئوقۇپ بېرىۋىدى، ئەزبىرايى خۇدا، نەجاشى يىغلاپ كەتتى. ھەتتا، ساقىلىنى ھۆل قىلىۋەتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىنجىل تىلاۋىتى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان باش روھانىيلارمۇ جەئفەر تىلاۋەت قىلغان قۇرئاننىڭ مەزمۇنىدىن تەسىرلىنىپ بۇقۇلداپ يىغلىشىپ كەتتى. ھەتتا، ئالدىدىكى ئىنجىل ۋاراقلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. بىر هازا يىغىدىن كېيىن نەجاشى ئەمر ئىبنى ئاس بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھىغا خىتاب قىلىپ: «بۇ ئايەتلەر بىلەن ئەيسا ئېلىپ كەلگەن ئايەتلەر چوقۇم بىر مەنبەدىن كەپتۇ، سىلەر ئىككىڭلار چىقىپ كېتىڭلار، مەن ئۇلارنى سىلەرگە قەتئىي قايتۇرۇپ بەرمەيمەن»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئەلچى تۇنجى قېتىملىق سۆھبەتتە مەغلۇپ بولۇپ، ئورنىدىن دەككىسىنى يېگەن ھالدا سالپىيىپ چىقىپ كېتىشتى، چىقىپ كېتىۋېتىپ ئەمرى ئىبنى ئاس ئابدۇللاھ ئىبنى رەبىئەگە: «ئەزبىرايى خۇدا، مەن ئەتە ئەتىگەن كىرىپ بۇ قاچقۇنلارنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلايدىغان بىر دەۋانى ئوتتۇرىغا قويىمەن»، دېگەنىدى،

ئابدۇللاھ ئىبنى رەبىئە: «ئۇنداق قىلمايلى، ئۇلارنىڭ بىز بىلەن گەرچە دىنى ئىختىلاپى بولسىمۇ، يەنىلا ئۇرۇغ ـ تۇغقانچىلىقىمىز بار»، دېدى. لېكىن، ئەمرى ئىبنى ئاس ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى ۋە ئەتىسى ئەتىگەن نەجاشىنىڭ ئوردىسىغا كەلدى ۋە: «پادىشاھ ئالىيلىرى! بۇ كىشىلەر ئىيسا پەيغەمبەر ھەققىدە ئادەم تىلغا ئالغىلى بولمايدىغان قوپال گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىشىدۇ ئەمەسمۇ؟» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان نەجاشى مۇسۇلمانلارغا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا قانداق قارايدىغانلىقىنى سوراپ ئادەم ئەۋەتتى. مۇسۇلمانلار دەماللىقچە بىر ئاز قورقۇشتى. بىراق، نېمىلا بولسۇن، راست گەپ قىلايلى، دېگەن قارارغا كېلىپ، پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ كېلىشىدى، پادىشاھ ئۇلاردىن ھېلىقى مەسىلىنى سورىدى. جەئفەر يەنە جاۋاب بېرىپ: «بىز ئىيسا ھەققىدە پەيغەمبىرىمىز نېمە دەپ چۈشەنچە بەرگەن بولسا شۇنى دەيمىزكى: ‹ئۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە روھى، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ياتلىق بولۇشتىن ۋاز كەچكەن مەريەم ئانىغا ئىلقا (تاشلاش) قىلغان كەلىمىسىدۇر› »، دېدى.

بۇ چاغدا نەجاشى قولىغا ھاسىنى ئېلىپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ دېگەنلىرىڭ ئىيسانىڭ ئەھۋالىغا مۇشۇ ھاسىدا چىنىگەندەك كەلدى»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزۇرالىرى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، جىمىپ قېلىشتى. نەجاشى ئۇلارغا: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، گەرچە سىلەرنىڭ ئىدىيەڭلاردىن ئۆتمىسىمۇ شۇنداق»، دېدى. ئاندىن مۇسۇلمانلارغا قاراپ: «قايتىڭلار، سىلەر مېنىڭ دۆلىتىمدە ئامان ـ ئېسەندۇرسىزلەر، سىلەرگە ئازار بەرگەنلەر جازالىنىدۇ، سىلەرگە ئازار بەرگەنلەر جازالىنىدۇ، سىلەرگە ئازار بەرگەنلەر جازالىنىدۇ، سىلەردىن بىر كىشىگە ئەزىيەت يېتىش بەدىلىگە بىر تاغدەك ئالتۇننىڭ مېنىڭ بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن»، دېدى.

ئاندىن كېيىن ئۇ يېنىدا دېۋەيلەپ تۇرغان نەۋكەرلىرىگە: «بۇ ئىككىسىنىڭ سوغا ـ سالاملىرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇ نەرسىلەر ماڭا بىھاجەت. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ ماڭا ھاكىمىيەتنى ئاتا قىلغاندا، مەندىن پارا ئالغان ئەمەس، ئاندىن مەنمۇ ئۇنى ئالار ئىدىم. ئاۋام پۇقرا ماڭا ئۆزلۈكىدىن ئىتائەت قىلغان ئەمەس، ئۇنداق بولغان بولسا مەنمۇ ئۇلارغا ئىتائەت قىلار ئىدىم»، دېدى.

بۇ قىسسىنى سۆزلەپ بەرگەن ئۇممۇ سەلىيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۆزىنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرۇپ: «شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ئەلچى ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ پادىشاھ ئوردىسىدىن ئىنتايىن ئۇسال ئەھۋالدا چىقىپ كېتىشتى. بىزلەر نەجاشىينىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە نائىل بولۇپ، ناھايىتى ئوبدان تۇرۇپ قالدۇق»، دەيدۇ.

يۇقىرىقىلار ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايىتى. ئۇنىڭدىن باشقا تارىخشۇناسلار: «ئەمرى ئىبنى ئاسنىڭ نەجاشىيغا ئەلچى بولۇپ بارغىنى بەدرى غازىتىدىن كېيىن بولغان»، دەيدۇ. يەنە قىسمەن تارىخچىلار ئەلچىلىك ئىككى قېتىم بولغان، دەپ ئىختىلاپنى تۈگىتىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ دېگىنىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشتا جەئفەر بىلەن نەجاشى ئوتتۇرىسىدىكى سوئال ـ جاۋابلار تەخمىنەن ئىبنى ئىسھاقنىڭ زىكرى قىلغان سوئال ـ جاۋابلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سوئاللارنىڭ ئوتتۇرىغا

قويۇلۇش جەريانىدىن قارىغاندا، بۇلارنىڭ نەجاشىنىڭ ھۇزۇرىغا تۇنجى قېتىم دەۋا قىلىپ بارغاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەرزنىڭ سوئال ـ جاۋاب تېكىستى ئىكەنلىكى مەلۇم.

ھاسىل كالام، بۇ قېتىم مۇشرىكلارنىڭ ھىيلىسى پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇپ، سۈيىقەستى بەربات بولدى. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ئىچىدىلا ئۆچمەنلىك نەشتىرىنى سانجىيالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاردا ئادەمنى چۆچىتىدىغان بىر خىل يامان ئوي ـ پىكىر پەيدا بولدى. ئۇ بولسىمۇ بۇ «بالايى ئاپەت»تىن قۇتۇلۇش، پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دەۋەتتىن ئۇزۇل ـ كېسىل چەكلەش ياكى ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئارقىلىق ئاندىن مۇمكىن ئىكەن، دېگەن ئوي ـ پىكىرلەرئىدى. لېكىن، بۇ خام ـ خىياللارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىب ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوغدىماقتا ۋە ئۇلار ئۇچۈن چوڭ بىر توسالغۇ بولۇپ تۇرماقتا. ئۇلار بۇ توغرىدا ئەبۇ تالىب بىلەن يۈز تۇرانە كۆرۈشۈپ سۆزلىشىپ باقماقچى بولدى.

## قۇرەيش دائىرلىرى ئەبۇ تالىبقا تەھدىت سالدى

قۇرەيش كاتتىۋاشلىرى ئەبۇ تالىبنىڭ قېشىغا كېلىشتى ۋە ئۇنىڭغا: «ئەي ئەبۇ تالىب! سەن ئارىمىزدىكى پىشقەدەم، نوپۇزلۇق ۋە ئورۇن مەرتىۋىسى يۇقىرى شەخس. بىز ساڭا ئۆز قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىنى بۇ ئىشىدىن توسقىن، دەپ بىر قانچە قېتىم ئېيتقان بولساقمۇ، سەن ئۇنى توسمىدىڭ. ئەمدى بىز ئەزبىرايى خۇدا، ئۇنىڭ ئەجدادلىرىمىزنى تىللاپ، بىزنى ئەقىلسىز، ھاماقەتكە چىقىرىپ، ئىلاھلىرىمىزنى ئەيىبلىشىگە چىداپ تۇرالمايمىز. سەن ئۇنى بىز بىلەن ئۆچەكىشىشتىن توسقىن ياكى بىز بىر تەرەپ، سىلەر ئىككىڭلار بىر تەرەپ بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ بىرسى تۈگەشكەنگە قەدەر ئۇرۇشىمىز»، دەپ تەھدىت سالدى.

ئەبۇ تالىبقا ئۇلارنىڭ بۇ ھەيۋىسى ۋە يۈزسىزلەرچە تەھدىت سېلىشلىرى قاتتىق ئېغىر كەلدى چېغى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! بۈگۈن قەۋمى ـ جامائەتلەر يېنىمغا كېلىپ، پالان ـ پۈستان گەپلەرنى قىلدى. شۇڭا، سەن مېنىمۇ، ئۆزىڭنىمۇ ئاسرىسىڭىز، قولۇمدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا مېنى تەڭلىككە سالمىسىڭىز»، دېدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ تاغامۇ ھامىيلىقتىن ۋاز كېچىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇ ماڭا ياردەم قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن چېغى، دەپ ئويلاپ: «ئى تاغا! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ماڭا مۇشۇ ئىشنى تاشلاش بەدىلىگە ئوڭ قولۇمغا قۇياشنى، سول قولۇمغا ئاينى تۇتقۇزسىمۇ ئاللاھ بۇ ئىشنى، (يەنى ئىسلام دىنىنى) ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلمىغۇچە ياكى مەن مۇشۇ يولدا ھالاك بولۇپ تۈگىمىگىچە ھەرگىز تاشلىمايمەن»، دېدىيۇ كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياشلار تۆكۈلۈپ يىغلىغان پېتى چىقىپ كېتىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ تېخى يىراققا بارمىغانىدى. ئەبۇ تالىب ئۇنى يەنە چاقىردى. رەسۇلۇللاھ كەينىگە بۇرۇلۇپ كېلىشىدى، ئەبۇ تالىب: «بارغىن ئوغلۇم! خالىغىنىڭنى تەشۋىق قىلغىن،

ئىشىڭنى داۋاملاشتۇرغىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھەر قانداق ئەھۋالدا سېنى قەتئىي تاشلىۋەتمەيمەن»، دېدى ۋە تۆۋەندىكى مىسرانى ئوقۇدى:

قەسەم ئاللاھ زاتى بىرلە، تېگەلمەيدۇ ياۋ ساڭا،
مەن توپا ئىچرە كىرىپ ئورۇن ئىلىپ ياتقۇچە،
بار، ۋە ھەقنى جاكارلا، ھېچ كىشى ئار تۇرالماس،
شادلىنىپ يۈزۈ-كۆزلۈڭ خۇشاللىققا پاتقىچە.

## قۇرەيشلەر ئەبۇ تالىبنىڭ كۆزىگە يەنە كىرىۋالدى

قۇرەيش دائىرىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئىشىنى قىلچە بوشاشتۇرماي ئىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەبۇ تالىبنىڭ ئۇنى تاشلىۋەتكۈسى كەلمىگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا قۇرەيشلەردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە ۋە ئاداۋەتلىشىشكە بەل باغلىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا، ئۇلار ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرىنىڭ ئوغلى ئەممار ئىبنى ۋەلىدنى ئىلىپ ئەبۇ تالىبنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە: «ئى ئەبۇ تالىب! بۇ يىگىت قۇرەيش ئىچىدە ناھايىتى ئوتلۇق ھەم كېلىشكەن يىگىت، سەن ئۇنى ئەپقېلىپ بالا قىلىپ بېقىۋالغىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشى بىلەن سېنى رازى قىلىدۇ. بىزگە ماۋۇ سېنىڭ ۋە ئەجدادلىرىڭنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىدىن ئايرىلغان ۋە جامائەتچىلىكنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇپ، ئارىغا تەپرىقچىلىك سالغان قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرگىن، بىز ئۇنى يوقىتىۋېتەيلى! ساڭا زىيان يوق. چۈنكى، سەن ئوغۇلسىز قالمايسەن»، دېيىشتى. ئەبۇ تالىب ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «ئەزبىرايى خۇدا، بۇ نېمە دېگەن يولسىزلىق، سىلەر ماڭا بالاڭلارنى بېرىسىلەر، مەن ئۇنىڭغا ئاش-گۆش بېرىپ باقىمەن، مەن سىلەرگە بالامنى تۇتۇپ بېرىمەن، سىلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىسىلەر؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم، بۇ مۇمكىن ئەمەس، مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس»، دېدى. بۇ چاغدا مۇتئىم ئىبنى ئەدى (نەۋفەل ئىبنى ئابدۇمانافنىڭ ئوغلى): «ئى ئەبۇ تالىب! قەۋمى-جامائەت ساڭا ئىنساپ بىلەن تەكلىپ بەردى ۋە ساڭا سېنى ياقمايدىغان ئاشۇنداق ئىشلاردىن قۇتۇلۇشنى ئويلىدى. نېمە دەپ سەن ئۇلارنىڭ تەكلىپىنىڭ ھېچ قايسىسىنى قوبۇل قىلمايسەن؟ دېۋىدى. ئەبۇ تالىب: «ئەزبىرايى خۇدا، سىلەر قەتئىي ئىنساپ قىلمىدىڭلار، لېكىن سەنمۇ گېپىڭدىن قارىغاندا مەندىن يۈز ئۆرۈپ، ئاشۇلارغا بولۇشماقچى بولغاندەك قىلىسەن، ئىختىيارىڭ، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىلغىن»، دېدى-دە، گەپنى ئۈزۈۋەتتى.

تارىخى مەنبەلەردە بۇ ئىككى قېتىملىق سۆھبەتنىڭ ۋاقتى ئېنىق زىكرى قىلىنمىغان، لېكىن ئالاقىدار ئەھۋاللار ۋە ئىلمىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا بۇ ئىككى قېتىملىق سۆھبەت بېئسەتنىڭ ئالتىنچى يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بولغانلىقىنى ۋە ئىككى قېتىملىق سۆھبەتنىڭ ئارىلىقىدا كۆپ ۋاقىت ئۆتمىگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

## مۇشرىكلارنىڭ رەسۇلۇللاھنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كويىدا بولغانلىقى

قۇرەيش دائىرىلىرى يۇقىرىقى ئىككى قېتىملىق ئۇچرىشىشتا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمىگەندىن كېيىن يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق جازالاش ۋە قىيىن قىستاققا ئېلىش ھەرىكەتلىرىنى بۇرۇنقىدىن بەكرەك ئەشەددىيلەشتۈردى ۋە مۇشۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم چېكىدىن ئاشقان قارا نىيەت بەدبەختلەردە رەسۇلۇللاھنى باشقا بىر يول بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. مانا بۇ خام ـ خىيال ۋە چېكىدىن ئاشقان قاتتىق قوللۇق مەككە ئەزىمەتلىرىدىن ئىككى ئەزىمەتنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولۇپ قالدى. بۇ ئىككى ئەزىمەت ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما (ئاللاھ بۇ ئىككىيلەندىن رازى بولسۇن)لار ئىدى.

قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ ئاشۇ كۈنلەردىكى چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىقلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇتەيبە (ئەبۇ لەھەبنىڭ چوڭ ئوغلى) بىر كۈنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «مەن ﴿النجم اذا هوى﴾ ‹ئاندىن ئاستا ـ ئاستا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) يېقىنلىشىپ، تۆۋەنگە چۈشتى›، دېگەن ئايەتلەرنى ئىنكار قىلىمەن قانداق؟»، دېدى ۋە رەسۇلۇللاھقا قول شىلتىپ ئاھانەت قىلدى ئاندىن ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ گۈشۈپ، كۆينىكىنى يىرتىۋەتتى. ئۇتەيبە يەنە تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، رەسۇلۇللاھنىڭ چىرايلىرىغا تۈكۈرۈپ، مىشقىرغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ نىجىس تۈكرۈكلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ چىرايىغا چۈشمەيۋاتاتتى. شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا دۇئايى بەد قىلىپ: «ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا سېنىڭ ئىتلىرىڭدىن بىر ئىتنى مۇسەللەت[1] قىلغىن»، دېدى. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ دۇئاسىمۇ ھەقىقەتەن ئىجاۋەت بولغانىدى، ئۇ شۇنىڭدىن ئازراق كېيىن قۇرەيشلەرنىڭ كارىۋىنى بىلەن شام (سۈرىيە)غا تىجارەتكە چىقىپ، زەرقائ دېگەن يەرگە چۈشكەندە، كېچىسى بىر يولۋاس ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى چۆگىلەپ كېتەلمەي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇتەيبە: «ۋاي ئىست! قېرىنداشلىرىم! ئەزبىرايى خۇدا، ئۇ يولۋاس مېنى چوقۇم يەۋېتىدىغان بولدى، مۇھەممەد ماڭا شۇنداق دۇئا قىلغانىدى، ئەزبىرايى خۇدا، ئۇ مەككىدە تۇرۇپ، مېنى شامدا ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بولدى»، دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدى. دېگەندەك شۇ كېچىسى يولۋاس نۇرغۇن ئادەملەر ئارىسىدىن ئاشۇنى تېپىپ، بېشىنى ئۇزۇپ تاشلىۋەتتى.

مۇشرىكلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدىن بىرى شۇكى، ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئەيت رەسۇلۇللاھ نامازدا سەجدىگە بارغاندا ئۇنىڭ مۇبارەك گەجگىلىرىگە دەسسەپ تۇرۇۋالغان. ھەتتا رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككى كۆزى چاچراپ چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالغان.

يەنە ئۇلارنىڭ زالىم كاتتىۋاشلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھنى ئۆلتۈرۈۋېتىش قەستىدە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان پاكىتلاردىن بىرى ئىبنى ئىسھاق ئۇزۇن بىر ھەدىستە زىكرى قىلغان مۇنداق بىر ۋەقەلىكتۇر، ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىر كۈنى ئەبۇ جەھىل سۆز قىلىپ: ‹ئى قۇرەيش جامائەسى! كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، مۇھەممەد دىنىمىزنى ئەيىبلەش، ئەجدادلىرىمىزنى تىللاپ سۆكۈش، بىزلەرنى ئەقىلسىز ھاماقەتلەرگە چىقىرىش ۋە

---

[1] مۇسەللەت ـــ مۇپتىلا قىلىش، مەسئۇل قىلىش دېگەن مەنىدە.

ئىلاھلىرىمىزنى يوقىا چىقىرىش قىلمىشلىرىدىن يانغىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ، مەن ئاللاھقا ئەھدى بېرىمەنكى، قولۇمغا چوڭ تاشتىن بىرنى ئېلىپ، ئۇنى كۈتىمەن، ئۇ نامازدا سەجدىگە باش قويغان هامان تاش بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىنى مىجىيمەن. شۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئابدۇماناف جەمەتىگە تۇتۇپ بېرەمسىلەر ياكى مېنى قوغدامسىلەر، ئۆز ئىختىيارىڭلار، شۇ چاغدا ئابدۇماناف جەمەتى قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن›، دېدى. ئۇلار: ‹ۋا...ي، ھەرگىز ئۇنداق ئىش بولمايدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز سېنى ئۇ جەمەتنىڭ ئادەملىرىگە مەڭگۇ يولاتمايمىز، ياخشى ئويلاپسەن، ئەمەلدە كۆرسەتكىن›، دېيىشتى. ئەبۇ جەھىل ئەتىسى ئەتىگەن ئالدىنقى كۈنى ئوتتۇرىغا قويغىنى بويىچە قولىغا راسا چوڭ تاشتىن بىرنى ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۈتۈپ ئولتۇردى. رەسۇلۇللاھمۇ ئادىتى بويىچە ئەتىسى ئەتىگەن مەسجىدىلھەرامغا كېلىپ، نامازغا تۇردى. قۇرەيشلەرمۇ ئەتىگەن يىغىلىپ، ئەبۇ جەھىلنىڭ نېمە قىلارىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا سەجدىگە بېرىۋىدى، ئەبۇ جەھىل ھېلىقى تاشنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، رەسۇلۇللاھ تەرەپكە مەغرۇرانە قەدەم تاشلىدى. بىر چاغدا ئۇ رەسۇلۇللاھقا يېقىنلاپ بارغاندەك قىلاتتى. ئۇشتۇمتۇت، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە، رەڭگى ـ روپى تاتىرىپ، ھالسىرىغان پېتى كەينىچىلەپ قايتىپ كەلدى. ئۇ قولىدىكى تاشنى تاشلىۋېتىشكىمۇ ئەقلى بارمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ تاشنى ئەمدى تاشلىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن قۇرەيش كىشىلىرى: ‹ئى ئەبۇلھەكەم، (ئەبۇ جەھىلنىڭ كونيىتى) ساڭا نېمە بولدى؟ ساڭا نېمە بولدى› دېيىشىپ، ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئەبۇ جەھىل: ‹مەن سىلەرگە تۈنۈگۈن دېگەنلىرىمنى ئىجرا قىلاي›، دەپ مۇھەممەدكە يېقىنلاپ بېرىۋىدىم، ئەزبىرايى خۇدا بىر دانە چوڭ نار تۆگە پەيدا بولۇپ، ماڭا ئېتىلدى. ياق... ئەزبىرايى خۇدا، مەن ئۇنداق يوغانباش، ئۇزۇن مەگەنلىك، چالۋا تۆگىنى كۆرمىگەنىدىم، ئۇ مېنى يەۋەتكىلى تاسلا قالدى›، دېدى». ئىبنى ئىسهاق مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئۇنىڭ كۆرگىنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىدى، ئەگەر ئۇ يېقىنلاپ كېلىۋەرگەن بولسا، جىبرىئىل (ئەلەيھىسسالام) ئۇنى ھالاك قىلىۋېتەتتى›، دېگەن».

شۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ جەھىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان قەبىھ بىر ئەسكىلىكنى قىلدى. ئۇ ۋەقە ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا قۇرەيش مۇستەبىتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ قەلبىدە رەسۇلۇللاھنى يوقىتىۋېتىش ئويى داۋاملىق يىرىڭداپ تاشماقتا ئىدى.

ئىبنى ئىسهاق ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاستىن ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر قېتىم قۇرەيشلەرنىڭ ھىجرى (كەئبىنىڭ يۇقىرى تېمىغا بويلىتىپ يېرىم قوپۇرۇلغان تام) دىكى يىغىلىشىغا قاتناشقانىدىم. ئۇلار رەسۇلۇللاھنى تىلغا ئېلىپ، غاجاشقا باشلىدى. ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن سۆز قېتىپ: ‹بىز بۇ ئادەمنىڭ قىلمىشىغا سەبرى قىلغاندەك ھېچقانداق بىر ئىشقا ئۇنچە كۆپ سەبرى قىلىپ كۆتمىگەنىدۇق. بىز ئۇنىڭغا پەۋقۇلئاددە چوڭ بىر ئىشتا سەبرى قىلدۇق›، دېيىشىپ

تۇراتتى. تۇساتتىن رەسۇلۇللاھ پەيدا بولۇپ كەلدى. ئۇ ئۇدۇل بېرىپ ئاۋۋال رۇكنىنى[1] بوسە[2] قىلدى، ئاندىن بەيتۇللاھنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلغاچ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈدى، ئۇلار رەسۇلۇللاھقا بەزى بولمىغۇر گەپلەر بىلەن تىل ئۇزاتتى. بۇ چاغدا مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قاتتىق ئاھانەت تارتقانلىقىنى سەزدىم، رەسۇلۇللاھ ئايلىنىپ ئىككىنچى قېتىم كېلىۋىدى، ئۇلار يەنە شۇنداق قىلىشتى. رەسۇلۇللاھنىڭ چىرايى يەنە شۇنداق ئۆزگەردى، ئاندىن ئۈچىنچى قېتىم ئايلىنىپ كېلىۋىدى، ئۇلار يەنە شۇنداق ئاھانەت قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختاپ تۇرۇپ: ‹ئى قۇرەيش جامائەسى! ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەن ئەزبىرايى خۇدا چوقۇم ‹يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم›نى ئېلىپ كەلدىم›، دېدى. ئېھتىمال كۆپچىلىككە ئۇنىڭ سۆزى تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ھەممىسى بىراقلا گويا بېشىدا ئۈچار-قۇش قونۇپ تۇرغاندەك جىمىپ قېلىشتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىي بەدبەشىلىرىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ئىسسىقچىلىق قىلىشقا تىرىشتى ۋە: ‹ئى ئەبۇلقاسىم (رەسۇلۇللاھنىڭ كونىيتى) سەن ھەرگىز نادانلارچە سۆزلىمەيسەن›، دېيىشتى. ئەتىسى ئۇلار ئالدىنقى كۈنگە ئوخشاشلا بىر يەرگە جەم بولۇپ، يەنە رەسۇلۇللاھنى غاجىشىۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت رەسۇلۇللاھ ئۇ يەرگە يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ‹ھۇررا›، دېيىشىپ قويقىنىچە رەسۇلۇللاھنى ئارىغا ئېلىپ قورشىۋېلىشتى. مەن ئۇلاردىن بىرسىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. ئەبۇ بەكرى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، يىغلىغان ھالدا: ‹ھاي، ... سىلەرنى، ھاي، بىر ئادەمنى پەرۋەردىگارىم ئاللاھ دېگەنگە ئۆلتۈرمەكچىمۇسىلەر›، دېدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار رەسۇلۇللاھنى تاشلاپ تارقىلىپ كېتىشتى». راۋىي ئىبنى ئەمرى مۇنداق دەيدۇ: «ئاشۇ ۋەقە مەن كۆرگەن ۋەقەلەر ئىچىدە قۇرەيشلەرنىڭ رەسۇلۇللاھقا ئەڭ قاتتىق تەگكەن بىر قېتىملىق يولسىز قىلمىشىدۇر».

ئىمام بۇخارى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان ھەدىستە ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاستىن مۇشرىكلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا سالغان زۇلۇملىرىنىڭ ئەڭ قەبىھ بولغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەنىدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: ‹بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ كەئبىنىڭ ھىجرى دېگەن يېرىدە ناماز ئوقۇۋاتاتتى، تۇساتتىن ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت پەيدا بولۇپ، ئۇستىدىكى كىيىمىنى سېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ بوينىغا سېلىپ، ئۇنىڭ گېلىنى ناھايىتى قاتتىق بوغدى. ئەبۇ بەكرى يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇقبەنىڭ گەجگىسىدىن تارتىپ ئارقىغا ئىتتىرىۋەتتى ۋە: ‹بىر ئادەمنى پەرۋەردىگارىم ئاللا دېگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆلتۈرگەن بارمۇ؟›، دېدى». ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ھەدىسىدە: « جاكارچى ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا: ‹بىرسى سېنىڭ ھېلىقى ھەمرىيىڭنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى ئاز قالدى، قۇتقۇزۇۋالغىن›، دەپ توۋلاپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى يېنىمىزدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ بېشىدا تۆت ئۆرەم چېچى بار ئىدى. ئۇ : ‹بىر ئادەمنى پەرۋەردىگارىم ئاللاھ دېگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆلتۈرمەكچىمۇسىلەر؟› دېگەچ يۈگۈرۈپ چىققانىدى، ئۇلار رەسۇلۇللاھنى قويۇپ ئەبۇ

---

[1] كەئبىنىڭ بوسۇغىسى ۋە ماقامى ئىبراھىم، شۇنىڭدەك ھەتىم قاتارلىقلار رۇكنى دەپ ئاتىلىدۇ.
[2] بوسە قىلىش —— سۆيۈش، قۇچاقلاش دېگەن مەنىدە.

بەكرگە ئولىشىپ كېتىپتۇ. كېيىن ئەبۇ بەكرى قايتقاندا، ئۇنىڭ ئۆرەم چاچلىرى تۇتساقلا قولىمىزغا ئاجراپ چىقىدىغان بولۇپ كېتىپتىكەن »، دېيىلگەن.

## ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

مەككە ئاسمىنى زۇلۇم ـ ستەم قارا بۇلۇتلىرى بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن ئاشۇ زۇلمەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ، بىر چاقماق چاقنىدى. ئۇ بولسىمۇ ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن غېرىب بىچارىلەر قەلبىدە چاقنىغان شادلىق چاقمىقى ئىدى. ھەمزە بىئسەتنىڭ 6 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭ شۇ يىلى زۇلھەججە ئېيىدا مۇسۇلمان بولغانلىقى توغرىراق. ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇش جەريانى مۇنداق بولدى: بىر كۈنى ئەبۇ جەھىل سەفا تېغىدا رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنى ناھايىتى سەت تىللار بىلەن ھاقارەتلىدى. بۇنىڭغا قارىتا رەسۇلۇللاھ گەپ قىلماي جىم تۇرغاندى، ئۇ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، قولىغا بىر تال تاشنى ئېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ بېشىغا ھېلىقى تاش بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى يېرىۋەتتى. ھەتتا شۇرقىراپ قان ئېقىپ كەتتى، ئاندىن ئۇ كەئبە يېنىدىكى قۇرەيشلەرنىڭ مەجلىس سورۇنىغا قايتىپ، ئاشۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇردى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەدئاننىڭ بىر دېدىكى سەفا تېغىدىكى تۇرالغۇسىدا يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى باشتىن ئاخىر كۆرۈپ تۇرغانىدى. ھەمزە ئوقيا ـ ياراغلىرىنى تەتۈر ئېسىپ، ئوۋدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ھېلىقى دېدەك ھەمزىگە ئەبۇ جەھىلنىڭ رەسۇلۇللاھقا قىلغان ناھەق يولسىزلىقلىرىنى كۆرگەن پېتى ئېيتىپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ، ھەمزىنىڭ قاتتىق غەزىپى ئۆرلىدى ـ دە، ئەبۇ جەھىلنى ئىزدەپ يۈگۈرگەن پېتى كېتىپ قالدى. (ئۇ قۇرەيش ئىچىدە غۇرۇرى ئەڭ كۈچلۈك ئەزىمەت ئىدى) ئۇ ھېچ بىراۋغىمۇ توختىمىدى، قارىغاندا، ئۇ ئەبۇ جەھىلنى ئۇچراتسا، ھېلى قول سالىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ مەسجىدكە كىرگەن پېتى ئەبۇ جەھىلنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئۇنىڭغا: « ئى جىگدىچى[1] قېرىنىڭ بالىسى! تېخى سەن مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ ئوغلىنى تىللاۋاتامسەن، ھالبۇكى مەن ئۇنىڭ دىنىدا تۇرسام »، دېدى، ئاندىن ئۇنىڭ كاللىسىغا ئوقيا بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى يېرىۋەتتى. نەتىجىدە بەنى مەخزۇم (ئەبۇ جەھىلنىڭ قەبىلىسى) كىشىلىرى بىلەن بەنى ھاشىم (ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبىلىسى) كىشىلىرى قوزغىلىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئەبۇ جەھىل: « ئەبۇ ئەممارغا (ھەمزىنىڭ كونيىتى) چېقىلماڭلار، مەنمۇ ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلىنى ئۇرغانىدىم »، دېدى.

ھەمزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى دەسلەپتە، ئۆز پۇشتىدىن بىر كىشىنىڭ خورلىنىشىغا چىدىمىغانلىقىدىن بولغانىدى. كېيىن ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇرۇلمەس ئارقانغا چىڭ ئېسىلدى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار زور دەرىجىدە ئىززەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت تاپتى.

---

[1] ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئەمرى ئىبنى ھىشام (ئەبۇ جەھىل)نىڭ ئانىسى قىز ـ خېنىملارنى خەتنە قىلىدىغان خەتنىچى خوتۇن ئىكەن.

## ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

ئاشۇ قاتمۇ-قات زۇلۇم-ستەم تۇمانلىرى بىلەن خىرەلىشىپ كەتكەن مەككە ئاسمىنىدا توساتتىن يەنە بىر چاقماق چاقنىدى. ئۇنىڭ نۇرى ئاۋۋالقىدىن نۇرانە ھەم كۈچلۈكتەك قىلاتتى.ئۇ بولسىمۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ: «مەن مۇسۇلمان بولدۇم»، دېگەن سۆزىنىڭ ئەكس ساداسىدىن ئۇرۇلغان چاقماق نۇرى ئىدى. ئۇ بىئسەتنىڭ 6- يىلى زۇلھەججە ئېيىدا ھەمزە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)دىن ئۈچ كۈن كېيىن مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا دۇئا قىلغانىدى. ئىمام تىرمىزىي ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ۋە تەبرانى ئىبنى مەسئۇد ۋە ئەنەسلەردىن نەقىل قىلغان ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلىپ: ‹ئى ئاللاھ! ئىسلام دىنىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ياكى ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشامدىن ئىبارەت ئىككى كىشىنىڭ ساڭا يېقىنراق بىرى بىلەن ئەزىزلىگىن›، دېگەنىدى. بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئىچىدە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئاللاھقا بەكرەك يېقىن ئىكەن»، دېيىلگەن.

ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇش جەريانىغا ئائىت ھەدىسلەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە چوڭقۇر نەزەر سېلىپ كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ قەلبىگە ئىسلام نۇرىنىڭ داخىل بولۇشى تەدرىجىي بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. لېكىن، گەپنىڭ خۇلاسىسىنى بايان قىلىشتىن ئاۋۋال بۇ زاتنىڭ روھى دۇنياسىدا كەسكىن جەڭ قىلىۋاتقان مۇرەككەپ ئىدىيىۋى توقۇنۇش ۋە داۋالغۇشلارنى سۆزلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مىجەزى چۇس، قارام تەبىئەتلىكلىكى بىلەن ھەممىگە تونۇشلۇق تىمەن كىشى ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ كۆڭلىدە قارىمۇقارشى ھېس تۇيغۇلار كەسكىن تىركىشىپ كەلگەن. ئۇ بەزىدە ئەجدادلار ئۇزۇندىن بېرى ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى ھۆرمەتلەپ قان-تومۇرىغا سىڭىپ كەتكەن ئويۇن-تاماشا مەستلىكىگە بېرىلسە، بەزىدە مۇسۇلمانلارنىڭ جەسۇر قىياپىتى ۋە ئەقىدە يولىدا ھەر قانچە ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى لەززەت ساناشلىرىدىن ئەجەبلىنەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە (ئۇ بىر ئەقىل ئىگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن): «ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلغان ئەقىدە ۋە تۇتۇپ ماڭغان يول، باشقا دىنلاردىكى ھەر قانداق بىر ئەقىدە ۋە ئىجتىمائىي يۆنىلىشتىن ئىلغار ھەم ئاقىۋەتتە خەيرلىك بولۇشى مۇمكىن»، دېگەن ئوي-خىياللار ئۇنىڭ بىلەن كۈچ سىنىشاتتى. شۇڭا، ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىسىلا، بىر قىسمىلا بولۇپ ئاخىرىنى چىقىرالماي غەمگە پېتىپ چوڭ-كىچىك تىنىپ، جىمىپ قالاتتى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ مۇسۇلمان بولۇشى توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ئۇ بىر كۈنى ئۆيگە قايتماي، سىرتتا قونۇپ قېلىشقا توغرا كېلىپ، ھەرەمگە كەلدى ۋە كەئبىنىڭ يوپۇقى ئىچىگە كىرىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا خېلى يېقىن جايدا ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى. نامازدا سۈرە «ھاققە»نى تىلاۋەت قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر «قۇرئان»نى تىڭشاپ، ئۇنىڭ

گۈزەل پاساھەتتىدىن زوق ئېلىشقا باشلىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئەزبىرايى خۇدا، مەن (كۆڭلۈمدە) بۇ چوقۇم قۇرەيشلەر ئېيتقىنىدەك شائىر دەيتتىم. ئۇ ئوقۇپ كېلىپ، قىرائىتىنىڭ داۋامىدا ﴿انه لقول رسول كريم ○ وما هو بقول شاعر ۜ قليلا ما تؤمنون﴾ ‹بۇ قۇرئان ئەلچىتە ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرنىڭ (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن يەتكۈزگەن سۆزىدۇر)، ئۇ شائىرنىڭ سۆزى ئەمەستۇر، سىلەر ناھايىتى ئاز ئىشىنىسىلەر› (‹قۇرئان كەرىم› سۈرە ھاققە 40 ـ، 41 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى. مەن كۆڭلۈمدە ئۇنداق بولسا، چوقۇم كاھىن (چىراغچى) دېدىم، ئۇ: ﴿ولا بقول كاهن ۜ قليلا ما تذكرون ○ تنزيل من رب العلمين﴾ ‹ئۇ كاھىننىڭ سۆزىمۇ ئەمەس، سىلەر ناھايىتى ئاز نەسىھەت ئالىسىلەر، ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر› (‹قۇرئان كەرىم› سۈرە ھاققە 42 ـ، 43 ـ ئايەتلەر) دېگەن ئايەتنى سۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ قەلبىمگە ئىسلام نۇرى تەجەللى قىلىپ كىردى».

مانا بۇ ئىسلام نۇرىنىڭ ئۆمەرنىڭ قەلبىگە تۇنجى قېتىم بىخ ئۇرۇپ كىرىشى ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭدىكى جاھىلىيەت ئېقىمىغا بولغان مايىللىق، كونا ئەنئەنىگە بولغان ئەقىدە ۋە ئەجدادلارنىڭ يولىغا ۋارىسلىق قىلىش ئىدىيىسىنىڭ قارا كۆلەڭگىلىرى ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆرتەۋاتقان ھەققانىيەت يالقۇنىنى يېپىۋالغانلىقتىن، ئۇ بۇ قارا كۆلەڭگە ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ قالغان پاك ھېس ـ تۇيغۇلارغا پەرۋا قىلماستىن ئىسلامغا قارشى ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەنىدى.

ئۆمەر تەبىئىتىنىڭ ئىتتىكلىكى ۋە رەسۇلۇللاھقا بولغان ئۆچمەنلىكىنىڭ قاتتىق كۈچلۈكلىكىدىن بىر كۈنى قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۆيىدىن چىقتى. يولدا ئۇنىڭغا نۇئەيم ئىبنى ئابدۇللاھ نەھھام (بەنى ئەدىي جەمەتىدىن) ياكى بەنى زوھرەدىنمۇ ياكى بەنى مەخزۇمدىنمۇ بىر كىشى (رىۋايەت قىلغۇچى جەزملەشتۈرەلمەيدۇ) يولۇقۇپ: «قەيەرگە مېڭىۋاتىسەن، ئى ئۆمەر!»، دەپ سوراپ قالدى. ئۆمەر: «مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈۋېتەي، دەپ ماڭدىم»، دېدى. ئۇ كىشى: «مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈپ قويساڭ، بەنى ھاشىم جەمەتى بىلەن بەنى زوھرە جەمەتى سېنىمۇ ئامان قويماسمىكىن»، دېۋىدى. ئۆمەر: «سەنمۇ ئۆز دىنىڭنى تاشلاپ مۇرتەد بولغانغا ئوخشىمامسەن، ھەجەپ مۇھەممەدنىڭ ئېرىقىنى ياقىلاپ قالدىڭغۇ؟»، دېدى. نۇئەيم: «ئۇنداق بولسا، مەن سېنى بۇنىڭدىنمۇ ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىشقا باشلاپ بارمايمۇ؟ سېنىڭ ھەمشىرەڭ ۋە كۈيئوغلۇڭ ئىككىلىسى يېڭى دىنىنى قوبۇل قىلىپ، سېنىڭ دىنىڭنى تاشلىۋېتىشتى»، دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئۆمەر ئۇچقاندەك ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئۆيىدە خەبباب ئىبنى ئەرەت قولىدا سۈرە «تاھا» پۈتۈلگەن قەغەزنى تۇتۇقلۇق ھالدا، ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بېرىپ ئولتۇراتتى. (ئۇ خېلىدىن بېرى مۇشۇ ئۆيگە كېلىپ، ئۇلارغا «قۇرئان» ئۆگىتىپ قويۇپ كېتەتتى. خەبباب ئۆمەرنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپلا ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا مۆكۈنۈۋالدى. فاتىمە (ئۆمەرنىڭ ھەمشىرىسى) ھېلىقى سۈرە «تاھا» پۈتۈلگەن ۋەرەقىنى پالاسنىڭ ئاستىغا تىقىۋەتتى. ئۆمەر ئۆيگە يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇ يەردە خەببابنىڭ قىرائەت قىلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆيگە كىرىپلا: «مەن بايام يېنىڭلاردىن ئاڭلىغىنىم كىمنىڭ ئاۋازى ئۇ؟»، دەپ سوراق

قىلىشقا باشلىدى. ئەر-خوتۇن ئىككىلىسى: «مۇشۇ ئىككىمىزنىڭ پارىڭى، خالاس. باشقا ئاۋاز ئاڭلىمىدۇق»، دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئۆمەر: «ئەھۋالدىن قارىغاندا سىلەر ئىككىيلەن ئۆز دىنىڭلارنى تاشلاپ، مۇرتەد بولغان ئوخشايسىلەر؟»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۈيئوغلى: «ئى ئۆمەر! ئەگەر ھەقىقەت سېنىڭ دىنىڭنىڭ غەيرىدە بولسا، قانداق قارايسەن؟»، دېۋىدى. ئۆمەر غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ، كۈيئوغلىنى يېقىتىپ ئاستىغا بېسىۋېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇشتلىغىلى تۇردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەمشىرىسى فاتىمە كېلىپ، ئۆمەرنى ئېرىنىڭ ئۈستىدىن ئىتتىرىۋەتتى، ئۆمەر ئۇنىڭ يۈزىگە تەتۈر مۇشت بىلەن بىرنى قويۇپ ئېتىلدۇرۇۋەتتى، ئۇنىڭ ئېغىز-بۇرۇنلىرىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى. (ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايىتىدە ئۆمەر ھەمشىرىسىنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ يېرىۋەتكەن دېيىلىدۇ) شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ: «ئى ئۆمەر! ئەگەر ھەقىقەت سېنىڭ دىنىڭنىڭ غەيرىدە بولسىچۇ؟ « اشهد ان لا اله الا الله و اشهد ان محمد عبده و رسوله » «مەن ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن»، دېدى.

ئۆمەر بۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جەزملەشتۈردى ۋە سىڭلىسىنىڭ چىرايىدىن ئېقىۋاتقان قانلارنى كۆرۈپ، قاتتىق پۇشايمان قىلدى ۋە خىجالەت ھېس قىلىپ: «ھېلىقى ۋارىقىڭلارنى ئېلىڭلار، مەن ئوقۇپ كۆرەي»، دېدى. فاتىمە ئۇنىڭغا يىغلىغان ھالدا: «سەن دېگەن بىتاھارەت، نىجىستۇرسەن، ئۇنى خالىغانچە تۇتۇشقا بولمايدۇ، شۇڭا ئاۋۋال غۇسلى تاھارەت ئېلىپ كەلگىن، ئاندىن...»، دېدى. ئۆمەر ئورنىدىن تۇرۇپ، بېرىپ غۇسلى تاھارەت ئېلىپ كەلدى. ئاندىن ھېلىقى ۋەرەقنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ﴿بسم الله الرحمن الرحيم ○ طاها ...﴾ «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)» ئۆمەر بۇنى ئوقۇپ: «ناھايىتى ياخشى گۈزەل ئىسىملارغۇ!!»، دېدى. ئاندىن ﴿طاها ...﴾ دەپ سۈرە «تاھانى» ئوقۇشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇ ئاللاھنىڭ ﴿اني انا الله لآ اله الآ انا فاعبدني و اقم الصلوة لذكرى ﴾ «مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) ئاللاھدۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقدۇر، (يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن» (« قۇرئان كەرىم » 20 سۈرە 14-ئايەت) دېگەن يەرگە كېلىۋىدى: «بۇ نېمە دېگەن لەزىز، شېرىن كالام! بۇ نېمە دېگەن ئۇلۇغ سۆز! مېنى مۇھەممەدنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىڭلار»، دەۋەتتى.

خەبباب ئۆمەرنىڭ ھېلىقى سۆزىنى ئاڭلاپ، ئاستا قەدەم بىلەن ئۆيدىن چىقتى ۋە: «خۇش خەۋەر ئى ئۆمەر! مەن سېنىڭ رەسۇلۇللاھ پەيشەنبە كېچىسى ‹ئى ئاللاھ! ئىسلامنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ياكى ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام بىلەن ئەزىزلىگىن› دېگەن دۇئاسىنىڭ ئىجابىتى بولۇپ قېلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، رەسۇلۇللاھ ھازىر سەفا تېغىنىڭ يېنىدا بىر قورۇدا»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر قولىدىكى يالاڭ قىلىچنى غىلاپقا سېلىپ، يېنىغا ئاستى. ئاندىن خەبباب ئېيتىپ بەرگەن ھېلىقى قورۇغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ھېلىقى قورۇنى ئىزدەپ تېپىپ دەرۋازىنى چەكتى. بىرەيلەن دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ، ئۆمەرنىڭ قىلىچ ئاسقان ھالدا دەرۋازا ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى-دە، دەرھال قايتىپ كىرىپ، رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلدى. قورۇ

ئىچىدە ئازادە ئولتۇرۇشقانلارمۇ گۇرىدە جەم بولدى. ھەمزە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) بۇ تاراق ـ تۇرۇقنى كۆرۈپ: «سىلەرگە نېمە بولدى؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇلار: «ئۆمەر كەپتۇ، ئۆمەر كەپتۇ»، دېيىشتى. ھەمزە: «ئۆمەر كەلسە نېمە بوپتۇ، ئىشىكنى ئېچىڭلار، ئەگەر ياخشى نىيەتتە كەلگەن بولسا، بىزمۇ ياخشىلىق قىلىمىز، ناۋادا يامان نىيەت بىلەن كەلگەن بولسا، ئۆز قىلىچى بىلەن ئۆزىنى ئۆزىتىمىز»، دېدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھقا ۋەھيي نازىل بولۇۋاتقان بولۇپ، ئۆيىنىڭ ئىچكىرىسىدە ئىدى. ئۇ ئۆمەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن تاشقىرىقى ئۆيدە ئۇچراشتى ۋە ئۇنىڭ قىلىچ ئاسىدىغان بەل تاسمىسىدىن تۇتۇپ قاتتىق گۇشىدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئى ئۆمەر! ئاللاھ سېنىڭ ھەققىڭدە ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە ھەققىدە نازىل قىلغاندەك سېنى رەسۋا قىلىدىغان ئازاب ئوقۇبەت ئايىتى نازىل قىلمىغۇچە بۇ يامان پەيلىڭدىن يانمامسەن؟ ئى ئاللاھ! مانا بۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئى ئاللاھ ئىسلام دىنىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن ئەزىزلىگىن»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر: «اشهد ان لا اله الا الله و اشهد ان محمد عبده و رسوله» «مەن ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن»، دەپ مۇسۇلمان بولدى. قورۇدىكىلەر بۇنى ئاڭلاپ، ھاياجىنىنى باسالماي «ئاللاھۇ ئەكبەر»، دەپ توۋلىۋەتتى، بۇ ئاۋازنى كەئبە ئەتراپىدا يىغىلىشىپ ئولتۇرغان مۇشرىكلارمۇ ئاڭلىدى.

ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) غۇرۇرى كۈچلۈك، كەسكىن ئادەم ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى مۇشرىكلار ئارىسىدا ئېغىر خۇرسىنىش ۋە ئوڭايسىزلىنىش كەيپىياتى پەيدا قىلدى. مۇسۇلمانلارغا بولسا ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە شاد ـ خۇراملىق لىباسىنى كىيدۈردى.

ئىبنى ئىسھاق ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)دىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەن ئىسلامغا مۇشەررەپ بولغاندىن كېيىن كۆڭلۈمدە مەككىلىكلەردىن رەسۇلۇللاھقا ھەممىدىن بەك ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلارنى تاسقاپ ئۆتكۈزدۈم، دېدىمكى: ‹ئەبۇ جەھىل رەسۇلۇللاھقا بەك ئۆچلۈك قىلىدۇ›. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئىشىكنى قاقتىم، ئۇ چىقىپ: ‹ئى ئۆمەر! سېنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟›، دېدى. مەن ئۇنىڭغا: ‹مەن ساڭا ئۆزۈمنىڭ ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكىمنى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىنىغا چىن پۈتۈپ، ئىشەنگەنلىكىمنى ئۇقتۇرۇپ قوياي، دەپ كەلدىم›، دېدىم. ئۇ ئىشىكنى يۈزۈمگە داققىدەك يېپىۋېتىپ: ‹يوقال! كۆزۈمدىن يوقال! خۇدا سېنىمۇ، سەن ئېلىپ كەلگەن خەۋىرىڭنىمۇ خەيرلىك قىلمىسۇن›، دېدى».

ئىبنى جەۋزىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مۇنداق دېگەن: «مۇشرىكلار ئاۋام خەلقتىن بىر كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭغا ھەممىسى ئولىشىپ ئۇراتتى. ئەمما، بىر ئادەمنىڭ ھەممە ئادەمگە تاقابىل تۇرۇشقا مادارى يەتمەيتتى. مەن (مۇسۇلمان بولغان چېغىمدا) تاغام (ئاس ئىبنى ھىشام)نىڭ قېشىغا باردىم ۋە ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى ئۇقتۇرۇۋىدىم، ئۇ جاۋاب قايتۇرمايلا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى». ئۆمەر يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاندىن يەنە قۇرەيش كاتتىلىرىدىن

بىرىنىڭ قېشىغا (ئۇ ئەبۇ جەھىل بولسا كېرەك) باردىم ۋە ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ئىسلامغا مۇشەررەپ بولغانلىقىمنى دېۋىدىم، ئۇ ئۆرۈلۈپلا كىرىپ كەتتى». تارىخشۇناس ئىبنى ھىشام ۋە ئىبنى جەۋزىلەر خۇلاسىلىغان ھالدا مۇنداق دېيىشتى: «ئۆمەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن جەمىل ئىبنى مەئمەر جۇمەھى دېگەن كىشىنىڭ قېشىغا بېرىپ (ئۇ قۇرەيش خەلقى ئىچىدىكى گەپ توشۇش ماھىرى ئىدى) ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۈتۈن ئاۋازى بىلەن ‹ئۆمەر مۇرتەد بولۇپتۇ›، دەپ تۇۋلىغىلى تۇردى. ئۆمەر (كەينىدە تۇرۇپ): ‹بۇ يالغان ئېيتىدۇ، بەلكى مەن ئىسلامغا مۇشەررەپ بولدۇم›، دەيتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۆمەرنىڭ ئەتراپىغا دۈەيلەپ كېلىپ، يامىشىپ ئۇردى. ھەتتا كۈن چۈش بولاي دەپ قالغانىدى. ئاخىرى ئۆمەر ھېرىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇلار ئۆمەرنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۆمەر ئۇلارغا: «خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بىزنىڭ سانىمىز كۆپرەك بولغان بولسا، سىلەرنى قايىل قىلمىغۇچە بولدى قىلمايتتىم»، دېدى. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن مۇشرىكلار ئۆمەرنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ باردى. ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر چاغدا ئۇ (يەنى ئۆمەر) قورۇدا بىز بىلەن بىللە ئىدى. قارىغاندا، ئۇ تازا خاتىرجەم ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇشتۇمتۇت قورۇغا ئاس ئىبنى ۋائىل كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۈستىگە يوللۇق رەختتە رىدا ۋە يىپەكتە كەشتىلەنگەن كۆينەك كىيىۋالغانىدى. ئۇ ئىبنى سەھمى جەمەتىدىن بولۇپ، ئەزەلدىن بىزنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىمىز ئىدى. ئۇ كىرىپلا ئاتامغا: «ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى. ئۆمەر: «سېنىڭ تەرەپدارلىرىڭ مېنى مۇسۇلمان بولغانلىقىم ئۈچۈنلا ئۆلتۈرمەكچىمىش»، دەپ جاۋاب بېرىۋىدى، ئاس: «مۇمكىن ئەمەس، مەن ھەرگىز يول قويمايمەن»، دېدى ـ دە، (ئۇ مۇشۇ گەپنى قىلغاندىن كېيىن مېنىڭمۇ يۈرىكىم جايىغا چۈشتى) قورۇدىن سىرتقا چىقتى. قارىسا ئادەملەر سەلدەك ئېقىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئاس ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ: «نەگە بارىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «ئۆمەرنىڭ ئۆيىگە، ئاشۇ مۇرتەدنىڭ ئۆيىگە»، دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئاس ئۇلارغا: «مەن ئۇنىڭغا يول قويمايمەن»، دېۋىدى، ھېلىقى غەۋغاچى ئادەملەر بىر ـ بىرلەپ قايتىپ كېتىشتى. ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايىتىدە: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆمەرنىڭ ئەتراپىدىن سالدۇرۇلغان كىيىمدەكلا يوقىلىشتى، دېيىلىدۇ.

مانا بۇ مۇشرىكلار ئارىسىدا پەيدا بولغان داۋالغۇش ۋە مالىمانچىلىق. مۇجاھىد ئىبنى ئابباستىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن: ‹سەن نېمە ئۈچۈن فارۇق، دەپ ئاتالدىڭ؟› دەپ سورىسام، ئۇ: ‹ھەمزە مەندىن ئۈچ كۈن بۇرۇن مۇسۇلمان بوپتىكەن›، دېدى. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇش جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: ‹مەن (يەنى مۇسۇلمان بولغان چېغىمدا): ‹ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ئۆلسەكمۇ ھەقىقەت ئۈستىدە، ياشىساقمۇ ھەقىقەت ئۈستىدە ياشايمىز ئەمەسمۇ؟› دېگەنىدىم. رەسۇلۇللاھ: ‹ئەلۋەتتە شۇنداق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۆلسەڭلارمۇ، ياشىساڭلارمۇ ھەقىقەت ئۈستىدە ئۆلۈپ تىرىلىسىلەر›، دېدى. بۇ چاغدا مەن: ‹يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ سېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز

چوقۇم ئاشكارىلىنىشىمىز كېرەك›، دېدىم ـ دە، دەرھال ئۇلارنى ئىككى سەپ قىلىپ تىزىپ، كوچىغا چىقتۇق. بىرىگە ھەمزە باش بولدى، يەنە بىرىگە مەن باش بولدۇم. ھەيۋە بىلەن قەدەم تاشلاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاخىر مەسجىدكە كىرىپ ئولتۇردۇق. قۇرەيشلەر مېنى ۋە ھەمزىنى مۇسۇلمانلار سېپىدە كۆرۈپ، مىسلىسىز خۇرسىنىدى ۋە قاتتىق مۇسىبەتناك بولۇشتى. شۇ كۈنى رەسۇلۇللاھ مېنى ‹فارۇق› (ھەق ناھەقنى ئايرىغۇچى) دەپ ئاتاپ قويغان›، دېدى».

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېگەن: «بىز ئۆمەر مۇسۇلمان بولغانغا قەدەر كەئبە يېنىدا ئاشكارا ناماز ئوقۇشقا پېتىنالمايتتۇق».

سۇھەيب ئىبنى سىنان رومى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئىسلام ئاشكارا بولدى. بىز شۇنىڭدىن باشلاپ ئوچۇق ئاشكارا دەۋەت ئېلىپ بارالىدۇق، بەيتۇللاھنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، ھەلقە بولۇپ ئولتۇرالىدۇق. ئىختىيارى تاۋاپ قىلدۇق، يولسىزلىق قىلغانلارغا تاقابىل تۇرۇپ، ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىرىگە رەددىيە بەردۇق».

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ: «بىز ئۆمەر مۇسۇلمان بولغاندىن بېرى قەددىمىز كۆتۈرۈلۈپ، ئەزىزلىنىپ قالدۇق»، دېگەن.

## قۇرەيش ۋەكىلى رەسۇلۇللاھ بىلەن سۆھبەتلەشتى

قۇرەيش ئىچىدە تەسىرى زور بۇ ئىككى ئەزىمەت (ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ ‹ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن›) مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن مەككە ئاسمىنىدىكى زۇلۇم ـ ستەم قارا تۇمانلىرى ئاستا ـ ئاستا تارقىلىپ، ھاۋا ئېچىلىشقا باشلىدى. مۇشرىكلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى ناھەق ئازابلاپ، قىيناش ۋە زىيانكەشلىك قىلىش «مەستلىك»ىدىن بىر ئاز يېشىلىپ، ھوشىغا كېلىشكە باشلىدى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەر قانداق تەلىپى بولسا، مۇمكىن قەدەر ئورۇنلاپ ئۇنىڭ بەدىلىگە رەسۇلۇللاھ بىلەن دىنىي دەۋەتنى توختۇتۇش ھەققىدە سودىلىشىشقا ئورۇندى. بۇ (پۇل ـ مالنىڭ قۇلى، بىچارە) مىسكىنلەر، قۇياش نۇرىدىن بەھىر ئالىدىغان ھەر قانداق نەرسە رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتى ئالدىدا پاشىنىڭ قانىتىچىلىك تۇسالغۇ بولالمايدىغانلىقىنى بىلمىگەنىدى.شۇڭا،ئۇلار كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەيلا قالماستىن، بەلكى تۇمشۇقىغا يېدى.

ئىبنى ئىسھاق يەزىد ئىبنى زىيادتىن، ئۇ مۇھەممەد ئىبنى كەئبىلقۇرەزىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە قۇرەيش ئىچىدە تەسىرى بىر قەدەر زور شەخس ئىدى، ئۇ بىر كۈنى قۇرەيشلەرنىڭ سورۇنىدا سۆز قىلىپ (رەسۇلۇللاھ بۇ چاغدا مەسجىدتە ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇۋاتاتتى) مۇنداق دېدى: ‹ئى قۇرەيش جامائەسى! مەن مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بېرىپ، سۆزلىشىپ باقاي ۋە بىر قانچە تۇرلۇك ئىشنى ئۇنىڭ ئالدىغا سالاي، ئۇ بۇلارنىڭ بىرىنى بولسىمۇ قوبۇل قىلىپ قالار، بىز ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرساق، ئاندىن ئۇمۇ بۇ دەۋىتىدىن توختار›، دېدى. بۇ ھەمزە مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن

ئىسلامنى قوبۇل قىلغۇچىلار كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقان بىر مەزگىل ئىدى. ئۇلار: ‹ بولىدۇ، ئى ئەبۇ ۋەلىد (ئۇتبەنىڭ كونىيتى) ئورنۇڭدىن تۇر، بىرىپ سۆزلىشىپ كەلگىن ›، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇتبە ئورنىدىن تۇرۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، يۈكۈنۈپ ئەدەب بىلەن ئولتۇردى ۋە: ‹ئى قېرىنداشىمنىڭ ئوغلى! سىز بىلىسىز، قەبىلە ئىچىدە ئىناۋەت ۋە ئورنىڭىز ئالاھىدە يۇقىرى، ھەسەب ـ نەسەبىڭىزمۇ ئۈستۈن، سىز قەۋمى ـ قېرىنداشلىرىڭىزغا شۇنداق بىر ئىشنى ئېلىپ كەلدىڭىزكى، ئۇنىڭ بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ بىرلىكىنى بۇزدىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنى، ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنىنى ئەيىبلىدىڭىز، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كۇفرىلىق دېدىڭىز، قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇڭ، مەن بىر قانچە تۇرلۇك ئىشنى ئالدىڭىزدا قوياي، قاراپ بېقىڭ، بىرەرسى سىزگە يېقىپ قالار›، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئېيتىڭ، ئى ئەبۇ ۋەلىد! قۇلىقىم سىزدە›، دېۋىدى، ئۇتبە: ‹ئى قېرىنداشىمنىڭ ئوغلى! ئەگەر سىز بۇ ئىشلارنى مال ـ دۇنيانى دەپ قىلغان بولسىڭىز، بىز سىزگە كۆپلەپ مال ـ دۇنيا يىغىپ بېرىپ، ئارىمىزدىكى ئەڭ بايلاردىن قىلىۋېتەيلى، ئەگەر ئورنىڭىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولسىڭىز، سىزنى باشلىق قىلىۋالايلى، سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئالماي ئىش بېجىرمەيلى، پادىشاھ بولغۇڭىز بولسا، تاج كىيدۈرۈپ، پادىشاھ قىلايلى، ناۋادا سىزدىكى ئىللەت جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئاپىتىدىن بولغان بولسا، بىز جىنكەش تەكلىپ قىلىپ، سىزگە زىمات قىلدۇرايلى. سىز سالامەت بولغۇچە قانچىلىك بەدەل تۆلىسەك ئەرزىيدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇ خىلدىكى كېسەلدىن داۋالىنىپ قۇتۇلغان (ساقايغان دېدىمۇ، ھەر ھالدا شۇنىڭغا يېقىن بىر گەپنى)›، دېدى. ئۇتبە سۆزىنى ئاياغلاشتۇرۇپ توختىۋىدى، رەسۇلۇللاھ: ‹گېپىڭىز تۈگىدىمۇ؟›، دەپ سورىدى. ئۇتبە: ‹ھەئە، تۈگىدى›، دېۋىدى. رەسۇلۇللاھ: ‹ئەمدى مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭ›، دېدى. ئۇتبە: ‹ئەلۋەتتە ئاڭلايمەن›، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: ‹﴿بسم الله الرحمن الرحيم ○ حم○ تنزيل من الرحمن الرحيم○ كتاب فصلت اياته قرآنا عربيا لقوم يعلمون ○ بشيرا و نذيرا ج فاعرض اكثرهم فهم لا يسمعون ○ و قالوا قلوبنا في اكنة مما تدعونا اليه ...﴾ «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن○ ھامىم ○ بۇ ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان (ۋەھيىدۇر) ○ ئايەتلىرى ئوچۇق بايان قىلىنغان كىتابتۇر، بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن نازىل بولغان ئەرەبچە قۇرئاندۇر ○ (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن ) خۇش خەۋەر بەرگۈچىدۇر، (كاپىرلارنى دوزاخ بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ تولىسى (ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى پىكىر قىلىشتىن) يۈز ئۆرىدى، ئۇلار ئۇنىڭغا قۇلاق سالمايدۇ. ○ ئۇلار (پەيغەمبەرگە): ‹ بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرىمىز ئېغىر، سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا پەردە (يەنى دىنىي جەھەتتە ئوخشىماسلىق) بار، سەن ئۆز ئىشىڭنى قىل، بىزمۇ ئۆز ئىشىمىزنى قىلايلى، دەيدۇ ...» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى، ئاندىن سۈرە سەجدىنىڭ باش قىسمىنى ئوقۇپ بېرىشكە باشلىدى. ئۇتبە رەسۇلۇللاھنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ، جىمجىتلىقتا چۆمۈپ كەتتى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن كەينىگە تايىنىپ، قىرائەتنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىدە داڭ قېتىپ قالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ سۈرىدىكى سەجدە ئايىتىگە بېرىپ، سەجدە قىلدى،

ئاندىن: ‹ئاڭلىدىڭمۇ، ئى ئەبۇ ۋەلىد، ئاڭلىغان بولساڭ ئەھۋال مانا مۇشۇ›، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇتبە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز ئادەملىرىنىڭ قېشىغا ماڭدى، ئۇنىڭغىچە ئۇلار بىر ـ بىرىگە: ‹قەسەم قىلالايمىزكى، ئەبۇ ۋەلىد چوقۇم ئۆزگىرىپ كەلدى›، دېيىشىپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئۇتبە كېلىپ ئولتۇرۇۋىدى، ئۇلار: ‹قانداق خۇش خەۋەر كۆتۈرۈپ كەلدىڭ؟ ئى ئەبۇ ۋەلىد ئېيتقىن›، دېگىلى تۇردى، ئۇتبە: ‹مېنىڭ ئېلىپ كەلگىنىم، ئەزبىرايى خۇدا، قەتئىي ئاڭلاپ باقمىغان بىر خىل تەسىرلىك سۆزلەر. ئەزبىرايى خۇدا، ئۇ شېئىرمۇ ئەمەس، سېھىرمۇ ئەمەس ۋە جىنكەشلىكمۇ ئەمەس، ئى قۇرەيش خەلقى مېنىڭ گېپىمگە ئۇناڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار، بۇ ئادەمنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بايام ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان سۆزلەر چوقۇم زور بىر ۋەقە پەيدا قىلىدىكەن، ئەگەر ئۇنى باشقىلار (مەككىلىكتىن باشقا ئەرەبلەر ــــ ت.) بىر تەرەپ قىلىۋەتسە، خوپ ياخشى ئىش، ئىش باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق بېجىرىلىدۇ، سىلەرنىڭ بېشىڭلار ساقىيىدۇ، ناۋادا ئۇ پۈتۈن ئەرەبلەرگە باش بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ غەلىبىسى سىلەرنىڭ غەلىبەڭلار ۋە ئۇنىڭ ئىززىتى سىلەرنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىڭلار، تېخى سىلەر ئاشۇ كىشىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئەڭ سائادەتمەنلەردىن بولۇپ كېتەمسىلەر، ئۇنى كىشى بىلمەيدۇ›، دېۋىدى، ئۇلار: ‹ئەزبىرايى خۇدا، مۇھەممەد سېنى تىلى بىلەن ئۆزىگە بەنت قىلىۋېتىپتۇ›، دېيىشتى. ئۇتبە ئۇلارغا: ‹بۇ مېنىڭ قارىشىم، سىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارىڭلار، نېمە قىلساڭلار، ئۆز ئىشىڭلار، مېنىڭ كارىم يوق›، دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە، ئۇتبە رەسۇلۇللاھنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ، مۈگدىنىپ ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى. بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ ﴿فقل انذرتكم صاعقة مثل صاعقة عاد و ثمود...﴾ «(ئەگەر ئۇلار بۇ بايانلاردىن كېيىن ئىماندىن يۈز ئۆرۈسە) سەن ئۇلارغا: سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابقا ئوخشاش ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىمەن، دېگىن» («قۇرئان كەرىم 41- سۈرە 13 - ئايەت) دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلىۋىدى، ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋېلىپ: ‹خۇدا ھەققى، ئۇرۇغ ـ تۇغقانچىلىقنىڭ ھۆرمىتى!› دېدى.

ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى بايامقى ئايەتتە ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب ھېلى چۈشۈپ قالامدىكىن، دەپ قاتتىق ئەنسىرىگەنلىكىدىن ئىدى. ئۇ يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن كېيىن قۇرەيش جامائەتچىلىكىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئالدىنقى سۆزنى قىلدى، دېيىلىدۇ.

## ئەبۇ تالىب بەنى ھاشىم ۋە بەنى مۇتەللىپ جەمەتلىرىنى سەپەرۋەر قىلدى

ۋەزىيەت بىر ئاز ياخشىلىنىپ، شەرت ـ شارائىت ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەبۇ تالىب يەنىلا ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئوغلىدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ ئالدىنقى مەزگىلدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئېسىگە ئالدىكى، ئۇلار ئاۋۋال ئوچۇقتىن ئوچۇق ئەبۇتالىپقا ئۇرۇشىمىز، دەپ تەھدىت سالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن قېرىندىشىنىڭ ئوغلىنى ئەمارە

ئىبنى ۋەلىدقا تېگىشىپ بەرگىن، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، دەپ سودىلاشماقچى بولدى، ئەبۇ جەھىل چوڭ بىر تاشنى كۆتۈرۈۋېلىپ: «مۇھەممەدنىڭ كاللىسىنى مىجىۋېتىمەن» دەپ كەلدى، ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئەيت رەسۇلۇللاھنىڭ گېلىنى رىداسى بىلەن بوغۇپ، ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاسلا قويدى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ئاللاھ ئۇنىڭغا ھىدايەت بەرمىگەن بولسا) ئۆيىدىن قىلىچىنى شىمايلاپ، بۈگۈن مۇھەممەدنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، دەپ چىققاندى... ئەبۇ تالىب بۇ بىر قاتار ئىشلارنى ھەر بىر ئويلىسا، ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر قارا كۆلەڭگە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى ـ دە، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ، كۆڭلى باشقىچىلا بولۇپ قالاتتى ۋە مۇشرىكلار ئۇنىڭ ھىمايىسىنى كۆزگە ئىلماي، ھامان قېرىندىشىنىڭ ئوغلىنى قەستلەپ، ئۆلتۈرۈش كويىدا بولۇشى، تاسادىپىي قارا نىيەت ئەبلەخلەردىن بىرسى تۇيۇقسىز قول سېلىپ، قېرىندىشىمنىڭ ئوغلىنى نابۇت قىلىۋەتسە، ئۆمەر، ھەمزىلەرمۇ ۋە ياكى باشقىلارمۇ ئامالسىز قېلىشى مۇمكىن... دېگەن ئويلارنى ئويلاپ، باش ئاخىرى يوق غەمگە پاتاتتى ۋە بىر ھازا ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئەبۇ تالىبنىڭ كاللىسىدا يۇقىرىقى قاراش مۇقىملىشىپ قالدى، ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى توغرا ئىدى، شۇ ئەسنادا مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئاشكارا قارار قىلىشقانىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ قارارىغا ئاللاھ قۇرئاندا ﴿ام ابرموا امرا فانا مبرمون﴾ «ئۇلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سۇيىقەست قىلىشتا) بىر ئىشنى قارار قىلغان بولسا، بىز (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ياردەم بېرىشتە بىر ئىشنى قارار قىلىمىز» (سۈرە زۇخرۇف 79 ـ ئايەت) دەپ ئىشارەت بەردى. بۇنداق ئەھۋالدا ئەبۇ تالىب قانداق قىلىشى كېرەك؟!

ئۇ قۇرەيش دائىرىلىرىنىڭ ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئوغلىغا قارشى جامائەت پىكرى توپلاپ،قارا كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،چوڭ بوۋىسى ئابدۇمانافنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان بەنى ھاشىم جەمەتى بىلەن بەنى مۇتەللىپ جەمەتىنى يىغىپ سۆز قىلدى ۋە ئۇلارنى ئۇ ھازىر دۇچ كەلگەن قېرىندىشىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)نى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا خەۋپ ـ خەتەر يېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىشقا چاقىردى.نەتىجىدە ئۇنىڭ چاقىرىقىغا بۇ ئىككى جەمەتنىڭ مۇسۇلمانلىرىمۇ، كاپىرلىرىمۇ، ئەرەب ئۇرۇقداشلىقى ۋە تەرەپبازلىق ئەسەبىيىتى بىلەن ئاۋاز قوشتى.بۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئەبۇ لەھەبلا بۇ تەكلىپكە قوشۇلماي قۇرەيش تەرەپتە تۇردى.

## قۇرەيش دائىرىلىرىنىڭ مەزكۇر ئىككى جەمەتكە جازا يۈرگۈزگەنلىكى

مۇشۇ بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە مۇشرىكلارغا نىسبەتەن زور ۋەقەلەردىن ئارقا ـ ئارقىدىن مۇنداق تۆت ۋەقە يۈز بەردى. ھەمزە مۇسۇلمان بولۇۋالدى، ئارقىدىنلا ئۆمەر مۇسۇلمان بولۇپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ بولسا ئۇلارنىڭ تەكلىپى لايىھىسىگە قوشۇلماي سودىلىشىشنى رەت قىلدى. ئەمدىلىكتە بولسا، بەنى ھاشىم جەمەتى بىلەن بەنى مۇتەللىپ جەمەتى مۇسۇلمان ياكى غەيرى مۇسۇلمان دەپ ئايرىلماي ھەممىسى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)نى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنى جان تىكىپ قوغداشقا قەسەمياد قىلىشتى. مۇشرىكلار بۇ

تەرەققىياتلاردىن ھەيران قېلىشتى. ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قېلىشقا تېگىشلىك ئىش بولدى. چۈنكى، ئۇلار ناۋادا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، مەككە ۋادىسى قانغا تولۇپ ئاقىدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇلار ھەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ، تۈگىشىش مۇمكىنچىلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا، ئۇلار بۇ ئاقىۋەتلەرنى ئويلاپ بىۋاستە قانلىق ئۇرۇشۇش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى باشقىچە بىر خىل ئۇسۇل بىلەن جازالاشقا تۇتۇش قىلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇسۇلى ئىلگىرىكىدىن قەبىھ ھەم رەزىل ئىدى.

## چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم ـ ستەم ئەھدىنامىسى

قۇرەيش دائىرىلىرى ۋادى مەھەسسەب (يەر نامى)تىكى بەنى كەنانە يىغىن مەركىزىگە يىغىلىپ، بەنى ھاشىم ۋە بەنى مۇتەللىپ جەمەتلىرى مۇھەممەد(ئەلەيھىسسالام)نى بىزگە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمىگىچە، بۇ ئىككى جەمەت بىلەن تويلاشماسلىق، سودا ـ سېتىق قىلماسلىق، ئۆزئارا ئۇچرىشىپ ئارىلاشماسلىق، باردى ـ كەلدى قىلماسلىق ۋە ئۆيلىرىگە كىرىپ چىقماسلىق، ھەتتا سالام ـ سەھەت قىلماسلىققا قەسەمياد قىلىشتى ۋە مۇشۇ ھەقتە مەخسۇس بىر ئەھدىنامە ماقۇللاپ، بەنى ھاشىم جەمەتىدىن قەتئى سۈلھى (يارىشىش) قوبۇل قىلمايمىز ۋە مۇھەممەد(ئەلەيھىسسالام)نى رازىمەنلىك بىلەن ئۆلۈمگە تاپشۇرمىغۇچە ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتمايمىز، دەپ ھۆججەت ئىمزالاشتى. ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھۆججەتنىڭ تېكىستىنى مەنسۇر ئىبنى ئىكرەمە ئىبنى ئامىر ئىبنى ھاشىم يازغان ۋە يەنە بىر رىۋايەتتە نەزر ئىبنى ھارىس يازغان دېيىلىدۇ. سەھىھ رىۋايەت شۇكى، ئۇنى بەغىز ئىبنى ئامىر ئىبنى ھاشىم دېگەن كىشى يازغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا دۇئا قىلغانىدى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ قولى قۇرۇپ قالغان.

مەزكۇر توختامنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن كەئبىنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈۋرۈككە ئېسىپ قويۇلدى ۋە شۇ كۈنى يەنى بىئسەتنىڭ 7 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيى كۆرۈنگەن كېچىسى بەنى ھاشىم جەمەتى بىلەن بەنى مۇتەللىپ جەمەتىنىڭ ئادەملىرى مۇسۇلمان كاپىر ھەممىسى (ئەبۇ لەھەبتىن باشقىسى)ئايرىلىپ، مەككىدىكى ئەبۇ تالىب جىلغىسىغا قامال قىلىندى.

## ئەبۇ تالىب جىلغىسىدىكى ئۈچ يىل

قامال قىلىش قاتتىق كۈچىيىپ كەتتى. ئۇلاردىن ئاشلىق ۋە باشقا ئوزۇق ـ تۈلۈكلەر ئۈزۈپ تاشلاندى. مۇشرىكلار (مەككىگە كىرگەن ئاشلىق ۋە باشقا ماددىي ئەشيالارنى قويماي سېتىۋالغانلىقتىن، قىيىنچىلىق شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇلار دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماق ـ غازاڭلىرىنى ۋە تېرە ـ كىرگەتلەرنى يېيىشكە مەجبۇر بولدى ھەتتا قىز ـ خوتۇنلارنىڭ ۋە نارەسىدە بوۋاقلارنىڭ ئاچلىقتىن نالە ـ پەرياد قىلىشلىرى جىلغىنىڭ كەينىدىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارغا يەتكۈزۈلىدىغان تۈرمۇش لازىمەتلىكلىرى، خىش ـ ئەقرىبالار ياكى ئىنسانپەرۋەر كىشىلەر تەرىپىدىن ئىنتايىن مەخپىي رەۋىشتە

يەتكۈزۈلەتتى. مۇھاسىرىگە ئېلىنغانلار بولسا ئېھتىياجلىق نەرسە ـ كېرەكلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن پەقەت هارام ئايلاردىلا قامالدىن بوشىناپ چىقالايتتى. چىققاندىمۇ مەككىنىڭ سىرتىغا چىقىپ سېتىۋېلىشقا توغرا كېلەتتى. چۈنكى، مۇشرىكلار مەككە ئىچىدە مۇشۇ ئىككى جەمەتتىن بىر كىشى نەرسە سېتىۋالماقچى بولسا، ئۇلارنى ئالدۇرماسلىق ئۈچۈن سودىسىغا تۆپىلەپ پۇل قېتىپ، ماتانىڭ باھاسىنى ئۆرلىتىۋېتەتتى.

ھەكىم ئىبنى ھىزام ھاماچىسى خەدىچە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا)گە پات ـ پات ئانچە ـ مۇنچە بۇغداي قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇراتتى. بىر قېتىم ئەبۇ جەھىل ئۇچراپ قېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالدى ۋە ئۇنى بۇ ئىشتىن چەكلىمەكچى بولغانىدى. ئەبۇلبەختەرى دېگەن كىشى ئارىغا چۈشۈپ، مىڭتەسلىكتە ھەكىمنى ھېلىقى بۇغداينى ھاماچىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئەبۇ تالىب يۇقىرىقى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى تارتىۋاتقاندىن سىرت رەسۇلۇللاھتىن خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى. ئۇ ھەر كۈنى كەچ كىرىپ كىشىلەر ئۆز كەپىلىرىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىغاندا (رەسۇلۇللاھقا سۇيىقەست قىلىش مەقسىتى بارلارنى باپلاش ئۈچۈن) ئۇنى ئۆز ئورنىغا بېرىپ يېتىپ قېلىشقا بۇيرۇيتتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ ئەلئايىغى جىمىققاندا بولسا ئوغۇللىرىدىن بىرنى ياكى ئۆز قېرىنداشلىرىدىن بىرنى ۋە ياكى بىر نەۋرە ئىنىلىرىدىن بىرنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئورنىدا ياتقۇزۇپ قويۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئۇنىڭ ئورنىغا بېرىپ يېتىشقا بۇيرۇيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە مۇھاسىرىگە ئېلىنغان مۇسۇلمانلار ھەج مەۋسۇمى مەزگىللىرىدە قامالدىن بوشىنىپ چىقالايتتى ۋە شۇندىلا ئاندىن كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلالايتتى. يەنە مۇشۇ ئازغىنا كۈنلەردىكى دەۋەت جەريانىدىمۇ ئەبۇ لەھەبنىڭ نېمىلەرنى قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى ئالدىنقى بابلاردا زىكرى قىلدۇق. (تەپسىلىي جەريانىنى شۇ يەردىن كۆرۈۋالغايسىلەر).

## يولسىز ئەھدىنامىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى

تولۇق ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. ۋەزىيەت يەنىلا مۇسۇلمانلارغا پايدىسىز ھالدا داۋاملاشماقتا ئىدى. بىئسەتنىڭ 10 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىدا ھېلىقى تەڭسىز ئەھدىنامە ھۆججىتى بىردىنلا يىرتىپ تاشلىنىپ، ئىتتىپاق بۇزۇلدى[1]. ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق بولدى: قۇرەيش خەلقى ئىچىدە مەزكۇر شەرتنامىگە نىسبەتەن رازى بولغۇچىلارمۇ، نارازى بولغۇچىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نارازى بولغۇچىلار مەزكۇر ھۆججەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا قول قويغۇچى «ئىتتىپاق»نى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن يول ماڭدى.

بۇ ئىشنى باش بولۇپ ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى ئامىر ئىبنى لۇئەي جەمەتىدىن ھىشام ئىبنى ئەمر دېگەن كىشى ئىدى. (ئۇ بەنى ھاشىم جەمەتى قامالدا قالغان مەزگىللەردە

---

[1] بۇ يولسىز ئەھدىنامىنىڭ بىئسەتنىڭ 10 ـ يىلى مۇھەررەم ( 1 ـ ئاي)دە ئەمەلدىن قالغان، دەپ جەزملەشتۈرۈشكە دەلىل شۇكى، ئەبۇ تالىب ئاشۇ ئەھدىنامە بۇزۇلۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن، يەنى شۇ يىلى رەجەپ ئېيىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئەبۇ تالىپنى شۇ يىلى رامىزاندا ئۆلۈپ كەتتى دېگۈچىلەر مەزكۇر ئەھدىنامە بۇزۇلۇپ سەككىز ئايدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن، دەيدۇ.

ئۇلارغا كېچىلىرى يوشۇرۇن ئاش ـ تاماق يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇراتتى) ئۇ بىر كۈنى زۆھەير ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە مەخزۇمى (ئۇنىڭ ئانىسى ئاتىكە ئەبۇ تالىبنىڭ ھەمشىرىسى ئىدى)نىڭ قېشىغا بېرىپ: «ئى زۆھەير، سەن تويغۇچە يەپ، قانغۇچە ئىچىپ ئۆتۈشكە رازىمۇ، ھالبۇكى سېنىڭ تاغىلىرىڭنىڭ ئەھۋالى ئاشۇنداق تۇرسا؟!» دېدى. زۆھەير ئۇنىڭغا: «ھەي سېنى، مەن نېمە قىلالايتتىم، مەن دېگەن بىر ئادەم تۇرسام؟ ئەمما مەن بىلەن يەنە بىر ئادەم بىللە بولغان بولسا، ئەزبىرايى خۇدا چوقۇم ئاشۇ تەڭسىز شەرتنامىنى بىكار قىلىشقا تىرىشىپ كۆرەتتىم»، دېدى. ھىشام: «ئۇنداق بولسا، سەن بىلەن بىللە تۇرىدىغان ئادەمنى تېپىپ بولدۇڭ»، دېدى، زۆھەير: «ئۇ كىم؟» دەپ سورىدى. ھىشام: «ئۇ مەن»، دەپ جاۋاب بەردى. زۆھەير ئۇنىڭغا مەمنۇن بولغان ھالدا: «يەنە بىر ئادەم ئىزلەپ تاپقىن»، دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ھىشام مۇتئىم ئىبنى ئەدىينىڭ قېشىغا باردى ۋە ئۇنىڭغا ئابدۇماناقنىڭ پۇشتى بولغان بەنى ھاشىم ۋە بەنى مۇتەللىپ جەمەتلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇغ ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئەسلەتتى ۋە ئۇنىڭ بىر ئەقىل ئىگىسى تۇرۇپ، قۇرەيشلەرنىڭ مۇشۇ زۇلۇمىغا رازى بولۇپ تۇرغانلىقىغا تاپا ـ مالامەت قىلدى. مۇتئىم ئۇنىڭغا: «ھەي سېنى، مەن نېمە قىلالايتتىم؟ مەن دېگەن بىرلا ئادەم تۇرسام»، دېدى. ھىشام: «ئىككىنچىسىنىمۇ تاپالايسەن»، دېۋىدى، مۇتئىم: «ئۇ كىم؟» دەپ سورىدى. ھىشام: «مەن»، دەپ جاۋاب بەردى، مۇتئىم: «ئۇنداق بولسا ئۈچ بولايلى، يەنە بىرىنى ئىزلەپ باقىقىن»، دېۋىدى، ھىشام: «تېپىپ بولدۇم»، دەپ جاۋاب بەردى. مۇتئىم: «ئۇ كىم؟» دەپ سورىۋىدى، ھىشام: «زۆھەير ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە»، دەپ جاۋاب بەردى، مۇتئىم: «ئەمسە تۆت بولسۇن، يەنە بىرىنى ئىزلەپ باقىقىن»، دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەبۇلبەختەرى ئىبنى ھىشامنىڭ قېشىغا باردى ۋە ئۇنىڭغىمۇ مۇتئىمغا دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. ئەبۇلبەختەرى: «بۇ ئىشقا ئاۋاز قوشىدىغان بىرەر ئادەم چىقارمۇ؟» دەپ سورىغاندى، ھىشام: «ھەئە، ئەلۋەتتە چىقتى»، دەپ جاۋاب بەردى. ئەبۇلبەختەرى: «ئۇ كىم؟» دەپ سورىۋىدى، ھىشام: «زۆھەير ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە، مۇتئىم ئىبنى ئەدىي ۋە مەن»، دېدى. ئەبۇلبەختەرى: «بۇنداق بولسا، يەنىمۇ ئىزلەپ كۆرگىن، سانىمىز قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى»، دېدى.

بۇنىڭ بىلەن ھىشام زەمئە ئىبنى ئەسۋەد (ئىبنى مۇتەللىپ ئىبنى ئەسەد)نىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا شۇ ھەقتە گەپ قىلدى. ئاشۇ جازاغا ئۇچرىغۇچىلار بىلەن بولغان يېقىن ئۇرۇغ ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئەسلىتىپ، زىممىسىدىكى ھەقلەرنى زىكرى قىلىۋىدى، زەمئە: «سەن دەۋاتقان بۇ ئىشنى قوللايدىغان بىرەر ئادەم بارمىدۇ؟» دېدى، ھىشام: «ھەئە، ئەلۋەتتە بار»، دەپ ئۇنىڭغا يۇقىرىقىلارنى زىكرى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەجۇن دېگەن جايغا يىغىلىپ،ئاشۇ زوراۋانلار ئىتتىپاقىنىڭ ھۆججىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا كۈچ چىقىرىشقا كېلىشتى ۋە بۇنى تۇنجى بولۇپ زۆھەير ئوتتۇرىغا قويماقچى بولدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ھەممەيلەن قۇرەيش كىشىلىرى بىلەن ئادەتتىكىدەك ئۆز سورۇنلىرىغا جەم بولۇشتى. زۆھەير ئۇچىسىغا ئىسىل بىر تونىنى كىيىپ كېلىپ،

بەيتۇللاھ (كەئبە) نى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلدى، ئاندىن تويقا قاراپ: «ئى مەككە خەلقى! بىز قورسىقىمىز توق، كىيىمىمىز پۈتۈن يۈرۈۋاتىمىز، بەنى ھاشىم جەمەتى ئېھتىياجى ھالدا يا ئالالماي، يا ساتالماي ھالاك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇگۈن ئاشۇ ناھەق يولسىز شەرتنامە يىرتىلىپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغۇچە سورۇنۇڭلاردا ئولتۇرمايمەن»، دېدى.

ئەبۇ جەھىل (مەسجىدنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇۋاتاتتى) زۇھەيرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ: «يالغان، كاپىشىما! ئەزبىرايى خۇدا، ئۇنى ھەرگىز يىرتىپ تاشلاشقا بولمايدۇ»، دېدى. زەمئە ئىبنى ئەسۋەد ئورنىدىن تۇرۇپ: «سەن كاپىشىما، بىز باشتىن ئاخىر ئۇنىڭ پۈتۈلىشىگە نارازى ئىدۇق»، دېدى. ئەبۇلبەختەرى يەنە بىر تەرەپتىن قوپۇپ: «زەمئە راست ئېيتىدۇ، بىز ئۇنىڭغا نارازى ھەم قەتئىي قوشۇلمايمىز»، دېدى. مۇتئىم ئىبنى ئەدىي يەنە بىر بۇلۇڭدىن ئاۋاز كۆتۈرۈپ: «سىلەر ئىككىڭلارنىڭ دېگىنى توغرا، غەيرى قاراشتا بولغانلار يالغان ئېيتىدۇ، بىز بۇ شەرتنامە ۋە ئۇنىڭ ماددىلىرىغىچە تونۇمايمىز، خۇدا ئالدىدىمۇ چىكارىگە① بولىمىز»، دېدى ۋە ھىشام ئىبنى ئەمرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر گەپلەرنى قىلىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاۋاز چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ جەھىل ھەيران قېلىپ: «بۇ چوقۇم مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەشكىللىك ئىش ئىكەن»، دېدى.

بۇ چاغدا ئەبۇ تالىبمۇ مەسجىدنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇراتتى. شۇ كۈنلەردە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شەرتنامە ھۆججىتى توغرىلىق ۋەھيي نازىل قىلىپ، ھۆججەتنىڭ قەغىزىگە قۇرت چۈشۈرۈپ، «ئاللاھ» دېگەن خەتتىن باشقا زوراۋانلىق، زىيانكەشلىك ۋە ناھەقچىلىك ماددىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئويغاندەكلا يەۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن، بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئەبۇ تالىبقا ئېيتقانىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ خەۋەرنى قانداق قىلىپ مەيدانغا چىقىرىش ئويىدا بۇ يەرگە كەلگەن. ئەبۇ تالىب بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپلا، قۇرەيشلەرنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە : «مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى ماڭا مۇنداق بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى، ئەگەر ئۇ يالغان سۆزلىگەن بولسا، بىز ئۇنى سىلەر(نىڭ «ئۆلۈم جازا»سى بېرىشىڭلارغا) تاپشۇرىمىز، ناۋادا راست چىقسا، بىزگە يۈرگۈزۈۋاتقان جازانى بىكار قىلىسىلەر، قانداق؟» دېدى. قۇرەيشلەرمۇ توغرا دېدىڭ، ئىنساپ بىلەن گەپ قىلدىڭ»، دېيىشتى.

ئەبۇ جەھىل بىلەن ھېلىقى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بىر قۇر تالاش ـ تارتىشلار بولغاندىن كېيىن مۇتئىم ئىبنى ئەدىي ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېلىقى شەرتنامە قەغىزىنى قولىغا ئېلىۋىدى، قۇرتنىڭ ھۆججەتتىكى « بسمك اللهم» «ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن باشلايمەن» دېگەن كەلىمە ۋە ئاللاھنىڭ ئىسمىدىن باشقا خەت ئىزناسى قويماي ھەممە يەرنى يەۋەتكەنلىكى بايقالدى. نەتىجىدە مۇشۇ كۈندىن ئېتىبارەن ھۆججەت ئەمەلدىن قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ جىلغىغا قامالغان ئىككى جەمەت كىشىلىرى ئەركىنلىككە چىقتى. مۇشرىكلار مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ «پەيغەمبەرلىك» ئالامەتلىرىدىن ئەڭ كاتتا بىر مۆجىزىنى كۆردى، لېكىن ئۇلار ئاللاھ

---

① مۇناسىۋەتسىز بولماق، ئادا ـ جۇدا بولماق.

تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتقاندەك، ﴿و ان يروا كل اية يعرضوا و يقولوا سهر مستمر ﴾ «(قۇرەيش كۇففارلىرى بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈپ، بۇ داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر، دېيىشىدۇ». («قۇرئان كەرىم» سۈرە قەمەر 2 ـ ئايەت) دەپ خەۋەر قىلغىنىدەك، بۇ مۆجىزىدىنمۇ يۈز ئۆرۈشتى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن «سوغۇق سۇ يەنە ئۆز ئەكسىنى تارتتى»، ئۇلارنىڭ كونا كېسىلى ئەدىپ، كۇفرى ئۈستىگە كۇفرى قوشۇلۇپ، چېكىدىن ئاشقان كاپىرلاردىن بولۇپ يۈرىۋەردى.

## قۇرەيش ئەلچىلىرىنىڭ ئەبۇ تالىب بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇچرىشىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قامالدىن بوشىنىپ چىقتى ۋە بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە دەۋەت ئىشىنى باشلىۋەتتى. قۇرەيش تەرەپ گەرچە جازانى بىكار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇسۇلمانلارغا بېسىم ئىشلىتىش ۋە دىندىن چەكلەش زومىگەرلىكىنى بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. ئەمما، ئەبۇ تالىب ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئوغلىنى گويا كۆز قارچۇغىنى قوغدىغاندەك قوغداۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يېشى سەكسەندىن ھالقىغانىدى ۋە مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ بېشىغا ئارقىمۇئارقا كەلگەن چوڭ ـ كىچىك دەرت ئەلەملەر (بولۇپمۇ جىلغا مۇھاسىرىسى) ئۇنىڭ بەدىنىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بېلىنى رۇسلىيالمايدىغان قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا، ئۇ جىلغا مۇھاسىرىسىدىن بوشانغىلى بىر قانچە ئاي بولمايلا، ئۇشتۇمتۇت كېسەل تېگىپ، ئۇرۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى ۋە بارا ـ بارا ئېغىرلىشىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا مۇشرىكلار: «ناۋادا ئەبۇ تالىب ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ جىيەن ئوغلىغا بىر ئىش بولۇپ قالسا، ئەرەبلەر ئارىسىدا سەت نام كۆتۈرۈپ يۈرۈشتىن قورقۇپ، ئەبۇ تالىبنىڭ كۆز ئالدىدا رەسۇلۇللاھ بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆھبەتلىشىشكە ئۇرۇندى ۋە ئىلگىرى قايىل بولماي كەلگەن بەزى مەسىلىلەردە يول قويىماقچى بولۇشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق «ئەلچىلەر ئۆمىكى» تەشكىللەپ، ئەبۇ تالىبنىڭ قېشىغا كىرگۈزدى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ تالىب ئاغرىپ قېلىپ، ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغانلىقى قۇرەيش دائىرىلىرىغا يېتىپ، ئۇلار ئۆزئارا پىكىرلىشىپ: ‹ئۆمەر بىلەن ھەمزە مۇسۇلمان بولۇپ كېتىپ، مۇھەممەدنىڭ ئىشى قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە تارقالدى، شۇڭا بىز ئەبۇ تالىب قېشىغا بارايلى، ئۇ قېرىندىشىنىڭ ئوغلىدا بولسا تۈزەتسۇن، بىزدە بولسا، بىز تۈزىتەيلى، ئەزبىرايى خۇدا بىز ئۇلارنىڭ قولىمىزدىكى ھوقۇقىمىزنى تارتىۋېلىشىدىن ئەمىن بولالمايمىز›، دېيىشتى». يەنە بىر ئىبارىدە: «بۇ قېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلىغا بىر ئىش بولۇپ قالسا، ئەرەبلەر بىزنى ئەيىبلەپ: ‹ئۇلار مۇھەممەدنى ئۆز ۋاقتىدا بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، ئەمدى تاغىسى ئۆلگەن ھامان ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى›، دەپ گەپ تېپىشىدىن قورقىمىز›، دېيىشتى»، دېيىلگەن.

ئۇتبە ئىبنى رەبىئە، شەيبە ئىبنى رەبىيئە، ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام، ئۇمەييە ئىبنى خەلەف ۋە ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب قاتارلىق چوڭ كاتتىۋاشلار ۋە قەبىلە

ئاقساقاللىرىدىن بولۇپ، نەچچە ئون كىشى (ئۇلار تەخمىنەن 25 تەك ئادەم ئىدى) ئەبۇ تالىبنىڭ قېشىغا كىرىپ گەپ تەشتى: «ئى ئەبۇ تالىب! ھەممىمىزگە مەلۇم، سەن بىزنىڭ پىشقەدەم ئەربابىمىز، ساڭا بۇ رەھىمسىز كېسەل چاڭگال سېپتۇ، سېنىڭدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمىز، جىيەن ئوغلۇڭ بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئىختىلاپنى سەن بىلىسەن، شۇڭا سەن ئۇنى چاقىرتىپ، بىزدە بولسا ئوچۇق تۈزىتىپ قويغىن، بىز تۈزىتەيلى، ئۇنىڭدا بولسا ئۇ تۈزەتسۇن، ئۇمۇ بىزگە چېقىلمىسۇن! بىزمۇ ئۇنىڭغا چېقىلمايلى! ئۇمۇ بىزنىڭ دىنىمىزنى ئەيىبلىمىسۇن، بىزمۇ ئۇنىڭ دىنى بىلەن كارىمىز بولمايلى»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تالىب رەسۇلۇللاھقا ئادەم ئەۋەتىپ، چاقىرتىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! بىلىسىز، ئولتۇرغانلار ئۆز قەۋمى ـ جامائىتىمىزنىڭ كاتتىلىرى، ئۇلار بەزى ئىشلاردا سىزگە يول قويماقچى ۋە بەزى ئىشلاردا سىزنى توسماقچى بولۇپ كەپتۇ»، دېدى. ئاندىن ئۇنىڭغا قۇرەيش ئەلچىلىرى ئۇ كېلىشنىڭ ئالدىدا ئېيتقانلىرىنى ۋە ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە چېقىلماسلىق تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «قاراڭلار! مەن سىلەرگە بىر جۈملە سۆزنى توغرا قىلاي، ئەگەر ئۇنى قوبۇل قىلساڭلار، ئەرەبلەرگە شاھ بولۇسىلەر، ئەجەملەر (غەيرى ئەرەبلەر) سىلەرگە ئەل بولىدۇ»دېدى. يەنە بىر ئىبارىدە، رەسۇلۇللاھ ئەبۇ تالىبنىڭ ھېلىقى سۆزىگە جاۋابەن: «مەن ئۇلارنى مۇنداق بىر جۈملە سۆزگە كېلىشىنى ئىرادە قىلىۋاتىمەن، ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلسا، پۈتۈن ئەرەبلەر ئۇلارغا بويسۇنىدۇ ۋە ئەجەملەر باج ـ جاساق تاپشۇرىدۇ»، دېدى. ئۈچىنچى بىر ئىبارىدە، رەسۇلۇللاھ ئەبۇ تالىبقا: «ئى تاغا! سىز ئۇلارنى ئۇلارغا ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان بىر سۆزگە دەۋەت قىلىسىڭىز بولمامدۇ؟» دېگەن. ئەبۇ تالىب رەسۇلۇللاھقا: «ئۇلارنى نېمىگە دەۋەت قىلىسىز؟» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «ئۇلارنى پۈتۈن ئەرەبلەرگە خوجايىن بولالايدىغان، ئەجەملەرنى ئەل قىلالايدىغان بىر سۆزنى دېيىشكە دەۋەت قىلىمەن»، دېگەن ۋە ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايىتىدە، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «سىلەر مۇنداق بىر جۈملە سۆزگە بىرلىككە كەلسەڭلار، پۈتۈن ئەرەبلەرگە خوجايىن بولىسىلەر، ئەجەملەرمۇ ئەل بولىدۇ»، دېگەن. رەسۇلۇللاھ بۇ گەپنى دېگەندىن كېيىن ئۇلار جىمىپلا قېلىشقان ۋە پايدىسى مۇنچە كۆپ بىر ئېغىز گەپنى رەت قىلىشنى بىلەلمەي، ھەيران بولۇشقان. ئاندىن ئەبۇ جەھىل: «قايسى سۆز ئۇ؟ ئاتاڭ بىلەن قەسەمكى، ھېلىغۇ بىر ئىكەن، ئون كەلىمە بولسىمۇ دەيمىز، سەن بىلەن بىرلىككە كېلەلەيمىز»، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « لا اله الا الله » «بىر ئاللاھتىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق) دەيسىلەر ۋە ئاللاھتىن باشقا مەئبۇدلارنى قەتئىي تاشلايسىلەر»، دېگەندە، ئۇلار قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ: «ئى مۇھەممەد! سەن بىزنىڭ بىر قانچە ئىلاھىمىزنى بىر ئىلاھ قىلىپ بەرمەكچىمۇ؟ سېنىڭ بۇ ئىشىڭ ئەجەب قىزىق ئىشكەن»، دېيىشكەن.

ئاندىن ئۇلار ئۆزئارا قىلىشقان سۆزىدە: «ئەزبىرايى خۇدا، بۇ ئادەم بىز كۆزلىگەن نىشانلارنىڭ ھېچ بىرىگە كەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا، ھەممىمىز قايتىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىغا چىڭ ئېسىلىپ ماڭايلى، ئاللاھ بىر كۈنى بىز بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ قويار، دېيىشىپ تاراپ كېتىشتى. دەل مۇشۇلار ھەققىدە

تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى: ﴿ص ○ والقران ذى الذكر○ بل الذين كفروا في عزة و شقاق○ كم اهلكنا من قبلهم من قرن فنادوا و لات حين مناص○ و عجبوا ان جاءهم منذر منهم ز و قال الكافرون هذا ساحر كذاب○ اجعل الالهة الها واحدا ج ان هذا لشيء عجاب○ وانطلق الملامنهم أن امشوا واصبرو على الهتكم إن هذا لشيء يراد ○ ما سمعنا بهذا فىالملة الاخرة إن هذا الاّ اختلاق﴾ «ساد، شانلىق قۇرئان بىلەن قەسەمكى، ( بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن مۆجىزىدۇر)، بەلكى، كاپىرلار ئىماندىن باش تارتماقتا ۋە (رەسۇلۇللاھقا) مۇخالىپەتچىلىك قىلماقتا. ئۇلاردىن ئىلگىرى (كۇفرى تۈپەيلى) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق. ئۇلار (ئازابنى) كۆرگەندە پەرياد قىلدى، ھالبۇكى (بۇ) قاچىدىغان ۋاقىت ئەمەس. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلگەنلىكىگە ئۇلار ھەيران قېلىشتى. كاپىرلار ئېيتتى: «بۇ بىر يالغانچى سېھىرگەردۇر. ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش». ئۇلارنىڭ (يەنى قۇرەيشلەرنىڭ) كاتتىلىرى (سورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ چىقىپ ئېيتتى: «سىلەر مېڭىڭلار، مەئبۇدلىرىڭلارغا ئىبادەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇڭلار، بۇ ھەقىقەتەن (بىزدىن) ئىرادە قىلىنىدىغان بىر ئىش (يەنى مۇھەممەد سىلەرنى دىنىڭلاردىن تاندۇرۇپ، سىلەرگە ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىشىنى ئىرادە قىلىدۇ). بۇنى بىز باشقا بىر دىندىن (يەنى ناسارا دىنىدىكىلەردىن) ئاڭلىمىدۇق، بۇ پەقەت ئويدۇرمىدۇر...» («قۇرئان كەرىم» سۈرە ساد 1 ــــ 7 ـ ئايەتلەر).

## قايغۇ ئەلەم يىلى

### ئەبۇ تالىبنىڭ ۋاپات بولۇشى

ئەبۇ تالىبنىڭ كېسىلى كۈنسايىن ئېغىرلىشىپ، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشتى. ئۇنىڭ ۋاپاتى بېئسەتنىڭ 10 ـ يىلى رەجەپ ئېيىدا مۇھاسىرىدىن چىقىپ ئالتە ئايدىن كېيىن يۈز بەردى. يەنە بىر رىۋايەتتە، شۇ يىلى رامىزان ئېيىدا خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى ۋاپات بولغان دېيىلىدۇ. سەھىھۇلبۇخارىدا مۇسەييەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىستە، ئەبۇ تالىب ۋاپات تېپىش ئالدىدا تۇرغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەن (بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا ئەبۇ جەھىل بار ئىكەن) ۋە ئۇنىڭغا: «ئى تاغا! ‹ لا اله الا الله ›، يەنى ‹بىر ئاللاھتىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق ›، دېگىن، مەن مۇشۇ بىر ئېغىز سۆزۈڭ بىلەن سەن ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئالدىدا گۇۋاھلىق بېرىمەن»، دېگەن. ئەبۇ جەھىل بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئۈمەييە ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىشىۋېلىپ: «ئى ئەبۇ تالىب! ئۆلەر ۋاقتىڭدا، ئابدۇلمۇتەللىپ يولىدىن ۋاز كەچسەڭ بولامدۇ؟» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئەبۇ تالىب جان ئۈزۈش ئالدىدا: «ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ تۇتقان يولى بىلەن...» دېگەن ۋە شۇئان كۆز يۇمغان. بۇنىڭغا قارىتا رەسۇلۇللاھ: «مەن ئاللاھ تەرىپىدىن چەكلەنمىسەملا، ساڭا مەغفىرەت تىلەيمەن»، دېگەندە، تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولغان: ﴿وما كان للنبي والذين امنو ان يستغفرو للمشركين ولو كانوا اولي قربي من بعد ما تبين لهم انهم اصحاب الجحيم﴾ «پەيغەمبەرگە ۋە مۆئمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاخ ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن

مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس». («قۇرئان كەرىم» سۈرە تەۋبە 113 ـ ئايەتلەر) ۋە يەنە ﴿انك لا تهدي من احببت﴾ تەرجىمىسى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، سەن ئۆزۈڭ خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن». («قۇرئان كەرىم» سۈرە قەسەس 56 ـ ئايەت).

ئەبۇ تالىبنىڭ رەسۇلۇللاھنى قانات ئاستىغا ئېلىپ مۇھاپىزەت قىلىش ۋە قوغداش جەريانىنى «ئۇنداق قوغدىغان»، «مۇنداق مۇھاپىزەت قىلغان»، دەپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. قىسقىسى ئۇ ئىسلام دەۋىتىنىڭ زالىم مۇستەبىتلەر ۋە ئەخمەق ـ نادانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدىنىدىغان مۇستەھكەم بىر پولات قورغىنىغا ئايلانغانىدى. لېكىن، ئۇ ئەجدادلىرىنىڭ يولىغا ۋارىسلىق قىلىش ئىدىيىسىدە قېپقالغان بولغاچقا ئۇزۇل ـ كېسىل نىجاتلىق تاپالمىدى. ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە، ئۇ رەسۇلۇللاھقا: «تاغاڭ ئەبۇ تالىبقا نېمىگە ئەسقاتتىڭ؟ ئۇ سېنى قوغدايتتى ۋە سەن ئۈچۈن خەلقلەر بىلەن دۈشمەنلىشەتتى»، دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «ئۇ دوزاخنىڭ ئەڭ دۆڭ يېرىدە بولىدۇ، ئەگەر مەن بولمىغان بولسام، ئۇ دوزاخنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئازگىلىدا ئازابلىناتتى»، دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەبۇ سەئىد خۇدرىيى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا تاغىسىنىڭ گېپى بولغاندا ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئېھتىمال قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا مېنىڭ شاپائىتىم تېگىپ، دوزاخنىڭ ئەڭ ئۈزە يېرىدە ھوشۇقىغا چىققۇدەك ئوتتا ئازاب قىلىنىشى مۇمكىن».

## خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۇزىشى

ئەبۇ تالىب ۋاپات بولۇپ، ئىككى ئايدىن كېيىن ياكى (يۇقىرىقى ئىختىلاپى رىۋايەتكە ئاساسەن) ئۈچ كۈن دىن كېيىن مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىچە كۇبرا (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتتى. خەدىچە بىئسەت (رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولغان يىلى)نىڭ 10 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا 65 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. رەسۇلۇللاھ بۇ چاغدا 50 ياشتا ئىدى.

شەك شۈبھىسىزكى، خەدىچە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان كاتتا نېئمەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن 25 يىلدەك بىرگە ياشاپ، ئۇنىڭ ئەنسىزلىك سائەتلىرىدە كۆڭلىنى ياساپ ھېسداشلىق قىلدى. قىيىن، ھالقىلىق پەيتلەردە قوللاپ، قۇۋۋەتلىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا ياردەملەشتى. جاھاننىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈك بەدەللىرىنى تەڭ تۆلىدى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە ئىقتىسادىنى ئاتىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ھەققىدە: «ھەممە ئادەم ماڭا كاپىر بولغاندا ئۇ ‹خەدىچە› ماڭا ئىشەنگەن، ھەممە ئادەم ماللىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ، ئايىغاندا، ئۇ مېنى ئۆز مېلىغا شېرىك قىلغان. ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭدىن بىر قانچە پەرزەنت ئاتا قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاياللاردىن پەرزەنت يۈزى كۆرمىدىم»، دېگەن.

سەھىھۇلبۇخارىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ: خەدىچە قولىدا قاچا كۆتۈرۈپ، قوشۇمچە يېمەكلىك (تائام دېدىمۇ ياكى شاراپ دېدىمۇ) ئېلىپ كەلدى. ئۇ كەلگەن ھامان ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارى تائالادىن سالام ئوقۇغىن ۋە ئۇنىڭغا جەننەتتە ئۈنچە-مارجاندىن ياسالغان ۋاراڭ-چۇرۇڭسىز بىر ئۆي بىلەن بېشارەت بەرگىن»، دېدى.

## قاتمۇقات قايغۇ ئەلەملەر

قايغۇلۇق بۇ ئىككى ئىش بىر قانچە كۈن ئىچىدىلا يۈز بەرگەنلىكتىن رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىدە دەرت ئەلەم تۇيغۇلىرى ئىختىيارسىز يالقۇنجاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەۋمى جامائەت تەرىپىدىنمۇ قاتمۇقات ئەزىيەت كۈلپەتلەر كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھقا ئەبۇ تالىب ھايات ۋاقتىدا قىلىشقا پېتىنالمىغان ئەسكىلىكلەرگە ئەمدى جۈرئەت قىلىدىغان ۋە يولسىز ئىزا-ئاھانەت قىلىشتىن تەپ تارتمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئۇ غەم ئۈستىگە غەم تارتىپ، ئاخىرى ئۇلاردىن ئۈمىدىنى ئۈزدى ۋە تائىف ئاھالىسى دەۋىتىمگە ئاۋاز قوشار ياكى ماڭا ئورۇن بېرىپ بۇلارنىڭ ئۈستىدىن ياردەمدە بولار، دېگەن ئۈمىدتە تائىفقا چىقتى. لېكىن ئۇلاردىنمۇ رەسۇلۇللاھقا پاناھلىق بېرىدىغان ياكى ياردەم قىلىدىغان ئادەم چىقمىدى. بەلكى، ئۇلار رەسۇلۇللاھقا قۇرەيشلەر قىلمىغان ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ قاتتىق دەشنام بەردى.

مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ زۇلۇملىرى رەسۇلۇللاھقا قارىتا مۇشۇنداق كۈچەيگىنىگە ئوخشاش، ساھابىلەرگىمۇ كۈچەيگەنىدى. ھەتتا ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)مۇ مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ھەبەشىستانغا بارماقچى بولۇپ، بەركولغىماد دېگەن يەرگە بارغاندا ئىبنى دەغنى دېگەن كىشى پاناھلىقىغا ئېلىپ، مەككىگە قايتۇرۇپ كەلدى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ تالىب ئۆلۈپ كېتىۋىدى، قۇرەيشلەر رەسۇلۇللاھقا ئەبۇ تالىب ھايات ۋاقتىدا قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان يامانلىقلارنى قىلىشقا پېتىندى. ھەتتا بىر بەدبەخت رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىگە ئۇرۇۋچلاپ تۇپا چاچتى. رەسۇلۇللاھ يۈز-كۆزلىرى تۇپىغا مىلەنگەن ھالدا ئۆيگە كىرگەنىدى. قىزلىرىدىن بىرسى يىغلىغاچ ئاتىسىنىڭ بېشىدىكى چاڭ-توزان ۋە توپا-تۇمانلارنى يۇيۇپ قويدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «يىغلىماڭلار، قىزلىرىم! ئاللاھ تائالا ئاتاڭلارنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ»، دەيتتى. ئۇ يەنە ئارىلاپ: «ئەبۇ تالىب ۋاپات بولغانغا قەدەر قۇرەيشلەر ماڭا مۇنداق ئەسكىلىكلەرنى قىلالمىغان»، دەيتتى.

بۇ يىلى رەسۇلۇللاھنىڭ بېشىغا ئەنە شۇنداق دەرت-ئەلەملەر قاتمۇقات ياغقانلىقى ئۈچۈن ئۇ بۇ يىلنى «قايغۇ-ئەلەم» يىلى دەپ ئاتىدى. بۇ يىل تارىختا ھەم مۇشۇ نام بىلەن تونۇلدى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ سەۋدىگە ئۆيلىنىشى

رەسۇلۇللاھ مۇشۇ يىلى (بىئسەتنىڭ 10 ـ يىلى) شەۋۋال ئېيىدا زەمئەنىڭ قىزى سەۋدىگە ئۆيلەندى. سەۋدە ئەڭ دەسلەپ مۇسۇلمان بولغان ئاياللاردىن بولۇپ، ھەبەشىستانغا قىلىنغان ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرەتكە قاتناشقان. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئېرى سەكران ئىبنى ئەمرىمۇ مۇسۇلمان بولغانىدى. ئۇلار ئەر ـ خوتۇن بىرگە ھىجرەت قىلىپ چىقىپ، كېيىن ئۇنىڭ ئېرى ھەبەش زېمىنىدا ياكى مەككىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ قازا قىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئىددىتى چىققاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا خېرىدارلىق قىلىپ، ئەمرىگە ئالدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ خەدىچىدىن كېيىن، تۇنجى نىكاھىغا ئالغان خوتۇنىدۇر. ئۇ بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئۆزىنىڭ رەسۇلۇللاھدىن بولغان نۆۋىتىنى ئائىشىگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن.

## سەبرى ـ سۇباتلىق ئامىللىرى

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ھەر قانچە كەڭ قورساق، سەۋرچان ئادەممۇ ھەيران بولماي قالمايدۇ ۋە ھەر قانچە كاتتا بىلىملىك دانىشمەنلەرمۇ «مۇسۇلمانلارنىڭ سەۋرچان، چىداملىقلىقىنى مۇنچە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن زادى قايسى ئامىلدۇ؟ ئۇلار ئاڭلىغان ئادەم تېنى جۇغۇلداپ، يۈرەكلىرى زەردە بولىدىغان بۇ زۇلۇم ـ ستەملەرگە قانداق سەبرى قىلغاندۇ؟» دەپ سورىشىپ قالىدۇ، ئەلۋەتتە. ئادەمنىڭ كۆڭلىدىن چىقمايدىغان ئاشۇ سوئاللارنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ سەبرى ـ سۇباتلىق ۋە ئاجايىپ چىداملىقنىڭ سەۋەب ـ ئامىللىرىنى ئاددىي قىلىپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز.

1. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھنىڭ بىر ۋە بارلىقىغا كەلتۈرگەن ئىمانىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئاللاھقا بولغان تونۇشىنىڭ ھەقىقەتەن چوڭقۇرلىقىدا ئىدى. چۈنكى، مۇكەممەل ئىمان كىشىلەر قەلبىگە سىڭىپ كىرسە، تاغنىمۇ كۆتۈرۈپ كېتەلەيدۇ، ھەرگىز يەڭگىللىك ۋە تەنتەكلىك قىلمايدۇ. بۇنداق كۈچلۈك ئىمان ۋە مۇستەھكەم ئىرادە دۇنيانىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرى مەيلى قانچىلىك ئېغىر، چىدىغۇسىز، مۇشكۈل، قورقۇنچلۇق بولغان تەقدىردىمۇ (ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم ئىمانى ئالدىدا) ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەزمۇت قوپۇرۇلغان توغان ۋە بېتون قەلئەلەرنى يېقىتىش ئۈچۈن كەلگەن كەلكۈن ئۈستىدىكى كۆپۈك ۋە لاۋا ـ لەشتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى لەززەتلەنگەن ئىمان ھالاۋتى، ئىسلام ئىشتىياقى ۋە مۇستەھكەم ئىرادە ئىستىھكامى ئالدىدا ئاشۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ ھېچقايسىسىغا پەرۋا قىلمايدىغان بولىدۇ. ﴿فاما الزبد فيذهب جفاء و اما ما ينفع الا اناس فيمكث في الارض﴾ «كۆپۈك بولسا ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ». («قۇرئان كەرىم» سۈرە رەئد 17 ـ ئايەت).

بۇ ئاساسىي سەۋەبلەردىن باشقا يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ سەۋر ۋە چىداملىقلىقىنى ئاشۇرىدىغان بىر قانچە قوشۇمچە سەۋەبلەرنىمۇ يەكۈنلەشكە بولىدۇ.

2. ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە توغرا رەھبەرلىك: (ئىسلام ئۇممەتلىرىنىڭ بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئالىي رەھبىرى) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ياخشى ئادەت، پىسخىك كامالەت، مەكارىم ئەخلاق، ئېسىل پەزىلەت ۋە ئالىيجاناپ خىسلەتلەرنى شۇ دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرگەنىدىكى، ئۇ بارلىق ھەق سۆيەر قەلبلەرنى ئۆزىگە ماگنىتتەك جەلپ

قىلىنغۇالغانىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا تەييار ئىدى. رەسۇلۇللاھقا بېرىلگەن يۇقىرى كامالەت ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىنسانغا مۇيەسسەر بولغان ئەمەس. ئۇ ئىناۋەت، ئابرۇي، دەبدەبە، ھەيۋەت، خەيرى ـ خاھلىق ۋە ئېسىل ـ پەزىلەتلەردە تەڭداشسىز ئىدى. ئىپپەت، نومۇسچانلىق، ۋاپادارلىق ۋە راستچىل، سەممىيەتلىك، خەيرىيەت يوللىرىنىڭ جىمىسىدە ھەممىدىن ئالدىن قاتاردا بولۇپ، دوستلىرى، ئەل ـ ئاغىنىلىرى، سەپداشلىرىلا ئەمەس، ھەتتا ئۇنى ئۆچ كۆرىدىغان دۈشمەنلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇ پەزىلىگە قايىل ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ھەر قانداق سۆزنىڭ ئەمەلدە راست بولىدىغانلىقىغا جەزم قىلىشاتتى.

بىر قېتىم قۇرەيش كاتتىۋاشلىرىدىن «قۇرئان كەرىم»گە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىر ـ بىرىدىن يوشۇرۇن قۇلاق سالغان ئۈچ كىشى بىر يەرگە جەم بولدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ بۇ سىرى ئاشكارىلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىرى ئەبۇ جەھىلدىن (ئۇمۇ ئاشۇ ئۈچ كىشىنىڭ بىرى ئىدى): «سەن مۇھەممەدتىن ئاڭلىغان نەرسىلەرگە قانداق قارايسەن؟» دېۋىدى، ئەبۇ جەھىل: «قانداق قارايتتىم، بىز ئابدۇماناف جەمەتى بىلەن شەرەپ قوغلاشتۇق. ئۇلار مېھماندارچىلىق قىلىپ ئاچ قورساقلارغا تائام بەرسە، بىزمۇ تائام بەردۇق، ئۇلار ئۇلاغسىز پىيادە قالغانلارنى ئۇلاغقا مىندۇرسە، بىزمۇ مىندۇردۇق. ئۇلار خەيرى ـ ساخاۋەت قىلسا، بىزمۇ قىلدۇق. ھەتتا بەسلىشىپ، ئاخىرى بەيگىدە باراۋەر كېتىۋاتقان ئىككى ئاتنىڭ مىسالى بولۇپ قېلىۋىدۇق، ئۇلار بىزنىڭ ئاسمان ۋەھيىسىنى قوبۇل قىلىدىغان پەيغەمبىرىمىز بار، دەپ قوپتى. ئەمدى بىز بۇ بوشلۇقنى قانداق تولدۇرىمىز؟ ئەزبىرايى خۇدا بىز ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئەگەشمەيمىز ۋە ئىشەنمەيمىز»، دېدى.

ئەبۇ جەھىلنىڭ داۋاملىق دەيدىغىنى: «ئى مۇھەممەد! بىز سېنى يالغانچى دېگىنىمىز يوق، لېكىن سەن ئېلىپ كەلگەن ئاشۇ بىر نېمەڭنى ئىنكار قىلىمىز»، دېگەندەك سۆز ئىدى. شۇڭا ئاللاھ بۇنىڭ ھەققىدە ﴿فانهم لا يكذبونك و لكن الظالمين بايات الله يجحدون﴾ «ئۇلار سېنى يالغانغا چىقارمايدۇ، لېكىن زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە تانىدۇ»، دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋاتاتتى. كاپىرلار ھەر قېتىم ئۇدۇلىغا كەلگەندە مەسخىرە ۋە مازاق قىلىشىپ كۈلۈشتى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئۈچىنچى قېتىم ئايلىنىپ كەلگەندە توختاپ تۇرۇپ: «ئى قۇرەيش خەلقى! مەن سىلەرگە بېشىڭلار كېتىدىغان بىر ئىشنى ئېلىپ كەلدىم»، دېۋىدى بۇ سۆز ئۇلارغا قاتتىق تەسىر قىلدى چېغى، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەسكى دېگەنلىرىمۇ رەسۇلۇللاھقا چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا تىرىشتى.

قۇرەيش كاپىرلىرى رەسۇلۇللاھ سەجدىدە تۇرۇۋاتقاندا تۆگىنىڭ يىنىنى ئەكېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويغان چاغدا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا دۇئايى بەد قىلىۋىدى، بىردىنلا ئۇلارنىڭ كۈلكىسى توختاپ، غەم ـ قايغۇغا ئەسىر بولۇشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەمدى چوقۇم بىر كۈنى ھالاك بولىدىغانلىقىنى جەزم قىلىشتى.

رەسۇلۇللاھ ئەبۇ لەھەبنىڭ ئوغلى ئۇتەيبىيگە دۇئايى بەد قىلغاندا، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ دۇئاسىنىڭ چوقۇم تېگىدىغانلىقىنى جەزم قىلغانىدى. ئاخىر ئۇ شامغا

چىققاندا، بىر يولۋاسنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ: «ۋاي تو ۋا! ئۇ (مۇھەممەد) مەككىدە تۇرۇپ مېنى ئۆلتۈرىدىغان بولدى»، دېگەن.

ئۇبەي ئىبنى خەلەف دائىم رەسۇلۇللاھقا: «مەن سېنى ئۆلتۈرىمەن»، دەپ تەھدىت سالاتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «بەلكى سېنى مەن ئۆلتۈرىمەن، ‹ ان شاء الله ، يەنى خۇدا بۇيرىسا › دەيتتى. ئۇھۇد ئۇرۇشىدا رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا نەيزە ئۇرۇپ، نەيزە راست تەگمەي قېلىپ، ئۇنىڭ گەجگىسىنى ئازراق زىدە قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ: «مۇھەممەد ماڭا ئۆز ۋاقتىدا سېنى مەن چوقۇم ئۆلتۈرىمەن، دېگەنىدى، ئەزبىرايى خۇدا ئۇ ماڭا قاتتىق بىر تۈكۈرسىمۇ مېنى ئەلۋەتتە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ»، دەپ يىغلاشقا باشلىدى. (ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ئۆز نۆۋىتىدە كېلىدۇ) سەئەد ئىبنى مۇئاز (مەككىگە ئۆمرە ھەجگە بارغاندا) ئۇمەييە ئىبنى خەلەفكە: مەن رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئۇلار (يەنى مۇسۇلمانلار) ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنى چوقۇم ئۆلتۈرىدۇ»، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، دېگەندە ئۇمەييە قاتتىق چۆچۈپ، قورقۇپ كەتكەن ۋە ئۆزىگە مەككىنىڭ سىرتىغا چىقماسلىقنى ئەھدى قىلغان. بەدرى ئۇرۇشىدا ئەبۇ جەھىل ئۇنى جەڭگە چىقىشقا زورلىغاندا، ئۇ قېچىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن مەككە تەۋەسىدىكى ئەڭ چاپقۇر بىر تۆگىنى تاللاپ سېتىۋېلىپ، مىنىپ چىققان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئايالى: ئى ئەبۇ سەفۋان (ئۇمەييىنىڭ كونىيتى)! يەسرەب (مەدىنە)لىك ھېلىقى ئاغىنەڭ دېگەن گەپنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ دېگەندە، ئۇمەييە ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق، مەن پەقەت ئۇلارغا ئۆزەمنى شۇنداق بىر كۆرسىتىپ قويۇپلا، قايتىپ كېلىمەن»، دېگەن. مانا بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ كۆزقارىشى ۋە ئۇنىڭغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئىدى. ئەمما، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەسھابىلىرى ۋە قەدىناس دوست ـ بۇرادەرلىرىگە نىسبەتەن، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ جېنى ۋە تېنى ئىدى. ئۇلارنىڭ قەلبى ۋە كۆز قارچۇغىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەنىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىقى، مېھرى ـ مۇھەببىتى، دوستلۇقى ۋە قېرىنداشلىقى رەسۇلۇللاھقا بەخشەندە قىلىنغانىدى. قەلبلەر ئۇنىڭغا تۆمۈر، ماگنىتقا چاپلاشقاندەك رام بولۇپ قالاتتى. بىر شائىر مۇنداق يازغان:

كۆرۈنمەككە رەسۇلۇللاھ ئادەمىزات،
ھەقىقەتتە يۈرەك تارتىش ماگنىتىدۇر.

مانا مۇشۇنداق ھەقىقىي مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە ئۆزىنى پىدا قىلىش روھىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلار بېشى كېسىلىپ، ئۆلۈشكە رازى ئىدىكى، رەسۇلۇللاھنىڭ تىرنىقى يېرىلىپ ياكى پۇتىغا تىكەن كىرىپ دەرت تارتىشىغا چىدىمايتتى.

بىر كۈنى ئەبۇ بەكرى مەككىدە قاتتىق ئۇرۇپ تاشلاندى ۋە ئېغىر زەخملەندى. ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە ياردار يېتىۋاتقان ئەبۇ بەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ قېلىن چەملىك توڭكاي ئايىغى بىلەن ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە ئۇرۇپ، تېپىپ، قورساقلىرىغا دەسسەپ، ھەتتا ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى تونىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تۈپتۈز قىلىۋەتتى. بەنۇ تەيم (ئەبۇ بەكرىنىڭ) جەمەتى ئۇنى بىر پالاسقا سېلىپ، تۆت تەرىپىدىن كۆتۈرۈپ، ئاران تەسلىكتە ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشتى. ئۇلار ئەبۇ بەكرىنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى. ئۇ كەچ بولغاندا ھوشىغا كېلىپ، گەپ قىلدى. ئۇنىڭ: «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇپ

كەتتى؟» دېگەن سۆزىنى تەستە ئۇققىلى بولاتتى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئەھلى ئەۋلادلىرى ھەيرانلىقتىن ئىغىزلىرىنى تۇتۇشۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ دەردىنى تارتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىشتى. ئاندىن ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇممۇلخەير (ئەبۇ بەكرىنىڭ ئانىسى)گە ئۇنىڭغا ئازراق يېمەكلىك ۋە ئىچىملىك بېرىشكە تاپىلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇممۇلخەير ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىدا يالغۇز قېلىۋىدى، ئۇ ئەبۇ بەكرىنى تاماقتا ھەيدىدى. ئەبۇ بەكرى: «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟» دەپ تاماققا ھېچ قارىمايتتى. ئۇممۇلخەيرى: «ئەزبىرايى خۇدا مېنىڭ ئۇ دوستىڭىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرىم يوق»، دېۋىدى. ئەبۇ بەكرى: «ئەمىسە ئۇممۇ جەمىل بىنتى خەتتابنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇقۇپ كەلگىن»، دېدى. ئۇممۇلخەيرى ئەبۇ بەكرىنى ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۇممۇ جەمىلنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە: «ئەبۇ بەكرى سىزدىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ»، دېۋىدى، ئۇ: «مەن ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ دېگەنلەرنى تونۇمايمەن، خالىسىڭىز، مېنى ئاشۇ ئەبۇ بەكرى دېگەننىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىڭ»، دېدى. ئۇممۇلخەيرى ماقۇل بولۇپ، ئۇنى باشلاپ كەلدى. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە، ئەبۇ بەكرى گويا ئۆلۈكتەك بىھوش ياتاتتى. ئۇممۇ جەمىل ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپلا تۈۋلىۋەتتى ۋە: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ساڭا مۇشۇنداق قاتتىق تەگكەن بەدبەختلەر چوقۇم پاسىق ۋە ۋىجدانسىز كاپىرلاردۇر، ئاللاھ ساڭا ئۇلاردىن ئىنتىقامىڭنى ھامان ئېلىپ بېرىدۇ»، دېدى. ئەبۇ بەكرى كۆزىنى غۇۋا ئېچىپ، ناھايىتى تەسلىكتە: «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالى نىچۇك؟» دەپ سورىدى. ئۇممۇ جەمىل ئاناڭ ئاڭلاپ قالسا مەيلىمۇ؟ دېگەندەك، ئۇممۇلخەيرگە ئىشارەت قىلدى. ئەبۇ بەكرى: «كېرەك يوق، دەۋېرىڭ»، دېگەندى. ئۇممۇ جەمىل: «رەسۇلۇللاھتىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ ساق ـ سالامەت»، دېدى. ئەبۇ بەكرى: «ئۇ ھازىر نەدە؟» دەپ سورىدى، ئۇممى جەمىل: «ئىبنى ئەرقەم قورۇسىدا»، دەپ جاۋاب بەردى. بۇ چاغدا ئەبۇ بەكرى: «مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن يۈز كۆرۈشمىگۈچە ئىغىزىمغا تاماق ياكى سۇ ئالماسلىقنى خۇدا ئۈچۈن نەزىر قىلدىم»، دەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ئاز تەخىر قىلىپ تۇردى. ھەتتا بىر چاغدا ئەلئايىقى جىمىقىپ، كوچىلار تىنچلىنىۋىدى، ئىككىيلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ، مىڭ تەسلىكتە رەسۇلۇللاھ بار قورۇغا ئېلىپ كېلىشتى.

بىز يەنە بۇ ئۇلۇغ ساھابە كىراملارنىڭ ھەقىقىي ساداقەتمەنلىك روھى ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن جان پىدا قىلىش روھىنىڭ نادىر نامايەندىلىرىنى، بولۇپمۇ ئوھۇد ئۇرۇشىدا رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان پەيتتە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بەدىلىگە رەسۇلۇللاھنى قوغدىغانلىقىنى، خۇبەيب ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ساھابىلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ئۆز نۆۋىتىدە نەقىل كەلتۈرىمىز.

3. يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى. ساھابە كىراملار ئىنسانىيەتنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ نەقەدەر ئېغىر ھەم ئۇلۇغۋار مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى، دەل مۇشۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ئۇلارنىڭ كۈرەش نىشانى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ مەسئۇلىيەتتىن باش تارتىش ۋە ئۆزىنى قاچۇرۇشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى، مەسئۇلىيەتتىن قاچقاندىكى ئاقىۋەت ھازىرقى زۇلۇم ـ ستەملەرگە سېلىشتۇرغاندا زىيىنى

ئىنتايىن كۆپ، ئاقىۋىتى تولىمۇ خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇ مەسئۇلىيەتتىن قېچىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن مۇسۇلمانلارغا (بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە) يېتىدىغان زىياننىڭ بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ ئادا قىلىش يولىدا تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە ھەرگىز سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى تولۇق تونۇپ يەتكەنىدى.

4. قىيامەت كۈنىگە بولغان كامىل ئىمان. (بۇمۇ ئاشۇ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى، ئەلۋەتتە.) ساھابە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار) ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھۇ رەببىلئالەمىين (پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى)نىڭ ئالدىغا چوقۇم، جەزمەن بارىدىغانلىقىغا، ئۇ يەردە ئۇلۇغ ـ ئۇششاق، چوڭ ـ كىچىك نام ـ ئەمەللىرىنىڭ جىمىسىدىن ھېساب بېرىپ يا مەڭگۈلۈك راھەت ـ پاراغەت (جەننەت)كە ياكى ئەبەدىلئەبەد ئازاب ئوقۇبەت (جەھەننەم) كە قالىدىغانلىقىغا مۇكەممەل ئىشەنچ بىلەن جەزم قىلاتتى. شۇڭا، ئۇلار ھاياتىنى خەۋپ ۋە رىجا (ئۈمىد ۋە قورقۇنچ) ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى. ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولاتتى ۋە ئازابىدىن قورقاتتى. ئۇلار ئاللاھ ئېيتقاندەك، ﴿والذين يوتون ما اتوا و قلوبهم وجلة انهم الى ربهم راجعون ﴾ «ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان، ئەمما پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر...» («قۇرئان كەرىم» سۈرە مۇئمىنۇن 60 ـ ئايەت) ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ئازاب ئوقۇبەت ۋە راھەت پاراغەتلىرىنىڭ، ئاخىرەتنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرى ئالدىدا پاشىنىڭ قانىتىغا تەڭ كەلمەيدىغانلىقىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇپ يەتكەنىدى. دەل مۇشۇ تونۇش ۋە كۈچلۈك جەزمىيەت ئۇلارغا دۇنيانىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك يۈكلىرىنى ۋە ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى يېنىك ھېس قىلدۇرغانىدى. ھەتتا، ئۇلار بۇنداق ئىشلارغا پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

5. «قۇرئان كەرىم» ئاشۇ قارا زۇلمەتلىك ۋە بالايى ئاپەتلىك يىللاردا نازىل بولغان ئايەت ۋە سۈرىلەر (دەۋەتنىڭ ئاساسى تېمىسى بولغان) ئىسلام دىنىي ئەقىدە پرىنسىپلىرىنى پولاتتەك پاكىت ۋە قايىل قىلارلىق دەلىل ـ ھۆججەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىپ، مۇسۇلمانلارنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ ئىلغار بىر جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ (ئۇ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدۇر) ئىجتىمائىي ئاساسلىرىغا يېتەكلەيتتى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى قوزغاپ، سەبىرلىك، جەسۇر بولۇشقا ئىلھاملاندۇراتتى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىي مىساللارنى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭدىكى ھېكمەت ۋە نىشانلارنى بايان قىلاتتى. ﴿ام حسبتم ان تدخلو الجنة ولما ياتكم مثل الذين خلو من قبلكم مستهم الباساء والضراء و زلزلوا حتى يقول الرسول والذين امنوا معه متي نصر الله الا ان نصر الله قريب﴾ «سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ، جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۇئمىن)لەر ئېغىرچىلىقلارغا كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتىۋېتىلگەنىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر «ئاللاھنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېگەنىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر ۋە ﴿الم احسب الناس ان يتركوا ان يقولوا امنا وهم لا يفتنون ولقد فتنا الذين من قبلهم فليعلمن الله الذين صدقوا وليعلمن الكاذبين﴾ «ئەلىف، لام، مىيم. ئىنسانلار (ئىمان ئېيتتۇق) دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق،

ئاللاھ (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ». («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 214 ـ ئايەت ۋە سۈرە مۇئمىن 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ ئايەتلەر).

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بۇ ئايەتلەر كاپىرلار ۋە ھەقىقەتكە قايىل بولماي جېدەللەشكۈچىلەرنىڭ ئەرزىمەس ئاساس ـ دەلىللىرىگە كەسكىن رەددىيە بېرىپ، ئۇلارغا يوچۇق قويمايتتى ۋە ئۇلارغا بىر دەم ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرى ۋە دوست ـ دۈشمەنلىرىگە يۈرگۈزىدىغان تارىخى قانۇنىيەتلىرى بىلەن دەلىل كەلتۈرۈپ كەلگۈسىدىكى (ئۇلار ئازغۇنلۇق ۋە ھەقىقەتكە بويسۇنماسلىق جىنايىتى بىلەن داۋاملىشىۋەرگەن تەقدىردىكى) ئېچىنىشلىق يامان ئاقىۋەتتىن ھەزەر ئەيلەتسە، يەنە بىر دەم ئاشۇ ئازغۇنلار مېڭىۋاتقان زالالەت يولىدىن قايتىپ توغرا يول تېپىۋالسۇن ئۈچۈن ئۇلارغا سىلىق مۇلايىم سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش يېتەكلەش ۋە توغرا يول كۆرسىتىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلاتتى.

«قۇرئان كەرىم» يەنە مۇسۇلمانلارنى باشقا بىر دۇنياغا باشلاپ بېرىپ، ئۇلارغا كائىنات مۆجىزىلىرى، پەرۋەردىگارى تائالانىڭ گۈزەل جامالى، ئىلاھى كامالەت، رەھىمدىللىق ۋە مېھرىبانلىق بېشارەتلىرى ۋە رازىمەنلىك تەجەللىياتلىرىنى كۆرسىتىپ ئۇلاردا ھېچقانداق چارە ـ تەدبىر توسالغۇ بولالمايدىغان دەرىجىدە كۈچلۈك بىر خىل ھوزۇر ـ ھالاۋەت ۋە ئىشتىياق روھىنى قوزغىغانىدى.

بۇ ئايەتلەر داۋامىدا يەنە مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان خىتابنامىلەر بار ئىدى، خىتابنامىدە ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە تۈگىمەس نازۇ ـ نېئمەتكە توشقان جەننىتى بىلەن بېشارەت بېرەتتى ۋە ئۇلارغا زالىم مۇستەبىت كاپىرلارنىڭ پات يۇرسەتتە قاتتىق سوتلىنىپ بارلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىدىغانلىقى، ئاندىن تەتۈر سۆرەپ ئاپىرىلىپ دوزاخقا دۇم تاشلىنىپ: «دوزاخ ئوتىنىڭ تەمىنى تېتىڭلار»، دېيىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى ناھايىتى ئېنىق روشەن ياڭرىتاتتى.

6. غەلىبە بىشارەتلىرى: يۇقىرىقى ئامىللاردىن باشقا يەنە مۇسۇلمانلار قىيىن ـ قىستاقتا ئۇچراپ، چەتكە قېقىلغان كۈنىنىڭ دەسلىۋىدىن باشلاپ (بەلكى ئۇنىڭدىن خېلىلا ئىلگىرىدىن باشلاپ) ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش» دېگەنلىك «ئۆزىگە بەھۇدە خاپىلىق تېپىۋېلىش ياكى ناھەق بالايى قازاغا ئۆزىنى نىشان قىلىش» دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى ئىسلام دەۋىتى ئۇ يولغا قويۇلغان تۇنجى كۈندىن ئېتىبارەن جاھىلىيەتنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشنى ۋە ئۇنىڭ زومىگەرلىك تۈزۈمىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئاساسى نىشانى يەر شارى مىقياسىدا بۇ دىنىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەپ ۋە سىياسىي قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىپ، دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدە ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنى، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا يېتەكلەش ۋە ئۇلارنى ئۆز جىنسىغا چوقۇنۇشتىن، ياراتقۇچى بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشىنەتتى.

«قۇرئان كەرىم» بۇ بىشارەتلەرنى (بىر دەم ئوچۇق بايان قىلسا، يەنە بىر دەم كىنايە ئارقىلىق ئىشارەت بېرىپ) نازىل بولاتتى. مۇسۇلمانلارنى ھەر جەھەتتىن سىقىپ بۇ كەڭ جاھاننى تارچىلىق ھېس قىلدۇرغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ ھاياتىنى خەۋپ ئىچىدە قالدۇرغان ئاشۇ بوران ـ چاپقۇنلۇق كۈنلەردە نازىل بولغان ئايەتلەر ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارنى يالغانغا چىقىرىپ، كاپىر بولغان قەۋملار ئوتتۇرىسىدىكى ماجرالارنى بايان قىلاتتى ـ دە، ئەمەلىيەتتە بۇ ئايەتلەردە بايان قىلىنغان ئەھۋاللار مەككە مۇسۇلمانلىرى بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئاندىن بۇ ئايەتلەر ئاشۇ ئەھۋاللارنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بولغان كاپىر زالىملارنىڭ ھالاك قىلىنىش ۋە بۇ زېمىن ۋە بۇ دىيارلارغا ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىش جەريانىنى تەپسىلىي زىكرى قىلاتتى. قىسقىسى بۇ قىسسىلەردە مەككە كاپىرلىرىنىڭ پات ئارىدا چوقۇم مەغلۇپ بولۇپ، چوڭ زىيانغا دۇچار بولىدىغانلىقى ۋە ئىسلام دەۋىتى ئومۇملىشىپ، مۇسۇلمانلار چەكسىز غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا ئوچۇق ئىشارەتلەر بار ئىدى. مۇشۇ مەزگىللەردە مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ھامان، چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق جاكارلايدىغان ئايەتلەر نازىل بولغانىدى ۋە: ﴿ولقد سبقت كلمتنا لعبادنا المرسلين انهم لهم المنصرون و ان جند نالهم الغالبون فتول عنهم حتى حين و ان جند نالهم الغالبون فتول عنهم حتى حين و ابصرهم فسوف يبصرون ا فبعذابنا يست عجلون فاذانزل بساحتهم فساء صباح المنذرين ﴾ «بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان، ئۇلار چوقۇم نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر. بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى)دىن ۋاقىتلىق يۈز ئۆرۈپ تۇرغىن، ئۇلارنى (ئۇلارغا ئازاب نازىل بولغان چاغدا) كۆرگىن. ئۇلار ئازابىمىزنىڭ بالدۇر نازىل بولۇشىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ ئازاب ئۇلارنىڭ ھويلىسىغا چۈشكەن چاغدا، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئەتىگىنى (ئەتىسى) نېمە دېگەن يامان» دېيىلگەنىدى. ﴿جندما هنالك مهزوم من الاحزاب ﴾ «ئۇلار (رەسۇلۇللاھقا قارشى) جامائەلەردىن ئويۇشقان مەغلۇپ قىلىنىدىغان قوشۇندۇر» دېگەندەك ئايەتلەر نازىل بولغان ئىدى ۋە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانلار ھەققىدە تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى:﴿والذين هاجروا في الله من بعدما ظلموا لنبوءنهم فى الدنيا حسنة و لاجر الاخرة اكبر لو كانوا يعلمون﴾ «زۇلۇمغا ئۇچرىغىنىدىن كېيىن ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارنى دۇنيادا چوقۇم ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرىمىز، ئۇلار بىلىدىغان بولسا، ئۇلارغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابى تېخىمۇ چوڭدۇر»، ئۇلار رەسۇلۇللاھتىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن سورىۋىدى، ئاللاھ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى داۋامىدا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿لقد كان في يوسف و اخوته ايات للسائلين﴾ «يۇسۇفنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ (قىسسىسىدە) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار».
(«قۇرئان كەرىم» سۈرە يۇسۇپ 7 ـ ئايەت) يەنى مەككىلىكلەرمۇ يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى مەغلۇبىيەتكە يولۇققىنىدەك چوڭ مەغلۇبىيەتكە يولۇقۇپ ئاخىرىدا مات بولۇشىدۇ ۋە ئۇلار يۇسۇفنىڭ پەزلىگە قول قويۇپ تەسلىم بولغىنىدەك، بۇلارمۇ سىنىڭ پەزلىڭگە قول قويۇشىدۇ، دېگەن بولاتتى. ئاللاھ يەنە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنى تىلغا ئېلىپ: ﴿و قال الذين كفرو لرسلهم لنخرجنكم من ارضنا او لتعودن في ملتنا فاوحي اليهم ربهم لنهلكن الظالمين ولنسكننكم

الارض من بعدهم ذالك لمن خاف مقامي و خاف وعيد ﴾ «كاپىرلار پەيغەمبەرلەرگە: ‹سىلەرنى زېمىنىمىزدىن چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك› دېدى. ئۇلارغا پەرۋەردىگارى (مۇنداق) ۋەھيي قىلدى: «زالىملارنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز، ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، زېمىندا چوقۇم سىلەرنى تۇرغۇزىمىز، بۇ (يەنى غەلىبە) مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇشتىن (يەنى سوراققا تارتىلىشتىن) ۋە ئازابىمىزدىن قورققانلار ئۈچۈندۇر». («قۇرئان كەرىم» 14 ـ سۈرە13 ـ 14 ـ ئايەت) ۋە ئىران بىلەن رۇم (شەرقىي ۋىزانتىيە) ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتىلىغاندا مەككە كاپىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ «مۇشرىك» بولۇش سۈپىتى بىلەن مەسلەكدىشى بولغان ئىرانلىقلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. مۇئمىنلەر رۇملۇقلارنىڭ ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، ۋەھيىگە، ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، رۇملۇقلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئەپسۇسكى، ئۇرۇشتا ئىرانلىقلار غەلىبە قىلىپ كەتتى. نەتىجىدە مۇشرىكلار شادلاندى، مۇئمىنلەر يەرگە قارىدى. چۈنكى، ئىككى تەرەپ ئۇرۇش نەتىجىسىدىن پال ئېلىشىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا ئاللاھ تائالا مۇشۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە رۇملۇقلارنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا بېشارەت نازىل قىلدى. يەنە بۇ بېشارەت بىلەن چەكلىنىپ قالماي مۇئمىنلەرنىڭمۇ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە قوشۇمچە ئىشارەت بەردى ۋە: ﴿وبومئذ يفرح المومنون بنصر الله﴾ تەرجىمىسى: «شۇ (ئاللاھنىڭ نۇسرىتى نازىل بولغان) كۈندە مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ». («قۇرئان كەرىم» سۈرە رۇم 4 ـ ئايەت) رەسۇلۇللاھمۇ ئۆزى بىۋاسىتە بۇنداق بېشارەتلەرنى ئاربلاپ ـ ئاربلاپ بېرىپ تۇراتتى. ئۇ ھەج مەۋسۇمىدە بولمىسۇن ياكى ئۇكاز، مەجىننە ۋە ياكى زىلمەجاز بازارلىرىدا دەۋەتكە تۇرمىسۇن، خالايىقلارغا پەقەت جەننەتنىڭ گېپىنىلا قىلماستىن، بەلكى، ئۇلارغا ئوچۇق قىلىپ: «ئى خالايىق! بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ، مەئبۇد، بەرھەق يوق، دەڭلار، نىجات تاپىسىلەر ھەم بۇنىڭ بىلەن ئەرەبلەرگە خوجايىن بولىسىلەر، ئەجەملەر سىلەرگە ئەل بولىدۇ، ئۆلسەڭلار جەننەتتە پادىشاھ كەبى ياشايسىلەر»، دەيتتى.

بىز يۇقىرىدا ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە رەسۇلۇللاھنى دۇنياۋى زىبۇ ـ زىننەت، مال ـ ماتالارغا قىزىقتۇرۇپ، ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتقاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا كەسكىن رەددىيە بەرگەنلىكىنى ۋە ئۇتبەنىڭ «رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ئىشى چوقۇم غەلىبە قىلىدىكەن»، دېگەن قاراشنى مۇقىملاشتۇرۇۋالغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق.

شۇنىڭدەك رەسۇلۇللاھ ئەبۇ تالىبنىڭ قېشىغا كەلگەن ھېلىقى قۇرەيش ئەلچىلىرىگە ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن بىرلا كەلىمە سۆزنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلار بۇنىڭغا بىرلىككە كەلسە، پۈتۈن ئەرەبلەرگە شاھ بولىدىغانلىقىنى ۋە ئەجەملەرمۇ ئەل بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتقانلىقىنى دېدۇق.

خەبباب ئىبنى ئەرەت (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مۇنداق دېگەن: «مەن بىر كۈنى رەسۇلۇللاھنى ئىزلەپ كەلگەنىدىم، ئۇ كەئبىنىڭ سايىسىدا بىر چاپاننى يېنىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا يۆلىنىپ سايداپ ئولتۇرۇپتىكەن، بىز شۇ كۈنلەردە مۇشرىكلارنىڭ قاتتىق خورلىشىغا يولۇققانىدۇق. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنىڭغا: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھقا دۇئا

قىلساڭچۇ؟› دېدىم. ئۇ يېنى ياتقان يېرىدىن دەس تۇرۇپ ئولتۇردى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ چىرايى غەزەبتىن قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئاندىن ئۇ مۇنداق دېدى: «سىلەردىن ئىلگىرىكى مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە بەدىنى تۆمۈر تاغاقلار بىلەن تارىلىپ، گۆش پەيلىرى ئۇستىخان ـ سۆڭەكلىرىدىن ئاجرىتىلغانلار بولغان. ئۇلارنى بۇ ئىشلار ئۆز دىنىدىن قايتۇرالمىغان. ئاللاھ بۇ ئىش (ئىسلام دىنى)نى چوقۇم كامالەتكە يەتكۈزۈپ، شۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە قىلىدۇكى، ھەتتا بىر يولۇچى سەنئادىن ھەزرەمەۋتكىچە ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىشىدىن قورقماي سەپەر قىلالايدىغان دەرىجىدە ئەمىنلىك بولىدۇ، لېكىن سىلەر ئالدىراپ قېلىۋاتىسىلەر».

بۇ بېشارەتلەر مەخپىي، يوشۇرۇن بولماستىن، بەلكى ئاشكارا ھەممىگە مەلۇملۇق ئىدى. مۇسۇلمان كاپىر ھەممىسى بىلەتتى. ھەتتا ئەسۋەد ئىبنى مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ ھەم مەجلىسلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەسھابلىرىنى كۆرسە ئۇلارنى كۆز ئىشارىتى قىلىپ مەسخىرە قىلىپ: «ئەنە يەر يۈزىنىڭ پادىشاھلىرى كەلدى، ئۇلار پات ئارىدا ئىران ۋە رۇم پادىشاھلىرىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلماقچى...»، دەيتتى. ئاندىن ئىسقىرىتىپ، چاۋاك چېلىپ «ھۆرمەت قاراۋۇللىرى»دەك قارشى ئالغان قىياپەتكە كىرەتتى.

ساھابە كراملار ئاخىرقى ھېسابتا جەننەتتىن ئىبارەت رىزۋان باغچىسىغا باشلاپ بارىدىغان ئۇلۇغۋار ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن كەلگۈسى كېلەچەكتىكى شانلىق پارلاق ئىستىقبالغا بولغان بېشارەتلەر ئالدىدا ئۈستى باشلىرىغا ھەر تەرەپتىن يېغىۋاتقان قاتمۇقات زۇلۇم ـ ستەملەر ۋە تالاي بالايىئاپەت ۋە مۇسىبەتلەرنى «ئۇزاقتا قالماي يوقۇلىدىغان يازنىڭ چېقىن ئاپتىپى»، دەپ قارايتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنىڭ روھىنى ئىمانى ئوزۇقلار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ، ئىلىم مەرىپەت ئۆگىتىش ۋە قۇرئاندىن تەلىم بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى تازىلاپ تۇراتتى ۋە ئۇلارغا چوڭقۇر ئەستايىدىل تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ نەپسىنى روھىي ئۇستۇن، قەلبى ساغلام، ئەخلاقى گۈزەل، ماددىۋى قەپەستىن ئازاد، شەھۋانىيلىقىقا قارشى، ئاسمان ـ زېمىن پەرۋەردىگارىغا مايىل، ئۇلۇغۋار شەخسلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشقا يېتەكلەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رەسۇلۇللا يەنە مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ قەلب چوغىنى ياندۇرۇپ، ئۇلارنى جاھالەتنىڭ قاراڭغۇ زۇلمىتىدىن «ئىمان نۇرى»نىڭ ئوچۇق يورۇقلۇقىغا باشلاپ چىقاتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى ئەزىيەت كۈلپەتلەرگە سەبرى قىلىش، ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق ئەپۇ قىلىش، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشتىن ساقلىنىش، ئادەملەردە بولىدىغان ئاچكۆزلۈك تەبىئىتىگە خاتىمە بېرىش قاتارلىق تەرەپلەردە چىڭ تۇتاتتى. شۇڭا، ئۇلار دىندا مۇستەھكەم، شەھۋەتپەرەسلىكتىن قول ئۈزگەن، ھەققانىيەت يولىدا پىداكار، جەننەت ـ بېھىشكە مۇشتاق، ئىلىم مەرىپەتكە تەشنا، دىن ئۆگىنىشكە قىزغىن، ئۆز ئۆزىدىن ھېساب كىتاب قىلىپ تۇرىدىغان، بولمىغۇر ئوي ـ خىيال ۋە يامان تەبىئىتىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان، ھېسسىياتى ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدىغان، ھەر خىل ئېگىز ـ پەس داۋالغۇش ۋە دولقۇنلاردا ئۆزىنى كونترول قىلالايدىغان، سەبىرلىك، ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن ئادەملەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققانىدى.

## ئۇچىنچى باسقۇچ ـــ ئىسلام دەۋىتى مەككە سىرتىدا

### رەسۇلۇللاھ تائىفتا

بىئسەت (پەيغەمبەرلىك كەلگەن يىلى)نىڭ 10 ـ يىلى شەۋۋال ئېيى (مىلادىيە 619 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ)دا رەسۇلۇللاھ تائىفقا چىقتى. تائىف مەككىدىن 100 كىلومېتىردەك كېلەتتى. رەسۇلۇللاھ بۇ يولنى ئازادكەردىسى[1] زەيد ئىبنى هارىس بىلەن بىللە باشتىن ئاخىر پىيادە باستى. ئۇ يول ئۈستىدە ھەر بىر قەبىلە مەنزىلىدىن ئۆتسە، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلاتتى. ئەمما، ئۇلاردىن بىرمۇ كىشىدىن قوبۇل قىلىش ئەسىرى كۆرۈلمىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ سەپىرىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىدا تائىفقا يېتىپ بېرىپ، سەقىف قەبىلىسىنىڭ سابىق باشلىقى ئەمرى ئىبنى ئۇمەيرنىڭ ئوغۇللىرى (تائىفنىڭ ھازىرقى كاتتىۋاشلىرى) ئەبدىيالەيل، مەسئۇد ۋە ھەبىيبلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىردى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بىرى: «ئاللاھ سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن بولسا، مانا كۆرگىن»، دەپ قولىدىكى كەئبىنىڭ يوپۇق پارچىسىنى يىرتىپ تاشلىۋەتتى. يەنە بىرسى: «ئاللاھ پەيغەمبەر قىلىشقا سەندىن بۆلەك ئادەم تاپالمىغانمىدۇ؟» دېدى. ئۈچىنچىسى: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ ساڭا گەپ قىلىدىغان ئېغىزىم يوق، ئەگەر سەن راست پەيغەمبەر بولساڭ، ساڭا جاۋاب قايتۇرۇش مەن ئۈچۈن خەتەرلىك. ناۋادا يالغانچى بولساڭ، مېنىڭ ساڭا گەپ قىلىپ يۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوق»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن سۆھبەتنى توختىتىپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇلاردىن بۇ ئىشنى مەككىلىكلەردىن سىر تۇتۇشنى ئۆتۈنۈپ قويۇپ، بۇ يەردىن چىقىپ كەتتى.

رەسۇلۇللاھ تائىفتا ئون كۈندەك تۇردى. ئۇ بۇ جەرياندا تائىفلىقلارنىڭ نوپۇزلۇق ئادىمى دەپ قارالغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇنىڭغا ئىسلام توغرىلىق سۆزلىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك: «يۇرتىمىزدىن چىقىپ كەت!» دېيىشىپ، رەسۇلۇللاھقا قوپال رەددىيە قىلدى ۋە ئۇنىڭغا بىر ئۇچۇم يالاڭتۆش ئاكتىپلارنى كۈشكۈرتۈپ قويدى. رەسۇلۇللاھ تائىفتىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، بۇ يالاڭتۆش، ئەسكىلەر ۋە يۈزسىز قول ـ چۆرە، داشقاللار ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ، چۇقان سېلىشىپ، تىللاشقا باشلىدى. ھەتتا تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، يولنىڭ ئىككى چېتىگە كىشىلەر ئۇقۇپ ياكى ئۇقماي يىغىلىپ، سەپ تارتىپ تۇرۇشۇپ، ئۇدۇلىغا كەلگىنى بىر تەرەپتىن تاش كېسەكلەرنى ئېتىپ، ئېغىزدىن چىققۇسىز سەت گەپلەرنى قىلىپ، رەسۇلۇللاھقا ھاقارەت قىلدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ پۇت ئىزاڭگۇلىقىغا تاش ـ توقماقلارنى ئېتىپ يېرىۋەتتى. ھەتتا، ئۇنىڭ كەشى قانغا تولدى. زەيد ئىبنى هارىس رەسۇلۇللاھقا قاياندىن زەربە كەلسە، شۇ تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۆزىنى قالقان قىلىپ، رەسۇلۇللاھنى قوغدايتتى. ھەتتا،

---

[1] ئازاتكەردىسى ـــ ئازات قىلىنغۇەتكەن قۇلى.

ئۇنىڭمۇ كاللا ـ باشلىرى يېرىلىپ، نەچچە يېرى ئىتىلىپ كەتتى. بۇ ئەقىلسىز بەدبەختلەر داۋاملىق شۇنداق خۇمسىلىق قىلىپ، تائىفتىن 4 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۇتبە ۋە شەيبەلەر (مەككىلىك رەبىئە دېگەن كىشىنىڭ ئوغۇللىرى)نىڭ بېغىغىچە قوغلاپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ناھايىتى تەسلىكتە دېمى ئۈزۈلۈپ قالاي، دېگەندە بۇ باغقا كىرىۋالدى. رەسۇلۇللاھ مەككىلىكلەرنىڭ ئىگىلىك دائىرىسىگە كىرىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ نائەھلى شۇم پىشانىلەر قايتىپ كېتىشتى. رەسۇلۇللاھ بۇ باغقا ئۆزىنى ئېلىپ تام تۈۋىگە كېلىپ، بىر تۈپ تال سايىسىدا ھالسىرىغان پېتى ئۆزىنى تاشلىدى ۋە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، نەپسى ئازراق جايىغا چۈشۈۋىدى، تارتقان جەۋرى ـ جاپالىرىغا ئىچى سىقىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرمۇ ئادەم ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن، نەتىجە قازىنالمىغانلىقىدىن ئىنتايىن ئازابلىنىپ، ئاللاھقا مۇنداق مەشھۇر دۇئانى ئوقۇدى: «اللهم اليك اشكو ضعف قوتي و قلة حيلتي و هواني على الناس يا ارحم الراحمين انت رب المستضعفين و انت ربي الي من تكلني؟ الى بعيد يتجهمني؟ ام الى عدو ملكته امري؟ ان لم يكن بك على غضب فلا ابالى و لكن عافيتك هي اوسع لي اعوذ بنور وجهك الذي اشرقت له الظلمات وصلح عليه امر الدنيا والاخرة من ان تنزل بي غضبك او يحل علي سخطك لك العتبي حتى ترضى ولا حول ولا قوة الا بالله» «ئى ئاللاھ! مەن ساڭا ئۆزۈمنىڭ كۈچ قۇۋۋەتسىز، ئاجىزلىقىمنى، ئامالسىز قالغانلىقىمنى ۋە خەلقلەر ئارىسىدا خارۇ ـ زار بولغانلىقىمنى شىكايەت قىلىمەن، ئى مېھرىبان ئاللاھ! سەن ئاجىزلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇرسەن ۋە مېنىڭمۇ پەرۋەردىگارىمدۇرسەن، مېنى كىمگە تاپشۇرىسەن؟ مېنى يىراق (يەنى ناتونۇش يات)قىمۇ؟ ياكى مېنىڭ ئىشىمغا چاڭ سېلىۋالغان دۈشمەنگىمۇ؟ ئەگەر سېنىڭ ماڭا غەزىپىڭ بولمىسىلا، ھېچ ۋەقەسى يوق. لېكىن، سېنىڭ تىنچ ئامانلىق ئاتا قىلىشىڭ ماڭا ھەممىدىن چوڭ كەڭچىلىكتۇر. قاراڭغۇ زۇلمەتلەرنى يورۇتقان دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغان ئۇلۇغ زاتىڭنىڭ نۇرى بىلەن ماڭا غەزىپىڭ تېگىشىدىن ياكى مەن سېنىڭ جازالىشىڭغا ئۇچراپ قېلىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن. يامان ئىشلاردىن ساقلىنىش، ياخشى ئىشلارغا مۇۋەپپەق بولۇش پەقەت سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەنلا مۇمكىندۇر، ئى ئاللاھ!».

باغ ئىگىلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلدى ۋە ئەدداس ئىسىملىك بىر خرىستىئان چاكىرىنى چاقىرتىپ، رەسۇلۇللاھقا بىر ساپ ئۈزۈم ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئەدداس ئۈزۈمنى ئۈزۈپ كېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا قويۇۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۈزۈمگە « بسم الله »، دەپ قول ئۇزاتتى ۋە ئاندىن يېيىشكە باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەدداس: « بۇ كەلىمە (سۆز)نى بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى دېمەيدۇ؟ »، دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن: « سىنىڭ يۇرتۇڭ قەيەر؟ قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىسەن؟ » دەپ سورىدى. ئەدداس: « مەن ئۆزۈم خرىستىئانمەن، نەينىۋادىن »، دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ: « سالىھ بەندە يۇنۇس ئىبنى مەتتانىڭ يۇرتىدىن ئىكەنسەن »، دېۋىدى، ئەدداس: « يۇنۇس ئىبنى مەتتانى قانداق بىلىسەن؟ » دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: « ئۇ دېگەن مېنىڭ مەسلەكداش قېرىندىشىم بولىدۇ، ئۇمۇ پەيغەمبەر بولغان، مەنمۇ پەيغەمبەر»، دەپ جاۋاب بەردى. ئەدداس بۇنى ئاڭلاپ رەسۇلۇللاھنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ،

ئۈستى باشلىرىغا سۆيۈپ كەتتى، ئايىغىغا يىقىلىپ، پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسىنى بىلدۈردى.

بۇ چاغدا رەبىئەنىڭ ئوغۇللىرى بىر- بىرىگە قارىشىپ: «مانا قارا، ئۇ چاكىرىڭنى بوزۇپ بەرگىلى قوپتى» دېيىشتى. ئەدداس قايتىپ كېلىۋىدى، ئۇلار ئەدداسقا: «قويە سېنى، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟» دەپ ئاچچىقلاندى. ئەدداس ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ: «خوجىدار! يەر يۈزىدە بۇ ئادەمدىن ئۇلۇغ كىشى يوق، ئۇ ماڭا پەيغەمبەردىن ئۆزگە ئادەم بىلمەيدىغان بىر ئىشنى خەۋەر قىلدى»، دېدى. ئۇلار ئەدداسقا: «ئى ئەدداس! ئۇ سېنى ئۆز دىنىڭدىن يۈز ئۆرۈتۈپ قويمىسۇن، ھەر قاچان سېنىڭ دىنىڭ ئۇنىڭ دىنىدىن ياخشى»، دەپ نەسىھەت قىلىشتى.

رەسۇلۇللاھ باغدىن چىقىپ مەككىگە قاراپ راۋان بولدى. ئۇ ناھايىتى دىلى سۇنۇق، غەمكىن، پەرىشان ئىدى. ئۇ بىر چاغدا قەرنۇلمەنازىل دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىۋىدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى تاغ مۇئەككىلى پەرىشتىسى بىلەن مەككىلىكلەرنى «ئەخشەبەين»گە[1] باستۇرۇۋېتىشكە مەسلىھەت سېلىشقا ئەۋەتتى.

ئىمام بۇخارى ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئارقىلىق ئائىشە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا)دىن رىۋايەت قىلدى. ئائىشىنىڭ ئۇرۋىگە سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ رەسۇلۇللاھقا مۇنداق دېگەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا ئۇھۇد ئۇرۇشىدىكىدىنمۇ دىشۋارراق بىر كۈن كەلگەنمۇ؟» رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «مەن سېنىڭ قەۋمىڭ تەرىپىدىن شۇنداق ئېغىر كۈلپەتلەرگە يولۇققانكى، ئۇنىڭ ماڭا نىسبەتەن ئەڭ ئېغىر بولغىنى ئەقەبە كۈنىدىكى ئىش بولدى، مەن ئۇ چاغدا ئەبيالەيل ئىبنى كولالغا مېنى ھىمايىسىگە ئېلىشنى ئۆتۈنگەنىدىم. ئۇ مېنىڭ ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن (قاتتىق قايغۇ ئەلەم ئىچىدە) قايسى ياققا ماڭغىنىمنى ئاڭقىرالماي مېڭىپ كېتىپتىمەن، بىر ھازادىن كېيىن ھوشۇمغا كەلسەم، قەرنۇسسەئالىپ (ھازىرقى قەرنۇلمەنازىل) قا كېلىپ قاپتىمەن. بېشىمنى كۆتەرسەم، بىر پارچە بۇلۇت ئۈستۈمدە ماڭا سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ. قارىسام ئۇنىڭدا جىبرىئىل تۇرىدۇ، ئۇ ماڭا نىدا قىلىپ: ‹ئى مۇھەممەد! ئاللاھ سېنىڭ قەۋمىڭنىڭ ساڭا دېگەن سۆزلىرىنى ۋە ساڭا قايتۇرغان قوپال رەددىيىلىرىنى ئەلۋەتتە ئاڭلىدى ۋە ساڭا تاغ مۇئەككىلى پەرىشتىلىرىنى مۇسەخخەر (بويسۇندۇرۇپ) قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇنى ئۆزۈڭ خالىغان ئىشقا بۇيرىغىن›، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ماڭا تاغ مۇئەككىلى پەرىشتە نىدا قىلدى ۋە سالام بېرىپ ئېيتتىكى: ‹ئى مۇھەممەد! ئەھۋال شۇ، نېمىنى خالايسەن؟ مەككىدىكى ئەبىلقوبەيس تېغى بىلەن ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى قەئىقئان تېغىنى دۈم كۆمتۈرىمەن›، دېدى. مەن ئۇنىڭغا: ‹بەلكى، مەن ئاللاھتىن ئۇلارنىڭ سۇلبىدىن ئاللاھنى بىر بىلىپ ئىبادەت قىلىدىغان، شېرىك كەلتۈرمەيدىغان ئەۋلادلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن›، دېدىم»، دېگەن.

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ جاۋابىدا ئۇنىڭ تەڭداشسىز، گۈگانت شەخسىيىتى، كىشى تونۇپ يەتكىلى بولمايدىغان ئالىجاناپ ئەخلاق- پەزىلىتى ئىنسانپەرۋەر ئالاھىدىلىكى كۆرۈنۈپ تۇتۇپتۇ.

---

[1] مەككىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چوڭ ئىككى تاغ.

بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ قايتا ھۇشىغا كەلگەندەك بولدى ۋە بىر ئاز ئۈمىدۋارلىقتا چۆمدى يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىن كەلگەن بۇ غەيبىي ياردەم ۋە مەدەتلەر بىلەن ئۇنىڭ قەلبى خېلىلا تەسكىن تېپىپ قالدى.

ئۇ مەككىگە قاراپ يول ئالدى، بىر چاغدا ۋادى نەخلىگە يېتىپ كېلىپ، ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇردى. ۋادى نەخلىدە ئىقامەت قىلىشقا ئەپلىك ئىككى جاي (بىرى چوڭ ئېقىن بويى ۋە يەنە بىرى زەيمە دېگەن جاي) بار ئىدى. چۈنكى، بۇ ئىككى جايدا سۇ ۋە ئوت-چۆپلەر خېلى مول بولۇپ، بىز ھازىرچە رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ئىككى جاينىڭ قايسى بىرىدە ئىقامەت قىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان مۇكەممەل بىر تارىخىي ماتېرىيالغا ئېرىشەلمىدۇق. ھەر ھالدا رەسۇلۇللاھ ۋادى نەخلىدە ئىقامەت قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە ئاللاھ ئۇنىڭغا بىر قانچە نەپەر جىننى ئۆز قەۋملىرىگە ۋاكالىتەن ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

ئاللاھ بۇلارنى قۇرئاندا ئىككى ئورۇندا زىكرى قىلدى. بىرى سۈرە ئەھقافتا: ﴿و إذ صرفنا إليك نفرا من الجن يستمعون القرآن ...﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى ساڭا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتتۇق، ئۇلار قۇرئان تىلاۋىتىگە ھازىر بولغاندا (بىر-بىرىگە): ‹جىم تۇرۇڭلار›، دېيىشتى. قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئۆز قەۋمىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ قايتىشتى. ئۇلار ئېيتتى: ‹ئى قەۋمىمىز! ھەقىقەتەن بىز مۇسادىن كېيىن نازىل بولغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىڭشىدۇق، ئى قەۋمىمىز! ئاللاھقا دەۋەت قىلغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار ۋە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ بەزى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن ساقلايدۇ›». («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەھقاف 29 — 31 - ئايەتلەر)

يەنە بىرى، سۈرە «جىن»دا ﴿قل أوحي إلي أنه استمع نفر من الجن فقالوا إنا سمعنا قرآنا عجبا○ يهدي إلى الرشد فآمنا به ط ولن نشرك بربنا أحدا ...﴾: «(ئى مۇھەممەد!) قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، بىر قانچە نەپەر جىننىڭ (مەندىن قۇرئان) تىڭشاپ (ئىمان ئېيتقانلىقى) ماڭا ۋەھيى قىلىندى، ئۇلار (قەۋمىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن) ئېيتتى: ‹بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق›، ○ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز...». («قۇرئان كەرىم» سۈرە جىن 1 — 15 - ئايەتلەر).

مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن (ۋە شۇنىڭدەك مۇشۇ ۋەقە توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىدىن) قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بىر قانچە نەپەر جىنلارنىڭ ئۇنىڭ قېشىغا ھازىر بولغانلىقىنى ئۇقمىغانلىقى، ئۇنى كېيىن ئاللاھ مۇشۇ ئايەتلەر بىلەن خەۋەر قىلغاندا ئاندىن بىلگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ قېتىم ھازىرلىق قىلىشى تېخى تۇنجى قېتىم ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ ۋە رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندىمۇ، بۇ جىنلارنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن بىر قانچە قېتىم ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

بۇ ۋەقە ئاللاھ ئۆزىنىڭ غائىپ قوشۇنلىرى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا قىلغان زور ياردىمى ۋە مەدەدى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا مۇشۇ ۋەقەنى چۆرىدىگەن ھالدا نازىل بولغان

ئايەتلەرنىڭ داۋامىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دەۋەتنى چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقى ۋە ھېچقانداق بىر دۈشمەن كۈچ بۇ دەۋەتنىڭ غەلىبىسىگە ئالغا ئىلگىرىلىشىنى قەتئىي توساپ قالالمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىشارەت ۋە بېشارەتلەر بېرىلگەن. ﴿ومن لا يجب داعي الله فليس بمعجز في الارض و ليس له من دونه اولياء اولئك في ضلال مبين ...﴾ «كىمكى ئاللاھقا (ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلغۇچىنىڭ (رەسۇلۇللاھنىڭ) دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىسا ئازابتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئاللاھتىن باشقا (يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىغۇچى) ياردەمچىلەر بولمايدۇ. ئۇلار (يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىغۇچىلار) ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر». («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەھقاپ 32 ـ ئايەت) ۋە ﴿انا ظننا ان لن نعجز الله في الارض و لن نعجزه هربا ...﴾ «بىز جەزمەن ئىشەندۇقكى، ئاللاھنى (ئۇز ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن) ھەرگىز ئاجىز قىلالمايمىز، ئۇنىڭ (ئازابى)دىنمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايمىز» («قۇرئان كەرىم» سۈرە جىن 12 ـ ئايەت).

مانا بۇ غەلىبە ۋە بۇ بېشارەتلەر ئالدىدا (رەسۇلۇللاھ تائىفتىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن بېرى) ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىنى قاتمۇقات قاپلىۋالغان قارا تۇمانلار ئاستا ـ ئاستا زايىل بولۇشقا باشلىدى. ئۇ كۆپ ئىككىلەنگەندىن كېيىن ئاخىرى مەككىگە قايتىپ ئىسلام دەۋىتىنى ئەسلىدىكى يۈنىلىش بويىچە قايتا باشلاش ۋە ئاللاھنىڭ ئەبەدىلىك ئەلچىلىكىنى خەلقى ئالەمگە يەتكۈزۈش ئىشىنى يېپيېڭى جۇشقۇن روھ بىلەن تېخىمۇ ياخشى جانلاندۇرۇش قارارىغا كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا زەيد ئىبنى ھارىس: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنىڭ قېشىغا قانداق كىرەلەيسەن؟ ئۇلار (يەنى قۇرەيشلەر) سېنى چىقىرىپ تاشلىغان تۇرسا؟» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئى زەيد! ئاللاھ تائالا ساڭا مۇشكۇل كۆرۈنگەن بۇ ئىشلارغا چوقۇم چىقىش يولى ئاتا قىلىدۇ، ئاللاھ چوقۇم ئۆز دىنىنى غالىب قىلىدۇ ۋە ئۆز پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ»، دېدى. ئاندىن ئاتلىنىپ داۋاملىق يول يۈرۈپ، مەككىگە يېقىنلاپ كېلىپ، ھىرا دېگەن جايغا چۈشتى ۋە خۇزائە قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنى ئەخنەس ئىبنى شۇرەيقكە ئۆزىنى پانالىققا ئېلىشقا ئۆتۈنۈپ ئەۋەتتى. ئۇ: «مەن قۇرەيشلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشى، ئىتتىپاقداشلار بىر ـ بىرىگە باشپاناھ بولالمايدۇ»، دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سۇھەيل ئىبنى ئەمرىنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتتۈيدى، سۇھەيل: «بەنى ئامىر جەمەتى بەنى كەئەب جەمەتىگە پاناھلىق بېرەلمەيدۇ»، دەپ جاۋاب قايتۇردى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن كېيىن مۇتئىم ئىبنى ئەدىيگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزىنى پاناھلىققا ئېلىشنى ئۆتۈنۈۋىدى، مۇتئىم قوشۇلدى ۋە ھەربىي ياراغلىرىنى ئېلىپ، قوراللىنىپ ئەھلى ئەۋلاد ۋە قەۋمى جامائەت ئەزالىرىنى ھەممەدە بولۇشقا چاقىردى ۋە: «ھەممىڭلار قوراللىنىپ، بەيتۇللاھنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇڭلار، مەن مۇھەممەدگە پاناھلىق بەردىم»، دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھقا: «كىرگىن»، دەپ ئادەم ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ زەيد ئىبنى ھارىس بىلەن بىللە مەككىگە كىردى. ئۇ بەيتۇللاھقا يېقىنلاپ كەلگەندە، مۇتئىم تۆگىسىگە مىنىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن توۋلاپ: «ئى قۇرەيش خەلقى! مەن مۇھەممەدكە باشپاناھ بولدۇم، ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلمىسۇن»، دەپ ئېلان قىلدى. رەسۇلۇللاھ رۇكنى (بەيتۇللاھنىڭ بوسۇغا تېمى)غا يېتىپ بېرىپ، ئۇنى بۇسە قىلدى ۋە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. مۇتئىم ئىبنى ئەدىي ۋە

ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىنى قوراللىق قورشاپ، ھەتتا ئۆيىگە قەدەر بىللە ئاپىرىپ قويىدى.

ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئەبۇ جەھىل مۇتئىم ئىبنى ئەدىيدىن: «سەن ئۇنى قوللىغۇچىمۇ؟ (يەنى مۇسۇلمان بولدۇڭمۇ) ياكى باشپاناھ بولدۇڭمۇ؟» دەپ سورىغان. مۇتئىم: «باشپاناھ بولدۇم»، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ جەھىل: «سېنىڭ باشپاناھلىقىڭغا ھۆرمەت قىلىمىز» دەپ جىمىپ قالغان.

رەسۇلۇللاھ مۇتئىم ئىبنى ئەدىينىڭ بۇ ياخشىلىقىنىڭ تۈزىنى ساقلىغان. شۇڭا، ئۇ بەدرىدە ئەسىر ئېلىنغانلار ھەققىدە: «ئەگەر مۇتئىم ئىبنى ئەدىي ھايات بولۇپ بۇ سېسىقلار ھەققىدە ماڭا گەپ قىلغان بولسا ئىدى، بۇلارنى ئاشۇنىڭ يۈزىدىن بولسىمۇ ئەلۋەتتە قويىۋېتەتتىم»، دېگەن.

## دەۋەتنى قەبىلە ۋە شەخسلەرگىچە كېڭەيتىش

بىئسەتنىڭ 10 ـ يىلى زۇلقەئدە ئېيى (مىلادىيە619 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 7 ـ ئاينىڭ باشلىرى)دا رەسۇلۇللاھ ئىسلام دەۋىتىنى يېڭىباشتىن قايتا جانلاندۇرۇش ۋە ئۇنى قەبىلىلەر ۋە شەخسلەرگىچە كېڭەيتىش مەقسىتىدە مەككىگە قايتىپ كەلدى.

ھەج مەۋسۇمى يېقىنلاپ كەلگەن بولغاچقا، كىشىلەر مەخسۇس پەرۋىش قىلىپ ئورۇقلىتىلغان تۆگىلىرىگە مىنىشىپ، تەرەپ تەرەپتىن ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ۋە ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىشلارغا قاتنىشىش ۋە بەلگىلىك كۈنلەردە ئالالاھقا زىكرى ئېيتىش ئۈچۈن توپ ـ توپ بولۇپ مەككىگە كېلەتتى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ھەر قايسى قەبىلە ھاجىلىرى چۈشكەن ئۆتەڭلەرگە بىرمۇبىر بېرىپ بىئسەتنىڭ 4 ـ يىلىدىن كېيىنكى ئادىتى بويىچە ئۇلارغا ئىسلام دىنىنى توغرا قىلىپ تونۇشتۇرماقچى ۋە دەۋەت دائىرىسىنى كەڭەيتمەكچى بولدى.

### ئىسلام دىنى تونۇشتۇرۇلغان قەبىلىلەر

زۆھرى مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرمۇبىر بېرىپ ئىسلامغا دەۋەت قىلغان ۋە ئۆزىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەشنى ئۆتۈنگەن قەبىلىلەردىن بىزنىڭ ئۇقۇشىمىزچە، بەنۇ ئامىر ئىبنى سەئسەئە، مۇھارىب ئىبنى خەسفە، بەنى پەزارە، غەسسان، مۇررە، ھەنىيفە، سۇلەيم، ئەبەس، بەنى نەسىر، بەنى بەككائ، كىندە، كەلب، ھارىس ئىبنى كەئب، ئۇزرە ۋە ھەزارىمە قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلاردىن بىرمۇ ئادەم دەۋەتنى قوبۇل قىلمىغان».

زۆھرى تىلغا ئالغان يۇقارقى قەبىلىلەرگە ئىسلام دەۋىتىنىڭ توغرا قىلىنىشى بىر يىل ياكى بىر ھەج مەۋسۇمىدا ئېلىپ بېرىلغان بولماستىن، بەلكى بىئسەتنىڭ 4 ـ يىلىدىن باشلاپ ھىجرەتنىڭ ئالدىنقى ھەج مەۋسۇمىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى مەزگىللەردە توغرا قىلىنغان. مەلۇم بىر قەبىلىگە ئىسلام دەۋتى پالانى يىلى يەتكۈزۈلگەن دەپ مۇئەييەن بىر يىلنى مۇقىملاشتۇرۇش توغرا ئەمەس.

شۇنداق بۇ يەردە يەنە ئەللامە مەنسۇر فورى بىئسەتنىڭ 10 ـ يىلى ھەج مەۋسۇمىدا ئىسلام دەۋىتى يەتكۈزۈلگەن دەپ بىر قانچە قەبىلىنىڭ ئىسمىلىكىنى مۇقىملاشتۇردى. ئىبنى ئىسهاق ئاشۇ قەبىلىلەرگە ئېلىپ بېرىلغان دەۋەتنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ جاۋابىنى زىكرى قىلدى. تۆۋەندىكى ئۇنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر:

1. بەنۇ كەئب قەبىلىسى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بەنى ئابدۇللاھ دەپ ئاتىلىدىغان بىر جەمەت كىشىلەرنىڭ چۈشكەن ئۆتىڭىگە كېلىپ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى ۋە ئۇلاردىن ئۆزىنى ھىمايە قىلىشنى ئۆتۈندى. ھەتتا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «ئى بەنى ئابدۇللاھ جەمەتى! ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاتاڭلارنىڭ نامىنى بىر چىرايلىق نامدا قىلدى»، دەپ ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتقان بولسىمۇ، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىدى.

2. بەنۇ ھەنىيفە قەبىلىسى. رەسۇلۇللاھ بۇ قەبىلە چۈشكەن مەنزىلگە بېرىپ ئۇلارنى ئاللاھ تەرىپىگە چاقىرغان ۋە ئۇلاردىن ئۆزىنى قوللاشنى ئۆتۈنگەن. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ تەكلىپىنى شۇنداق رەت قىلغانكى، ھېچقانداق بىر ئەرەب بۇلاردەك قوپال رەت قىلغان ئەمەس ئىدى.

3. رەسۇلۇللاھ يەنە ئامىر ئىبنى سەئسەئ جەمەتى چۈشكەن مەنزىلگە كېلىپ ئۇلارنى ئاللاھقا چاقىردى ۋە ئۆزىنى ھىمايە قىلىشنى ئۆتۈنگەنىدى، بۇھەير ئىبنى فىراس دېگەن (شۇ قەبىلىدىن بىر) كىشى: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن بۇ يىگىتنى قۇرەيشلەردىن ھىمايەمگە ئالىدىغان بولسام ئەرەبلەر مېنى يەۋېتىدۇ»، دېدى. ئاندىن ئۇ يەنە: «ئېيتىپ باقە! ئەگەر بىز ساڭا مۇشۇ ئىشقا بەيئەت بەرسەك، ئاندىن ئاللاھ سېنى مۇخالىف كۈچلەر ئۈستىدىن غالىب قىلسا، سەندىن قالغاندا ھوقۇق بىزنىڭ بولالامدۇ ـ يوق؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ھوقۇق مەنسەپ خۇدانىڭ ئىلكىدە، ئۇنى ئاللاھ ئۆزى خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرىدۇ»، دەپ جاۋاب بېرىۋىدى، ھېلىقى كىشى: «بىز سېنى دەپ ئۆزىمىزنى ئەرەبلەرنىڭ ئوقىغا نىشان قىلىمىز، ئاندىن ئاللاھ سېنى غالىب قىلسا، ئۇنىڭ سەمەرىسى باشقىلارغا مەنسۇپ بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟ تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش. بىزنىڭ بۇ ئىشىڭغا ھاجىتىمىز يوق»، دېيىشىپ رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتىدىن يۈز ئۆرۈشتى.

بەنۇ ئامىر جەمەتى ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن قېرىلىق ئەھۋالى بىلەن ھەج مەۋسۇمىغا قاتنىشالمىغان بىر مويسىپىت كىشىگە مەۋسۇم مەزگىلىدە كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى، ئۇلار ھېلىقى مويسىپىتكە: «قېشىمىزغا قۇرەيشلەرنىڭ بەنى ئابدۇلمۇتەللىپ جەمەتىدىن بىر يىگىت كەپتۇ، ئۇ ئۆزىنى پەيغەمبەر دەۋاپتۇ، ئۇ بىزنى ئۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپ تۇرۇپ، ئۇنى قوغداشقا ۋە ئۇنى يۇرتىمىزغا ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى»، دېيىشىۋىدى، ھېلىقى مويسىپىت: «يائاللاھ!» دەپ كالىلىسىنى تۇتتى، ئاندىن ئۇلارغا: «ئى بەنى ئامىر خەلقى! بۇ نېمە دېگەن چوڭ بىخەستىلىك، ئەمدى بۇ زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولامدۇ؟ ئەزبىرايى خۇدا، ئىسمائىل ئەۋلادلىرى بۇنداق چوڭ ئىشتا يالغان ئېيتمايتتى، ئۇنىڭ دېگىنى بەرھەق، راست ئىدى. سىلەرنىڭ ئەقلىڭلار نەگە كەتكەندۇ؟» دەپ كايىدى.

## مەككىلىكلەرنىڭ غەيرىدىن مۇسۇلمان بولغانلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دەۋىتىنى ھەر قايسى قەبىلە ۋە ئايماق ئۆمەكلىرىگە تەشۋىق قىلىپ كۆرگىنىگە ئوخشاش خوسۇسىي ئەربابلار ۋە ئايرىم شەخسلەرگىمۇ يەتكۈزۈپ تونۇشتۇرۇپ كۆردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدىن چىرايلىق جاۋابلارغا ئېرىشتى ۋە بەزىلىرى مۇشۇ مەۋسۇمدىن ئازراقتىن كېيىنلا مۇسۇلمان بولۇپ كەلدى. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلىدۇ:

1. سۇۋەيد ئىبنى سامىت. ئۇ يەسرەب (مەدىنە) لىك يېتىشكەن شائىر ئىدى. ئۇنىڭ يۈرەكلىك، جاسارىتى، شېئىرىيەتتىكى تالانتى، ئەل ئارىسىدىكى نوپۇزى ۋە ھەسەب ـ نەسەب جەھەتتىكى ئورنىنى دەپ ئەل جامائەت ئۇنى «كامىل» (يېتىشكەن كىشى) دەپ ئاتاشقانىدى. ئۇ مەككىگە ھەج قىلغىلىمۇ ياكى ئۆمرە قىلغىلىمۇ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھقا مۇنداق دېدى: «سېنىڭ دەۋاتىڭنىڭ ئېھتىمال مەندىكىگە ئوخشاش ئىش بولسا كېرەك». رەسۇلۇللاھ: «سەندىكى نېمە ئىش ئۇ؟» دېۋىدى، سۇۋەيد: «لوقماننىڭ ھېكمىتى»، دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ: «ماڭا ئېيتىپ بەرگىن»، دېۋىدى، سۇۋەيد رەسۇلۇللاھقا بىلىدىغانلىرىنى ئېيتىپ بەردى. رەسۇلۇللاھ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بۇمۇ ياخشى كالام ئىكەن، مەندىكىسى بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ھەم ئەۋزەل، ئۇ ئاللاھ ماڭا نازىل قىلغان نۇر ھىدايەت، نۇرلۇق كىتابتۇر»، دېدى ۋە ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم»دىن مۇيەسسەر بولغان مىقداردا تىلاۋەت قىلىپ بېرىپ، ئۇنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلىۋىدى، ئۇ شۇئان مۇسۇلمان بولدى ۋە «بۇ ھەقىقەتەنمۇ لەزىز، شېرىن كالام ئىكەن». دېدى. كېيىن ئۇ مەدىنىگە قايتىپ بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي «بۇئاس» [1] ئۇرۇشىغا يەم بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغان ۋاقتى بىئسەتنىڭ 11 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

2. ئىياس ئىبنى مەئاز. ئۇمۇ يەسرەبلىك نەۋقىران يىگىت ئىدى. ئۇ ئەۋس ھەج ئۆمىكى بىلەن بىللە خەزرەجلەرگە قارشى قۇرەيشلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈچۈن مەككىگە كەلگەن. بۇ بىئسەتنىڭ 11 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا بۇئاس ئۇرۇشى پارتلاشنىڭ سەل ئالدىدىكى ئىش بولۇپ، بۇ چاغدا يەسرەبتە ئەۋس ۋە خەزرەجتىن ئىبارەت ئىككى قەبىلە ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت ئوتلىرى يامراۋاتاتتى. (ئەۋس قەبىلىسى سان جەھەتتە خەزرەج قەبىلىسىدىن خېلىلا ئاز ئىدى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ مەككىگە يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ چۈشكەن يېرىگە بېرىپ، ئۇلار بىلەن ئەھۋاللاشتى ۋە ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ «سىلەر مەقسەت قىلىپ كەلگەن ھېلىقى پىلانىڭلاردىنمۇ ياخشىراق بىر ئىشقا رىغبەت قىلامسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «نېمە ئىش ئۇ؟» دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئۇ مېنى بەندىلەرنى ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا، ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى ۋە ماڭا كىتاب نازىل قىلدى»، دېدى. ئاندىن ئۇلارغا «قۇرئان

---

[1] بوئاس ئۇرۇشى ــــ مەدىنىدە ئولتۇرۇشلۇق ئەۋس ۋە خەزرەجتىن ئىبارەت ئىككى قەبىلە ئوتتۇرىسىدىكى ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان قەبىلە ئۇرۇشى.

كەرىم»دىن تىلاۋەت قىلىپ بەردى. بۇ چاغدا ئىياس ئىبنى مەئاز: «ئى قەۋمىم! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مانا بۇ سىلەر پىلانلاپ كەلگەن ئىشتىن چوقۇم ياخشىكەن»، دېگەنىدى، ئەبۇلھەيسەر (تولۇق ئىسمى ئەنەس ئىبنى رافىئە بولۇپ، ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ بىرى) ئولتۇرغان يېرىدىن بىر سىقىم شېغىل توپىنى ئېلىپلا ئىياسنىڭ يۈزىگە چاچتى ۋە: «بىزدىن يىراق كەت، ئەزىبىرايى خۇدا، بىز باشقا ئىش ئۈچۈن كەلدۇق»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىياسمۇ جىمىپ قالدى. رەسۇلۇللاھمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالدى. كېيىن ئۇلار قۇرەيشلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە كېلىشەلمەي قايتىپ كەتتى.

ئۇلار يەسرەبكە قايتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئىياس ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ئۆلەر ۋاقتىدا «لا اله الا الله والله اكبر  سبحان الله والحمد للّه » «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ پاك مۇنەززەھتۇر، بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر»، دەپ تەھلىل ۋە تەكبىر ئېيتقانىكەن. شۇڭا مەدىنە خەلقى ئىياسنىڭ مۇسۇلمان ھالەتتە ئۆلگەنلىكىگە شەك قىلمايدۇ.

3. ئەبۇ زەر غىفارى. ئەبۇ زەر مەدىنە ئەتراپىغا جايلاشقان ئاھالىلەرنىڭ بىرى بولغان غىفار قەبىلىسىدىن. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى خەۋەرنى سۇۋەيد ئىبنى سامىت ۋە ئىياس ئىبنى مەئازلار ئارقىلىق ئاڭلىغان ۋە مۇشۇ خەۋەر ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەب بولغان. ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، ئەبۇ زەر مۇنداق دېگەن: «مەن غىفار قەبىلىسىدىن ئادەتتىكى بىر كىشى ئىدىم. بىزگە مەككىدە بىر ئادەم ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ چىقىپتۇ، دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى. شۇڭا، مەن قېرىندىشىمغا: ‹جۈر! سەن بۇ ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆز ئاغزىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، ماڭا ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگىن›، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن قېرىندىشىم يۈرۈپ كەتتى ئۇ مەككىگە بېرىپ، رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ئاندىن ئۇ قايتىپ كەپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن: «ئەھۋال قانداق؟» دەپ سورىسام، ئۇ: ‹ئەزىبىرايى خۇدا، مەن پەقەت ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدىغان، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر ئادەمنى كۆردۈم، خالاس›، دەپ تومتاقلا جاۋاب بەردى. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا: ‹سەن ماڭا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئېلىپ كەلمەپسەن...›، دەپ قويۇپ، بىر تۇلۇم ئوزۇقلۇق ۋە بىر تال ھاسا تاياق ئېلىپ، مەككىگە قاراپ يولغا چىقتىم.  ئون نەچە كۈنلۈك سەپەرنى يالغۇز بېسىپ ئاخىرى مەككىگە يېتىپ كەلدىم. ئەمما، مەن رەسۇلۇللاھنى تونۇمايتتىم. بىرەر كىشىدىن سوراشنى ئەپسىز كۆردۈم. شۇڭا، مەن ئۇسسىسام زەمزەم سۈيىدىن ئىچىپ، مەسجىدتە ئولتۇردۇم. شۇ ئەسنادا قېشىمغا ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ كېلىپ: ‹ئۆزىڭىز مۇساپىر ئوخشىمامسىز؟› دەپ سورىدى. مەن: ‹ھەئە، مۇساپىرمەن›، دېسەم، ئۇ: ‹ئۆيگە بارايلى›، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۆيىگە باردىم. ئۇمۇ گەپ سورىمىدى، مەنمۇ ئۇنىڭدىن گەپ سورىمىدىم ياكى ئۆزۈمنى تونۇشتۇرمىدىم. ئەتىسى ئەتىگەن رەسۇلۇللاھنى بىر ئۇقاي دېگەن ئۈمىدتە مەسجىدكە كەلدىم. ئەمما، ئۇنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويىدىغان كىم بار دەيسىز؟» ئەبۇ زەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كۈنىمۇ كەچ كىرىپ كەتتى، ئەلى يەنە قېشىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: ‹جانابىڭىز تېخىچە بارىدىغان يېرىڭىزنى تاپالمىدىمىكىن؟› دەپ سورىدى. مەن: ‹ياق، تېخىچە تاپالمىدىم›، دېدىم، ئۇ

مېنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى». ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەلىي كېتىۋېتىپ: «سەن نېمە ئادەم؟ بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەن؟» دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: «ئەگەر سىر تۇتساڭ ئېيتىپ بېرىمەن»، دېۋىدىم، ئەلى: «چوقۇم سىر تۇتىمەن»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا: «بىزگە مۇشۇ يەردىن بىر كىشى پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ چىقىپتۇ، دېگەن خەۋەر ئاڭلىنىۋىدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كېلىش ئۈچۈن بىر قېرىندىشىمنى ئەۋەتكەنىدىم، ئۇ مەككىگە كېلىپ قايتىپ بېرىپتۇ. لېكىن، قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئېلىپ بارماپتۇ. شۇڭا، مەن ئۆزۈم بىۋاستە بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەي، دەپ كەلگەنىدىم»، دېدىم.

ئەلىي ماڭا: «سىز ھەقىقەتەن توغرا ئىش قىلىپسىز، مەن ھازىر شۇنىڭ قېشىغا كېتىپ بارىمەن، ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭ، ناۋادا مەن ئېھتىيات قىلىشقا تېگىشلىك بىرەر ئادەمنى كۆرسەم، كەشمىنى ئوڭشىغان بولۇپ، تام تۈۋىگە ئۆتۈپ تۇرىمەن، سىز ئۆتۈپ كېتىۋېرىڭ»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدىمدىراق، مەن كەينىدىرەك ماڭدۇق. بىر چاغدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ بار مەنزىلگە كىردۇق. مەن رەسۇلۇللاھقا: «ماڭا ئىسلامنى تونۇشتۇرغىن»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ ماڭا ئىسلامنى تونۇشتۇردى. مەن شۇ يەردىلا مۇسۇلمان بولدۇم. رەسۇلۇللاھ ماڭا: «ئى ئەبۇ زەر! سەن بۇ ئىشنى سىر تۇتۇپ، يۇرتۇڭغا قايتقىن، بىزنىڭ زوھۇر (ئاشكارىلىنىش)قىلغان خەۋىرىمىزنى ئاڭلىساڭ، ئاندىن كەلگىن»، دېدى. مەن «سېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ دىننى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بار يەردە جاكارلايمەن» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن مەسجىدكە كەلدىم.

قۇرەيشلەر ھەممىسى يىغىلىپ، پاراڭغا چۈشكەنىكەن. مەن ئۇلارنىڭ سورۇنىغا بېرىپ:

«ئى قۇرەيش خەلقى! مەن « اشهد ان لآ اله الا اللّٰه و اشهد ان محمد عبده و رسوله »، يەنى بىر ئاللاھتىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن ۋە مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئاللاھنىڭ بەندىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن»، دەپ توۋلىدىم. ئۇلار بىردەك: ‹تۇرۇڭلار! بۇ مۇرتەدنى ئۇرۇڭلار›، دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى ۋە ھەممىسى يامىشىپ مېنى ئۆلگۈدەك ئۇردى. بىر چاغدا ئاببىاس كېلىپ مېنى ئاستىغا بېسىپ يېتىۋالدى ۋە ئۇلارغا كايىپ: ‹ۋاي سىلەرگە! غىفارلىق بىر ئادەمنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ سىلەر؟ سىلەرنىڭ تىجارەت بازىرىڭلار ۋە ئۆتۈش يولۇڭلار غىفار تۇرسا›، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنى ئۇرۇشتىن توختىدى. ئەتىسى تاڭ ئېتىۋىدى، مەسجىدكە يەنە باردىم ۋە ئالدىنقى كۈنى دېگەنلىرىمنى يەنە دېدىم. ئۇلار يەنە: «ئۇرۇڭلار، بۇ مۇرتەدنىڭ ئەدىبىنى بېرىڭلار!» دەپ ۋارقىراشتى. شۇنىڭ بىلەن ماڭا ئالدىنقى كۈنىگە ئوخشاشلا تاياق ـ توقماقلار يېغىپ كەتتى ۋە بىر ھازادىن كېيىن يەنە ئاببىاس كېلىپ، ئۆزىنى ئۈستۈمگە تاشلاپ ئالدىنقى كۈنىدە دېگەنلىرىنى تەكرارلاپ ئۇلارنى ھەيدىۋەتتى.

4. تۇفەيل ئىبنى ئەمرى دەۋسى. ئۇ پۈتۈن ئەرەبلەرگە تونۇشلۇق كاتتا ئەرباپ، تالانتلىق شائىر، دەۋس قەبىلىسىنىڭ قەبىلە باشلىقى ئىدى. يەمەننىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان بۇ قەبىلىنىڭ خەلىپىلىك ياكى يېرىم خەلىپىلىك ئورنى بار ئىدى. تۇفەيل مەككىگە بىئسەتنىڭ 11 ـ يىلى كەلدى. ئۇ مەككىگە يېتىپ كەلگەندە، مەككىلىكلەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭ قەدەم تەشرىپ

قىلغانلىقى ئۈچۈن ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىشتى: «ئى تۇفەيل! سىز بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلدىڭىز، ئارىمىزدىن چىققان بۇ ئادەم بىزگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىق كەلتۈردى. ئەل جامائىتىمىز ئارىسىغا تەپرىقىچىلىق سالدى. ئىشلىرىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى سېھىرنىڭ ئۆزى. ئاتا ـ بالا، ئاكا ـ ئۇكا ۋە ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سالدۇ. بىز ساڭا ۋە سېنىڭ قەۋمىڭگە بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن كەلمىشلەر كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمىز. شۇڭا، سەن ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇچى بولمىغايسەن ۋە ئۇنىڭ گېپىگە ھەم قۇلاق سالمىغايسەن!» دېيىشتى.

تۇفەيل مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار ماڭا سۆزلەۋېرىپ، ئاخىرى مەن ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماسلىق ۋە ئۆزەممۇ ئۇنىڭغا گەپ قىلماسلىق قارارىغا كەلدىم. ھەتتا مەن ئۇنىڭ گېپىنى تاسادىپىي ئاڭلاپ قالماسلىق ئۈچۈن مەسجىدكە بارغاندا قۇلىقىمغا پاختا ـ لاتا كەپلىۋالدىم». ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇنداق قىلىپ بىر كۈنى ئەتىگەن مەسجىدكە باردىم. ئۇ (رەسۇلۇللاھ) مەسجىدتە كەئبىنىڭ ئالدىدا، ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى. مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇنىڭغا يېقىن يەرگە بېرىپ تۇرۇپ قالدىم. ئاخىر ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭ بەزى گەپلىرىنى ئاڭلاتماي قويمىدى. تىڭشىسام، قۇلىقىمغا ئاجايىپ مۇڭلۇق، ئاجايىپ تەسىرلىك سۆزلەر كىرىۋاتىدۇ، شۇڭا مەن كۆڭلۈمدە: «ۋاي! سېنى ئانىسىدىن قاغىش ئالغان! [1] ئەزبىرايى خۇدا، مەن دېگەن بىر ئەقىل ئىگىسى، شېئىرىيەتتىن خەۋىرىم بار ئادەم تۇرسام، ياخشى بىلەن ياماننى پەرق ئېتەلمەمتىم؟ بۇ ئادەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باققانلىق نېمىسى يامان؟ ياخشى گەپ بولسا قوبۇل قىلارمەن، يامان گەپ بولسا ئۆز پېتى قالامتى»، دېدىم ۋە ساقلاپ تۇرۇپ ئۇ قايتقاندا ئەگىشىپ ماڭدىم، ھەتتا بىر چاغدا، ئۇ بىر ئۆيگە كىرىۋىدى، مەنمۇ كىردىم ۋە ئۇنىڭغا كېلىش جەريانىمنى ۋە كىشىلەرنىڭ مېنى ئۇنىڭدىن قورقۇتقىنىنى، ھەتتا قۇلىقىمغا پاختا كەپلەپ ئېتىۋالغانلىقىمنى يەنە شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بەزى گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالغانلىقىمنى ئېيتىپ بەردىم ۋە ئۇنىڭغا: «سەن تەشەببۇس قىلىۋاتقان ھېلىقى ئىشىڭنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ باققىن»، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ماڭا ئىسلامنى تونۇشتۇردى ۋە ماڭا «قۇرئان كەرىم»دىن تىلاۋەت قىلىپ بەردى. شۇڭا، مەن ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلالايمەنكى، مەن ئۇنىڭدىن ھۆزۈرلۇق ۋە ئۇنىڭدىن ئادىل ھەم قانائەتلىنەرلىك بىر ئىشنى ئاڭلاپ باقمىغان ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن مەن شۇئان مۇسۇلمان بولدۇم ۋە شەھادەت ئېيتىپ گۇۋاھلىق بەردىم ۋە ئۇنىڭغا: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن خەلقىم ئىچىدە ئىناۋەتلىك ئادەممەن، مەن قايتىپ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلاي، دەيمەن، شۇڭا ئاللاھقا دۇئا قىلساڭ، ماڭا بىرەر مۆجىزە ئاتا قىلسا»، دېۋىدىم، رەسۇلۇللاھ ماڭا دۇئا قىلدى. ئاللاھ تۇفەيلگە ئاتا قىلغان مۆجىزە شۇ بولدىكى، ئۇ مەھەللىسىگە يېقىنلاپ بارغاندا ئۇنىڭ يۈزىدە گويا چىراغ نۇرىدەك بىر خىل ئۆتكۈر نۇر پەيدا بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ئى ئاللاھ! ئۇ (مۆجىزە)نى يۈزۈمنىڭ غەيرىدە قىلساڭ، ئۇلار بۇ تەبدىل سۈرەت (يەنى تاشقى قىياپىتى ئۆزگىرىپ كېتىش)لىك،

[1] ئۆزىنى دېمەكچى. ـــــ ت

دېيىشىدىن قورقىمەن»، دەپ دۇئا قىلغانىدى. شۇئان ھېلىقى نۇر ئۇنىڭ قولىدىكى قامچىسىغا يۆتكىلىپ كەتتى.

تۇفەيل بېرىپ ئاتىسىنى ۋە ئايالىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانىدى. ئۇلار مۇسۇلمان بولدى. ئەمما، ئۇنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن تاقارىشىپ ئىسلامنى دەرھال قوبۇل قىلمىدى. لېكىن، ئۇ ئۇلار بىلەن داۋاملىق ھەپىلىشىپ يۈرۈپ، ئاخىرى خەندەك غازىتىدىن كېيىنلا 70 ياكى 80 ئۆيلۈك مۇسۇلمانىنى باشلاپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ باردى. تۇفەيل ئىسلام ئۈچۈن قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتتى ۋە يەمامە ئۇرۇشىدا مەردلەرچە شېھىت بولدى.

5. زىمادىل ئەزدى. ئۇ يەمەننىڭ ئەزدى شەنۇئە قەبىلىسىدىن بولۇپ، جىن چاپلاشقانلارغا دۇئا ئوقۇيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ مەككىگە كېلىپ مۇشرىكلاردىن: «مۇھەممەد مەجنۇن، مۇھەممەد ساراڭ»، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدى ۋە كۆڭلىدە: «بۇ ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىپ بىر دۇئا ئوقۇپ كۆرەي، ئاللاھ ئۇنىڭغا مېنىڭ قولۇمدا شىپالىق ئاتا قىلىۋەتسە، ئەجەپ ئەمەس»، دەپ ئويلىدى ـ دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئالايىتەن كۆرۈشۈپ: «ئى مۇھەممەد! مەن بۇ جىن سوقۇش كېسىلىگە دۇئا ئوقۇيمەن، سېنىڭ بۇ دۇئايىمغا رىغبىتىڭ بارمۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر! بىز ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز، ئاللاھتىن مەدەت، ياردەم تىلەيمىز، كىمكى ئاللاھ ھىدايەت ئاتا قىلسا، ئۇنى ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ ۋە كىمكى ئاللاھ ئازدۇرۇۋەتسە، ئۇنىڭغا ھىدايەت ئاتا قىلغۇچى بولمايدۇ، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ئاللاھتىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئاللاھ يەككە يىگانىدۇر. شېرىكى يوقتۇر ۋە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر، ئەمما بەئدۇ[1]...»، دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ، سۇكۇتتا چۆمگەن زىماد: «بۇ سۆزلەرنى ماڭا قايتا بىر ئېيتىپ بەرگىن!» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ھېلىقى كەلىمە شەرىفلەرنى قايتا ـ قايتا ئۈچ مەرتىۋە ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «مەن چىراغچى كاھىنلارنىڭ، ساھىر ـ جادۇگەرلەرنىڭ ۋە شائىر سۆزمەنلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانمەن. لېكىن، سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭدەك شېرىن، ياخشى كالامنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. بۇ سۆزلىرىڭ كۆڭلۈمنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. قولۇڭنى ئەكەلگىن، ساڭا ئىسلامغا بەيئەت بېرىمەن»، دېدى ـ دە، قولىنى سۇنۇپلا رەسۇلۇللاھقا ئىسلام ئۈچۈن بەيئەت قىلدى.

## يەسرەب ئاھالىسىدىن ئالتە پاك جان

بىئسەتنىڭ 11 ـ يىلى (مىلادىيە 620 ـ يىلى ئىيۇل ئايلىرى) ھەج مەۋسۇمىدا ئىسلام دەۋىتى ناھايىتى ياخشى بىر خىل ئېسىل ئۇرۇقلار بىلەن ئۇچراشتى، بۇ ئۇرۇقلار تېزلا بۈك ـ باراقسان مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئايلىنىپ، مۇسۇلمانلار بۇ دەرەخلەرنىڭ

---

[1] «ئەمما بەئدۇ» سۆزى ئەرەب تىلىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ۋە رەسۇلۇللاھقا دۇرۇت ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاساسىي مەقسەتكە ئۆتۈش ئالدىدا دېيىلىدىغان سۆز بولۇپ، خاتىپلار، مۇبەللىغ ـ دەۋەتچىلەرنىڭ نۇتۇقلىرىدا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

سايىسىدا نەچچە يىل داۋاملاشقان زۇلۇم ـ سىتەم ۋە ئېزىش ـ ئېزىلىشلەرنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇنلىرىنىڭ زەھەرلىك دەپتىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئالالىدى. شۇ مەزگىللەردە مەككىلىكلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى يالغانغا چىقىرىش ۋە ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش قاتارلىق زىيانكەشلىكلىرىگە قارىتا رەسۇلۇللاھنىڭ قوللانغان دانا تەدبىرلىرىدىن بىرى، ئۇ مۇشرىكلار بىلىپ قالسا، توسالغۇ بولمىسۇن ئۈچۈن دەۋەت قىلماقچى بولغان قەبىلىلەر چۈشكەن مەنزىلگە تۈن قاراڭغۇسىدا چىقاتتى. ئۇ بىر كېچىسى تۈن نىسپىي بولغاندا، ئەبۇ بەكرى ۋە ئەلى ئىككىيلەن بىلەن شۇ مەقسەتتە، زۇھەل ۋە شەيبان ئىبنى سۇئلەبە قەبىلىلىرىنىڭ بارگاھلىرىغا باردى ۋە ئۇلار بىلەن ئىسلام توغرىلىق سۆزلەشتى ۋە ئەبۇ بەكرى بىلەن زەھەل قەبىلىسىدىن بىر ئادەم ئوتتۇرىسىدا قىزغىن ئىجابىي سوئال ـ جاۋابلار ئېلىپ بېرىلدى. بەنۇ شەيبان قەبىلىسىدىن كەلگەنلەر كىشىنى ئۈمىدۋار قىلىدىغان جاۋابلارنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن ھازىرچە توختاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئاندىن رەسۇلۇللاھ مىنا تېغى داۋىنىنى بويلاپ ماڭدى ۋە شۇ ئەتراپتا بىر نەچچەيلەننىڭ «گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ» ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە بۇرۇلۇپلا شۇلارنىڭ قېشىغا باردى.

ئۇلار يەسرەب ياشلىرىدىن:

ئەسئەد ئىبنى زۇرارە (بەنى نەججار جەمەتىدىن)،

ئەۋن ئىبنى ھارىس (بەنى نەججار جەمەتىدىن)،

رافىئە ئىبنى مالىك ئىبنى ئەجلان (بەنى زۇرەيق جەمەتىدىن)،

قۇتبە ئىبنى ئامىر ئىبنى ھەدىيد (بەنى سەلىيمە جەمەتىدىن)،

ئۇقبە ئىبنى ئامىر ئىبنى نابى (بەنى ھەرام ئىبنى كەئب جەمەتىدىن)،

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى رىئاب (بەنى ئوبەيد ئىبنى غەنەم جەمەتىدىن)،

قاتارلىق ئالتە نەپەر ياش ئوغلان ئىدى.

يەسرەب ئاھالىسىنىڭ تەلىيى ئۇڭدىن كەلگەنلىكىنىڭ بىردىنبىر ئالامىتى شۇكى، ئۇلار ئىتتىپاقدىشى بولغان مەدىنە يەھۇدىيلىرىدىن: «پات يېقىندا ئاخىر زامان پەيغەمبىرى زوھۇر(مەيدانغا كېلىپ) قىلىپ چىقىدۇ، بىز ئۇنىڭغا دەسلەپ قىلىپ ئەگىشىپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە سىلەرنى ئاد ـ ئىرەم قەۋملىرىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرىمىز»، دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ قالاتتى.

بۇ قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ: «سىلەر كىملەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «بىز خەزرەج قەبىلىسىدىن»، دەپ جاۋاب بېرىشتى، رەسۇلۇللاھ: «يەھۇدىيلارنىڭ ئىمىلدەشلىرى، يەنى ئىتتىپاقداشلىرى!» دەپ قويدى. ئۇلار: «ھەئە، شۇنداق»، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئولتۇرمامسىلەر، سىلەرگە گەپ قىلاي!» دېۋىدى، ئۇلار: «بولىدۇ»، دېيىشىپ ئولتۇرۇشتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى شەرھلىدى ۋە ئۆزىنىڭ دەۋەت نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنى ئاللاھ تەرىپىگە چاقىردى ۋە «قۇرئان كەرىم»دىن تىلاۋەت قىلىپ بەردى. شۇئان ئۇلار بىر ـ بىرىگە: «بىلەمسىلەر ئى قەۋمداشلار! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ چوقۇم يەھۇدىيلار بىزگە تەھدىت سالغان پەيغەمبەر شۇ، شۇڭا ئۇلار بۇ پەيغەمبەر بىلەن بىزدىن

بۇرۇن ئۇچرىشىۋالماسلىقى كېرەك»، دېيىشتى ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىگە تېزلا ئاۋاز قوشۇپ ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇش رىغبىتى بارلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇلار يەسرەبنىڭ يىراقنى كۆرەر ئاقىللىرىدىن بولۇپ، ئەمدىلا ئايىغىلاشقان، ئەمما يەنىلا يامراش ئېھتىمالى بولغان ئىچكى ئۇرۇش ئوتى يەسرەب خەلقىنى قاتتىق جۇدۇتۇۋەتكەن بولغاچقا، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ دەۋىتىنىڭ ئۇرۇشنىڭ تەلتۆكۈس ئاخىرلىشىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىشتى. شۇڭا ئۇلار رەسۇلۇللاھقا: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ھازىر خەلقىمىزنى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلدۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆچ ـ ئاداۋەت ۋە يامانلىقلار ھېچقانداق بىر قەۋم ئارىسىدا بولماس، ئۈمىدكى ئاللاھ سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈۋەتسە ئەجەب ئەمەس. بىز قايتىپ ئۇلارنى بۇ ئىشقا دەۋەت قىلىمىز ۋە بىز قوبۇل قىلغان بۇ دىننى ئۇلارغىمۇ تونۇشتۇرىمىز. ئەگەر ئاللاھ ئۇلارنى سەن ئارقىلىق بىرلەشتۈرۈۋەتسە، ئۇ چاغدا سەندىن ئېزىز ئادەم بولمايدۇ» دېدى.

ئۇلار مەدىنىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن مەدىنىدە ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزدى، نەتىجىدە مەدىنە تەۋەسىدە ئەنسار ئائىلىلىرىنىڭ ھەممىسىدە رەسۇلۇللاھنىڭ گېپىدىن باشقا گەپ بولمايدىغان بولدى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىشىگە ئۆيلىنىشى ھەققىدە قوشۇمچە ئىزاھات

مۇشۇ يىلى (بىئسەتنىڭ 11 ـ يىلى) شەۋۋال ئېيىدا رەسۇلۇللاھ ئائىشە سىددىق (راستچىل)قا ئۆيلەندى. ئائىشە بۇ چاغدا ئالتە ياشقا كىرگەندى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھىجرىيىنىڭ 1 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىدا بىر تەكىيدە باش قويدى. ئۇ بۇ چاغدا توققۇز ياشقا توشقانىدى.

## بەيتۇلمۇقەددەسكە سەپەر ۋە مىئراج

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى مۇشرىكلارنىڭ زۇلۇم ۋە زىيانكەشلىكلىرى تۇپەيلى غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەت ئوتتۇرىسىدا قەدرى ئەھۋال يول ئېچىپ ئىلگىرىلەۋاتقان ۋە يىراق ئۇپۇقلاردا غەلىبە يۇلتۇزلىرى غىل ـ پال نۇر چېچىپ كۆرۈنۈۋاتقان بىر پەيتتە، رەسۇلۇللاھقا بەيتۇلھەرەمدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە[①] سەير قىلىش ۋە ئۇ يەردىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا مىئراج[②]قا چىقىش شەرىپى مۇۋەپپەق قىلىندى.

مىئراجنىڭ ۋاقتىنى مۇقىم بىر ۋاقىتقا تەيىن قىلىش توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت:

---

① ئىروسالىمدىكى پەيغەمبەرلەر مەسجىدى.

② رەسۇلۇللاھنىڭ بىر كېچىدىلا مەككىدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىپ، ئۇ يەردىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەپ، جەننەت، دەۋزەخ ۋە دەرگاھى ئىلاھىينى زىيارەت قىلىشى مىئراج دەپ ئاتىلىدۇ.

1. ئىسرائ (مەككىدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە سەير قىلىش ئاندىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا مىئراجقا چىقىش) شەرىپى رەسۇلۇللاھقا پەيغەمبەرلىك ۋەھيي نازىل بولغان يىلى مۇۋەپپەق قىلىنغان. (بۇ ئىمام تەبەرىنىڭ قارىشى).
2. رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولۇپ بەش ىنجى يىلى مۇۋەپپەق بولغان. (بۇنى نەۋەۋى قۇرتۇبى قۇۋۋەتلىدى).
3. بىئسەتنىڭ 10 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 27 ـ كۈنى مۇۋەپپەق بولغان. (بۇ ئەللامە مەنسۇر فورىنىڭ تاللىغىنىدۇر).
4. ھىجرەتتىن 16 ئاي ئىلگىرى، يەنى بىئسەتنىڭ 12 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا بولغان.
5. ھىجرەتتىن 14 ئاي ئىلگىرى، يەنى بىئسەتنىڭ 13 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىدا بولغان.
6. ھىجرەتتىن ساق بىر يىل بۇرۇن، يەنى بىئسەتنىڭ 13 ـ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا بولغان.

ئالدىدىكى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ قاراش بىردەك رەت قىلىندى. چۈنكى، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىئسەتنىڭ 10 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا ۋاپات بولغان. ئۇ چاغدا تېخى بەش ۋاق ناماز پەرز قىلىنمىغان ئىدى، ۋەھالەنكى، بەش ۋاق نامازنىڭ مىئراج كېچىسىدە پەرز قىلىنغانلىقىدا شەك يوق. ئەمما، كېيىنكى ئۈچ خىل قاراش مەن (ئاپتور) ئۈنىڭ ھېچقايسىسىنى قۇۋۋەتلەيدىغان دەلىلگە ئېگە ئەمەسمەن. بىراق، سۈرە ئىسرانىڭ سىياقىدىن قارىغاندا، مىئراج ھىجرەتكە ناھايىتى يېقىن ئارىلىقتا يۈز بەرگەنلىكى مەلۇم. ھەدىسشۇناس ئالىملار ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلدى. ئۇنى قىسقارتىپ سۆزلەپ ئۆتىمىز.

ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (سەھىھ رىۋايەتكە ئاساسلاندا) ئاشۇ مۇبارەك تېنى بىلەن بۇراق[①] قا مىنىپ جىبرىئىل (ئەلەيھىسسالام)نىڭ ھەمراھلىقىدا مەسجىدىلھەرامدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە سەير قىلدۇرۇلدى ۋە ئۇ يەردە چۈشۈپ پەيغەمبەرلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدى ۋە بۇراقنى مەسجىد دەرۋازىسىنىڭ بىر ھالقىسىغا باغلاپ قويدى. ئاندىن شۇ كېچىسى بەيتۇلمۇقەددەستىن بىرىنچى ئاسمانغا ئۆرلىتىلدى ۋە جىبرىئىل (ئەلەيھىسسالام) رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ئاسماننىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلغانىدى، ئاسمان دەرۋازىسى ئېچىلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ يەردە ئادەم ئاتىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا سالام بەردى. ئادەم ئاتا رەسۇلۇللاھنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭ سالىمىغا «ئەلەيكە» ياندۇردى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

ئاللاھ رەسۇلۇللاھقا شەھىدلەرنىڭ ئەرۋاھ (جان)لىرىنى ئوڭ ياندىن ۋە شەقىي ناكەسلەرنىڭ ئەرۋاھ (جان)لىرىنى سول ياندىن كۆرسەتتى.

ئاندىن ئۇ ئىككىنچى ئاسمانغا ئۆرلىتىلدى ۋە ئىككىنچى ئاسمان دەرۋازىسىمۇ ئېچىلدى. ئۇ يەردە يەھيا ئىبنى زەكەرىيا ۋە ئىيسا ئىبنى مەريەم (ئەلەيھىسسالام)لەرنى

---

① بۇراق ئاتتىن كىچىكرەك، ئېشەكتىن ئېگىزرەك بولغان بىر خىل ھايۋان.

كۆردى ۋە ئۇلار بىلەن مۇلاقات بولۇپ، ئۇلارغا سالام بەردى. ئۇلارمۇ رەسۇلۇللاھقا سالام قايتۇردى ۋە ئۇنىڭ مىئراجىنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە پەيغەمبەر بولغانلىقىنى تەبرىكلەشتى.

ئاندىن ئۈچىنچى ئاسمانغا ئۆرلىتىلدى. ئۇ يەردە يۈسۈپ ئىبنى يەئقۇپ (ئەلەيھىسسالام)نى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا سالام قىلدى. يۈسۈپ (ئەلەيھىسسالام) رەسۇلۇللاھقا «ئەلەيكە» ياندۇردى ۋە ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

ئاندىن تۆتىنچى ئاسمانغا ئۆرلىتىلدى. ئۇ يەردە ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا سالام بەردى. ئىدرىس ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھنى قارشى ئېلىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن بەشىنچى ئاسمانغا ئۆرلىتىلدى. بەشىنچى ئاسماندا ھارۇن ئىبنى ئىمران (ئەلەيھىسسالام)نى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سالام قىلدى، ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئۇنى قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەبرىكلىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئالتىنچى ئاسمانغا ئۆرلىتىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۇچراشتى ۋە ئۇنىڭغا سالام قىلدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

رەسۇلۇللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن ئازراق ئۆتۈۋىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام يىغلاپ تاشلىدى. ئۇنىڭغا: «نېمىشقا يىغلايسەن؟» دېيىلگەنىدى، ئۇ: «بىر ئوغلان مەندىن كېيىن پەيغەمبەرلىككە ئەۋەتىلدى ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىدىن جەننەتكە كىرىدىغانلار مېنىڭ ئۈممىتىمدىن جەننەتكە كىرىدىغانلاردىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن يىغلايمەن»، دېدى.

ئاندىن يەتتىنچى ئاسمانغا ئۆرلىتىلدى. ئۇ يەردە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇنىڭغا سالام قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەبرىكلىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ «سىدرەتۇلمۇنتەھا»[1] غا كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بەيتۇلمەئمۇر[2]غا ئۆرلىتىلدى ۋە ئۇ يەردىن رەسۇلۇللاھنى جەببار تائالا (بەندىلىرىگە خالىغاننى قىلدۇرۇلايدىغان ئەزەمەتلىك تەڭرى تائالا)نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلىتىلدى ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، ھەتتا بىر ئىككى ئوق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىن ئارىلىقتا تۇردى. بۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىسى (رەسۇلۇللاھقا) گە بىر قاتار ۋەھيىلەرنى قىلدى ۋە ئۇنىڭغا 50 ۋاق نامازنى پەرز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن قايتىپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن ئۆتۈۋىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ سىنى نېمىگە بۇيرۇدى»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «50 ۋاق نامازغا»، دەپ جاۋاب بەردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ ئۈممىتىڭ بۇنىڭغا تاقەت كەلتۈرەلمەيدۇ، سەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ

---

[1] سىدرەتۇلمۇنتەھا ــــ ئاللاھنىڭ ئەرشىگە يېقىن جايدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ نامى بولۇپ، بۇ يەردە ئاخىرقى نۇقتا دېگەن مەنىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ.

[2] ئاسماندىكى پەرىشتىلەر ئىبادەت قىلىدىغان مەسجىدنىڭ نامى.

ئۈنىڭدىن ئۈممىتىڭگە يەڭگىللىتىپ بېرىشنى تىلىگىن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ جىبرىئىل (ئەلەيھىسسالام)غا مەسلىھەت سالغاندەك قىلىپ قارىۋىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، خالىسىڭىز»، دەپ ئىشارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جىبرىئىل رەسۇلۇللاھنى يۇقىرىغا ئۆرلىتىپ جەببار تائالانىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ چىقتى. ۋەھالەنكى، ئاللاھ ئۆزىگە خاس ماكاندا ئىدى. (بۇ ئىمام بۇخارىنىڭ بەزى لەبزىدىكى ئىبارىسى) ئاللاھ ئۈنىڭدىن ئون ۋاقنى كۆتۈرۈۋېتىپ بەردى. ئاندىن تۆۋەن چۈشتى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام يەنە: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ يەنىمۇ يېنىكلىتىپ بېرىشنى تىلىگىن»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاللاھنىڭ دەرگاھى ئارىلىقىدا بېرىپ كېلىپ يۈرۈپ ئاخىر ئاللاھ ئۇنى بەش نامازغا قالدۇرۇپ بەردى ۋە شۇ چاغدىمۇ يەنە مۇسا (ئەلەيھىسسالام) رەسۇلۇللاھنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ، يەنىلا يەڭگىللىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا بۇيرىغانىدى. رەسۇلۇللاھ: «چوقۇمكى، مەن پەرۋەردىگارىمدىن ھايا قىلدىم، ئەمدى مەن ئۇنىڭ قىسمىتىگە رازى بولىمەن ۋە ئۇنىڭ پەرزىگە تەسلىم بولىمەن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن يىراقلاپ مېڭىۋىدى غايىبتىن: «پەرزىمنى بېكىتتىۋەتتىم ۋە بەندىلىرىمدىن كۆپ يېنىكلەتتىم» دەپ نىدا كەلدى.

مۇشۇ يەرگىچە بايان قىلىنغاندىن كېيىن ئىبنى قەييۇم رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھ تەبارەك ۋە تائالانى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى توغرىسىدا ئىختىلاپ (ئوخشىمىغان قاراشلار) بارلىقىنى ئېيتتى ۋە ئىبنى تەيمىيىنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى سۆزىنى تىلغا ئالدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، كۆز بىلەن كۆرۈش رەسۇلۇللاھقا ئەسلا مۇيەسسەر بولغان ئەمەس ھەم رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن دېگەننى ھېچقايسى بىر ساھابە دېمىگەن. ئىبنى ئابباس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)دىن نەقىل قىلىنغان «رەسۇلۇللاھ ئاللاھنى كۆردى» ۋە «رەسۇلۇللاھ ئاللاھنى دىلى بىلەن كۆردى»، دېگەن ھەدىسلەر بىر-بىرىگە زىت ئەمەس.

ئىبنى قەييۇم يەنە مۇنداق دېدى: «ئەمما، ئاللاھ تائالانىڭ سۈرە نەجمىدىكى ﴿ثم دنا فتدلى﴾ تەرجىمىسى: «ئاندىن ئۇ ئاستا-ئاستا يېقىنلىشىپ، تۆۋەنگە ساڭگىلىدى». («قۇرئان كەرىم» سۈرە نەجم 8-ئايەت) دېگەن سۆزىدىكى يېقىنلىشىش مىئراج قىسسىسىدە زىكرى قىلىنغان يېقىنلىشىش بىلەن بىر ئەمەس. سۈرە نەجمىدە زىكرى قىلىنغان يېقىنلىشىش بولسا، جىبرىئىلنىڭ يېقىنلىشىشى ۋە ئۇنىڭ تۆۋەن چۈشۈشىدۇر. ئائىشە ۋە ئىبنى مەسئۇد (رەزىيەللاھۇ ئۇنھۇما)لارمۇ ھەم شۇ قاراشتا. ئايەتنىڭ سىياقىمۇ ھەم شۇنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، مىئراج ھەدىسىدە زىكرى قىلىنغان «يېقىنلىشىش ۋە تۆۋەن چۈشۈش» دېگەنلەر ئاللاھۇ تەبارەك ۋە تائالانىڭ تۆۋەن چۈشۈشى ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىشىشى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. سۈرە نەجمىدە زىكرى قىلىنغان «تۆۋەن چۈشۈش» بىلەن تەئارۇز (زىت) كەلمەيدۇ. چۈنكى، سۈرە نەجمىدىكى «ئۇ (رەسۇلۇللاھ) ئۇنى سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ يېنىدا يەنە بىر قېتىم كۆردى»، دېگىنى، ئۇ چوقۇم جىبرىئىلنى كۆردى، دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ جىبرىئىلنى ئەسلى

سۈرىتىدە، ئىككى قېتىم كۆرگەن. بىر قېتىم مۇشۇ زېمىندا، يەنە بىر قېتىم مىئراجدا سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ قېشىدا كۆرگەن. ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بەكرەك ئالىمدۇر.

مۇشۇ قېتىم رەسۇلۇللاھنىڭ كۆكرىكى يېرىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى ھەمدە زىيارەت داۋامىدا تۆۋەندىكى بىر قانچە ئىشلارغا دۇچ كەلدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا سۈت ۋە ھاراق كەلتۈرۈلدى. رەسۇلۇللاھ ئىككىلەنمەستىن سۈتنى تاللىغانىدى، ئۇنىڭغا: «توغرا يولغا ھىدايەت قىلىندىڭ» ۋە ياكى «توغرا يولنى تاپتىڭ، ناۋادا سەن ھاراقنى ئالغان بولساڭ، ئۇممىتىڭ ئېزىپ كەتكەن بولاتتى»، دېيىلدى. جەننەتتە تۆت دەريانى كۆردى. ئىككىسى ئاشكارا ۋە ئىككىسى يوشۇرۇن ئىدى. ئاشكارا ئىككى دەريا نىل دەرياسى ۋە پۇرات دەرياسى دەپ تونۇشتۇرۇلدى. بۇنىڭ مەنىسى — رەسۇلۇللاھنىڭ ئەلچىلىكى نىل ۋە پۇرات دەرياسى ۋادىلىرىدىكى كەڭ مۇنبەت زېمىنلاردا يىلتىز تارتىپ، ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ ۋە بۇ جايلارنىڭ ئاھالىسى يېقىن كەلگۈسىدىن باشلاپ ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىسلام تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرگۈچىلەردىن بولىدۇ، دېگەن بولاتتى، ئەكسىچە بۇ دەريالارنىڭ كېلىش مەنبەئى جەننەتتىن كېلىدۇ، دېگەن بولمايتتى.

زىيارەت داۋامىدا رەسۇلۇللاھ دوزاخنىڭ مالىكى (يەنى باش گوندىپاي)نى كۆردى. ئۇ قەتئىي كۈلمەيتتى ۋە ئۇنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم ۋە خۇشخۇيلۇقتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى. شۇنىڭدەك رەسۇلۇللاھ يەنە جەننەت ۋە دوزاخنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەردار بولدى.

ئۇ يەنە يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى ناھەق يەۋالغانلارنىڭ ئېغىز، بۇرۇن، لەۋلىرىنى تۆگىنىڭ (كامشۇكلىرى)گە ئوخشاش قوپال، كۆرۈمسىز ھالەتتە كۆردى. ئۇلارنىڭ ئېغىز، بۇرۇنلىرىغا ھاۋانچا تاشلىرىدەك چوغ پارچەلىرى تۆپە ـ تۆپىلەپ تىقىلاتتى. ئاندىن ئۇ تاشلار شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ئارقا مەقئەتلىرىدىن ئېتىلىپ چىقاتتى.

رەسۇلۇللاھ جازانىخورلارنىڭ قورساقلىرى يوغىناپ، تۇلۇم قورساق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ قورساقلىرى بەك چوڭىيىپ كەتكەنلىكتىن ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىدىن تەمشىلەلمەيتتى ۋە يۆتكىلىشكىمۇ ماجالى يەتمەيتتى. فىرئەۋن جەمەتى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى دوزاخقا قاقلىنىش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىلغاندا، ھېلىقى جازانىخورلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ، ئۇلارنى دەسسەپ ئاياغ ئاستى قىلىپ ماڭاتتى.

زىناخور ـ پاھىشىۋازلارنىڭ ئالدىدا مەززىلىك، پۇراقلىق، سېمىز گۆش قورۇمىلىرى تۇرماقتا، يەنە بىر چەتتە شەللەت، ئورۇق، بەتبۇي، سېسىق، مەينەت گۆشلەر تۇرماقتا. ۋەھالەنكى، ئۇلار ئالدىدىكى مەززىلىك، ھىد پۇراقلىق گۆشلەرنى تاشلاپ قويۇپ، يېنىدىكى مەينەت، پاسكىنا گۆشلەرنى ماكىلدىتىپ، چايناپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

رەسۇلۇللاھ يەنە مەھرەملىك[①] سالاھىيىتى بولمىغان ئەرلەر بىلەن تارتىنماستىن ئارىلىشىپ يۈرىدىغان شاللاق خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئەمچەكلىرىدىن ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى.

① ئىسلام دىنىدا شۇ ئايال بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئەرلەر مەھرەم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، دادىسى، ئەر بىر تۇققانلىرى، كۈيئوغلى، ئېمىلدەش بىر تۇققانلىرى... قاتارلىقلار.

رەسۇلۇللاھ يەنە بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىش ـ كېلىشتىكى ئىككىلا قېتىمدا مەككىلىكلەرنىڭ شام تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر تىجارەت كارۋىنىنى كۆردى ۋە ئۇلارنىڭ تويتىن ئايرىلىپ ئېزىپ قالغان بىر تۆگىسىنى كۆرسىتىپ قويدى ۋە ئۇلار ئۇخلاپ قالغاندا، ئاغزى ئېتىپ قويۇلغان بىر تۇڭدىن سۇ ئىچىپ، ئاندىن قاچىنى ئۆز پېتىچە مەھكەم ئېتىپ قويدى. دەل مۇشۇ ئىش رەسۇلۇللاھنىڭ مىئراج كېچىسىنىڭ ئەتىگىنى ئۇنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىردىنبىر ماددىي پاكىت بولۇپ قالدى.

ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ: «ئەتىسى ئەتىگەن رەسۇلۇللاھ قۇرەيش خەلقىگە ئاللاھ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن بۇ كاتتا مۆجىزىنى بايان قىلىپ بېرىۋىدى، ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا بولغان گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئەزىيەت كۆلپەت يەتكۈزۈش ۋە زىيان ـ زەخمەت سېلىشى ئېشىپ باردى. ئۇلار رەسۇلۇللاھتىن بەيتۇلمۇقەددەسنى تەسۋىرلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندى. ئۇ بەيتۇلمۇقەددەسنى كۆز ئالدىدا كۆرۈپ تۇرغاندەك مۇھىم جايلىرىنى ئېنىق ۋە ئەينەن تونۇشتۇرۇپ بېرىشكە باشلىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھقا رەددىيە قايتۇرالماي داڭ قېتىپ قېلىشتى. رەسۇلۇللاھ يەنە ئۇلارنىڭ كارۋىنىنىڭ سەپەر يۆنىلىشىنى ۋە قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بولۇپمۇ كارۋاننىڭ يېتىپ كېلىدىغان ۋاقتىنى خەۋەر قىلدى. ھەتتا كارۋاننىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىپ كېلىۋاتقان تۆگىنىمۇ ئېيتىپ بەردى. ئەمەلىيەتمۇ رەسۇلۇللاھ دېگەندەك چىقتى، لېكىن بۇ ئۇلارنىڭ نەپرىتىنى ئاشۇرۇۋەتتى ۋە كاپىر زالىملار كۇفرىنىڭ غەيرىگە ئېيبا[1] قىلىشتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەبۇ بەكرىنى «سىددىق» (راستچىل) دەپ ئاتىلىشى ئۇنىڭ بۇ ۋەقەنى ھەممە ئادەم يالغان دەپ دەرگۇمان بولغاندا ئۇ ئىككىلەنمەستىن، راست دەپ تەستىقلىغانلىقى ئۈچۈن ئىكەن.

خوش... ئەمدى بۇ سەپەر نېمە ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان؟ دېگەن سوئالغا بېرىلگەن ئەڭ قايىل قىلارلىق ۋە ئىخچام جاۋاپ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿لنريه من اياتنا﴾ «ئۇنىڭغا بىزنىڭ قۇدرەت ئالامەتلىرىمىزنى كۆرسىتىش ئۈچۈن...»، «قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىسرا 1 ـ ئايەت) دېگەن ئايىتىدۇر. ئاللاھ ئۆز دەرگاھىنى زىيارەت قىلدۇرۇش ئىشى ئاللاھنىڭ جىمى پەيغەمبەرلىرىگە يولغا قويغان قانۇنىدۇر. ئاللاھتائالا سۈرە ئەنئامدا: ﴿و كذالك نري ابراهيم ملكوت السموات والارض و ليكون من الموقنين﴾ «ئىبراھىمنىڭ (تەۋھىد بارىسىدا) قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن (ئۇنىڭغا ئاتىسى بىلەن قەۋمىنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسەتكىنىمىزدەك) بىز ئىبراھىمغا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ ئاجايىباتلىرىنى كۆرسەتتۇق». («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنئام 75 ـ ئايەت) دېدى ۋە سۈرە تاھادا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ﴿لنريك من اياتنا الكبرى﴾ تەرجىمىسى: «ساڭا چوڭ مۆجىزىلىرىمىزدىن بىر قىسمىنى كۆرسىتىمىز»، دېدى. ئاللاھ بۇ ئىرادىسىنى ئۆزىنىڭ: ﴿وليكن من الموقنين﴾ «قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن»، دېگەن ئايىتى ئارقىلىق چۈشەندۇردى.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىلمىي تونۇشى، مۆجىزىلەرنى ئەمەلىي كۆرۈشكە بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە جەزملىشىدۇ. «ئاڭلىغان كۆرگەنگە

---

[1] ئىۋا قىلدى، ئىبا قىلدى، ئىككى سۆز بىر مەنىدە، يەنى باش تارتتى.

يەتمەيدۇ». شۇڭا ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) خۇدا يولىدا باشقىلار سەبرى قىلالمايدىغان ئېغىرچىلىقلارغا سەبرى قىلالايدۇ ۋە دۇنيادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا مىسلىسىز جاپا مۇشەققەت كۆلەڭگۈلىرىنى قانچە ھەيۋە بىلەن پولاڭلاتسىمۇ، بۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىچىلىك ۋەزنىگە ئولتورمايدۇ.

مىئراج سەپىرىنىڭ باشقا ساھالىرىگە چېتىلىدىغان ھېكمەت ۋە سىرلىرىنى تەتقىق قىلىش ئورنى گەرچە ئىسلام پەلسەپىسىگە ئائىت كىتابلار بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە ئاشۇ مۇبارەك زىيارەتنىڭ بۇلىقىدىن ئېتىلىپ چىقىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ھايات باغچىسىغا قويۇلغان بىر قانچە جۈملە توغرا يەكۈن تامچىلىرىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

سۈرە ئىسرانى تىلاۋەت قىلغان ھەر قانداق بىر قارىي بۇ سۈرىدە ئاللاھ مىئراج ۋەقەسىنى پەقەت بىرلا ئايەتتە تىلغا ئېلىپ، ئارقىدىنلا يەھۇدىيلارنىڭ رەسۋاچىلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى بايان قىلىشقا تۇتۇش قىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئاندىن ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم» توغرا يولغا باشلايدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ قارى: «بۇ ئىككى ئايەتنىڭ ئۆزئارا ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىكەنغۇ؟» دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى ئىش قارىنىڭ ئويلىغىنىدەك ئەمەس. ئاللاھ بۇ خىل ئىبارە كەلتۈرۈش ۋە ئىپادىلەش ئۇسلۇبى ئارقىلىق مىئراجنىڭ تۈنجى بېكىتى بەيتۇلمۇقەددەس قىلىپ بېكىتىلىشى يەھۇدىيلار ھوقۇق مەنسەپ تۇتۇش سالاھىيىتىنى يوقىتىدىغان قەبىھ جىنايەتلەرنى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاندى. بۇ ھوقۇق ۋە مەنسەپنى چوقۇم ئۆزىنىڭ يېڭى پەيغەمبىرىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋەت ئېلىپ بارغان مەركىزىي بازىلارنىڭ ئىككىلىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. مانا ھازىر ئىنسانىيەتنى روھىي جەھەتتىن يېتەكلەش ھوقۇقى، ئۆز تارىخىنى ئالدامچىلىق، خىيانەتكارلىق، گۇناھ، ئىسيانكارلىق ۋە ھەددىدىن ئېشىش جىنايەتلىرى بىلەن توشقۇزۇۋەتكەن بىر مىللەتتىن، ۋۇجۇدىدىن ياخشىلىق ۋە پەزىلەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، پەيغەمبىرى ھىدايەت نۇرى بولغان قۇرئان ۋەھيىسى بىلەن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئۇلۇغ بىر مىللەتكە يۆتكىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى، دېگەننى ئىشارەت قىلماقچى ئىدى.

لېكىن بۇ ھوقۇق قانداق ئۆتكۈزۈۋېلىنىدۇ؟ ھالبۇكى، رەسۇلۇللاھ مەككە تاغلىرىدا كىشىلەر تەرىپىدىن قوغلاندى قىلىنىپ، سەرسان ھالەتتە يۈرۈۋاتسا؟ مانا بۇ سوئال تۈگۈنچىنى يېشىپ، يەنە بىر ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئىسلام دەۋىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ئاياغلىشىش ۋە تامام بولۇشقا ئاز قالدى. ئەمدى ئۇسۇلى ئاۋۋالقىغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان يەنە بىر باسقۇچلۇق دەۋەت يېقىندا باشلىنىدۇ، دېگەن ھەقىقەت ئىدى. شۇڭا، بىز بەزى ئايەتلەرنىڭ مۇشرىكلارغا قارىتا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قاتتىق تەنبىھ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ﴿و اذا اردنا ان نهلك قرية امرنا متر فيها ففسقوا فيها فحق عليها القول فدمرناها تدميرا﴾ تەرجىمىسى: «بىرەر شەھەر (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا) بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئىتائەت قىلماي پىسقى قىلىدۇ ـ دە، ئۇلارغا ئازابىمىز ھەق بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ھالاك قىلىمىز». («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەنى ئىسرائىل 16 ـ

ئايەت) ﴿و كم اهلكنا من القرون من بعد نوح و كفى بربك بذنوب عباده خبيرا بصيرا﴾ تەرجىمىسى: «نۇھتىن كېيىن (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق. پەرۋەردىگارىڭ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرۇشتا، كۆرۈپ تۇرۇشتا يېتەرلىكتۇر». («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەنى ئىسرائىل 17 ـ ئايەت) ئاللاھ بۇ ئايەتلەرگە ئۇلارپلا مۇسۇلمانلار خۇددى ئايرىم بىر زېمىننى ئىگىلەپ، ئۇ زېمىندا ئۆز ئىشلىرىنى ھەر قايسى جەھەتتىن پۇختىلاپ، مۇكەممەل بىر ئىجتىمائىي تەرتىپ ئورنىتىپ بولغاندەك، ئۇلارغا تەرەققىيات قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ۋە ئىسلامى جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ پرىنسىپ ـ بەلگىلىمىلىرىنى ئۆگۈتىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېقىن كەلگۈسىدە دەۋەت ئىشلىرى قىزغىن قارشى ئېلىنىدىغان ناھايىتى بىخەتەر بىر پاناھگاھ تېپىۋالىدۇكى، ئۇ جاي دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا دىن تارقىتىش مەركىزى بولۇپ قالىدۇ، دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ.

مانا بۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ مۇبارەك سەپىرىنىڭ بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان سىرلىرىدىن بىر سىردۇر، بىز بۇ يەردە ئۇنى ۋاقىپلاندۇرۇپ ئۆتمەكنى ئىختىيار قىلىپ قالدۇق.

خوش ... مانا مۇشۇنداق ئەسرار ۋە ھېكمەتلەرنىڭ جەھەتىدىن ئىسرا ۋەقەسى بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتىنىڭ ئالدىدا ياكى ئىككى بەيئەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇۋەپپەق قىلىنىدىغان دېيىمىز. (والله اعلم)[①]

## ئۈنجى ئەقەبە بەيئىتى

يۇقىرىدا بىز يەسرەبلىك ئالتە نەپەر كىشى بىئسەتنىڭ 11 ـ يىلى ھەج مەۋسۇمىدا مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇلار رەسۇلۇللاھقا بۇ ئەلچىلىكنى ئۆز قەۋملىرىگە چوقۇم يەتكۈزۈشكە ۋەدە بېرىشكەنىدى، دېگەنىدۇق.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە كېلەر يىلى ھەج مەۋسۇمى (بىئسەتنىڭ 12 ـ يىلى مىلادىيە 621 ـ يىلى ئىيۇل)دا يەسرەبتىن 12 ئادەم ھەجكە كەلدى. ئۇلارنىڭ بەشى ئالدىنقى يىلى رەسۇلۇللاھ بىلەن كۆرۈشكەنلەر (بۇ يىل كېلەلمىگەن بىر كىشى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى رىئاب ئىدى)، قالغان يەتتىسى يېڭىدىن قوشۇلۇپ كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلار:

1. مۇئاز ئىبنى ھارىس ئىبنى ئەپرائ، خەزرەج قەبىلىسى، بەنى نەججار جەمەتىدىن.
2. زەكۋان ئىبنى ئابدۇلقەيس، خەزرەج قەبىلىسى بەنى زۇرەيق جەمەتىدىن.
3. ئۇبادە ئىبنى سامىت، خەزرەج قەبىلىسى بەنى غەنەم جەمەتىدىن.
4. يەزىد ئىبنى سەئلەبە، خەزرەج قەبىلىسى بەنى غەنەم جەمەتىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن.
5. ئاببا س ئىبنى ئۇبادە ئىبنى نەزلە، خەزرەج قەبىلىسى بەنى سالىم جەمەتىدىن.
6. ئەبۇلھەيسەم ئىبنى تەيھان، ئەۋس قەبىلىسى بەنى ئابدۇلئەشھەل جەمەتىدىن.
7. ئۇۋەيم ئىبنى سائىدە، ئەۋس قەبىلىسى بەنى ئەمرى ئىبنى ئەۋف جەمەتىدىن.

بۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككىسى ئەۋس قەبىلىسىدىن، قالغانلىرى خەزرەج قەبىلىسىدىن ئىدى.

---

[①] ئاللاھنىڭ دەرگاھىنى زىيارەت قىلىش.

ئۇلار رەسۇلۇللاھ بىلەن مىنا تېغىدىكى ئەقەبە دېگەن جايدا ئۇچرىشىپ، ئاياللار بەيئەت قىلغاندەك (يەنى مەككە فەتھى قىلىنغاندا نازىل بولغان ئاياللار بەيئەت قائىدىسى بويىچە) بەيئەت بەردى. ئىمام بۇخارى ئۇبادە ئىبنى سامىت (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)تىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: «رەسۇلۇللاھ بىزگە: ‹كېلىڭلار! ماڭا ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا ـ پاھىشە قىلماسلىققا، باللىرىڭلارنى (كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، ئۆز ئالدىڭلارغا بۆھتان ئويدۇرۇپ چىقماسلىققا ۋە ياخشى ئىشتا ماڭا ئاسىيلىق قىلماسلىققا بەيئەت بېرىڭلار، كىمكى ئۆز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلسا، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ ۋە كىمكى شۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسىگە چېتىلىپ قالسا، شۇ سەۋەبتىن دۇنيادا جازالانسا، ئۇ جازا ئۇنىڭغا كەفارەت بولىدۇ ۋە كىمكى شۇ ئىشلاردىن بىرەرسىنى سادىر قىلىپ قويۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ ئەيىبىنى ياپسا، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھنىڭ ئىلكىدەبولىدۇ. خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا ئۇنى كەچۈرۈم قىلىدۇ›»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن (يەنە بىر نۇسخىدا بىز) رەسۇلۇللاھقا ئاشۇ ماددىلارنىڭ ھەممىسىگە بەيئەت قىلدىم (ياكى قىلدۇق)، دېيىلگەن.

## ئىسلام ئەلچىسى يەسرىبتە

بەيئەت تامام بولۇپ، ھەج پائالىيەتلىرىمۇ ئاخىرلىشىپ، ھاجىلار ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتىشقا باشلىغىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەسرىبتىكى مۇسۇلمانلارغا ئىسلام شەرىئىتىنى ئۆگىتىش، دىنى ئەھكاملارنى چۈشەندۈرۈش ۋە شۇ يەردە تېخىچە شېرىك ئەقىدىسى بىلەن تۇرۇۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدا ئىسلام دەۋىتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەلچىسىنى ئاشۇلارغا قېتىپ مەدىنىگە ئەۋەتمەكچى بولدى. رەسۇلۇللاھ بۇ ئەلچىلىككە ئەڭ دەسلەپ مۇسۇلمان بولغان ئىسلام ياش ئاۋانگارتلىرىدىن بىرى بولغان مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نى تاللىدى.

## خۇشاللىنارلىق نەتىجە

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەسئەد ئىبنى زورارەنىڭ ئۆيىگە چۈشتى ۋە ئۇ ئىككىسى بىرلىكتە يەسرىب ئاھالىسىغا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. مۇسئەب ئۇزاق ئۆتمەي يەسرىب خەلقى ئارىسىدا «مۇقرىئۇن» (قۇرئان ئۆگەتكۈچى) دېگەن نام بىلەن تونۇلدى.

ئۇنىڭ ئىسلام دەۋىتىدە ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سورۇنلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ بىر كۈنى ئەسئەد ئىبنى زۇرارە بىلەن بەنىي ئابدۇلئەشھەل ۋە بەنى زەپەر مەھەللىلىرىگە دەۋەتكە چىققاندى. ئۇلار بەنى زەپەر جەمەتىدىن بىر كىشىنىڭ بېغىغا كىرىپ، ئۇ يەردە «بىئرى مىرق»، دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇدۇقنىڭ لېۋىدە سورۇن تۈزۈپ ئولتۇردى ۋە ئۇلارنىڭ قېشىغا بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار جەم بولدى. دەل شۇ كۈنلەردە بەنى ئابدۇلئەشھەل جەمەتىنىڭ باشلىقى ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير بىلەن سەئد ئىبنى مەئازلار تېخى مۇسۇلمان بولمىغان چاغلىرى ئىدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ ھېلىقى قۇدۇق بويىدا سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، سەئد ئىبنى مۇئاز ئۇسەيدكە: «يۈر! بىزنىڭ، سادda

ئادەملىرىمىزنى ئەخمەق قىلغىلى كەلگەن ئاۋۇ ئىككىيلەننى توسقىن. ئۇلار بىزنىڭ بۇ يەرلىرىمىزگە كېلىپ يۈرمىسۇن! مەن باراي دېسەم ئەسئەد ئىبنى زۇراره ھاماماچامنىڭ ئوغلى، ئاشۇنداق بولمىغان بولسا، سېنى ئەۋەتمەي، ئۇلارغا ئۆزۈملا تېتىيتتىم»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير نەيزىسىنى ئېلىپ ھېلىقى باغ تەرەپكە چاپتى. ئەسئەد ئۇسەيدنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، مۇسئەبكە: «بۇ كىشى بىر جەمەت خەلقىنىڭ باشلىقى، سېنىڭ قېشىڭغا كەلدى چېغى، ئۇنىڭغا خۇدالىق ئۇچۇن تەسىرلەنگۈدەك ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپ قويغىن»، دېدى. مۇسئەب: «ئەگەر ئولتۇرسا شۇنداق قىلاي»، دېدى. ئۇسەيد ھېلىلا تىل سالىدىغاندەك ئاچچىقى بىلەن كېلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىدا توختىدى ۋە «سىلەرنى بۇ يەرگە كىم چاقىرىپ كەلدى؟ ئىش ئۇقمايدىغان ئاجىزلىرىمىزنى ئەخمەق قىلماقچىمۇسىلەر؟ ئۆزۈڭلارنىڭ خۇسۇسىي ھاجىتىڭلار بولسا ئېيتىڭلار، بولمىسا كۆزىمىزدىن غايىب بولۇڭلار!» دېدى. بۇ چاغدا مۇسئەب ئۇنىڭغا: «ئاۋۋال ئولتۇرۇپ تىڭشاپ باقمامسەن، سەن رازى بولغىدەك ئىش بولسا، قوبۇل قىلارسەن، ناۋادا ياقتۇرمىغۇدەك بولساڭ، ساڭا تاڭمايمىز»، دېدى. ئۇسەيد: «گېپىڭ ئورۇنلۇق»، دېدى ـ دە، نەيزىسىنى ئالدىغا سانجىپ قويۇپ، ئولتۇردى. مۇسئەب ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى ۋە مۇيەسسەر بولغان مىقداردا قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بەردى.

ئەسئەد ئىبنى زۇراره مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇسەيدنىڭ ئېغىزىدىن گەپ چىقىپ بولغۇچە، ئۇنىڭ چىرايىنىڭ جىلۋە قىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىسلام نۇرى تەسىر قىلغانلىقىنى ھېس قىلغانىدۇق». تىلاۋەتتىن كېيىن، ئۇسەيد: «بۇ نېمە دېگەن مەزمۇنلۇق كالام ۋە نېمىدېگەن ياخشى دىن؟ بۇ دىنغا كىرمەكچى بولسا، نېمە ئىش قىلىش كېرەك؟» دەپ سورىدى. مۇسئەب بىلەن ئەسئەد: «ئاۋۋال غۇسلى تاھارەت ئالىسەن ۋە كىيىمىڭنى پاكلايسەن، ئاندىن شاھادەت ئېيتىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيسەن»، دېدى. ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير ئورنىدىن تۇرغانچە بىر خالىي ماكانغا بېرىپ غۇسلى قىلدى ۋە ئۇستىدىكى كىيىمىنى پاكىز كىيىمگە ئالماشتۇردى ۋە سورۇنغا كېلىپ شاھادەت ئېيتتى. ئارقىدىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن ئۇ: «مېنىڭ كەينىمدە بىر ئادەم بار، ئەگەر ئۇ سىلەرگە تابىي بولسا، ئۇنىڭ قەۋمىدىن بىرمۇ ئادەم بۇ ئىشتىن بويۇن تولغىمايدۇ. مەن ئۇنى ھازىرلا قېشىڭلارغا ئەۋەتەي»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەيزىسىنى ئېلىپ سەئەدنىڭ قېشىغا قايتتى. سەئەد ئىبنى مۇئاز قەۋمى ـ جامائەتلىرى بىلەن ئۆز سورۇنىدا ئۇسەيد كەتكەن چاغدىكىدەكلا ئولتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۇسەيدنى يىراقتىن كۆرۈپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇسەيد چوقۇم كەتكەن ھالىتى بىلەن كەلمىدى»، دېدى.

ئۇسەيد سورۇنغا كېلىپ توختىۋىدى، سەئەد: «ئۇلارنى قانداق قىلدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئۇسەيد: «مەن ئۇلار بىلەن سۆزلەشتىم، قەسەم قىلىپ ئېيتالايمەنكى، ئۇلاردا قوبۇل قىلغىلى بولمىغۇدەك يامانلىقنى كۆرمىدىم، ئەمما ئۇلارنى كەسكىن توسۇۋەتتىم. ئۇلار: ‹سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلىمىز›، دېيىشىپ قالدى»، دېدى.

ئۇسەيد گېپىگە ئۇلاپ: «ئوقۇشۇمچە، بەنى هارىس جەمەتى ئەسئەد ئىبنى زۇرارىگە قارشى چىقىپ (ئۇنىڭ سىنىڭ هاماچاڭنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ) سېنىڭ يۇزۇڭنى قىلماي ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ (مىش)»، دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەئەد دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇرنىدىن تۇردى ۋە قولىغا نەيزىسىنى ئېلىپ ئىككى يانغا قارىماي، ئۇ ئىككىيلەننىڭ قېشىغا باردى. سەئەد ئۇ ئىككىيلەننىڭ بىخارامان ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇسەيد مېنى بۇ ئىككىيلەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقسۇن، دەپتۇ دېگەننى كۆڭلىگە كەلتۈردى ـ دە، غەزىپىنى زورىغا بېسىپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئەسئەد ئىبنى زۇرارىگە: «ئەزىبرايى خۇدا، ئى ئەبۇ ئۇمامە (ئەسئەدنىڭ كونىيتى)! ئەگەر ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق قىرابىتىمىز بولمىغان بولسا ئىدى، مۇنچىۋالا ئەدىپ كەتمىگەن بولاتتىڭ. سەن بىزنىڭ كۆڭلىمىزگە ياقمايدىغان ئىشلارنى، ئىشىك ئالدىمىزغا ئەكېلىپ قىلىۋاتامسەن؟» دېدى.

ئەسئەد ئىبنى زۇرارە سەئەد يىراقتىن كېلىۋاتقان چاغدىلا مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرگە: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مانا ئالدىڭىزغا بىر قەۋمىنىڭ سەردارى يېتىپ كەلدى، ئۇ سىزگە تابىي بولسىلا ئۇنىڭ قەۋمىدىن بىرمۇ ئادەم ئىماندىن باش تارتمايدۇ»، دېگەنىدى. شۇڭا مۇسئەب سەئەدكە: «ئولتۇرمامسەن؟ ئاڭلاپ كۆرگىن، ئەگەر سەن رازى بولغۇدەك ئىش بولسا قوبۇل قىلارسەن، ناۋادا ساڭا ياقمىسا بىز كەتمەمدۇق»، دېدى. سەئەد: «سۆزۈڭ ئورۇنلۇق بولدى»، دېدى ـ دە، نەيزىسىنى يەرگە سانجىپ قويۇپ، مۇسئەبنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. مۇسئەب ئۇنىڭغا ئىسلامنى چۈشەندۈردى ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بەردى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىر ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئېغىزىنى ئېچىپ ئىپادە بىلدۈرۈپ بولغىچە، ئۇنىڭ چىرايى جىلۋە قىلىپ مەمنۇن بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئۇنىڭغا ئىسلام ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى، دەپ ئويلىغانىدۇق». تىلاۋەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇ: «بۇ نېمدېگەن گۈزەل شېرىن كالام نېمدېگەن ياخشى دىن! بۇ دىنغا كىرمەكچى بولسا نېمىلەرنى قىلىدۇ؟» دەپ سورىدى. مۇسئەب ئۇنىڭغا: «غۇسلى تاهارەت ئالىسەن، كىيىمىڭنى پاكلايسەن ۋە گۇۋاهلىق (كەلىمە شاھادەت) ئېيتىسەن، ئارقىدىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيسەن»، دېدى. سەئەد ئورنىدىن تۇرۇپ مۇسئەب دېگىنىدەك دېدى.

ئاندىن نەيزىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆز قەۋمىنىڭ مەجلىسىگە چاپتى. ئۇلار سەئەدنى كۆرۈپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ چوقۇم باشقا هالەت بىلەن يېنىپ كەلدى»، دېيىشىپ ئولتۇرغانىدى. سەئەد ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىپ توختىدى ۋە: «ئى بەنى ئابدۇلئەشھەل جەمەتى سىلەر ماڭا قانداق قارايسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «بىزنىڭ باشلىقىمىز، دانا پىكىرلىك ياخشى ئادىمىمىز»، دېيىشتى. سەئەد: «ئۇنداق بولسا، سىلەرنىڭ ئەر ـ ئايال ھەر قاندىقىڭلار ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرمىگىچە ماڭا گەپ قىلىش هارام»، دەپ جاكارلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن شۇ كۈنى كەچ كىرگەنگە قەدەر بەنى ئابدۇلئەشھەل جەمەتىدە پەقەت بىرلا ئەر (ئىسمى ئۇسەيرەم)دىن باشقا مۇسۇلمان بولمىغان ئادەم قالمىدى. پەقەت ئۇ (ئۇسەيرەم)نىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئوھۇد ئۇرۇشىغىچە كېچىكىپ، ئۇ ئاشۇ ئۇرۇش بولىدىغان كۈنىلا مۇسۇلمان بولۇپ، جەڭگە قاتناشقانىدى، ئۇ مۇشرىكلارنى نۇرغۇن تالاپەتكە ئۇچرىتىپ ئاخىر شېھىت بولدى. دېمەك،

ئۇ ئاللاھ ئۈچۈن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ باقمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھەققىدە: «ئۇ ئاز ئەمەل قىلىپ، كۆپ ئەجىرگە ئېرىشىدىغان بولدى»، دېدى.

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ئەسئەد ئىبنى زۇرارىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. ھەتتا مەدىنىدە ئەنسار ئايماقلىرىدىن مۇسۇلمان بولمىغان بىرمۇ ئۆي ياكى ئائىلە قالمىدى. ھەممىسىدە مۇسۇلمان ئەر ـ ئاياللار بار بولدى. پەقەت بەنى ئۇمەييە ئىبنى زەيد، خەتىيمە ۋە ۋائىل مەھەللىسىدە بىر قانچە ئائىلىلا قېپقالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەيس ئىبنى ئەسلەت ئىسىملىك بىر شائىر (ئۇلار ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى) بار ئىدى. ئۇ ئۆز قەۋمى بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلىشنى كېچىكتۈرۈپ، تاكى ھىجرىيىنىڭ بەشىنچى يىلى خەندەك ئۇرۇشى ئالدىدا مۇسۇلمان بولدى.

كېلەر يىلى (يەنى بىئسەتنىڭ 13 ـ يىلى) ھەج مەۋسۇمى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير غەلىبە خۇش بېشارەتلىرىنى ئېلىپ مەككىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ رەسۇلۇللاھقا يەسرەب قەبىلىلىرىنىڭ خەۋەرلىرىنى ۋە ئۇ خەلقتىكى يوشۇرۇن، ياخشى خىسلەت ئىقتىدارلارنى ۋە ئۇلاردىكى ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلەش ۋە خورلۇققا باش ئەگمەسلىكتەك پەزىلەتلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

## ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى

بىئسەت (رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولغان)نىڭ 13 ـ يىلى (مىلادىيە 622 ـ يىلى ئىيۇندا) ھەج مەۋسۇمىدا يەسرەبلىك مۇسۇلمانلاردىن يەتمىش نەچچە كىشى ھەج پائالىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلدى. ئۇلار يەسرەبتىكى تېخىچە مۇسۇلمان بولمىغان مۇشرىك ھاجىلار بىلەن بىللە كەلگەنىدى. ئۇلار يەسرەبتىكى چاغلىرىدا بولمىسۇن ياكى يولدا كېلىۋاتقاندا بولمىسۇن ئىزچىل): «بىز رەسۇلۇللاھنى مەككە تاغلىرىدا قاچانغىچە قوغلاندى بولۇپ، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە يۈرۈشىگە تاشلاپ قويىمىز؟» دەپ سوئال قويۇشاتتى. ئۇلار مەككىگە كەلگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ بىلەن يوشۇرۇن ئالاقىلىشىپ ئىككى تەرەپ تەشرىق[1] كۈنلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مىنا تېغىنىڭ جەمرتۇلئۇلادىكى ئەقەبە جىلغىسى ئىچىدە ئۇچرىشىشقا، ئۇچرىشىشنى تۈن قاراڭغۇسىدا مەخپىي ئېلىپ بېرىشقا كېلىشتى.

بىز ھازىر ئەنسار رەھبەرلىرىدىن بىرىنى ئىسلام دىنى بىلەن بۇتپەرەسلىك كەسكىن ئېلىشىۋاتقان ئاشۇ ھالقىلىق كۈنلەردە تارىخ چاقىنى ئۇڭغا بۇرىغان، بۇ ئەھمىيەتلىك ئۇچرىشىشنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلايلى...

كەئب ئىبنى مالىك ئەنسارى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مۇنداق دەيدۇ: «بىز مەككىگە ھەجگە باردۇق ۋە رەسۇلۇللاھ بىلەن تەشرىق كۈنلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەقەبەدە ئۇچرىشىشقا ۋەدىلەشتۇق. بىز بىلەن جەمەتىمىزنىڭ باشلىقى ئابرۇيلۇق زات ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ھەرام بىرگە بار ئىدى. بىز ئۇنى ھەجگە بىللە ئېلىپ كەلگەنىدۇق. بىز مۇشرىك سەپەرداشلىرىمىزدىن بۇ ئۇچرىشىشنى باشتىن ـ ئاخىرى سىر تۇتۇپ كەلگەنىدۇق. شۇڭا، بىز ئۇنىڭغا گەپ قىلدۇق ۋە «ئى ئەبۇ جابىر! (ئابدۇللاھ ئىبنى

---

[1] تەشرىق كۈنلىرى زۇلھەججىنىڭ 11 ـ، 12 ـ ۋە 13 ـ كۈنلىرى.

ئەمرىنىڭ كونىيتى) سەن بىزنىڭ باشلىقىمىز ۋە جەمەتىمىزنىڭ نوپۇزلۇق ئەربابى. سەن مۇشۇ پېتى غەپلەتتە كېتىۋېرىپ، ئاخىر دوزاخقا يەم بولۇپ كېتىشىڭگە چىداپ تۇرالمايمىز»، دېدۇق. ئاندىن ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدۇق ۋە ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەقەبەدە ئۇچرىشىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردۇق. ئۇ مۇنداق دېگەن: «شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ھېچ تاقارشمايلا مۇسۇلمان بولدى ۋە بىز بىلەن ئەقەبە ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىپ جەمەتىمىزنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى.

كەئب مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ بىلەن بىز يەسرەبتىن بىللە كەلگەن مۇشرىك سەپەرداشلار بىلەن ياتاقلىرىمىزغا كىرىپ ئۇخلاپ قالدۇق. كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتۈۋىدى، ياتقان جايلىرىمىزدىن ھېچكىمگە تۇيدۇرماي شىپىر-شىپىر سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئەقەبەدىكى ھېلىقى جىلغىغا توپلاندۇق. بىز 73 ئەر ۋە ئىككى ئايال (نەسىيبە — كەئبنىڭ قىزى، بەنى مازىن جەمەتىدىن. ئەسما — ئەمرىنىڭ قىزى، بەنى سەلىمە جەمەتىدىن) ئىدۇق.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: بىز جىلغىغا يىغىلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇق. ئۇزاق ئۆتمەي رەسۇلۇللاھمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن (تاغىسى) ئاببास ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ بىللە كەپتۇ. (ئۇ ئاشۇ كۈنلەردە تېخى مۇسۇلمان بولمىغان بولسىمۇ)، بىراق ئۇ ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئوغلىنىڭ بۇ ئىشىغا قاتنىشىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەھدۇپەيمان ئېلىپ، ئىشنى پۇختىلاش ئۈچۈن كەلگەنىكەن. شۇڭا ئۇ تۇنجى بولۇپ سۆز قىلدى.

## سۆزلىشىشنىڭ باشلانغانلىقى ۋە ئاﺑﺒاسنىڭ مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى

يىغىنغا قاتنىشىشقا تېگىشلىكلەر تولۇق كېلىپ بولغاندىن كېيىن، دىنى ۋە سىياسىي ئەھدىلەرنى ئېلىش ئۈچۈن سۆزلىشىش باشلاندى. رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ئاببас ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ دەسلەپ قىلىپ سۆز قىلدى. ئۇ كۆپچىلىككە بۇ ئىتتىپاق ئەھدىسىنى تۈزگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدىغان مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى (ئوچۇق) ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېدى: «ئى خەزرەج خەلقى! (ئەرەبلەر ئەۋس، خەزرەج ئىككى قەبىلىنى «خەزرەج» دەپلا ئاتايتتى) ئۇ (مۇھەممەد)نىڭ جەمەتىمىزدىكى ئورنىنى بىلىسىلەر، گەرچە بىز ئۇنىڭ دىنىدا بولمىساقمۇ، ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلغۇچى مۇخالىپ كۈچلەردىن ئۇنى قوغداپ كېلىۋاتىمىز، ھېلىھەم قېشىمىزدا تۇرسا داۋاملىق ئەزىزلىنىدۇ ۋە پىداكارلىق بىلەن قوغدىلىدۇ. ئۇ سىلەرگە قېتىلىپ شۇ تەرەپلەرگە كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، سىلەر ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدەڭلارغا ئەمەل قىلساڭلار ۋە ئۇنى دۈشمەنلىرىدىن قوغدىيالىساڭلار بارسا بارسۇن، ناۋادا سىلەر ئۇنى ئۆز يۇرتىدىن ئېلىپ چىقىپ بولغاندىن كېيىن، تاشلىۋېتىپ دۈشمەنلىرىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغاندەك بولساڭلار مانا ھازىردىن باشلاپ قېپقالسۇن. ئۇ ئۆز جەمەتى ۋە ئۆز ۋەتىنىدە ئوبدان ئەزىزلىنىدۇ ۋە قوغدىلىدۇ».

كەئب مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭغا: ‹سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىدۇق، ئەمدى سەن بىر گەپ قىلىپ باققىن ئى رەسۇلۇللاھ! ۋە ئۆزۈڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن قانداق شەرتلىرىڭ بولسا ئوتتۇرىغا قويغىن! دېدۇق›».

مانا بۇ جاۋاب ئۇلارنىڭ بۇ ئۇلۇغ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتا ۋە بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ خەتەرلىك ئاقىۋەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشتا يۈكسەك ئىرادە، قەتئىي نىيەت، باتۇرانە جاسارەت ۋە كامىل ئىمانغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنۇ ئۆزىنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاندىن بەيئەت تامام بولدى.

## بەيئەت ماددىلىرى

ئىمام ئەھمەد ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلدى، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «بىز رەسۇلۇللاھقا: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ساڭا نېمىگە بەيئەت قىلىمىز؟› دېگەنىدۇق. رەسۇلۇللاھ: سىلەر

1. مەيلى روھىڭلار كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن ھالەتتە بولسۇن ۋەياكى روھسىز، بوشاڭ ھالەتتە بولۇڭلار، گېپىمنى ئاڭلاشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا؛

2. مەيلى قىيىنچىلىق ۋە مەيلى كەڭرىچىلىك مەزگىللىرى بولسۇن ھەممىسىدە پۇل ـ ماللىرىڭلارنى ئايىماسلىققا؛

3. ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇشقا، يامان ئىشلاردىن توسۇشقا؛

4. ئاللاھ يولىدا سابىت بىر قەدەم بولۇشقا ۋە ئاللاھ ئۈچۈن ھەر قانداق تاپا ـ مالامەت، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماسلىققا؛

5. مەن ئۇ يەرگە بارغىنىمدا ماڭا ياردەم قىلىشقا، ۋە مېنى ئۆز نەپسىڭلارنى، خوتۇن ـ قىزلىرىڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى قوغدىغاندەك قوغداشقا بەيئەت قىلىسىلەر ۋە ئۇنىڭ بەدىلىگە سىلەرگە جەننەت بار، دېدى».

ئىبنى ئىسھاق نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە كەئب ئىبنى مالىكنىڭ يەنە مۇشۇ ماددىلاردىن ئەڭ ئاخىرقى بىر ماددىدا مۇنداق دېگەن: «شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سۆز قىلدى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بەردى ۋە ئاللاھقا دەۋەت قىلدى ۋە ئىسلامنى چۈشەندۈردى، ئاندىن مۇنداق دېدى: ‹مەن سىلەردىن، مېنى خوتۇن ـ قىزلىرىڭلارنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىڭلارنى قوغدىغاندەك ھەر قانداق بىر كېلىشمەسلىكتىن قوغداشقا بەيئەت ئالىمەن›، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بەرائ ئىبنى مەئرۇر رەسۇلۇللاھنىڭ قولىنى تۇتۇپ: ‹شۇنداق، سېنى ھەق بىلەن (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز سېنى جېنىمىزنى قوغدىغاندەك قوغدايمىز، بىزنىڭ بەيئىتىمىزنى قوبۇل قىلغىن، ئى رەسۇلۇللاھ! ئەزبىرايى خۇدا، بىز جەڭ مەيدانىدا چوڭ بولغانلارمىز، جەڭگىۋارمىز، جەڭ بىزنىڭ ئاتا مىراسىمىزدۇر›، دېدى».

كەئب مۇنداق دەيدۇ: «بەرائ رەسۇلۇللاھقا يۇقىرىقى گەپنى دەپ تۇراتتى، ئەبۇلھەيسەم ئىبنى تەيھان گەپنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ ئا... ئادەملەر (يەھۇدىيلارنى دېمەكچى) بىلەن توختام ئەھدىلىرىمىز بار. بىز ئۇنى بۇزۇپ تاشلىماقچى بولۇۋاتىمىز،

ئەگەر بىز شۇنداق قىلساق، كېيىنكى كۈنلەردە ئاللاھ سېنى غالىب قىلسا، بىزنى تاشلاپ مەككىدىكى قەۋم ـ قېرىنداشلىرىڭنىڭ يېنىغا كېتىۋالارسەنمۇ؟›، دېدى. رەسۇلۇللاھ تەبەسسۇم قىلىپ كۈلۈپ قويىدى، ئاندىن مۇنداق دېدى: ‹ياق، مەن سىلەر بىلەن گۆش بىلەن قاندەك ۋە خىش بىلەن لايدەك. بەلكى، مەن سىلەرنىڭ، سىلەر مېنىڭ، سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلار، مېنىڭ دۈشمىنىم. سىلەرنىڭ دوستۇڭلار مېنىڭ دوستۇم› ».

## بەيئەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قايتا تەكىتلەش ۋە چىڭىتىش

بەيئەتنىڭ شەرتلىرى توغرىسىدىكى سۆزلىشىش ئاخىرلىشىپ، كۆپچىلىك بەيئەت ئەھدىسىنى بېرەيلى، دەپ تۇرغاندا، ئالدىنقى ئىككى يىلدا بىئسەتنىڭ 11-، 12- يىللىرى مۇسۇلمان بولغان پېشقەدەملەردىن ئىككى كىشى كۆپچىلىككە: «ئەھۋالنى ياخشى چۈشەنمەي تۇرۇپ بەيئەت قىلىپ سالماسلىق ئۈچۈن بەيئەت ئەھدىسىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تەكىتلەش ۋە ئۇلارنىڭ قۇربان بېرىش ئىرادىسىنىڭ قانچىلىكلىكىنى ئۇقۇپ بېقىش مەقسىتىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز قىلدى.

ئىبنى ئىسهاق مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بەيئەتكە قول بېرىشكە تەييار تۇرغان پەيتتە ئاباس ئىبنى ئۇبادە ئىبنى نەزلە ئورنىدىن تۇرۇپ: ‹(قېرىنداشلار) بۇ ئادەمگە نېمىگە بەيئەت بېرىۋاتقىنىڭلارنى بىلەمسىلەر؟› دېۋىدى، كۆپچىلىك: ‹ھەئە، بىلىمىز›، دېيىشتى. ئاباس: ‹شەك ـ شۈبهىسىزكى، سىلەر ئۇنىڭغا دۇنيادىكى بارلىق ئاق تەنلىك ۋە قارا تەنلىكلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن دۈشمەنلىشىشكە بەيئەت قىلىۋاتىسىلەر، ئەگەر سىلەر ئىقتىسادىڭلار زىيانغا ئۇچراپ، يېقىن قان ـ قېرىنداشلىرىڭلار چىقىم بولۇپ كەتكىلى تۇرسا، ئۇنى تاشلىۋېتىدىغاندەك بولساڭلار، مانا ھازىر ئوچۇقىنى دەڭلار، مۇشۇ يەردە قالسۇن، ئۇنداق قىلىش (ئىلاھىم پاناھلىق بەرگەي) دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سەتچىلىكتۇر. ئەمما، مال ـ مۈلۈك، جان ـ تەن دېمەيمىز، پەيغەمبەرگە بەرگەن ۋەدىمىزگە ۋاپا قىلىمىز، دېسەڭلار، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نىجاتلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر›، دېدى. ئۇلار: ‹بىز رەسۇلۇللاھنى مال ـ مۈلۈكىمىزدىن ئايرىلساقمۇ، ئەڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىمىزدىن جۇدا بولساقمۇ، رەسۇلۇللاھنى چوقۇم ئېلىپ كېتىمىز، ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر بىز ۋەدىمىزگە ۋاپا قىلساق، بىزگە قانداق مۇكاپات بار؟› دېيىشىۋىدى، رەسۇلۇللاھ: ‹جەننەت›، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن: ‹قولۇڭنى چىقارغىن›، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ قولىنى چىقىرىۋىدى، ئۇلار بىر ـ بىرلەپ رەسۇلۇللاھنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، بەيئەت قىلىشقا باشلىدى».

جابىر (رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ)نىڭ رىۋايىتىدە: «بىز رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن ئورنىمىزدىن تۇرىۋىدۇق، ئەسئەد ئىبنى زۇرارە (ئۇ ھەممىمىزدىن كىچىك ئىدى) رەسۇلۇللاھنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: ‹ئى يەسرەب خەلقى! ئالدىرىماڭلار، بىز بۇ كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتقانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئۇنىڭ يېنىغا تۆگىلىرىمىزنى ھاسىرىتىپ، يۈگۈرۈشۈپ كەلدۇق، بۈگۈن ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كېتىش

دېگەنلىك بارلىق ئەرەبلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش، باتۇر ئەزىمەتلىرىمىزنى ئۆلۈمگە نىشان قىلىش دېگەنلىكتۇر، مۇشۇنىڭغا سەبرى قىلىپ بەرداشلىق بېرەلىسەڭلار، ئېلىپ چىقىپ كېتەيلى، ئەجرىمىزنى خۇدا كامىل بېرەر، ياق ئەمدى كۆڭلۈڭلاردا بىر ئاز غۇبار بولىدىغاندەك بولسا، مۇشۇ يەردە قالسۇن، بۇ سىلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئەڭ ياخشى ئۆزرىدۇر›، دېدى».

## بەيئەت توختامىنامىسى

بەيئەت ماددىلىرى بېكىتىلىپ قايتا ـ قايتا تەكىتلەنگەندىن كېيىن، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق بەيئەت باشلاندى.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئەسئەدنىڭ يۇقىرىقى سۆزىنى نەقىل قىلىپ بولغاندىن كېيىن) مۇنداق دېدى: «ئۇلار: ‹ئى ئەسئەد! رەسۇلۇللاھنىڭ قولىنى قويۇۋەت، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز بۇ بەيئەتنى قولدىن بەرمەيمىز، بەيئەتتىن كېيىن خىيانەتمۇ قىلمايمىز›، دېيىشتى. بۇ چاغدا ئەسئەد كۆپچىلىكنىڭ نەقەدەر قىزغىن، پىداكار ۋە ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، ئۇ (مەدىنىدە مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير بىلەن بىللە دەۋەتچى بولغانىدى. ئەمدى ئۇ بۇ قېتىم بەيئەت قىلغۇچىلارنىڭ دىنىي رەئىسى بولۇپ) دەسلەپ قىلىپ بۇ بەيئەتكە قول قاقتى.

ئىبنى ئىسهاق: «بەنى نەججار جەمەتى ئەسئەد ئىبنى زۇرارە رەسۇلۇللاھنىڭ قولىنى تۇنجى بولۇپ تۇتقان كىشى دەيدۇ»، دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئومۇمىيۈزلۈك بەيئەت قىلىش باشلاندى. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بىز رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بىردىن ـ بىردىن بېرىپ بەيئەت قىلاتتۇق، بىزدىن بەيئەت قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشقان ھېلىقى ئىككى ئايال ئاغزاكى بەيئەت قىلدى. رەسۇلۇللاھ نامەھرەم ئايالالارنىڭ قولىنى تۇتمىغانىدى» دېگەن.

## ئون ئىككى ۋەكىل

بەيئەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن بەيئەت ماددىلىرىنى ئىجرا قىلىشتا ئۆز قەۋملىرىگە مەسئۇل بولالايدىغان نوپۇزلۇق كىشىدىن ئون ئىككى كىشىنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «سىلەر ماڭا قەۋمىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارغا مەسئۇل بولىدىغان ئون ئىككى كىشىنى كۆرسىتىپ بېرىڭلار»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن دەرھاللا ئۇلارنىڭ نامزاتى كۆرسىتىلىپ، ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى. ئۇلار خەزرەج قەبىلىسىدىن توققۇز، ئەۋس قەبىلىسىدىن ئۈچ كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى تۆۋەندىكىچە:

خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ۋەكىللىرى:

ئەسئەد ئىبنى زۇرارە. سەئد ئىبنى رەبىئە ئىبنى ئەمرى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئىبنى سۇئلەبە. رافىئە ئىبنى مالىك ئىبنى ئەجلان. بەرائ ئىبنى مەئرۇر ئىبنى

سەخرى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى هارام. ئۇبادە ئىبنى سامىت ئىبنى قەيس. سەئد ئىبنى ئۇبادە ئىبنى دەلىم. مۇنزىر ئىبنى ئەمرى ئىبنى خۇنەيس.

ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ۋەكىللىرى:

1. ئۇسەيد ئىبنى هۇزەير ئىبنى سىماك.2. سەئەد ئىبنى خەيسەمە ئىبنى هارىس. 3.رىفائە ئىبنى ئابدۇلمۇنزىر.

مەزكۇر ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ بۇ ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇل باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلاردىن قايتا ئەھدۇپەيمان ئېلىپ مۇنداق دېدى: «هەۋارىيون (ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردەمچىلىرى)لار ئۆز قەۋملىرىگە كېپىل بولغىنىدەك، سىلەرمۇ ئۆز قەۋمىڭلارغا كېپىل، مەنمۇ ئۆز قەۋمىم (يەنى مۇسۇلمانلارغا)گە كېپىل. ۋەكىللەر: «ئەلۋەتتە» دېيىشتى.

## شەيتان يىغلىشنى پاش قىلىپ قويدى

ئەھدىنامىنى چىڭىتىش ئىشى ئاياغلىشىپ بەيئەتچىلەر تارقىلىش ئالدىدا تۇرغاندا، شەيتاننىڭ بىرى بۇ يىغىلىشنى پاش قىلىپ قويدى.

شەيتان بۇ ئەھۋالنى ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلاردا بايقاپ قالغان بولغاچقا تېخى جىلغىدىن ئايرىلىپ بولالمىغان بەيئەتچىلەرنى تۆپىلەپ كېلىپ تۇتۇپ، ئەدىپىنى بەرگۈزۈش ئۇچۇن قۇرەيشلەرنى خەۋەرلەندۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئېگىز بىر دۆۋىگە چىقىپ، ئەڭ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «ئى يەرلىك ئاھالىلەر! سىلەر مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ بىلەنكى بىر ئوچۇم كىشىلەر بىلەن كارىڭلار يوقمۇ؟ ئۇلار سىلەرگە قارشى جەڭگاھتا ئۇچرىشىشقا كېلىشتى»، دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ: «بۇ، مۇشۇ ۋادىنىڭ رەزىلى ئىدى، خەپ توختاپتۇر، خۇدانىڭ دۈشمىنى! سەن بىلەن ئايرىم ئېلىشىمىسام»، دېدى. ئاندىن ئۇلارنى تارقىلىپ كېتىشكە بۇيرىدى.

## ئەنسارلارنىڭ قۇرەيشلەرگە زەربە بېرىشكە تەييارلىنىشى

بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ئاباس ئىبنى ئۇبادە ئىبنى نەزلە: «سېنى هەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن ماقۇل كۆرسەڭ، بىز ئەتە ئەتىگەن مىناغا قىلىچنى كۆتۈرۈپ چىقىمىز»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىز هازىر ئۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلمىدۇق، هازىرچە ياتاقلىرىڭلارغا قايتىپ تۇرۇڭلار»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ياتاقلىرىغا قايتىپ ئۇخلاپ قىلىشتى.

## قۇرەيش تەرەپ يەسرەب كاتتىلىرىغا نارازىلىق ئەرزى سۇندى

شەيتان مەلئۇننىڭ بۇ ئاۋازى قۇرەيشلەرگە ئاڭلىنىشۇدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەشۇش ۋە ئەنسىزلىك كەيپىياتى تۇغۇلدى. چۈنكى، ئۇلار بۇنداق بەيئەتنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆزلىرىنىڭ

ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە نىسبەتەن قانچىلىك ئېغىر خەۋپ بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇلار ئەتىسى تاڭ سۈزۈلىشى بىلەن تەڭ بىر قىسىم ئوت قۇيرۇقى ئەمەلدارلاردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ ھېلىقى توختامغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن يەسرەبلىكلەر چۈشكەن مەنزىلگە كەلدى ۋە «ئى خەزرەج خەلقى! ئوقۇشىمىزچە، سىلەر بىزنىڭ ھېلىقى ئادىمىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى بۇ يەردىن ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋېتىپسىلەر ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن بىز بىلەن ئۇرۇشۇشقا، ئۆلۈمگە ئەھدى بېرىپسىلەر، ئەزىبرايى خۇدا، ھەر قانداق بىر ئەرەب قەبىلىسىگە سىلىشتۇرغاندا سىلەر بىلەن قىلىچ تەڭلىشىش كۆڭلىمىزگە ياقمايتتى»، دېيىشتى.

بەيئەت تۈن نىسپىدە ئىنتايىن مەخپىي رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلغاچقا ھەج ئۆمىكى ئىچىدىكى مۇشرىكلار بۇنىڭدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. شۇڭا، بۇ مۇشرىكلار ھاڭ ـ تاڭ بولۇشۇپ: «بۇ نېمە گەپ، بۇ يەردە ھېچ ئىش بولمىدى»، دېيىشىپ قەسەم ئىچىپ بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «بۇ دېگەن يالغان گەپ، بىزدە بۇنداق ئىش بولمىدى، مېنىڭ قەۋمىم بۇ يەردە ئەمەس، ھەتتا يەسرەبتىكى چاغدىمۇ مەندىن بىسوراق ئىش قىلمايتتى»، دېدى. مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويۇپ، بىرسىمۇ ئېغىز ئېچىپ «شۇنداق» ياكى «ئەمەس»، دېمەي جىم ـ جىت تۇرۇشتى.

قۇرەيش تەرەپ بولسا ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئامالسىز قايتىپ كېتىشتى.

## مەزكۇر خەۋەرنىڭ راستلىقى ئىسپاتلانغىنى ۋە قۇرەيشلەرنىڭ بەيئەتچىلەرنى قوغلىغانلىقى

قۇرەيش ۋەكىللىرى ھېلىقى چاغدا خەۋەرنىڭ (راست) يالغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلمەي قايتقانىدى. لېكىن، ئۇلار مەككىگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن داۋاملىق سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىر خەۋەرنىڭ راست ئىكەنلىكىنى، بەيئەتنىڭ ھەقىقەتەن يۈتتۈشۈلۈپ تاماملانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ چاغدا ھاجىلار ئاللىبۇرۇن مەككىدىن ئايرىلىپ بولغانىدى. شۇڭا، ئۇلاردىن بىر توپ ئاتلىق تېزدىن تەييارلىنىپ، يەسرەپلىكلەرنى قوغلاپ تۇتۇشقا ئاتلاندى. لېكىن، پۇرسەت قولدىن كەتكەن بولغاچقا، سەئەد ئىبنى ئۇبادە بىلەن مۇنزىر ئىبنى ئەمردىن باشقا ھېچكىمنى ئۇچرىتالمىدى. ئۇلار بۇ ئىككى كىشىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇلارنى قوغلاشقا باشلىدى. ئاخىرى سەئەد ئىبنى ئۇبادەنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى ئۆز ئۇلىغىنىڭ چۇلۋۇرى بىلەن بوينىغا قايرىپ باغلاپ، ئۇرۇپ ـ تىللاپ، چاچ ـ ساقاللىرىدىن سۆرەپ مەككىگە ئېلىپ كىردى. لېكىن، ئۇ شۇ ھامانلا مەككە پېشىۋالىرىدىن مۇتئىم ئىبنى ئەدىي ۋە ھارىس ئىبنى ھەرب ئىبنى ئۇمەييەلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ يەسرەبكە قايتتى. چۈنكى، سەئەد بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ كارۋانلىرىنىڭ مەدىنىدىن بىخەتەر ئۆتۈشىگە كۆپ قېتىم كاپالەتلىك قىلغانىدى. ئەنسارلار يول ئۈستىدە سەئەدنىڭ تۇتۇپ

كېتىلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، مەككىگە قايتىپ سەئەدنى قۇتقۇزۇپ چىقىشنى ئويلىشىۋاتقاندا،سەئەد يىراقتىن پەيدا بولۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەممەيلەن مەدىنىگە ساق ـ سالامەت يېتىپ بېرىۋالدى.

مانا بۇ بەيئەت (تارىختا چوڭ ئەقەبە بەيئىتى دەپ ئاتالغان) ئەقەبە ئىككىنچى (چوڭ) بەيئىتىدۇر. ئۇ تارقاق ھالەتتە ياشاۋاتقان مۇئمىنلەر ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق، ئىگىدارچىلىق ۋە ئۆزئارا ياردەمدە بولۇش ئەھدىنامىسى ئورناتقان ۋە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ، ماددىي ۋە مەنىۋى جاسارەت ئاتا قىلغان، مۇشۇ يولدا بارلىقىنى ئاتاش ئىرادىسىنى تىكلىگەن ئەھمىيەتلىك چوڭ بىر بەيئەت بولغان ئىدى. ئائىلى، يەسرەبلىك بىر مۇئمىن مەككىدە بوزەك قىلىنىۋاتقان يەنە بىر مۇئمىن قېرىندىشىغا ئىچ ئاغرىتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا بولۇشۇپ، زالىم كۈچلەردىن ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاللاھ ئۈچۈن دوستلاشقان بۇ قېرىندىشىغا نىسبەتەن ھەقىقىي دوستلۇق ھېسسىياتى جۇش ئۇرۇپ جەۋلان قىلىۋاتىدۇ.

بۇ خىل ھېسسىيات ۋە بۇ خىل دوستلۇق تۇيغۇسى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاپ بارىدىغان ئۆتكۈنچى (يەنى ۋاقتىلىق) مايىللىقنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى دوستلۇقنىڭ ئاساسىي مەنبىئى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابقا ھەقىقىي ئىخلاس بىلەن ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەمەلىيەتتىكى جۇلاسى ئىدى. مانا مۇشۇنداق ئىمان ھەرقانداق زۇلۇم ـ سىتەم ۋە بىر ياۋۇز كۈچ ئالدىدا بوشاپ باش ئەگمەيدۇ. مانا مۇشۇنداق چىن خالىس ئىمان ھەرىكەتكە كەلسە ئەقىدە ۋە ئەمەلدە ئۆز كارامىتىنى ھەقىقىي رەۋىشتە نامايان قىلىدۇ.

مۇسۇلمانلار مانا مۇشۇنداق كامىل ئىمان ئارقىلىق دۇنيا تارىخى بېتىگە شۇنداق ئۇلۇغۋار، شۇنداق كاتتا ئىشلارنى پۈتۈپ قويۇپ كەتتى، ئۇزاق ئۆتمۈشمۇ ۋە ھازىرقى (ئاتوم) دەۋرىمۇ ئۇنىڭ مىسلى (ئوخشىشى)گە مۇيەسسەر بولالمىدى ۋە يىراق كەلگۈسىدىمۇ تېخى ئۇنداق تۆھپىلەرنى يارىتالىشى ناتايىن.

## ھىجرەت پېشۋالىرى

ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىسلام دىنى كۇفرى ۋە جاھالەت دولقۇنىدا مەۋج ئۇرۇۋاتقان ئاشۇ سەھرانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئۆزىگە مۇستەقىل بىر ۋەتەن تۇتۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇۋىدى، (ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ بەيئەت ئىسلامى دەۋەت ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت ئىدى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا مۇشۇ يېڭى ۋەتەنگە ھىجرەت قىلىشقا ئىجازەت قىلدى.

ھىجرەت قىلىش دېگەنلىك ماددىي مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىش، مال ـ مۈلۈك ۋە پاراۋان تۇرمۇشنى قۇربان بېرىپ، ئۆز جېنىنى جايلاپ چىقىپ كېتىش، دېگەنلىككىلا بولماستىن بەلكى، ھىجرەت قىلغان كىشىنىڭ مال ـ مۈلكى تالان ـ تاراج قىلىنىشى، ھەتتا ھالاك بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ كەلگۈسى ئىستىقبالى تېخىچە نامەلۇم بىر نىشانغا قاراپ يول

ئالدى. بۇ يولدا قانچىلىك كۆڭۈلسىزلىكلەر ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەر، ئازاب ـ ئوقۇبەت، دىشۋارچىلىقلار بار. ئۇنى كىشى بىلمەيدۇ دېگەننى ئۇقتۇراتتى.

مۇسۇلمانلار مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ، ئۇقۇپ تۇرۇپ، ھىجرەت قىلىشقا باشلىدى. مۇشرىكلار بۇ دولقۇننىڭ كېيىنكى خەتىرى ۋە تەھدىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنى ھىجرەتتىن توسۇشقا باشلىدى.

1. ئەڭ دەسلەپ ھىجرەت قىلغانلاردىن بىرى ئەبۇ سەلىمە ئىدى (ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايىتىدە ئۇ ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىدىن بىر يىل بۇرۇن ھىجرەت قىلغان دېيىلىدۇ). ئۇ ئايالى ۋە ئوغلى ئۈچ كىشى بىرلىكتە ھىجرەت قىلماقچى بولغان ئىدى. ئۇلار تەييارلىنىپ يولغا چىقىش ئالدىدا، ئۇنىڭ قېيىنى ئاغىلىرى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ: «ئۆزۈڭ يالغۇز چىقىپ كەت، بىز ھەمشىرىمىزنى ھەرگىز ماڭدۇرمايمىز، ئۇنى نەلەردە سۆرەپ يۈرۈيسەن»، دەپ ئۇنىڭ ئايالىنى سالدۇرۇۋالدى. ئەبۇ سەلىمەنىڭ جەمەتى ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن غەزەبلىنىپ: «سىلەر (ئايال تەرەپكە) ساھىبىمىزدىن ئۇنىڭ ئايالىنى سالدۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلىدا نىمە ھەققىڭلار بار؟» دەپ بالىنى تارتىشىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ قولىنى چىقىرىۋەتتى ۋە ئەبۇ سەلەمەنىڭ تۇققانلىرى بالىنى ئېلىپ كەتتى. ئەبۇ سەلىمە بولسا ئۆزى تەنھا مەدىنىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇممۇ سەلىمە بولسا ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ۋە ئوغلىنىڭ قولىنىڭ ناكا بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ھەسرەت چېكىپ، ھەر كۈنى ئەتىگەن ئەبتەھ (مەككىنىڭ شىمالىدىكى تاشلىق)كە چىقىپ مەدىنە تەرەپكە قاراپ ياش تۆكەتتى، تاكى ئۇ كەچ كىرگەندە ئاندىن قايتىپ كىرەتتى. مۇشۇنداق قىلىپ بىر يىل ئۆتتى. ئاخىر ئۇنىڭغا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن بىرسى ئىچ ئاغرىتىپ: «بۇ بىچارىنى يولغا سېلىپ قويايلى، ئۇنى ئېرىدىن ۋە جىگەر پارىسىدىن ئايرىۋەتتۇق»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇممى سەلەمەگە: «خالىساڭ، ئېرىڭنىڭ قېشىغا كەتكىن»، دېيىشتى. ئۇممۇ سەلىمە شۇ ھامانلا ئەبۇ سەلىمە تەرەپتىن ئوغلىنى ئاجرىتىپ ئېلىپ ( 500 كىلومېتىردەك يىراقلىقتىكى) مەدىنىگە ئۆزى يالغۇز يولغا چىقتى. ئۇ تەنئىم دېگەن يەرگە بارغاندا شامدىن كېلىۋاتقان ئوسمان ئىبنى تەلھە ئىبنى ئەبۇ تەلھە بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، كەينىگە يېنىپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، مەدىنىگە ئاپىرىپ قويدى. ئوسمان ئىبنى تەلھە ئۇممۇ سەلىمىگە قۇبا (كەنىت)نى يىراقتىن كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «يۈرۈڭ، كىرىپ كېتىڭ، ئاللاھ ئامان قىلغاي، ئېرىڭىز مۇشۇ كەنتتە»، دەپ قويۇپ مەككىگە قايتتى.

2. سۇھەيب ئىبنى سىنان رۇمى. سۇھەيب مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا، قۇرەيش كاپىرلىرى ئۇنىڭغا كۆز قىزارتتى ۋە : «سەن يۇرتىمىزغا ھېچنەرسىسى يوق پەيدا بولغانىدىڭ، بىزنىڭ قوللاپ، ئارىغا ئېلىشىمىز بىلەن پۇل، ماللىق بولدۇڭ، ئىناۋەت ئابرۇيغا ئېرىشتىڭ، ئەمدىلىكتە سەن ھەممە نەرسەڭنى ئېلىپ بۇ يەردىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتامسەن؟ ياق، ئەزىبرايى خۇدا، ھەرگىز ئۇنداق ئىش بولمايدۇ» دەپ ئالدىنى توستى. بۇ چاغدا سۇھەيب ئۇلارغا: «مال ـ دۇنيالىرىمنى سىلەرگە تاشلاپ چىقىپ كەتسەم، يولۇمنى بوشىتامسىلەر؟» دېگەنىدى، ئۇلار: «شۇنداق»،

دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن سۆھەيب: «ئۇنداق بولسا، مەن ماللىرىمنى سىلەرگە قالدۇرۇپ چىقىپ كېتەي»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ: «سۆھەيب (بۇ سودىدا) پايدا ئالدى، سۆھەيب (بۇ سودىدا) پايدا ئالدى»، دەپ تەكرارلىدى.

3. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن ئەياش ئىبنى رەبىيئە ۋە ھىشام ئىبنى ئاس (ئىبنى ۋائىل) قاتارلىقلار مەككە سىرتىدىكى بىر جايدا قونۇپ، ئەتىسى شۇ يەردىن ئۇدۇل مەدىنىگە قاراپ يۈرۈپ كېتىشكە ۋەدىلەشكەنىدى. راست دېگەندەك، كەچتە ئۆمەر بىلەن ئەياش كېلەلىدى، ھىشام كېلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەن مەدىنىگە كېلىپ قۇبا دېگەن كەنتكە چۈشۈپ تۇرغاندا، ئەبۇ جەھىل بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارىس، ئەياشنىڭ (بۇلارنىڭ ئانىسى بىر ئىدى) كەينىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ كېلىپ: «ئانىمىز سېنى كۆرمىگۈچە بېشىغا تاغاق سالماسلىقنى، ئىسسىقتىن سايىدىماسلىقنى ئۆزىگە نەزر قىلىپ تۇرۇۋالدى، شۇڭا قايتىپ كېتەيلى دەپ تۇرۇۋالدى. ئەياشنىڭ ئانىسىغا ئىچى ئاغرىپ كېتىپ، قايتىش قارارىغا كەلدى. بۇ چاغدا ئۆمەر ئۇنىڭغا: «ئى ئەياش! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ھەرقاچان سېنى دىنىڭدىن ياندۇرماقچىمىكىن، دەيمەن، شۇڭا ئۇلاردىن ھېزى بولغىن، قەسەم قىلىمەنكى، ئاناڭنىڭ كالىلىسىنى پىت بوغسا، چوقۇم بېشىغا تاغاق سالىدۇ. مەككىنىڭ ئاپتىپىدا كۆيسە، ئەلۋەتتە سايىدايدۇ»، دېگەن بولسىمۇ، ئەياش ئۇلار بىلەن قايتىپ كېتىپ ئانىسىنىڭ قەسىمى ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆمەرنىڭ گېپىگە ئۇنىمىدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا، دېگىنىمنى قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالساڭ، ماۋۇ تۆگەمنى ئېلىۋال، بۇ يۇۋاش، ئايىغى ئىتتىك، ئوبدان تۆگە، ئىلاجى بار تۆگىدىن چۈشمىگىن، ناۋادا بۇلاردىن سەل غەيرىلىك سەزسەڭ ئۇنىڭ بىلەن جېنىڭنى جايلىغىن»، دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئەياش[①] ئۆمەرنىڭ تۆگىسىگە مىنىپ، ئۇلار بىلەن يولغا چىقتى. ھەتتا بىر يەرگە كەلگەندە، ئەبۇ جەھىل ئۇنىڭغا: «ئى قېرىندىشىم! مەن بۇ تۆگەمگە بەكمۇ جاپا سېلىۋەتتىم، مېنى كەينىڭگە مىندۈرۈۋالساڭ؟» دېۋىدى، ئەياش: «بولىدۇ»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆگىسىنى چۆكتۈردى. ئەبۇ جەھىل بىلەن ھارىسمۇ تەڭ چۆكتۈردى. ئۇلار يەرگە چۈشۈپ، ھەممىسى تۆگىدىن ئايرىلىۋىدى، ئەبۇ جەھىل بىلەن ھارىس ئەياشقا تەڭ ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى ياتقۇزۇپ چەمبەرچەس باغلىۋەتتى. ئاندىن شۇ پېتى تۆگىگە چېتىپ، ھەيدەپ كۈپ-كۈندۈزدە مەككىگە ئەكىردى ۋە «ئەييۇھەنناس» چاقىرىپ: «ئى خالايىق! مەككە ئەھلى! توغرا-خاتانى ئايرىيالمايدىغان ئەخمەقلەرنى مانا مۇشۇنداق قىلغۇلۇق، سىلەرمۇ مۇشۇنداق قىلىڭلار»، دەپ ئەلگە ئىبرەت قىلدى.

مانا بۇ ئۈچ ئىش مۇشرىكلارنىڭ ھىجرەت قىلماقچى بولغانلارنى بىلىپ قالسا قوللىنىدىغان ۋاستىلىرىنىڭ مىساللىرىدۇر. لېكىن، كىشىلەر يەنىلا ئارقىمۇئارقا

[①] مەزكۇر ئەياش بىلەن ھىشام شۇ كۈندىن ئېتىبارەن يۈت-قوللىرىغا كىشەن سېلىپ كۇففارلارنىڭ نەزەربەنت قىلىشىغا ئۇچرىدى. تاكى، رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن بىر كۈنى ساھابىلارغا ئەياش بىلەن ھىشامنى كىم قۇتۇلدۇرۇپ چىقالايدۇ؟ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەلىد ئىبنى ۋەلىد: «ئى رەسۇلۇللاھ، مەن قۇتقۇزۇپ چىقالايمەن»، دەپ يوشۇرۇن مەككىگە كەلدى ۋە ئۇلار (ئەياش بىلەن ھىشام)غا تاماق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بىر ئايالنىڭ بارلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭ كەينىگە چۈشتى ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىنى بىلىۋالدى. ئۇلار پۈت-قوللىرىغا كىشەن-تاقاقلارنى سېلىپ، ئۈستى ئوچۇق بىر ئۆيگە سولاقلىق ئىدى. كەچ كىرىۋىدى، ۋەلىد ھېلىقى ئۆينىڭ تېمىدىن سەكرەپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ پۈت-قوللىرىدىكى كويزا-كىشەنلەرنى چېقىۋېتىپ، قاماقتىن ئېلىپ چىقىپ، تۆگىگە مىندۈرۈپ مەدىنىگە ئېلىپ كەلدى.

مەككىدىن چىقىپ كېتىشتى. ئەقەبە چوڭ بەيئىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىككى ئايدىن كېيىن، مەككىدە رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بەكرى ۋە ئەلى (بۇ ئىككىيلەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرى بىلەن توختاپ تۇرغانىدى) ۋە يەنە مۇشرىكلار مەجبۇرىي تۇتۇپ قالغانلاردىن باشقا ھېچكىم قالمىدى. رەسۇلۇللاھمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن ھىجرەت بۇيرۇقىنى كۈتۈپ سەپەر تەييارلىقىنى تەل قىلىپ تۇردى ۋە ئەبۇ بەكرىمۇ ھەم شۇنداق قىلدى.

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارغا: ‹ماڭا سىلەرنىڭ ھىجرەت دىيارىڭلار ئىككى تاشلىق ئوتتۇرىسىدىكى بىر خورمىزارلىق زېمىنى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلدى›»، دېگەنىدى. شۇڭا، ھىجرەت قىلماقچى بولغانلار مەدىنە تەرەپكە ھىجرەت قىلدى. چۈنكى مەدىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تاشلىق زېمىن ئىدى. ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. ئەبۇ بەكرىمۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا تەييار بولغانىدى. ئەمما، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «توختاپ تۇرغىن، مەنمۇ ئاللاھنىڭ ئىجازىتىنى كۈتۈۋاتىمەن»، دېدى. ئەبۇ بەكرى: «شۇنداقمۇ؟ ئى رەسۇلۇللاھ! سەنمۇ ھىجرەتنى ئۈمىد قىلامسەن؟ ساڭا ئاتا ـ ئانام پىدادۇر»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ھەئە»، دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھقا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن توختاپ تۇردى ۋە ئۆزىنىڭ ئىككى تۆگىسىگە تۆت ئايدەك سۆمرى دەرىخىنىڭ غازىڭىنى بېرىپ باقتى[①].

## دارۇننەدوۋەت (قۇرەيش كېڭەش يۇرتى)دىكى سۇيىقەست

مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ كىچە ـ كۈندۈزلەپ تەييارلىق قىلىپ مال ـ دۇنيا ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ ئەۋس، خەزرەج قەبىلىلىرىگە كۆچۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر خىل قورقۇنچ ۋە غەم ئەندىشىگە پاتتى ۋە بۇنى چوڭ شۇملۇقنىڭ بېشارىتى دەپ بىلدى. ئەنسىزلىك ۋە ساراسىمە ئۇلارغا مىسلىسىز ۋەھىمە بىلەن دېۋەيلەپ كەلمەكتە ئىدى. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ دىنى ۋە ئېتىقادىي مەۋجۇدىيىتىگە تەھدىت سېلىۋاتقان ھەقىقىي چوڭ بىر خەۋپ ـ خەتەر كۆلەڭگۈسى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولۇشقا باشلىدى.

مۇشرىكلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋۇجۇدىدىكى توغرا رەھبەرلىك ئىقتىدارى ۋە ئامىمنى ئىتىپاقلاشتۇرۇشتىكى دانا يېتەكچىلىك قىلىش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى غايەت زور تەسىرىنى ۋە ساھابە كىراملاردىكى قەتئىي ئىرادە، سەممىمىي ساداقەت ۋە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن جان پىدا قىلىش روھىنى، ئەڭ مۇھىمى ئەۋس، خەزرەج قەبىلىلىرىدىكى يوشۇرۇن كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەن بۇ قەبىلىلەردىكى ئاقىللارنىڭ تىنچلىق ۋە يارىشىشقا تەلپۈنۈۋاتقانلىقىنى ئۇلار ئۆزۈن يىللار داۋام قىلغان ئىچكى ئۇرۇشنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقانلىقتىن، ئەمدى ئۆزئارا ئاداۋەتلىشىشنى تاشلاپ، ئەپ ئۆتۈشكە چاقىرىق قىلىشقانلىقلىرىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. شۇنىڭدەك، مەدىنىنىڭ قىزىل دېڭىز

---

① ئېھتىمال سۆمرى دەرىخىنىڭ غازىڭىنى ھەلەپ قىلغان ئۇلاغ چىدامىلىق، تېز ماڭىدىغان بولۇپ يېتىشسە كېرەك. ــــ ت

بويىدىكى يەمەندىن شامغا ماڭىدىغان يول بويىغا جايلاشقانلىقى بۇ يولنىڭ جايلىشىشىدەك مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلەتتى. تائىف ۋە باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ تىجارەت سومىمىسىنى ھېسابلىمىغاندا، پەقەت مەككىلىكلەرنىڭلا شام بىلەن بولىدىغان تىجارىتىدە يىلىغا 250 مىڭ دىنار قىممىتىدىكى مال ـ مۈلۈكنى شۇ يول ئارقىلىق ئايلاندۇرغىلى بولاتتى. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇنداق تىجارەتنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشى ۋە روناق تېپىشى، مۇشۇ يولنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكى ۋە بىخەتەرلىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ناۋادا ئىسلام دەۋتى يەسرىبنى مەركىزي بازا قىلىپ، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن بىرلىكتە مەككىلىكلەرگە قارشى تۇرسا، قۇرەيشلەرنىڭ سودا تىجارىتىنىڭ قانچىلىك چوڭ خىرىسقا دۇچ كېلىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

مانا مۇشۇلارنى ئويلاپ مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە تەھدىت سېلىۋاتقان چوڭ بىر خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئىز بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى ۋە ئىسلام دەۋىتىنىڭ يول باشچىسى مۇھەممەدۇن سەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىبارەت بۇ چوڭ خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئەتراپقا تاراپ يىلتىز تارتىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەڭ ئۈنۈملۈك بىر چارە ـ تەدبىر ئىزدەشكە باشلىدى. نەبۇۋەت (بىئسەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نىڭ 14 ـ يىلى سەپەر ئېيى (2 ـ ئاي)نىڭ 20 ـ كۈنى، مىلادىيە 622 ـ يىلى سېنتەبىر ( 9 ـ ئاي)نىڭ 12 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. (يەنى ئەقەبە چوڭ بەيئىتىدىن ئىككى يېرىم ئايدىن كېيىن) پەيشەنبە ئەتىگەندە قۇرەيش پارلامېنتى (دارۇننەدۋەت) ئىسلام دەۋىتىنىڭ يول باشچىسى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)نى نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇنى تېزدىن بىر تەرەپ قىلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغان ۋە ئۇ تارقاتقان دەۋەت نۇرىنى يەر يۈزىدىن تەلتۆكۈس ئۆچۈرەلەيدىغان كەسكىن بىر تەدبىر تېپىش ئۈچۈن ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ قاباھەتلىك بىر يىغىننى چاقىردى. يىغىنغا قۇرەيش قەبىلىسىگە تەۋە ھەر قايسى جەمەت ۋە ئۇرۇقداش ئايماقلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە كىشىلىرى قاتناشتى.

قۇرەيش قەبىلىلىرىدىن بۇ قاباھەتلىك يىغىنغا قاتناشقان ئاساسلىق ۋەكىللەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى.

1. ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام، بەنى مەخزۇم جەمەتىدىن.
2. جۇبەير ئىبنى مۇتئىم تۇئەيمە ئىبنى ئەدىي ۋە ھارىس ئىبنى ئامىر، بەنى نەۋفەل ئىبنى ئابدۇماناف جەمەتىدىن.
3. شەيبە ۋە ئۇتبە (رەبىيئەنىڭ ئىككى ئوغلى)، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب، بەنى ئابدۇشەمس ئىبنى ئابدۇماناف جەمەتىدىن.
4. نەزر ئىبنى ھارىس (رەسۇلۇللاھنىڭ گەجگىسىگە تۆگىنىڭ يىننىنى تاشلاپ قويغان كىشى)، بەنى ئابدۇددار جەمەتىدىن.
5. ئەبۇلبەختەرى ئىبنى، ھىشام زەمئە ئىبنى ئەسۋەد ۋە ھەكىم ئىبنى ھىزام، بەنى ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززا جەمەتىدىن.
6. نەبىيھە ۋە مۇنەببىھ (ھەججاجنىڭ ئىككى ئوغلى)، بەنى سەھمى جەمەتىدىن.
7. ئۇمەييە ئىبنى خەلەف، بەنى جۇمەھ جەمەتىدىن.

ئۇلار[1] بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، دارۇننەدۋەتكە يېتىپ كېلىشىدى، ئۇلارغا ئىبلىس مەلئۇن راسا كېلىشكەن، بۆز-چەكمەندە تون كىيىۋالغان سالاپەتلىك بىر مويسىپىت كىشى سۈپىتىدە ئەگىشىپ كېلىپ دەرۋازا ئالدىدا توختىدى، ئۇلار: «جانابى ئاقساقال كىم بولىدىكىن؟» دەپ سورىشىدى، ئۇ: «مەن ئۆزۈم نەجدلىك، سىلەرنىڭ بۇ يەرگە يىغىلىشقا پۈتۈشكەنلىكىڭلار سەمىمگە يەتكەنىدى، شۇڭا سورۇنۇڭلارغا قاتنىشىپ، پىكىرىڭلارنى ئاڭلاپ باققۇم كەلدى، ياخشىراق بىرەر ئەقىل كۆرسىتىپ قالسام ئەجەب ئەمەس»، دېدى. ئۇلار: «ناھايىتى ياخشى، مەرھەمەت! داخىل بولغايلا!» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇرەيشلەر بىلەن يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى.

## ۋەكىللەرنىڭ قىزغىن مۇزاكىرە ئېلىپ بارغانلىقى ۋە رەسۇلۇللاھنى قەتلى قىلىشنى قارار قىلغانلىقى

يىغىن قاتناشچىلىرى تولۇق يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن تەكلىپ پىكىرلەر ۋە ھەر خىل تەھلىللەر مۇزاكىرىگە قويۇلدى. ئۇلار كوللېكتىپ ھالدا بىردەم قىزغىن غۇلغۇلا قىلىشقاندىن كېيىن شەخسىيلەر بويىچە پىكىر بايان قىلىشقا باشلىدى. ئەبۇلئەسۋەد سۆز قىلىپ: «ئۇنى ئارىمىزدىن قوغلاپ چىقىرايلى، سۈرگۈن قىلىۋېتەيلى، نەگە بېرىپ، نەدە ئولتۇراقلىشىپ قالسا قالسۇن، كارىمىز بولمىسۇن، بىز ئۆز ئىشىمىزنى پۈختىلاپ ‹كۆڭگەن خۇي، مىنگەن ئۇي›، دەپ يۈرۈۋېرەيلى؟!» دېيىشىدى، ئۆزىنى نەجدلىك دەپ ئاتىۋالغان ھېلىقى مويسىپىت ئاقساقال: «بولمايدۇ...، بولمايدۇ، ئەزبىرايى خۇدا، بۇ دانا پىكىر بولمىدى، قارىماسىلەر، ئۇنىڭ شېرىن زۇۋانلىقلىقىنى، جەلپكار، خۇشخۇيلۇقىنى ۋە ھېلىقى دەۋاسى بىلەن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانلىقىنى، قەسەم قىلىپ ئېيتالايمەنكى، ئەگەر ئاشۇنداق قىلىدىغان بولساڭلار، ئۇ بىرەر ئەرەب قەبىلىسىگە بېرىپ چۈشۈپ (ئۇلارنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرگەندىن كېيىن) سىلەرگە ھۇجۇم قىلىشتىن، ھەتتا سىلەرنى قانلىق باستۇرۇپ خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىشتىن ئەمىن بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، باشقىچە پىكىرىڭلار بولسا ئاڭلاپ باقايلى!» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئەبۇلبۇختەرى: «مېنىڭچە ئۇنى تۆتۈپ تۆمۈر ئىشكاللار بىلەن باغلاپ، ھەپسىگە ئېلىپ سولىۋېتەيلى، ئاندىن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى مەسلەكداشلىرى (زۇھەيرا ۋە نابىيغە قاتارلىقلار)[2]غا يەتكەن ئۆلۈم ئۇنىڭغىمۇ يەتكىچە تۇتقۇن قىلىپ تۇرايلى!» دېدى.

نەجدلىك ھېلىقى كىشى: «ياق، ياق، ئەزبىرايى خۇدا، بۇمۇ ھەرگىز ئاقىلانە تەدبىر ئەمەس، مەن قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەنكى، ناۋادا سىلەر ئۇنى (دېگىنىڭلاردەك) ھەپسىگە ئېلىپ سولىۋەتسەڭلار، ھەر قانچە يوشۇرۇن سىر تۇتقان تەقدىردىمۇ، بۇنى ئۇنىڭ ئادەملىرى چوقۇم ئۇقۇپ قالىدۇ-دە، ئۇلار ئۇشتۇمتۇت قول سېلىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ ئاچىقىپ

---

① قىسسىنىڭ سىياقىدىن قارىغاندا يىغىن ئەتتىگەن تەرەپتە ئېچىلغان، چۈنكى ئائىشىنىڭ ھەدىسىدە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ يىغىننىڭ سۈيىقەستىنى ئۇقتۇرۇپ، ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە چاشگاھ ۋاقتىدىن سەل كېيىنرەك بارغان.

② تارىختىكى ئادالەتپەرۋەر شائىرلار بولۇپ، شۇ زاماننىڭ مۇستەبىتلىرى تەرىپىدىن ئۆمۈرلۈك ھەپسىگە ئېلىنىپ، ئۆلتۈرۈلگەن.

كېتىدۇ. ئاندىن تويلىنىپ كېلىپ، سىلەرنى ئاخىر مەغلۇپ قىلماي قويمايدۇ. بۇ ئوبدان پىكىر بولمىدى، شۇڭا باشقىچىرەك بىر پىكىر ئويلاپ كۆرۈڭلار»، دېدى.

كېڭەش ئەزالىرى مەزكۇر ئىككى تەكلىپنى لايىھىسىنى رەت قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ھەممەيلەننىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشكەن ئىنتايىن قاباھەتلىك مۇنداق بىر تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ۋەھشىيانە تەكلىپنى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كاتتىبېشى، باش جىنايەتچى ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئەزىبىرايى خۇدا، بۇ ھەقتە مېنىڭ مۇنداق بىر تەكلىپىم بار، ھازىرچە ھېچكىمنىڭ ئويىغا كەلمىدى». ۋەكىللەر: «قانداق تەكلىپ ئۇ، ئى ئەبۇلھەكەم (ئەبۇ جەھىلنىڭ كونىيتى) !» دېيىشتى. ئەبۇ جەھىل: «ھەر بىر قەبىلە ئۆز تەۋەلىكىدىكى نوپۇزلۇق ئائىلىلەردىن قاۋۇل، جاسارەتلىك، چېۋەر يىگىتتىن بىردىن يىگىتنى چىقىرىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە راسا ئۆتكۈر قىلىچتىن بىردىن قىلىچ تۇتقۇزساق، ئاندىن ئۇلار ئۇ (مۇھەممەد)نىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرىپ، تەڭلا قىلىچ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، شۇئان ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالايمىز، چۈنكى مۇشۇنداق قىلغاندا، ئۇنىڭ (قىساس)قېنى ھەممە قەبىلىلەرگە چېچىلىپ كېتىدۇ-دە، نەتىجىدە ئابدۇماناف جەمەتى قۇرەيش قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا مادارى يەتمەيدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار خۇن ھەققى (تۆلەم)گە رازى بولماي ئامال تاپالمايدۇ. بىز ئۇلارغا تۆلەم تۆلەپ بېرىمىز، ئىش ساقىيىدۇ، خالاس»، دېۋىدى، ئۇزىنى نەجدلىك دەپ ئاتىۋالغان. ھېلىقى ئاقساقال قايتىدىن روھلىنىپ: «مانا ماۋۇ كىشىنىڭ گېپى توغرا گەپ بولدى، بۇنىڭدەك دانا تەدبىر بولمايدۇ، بۇ ھەقىقەتەن ئاقىلانە پىلان بولدى»، دەپ بۇ قاباھەتلىك پىلاننى ماختاپلا كەتتى ۋە مەككە كېڭەشى بۇ قاباھەتلىك پىلاننى تولۇق ئاۋاز بىلەن تەستىقلىدى ۋە ھەر قايسى قەبىلە ۋەكىللىرى ئۆيلىرىگە قايتىپ بۇ قارارنى تېزدىن ئىجرا قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈشكە تۇتۇش قىلىپ كەتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلىشى

قۇرەيش ۋەكىللىرى دارۇننەدۋەتە رەسۇلۇللاھنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىش قارارىنى ماقۇللاۋاتقان پەيتتە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئالللاھنىڭ دەرگاھىدىن ۋەھيي ئېلىپ كېلىپ، قۇرەيشلەرنىڭ رەسۇلۇللاھقا سۇيىقەست پىلانلاۋاتقانلىقىنى ۋە ئالللاھۇ (ئەززە ۋە جەللە)نىڭ ئۇنىڭغا مەككىدىن چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى ۋە: «بۈگۈن كېچە ئادەتتىكى ئورنۇڭدا ياتمىغىن»، دەپ ھىجرەت ۋاقتىنىمۇ بەلگىلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ شۇ ھامان چاشگاھ ۋاقتىدىلا سەپەر پىلانىغا باش قوشۇۋېلىش ئۈچۈن ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئائىشە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) مۇنداق دەيدۇ: «شۇ كۈنى چاشگاھ ۋاقتىدا ئۆيدە ئەبۇ بەكرى (ئاتام)نىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋاتاتتۇق. بۇ چاغدا ھاۋا ئىنتايىن قىزىپ كەتكەنىدى. توساتتىن بىرسى: «رەسۇلۇللاھ ھېچقاچان كەلمەيدىغان سائەت، ۋاقىتتا كېلىۋاتىدۇ، تېخى بېشىنىمۇ ئورىۋاپتۇ»، دېدى. ئەبۇ بەكرى: «ئۇنىڭغا ئاتا-ئانام پىدادۇر. ئۇ بۇنداق غەيرى ۋاقىتتا چوقۇم مۇھىم بىر ئىش بىلەن كەلدى، دېدى». ئۇ (ئائىشە) مۇنداق دەيدۇ: «ھايال ئۆتمەي رەسۇلۇللاھ كىرىپ كەلدى ۋە ئۆيگە

كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. ئەبۇ بەكرى ئىجازەت قىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۆيگە كىردى ۋە ئەبۇ بەكرىگە: «قېشىڭدىكى ئادەملەرنى سىرتقا چىقىرىۋەتكىن، مۇھىم گەپ بار»، دېدى. ئەبۇ بەكرى:«ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا ئاتام پىدادۇر، بۇلار ئۆز ئەھلىلىرىڭ» دېگەنىدى. رەسۇلۇللاھ: «ماڭا بۇگۈن چوقۇم چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىنىدى»، دېدى. ئەبۇ بەكرى: ‹ماڭا ھەمراھ بولغىن›، دېمەكچىمۇسىلە، ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئۈچۈن ئاتا ـ ئانام پىدادۇر›، دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ: «ھەئە، شۇنداق»، دېدى ۋە ئىككىيلەن ھىجرەت پىلانىنى پۈتۈشۈپ بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ قاراڭغۇ چۈشۈشنى كۈتۈپ ئۆيگە قايتتى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ قورۇسى قورشاۋدا

قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ مەزكۇر كاتتىباشلىرى يىغىندىن قايتقاندىن كېيىن پۈتۈن بىر كۈننى، مەككە پارلامېنتى (دارۇننەدۋەت ئەزالىرى) بۈگۈن ئەتىگەن ماقۇللىغان ۋەھشىيانە پىلانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزدى ۋە بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا ھېلىقى ياۋۇز كاتتىۋاشلاردىن 11 كىشى تاللاپ چىقىلدى. ئۇلار تۆۋەندىكىلەر ئىدى:

1. ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام. 2. ھەكەم ئىبنى ئەبۇلئاس. 3. ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت. 4. نەزرى ئىبنى ھارىس. 5. ئۇمەييە ئىبنى خەلەف. 6. زەمئە ئىبنى ئەسۋەد. 7. تۇئەيمە ئىبنى ئەدي. 8. ئەبۇ لەھەب ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ. 9. ئۇبەي ئىبنى خەلەف. 10. نەبىيھ ئىبنى ھەججاج. 11. مۇنەببەھ ئىبنى ھەججاج قاتارلىقلار.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دېگەن: «شۇ كۈنى كېچىدىن بىر مەھەل ئۆتكەندە، مەزكۇر11 قارا نىيەت ئەبلەخ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولۇپ، قاچانكى ئۇخلاپ قالسا ئاندىن باستۇرۇپ كىرەيلى، دەپ پايلاپ تۇردى. ئۇلار بۇ رەزىل سۇيىقەستىنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلاتتى. ھەتتا، ئەبۇ جەھىل مەغرۇرانە قىياپەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ مەسخىرە ۋە مازاق قىلغان ئاھاڭدا ئادەملىرىگە: «مۇھەممەد، ئەگەر سىلەر ماڭا ئەگەشسەڭلار، دۇنيادا ئەزىزلىنىسىلەر، ئاندىن ئۆلۈپ تىرىلىسەڭلار، سىلەرگە ئىئوردانىيە باغچىلىرىدەك باغ ـ ۋارانلار ئاتا قىلىنىدۇ. ناۋادا مەن دېگەندەك قىلمىساڭلار مۇشۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ جازاسىغا دۇچار بولىسىلەر، يەنى ئۆلتۈرۈلىسىلەر، ئاندىن قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرۈلۈپ، ئوتقا تاشلىنىسىلەر، دەپ گەپ ساتاتتى. ئەمدى، كىم كىم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدىغان بولدىكىن؟ ...» دېدى.

مەزكۇر سۇيىقەستكە قول سېلىش ۋاقتى كېچىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇلار سائەت نۆلنى كۈتۈپ كېچىنى بىدار ئۆتكۈزدى. لېكىن، ئاللاھ ئۆز ئىشىغا ھامان غالىب، ئاسمان زېمىننىڭ ھوقۇقى ئۇنىڭ ئىلكىدە خالىغاننى قىلغۇچى، پاناھلىق بەرگۈچىدۇر، ئۇ بۇ ھالقىلىق پەيتتە، رەسۇلۇللاھقا ﴿و ان يمكرك الذين كفروا ليثبتوك او يقتلوك او يخرجوك ۚ ويمكرون و يمكرالله ۚ والله خير الماكرين﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا كافىرلار سېنى قاماقتا ئېلىش، ياكى ئۆلتۈرۈش ۋە ياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىكىر ئىشلەتتى، ئۇلار مىكىر ئىشلىتىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكرىنى

بەربات قىلدىۇ، ئاللاھنىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ مىكرىدىن ئۈنۈملۈكتۇر». («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنفال 30 ـ ئايەت). دەپ ۋەھيى قىلغانىدى.

## رەسۇلۇللاھ ئۆيىدىن ئايرىلدى

مەزكۇر قارا نىيەتلەر بۇ رەزىل پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى پۇختا تەييارلىق بىلەن تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىنتايىن نومۇسسىزلارچە مەغلۇپ بولدى. رەسۇلۇللاھ بۇ چاغدا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا «سەن مېنىڭ (ھەزرەمى) يېشىل تونۇمنى يېپىنىپ ئورنۇمدا ئۇخلاپ تۇرغىن، ئۇلار ساڭا ھەرگىز يامانلىق يەتكۈزەلمەيدۇ»، دەپ قويۇپ (رەسۇلۇللاھ ئۇخلىغاندا ئاشۇ يېشىل توننى يېپىنىپ ئۇخلايتى) قولىغا بىر سىقىم توپا ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئۈستى باشلىرىغا چېچىۋېتىپ سەپلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاللاھنىڭ ﴿وجعلنا من بين ايديهم سدّا و من خلفهم سدّا فاغشيناهم فهم لا يبصرون﴾ «ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر توسۇق، كەينىگە بىر توسۇق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار (ئىماننىڭ يوللىرى توسۇلۇپ كەتكەنلىكتىن) ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ»، دېگەن ئايىتىنى توختىماي تىلاۋەت قىلىپ ماڭاتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىنى بەنىت قىلىۋەتكەن ئىدى، شۇڭا ئۇلار رەسۇلۇللاھنى كۆرەلمىدى، ھالبۇكى ئۇنىڭ چاچقان توپا چاڭلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستى باشلىرىنى تولۇق پۇر ئالغانىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ سەپلىرىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىققىنىچە ئۇدۇل ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئاندىن ئۇ يەردىن ئىككەيلەن بىرلىكتە قورۇنىڭ ئارقا ئىشىكى بىلەن چىقىپ كەتتى. ئۇلار كېچىلەپ يول يۈرۈپ ئاخىرى يەمەن (مەككىنىڭ جەنۇبى) تەرەپتىكى «سۇر» ئۆڭكۈرىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىنى قورشاپ تۇرغان مۇھاسىرچىلار بەلگىلەنگەن ۋاقىت سائەت نۆلنى كۈتۈپ داۋاملىق بىدار تۇردى. ئەمما سائەت نۆل بولۇشىنىڭ سەل ئالدىدىراق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن سەت دەرىجىدە مەغلۇپ بولغانلىقىنى ۋە قۇرۇق ئاۋارە بولۇپ يۈرگەنلىكىنى بايقاشتى. ھەقىقىي ئەھۋال مۇنداق ئاشكارا بولۇپ قالدى: ئۇلارنىڭ يېنىدىن بۇ ئىش بىلەن ئالاقىسى بولمىغان بىر كىشى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر قانچەيلەننىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى پايلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى ۋە ئۇ كىشى: «نېمىگە ئىنتىزار بولۇپ يۈرۈسىلەر؟» دەپ سورىدى، ئۇلار: «مۇھەممەد»گە دېيىشكەنىدى، ھېلىقى ئادەم: «ئۇنداق بولسا سىلەر زىيان تارتىپسىلەر ۋە قۇرۇق ئاۋارە بولۇپسىلەر، ئەزبىرايى خۇدا، ئۇ ھازىر مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ تېخى ئۈستى ـ باشلىرىڭلارنى توپا ـ چاڭلار بىلەن كۆمۈۋېتىپتۇ، ئۇ ھازىر ئۆز يولىغا راۋان بولۇپ بولدى»، دىدى. ئۇلار: «ئەزبىرايى خۇدا، ئەجەبا بىز ئۇنى كۆرمەپتۇققۇ؟» دېيىشىپ ئورنىدىن تۇرغانىدى، توپا ـ چاڭلار ئۇلارنىڭ ئۈستى ـ باشلىرىدىن بۇخسۇپ چۈشتى.

لېكىن ئۇلار ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ بىر كىشىنىڭ يېشىل توننى يېپىنىپ يېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەنە شۇ چوقۇم مۇھەممەد، ئۇ ھازىر ئۇخلاۋاتىدۇ، ئۈستىدىكى ئۇنىڭ ئادەتتە يېپىنىپ ياتىدىغان تونى»، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرسى «شۇ».. يەنە بىرسى «ئەمەس» دېگەن گەپلەر بىلەن خېلى ئۇزۇن

ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئەتىسى سەھەردە ھېلىقى ئادەم ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، ئۇنىڭ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئىكەنلىكى ئاشكارا بولدى. بۇ چاغدا ئۇلار قوللىرىنى چىشلىشىپ ئۇنىڭدىن رەسۇلۇللاھنى سورىغانىدى، ئۇ: «ئۇقمايمەن، ماڭا دەپ بەرمىدى»، دېدى.

## ئۆيدىن ئۆڭكۈرگە

بېئسەت(رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەرلىك شەرىپىگە ئېرىشكەن يىلى)نىڭ 14 ـ يىلى سەپەر[①](2 ـ ئاي)نىڭ 27 ـ كۈنى، مىلادىيە 622 ـ يىلى سېنتەبىر (9 ـ ئاي)نىڭ 12 ـ ياكى 13 ـ كۈنى كېچىدە رەسۇلۇللاھ ئۆيىدىن ئايرىلىپ ئۆزىنىڭ سەپىدىشى (ۋە ئۆز سۆھبىتىدە ۋە مال ـ مۈلۈكىدە ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى) ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئاندىن ئىككىيلەن بىرلىكتە كېچىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن مەككىدىن چىقىپ كېتىش مەقسىتىدە ئالدىراپ ئەبۇ بەكرىنىڭ قورۇسىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقىپ كېتىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق ئىز قوغلايدىغانلىقىنى ۋە پايلاقچىلارنىڭ نەزىرى ئالدى بىلەن مەككىنىڭ شىمالىغا ماڭىدىغان مەدىنە يولىغا چۈشىدىغانلىقىنى بىلگەن بولغاچقا، ئۇ ئەسلى نىشانىنىڭ تامامەن ئەكسى تەرىپىگە يول ئالدى. ئۇ بولسىمۇ مەككىنىڭ جەنۇبىغا سوزۇلغان مەككە ـ يەمەن چوڭ يولى ئىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ يول بىلەن بەش كىلومېتىردەك جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ «سەۋر» تېغى دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغقا يېتىپ باردى. بۇ تاغ ئۆزى ئېگىز، يوللىرى ئەگرى ـ توقاي، تىك قىيا تاغ بولۇپ، ئەتراپى پۈتۈنلەي قورام تاشلار بىلەن ئورالغان، قەدەم ئېلىپ مېڭىش تولىمۇ قىيىن ئىدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككى پۇتىدىن بىر قانچە يەرنى ئۇچلۇق تاشلار يىرتىۋەتتى، ئېيتىلىشىچە رەسۇلۇللاھ ئىزىنى يوقىتىش ئۈچۈن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ماڭغان ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئۇچى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. قانداقلا بولمىسۇن تاغقا يېقىن قالغاندا ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھنى ھاپاشلاپ يۈدۈپ، كۈچىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ، تاغ چوققىسىدىكى ئۆڭكۈرگە ئەكىرىۋالدى. بۇ تاغ تارىختا «غارى سەۋر»، يەنى، سەۋر تېغى ئۆڭكۈرى دەپ ئاتالدى.

## تەقدىرداشلار غاردا

ئىككىيلەن غارغا يېتىپ بېرىۋىدى، ئەبۇ بەكرى: «ئى رەسۇلۇللاھ سەن كىرمەي تۇرغىن، ئاۋۋال مەن كىرىپ چىقاي، ئەگەر زىيانداش ھاشارەتلەر بولسا سەندىن كۆرە ماڭا تەگكىنى ياخشى»، دېدى. ئاندىن غارغا كىرىپ، مەلۇم يەرنى سىرىپ ـ سۈپۈردى. ئۇنىڭ

[①] مەزكۇر سەپەرئ بىي ى يىل بېشىنى مۇھەررەم ئېيى دەپ پەرەز قىلغىنىمىزدا بېئسەتنىڭ 14 ـ يىلى 2 ـ ئاي ھېسابلىنىدۇ. ئەمما يىل بېشىنى رەسۇلۇللاھقا پەيغەمبەرلىك شەرىپى ئىلتىپات قىلىنغان ئايدىن ھېسابلىساق، بۇ سەپەر ئېيى چوقۇم بېئسەتنىڭ 13 ـ يىلىدىكى سەپەر ئېيى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن بەزى تارىخچىلار ئالدىنقى يىل نامىنى تۇتقى قىلسا، يەنە بەزىلىرى كېيىنكى يىل نامىنى تۇتقا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەقەلىكلەرنىڭ تەرتىپىدە كۆپلەپ خاتالىقلار كېلىپ چىقىدۇ. دەل مۇشۇنى نەزەردە تۇتۇپ، بىز يىللارنىڭ باشلىنىشىنى مۇھەررەم ئېيىدىن باشلىدۇق.

بىر بۇلۇڭىدىكى تۆشۈككە كۆيىنىكىنى يىرتىپ تىقىپ قويدى، يەنە بىر چەتتىكى ئىككى تۆشۈككە ئىككى پۇتىنى تىقىپ ئۇنى ئەتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھنى كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ غارغا كىردى ۋە قاتتىق ھېرىپ چارچاپ كەتكەنلىكىدىن بېشىنى ئەبۇ بەكرىنىڭ قۇچىقىدا قويدى ـ دە، كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. بۇ چاغدا ئەبۇ بەكرىنىڭ تۆشۈككە تىقىپ تۇرغان پۇتىنى يىلان چېقىۋالدى، لېكىن ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ چىداپ مىدىرلىماي تۇرغان ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاغرىق ئازابى تۇپەيلى تۆكۈلگەن ياش تامچىلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ مەڭزىگە تېمىپ ئۇنى ئويغىتىۋەتتى ۋە ئۇنىڭدىن «نېمە بولدۇڭ؟ ئى ئەبۇ بەكرى!» دەپ سورىدى. ئەبۇ بەكرى: «يىلان چېقىۋالدى[1]، ھېچ ۋەقەسى يوق سەن ئۈچۈن ئاتا ـ ئانام پىدادۇر»، دېدى، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ پۇتىغا تۈكۈرۈپ قويۇۋېدى، ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئاغرىق پەسەيدى.

ئۇلار غاردا جۈمە، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئۈچ كۈن يوشۇرۇنۇپ تۇردى. بۇ جەرياندا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى بەكرى ئۇلارنىڭ قېشىغا ھەر كېچە كېلىپ ـ كېتىپ تۇردى.

ئائىشە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) مۇنداق دېگەن: «ئابدۇللاھ زېرەك، تېتىك، چىچەن پۇختا يىگىت ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىدىن كېچىنىڭ ئاخىرىدا قايتىپ كىرىپ ئەتىگىنى گويا مەككىدە قونغان كىشى سۈپىتىدە سەھەر تۇرۇپ قۇرەيشلىكلەرگە ئارىلىشىپ يۈرەتتى، ئاتىسى بىلەن رەسۇلۇللاھ ھەققىدە دېيىلگەن گەپ ـ سۆز، سۈيىقەستلەر، پىلانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە تاغقا چىقىپ ئاتىسى بىلەن رەسۇلۇللاھقا بىر ـ بىرلەپ يەتكۈزەتتى، ئەبۇ بەكرىنىڭ قۇلى ئامىر ئىبنى فۇھەيرە ئۇنىڭ بىر توپ قويىنى شۇ ئەتراپتا بېقىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇ گۇگۇم چۈشكەندە قويلارنى ھەيدەپ ئاپىرىپ سېغىپ ئۇلارنى سۇغۇراتتى (بۇ ئۇلارنىڭ چۈشلۈك ۋە كەچلىك غىزاسى ئىدى). ئۇلار شۇ بىر ئوتلاملىق سۈت بىلەن ئۇخلاپ قالاتتى. ئامىر ئەتىسى ئەتىگەن تاڭ ئاتماستا بۇلارنىڭ يېنىدىن «لاي ـ لاينى» ئېيتىپ قوينى تۆۋەنگە باساتتى. ئۇ ئۇدا ئۈچ كۈن شۇنداق قىلدى، ئامىر ئىبنى فۇھەيرىنىڭ بۇ قويلارنى كېچىدە قوزغىتىشى رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبى بەكرىنىڭ يېنىدىن مەككىگە قاراپ ماڭغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى بەكرىنىڭ ئىزىنى يوقاتماق ئۈچۈن ئىدى.

ئەمما قۇرەيش دائىرلىرى ھېلىقى قاباھەتلىك پىلاننى ئىجرا قىلىدىغان ئەتىگىنى، ئۇنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن ساراڭنىڭ ئۆزى بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئاۋۋال بېرىپ ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپنى ئۇردى ۋە ئۇنى كەئبىنىڭ يېنىغا سۆرەپ ئەكىلىپ، بىرەر يىپ ئۇچىغا ئېرىشىپ قالارمىز دەپ بىر سائەت سولاپ قويۇشتى ئاخىرى ئەلىدىنمۇ ھېچ قانداق جاۋابقا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، ھەممىسى توپلىشىپ ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە باردى، ئۇنىڭ ئىشىكىنى قېقىۋىدى، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەبى بەكرىنىڭ قىزى ئەسما چىقتى. ئۇلار ئەسمادىن قوپاللىق بىلەن: «ئاتاڭ نەدە؟» دەپ سورىغانىدى. ئەسمائ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئاتامنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيمەن» دېدى. بۇ

[1] ئىمام رەزىيىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاپتىن نەقىل قىلىشىچە، ئەبۇ بەكرىنىڭ شۇ قېتىم زەھەرلەنگەن زەھەر ئەسىرى قايتا قوزغىلىپ، ئاخىر شۇ سەۋەپ بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن، دېيىلگەن.

چاغدا ئەبۇ جەھىل قولىنى شىلتىپ، ئەسمانىڭ مەڭزىگە بىر كاچات ئۇرۇپ ئۇنىڭ قۇلىقىدىكى مۇنچىقىنى ئۇچۇرۇۋەتتى.

ئارقىدىنلا قۇرەيشلەر جىددىي يىغىن چاقىرىپ مەزكۇر ئىككى كىشىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، مۇمكىن بولغان بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەككىگە كىرىپ چىقىدىغان بارلىق يول ئېغىزلىرىنى قورالىلىق تەكشۈرۈپ، قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىندى. شۇنداقلا بۇ ئىككىيلەننىڭ قايسى بىرسىنىڭ مەيلى ئۆلۈك، مەيلى تىرىكىنى قۇرەيش تەرەپكە تاپشۇرۇپ بەرگەنلەرگە يۈز تۆگە مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ چاغدا پۇل ئۈچۈن ھەر نەرسىدىن كېچىدىغان بىر بۆلۈك ئاتلىق چەۋەندازلار ۋە پىيادە ئىز قوغلىغۇچىلار ئۇلارنى ئىزلەشكە باشلىدى. ئۇلار تاغنى ئېگىز، ئويمانلىقنى چوڭقۇر، سەھرانى يېراق، شەھەرنى قىستاڭ دېمەي پىت تارىغاندەك تاراپ، پىتراپ كېتىشتى. لېكىن ھېچ بىر ياقتىن «مانا مەن تاپتىم ياكى كۆردۈم»، دېگەن سادا ئاڭلانمايتتى.

بىر كۈنى چارلىغۇچى قوشۇن غارنىڭ ئېغىزىغا يېتىپ باردى، لېكىن ئاللاھ ئۆز ئىشىغا ھامان غالىبتۇركى، ئۇلارغا رەسۇلۇللاھنى كۆرسەتمىدى. ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ ئەبۇ بەكرىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن غاردا تۇرۇۋاتاتتىم بېشىمنى ئازراق كۆتۈرۈپ قارىسام، بىر مۇنچە ئادەملەرنىڭ پۇت ـ پاچاقلىرىنى كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھقا: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرسى ئۆزىنىڭ بېشىنى شۇنداق تۆۋەن قىلسىلا بىزنى چوقۇم كۆرۈپ قالىدۇ» [1]دېدىم، رەسۇلۇللاھ ماڭا «جىم تۇرغىن، ئى ئەبۇ بەكرى، بىز ئىككى، ئاللاھ بولسا ئۈچىنچىمىزدۇر»، دېدى يەنە بىر ئىبارىدە «ئى ئەبۇ بەكرى ئاللاھ ئۈچىنچىسى بولغان ئىككەيلەندىنمۇ ئەنسىرەمسەن؟» دېدى.

بۇ ھەقىقەتەنمۇ كاتتا بىر مۆجىزە بولغانىدى، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن ئۆز پەيغەمبىرىنى ئەزىزلىدى. چارلىغۇچىلار بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئارىلىقىدا پەقەت بىر قانچە قەدەم يەر قالغاندا ئۇلار قايتىپ كېتىشتى.

## مەدىنە يولىدا

ئۈچ كۈندىن بىرى جىددىي ئىز قوغلاش ئارقىلىقمۇ ھېچ قانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن قۇرەيش دائىرلىرىنىڭ ئاچچىقى بىر ئاز پەسكويغا چۈشۈپ، ئىز ـ ئىزدەش نىسبەتەن بېسىقىپ، نۆۋەت ئالمىشىپ چارلاش، تەكشۈرۈش ھەرىكەتلىرى ئاز ـ تولا توختىغاندەك قىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرى مەدىنىگە قاراپ يول ئېلىشقا تەييارلاندى.

ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرەيقىتنى يول باشلاش ئۈچۈن ياللىدى. ئابدۇللاھ ئۇستا يول باشلىغۇچى بولۇپ، گەرچە ئۇ قۇرەيشلىكلەرنىڭ دىنىدا بولسىمۇ رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا

---

[1] ئەبى بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ مۇنداق دېيىشى ھەرگىز ئۆزىدىن ئەنسىرىگەنلىكىدىن بولغان ئەمەس، نەقىل قىلىنىشىچە، ئەبى بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئىز قوغلىغۇچىلارنىڭ يېقىن ئەتراپقا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، رەسۇلۇللاھتىن قاتتىق ئەنسىرىگەن ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئۆلتۈرۈلسەمغۇ ھېچ گەپ يوق، چۈنكى مەن دېگەن پەقەت بىرلا ئادەم، ئەمما سەن ئۆلتۈرۈلسەڭ پۈتۈن ئۈممەت ھالاك بولىدۇ»، دېگەن. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «غەم قىلمىغىن، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە»، دېگەن.

ئىشەنگەنىدى ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن سۈر تېغىنىڭ ئۆڭكۈرىدە ئۇچرىششقا ۋەدىلىشىپ ئۇنىڭغا ئۇلاغلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ بۇيان چىققان ئىدى.

راست دېگەندەك دۈشەنبە كۈنى تاڭ سەھەردە (يەنى ھىجرىيىنىڭ 1 ـ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل (3 ـ ئاي) ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى مىلادىيە 622 ـ يىلى سىنتەبىر ( 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرەيقىت ئىككى تۆگىنى يېتىلەپ سۈر تېغىنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. بۇ چاغدا ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھقا: «ساڭا ئاتام پىدادۇر ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ ئىككى تۆگىنىڭ بىرىنى تاللىغىن»، دېدى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئۇ ئىككى تۆگىنىڭ ئېسىلرەكىنى تەڭلىدى رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا «بولىدۇ، پۇلغا ئالاي»، دېدى

ئەسما بىنتى ئەبى بەكرى ئاتىسى بىلەن رەسۇلۇللاھقا ئۇلارنىڭ سەپەر تەييارلىقىنى ئېلىپ چىققانىدى. بىراق، ئۇ ئوزۇقلۇق سېلىپ چىققان قاچىغا باغلانچا بېكىتىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ، ئۇلار ماڭغىلى تەمشەلگەندە ئوزۇقلۇق بار بوقچىنى يۈك ـ تاقا ئېسىپ قويماقچى بولۇۋىدى، مۇمكىن بولماي قالدى. شۇڭا، ئۇ دەرھال بېشىدىكى ئۆرۈمە چېچىنى ئىككىگە ئايرىپ بىرنى كېسىپلا ئوزۇقلۇق قاچىسىنى تۆگىگە ئېسىپ بەردى ۋە يەنە بىرنى ئۆز جايىغا ئۆرۈپ قويدى. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇ «زاتۇننىتاقەيىن» قوش كوكۇللىق دەپ ئاتالدى.

ئاندىن ئۇلار يۈرۈپ كەتتى ۋە ئۇلار بىلەن ئامىر ئىبنى فوھەيرمۇ بىللە يولغا چىقتى. يول باشلىغۇچى (ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرەيقىت) ئۇلارنى دېڭىز ساھىلى تەرەپكە باشلاپ ماڭدى.

ئابدۇللا ئىبنى ئورەيقىتنىڭ ئۇلارنى غاردىن چىقىپلا ئۇدۇل باشلاپ ماڭغان يولى —— ئۇ ئاۋۋال جەنۇبقا قاراپ يەمەن تەرەپكە داۋاملىق ئىلگىرلىدى، ئاندىن غەربكە بۇرۇلۇپ دېڭىز ساھىلىغا قاراپ ماڭدى، ھەتتا بىر چاغدا كىشىلەر ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان بىر يولغا يېتىپ بېرىۋىدى. قىزىل دېڭىز بويىغا يېقىن بىر يەردىن شىمالغا بۇرۇلدى ۋە ئۇ يەردە ئادەملەر كەمدىن كەم ماڭىدىغان بىر يوللاردىن باشلاپ ماڭدى.

ئىبنى ئىسھاق رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشۇ يول ئۈستىدە بېسىپ ئۆتكەن ئۆتەڭ ۋە يەر جاي ناملىرىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: «يول باشلىغۇچى ئۇلارنى جىلغىدىن ئېلىپ چىققاندىن كېيىن داۋاملىق مەككىنىڭ تۆۋەن تام تەرىپىگە باشلاپ ماڭدى، ئاندىن ئۇلار بىلەن دېڭىز ساھىلى تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئوسپان(يەر نامى) نىڭ ئاستىدىكى بىر يولنى كېسىپ ئۆتتى. ئاندىن ئۇلارنى ئەمەج (يەر نامى)نىڭ تۆۋەن تەرىپى بىلەن باشلاپ مېڭىپ ئۇ يەردىن قەدىد (يەر نامى)قا باردى. قەدىدتىن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، خەرار (يەر نامى)، مۇررە ـ داۋنى (يەر نامى)، ئاندىن لەقەف (يەر نامى) قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتتى. ئاندىن ئۇلار بىلەن لەقەف (يەر نامى) قونالغۇسى دېگەن جاينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئوتتى. ئاندىن «مەرجەھومەجاھ» دېگەن يەر بىلەن ئېلىپ مېڭىپ ئۇ يەردىن «مەر جەھوزىلغۇزۋەين» ئاندىن بەتنۇزىكىشەر (يەر نامى) دېگەن جايدىن. ئاندىن جەداجىد (يەر نامى) ئۇنىڭدىن كېيىن ئەجرەد (يەر نامى) بىلەن باشلاپ مېڭىپ ئۇ يەردىن زىسەلەم دېگەن جايغا كەلدى. ئۇ يەردىن ئابىد دېگەن جايغا كەلدى ئۇ يەردىن پاجە (يەر نامى)گە ئۆتۈپ، ئاندىن ئەرەج دىگەن جايغا چۈشتى. ئەرەجتىن قوزغۇلۇپ

(رەكۇبە دېگەن جاينىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن) «سەنيىتۇلئائىر» دېگەن جايدىن ئۆتتى، ئاندىن بەتنى رەسەم دېگەن جايغا بېرىپ چۈشتى ۋە ئۇ يەردىن قۇباغا كىرىپ كەتتى.

يول ئۈستىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر:

1) ئىمام بۇخارى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «بىز پۈتۈن بىر كېچە ئەتىسى ئەتىگەندىن تاكى ئالەم چۈش بولغانغا قەدەر يول يۈردۇق، ھەتتا بىر چاغدا كۈن تىك چۈش بولۇپ، يوللار تىنچلىنىپ تولا ـ تېرىم ئادەم ئۇچرىمايدىغان بولىۋىدى، شۇ ئەسنادا بىزگە يىراقتىن چوڭ بىر تاش كۆرۈندى، بىز ئۇنىڭ سايە تاشلىغان تەرىپىگە ئۆتۈپ چۈشتۇق، مەن رەسۇلۇللاھقا ئۆز قولۇم بىلەن ئارام ئالىدىغان جاي راسلىدىم ـ دە، ئۇزۇن بىر چاپاننى سېلىپ «ئۇخلىسىلا ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئەتراپنى كۆزىتەي» دېدىم، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇخلاپ قالدى، مەن تۇرۇپ ئەتراپنى كۆزەتتىم. بىر چاغدا بىر پادىچى بالا قوينى بىز تەرەپكە ئۇدۇل ھەيدەپ كەلدى. ئەسلىدە ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش سايىداش ئۈچۈن كەلگەن ئىكەن، مەن ئۇنىڭغا «ئى قويچى بالا، كىمنىڭ قويى بۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ «مەككىلىك دېدىمۇ ياكى مەدىنىلىك دېدىمۇ بىر كىشىنىڭ قويى»، دېدى. مەن «قويلىرىڭ ئارىسىدا سېمىز قوي بارمۇ؟» دېدىم، ئۇ «ھەئە، بار»، دېدى، مەن «ساغقىلى بولامدۇ؟» دېسەم، ئۇ «بولىدۇ»، دېدى ۋە بېرىپ بىر قوينى تۇتتى. مەن ئۇنىڭغا «قوينىڭ ئەمچىكىنى توپا چاڭلاردىن ۋە مەينەت يۇڭ تېرىلەردىن تازىلىۋېتىپ ئاندىن ساغقىن!» دېدىم. ئۇ يېنىدىكى بىر تاش قاچىغا ئازراق سۈت سېغىپ بەردى. مەندە رەسۇلۇللاھنىڭ تاھارەت ئېلىشى ۋە سۇ ئىچىشى ئۈچۈن ئېلىۋالغان بىر قاچا بار ئىدى. سۈتنى شۇ قاچىغا قۇيۇپ ئېلىپ كەلدىم. مەن ئۇنى تاتلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىشنى خالىمايتتىم. لېكىن، ئۇ مېنىڭ كېلىشىمگىلا ئويغاندى. شۇنىڭ بىلەن سۈتكە ئازراق سۇ قۇيۇپ ئاستى تەرىپىنى سوغۇتتۇم ۋە «سۈت ئىچسىلە! ئى رەسۇلۇللاھ»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ سۈتنى قولۇمدىن ئېلىپ ئىچتى، مەن ئۇنىڭ ئىچىشىدىن مەمنۇن بولدۇم، ئاندىن ئۇ «ماڭىدىغان ۋاقىت بولمىدىمۇ؟» دەپ سورىدى، مەن «ھەئە، ماڭىدىغان ۋاقىت بولدى»، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن يەنە بۇ يەردىن قوزغىلىپ يولىمىزغا راۋان بولدۇق.

2) ئەبۇ بەكرىنىڭ ئادىتى. ئۇ يول بويى تۆگىسىنى رەسۇلۇللاھنىڭ تۆگىسىنىڭ كەينىگە چېتىپ ماڭاتتى، ئەبۇ بەكرى ھەممە ئادەم تونۇيدىغان مەئروف كىشى ئىدى. رەسۇلۇللاھ بولسا تېخى ياش، باشقا يۇرتنىڭ ئادەملىرى ئۇنى ئانچە كۆپ تونۇپ كەتمەيتتى، شۇڭا يولدا ئۇچرىغان بەزى كىشىلەر ئەبۇ بەكرىگە «ئالدىڭدىكى بۇ كىشى كىم؟» دەپ سوراپ قالاتتى. ئەبۇ بەكرى «ئۇ مېنىڭ يول باشچىم»، دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇقمىغانلار ئۇنى «سەپەر يولىنى»، دەيدۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئەمما، ئۇ ھىدايەت يولىنى مەقسەت قىلاتتى.

3) يولدا بۇلارغا سۇراقە ئىبنى مالىك يېتىشىۋالغىلى تاس قالدى. سوراقە مۇنداق دېگەن: بىر كۈنى مەن ئۆز قەۋمىمىز بەنى مۇدلىج جەمەتىنىڭ سورۇنلىرىدىن بىرىدە ئولتۇراتتىم. سىرتتىن بىر ئادەم كىرىپ سورۇننىڭ بېشىدا ئۆرە تۇردى ۋە: «ئى سۇراقە!

مەن بايا دېڭىز ساھىلى يولىدا كېتىۋاتقانلارنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇ چوقۇم مۇھەممەد[1] ۋە ئۇنىڭ سەپەرداشلىرىمىكىن دەيمەن»، دېدى. سوراقە مۇنداق دەيدۇ: مەن شۇ ھامانلا ئۇلارنىڭ راست شۇلار ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدىم، لېكىن مەن ئۇنىڭغا: «ئۇلار سەن دېگەنلەر ئەمەس، سەن چوقۇم ھازىر مۇشۇ يولدىن ئۆتۈپ كەتكەن پالان ـ پۇستانىلارنى كۆرۈپسەن»، دەپ قويدۇم. ئاندىن بىردەم ئۆزۈمنى زورىغا بېسىپ ئولتۇردۇم. كېيىن سورۇندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئۆيگە كىردىم ۋە ئۆيدىكى خىزمەتچى دېدىكىمگە ئاتنى ئېلىپ چىقىپ ئارقىدىكى قۇم دۆۋىسىنىڭ كەينىدە تۇتۇپ تۇرۇشنى بۇيرۇدۇم، ئاندىن قولۇمغا نەيزەمنى ئېلىپ ئۆينىڭ ئارقا تەرىپى بىلەن نەيزىنىڭ ئۇچىدىن تۇتۇپ سۆرىگەن ھالدا يۈگۈرۈپ چىقتىم، ھەتتا ئاتنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپلا، مىنگەن پېتى ئىز قوغلىتىپ قويۇۋەتتىم. ئات ئۇچقاندەك چېپىپ ماڭاتتى، ھەتتا بىر چاغدا ئۇلارغا يېقىنلاپ بېرىۋىدىم، تۇيۇقسىزلا ئېتىم پۇتلىشىپ يىقىلدى. مەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ يىقىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئورنۇمدىن تەسرەك تۇرۇپ، قولۇمنى يېنىمدىكى ئوقدانغا ئۇزاتتىم ۋە ئۇنىڭدىن بىر قانچە تال پال ئوقلىرىنى چىقىرىپ «مەن ئۇلارغا يېتىشەلەيمەنمۇ ـ يوق؟» دەپ پال سېلىپ باقتىم. ئەپسۇسكى، پال ئوقى مەن ئارزۇ قىلغاندەك چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن پال ئوقلىرىغا پەرۋا قىلماي يەنىلا ئېتىمغا مىنىپ چاپتۇرۇشقا باشلىدىم. ھەتتا مەن يېقىنلاپ ـ يېقىنلاپ رەسۇلۇللاھنىڭ قىرائىتىنى (رەسۇلۇللاھ ماڭا قاراپمۇ قويمايتى، ئەبۇ بەكرى پات ـ پات قارايتتى) ئاڭلىيالىغۇدەك ئورۇنغا يېقىن كېلىۋىدىم، تۇيۇقسىز ئېتىمنىڭ ئىككى پۇتى تىزىغىچە يەرگە پېتىپ كەتتى. مەن ئات ئۈستىدىن يەرگە دومىلاپ چۈشتۈم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاتنى دېۋەتتىم. ئات پۇتىنى يەردىن ناھايىتى تەس تارتىپ قامىتىنى رۇسلىۋىدى، ئۇنىڭ ئالدىدىن گويا قارا تۇتۇندەك ۋەھىمىلىك بىر چاڭ توزاڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن يېنىمدىكى پال ئوقلىرىنى ئۆرۈپ، يەنە سىناپ كۆردۈم، نەتىجە مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك چىقمىدى. شۇڭا مەن ئۇلارغا ئامانلىق ئېلان قىلدىم. ئۇلار توختىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئېتىمغا مىنىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم. مەن مېنى ئالغا ئىلگىرىلەشتىن توسۇپ قويغان بايامقى ئالامەتلەرنى كۆرۈپ رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ئىشى چوقۇم غەلىبە قىلىدىكەن، دېگەن قاراشقا كەلگەنىدىم. شۇڭا مەن رەسۇلۇللاھقا «ئى رەسۇلۇللاھ قۇرەيشلەر سېنى تۇتۇش ئۈچۈن نۇرغۇن مۇكاپاتلارنى ئېلان قىلدى دېدىم ۋە ئۇنىڭغا ئادەملەرنىڭ ئۇلارنى قانچىلىك تەقەززالىق بىلەن ئىزدىشىپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدىم ۋە ئۇلارغا يېنىمدىكى ئازراق ئوزۇقلۇق ۋە لازىمەتلىكلەرنى ئېلىۋېلىشقا تەكلىپ قىلدىم. ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇلار پەقەت مەندىن «بىز بىلەن ئۇچراشقانلىقىڭنى يوشۇرغىن» دېگەننى ئۆتۈندى. يەنە مەن رەسۇلۇللاھتىن ماڭا ئامانلىق خېتى يېزىپ بېرىشنى سورىدىم. ئۇ ئامىر ئىبنى فۇھەيلگە ماڭا بىر تال چەرمە رەختكە ئامانلىق خېتى يازدۇرۇپ بەردى. ئاندىن ئۇلاغلىرىغا مىنىشىپ جىددى يۈرۈپ كېتىشتى.

ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھ ئەنھۇ)دىن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن:

---

[1] بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قەدىدتىن ئۆتۈۋاتقان چېغى ئىدى.چۈنكى بەنى مودلىجىنىڭ مەنزىلى قەدىرنىڭرابىخقا يېقىن يەردە ئىدى.

«بىز يولغا چىقمۇەردۇق، ھالبۇكى مۇشرىكلار بىزنى قاتتىق ئىزدەۋەتاتتى، شۇنداقتىمۇ بىزنى سۇراقە ئىبنى مالىكتىن باشقا ھېچكىم بايقىيالمىدى. ئۇ بىزگە ئات بىلەن يېتىشىۋالدى، بۇ چاغدا مەن «ئى رەسۇلۇللاھ مانا ئىز قوغلىغۇچىلار بىزگە يېتىشىۋالدى» دېگەنىدىم، رەسۇلۇللاھ «خاتىرجەم بولغىن ئاللاھ بىز بىلەن بىللە» دېدى.

سۇراقە قايتىپ كەتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ توختىماي ئىزدەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «مەن سىلەرگە ۋاكالىتەن خەۋەرنىڭ راست يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ كەلدىم. بۇ ئەتراپتا ھېچ گەپ يوق»، دەپ كىشىلەرنى ئىزدەشتىن ياندۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ كۈننىڭ ئەتىگىنى رەسۇلۇللاھ ۋە ئەبۇ بەكرىگە قارشى كۈرەش قىلغۇچىلاردىن ئىدى. كەچلىكى بۇ ئىككەيلەننى قوغدايدىغان پاسىبانغا ئايلاندى.

4) رەسۇلۇللاھ شۇ پېتى يول يۈرۈپ ھەتتا بىر چاغدا خۇ زائە قەبىلىسىدىن ئۇم مى مەئبەد ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ كەپىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى . ئۇ چىدامچان ، ئالىجاناپ ئايال بولۇپ، ئاشۇ سەھرادىكى كەپىسىدە تىرىكچىلىك قىلىپ ئۆتەتتى.

ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە ئاش ـ تاماق ۋە ئۇسسۇلۇق ب ېرىپ يولغا سالاتتى. ئۇلار ئ ۇممى مەئبەدتىن: «يېنىڭىزدا يەيدىغان بىر نەرسە بارمىكىن ؟»، دەپ سورىغانىدى . ئۇ : «ئەزبىرايى خۇدا، ئەگەر يېنىمدا ئازراق بىر نەرسە بولغان بولسا ئىدى، ھەرگىز سىلەردىن ئايىمايتتىم، قويلار بولسا ئ ورۇق»، دېدى. شۇ ي ىلى ھەقىقەتەن ق ۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىك يۈز بەرگەن يىل بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ كەپىنىڭ بىر چېتىدە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇۋاتقان بىر قوينى كۆردى ـ دە: «بۇ نېمە قوي ئى ئۇممى مەئبەد؟» دەپ سور ىدى، ئۇممى مەئبەد : «ئۇ ئۇرۇق ئاۋارىلىقىدىن ھەمرا ھلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان قوي»، دېدى رەسۇلۇللاھ: «ئۇنىڭدا سۈت بارمىدۇ؟» دېگەنىدى، ئۇممى مەئبەد: «ئۇ دېگەن بەك ئاۋارە، سۈت چ ىقىشى ئېھتىمالدىن بەك يىراق» ، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ئەمىسە ئۇنى مېنىڭ سېغىشىمغا رۇخسەت قىلامسەن؟» دې ۋىدى، ئۇممى مەئبەد: «ئەلۋەتتە ئاتا ـ ئانامنىڭ ھەققىدە تۇتتۇم، ئەگەر ئۇنىڭدا سۈت بار دەپ قارىساڭ مىڭ مەرتىبە سېغىۋالغىن» ، دېدى . رەسۇلۇللاھ ئۇ قوينىڭ ئەمچىكىنى قولى بىلەن سىيلاپ: (بسم الله الرحمن الرحيم ) «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» ، دەپ دۇئا قىلىۋىدى ، شۇئان ھېلىقى قوينىڭ ئەمچىكىدىن سۈت ئېتىلىپ چىقىپ قولىغا ت ۆكۈلۈشكە باشلىدى . شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ بىر قانچە ئادەمگە تائام سىغىدىغان بىر ئارا قاچى نى ئەكىلىپ، ئۇ قوينى سېغىشقا باشلىدى . بىردەمدىلا قاچىنىڭ يۈزىگە قايماقلار لەيلىدى . رەسۇلۇللاھ سۈتنى ئالدى بىلەن ھېلىقى ئايالغا سۇندى. ئۇ ئايال ئىچىپ قاندى. ئاندىن يېنىدىكى ھەمراھلىرىنى سۇغاردى. ئۇلارمۇ ئىچىپ قېنىشتى . ئەڭ ئاخىردا ئۆزى ئىچتى . يەنە سېغىپ قاچىنى لى قمۇلىق توشقۇزۇۋەتتى ۋە ئۇ سۈتنى ھېلىقى ئايالنىڭ يېنىغا قويۇپ يولغا راۋان بولدى.

ئۇزاق ئوتمەي، ئۇ خوتۇننىڭ ئېرى (ئەبۇ مەئبەد) ئورۇقلۇقىدىن قەدەم ئېلىشقا ماجالى قالمىغان بىر قانچە تال شاخپاي ساغلىقنى ھەيدەپ پەيدا بولدى . ئۇ ئۆيىدىكى سۈتنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە : «بۇ سۈتنى نەدىن پەيدا قىلدىڭ، ئۆيدە قالغان قوي ئ ورۇق،

ئاۋارە تۇرسا، ئۆيدە ئۇنىڭدىن باشقا سىغىن بولمىسا؟» دەپ سورىدى ئۇمىمى مەئبەد: «ياق ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ، باياتىن بىزنىڭ چ ېدىرىمىزغا مۇبارەك بىر ك ىشى چۈشۈپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق ـ مۇنداق سۆزلەرنى دېدى ۋە پالان ـ پالان ئىشلارنى قىلدى» ، دەپ رەسۇلۇللاھنى بىر قۇر ت ونۇشتۇرۇۋىدى، ئەبۇ مەئبەد : «ئەزىبىرايى خۇدا، قۇرەيشلەر ئىزدەۋاتقان كىشى شۇ بولۇپ قالمىسۇن يەنە! ئى ئۇمىمۇ مەئبەد ، ئۇنى ماڭا تەپسىلىرەك تونۇشتۇرغىنە»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇمىمى مەئبەد رەسۇلۇللاھنى گويا ئاڭلىغۇچىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك ھېس سىياتقا كەلتۈرىدىغان يۇق ىرى پاساھەتلىك سۆز ماھارىتى (ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئەسلى تېكىستىنى كىتابىمىزنىڭ ئاخىرىدا تەپسىلى بېرىمىز) بىلەن سۈپەتلەپ بەردى. بۇ چاغدا ئەبۇ مەئبەد: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ، قۇرەيشلەر گېپىنى قىلىپ يۈرگەن كىشى چوقۇم شۇ ئىكەن، مەن ئۇنىڭغا ھەمس ۆھبەت بولاي دېگەنىدىم، پۇرسەت بولسا چوقۇم شۇنداق قىلىمەن»، دېدى.

شۇ كۈنلەردە مەككىدە كىشىلەر غايىپتىن مۇنداق بىر ياڭراق ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئېيتقۇچىسى كۆرۈنمەيتتى.

ئىلاھا! قىل مەرھەمەت ئۇمىمى مەئبەد ئۆيىگە،
ئىككى سەپداش ھەمنەپەس قەدەم قويغان كۈنىگە.

قەدىناسلار مۇڭدىشىپ راۋان بولدى يولىگە،
نىجات تاپقاي ھەر كىشى ھەمرا بولسا ئۇنىڭگە.

ئى قۇسەي ئەۋلادلىرى! نېمە كەتتى قولۇڭدىن،
كېتىپ قالدى ئۇلۇغلۇق، تەڭ قىلىنماس نەرسىگە.

خار بولۇپ بەنى كەئەب ئاياللارچە باش ئېگەر،
ماكانلىرى غەنىمەت مۇسۇلمانۇ ـ مۇئمىنگە.

سورىساڭلار ئۇلاردىن ئۇمىمى مەئبەد ئېيتىدۇ:
«مەندىن كۆرە سوئالنى، قويۇڭلارچۇ؟ قويۇمگە».

ئەسمائ بىنتى ئەبۇ بەكرى مۇنداق د ېگەن: «بىز رەسۇلۇللاھنىڭ قايسى تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكىنى بىلەلمەي قالغانىدۇق، ئ ۇشتۇمتۇت بىر جىن مەككىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن يۇقىرىقى مىسرالارنى ئوقۇپ پەيدا بولدى. ئادەملەر «سۆزى بار، ئۆزى يوق» بۇ ئاۋازغا ئەگىشىپ مېڭىشاتتى، ھەتتا ئۇ مەككىنىڭ ي ۇقىرىقى تېمى تەرىپىگە چىقىپ كەتتى. بىز شۇ ئان رەسۇلۇللاھنىڭ قايسى تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكىنى يەنى مەدىنىگە قاراپ يول ئالغانلىقىنى بىلىۋالدۇق.

5) سەپەر داۋامىدا رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بۇرەيدىگە يولۇقتى. ئۇ قەۋمى ـ جامائىتى ئىچىدە كاتتا ئابرويلۇق ك ىشى ئىدى . ئۇ بۇ قېتىم قۇرەيش دائىرىلىرى ئېلان قىلغان زور

مىقداردىكى مۇكاپاتنى قولغا كەلتۈرۈش تەمەسىدە رەسۇلۇللاھ ۋە ئەبۇ بەكرنى ئىزدەپ چىققان. ئۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن يۈز تۇرانە كۆرۈشۈپ پىكىرلەشكەندىن كېيىن شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا بىللە چىققان يەتمىش كىشى بىلەن مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە دەرھال بېشىدىكى سەللىسىنى ئېلىپ نەيزىسىگە چىگىپ ئەمىنلىك ۋە تىنىچلىق ئەلچىسى جاھاننى ئەدلى ـ ئادالەتكە توشقۇزۇش ئۈچۈن كەلدى ، دېگەننى بىلدۈرىدىغان ئەلەم قىلىپ كۆتۈرۈۋالدى.

6) مەدىنىگە بارغۇچە بولغان ئارىلىقتا يەنە رەسۇلۇللاھ زۇبەير ئىبنى ئ ەۋۋام بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ شامدىن قايتىپ كېلىۋاتقان تىجارەت كارۋىنى بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ۋە ئەبۇ بەكرگە بىردىن ئاق رەختتە تون كەيگۈزۈپ يولغا سالدى.

## قۇبا كەنتىدە شادلىق

بىئسەت (رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەرلىك شەرىپىگە ئېرىشكەن يىلى)نىڭ 14 ـ يىلى (بۇ، ھىجرىيىنىڭ بىرىنچى يىلى ھېسابلىنىدۇ) رەب ىۇلئەۋۋەل (3 ـ ئاي)نىڭ 8 ـ كۈنى (مىلادىيە 622 ـ يىلى سىنتەبىر (9ئاي)نىڭ 23 ـ كۈنى) دۈشەنبە رەسۇلۇللاھ قۇبا كەنتىگە يېتىپ كەلدى.

ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق د ېگەن: «مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنىڭ مەككىدىن قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى، شۇڭا ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەن مەدىنىنىڭ سىرتىدىكى «ھەررە » دېگەن سايلىققا چىقىپ رەسۇلۇللاھنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى، ھەتتا كۈن قىزىپ، سايدا تۇرۇش مۇمكىن بولمىغاندا ئاندىن قايتىپ كىرىشەتتى، ئۇلار بۈگۈنمۇ خېلى ئۇزاق ساقلىغاندىن كېيىن بىر كۆزى كەينىدە قايتىپ كىرىشتى. ئۇلار قايتىپ ئۆيلىرىگە تارقالغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلاردىن بىر كىشى ئۆزىنىڭ بىر ئىشى بىلەن ئۇلارنىڭ قەلئەلىرىدىن بىر قەلئە ئۈستىگە چىققانىكەن، ئۇ رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ كەڭ كەتكەن سايدا ئاپئاق كىيىملىك بىر كۆرۈنۈپ ، بىر كۆرۈنمەي كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى يەھۇدىي ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي: «ئى ئەرەبلەر جامەئەسى! سىلەر مۇنتەرىز بولۇۋاتقان مۆتىۋەرىڭلار ئەنە! دەپ توۋلىۋەتتى . بۇنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلار دەرھال قوزغىلىپ قورال ـ ياراغلىرىنى ئېلىپ، رەسۇلۇللاھنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئاتلاندى.

ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ: «خۇشاللىق ساداسى ۋە تەكبىر ئاۋازى بەنى ئەمرى ئىبنى ئەۋف مەھەللىسىدە ياڭرىدى. مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنىڭ ساق ـ سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ تەكبىر ئېيتاتتى . كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ بىلەن كۆرۈشۈپ رەسۇلۇللاھقا قىزغىن سالام بىرەتتى ۋە ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ئ ېھتىرامىنى بىلدۈرەتتى. ئۇلار ئەتراپىنى ئورۇۋېلىپ جومباق ـ جومباق بولۇپ مېڭىشاتتى. تەمكىنلىك ئۇنىڭغا تولىمۇ ياراشقانىدى ۋە ئاللاھنىڭ: ﴿فان الله هو مولاه و جبريل و صالح المؤمنين والملائكة بعد ذالك ظهير﴾ «ھەقىقەتەن ئاللاھ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، جىبرىئىلمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، ئۇلاردىن باشقا پەرىشتىلەرمۇ

(ئۇنىڭغا) يۆلەنچۈكتۇر» («قۇرئان كەرىم» سۈرە تەھرىم 4 ـ ئايەت) دېگەن ئايىتى نازىل بولماقتا ئىدى.

ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دېگەن : «ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا چىقىشتى . رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن ئوك تەرەپكە بۇرۇلۇپ مېڭىپ، بەنى ئەمرى ئىبنى ئەۋف مەھەللىسىگە بېرىپ چۈشتى . بۇ كۈن رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ دۈشەنبە كۈنى ئىدى[1]. ئەبۇ بەكرى ئۆرە تۇرۇپ كىشىلەرنى قوبۇل قىلىۋاتاتتى . رەسۇلۇللاھ ئۈنلۈك يېنىدا جىم ئولتۇراتتى . شۇڭا رەسۇلۇللاھنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىققان ئەنسارلاردىن بۇرۇن ئۇنى كۆرمىگەنلەر ئۇدۇل ئەبۇ بەكرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىشكە باشلىدى . بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ ئولتۇرغان يەرگە ئاپتاپ چۈشۈپ قېلىۋىدى، ئەبۇ بەكرى ئۈستىدىكى رىداسىنى سېلىپ ئۇنىڭغا سايىۋەن قىلىپ سايىدىتىپ تۇردى، شۇئان كىشىلەر رەسۇلۇللاھنى تونۇۋېلىشتى.

پۈتۈن مەدىنە ئاھالىسى قىزغىن كەيپىياتقا چ ۆمدى. چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى رەسۇلۇللاھنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چىققانىدى. بۇ كۈن مەدىنە تارىخىدا مىسلىسىز شادلىققا تولغان بىر كۈن بولدى . يەھۇدىيلارمۇ ھەبقوق دېگەن پەيغەمبەرنىڭ: «ھەقىقەتەن ئاللاھ(نىڭ رەھمىتى)» تەيمان تەرىپىدىن كەلگەن ۋە قۇددۇس (يەنى ئەيىپ نۇقسانىدىن خالى روھ) فاران تاغلىرىدىن كېلىدۇ» دېگەن بېشارەتلىرىنىڭ راستلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋېلىشتى.

رەسۇلۇللاھ قۇبادا كۇلسۇم ئىبنى ھەدەم دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى (ئىبنى خەيسەمەنىڭ ئۆيىگە چۈشتى دېگۈچىلەرمۇ بار).

ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ رەسۇلۇللاھ تىن ئايرىلىپ مەككىدە ئۈچ كۈن ت ۇرۇپ كىشىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھتىكى ئالغۇ ـ بەرگۈلىرىنى ئۆز جايىغا قارار تاپقۇزۇ ۋېتىپ، پىيادە يولغا چىقتى. ئاخىرى رەسۇلۇللاھنىڭ كەينىدىن قۇبادا يېتىپ كۇلسۇم ئىبنى ھەدەمنىڭ ئۆيىدە ئۇچراشتى.

رەسۇلۇللاھ قۇبادا دۈشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە ۋە پەيشەنبە تۆت كۈن تۇردى ۋە بۇ جەريانىدا قۇبا مەسجىدىنى تە سىس قىلىپ، ئۇنىڭدا ناماز ئوقىدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسجىد بىئسەت (رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولغان)دىن كېيىن تەقۋادارلىق ئاساسىدا بىنا قىلىنغان تۇنجى مەسجىد بولۇپ قالدى . بەشىنچى كۈنى ( جۈمە كۈنى) بول ۇۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن تۆگىسىگە مىندى ۋە تۆگىسىنى بەنى نەججار (رەسۇلۇللاھنىڭ ئانا تەرەپ تاغىلىرى) مەھەللىسى تەرەپكە ھەيدىدى . رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى چاقىرىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇلار قىلىچلىرىنى ئېسىپ، نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ (ھۆرمەت قاراۋۇللىرى سۈپىتىدە) ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كەلدى . رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ مەدىنە تەرەپكە قاراپ ئىلگىرلىدى، بەنى ئەمرى ئىبنى ئەۋف

---

[1] مۇشۇ كۈنى رەسۇلۇللاھ كەم ـ زىيادىسىز 53 ياشقا توشقانىدى. بۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ پەل ۋەقەسىنىڭ 41 ـ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ 9 ـ كۈنى نەبۇۋەت بىلەن ھۆرمەتلەنگەن دېگۈچىلەرنىڭ قارىشىدا ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولغىنىغا ساق 13 يىل توشقانىدى. ئەمما، رەسۇلۇللاھ پىل ۋەقەسى يىلىنىڭ 41 ـ يىلى رامىزاندا پەيغەمبەرلىك شەرىپى بىلەن ھۆرمەتلەنگەن دېگۈچىلەرنىڭ قارىشى بويىچە ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولغىنىغا ساق 12 يىل بەش ئاي 22 كۈن توشقان بولىدۇ. ئاللاھ ھەممىدىن ئالىمدۇر.

مەھەللىسىگە كەلگەندە جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى بولدى . شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن (ھازىرقى) بەتنى ۋادى دېگەن جايدىكى مەسجىدنىڭ ئورنىدا جۈمە نامىزىنى ئوقۇدى. ئۇلار يۈزدەك ئادەم ئىدى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىگە كىرىشى

جۈمە نامىزىدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ مەدىنىگەكىردى (شۇ كۈندىن ئېتىبارەن يەسرەپ دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قەدىمى شەھەر «مەدىنەتۇننەبەۋىيە»، يەنى «پەيغەمبەر شەھىرى» دەپ ئاتالدى. تۆۋەندە بۇنى قىسقارتىپ مەدىنە ‹ شەھەر› دەپلا ئاتايمىز). رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلغان بۇ كۈن تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە ، چوڭ-كىچىك شاد-خۇراملىقتا چۆمگەن ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولدى، ئۆيلەر، ھويلا-ئارامىلار، كوچا كويلار ۋە رەستە-دوقمۇشلار قىزغىن مەدھىيە شېئىرلىرى ۋە تەبرىك-ئالقىش سادالىرى بىلەن زىلزىلىگە كەلدى. ئەنسارلارنىڭ قىزلىرى شادلىق ۋە خۇشاللىق تەنتەنىسىگە ماس كەلتۈرۈپ ئۇسۇل ئويناپ، تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇيتتى.

رەسۇلۇللاھ تولۇن ئايدەك چېچىپ نۇر،
چىقىپ كەلدى سەنىيەتۇلۋىدادىن.

خۇداغا شۈكرى قىلماق بىزگە لازىم،
بىرەر ئادەم قول ئۇزمىسىلا دۇئادىن.

مۇسۇلمانلارغا مەقبۇل ئۇشبۇ دىننى،
رەسۇلۇللاھ ئېلىپ كەلدى خۇدادىن[①]

ئەنسارلارنىڭ ھەممىسى گەرچە ئۆي-ئاراملىرى ئازادە، دۆلەتمەن زەردارلىك ئىشلەر بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر قاندىغى رەسۇلۇللاھنى ئۆز ئۆيىگە چۈشۈرۈشنىڭ كويىدا ئېدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ھەربىر كوچا ھەر بىر قور ۋنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە ، تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇت ۋېلىپ ھەش - پەش دېگۈچە خالتا-خورجۇن، قورال-ياراغ، ئەسۋاپ-سەرامجانلارنى تارتىپ بولاتتى . بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «تۆگىنى ئۆز ئىختىيارىغا قويىۋېتىڭلار، ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ماڭغۇچىدۇر» دەي تتى. شۇنىڭ بىلەن تۆگە ئىختىيارى ھالدا ماڭغىلى تۇردى. ھەتتا بىر چاغدا ھازىرقى پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ ئورنىغا يېتىپ كېلىۋىدى، تۆگە تاقلا چۆكۈپ ياتتى . رەسۇلۇللاھ تېخى تۆگىسىدىن چۈشكىچە بولمىغان ئىدى، تۆگە يەنە قو زغۇلۇپ ئازراق مېڭىپ توختىدى . ئاندىن ئىككى يېنىغا بىر قارىۋېتىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ كېلىپ دەسلەپكى ئورنىغا چۆكۈپ ياتتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ تۆگىدىن چۈشتى . بۇ جاي (رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىلىرى) بەنى نەججار جەمەتىنىڭ تەۋەلىكى بولۇپ، تۆگىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ توختىشى ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ باشتىلا ئۆز تاغىلىرىنىڭكىگە

---

① بۇ شېئىرنىڭ تەرجىمە تېكىستى دوكتۇر مۇھەممەد سالىھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمەھالى »دىكى تەرجىمە نۇسخىسى بويىچە ئەينەن كۆچۈرۈلۈپ ئېلىندى.

چۇشۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ھۆرمەتلىگۈسى بار ئىدى. بۇ چاغدا ھەممە ئادەم رەسۇلۇللاھنى بىزنىڭكىگە بارايلى! دەپ ئائىلىسىگە تەكلىپ قىلىش بىلەن قالدى. ئاردىن ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى ئاللىبۇرۇن رەسۇلۇللاھنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ ئۆيىگە ئەكىرىپ بولدى . شۇڭا رەسۇلۇللاھ: « ئادەم ئۆزىنىڭ يۈك ـ تاقلىرى بىلەن بىللە بولىدۇ»، دېدى ۋە ئەسئەد ئىبنى زورارە كېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ تۆگىسىنىڭ چولۋۇرىنى تۇتقىنىچە ئۆيىگە يېتىلەپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن تۆگە ئۇنىڭكىدە تۇردى.

ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇرۇق تۇققانلاردىن قايسىسىنىڭ ئۆيى يېقىنراق »، دەپ سورىغان ئىدى. ئەبۇ ئەييۇب: « مېنىڭ ئۆيۈم يېقىنراق، ئى رەسۇلۇللاھ! مانا بۇ، ئالدىمىزدىكى بىزنىڭ ئۆي، ئاۋۇ كۆرۈنگىنى بىزنىڭ دەرۋازا»، دېدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ: « ئۇنداق بولسا سەن بېرىپ بىزگە ئارام ئالىدىغان جاي تەييارلىغىن »، دېۋىدى، ئەبۇ ئەييۇب: «ئەمىسە ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار»، دەپ ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ كەتتى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى سەۋ دە، قىزلىرىدىن فاتىمە، ئۇممى گۈلسۇم ، (بېقىۋالغان ئوغلى) ئۇسامە ئىبنى زەيد ۋە ئۇممى ئەيمەنلەر مەد ىنىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار بىلەن بىللە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەب ى بەكرى ئاتىسىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى بىللە ئېلىپ كەل گەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئائىشىمۇ بار ئىدى . رەسۇلۇللاھنىڭ يەنە بىر قىزى زەينەب ئېرى ئەب ۇلئاسنىڭ يېنىدا قې لىپ قالدى. ئۇ بۇ قېتىم ھىجرەت قىلالمىدى. بەدرى ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاندىن ھىجرەت قىلىپ چىقتى.

ئائىشە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن بىتاپ ، بەتالىلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. شۇ قاتاردا ئەبۇ بەكرى ۋە بىلاللارمۇ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولدى. بىر كۈنى مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ: «ئاتا! ئۆزۈڭ قانداقراق؟ ئى بىلال! سېنىڭ ئەھۋالىڭچۇ؟» دەپ سورىدىم

ئەبۇ بەكرىگە تەپ كېسىلى يەتسىلا مۇنۇ مىسرالارنى ئېيتاتتى:

ھەممە ئادەم ئۆز ئۆيىدە شىرىن ياتار،
ئىراق ئۆلۈم قاش ـ كىرپىكتە ئۇنى مارار.

بىلالنىڭ دەرت ـ ئەلىمى بىر ئاز پەسەيسە، ياڭراق ئاۋازى بىلەن مۇنداق شېئىرلارنى ئوقۇيتتى:

ئايا ناخشام بىلەن يايراپ قونارمەنمۇ؟ باياۋاندا،
يېنىمدا مۆڭدىشىم ئىزخىر[1] جەلىيلى[2] ھەم ھاياتىمدا.

كېلۇر مەنمۇ؟ ھامان بىر كۈن مەجىننە[3] سۇ بۇلاقىغا،
كۆرۈنگەيمۇ ئايان كۆزگە شامە، تەپىيل[4] ھاياتىم يا ماماتىمدا.

---

[1] ئىزخىر ــــ مەككىدە ئۆسىدىغان بىر خىل خۇش پۇراقلىق ئۆسۈملۈك.
[2] جەلىيلى ــــ مەككىدىكى يەرلىك گۈللۈك دەرەخ.
[3] مەجىننە ــــ مەككىدىكى سو مەنبىئىنىڭ نامى
[4] شامە، تەپىيل ــــ يەر جايناملىرى

شۇنىڭ بىلەن مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى دېۋىدىم، رەسۇلۇللاھ: «ئى ئاللاھ! بىز مەككىنى ياخشى كۆرگىنىمىزدەك مەدىنىنىمۇ ياخشى كۆرسەتكىن، يا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرسەتكىن، مەدىنىنى كېسەللىكلەردىن خالى قىلغىن، مەدىنىنىڭ ئۆلچەم ـ تارازىلىرىغا بەرىكەت بەرگىن ۋە ئۇنىڭدىن تەپ كېسەللىكىنى جۆھفەگە يۆتكىۋەتكىن»، دەپ دۇئا قىلدى.

(ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!) مانا مۇشۇ يەرگىچە رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى نىڭ بىر قىسمى ئاياغلاشتى ۋە ئىسلام دەۋىتىنىڭ مەككە دەۋرى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىدىكى ھاياتى

رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىدىكى ھاياتىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن.

1) مەدىنىدە پاراكەندىچىلىك ۋە قالايمىقان پىتنە ـ پاساتلار يامراپ، ئىچكى جەھەتتە ھەر خىل قالايمىقانچىلىقلار يۈز بەرگەن، تاشقى جەھەتتە دۈشمەن كۈچلەر مەدىنىگە تاجاۋۇز قىلىپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكى ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالغان ئۆتكۈنچى دەۋر باسقۇچى. بۇ ئەنسىز باسقۇچ ھىجرىيىنىڭ 6 ـ يىلى زۇلقەئدە (11 ـ ئاي) ئېيىدا «ھۇدەيبىيە شەرتنامىسى»نىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن ئاياغلاشتى.

2) بۇددىستلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئورنىتىش باسقۇچى. بۇ باسقۇچ ھىجرىيىنىڭ 8 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا مەككە ئىشغال قىلىنىش بىلەن ئاخىرلاشتى ھەم بۇ دەۋر ھەر قايسى ئەل پادىشاھلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3) جىمى خالايىقلار توپ ـ توپ بولۇپ ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىش باسقۇچى. بۇ ھەر قايسى قەبىلە ـ ئايماقلار ۋە قەۋم ـ جامائەتلەرنىڭ مەدىنىگە ئەل بولۇپ ئەلچى ئەۋەتىش دولقۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن باسقۇچ. بۇ باسقۇچ ھىجرىيىنىڭ 11 ـ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل (3 ـ ئاي) ئېيىدا رەسۇلۇللاھ ۋاپات تاپقانغا قەدەر داۋاملاشتى.

## بىرىنچى باسقۇچ — مەدىنىنىڭ
## ھىجرەت مەزگىلىدىكى ۋەزىيىتى

ھىجرەت قىلىش دېگەن لىك — ھەرخىل پىتنە-پاسات ۋە مەسخىرە مازاقلاردىن قۇتۇلۇش دېگەن مەنىنىلا ئىپادىلەپ قالماستىن ، بەلكى ھىجرەت ي ۋقارقى ئۇقۇم ۋە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىللە يەنە تىنچ-ئامان شەھەردە يېڭى بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئورتاق كۈچ چىقىرىش دېگەن لىك بولاتتى. شۇڭا بۇ يېڭى ۋەتەننى قۇرۇشقا قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە كۈچ چىقىرالايدىغان ۋە ئ ۋنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى

مۇستەھكەملەش ۋە شانۇ-شەۋكىتىنى يۇقىرى كۆتىرىشكە تىرىشىپ، ھەمىشە قوشالايدىغان ھەر قانداق بىر مۇئمىن مۇسۇلمانغا ھىجرەت قىلىش پەرز قىلىنىپ بېكىتىلدى. چۈنكى ئىسلام دەۋىتىنى پۈتۈن دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش، ئىسلام نۇرى بىلەن جاھالەت زۇلمىتىنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ۋە ھەق ئارقىلىق باتىلنى يوقىتىش ئۈچۈن چوقۇم بىر سېستىلىملىق، بىرلىككە كەلگەن، قۇدرەتلىك كۈچ بولۇشى زۆرۈر ئىدى. پارچە-پۇرات ھەرىكەتلەر بىلەن نىشانغا يېتىش مۇمكىن بولمايتتى. مەدىنىدە دەل مۇشۇ كۈچنىڭ تەشكىللىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى شەرت-شارائىت ھازىرلانغانىدى.

شەك شۈبھىسىزكى رەسۇلۇللاھ بۇ يېڭى جەمئىيەت قۇرۇشتا كۆپچىلىكنىڭ دىنى داھىيسى، ھەربىي قوماندانى ۋە سىياسىي يېتەكچى رەھبىرى بولدى، بارلىق ھوقۇق ئۇنىڭ قولىغا نىزاسىز مەركەزلەشتى.

رەسۇلۇللاھ مەدىنىدە ئەھۋالى بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان مۇنداق ئۈچ خىل سىنىپتىكى ئادەملەر بىلەن توغرا، ئادىل مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا توغرا كەلدى. ھەر بىر سىنىپتىكى كىشىلەردىن خاراكتېرى ئوخشىمايدىغان تۈرلۈك مەسىلىلەرگە د ۇچ كەلدى. ئۇلار تۆۋەندىكى سىنىپلار ئىدى:

1. رەسۇلۇللاھنىڭ ئاق كۆڭۈل ، ساپ دىل ساھابىلىرى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن).

2. تېخىغىچە ئىمان ئېيتماي تۇرۇۋاتقان مۇشرىكلار. ئۇلار مەدىنىدىكى يەرلىك قەبىلىلەرنىڭ پۇشتىدىن بولغان نادان خەلقلەر.

3. يەھۇدىيلار (ئۇلار ئەرەبلەرگە نىسبەتەن يات مىللەت ئىدى).

1) رەسۇلۇللاھنىڭ ئەسھابىلىرى (بولۇپمۇ مۇھاجىرلار) توغرىلى ق دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرى شۇكى ، مەدىنىنىڭ شارائىتى ئۇلارغا نىسبەتەن ئۇلار مەككىدە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن شارائىتتىن زور پەرقلىنەتتى. ئۇلار مەككىدىكى چېغىدا گەرچە پىكىر جەھەتتە بىرلىككە كەلگەن، ھەممىسى بىر نىيەت بىر مەقستتە ، بىر لا نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كېلىپ-چىقىشى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان، خىلمۇخىل ئائىلىلەردىن ئىدى. ئۇلار ئۇ كوچىدىن بۇ كوچىغا قوغلىنىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارزاقمۇ ئار ىلىشىش ھوقۇقى بولم ىغانىد ى. بارلىق ھوقۇق دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ يەر (يەنى مەككە)دە ھەر قانداق بىر ئىنسانىيەت جەمئىيتىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل پەزىلەتلەر مۇجەسسەملەشكەن ي ىپ-يېڭى بىر ئىسلامىي جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا قادىر بولالمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلىرىدە پەقەت ئىسلامى ئەقىدە پرىنسىپلىرى ۋە ھەر بىر شەخس ئەمەل قىلالىشى مۇمكىن بولغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بايان قىلىش ۋە ياخشى ئادەم بولۇش، خەيرى-ئېھسانلىق بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش ۋە رەزىل-پەسكەشلىكلەردىن خالى بولۇش قاتارلىقلارغا تەرغىب قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەنلىكىنى كۆر ىمىز. ئەمما مەدىنىدىچۇ؟ بۇ يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇقى باشتىن ئاخىر ئۆزىنىڭ قولىدا بولدى. ھېچكىمشى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قامچىسىنى ئوينىتالمىدى. ئەمدى ئۇلارغا يۈكسىلىش ، تەرەققىيات، تۇرمۇشنى ياخشىلاش ، ئىگىلىك تىكلەش ، سىياسەت بەلگىلەش ، ھۆكۈمەت

تەشكىل قىلىش، تىنچلىق ئورنىتىش ۋە تىنچلىق ئورنىتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش، ھالال ـ ھارام، تائەت ـ ئىبادەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق دېگەنگە ئوخشاش ھاياتى ي دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ئىنچىكىلەپ بېكىتىپ تەرتىپكە سېلىش ۋە ئوخشاش ئۈچۈن بارلىقى بىلەن ئاتلىنىش پۈرستى ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ، ھەر قايسى جەھەتتە جاھىلىيەت جەمئىيىتىگە مۇتلەق ئوخشىمايدىغان، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ھەر قانداق بىر ئىلغار جەمئىيەتتىن ئالاھىدە ئۈستۈن تۇرىدىغان ۋە ئون يىل مابەينىدە مۇسۇلمانلار تارتقان ئاشۇ مىسلىسىز جاپا ـ مۇشەققە ت بەد ىلگە كەلگەن بۇ دەۋە تىنىڭ ۋەكىللىك مەھسۇلى بولالايدىغان يېڭىچە ئالاھىدە بىر ئىسلامى جەم ئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى يېتىپ كەلگەنىدى.

ھەممىگە ئايانكى، ھەر قانداق بىر جەمئىيەتنى مۇشۇ يوسۇندا بەرپا قىلىپ قۇرۇپ چىقىش بىر كۈن، بىر ئاي ياكى بىر يىلدا پۈتىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيىسىنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈش ، ئالىيجاناب پەزىلەتلىك ئىشلارغا كۆندۈرۈش ۋە تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق يېتەكلەش بىلەن بىرگە يەنە دىن، شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ تەكامۇللىشىشى ۋە قانۇن ئەمىر ـ پەرمانلار تولۇقلىنىپ كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى شەرىئەت ئەندىزىسىگە چۈشۈش ى ئۈچۈن مەلۇم جەريان كې تەتتى. ئاللاھ بۇ شەرىئەتنىڭ ئەمىر - پەرمان، قانون ـ نىزام لىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ نازىل قىلىپ بېرىشكە كېپىل بولدى. رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ ئاشۇ شەرئى قانۇننى ئىجرا قىلىشقا ۋە ئۇنى ىلغا ئاشۇرۇق رىئايە قىلىشقا يېتەكلەشكە ۋە مۇسۇلمانلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ ئاللاھنىڭ ﴿هو الذي بعث فى الامين رسولا منهم يتلو عليهم اياته و يزكيهم و يعلمهم الكتاب والحكمة﴾ «ئاللاھ ئ ۇممىيلەرگە (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئ ۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى. ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ. ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى) ئۆگىتىدۇ»، («قۇرئان كەرىم» 62 ـ سۈرە 2 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە توغرا نىشاننى بويلاپ يول باشلاپ مېڭىشقا مەسئۇل بولدى.

ساھابە ـ كىراملار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) «قۇرئان كەرىم»گە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۈزلەندى. ئۇلا ر «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەھكام، ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ئالدىرايتتى ۋە ھەر قانداق بىر ئەھكام نازىل بولسا خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى. ئاللاھ بۇلار ھەققىدە: ﴿و اذا تليت عليهم اياته زادتهم ايمانا﴾ «ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى(تېخىمۇ) كۈچىيىدۇ»، («قۇرئان كەرىم» 8 ـ سۈرە 2 ـ ئايەت) دەيدۇ.

خوش، بۇ مەسىلىلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىش بىزنىڭ تەتقىقات ماۋزۇيىمىز ئەمەس. شۇڭا بىز بۇ ھەقتە مۇشۇنچىلىك توختىلىمىز.

مانا بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇسۇلمانلا رغا نىسبەتەن ھەممىدىن ئاۋۋال ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى ئىدى. شۇنداقلا ئىسلام دەۋ ىتى ۋە ئىلاھىي ئەلچىلىكىنىڭ ئاساسىي

مەقسىتى ئىدى، لېكىن ئۇ ھازىرچە بەك جىددىي مەسىلە ئەمەس ئىدى. شۇنداق! بۇ يەردە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك باشقا بىر قانچە مەسىلىمۇ مەۋجۇت ئىدى، ئەلۋەتتە.

1) شۇ مەزگىلدە مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار ئىككى قىسىمغا بۆل ۈنەتتى: بىرى ئۆزىنىڭ توغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانى، ئانا ي ۇرتى ۋە مال ـ دۇنياسى ئىچىدە ئامان ـ ئېسەن، غەمسىز ياشاۋاتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىدىن ئۆزگە غەم ئەندىشىسى يوق، ئۇلار ئەنسارلار ئىدى. ئەنسارلار ئەزەلدىنلا ئارىسىدا قاتتىق سۈركىلىش ۋە كونا ئاداۋەت ئوتلىرى ئۆچمەي كەلگەن بىر خەلق ئىدى، ئۇلارنىڭ يېنىدايەنە بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار بار ئىدى (ئۇلار مۇھاجىرلاردۇر). ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسى يوقالغان، ئۇلار مەدىنىگە ئارانلا جېنىنى جايلاپ چىقىۋېلىشقان، نە ئۇلارنىڭ پاناگاھى، نە تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئىش ئورنى، نە ئۇلارنىڭ جاھاندارچىلىق قىلىپ تۇرغىدەك مەبلىغى يوق ئىدى. بۇ مۇساپىرلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس، بەلكى تېخى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى. چۈنكى، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرگەن ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ ھىجرەت قىلىپ چىقىشى پەرز قىلىپ بېكىتىلگەنىدى.

ھەممىگە ئايانكى ، مەدىنە ئۇنچە باي شەھەر ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىقتىسادى ۋەزىيىتى تېزلا داۋالغۇشقا ئ ۇچرىدى ۋە مۇشۇنداق قىيىنچىلىق پەيتىدە ئىسلام دىنىغا ئۆچمەنلىك قىلغۇچى دۈشمەن كۈچلەر مەدىنىگە قارىتا يېرىم ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزگەنلىكتىن، مەدىنىنىڭ سىرتتىن كىرىدىغان تاۋار مىقدارى ئازلاپ كېتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى تېزلا ئېغىر دەرىجىدە دەخلىگە ئۇچرىدى.

2) شۇ مەزگىلدە مەدىنىدىكى يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدىكى تېخىچە مۇسۇلمان بولماي تۇر ۇۋاتقان بىر قىسىم مۇشرىكلار بار بولۇپ، ئۇلار نىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق تالاشقۇدەك كۈچ ـ مادارى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملار بۇ يېڭى دىنغا نىسبەتەن دەر گ ۇمان بولۇپ ئەجدادلىرىنىڭ تۇتقان يولىنى تاشلىغۇسى كەلمەي، ئىككىلىنىپ يۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتا دىللىرىدا ئاداۋەت ۋە س ۇيىقەست پىلانلاپ يۈرمەيتتى. ئۇنداقلار ئۇزاق ئ ۆتمەيلا ھىدايەت تېپىپ ئىخلاسمەن م ۇئمىنلەردىن بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە رەسۇلۇللاھقا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتا كۆڭلىدە قاتتىق ئۆچمەنلىك ۋە ئېغىر ئاداۋەت ساقلاپ يۈرىدىغان بىر بۆلۈك كىشىلەرمۇ بار ئىدى. لېكىن ئۇلار مۇسۇلمانلارغا ئاشكارا جەڭ ئېلان قىلالمايتتى، بەلكى تېخى زاماننىڭ شەرت ـ شارائىتىغا بېقىپ، مۇسۇلمانلار غا قارىتا نائىلاج دوستلۇق ۋە ساداقەت ئىزھار قىلىپ يۈرەتتى. بۇلارنىڭ كاتتى ۋېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل دېگەن كىشى بولۇپ، ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرى بۇئاس ئۇرۇشىدىن كېيىنلا ئۇنى ئۆزلىرىگە سەردار ـ پادىشاھ قىلىپ تىكلىۋالماقچى بولغان. (بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلار بىرەر كىشى ئەتراپىغا بۇنداق ئۇيۇشۇپ بىرلىككە كەلگەن ئەمەس ئىدى ) ۋە ئۇنىڭغا تاج كىيگۈزۈپ خانلىق مەقا مىغا كۆتۈر ۈش ئۈچۈن ئۈنچە ـ مارجان تىزىپ خانلىق تاج تەييارلاۋاتاتتى. ئ ۇشتۇمتۇت مەدىنىگە رەسۇلۇللاھ كېلىپ قېلىپ كىشلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ رەسۇلۇللاھقا يۈزلىنىپ كەتتى. شۇنداق بولمىغان بولسا ئۇ مەدىنە خەلقىگە پادىشاھ بولاي دەپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ رەسۇلۇللاھنى مېنىڭ بولغۇسى خانلىق ئورنۇمنى

تارتمۋالدى دەپ قارايتتى ۋە رەسۇلۇللاھقا ئاستىرتتىن ئۆچمەنلىك ساقلاپ يۈرەتتى. ئەمما، ئۇ بەدرى ئۇرۇشىدىن كېيىن ۋەزىيەتنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىسىز تەرەپكە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە مۇشۇنداق ش يېرىك ئەقىدىسى بىلەن تۇر ۋۇەرسە دۇنياۋى مەنپەئەتلەردىن، نۇرغۇن نەپتىن قۇرۇق قالىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاغزاكى جاكارلاپ قويىدى.

لېكىن، ئۇ دىلىدا كۇفرىدىن ۋاز كەچمىگەنىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيي رەسۇلۇللاھقا ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغۇدەك پۇرسەت بولسىلا قولدىن بەرمەيتتى ۋە ئۇنىڭ (ئۇ پادىشاھ بولغان تەقدىردە ئ يېرىشىش ئېھتىمالى بولغان ئەمەل ـ مەنسەپلەردىن مەھرۇم قالغان كاندىتات ئەمەلدار) ئادەملىرى ئۇنىڭغا يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇپ، ئۇن ىڭ سۈيىقەستلىك پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۆچەپ مەدەت ب يېرەتتى. تېخى بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ بۇ رەزىل پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئايرىم ۋەقەلەرنى پەيدا قىلىپ قىسمەن ساددا مۇسۇلمانلارنى قالقان ۋە لاخشىگىر ئورنىدا ئىشلىتەتتى.

3) يەھۇدىيلار يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ھىجاز[1] تەۋەلىكىگە «ئاشۇرى»لەر ۋە رۇملۇقلارنىڭ زۇلۇمىدىن قېچىپ كېلىپ قالغان خەلق ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە ئىبران مىللىتىگە تەۋە خەلق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھىجازغا ك ۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، كىيىم ـ كېچەك، تىل ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە تامامەن ئەرەبلىشىپ كەتكەنىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ قەبىلە ناملىرى ۋە شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىمۇ ئەرەبچە ئاتالغانىدى. ھەتتا ئۇلار بىلەن ئەرەبلەر ئارىسىدا ق ۇدا ـ باجىلىق ۋە ك ۈيئوغۇللۇق مۇناسىۋەتلىرىمۇ بارلىققا كەلگەنىدى. لېكىن ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللەت ، ئىرق تەۋەلىكىنى قەتئىي ئ ېسىدىن چىقارماي، ئەرەبلەرگە مۇتلەق ق وشۇلۇپ كەتمىگەنىدى. بەلكى، ئۆزلىرىنىڭ ئىسرائىل (يەھۇدىي) مىللىتى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. ئەرەبلەرنى بولسا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە ھەقىر كۆرەتتى. ھەتتا ئۇلارنى «مەدەنىيەتسىز ياۋايى مەخلۇقلار» تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر، ساۋاتسىز، تومپايلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ «ئۇممىي» دەپ ئاتايتتى . ئۇلار ئەرەبلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى يەۋېلىش ئۆزلىرى ئۈچۈن دۇرۇس، قانداق ئۇسۇل بىلەن يەۋالسا بولىدۇ ، دەپ قارايتتى. ﴿قالوا ليس لنا فى الامين سبيل﴾ «ئۇلار: ‹ئۇمممىيلەرنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ (يەنى بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ ماللىرى بىزگە ھارام ئەمەس)›، دېدى». («قۇرئان كەرىم»3 ـ سۈرە 75 ـ ئايەت) ئۇلارنىڭ دىن تارقىتىش قىزغىنلىقى مۇ يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ دىنى سەرمايىسىنىڭ بار ـ يوقى پەقەت پالچىلىق، سېھىرگەرلىك، دەمكەشلىك، دۇئاخۇنلۇق ، ۋەھاكازالار بولۇپ ، ئۇلار شۇ نەرسىلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنى بىلىملىك، فازىل، روھىي يېتەكچىلەر دەپ قارايتتى.

يەھۇدىيلار ھۈنەرۋەنچىلىك، تىجارەت كەسپى، مەئىشەت پەنلىرىدە ماھىر خەلق ئىدى. شۇڭا ئاشلىق ـ دان، يەل ـ يېمىش، شېكەر ـ ھاراق ۋە كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق تىجارەتلەر ئاساسلىقى شۇلارنىڭ قولىد ىن چىقاتتى . ئۇلار ئاشلىق، رەخت ۋە ھاراق ـ شارابلارنى سىرتتىن كىرگۈزۈپ، خورما قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سىرتقا چىقىراتتى. بۇنىڭدىن

---

[1] ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي ئوتتۇرا قىسمى ھىجاز دەپ ئاتىلىدۇ.

باشقا يەنە نۇرغۇن پۇل تېپىش ئۇسۇللىرى ۋە چارە ئامالىرى بار بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئەرەب ئاممىسىدىن ھەسسىلەپ پايدا ئالاتتى. ئۇلار يەنە بۇنىڭ بىلەنلا قان ائەتلىنىپ قالماي، جازانىخورلۇق بىلەن مۇ شۇغۇللىناتتى. ئۇلار ئەرەب پ ېشىۋالىرى ۋە ي ۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ، شائىرلارنىڭ مەدھىي ىلىرىگە ئېرىشىۋېلىش ۋە خالايىق ئارىسىدا ياخشى نام قازىنىۋېلىش قا سەرپ قىلىش ئۈچۈن ئۇزۇن ـ مۇددەتلىك قەرز بېرىپ تۇر ۇپ، ئۇلارنىڭ يەر ـ زېمىن، باغ ـ ۋاران، دەل ـ دەرەخلىرىنىڭ ھەممىسىنى گۆرۈگە ۋتاتتى، ھەتتا ئاستا ـ ئاستا ئۇلارنىڭ يەر ـ زېمىنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرىنىڭ م ۈلۈك ـ زېمىنىغا ئايلاندۇرۇۋالاتتى.

يەھۇدىيلار ھىيلىگەر، قارا نىيەت، سۈيقەستچى، پىتنىخور، ئالدامچى مىللەت بولۇپ، ھەدېسىلا قوشنا ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچاتتى ۋە بۇ قەبىلىلەرگە سەزدۇرمەستىن ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنى ئۆزئارا چۇقۇشتۇراتتى. شۇڭا ئۇلارغا قوشنا ئەرە ب قەبىلىلىرى نەچچە ئەۋلاد داۋام قىلغان قانلىق ئۇرۇش قات ىلاشچىلىقلىرىدا داۋاملىق جىددىي ھالەتتە ئۆتكەندى. قاچانكى بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ئوتلىرى ئۆچۈپ، ئىس ـ ت ۈتەكلىرى تارقىلىشقا باشلىسا، يەھۇدىيلارنىڭ زەھەرلىك قولى يەن كۆسەي بولۇپ، ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇرۇش ز ېبىلىرىنى قايتا تاتىلايتتى . ئەرەب قەبىلىلىرىنى راسا ك ۈشكۈرتۈپ قويغاندىن كېيىن، دەرھال ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ بۇ بىچارىلەرگە كەلگەن كەلمىشلەرنى تاماشا قىلىپ قاراپ ئولتۇراتتى.

ئۇلار تېخى بۇنى ئاز دەپ ئۇرۇشۇۋاتقان ھەر قايسى تەرەپنى چىقىمدىن قورقۇپ ئۇرۇش توختاتمىسۇن ئۈچۈن، ي ۇقىرى ئ ۆسۈملۈك قەرزلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ سۈيقەستى ئارقىلىق بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى تەڭ سوقاتتى، يەنى ئۇلار بىر جەھەتتىن يەھۇدىيلارغا خاس (توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلايدىغان) خۇسۇسىيەتكە ۋارىسلىق قىلسا، يەنە بىر جەھەتتىن ھەسسىلەپ ئۆستۈرۈپ جازانىغا پۇل بېرىپ زور ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە ئېرىشەتتى.

1) ھىجرەت مەزگىلىدە يەسرەب (مەدىنە)تە ئاساسلىقى ئۈچ چوڭ يەھۇدىي قەبىلىسى بار ئىدى. ئۇلار:

1) بەنى قەينۇقا قەبىلىسى: ئۇلار ئەرەبلەردىن خەزرەج قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولۇپ، ئولتۇراق ئورنى مەدىنىنىڭ ئىچىگە جايلاشقانىدى.

2) بەنى نەزىر.

3) بەنى قۇرەيزە: مەزكۇر ئىككى قەبىلە ئەرەبلەردىن ئەۋس قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى. بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ ئولتۇراق جايى مەدىنەنىڭ سىرتىدىرەك بولۇپ، شەھەر ئەتراپىغا يېقىن ئىدى.

مانا بۇ ئۈچ پۈتلۈق يەھۇدىلار ئوچىقى ئەۋس، خەزرەج قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۇرۇش ئوتلىرىنى يالقۇنجىتىپ، پەسىيىپ قالسا قوزغاپ كەلدى. ھەتتا تېخى بۇئاس ئۇرۇشىدا ھەر قايسى يەھۇدىي قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىر تەرەپ بولۇپ بىۋاسىتە جەڭگىمۇ قاتناشتى.

يەھۇدىيلار ئىسلام دىنىغا قارىتا ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت نەزەرى بىلەن قارىمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ھالبۇكى بۇ دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلارنىڭ مىللىتىدىن بولماي قالدى ئەمەسمۇ؟ شۇنداق بوپقالغان بولسىدى ، ئۇلارنىڭ نەپسانىي يىتى، بىلەرمەنلىكى ۋە چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلىك ئەسەبىي لىگى ئاز- تولا تەسكىن تېپىپ قالار، دېگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىسلام دەۋىتى كىشىلەر ئارىسىدىكى گىنە- ئاداۋەت داغلىرىنى يۇيۇپ، چېچىلاڭغۇ قەبىلىلەرنى ئىناق ئۆتۈشكە تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە ئىشلاردا سەمىمىي ئاق كۆڭۈل بولۇشقا، تىجارەتتە توغرا ئادىل يولنى تاللاپ، ھالال ، پاكىز رىزق بىلەن كۈپايىلىنىشكە چاقىرىدۇ. بۇ تەشەببۇس يەسرەب (مەدىنە) تەۋەلىكىدە ئۇزۇندىن بېرى تىركىشىپ كېلى ۋاتقان ئەرەب قەبىلىلىرى نى ئۆزئارا ئەپل ەشتۈرۈپ، ئۈم- ئىناق، قېرىنداشلاردىن قىلىۋېتىشى مۇمكىن. بۇ چاغدا بۇ قەبىلىلەر يەھۇدىيلارنىڭ زەھەرلىك چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقىۋالىدۇ- دە، ئۇلارنىڭ تىجارەت بازىرى پۈتۈنلەي كاسا تلىشىدۇ ۋە بايلىق تۈگمىنىنى چ ۆرگىلىتىۋاتقان ج ازانىخورلۇق ماللىرىدىنمۇ مەھرۇم قالىدۇ. بەلكى تېخى بۇ قەبىلىلەر ئويغىنىپ يەھۇدىيلار ج ازانىخورلۇق يولى بىلەن بۇلىۋالغان مال- مۈلۈكلىرىنى ھېسابلاپ چىقىشى، ئاندىن ئۆسۈم ئۈچۈن يەھۇدىيلارغا بېرىپ قويغان يەر- زېمىن باغ- ۋارانلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىشىمۇ مۇمكىن.

يەھۇدىيلار ئىسلام دەۋىتى يەسرەپتە ئومۇملىشىشقا باشلىغاندىن بېرى، يۇقارقى ئېھتىماللىقلارنى ئاللىقاچان پەملەپ بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ ئويىنى دەماللىقچە ئاشكارىلىيالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىغا ۋە رەسۇلۇللاھقا قارىتا ئۇ مەدىنىگە كەلگەن تۇنجى كۈندىن ئېتىبارەن ناھايىتى قاتتىق ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلدى.

يەھۇدىيلارنىڭ بۇ قورساق ئاغرىق لىرى ئىبنى ئىسھاق ئ ۇممۇلمۇئمىنىين (مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى) سە فىيىە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن نەقىل قىلغان مۇنداق بىر ۋەقەلىك بىلەن ئېنىق ئاشكارىلىنىدۇ. ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «سە فىيىە بىنتى ھۇيەي ئىبنى ئەختەپ مۇنداق دېگەن: مەن ئاتامنىڭ ۋە تاغام ياسىرلارنىڭ ئەڭ ئارزۇلۇق قىزى ئىدىم. ھەر قاچان بۇلارنىڭ قېشىدىن ئۆتسەم ، ئۇلار مېنى قولدىن- قولغا ئېلىپ ئوينىتا تتى. باشقا باللار بىلەن ئانچە كارى بولمايتتى. رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ قۇبا كەنتىدە بەنى ئەمرى ئىبنى ئەۋف مەھەللىسىگە چۈشكەندە ئاتام ھۇيەي ئىبنى ئەختەپ بىلەن تاغام ئەبۇ ياسىر ئىبنى ئەختەپ ئىككىسى بىر كۈنى ئەتىگەن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا چۈشۈپ كەتتى . ئۇلار كۈن ئولتۇراي د ېگەندە ئاندىن قايتىپ چىقىشتى . ئۇلار روھى چۈشك ۈن، باشلىرىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ناھايىتى روھسىز پايپاسلاپ مېڭىپ چىقىشتى. بۇ چاغدا مەن ئادىتىم بويىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئويناقشىپ يۈگۈرۈپ باردىم . ئۇلا رنىڭ ھېچقايسىسى مېنى قولىغا ئېلىپمۇ قويمىدى، ئەزبىرايى خۇدا مەن ئۇلارنىڭ قوشۇمىسىنىڭ ئەندىشىلىك تۈرۈلۈپ قالغانلىقىدىن ھېچقايسىسىغا ئەركىلەپ قارىيالمىدىم. مەن تاغام ئەبۇ ياسىرنىڭ ئاستا كېتىۋېتىپ ئاتام (ھۇيەي ئىبى ئەختەپ)غا:

— ئاشۇ شۇمۇ؟—، دېدى. ئاتام:

— ھەئە، ئاللاھ بىلەن قەسەم ئاشۇ، شۇ.

— ئۇنى تونۇمسەن ۋە چوقۇم شۇ دەپ جەزملەشتۈرەلەمسەن؟
— ھەئە، ئەلۋەتتە.
— ئۇنىڭغا قارىتا قانداق قارارغا كەلدىڭ؟
— ھاياتلا بولىدىكەنمەن ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىمەن—، دېيىشىپ ماڭغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

ئىمام بۇخارىنىڭ ئابدۇللا ھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ھەققىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىسى بۇنى كۈچەيتىدۇ. ئابدۇللا ھ ئىبنى سالام يەھۇدىيلارنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىگەكېلىپ بەنى نەججار مەھەللىسىگە چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا پەيغەمبەردىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدىغان بىر قانچە س وئاللارنى تاشلىدى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۇئاللارغا بەرگەن جاۋابلىرىنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان ئورنىدىن قوپماي تۇرۇپلا ، رەسۇلۇللاھنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈردى. ئاندىن ئۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ، يەھۇدىيلار تۆھمەتخور، يۈزسىز خەلق، ئۇلار مېنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى بىلىپ قالسا، سېنىڭ ئالدىڭدىلا قارىلىغىلى تۇرىدۇ. شۇڭا، ئاۋۋال ئۇلاردىن مېنىڭ ئەھۋالىمنى سوراپ باققىن»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ يەھۇدىيلارنى سىناپ كۆرمەك ئۈچۈن ئۇلارنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي يەھۇدىيلار يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئابدۇللا ھ ئىبنى سالام ئۆيگە كىرىۋالغانىدى . رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن: «ئابدۇللاھ ئىبنى سالام قانداق ئادەم؟» دەپ سورىدى . ئۇلار: « ئۇ بىزنىڭ كاتتا ئ ۆلىمايىمىز، ئۆلىمانىڭ ئوغلى، فازىل ، ياخشى ئادىمىمىز، ياخشى ئاد ىمىمىزنىڭ ئوغلى ، يەنە بىر ئىبارىدە بىزنىڭ كاتتىمىز ھەم كاتتىمىزنىڭ ئوغلى، يەنە بىر ئىبارىدە ياخشى كىشىمىز، ياخشى كىشىمىزنىڭ ئوغلى، ئۆزى فازىل ھەم فازىل كىشىنىڭ ئوغلى »، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: «ناۋادا ئابدۇللاھ ئىبنى سالام مۇسۇلمان بولسا قانداق قارايسىلەر؟» دېۋىدى، ئۇلار بىردەك چوقان كۆتۈرۈشۈپ: «ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي (ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم)»، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا ھ ئىبنى سالام ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى ـ دە: اشهد ان لا اله الا الله و اشهد ان محمد ا عبده و رسوله «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ھەقىقەتەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر»، د ەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن دېگەنىدى . يە ھۇدىيلار بۇنى كۆرۈپ: ھۇ ژومۇسىز، ژومۇسىزنىڭ يۈشتى، دېيىشىپ ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلغىلى تۇردى. يەنە بىر ئىبارىدە، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام: «ئى يەھۇدىيلار جام ائەسى، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، يەككە ـ ي ېگانە ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم بىلىسىلەر، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگىنى ھەق دىن»، دېگەنىدى. ئۇلار يالغان ئېيتتىڭ ، يالغان، دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

مانا بۇ رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە كىرگەن كۈنىلا يەھۇدىيلاردىن ئالغان ت ۇنجى سىناق ئىدى.

دېمەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىچكى جەھەتتىكى پايدىسىز ئامىللار ئىدى. ئەمما تاشقى جەھەتتە يەنىلا ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي د ۈشمىنى قۇرەيش كا پىرلىرى

ئىدى. ئۇلار ئون يىل مابەينىدە (يەنى مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا مەھكۇم بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە) مۇسۇلمانلارغا قورقۇتۇش، تەھدىت سېلىش، ھەر جەھەتتىن قىسىش، ئاچ قويۇش ۋە جازالاش سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزۈپ، چىدىغۇسىز ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى تېتىتتى ۋە ئۇلارغا تەرتىپلىك، نىشانلىق تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئەجەللىك ئىدىيە ئۇرۇشى قوزغىدى. ئاندىن مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلماقچى بولۇۋېدى، ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈك، ئۆي-بىسات ۋە يەر-زېمىنلىرىنى مۇسادىرە قىلىۋالدى. ئۇلارنى بالا-چاقا، خوتۇن-قىزلىرىدىن ئايرىۋەتتى. بەلكى تېخى قول يىغا چۈشۈپلا قالغانلارنى ھەپسىگە ئالدى ۋە قىيناپ ئازا بلىدى. ئاندىن ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلەنمەي، دەۋەت يېتەكچىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىنى بىراقلا يوقىتىش س ۈيقەستىنى پىلانلاشتى . بۇ سۈيقەستنى ئىجرا قىلىشتا قىلچە تەپتارتمىدى. قولدىن كېلىدىغان بارلىق ت ىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى ۋە مۇشۇ ئىشلاردىن كېيىن (مۇسۇلمانلار 500كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر زېمىنغا جېنىنى جايلاپ بېرىۋېلىۋىدى)، ئۇلار يەنە ئۆزىنىڭ ھەرەم ئاھالىسى ، بەيتۇللا ھىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەرەبلەر ئارىسىدىكى دىنى ي ۋە سىياسىي ئورنىدىن پايدىلىنىپ كەڭ كۆلەمدە سىياسىي ھۇجۇم قوزغاپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەر قايسى بولۇڭ-پۇچقاقلىرىدىكى ئەرەب مۇشرىكلىرىنى مەدىنىگە قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتۈپ، مەدىنىنى يېرىم ئىقتىسادىي جازا يۈگۈزۈ لۈش ھالىتىگە قىستاپ كەلدى. نەتىجىدە، بۇ يەرگە پاناھلىنىپ كېلىۋاتقان مۇساپىرلارنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە ئېشىۋاتقان بىر پەيتتە، ئۇنىڭ سىرتتىن كىرىدىغان كىرىم مىقدارى بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى.

چوقۇمكى، مەككىلىك تاجاۋۇزچى زومىگەرلەر بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بۇ يېڭى ۋەتەندە پات ئارىدا چوڭ بىر ئۇرۇشنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەر بولۇپ قالدى ئەمما بۇ ئۇرۇشقا يەنىلا مۇسۇلمانلار سەۋەبچى، دەپ ئۇلارنى ئەيىپكە بۇيرۇش دەل ئىشلارغا باھا بېرىشتە قوش ئۆلچەم قوللانغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمىدۇر، ئەلۋەتتە.

مۇسۇلمانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ مال-مۈلۈك ۋە ئۆي-زېمىنلىرى مۇسادىرە قىلىنغىنىدەك بۇ زالىملارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن ئويناتقان قانلىق قامچىلىرىنى ئۇلارغىمۇ تەگلىشى يوللۇق ۋە خۇددى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىمۇ ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالدۇر ۇلغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ھاياتىمۇ خەۋپ ئىچىدە قالدۇرۇلۇشى ۋە تۇرمۇش يوللىرىغا توسالغۇ-قېيىنچىلىقلارنى ڭ پەيدا قىلىنىشى زۆرۈر-ئەلۋەتتە.

قىسقىسى، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇلارغا قارىتا ئۇلار مۇسۇلمانلارغا تۇتقان پوزىتسىيە ۋە ھەرىكەتلىرىگە ئاساسەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئۇلار مۇسۇلمانلارنى يوقىتىش ۋە ئۇلارنى «تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش» خام خىيالىدىن ۋاز كېچىپ، تىنچلىق يولىنى تاللىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

مانا بۇ لار رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۈممەتنىڭ دىنى رەھبىرى ۋە قوشۇنىنىڭ قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە دۈچ كەلگەن ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلىلەر ئىدى.

ھەقىقەتەن، رەسۇلۇللاھ مەدىنىدە ئۆزىنىڭ پە يغەمبەرلىك ر ۇلىنى ئوبدان جارى قىلدۇردى ۋە ھەر بىر قەۋمگە ئۆزىگە لايىق مېھرى ـ شەپقەت مۇكاپاتىنى يەتكۈزدى ۋەياكى جازا شارابىنى ئىچكۈزدى. كەڭ قوللۇق، ئەپۇچانلىق، مەرھەمەتلەر، ئۆچ ئېلىش ۋە قاتتىق قوللۇقتىن ھ ەممىشە غالىب كەلدى. ئاخىرى بىر قانچە يىل ئىچىدىلا يېرىم ئارالنىڭ سىياسىي ھوقۇقى ئىسلام دىنىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. مۆھتەرەم كىتابخان، تۆۋەندىكى قۇرلاردا بۇلارنى تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋالالايسىز.

## يېڭى جەمئىيەت قۇرۇلۇشى

بىز ئالدىنقى باپلاردا رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىد ىكى بەنى نەججار مەھەللىسىگە چۈشكەن ۋاقتى — جۈمە كۈنى (ھىجرىيىنىڭ بىرىنچى يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 12 ـ كۈنى، مىلادىيە 622 ـ يىلى 27 ـ سېنتەبىر كۈنى)گە توغرا كەلگەنىدى. ئۇ بەنى نەججار مەھەللىسىدە ئەبۇ ئەييۇبنىڭ قورۇسى ئالدىدىكى بىر پارچە تاشلا ندۇق يەرگە چۈشۈپ: «خۇدا خالىسا ، تۇرالغۇمىز مۇشۇ يەردە بولىدۇ»، دېگەن ، ئاندىن ئەبى ئەييۇبنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەتكەن، دېگەنىدۇق.

## «مەسجىدۇننەبەۋى» پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ بىنا قىلىنىشى

رەسۇلۇللاھنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن باسقان تۇنجى قەد ەمى مەسجىدۇننەبەۋىنى بىنا قىلىش بولدى. ئۇ تۆگىسى قايتا ـ قايتا ئىككى قېتىم چۆكۈۋالغان ھېلىقى يەرنى ئىككى يېتىم بالىدىن سېتىۋېلىپ، ئۇ يەرگە مەسجىد بىنا قىلىشقا بۇيرىدى. رەسۇلۇللاھ مەسجىد قۇرۇلۇشىغا ئۆزى بىۋاسىتە قاتناشتى. ئۇ خىش تاشلارنى يۆتكەۋېتىپ مۇنداق دەيتتى:

ئى ئاللاھ! چىن ھايات — ھاياتى ئاخىرەت،
مۇھاجىر ئەنسارغا ئەيلە مەغپىرەت.

رەسۇلۇللاھ يەنە:

كۆتۈرگىنىمىز خەيبەر يۈكىگە ئوخشىماس،
مىڭ ھىزار كۆپ ياخشىدۇر پەرۋەردىگارىم قاخشىماس.

دەيتتى. بۇ مۇڭلۇق مىسرالار ساھابىلارنىڭ قۇرۇلۇش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرەتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرى جاۋاپ قايتۇرۇپ مۇنداق دەيتتى:

گەر دېسەك بىز ئولتۇرۇپ، پەيغەمبىرىم ئىشلىسۇن،
ئازغۇن ئەمەل ئۆزى شۇ، تاش ۋە تۇپراق چىشلىسۇن.

مەسجىدكە تەييارلىغان ئ ورۇندا مۇشرىكلارنىڭ كونا قەبرىلىرى، خاراب ە ئازگاللار ، ئاندا ـ ساندا خورما ۋە غەرقەد دەرەخلىرى بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ قەبرىلەرنى كولاتقۇز ۋۇەتتى، ئازگاللار تىندۇرۇلدى. خورما ۋە باشقا دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىپ مەسجىدنىڭ ئالدى تېمىغا تىزىلدى. مەسجىدنىڭ قىبلىسى بەيتۇل مۇقەددەسكە ئۇدۇللاندى. ئىشىكنىڭ ئىككى يان بايىنىسىنى تاش بىلەن، ئەتراپى تاملىرى خىش، لاي بىلەن قوپۇرۇلدى. ئ ۇستى خورما شاخ ـ شۇمبىلىرى بىلەن يېپىلدى. تۇۋرۇك خورما ياغىچىنىڭ غولى ۋە بادرا چوتالىرىدىن ئېتىلدى ئاستىغا قۇم ـ شېغىللار ياتقۇزۇلدى ۋە ئۈچ يەرگە ئىشىك ئېچىلدى، مەسجىدنىڭ

قىبلە تام تەرىپىدىن ئالدى تامغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى يۈز گەز كەڭلىكىمۇ شۇنچىلىك ياكى سەل تارراق پۈتۈپ چىقتى. مەسجىد تېمىنىڭ ئاساسىي ھۇلى ئۈچ گەزگە يېقىن تۈتۈلدى.

مەسجىد پۈتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يان تەرىپىگە خام خىشلار بىلەن بىر قانچە كىچىك ـ كىچىك ئۆيلەر سېلىنىپ، ئۈستىگە خورمىنىڭ شاخ ـ شۇمبىلىرى يېپىلدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى ئۈچۈن سېلىنغان ھۇجرىلىرى ئىدى. ھۇجرىلار پۈتكەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەبى ئەييۇبنىڭ ئۆيىدىن ئۇنىڭغا كۆچۈپ كەلدى.

بۇ مەسجىد ناماز ئادا قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان خانىقا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ مۇسۇلمانلارغا ئىسلام دىنى تەلىماتلىرى ۋە ئەمرى ـ پەرمانلىرى يەتكۈزۈلىدىغان سورۇن، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىنىدىغان ئالىي بىلىم يۇرتى؛ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى جاھىلىيەت ۋە ئىچكى ئۇرۇشلار يۈز ئاقلاشتۇرۇۋەتكەن بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىكى بار قەبىلىلەرنىڭ ئۇچرىشىپ ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئۆزئارا ئۈلپەت ھاسىل قىلىدىغان يىغىن مەركىزى؛ ئىجتىمائىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان، دۈشمەنگە قارشى قوشۇن تەشكىللەيدىغان ھەربىي بازا؛ شۇنداقلا مەسلىھەت، كېڭەش سورۇنى ۋە ئىجرائىيە مەجلىسلىرىنى ئۆتكۈزىدىغان پارلامېنت (قۇرۇلتاي) ئورگىنى بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ مەسجىد يۇرت ـ ماكانلىرىدىن، مال ـ دۇنيالىرىدىن ۋە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىدىن ئايرىلىپ مۇساپىر بولۇپ كەلگەن زور بىر تۈركۈم كەمبەغەل مۇھاجىرلارنىڭ تۇرالغۇ جايىمۇ بولغانىدى.

ھىجرەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھەر كۈنى بەش قېتىم ئوقۇلۇپ، جاھاننى لەرزىگە سالىدىغان مۇڭلۇق ياڭراق سادا «ئەزان» تۈۋلاش يولغا قويۇلدى. ئىمام تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد، ئەھمەد ۋە ئىبنى خوزەيمىلەر رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئابدۇللاھ ئىبنى زەيدنىڭ ئەزان توغرىلىق كۆرگەن چۈشى ھەممىگە مەلۇملۇق.

## ئىسلام قېرىنداشلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىغىلىش ۋە بىرلىشىش مەركىزى (مەسجىد)نىڭ قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇلۇغۋار، ھەمدە ئاجايىپ خاسىيەتلىك مۇنداق بىر ئىشنى ئېلىپ باردى. ئۇ بولسىمۇ مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ئىشى ئىدى.

ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ: ئارقىدىنلا رەسۇلۇللاھ ئەنسارلار بىلەن مۇھاجىرلارنى يىغىپ ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ قورۇسىدا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. بۇ پائالىيەتكە توقسان كىشى قاتناشتى. ئۇلارنىڭ يېرىمى ئەنسارلاردىن، يېرىمى مۇھاجىرلاردىن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى ئۆزئارا ئۈلپەتلىشىپ ۋە ئۆزئارا ياردەمدە بولسۇن ئۈچۈن قېرىنداش قىلىپ قويدى. ئۇلار بەدرى ئۇرۇشىدىن كېيىنكىچە قەدەر ئۇرۇق ـ تۇققانلار بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولۇشماستىن، ئاشۇ ئىسلام قېرىنداشلىقى ئورناتقانلار بىر ـ بىرىگە ۋارىس (مىراسخور) بولۇشاتتى. ئاللاھ سۈرە ئەنفالدا ﴿واولوا الارحام بعضهم اولى ببعض﴾ «ئۇرۇق ـ تۇققانلار بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولۇشقا (ياتلاردىن) ئەڭ ھەقلىقتۇر»، («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنفال 75 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغاندىن

كېيىن ئىسلام قېرىنداشلىقىدىكى بىر ـ بىرىگە مىراسخور ب ولۇش قائىدىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ پەقەت ئۇرۇق ـ تۇققانلار مىراسخور بولۇش قائىدىسى ساقلاپ قېلىندى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، رەسۇلۇللاھ ئىككىنچى قەدەمدە مۇھاجىرلارنىمۇ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە چېتىپ قېرىنداش قىلىپ قويغان . ئەمما، ئاۋۋالقى قاراش تېخىمۇ توغرىدۇر. چۈنكى، مۇھاجىرلار ئارىسىدا ئىسلام قېرىنداشلىقى، يۇرتداشلىق، نەسەب ۋە ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتى بار بولغاچقا ئۇلار ئارىسىدا قايتا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى ، ئەمما ئەنسارلار بىلەن مۇھاجىرلار ئوتتۇرىسىدا بۇ پائالىيەتنى ئېلىپ بېرىش تولىمۇ زۆرۈر ۋە ئەھمىيەتلىك ئىش بولغانىدى.

بۇ قېرىنداشلىقنىڭ نىشانى (ئىمام غەززالى ئېيتقىنىدەك) جاھىلىيەتچە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە كىشىنىڭ قەدرى ـ قىممىتى ۋە ياكى خار ـ زەبۇنلىقى ئۇنىڭ ئىدىيە ئەخلاقى ۋە تەقۋادارلىقى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش دېگەن بولاتتى. بۇ دېگەنلىك ئۆز تەرەپدارىنى پەقەت ئىسلام ئۈچۈنلا ھىمايە قىلىش ۋە قوغداش ، نەسەب، ئىرق ۋە يۇرت پەرقلىرىنى پۈتۈنلەي تۈگىتىش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى ئ اريىسدا ئورناتقان بۇ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي توۋلايدىغان قۇرۇق شوئارغا ئەمەس، بەلكى كۈچلۈك ئەھدۇ ـ پەيمانغا، جانغا ۋە مالغا چېتىلىدىغان ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغانىدى. ئۆز مەنپەئەتىدىن باشقىلارنىڭ مەنپەتىنى ئەلا بىلىش ، ئۆزئارا كۆيۈنۈش ۋە ئۆزئارا ئۈنسى ئۈلپەت ۋە چىقىشقاقلىق بۇ قېرىنداشلىققا شۇنداق چوڭقۇر سىڭگەن ئىدىكى ئۇ ئىشلار بولۇپ، بۇ يېڭى جەمئىيەتنى ئاجايىپ تەسىرلىك ئىش ـ ئىزلار بىلەن توشقۇزۇۋەتكەنىدى.

ئىمام بۇخارى نەقىل قىلغان ھەدىستە: «مۇھاجىرلار مەدىنىگە كەلگەندىن ك ېيىن، رەسۇلۇللاھ مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئوتتۇر ىسىنى قان ـ قېرىنداش قىلىپ چېتىپ قويدى. ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف بىلەن سەئ ىد ئىبنى رەب ىيئەنىڭ ئوتتۇر ىسىنى قېرىنداش قىلىپ قويغانىدى. سەئەد ئابدۇرەھمانغا: «مەن ئەنسارلار ئىچىدە ئەڭ مالدار ئادەممەن، ماللىرىمنى ئىككى ھەسسە قىلىپ بىرىنى سەن ئالغىن، ئىككى ئايالىم بار، ساڭا قايسىسى چىرايلىق كۆرۈنسە ماڭا ئېيتقىن، ئۇنىڭ تالىقى (سۆزى)نى بېرەي، ئىددىتى چىقىپ بولغاندا سەن نىكاھىڭغا ئالغىن»، دېدى. ئابدۇرەھمان ئۇنىڭغا جاۋابەن: «ئاللاھ سېنىڭ ئائىلەڭگە ۋە مال ـ دۇنيالىرىڭغا بەرىكەت بەرسۇن، ماڭا بازىرىڭلارنى كۆرسىتىپ قويساڭلار كۇپايە»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئابدۇرەھماننى بەنى قەين ۇقا بازىرىغا باشلاپ باردى. ئابدۇرەھمان ئۇ يەردە ئۇنى ئېلىپ ، بۇنى سېتىپ دېگەندەك بىردەمدىلا مەلۇم مىقداردا قۇرت ۋە ئازراق ياغ پايدا ئالدى . ئەتىسى ئەتىگەن يەنە باردى. شۇنداق قىلىپ بىر كۈنى ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلگەنى دى، ئۇنىڭدىن ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئالامەتلىرى مەلۇم بولدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن: «نېمە ئىش بۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئابدۇرەھمان: «ئۆيلىنىۋالدىم»، دەپ جاۋاب بەر دى. رەسۇلۇللاھ: «ئۇنىڭغا قانچىلىك تويلۇق ئاپاردىڭ؟» دېۋىدى، ئابدۇرەھمان: «ئۆكچە چوڭلۇقىدا ئالتۇن مەھرى بەردىم»، دېدى، دېيىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئەب ۇ ھ ۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئە ﻧﮫۇدىن نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە : «ئەنسارلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «خورمىزارلىقنى بىز بىلەن مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىزغا بۆلۈپ بەرگىن» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ»، دەپ ئۇنىمىدى. بۇ چاغدا مۇھاجىرلار: «خورمىنىڭ بىز بىلمەيدىغان ئىشلىرىنى ئۆزۈڭلار قىلىڭلار، ئەمما ھوسۇلىغا تەڭ شېرىك بولايلى» دېگەنىدى. ئەنسارلار باش ئۇستىگە دېيىشتى.

ئەنسارلارنىڭ بۇ جاۋابى ئۇلار نىڭ مۇھاجىر قېرىنداشلىرىنى قانچىلىك قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىنى، ئۇلار ئۇچۇن ھەر قانداق بەدەل گە تۆلەش ; ئۆز مەنپەئىتىدىن ۋاز كېچىشكە سەمىمى ساداقەتمەن بولۇشقا ھەر زامان ـ ھەرماكاندا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنداقلا مۇھاجىرلا رنىڭمۇ بۇ ھۆرمەتنى توغرا قەدىرلىگەنلىكىنى ۋە ئەنسارلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى (خۇدايىم بەردى دەپ تەييارغا ھەييار بولۇپ ) بۇسۇرۇۋالماستىن، ئېھتىياجىغا چۇشلۇق ئېلىپ سەرپ قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

بۇ «قېرىنداشلىق ئورنىتىش» ھەرىكىتى نىڭ مۇسۇلمانلار كېيىنكى كۈنلەردە دۇچ كەلگەن ھەرخىل مۈشكۈلاتلارنى ئۇنۇملۇك ھەل قىلىشتا ھەقىقەتەنمۇ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان دانا تەدبىر بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

## ئىسلامى ئىتتىپاقداشلىق ئەھدىنامىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام م ۇئمىن ـ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقاندەك ، ئۇلار ئارىسىدا يەنە ئىسلامى ئىتتىپاقداشلىق ئەھدىنامىسى ئورناتتى. ئۇ بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قېپقالغان جاھىلىيەتنىڭ كونا ئەسەبيي قاراشلىرىنى ۋە قەبىلە تالاش ـ تارتىشلىرىنى تۈگەتتى. جاھىلىيەتنىڭ قالاق ئەنئەنىلىرىگە خاتىمە بەردى.

ئەھدىنامىنىڭ ماددىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى:

*بۇ مۇھەممەد پەيغەمبەر (ئەلەيھىسسالام)نىڭ قۇرەيش ۋە يەسرەب (مەدىنە)لىك مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ۋە بۇلارغا ئەگىشىپ كېيىن قوشۇلغان ۋە ئۇلار بىلەن بىر تام بولۇپ جىھاد قىلغانلار ئوتتۇرىسىدا توختاتقان ئىتتىپاقداشلىق ئەھدىنامىسىدۇر:*

*1) مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلار بىر ئۇممەت ھېسابلىنىدۇ، يات دىندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.*

*2) قۇرەيشلىك مۇھاجىرلار ئۆز ھالىغا يارىشا ، دىيەت ـ تۆلەم ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئەسىر قۇتۇلدۇرۇش ئىشلىرىغ ئاكتلىق كۈچ قوشىدۇ . ئەنسارلارنىڭ ھەرقايسى قە بىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۆلەم دىيەت ئىشلىرىنى ئاۋالقىدەكلا ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالىدۇ. ھەر قايسى ئايماق ـ ئاۋۇللار ئۆز ئەسىرلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشىدۇ.*

*3) مۇئمىن مۇسۇلمان بولغان كىشى ئەسىر قۇتقۇزۇش ياكى تۆلەم تۆلەش ئىشلىرىدا ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋالمايدۇ.*

4) تەقۋادار مۇئمىن مۇئمىنلەرگە قارشى تۇرغانلارغا ياكى ئۇلارغا قارشى دۈشمەنلىك سۈيىقەستىنى پىلانلىغۇچىلارغا، گۇنا ـ مەئسىيەت ، تاجاۋۇزچىلىق، ئىغۋاگەرچىلىك، بۇزۇقچىلىق يولىنى تۇتقۇچىلارغا ئورتاق قارشى تۇرىدۇ.

5) مەزكۇر يامان ئىش، يامان ھەرىكەتلەرگە قارىتا ھەممەيلەن ئورتاق قارشى تۇرىشى، ئاتىسى ياكى بالىسىنىڭ بۇ ئىشلارغا چېتىلىپ قېلىشى ئۇنى ئەھدىگە ۋاپا قىلىشتىن توسۇپ قويماسلىقى لازىم.

6) مۇئمىن ئادەم كاپىرنىڭ قىساسىنى دەپ يەنە بىر مۇئمىننى ئۆلتۈرمەيدۇ.

7) مۇئمىن ـ مۇسۇلمان كىشى باشقا بىر مۇسۇلمانغا قارشى ك اپىرغا ياردەم بەرمەيدۇ.

8) ئاللاھنىڭ باشپاناھلىقى ھەممىگە ئورتاق بۇنىڭدا يۇقىرى ـ تۆۋەن دەپ ئايرىلمايدۇ.

9) يەھۇدىيلاردىن بىزگە تابى بولغانلار نى (باشقا يەھۇدىيلار غا ناھەق ئۇۋال قىلىنمىغان ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىمىغان ئاساستا) قوغداش ۋە قوللاش لازىم.

10) مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلارنىڭ تىنچلىقى بىر پۈتۈن جامائەتچىلىكنىڭ ئورتاق تىنچلىقىدۇر. شۇڭا ئاللاھ يولىدىكى جىھادتا بىر مۇئمىن يەنە بىر مۇئمىننىڭ پىكرىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ ، ئۆز بىشىمچىلىق بىلەن س ۈلھى تۈزمەسلىكى لازىم. بىراق، تەڭ ـ باراۋەرلىك، ئادالەت ئۈچۈن بولسا ئۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.

11) مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى قان تۆكۈش ، قان تۆكۈلۈش زىدىيەتلىرىدە ئاللاھنىڭ ھۆكۈمى بويىچە مۇكاپات ۋە جازا يۈرگۈزۈلىدۇ .

12) ھېچقانداق بىر يەسرەپلىك مۇشرىك قۇرەيشلىكلەرنىڭ مېلىغا، نە جېنىغا پاناھلىق بېرەلمەيدۇ ۋە ئۇنى مۆئمىنلەردىن قوغداپ قالالمايدۇ.

13) ھەر قانداق ئادەم نىڭ يەنە بىر مۇئمىن ئادەمنى قەستەن ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى ئىسپاتلانسا ، ئۇ قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈر ۈلىدۇ. بىراق ، ئۆلگۈچى تەرەپنىڭ ئىگە چاقىلىرى ئەپۇ قىلسا، ئۇ بۇ ھۆكۈمدىن مۇستەسنادۇر.

14) بۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشتا ھەممە مۇئمىن مۇسۇلماننىڭ ئورتاق مەجبۇرىيتى بار. ئىجرا قىلىشقا كۈچ چىقىرىشقا بولىدۇكى، ھەرگىز پاسىپلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

15) مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلار بۇزۇق نىيەتلىك ئادەملەرگە ياردەم بېرىشكە ۋە ئۇلارغا سورۇن ھازىرلاپ بېرىشكە بولمايدۇ. كىمدە كىم شۇنداق ئادەملەرگە ياردەم بېرىدىكەن ياكى سورۇن ھازىرلاپ بېرىدىكەن قىيامەت كۈنىدە ئۇ ئاللاھنىڭ لەنىتى ۋە غەزىپىگە دۇچار بولۇشقا مۇناسىپتۇر. ئۇنىڭدىن نە پەرز ، نە نەفلى ئىبادەت (سەدىقە) قوبۇل قىلىنمايدۇ.

16) مۇسۇلمانلار ھەر قانداق بىر ئىشتا ئىختىلاپلىشىپ قالسا ئۇنى ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايرىپ(بىر تەرەپ قىلىپ) قويۇشىغا سۇنۇلىدۇ.

## روھىي تەربىيىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى

مانا مۇشۇنداق ھېكمەتلىك، دانا تەدبىر ۋە پۇختا ئاساسلار بىلەن رەسۇلۇللاھ بۇ يېڭى جەمئىيەتنىڭ ھۇل ـ ئاساسىنى تۇرغۇزدى. بۇ بۈيۈك يۈزلىنىش ماھىيەتتە، ئاشۇ ئۇلۇغ ساھابىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ مەرىپەتلىك سۆھبەت بۇلىقىدىن ئالغان روھى ئوزۇقىنىڭ ئەمەلىي تەسىرى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلار غا ئەتە ـ ئاخشىمى، ئىلىم ـ بىلىم ئۆگىتىپ، تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىپ روھىيىتىنى پاكلاپ ۋە ئېسىل ئەخلاقلارغا تەرغىپ قىلىپ تۇراتتى ۋە ئۇلارغا قېرىنداشلىق، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىك بولۇشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆگىتەتتى.

بىر كىشى رەسۇلۇللاھدىن: «ئىسلام دىنىدا ئەمەللەرنىڭ قايسىسى ياخشى؟ ... » دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «ئاچلارغا تاماق بېرىسەن، تونۇغان ـ تونۇمىغان ھەممىگە سالام قىلىسەن»، دەپ جاۋاب بەردى.

ئابدۇللاھ ئىبنى سالام مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلغان كۈنىلا مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدىم، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ھەرگىز يالغان ئېيتمايدىغانلىقىنى پەملىدىم. ئۇ تۇنجى سۆزلىگەن نۇتقىدا: «ئى خالايىق! سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار، ئاشكارا قىلىڭلار، ئاچلارغا تائام بېرىڭلار، ئۇرۇق تۇققانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىڭلار، كېچىدە ھەممە ئادەم ئۇخلىغاندا سىلەر ناماز ئوقۇڭلار شۇنداق قىلساڭلار ئامان ـ ئېسەن جەننەتكە كىرىسىلەر»، دېدى.

رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دەيتتى:

«قولۇم ـ خوشنىلىرى يامانلىقىدىن ئەمىن بولالمايدىغان ئادەم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ».

— «مۇسۇلمان دېگەن باشقا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلى ۋە قولىدىن ئەمىن بولالىغان ئادەمدۇر».

— «بىر كىشى ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى باشقا مۆئمىن قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە (كامىل) مۆئمىن بولالمايدۇ».

— «مۆئمىن ـ مۇسۇلمانلار گويا بىر تەن، بىر گەۋدىگە ئوخشايدۇ، كۆزى ئاغرىسىمۇ پۈتۈن بەدەن سىرقىرايدۇ. باش ئاغرىسىمۇ ھەم شۇنداق».

— «مۆئمىن ـ مۇسۇلمانلار ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇشتا گويا چوڭ بىر بىناغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ خىشلىرى بىر ـ بىرىنى چىڭىتىدۇ». ئۇ يەنە مۇنداق دەيتتى:

«ئاداۋەتلەشمەڭلار، ھەسەت تىخورلۇق قىلماڭلار ، دۈشمەنلەشمەڭلار. ئى خۇدانىڭ بەندىلىرى، ھەممىڭلار بىر تۇققان قېرىنداشتەك بولۇڭلار. مۇسۇلمان ئادەم نىڭ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى توغرا بولمايدۇ».

— «مۆئمىن ـ مۇسۇلمانلار ئۆزئارا قېرىنداشتۇر، بىرسى ـ بىرسىگە زۇلۇم قىلمىسۇن ۋە ئۇنى دۈشمىنىگە تۇتۇپ بەرمىسۇن. كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش يولىدا ماڭسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنى غەمدىن خالاس قىلسا ئاللاھ ئۇ ئادەمدىن قىيامەت كۈنىنىڭ

قىيىنچىلىقلىرىدىن چوڭ بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كىمكى ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا ئاللاھ قىيامەت كۈنىدە ئۇ ئادەمنىڭمۇ ئەيىبىنى ياپىدۇ».

— «زېمىندىكى كىشىلەرگە مېھرى ـ شەپقەت قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە رەھىم قىلىدۇ».

— «ئەتراپىدىكى قولۇم ـ خوشنىلىرى ئاچ ـ يالىڭاچ يۈرۈۋاتسا، ئۆزى يەپ ـ ئىچىپ قورسىقى توق يۈرگەن كىشى مۇئمىن ئەمەس، مۇئمىننى تىللاش پاسىقلىق تۇر، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش كۇفرىلىقتۇر».

رەسۇلۇللاھ يەنە يوللاردىن زىيانلىق نەرسىلەرنى يوقىتىشنى، سەدىقە قىلغانغا باراۋەر دېيىتتى ۋە ئۇنى ئىماننىڭ بىر تارمىقى دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ يەنە مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلارنى خەيرى ـ ساخاۋەت قىلىشقا تەرغىب قىلىپ ، سەم ۋە ساخاۋەتنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا ئادەمنىڭ دىلى ئېرىگۈدەك ياخشى گەپلەرنى قىلىپ بېرەتتى. ئۇ: «سەدىقە بېرىش گۇناھ ـ مەسئىيەتلەرنى، گويا سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك ئۆچۈرىدۇ»، دېدى.

— «قايسى بىر مۇسۇلمان يالىڭاچ (يېپىنچىسىز) قالغان بىر مۇسۇلمانغا كىيىم كىيگۈزۈپ قويسا، ئاللاھ ئۇ مۇسۇلمانغا قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ يېشىل تونلىرىدىن بىر تون ياپىدۇ. قايسى بىر مۇسۇلمان ئاچ قالغان بىر مۇسۇلماننى تويغۇزسا، ئاللاھ ئۇنى جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن غىزالاندۇرىدۇ، قايسى بىر مۇسۇلمان ئۇسسۇز ـ تەشنا مۇسۇلمانغا سۇ بەرسە، ئاللاھ ئۇنى (جەننەتتىكى) شېرىن بۇلاقتىن سۇغىرىدۇ».

— «بىر خورمىنىڭ يېرىمى (نى سەدىقە قىلىش) بىلەن بولسىمۇ دوزاخ ئ ۋتىدىن ساقلىنىڭلار، ئۇنى تاپالمىساڭلار چىرايلىق گەپ بىلەن بولسىمۇ شۇنداق قىلىڭلار»،

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ يەنە تىلەمچىلىك قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ قولىغا قارا يدىغان تەييار تاپ بولۇپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىشقا بۇيرىيتتى ۋە سەۋرچان، قانائەتچان بولۇشنىڭ پەزىلەتلىرىنى چۈشەند ۈرەتتى. ئۇ : « باشقىلارنىڭ قولىدىن بىر نەرسە تىلەپ يېيىش قىيامەت كۈنىدە تىلەمچىنىڭ يۈزىدە ئۆچمەس داغ ياكى ئەتىسىز (ئىسكىلىت) ھالەت ۋە ياكى ساقايماس زېدە ـ جاراھەت پەيدا قىلىدۇ ، (بىراق) مەجبۇرلۇق ھالەت بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر»، دەيتتى.

ئۇ يەنە ساھابىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبادەتكە بېرىلىدىغان كاتتا ئەجىر ـ ساۋابلارنى سۆزلەپ بېرىش بىلەن بىللە ئۆزىگە نازىل بولغان ۋەھيىلەرنى ئوقۇپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ۋەھىي ئىلاھى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چىڭىتاتتى. ئۇلارمۇ كۆڭلۈك ۋەھيىنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا ئوقۇ ۋېلىش ئارقىلىق ئ ۋزلىرىنىڭ ئىلاھى ۋەھيىگە بولغان تونۇشىنى ئۇستۈرەتتى. بۇخىل دەرس مۇزاكىرە ئۇلارغا ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ بىلىمنى چوڭقۇرلاشتى ۋە ئۇلارغا ئىسلامىي دەۋەتنىڭ تەلىۋى ۋە ئىلاھىي ئەلچىلىكنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تونۇتاتتى.

رەسۇلۇللاھ نىڭ مانا مۇشۇنداق مۇكەممەل تەربىيىسى ئاستىدا، ساھابىلەرنىڭ پۈتكۈل روھىي دۇنياسى ئەخلاق ـ رەۋىشلىرى پۈتۈنلەي ئىسلامىي ئاڭ ۋە ئىسلامىي ئىدىيە ئاساسىغا قۇرۇلۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى ئىتتىقاد قىلغان ۋە بەيئەت بەرگەن بۇ دىننىڭ ماھىيىتى ۋە ئاخىرقى نىشانىنى مۇكەممەل رەۋىشتە چۈشەندى، ئۇلار ھاياتلىقتىكى ھەرقانداق

هادىسىگە ئىسلامىي ئاڭ ۋە ئىسلامىي نۇقتىدىن شەيئىلەرنىڭ قىممىتىنى پەقەت ئىسلامىي ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەيدىغان بولدى. رەسۇلۇللاھ يەنە ساھابەكىراملەرنىڭ ۋۇجۇدىدا مەنىۋى مەدەنىيەت پەزىلىتىنى ۋە گۈزەل ئەخلاق سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى ۋە ئۇلارنى كىشىلىك قەدرى ـ قىممەت قارىشى، دۇنيا قارىشى ۋە ۋۇقىرى ئۆلگە تىكلەش قارىشى بىلەن تەربىيىلەپ، ئاخىر ئۇلارنى ئىنسانىيەت تارىخىدا پەيغەمبەرلەردىن قالسا كامالەت يۇقىرى پەللىسىدىكى ئەڭ لايىق ئۆگىنىش ئۆلگىلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد: «سىلەردىن ئىلگىرى كىملەرنىڭ يولىدا ماڭماقچى بولغانلار چوقۇم ئۆلۈپ كەتكەن ياخشىلارنىڭ يولىدا ماڭسۇن، چۈنكى ھايات كىشىلەر پىتنە ـ پاساتتىن ئەمىن بولالمايدۇ. ئەنە ئاشۇلار (رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىلىرى) مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ ئە ۋزەل كىشىلىرىدۇر، ئۇلار قەلبى پاك، ئىلمى چوڭقۇر، قۇرۇق تەكەللۇپتىن خالىي كىشىلەر ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ سۆھبىتى ئۈچۈن ۋە ئۆز دىنىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تاللىغاندۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ پەزىلىتىنى تونۇڭلار ۋە ئۇلارغا ئەگىشىڭلار قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈڭلار! چۈنكى ئاشۇلارلا توغرا ھىدايەت بىلەن كەتكەنلەردۇر»، دېگەن.

ئەڭ مۇھىمى مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ ئالىي يولباشچىسى بولغان رەسۇلۇللاھ يۈكسەك كامالەت، تەبىئى ئىقتىدار، ئالىيجاناپ روھ، ئېسىل پەزىلەت، گۈزەل ئەخلاق ۋە بۈيۈك خىسلەتلەرنى كىشىنىڭ قەلبىنى مەھلىيا قىلغۇدەك ۋە جان پىدا قىلىشقا ئەرزىگۈدەك دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرگەن ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھەر قانداق بىر گەپنى قىلسا ساھابىلەر ئۇنى ئورۇنداشقا ئالدىرايتتى بىرەر خىزمەت ياكى بىرەر ئىشنى ئورۇنلاشتۇرسا ئۇنى بەس ـ بەستە ئەمەلىلەشتۈرەتتى. مانا مۇشۇنداق ئەتراپلىق تۇتۇش ۋە تەربىيىلەش ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ بۇ يېڭى ۋەتەندە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ گۈزەل ئەڭ بەخت سائادەتلىك ۋە ئەڭ ئىناق بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىپ قۇرۇپ چىقتى ۋە ئىنسانىيەت يىراق ئۆتمۈش ۋە ياكى يېقىن كەلگۈسىدە بولمىسۇن ھەل قىلىشقا قادىر بولالمىغان (ئەمەلىيەتتە قادىر بولالايدىغان) نۇرغۇن مەسىلە ۋە مۇشكىلاتلارغا ھەل قىلىش ئاساسىنى تۇرغۇزدى.

رەسۇلۇللاھ مۇشۇنداق يۈكسەك مەنىۋى تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق زاماننىڭ ھەرخىل دولقۇنلىرىغا دۇچ كەلگەن بۇ يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئاساسىنى پەيدىن ـ پەي تاكامۇللاشتۇردى، ھەتتا ئۇ (زامان)نىڭ تەتۈر ئېقىنىنى ئوڭغا بۇرىيالىدى، تارىخ ۋە پەلەك گىردىشىنى يېڭى يۆنىلىشكە قاراپ يۈزلەندۈرەلىدى.

## يەھۇدىيلار بىلەن ئەھدىنامە تۈزۈش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېلىپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئېتىقادىي ۋە سىياسىي بىرلىك ھەم ئىجتىمائىي تەرتىپ ئورنىتىش ئارقىلىق بۇ يېڭى ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، غەيرى مۇسۇلمان خەلقلەر بىلەن بولغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلەرنى رەتكە سېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭدىن مەقسەت مەدىنە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئىناق خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ئارقىلىق تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىسلامىي دەئۋەتنىڭ پۇختا

ئاساسىنى تۇرغۇزۇش، شۇنداقلا پۇتكۇل ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەختەر، تىنچ، بەخت ـ سائادەتلىك، ئىللىق تورمۇش مۇھىتى يارىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە شۇنداق كەڭ قورساق، شۇنداق يول قويۇش سىياسىتىنى يولغا قويدىكى ، ئىبغىر تەئەسسۇبىيەت ۋە چېكىدىن ئاشۇرۇپ جازالاش شۇئارى بىلەن تونۇشۇپ كەتكەن ئاشۇ جاھاندا ئۇرداق دانا سىياسەت ھەرگىز تېپىلمايتتى.

غەيرى مۇسۇلمانلاردىن مەدىنىگە ئەڭ يېقىن جايدا ئولتۇراقلاشقانلار (يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك) يەھۇدىيلار ئىدى. گەرچە ئۇلار مۇسۇلمانلارغا يۇشۇرۇن ئۆچمەنلىك ساقلاپ يۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن ھازىرغىچە ھېچقانداق قارشىلىق ياكى ئەمەلىي دۈشمەنلىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن دىنى ئىتقاد ۋە مال ـ مۈلۈك ئىگىدارچىلىق جەھەتتە مۇتلەق ئەركىنلىك بېرىلگەن مۇنداق بىر كېلىشىم ئىمزالىدى. بۇ كېلىشىم كەمسىتىش، ناھەقچىلىق ۋە ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش ۋە بېسىم ئىشلىتىش قاتارلىقلاردىن تامامەن خالىي بولدى.

بۇ كېلىشىم مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامە قاتارىدا بىرگە ئىمزالىنىپ يولغا قويۇلدى. بۇ كېلىشىمنامىنىڭ ماددىلىرى تۆۋەندىكىلەر ئىدى:

1) بەنى ئەۋف يەھۇدىيلىرى مۆئمىن ـ مۇسۇلمانلار بىلەن پۈتۈن بىر گەۋدە. يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولىدۇ، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى كەمسىتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىگە چاقىلىرى ۋە ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكى گە چوقۇم كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. بەنى ئەۋف يەھۇدىيلىرىدىن باشقا يەھۇدىيلارمۇ مۇشۇ بويىچە ئۆزىنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىدۇ.

2) يەھۇدىيلارمۇ، مۇسۇلمانلارمۇ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرىدۇ (ئالۋان ـ سېلىق قويۇلمايدۇ).

3) مۇشۇ كېلىشىمگە قول قويغۇچى تەرەپلەر بىر ـ بىرىنىڭ دۈشمىنىگە ئورتاق قارشى تۇرىدۇ.

4) يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرىگە سەمىمىي، سادىق بولىدۇ، گۇناھ سادىر قىلماسلىق شەرتى بىلەن ئۆزئارا خەيرى ـ خاھلىق قىلىشىسا بولىدۇ.

5) ھەر قانداق بىر شەخس نىڭ ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداشىغا ئاسىيلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

6) قايسى تەرەپ زۇلۇمغا ئۇچرىسا ياردەم بېرىلىدۇ.

7) مۆئمىن ـ مۇسۇلمانلار ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرىدىكەن يەھۇدىيلار چوقۇم مۇسۇلمانلار بىلەن بىر تەرەپ تۇرىدۇ.

8) مۇشۇ كېلىشىم نىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يەسرەب (مەدىنە) تەۋەلىكى ھارامدۇر[①].

[①] ناھەق قان تۆكۈش، بۇلاڭچىلىق، قاراقچىلىق، باسقۇنچىلىق، گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخ ۋە ئاممىۋى ئەسلىھەلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قاتارلىقلار گويا مەككىدە ھارام بولغاندەك مەدىنىدىمۇ ھارام بولىدۇ. مەككە مەدىنىنىڭ «ئىككى ھەرەم» دەپ ئاتىلىشى مۇشۇنىڭدىن بولغان. ـ ت

9) كېلىشىمگە ئىمزا قويغان ھەر قايسى تەرەپ ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ھەر قانداق ۋەقە ياكى جېدەل ـ ماجىرا، ئىختىلاپلار ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇنۇلىدۇ.

10) ئىمزا قويغۇچى ھەر قايسى تەرەپ ئەزالىرى قۇرەيش ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا پاناھلىق بەرمەيدۇ.

11) يەسرەب (مەدىنە)نى قوغداش ئۈچۈن ھەر قايسى تەرەپ ئورتاق كۈچ چىقىرىدۇ. ھەممەيلەن ئۆز تەۋەلىكى، ئۆز رايونىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ.

12) كېلىشىمنامە ماددىلىرى زالىمنىڭ زۇلمىدىن ياكى گۇناھكار ئاسىينىڭ بىخەستەلىكى تۈپەيلىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ.

مانا بۇ كېلىشىمنامىنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن مەدىنە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپ رايونلىرى بىرلىككە كەلگەن مۇستەقىل بىر دۆلەتكە ئايلاندى. مەدىنە شەھىرى دۆلەتنىڭ پايتەختى، رەسۇلۇللاھ بۇ دۆلەتنىڭ رەئىسى (ئەگەر مۇشۇنداق ئاتاش توغرا بولسا)لىككە سايلاندى . ھاكىمىيەت ۋە ھوقۇقنى مۇسۇلمانلار ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھەقىقى پايتەختىگە ئايلاندى . كېيىنچە رايون تىنچلىقى ۋە بىخەتەرلىك دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەمەلىي شەرت ـ شارائىتقا بېقىپ ئەتراپتىكى يەنە باشقا قەبىلىلەر بىلەنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تىنچلىق ۋە بىخەتەرلىك كېلىشىملىرىنى ئىمزالىدى. ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى كېيىنكى بەتلەردىن كۆرگەيسىز.

## قانلىق توقۇنۇش

### ھىجرەتتىن كېيىن قۇرەيش دائىرىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىغۋاگەرچىلىك ئۇرۇشى قوزغىغانلىقى ۋە مۇناپىق ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بىلەن يوشۇرۇن ئالاقىلاشقانلىقى

ئالدىنقى باپلاردا بىز مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا سالغان زۇلۇملىرىنى ۋە پاجىئەلىك قىيناشلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ھىجرەت مەزگىلىدە مۇسۇلمانلارغا قىلمىغان ۋەھشىيلىكلىرى قالمىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارمۇ ئۆلتۈرۈلۈشكە ۋە مال مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. لېكىن ، ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن ئەس ـ ھوشىنى يىغىۋېلىپ ، تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى توختاتماستىن، بەلكى تېخى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىن چىقىپ

كەتكەنلىكىگە ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن مەدىنىدە بىخەتەر، تىنچ ماكان تېپىۋالغانلىقىغا چىدىماي كەتتى. شۇڭا ، ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيگە [1] ۋە ئۇنىڭ مۇشرىك تايانچىلىرىغا خەت يېزىپ ئ وچۇقتىن ـ ئوچۇق: « *سىلەر بىزنىڭ ھېلىقى ئادىمىمىزگە ئ ورۇن بېرىپسىلەر، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمىزكى ، سىلەر ئۇنى ئۆزەڭلار جازالاپ بىر تەرەپ قىلىۋەتمىسەڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن قوغلاپ چىقارمىساڭلار، بىز ئومۇمىي ۋۇزۇك قوزغىلىپ چىقىپ ئەرلىرىڭلارنى ئۆلتۈرىمىز، ئاياللىرىڭلارنى خوتۇن قىلىمىز..* » دېدى.

بۇ خەتنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئ ۇبەي مەككىلىك قەدىناسلىرىنىڭ پەرمانىنى بىجا كەلتۈرمەكچى بولدى (چۈنكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنى بولغۇسى پادىشاھلىق تەختىمنى تارتىۋالدى دەپ ئاغرىنىپ يۈرەتتى).

ئابدۇرەھمان ئىبنى كەئب مۇنداق دەيدۇ: « بۇ خەت ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە ئۇنىڭ بۇتپەرەس سەپداشلىرىنىڭ قولىغا تە گكەن ھامان ئۇلار توپلىنىپ رەسۇلۇللاھقا قارشى ئۇرۇش قوزغاش قارارىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇلار بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇلارغا: « قۇرەيشلىكلەرنىڭ دەبدەبە ھەيۋىسى سىلەرنى چۆچۈتۈۋېتىپتۇ، ئۇلار سىلەرگە ھازىر ئۆز ق ولۇڭلار بىلەن ئۆز ۋۇڭلارغا سالماقچى بولغان زىياندىن چوڭ زىيان سالالمايدۇ. سىلەر ھازىر ئۆز پۇشتۇڭلار ۋە ئۆز قەۋم ـ قېرىنداشلىرىڭلار بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇۋاتىسىلەر»، دېدى . ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئاستاغىنا تاراپ كېتىشتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۆز ئادەملىرىنىڭ كۇنسايىن ھىدايەت تېپىپ مۇسۇلمانلار سېپىگە قوشۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇرۇشۇش نىيىتىدىن يانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكى يەنىلا قۇرەيشلەرنىڭ يۈرىكى بىلەن تەڭ سوقاتتى. شۇڭا ئۇ پۇرسەت تاپسىلا مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ ۋەقە پەيدا قىلىشقا ئ ورۇناتتى ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن يەھۇدىيلار نى ئۆز يېقىنىغا قىسىۋالغانىدى، لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئاشۇ دانا تەدبىرلىرى ئۇلارنىڭ يامانلىق ئوتلىرىغا سوغۇق سۇ سېپىپ، قايناۋاتقان قازانلىرىنى توختىتىپ قويۇۋاتاتتى.

## مۇسۇلمانلارنى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشتىن چەكلەش ئېلانى

مۇشۇ ۋەقەدىن ئازغىنىدىن كېيىن سەئەد ئىبنى مۇئاز ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلدى ۋە مەككىدە ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ ئۇنىڭغا: « ماڭا خىلۋەت بىر ۋاقىتنى تاللاپ قاراپ تۇرساڭ، مەن كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋالغان بولسام»، دېدى. شۇڭا ئۇ سەئەدنى كەچكە يېقىن بىر ۋاقىتتا ھەرەمگە ئېلىپ چىقتى. لېكىن، « ئاغرىقتىن قېچىپ ئۆلۈمگە يولۇقتى» ، دېگەندەك ئۇلار ئەبۇ جەھىلگە ئۇچر اپ قالدى. ئەبۇ جەھىل ئۇمەييىدىن: « ئى ئەبۇ سە فۋان! يېنىڭدىكى بۇ كىمۇ؟ دەپ سورىغانىدى ، ئۇمەييە: « بۇ

---

[1] ئۇ بۇ چاغدا تېخى ئەنسارلارنىڭ ھىجرەت ھارپىسىدىكى باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنىلا شىرىك ئېتىقادتا تۇرۇۋاتاتتى. ئەسلىدە رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېلىپ ئەنسارلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇئمىن بولۇپ كەتمىگەن بولسا، ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىپ كۆتۈرمەكچى بولۇشقان ئىدى.

سەئىد، يەسرەبلىك دوستۇم» ، دېدى . بۇ چاغدا ئەبۇ جەھىل سەئ ىدگە: «ئەجەبا ، سەن مەككىدە خاتىرجەم ئايلىنىپ يۈرۈيسىنا؟ ھالبۇكى سەنلەر دىنىي قاچقۇنلارنى ئاراڭلارغا ئېلىشتىڭ، تېخى ئۇلارغا ياردەم بەرمەكچى ۋە ئۇلارنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىمەكچى بولۇۋاتىسىلەر! ئاگاھ بولۇش، سەمىڭگە سېلىپ قويايكى ، ناۋادا سەن ئەبى سەپ ۋان (ئۇمەييە ئىبنى خەلە ف) بىلەن بىللە بولمىغان بولساڭ، قەسەم قى لىمەنكى، ھەرگىز ساق - سالامەت قايتالمايتتىڭ» ، دېدى. سەئەد ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ ئ ۈنلۈك توۋلاپ: «ھەي كىشى! مەنمۇ ئېسىڭگە سېلىپ قوياي ، ئەگەر سەن م ېنى بۇ ئىشتىن توسىدىغان بولساڭ، قەسەم قىلىمەن كى، مەن س ېنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئەجەللىك نەرسەڭنى —— مەدىنىدىن ئۆتۈپ شامغا بارىدىغان تىجارەت يولۇڭنى توسىمەن»، دېدى.

## قۇرەيشلەر مۇھاجىرلارغا يەنە تەھدىت سالدى

شۇنىڭدىن كېيىن قۇرەيش تەرەپ مۇسۇلمانلارغا يەنە خەت يېزىپ: «سىلەر يەسرەپكە كېلىۋالدۇق دەپ مەغرۇرلانماڭلار، بىز يېقىندا شۇ تەرەپكە قوشۇن تارتىپ بېرىپ سىلەرنى يوقىتىمىز ۋە ئۆي - ئارام، باغ - ۋارانلىرىڭلارنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋېتىمىز»، دېدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق ھەيۋە ياكى تەھدىت سېلىپ قويۇشلا ئەمەس ئىدى ، رەسۇلۇللاھ قۇرەيشلەرنىڭ توختىماي سۇيىقەست پىلانلاۋاتقانلىقىنى ۋە نىي ىتىنى بۇزۇۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ نەچچىلىگەن كېچىلەرنى بىدار ياكى مۇھاپىزەت ئاستىدا ئۆتكۈزدى.

ئىمام مۇسلىم «سەھىھۇلمۇسلىم»دا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن نەقىل قىلىپ ئېيتىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە كەلگەن دەسلەپكى كېچىلەرنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزدى. ئۇ: «كاشكى ساھابىلاردىن سالىھ (ياخشى) بىر كىشى مېنى بۈگۈن كېچە مۇھاپىزەت قىلغان بولسا»، دېدى. ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «بىز شۇ گەپلەرنى قىلىشىپ ئولتۇراتتۇق، سىرتتا قورال - ياراقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، رەسۇلۇللاھ: ‹كىم بۇ؟›، دېگەنىدى. سىرتتىن: ‹سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس›، دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: ‹نېمە دەپ كەلدىڭ؟› دېۋىدى، سەئەد: ‹ئى رەسۇلۇللاھ سەندىن ئەنسىرەپ، دىلىم باشقىچىلا خەۋپسىرەپ قالدى. شۇڭا، بۈگۈن سېنى مۇھاپىزەت قىلاي دەپ كەلدىم›، دې ۋىدى ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا خەيرلىك دۇئا قىلدى ۋە ئارامىدا ئۇخلىۋالدى».

بۇ خىل مۇھاپىزەت قىلىش ۋە قوغداش ئايرىم كېچىلەر لا بولماستىن، بەلكى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشقانىدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دې ىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ كېچىلىرى داۋاملىق قوغدىلاتتى، تاكى ﴿والله يعصمك من الناس﴾ «ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ سۇيىقەستىدىن ساقلايدۇ» («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 67 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى ) دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ چادىردىن بېشىنى چىقىرىپ: «ئى خالايىق! قايتىڭلار، ئاللاھ مېنى ئۆز ھىمايىسىدە ساقلىماقچى بولدى»، دېدى. بۇ خىل خەۋپ ۋە ئەندىشە رەسۇلۇللاھ بىلەنلا چەكلەنمىدى. بەلكى ،

ھەممە مۇسۇلمانلار ئەنسىزلىك ۋە ۋەھىمە ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزدى. ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ: «رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى مەدىنىگە كېلىپ ئەنسارلار ئۇلارنى ئارىسىغا ئېلىپ جاي بەرگەندىن كېيىن پۈتۈن ئەرەبلەر «بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ» ئۇلارغا قارشى تۇردى، ھەتتا ئۇلار شۇ مەزگىللەردە ئولتۇرسىمۇ، قوپسىمۇ قورال ـ ياراقتىن ئايرىلمايتتى»، دېدى.

## زۇلۇمغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئىجازەت قىلىنىشى

مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىدىكى مەۋجۇدىيىتىگە ئېغىر تەھدىت لەر كېلىۋاتقان ۋە قۇرەيشلەر زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق پەيلىدىن يانمىۋاتقان ئاشۇ پەيتتە ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. لېكىن، ئۇنى پەرز قىلىپ بېكىتمىدى. ئېيتتىكى: ﴿اذن للذين يقتلون باهم ظلموا ط وان الله على نصرهم لقدير﴾ «(مەجبۇرىي) ئۇرۇش تېڭىلغانلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى. ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر».
(«قۇرئان كەرىم» 22 ـ سۈرە 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

مەزكۇر ئايەتتە قارشىلىق كۆرسىتىشكە رۇخسەت قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى، پەقەت ناتوغرا ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى چەكلەش ۋە ئاللاھنىڭ شەرىئەت ـ ئەھكاملىرىنى ئادىل ئىجرا قىلىشنى مەقسەت قىلىش كېرەك، دېگەن مەزمۇندىكى ئايەتلەر قاتارىدا نازىل قىلىندى. ئاللاھ ئېيتتىكى: ﴿اللذين إن مّكناهم فى الارض أقامو الصلوة واتوا الزكوة وأمروا بالمعروف وهوا عن المنكر﴾ «(ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق نامازنى ئادا قىلىدۇ. زاكات بېرىدۇ. ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ». («قۇرئان كەرىم» 22 ـ سۈرە 41 ـ ئايەت).

شۇنىسى ئېنىقكى، قارشىلىق كۆرسىتىشكە رۇخسەت قىلىش ھەققىدىكى ئايەت چوقۇم مەدىنىدە نازىل بولغان. ھەرگىز مەككىدە نازىل بولغان ئەمەس، لېكىن نازىل بولغان ئېنىق ۋاقتى ـ سائەتنى بەلگىلىيەلمەيمىز، خالاس.

ھەر ھالدا، زۇلۇمغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدى . ئەلۋەتتە، بۇنداق شارائىتتا قۇرەيش دائىرلىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچى ئۇلارنىڭ كۆرەڭلىشى ۋە تاجاۋۇز قىلىشىغا ئاساسىي سەۋەب بولۇۋاتقان بولغاچقا، مۇسۇلمانلار قۇرەيشلەر مەككىدىن شامغا قاتنايدىغان تىجارەت يولىنى ئۈزۈپ تاشلىشى ئەڭ ئاقىلانە تەدبىر بولاتتى. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يوللارنى قامال قىلىش ئۈچۈن مۇنداق ئىككى خىل تەدبىر قوللاندى.

بىرى، مۇشۇ يول بويىغا جايلاشقان ۋە ياكى مەدىنە بىلەن مۇشۇ يول ئارىلىقىدا ئولتۇراقلاشقان قەبىلىلەر بىلەن ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىمى ياكى ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق ئەھدىنامىسى ئورناتتى.

بىز يۇق يىردا رەسۇلۇللاھنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزگەنلىكىنى ئېيتقانىدۇق. شۇنىڭدەك، ئۇ يەنە لەشكىرى يۈرۈشلەرگە تۇتۇش قىلىشتىن ئاۋۋال جۇھەينە قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاق داشلىق ئەھدىنامىسى ۋە ئۆزئارا تاجاۋۇز

قىلىشماسلىق ئەھدىنامىسى ئىمزالىدى. ئۇلارنىڭ يۇرتى مەدىنىدىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتا جايلاشقانىدى. ئۇ يەنە كېيىنكى ھەربىي يۈرۈشلىرى جەريانىدا بىر قانچە كېلىشىمنامە ئىمزالىدى. ئۇنىڭ تەپسىلاتى كېيىن بايان قىلىنىدۇ.

ئىككىنچىسى، مۇشۇ يول بويىغا ئارقىمۇ-ئارقا قوشۇن ئەۋەتىپ چارلاشنى كۈچەيتتى.

## بەدرى ئۇرۇشىنىڭ ئالدىدىكى غازاتلار ۋە ئەۋەتىلگەن قوشۇنلار

زۇلۇمغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەزكۇر ئىككى لايىھەنى ئورۇنداش ئۈچۈن ھەربىي پائالىيەتلەر باشلىنىپ كەتتى. ئۇلار (ھازىرقى زاماندىكى) چارلاپ كۆزىتىش پائالىيەتلىرىگە ئوخشاش بىرتۈرلۈك ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. بۇنىڭدىن مەقسەت بىز كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك (مەككە-شام) ئاساسلىق يولىنى كۆزىتىش ۋە مەدىنە ئەتراپىدىكى چوڭ-كىچىك يوللار ۋە مەدىنىدىن مەككىگە بارىدىغان يوللارنىڭ (جۇغراپىيىلىك) يۆنىلىشىنى تونۇۋېلىش ۋە مۇشۇ يول بويلىرىغا جايلاشقان قەبىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەھدىنامىلەرنى ئورنىتىش ئىدى. شۇنىڭدەك يەسرەپ (مەدىنە) مۇشرىكلىرى ۋە يەھۇدىيلىرىغا ھەمدە شۇ ئەتراپتىكى قاراقچى بەدەۋىيلارغا: «ئەمدى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىي كۈچى بار بولدى، كونا زەئىپلىقىدىن قوتۇلدى»، دېگەننى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ۋە قورەيش دائىرلىرى نى غەپلەت ئۇيقۇسىدا خورەك تارتىپ يېتىۋېرىشتىن، مۇغەمبەرلىك مەسلىكىدە دەلدەڭشىپ مېڭىۋېرىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ئىدى. شۇنداق قىلغاندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ۋە تۇرمۇش يوللىرىنىڭ چوڭ خەۋپ-خەتەرگە
يولۇقىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ تىنچلىققا مايىل بولۇشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەھەللىسىگە بېسىپ كېلىپ، ئۇرۇشۇشتىن، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشنى چەكلەشتىن ھەمدە مەككىدىكى ئاجىز مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم سېلىشتىن توختىشى مۇمكىن ئىدى. تاكى شۇ چاغدا ئاندىن مۇسۇلمانلار مۇ بۇ ئاراللىنىڭ ھەممە يېرىدە ئاللاھنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈشتە ئەركىن-ئازادە بولالايتتى.

تۆۋەندە مۇشۇ مەقسەتتە ئەۋەتىلگەن قوشۇن[1] لارنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

1. سەيفۇلبەھرى قوشۇنى. ھىجرىيىنىڭ 1-يىلى رامىزان (9-ئاي) ئېيىدا (مىلادىيە 623-يىلى 4-ئايغا توغرا كېلىدۇ) دا رەسۇلۇللاھ مەخسۇس مۇھاجىرلاردىن تەشكىللەنگەن 30 كىشىلىك بىر قوشۇنغا ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنى ئەمىر قىلىپ قۇرەيشلەرنىڭ شامدىن كېلىۋاتقان بىر تىجارەت كارۋىنىنى توسۇشقا ئەۋەتتى. كارۋاندا ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام باشچىلىقىدا 300 ئادەم بار ئىدى. قوشۇن ئېيىس[2] تەۋەلىكىدىن، سەيفۇلبەھرى دېگەن جايغا يېتىپ بېرىپ كارۋان بىلەن ئۈچ راشتى ۋە ھەر ئىككى تەرەپ

---

① رەسۇلۇللاھ ئۆزى بىۋاستە قاتناشمىغان ھەرىكەتنى قوشۇن دەپ ئاتىلىدۇ.
② قىزىل دېڭىز بويىدىكى يەئبۇئ بىلەن مەرۋەت ئوتتۇرىسىدىكى جاي.

سەپ تارتىپ جەڭگە تەييار بولغاندا، مەجدى ئىبنى ئەمرى (ئۇ ھەر ئىككىلى تەرەپنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن) ئارىغا چۈشۈپ ئۇلارنى ئۇرۇشتىن توسۇپ قالدى.

ھەمزە باشچىلىقىدىكى بۇ قوشۇننىڭ ئەلەمى رەسۇلۇللاھ ئۆز قولى بىلەن قادىغان تۇنجى ئەلەم بولۇپ رەڭگى ئاق ئىدى. ئۇنى ئەبۇ مەرسەد كەناز ئىبنى ھۇسەين غەن ەۋى كۆتۈرگەن.

2. رابىغ قوشۇنى. ھىجرىيىنىڭ 1 ـ يىلى شەۋۋال ( 10 ـ ئاي) ئېيى (مىلادىيە 623 ـ يىلى 4 ـ ئاي)دا رەسۇلۇللاھ ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس ئىبنى مۇتەللىپنى مۇھاجىرلاردىن تەشكىللەنگەن 60 كىشىلىك بىر ئاتلىق قوشۇنغا باش قىلىپ بەتنى رابىغ دېگەن جايغا ئەۋەتتى. ئەبۇ ئۇبەيدە بەتنى رابىغدا ئەبۇ سۇفيان (ئۇ ئىككى يۈز ئادەم بىلەن بىللە ئىدى) بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئىككى تەرەپ يىراقتىن كۆچ كۆرسىتىپ ئانچە ـ مۇنچە ئوق ئېتىشتى. ئەمەلىي جەڭ بولمىدى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە مۇشرىكلار قوشۇنىدىن ئىككى كىشى، يەنى مىقداد ئىبنى ئەمرى بوھرانى بىلەن ئۇتبە ئىبنى غەزۋان مازىنىيلار مۇسۇلمانلار سېپىگە قوشۇلۇۋالدى. ئۇلار خېلى بۇرۇنلا مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، بۇ قېتىم ئۇلار مۇشرىكلار بىلەن بىللە مۇسۇلمانلار تەرەپكە ئۆتىۋېلىش ئامالىنى ئىزلەپ چىققانىدى. ئۇبەيدىنىڭ ئەلەممۇ ئاق رەڭلىك بولۇپ، ئۇنى مىستەھ ئىبنى ئۇساسە (مۇتەللىپ جەمەتىدىن) كۆتۈرگەن.

3. خەرار قوشۇنى. ھىجرىيىنىڭ 1 ـ يىلى زۇلقەئدە ( 11 ـ ئاي) (مىلادىيە 623 ـ يىلى 5 ـ ئاي) ئېيىدا رەسۇلۇللاھ سەئەد ئىبنى ئەبى ۋەققاس باشچىلىقىدا 20 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى قۇرەيشلەرنىڭ بىر كارۋىنىنى توسۇشقا ئەۋەتتى ۋە سەئەدكە خەراردىن ئۆتۈپ كەتمەسلىكنى ئالاھىدە تاپىلىدى.

قوشۇن ئۇلاغلىق ۋە پىيادىلىك يولغا چىقىپ كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ، كېچىسى يول يۈرۈپ بەشىنچى كۈنى سەھەردە خەرارغا يېتىپ باردى. ئۇلار ئەتىسى ئەتىگىنى كارۋاننىڭ بۇ يەردىن ئالدىنقى كۈنى ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. سەئەدنىڭ ئەلەممۇ ئاق رەڭدە بولۇپ مىقداد ئىبنى ئەمرى كۆتۈرگەنىدى.

4. ئەبۋائ ياكى ۋەددان غازىتى. ھىجرىيىنىڭ 2 ـ يىلى سەپەر ( 2 ـ ئاي) (مىلادىيە 623 ـ يىلى ئاۋغۇست) ئېيىدا رەسۇلۇللاھ مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا سەئەد ئىبنى ئۇبادىنى قالدۇرۇپ مەخسۇس مۇھاجىرلاردىن تەشكىللەنگەن. 70 كىشىلىك قوشۇن بىلەن قۇرەيشلەرنىڭ بىر كارۋىنىنى توسۇش ئۈچۈن چىقتى. ھەتتا ۋەددان دېگەن يەرگىچە باردى. بۇ قېتىممۇ ئۇرۇش بولمىدى.

بۇ غازاتتا[①] رەسۇلۇللاھ ئەمرى ئىبنى مەخشى ئەلزەمەرى بىلەن ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. ئەمرى شۇ چاغدا بەنى زەمرە قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. كېلىشىمنامىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

*«بۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدنىڭ بەنى زەمرە خەلقىگە يېزىپ بەرگەن يوتۇكنامىسىدۇر، بەنى زەمرە خەلقى ئاللاھنىڭ دىنىغا قارشى ھەرىكەت قىلمىسىلا، سۈيە دېڭىزى ئېقىپ تۇرسىلا، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكى ۋە ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكى تولۇق*

① تارىخشۇناسلار، غازات رەسۇلۇللاھ ئۆزى بىۋاستە قاتناشقان جەڭ ياكى ھەربىي ھەرىكەت.

*كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. دۈشمىنىگە قارشى ياردەم بېرىلىدۇ ۋە پەيغەمبەر (ئەلەيھىسسالام)مۇ ئۇلارنى ياردەمگە چاقىرسا، ئۇلار چاقىرىققا ئاۋاز قوشىدۇ، ۋەسسالام».*

مانا بۇ رەسۇلۇللاھ ئېلىپ بارغان تۇنجى غازات بولۇپ، مەدىنىدىن يولغا چىقىپ 15- كۈنى قايتىپ كەلگەن. ئەلەمنىڭ رەڭگى يەنىلا ئاق بولۇپ ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ كۆتۈرگەنىدى.

5. بەۋات غازىتى. ھىجرىيىنىڭ 2- يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل (3- ئاي) (مىلادىيە 623- يىلى 9- ئاي) ئىيىدا رەسۇلۇللاھ ساھابىلەردىن 200 كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ قۇرەيشلەرنىڭ بىر كارۋىنىنى توسۇش ئۈچۈن چىقتى. كارۋاندا ئۈمەييە ئىبنى خەلەف ج ۋمەھى ۋە يەنە 100 دەك ئادەم ۋە مال ھېساۋىدا 2500 تۆگە بار ئىدى.

رەسۇلۇللاھ قوشۇن بىلەن رىزۋا[1] تەۋەلىكىدىن بەۋات دېگەن يەرگىچە يېتىپ باردى. ئەمما، ئۇلارنى ئۇچرىتالمىدى.

ئۇ بۇ قېتىم مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا سەئەد ئىبنى مەئازنى ق الدۇردى ۋە ئاق رەڭلىك ئەلەمنى سەئەد ئىبنى ئەبى ۋەققاسقا تۇتقۇزغانىدى.

6. سەفۋان غازىتى. ھىجرىيىنىڭ 2- يىلى (رەبىئ ۇلئەۋۋەلدە) (مىلادىيە 623- يىلى 9- ئاي) كورز ئىبنى جابىرىلفەھرى مۇشرىكلاردىن بىر قانچە قاراقچى بىلەن مەدىنە يايلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ بىر ب ۆلۈك چارۋا ۋە قوي تۆگىلەرنى ب ۇلاپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ساھابىلەردىن 70 كىشى بىلەن ئۇنى قوغلاشقا ئاتلاندى. ھەتتا بەدرى تەۋەلىكىدىن سەفۋان دېگەن يەرگىچە قوغلاپ باردى. لېكىن، ئۇ كورز ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى قولغا چۈشۈرەلمەي قايتىپ كەلدى. بۇ غازات بىرىنچى بەدرى غازىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ قېتىمقى غازاتتا مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا زەيد ئىبنى ھارىسنى قالدۇرۇپ قويىدى ۋە ئەلەمنىڭ رەڭگى ئاق بولۇپ، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپقا تۇتقۇزغانىدى.

7. ئۇشەيرە غازىتى. شۇ يىلى جەمادىيەلئەۋۋەل ياكى جەمادىيەلئۇخرا ( 5- ياكى 6- ئاي) (مىلادىيە 623- يىلى 11- ياكى 12- ئاي) ئىيىدا رەسۇلۇللاھ مۇھاجىرلاردىن تەشكىللەنگەن 150 كىشى (200 ئىدى دەپمۇ قارىلىدۇ) بىلەن 30 تۆگىگە نۆۋەتلىشىپ مىنىپ، قۇرەيشلەرنىڭ شامغا ماڭغان بىر كارۋىنىنى توسۇشقا ئاتلاندى. چىقىش ياكى چىقماسلىقنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىختىيارىغا قويىدى (رەسۇلۇللاھ كارۋاننىڭ نۇرغۇن ماللارنى ئېلىپ مەككىدىن يولغا چىققانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات تاپشۇرۇۋالغانىدى. شۇڭا، ئۇ جىددىي يول يۈرۈپ زىلئۇشەيرە دېگەن يەرگە يېتىپ باردى، لېكىن كارۋاننىڭ بىر قانچە كۈن ئىلگىرى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. مانا بۇ كارۋان كېيىن شامدىن قايتىپ كېلىشتە رەسۇلۇللاھ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن چىقىپ چوڭ بەدرى غازىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان كارۋاندۇر. ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايىتىدە رەسۇلۇللاھ جەمادىيەلئۇلانىڭ ئاخىرلىرى يولغا چىقىپ جەمادىيەلئۇخرانىڭ باشلىرى قايتىپ كەلگەن دېيىلىدۇ. ئېھتىمال، بۇ تارىخشۇناسلارنىڭ مۇشۇ غازاتنىڭ ۋاقتىنى بېكىتىشتىكى قاراشنىڭ ئوخشىماسلىقى بولسا كېرەك،

[1] رىزۋا ـــ بەۋات دېگەنلەر مەدىنىنىڭ شىمالىدىكى جوھەينە قەبىلىسىنىڭ تاغلىرىدىن ئىككى تاغنىڭ نامى. مەككە- شام يولى شۇ يەردىن ئۆتىدۇ.

بۇ غازاتتا رەسۇلۇللاھ بەنى مۇدلىج قەبىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان بەنى زەمزە قەبىلىلىرى بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. ئۆز ئورنىغا مەدىنىدە ئەبۇ سەلىمە ئىبنى ئابدۇلئەسەدنى قالدۇرغانىدى.

بۇ غازاتتىكى ئەلەممۇ ئاق رەڭلىك بولۇپ، ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ كۆتۈرگەنىدى.

8. نەخلە قوشۇنى. ھىجرىيىنىڭ 2 ـ يىلى رەجەپ (7 ـ ئاي) (مىلادىيە 624 ـ يىلى 1 ـ ئايغا توغرا كېلىدۇ) ئىيىدا رەسۇلۇللاھ ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشنى مۇھاجىرلاردىن 12 كىشى بىلەن نەخلە دېگەن جايغا ئەۋەتتى. ئۇلار ھەر ئىككى كىشى بىر تۆگىگە نۆۋەتلىشىپ مىنىپ ماڭدى.

رەسۇلۇللاھ ئابدۇللاھقا بىر پارچە خەت يېزىپ تۇتقۇزۇپ، ساق ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ئاندىن ئېچىپ كۆرۈپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرۈشكە بۇيرىغانىدى. ئابدۇللاھ ئاتلىنىپ ئىككى كۈندىن كېيىن خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «بۇ خېتىمنى ئوقۇغان بولسىڭىز، سىز يەنە توختىماي مېڭىپ، تائىف بىلەن مەككە ئوتتۇرىسىدىكى نەخلە دېگەن يەرگە بېرىپ چۈشۈڭ، ئۇ يەردە قۇرەيشلەرنىڭ كارۋىنىنى كۆزىتىڭ ۋە بىزگە بۇ توغرىلىق مەلۇمات يەتكۈزۈڭ، ۋەسسالام». ئابدۇللاھ خەتنى ئوقۇپ: «بولىدۇ، پەرمانبەردارمىز»، دېدى ۋە ھەمراھلىرىغا رەسۇلۇللاھنىڭ پەرمانىنى ئۇقتۇرۇپ: «ئەمما، مەن چوقۇم بارىمەن، بىراق سىلەرنى مەجبۇرلىمايمەن»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بارىدىغان بولدى. لېكىن، يول داۋامىدا سەئەد ئىبنى ئەبى ۋەققاس بىلەن ئۇتبە ئىبنى غەزۋان لار نۆۋەتلىشىپ مىنگەن تۆگىسىنى يۈتتۈرۈپ قويۇپ، ئىككىيلەن ئاشۇ تۆگىنى ئىزلەپ قوشۇندىن كېچىكىپ ئايرىلىپ قالدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ھەمراھلىرى بىلەن توختىماي يول يۈرۈپ ئاخىر نەخلە دېگەن جايغا كېلىپ چۈشتى. شۇ ئەسنادا بۇ يەردىن قۇرەيشلەرنىڭ قۇرۇق ئۈزۈم، ئاشلىق ۋە تىجارەت ماللىرى قاچىلانغان بىر كارۋىنى ئۆتتى. كارۋاندا ئەمرى ئىبنى ئەلھەزرەمى، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغىيرەنىڭ ئىككى ئوغلى ئوسمان ۋە نەۋفەل ۋە بەنى مۇغىيرە جەمەتىنىڭ خىزمەتچى قۇلى ھەكەم ئىبنى كەيسانلار بار ئىدى. مۇسۇلمانلار مەسلىھەتلىشىپ مۇنداق دېيىشتى: «بۈگۈن رەجەپ (ھارام) ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنى. ئۇلارغا تېگىش قىلساق ھارام ئاينىڭ ھۆرمىتىنى بۇزغان بولىمىز، ئەگەر قويۇۋەتسەك، ئۇلار بۈگۈن كېچە ھەرەم زېمىنىغا كىرىۋالىدۇ». ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ، ئاخىرى قول سېلىش قارارىغا كەلدى ـ دە، بىرسى ئوقيا بىلەن ئەمرى ئىبنى ھەززىمىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى ۋە ئوسمان بىلەن ھەكەمنى ئەسىر ئالدى. نەۋفەل قېچىپ كەتتى. ئاندىن كارۋاندىكى بارلىق مال ـ مۈلۈك ۋە ئىككى ئەسىرنى ھەيدەپ مەدىنىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلار بۇ غەنىمەتتىن بەشتىن بىرىنى ئايرىشتى. بۇ ئىسلام دىنى پارلىغاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىم بەشتىن بىرى ئايرىلغان غەنىمەت، تۇنجى ئۆلتۈرۈلگەن مەقتۇل ۋە تۇنجى ئەسىر ئېلىنغان ئەسىرلەر بولۇپ قالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننىڭ بۇ تەرىقىدە ھەرىكەت قوللانغانلىقىدىن نارازى بولدى ۋە: «مەن سىلەرنى ھارام ئايلاردا ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرىمىغان ئىدىمغۇ؟» د ەپ كايىدى ۋە ئېلىپ كېلىنگەن مال ۋە ئەسىرلەرنى تەسەررۇپ قىلىشتىن توختىتىپ قويدى.

مۇشرىكلار بۇ ۋەقەدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنى: «خۇدا ھارام قىلغان ئاي كۈنلەرنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلدى»، دەپ جامائەت پىكرى توپلاشقا بىر ئوبدان پۇرسەت تاپتى ۋە بۇ ھەقتە ھەر خىل سۆز-چۆچەكلەرنى تارقاتتى. ئاخىر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن ۋەھيي نازىل بولۇپ، مۇشرىكلارنىڭ قىلغان ئە سكىلىكلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار سادىر قىلغان سەۋەنلىككە قارىغاندا، خاراكتېرى ئېغىر، ئاقىۋىتى يامان قىلمىش ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ھېلىقى پىتنە-ئىغۋا ئۆسەك سۆزلەرگە كەسكىن رەددىيە بەردى:

﴿يسئلونك عن الشهر الحرام قتال فيه ط قل قتال فيه كبير ط عن سبيل الله و كفر به والمسجد الحرام ق و اخرج اهله منه اكبر عند الله ج والفتنة اكبر من القتل...﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن: «ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ، دەپ سورايدۇ. ئېيتقىنكى، بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر، ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش، ئاللاھقا كۇفرلىق قىلىش، مەسجىدى ھەرامدا (ئىبادەت قىلىشتىن) توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرامدىكى ئاھالىنى ھەيدەپ چىقىرىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر، پىتنە (يەنى مۇئمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر...». («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 217- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

بۇ ئايەت مۇشرىكلار ئىسلام قوشۇنىنىڭ ھەربىي ئىستىلى ھەققىدە تارقاتقان ھەر خىل پىتنە-پاساد ئ ىغۋالىرىنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. چۈنكى، ئاشۇ مۇقەددەس ھارام (قىلىنغان) ئايلارنىڭ ئىززەت ھۆرمىتى مۇشرىكلارنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى كۈرەش قىلىش ى ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى خالىغانچە ئازابلاپ قىيناشلىرى بىلەن ئاللىقاچان دەپسەندە قىلىنىپ بولغانىدى.

ئۇلار مۇسۇلمانلار ئاشۇ ھارام قىلىنغان مۇقەددەس ئاي-كۈنلەردە ۋە مەككە زېمىنىدا تۇرۇۋاتقان چاغدىلا مۇسۇلمانلارنىڭ مال-مۈلۈكىنى تالان-تاراج قىلىشنى ۋە پەيغەمبەرنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىشنى قارار قىلمىدىمۇ؟ بۇ ھەرەمنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغانلىق بولماي نېمە؟ ئەجەبا ئەمدى بىردىنلا ئۇ ھارام (قىلىنغان زېمىن ۋە ئاي)لارنىڭ ھۆرمىتى ۋە مۇقەددەس ئىززەت -ئابرويى ئەسلىگە كېلىپ قاپتىغۇ؟ ئۇنىڭغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈش ئەڭ چوڭ گۇناھ ۋە قەبىھ جىنايەت بولۇپ قاپتىغۇ؟

شەك-شۈبھىسىزكى، مۇشرىكلارنىڭ ھەدەپ كۈچەپ داۋراڭ سېلىۋاتقان ھېلىقى ئىغۋالىرى تولىمۇ بىمەنىلىك ۋە يۈزسىزلىكتىن ئۆزگە ئىش ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

خوش... شۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ھېلىقى ئىككى ئەسىرنى قويۇۋەتتى ۋە مەقتۇلنىڭ ئىگە-چاقىلىرىغا دىيەت تۆلىمى (خۇن پۇلى)نى تۆلەپ بەردى.

مانا بۇلار بەدرى ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى قوشۇن ئەۋەتىش ھەرىكەتلىرى ۋە ئېلىپ بېرىلغان غازاتلاردۇر. ھېچقايسىسىدا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن (يىراقتىن ھەيۋە كۆرسىتىپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشتىن باشقا) مۇشرىكلارنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ، مۇسادىرە قىلىۋېلىش ۋە ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئەسىر ئېلىش ھادىسىسى سادىر بولمىدى. نەخلە ۋەقەسى بولسا

مۇشرىكلار جابىر ئىبنى فىهرى باشچىلىقىدا مەدىنىگە ھ ۇجۇم قىلىپ ب ۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغاندىن كېيىن ئاندىن شۇنىڭغا قارىتا ئازراق تەگكۈزۈپ قويۇش بولدى، خالاس.

دېمەك، مۇشرىكلار ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، نۇرغۇن قەبىھ ئەسكىلىكلەرنى قىلغاندىن سىرت، يەنە بۇ قېتىم مۇشتنى دەسلەپ ئاتقان بولغاچقا، شۇنىڭغا قارىتا مۇۋاپىق تەدبىر قوللانماي بولمىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى جەھىش قوشۇنىدا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن كېيىن مۇشرىكلارنىڭ غەم ئەندىشىسى ئەمەلىي خەۋپكە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا چوڭ بىر خەتەر كۆلەڭگىسى پەيدا بولۇپ، ئۇلار يۈز بېرىش ئېھتىمالىدىن قورقۇپ تۇرۇۋاتقان ئىش ھەقىقەتەن يۈز بەردى. ئۇلار بۇنىڭدىن مەدىنە تەرەپمۇ ئويغاق ۋە سەگەكلىك بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت، تېۋشلىرىنى تويۇپ تۇرغانلىقىنى، ۋە تەخمىنەن 300 كىلومېتىردەك يەرگىچە باستۇرۇپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئادەملىرى نى ئۆلتۈرۈپ، ماللىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، يەنە ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېتەلىگۈدەك دەرىجىدە جاسارەتكە ئىگە بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىۋېلىشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ شام بىلەن بولىدىغان سودا ـ تىجارىتىنىڭ داۋاملىق خەۋپكە ئۇچرايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈۋېلىشتى. لېكىن، ئۇلار مۇغەمبەر، مۇشتۇمزورلىقتىن ۋ ھەشىنى يىغىپ (جوھەينە ۋە بەنى زەمرە قەبىلىلىرىدەك) تىنچ ئىتتىپاق ياكى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش ئاساسىدا يول تۇتمىدى. بەلكى، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت ئوتىدا تولغىنىشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ كاتتىۋاش ئەمەلدارلىرى بۇرۇن مۇسۇلمانلار نى «ئۆز مەھەللىسىگە بېرىپ قىرىپ تاشلايمىز»، دېگەن تەھدىت شوئارىنى ئەمەلىيەتتە ئورۇنداش قارارىغا كېلىشتى. مانا بۇ كۆرەڭلىك ئۇلارنى ئاخىر بەدرىگە سۆرەپ چىققانىدى.

ئەمما، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھىش قوشۇنى ۋەقەسىدىن كېيىن يەنى ھىجرىيىنىڭ 2 ـ يىلى رامىزان ( 9 ـ ئاي) ئېيىدا ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا جىھاد قىلىشنى پەرز قىلىپ بېكىتتى ۋە مۇشۇ ھەقتە روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: ﴿قاتلوا فى سبيل الله الذين يقاتلونكم ولا تعدوا ان الله لا يحب المعتدين واقتلوهم حيث ثقفتموهم والفتنة اشهد من القتل و لا تقاتلوهم عند المسجد الحرام حتى يقاتلواكم فيه فان قاتلوكم فاقتموهم كذالك جزاء الكافرين فان انتهوا فان الله غفور رحيم و قاتلوهم حتى لا تكون فتنة و يكون الدين الله فان انتهو فلاعدو ان الاعلى الظالمين﴾ «سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ. ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) ئۇلار ھەرەمدە بولسۇن، باشقا يەردە بولسۇن، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا بولسۇن) ئۇچراتقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن (يەنى مەككىدىن) چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرمۇ ئۇلارنى يۇرتىدىن چىقىرىۋېتىڭلار، زىيانكەشلىك قىلىش ئۇرۇشتىنمۇ ياماندۇر. تاكى ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچمىغۇچە مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار، ئەگەر ئۇلار (مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا) ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، كافىرلارنىڭ جازاسى شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا (سىلەرمۇ ئۇرۇشتىن قول يىغىڭلار)، ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار

بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ».(«قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 190 ـ 193 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتلەر نازىل بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاللاھ يەنە باشقىچە ئۇسلۇبتا ئايەت نازىل قىلىپ، جىهاد قىلىش يوللىرىنى ئۆگەتتى ۋە ۋە جىهادقا تەرغىب قىلدى ھەمدە جىهادقا ئائىت بەزى ئەھكاملارنى بايان قىلدى. ئېيتتىكى: ﴿فاذا لقيتم الذين كفروا فضرب القاب ط حتى اذا اثخنتموهم فشدوا الوثاق لا فامّا منا بعد و اما فداء حتى تضع الحرب اوزارها ذالك ولو يشاء الله لانتصر منهم لا ولاكن ليبلوا بعضكم ببعض ط والذين قتلوا فى سبيل الله فلن يضل اعمالهم○ سيهديهم ويصله بالهم و يدخلهم الجنة عرفهالهم○ يايهاالذين امنوا ان تنصروا الله ينصروكم و يثبت اقدامكم﴾«سىلەر كۇففارلارغا (جەڭ مەيدانىدا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەر ئۇلارنى قىرىپ (مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلاردا سىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچ قالمىغان چاغدا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توختاپ)، ئۇلارنى ئەسىر ئېلىڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار، تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغانغا قەدەر (يەنى ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر) ئىش مانا شۇنداقتۇر. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئەلۋەتتە، (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىهادقا ئەمر قىلدى)، ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى (يەنى شېھىتلەرنىڭ) ئەمەللىرىنى ئاللاھ بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ھىدايەت قىلىدۇ ۋە ھالىنى ياخشىلايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ ئۇنى ئۇلارغا تونۇتتى (يەنى جەننەتكە كىرگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ يەردىكى جايىنى ئىلگىرى كۆرگەندەكلا بىلىدۇ). ئى مۆئمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدەمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ». («قۇرئان كەرىم» 47 ـ سۈرە 4 ــــ 7 ـ ئايەتلەر)

شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ ئۇرۇش پەرمانىنى ئاڭلىسا، قورقۇپ، يۈرىكى ئېغىپ، رەڭگى ـ روھى تاتىرىپ كېتىدىغان قورقۇنچاق، ناتاۋان يارىماسلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى: ﴿و يقول الذين امنوا لولا نزلت سورة ج فاذا انزلت سورة محكمة وذكر فيها القتال لا رايت الذين في قلوبهم مرض ينظرون اليك نظر المغشى عليه من الموت ط فاولى لهم طاعة و قول معروف قف فاذا عزم الامر قف فلو صدقوا الله لكان خيرا لهم﴾ «مۇئمىنلەر (جىهادنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن): ‹نېمىشقا (جىهادقا ئەمرى قىلىنغان) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنمىدى؟› دەيدۇ. جىهاد زىكرى قىلىنغان ئېنىق سۈرە نازىل قىلىنغاندا، دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار)نىڭ ساڭا ئۆلۈم ئالدىدا (ئۆلۈمدىن قورقۇپ) ئايلىنىپ كەتكەن ئادەمدەك قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، (ئى مۇھەممەد!) (ئۇلارنىڭ ساڭا) ئىتائەت قىلىشى ۋە چىرايلىق سۆز قىلىشى ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى، ئۇرۇش قارار قىلىنغان چاغدا، ئۇلار ئاللاھقا سادىق بولۇشسا، ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى». («قۇرئان كەرىم» 47 ـ سۈرە 20 ـ، 21 ـ ئايەت)

جىهادنىڭ پەرز قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا تەرغىب قىلىش ھەمدە جىهاد قىلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمە تەييارلىق كۆرۈشكە پەرمان چۈشۈرۈش ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ جىددىي

تەقەززاسى ئىدى. ناۋادا شۇ چاغدا ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلىيەلەيدىغان ئادەتتىكى بىر ھەربىي قوماندان مەسئۇل بولۇۋاتقان ئىش بولسى مۇ، ئاشۇمۇ ئەلۋەتتە قوشۇننى دەرھال تەرتىپكە سېلىپ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ۋەقەلەرگە قارىتا تېزدىن ئىنكاس قايتۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرەر ئىدى ، ئەلۋەتتە. مانا ھازىر ۋەزىيەت ھەق بىلەن ناھەق ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق توقۇنۇشنى تەقەززا قىلىۋاتقان پەيتتە ھەممىنى بىلگۈچى، بۈيۈك پەرۋەردىگار تائالا قانداقمۇ جىھادقا پەرمان چۈشۈرمەي قالسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇللاھ ئىبنى جەھىش قوشۇنى ۋەقەسى مۇشرىكلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۇلارنىڭ زەردىسىنى قايىنىتىۋاتقان ۋە ئۇلارنى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك دەرد ئەلەم چوغلىرىغا دەسسىتىپ قويغان تۇرسا؟!

زۇلۇمغا قارشى ئۇرۇش قىلىش پەرمانى بايان قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ جەرياندىن قارىغاندا، قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى ناھايىتى يېقىن قالغانلىقىدىن ، نۇسرەت ۋە غەلىبىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئالايلى ئاللاھ مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى نەدىن قوغلاپ چىقارغا ن بولسا مۇسۇلمانلارمۇ مۇشرىكلارنى شۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتىدۇ ۋە ئۇلارغا غالىب قوشۇننىڭ ئەسىرلەر ھەققىدە زۆرۈر بىلىشكە تېگىشلىك ئەھكاملىرىنى، شۇنداقلا تاكى ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر رەھىمدىللىك قىلماي چېپىپ، ئۆلتۈرۈپ قاتتىق قول بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەلىم بېرىۋاتىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا مۇسۇلمانلارنىڭ ھامان غالىب كېلىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئەلۋەتتە، لېكىن بۇنىڭ يېپىق ھالەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ھەممە ئادەم ئاللاھ يولىدا قولدىن كېلىشىچە كۈچ چىقارسۇن ۋە تېگىشلىك جاسارىتىنى كۆرسەتسۇن ئۈچۈن ئىدى.

دەل مۇشۇ كۈنلەردە (يەنى ھىجرىيىنىڭ 2 ـ يىلى شەئباندا) (مىلادىيە 624 ـ يىلى 2 ـ ئايلاردا) ئاللاھ مەسجىدۇننەبەۋىينىڭ قىبلىسىنى بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپتىن مەسجىد ھەرەم (كەئبە) تەرەپكە ئۆزگەرتىشكە بۇيرىدى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلار سېپىگە مالىمانچىلىق ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىش مەقسىتىدە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ئىمانى ئاجىزلار ۋە يەھۇدىي مۇناپىقلار مۇسۇلمانلار سېپىدىن ئايرىلىپ ئەسلى نەسلىگە قايتتى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىي سەپلىرى نۇرغۇنلىغان ئالدامچى خىيانەتكار كۈشەندىلەردىن تازىلاندى.

قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى مۇسۇلمانلار تاكى مۇشۇ يېڭى قىبلىنى ئىشغال قىلغانغا قەدەر، داۋاملىشىدىغان يېڭى بىر دەۋر باسقۇچىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئالايلى بىر قەۋمنىڭ قىبلىسى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدا قالسا ، ئۇنى كۇفرى چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرماسلىق شۇ قەۋم ئۈچۈن ئۆچمەس ئار ـ نومۇس ئەمەسمۇ؟ ئۇنى ھامان بىر كۈنى قۇتۇلدۇرماي بولامدۇ؟

مانا بۇ بېشارەت ۋە ئىشارەتلەر ۋە ئەمىر ـ پەرمان بۇيرۇقلارنىڭ تۈرتكىسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى ئاشتى ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە ھەل قىلغۇچ جەڭلەردە دۈشمەن بىلەن تىغمۇ ـ تىغ ئېلىشىش قىزغىنلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى.

# چوڭ بەدرى غازىتى ــــ ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى ھەل قىلغۇچ جەڭ مەيدانى

## غازاتنىڭ سەۋەبى

ئالدىنقى باپتا ئۇشەيرە غازىتى ھەققىدە سۆز قىلغاندا، مەككىدىن شامغا كېتىۋاتقان قۇرەيش كارۋىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا چۈشمەي قېچىپ قۇتۇلۇۋالغان، دېگەنىدۇق. بۇ كارۋاننىڭ شامدىن مەككىگە قايتىش ۋاقتى يېقىنلاپ كەلگەندە رەسۇلۇللاھ شىمال تەرەپكە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ بىلەن سەئىد ئىبنى زەيدنى كارۋاننىڭ خەۋىرىنى ئېلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار ھەۋرائ دېگەن يەرگىچە بېرىپ كارۋاننىڭ يولىنى كۆزىتىپ تۇردى. ، بىر چاغدا ئەبۇ سۇفيان كارۋاننى باشلاپ، شام تەرەپتىن كىرىپ كېلىۋىدى، ئۇلار ئۇچقاندەك يول يۈرۈپ، مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ رەسۇلۇللاھقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

كارۋان مەككىلىكلەرنىڭ مىڭ تۆگىگە قاچىلانغان زور مىقداردىكى مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇمۇمىي قىممىتى كەم دېگەندە، 50 مىڭ دىنار ئالتۇندىن ئاشاتتى. كارۋاندا پەقەت 40 تەك ئادەم بىللە ئىدى.

بۇ مەدىنە تەرەپ ئۈچۈن ئىپتىقاندا ئالتۇن پۇرسەت، مۇشرىكلار ئۈچۈن ئىپتىقاندا مۇشۇ مالنى قولدىن بېرىپ قويسا ھەربىي ، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچرىغانلىق ھېسابلىناتتى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى چاقىرىق قىلىپ: «ئى خالايىق! مانا بۇ قۇرەيش كارۋىنى جەمى مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىڭلار، ئۈمىدكى، ئاللاھ ئۇنى سىلەرگە ئولجا قىلىپ بېرەر ئەمەس »، دېدى.

رەسۇلۇللاھ بۇ چاقىرىقنى ئېلان قىلغان چاغدا بەدرىدە (كارۋاننىڭ بەدىلىگە) قۇرەيش قوشۇنى بىلەن بۇنچە قاتتىق تۇتۇشۇپ قالارىنى ئويلىمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ ھېچ كىشىنى چىقىشقا زورلىمىدى. بەلكى، چىقىش ـ چىقماسلىق ئىشىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەركىن ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى. شۇنداق بولغاچقا، ساھابە كىراملارنىڭ كۆپىنچىسى رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ قېتىمقى يۈرۈشىنى ئالدىنقى قېتىمدىكى يۈرۈشلەردىن پەرقلەنمەيدۇ، دەپ قاراپ مەدىنىدە قېپقالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ كىشى بۇ غازاتقا قاتناشمىدى، دەپ ئەيىبلەنمىدى.

## ئىسلام قوشۇنىنىڭ ھەربىي كۈچى ۋە رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

رەسۇلۇللاھ مەدىنىدىن يولغا چىقتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن (313 ياكى 314 ۋە ياكى 319) كىشى بىرگە ئاتلانغانىدى. 82 ياكى 83 ۋە ياكى 86سى مۇھاجىرلاردىن، 61سى ئەۋس قەبىلىسىدىن ۋە 170ى خەزرەج قەبىلىسىدىن ئىدى. مۇسۇلمانلار بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە

ئانچە چوڭ ھەشەم قىلىپ كەتمىدى. شۇڭا، ئۇلاردا پەقەت ئىككىلا ئات بار ئىدى. بىرى زۇبەير ئىبنى ئەۋامنىڭ، يەنە بىرى مىقداد ئىبنى ئەسۋەد كىندىنىڭ ئىدى ۋە يەنە70 تۆگە بار بولۇپ، ئىككى، ئۈچ ئادەم بىر تۆگىگە نۆۋەتلىشىپ مىنىشەتتى. رەسۇلۇللاھ، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ ۋە مەرسەد ئىبنى مەرسەد غەنەۋىلەر بىلەن بىر تۆگىنى نۆۋەتلىشىپ مىنىدى.

مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا ۋە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى قالدۇردى. رەسۇلۇللاھ ئاتلىنىپ رەۋھا دېگەن يەرگە چىققاندا، ئەبۇلۇبابە ئىبنى ئابدۇلمۇنزىرنى قايتۇرۇپ ئۆز ئورنىدا مەدىنىدە ئىش باشقۇرۇشقا بەلگىلىدى.

باش قوماندانلىق ئەلەمنى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير (قۇرەيش قەبىلىسى ئابدۇددار جەمەتىدىن) گە تۇتقۇزدى. ئەلەم ئاق رەڭدە ئىدى. قوشۇننى ئىككى «قىسىم»غا بۆلدى:

1. مۇھاجىرلار قىسمى. ئۇنىڭ ئەلەمىنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا تۇتقۇزدى.

2. ئەنسارلار قىسمى. ئۇنىڭ ئەلەمىنى سەئەد ئىبنى مەئازغا تۇتقۇزدى.

قوشۇننىڭ ئوڭ قانات رەھبەرلىكىگە زۇبەير ئىبنى ئاۋامنى، سول قانات رەھبەرلىكىگە مىقداد ئىبنى ئەسۋەدنى مەسئۇل قىلدى (چۈنكى بۇلار يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك قوشۇندىكى بىردىنبىر ئاتلىقلار ئىدى). ئارقا سەپ مۇداپىئەسىگە قەيس ئىبنى ئەبۇ سەئسەئەنى بەلگىلىدى ۋە رەسۇلۇللاھ ئارمىيىنىڭ ئالىي باش قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەركىزى باش قوماندانلىق ئۇنىڭ قولىدا قالدى.

## ئىسلام قوشۇنى بەدرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى

رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرنىڭ تولۇق تەييارلىق قىلىۋېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرمايلا يولغا چىقتى. ئۇ مەدىنە تاغ يولى بىلەن ئاتلىنىپ، تاكى بىئرى رەۋھا دېگەن يەرگە بارغىچە مەككىگە بارىدىغان چوڭ يولنى بويلاپ جەنۇپقا قاراپ ماڭدى. بىئرى رەۋھادىن قوزغالغاندا، مەككە يولىنى سولغا تاشلاپ نازىيە تەرەپكە (ئوڭغا) بۇرۇلۇپ (بەدرىگە قاراپ) نازىيىنىڭ بىر چېتىدىن يول ئالدى ۋە نازىيە بىلەن سەپرا جىلغىسى دېگەن يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رەھقان دەپ ئاتىلىدىغان بىر ۋادىنى كېسىپ ئۆتتى. ئاندىن بىر تار جىلغىدىن ئۆتۈپ تۆۋەنگە قاراپ مېڭىپ، سەپرا دېگەن يەرگە يېقىنلاشتى ۋە مۇشۇ يەردە توختاپ بۇسەيس ئىبنى ئەمرىلجۇھەنى بىلەن ئەدىي ئىبنى زەغبا ئۇلجۇھەنىنى بەدرى كەنتىگە كارۋاننىڭ ئەھۋالىنى مەخپىي رازۋېت قىلىشقا ئەۋەتتى.

## مەككىدە جاكارچى

ئەمما، كارۋاننىڭ ئەھۋالى مۇنداق بولدى. ئەبۇ سۇفيان بۇ كارۋاننىڭ باش مەسئۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنتايىن پەخەس ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن يول تۇتتى. ئۇ مەككە ـ شام يولىنىڭ خەۋپ ـ خەتەردىن خالىي ئەمەسلىكىنى بىلگەچكە، كارۋاننىڭ ئالدىدا پايلاقچى ۋە خەۋەرچىلەرنى ئەۋەتىپ ئەھۋال ئىگەللەپ ماڭدى ۋە ئۆتكەن ـ كەچكەن

يولۇچىلاردىن سوراپ تۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ پايلاقچىلىرى: «مۇھەممەد كارۋانغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن ئادەملىرىنى باشلاپ چىقىپتۇ»، دېگەن ئاخباراتنى يەتكۈزدى. بۇ چاغدا ئەبۇ سۇفيان زەمزەم ئىبنى ئەمرىلغىفارىنى سېتىۋېلىپ، مەككىگە قۇرەيشلەر كارۋاندىكى ماللىرىنى ۋە ئادەملىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئەسكەر چىقىرىشقا چاقىرىق قىلغىلى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن زەمزەم ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە يول يۈرۈپ ئاخىر مەككىگە يېتىپ كەلدى ۋە بەتنى ۋادىي دېگەن يەردە توختاپ، تۆگىسىنىڭ بۇرنىنى كېسىپ، توقۇمىنى تەتۈر ئۆرۈپ، ئۈستىدىكى كىيىمىنى يىرتىپ تاشلاپ (بۇنداق قىلىش خەۋەر قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ جىددىيلىكىنى بىلدۈرەتتى). تۆگىدىن چۈشمەي تۇرۇپ ئاللا توۋا چاقىرغىلى تۇردى. ئۇ مۇنداق دەيتتى: «ئاھ ... ئىسىت، ۋاي ئىسىت...، مىلىڭلارغا مۇھەممەدنىڭ ئادەملىرى قول سالدى، ئۇلگۈرەلەمسىلەر يوق، بىلمەيمەن، ئەلمەدەت...، ئەلمەدەت، ۋاي... ئىسىت، ۋاي ... ئىسىت».

## مەككىلىكلەر قايتۇرما ھۇجۇمغا تەييارلاندى

مەككىلىكلەر چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كەلدى. كوچىلار ناھايىتى جىددىي كۆرۈنەتتى ۋە ئۆزئارا مۇنداق دېيىشەتتى: «مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇنى (يەنى كارۋاننى) ئەمرى ئىبنى ھەزرەمىينىڭ كارۋىنىدىكىدەك ئىش بولار دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئىش يوق. ئەزبىرايى خۇدا، بىز ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى بىر تونۇتۇپ قويىمىساق...» شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ئۆيدە ئىككى ئەر بولسا، چوقۇم ھەر ئىككىلىسى ئاتلاندى ۋە ياكى ئىككىسىنىڭ بىرسى ئاتلىنىپ، يەنە بىرى ئورنىغا ئادەم ياللاپ ئەۋەتتى. كىشىلەرنىڭ چىقىش-چىقماسلىق ئىختىيارى بولمىدى. ھەممە ئادەمنىڭ چوقۇم ئاتلىنىشى تەلەپ قىلىندى. شۇڭا، مەككە مۆتىۋەرلىرىدىن ئەبۇ لەھەبتىن باشقا بىرمۇ ئادەم ئايرىلىپ قالالمىدى. ئەبۇ لەھەب زىممىسىدە قەرزى بار بىر كىشىنى قەرزىنى كۆتۈرۈۋېتىش شەرتى بىلەن ئۆز ئورنىغا سەپلەپ چىقارتتى. مەككىلىكلەر ئۆز ئەتراپىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىمۇ سەپەرۋەر قىلغانىدى. ئۇلاردىنمۇ قۇرەيش جەمەتىگە تەۋە بىرمۇ قەبىلە ۋە ياكى ئايماق ئايرىلىپ قالالمىدى. پەقەت بەنى ئەدىي جەمەتىلا ئادەم قاتناشتۇرمىدى.

## مەككە قوشۇنىنىڭ ھەربىي كۈچى

بۇ قېتىم مەككە قوشۇنىنىڭ يولغا چىقىش ئالدىدىكى ھەربىي زاپاس كۈچى، 1300 كىشى ئەتراپىدا تەشكىللەندى. بۇنىڭ ئىچىدە 100 ئات، 600 ساۋۇت، سانى ئېنىق بولمىغان نۇرغۇن تۆگە تايلاقلار بار ئىدى. قوشۇننىڭ باش قوماندانى ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام بولدى، قوشۇننىڭ ئوزۇق-تۈلۈك تەمىناتىنى قۇرەيش بايلىرىدىن توققۇز كىشى ئۈستىگە ئالدى. قوشۇن بىر كۈن توققۇز تۆگە يەنە بىر كۈن ئون تۆگە سويۇپ ئوزۇقلىنىپ ماڭاتتى.

## بەنى بەكرى قەبىلىلىرىنىڭ خەۋپى

قوشۇن يولغا چىقىش ئالدىدا، قۇرەيش بىلەن بەنى بەكرى قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى كونا ئاداۋەت ۋە ھەربىي سۈركىلىشلەر تىلغا ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قەبىلىلەر ئارقا تەرەپتىن زەربە بەرسە قۇرەيش ئىككى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ چوڭ تالاپەتكە يولۇقۇشتىن قورقۇپ، ئىرادىسىدىن يېنىۋالماقچى بولۇشتى. لېكىن، بۇ چاغدا، ئىبلىس مەلئۇن سۇراقە ئىبنى مالىك جۇئشۇمىنىڭ سىياقىدا پەيدا بولۇپ كېلىپ: «مەن سىلەرگە بەنى كەنانە قەبىلىسى (بەنى بەكرى بەنى كەنانەنىڭ بىر ئايمىقى)نىڭ ھەر قانداق يامانلىقىدىن باشپاناھ بولىمەن»، دەپ ئۇلارنى يول ئۈستىدىكى كۈتۈلمىگەن دۈشمەندىن خاتىرجەم قىلدى.

## مەككە قوشۇنى يولغا چىقتى

قۇرەيش دائىرىلىرى شەيتاننىڭ ۋەدىسى بىلەن كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزغاندىن كېيىن، ئاللاھ تەسۋىرلەپ ئېيتقىنىدەك: «تەكەببۇرانە، كىشىلەرگە كۆز-كۆز قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش مەقسىتىدە»، مەككىدىن يولغا چىقتى ۋە رەسۇلۇللاھ ئېيتقىنىدەك: «ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى غەزەپ-نەپرىتى ۋە تۆمۈر-قالقانلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى ‹چوقۇم توسۇش مەقسىتىدە، رەسۇلۇللاھنىڭ قول سېلىشقا جۈرئەت قىلغىنىدىن قاتتىق چۆچىگەن ۋە چېكىدىن ئاشقان غەزەپ نەپرىتى بىلەن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئۇلار شىمال تەرەپتە بەدرىگە قاراپ ئىنتايىن يۇقىرى سۈرئەت بىلەن قەدەم بېسىۋاتاتتى. يول يۈرۈپ، ۋادى ئوسپان، قەدىيد، ئاندىن جۇھفەلەرنى بېسىپ ئۆتتى ۋە جۇھفەگە بارغاندا ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۇلارغا يېڭىدىن يوللىغان مۇنداق بىر ئاخباراتىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئاخباراتتا: «سىلەر كارۋاندىكى ئادەم ۋە مال-مۈلۈكلەرنى قوغداش ئۈچۈن چىققان ئىكەنسىلەر، ئاللاھ ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىدى، شۇڭا قايتىڭلار، ۋەسسالام»، دېيىلگەنىدى.

## كارۋان قېچىپ كەتتى

كارۋاننىڭ قۇتۇلۇپ قېلىش جەريانى مۇنداق بولدى: ئەبۇ سۇفيان (مەككە-شام) چوڭ يولىدا جەنۇپقا قاراپ ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق ۋە سەگەكلىك بىلەن قەدەم بېسىۋاتاتتى. ئۇ ئالدىن كۆزىتىش ۋە ئاخبارات يەتكۈزۈش ھەرىكەتلىرىنى ھەسسىلەپ جىددىيلەشتۈرگەنىدى. ئۇ بەدرىگە يېقىنلاپ كەلگەندە ئۆزى بىۋاستە كارۋاندىن ئېشىپ كېلىپ مەجدى ئىبنى ئەمرى بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇنىڭدىن مەدىنە تەرەپ توغرىلىق گەپ سورىدى. مەجدى ئۇنىڭغا: «مەن غەيرى ئەھۋال سەزمىدىم، بىراق ئۇلاغلىق ئىككى كىشى كېلىپ ئاۋۇ دۆۋىنىڭ كەينىگە تۆگىلىرىنى چۆكتۈرۈپ قويۇپ، تۇلۇملىرىغا سۇ قاچىلاپ قويۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سۇفيان دەرھال مەجدى ئىشارەت قىلغان ھېلىقى يەرگە كېلىپ ئۇ يەردىكى تۆگىنىڭ يېڭى ماياقلىرىنى قولىغا ئېلىپ ئۇۋاپ باقتى ۋە ئۇنىڭدىكى خورما ئۇرۇقچىلىرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە:
«ئەزىبىرايى خۇدا، بۇ چوقۇم يەسرەپ (مەدىنە) ھەلىپىنى يېگەن تۆگىنىڭ مايىقى»،

دېدى-دە، دەرھال كارۋاننىڭ ئالدىغا قايتىپ، بەدرىدىن ئۆتىدىغان چوڭ يولدىن كارۋاننىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ كۈن پېتىش تەرەپكە (يەنى دېڭىز ساھىلى تەرەپكە) قايرىلىپ ماڭدى ۋە بۇ ئارقىلىق كارۋاننى مەدىنە قوشۇنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاپ قالدى. ھەمدە مەككە قوشۇنى جۇھفىدە تاپشۇرۇۋالغان ھېلىقى ئاخباراتنى يوللىۋەتكەنىدى.

## مەككە قوشۇنىنىڭ قايتماقچى بولغانلىقى ۋە ئارىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەنلىكى

مەككە قوشۇنى ئەبۇ سۇفيانىنىڭ يېڭى ئاخباراتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىش ئىرادىسىگە كەلدى . لېكىن، باش جىنايەتچى، مۇستەبىت ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ قەسەم قىلىپ: «بىز بەدرىگە بېرىپ ئۇ يەردە ئىككى-ئۈچ كۈن تۇرۇپ تۆگىلەرنى سويۇپ لەشكەرلەرگە زىياپەت بېرىپ ھاراق-شاراپلارنى ئىچىپ، قىز-خېنىملارنى ئوينىتىپ، پۈتۈن ئەرەبلەرگە بىزنىڭ قوشۇن تارتقانلىقىمىزنى ۋە ھەربىي كۈچ قۇۋۋىتىمىزنى كۆرسىتىپ قويماي قايتمايمىز. شۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئۇلار بىزدىن مەڭگۈ تەپارتىدىغان بولىدۇ» دېدى. لېكىن ئەخنەس ئىبنى شۇرەيق ئەبۇ جەھىلنىڭ گېپىگە قارىماي قايتىپ كېتىش پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

نەتىجىدە ئەخنەس بەنى زۆھرە قەبىلىسىنى باشلاپ (ئۇ بەنى زۆھرە، قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشى ھەمدە مۇشۇ قېتىمدىكى يۈرۈشنىڭ مەسئۇلى ئىدى) قايتىپ كەتتى.

نەتىجىدە، بەدرى ئۇرۇشىغا بەنى زۆھرە قەبىلىسىدىن بىرمۇ ئادەم قاتناشمىدى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ سانى 300 گە يېتەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بەنى زوھرە جەمەتى ئەخنەسنىڭ پىكرىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى ئۇلۇغلايدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان بولدى.

بەنى ھاشىم (رەسۇلۇللاھنىڭ جەمەتى) مۇ قايتماقچى بولغانىدى. ئەبۇ جەھىل ئۇلارغا بېسىم ئىشلىتىپ: «بىز قاچان قايتساق، بۇ تائىپىلەرمۇ شۇ چاغدا قايتىدۇ»، دەپ تۇرۇۋالدى.

شۇنىڭ بىلەن بەنى زوھرە قەبىلىسى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن مىڭدەك قوراللىق قوشۇن بەدرىنى نىشانلاپ يولغا چىقتى. ئۇلار داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاخىر بەدرىگە يېقىن جايغا (يەنى بەدرى ۋادىسىنىڭ مەدىنىگە يىراق كېلىدىغان چېگراسى بويىغا جايلاشقان دۆۋەلىكلەردىن بىر دۆۋىنىڭ كەينىگە) كېلىپ چۈشتى.

## ئىسلام قوشۇنىنىڭ قىيىن ئۆتكىلى

مەدىنە قوشۇنىنىڭ ئاخباراتچىلىرى رەسۇلۇللاھقا (ئۇ ۋادى زەفران دېگەن جايدا كېتىۋاتقان چېغىدىلا) كارۋاننىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى ۋە مەككىدىن زور كۆلەمدە قوشۇن تەشكىللىنىپ چىققانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات يەتكۈزگەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقا ـ ئارقىدىن تاپشۇرۇۋالغان بۇ مەلۇماتلارنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بۇ قېتىم ھامان قانلىق توقۇنۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇچۇن چوقۇم جاسارەت ۋە شىجائەت بىلەن يۈرەكلىك ھالدا دادىل قەدەم تاشلاپ ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەنىدى.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ناۋادا رەسۇلۇللاھ بۇ قېتىم مەككە قوشۇنىنىڭ مۇشۇ ئەتراپتىكى رايونلاردا مالىيقايلاپ يۈرۈشكە يول قويىدىغان بولسا، بۇ قۇرەيش ھەربىي كۈچى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە مەدەت بەرگەنلىك، ھەتتا ئۇنى ئاستىرتتىن قوللىغانلىق بوپقالىدۇ ھەمدە مۇسۇلمانلارنى گېپى ئۆتمەس، ئاجىز، خار ۋە بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بەلكى، تېخى بۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام ھەرىكىتى جانسىز جەسەتكە ئايلىنىپ قېلىشى ۋە مۇشۇ ئەتراپتىكى ئىسلام دىنىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئەمدىلىكتە، يۈرىكى تومشىپ، يامانلىقا جۈرئەت قىلىدىغان بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

بۇ نام ـ شۆھرەت دېگەنلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، ئەڭ مۇھىمى كۆز ئالدىمىزدىكى ھازىرقى ۋەزىيەتنى ئالايلى، ناۋادا مۇسۇلمانلار بۇ قېتىم جىددىي پوزىتسىيە تۇتمىسا مەككە قوشۇنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، مەدىنىگە باستۇرۇپ كىرىپ قولىدا قورالىنىڭ سۇنۇقى بولمىغان ئامىمغا ئۇرۇش ئوتى ئاچمايدۇ ۋە مۇسۇلمان ئاھالىلەرنى ئۆز مەھەللىسىدە قىرغىن قىلمايدۇ، دەپ كىم كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟

شۇنداق ئىكەن مەدىنە تەرەپ ئارزاقلا بىخەستىلىك قىلىپ ئۆزىنى ئۇرۇشتىن قاچۇرسا، مۇسۇلمانلارنىڭ نام ـ شۆھرىتىگىلا ئەمەس، بەلكى مەۋجۇتلىقىغىمۇ ئېغىر خەۋپ يېتىدۇ، ئەلۋەتتە.

## ھەربىي كېڭەش يىغىنى

رەسۇلۇللاھ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىۋاتقان بۇ خەتەرلىك ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى نەزەردە تۇتۇپ، قوشۇن ئىچىدە كېڭەيتىلگەن ھەربىي مەسلىھەت كېڭەش يىغىنى چاقىردى.

يىغىندا قوشۇنغا ھازىرقى ۋەزىيەتنى تونۇشتۇردى ۋە قوشۇندىكى بارلىق جەڭچى ۋە قوماندانلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى. دەل مۇشۇ چاغدا ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر قورقۇپ قانلىق توقۇنۇشتىن ئەنسىرىدى. ئاللاھ بۇلار ھەققىدە: ﴿كما اخرجك ربك من بيتك بالحق و ان فريقا من المئمنين لكارهون يجادلونك في الحق بعد ما تبين كانما يساقون الي لموت وهم ينظرون﴾ «(غەنىمەت تەقسىماتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاس قىلىنغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقى) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى ھەقلىق رەۋىشتە ئۆيۈڭدىن (يەنى ئۆيۈڭ جايلاشقان مەدىنىدىن ئۇرۇشقا) چىقارغانلىقىنى (ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقىغا ئوخشايدۇ، مۆئمىنلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشقا چىقىشنى) ئەلۋەتتە يامان كۆرىدۇ. ئۇلار گويا (ئالامەتلىرى) كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان ئۆلۈمگە ھەيدىلىۋاتقاندەك ھەقىقەت ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن ھەقىقەت (يەنى ئۇرۇشقا چىقىش مەسىلىسى) ئۈستىدە سەن بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ». («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنفال 5 ـ ئايەت)

ئەمما قوشۇن رەھبەرلىرىدىن ئەبۇ بەكرى سىددىق ئورنىدىن تۇرۇپ ناھايىتى ياخشى سۆز قىلدى. ئارقىدىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب تۇرۇپ ئىپادە بىلدۈردى ۋە ياخشى پىكىر بەردى. ئاندىن مىقداد ئىبنى ئەمرى ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭغىن، بىز سەن بىلەن بىللە بولىمىز، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ساڭا بەنى ئىسرائىل مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دېگەندەك ﴿اذهب انت و ربك فقاتلا انا ههنا قاعدون﴾ «سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى»، دېمەيمىز. بەلكى، «سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بېرىپ ئۇرۇش قىلغىن، بىزمۇ سەن بىلەن بىللە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىمىز»، دەيمىز. سېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن بىزنى بەركولغىمادقا[①] تارتساڭ، ئاشۇ يەرگە يەتمىگۈچە ھەرگىز توختىمايمىز»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «ناھايىتى ياخشى»، دېدى ۋە ئۇنىڭغا خەيرلىك بىلەن دۇئا قىلدى.

بۇ ئۈچ رەھبەر مۇھاجىرلاردىن ئىدى. ھالبۇكى، مۇھاجىرلار قوشۇندا ئاز سانلىقنى ئىگەللەيتتى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئەنسار رەھبەرلىرىنىڭ پىكىرىنى ئېلىپ باقماقچى بولدى. چۈنكى، ئۇلار قوشۇندا كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلاتتى. ئەڭ مۇھىمى، ئەنسارلار بىلەن ئەقەبە كۈنى پۈتۈشكەن بەيئەت ماددىلىرىدا «ئەنسارلار رەسۇلۇللاھنى مەدىنىنىڭ سىرتىدىمۇ قوغداپ ئۇرۇش قىلىش مەجبۇرىيىتى بار» دەپ بېكىتىلمىگەن ئىدى، ھەمدە بۇ قېتىم ئۇرۇش يۈز بېرىپ قالسا، جەڭ مەيدانىنىڭ ئەڭ ئېغىر يۈكى ئاشۇلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنەتتى. شۇڭا، ئۇ بۇ ئۈچ رەھبەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئەنسارلارغا قارىتىپ: «ئى خالايىق! توغرا مەسلىھەتىڭلار بولسا بېرىڭلار»، دېدى. بۇنى سەزگەن ئەنسارلار قىسمىنىڭ قوماندانى سەئەد ئىبنى مەئاز: «ئەزىبرايى خۇدا، بىزنى دېمەكچىمۇسەن ئى رەسۇلۇللاھ!» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ھەئە، شۇنداق»، دېگەنىدى.

سەئەد: «بىز ساڭا ئىمان كەلتۈردۈق، سېنى راست پەيغەمبەر دەپ چىن پۈتتۈق، سەن ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ھەقلىقىگە گۇۋاھلىق بەردۇق ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن سۆزۈڭنى ئاڭلاشقا ۋە ئەمرىڭگە ئىتائەت قىلىشقا ئەھدۇپەيمان بەردۇق. ئى رەسۇلۇللا! ئىرادەڭ بويىچە ئىش قىلغىن، سېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن بىزنى مۇشۇ (قىزىل) دېڭىزغا كىرىشكە بۇيرىساڭ، چوقۇم باش تارتماي كىرىمىز، بىرسىمىزمۇ ئايرىلىپ قالمايمىز، ئەتىلىكتە دۈشمەن بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشنى ھەرگىزمۇ يامان كۆرمەيمىز، بىز چىدامچان، سۇباتلىق كىشىلەردۇرمىز، ئىنشائاللاھ بىزلەردىن مەمنۇن بولىدىغان ئىشلارنى كۆرىسەن. شۇڭا، ئاللاھقا تاپشۇرۇپ يولۇڭنى داۋاملاشتۇرغىن»، دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە سەئەد ئىبنى مەئاز رەسۇلۇللاھقا: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئېھتىمال سەن ئەنسارلار پەقەت ماڭا ياردەم بېرىش ۋە مېنى قوغداشنى مەدىنە ئىچىدىلا مەجبۇرىيەت دەپ بىلىدۇ، دەپ قورقۇۋاتقان بولۇشۇڭ مۇمكىن. مەن ئەنسارلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلاي ھەم جاۋاب بېرەي: سەن بىزنى خالىغان يەرگە باشلاپ بارغىن، خالىغان كىشى بىلەن ئەھدى ـ ئالاقە ئورناتقىن، خالىغان كىشىدىن ئالاقە ـ رىشتىڭنى ئۈزگىن،

---

[①] بەركولغىماد يەمەندە بىر جاينىڭ نامى.

مال ـ دۇنيالىرىمىزدىن ئۆزۈڭ خالاپ ئالغىن، ئۆزۈڭ خالاپ قويۇپ قويغىن، ھەر ھالدا سېنىڭ ئېلىۋالغىنىڭ بىز ئۈچۈن قويۇپ قويغىنىڭدىن چارىراق. بىزنىڭ ھەر قانداق ئىشىمىز سەن بۇيرىغان ئىشقا تابىيىدۇر. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن غەمدانىنىڭ ‹بەرىكە› دېگەن يېرىگە يول ئالساڭ، بىزمۇ چوقۇم سەن بىلەن بىرگە ئاتلىنىمىز ۋە قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر بىزنى مۇشۇ دېڭىزغا كىرىشكە بۇيرىساڭ، ئىككىلەنمەستىن كىرىمىز» دېگەن.

سەئەدنىڭ سۆزى رەسۇلۇللاھقا زور ئىلھام بولدى چېغى، ئۇ بۇ گەپتىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئالغا ئىلگىرىلەيلى، ئۈمىدۋار بولايلى، ئاللاھ ماڭا ئىككى تائىپىنىڭ بىرىنى ۋەدە قىلدى، قەسەم قىلىمەنكى، گويا مەن شۇ تاپتا مۇشرىكلارنىڭ مەلەقتەك ياتقان ئۆلۈكلىرىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن».

## ئىسلام قوشۇنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى

يىغىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ زەفراندىن يولغا چىقىپ، ئەسافىر دەپ ئاتىلىدىغان بىر داۋاندىن ئاشتى. ئۇ يەردىن دەبيە دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك بىر كەنتكە چۈشتى ۋە ھەنان (چوڭ تاغدىن قېلىشمايدىغان بىر دۆڭلۈك)نى ئوڭغا تاشلاپ مېڭىپ، بەدرىگە يېقىن بىر يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى.

## رەسۇلۇللاھ ئۆزى بىۋاستە چارلاش ئېلىپ باردى

مۇشۇ يەردە رەسۇلۇللاھ ھىجرەت سەپەردىشى ۋە غاردىكى ھەمراھى ئەبۇ بەكرى سىددىق بىلەن بىللە ئۆزى بىۋاستە چارلاش ئېلىپ باردى. ئىككىيلەن مەككە قوشۇنىنىڭ ھەربىي گازارمىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىنىۋاتقان يەرنىڭ ئەتراپىدا يىراقتىن كۆزىتىپ، رازۋېت قىلىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت بىر پېشقەدەم ئەرەپ بوۋايغا ئۇچراپ قالدى.

رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن: «قۇرەيش قوشۇنى ۋە مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)نىڭ ئادەملىرى ھازىر نەلەرگە يېتىپ كەلگەندۇ؟» دەپ سورىدى. (رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن ئۆزىنىمۇ سوراپ قويۇشى، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىماسلىق ئۈچۈن ئىدى) لېكىن ھېلىقى بوۋاي: «سىلەر ماڭا ئۆزۈڭلارنىڭ كىم»لىكىنى ئېيتىپ بەرمىگۈچە مەن ئېيتىپ بەرمەيمەن»، دەپ تۇرۇۋالدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «ئاۋۋال سەن ئېيتىپ بەرسەڭ، ئاندىن بىز ئېيتىپ بېرىمىز»، دېگەنىدى. بوۋاي: «ئاۋۋال مەن، ئاندىن سەن، شۇنداقمۇ؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ھەئە، شۇنداق» دېۋىدى، بوۋاي: «ئاڭلىشىمچە، مۇھەممەد ئادەملىرى بىلەن پالانى كۈنى يولغا چىققانمىش، ماڭا خەۋەر قىلغان كىشىنىڭ گېپى راست بولسا، ئۇلار بۈگۈن پالانى يەردە»، دېدى. (مەدىنە قوشۇنى ئورۇنلاشقان ئورۇننى تىلغا ئېلىپ) يەنە ئاڭلىشىمچە، قۇرەيشلەر پالانى كۈنى يولغا چىققانىكەن، ئاشۇ خەۋەر راستلا بولسا، ئۇلار بۈگۈن چوقۇم پالانى يەردە دېدى (قۇرەيش قوشۇنى چۈشكەن يەرنى ئاتاپ)»، ئۇ بۇ خەۋەرنى ئېيتىپ بېرىپلا: «سىلەر ئىككىڭلار كىم بولىسىلەر؟» دەپ سورىغانىدى.

رەسۇلۇللاھ: «بىز سۇدىن» دەپ جاۋاب بەردى ـ دە، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتقىنىچە كېتىپ قالدى. بۇۋاي «سۇدىن دېگەن نېمە ئۇ؟ ئىراق سۇيىدىنمۇ ياكى ...؟» دەپ ئاغزىنى ئۇشلاپلا قالدى.

## مەككە قوشۇنى توغرىلىق مۇھىم بىر ئاخباراتقا ئېرىشىش

شۇ كۈنى كەچتە رەسۇلۇللاھ يېقىندىن رازۋېتچىكلارنى تەيىنلەپ دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە ئەۋەتتى. بۇ ۋەزىپىنى مۇھاجىرلارنىڭ پېشىۋالىرىدىن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، زۇبەير ئىبنى ئاۋام ۋە سەئەد ئىبنى ئەبى ۋەققاس قاتارلىق ئۈچ كىشى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇلار بەدرى كەنتىنىڭ سۇ ئېقىنى بويىغا بېرىۋىدى، مەككە قوشۇنىنىڭ سۇ توشۇغۇچى ئىككى ئادىمىنى ئۇچرىتىپ قالدى، رازۋېتچىكلار دەرھال ئۇلارنى تۇتۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ھەيدەپ كەلدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ناماز ئوقۇۋاتاتتى، باشقىلار ئالدىراپ ئۇلارنى سوراق قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار (يەنى ئىككى ئەسىر): «بىز قۇرەيش ئارمىيىسىنىڭ سۇ توشۇغۇچىلىرى، ئۇلار بىزنى سۇ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن»، دېدى. بۇ گەپ مۇسۇلمانلارغا ياقمىدى. چۈنكى ئۇلار بۇ ئىككىيلەننىڭ ئەبۇ سۇفىياننىڭ ئادەملىرى چىقىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، (چۈنكى، ئۇلاردا تېخىچە كارۋاننى قولغا چۈشۈرۈش ئۈمىدى ئۈزۈلمىگەنىدى) شۇڭا مۇسۇلمانلار ھېلىقى ئىككى ئەسىرنى قاتتىق ئۇردى. ھەتتا ئۇلار: «بىز ئەبۇ سۇفىياننىڭ ئادەملىرى»، دېگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇرۇشنى توختاتتى.

ئۇنىڭغىچە رەسۇلۇللاھمۇ نامازدىن فارىغ بولدى ۋە كۆپچىلىككە ئاچچىقلانغانىدەك: «ئۇلار راست گەپ قىلسا ئۇردۇڭلار، يالغان ئېيتسا قويۇۋەتتىڭلار، ئەزبىرايى خۇدا، ئۇلار ئاۋۋال راست ئېيتقانىدى. ئۇلار چوقۇم قۇرەيش قوشۇنىنىڭ ئادەملىرى»، دېدى. ئاندىن ئۇلارنى ئۆزى بىۋاستە سوراق قىلدى. رەسۇلۇللا:

— ئېيتىڭلار قۇرەيش ئارمىيىسى نەدە؟ ئەسىرلەر:

— ئۇلار ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان يىراق دۆڭلۈكنىڭ كەينىدە.

— ئازمۇ، كۆپمۇ؟

— بەك كۆپ.

— سانى قانچىلىك؟

— بىلمەيمىز.

— ئۇلار بىر كۈندە نەچچە تۆگە سويىدۇ؟

— بىر كۈنى توققۇز، يەنە بىر كۈنى ئونى سويىدۇ.

رەسۇلۇللاھ بۇنى ئاڭلاپ: «ئۇلارنىڭ سانى 900 بىلەن 1000نىڭ ئارىلىقىدا ئىكەن»، دېدى. ئاندىن كېيىن يەنە سوراقنى داۋاملاشتۇردى:

— قۇرەيش كاتتىلىرىدىن كىم، كىملەر بار؟

— ئۇتبە بىلەن شەيبە (رەبىيئەنىڭ ئىككى ئوغلى)، ئەبۇلبەختەرى ئىبنى ھىشام، ھەكەم ئىبنى ھىزام، نەۋفەل ئىبنى خۇۋەيلىد، ھارىس ئىبنى ئامىرى، تۇئەيمە ئىبنى

ئەدىي، نەزرى ئىبنى هارىس، زەمئە ئىبنى ئەسۋەد، ئەبۇ جەهىل ئىبنى هىشام ۋە ئۇمەييە ئىبنى خەلەف قاتارلىقلار بار دەپ يەنە بىر قانچە كىشىنىڭ ئىسمىلىكىنى تاپشۇردى.

سوراقتىن كېيىن رەسۇلۇللاھ قوشۇنىدا سۆز قىلىپ: «مەككە سىلەرگە جىگەر پارىلىرىنى چىقارتىپتۇ»، دېدى.

## سىم ـ سىم يامغۇر

شۇ كېچىسى ئاسمان بۇلۇتلىنىپ، يامغۇر ياغدى. ئاللاھ يامغۇرنى مۇشرىكلار چۈشكەن جايلارغا كۆپ ياغدۇرۇۋەتكەنلىكتىن، ئۇلارنى ئالغا ئىلگىرىلەشتىن توسۇپ قويىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە سىم ـ سىم يامغۇر ياغدى، بۇ ئۇلارنى پاكلىدى ۋە شەيتاننىڭ پاسكىنا مەينەتچىلىكلىرىنى كەتكۈزدى. يەر قاتتى، قۇملار چىڭدىلىپ، ئادەم ۋە هايۋانلارنىڭ قەدىمى پېتىپ كەتمەيدىغان بولدى ۋە چېدىر ـ بارگاهلارنى تىككىشكە شارائىت هازىرلىنىپ قوشۇننىڭ دىلى تەسكىن تاپتى.

## ئىسلام قوشۇنى مۇهىم هەربىي ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئالدىن بېرىپ ئورۇنلىشۋالدى

رەسۇلۇللاھ بەدرى سۇيىگە مۇشرىكلاردىن بۇرۇن بېرىپ ئورۇنلىشىۋېلىش ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئورۇننى ئالدىن ئىگەللىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قوشۇننى قوزغىدى ۋە جىددىي يول يۈرۈپ ئاخشىمى بىر مەھەللىدە بەدرى سۇ مەنبەلىرىدىن بىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ چۈشتى. بۇ چاغدا هۇباب ئىبنى مۇنزىر گويا بىر هەربىي مۇتەخەسسىستەك ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ يەرگە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چۈشتۇقمۇ؟ ياكى جەڭ تەدبىرى ئۈچۈن ئۆز رايىڭ بىلەن چۈشتۇقمۇ؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: « جەڭ تەدبىرى ئۈچۈن ئۆز رايىم بىلەن چۈشتۇم»، دېدى. هۇباب: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ يەرگە چۈشۈش مۇۋاپىق ئەمەس، قوشۇنغا بۇيرۇق قىلغىن، بىز بۇ يەردىن قوزغىلىپ بەدرى سۇلىرىدىن مۇشرىكلارغا ئەڭ يېقىن بىر سۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئورۇنلىشىپ، بىر كۆل ياساپ سۇ چىڭقىۋالايلى، ئاندىن باشقا قۇدۇق ۋە كۆللەرنى كۆمۈۋېتەيلى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش قىلساق، بىز سۇ قىيىنچىلىقى تارتمايمىز، دۈشمەن سۇ ئىچەلمەي قىينىلىدۇ»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «توغرا ئېيتتىڭ»، دېدى ـ دە، قوشۇننى تېزدىن هەرىكەتلەندۈرۈپ، دۈشمەن قوشۇنىغا ئانچە يىراق بولمىغان بىر سۇ بويىغا تۈن نىسپىدە كېلىپ چۈشتى، ئاندىن كۆل كولاپ، سۇ چىڭقىۋېلىپ ئۇنىڭدىن باشقا كاتەك ۋە كۆللەرنى تىندۇرۇۋەتتى.

## قوماندانلىق شتاب

مۇسۇلمانلار سۇ بويىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن سەئەد ئىبنى مەئاز رەسۇلۇللاھقا كۈتۈلمىگەن ئەهۋالنىڭ يۈز بېرىش ئېهتىمالىغا قارىتا ئالدىن تەييارلىق كۆرۈش ۋە غەلىبە قىلىشتىن بۇرۇن مەغلۇبىيەتنىمۇ ئويلاپ قويۇش نۇقتىنەزرى بويىچە

مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن مەخسۇس بىر قوماندانلىق ئۆيى تەسىس قىلىپ بېرىش تەكلىۋىنى بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ساڭا سەن تۇرۇدىغان بىر ياغاچ قورشام ئۆي بىنا قىلىپ، يېنىغا ئات ئۇلاغلىرىمىزنى تەل قىلىپ قويۇپ، ئاندىن جەڭگە كىرەيلى؟ ئەگەر ئاللاھ بىزگە غەلىبە ـ نۇسرەت ئاتا قىلىپ، دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كەلسەك، كۆڭلىمىزدىكىدەك ئىش بولغىنى. ناۋادا ئەكسىچە ئىش بولۇپ قالسا، ئېتىڭغا مىنگەن پېتى مەدىنىدە قېپقالغان مۇسۇلمانلارنىڭ قېشىغا بېرىۋالىسەن ـ دە، ئاللاھ سېنى ئۇلار بىلەن قوغدايدۇ. چۈنكى، مەدىنىدە سېنى بىزدىن بەكرەك سۆيىدىغان ۋە جان پىدا قىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر قېلىپ قالدى. ئۇلار سېنىڭ دۈشمەن بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشىڭنى بىلگەن بولسا، ھەرگىز ئايرىلىپ قالمايتتى».

رەسۇلۇللاھ سەئەدنىڭ بۇ سۆزىگە ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە ئۇنىڭغا خەيرلىك بىلەن دۇئا قىلدى ۋە شۇ ھامان مۇسۇلمانلار ھەرىكەتلىنىپ ئۇرۇش مەيدانىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان ئېگىز بىر دۆۋە ئۈستىگە جەڭ مەيدانىغا قارىتىپ ياغاچ قورشام بىلەن بىر ئۆي بىنا قىلدى. شۇنداقلا سەئەد ئىبنى مەئاز باشچىلىقىدا ئەنسار ياشلىرىدىن بىر قانچە ئەزىمەتنى تاللاپ، مەخسۇس رەسۇلۇللاھنى قوغداش ئۈچۈن قوماندانلىق شتاب ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## قوشۇننى سەپەرۋەر قىلىش ۋە كېچىنى بىدار ئۆتكۈزۈش

شتاب پۈتكەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ قوشۇننى سەپەرۋەر قىلدى. ئۇ جەڭ مەيدانىدا سالماق قەدەم تاشلاپ مېڭىپ: « ئىنشائاللاھ ئەتە ماۋۇ پالانى ئۆلتۈرۈلىدىغان جاي، ئاۋۇ ئىنشائاللاھ پالانى بېشىنى يەيدىغان جاي ...» دەپ قولى بىلەن كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئاندىن شۇ يەردىن بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىگە بېرىپ ناماز ئوقۇش بىلەن كېچىنى بىدار ئۆتكۈزدى. مۇسۇلمانلار كۆڭۈللىرى خاتىرجەم، ئوچۇق ـ يورۇق ۋە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن، يۈرەكلىرىنى توختاتقان ھالدا يېتىپ ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتىدىكى بېشارەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئارزۇسىدا راھەتلىك ئۇخلىۋالدى: ﴿إِذْ يُغَشِّيكُمُ النُّعَاسَ أَمَنَةً مِّنْهُ وَيُنَزِّلُ عَلَيْكُم مِّن السَّمَاءِ مَاءً لِّيُطَهِّرَكُم بِهِ وَيُذْهِبَ عَنكُمْ رِجْزَ الشَّيْطَانِ وَلِيَرْبِطَ عَلَى قُلُوبِكُمْ وَيُثَبِّتَ بِهِ الأَقْدَامَ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تىنچلاندۇرۇش يۈزىسىدىن سىلەرگە ئۇيقۇ بېغىشلىدى، (تاھارەت ئېلىپ غۇسلى قىلىپ پاك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن، (ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىپ) كۆڭلۈڭلار توق تۇرۇشى ئۈچۈن، قەدىمىڭلارنىڭ (قۇمغا پېتىپ كەتمەي) مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە بولۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى». («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنفال 11 ـ ئايەت)

بۇ ھىجرىيىنىڭ 2 ـ يىلى رامىزان (9 ـ ئاي)نىڭ 17 ـ كۈنى جۈمە كېچىسى ئىدى. رەسۇلۇللاھ مۇشۇ ئاينىڭ 8 ـ ياكى 12 ـ كۈنى يولغا چىقىپ، پەيشەنبە كەچ مۇشۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى.

## مەككە قوشۇنى جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدا ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى

ئەمما، قۇرەيش تەرەپ بەدرى ۋادىسىنىڭ مەدىنىگە يىراق چېتىدىكى ھەربىي گازارمىسىدا كېچىنى بىخارامان ئۆتكۈزدى. ئەتىسى ئەتىگەن قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، ناغرا-سۇناي، داقا-دۇمباقلىرىنى چېلىپ، دۆڭلۈك تەرەپتىن ھەيۋە بىلەن بەدرى ۋادىسىغا قاراپ چۈشتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قانچە كىشى ئۇدۇل رەسۇلۇللاھنىڭ كۆلىگە قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ: «ئۇلارنى سۇ ئىچكىلى قويۇڭلار»، دېدى ئۇلار كېلىپ ناھايىتى ئالمانچۇپ سۇ ئىچىشتى. شۇ كۈنى ئاشۇ كۆلدىن سۇ ئىچكەنلەرنىڭ بىرسىمۇ ئامان قالمىدى. پەقەت ھەكەم ئىبنى ھىزام قوتۇلۇپ قېلىپ، كېيىن مۇسۇلمان بولدى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلماندارچىلىقىمۇ ناھايىتى ياخشى بولۇپ كەتتى. ئۇ قەسەمنى مۇبالىغە قىلماقچى بولسا، «مېنى بەدرىدە ئامان قويغان ئاللاھ بىلەن قەسەم»، دەيتتى.

(ئەسلى گېپىمىزگە كېلەيلى) قۇرەيش قوشۇنى تۆۋەنگە چۈشۈپ توختىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇمەير ئىبنى ۋەھەب جۇمەھىنى مەدىنە تەرەپنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ۋە سان-سۈپىتىنى ئىگىلەشكە ئەۋەتتى. ئۇمەير ئېتىغا مىنىپ، قوشۇننىڭ ئەتراپىنى يىراقتىن بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن قايتىپ بېرىپ: «تەخمىنەن 300 ئادەم ئىكەن، بەلكىم ئازراق كەم ياكى زىيادە چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن جىق ئەمەس، لېكىن توختاپ تۇرۇڭلار، مەن قاراپ باقاي، ئۇلارنىڭ بۆكتۈرمە قوشۇنى ياكى ياردەمچى قوشۇنى بارمۇ تېخى؟» دېدى-دە، ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئويمانلىقنىڭ يىراق چېتىگىچە بىر ئايلىنىپ چىقتى ۋە غەيرى ئەھۋال سەزمىگەندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ: «مەن ھېچ نەرسىنى بايقىمىدىم، لېكىن مەن ئى قۇرەيش جامائەسى! بالا-قازانىڭ، قىپ-قىزىل ئۆلۈم ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، يەسرەپ تۆگىلىرىنىڭ ئوچۇق ئاشكارا ئۆلۈم توشۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن، ئۇلارنىڭ قىلىچلىرىدىن باشقا ھېچقانداق مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەسى ياكى پاناھلىنىش قارارگاھى يوق، ئەزبىرايى خۇدا، سىلەردىن بىرسى ئۆلمىگۈچە ئۇلاردىن بىرنى ئۆلتۈرگىلى بولمايدۇ، ناۋادا ئۇلار بۇ قېتىم سىلەرنىڭ ئىقتىدارلىق ئادەملىرىڭلارنى يوقۇتىۋەتسە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتنىڭ نېمە لەززىتى، شۇڭا ئوبدان ئويلاپ كۆرۈڭلار»، دېدى.

بۇ چاغدا (باشتىن-ئاخىر ئۇرۇش قىلىش پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ كەلگەن) ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشامغا قارشى. قوشۇننى قايتۇرۇپ كېتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان يەنە بىر قارشىلىق پىكىر ئېقىمى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق بولدى: ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەكىم ئىبنى ھىزام قوشۇن سەركەردىلىرى بىلەن ئايرىم-ئايرىم سۆزلەشتى ۋە ئۇتبە ئىبنى رەبىئەنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى ئەبۇ ۋەلىد (ئۇتبەنىڭ كونىيەت ئىسمى)!سەن قۇرەيش خەلقىنىڭ كاتتىسى، ھۆرمەتكە سازاۋەر باشلىقى، سەن ئەبەدىلئەبەد ياخشى نامىڭ قالىدىغان بىر ئىشقا قىزىقامسەن؟» دېدى. ئۇتبە: «قانداق ئىش ئۇ ئى ھەكەم» دېگەنىدى، ھەكىم ئىبنى ھىزام: «قوشۇننى قايتۇرۇپ كېتىسەن ۋە ئىتتىپاقدىشىڭ

ئەمرى ئىبنى ھەزرەمى (نەخلە قوشۇنى ۋەقەسىدە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)نىڭ ئىشىنى ئۈستۈڭگە ئالىسەن»، دېدى. ئۇتبە: «چوقۇم قىلىمەن، بۇ ئىشقا سەن ماڭا كېپىل بولغىن، ئۇ دېگەن مېنىڭ ئىتتىپاقدىشىم، ئۇنىڭ قەرزلىرى ۋە بۇلاپ كېتىلگەن ماللىرى مېنىڭ زىممەمگە قالسۇن»، دېدى. ئاندىن ئۇ يەنە ھەكىم ئىبنى ھ ـــىزامغا: «سەن ھازىرلا ئىبنى ھەنزەل (ئەبۇ جەھىل) (ھەنزەل دېگەن ئۇنىڭ ئانىسى) نىڭ قېشىغا بارغىن. مەن كۆپچىلىكنىڭ ئىشىنى شۇنىڭ پۇچىلىۋېتىشىدىن قورقۇۋاتىمەن»، دېدى. ئاندىن ئۇتبە ئورنىدىن تۇرۇپ قوشۇن ئىچىدە سۆز قىلدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «ئى قۇرەيش خەلقى! سىلەر مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ نېمە قىلىسىلەر؟ قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، ئەگەر ئۇنى يەڭمەكچى بولساق ئادەم ق ـــاراپ تۇرۇپ ئۆز تاغىسىنىڭ ئوغلىنى ياكى ھاماچىسىنىڭ ئوغلىنى ۋە ياكى ئۆز جەمەتىدىن بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ قانداق بولىدۇ؟ شۇڭا بىز قايتىپ مۇھەممەدنىڭ ئىشىنى باشقا ئەرەپ قەبىلىلىرىگە قالدۇرايلى. ئۇلار غالىب كېلىپ مۇھەممەدنىڭ ئەدىپىنى بەرسە ناھايىتى ياخشى بولغىنى، ناۋادا ئەكسىچە مۇھەممەد غەلبە قىلىپ قالسا ئۇنىڭ غەلىبىسى سىلەرنىڭ غەلىبەڭلار». ئاڭغىچە ھەكىم ئىبنى ھىزام ئەبۇ جەھىلنىڭ يېنىغا بېرىپ (ئەبۇ جەھىل بۇ چاغدا ساۋۇتلىرىنى كىيىپ جەڭ تەييارلىقى قىلىۋاتاتتى): «ئى ئەبۇلھەكەم (ئەبۇ جەھەلىنىڭ كونىيەت ئىسمى) ئۇتبە ئىبنى رەبىئە مېنى قېشىڭغا مۇنداق ـ مۇنداق گەپلەر بىلەن ئەۋەتتى» دېگەنىدى. ئەبۇ جەھىل قوپاللىق بىلەن: «ئەزبىرايى خۇدا، مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى كۆرۈپلا ئۇتبەنىڭ قورقۇپ يۈرىكى ئېغىپ كېتىپتۇ. ھەرگىز ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللا بىز بىلەن مۇھەممەدنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئادىل ھۆكۈم بىلەن ئايرىپ قويمىغۇچە قەتئىي قايتمايمىز. ئۇتبەنىڭ ئۇنداق دېيىشى، ئۇ مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى قوشۇنىمىزغا ناشتىلىق بولۇپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن، ئەسلىدە ئۇنىڭ ئوغلى (ئەبۇ ھۇزەيپە ئىبنى ئۇتبە بۇرۇنلا مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، ھىجرەت قىلىپ كەلگەن) شۇلارنىڭ قېتىدا. شۇڭا، ئۇ ئۆزبالىسىدىن ئەنسىرىگەن گەپ»، دېدى.



ئۇتبەگە ئەبۇ جەھىلنىڭ: «ئەزبىرايى خۇدا، ئۇتبەنىڭ قورقۇپ يۈرىكى ئېغىپ كىتىپتۇ»، دېگەن ھاقارەت سۆزى ئاڭلىنىۋىدى، ئۇ: «ئاز قالدى، كىمنىڭ قورقۇپ يۈرىكى ئېغىپ كەتكەنلىكى ھېلى مەلۇم بولىدۇ. مېنىڭمۇ ياكى ئۇنىڭمۇ؟»، دېدى. ئەبۇ جەھىل بۇ قارشىلىق پىكىر ئېقىمىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ھەكىم ئىبنى ھىزام بىلەن شۇنچىلىك سۆزلىشىپلا ئامىر ئىبنى ھەزرەمى (نەخلە قوشۇنىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئەمرى ئىبنى ھەزرەمىنىڭ قان قېرىندىشى) گە دەرھال ئادەم ئەۋەتتى ۋە: «سېنىڭ ئىتتىپاقدىشىڭ (يەنى ئوتبە دېمەكچى) قوشۇننى ئۇرۇشماي قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولىۋاتىدۇ، ھالبۇكى سەن قېرىندىشىڭنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەن، شۇڭا دەرھال قېرىندىشىڭنىڭ قىساسىنى ئېلىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغىن»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئامىر دەرھال قوشۇن ئارىسىغا چىقىپ قوڭىنى ئاچتى (بۇ دەرد ـ ئەلەمگە چىدىمىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى) ۋە: ۋاي ئەمرى، ۋاي ئەمرى، ۋاي قېرىندىشىم، ۋاي قېرىندىشىم»، دەپ توۋلىغىلى تۇردى. بۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئەسەبىيتى قايىنىدى. ئىش تەتۈرىسىگە ياندى، نىيەتلىرى بۇزۇلدى ۋە ئۇتبە تەشەببۇس قىلغان ئاقىلانە تەدبىر چۆرۈپ تاشلاندى. قىسقىسى، شۇنداق قىلىپ تەنتەكلىك تەدبىر ئۈستىدىن غالىب كەلدى ۋە تىنچلىق ئۈچۈن كۆرستىلگەن بۇ بىر مەيدان تىرىشچانلىق ھىيلە ـ مىكىر بىلەن بېسىقتۇرۇۋېتىلدى.

## ھەر ئىككى تەرەپ يېقىنلاپ كېلىپ سەپ تارتىشىپ تۇردى

مۇشرىكلار ھەيۋە بىلەن دۆڭ تەرەپتىن چۈشۈپ كېلىپ ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە كۆرۈنۈۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئى ئاللاھ! مانا بۇ قۇرەيش ئۆزىنىڭ تەكەببۇرلىقى ۋە چوڭچىلىقى بىلەن ساڭا قارشىلاشقىلى ۋە سېنىڭ پەيغەمبىرىڭنى ئىنكار قىلغىلى كەلدى، ئى ئاللاھ، سەن ماڭا ۋەدە قىلغان ياردىمىڭنى نازىل قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنى ھازىرلا ھالاك قىلغىن»، دەپ دۇئا قىلدى ۋە يەنە رەسۇلۇللاھ دۈشمەن قوشۇنى ئىچىدە قىزىل تۆگىگە مىنىۋالغان ئۇتبە ئىبنى رەبىئەنى كۆرۈپ: «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياخشىلىق

بار دېيىلسە چوقۇم قىزىل تۆگىلىك كىشىدە بار ئىدى، ئۇلار شۇنىڭ گېپىگە ئۇنىغان بولسا توغرا قىلغان بولاتتى»، دېدى.

رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلىرىنى تەرتىپكە سالدى. ئۇ سەپلەرنى ئوڭشاپ تۇرۇۋاتقاندا مۇنداق بىر قىزىقارلىق ئىش يۈز بەردى: «رەسۇلۇللاھنىڭ قولىدا سەپ تۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بىر تال تىغسىز ياچاق ئوقى بار ئىدى. ئۇ سەۋاد ئىبنى غۇزىيەنىڭ سەپتىن ئېشىپ چىقىپ تۇرۇۋالغىنىنى كۆرۈپ: «تۈز تۇر! ئى سەۋاد!»، دەپ ئۇنىڭ قورسىقىغا نوقۇپ قويۇۋىدى، سەۋاد: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى ئۇردۇڭ، قىساس ئالىمەن»، دەپ تۇرۇۋالدى. رەسۇلۇللاھ: «مانا قىساس ئالغىن»، دەپ قورسىقىنى ئېچىپ بېرىۋىدى، سەۋاد رەسۇلۇللاھنى قۇچاقلاپ، قورساقلىرىغا سۆيۈپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ: «بۇ نېمە قىلغىنىڭ ئى سەۋاد»، دەپ سورىغانىدى. سەۋاد: «ئى رەسۇلۇللاھ! كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئۆلۈم ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، شۇڭا ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا مېنىڭ تېنىم سېنىڭ تېنىڭگە تەگسۇن، دېدىم»، دېدى. رەسۇلۇللاھ سەۋادقا خەيرلىك بىلەن دۇئا قىلدى ۋە سەپلەرنى تۈزەپ بولغاندىن كېيىن قوشۇنغا ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالمىغۇچە، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئاندىن ئۇلارغا جەڭ قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا ئالاھىدە يوليورۇق بېرىپ: « دۈشمەن باستۇرۇپ كەلسە يەنى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلسا، يەر بېغىرلىتىپ ئوق ئۈزۈڭلار، ئاتقاندىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئارام بەرمەي ئېتىڭلار ۋە ئۇستۇڭلارغا بېسىپ كەلمىگىچە قىلىچ سۇغارماڭلار»، دېدى، ئاندىن ئەبۇ بەكرى بىلەن بىللە قوماندانلىق شتابىغا قايتتى سەئەد ئىبنى مەئاز قوغدىغۇچى ئەزىمەتلەرنى باشلاپ، شتاب دەرۋازىسى ئالدىدا قىلىچلىرىنى شمايلاپ جەڭگىۋار ھالەتتە تۇردى.

ئەمما، مۇشرىكلارنىڭ ئىچىدىن ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ: «ئى ئاللاھ! ئۇ (رەسۇلۇللاھنى ھېمەكچى ـــ ت) بىزدىن سىلە رەھىمنى ئۈزدى. بىز ئۇقمايدىغان بىر نىمىنى دىن دەپ ئېلىپ كەلدى، ئۇنى ھازىرلا ھالاك قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئىككى تەرەپنىڭ قايسىمىزنىڭ ئىشى سېنىڭ دەرگاھىڭدا مەقبۇل كۆرۈلسە ۋە ئۇنىڭدىن رازى بولساڭ، بۈگۈن نۇسرەت ۋە ياردىمىڭنى شۇ تەرەپكە ئاتا قىلغىن»، دېدى ۋە مۇشۇ ھەقتە ئاللاھ تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى:﴿وان تستفتحوا فقد جاءكم الفتح ۚ وان تنتهوا فهو خير لكم ۚ وان تعودوا نعد ۚ ولن تغني عنكم فئتكم شيأ ولو كثرت ۙ وان الله مع المؤمنين﴾ «(ئى كۇففارلار جامائەسى!) ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار، غەلىبە ئاللىقاچان سىلەرگە كېلىپ بولدى (يەنى ئۇ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا كەلدى) ئەگەر (پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇرۇشساڭلار، بىز ئۇنىڭغا يەنە ياردەم بېرىمىز، قوشۇنىڭلار كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ سىلەردىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلىپ بېرەلمەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن مۆئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر». («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنفال 19 ـ ئايەت)

### سائەت نۆل ۋە تۇنجى جەڭ ئۇچقۇنى

جەڭ پىلىكىگە تۇنجى بولۇپ ئوت ياققۇچى مۇشرىكلار تەرەپتىن ئەسۋەد ئىبنى ئابدۇلئەسەد مەخزۇمى بولدى. (ئۇ مىجەزى قوپال، بەتقىلىق ئادەم ئىدى) ئۇ جەڭ مەيدانىغا: «ئاللاھقا ئەھدى بېرىمەنكى، چوقۇم ئۇلارنىڭ كۆلىدىن سۇ ئىچىمەن ياكى ئۇنى بۇزۇۋېتىمەن ياكى بولمىسا بۇ يولدا ئۆلىمەن»، دەپ سەكرەپ چۈشتى. ئۇ مەيدانغا چۈشۈۋىدى، بۇ تەرەپتىن ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ چۈشتى. ئىككىيلەن بىر ئىككىچە قىلىچ سوقۇشتۇردى ـ دە، ھەمزە بىر ئۇرۇپلا ئۇنىڭ بىر پاچىقىنى ئۈزۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ كېسىلگەن پۇتى جىرت ـ جىرت قان تۆكمەكتە ئىدى. ئۇ يىقىلغان ئورۇن كۆلدىن خېلى يىراق بولسىمۇ، بىراق ئۇ قەسىمىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، ئۈچ پۇتلۇق بولۇپ كۆل تەرەپكە ئۆمىلەپ يۆگۈرۈپ كېلىپ، كۆلگە ئۆزىنى ئاتتى. لېكىن ھەمزە ئۇنىڭغا ئامان بەرمەي قوغلاپ بېرىپ، ئاخىرى كۆلنىڭ ئىچىدە قىلىچلىۋەتتى.

## يەكمۇ ـ يەك ئېلىشىش

ئەسۋەد ئىبنى ئابدۇلئەسەدنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئوت ئېلىش ئالدىدا تۇرغان جەڭ پىلىكىگە چاقماق چاقتى. شۇنىڭ بىلەن قۇرەيش چەۋاندازلىرىدىن ئۈچ كىشى مەيدانغا چۈشۈپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلىلىك كىشىلەر بولۇپ، ئۇتبە ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى شەيبە ۋە ئۇتبەنىڭ ئوغلى ۋەلىد قاتارلىقلار ئىدى. ئۇلار سەپتىن ئېتىلىپ چىقىپلا يەكمۇيەك ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا ئۇلارغا ئەنسار ياشلىرىدىن ئۈچ يىگىت ـــ ئەۋف، مۇئەۋۋىز (ھارىسنىڭ ئىككى ئوغلى) ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھىلەر مەيدانغا چۈشكەندى. مۇشرىكلار تەرىپىدىن چۈشكەنلەر: «سىلەر كىم بولىسىلەر؟» دەپ سورىدى. بۇ تەرەپتىن چىققانلار: «ئەنسار يىگىتلىرىمىز»، دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. ئۇلار: «ياراپسىلەر، لاياقەتلىك ئەزىمەتلەر، ئەپسۇسكى، بىز سىلەر بىلەن ئۇرۇشماقچى ئەمەسمىز، بىزگە قۇرەيشلەردىن چىقسۇن»، دېدى. ئۇنىڭغىچە ئۇلارنىڭ ئېلانچىلىرى: «مۇھەممەد! بىزگە قۇرەيشتىن ئۆزىمىزگە لايىق تەڭ دېمەتلىرىمىزنى چىقىرىپ بەرگىن»، دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ: «ئى ئەبۇ ئەبەيدە ئىبنى ھارىس، تۇر! ئى ھەمزە تۇر! ئى ئەلى تۇر!» دېدى. ئۇلار سەپتىن ئايرىلىپ مۇشرىكلارنىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ بېرىۋىدى، مۇشرىك تەرەپ: «سىلەر كىم بولىسىلەر؟» دەپ سورىدى، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇۋىدى، ئۇلار: «ياراپسىلەر، ئەمدى تېخى لاياقەتلىك ھەم تەڭلەر چىقىپسىلەر»، دېيىشتى ـ دە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تۇتۇشۇپ كېتىشتى. ئەبۇ ئۇبەيدە (ئۇ ھەممىدىن پېشقەدەم ياشانغان كىشى ئىدى) ئۇتبە ئىبنى رەبىئە بىلەن تۇتۇشتى. ھەمزە شەيبە بىلەن تۇتۇشتى، ئەلى ۋەلىد ئىبنى ئۇتبە بىلەن تۇتۇشتى. ھەمزە بىلەن ئەلى ئۆز رەقىبلىرىگە ئامانىنى زامانغا بەرمەي، قىلىچ ئۇرۇپ بىردەمدىلا تۈپا چىشلىتىۋەتتى. ئەمما، ئۇبەيدە رەقىبى ئۇتبە بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىنى ئېغىر يارىلاندۇرۇپ ھالسىزلىنىپ كەتتى. شۇڭا، ھەمزە بىلەن ئەلى ئۇتبەگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى جەھەننەمگە ئۇزاتتى، ئاندىن ئۇبەيدەنى كۆتۈرۈپ مەيداندىن قايتىپ كىردى. ئۇنىڭ بىر پۇتى ئۈزۈۋېتىلگەنىدى، شۇڭا ئۇ بەدرى ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ 4 ـــ 5 كۈندىن كېيىن مۇسۇلمانلار مەدىنىگە قايتىشتا سەپرا دېگەن يەرگە كەلگەندە جان ئۈزدى. ئۇ شۇنىڭغىچە

بىر ئېغىز دەرد ـ ئەلەم شىكايىتى قىلمىغانىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەسەم قىلغان هالدا: ﴿هذا خصمان اختصموا في ربهم ﴾ ‹(مۇئمىنلەر ۋە كۇففارلاردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى پىرقە پەرۋەردىگارى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتى›. (‹قۇرئان كەرىم› سۈرە ھەج 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەت شۇلار ھەققىدە نازىل بولغان» دەيتتى.

## ئومۇمىي ھۇجۇم

بۇ بىر مەيدان يەكمۇيەك ئېلىشىشنىڭ نەتىجىسى مۇشرىكلارغا نىسبەتەن تالاپەتلىك باشلىنىش بولدى. ئۇلار ئەڭ ياخشى ماھىر چەۋاندازلىرىدىن ۋە قابىل قوماندانلىرىدىن بىراقلا ئۈچ كىشىدىن ئايرىلىپ قالدى، شۇڭا ئۇلار غەزەپ ئوتىدا ياندى ۋە مۇسۇلمانلارغا كەڭ كۆلەمدە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى.

ئەمما، مۇسۇلمانلار ئاللاھقا سېغىنىپ ئىلتىجا قىلىپ، ياردەم ۋە مەدەت تىلەپ ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغالماي مۇداپىئەدە تۇرۇپ دۈشمەننى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتتى. ئۇلارنىڭ جەڭ مارشى «ئەھەد»، «ئەھەد» (ئاللاھ بىر، ئاللاھ بىر) ئىدى.

## رەسۇلۇللاھ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلماقتا

رەسۇلۇللاھ قوشۇننىڭ سەپلىرىنى رەتكە سېلىپ جەڭ ئىشلىرىغا ئائىت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولۇپ، قوماندانلىق شتابقا قايتىپلا بىرى، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان ياردەم ۋە نۇسرەتلىرىنى تىلەشنى باشلىۋەتتى. ئۇ ئىلتىجا قىلىپ: «ئى ئاللاھ! ماڭا ۋەدە قىلغان ياردىمىڭنى نازىل قىلغىن، ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭدىن ئۆز ۋەدەڭنى ئىشقا ئاشۇرۇشۇڭنى تىلەيمەن»، دەيتتى. بىر چاغدا جەڭ راسا قىزىپ كەسكىنلىشىشكە باشلىغدى، رەسۇلۇللاھ يەنە قول كۆتۈرۈپ: «ئى ئاللاھ! بۈگۈن مۇشۇلارنىڭ ھالاكىتىنى خالىساڭ، زېمىندا ساڭا ئىبادەت قىلغۇچىلار تۈگەيدۇ»، دېدى ھەتتا، ئىلتىجاغا غەرق بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۈشىنىسىدىكى رىدامۇ چۈشۈپ كەتتى. ئەبۇ بەكرى رىدانى يەردىن ئېلىپ يېپىندۇرۇپ قويۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەمدى كۇپايە قىلسىلا، پەرۋەردىگارىمىزغا كۆپ ئىلتىجا قىلدىلا»، دېدى.

ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەرىشتىلىرىگە ۋەھيي قىلىپ: ﴿...اني معكم فثبتوا الذين امنوا سألقي في قلوب الذين كفرو الرعب...﴾ «مەن سىلەر بىلەن بىللە مۇئمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) سۇباتلىق قىلىمەن، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن»، («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنفال 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېدى ۋە رەسۇلۇللاھقا ۋەھيي قىلىپ: ﴿أني ممدكم بالفٍ من الملائكة مردفين﴾ «مەن سىلەرگە ئارقىمۇئارقا (چۈشىدىغان) 1000 پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن»، دېدى.

## ياردەمچى قوشۇن

شۇئان رەسۇلۇللاھ كۆزىنى يۇمۇپ، دەقىقە مىقدارى سۈكۈتتە چۆمدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «خۇش خەۋەر، ئى ئەبۇ بەكرى! مانا جىبرىئىل چاڭ ـ توزاڭ ۋە ئۆرلىتىپ كېلىۋاتىدۇ»، دېدى. ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايىتىدە: «رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بەكرىگە: «خۇش خەۋەر، ئى ئەبۇ بەكرى ئاللاھنىڭ ياردىمى يېتىپ كەلدى، مانا بۇ جىبرىئىل تۇلپىرىنى چاپتۇرۇپ، چاڭ ـ توزاڭلارنى ئۆرلىتىپ كېلىۋاتىدۇ»، دېدى. ئاندىن كەپىدىن ساۋۇتىنى قوشلاپ كىيىپ: «مۇشرىكلار تويى مەغلۇپ قىلىنىپ، ئارقىغا چېكىندۇرۇلىدى»، («قۇرئان كەرىم» 54 ـ سۈرە 45 ـ ئايەت) دېگەچ سەكرەپ چىقتى ۋە يەردىن بىر سىقىم شېغىل تۇپىنى ئېلىپ قۇرەيشلەرگە قارىتىپ: «ئاللاھ خار قىلغاي»، دەپ ئاتقانىدى، كۆز، بۇرۇن، قۇلاقلىرىغا توپا كىرمىگەن بىرمۇ مۇشرىك قالمىدى. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئى مۆمىنلەر! بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) ئاللاھ ئاتتى»، («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنفال 17 ـ ئايەت) دەيدۇ.

## قايتۇرما ھۇجۇم

دەل مۇشۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ قوشۇنغا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش توغرىسىدا ئەڭ ئاخىرقى بۇيرۇقنى چىقىرىپ: «ئالغا...!»، دەپ توۋلىدى ۋە ئۇلارنى جەڭگە رىغبەتلەندۈرۈپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۈگۈن مۇشرىكلارغا قارشى چېكىنمەي سوباتلىق بىلەن جەڭ قىلغان ئادەمگە ئاللاھ جەننەتنى ئاتا قىلىدۇ»، دېدى. ئۇ يەنە قوشۇنغا ئىلھام بېرىپ: «كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئاتلىنىڭلار»، دېدى. ئۇمەير ئىبنى ھۇمام تۇرۇپ: «ھەببەللى، ھەببەللى»، دەپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ: «نېمە دەپ ھەببەللى، ھەببەللى دەيسەن؟» دېۋىدى. ئۇمەير: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئاشۇ جەننەت ئەھلىدىن بولارمەنمىكىن دەپ مۇشۇنداق دېدىم»، دېۋىدى. رەسۇلۇللاھ: «سەن چوقۇم جەننەت ئەھلىدىن»، دېدى. ئۇمەير يېنىدىكى تورسىدىن بىر قانچە خورما قېقىنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى. ئاندىن: «ئەگەر مەن مۇشۇلارنى يەپ ياشاۋېرىدىغان بولسام، بۇ تولىمۇ ئۇزۇن ھايات بولۇپ كەتكۈدەك»، دېدى ـ دە، قولىدا قالغانلىرىنى يەرگە پوك قىلىپ تاشلىۋېتىپ، گىرەلەشمە جەڭگە كىرىپ كەتتى. ئۇ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇپ ـ ئۇرۇشۇپ، ئاخىرى شېھىت بولۇپ كەتتى.

شۇنىڭدەك، يەنە رەسۇلۇللاھتىن ئەۋۋ ئىبنى ھارىس (ئەپرانىڭ ئوغلى): «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھنى بەندىلەرنىڭ قايسى ئىشى خوشال قىلىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى. رەسۇلۇللاھ: «بەندىنىڭ يەڭ ـ پەشلىرىنى شىمايلاپ دۈشمەنگە قول سالغىنى»، دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئۈستىدىكى تۆمۈر كىيىمىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ، قىلىچىنى سۇغارغىنىچە دۈشمەن تويىغا قاراپ ئېتىلدى. ئۇمۇ ئۇرۇشۇپ ـ ئۇرۇشۇپ ئاخىرى شېھىت بولۇپ كەتتى.

رەسۇلۇللاھ قوشۇنغا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقىنى چىقارغاندا مۇشرىكلارنىڭ شىددىتى ئاللىقاچان بوشاپ ھۇجۇم قىلىش قىزغىنلىقى يوقالغانىدى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ تەدبىرلىك پىلانىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭ مەيدانىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىشىگە ئىنتايىن زور رولى بولدى. چۈنكى، ئۇلار ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان (تېخى بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ جەڭ قىزغىنلىقى ياش ھالىتىدە ئىدى)

دەھشەت يۇقىرى جاسارەت بىلەن ھۇجۇم قوزغىدىكى، دۈشمەن سەپلىرىنى ئۆكتەي ـ توكتەي قىلىپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى كېسىپ سۇر توقاي قىلىشقا باشلىدى ۋە رەسۇلۇللاھمۇ ئۇستىگە ساۋۇتىنى قوشلاپ كىيىپ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە ئۈنلۈك ئاۋازدا «مۇشرىكلار تويى مەغلۇپ قىلىنىدۇ ۋە چوقۇم چېكىنىدۇرىلىدۇ»، دەپ قوماندانلىق شتابىتىن ئېتىلىپ چىققانلىقى قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلارمۇ يولۋاستەك ئېتىلىپ، تەكداشسىز جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى ۋە پەرىشتىلەرمۇ ھەمدەمگە كەلدى.

ئىبنى سەئەدنىڭ ئىكرەمەدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە: «شۇ كۈنى بەزى ئادەملەرنىڭ كاللىسى ئۈزۈلۈپ چۈشەتتى، كىمنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى، يەنە بەزىلەرنىڭ قولى كېسىلىپ كېتەتتى، كىمنىڭ قىلىچ ئۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى»، دېيىلگەن. ئىبنى ئاباس مۇنداق دېگەن: «بىر چاغدا مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى ئالدىدا قېچىپ كېتىۋاتقان بىر مۇشرىكنى قوغلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت ئۇستى تەرىپىدىن قامچىنىڭ ئۇرۇلغان ئاۋازىنى ۋە بىر ئاتلىقنىڭ: «دىت چۇھ، دىت چۇھ»، دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى، قارىسا ھېلىقى مۇشرىك ئالدىدا ئۆلۈك ياتقۇدەك. بۇ كىشى كېلىپ رەسۇلۇللاھقا ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «راست ئېيتىسەن، ئاشۇلار ئۈچىنچى ئاسماننىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى»، دېدى.

ئەبۇ داۋۇت مازىنى مۇنداق دېگەن: «شۇ كۈنى مەن بىر مۇشرىكنى قوغلاپ كېتىۋاتاتتىم، قىلىچىنى ئۇنىڭغا چۆرۈپ بولغۇچە ئۇنىڭ بېشى يەرگە چۈشۈپ بولدى. مەن ئۇنى باشقىلار ئۆلتۈرگەن چېغى دەپتىمەن»، شۇ ئەسنادا ئەنسارلاردىن بىر كىشى ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنى (رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى) ئەسىر ئېلىپ كەلدى. ئاباس: «ئەزىبرايى خۇدا، مېنى بۇ كىشى ئەسىر ئالمىدى، مېنى ناھايىتى ئېسىل، چىلان تورۇق ئاتقا مىنىۋالغان، بەستلىك، قاۋۇل چىراي ـ شەكلى كېلىشكەن بىر كىشى ئەسىر ئالغان، ئۇ ئادەم ھازىر كۆرۈنمەيدۇ»، دەيتتى. ئەنسارى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى مەن ئەسىر ئالدىم»، دەيتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «جىم تۇر، ساڭا ئاللاھ كاتتا پەرىشتىلەر بىلەن ياردەم بەرگەن گەپ»، دېدى.

## ئىبلىس جەڭ مەيدانىدىن چېكىندى

ئىبلىس پەرىشتىلەرنىڭ مۇشرىكلارغا زەربە بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ (ئۇ يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك سۇراقە ئىبنى مالىك جۇئشۇمىنىڭ سىياقىدا كېلىپ تا ھازىرغىچە مۇشرىكلار سېپىدىن ئايرىلمىغانىدى) كەينىگە ياندى ۋە ئاستا سوغۇلۇپ تىكىۋەتمەكچى بولدى، بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھارىس ئىبنى ھىشام (ئۇنى ھەقىقى سۇراقە دەپ ئويلىغان) ئېسىلىۋالغانىدى. ئۇ ھارىسنىڭ مەيدىسىگە قاتتىق بىر مۇشت ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى ۋە ئالمان ـ تالمان قېچىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن مۇشرىكلار: «نەگە ئى سۇراقە؟ سەن بىزگە ... باشپاناھ بولىمەن ۋە باشتىن ئاخىر ئايرىلمايمەن دېگەنتىڭغۇ؟»، دەپ

تۇۋلاشقانىدى، ئىبلىس: «مەن سىلەر كۆرمىگەن ئىشلارنى كۆرۈۋاتىمەن، مەن ئاللاھتىن قورقىمەن، ئاللاھنىڭ ئازابى ناھايىتى قاتتىق»، دېگىنىچە قېچىپ دېڭىز ساھىلى تەرەپكە غايىپ بولدى.

## پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت

مۇشرىكلارنىڭ سەپلىرىدە پارچىلىنىش ۋە يىمىرىلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇرۇش ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى، مۇشرىكلار توپى تەرەپ ـ تەرەپكە جېنىنى ئېلىپ تىكىۋېتىشكە باشلىدى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرۈپ، تەسلىم بولغانلارنى ئەسىر ئېلىپ، قارشىلىق كۆرسەتكەنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئاخىرى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلدى.

## ئەبۇ جەھىلنىڭ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىق بىلدۈرگەنلىكى

ئەمما، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ باش جىنايەتچىسى، جاللات ئەبۇ جەھىل ئ ىينى ھىشام ئۆز ق وشۇنىنىڭ سەپلىرىد نكى يىمىر ىلىش ۋە پات ىپاراقچىلىق ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ، بۇ خىل پايدىسىز ئېقىمنىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدى، ھەدەپ ق وشۇنىنى ئىلھاملاندۇرۇپ ئۇلارغا بۇيرۇق چۈشۈر ەتتى ۋە : «س ۇراقەنىڭ خائىنلىق قىلغانلىقى سىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرمىسۇن، ئۇ دېگەن مۇھەممەد بىلەن ئالدىن كېلىشىۋالغان پىلانلىق سۇيىقەست، شەيبە ئۇتبە ۋە ۋەلىدلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن قورقۇپ ھودۇقۇپ كەتمەڭلار، ئۇلار ئالدىراپ كەتتى. لات، ۋە ئ ۇززا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ، بىز ئۇلارنى ئارغامچا، تانىلار بىلەن باغلاپ ئېلىپ كېتىشىمىز كېرەك، ھېچقايسىڭلار ئۇلاردىن بىر ئادەم ئۆلتۈرۈپلا بولدى قىلىم اڭلار، ئۇلارنى ئەسىر ئېلىڭلار، بىز ئۇلارغا يامانلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى راسا بىر تونۇتۇپ قويايلى»، دەيتتى.

لېكىن ئۇنىڭ ئۇنىڭغا مۇغەمبەرلىكىنىڭ، كۆرەڭلىكىنىڭ ھەقىقىي ئەپتى بەش ىرىسى تېزلا ئاشكارىلىنىپ قالدى . ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ كۆپ سانلىق قوشۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئالدىدا پارچىلىنىشقا باشلىدى ۋە ئۇنىڭ توپىدا پات ىپاراقچىلىق يۈز بەردى.

ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت بىر قانچە مۇشرىكلا قېپقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا قىلىچ ـ نەيزىلەر بىلەن مۇستەھكەم بىر قورغان شەكىللەند ۈرگەنىدى. لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىنىڭ بىھەيۋەت دولقۇنى ئالدىدا بۇ قورغانلارمۇ بۇزۇۋېتىلدى ۋە نەيزە، قىلىچلىرى پاچاقلاپ تاشلىۋېتىلدى. دەل مۇشۇ چاغدا بۇ قانخور، جاللات توپ ئارىسىدا ئاق تۆگىدەك ئېچىلىپ قالدى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئات ئۈستىدە چېپىپ يۈرگىنىنى كۆردى. ۋەھالەنكى، ئۆلۈم ئىككى ئەنسارى ئەزىمەتنىڭ قولى بىلەن ئۇنىڭ قېنىنى ئىچىشكە ئىنتىزار ئىدى.

## ئەبۇجەھىلنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى

ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف مۇنداق دېگەن: «بەدرى كۈنى مەن سەپتە تۇرۇۋاتاتتىم ، شۇنداق قارىسام ئوڭ يېنىمدا بىر، سول يېنىمدا بىر، ئىككى ئەنسار يىگىت ى پەيدا بولدى، گويا مەن بۇلارغا ئىشەنمەي قالدىم. ت وساتتىن ئۇلارنىڭ بىرسى يەنە بىرسىدىن يوشۇرغاندەك قىلىپ: «ئى تاغا! ماڭا ئەبۇ جەھىل دېگەننى كۆرسىتىپ قويغان بولسىڭىز»، دېدى، مەن ئۇنىڭغا : «ئىنىم! ئۇنى نېمە قىلىسەن؟» دېسەم ، ئۇ: «ئاڭلىشىمچە، ئۇ رەسۇلۇللاھقا قاتتىق ئەزىيەت قىلاركەندۇق ، خەپ ... بۇگۈن ئۇنى كۆرۈپلا قالىدىغان بولسام ئىك كىمىزنىڭ بىرسى ئۆلۈم شارابىنى تېتىمىغۇچە ئۇنى قاچۇرۇپ قويمايمەن»، دېدى. مەن بۇنىڭ جاسارىتىگە راستىنلا ئەجەپلەندىم، شۇنداق تۇراتتىم، مېنى يەنە بىرى ن وقۇدى ۋە ئالدىنقىغا ئوخشاش بىر گەپنى قىلدى، ئۇزاق ئۆتمەي ئەبۇ جەھىلنىڭ دۈشمەن توپى ئىچىدە ئ ولڭ ـ سولغا قاتراپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم ـ دە، ھېلىقى ئىككى يىگىتكە «كۆردۈڭلارمۇ؟ ئەنە ئاۋۇ سىلەر ئىزدىمەكچى بولغان ئادەم شۇ»، دەپ ئەبۇ جەھىلنى كۆرسىتىپ قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ ئەبۇ جەھىل بار تەرەپكە ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. ھەر ئىككىيلەن ئۇنى تەڭلا ئۇرۇپ يىقىتتى، ئاندىن قايتىپ كېلىپ رەسۇلۇللاھقا مەلۇم قىلىشتى . رەسۇلۇللاھ «ئۇنى قايسىڭلار ئۆلتۈردۈڭلار» ، دەپ سورىغانىدى، ھەر ئىككىلىسى: «ئى رەسۇلۇللاھ مەن ئۆلتۈردۈم» ، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: «ئىككىلىڭلار تەڭ سالدىڭلارمۇ يە؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇلار: «ياق»، دەپ جاۋاب ب ېرىشتى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ: «ئۇلارنىڭ قىلىچلىرىغا قاراپ: «ئىككىڭلار تەڭ ئۇرۇپسىلەر» ، دېدى ۋە (ئۇرۇشتىن كېيىن) ئەبۇ جەھىلدىن ئولجا ئېلىنغان نەرسىلەرنى مۇئاز ئىبنى ئەمرى ئىبنى جەمۇھ (مەزكۇر ئىككى يىگىتنىڭ بىرى) گە بۇيرۇپ بەردى، چۈنكى ئۇلارنىڭ يەنە بىرى ك ېيىن جەڭ داۋامىدا مۇشرىكلار تەرىپىدىن شېھىد قىلىۋېتىلگەنىدى.

ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايىتىدە مۇئاز ئىبنى ئەمر ئىبنى جەمۇھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن كىشىلەرنىڭ: ‹ئەبۇ جەھىلنىڭ قېشىغا ھېچكىم ي ېتىپ بارالمايدۇ›، دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم (چۈنكى ئۇ بۇ چاغدا نەچچە يۈزلىگەن مۇشرىكنىڭ قاتمۇ ـ قات نەيزە ـ قىلىچلىرىدىن شەكىللەند ۈرۈلگەن كۈچلۈك تۇمۇر ىشاتكا ئىستىھكامى بىلەن مۇداپىئەلىنىۋالغان ئىدى) . مەن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەبۇ جەھىل بىلەن بىۋاستە بېرىپ ئېلىشىشنى بىردىنبىر نىشانىم قىلدىم، شۇنىڭ ئۈچۈنلا كۈرەش قىلدىم. ھەتتا بىر چاغدا ماڭا ئۇنىڭ بىلەن بىۋاسىتە ئېلىشىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلۇۋىدى، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئېتىلدىم ۋە بىر قىلىچ ئۇرۇپلا ئۇنىڭ بىر پۇتىنى قاق پاچاقتىن ئ ۈزۈپ تاشلىۋەتتىم. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئۈزۈلگەن قىسمى بازغان ئاستىدىن ئۇچقان خورما ئۇرۇقچىسىغا ئوخشاش چاچراپ كەتتى ». م ۇئاز مۇنداق دەيدۇ: «بۇ چاغدا ئەبۇ جەھىلنىڭ ئوغلى ئىكرەمە ماڭا قىلىچ ئۇردى. ئۇنىڭ قىلىچى م ۆرەمگىلا تەگكەن بولۇپ، بىر قولۇمنى م ۆرەمدىن يېرىم ئاجرىتىۋەتتى، ئۇنى پەقەت بېقىنىمنىڭ ئازراق تېرىسىلا تۇتۇپ قالغان ئىدى. ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە قەتئىي مۇمكىن بولمىدى. پۈتۈن بىر كۈن ئاشۇ بىر قولۇمنى سۆرەپ يۈرۈپ جەڭ قىلدىم، ئاخىرى بولالماي ئېڭىشىپ

تۇرۇپ كېسىلگەن قولۇمنىڭ ئۇچىغا پۇتۇن كۈچۈم بىلەن مەھكەم دەسسىدىم ـ دە بىر تارتقانچە ئۇنى ئۈزۈپ تاشلىۋەتتىم. ئاندىن ئۇ(ئەبۇ جەھىل)نىڭ يېنىدىن مۇئەۋۋىز ئىبنى ئەفرا ئۆتۈپتۇ ۋە ئۇنى قىلىچلاپ ئازراق جېنىنى قويۇپتۇ، ئاندىن كېيىن يەنە داۋاملىق ئۇرۇشۇپ ئاخىرى شەھىد قىلىنىپ كېتىپتۇ.

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ: «ئەبۇ جەھىلنىڭ قانداق بولغانلىقىغا كىم قاراپ باقىدۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنى ئىزلەپ تەرەپ ـ تەرەپكە تارىدى. بىر چاغدا ئۇنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد تېپىۋالدى، ھالبۇكى ئۇ ئاخىرقى نەپەسلىرىدە جان تالىشىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا ئىنى مەسئۇد ئۇنىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ، قولى بىلەن ئۇنىڭ ساقىلىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ: «خوپ بولدىمۇ؟ ئى خۇدا دۈشمىنى» دېگەن. ئەبۇ جەھىل: «نېمى نى؟! ، سىلەر مەندىن كاتتا ئادەمنى ئۆلتۈرگەنمۇ؟ (ياكى سىلەر ئۆلتۈرگەن ئادەمدىن كاتتا كىم بار؟) دىدى ۋە يەنە: «كاشكى مىنى دېھقاندىن باشقا بىرى ئۆلتۈرسىچۇ؟[①]» دىدى. ئۇ يەنە بىر دەم توختىۋالغاندىن كىيىن: «ئېيتە بۈگۈن ئاخىرقى ھېسابتا كىم غەلىبە قىلدى؟» دەپ سورىدى . ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد: «كىم غەلىبە قىلاتتى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى غەلىبە قىلدى ، ئەلبەتتە» ، دەپ جاۋاب بىرىۋىدى، ئۇ ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدقا (ئابدۇللا ئۇنىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ يەرگە مىختاپ تۇرۇۋاتاتتى): «ئى پا دىچى بالا ، سەن مۇشۇ پۇرسەتكە نېمە دېگەن تەس ئىگە بولدۇڭ ـ ھە؟» دېدى. ئەسلىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مەككىدە ئىجارىگە قوي باقاتتى.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد بۇ گەپلەر تۈگىگەندىن كىيىن ئۇ قىلىچ بىلەن گاچ قىيىۋەپ ئەبۇ جەھىلنىڭ بېشىنى ئۈزۈۋالدى ۋە ئۇنى ساقىلىدىن كۆتۈرۈپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ مانا بۇ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئەب ۇ جەھىل ئىبنى ھىشامنىڭ كاللىسى» ، دەپ پوك كىدە يەرگە تاشلىدى . رەسۇلۇللاھ : «ئاللاھ يەككە ـ يېگانىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھىچ ئىلاھ يوقتۇر» ، دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن تەشەككۇر ئېيتىپ: «ئاللاھۇئەكبەر(ئاللاھ ئۇلۇغدۇر)، گۈزەل مەد ھىيە ۋە ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئۇ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇ بەندىسىگە (ماڭا دېمەكچى. ــ ت) ياردەم بەردى. كۈچلۈك قوشۇننى ئاللاھ ئۆزى مەغلۇپ قىلدى، يۈر ئۇنى ماڭا كۆرسەتكىن»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بېرىپ ئۇنى كۆرسىتىپ قويۇۋىدىم رەسۇلۇللاھ: «بۇ ئەبلەخ مۇشۇ ئۇممەتنىڭ پىرئەۋنى ئىدى»، دېدى.

## بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىكى ئىماننىڭ كارامىتى

ئالدىنقى باپلاردا ئۇمەير ئىبنى ھۇمام بىلەن ئەۋف ئىبنى ھارس (ئىبنى ئەپرا)نىڭ تەسىرلىك ئىش ـ ئىزلىرىدىن ئىككىلا مىسالنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. ھەقىقەتەن بۇ جەڭدە ساھابىلەر ئاجايىپ روھ كېلىپ قالدى باتۇرلۇق ئىشلارنى كۆرسەتتى . ئاتىلار باللىرى بىلەن ئاكىلار ئۇكىلىرى بىلەن ۋە بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پىرىنسىپاللىق ئىختىلاپلارنى قوللىرىدىكى قىلچىنى ۋە نەيزى كەسكىن ئايرىپ قويىدى. ئىلگىرى زۇلۇمغا ئۇچرىغا ئۆز ئەندىنى ئېلىۋالدى.

[①] مەدىنىلىكلەر دېھقانلار ھېسابلىناتتى.

1. ئىبنى ئىسھاق ئابدۇللاھ ئىبنى ئاباستىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا ئۇرۇش داۋامىدا دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى سۆزلەپ: «مەن جەزم قىلىمەنكى، بەنى ھاشىم جەمەتىدىن ۋە يەنە باشقا جەمەتلەردىن نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يەرگە مەجبۇرى ئېلىپ چىقىلدى. ئۇلارنىڭ بىز بىلەن ئۇرۇشقۇسى يوق، شۇڭا قايسى بىرىڭلار ئۇلارغا يولۇقۇپ قالساڭلار ئالدىراپ ئۆلتۈرۈپ قويماڭلار، كىمدە كىم ئەبۇلبەختەرى ئىبنى ھىشامغا يولۇقۇپ قالسا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويمىسۇن، ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپكە ئۇچراپ قالسا ئۇنىمۇ ئۆلتۈرمىسۇن، چۈنكى ئۇ زورلاپ ئېلىپ چىقىلدى»، دېگەن. بۇ چاغدا ئەبۇ ھۇزەيفە ئىبنى ئ ۇتبە: «بىز ئاتىلىرىمىزنى ، ئوغۇل قېرىنداشلىرىمىزنى ۋە ئۇرۇق ـ جەمەتىمىزنى ئۆلتۈرىكەنمىز ـ يۇ، ئاباسنى ئۆلتۈرمەي ساق قوياملىكەنمىز؟ ئەزبىرايى خۇدا ، ناۋادا مەن ئاباسقا ئۆزەم يولۇقۇپ قالسام ، ئۇنى گۆش (ياكى قىلىچىمغا غىلاپ) قىلىۋېتىمەن» ، دېدى. بۇ گەپ رەسۇلۇللاھقا ئاڭلىنىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئ ۆمەر ئىبنى خەتتابقا: «ئى ئەبۇ ھەفسە (ئۆمەرنىڭ كونيەت ئىسمى)، رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىغا قىلىچ ئۇرۇلسا بولامدۇ؟» دېدى، ئ ۆمەر: «ئى رەسۇلۇللاھ، ماڭا ئىجازەت قىلسىلا، مەن ئۇنىڭ بېشىنى ئالاي، ئۇ مۇناپىق بولاي دەپتۇ» دېگەن. بۇنىڭ ئەبۇ ھۇزەيپە: «مەن شۇ گېپىمدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن، بۇ سۆزۈمگە پەقەت (ئاللاھ يولىدا شېھىد بولۇش كاپارەت بولارمىكى دەيمەن »، دېگەن. ئاخىر يەمامە ئۇرۇشىدا شېھىد بولغان.

2. رەسۇلۇللاھ ئەبۇلبەختەرىنى ئۆلتۈرۈشتىن توس ۇشى، رەسۇلۇللاھ مەككىدىكى چېغىدا ئۇ كىشىلەرنى رەسۇلۇللاھقا ئەزىيەت قىلىشتىن توساتتى ۋە ئۆزىمۇ رەسۇلۇللاھقا ئازار بەرمەيتتى، قىسقىسى ئۇنىڭغا ئەب ۇلبەختەرىدىن ئازراقمۇ يامانلىق كەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قۇرەيشلەرنىڭ بەنى ھاشىم ۋە بەنى مۇتەللىپ جەمەتلىرىگە يۈرگۈزگەن ئىقتىسادى جازانى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا يول ماڭغانلارنىڭ بىرى ئىدى.

لېكىن، ئەبۇلېختەرى شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. سەۋەبى: مۇجەززەر ئىبنى زىيادىلبەلەۋى ئۇرۇش جەريانىدا ئ ەبۇلبەختەرى بىلەن تىكلىشىپ قالدى. ئەبۇلېختەرى بىلەن ئۇنىڭ بىر سەپد ىشى بىللە بولۇپ ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ھەمقام بولۇپ ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. مۇجەززەر دېدىكى: «ئى ئ ەبۇلبەختەر! رەسۇلۇللاھ بىزنى سېنى ئۆلتۈرۈشتىن توستى، شۇڭا سەن ئەب ۇلبەختەرى: «ئەمىسە سەپد ىشىم بىلەن بىللە قويىۋەت» دەپ تۇرىۋالدى. مۇجەززەر: «ياق ئەزبىرايى خۇدا ، ئۇنى قويۇۋەتكىلى بولمايدۇ» ، د ېۋىدى، ئەبۇلبەختەر: «ئۇنداق بولسا ئىككىمىز بىرگە ئۆلىمىز» ، دەپ قىلىچ سۇغاردى . شۇنىڭ بىلەن ئىككەيلەن قاتتىق ئېلىشتى، ئاخىرى موجەززەر ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

3. ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف مۇسۇلمان بولۇشىنىڭ ئالدىدا ئۇمەييە ئىبن ى خەلەف بىلەن مەككىدىكى ئەڭ قەدىناس دوس تلاردىن ئىدى. بەدرى ئۇرۇشىدا ئابدۇرەھمان ئۇمەييىنى ئۇچرىتىپ قالدى، ئۇ ئوغلى ئەلى ئىبنى ئۇمەييەنىڭ قولى نى تۇتۇپ تۇراتتى.ئابدۇرەھماننىڭ يېنىدا مۇشرىكلاردىن ئولجا ئالغان بىر قانچە ساۋۇت بار بولۇپ ئۇ بۇ ساۋۇتلارنى يۈد ۈۋالغانىدى. ئۇمەييە ئابدۇرەھماننى كۆرۈپلا: «مېنى ھىمايەڭگە ئېلىۋالامسەن، مەن بۇ ساۋۇتلاردىن كۆپ پۇلغا يارايمەن. مەن بۈگۈنكىدەك دىشۋارچىلىق

كۆرمىگەن، سۈت ـ قايماقتا ھاجىتىڭلار يوقمۇ؟ (مېنى ئەسىر ئېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغان كىشىگە تۆگە تۆلەم بېرىمەن دېمەكچى) دېگىلى تۇردى . شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرەھمان قولىدىكى ساۋۇتلارنى تاشلىۋېتىپ ئۇمەييە بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنى ئالدىغا سېلىپ ئەسىر قىلىپ ماڭدى. ئابدۇرەھمان مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇمەييە بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنى ئىككى بىقىنىمغا ئېلىپ يېتىلەپ كېتىۋاتسام ئۇمەييە مەندىن: «ئاراڭلاردىكى مەيدىسىگە تۆگە قۇشنىڭ پېيىنى تاقىۋالغان كىشى كىم ئۇ؟» دەپ سورىدى، مەن:« ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ» ، دېسەم ، ئۇ: « بىزنى پالاكەتكە يۇزلەندۇرگىنى ئاشۇ ئادەم»، دېدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەزبىرايى خۇدا، مەن ئۇمەييەنى ئاتا ـ بالا يېتىلەپ كېتىۋاتاتتىم، توساتتىن ئۇنى بىلال كۆرۈپ قالدى . ئۇمەييە ئۇنى مەككىدە داۋاملىق ئازابلايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىلال: «كۇفرىنىڭ كاتتىۋېشى ئۇمەييە ئىبنى خەلەفمۇ؟ ئەزبىرايى خۇدا ، ئەگەر ئۇ ساق قالىدىكەن ، مەن بىلال بولماي كېتەي»، دېدى . مەن دېدىمكى: «ئى بىلال ، بۇ دېگەن مېنىڭ ئەسىرلىرىم ، ئۇنىڭغا چېقىلما دېسەم» ئۇ: «ئەگەر ئۇمەييە قۇتۇلۇپ قالىدىكەن، مەن بىلال بولماي كېتەي» دەپ تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن: «ئاڭلاۋاتامسەن ئى قاراۋاش قىرىنىڭ بالىسى ، بۇلار مېنىڭ ئەسىرلىرىم» ، دېسەم بىلال يەنە: «ناۋادا ئۇمەييە ئۆلۈمدىن قوتۇلۇپ قالسا، مەن بىلال بولماي كېتەي» دېدى ـ دە، جېنىنىڭ بارىچە توۋلاپ: «ئى ئەنسارىلار، كۇفرىنىڭ كاتتىۋېشى ئۇمەييە ئىبنى خەلەف ھېمايىگە ئېلىنىۋالدى، ئۇ ھايات قالسا مەن بىلال بولماي كېتەي»، دەپ چۇقان كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ بىزنى قورشىۋالدى. ھەتتا ئۇلار بىزنى قەپەسكە سولىۋالغاندەك قىمىرلىماس قىلىۋەتتى. مەن ئۇنى كۈچۈمنىڭ بارىچە قوغداپ مۇداپىئە قىلىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز ئارقىدىن بىرەيلەن ئۇمەييەنىڭ ئوغلىنىڭ پۇتىغا قىلىچ ئۇرۇپ ئۇزۇپ تاشلىدى، ئۇ گۈپپىدە يىقىلدى. ئۇمەييە ئوغلىنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق چىرقىراپ توۋلىۋەتتى، مەن ئۇنداق قەبىھ ئاۋازنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا: «ئۆزەڭنى چەتكە ئالغىن ، ساڭا ئارا تۇرالمىغۇدەكمەن، ئەزبىرايى خۇدا ، ساڭا نىجاتلىق يوق ئىكەن» دېدىم. ئۇنىڭغىچە ئالىلقاچان ئۇلار بۇ ئاتا ـ بالا ئىككەيلەنگە قىلىچ ئۇرۇپ پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىپ بولدى».

ئابدۇرەھمان مۇنداق دەيتتى: «بىلالغا ئاللاھ رەھىم قىلسۇنكى، ئۇ مېنى ساۋۇتلىرىمدىن ئاجرىتىۋەتتى ۋە ئەسىرلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ مېنى ھەسرەتتە قويدى».

زادولمەئاد دېگەن كىتابتا قەيت قىلىنىشىچە: «ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەف بۇ چاغدا ئۇمەييەگە ياتقىن» دېگەن. ئۇمەييە ياتقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئۇمەييەنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قوغدىماقچى بولغان . شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۇمەييەگە ئابدۇرەھماننىڭ يان ـ بېقىنلىرىدىن قىلىچ سانجىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكەن، ھەتتا بەزىلەرنىڭ قىلىچى ئابدۇرەھماننىڭ پۇتىغا تېگىپ كېتىپ، ئابدۇرەھماننى يارىلاندۇرۇپ قويغان.

5. شۇ كۈنى ئۇرۇش جەريانىدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ئانا تەرەپ تاغىسى ئاس ئىبنى ھىشام ئىبنى مۇغىرە بىلەن ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ، ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان.

6. ئەبۇ بەكرى سىددىق ئوغلى ئابدۇراھماننى تولۇپ (ئۇ شۇ كۈندىكى جەڭگە مۇشرىكلار تەرىپىدە تۇرۇپ قاتناشقانىدى): ئى خەبىس! مال-مۈلۈكلىرىم قېنى؟»، دەپ سورىغانىدى، ئابدۇرەھمان ئاتىسىغا:

قالدى نەيزە، قالدى تۇلپار جەڭگاھتا مەن مىنگىلى،
قالدى شەمشەر، قالدى خەنجەر ئازغۇن قېرى ئۆلتۈرگىلى.

دەپ جاۋاب بەردى.

7. مۇھاجىرلار ئۆلتۈرۈشنى تاشلاپ ئۇچرىغاننى باغلاپ ئەسىر ئېلىشقا باشلىغۇدى (بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ قوماندانلىق شتاپ ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى. سەئەد ئىبنى مەئاز شتاپ دەرۋازىسى ئالدىدا قىلىچنى تۇتۇپ مۇھاپىزەتچىلىك قىلىۋاتاتتى)، رەسۇلۇللاھ سەئەدنىڭ چىرايىدا ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىغا نارازىلىق ئىپادىسىنى كۆرۈپ قالدى-دە: «ئى سەئەد، ئۇلارنىڭ بۇ قىلغانلىرىغا نارازى بول ۋاتامسەن؟» دەپ سورىدى، سەئەد «شۇنداق ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ ئاللاھنىڭ مۇشرىكلارغا بەرگەن تۇنجى زەربىسى بولغاندىكىن، مېنىڭچە بۇلارنى رەھىم قىلماي ئۆلتۈرۈش ئۇلارنى ھايات قالدۇرغاندىن كۆپ ياخشى ئىدى»، دېدى.

8. شۇ كۈنى ئۇرۇش داۋامىدا ئۇكاشە ئىبنى مىھسەننىڭ قىلىچى سۇنۇپ كېتىپ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا بىر دانە ياغاچ چوماقنى تۇتقۇزۇپ: «ئى ئۇكاشە، مانا بۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلغىن»، دېگەنىدى، ئۇكاشە ھېلىقى ياغاچ چوماقنى ئېلىپ بىر سىلكىۋىدى، چوماق ئۇنىڭ قولىدا ئۇزۇن، پارقىراق، پولات تىغلىق شەمشەرگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇكاشە ئۇرۇش ئاخىرلاشقىچە شۇ شەمشەر بىلەن جەڭ قىلدى. ئۇنى كېيىن «ئەۋن» (ياردەم) دەپ ئاتىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇكاشە شۇ شەمشەر بىلەن نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشتى، ھەتتا ئۇ ئەبۇ بەكرىنىڭ دەۋرىدىكى «مۇرتەدلەر ئۇرۇشى»دا شېھىد بولغاندىمۇ ئاشۇ شەمشەر ئۇنىڭ قولىدا ئىدى.

9. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ئەبدەرى مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭگە قاتناشقان قېرىندىشى ئەبۇ ئەزىز ئىبنى ئۇمەير ئەبدەرىگە ئۇچراپ قالدى. بىر ئەنسارى ئۇنىڭ قولىنى باغلاپ يالاپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى، مۇسئەب ئەنسارىغا: «ئۇنىڭ قولىنى ئوبدان باغلىغىن، ئانىسى پۇلدار خوتۇن، ساڭا تۆلەم بېرىپ قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ»، دېدى. ئەبۇ ئەزىز مۇسئەبكە: «مۇشۇمۇ قان-قېرىنداشلارنىڭ بىر-بىرىگە دەيدىغان سۆزىمۇ؟» دېگەنىدى، مۇسئەب: «ئۇ (يەنى ئەنسارى) مېنىڭ قېرىندىشىم، سەن بىلەن قېرىنداش ئەمەسمەن»، دېدى.

10. رەسۇلۇللاھ مۇشرىكلارنىڭ جەسەت-تاپلىرىنى قۇدۇق-ئورەكلىرىگە تاشلىۋېتىشكە بۇيرىدى. ئۆلۈكلەر قاتارىدا ئۇتبە ئىبنى رەبىئە (ئەبۇ ھوزەيفىنىڭ ئاتىسى)مۇ سۆرەپ ئەكىلىپ قۇدۇققا تاشلاندى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئەبۇ ھۇزەيفىنىڭ چىرايىدا ئۆزگىچە غەمكىنلىك ئالامەتلىرىنى سەزدى-دە، ئۇنىڭدىن: «ئاتاڭنىڭ ئەھۋالىغا ئىچىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟» دەپ سورىدى. ئەبۇ ھۇزەيفە: «ياق، ئەزىبرايى خۇدا، ئۇنداق ئەمەس، مەن ئاتامنىڭ بۇ ھالىغا ۋە ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە باشقىچە قارىمايمەن، لېكىن مەن ئاتامنى ئەقىللىق ھەم پازىل كىشى دەپ قارايتتىم، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ خىسلىتى ئۇنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلىپ ئەكىرەر دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. مەن ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى

شۇنچە ئارزۇ قىلغىنىمنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭ ك ۋفرى يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ قايغۇردۇم»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا خەيرلىك دۇئا قىلدى ۋە چىرايلىق تەسەللىي بەردى

## ئىككى تەرەپتىن ئۆلگەنلەر

ئۇرۇش مۇشرىكلارنىڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەپ غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. مۇسۇلمانلاردىن ئون تۆت ئادەم شېھىد بولدى، ئۇلارنىڭ ئالتىسى مۇھاجىر، سەككىزى ئەنسارى ئىدى. ئەمما مۇشرىكلار ئەڭ زور چىقىم تارتتى. ئۇلاردىن 70 كىشى ئۆلتۈرۈلۈپ، 70 كىشى ئەسىرگە ئېلىندى. ئۇلارنىڭ تولىسى ھەربىي قوماندان ۋە كاتتىۋاشلار ئىدى.

ئۇرۇش چاڭ ـ توزاڭلىرى پەسىيىپ جەڭ مەيدانى ئېچىلغۇدى، رەسۇلۇللاھ شتاپ ئۆيىدىن سالماق قەدەم بىلەن چۇشۇپ كېلىپ، ئۆلۈكلەرنىڭ يېنى دا توختىدى ۋە: «سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلارغا قىلغان مۇئامىلەڭلار نېمە د ېگەن قوپال ئىدى ـ ھە؟ سىلەر مېنى ئىنكار قىلدىڭلار، باشقىلار ئىپتىراپ قىلدى، سىلەر مېنى تاشلىۋەتتىڭلار باشقىلار ياردەم بەردى، سىلەر مېنى يۇرتۇمدىن چىقىرىپ تاشلىدىڭلار، باشقىلار مېنى ئارىغا ئېلىپ جاي بەردى»، دېدى، ئاندىن بۇيرۇق بېرىپ ئۆلۈكلەرنى بەدرى قۇدۇقلىرىدىن بىر قۇدۇققا تاشلاتقۇزۇۋەتتى.

ئەبى تەلھە رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: «بەدرى كۈنى رەسۇلۇللاھ ب ۇيرۇق بېرىپ قۇرەيش كاتتىۋاشلىرىدىن 24 ئادەمنىڭ ئۆلۈكىنى بەدر ىنىڭ سېسىق ـ مەينەت قۇدۇقلىرىدىن بىر قۇدۇققا تاشلاتقۇز ۋۋەتتى. ئۇ بىر قەۋم ئۈستىدىن غالىب كەلسە شۇلارنىڭ مەھەللىسىدە ئۈچ كۈن تۇراتتى. بۇ قېتىممۇ ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، ئۈچىنچى كۈنى بولۇۋىدى، تۆگە ـ ئۇلاغلىرىنى توقۇشقا بۇيرىدى، شۇنىڭ بىلەن تۆگ ىلەر توقۇلۇپ تەييارلاندى، ئاندىن ئۇ تۆگىسىنى يېتىلەپ ماڭدى، ساھابىلەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى، ھەتتا بىر چاغدا ھېلىقى قۇدۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ توختىدى ۋە ئۆلۈكلەرنى ئىسىم ـ فامىلىسى بىلەن قوشۇپ چاقىرىپ: «ئى پالانى نىڭ ئوغلى پۇستانى ۋە پۇستانى ئوغلى پالانى ، ئەمدى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلمىغىنىڭلارغا خۇشال بولۇۋاتامسىلەر؟ بىز رەببىمىزنىڭ ۋەدىسىنىڭ راسلىقىنى بىلدۇق، سىلەرمۇ رەببىڭلارنىڭ ۋەدىسىنىڭ راسلىقىنى بىلدىڭلارمۇ؟» دېدى.

ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ جانسىز جەسەتلەرگە گەپ قىلىپ نېمە قىلىسەن ؟»، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇلار تېخى سىلەردىنمۇ ئوبدانراق ئاڭلايدۇ، لېكىن جاۋاب قايتۇرالمايدۇ» ، دېدى.

### مەغلۇبىيەت خەۋىرى مەككىگە يېتىپ باردى

مۇشرىكلار بەدرىدىن پىتراپ كەتكەن پاتىدەك ئىنتايىن چاۋالچاق ۋە تەرتىپسىز، هالەتتە قاچقان ىدى، ئۇلار چوڭقۇر ئويمانلىق ياكى تاغ جىلغىلىرىغا قاراپ، ئەقلى ـ هۇشىنى يوقاتقان هالدا بۆرىدىن ئۈككەن تاغ ئۆچكىلىرىدەك گاهىدا توپلىشىپ گاهىدا پاتپاراق بولۇپ جەنۇب تەرەپكە ماڭدى. ئۇلار نومۇستىن مەككىگە قانداق كىرىشنى بىلمەيتتى.

ئىبنى ئىسهاق مۇنداق دەيدۇ: «قۇرەيشلەرنىڭ مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى مەككىگە تۇنجى بولۇپ ئېلىپ كىرگەن كىشى هەيسىمان ئىبنى ئابدۇللا ھ خۇزائى بولدى. ئۇ مەككىگە كىرىۋىدى ، كىشىلەر يىغىلىپ: «كەينىڭدىكىلەر قېنى؟» دەپ سوراشتى . هەيسىمان ئىنتايىن هالسىرىغان هالدا: «ئۇلار يوق ، ئۇتبە ئىبنى رەبىئە، شەيبە ئىبنى رەبىئە، ئەبۇلهەكەم (ئەبۇجەهىل) ئىبنى هىشام، ئۇمەييە ئىبنى خەلەفلەر ئۆلتۈرۈلدى» ، دەپ قۇرەيش كاتتىلىرىدىن بىر قانچە كىشىنى تىلغا ئالدى.

هەيسىمان قۇرەيش كاتتىلىرىدىن بەدرىدە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى: «پالانى ئۆلتۈرۈلدى، پۇستانى ئەسىر ئېلىنىپ كېتىلدى»، دەپ بىر ـ بىرلەپ ساناپ بەرگىلى تۇرىۋىدى، سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە (ئۇ بۇ چاغدا كەئبىنىڭ هىجرى دېگەن تەرىپىدە ئولتۇر ۋۇاتاتتى): «ئەزبىرايى خۇدا، بۇ ئەقلىدىن ئېزىپ قاپتۇ . ئۇنىڭدىن مېنى سوراپ بېقىڭلار» ، دېدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن: «سە فۋان ئىبنى ئۇمەييە قانداق بولدى ؟»، دەپ سورىۋىدى، هەيسىمان: «مانا سە فۋان دېگەن ئاۋۇ هىجرىدە ئولتۇر ۋۇاتامدۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇنىڭ ئاتىسى ۋە قېرىندىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم» ، دەپ سەفۋاننى چۆچۈتۈۋەتتى.

ئەبۇ رافىئە (رەسۇلۇللاھنىڭ ئازاتگەردىسى) مۇنداق دېگەن: «مەن ئەسلىدە ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ قۇلى (چاكىرى) ئىدىم. بىزنىڭ ئائىلىگە ئىسلام خېلى بۇرۇنلا نۇر چاچقان ئىدى. ئاباس، ئۇممۇل فەزلى ۋە مەن ئالللىبۇرۇن مۇسۇلمان بولغانىدۇق. بىراق، ئاباس ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى يوشۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بەدرى ئۇرۇشىدا ئاباسنىڭ قېرىندىشى ئەبۇلەهە ب ئۇرۇشقا چىقماي مەككىدە قې لىپ قالغانىدى. ئۇ هەيسىمان ئېلىپ كەلگەن خەۋە رنى ئاڭلاپ يەر بىلەن تەڭ بولۇپ كەتتى ۋە قاتتىق خورلۇق هېس قىلىپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. بىز كۆڭلىمىزدە خۇشال بولدۇق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە شەرەپ هېس قىلدۇق. مەن ت ېنىم ئاجىز بىر قۇل بولۇپ، پەقەت ئاياقچىلىق[1] هۈنىرىم بىلەن شۇغۇللىناتتىم. ئۇنى مەن زەمزەم قۇد ۇقىنىڭ يېنىدىكى بىر هۇجرىدا ئويۇپ سۇپەتلەيتتىم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن شۇ كۈنى ئاشۇ هۇجرىدا ئۆز هۈنىرىم بىلەن مەشغۇل ئىدىم. يېنىمدا ئۇممۇ لفەزلى (ئاباسنىڭ ئايالى) ئولتۇراتتى. ئىككىمىز قىزىق هېلىقى خەۋەرنى دېيىشىپ ئولتۇراتتۇق. ئۇشتۇمتۇت ئەبۇ لەهەب ئىنتايىن غەمكىن هالدا ئېغىر قەدەملەر بىلەن سېلىپ ، پايپاسلاپ كەلدى ۋە هۇجرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. مەن هۇجرىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ كەينىدىلا تۇرۇۋاتاتتىم. ئاشۇ پۇرسەتتە كىشىلەر ئۇنىڭغا: «مانا بۇ ئەبۇ سۇفيان ئىبنى هارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ قايتىپ كەپتۇ»، دېيىشتى. تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ: «بۇياققا كەل ئوغلۇم! جەزم

[1] ئاياقچىلىق ـــ قاچا ـ قۇچا ياساش كەسپى.

قىلىمەنكى، سەن ھەر قاچان ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ئەبۇ لەھەبنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئادەملەر سانجاق ـ سانجاق بولۇپ ئەتراپتا ئۆرە تۇراتتى. ئەبۇ لەھەب ئۇنىڭغا: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى (ئەبۇ لەھەب بىلەن مۇشۇ ئەبۇ سۇفياننىڭ دادىسى ھارىس ئانا بىر قېرىنداشلار ئىدى)، مۇشۇ ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇپ كەتتى؟ ماڭا ئەينەن بىر سۆزلەپ بەرگىنە»، دېدى. ئەبۇ سۇفيان: «قانداق بولاتتى؟ بىز ئۇلارغا ئاۋۋال قول سالدۇق، ئارقىدىن بولالماي دۈمبىمىزنى تۇتۇپ بەردۇق. ئۇلار خالىغانچە چېپىپ، خالىغانچە ئەسىر ئالدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن شۇنداقتىمۇ گۇناھنى ھەرگىز ئۆز ئادەملىرىمىزگە قويمايمەن، چۈنكى بىز ئاسماننىڭ قەھرىدە چىلان تورۇق ئاتلارغا مىنىۋالغان) ئاق تونلۇق يوچۇنلا ئادەملەر بىلەن ئۇرۇشتۇق، ئۇلارغا ھېچ نەرسە كار قىلمايدىكەن ۋە تەڭ كېلەلمەيدىكەن»، دېدى.

ئەبۇ رافىئە مۇنداق دەيدۇ: «گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مەن ھۇجرىنىڭ پەردىسىنى ئۆرۈپ تۇرۇپ: ‹ئەزبىرايى خۇدا، ئاشۇلار چوقۇم پەرىشتىلەر› دېدىم. ئەبۇ لەھەب قولىنى شىلتىپ ئېڭىكىمگە قاتتىق بىرنى ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا ئېتىلدىم. ئۇ مېنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئاتتى. ئاندىن ئاستىغا بېسىپ ئۇرغىلى تۇردى. ئۇنىڭغا كۈچۈم يەتمىدى. بۇ چاغدا ئۇممۇلفەزلى ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇجرىنىڭ ياغاچلىرىدىن بىر بالداقنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن ئەبۇ لەھەبنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ئۇنى يارىلاندۇردى ۋە: «ئۇنى خوجايىنى يوق دەپ ب وزەك قىلماقچىمۇ ـ سەن؟» دەپ ئىزا ياغدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ لەھەب بېشىنى تۇتقان ھالدا ذ وسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قايتىپ كەتتى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ شۇنىڭدىن 7 ــــ 8 كۈندىن كېيىن ئەدەس كېسىلى[1]گە مۇپتىلا بولۇپ ئۆلدى (ئەدەس كېسىلى ئەرەبلەر شۇم پال ئالىدىغان بىر خىل قەبىھ جاراھەت كېسىلى بولۇپ، ھەتتا ئۇنى ئەۋلادلىرىمۇ تاشلىۋەتتى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈكى شۇ پېتى ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدى. ئاخىر بولماي كىشىلەر ئۇنى ئۆلگەن يېرىدىن يېقىن بىر جايغا ئورەك كولاپ تاياق ـ توقماقلار بىلەن ئىتتىرىپ تاشلاپ، تاش ـ كېسەكلەر بىلەن كۆمۈۋەتتى)

مەككىلىكلەر بەدرى جەڭ مەيدانىدىكى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى مانا مۇشۇنداق خورلۇق ۋە قايغۇ ـ ئەلەم ئى چىدە تاپشۇرۇۋالدى ۋە بۇ ئىش ئۇلارغا ئىنتايىن ئېغىر كەلدى. ھەتتا ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ خوشال بولۇپ كۈلمەسلىكى ئۈچۈن ئۆلۈكلىرىگە يىغلاشنى ۋە مەرسىيە ئوقۇش، يىغلاشنى چەكلىدى.

ھەممىدىن قىزىق بولغىنى شۇكى، مەككىلىك ئەسۋەد ئىبنى مۇتەللىپ دېگەن كىشىنىڭ ئۈچ ئوغلى بەدرىدە تولۇق ئۆلتۈرۈلگەنىدى. ئۇ ئوغۇللىرىغا يىغلاپ مەرسىيە ئوقۇپ، كۆڭۈل يۇخسىنى چىقىرىۋالغۇسى كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كۆزى كور ئەما كىشى ئىدى. بىر كېچىسى ئۇ بىر خوتۇننىڭ ي يغا ئاۋازىنى ئاڭلىدى ـ دە، چاكىرىغا: «دەرھال بېرىپ يىغلاشقا رۇخسەت قىلىنىپتىمۇ؟ ئۇقۇپ كەلگىن، مەنمۇ (ئوغلۇم) ئەبۇ ھەكىمگە يىغلىۋالاي، مېنىڭ ئىچ ئەزالىرىم كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتتى»، دېدى. شۇنىڭ

[1] ئەدەس كېسىلى بىرخىل پۈرچاق ـ شەكلىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ ئەرەپلەر بۇكېسەل بىلەن ئاغرىغان كىشىدىن شوم پال ئالاتتى.

بىلەن چاكار بىرىپ: «ئۇ دېگەن تۆگىسى يوقاپ كەتكەن خوتۇن ئىكەن، شۇنىڭغا يىغلاۋېتىپتۇ»، دەپ جاۋاب ئىلىپ كېلىۋىدى، ئەسۋەد ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى ۋە مۇنۇ مەرسىيەنى ئوقۇدى:

تۆگەڭ ئازغانغا يىغلامسەن، ئۆزۈڭنى قىلىپ بىدار،
تۆگە ئەمەس بەدرگە يىغلاش كېرەك زارۇ ـ زار،

بەنى ھەسىيس ۋە مەخزۇم ئەبۇلۋەلىد جەمەتى،
بەدرىدە بولدى ھالاك ئۇلار ئەمەسمىدى سەردار.

يىغلاشقا كېرەك بولسا يىغلاڭ سىز ئۇقەيلىمىغا،
ھارىسقا ئوقۇپ مەرسىي ئىش ـ ئىزىنى قىلىپ ئىزھار.

ھەممىگە يىغلاش كېرەك نامىنى قىلىپ تەسمى،
بولۇپمۇ ئەبۇلھەكىم تەڭداشسىز ئىدى زىنھار.

ئۇلاردىن كېيىن بۇ دۇنياغا خوجا بولدى يوچۇن ئەللەر،
ئەگەر بولمىسا بەدرى ئۇلار بولماس ئىدى سەردار.

## غەلىبە بىشارەتلىرى مەدىنىگە يېتىپ كەلدى

ئۇرۇش غەلىبىلىك ئاياغلاشقاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ مەدىنە خەلقىگە ئالدىن خۇشخەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن ئىككى بىشارەتچىنى يولغا سالدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھ ە مەدىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە، يەنە بىرى زەيد ئىبنى ھارىس مەدىنىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئەۋەتىلدى.

بۇ ئىككى بىشارەتچى مەدىنىگە كەلگىچە يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلار ئۆزئارا ئىغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ، مەدىنىدە ئىغىر ئەنسىزلىك ۋەزىي يىتى شەكىللەندۈرگەنىدى. ھەتتا ئۇلار ھېچقانداق ئاساسسىزلا: «مۇھەممەد ئۆلتۈرۈلۈپتۇ»، دېگەن شۇم خەۋەرنى تارقاتتى. بىر مۇناپىق زەيد ئىبنى ھارىسنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ قەسۋا دېگەن تۆگىسىگە م ىنىپ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «مەن دېمىدىممۇ؟ مۇھەممەد چوقۇم ئۆلۈپتۇ، مانا ئاۋۇ ئۇنىڭ بىز بىلىدىغان تۆگىسى، ئۈستىدە زەيد ئىبنى ھارىس قورقۇنچىدىن نېمە دېيەرىنى بىلەلمەي روھى سۇنۇق، بېشى تۆۋەن كېلىۋاتامدۇ؟» دېدى.

ئەلچىلەر يېتىپ كېلىۋىدى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، خۇشخەۋەرلەرنى ئىغىز ـ ئىغىزغا تېگىشمەي ئاڭلاشقا باشلىدى. ئاڭلىغانلار ئاڭلىمىغانلارغا يەتكۈزەتتى، ئاخىر ئۇلارنىڭ كۆڭلى تىندى، ئاما شاد ـ خۇراملىقتا چۆمدى ۋە مەدىنە كوچىلىرـ ىنىڭ ھەممە يېرىدە تەكبىر ساداسى ۋە تەھلىل ساداسى ياڭرىدى.

(مەدىنىدە قالغان) مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەكىللىرى تەشكىللىنىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بەدرى يولىغا قاراپ ئاتلاندى. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بىز رەسۇلۇللاھنىڭ ئوسمان ئىبنى ئەففاندىكى قىزى رۇقىيەنى دەپنە قىلىۋاتقاندا ھېلىقى خۇشخەۋەرنى ئاڭلىدۇق. رەسۇلۇللاھ مېنى ئوسمان بىلەن بىللە قىزى رۇقىيىنىڭ كېسىلىگە قاراشقا قالدۇرغانىدى»، دېگەن.

## ئىسلام قوشۇنى مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى

جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ بەدىردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ ، تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەن قوزغالماقچى بولۇۋىدى، يولغا چىقىش ئالدىدا قوشۇن ئىچىدە غەنىمەت توغرىلىق ئىختىلاپ يۈز بەردى. بۇ ئىختىلاپ بارغانسېرى كۈچەيگىلى تۇردى، رەسۇلۇللاھ قوشۇنغا قوللىرىدىكى بارلىق غەنىمەتلەرنى ئومۇمغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ دېگىنىدەك قىلدى، ئاندىن بۇ ھەقتە ۋەھيي نازىل بولدى.

ئۇبادە ئىبنى سامىت (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ) رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ، مۇنداق دېيىلگەن: « بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن چىقىپ بەدرى ئۇرۇشىنى قىلدۇق، ئىككى تەرەپ كەسكىن ئېلىشتۇق، ئاخىر ئاللاھ دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ بەردى. بۇ چاغدا بىر بۆلۈك كىشىلەر دۈشمەننى قوغلاپ زەربە بېرىشكە كىرىشتى، يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەر دۈشمەن تاشلاپ قاچقان مال ـ مۈلۈكلەرنى ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ھەربىي قورال ـ ياراقلىرىنى يىغىشقا باشلىدى. ئۈچىنچى بىر تۈركۈمدىكىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي ئۇنى دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن قوغدىدى. ھەتتا بىر چاغدا كەچ كىرىپ ھەممەيلەن جەم بولۇۋىدى، غەنىمەت ـ ئولجىلارنى يىغىپ توپلىغانلار: « غەنىمەتنى بىز يىغىپ جۇغلىدۇق، بۇنىڭدا باشقىلارنىڭ ھەققى يوق »، دېيىشتى. دۈشمەننى قوغلاپ چىقىپ كەتكەنلەر: « غەنىيمەتكە بىز ئەڭ ھەقلىق، چۈنكى دۈشمەننى بىز چېكىندۇردۇق، باشقىلانىڭ ‹تەييارغا ھەييار› بولۇۋېلىشى دۇرۇس ئەمەس »، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھنى قوغداپ تۇرغانلار: « بىز رەسۇلۇللاھقا دۈشمەن ت ۇيۇقسىز قول سېلىشتىن ئەنسىرەپ بۇ يەردە قېلىپ قاپتۇق »، دېيىشتى. دەل مۇشۇ چاغدا ئاللا ۋەھيي نازىل قىلىپ: ﴿يسئلونك عن الانفال ؕ قل الانفال لله و الرسول ۚ فاتقوا الله واصلحوا ذات بينكم ص واطيعوا الله ورسوله ان كنتم مؤمنين﴾ «(ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ) غەنىمەتلەر (نى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ) توغرىلىق سەندىن سورىشىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: ‹غەنىمەتلەر (توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار (ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار، ئەگەر سىلەر مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار›»، («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنفال 1 ـ ئايەت) دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ غەنىمەتلەرنى يىغىۋېلىپ مۇسۇلمانلارغا ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەقسىم قىلىپ بەردى.

بەدىردە ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن قوشۇن مەدىنىگە قاراپ قوزغالدى. ئەسىرلەر ياندا يالاپ بىرگە ئېلىپ مېڭىلدى ۋە مۇشرىكلاردىن تارتىۋېلىنغان غەنىمەتلەرگە ئابدۇللاھ

ئىبنى كەئ ىب مەسئۇل قىلىندى. رەسۇلۇللاھ بەدرى ۋادىسىدىن چىقىپ سەفرا جىلغىسىدىن ئۆتۈپ سەپرا بىلەن نازىيە ئوتتۇرىسىدىكى تۈزلەڭلىككە چۈشۈۋىدى، بۇ يەردە غەنىمەتلەردىن بەشتىن بىرىنى ئايرىۋېلىپ، مۇجاھىدلارغا با پىاراۋەر تەڭشەپ تەقسىم قىلىپ بەردى.

سەفىرائىغا يېتىپ بارغاندا رەسۇلۇللاھ نەزرى ئىبنى هارىسنى ئۆلۈمگە بۇيرىدى. (نەزرى ئىبنى هارىس بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ ئەل ەمدارى ۋە قۇرەيش كافىرلىرىنىڭ كاتتىۋېشى بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ئىلگىرى ئىسلام دىنىغا ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىنتايىن ئېغىر كۈلپەت يەتكۈزگەن ۋە ئەشەددى دۈشمەنلىك ). شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ قىلىچ بىلەن چېپىپ ئىجرا قىلدى.

ئاندىن يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىرقى زەبيە د ېگەن جايغا يېتىپ كېلىۋىدى رەسۇلۇللا قوشۇننى توختىتىپ ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئەيتنى ئ ۆلۈمگە بۇيرىدى. ھەممىگە مەلۇمكى ( ئالدىنقى بابلاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك) ئۇقبە ئىبنى ئۇمەيتنىڭ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ئەزىيەت ـ كۈلپەتلىرى ھەددى ـ ھ ېسابسىز ئىدى . ئۇ بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ (مەككىدىكى چېغىدا) كەئبە يېنىدا نامازدا سەجدىگە باش قويغىنىدا تۆگىنىڭ قېرىنلىرىنى ئەكېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ بوينىغا ئارتىپ قويغان بەدبەختىن دەلئ ۆزى شۇ. يەنە بىركۈنى بېلىدىكى پوتىسى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ گېلىنى بوغۇپ ئەبۇبەكرى تۇسىۋالمىغان بولسا رەسۇلۇللاھنى ئۆلتۈرۋەتكىلى تاسلا قا لغانمۇ شۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرىۋىدى، ئۇ: «ئى مۇھەممەد! كىچىك نارەسىدە باللىرىمنى كىمگە قالدۇرىسەن؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «دوزاخقا»، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنى سابىت ئىبنى ئاسىم ئۆلتۈردى. يەنە بىر سۆزدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئۆلتۈرگەن، دېيىلىدۇ.

بۇ ئىككى جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھەربىي ئىنتىزام نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى، ئۇلار ئەسىرلەر قاتارىدىكى ئىككى ئەسىرلا ئەمەس، بەلكى هازىرقى زامان ئاتالغۇسى بويىچە ئېيتقاندىمۇ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ئىدى.

## تەبرىك ئەلچىلىرى

رەسۇلۇللاھ رەۋھاغا يېتىپ كەلگەندە (مەدىنىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن چىققان) مۇسۇلمانلارنىڭ ئەلچىلىرىگە يولۇقتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن قىزغىن تەبرىك سادالىرىنى ياڭرات تى. بۇ چاغدا سەلىمە ئىبنى سەلامە دېگەن ساھابە ئۇلارغا: «بىزنى نېمىگە تەبرىكلەيتتىڭلار؟ بىز پەقەت جانسىز جەسەتتەك پاينەكۋاش قېرى خوتۇن كەبى ئادەملەر بىلەن ئېلىشتۇق، خالاس»، دېگەنىدى. رەسۇلۇللاھ كۈلۈپ سالدى ۋە: «ئۇلار دېگەن تولۇق قورال‌لانغان كۈچلۈك ئادەملەر، بۇرادەر!» دەپ قويدى.

ئۆمەك ئەزالىرىدىن ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير: «ئى رەسۇلۇللاھ! خۇداغا شۈكرى، ئۇ ساڭا نۇسرەت ئاتا قىلىپتۇ ۋە سېنى خۇشال قايتىپ كەلگىلى نېسىپ ئېتىپتۇ. ئى رەسۇلۇللاھ! بىز سېنى كارۋاننى توسقىلى چىقىپ كەتتى، دەپ ئويلاپتۇق، دۈشمەن بىلەن تۇتۇشۇپ قالار دېمەپتۇق، ئۆزۈمنى ئالسام سېنىڭ دۈشمەن بىلەن قوراللىق تۇتۇشۇپ قېلىشىڭنى

بىلسەم ئىدىم، ھەرگىز ئايرىل ىپ قال مايتتىم»، دېگەنىدى. رەسۇلۇللاھ: «راست ئېيتىسەن»، دېدى.

ئاندىن يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ مەدىنىگە غەلىبە قىلغان ۋە زەپەر قۇچقان ھالدا كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭدىن مەدىنە ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر قورقۇپ ئەيمىنىدىغان بولدى . مەدىنە ئاھالىسىدىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ھەتتا شۇ كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە ئۇنىڭ يان تاياقلىرىمۇ كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولغان بولۇپ قويدى.

رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە يېتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەسىرلەرمۇ ئېلىپ كېلىندى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى ساھابىلەرگە تارقىتىپ بەردى ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر ئۆزى خورما، مېۋە ـ چېۋىلەرنى يەپ ئەسىرلەرگە ئاش ـ نان بېرىپ باقتى.

## ئەسىرلەر مەسىلىسى

رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ساھابىلەرگە ئەسىرلەر توغرىسىدا مەسلىھەت سالدى. ئەبۇ بەكرى مۇنداق دېدى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇلار ئۆز تاغىلىرىمىز ۋە ئۆز قەۋمى ـ قېرىنداشلىرىمىز، مېنىڭچە ئۇلاردىن تۆلەم ئېلىپ قويۇۋەتسەكمىكىن، ئۇ بىز ئۈچۈن بىر ئوبدان مەبلەغ بولۇپ قالغۇدەك، كۈچىمىزنى تولۇقلىۋالغۇدەكمىز. بۇلارنىمۇ ئاللاھ ھىدايەت قىلىپ ياخشى ئادەم بولۇپ كەتسە ئەجەپ ئەمەس».

رەسۇلۇللاھ ئۆمەرگە قاراپ: «سەن قانداق قارايسەن؟ ئى ئىبنى خەتتاب!» دەپ سورىدى. ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ بىلەن مەن تۇرۇپ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئەبۇ بەكرىدەك قارىمايمەن، مەن شۇنداق قارايمەنكى، ماڭا پالانىنى بەرگىن (ئۇ ئۆزۈمنىڭ يېقىن بىر تۇغقىنى ئىدى)، ئۇنى ئۆزۈم ئۆلتۈرەي، ئەلىيغا ئۇقەيل ئىبنى ئەبۇ تالىبنى بەرگىن، ئۇنى ئەلى ئۆلتۈرسۇن، ھەمزىگە ئۇنىڭ قېرىندىشى پالانىنى (ئابباسنى دېمەكچى) بەرگىن، ئۇنى ھەمزە ئۆلتۈرسۇن. شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ دىلىمىزدا مۇشرىكلارغا قارىتا قىلچە يول قويۇش مەۋجۇت ئەمەسلىكى ئىسپاتلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جىنايەتچىلەر نىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كاتتىۋاش ئەمەلدارلار ۋە ئالدى پەش، ئوت قۇيرۇقلار دېدىم.

شۇنداقتىمۇ رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بەكرىنىڭ پىكرىگە مايىل بولۇپ، مېنىڭ پىكرىمنى قوللىمىدى ۋە ئۇلاردىن تۆلەم تۆلىتىپ ئالدى. ئەتىسى ئەتىگەن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بارسام ئۇ ئەبۇ بەكرى بىلەن يىغلاۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئىككىڭلار نېمىشقا يىغلايسىلەر؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار، يىغلىغۇدەك بولسا مەنمۇ يىغلارمەن، يىغا تاپالمىسام، كۆزۈمنى يىغىغا زورلارمەن»، دىسەم، رەسۇلۇللاھ: «ماڭا سېنىڭ ئاشۇ سەپداشلىرىڭ ئەسىرلەردىن تۆلەم ئالغانلىقى سەۋەبىدىن كۆرسىتىلگەن كۆرۈنۈشلەر ئۈچۈن يىغلايمىز، ماڭا ئۇلارنىڭ ئازاب قىلىنىۋاتقانلىقى مۇشۇ دەرەختىن يېقىن يەردە كۆرسىتىلدى»، دېدى (يېقىن بىر دەرەخنى كۆرسىتىپ).

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى:﴿ما كان لنبي ان يكن له اسراى حتى يثخن فى الارض ۚ تريدون عرض الدنيا ۖ والله يريد الاخرة ۗ والله عزيز حكيم﴾ تەرجىمىسى: « پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ ھەيۋىسىنى يوقۇتۇپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ) ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۇئمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ (ئوچۇق چەكلىمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلىسى بولمىسا ئىدى (ئەسىرلەردىن فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار». (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئەنفال 68 ـ، 69 ـ ئايەتلەر)

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « ئاللاھنىڭ ھۆكمى ئەزەلىيسى » ئاللاھنىڭ ﴿فاما منّا بعد وإمّا فداء﴾ « ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار»، (« قۇرئان كەرىم » سۈرە مۇھەممەد 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ) دېگەن سۆزىدىكى ھۆكۈم ئىدى. بۇنىڭدا ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىشقا رۇخسەت بار ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنى ئازابقا دۇچار قىلىنمىدى. پەقەت تاپا ـ مالامەتكە يولۇقتى. چۈنكى، ئۇلار زېمىندا كۆپرەك ئۆلتۈرۈپ، مۇشرىكلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرماي تۇرۇپ، كۇففارلارنى ئەسىر ئېلىشقا تۇتۇشۇپ كەتتى. ئاندىن ئۇلار يەنە بۇ جىنايەتچى ئۇنسۇرلاردىن فىدىيە ئېلىشنى راۋا كۆردى. ھالبۇكى، ئۇلار پەقەت ئۇرۇش ئەسىرلىرىلا ئەمەس، بەلكى تېخى ھازىرقى زامان ئاتالغۇسى بىلەن ئېيتساق، ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئىدى. بۇنداقلارنى ھازىرقى زامان ئۇرۇش قانۇنىمۇ قەتئىي سوتلايدۇ ۋە جازا ئىجرا قىلىدۇ. بۇلارغا كۆپىنچە ھاللاردا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ ياكى ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ ئەلۋەتتە.

دېمەك ئاخىرقى كېڭەش نەتىجىسى ئەبۇ بەكرىنىڭ رايىغا قارار تاپتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن فىدىيە ئېلىپ قويۇۋەتتى. فىدىيە مىقدارى 4 مىڭ دەرھەمدىن 3 مىڭ دەرھەم ئارىلىقىدا بولدى. ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 1000 دەرھەم تۆلىدى. مەككىلىكلەر خەت يازالايتتى. شۇڭا ئەسىرلەر ئىچىدىن تۆلەم تۆلەشكە ئىقتىسادى يەتمەيدىغانلار مەدىنىلىكلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ھەر بىرىگە ئون ئۆسمۈرنى تۇتقۇزۇپ بېرىلىپ، ئۇلار ئاشۇ ئۆسمۈرلەرگە خەت يېزىش ۋە ئوقۇشنى پىششىق ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن قويۇۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە رەسۇلۇللاھ يەنە بىر قانچە ئەسىرگە ئالاھىدە كەچۈرۈم ئىلتىپات قىلىپ، تۆلەمسىز قويۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇتەللىپ ئىبنى ھەنتەپ، سەيفى ئىبنى ئەبۇ رىفائە ۋە ئ وھۇد ئۇرۇشىدا يەنە ئەسىرگە چۈشۈپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان (تەپسىلاتى كېيىن كېلىدۇ) ئەبۇلئىززە جۇمەھىلەرمۇ بار ئىدى.

رەسۇلۇللاھ يەنە كۈيئوغلى ئەبۇلئاسقا زەينەبنىڭ يولىنى بوشىتىپ قويۇش شەرتى بىلەن كەچۈرۈم قىلدى. زەينەب ئېرىنىڭ فىدىيە ھەققىنى تۆلەش ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا مال ـ ماتا ئەۋەتكەنىدى. ئۇ ئەۋەتكەن ماللار ئىچىدە ئۇنىڭ توي كۈنى ئانىسى خەدىچە بويىنىغا ئېسىپ قويغان بىر تال مونچاقمۇ بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ مونچاقنى كۆرۈپ، قاتتىق ئىچى سىيرىلدى ۋە ساھابىلەردىن ئەبۇلئاسنى فىدىيىسىز قويۇۋېتىشنى ئۆتۈندى.

ساھابىلەر قوشۇلغاندىن كېيىن ئۇنى زەينەبنى مەدىنىگە يولغا سېلىۋېتىش شەرتى بىلەن قويۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇلئاس مەككىگە بېرىپلا زەينەبنى يولغا سېلىۋەتتى. زەينەب ھىجرەت قىلىپ چىقتى. رەسۇلۇللاھ زەيد ئىبنى ھارىس بىلەن ئەنسارلاردىن بىر ئادەمنى زەينەبنىڭ ئالدىغا چىقارتىپ: «سىلەر بەتنى يەئجەج دېگەن يەرگە بېرىپ، زەينەبنى ساقلاپ تۇرۇڭلار، ئۇ مەككىدىن چىقسا ھەمراھ بولۇپ ئېلىپ كېلىڭلار»، دېگەنىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ دېگىنىدەك قىلىشتى ۋە ئۇنى مەدىنىگە ئېلىپ كەلدى. لېكىن، زەينەبنىڭ سەپەر جەريانى قىيىن ھەم مۇشكۇل بولدى.

ئەسىرلەر ئىچىدە يەنە قۇرەيشلەرنىڭ پېتىشكەن ناتىقى سۇھەيل ئىبنى ئەمرىمۇ بار ئىدى. نۇۋەت بۇنىڭغا كەلگەندە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا رۇخسەت قىلسىلا، مەن سۇھەيلنىڭ ئىككى چىشىنى سۇغۇرۇۋالاي، ئۇ بۇرنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى بىر سورۇندا ۋالاقلاپ ساڭا تىل ئۇزىتىپ يۈرمىسۇن»، دېگەنىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ تەلەپكە قوشۇلمىدى. چۈنكى، بۇنداق قىلىش مۇسلە قىلغانلىق يەنى تەن جازاسى بەرگەنلىك بولاتتى. بۇ ئالالاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ئىش ئىدى.

شۇ مەزگىللەردە يەنە سەئدە ئىبنى نوئمان دېگەن كىشى مەككىگە ئۆمرى ھەجگە بارغان بولۇپ، ئەبۇ سۇفيان ئۇنى تۇتقۇن قىلىۋالغانىدى. ئەبۇ سۇفياننىڭ بىر ئوغلى ئەمرى ئىبنى ئەبۇ سۇفيان مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا ئەسىر ئىدى. شۇڭا، مۇسۇلمانلار ئۇنى ئەمرى ئىبنى ئەبۇ سۇفيانغا ئالماشتۇردى.

## « قۇرئان كەرىم » بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ھەققىدە توختالدى

شۇ ئەسنادا، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى ئاساسىي تېما قىلغان ھالدا سۈرە ئەنفال نازىل بولدى. بۇ سۈرە مۇشۇ ئۇرۇشقا قارىتا ئىلان قىلىنغان ئىلاھى ئۈبرۇز (ئەگەر مۇشۇنداق ئاتاش توغرا بولسا) بولۇپ، ئادەتتىكى پادىشاھ ۋە قوماندانلارنىڭ غەلىبىدىن كېيىن ئىلان قىلىدىغان بايانات ۋە ئۈبرۇزلىرىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ.

ئالايلى، ئاللاھ بۇ باياناتىدا بىرىنچى قىلىپ ، مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ۋە كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلىشىغا تىرىشسۇن ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نەزىرىنى ئۇلاردا ساقلىنىۋاتقان ۋە ھەم سادىر بولۇۋاتقان كەمچىلىكلەرگە ۋە ئەخلاقىي مەسىلىلەرگە قاراتتى.

ئاندىن ئىككىنچى قىلىپ ، ئاللاھ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلارغا ئىلتىپات قىلغان زور غايىبى ياردەم ۋە مەدەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شىجائەت ۋە جاسارىتىگە ئىشىنىپ كېتىپ، مەغرۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق پاتقىقىغا پېتىپ قالماسلىقى، بەلكى ھەممە ئىشتا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىگە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

ئاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ قانلىق توقۇنۇشقا قەدەم قويۇشىدىكى يۈكسەك غايە ۋە ئۇلۇغۋار نىشانلارنى بايان قىلد ى ھەممە ئۇلارغا جەڭ مەيدانلىرىدا

ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەش ۋە غەلىبە قازىنىشقا سەۋەب بولىدىغان ئالىيجاناپ سۈپەتلەر ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى تونۇشتۇردى.

ئۇچىنچى قەدەمدە مۇشرىكلار، مۇناپىقلار، يەھۇدىيلەر ۋە رىجىم ئاستىدىكى ئەسىرلەرگە خىتاب قىلىپ، ناھايىتى بەلىغ سۆز ئىپادىلەر بىلەن ئۇلارغا چىرايلىق ۋەز-نەسىھەتلەرنى قىلىدى. ئۇلارنى ھەقىقەتكە تەن بېرىپ ۋە ئەمەلىيىتىگە بويسۇنۇپ تىنچلىق يولىنى تاللاشقا يېتەكلەۋاتىدۇ.

ئارقىدىن مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا غەنىمەت توغرۇلۇق سۆز قىلىپ، بۇ مەسىلىگە ئالاقىدار پرىنسىپ ۋە قائىدە-قانۇنلارنى بايان قىلىدى. ئاندىن ئۇلارغا يەنە ئىسلام دەۋتى ئۇرۇش دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئىسلامى غازات ۋە جىھادلارنى جاھىلىيەتچە ئۇرۇش ۋە تاجاۋۇزچىلىقلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان جەڭ مەيدانىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەرنى تونۇشتۇر دى. ئۇلاردا ئەخلاق، قىممەت قاراش ۋە ياخشى ئىش ھەرىكەتلەردە ئۈلگە تىكلەش روھىنى يېتىلدۈرىدىغان ۋە خەلقى ئالەمگە ئىسلام دىنى قۇرۇق نەزەرىيىۋى يولیورۇقلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ئېتىقادچىلارنى ئۆزى تەشەببۇس قىلغان قائىدە-قانۇن ۋە پرىنسىپلار بىلەن ئەمەلىي تەربىيىلەيدىغان ئىلغار، قانۇن-تۈزۈملىرى مۇكەممەل دىن ئىكەن، دېگەننى ئۇقتۇر دى، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق دەۋرىگە جەددىي زۆرۈر قانۇن-نىزاملارنى بايان قىلدى ۋە يولغا قويۇلدى.

ئەڭ ئاخىرىدا ئىسلام دۆلىتى تەۋەلىكىدە ياشايدىغان مۇسۇلمانلار بىلەن چېگرا سىرتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرىدىغان ئىسلام دۆلىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ قوشۇمچە ماددىلىرىنى بېكىتىپ بەردى ۋە ئۇنى ئېلان قىلدى.

يەنە شۇ يىلى يەنى ھىجرىيىنىڭ 2-يىلى رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش پەرز قىلىندى ۋە پىترى سەدىقىسىنى ئادا قىلىش بەلگىلەندى ھەمدە باشقا پەرز-زاكاتلارنىڭ ئۆلچەم-ئەندىزىلىرى ئېلان قىلىندى. بۇ سەدىقە پىترى ۋە باشقا پەرز زاكات قاتارلىق مەجبۇرىي ۋە يېرىم مەجبۇرىي ئىقتىسادىي ۋەزىپىلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى تىجارەت ۋە كەسىپ قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن نۇرغۇن كەمبەغەل مۇھاجىرلار ۋە مۇساپىرلارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى يەڭگىللەتتى.

مۇسۇلمانلار تارىخىدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ۋە قالتىس خۇشاللىق بەخش ئەتكەن ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلارنىڭ بىرى ئۇلار ئۇچۇن بەدرى غازىتىدا قولغا كەلگەن غايەت زور غەلىبىنىڭ ئارقىسىدىنلا شەۋۋال ئېيىدا ئۆتكۈزۈلگەن روزى ھېيت بايرىمى بولدى. بۇ ھېيت بايرام ئاللاھ تەبارەك ۋە تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا غەلىبە ۋە ئىززەت تاجىسىنى كەيگۈزگەندىن كېيىنلا ئىلتىپات قىلغان ئەڭ مەنىلىك ۋە خۇشال-خۇرام ھېيت بولغانىدى.

مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئىلتىپات قىلغان نېمەتلىرىگە، ئاتا قىلغان غەلىبە-نۇسرەتلىرىگە ۋە ئۇلارنى مۇنۇ ئايىتىدە ﴿واذكروا اذ انتم قليل مستضعفون في الارض تخافون ان يتخطفكم الناس فاواكم و ايدكم بنصره و رزقكم من الطيبات لعلكم تشكرون﴾ «ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (مەككە) زېمىنىدا ئاز سانلىق بولۇپ، بوزەك قىلىنغان ئىدىڭلار، كىشىلەر (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ تالان-تاراج قىلىشىدىن قورقاتتىڭلار، شۇكۇر

قىلىشقانلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى (مەدىنىدە) يەرلەشتۈردى. (بەدرى ئۇرۇشىدا) ئۆز ياردىمى بىلەن سىلەرنى كۈچلەندۈردى. سىلەرگە ھالال نەرسىلەر (يەنى غەنىمەتلەر)نى رىزىق قىلىپ بەردى». («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنفال 26 ـ ئايەت) دەپ ئاللاھىدە تىلغا ئالغانلىقىغا قاتتىق سۆيۈنۈپ، ئۆيلىرىدىن تارتىپ تەكبىر ۋە تەھلىل سادالىرىنى ياڭرىتىپ داغدۇغىلىق كەيپىياتى ئىچىدە ئادا قىلغان ئاشۇ ھېيت نامىزى نېمە دېگەن ھەيۋەتلىك ھەم ھوزۇرلۇق ... ھە!

## بەدرى غازىتى بىلەن ئۇھۇد غازىتى ئارىلىقىدىكى ھەربىي پائالىيەتلەر

بەدرى غازىتى تارىختا مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى قوراللىق توقۇنۇش شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكىنى پۈتۈن ئەرەبلەرگە ئېتىراپ قىلدۇرغان بىر قىيتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭ مەيدانى بولدى. بۇ جەڭ مەيدانىدىكى غەلىبە مېۋىسىدىن شۇملۇق ھېس قىلغۇچىلار يەنىلا جەڭگاھتا تالاپەتكە يولۇققان مۇشرىكلار ۋە پاكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت ۋە غەلىبىسىنى ئۆزلىرىنىڭ دىنى ۋە ئىقتىسادى تومۇرىغا ئۇرۇلغان ئۆتكۈر نەشتەر دەپ قارايدىغان يەھۇدىيلار بولدى، ئەلۋەتتە. شۇڭا، بۇ ئىككى سىنىپ دۈشمەن كۈچلەر شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مۇسۇلمانلارغا قارىتا غەزەپ ئوتىدا لاۋۇلداپ كۆيۈپ، دەرد ـ ئەلەم چوغلىرىدا يۇمۇلىنىشقا باشلىدى. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿لتجدن اشد الناس عداوة للذين امنوا اليهود والذين اشركوا ...﴾ تەرجىمىسى «(ئى مۇھەممەد!) يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ مۇئمىنلەرگە ھەممىدىن قاتتىق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن...» («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 81 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) مەدىنە ئىچىدە بولسا ئاشۇ ئىككى سىنىپ دۈشمەنىنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيي باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ئوت قۇيرۇق غالچىلىرى بار ئىدى. ئۇلار ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن مۇسۇلمان بولۇپ قويغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئالدىنقى ئىككى سىنىپنىڭكىدىن ھەرگىز قېلىشمايتتى.

بۇ يەردە يەنە تۆتىنچى تۈركۈمدىكى بىر پىرقە قارا كۈچلەرمۇ خەۋپ بولۇپ تۇرماقتا ئىدى. ئۇلار مەدىنە ئەتراپى رايونلىرىغا ئولتۇراقلاشقان بەدەۋى ئەرەبلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىمان ـ كۇفرى دېگەنلەر بىلەن كارى يوق. ئۇلار پەقەت بۇلاش ـ تالاش ۋە قاراقچىلىق قىلىشقىلا ئادەتلەنگەن. شۇڭا، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ غەلىبىسىنى كۆرۈپ، ساراسىمىگە چۈشتى ۋە مەدىنىدە كۈچلۈك بىر دۆلەت قۇرۇلۇپ قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قاراقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈش يولىنى توسۇپ قويىشىدىن ئەنسىرەپ، مۇسۇلمانلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشقا باشلىدى. ھەتتا ئەمەلىي دۈشمەنلىشىش مەيدانىغا ئۆتتى.

خوش، مانا مۇشۇنداق ھەر خىل خەۋپ-خەتەرلەر مۇسۇلمانلارنى ھەر تەرەپتىن قورشاۋغا ئالدى. لېكىن، بۇ سىنىپلارنىڭ تاللىغان يولى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ. ھەر بىر پىرقە ئۆزلىرىنىڭ نىشان-مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ئۆزىگە خاس بىر خىل يول ۋە بىر خىل مەسلەكنى تاللىغانىدى. مەدىنە ئىچىدىكى مۇناپىقلار كۆرۈنۈشتە ئىسلامنى ئىزھار قىلىپ، ئاستىرتتىن ئىسلام دىنىغا قارشى سۇيىقەست، ھىيلە-مىكىر، قۇتراتقۇلۇق ۋە ئىغۋاگەرچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر پەيتتە، بىر بۆلۈك يەھۇدىيلار قەستەنگە ئۆچەكىشىپ، دۈشمەنلىشىش ۋە قارشىلىشىش يولىنى تۇتتى.

مەككە دائىرلىرىمۇ «كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغاپ، ئىنتىقامىمىزنى ئالىمىز»، دەپ داۋراڭ سېلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش تەييارلىقى چاقىرىقىنى ئېلان قىلدى ھەمدە مۇسۇلمانلارغا ،

جاھان بىر كۈن بىزگىمۇ قىلۇر ئالدىنى،
ياۋلار بىزنىڭ-ھەيۋىمىزدىن ئىزدەر دالدىنى.

دەپ يازدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇلار مەدىنە تەۋەسىگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغاپ باستۇرۇپ كېلىپ، تارىختىكى ئۇھۇد ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ئۇھۇد ئۇرۇشى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن تەسىرى ئىنتايىن يامان بولغان بىر مەيدان جەڭ بولدى. مۇسۇلمانلار مانا مۇشۇنداق خەۋپ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاجايىپ مۇھىم روللارنى ئوينىدىكى، بۇنىڭدا رەسۇلۇللاھنىڭ يۈكسەك ھەربىي قوماندانلىق قىلىش تالاتتى، سىياسىي مەسلىلەرگە نىسبەتەن يۇقىرى سەزگۈرلۈكى ۋە مۇشۇ خەۋپ-خەتەرلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن دانا تەدبىر قوللىنىدىغان ئۆتكۈر ئەقىل-پاراستى يەنە بىر قېتىم نامايەن بولدى. تۆۋەندىكى قۇرلار شۇنىڭ كىچىكلىتىلگەن تەسۋىرلىرىدۇر. نەزەر سالغايسىز!

## بەنۇ سۇلەيم غازىتى

رەسۇلۇللاھ بەدرى غازىتىدىن قايتىپ كېلىپ، — غەتەفپان قەبىلىسىنىڭ بەنۇ سۇلەيم جەمەتىنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كۈچ تەشكىللەۋاتقانلىقىدىن شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ 200 ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئۇلار توپلىنىۋاتقان يەرگە ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ باردى ۋە كىدر دېگەن جايدىكى قارارگاھقىچە ئىچكىرىلەپ كىردى. بۇ چاغدا بەنۇ سۇلەيم خەلقى يايلاقتىكى 500 دەك تۆگە-چارۋىلىرىنى تاشلاپ، ئاللىبۇرۇن جېنىنى جايلاپ تىكىۋېتىشكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ماللارغا مەدىنە تەرەپ ئىگىدارچىلىق قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن بەشتىن بىرىنى ئايرىپ بولغاندىن كېيىن قوشۇن ئىچىدە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ھەر بىر جەڭچىگە ئىككىدىن تۆگە تەگكەنىدى. رەسۇلۇللاھقا يەسار ئىسىملىك بىر قۇل تەقسىم بولغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئازاد قىلىۋەتتى.

رەسۇلۇللاھ بۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن مەدىنىگە قايتتى. بۇ غازات ھىجرىيىنىڭ 2-يىلى شەۋۋال (10-ئاي) ئېيىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بەدرى ئۇرۇشىدىن قايتىپ كىرىپ يەتتە كۈنىدىن كېيىن بولغانىدى. رەسۇلۇللاھ ئۆز ئورنىغا

مەدىنىدە سىباﺋ ئىبنى ئەرفەتەنى قالدۇرغان. يەنە بىر سۆزدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى قالدۇرغان دېيىلىدۇ.

## ئەمەلگە ئاشمىغان سۇيىقەست

مۇشرىكلار بەدرى ۋەقەسىدە پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە يولۇققانلىقتىن غەزەپ ئوتىدا تاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى. پۈتكۈل مەككىدىن رەسۇلۇللاھقا قارىتا قازاندەك قاينىماقتا ئىدى. ئاخىرى مەككىنىڭ قارام تەلۋىلىرىدىن ئىككى نوچى بۇلارنى بۇ جەڭگىچە ۋە خورلۇق ۋە ئارنومۇسقا دوچار قىلغان. ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى پىلانلىدى.

ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق بولدى: بەدرى ۋەقەسىدىن ئازغىنىدىن كېيىن ئۇمەير ئىبنى ۋەھەبىلجۇمەھى سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە بىلەن كەئبىنىڭ ھىجرى دېگەن يېرىدە ئولتۇرۇپ كەچلىك پاراڭغا چۈشتى. ئۇمەير رەسۇلۇللاھقا تولا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ئوت قۇيرۇقى شەيتانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ۋەھەب ئىبنى ئۇمەير بەدرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇلار پاراڭ داۋامىدا بەدرى پاجىئەسىنى ۋە قۇدۇققا تاشلاپ كۆمۈۋېتىلگەنلەرنىڭ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلىرىنى ئەسلەشتى. سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە مۇنداق دېدى: «ئەزبىرايى خۇدا، بىزنىڭ ھايات قالغىنىمىز چوقۇم ياخشى بولدى». ئۇنىڭغا جاۋابەن ئۇمەير ئىبنى ۋەھەب: «راست دەيسەن، ئىلاھىم! مەن قەسەم قىلالايمەنكى، ناۋادا مېنىڭ زىممەمدە نۇرغۇن قەرزلىرىم بولمىغان ھەم بالا ـ چاقىلىرىمنىڭ خانىۋەيران بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمىگەن بولسا، مەن مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم. چۈنكى، مېنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىشىمغا تولۇق باھانەم (ئاساسىم) بار. ئوغلۇم ئۇلارنىڭ قولىدا ئاسارەتتە تۇرماقتا»، دېدى. بۇ چاغدا سەفۋان بۇ ئالتۇن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلدى ـ دە: «ئۇنداق ياخشى نىيىتىڭ بولسا، قەرزلىرىڭ مېنىڭ ئالدىمدا قالسۇن، ئۇنى مەن ئادا قىلىۋېتەي، بالا ـ چاقاڭغا كەلسەك، ئۇنى مەن ئۆز بالا ـ چاقىلىرىمغا ئوخشاش كۆرەي ياكى ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ئاتىدارچىلىق قىلاي، ئۇلارنىڭ ھەر قانداق ئىشى مېنىڭ زىممەمگە قالسۇن...»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇمەير ئۇنىڭغا: «ئۇنداق بولسا، بۇ ئىشنى قەتئىي سىر تۇتقىن، ۋۇجۇدقا چىققۇچە ئىككىمىزدىن ئۆزگە ئىنسى ـ جىن ئۇقمىسۇن»، دېدى. سەفۋان: «ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن»، دېدى. ئۇلار بۇ سۇيىقەست پىلانىنى ئىنتايىن مەخپىي رەۋىشتە پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇمەير قىلىچىنى ئالىيتەن جىكىلەپ، چاقلاتتى ۋە كۈچلۈك زەھەر بىلەن سۇغۇرۇپ، قىنىغا سالدى. ئاندىن يولغا چىقىپ، ئۇن ـ تۈنسىز سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرى مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. ئۇمەير مەدىنىدە ئۇدۇل مەسجىدۇننەبەۋىنىڭ ئالدىغا بېرىپ مەسجىد دەرۋازىسى ئالدىغا تۆگىسىنى چۆكتۈرۈۋاتاتتى، ئۇنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (بۇ چاغدا ئۆمەر بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار بىلەن جەڭ ۋە جىھاد ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتاتتى) كۆرۈپ قالدى ۋە: «خۇدانىڭ دۈشمىنى ئىت ـــ ئۇمەير چوقۇم ياخشى نىيەت بىلەن كەلمىدى»، دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىرىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئۇمەير قىلىچى ئېسىقلىق كەپتۇ»،

دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنى مېنىڭ قېشىمغا باشلاپ كىرگىن»، دېدى. ئۇنىڭغىچە ئۇمەير رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىگە ماڭغانىدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا قىلىچىنى تەڭلەپ توختىتىپ قويدى ۋە ئەنسار يىگىتلىرىدىن بىر قانچەيلەنگە: «سىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىرىپ تۇرۇڭلار ۋە بۇ خەبىستىن پەخەس بولۇڭلار، ئۇنىڭدىن ئەمىن بولغىلى بولمايدۇ»، دېدى. ئاندىن ئۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى كۆرۈپ (ئۆمەر تېخىچە ئۇنىڭ گەجگىسىگە قىلىچىنى تەڭلەپ تۇراتتى): «ئۇنى قويۇۋەت ئى ئۆمەر! ئۇمەير! سەن يېقىنراق كەل»، دېدى. ئۇمەير رەسۇلۇللاھقا يېقىن كېلىپ: «خەيرلىك سەھەر مۇھەممەد!» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئى ئۇمەير، ئاللاھ بىزگە سېنىڭ بۇ سالىمىڭدىن ياخشىراق بىر سالامنى ئىلتىپات قىلدى — ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم — بۇ جەننەت ئەھلىنىڭ سالىمىدۇر»، دېدى. ئاندىن ئۇنىڭدىن: «نېمە دەپ كەلدىڭ؟»، دەپ سورىدى. ئۇمەير: «سىلەر تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ ئەسىرنى دەپ كەلدىم، ئۇنىڭغا ئېھسان قىلىپ قويۇۋەتسەڭلار»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ئۇنداق بولسا يېنىڭغا قىلىچ ئېسىپ كەلگىنىڭنىڭ نېمىسى؟»، دەپ سورىدى. ئۇمەير: «مۇنداق قىلىچلارنى دات بېسىپ كەتكەي ئىلاھىم، بۇ قاغىش تەككۈر قىلىچلار بىزگە نېمە كارغا كەلدى»، دەپ جاۋاپ بەردى. رەسۇلۇللاھ: «راست گەپ قىل! زادى نېمە دەپ كەلدىڭ؟» دېگەنىدى. ئۇمەير: «راست ئېيتتىم، مەن پەقەت مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا كەلدىم، خالاس»، دەپ تۇرۇۋالدى. رەسۇلۇللاھ: «ئۇنداق ئەمەستۇ؟ بەلكى سەن سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە بىلەن ھىجرىدە ئولتۇرۇپ بەدرىدە قۇدۇققا تاشلاپ كۆمۈۋېتىلگەنلەرنى ئەسلەشكەنسەن، ئاندىن سەن گەدىنىمدە قەرزىم بولمىغان بولسا، كىچىك باللىرىمنىڭ خانىۋەيران بولۇپ كېتىشىدىن قورقمىغان بولسام، ئەلۋەتتە مەدىنىگە بېرىپ مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم، دېگەنسەن. شۇنىڭ بىلەن سەفۋان مېنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىش شەرتى بىلەن سېنىڭ زىممەڭدىكى قەرزلىرىڭنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىڭنىڭ نەپىقاتىنى ئۈستىگە ئالغاندۇ؟ ئاندىن سەن كۆڭلۈڭنى تىندۇرۇپ بوياققا كەلگەنسەن؟ بىلىپ قويغىنكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۈچىنچى شەخس ئۇقمىغان بۇ سىرىڭلارنى ماڭا يەتكۈزۈپ قويدى»، دېدى. ئۇمەير بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھقا قاراپ: «ئى مۇھەممەد! مەن سېنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە ئەمدى ئىقرار قىلدىم. ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بىزگە يەتكۈزگەن ئاللاھنىڭ ۋەھيىلىرىنى يالغان دەپ ئىنكار قىلىپ كەپتىكەنمىز، بۇ قېتىمقى ئىشىمىزنى مەن ۋە سەفۋاندىن ئۆزگە ئىنسى ـ جىن ئۇقمىغانىدى. ئەمدى بىلدىمكى، بۇنى ساڭا چوقۇم ئاللاھ خەۋەر قىلىپ قويۇپتۇ. خۇداغا شۈكرى ئۇ مېنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلىپتۇ ۋە مېنى مۇشۇ يەرگە ئۆزى سۆرەپ ئېلىپ كەپتۇ»، دېدى. ئاندىن كەلىمە شاھادەت ئېيتىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدىلا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلىدى. رەسۇلۇللاھ: «بۇ قېرىنداشىڭلارغا دىنىدىن تەلىم بېرىڭلار، قۇرئان ئۆگىتىپ قويۇڭلار ۋە ئەسىرىنى قويۇپ بېرىڭلار»، دېدى.

ئەمما، سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە مەككىدە بەدرى پاجىئەسى تىلغا ئېلىنىسىلا، ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ، تولۇق ئىشەنچ بىلەن: «ئاز قالدى، بۈگۈن ياكى ئەتە بەدرىدىكى قانلىق ئار ـ نومۇسنى ئاقلايدىغان بىر خۇشخەۋەر يېتىپ كېلىدۇ»، دەپ ئۇلارغا تەسەللىي بېرەتتى.

كىشىلەر بۇنىڭ نىمە گەپ ئىكەنلىكىنى سورىسا: «بولغاندا كۆرۈڭلار، هازىر ۋاقتى ئەمەس»، دەپ ئۇلارنى تەقەززالىقتا قويۇپتى. ئۇ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھېچ خۇشخەۋەرگە ئىگە بولالمىغاندىن كېيىن شىمال تەرەپتىن كەلگەن كارۋانلاردىن ئۆمەير توغرىلىق خەۋەر ئىگەللىدى ۋە ئۆتكەن-كەچكەنلەردىن سوراشقا باشلىدى. ئاخىر بىر كۈنى مەدىنە تەرەپتىن كەلگەن بىر يولۇچى ئۆمەيرنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ كەتكەنلىكىنى ۋە كېچە-كۈندۈز مەسجىدتىن چىقماي ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. سەفۋان بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا مەڭگۈ گەپ قىلماسلىققا ۋە ئەبەدى نەپ يەتكۈزمەسلىككە قەسەم ئىچتى. ئازراقتىن كېيىن ئۆمەير مەككىگە قايتىپ كېلىپ كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭ قولىدا نۇرغۇن خەلق مۇسۇلمان بولدى.

## بەنى قەينۇقا غازىتى

رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلغاندىن كېيىنلا يەھۇدىيلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنامە ماددىلىرىنى بىز ئالدىنقى بابلاردا تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتتۇق. شۇنىڭدىن بىرى رەسۇلۇللاھ بۇ كېلىشىمنامىدىكى پرىنسىپلارغا باشتىن-ئاخىر قەتئىي ئەمەل قىلىپ كەلدى. مۇسۇلمانلار تەرەپتىن بۇ كېلىشىمگە خىلاپ بىرمۇ غەيرى ئەھۋال كۆرۈلمىدى. لېكىن، ئۆز تارىخىنى ئالدامچىلىق، خىيانەتكارلىق ۋە ئۆز قولى بىلەن تۈزگەن ئەھدى-پەيمانلىرىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن خىلاپلىق قىلىش جىنايەتلىرى بىلەن توشقۇزۇۋەتكەن، بۇ يەھۇدىيلار ئۇزاق ئۆتمەي «ئەسكى، تاز كولاسى»نى قايتا كىيىپ قويىتى ۋە ئىچكەن سوغۇق سۇلىرى ئاسانلا ئۆز ئەكسىنى تارتىپ يەنە سۈيىقەست، ھىيلە-مىكىر، ئىغۋاگەرچىلىك ۋە قۇتراتقۇلۇق يولىنى تۇتتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىك سېپىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىشقا باشلىدى. تۆۋەندە ئۇنىڭدىن بىر ئەمەلىي مىسالنى كۆرۈڭ!

## يەھۇدىيلارنىڭ سۈيىقەستلىرىدىن ئەمەلىي بىر مىسال

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دېگەن: «يەھۇدىيلاردىن شاس ئىبنى قەيس (ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا باقماي مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە چىدىماي كەتكەن قارا نىيەت كاپىر ئىدى) رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىدىن ئەۋس، خەزرەج قەبىلىلىرىدىن بولۇپ بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ خاتىرجەم، كەڭكۇشادە پاراڭلىشىپ، ئوچۇق-يورۇق ئولتۇرۇشقان بىر مەجلىسىدىن ئۆتۈپ قالدى، بۇ ھالەت ئۇنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇردى. چۈنكى، ئېخى تۈنۈگۈنلا ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ، قىرغىن قىلىشىپ يۈرىدىغان ئىككى قەبىلە ئادەملىرى مانا بۈگۈن ئىسلامغا مۇشەررەپ بولۇش بىلەن ئىناق-ئىتتىپاق كەيپىياتتا خۇشال-خۇرام ئولتۇرماقتا ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ زېمىندىكى يەرلىك خەلق (ئەرەبلەرنى دېمەكچى) ئىتتىپاقلىشىپ قاپتۇ، بۇ بولماپتۇ، ئەزىبىرايى خۇدا، ئۇلار بىرلىشىپلا قالىدىكەن بىزگە بۇ

يەردە كۆن يوق»، دېگەن ئويغا كەلدى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېنىدىكى بىر يەھۇدىي يىگىتنى بۇيرۇپ: «سەن ئاۋۇلارنىڭ مەجلىسىگە بېرىپ بىر دەم ئولتۇرغىن، نۆۋىتى كەلگەندە گەپ قىستۇرۇپ «بۇئاس» [1] پاجىئەسى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى يېغىلىق كۈنلەرنى ئەسلەپ ئۆتكىن ۋە شۇنىڭغا ئائىت شېئىر ـ ئەشئارلارنى ئوقۇپ قويغىن»، دېدى. ھېلىقى يىگىت بېرىپ ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىۋىدى، كىشىلەرنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ كەتتى. بىرسى بۇنى، بىرسى ئۇنى دەپ تالاش ـ تارتىشقا چۈشتى ۋە ئۇ كۈنلەردە كىم كىملەرنى بەك قىرغانلىقلىرىدىن پەخىرلەندى، ھەتتا ئېشىپ ـ تېشىپ ئىككى تەرەپتىن ئىككى ئادەم مەيدانغا چىقىپ ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ قاتتىق دېيىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ زاكۇنلىشىشلىرى تەرەققىي قىلىپ، ئاخىر بىرسى: «خالىساڭلار ئۇنىڭغا (ئۇرۇشقا) بىز تەييار»، دەپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ غەزىپىنى بېسىشالماي: «زاھىردا كۆرۈشەيلى، زاھىردا كۆرۈشەيلى (زاھىر مەدىنە سىرتىدىكى بىر تاشلىق ساي ئىدى) دېيىشىپ قورال ـ ياراغ، قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇ يەرگە ئاتلاندى (ۋە ئۇرۇش پارتلىغىلى تاسلا قالدى).

ئۇنىڭغىچە بۇ خەۋەر رەسۇلۇللاھقا ئاڭلانغانىدى. شۇڭا، ئۇ يېنىدا بار بولغان مۇھاجىر ۋە ئەنسارى ساھابىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇلار سەپ تارتىپ تۇرۇشقان يەرنىڭ ئۈستىگىلا يېتىپ كەلدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئى مۇسۇلمانلار جامائەسى! ئىھ خۇدا، ئىھ خۇدا، ئاللاھ سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغان ۋە ئىسلام بىلەن ھۆرمەتلىگەن تۇرسا، جاھىلىيەتتىكى ئىشلارنى ئاللىبۇرۇنلا تۈگىتىۋەتكەن ۋە ئەڭ مۇھىمى سىلەرنى كۇفرىدىن خالاس قىلىپ، دىللىرىڭلارنى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتقان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن تېخى ئاراڭلاردا ھايات تۇرسام، مۇشۇنداق نادانلارچە جاڭجاللىشامسىلەر؟» دەپ كايىدى. نەتىجىدە كۆپچىلىك بۇنىڭ ھەممىسى شەيتاننىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى ۋە ئادىمى شەيتان — دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى ـ دە، پۇشايمان قىلىشىپ كۆز يېشى قىلىشتى ۋە ئەۋس، خەزرەج ئىككى قەبىلىنىڭ ئادەملىرى ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ئەپۇ سوراشتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە دىللىرىدا قىلچە غەم ـ غۇدۇر قالمىغان ھالەتتە قايتىپ كىرىشتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىلىدىن خۇدانىڭ دۈشمىنى شاس ئىبنى قەيسنىڭ سۇيىقەست ئۇچقۇنلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتكەنىدى.

مانا بۇ يەھۇدىيلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىغا ئەمەلىي سىڭىۋاتقان ۋە سىڭىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ھەمدە ئىسلام دەۋىتى يوللىرىغا توسالغۇ پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىلىپ بېرىۋاتقان قۇتراتقۇلۇق ۋە ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن ئەمەلىي بىر مىسالدۇر. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە خىلمۇخىل چارە ـ تەدبىرلىرى بار ئىدى. ئۇلار يالغان، تەتۈر تەشۋىقاتلارنى تارقىتاتتى. ئىمانى ئاجىز مۇسۇلمانلار دىلىغا شەك ۋە گۇمان ئۇرۇقلىرىنى تېرىش ئۈچۈن ئەتىگىنى مۇسۇلمان بولۇپ، كەچقۇرۇنى يېنىۋالاتتى. ئىقتىسادىي مۇئامىلىسى بار كىشىلەر مۇسۇلمان بولسا ئۇنى ھەر جەھەتتىن قىساتتى. مەسىلەن، ئۆزىنىڭ بولسا ئەتە ـ ئاخشىمى سۈيلەپ ئامانىنى زامانغا بەرمەي ئالاتتى. ئۇنىڭدا بولسا، بەرگىلى ئۇنىماي ھارام يەۋالاتتى ۋە: «سەن ئەجدادىڭنىڭ دىنىدىكى ۋاقتىڭدا سېنىڭ

[1] بۇئاس — ئەۋس بىلەن خەزرەج قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىق ئەڭ كۆپ ئۇرۇش كۈنى ئىدى.

بىزدە ھەققىڭ بار ئىدى، ئەمما ئەمدى سەن ئۆز دىنىڭنى تاشلىۋەتكەندىن كېيىن بىر نەرسەڭ يوق »... دەپ باھانە كۆرسەتتى.

يەھۇدىيلار مۇشۇ يولسىزلىقلارنىڭ ھەممىسىنى رەسۇلۇللاھ بىلەن ئىمزالاشقان كېلىشىمگە خىلاپ ھالدا بەدرى غازىتىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قىلىشۋەرگەنىدى. رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابە ـ كىراملار بۇلارنىڭ ھامان بىر كۈنى ھىدايەت تېپىشىغا ئۈمىد باغلاپ ۋە مەدىنە رايونىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تىنچلىقىنى كۆزلەپ چىشىنى چىشلەپ سەبرى قىلىپ كەلدى.

## « بەنى قەينۇقا »ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا سالدى

لېكىن يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارنىڭ بەدرى مەيداندا مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن غەلىبە قىلغانلىقى ۋە يىراق ـ يېقىن ھەممىنىڭ دىلىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە شانۇ ـ شەۋكىتى ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەسەت ئوتىدا ئىچ ـ باغرى كۆيۈپ كۆل بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكى ھەسسىلەپ ئېشىپ، ئاشكارا دۈشمەنلىشىش مەيدانىغا ئۆتتى ۋە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىشقا ئۇرۇندى.

شەخسلەر ئىچىدە مۇسۇلمانلارغا كەئەب ئىبنى ئەشرەف (تەپسىلاتى كېيىن كېلىدۇ) بولدى. قەبىلىلەردىن ئۈچ تائىپە يەھۇدىيلار ئىچىدە بەنى قەينوقا يەھۇدىيلىرىنىڭ غالجىرلىقى ئەڭ يامان بولدى. بەنى قەينوقا يەھۇدىيلىرى مەدىنە ئىچىدە (قەينوقا مەھەللىسىدە) ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى زەرگەرچىلىك، تۆمۈرچىلىك ۋە قاچا ـ قۇچا، چاق ـ چۇق سانائىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى ۋە شۇ تۈپەيلى ئۇلارنىڭ ھەر قاندىقى يېنىدا قىلىچ، نەيزە، ياچاق، دوبۇلغا ـ ساۋۇت ۋە مىس قالپاق دېگەندەك ھەر خىل قوراللارنى تولۇق ئېسىپ يۈرەتتى. ئۆزرىسىز جەڭگە قاتنىشالايدىغان مۇنتىزىم لەشكىرىنىڭ سانى 700دىن ئاشاتتى. ئۇلار مەدىنە يەھۇدىيلىرى ئىچىدە ئەڭ جەسۇر، ئەڭ شىجائەتلىك قوشۇنغا ئىگە قەبىلە ئىدى. شۇڭا ئۇلار يەھۇدىيلار ئىچىدە ئەھدىنامىنى تۇنجى بولۇپ بۇزۇپ ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا سالغان ناكەسلەر بولدى.

ئاللاھ بەدرىدە مۇسۇلمانلارنى غالىب قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىناۋەت ـ ھۆرمىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋىدى، بۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئەسەبىيلىكى تېخىمۇ ئېشىپ، كەڭ كۆلەمدە كۈشكۈرتۈش ۋە ئىغۋاگەرچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ھەدىسىلا قالايمىقانچىلىق ۋە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، يالغۇز ماڭغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، مەسخىرە، مازاق قىلىپ بوزەك ئەتتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ بازىرىغا سودا ـ سېتىق بىلەن كېلىپ قالسا، ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزدى، ۋە چەتكە قاقتى. ھەتتا تېخىمۇ چېكىدىن ئېشىپ مۇسۇلمانلارنىڭ قىز ـ خوتۇنلىرىغا چېقىلىشقا ئۇرۇندى.

ئۇلارنىڭ ئەسكىلىكى ۋايىغا يېتىپ، بۇ خىل جىنايەتلىرىگە چىداپ تۇرغىلى بولمىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى يىغىپ چىرايلىقچە نەسىھەت قىلدى. تىنچ بولۇش ۋە توغرا

يولدا مېڭىشقا چاقىردى. ئۇلارنى قارشىلىشىش ۋە دۈشمەنلىشىشنىڭ يامان ئاقىۋەتتىدىن
ھەزەر ئەيلەتتى. لېكىن، بۇ ياخشى نەسىھەتلەر ئۇلارغا ئەكسى تەسىر بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆت
قۇيرۇقلۇقىنى ۋە مۇغەممەرلىكىنى ئاشۇرۇۋەتتى.

ئىمام ئەبۇ داۋۇت ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە،
مۇنداق دېيىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ بەدرى غازىتىدا قۇرەيش قوشۇنىنى يېڭىپ زەپەر قۇچۇپ
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەدىنە تەۋەسىدىكى يەھۇدىيلارنى قەينۇقا بازىرىغا يىغىپ سۆز
قىلىپ: ‹ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! مۇسۇلمان بولۇڭلار! قۇرەيش دائىرلىرىغا كەلگەن
نەسلىك سىلەرگىمۇ كېلىپ قالمىسۇن!› دېگەنىدى، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىگە جاۋاب
قايتۇرۇپ: ‹ئى مۇھەممەد! سەن قۇرەيشلەردىن جەڭ قىلىشنى بىلمەيدىغان بىر قانچە
سۆل ـ لايغەزەللەرنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزۈڭنى چوڭ چاغلاپ كەتمىگىن، سەن بىز بىلەن ئۇرۇشۇپ
باقساڭ، ئاندىن كېيىن بىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى ۋە ئۇرۇش دېگەننىڭ نېمە
ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسەن، سەن تېخى بىزدەكلەرگە يولۇقۇپ باقمىدىڭ›، دېيىشتى.
بۇ چاغدا ئاللاھ تائالا: ﴿قل للذين كفروا ستغلبون و تحشرون الى جهنم ط و بئس المهاد ○ قد كان لكم
اية فى فئتين التقتا ط فئة تقاتل فى سبيل الله و اخرى كافرة يروهم مثليهم راى العين ط والله يؤيد بنصره من يشاء
ط انّ فى ذالك لعبرة لاولى الابصار﴾ «(ئى مۇھەممەد!) كافىرلارغا ئېيتقىنكى: ‹سىلەر (دۇنيادا)
مەغلۇپ قىلىنىسىلەر ۋە ئاخىرەتتە جەھەننەمگە توپلىنىسىلەر، جەھەننەم نېمىدېگەن
يامان تۆشەك›. ○ (ئى يەھۇدىيلار جامائەسى بەدرىدە جەڭ ئۈچۈن) ئۇچراشقان قوشۇندا
سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار، بىرى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشۇۋاتقان گۇرۇھتۇر، يەنە بىرى
مۇسۇلمانلارنى (سانىنى) ئۆزلىرىدەك ئويئۇچۇق كۆرگەن كافىرلار گۇرۇھىدۇر (يەنى ئاللاھ
كافىرلارغا قورقۇنچ سېلىش بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشتىن قول يىغدۇرۇش ئۈچۈن كافىرلارغا
مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى جىق كۆرسەتتى). ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىپ قوللايدۇ.
بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بار». («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال
ئىمران 12 ـ، 13 ـ ئايەتلەر)

يەھۇدىيلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا قايتۇرغان بۇ جاۋابىنىڭ مەنىسى «يامان بولساڭ
مەيدانغا چىققىن، ئۇرۇشىمىز»، دەپ جەڭ ئېلان قىلغانلىق بولاتتى. لېكىن، رەسۇلۇللاھ
ئاچچىقىنى يۇتۇپ سەبرى قىلدى. مۇسۇلمانلارمۇ سەبرى قىلدى ۋە ئاللاھنىڭ نېمىلەرنى
ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى كۈتتى. ئەمما، بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرى بارغانسېرى ھەددىدىن
ئېشىپ، نوخۇلىسى ئۆسۈشكە باشلىدى. ئۇلار شۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەدىنىدە
قالايمىقانچىلىق ۋە مۇقىمسىزلىق تۇغدۇرۇپ، ئۆز پۇتىغا ئۆزلىرى پالتا سېلىپ،
بويۇنلىرىغا ئۆلۈم سىرتمىقىنى ئۆز قولى بىلەن ئاستى.

ئىبنى ھىشام ئەبۇ ئەۋندىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: بىر ئەرەب ئايال قەينۇقا
بازىرىغا كۆكتات ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ ساتقان ۋە زىننەت بۇيۇمى ياسىتىش
ئۈچۈن بىر يەھۇدىي زەرگەرنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ ئولتۇرغان. ئۇياق ـ بۇياقتىن 4 ـــ 5
يەھۇدىي پەيدا بولۇپ كېلىپ، ھېلىقى ئايالنىڭ يۈزىنى ئېچىشقا ئۇرۇنغان. ئايال قاتتىق
گەپ قىلىپ ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بەرگەن. ئارىدىن بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن زەرگەر
يەھۇدىي (ھېلىقى بىر دەملىك جىمجىتلىقتا مۇسۇلمان ئايالنىڭ بىخۇد ئولتۇرغان

ھالىتىدىن پايدىلىنىپ) ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ پېشىنى دۇكاننىڭ بىر قوزۇقىغا باغلاپ قويغان. ئايال بۇنى تۇيماي ئورنىدىن دەس تۇرغاندا قوزۇق ئۇنىڭ كىيىمىنى ئېلىپ قېلىپ، ئۇ ئايال قىپيالىڭاچ بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئۇياتلىق يېرى ھاللاڭ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۈلۈشۈپ، ۋالىقى يېرىلىپ كەتكەن. ئۇ ئايال ئىزاغا چىدىماي تۇۋلاپ دات ـ پەرياد ئېيتقان، بۇنى كۆرگەن بىر مۇسۇلمان يىگىت كېلىپ زەرگەر (يەھۇدىي)نى ئۆلتۈرۈپ قويغان شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ئەتراپتىكى يەھۇدىيلار ھېلىقى مۇسۇلمان يىگىتكە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى مۇسۇلماننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى مۇسۇلمانلارنى ياردەمگە چاقىرغان. يەھۇدىي تەرەپ يەھۇدىيلارنى تەق تۇرۇشقا ئۈندىگەن. نەتىجىدە بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا جىددىي توقۇنۇش يۈز بەرگەن.

## مۇھاسىرە، تەسلىم، ئاندىن سۈرگۈن

سەبرى دېگەننىڭمۇ چېكى بولىدۇ. ئىش مۇشۇ يەرگە يەتكەندە رەسۇلۇللاھنىڭمۇ سەبرى قاچىسى تاشتى ۋە ئەمدىكى سەبرنى ئۆلۈمدىن قورقqانلىق ۋە خورلۇققا ماقۇل بولغانلىق دەپ بىلدى شۇڭا، ئۇ مەدىنىدە ئۆز ئورنىدا ئەبۇ لۇبابە ئىبنى ئابدۇلمۇنزىرنى قالدۇرۇپ، ئاللاھنىڭ قوشۇنىنى باشلاپ بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىغا ھۇجۇم قوزغىدى.
مۇسۇلمانلارنىڭ ئەلەمىنى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپكە تۇتقۇزدى. يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارنى كۆرۈپ دەرھال سېپىل ـ قورغانلىرىغا كىرىپ، مۇداپىئەدە تۇرۇۋالدى.
مۇھاسىرە 15 كۈن داۋاملاشتى. ئۇلار ھىجرىيىنىڭ 2 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 15 ـ كۈنى مۇھاسىرىگە ئېلىنغانىدى. زۇلقەئدىنىڭ يېڭى ئېيى كۆرۈنگەنگە قەدەر سوزۇلدى.
ئاخىر ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىلىغا (بىرەر قەۋمنى ھالاك قىلماقچى بولغاندا ۋە ياكى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈرگەندە تاشلايدىغان) قورقۇنچنى سالدى. نەتىجىدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈكى ۋە خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى ھەققىدە رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا قايىل بولىدىغان بولۇشتى. رەسۇلۇللاھ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى باغلاپ قورالسىزلاندۇردى.
ئىش مۇشۇ يەرگە يېتىپ، زوراۋانلىق قارا نىيەتلەر ئۆز جازاسىنى تاپاي دېگەندە، يەنىلا مۇناپىق ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ئۆزىنىڭ مۇناپىقلىق رولىنى ئويناپ سەھنىدە پەيدا بولدى. ئۇ رەسۇلۇللاھتىن ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلىشنى تىلەپ، يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئى مۇھەممەد! مېنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىمغا ياخشىلىق قىلغىن» (بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرى مەدىنىدىكى خەزرەج قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى) رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسقا سالدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي يۇقارقى سۆزنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاپ رەسۇلۇللاھنىڭ كۆزىگە كىرىۋالدى. رەسۇلۇللا يەنىلا ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن بولغانىدى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ساۋۇتىنىڭ تۇتقۇچىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ماڭغىلى قويمىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «مېنى قويۇۋەتكىن»، دېدى ۋە قاتتىق غەزىپى كەلدى، ھەتتا ئەتراپتا تۇرغانلارمۇ بۇنى

سەزدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم: «ھەي سېنىڭ بۇ قىلىقىڭنى، مېنى قويۇۋەت»، دېگەنىدى، لېكىن بۇ قېلىن مۇناپىق قىلچە بوشاشماستىن: «ياق، ئەزبىرايى خۇدا، مەن سېنى مېنىڭ ئاشۇ ئىتتىپاقداشلىرىمغا كەڭچىلىك قىلمىغۇچە قويۇۋەتمەيمەن، 400 دەك ياردەمچى قوشۇن، 300دەك جەڭگىۋار قوشۇننى بىراقلا قىرىپ تاشلىماقچىمۇسەن؟ ئۇلار مېنى ئاق ۋە قارىلار ①نىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ كەلگەن، مەن جاھاننىڭ تەتۈر ئايلىنىشىدىن قورقىمەن»، دەپ تۇرۇۋالدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ (مۇسۇلمان بولدۇم دەپ يۈرگىلى تېخى تولۇق ئىككى ئاي بولمىغان) بۇ مۇناپىقنىڭ يۈزىنى ئاياپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى شۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىۋەتتى ۋە ئۇلارنى مەدىنىدىن چىقىپ كېتىشنى، ئىككىنچى مەدىنىدە كۆزگە چېلىقماسلىقنى بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شام (سۈرىيە)نىڭ ئەزرۇئات دېگەن يېرىگە چىقىپ كېتىشتى، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆلۈپ كەتتى.

رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈك، قورال ـ ياراغلىرىنى يىغىۋالدى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىگە ئۈچ دانە ئوقيا، ئىككى ساۋۇت، ئۈچ قىلىچ ۋە ئۈچ دانە نەيزە ئېلىپ قالدى. غەنىمەتلەرنى قوشۇن ئىچىدە تەقسىم قىلىپ بۆلۈپ بەردى. غەنىمەتلەرنى جۇغلاش ۋە تىزىمغا ئېلىش ئىشلىرىغا مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە مەسئۇل بولغانىدى.

## (سەۋىق )تالقان غازىتى

سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە ۋەھەب ئىبنى ئۇمەيرنى كۆسەي قىلماقچى بولۇۋاتقان، يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ رەزىل سۈيىقەستىنى ۋە ئوت قۇيرۇقلۇق ھەرىكەتلىرىنى توختاتمايۋاتقان بىر پەيتتە، مەككە دائىرىلىرىنىڭ كاتتىۋېشى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب ئۆز قەۋمىنىڭ سىياسىي ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ھەربىي كۈچىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ۋە ئازراق بەدەل تۆلەپ تەسىرى زورراق بىر ئىش قىلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. ئۇ: «مۇھەممەدكە قارشى بىر قېتىم ئۇرۇش قوزغىمىغىچە، ئايال كىشىگە يېقىن كەلمەيمەن»، دەپ قەسەم ئىچكەنىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ قېتىم ئۆز قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 200 ئاتلىقنى باشلاپ مەدىنىدىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «نەيف» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ باغرىغا كېلىپ چۈشتى، لېكىن ئۇ مەدىنىگە ئاشكارا ھۇجۇم قوزغاشقا جۈرئەت قىلالماي قاراقچىلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. ئۇ تۈن نىسپىي بولغاندا مەدىنە تەۋەسىگە ئوغرىلىقچە كىرىپ، يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىۋېشى ھۇيەي ئىبنى ئەختەبنىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئىشىكىنى چەكتى، ھويەي تۈن نىسپىدىكى بۇنداق چاقىرىلمىغان مېھماندىن ئىشىكنى ئاچقىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىن يېنىپ، سەلام ئىبنى مۇشكەم (شۇ ۋاقىتتىكى بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ كاتتىسى ۋە قوشۇمچە خەزىنە بېگى ئىدى) نىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئىشىكنى چەكتى. سەلام ئىبنى مۇشكەم ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، زىياپەت بەردى ۋە ئۇنىڭ شەرىپىگە ھاراق تارتتى.

---

① ئەرەب ئەجەم دېمەكچى ـ ت.

ئاندىن ئۇنىڭغا مەدىنە ۋەزىيىتى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. ۋە ئۇنى نىسپىدىن ئۆتكەندە، ئەبۇ سۇفيان ئۆزىنىڭ چۈشكەن ئۆتىڭگە قايتىپ كېلىپ، ئۆز ئادەملىرىدىن بىر قانچە كاللا كېسەرنى تاللاپ مەدىنىنىڭ «ئەرىز» تەۋەلىكىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار بۇ يەردە بىر تەرەپتىندىل دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوت قويۇپ، كۆيدۈرۈپ، دەل ـ دەرەخ، باغ ـ ۋارانلارغا بۇزغۇنچىلىق سالدى ۋە كەچتە باغ ئايلىنىپ قونۇپ قالغان بىر ئەنسارى بىلەن ئۇنىڭ بىر ئاغىنىسىنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، مەككىگە قاراپ تىكىۋەتتى.

رەسۇلۇللاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەبۇ سۇفيان ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى قوغلاشقا ئاتلاندى، لېكىن ئۇلار يەڭگىلرەك قېچىش ئۈچۈن ئوزۇقلۇق ۋە باشقا تەمىناتلىرىدىن تالقان قاتارلىقلارنى تاشلىۋېتىپ، ناھايىتى تېز قاچقانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشمەي قالدى. رەسۇلۇللاھ «قەرقەرەتۇل كىدرى» دېگەن جايغىچە قوغلاپ بېرىپ، ئاندىن قايتتى. مۇسۇلمانلار قايتىشىدا مۇشرىكلار يول بويى تاشلاپ قاچقان تالقان بوقچىلىرىنى تېرىپ ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ قېتىمقى ھەرىكەت سەۋىق (تالقان) غازىتى دەپ ئاتالدى. ۋەقە بەدرى غازىتىدىن ئىككى ئايدىن كېيىن زۇلھەججە ئېيىدا يۈز بەردى. رەسۇلۇللاھ مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا ئەبۇ لۇبابە ئىبنى ئابدۇلمۇنزىرنى قالدۇرغانىدى.

## زىئەمرى غازىتى

زىئەمرى غازىتى ئۇھۇد غازىتىدىن ئىلگىرى رەسۇلۇللاھ ئۆزى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغان بىر قېتىملىق چوڭ ھەربىي ھەرىكەت بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 3 ـ يىلى مۇھەررەم (1 ـ ئاي) دا ئېلىپ بېرىلغانىدى.

ۋەقەنىڭ سەۋەبى مۇنداق: مەدىنە ئاخباراتچىلىرى رەسۇلۇللاھقا: «بەنى سۇئلەبە ۋە مۇھارىب قەبىلىلىرىدىن زور بىر تۈركۈم كىشىلەر توپلىنىپ مەدىنە ئەتراپى رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ»، دېگەن مەلۇماتنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارنى غازاتقا چاقىردى ۋە ئاتلىق ۋە پىيادىلىك بولۇپ، 450 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، دۈشمەننى ئۇۋىسىدىلا تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئاتلاندى. ئۆز ئورنىدا مەدىنىدە ئوسمان ئىبنى ئەففاننى قالدۇردى.

يول داۋامىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىن چارلىغۇچى قىسمى بەنى سوئلەبە قەبىلىسىدىن «جەببار»، ئىسىملىك بىر كىشىنى تۇتۇۋېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرگەنىدى. ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتى بىلەن مۇسۇلمان بولدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇنى بىلالغا تاپشۇردى ۋە بىلالنىڭ نازارىتىدە قوشۇننىڭ يول باشلىغۇچىسى بولدى.

دۈشمەن مەدىنە قوشۇنىنىڭ يولغا چىققانلىقىنى ئاڭلاپلا، تاغ ـ قىرلارغا تاراپ، ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋېلىشتى. ئەمما، رەسۇلۇللاھ ئۇلار توپلانغان زىئەمرى دېگەن سۇ بويىغا يېتىپ بېرىپ (شۇ يىلى) سەپەر ئېيىدا ساق بىر ئاي (ياكى ئازراق كەم) تۇرۇپ بەددۇىلەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىي كۈچىنى كۆرسىتىپ قويدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، دىللىرىغا قورقۇنچ ئۇرۇقىنى تېرىپ قويغاندىن كېيىن زەپەر بىلەن مەدىنىگە قايتتى.

## كەئىب ئىبنى ئەشرەفنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

كەئەب ئىبنى ئەشرەپ يەھۇدىيلار ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشتا، رەسۇلۇللاھقا تىل تەككۈزۈپ ئازار بېرىشتە ۋە ئىسلامغا قارشى تەتۈر تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ قۇتراتقۇلۇق قىلىشتا ئەڭ ئەشەددى، ئوت قۇيرۇق شەيتان ئىدى. ئۇ ئاتا تەرەپتىن ئەرەبلەرنىڭ بەنى تەي قەبىلىسى (بەنى نەبھان جەمەتى)دىن، ئانىسى بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىدىن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باي ـ زەردارلىقى، دۆلەتمەن ـ باياشاتلىقى، كېلىشكەن قامەتى ۋە يېتىشكەن شېئىرى تالانتى بىلەن پۈتۈن ئەرەبلەرگە تونۇلغان بولۇپ، مەدىنىنىڭ شەرقى جەنۇبىدا بەنى نەزىر مەھەللىسىنىڭ ئارقا كوچىسىدىكى ھەشەمەتلىك بىر قورۇقتا ئولتۇراتتى.

بۇ ئەبلەخ «مۇسۇلمانلار بەدرىدە قۇرەيش قوشۇنى بىلەن تۇتۇشۇپ، ئۇلارنى يېڭىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ يۈقىرى كاتتىۋاشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ»، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ «پۈتى كۆيگەن توخۇدەك» بىئارام بولۇپ تىپىرلاپ كەتتى ۋە: «بۇ راست خەۋەرمۇ؟ بۇلار دېگەن (قۇرەيشلەرنى دېمەكچى ــ ت) ئەرەبلەرنىڭ كۆزى، ئەلنىڭ سەركىلىرى، قەسەم قىلىمەنكى، مۇھەممەد ئاشۇلارنى يېڭىپ غالىب كەلگەن بولسا، يەر يۈزىدە ئۆمىلەپ يۈرگەندىن يەرنىڭ تېگىگە (يەنى گۆرگە دېمەكچى ـــ ت) كىرىپ ياتقان مىڭ ياخشى»، دېدى. ئۇ ئاڭلىغان خەۋەرنىڭ بەرھەق راست ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن قايتىدىن ئەزۋەيلەپ، رەسۇلۇللاھنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ھەجۋى قىلىپ كاپشىغىلى تۇردى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتتى. ئۇ بۇنىڭ بىلەن قانائەت قىلماي، تۆگە بىلەن مەككىگە كەلدى. ئۇ مەككىدە مۇتەللىپ ئىبنى ئەبۇ ۋىدائە (بەنى سەھمى جەمەتىدىن)نىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، قۇرەيشلەرنىڭ بەدرىدە ئۆلتۈرۈلگەن ئۆلۈكلىرىگە يىغلاپ، ئۇلارنىڭ ئىچىنى ئېچىتىدىغان مەرسىيە ـ غەزەللەرنى ئوقۇدى. ئۇ شېئىرىدا رەسۇلۇللاھقا قارىتا ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغاپ، دەرھال ئۇرۇشقا ئاتلىنىشقا چاقىردى. ئۇ مەككە كاتتىلىرى بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ يۈرۈۋاتقان مەزگىلدە ئەبۇ سۇفيان ۋە باشقا مەككە مۇشرىكلىرى ئۇنىڭدىن: «ساڭا بىزنىڭ دىنىمىز ياقامدۇ؟ ياكى مۇھەممەدنىڭ دىنى ياقامدۇ؟ ئىككى تەرەپنىڭ قايسىمىزنىڭ تۇتقان يولى توغرا؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ تەپتارتماستىن: «سىلەرنىڭ تۇتقان يولۇڭلار نەچچە ھەسسە توغرا ھەم ئەۋزەل، بۇنىڭدىن ھەرگىز ئىككىلەنمەڭلار»، دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿ويقولون للذين كفرو هؤلآء أهداى من الذين آمنوا سبيلاً﴾ «ئۇلار كافىرلارنى كۆرسىتىپ: ‹بۇلار (يەنى قۇرەيش

كۇففارلىرى›نىڭ يولى ئىمان ئېيتقانلارنىڭكىدىن تېخىمۇ توغرىدۇر›، دەيدۇ» 4 ـ سۈرە 51 ـ ئايەت.

كەئب مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆز شېئىرلىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللىرىغا تىل ئۇزاتتى ۋە ئۇلارنى ئىنتايىن قەبىھ تىللار بىلەن ھاقارەتلەشكە باشلىدى. ئىش مۇشۇ يەرگە يەتكەندە، رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىنى يىغىپ: «كەئب ئىبنى ئەشرەپ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئازار يەتكۈزۈۋاتىدۇ، ئۇنى قايسىڭلار بىر تەرەپ قىلىشقا ئۈستىگە ئالىسىلەر؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشقا مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە، ئاببات ئىبنى بىشرى ۋە ئەبۇ نائىلە (ئەسلى ئىسمى سەلكان ئىبنى سەلامە كەئب ئىبنى ئەشرەپنىڭ ئەمەلدەش قېرىندىشى ئىدى) ھارىس ئىبنى ئەۋس ۋە ئەبۇ ئەبەسە ئىبنى ھەبرىلەر ئۆزلىرىنى ئاتىدى ۋە مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە بۇ پىدائىيلارنىڭ باش قوماندانى بولدى.

كەئب ئىبنى ئەشرەپنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، رەسۇلۇللاھ: «كەئب ئىبنى ئەشرەپنى كىم ئوجۇقتۇرۇۋېتىدۇ؟ ئۇ ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە كۆپ ئەزىيەت قىلدى»، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! كەئبنى ئۆلتۈرۈشۈمنى خالامسەن؟» دېگەن. رەسۇلۇللاھ: «ھەئە، ئەلۋەتتە خالايمەن»، دېگەندە، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە: «ئۇنداق بولسا، ئى رەسۇلۇللاھ مېنىڭ ئۇنى ئىشەندۈرۈشۈم ئۈچۈن بەزى يالغان ـ يوپۇق سۆزلەرنى قىلىشىمغا رۇخسەت قىلغىن»، دېگەن. رەسۇلۇللاھ: «بولىدۇ»، دېگەن.

شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە كەئب ئىبنى ئەشرەپنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــــ بۇ ئادەم (رەسۇلۇللاھنى دېمەكچى ــ ت) بىزدىن تولا سەدىقە، ئىئانە سوراپ، جاق تويغۇزۇۋەتتى،ــــ دېگەنىدى، كەئب:

ــــ بۇ سىلەرگە تېخى ئا...ز، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تويىسىلەر...

ــــ ئەمدى بىز ئۇنىڭغا باشتا ئەگىشىپ قويۇپتۇق، ھازىرچە ئۇنى تاشلىۋەتسەك، سەت بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ھازىرچە تاشلىۋەتمەي تۇرايلى، كېيىن ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش قىلارمىز، بىزگە بىر ئىككى تاتىغ خورما ئۆتنە بېرىپ تۇرغىن.

ــــ بولىدۇ، ئەمما بىرەر نەرسەڭلارنى مېنىڭ يېنىمدا گۆرۈگە قويۇشۇڭلار كېرەك.

ــــ نېمىنى گۆرۈگە قويۇشىمىزنى خالايسەن؟»

ــــ ئاياللىرىڭلارنى قويۇڭلار.

ــــ سەن دېگەن ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ چىرايلىق شەخس تۇرساڭ، سېنىڭ يېنىڭدا قىز ـ خوتۇنلىرىمىزنى قالدۇرۇپ، قانداقمۇ خاتىرجەم ئولتۇرغىلى بولىدۇ؟

ــــ ئۇنداق بولسا ئوغۇللىرىڭلارنى قويۇڭلار.

ــــ ئوغۇللىرىمىزنى گۆرە قويساققۇ بولىدۇ، بىراق كىچىك باللار ئۇزئارا تىللىشىپ قالسا، بىر ئىككى تاتىغ خورمىغا گۆرە قويۇلغان، دەپ ھاقارەتكە قالىدۇ. بۇ ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن ئۆچمەس ئار ـ نومۇس كەلتۈرىدۇ، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بىز ساڭا قورال ـ ياراغلىرىمىزنى گۆرۈگە قويايلى، ــــ دېدى ۋە ئۇنىڭغا قورال ـ ياراغلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە دېيىشتى.

ئارقىدىن ئەبۇ نائىلە كېلىپ مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەدەك قىلدى. ئۇ كەئەبنىڭ يېنىغا بېرىپ بىردەم شېئىر ـ ئەشئار ھەققىدە پاراڭلاشتى، ئاندىن ئۇنىڭغا:

ــــ ئى بەگزادەم (كەئەب)! مەن يېنىڭغا بىر ھاجەت بىلەن كېلىۋىدىم، ئۇنى ئېيتسام باشقىلاردىن سىر تۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلغان بولسىڭىز»،ــــ دېدى. كەئەب:

ــــ شۇنداق قىلاي،ــــ دېدى. ئەبۇ نائىلە:

ــــ بۇ ئادەم (رەسۇلۇللاھنى دېمەكچى. ــــ ت) نىڭ كەلگىنى بىز ئۈچۈن بىر بالا بولدى. پۈتۈن ئەرەبلەر بىزنى دۈشمەن تۇتۇپ، بىر يەڭدىن قول چىقاردى. مەئىشەت يوللىرىمىز ئېتىلىپ، بالا ـ چاقىلىرىمىز ئاچلىقتا قالدى. تەنلىرىمىز ئورۇقلاپ، بىر تىرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدۇق. قىسقىسى، بىز ئۆزىمىزنىمۇ، بالا ـ چاقىلىرىمىزنىمۇ جاپا ـ مۇشەققەتكە تىقتۇق،ــــ دېدى ۋە مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە قىلغاندەك رەسۇلۇللاھ ئۈستىدىن ئۇنىڭغا شىكايەت قىلغان كىشى بولۇۋالدى، ئاندىن ئۇ يەنە پاراڭ داۋامىدا:

ــــ مېنىڭ بىر قانچە يېقىن ئاغىنىلىرىم بار، ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاشلا ھاجەتمەن، دەردمەنلەردىن، شۇڭا مەن ئۇلارنىمۇ ئالدىڭغا باشلاپ كەلسەم، ئازراق بىر نەرسە سېتىپ بېرىپ، خەير ـ ساخاۋەتمەنلىكىڭنى كۆرسىتىپ قويساڭ بوپتىكەن، دېدى.

ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئىش بولدى. ئىبنى مەسلەمە بىلەن ئەبۇ نائىلەلەر كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىشتى. چۈنكى، كەئەب ئىبنى ئەشرەپ ئەمدى بۇلارنىڭ بىر توپ ئادەمنى باشلاپ قورال ـ ياراغلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىشىنى يات سانىمايتتى.

ھىجرىيىنىڭ 3 ـ يىلى رەبىئولئەۋۋەلنىڭ 14 ـ كۈنى كەچ ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق، ئوپئاق ئايدىڭ ئىدى. مەزكۇر پىدائىيلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىگە جەم بولدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن «بەقىيئۇلغەرقەد» دېگەن يەرگىچە بىللە چىقىپ، ئۇلارنى مۇنداق دەپ ئۇزىتىپ قويدى: «بىسمىللاھ (ئاللاھنىڭ ئىسمى) بىلەن مېڭىڭلار، ئى ئاللاھ! بۇلارغا ياردەم قىلغىن!». ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ كېچىچە ناماز ئوقۇپ، پەرۋەردىگارى تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ چىقتى.

پىدائىيلار كەئەب ئىبنى ئەشرەپ تۇرۇۋاتقان قەلئە ئالدىغا يېتىپ بېرىۋىدى، ئارىدىن ئەبۇ نائىلە ئۈنلۈك تووۇلاپ، كەئەبنى چاقىردى. كەئەب چۈشمەكچى بولۇۋىدى، ئايالى (ئۇ بۇ ئايال بىلەن توي قىلغىلى ئۇزاق بولمىغانىدى) ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ: «بۇنداق ئالەم بىمەھەل بولغاندا نەگە بارىسەن؟ بۇ ئاۋاز ماڭا گويا قاننىڭ ھىدىنى تارقىتىۋاتقاندەك يوچۇنلا ئاڭلىنىۋاتىدۇ»، دېدى، كەئەب: «ئۇلار دېگەن مېنىڭ دوستۇم مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ۋە ئېمىلدەش قېرىندىشىم ئەبۇ نائىلەلەردۇر. ئۇنداق بولمىغاندىمۇ ‹مەرد دېگەن ئۆلۈمگە ۋەدە قىلىسىمۇ ۋاپا قىلىدۇ›، دېگەن گەپ بار»، دېدى ـ دە، ئاندىن ئەتىر ـ پەتىرلىرىنى چېچىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. كىشىنىڭ دىمىقىنى غىدىقلىغۇدەك ئېسىل ـ پۇراقلار ئۇنىڭ تەرىپىدىن لاپ ـ لاپ كېلىپ تۇراتتى. كەئەب چۈشۈپ بولغۇچە ئەبۇ نائىلە ھەمراھلىرىغا: «كەئەب چىققاندا، مەن ئۇنى پۇرىغان بولۇپ، چېچىدىن تۇتىمەن، مەن ئۇنىڭ كاللىسىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانلىقىمنى كۆرسەڭلار، دەرھال قىلىچ ئۇرۇڭلار»، دەپ ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى. كەئەب تۆۋەنگە چۈشۈۋىدى، ئۇلار بىلەن قىزغىن سالام ـ سەھەت سوراشتى ۋە چاقچاق قىلىشتى. ئاندىن ئەبۇ نائىلە

تەكلىپ ئاھاڭىدا سۆز ئېچىپ: « ئى كەئەب! ماقۇل كۆرسىڭىز پاراڭلاشقاچ شىئبۇلئەجوز (جاي نامى)غىچە بېرىپ كېچىلىك ئايدىڭ سەيلىسى قىلىپ كەلگەن بولساق؟» دېۋىدى، كەئەب: «ئىختىيارىڭلار»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پاراڭ سېلىشىپ تۆۋەنگە قاراپ مېڭىشتى. ئۇلار كېتىۋېتىپ بىر ئەگىمگە بارغاندا ئەبۇ نائىلە: «مەن بۇگۈنكىدەك خۇشپۇراق ھىدنى ھىدلىمىغانىدىم، ئەجەب ئېسىل ئەتىر ئىكەن؟» دەپ قويۇۋىدى، كەئەب ئىبنى ئەشرەپكە يەل ماڭدى، دەرھال ئۇ مەغرۇر قىياپەتكە ئۆتۈپ: «ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە، چۈنكى مېنىڭ يېنىمدا بۇگۈن ئەڭ گۈزەل ئەرەب قىزى ئەتىر-پەتىرلىرىنى چېچىپ مېنى كۈتىدۇ ئەمەسمۇ؟» دېدى. ئەبۇ نائىلە: «ماڭا بېشىڭنى پۇرىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلارسەنمۇ؟» دېگەنىدى. كەئەب ئىبنى ئەشرەپ: «بولىدۇ»، دەپ توختاپ بەردى. ئەبۇ نائىلە كەئەبنىڭ بوينىنى مەھكەم ئىگىپ قۇچاقلاپ پۇرىغاننى قىلدى ۋە ھەمراھلىرىغىمۇ پۇراتتى. ئاندىن يەنە يولىنى داۋاملاشتۇردى ۋە بىردەم ماڭغانىدىن: «يەنە بىر پۇرىۋالسام»، دېۋىدى، كەئەب توختاپ بېشىنى ئىگىپ بەردى. ئەبۇ نائىلە ئۇنىڭ بېشىنى ئوبدان سىقىپ بىر پۇرىۋالغاننى قىلدىيۇ، يەنە قويۇپ بېرىپ يولىنى داۋاملاشتۇردى ۋە يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئەبۇ نائىلە يەنە پۇرىۋالاي دېگەنىدى، كەئەب توختاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ نائىلە كەئەبنىڭ بېشىنى ئوبدان تارتىپ راسا ئەگدى-دە: «ھە! چاپ»، دەپ بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۇت-قول، دۈمبە-كاسالىرىغا قىلىچ ۋە تاياق-توقماقلار يېغىپ كەتتى. لېكىن تۆن قاراڭغۇسىدىكى ئېگىز-پەس چۈشكەن تاياق-توقماق ئۇنىڭغا جىق كار قىلمىدى. شۇڭا، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە قولىدىكى جوتۇ شەكلىدىكى چومىقى بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە قاتتىق بىرنى ئۇردى-دە، جوتۇنىڭ بىسى ئۇنىڭ ئالدى ئەزاسى (زەكىرى)نىڭ يېنىدىن تېشىپ چىقتى. نەتىجىدە خۇدانىڭ دۈشمىنى كەئەب ئىبن ئەشرەپ پالاققىدە يىقىلدى. ئۇ ئۈستى باشلىرىغا قىلىچ-نەيزىلەر ياغقىلى تۇرغاندا سەت چىقىراپ ئەتراپتىكىلەرنى چۆچۈتىۋەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ يەرگە يىقىلىپ توپا چىشلەپ بولغۇچە ئەتراپتىكى بارلىق قەلئە ۋە قوۋۇقلاردا غىل-پال ئوت يورۇقى يورىدى.

پىدائىيلار ئالمان-تالمان قايتىشتى. بىراق، قوشۇن ئەزالىرىدىن ھارىس ئىبنى ئەۋسكە ئۆز ھەمراھلىرىدىن بىرىنىڭ قىلىچى تېگىپ كەتكەنلىكتىن يارىلىنىپ قانسىراپ يېتىپ قالدى. پىدائىيلار قوشۇنى ھەررەتۇلئەرىز دېگەن يەرگە كەلگەندە ئاندىن ھارىسنىڭ يوقلۇقىنى بايقاشتى. شۇڭا ئۇلار بىر دەم ساقلاپ تۇرۇپ ھارىسنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتتى. ھەتتا بىر چاغدا ئۇ ئۆمىلەپ ئاستا كېلىۋىدى، كۆپچىلىك ئۇنى كۆتۈرىۋېلىشتى ۋە بەقيئۇلغەرقەد دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىۋىدى، ھەممەيلەن تەڭ سادا كۆتۈرۈپ: «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ توۋلاشتى. ئۇ يەردە بۇلارنى ساقلاپ تۇرغان رەسۇلۇللاھمۇ تەكبىر ئاۋازىنى ئاڭلاپلا، ئۇلار: «كەئەبنى ئۆلتۈرۈپتۇ»، دەپ بىلدى-دە، ئاۋازىنى ئۇنىڭلەك كۆتۈرۈپ: «ئاللاھۇ ئەكبەر»، دەپ توۋلىۋەتتى. ئىككى تەرەپ ئۇچرىشىۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ياشاپ كەتكەيسىلەر!» دېدى. پىدائىيلار: «سەنمۇ ياشاپ كەت ئى رەسۇلۇللاھ!» دېيىشتى ۋە مەلئۇن كەئەبنىڭ كېسىۋېلىنغان بېشىنى «پوك»، قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. رەسۇلۇللاھ خۇدانىڭ دۈشمىنى كەئەبنىڭ كاللىسىنىڭ كۆز ئالدىدا توپا

چىشلەپ ياتقىنىنى كۆرۈپ خۇشاللىنىدىن: «خۇداغا شۈكرى، خۇداغا شۈكرى»، دەيتتى. ئاندىن ھارىسنىڭ يارىسىغا تۇكۇرۇپ قويغاندى، يارا شۇ ھامان سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى، كېيىن پەقەت ئاغرىمىدى.

كېچە تاڭ ئاتتى. يەھۇدىيلار ئۆز كاتتىۋىشىنىڭ ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، سەراسىمىگە پاتتى ۋە قورقۇنچىدىن ئۆينى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئادىل ـ ھەققانى ئىكەنلىكىنى، مۇقىملىقتا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرماقچى بولغانلارغا، ئوتتۇرىدىكى ئەھلە خىلاپلىق قىلىشقا ئۇرۇنغانلارغا ئادىل جىرايلىق سەھسەھەت كار قىلغاندا، قورال كۆچى ئىشلىتىشتىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىشتى. شۇڭا، ئۇلار بۇ كاتتىۋىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرماي جىمجىت يۇرۇشتى ۋە ئەھدى ـ پەيمانلارغا رىئايە قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۇرۇشۇپ، جىمىپ قېلىشتى. قىسقىسى، بۇ زەھەرلىك يىلان ـ چايانلار ھوپۇل ـ توپۇل ئۇۋۇلىرىغا كىرىپ يۇشۇرۇنۇۋېلىشتى.

مانا مۇشۇنداق قىلىپ رەسۇلۇللاھ مەدىنە ئىچى ۋە سىرتىدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان خەتەرلەرگە ئالدىن قول سېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ مۇسۇلمانلار ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە ھەر خىل قىيىنچىلىقلاردىن يېنىكلەپ قالدى.

## بوھران غازىتى

بوھران غازىتى ھىجرىيىنىڭ 3 ـ يىلى رەبىئۇلئاخىر (4 ـ ئاي) ئېيىدا، رەسۇلۇللاھ ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان 300 كىشىلىك چوڭ بىر ھەربىي يۈرۈش بولۇپ، رەسۇلۇللاھ بوھران (ھىجازنىڭ غەربى تەرىپىدىكى بىر كان چىقىدىغان جاي)دا رەبىئۇلئاخىر (4 ـ ئاي) ئېيى، ئاندىن جۇمادىيەلئەۋۋەل (5 ـ ئاي) ئايلىرىدا تۇرۇپ قايتىپ كىردى. ئۇرۇشقا دۇچ كەلمىدى.

## زەيد ئىبنى ھارىس قوشۇنى

بۇ مۇسۇلمانلار ئوھۇد ئۇرۇشىنىڭ ئالدىدا قوزغىغان ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك زەربىدارلىقى ئەڭ زور بىر قېتىملىق ھەربىي ھەرىكەت بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 3 ـ يىلى جۇمادىيەل ئاخىر (6 ـ ئاي) ئېيىدا ئەۋەتىلگەن.

ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى شۇكى، قۇرەيش دائىرىلىرى بەدرى پاجىئەسىدىن كېيىن قاتتىق دەرد ئەلەمگە غەرق بولۇپ، ئىچى قان ئىدى. ياز كېلىپ ئۇلارنىڭ شامغا قىلىدىغان يازلىق سەپەر ۋاقتى يېتىپ كېلىۋىدى، ئۇلارنى قايتا غەم باستى. بۇ چاغدا سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە (ئۇ قۇرەيشلەرنىڭ بۇ يىلقى تىجارەت سەپىرىنىڭ مەسئۇلى بولغانىدى) قۇرەيش كاتتىلىرىغا: «مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى تىجارەت يولىمىزنى ئەتتى. ئۇنىڭ ئادەملىرى دېڭىز بويىدىن ئايرىلماي تۇرۇۋاتىدۇ. بىز زادى قانداق

قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ بويىدىكى قەبىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ بىلەن ئەھدىنامە تۈزۈشۈپ بىر تام بولۇۋالدى. زادى قەيەردىن مېڭىش كېرەك. ئەقىل كۆرسىتىڭلار، بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەك، بار-يوق مېلىمىزنى يەپ تۈگىتىمىز. بۇ مال بىزگە ھەمىشە باقىي ئەمەس بىز مەككە خەلقى يازدا شامغا، قىشتا ھەبەشىستانغا تىجارەت قىلىش بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان خەلقمىز»، دېدى.

بۇ ھەقتە قىزغىن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى ۋە غۇلغۇلا قىلىندى. ئاخىردا ئەسۋەد ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ سەفۋان ئىبنى ئۇمەييەگە يول كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: «ئۇنداق بولسا سەن دېڭىز بويىدىكى يولدىن ماڭماي ئىراق يولى بىلەن ماڭغىن»، دېدى. (ئىراق يولى مەدىنىنىڭ شەرقىدىن خېلى يىراق جايدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئىراقنىڭ غەرپ تەرىپى ئاندىن نەجدى ئارقىلىق شامغا باراتتى. قۇرەيشلەر بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ يول بىلەن مېڭىپ باقمىغاچقا يول يۆنىلىشىنى ئوبدان بىلمەيتتى) شۇڭا، ئەسۋەد ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ سەفۋانغا بەنى بەكرى قەبىلىسىدىن فۇرات ئىبنى ھەبباننى يول باشلىغۇچىلىققا ئېلىۋېلىشقا كۆرسەتتى.

شۇنىڭ بىلەن قۇرەيش كارۋىنى ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى قاچىلاپ ئىراق يولىنى نىشانلاپ شەرقىي شىمال تەرەپ بىلەن ئاستاغىنا يولغا چىقتى. لېكىن بۇ كارۋان ۋە ئۇنىڭ يۆنىلىشى ھەققىدىكى مەلۇمات ئاللىقاچان مەدىنىگە ئۇچۇپ كېلىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق بولدى: سەلىت ئىبنى نۇئمان (خېلى بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانىدى) بىلەن نۇئەيم ئىبىن مەسئۇد ئەشجەئى (ئۇ تېخى مۇسۇلمان بولمىغان چېغى ئىدى) بىر ھاراق سورۇنىدا بىللە (ئۇ چاغدا تېخى ھاراق ھارام قىلىنمىغانىدى) بولۇپ قالدى. نۇئەيم ھاراقنى راسا ئىچىپ مەس بولۇۋىدى، كارۋان توغرىلىق تالاش-تارتىشلارنى ۋە ئۇنىڭ يۆنىلىشى ھەققىدىكى تەپسىلاتلارنى جۆيلىۋەتتى. بۇنى ئاڭلىغان سەلىت ئىبنى نۇئمان ئىنتايىن چاپسان يول يۈرۈپ مەدىنىگە كېلىپ رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلدى.

رەسۇلۇللاھ بۇنى ئۇققاندىن كېيىن دەرھال زەيد ئىبنى ھارىس كەلبى باشچىلىقىدا 100 كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ يولغا سالدى. زەيد ئىنتايىن جىددىي يول يۈرۈپ ئاخىر كارۋاننىڭ نەجدە زېمىنىدا «قەردە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر سۇ بويىدا ئىكەنلىكىنى بايقىدى-دە، ئۇلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، كارۋاننى پۈتۈنلەي قولغا چۈشۈردى. سەفۋان قاتارلىق كارۋاننىڭ ئىگىلىرى ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەيلا تىكىۋەتتى.

زەيد ئىبنى ھارىس باشچىلىقىدىكى قوشۇن كارۋاننىڭ يول باشلىغۇچىسى فۇرات ئىبنى ھەببان‌نى (يەنە بىر سۆزدە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى كىشى) ئەسىر ئالدى. 100 مىڭ دىنار قىممىتىدىكى نۇرغۇن قاچا-قۇچا، ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئولجا ئېلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ غەنىمەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، بەشتىن بىرىنى ئايرىۋالغاندىن كېيىن قوشۇن ئەزالىرىغا تەقسىملەپ بەردى. فۇرات ئىبنى ھەببان رەسۇلۇللاھنىڭ دالالىتى بىلەن مۇسۇلمان بولدى.

قەردە ۋەقەسى قۇرەيش تەرەپ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بەدرى پاجىئەسىدىن قالسا ئەڭ ئېغىر، ئەڭ تالاپەتلىك بىر قېتىملىق يوقىتىش بولدى. بۇ ۋەقەدىن قۇرەيشلەر قاتتىق چۆچۈدى ۋە قايغۇ-ئەلەمگە پاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەقەت ئىككىلا يول قالغانىدى. بىرى،

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يولسىز تەكەببۇرلۇقى ۋە ياۋۇز نىيىتىدىن يېنىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئەپ ۋە ئىناق ئۆتۈش يولىنى تاللاش، يەنە بىرى، كەڭ كۆلەمدە قايتۇرما ھۇجۇم قوزغاپ، ئۆزلىرىنىڭ تارىخى شان ـ شەرىپىنى ۋە قەدىمىي ئىززەت ـ ئابرويىنى قايتىدىن تىكلەش، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىي كۈچىنى بىر قېتىم تەلتۆكۈس يوقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ غەربتە قىزىل دېڭىز يولىنى، شەرقتە ئىراق يولىنى قامال قىلالىغۇدەك ماغدۇرىنى قويماسلىق ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، مەككە دائىرلىرى بۇ قېتىم ئىككىنچى يولنى تاللاپ قالدى. ئۇلارنىڭ قىساس ئېلىش قىزغىنلىقى كۈنسايىن ئېشىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن قاتتىق بىر ئېلىشىش ۋە ئۇلارنىڭ دىيارىغا باستۇرۇپ بېرىپ، پۈتۈنلەي خانىۋەيران قىلىۋېتىش ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچەيدى.

دېمەك، مانا بۇ بىر قاتار ئەھۋاللار قۇرەيشلەرنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشىغا كەڭ كۆلەمدە تەييارلىق كۆرۈشىگە تۈرتكە بولدى.

## ئۇھۇد غازىتى

### قۇرەيش دائىرىلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىش ئۇرۇشىغا تەييارلىق كۆرۈشى

مەككە خەلقى بەدرى ۋەقەسىدىكى ئېغىر تالاپەتتىن خورسىنىپ مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئۆچمەنلىكى قاتتىق كۈچىيىپ كەتتى، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ۋە ئەلەمدارلىرىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغىنىغا قايغۇرۇپ تۇرغاندا قەردە ۋەقەسى ئۇلارنى گويا قوقاسقا كۆمگەندەك بىئارام قىلىۋەتتى. نەتىجىدە پۈتۈن مەككە تەۋەسىدە ئىنتىقام ئېلىش ۋە ئۆچ ئېلىش كەيپىياتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى، ھەتتا مەسئۇل دائىرىلەر مۇسىبەتدار ئائىلىلەرنى ئۆلۈكلىرىگە يىغلاپ ئاۋاز كۆتۈرمەسلىكنى ۋە قارشى تەرەپكە ئۆزلىرىنىڭ قايغۇ ـ ئەلەملىرىنى سەزدۈرمەسلىك ئۈچۈن ئەسىرلەرنىمۇ ئالدىراپ تۆلەم تۆلەپ قۇتقۇزۇپ كەلمەسلىكنى تاپىلىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەي مۇسۇلمانلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قوزغاپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ۋە ئەنتىنى ئېلىۋېلىش قارارىغا كېلىشتى ۋە بۇ ئۇرۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى.

ئىكرەمە ئىبنى ئەبۇ جەھل، سەفۋان ئىبنى ئۈمەييە، ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ رەبىئە ۋە ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب قاتارلىقلار ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنى تەشكىللىدى ھەمدە ئۆزلىرى ئەڭ زور كۈچ چىقاردى.

ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە ئىشلىگەن تۇنجى خىزمىتى ئەبۇ سوفيان قۇتقۇزۇپ كەلگەن ھېلىقى بەدرى پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان كارۋاننىڭ ماللىرىنى ئىگىسىگە تۇتۇش بولدى ۋە مال ئىگىلىرىگە سۆزلەپ: « قۇرەيش خەلقىگە ئايانكى، مۇھەممەد بىزگە تىغ تەڭلىدى. يارامىلىق، قابىلىيەتلىك ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، شۇڭا بۇ ماللىرىڭلارنى ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىش ئۇرۇشىغا ئىئانە قىلىڭلار، پۇل بولسا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ، بۇ قېتىم ئۇنىڭدىن ئىنتىقامىمىزنى ئالالىساق ئەجەپ ئەمەس»، دېدى. مال

ئىگىلىرى مەسئۇل دائىرلەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ماللارنى سېتىپ ئۇرۇشقا كېرەكلىك قورال ـ ياراق ۋە قاتناش ئەسلىھەلىرىنى سەپلىدى. نەتىجىدە مىڭ تۆگە ۋە ئەللىك مىڭ دىنار ئالتۇن تەل قىلىندى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿إِنَّ الَّذِين كفروا ينفقون أَمْوالهمْ ليصدّواْ عن سبيل الله فسينفقونها ثمّ تكون عليْهمْ حسْرةً ثمّ يغْلبون والّذين كفرواْ إلى جهنّم يحشرون ﴾ «شۈبھىسىزكى، كافىرلار مال ـ مۈلۈكلىرىنى (باشقىلارنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن يولىدىن توسۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ، سەرپ قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى ئۇلارغا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئاخىرى ئۇلار يېڭىلىدۇ» («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنفال 36 ـ ئايەت).

ئۇلار بۇنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن كەڭ كۆلەمدە ئىئانە توپلىدى. ئاققۇن ھەبەشلەردىن ۋە ئەرەپ قەبىلىلىرىنىڭ كەنانە ۋە تەھامە ئايماقلىرىدىن بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇشنى خالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئىئانە يوللىرىنى كەڭ ئاچتى. ئۇلار بۇ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللاندى، ھەتتا سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە، شائىر ئەبۇ ئىززە (بەدرى ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ رەسۇلۇللاھ ئۇنى تۆلەمسىز قويۇۋەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەرقانداق ھەركەتكە قاتناشماسلىققا ئەھدى ئالغان)نى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ شېئىرىيەت جەھەتتىكى قابىلىيىتى بىلەن ئەرەب قەبىلىلىرىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى كۈشكۈرتۈشكە ۋە ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغاش خىزمىتىگە سالدى. ئۇنىڭغا ئۇرۇشتىن ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلسە، نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بېرىپ باي قىلىۋېتىدىغانلىقىنى، بولمىغاندىمۇ قىزلىرىنىڭ كېيىنلىكىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. ئەبۇ ئىززە ئۇنىڭ گېپىگە ئالدىنىپ ھەرقايسى قەبىلە خەلقىنى ئۆزىنىڭ ھەجۋى شېئىرلىرى ۋە ھېسسىياتلىق ئاھاڭلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى كۈشكۈرتتى. ئۇ بۇ قېتىم مۇسىبەتدار خەلقنىڭ يارىسىغا تۇز سېپىدىغان گەپ ـ سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ جەڭ قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇساپىئ ئىبنى ئابدۇماناپ ئىسىملىك يەنە بىر شائىر كىشىنى مۇشۇ ۋەزىپىگەسالدى.

ئەبۇ سۇفيان سەۋىق (تالقان ) غازىتىدا كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەيلا قالماستىن، بەلكى كۆپلىگەن تەمىناتىدىن ئايرىلىپ، نۇرغۇن چىقىمدار بولۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەركەت قوزغاشقا ئالاھىدە كۈچ چىقاردى .

يېقىندا زەيد ئىبنى ھارىس قوشۇنى تەرىپىدىن قۇرەيشلەرنىڭ ئىقتىسادى كۈچىنىڭ بېلىنى سۇندۇرۇپ تاشلىغان ئېغىر زىيان ئۇلارنىڭ دەرد ئەلىمىگە ياغ چېچىپ، قايغۇـ ھەسرىتىنى غەزەپ ـ نەپرەت كۈچىگە ئايلاندۇرغانىدى. بۇنىڭ بىلەن قۇرەيشلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى قوزغايدىغان ھەل قىلغۇچ جەڭگە تەييارلىق كۆرۈش خىزمەتلىرى جىددىي ئىشلەندى.

## قۇرەيش قوشۇنىنىڭ ھەربىي كۈچى ۋە رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

بەدرى پاجىئەسىگە ساق بىر يىل توشقان كۈنلەردە مەككە دائىلىرىمۇ ئاللىقاچان تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ، ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئەل قىلىپ بولغانىدى مەككە تەۋەسىدىكى ھەر قايسى قۇرەيش قەبىلىلىرى. ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ھەممە ئاققۇن ھەبەشلەردىن بولۇپ ئۈچ مىڭ مۇشرىك رەسمىي سەپكە تىزىلىپ ئاتلىنىش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇردى. قۇرەيشلەر ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئار-نومۇسىنى ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈن بولسىمۇ، جان پىدا قىلىپ ئۇرۇشسۇن ئۈچۈن ئاياللاردىنمۇ جەڭگە قاتنىششىنى خالايدىغانلارنى بىرگە ئېلىۋېلىشنى مۇۋاپىق كۆردى. بۇنىڭ بىلەن 15 ئايال سەپكە قېتىلدى. قوشۇننىڭ قاتناش قورالى ئۈچۈن 3000 تۆگە جەم قىلىندى. ئاتلىقلار قوشۇنى ئۈچۈن 200 ئات ھازىرلاندى. ئۇلار بۇ ئاتلارنى يول بويى چوڭ قوشۇنغا قاتماي باشقا يوللار بىلەن ئايرىم ئېلىپ ماڭدى. مۇداپىئە قوراللىرىدىن 700 ساۋۇت تەقلەندى.

مەركىزى باش قوماندانلىق ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەربكە مەركەزلەشتى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئاتلىقلار قوشۇننىڭ قوماندانى ئىكرەمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل مۇئاۋىن باش قوماندان بولدى. ئەلەم يەنىلا ئابدۇددار جەمەتىگە تۇتقۇزۇلدى.

## مەككە قوشۇنى يولغا چىقتى.

مەككە قوشۇنى مانا مۇشۇنداق تولۇق تەييارلىق ۋە ھەربىي ھازىرلىقلار بىلەن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. كونا-يېڭى قىساس ئوتلىرى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئاداۋەت ئۇچقۇنلىرى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا چاقماق چېقىپ، يېقىن پات ئارىدا دەھشەتلىك بىر قان تۆكۈلۈشتىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ خەۋەرچىلىرى دۈشمەننىڭ ھەرىكىتىنى ئىنكاس قىلدى

رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ دۈشمەن (قۇرەيش)نىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى ۋە ھەربىي تەييارلىقلىرىنى باشتىن-ئاخىر كۆزىتىپ تۇرغانىدى. دۈشمەن مەككىدىن قوزغىلىپ يولغا چىققان ھامان ئاببا س رەسۇلۇللاھقا جىددىي مەكتۇپ يوللاپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى تەپسىلىي خەۋەر قىلدى.

ئاببا س (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ ئامانىتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئەلچىمۇ مەسىلىگە جىددىي قاراپ، ئىنتايىن تېز سۈرئەت بىلەن يول يۈرۈپ، مەككە بىلەن مەدىنە ئوتتۇرىسىدىكى ( 500 كىلومېتىردەك مۇساپە)نى ئۈچ كۈندە بېسىپ، ئامانەتنى رەسۇلۇللاھقا ساق-سالامەت يەتكۈزۈپ بەردى. رەسۇلۇللاھ بۇ چاغدا قۇبا مەسجىدىدە ئىدى. رەسۇلۇللاھ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۇبەي ئىبنى كەئەبكە ئوقۇتقۇزۇپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلاندى ۋە ئۇنى ھېچ كىشىگە تىنماسلىقنى تاپىلاپ قويۇپ ئالدىراپ مەدىنىگە قايتتى. مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ پېشقەدەملىرى بىلەن بۇ ھەقتە پىكىرلەشتى ۋە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

## مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىي ھالەتكە ئۆتۈشى

پۈتۈن مەدىنە ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي ھالەتكە ئۆتتى. ئەرلەر كېچە-كۈندۈز قوراللىق يۈردى. ھەتتاكى، تۇيۇقسىز بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قېلىشىنىڭ ئېھتىمالىغا قارىتا نامازلاردىمۇ قورالدىن ئايرىلمىدى.

ئەنسارلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر (ئۇلارنىڭ ئىچىدە سەئەد ئىبنى مەئاز، ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير ۋە سەئىد ئىبنى ئۇبادىلەرمۇ بار ئىدى) تەشكىللىنىپ، رەسۇلۇللاھنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ئۇلار كېچىلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ئىشىك تۈۋىدە قوراللىق تۇرۇپ مۇھاپىزەتچىلىك قىلاتتى.

يەنە دۈشمەننىڭ ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كىرىپ مەدىنىدە ۋەقە پەيدا قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، مەدىنىنىڭ ھەر قايسى كىرىش ئېغىزلىرىغا ۋە چىغىر يوللارغا چارلىغۇچى ۋە مۇھاپىزەتچىلەر قويۇلدى.

مۇسۇلمانلار چارلىغۇچى قىسمى (دۈشمەن ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ئۈچۈن) مۇشرىكلار مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىپ قالغان تەقدىردە مېڭىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق يوللارنى نۆۋەت بىلەن ئايلىنىپ چارلاپ تۇردى.

## مەككە قوشۇنى مەدىنە تەۋەسىگە يېتىپ كەلدى

مەككە قوشۇنى ئەسلىدىكى غەربى چوڭ يولنى بويلاپ مېڭىپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، «ئەبۋا» دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىۋىدى، ھىندى بىنتى ئۇتبە (ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەربنىڭ ئايالى) رەسۇلۇللاھنىڭ ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى ئېچىپ جەسەتلەرنى تاشلىۋېتىش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق قوشۇن رەھبەرلىرى بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. بۇنداق قىلغاندا ئۆزلىرىگە يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاندىن يەنە يولنى داۋاملاشتۇرۇپ مەدىنىگە يېقىنلاپ كەلدى. بۇ يەردە ئەقىق ۋادىسىدىن ئۆتۈپلا ئوڭغا بۇرۇلۇپ مېڭىپ، ئوھۇد تېغىغا يېقىن (مەدىنىنىڭ شىمالىدىكى) تۈزلەڭ شورلۇق زېمىنىنىڭ «ئەينەين» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېرىگە كېلىپ چۈشتى ھەمدە مۇشۇ يەرگە ھەربىي بارگاھنى تىكىپ ئورۇنلاشتى. بۇ ھىجرىيىنىڭ 3- يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ ئالتىنچى كۈنى جۈمە ئىدى.

## مۇداپىئە پىلانى ھەققىدە كېڭەش

مەدىنە ئاخباراتچىلىرى مەككە قوشۇنى توغرىلىق ئارقىمۇئارقا خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇردى. ئاخباراتچىلار ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇلارنىڭ «ئەينەين»گە بارگاھ تەسىس قىلغانلىقىنى دوكلات قىلدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ساھابىلەر ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ھەربىي كېڭەش يىغىنى چاقىردى. يىغىندا دۈشمەننىڭ بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىگە قارىتا قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە يىغىن قاتناشچىلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى ۋە ئۇلارغا شۇ كېچىسى كۆرگەن مۇنداق بىر چۈشنى سۆزلەپ

بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن ئىنشائەللاھ ياخشى چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە بىر كالا زەبھى (بوغۇزلاغلىق) قىلىنغىلىقمىش، قىلىچىمنىڭ بىسى ئازراق ئوچۇقمىش ۋە قولۇمدا ناھايىتى مەزمۇت بىر ساۋۇتنى مەھكەم تۇتۇۋاتقۇدەكمەن»، دېدى ۋە ھېلىقى بوغۇزلانغان كالىنى ئۆز ئەسھابلىرىدىن بىر قانچە كىشىنىڭ شېھىت بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا، قىلىچىدىكى ئازراق ئوچۇقلۇقنى ئۆز جەمەتىدىن بىرسىنىڭ چىقىم بولىدىغانلىقىغا ۋە قولىدا چىڭ تۇتۇۋالغان ھېلىقى ساۋۇتنى مەدىنە مۇنەۋۋەرگە ئۆرۈپ ئۆز چۈشىگە تەبىر بەردى.

ئۇ مۇنداق دېدى: «مېنىڭچە بىز مەدىنىدىن چىقماي پۇختا مۇداپىئەلىنىپ تۇرۇۋېرەيلى، ناۋادا مۇشرىكلار ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، ئەرلەر كوچا دوقمۇشلىرىدا، ئاياللار ئۆي ئىمارەت ئۆگزىلىرىدىن تاش تاشلاپ زەربە بەرسۇن. ئەمما، ئۇلار بارگاھىدا يېتىۋەرسە بىزگە ھېچ پايدا ـ زىيىنى يوق، مۇشرىكلار ئۆزلىرى چىقىمدار بولىدۇ، خالاس»، دېدى. مانا بۇ دانا پىكىر بولغان ئىدى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن بۇ پىكىرگە تۈنجى بولۇپ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل (مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى) قوشۇلدى. ئۇ بۇ يىغىنغا ئۆزىنىڭ خەزرەج پېشىۋالىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن قاتناشقانىدى. ئېنىقكى، ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ پىكىرىنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ بولغۇچە دەرھال قوللاپ، ئىپادە بىلدۈرۈشى ھەرگىز ئۇنىڭ پىكىرنى ھەربىي ئىستراتېگىيە جەھەتتىن توغرا، دانا پىكىر بوپتۇ، دەپ ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئۇرۇشتىن قاچۇرۇپ قېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىۋېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئوي ـ پىلانلىرىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئاللاھ تائالا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى مۇسۇلمانلار ئالدىدا (تۈنجى قېتىملىق ھىيلىسىدىلا) رەسۋا قىلىشنى، ئۇلارنىڭ ئىسلامنى دەۋا قىلىپ، ئەمما دىللىرىدا كۇفرى ۋە مۇناپىقلىقنى يوشۇرۇپ يۈرۈۋاتقان پەسكەشلىك نىقابىنى ئېچىپ تاشلاشنى ۋە مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە تون ـ سەللىلىرى يەكتەكلىرى ئىچىدە تېپىرلاپ قالىدىغان زەھەرلىك يىلان ـ چايانلارنى بىر قېتىم كۆرسىتىپ قويۇشنى خالىدى چېغى، ئويلىمىغان يەردىن بۇ پىكىر رەت قىلىنىپ كەتتى.

بەدرى ئۇرۇشىدا جەڭگە قاتنىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان بىر بۆلۈك پازىل ساھابىلەر رەسۇلۇللاھقا دۈشمەنىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇرۇشۇش تەكلىۋىنى بېرىپ، قاتتىق چىڭ تۇردى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى سۆز قىلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ئۇزۇندىن بېرى مۇشۇنداق بىر شەرەپلىك كۈننى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتۇق ۋە ئاللاھتىنمۇ تىلەپ يۈرەتتۇق. ئاخىر ئاللاھ بۇ كۈننى بىزگە مۇيەسسەر قىلىپتۇ. ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشىدىغان بوپتۇ. بىزنى دۈشمەنىنىڭ ئالدىغا باشلاپ چىققىن. ئۇلار بىزنى «قورقتى»، دەپ قالمىسۇن» دېدى.

مۇشرىكلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، نەخ مەيداننىڭ ئۆزىدە بىر تەرەپ بولۇشنى قىزغىن ئارزۇ قىلىدىغان جەڭ خۇمار ئەزىمەت باتۇرلار ئىچىدە رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى (بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆزىنىڭ قىلىچۋازلىقى بىلەن ناھايىتى زور تۆھپە كۆرسەتكەن) ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپمۇ بار ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھقا: «ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلغان ئاللاھ بىلەن

قەسەمكى، مەن ئۇلار بىلەن مەدىنە سىرتىدا قىلىچ سوقۇشتۇرمىغۇچە ئېغىزىمغا ئۇۋاق سالمايمەن»، دېدى.

رەسۇلۇللاھ كۆپ سانلىق جامائەتنىڭ پىكرى ئالدىدا ئۆز رايىنى ئىزاھلاپ ئولتۇرمىدى، نەتىجىدە ئەڭ ئاخىرقى قارار مەدىنىدە دۈشمەنىنىڭ تېگىش قىلىشنى كۈتۈپ ئولتۇرماي نەخ مەيدانغا چىقىپ، تىغمۇ-تىغ ئېلىشىپ مەردانە بىر تەرەپ بولۇشقا تەيىن تاپتى.

## ئىسلام قوشۇنىنى تەشكىللەش ۋە جەڭ مەيدانىغا يۈرۈش قىلىش

شۇ كۈنى رەسۇلۇللاھ ساھابىلەر بىلەن ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئانچە-مۇنچە باش قوشۇۋالغاندىن كېيىن مەدىنە خەلقى بىلەن جۈمە نامىزىنى بىرگە ئوقۇدى. ئۇ جۈمە خۇتبىسىدا جامائەتچىلىككە نۇتۇق سۆزلەپ ۋەز-نەسىھەت قىلدى. ئومۇمىي خەلقنى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، جەڭگىۋار ۋە جىددىي ھالەتتە تۇرۇشقا چاقىردى. مۇسۇلمانلارغا ئۇلار سەبىرلىك، سۇباتلىق ۋە ئىرادىلىك بولسىلا، غەلىبە-نۇسرەت مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى ھەمدە ھەممەيلەن بىرلىكتە تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە چاقىردى. كۆپچىلىك رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ چاقىرىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، كۆز يېشى قىلىشتى ۋە خۇشنۇد بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

جۈمە نامىزىدىن كېيىن كىشىلەر توپ-توپ بولۇپ يىغىلىشقا باشلىدى. مەدىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ئاھالىلارمۇ كېلىپ بولدى. ئۇنىڭغا قەدەر ناماز ئەسىرنىڭ ۋاقتىمۇ كىرىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلار بىلەن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇلار ئۆيدە رەسۇلۇللاھقا سەللە ۋە جەڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئىككى ساۋۇتنى قوشلاپ كىيىپ، قىلىچىنى يانغا ئېسىپ، تولۇق قوراللانغان ھالدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىغا چىقتى.

بۇنىڭغىچە كىشىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ تېزراق چىقىشىنى تەقەززارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى. چۈنكى، سەئەد ئىبنى مەئاز بىلەن ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير كۆپچىلىككە تاپا قىلىپ: «رەسۇلۇللاھنى دۈشمەنىنىڭ ئالدىغا چىقىشقا زورلىدىڭلار، بۇ ئىش ئوبدان بولمىدى. ئىختىيارنى رەسۇلۇللاھقا قويساق ياخشى بولاتتى»، دېگەن. شۇڭا، ئۇلار رەسۇلۇللاھقا ئالدى پەشلىك قىلىپ سالغانلىقلىرىغا پۇشايمان قىلىشىپ: «رەسۇلۇللاھ چىقىپ بىر نېمە دېسۇن»، دېيىشىپ تۇرغانىدى. رەسۇلۇللاھ ھۇجرىسىدىن ئىككى ساھابىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، تولۇق قوراللانغان ھالدا چىقىپ كېلىۋىدى، ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! سېنىڭ پىكرىڭگە قوشۇلماسلىقىقا ھەددىمىز ئەمەس ئىكەن، شۇڭا ئۆزۈڭ چاغلاپ بۇيرۇق قىلغىن، ئەگەر مەدىنىدە تۇرۇشنى ياقتۇرساڭ، شۇنداق قىلايلى»، دېيىشتى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا : «پەيغەمبەر بولغان كىشى ئۇرۇش كىيىمىنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن ئاللا ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىنى بىر تەرەپ قىلمىغۇچە ئۇنى سېلىپ تاشلاشقا بولمايدۇ»، دېدى. ئاندىن قوشۇننى رەتكە سېلىپ، ئۇلارنى ئۈچ قىسىمغا بۆلدى.

1. مۇھاجىرلار قىسمى. بۇلارنىڭ ئەلەمىنى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير (ئابدۇددار جەمەتىدىن) گە تۇتقۇزدى.
2. ئەۋس ئەنسارلار قىسمى. بۇلارنىڭ ئەلەمىنى ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەيرگە تۇتقۇزدى.
3. خەزرەج ئەنسارلار قىسمى. بۇلارنىڭ ئەلەمىنى ھۇباب ئىبنى مۇنزىرگە تۇتقۇزدى.

قوشۇن زەبەردەس 1000 كىشىدىن تەركىب تاپتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 100 ساۋۇتلۇق (تۆمۈر كىيىملىك) ۋە 50 ئاتلىق بار ئىدى (يەنە بىر سۆزدە بىرمۇ ئاتلىق يوق ئىدى دېيىلگەن). مەدىنىدە ئۆز ئورنىدا جامائەتچىلىككە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە ۋە شەھەر مەمۇرىيىتىگە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇمنى بەلگىلىدى. ئاندىن قوشۇنغا قوزغىلىشقا بۇيرۇق بەردى، قوشۇن شىمال تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. سەئدە ئىبنى ئۇبادە بىلەن سەئدە ئىبنى مەئاز ئىككىسى تولۇق قوراللىنىپ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا ھەيۋەت بىلەن قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى.

قوشۇن مەدىنە كوچىلىرىدىن ئايرىلىپ سەنىيەتۇلۋىدا دېگەن جايدىن ئۆتۈۋىدى، خېلى يىراقتا ئىسلام قوشۇنىدىن ئايرىم سەرخىل بىر قوشۇننىڭ شۇ يۆنىلىشتە قارا كۆرۈنۈش كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. رەسۇلۇللاھ: «بۇ كىملەر؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇلار خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان يەھۇدىيلار ئىكەنلىكى، مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا چىققانلىقى خەۋەر قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ: «ئۇلار مۇسۇلمان بوپتىمۇ؟» دەپ سورىدى. ساھابىلار: «ياق، ئۇلار مۇسۇلمان بولغىنى يوق»، دېيىلگەندى رەسۇلۇللاھ: «كافىرلاردىن مۇشرىكلارغا قارشى ياردەم سوراشقا بولمايدۇ»، دەپ ئۇلارنىڭ بۇ سەپكە قېتىلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى.

## قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرۈش

رەسۇلۇللاھ يەھۇدىيلار قوشۇنى مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، «شەيخان» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەرگە بارغاندا قوشۇننى توختۇتۇپ، قايتا رەتكە سېلىپ كۆزدىن كەچۈردى. يېشى كىچىك جەڭ مەيدانىنىڭ جاپالىرىغا قەت قىلالمايدۇ، دەپ قارىغانلىرىنى قايتۇرۇۋەتتى. قايتۇرۇلغانلار ئىچىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر ئىبنى خەتتاب، ئۇسامە ئىبنى زەيد، ئۇسەيد ئىبنى زۇھەير، زەيد ئىبنى سابىت، زەيد ئىبنى ئەرقەم، ئەرابە ئىبنى ئەۋس، ئەمرى ئىبنى ھەزمى، ئەبۇ سەئىد خۇدرىيى، زەيد ئىبنى ھارىس ئەنسارى ۋە سەئدە ئىبنى ھەببە قاتارلىقلار بار ئىدى. زىكىر قىلىنىشىچە، ئۇلار قاتارىدا يەنە بەررا ئىبنى ئازىبمۇ بار ئىكەن. بىراق، ئۇنىڭ سەھىھبۇلبۇخارىيدىكى ھەدىسى ئۇنىڭ جەڭگە قاتناشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. رەسۇلۇللاھ رافىئ ئىبنى خەدىيج بىلەن سۇمرە ئىبنى جۇندۇبقا ئۇلارنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلدى. سەۋەبى ئىبنى رافىيە ئىبنى خەدىج ئۇستا مەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، جەڭگە قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلغانىدى. بۇنى كۆرگەن سۇمەررە ئىبنى جۇندۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ: «مەن رافىئدىن كۈچلۈك، چېلىشسام ئۇنى چۈقۇم يېقىتىمەن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ سالدى ۋە: «ئۇنداق بولسا كۆز ئالدىمىزدا چېلىشىپ بېقىڭلار»، دېدى. رافىئ ئىبنى خەدىج ۋە

سۇمرە ئىبنى جۇندۇب ئىككىسى ئۇرنىدىن تۇرۇپ، بەلدىن شۇنداق بىر تۇتۇشى ـ دە، ھەش ـ پەش دېگۈچە سۇمرە ئىبنى جۇندۇب رافىئنى يىقىتىپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سۇمرە ئىبنى جەندۇبقىمۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلدى.

## ئوھۇد تېغى بىلەن مەدىنە ئارىلىقىدىكى قونالغۇ

مۇشۇ يەردە كەچ كىرىپ گۇگۇم چۈشۈپ قالدى. رەسۇلۇللاھ قوشۇن بىلەن ناماز شامنى ئوقۇدى. ئارقىدىن خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ، شۇ جايداقونۇپ قالدى ۋە 50 كىشىنى تاللاپ قوشۇن چۈشكەن بارگاھ ئەتراپىنى قوغداشقا قويدى. ئۇلار شۇ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرۈپ قاراۋۇللۇق قىلدى. بۇلارغا مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە (كەئەب ئىبنى ئەشرەپنى ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىدىكى پىدائىيلار باشلىقى) مەسئۇل قىلىندى ۋە زەكۋان ئىبنى قەيس مەخسۇس رەسۇلۇللاھنى قوغداشقا مەسئۇل بولدى.

## ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى

رەسۇلۇللاھ تاڭ يورۇشتىن سەل ئىلگىرى قوزغىلىپ بىر مەھەل يول يۈردى، بىر چاغدا «شەۋت» دېگەن بىر يەرگە يېتىپ بېرىۋىدى، تاڭ يورۇپ بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ يەردە توختاپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ دۈشمەنگە خېلى يېقىن جايغا كېلىپ قالغان بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى ئېنىق كۆرەلەيتتى. دەل مۇشۇ يەردە مۇناپىق ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي مۇسۇلمانلارغا ئاسىيلىق قىلدى. ئۇ: «بىز قاچانغىچە ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ يۈرىيمىز، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولغان بولغان كىشىمۇ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرالماي، باشقىلارنىڭ ئېيىسگە كىرىپ كەتتى»، دەپ يوقىلاڭ باھانە ـ سەۋەپلەرنى كۆرسىتىپ ئەسكەرلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى (ئۈچ يۈزدەك جەڭگە يارايدىغان كىشىنى) قايتۇرۇپ كەتتى.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ بۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئاسىيلىق قىلىشى ھەرگىز بۇ مۇناپىق ئېيتقاندەك رەسۇلۇللاھ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرالماي باشقىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ كەتكەنلىكتىن بولغان ئەمەس. ئەگەر ئىش دېگەندەك بولىدىغان بولسا، ئىسلام قوشۇنى بىلەن مۇشۇ يەرگە قەدەر ھەرگىز بىللە چىقمىغان بولاتتى. بەلكى، ئۇنىڭ ئېيتقىنى باھانە بولىدىغان بولسا، مۇسۇلمانلار مەدىنىدىن قوزغالغاندىلا قوشۇندىن ئايرىلىپ قالسا بولاتتى. بىراق، ئۇنىڭ مۇشۇ يەرگە قەدەر ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە تىزىلىپ كېلىپ، مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە كەلگەندە قوشۇنغا ئاسىيلىق قىلىپ جەڭ ئالدىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشتىكى مەقسىتى دۈشمەننىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ، قولىقىغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ، مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئىچىدە مالىمانچىلىق ۋە ئەندىشىۋى داۋالغۇش پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنداق قىلغاندىلا ئىسلام قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمى رەسۇلۇللاھنى تاشلاپ كېتىپ قالىدۇ ـ دە، قالغانلارنىڭمۇ روھى چۈشۈپ، ئىرادىسى بوشايدۇ. ئەكسىچە، بۇنداق مەنزىرىنى كۆرگەن دۈشمەن تەرەپ قېنىقىنغا پاتماي قالىدۇ.

نەتىجىدە بۇ ۋەزىيەت رەسۇلۇللاھنى چىن دىلىدىن سۆيگۈچى سەممىمىي، ئاقكۆڭۈل ساھابىلەرنى يوقىتىشقا پايدىلىق بولىدۇ. بۇلار يەر يۈزىدىن غايىپ بولسا، مەدىنە تەۋەسىدىكى ئەرزىمەس ھوقۇق ـ رىياسەتچىلىك دېگەنلەر ئاشۇ مۇناپىق ۋە ئۇنىڭ يالاقچى قول ـ چوماقچىلىرىنىڭ قولىغا قايتىپ كېلىشكە شارائىت ھازىرلىنىدۇ. ئەمىلىيەتتىمۇ بۇ مۇناپىق كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتكىلى تاسلا قالدى. ئەۋس قەبىلىسىدىن بەنى ھارىس ئايىمقى ۋە خەزرەج قەبىلىسىدىن بەنى سەلىمە ئايىمقى قاتارلىق ئىككى جەمەت كىشىلىرى چېكىنىپ قايتماقچى بولدى. لېكىن، ئاللاھ بۇ ئىككى قەبىلە كىشىلىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىدى. ئۇلار ئىدىيە جەھەتتە قاتتىق ئېزىپ، ئىچكى ـ تاشقى ئىغۋالارنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن رەسۇلۇللاھنى تاشلاپ، چېكىنىپ قايتىش ئىرادىسىگە كېلىپ بولغاندىن كېيىن توختاپ قېلىشتى. بۇلار ھەققىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ همّت طّآئفتان منكم أن تفْشلا والله وليّهما وعلى الله فلْيتوكّلِ الْمؤْمِنون﴾ «ئۆز ۋاقتىدا سىلەردىن ئىككى گۇرۇھ (يەنى سەلەمە ئايىمقى بىلەن بەنى ھارىسە ئايىمقى) ئاجىزلىق كۆرسەتمەكچى (يەنى قورقۇپ ئۇرۇش مەيدانىدىن قايتماقچى) بولدى ، ئاللا ھ ئۇلارنىڭ مەدەتكارى ئىدى. (مۆمىنلەر جىمى ئەھۋالى ۋە جىمى ئىشلىرىدا) ئاللاغىلا تەۋەككۇل قىلسۇن!» («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 122 ـ ئايەت).

ئابدۇللاھ ئىبنى ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (جابىر رەزىيالللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاتىسى) بۇ مۇناپىقلارغا مۇشۇنداق جىددىي پەيتتىكى مەجبۇرىيىتىنى ئەسلىتىپ قويماقچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن باردى ۋە ئۇلارغا سەپكە قايتىش توغرىسىدا چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ: «قايتىڭلار! ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇرۇشقا قاتنىشىڭلار، ھېچبولمىغاندا مۇداپىئەدە بولسىمۇ تۇرۇپ بېرىڭلار»، دېگەندە، ئۇلار: «بىز ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى بىلسەك قايتمايتتۇق، ئەمدى بۇ يەرگە كېلىپ بولدۇق»، دەپ يۈز ئۆرۈپ مېڭىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ھەرام: «ئاللاھ سىلەرنى يىراق قىلسۇن، ئى خۇدانىڭ دۈشمەنلىرى! ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىنى سەنلەرنىڭ ياردىمىدىن چوقۇم بىھاجەت قىلغۇسى!» دەپ قويۇپ قوشۇنغا قايتتى. بۇ مۇناپىقلار ھەققىدە ئاللاھ تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿وليعْلم الّذين نافقواْ وقيل لهمْ تعالواْ قاتلواْ في سبيل الله أو ادفعوا قالوا لوْ نعْلم قتالاً لاَتّبعْناكمْ همْ للْكفر يوْمئِذٍ أقْرب منْهمْ للإيمان يقولون بأفْواههم مّا ليْس فِي قلوبهمْ والله أعلم بما يكْتمون﴾ «ۋە مۇناپىقلارنى بىلىش (يەنى ئايرىش ئۈچۈندۈركى، ئۇلارغا: ‹كېلىڭلار، ئاللا يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار ياكى (ئۆزەڭلارنى) قوغداڭلار›، دېيىلسە، ئۇلار: ‹ئۇرۇشتىن خەۋەر تاپقان بولساق، ئەلۋەتتە، سىلەرگە ئەگىشەتتۇق (يەنى سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلاتتۇق)› دېدى. ئۇ كۈندە ئۇلار ئىمانغا قارىغاندا كۇفرىغا يېقىن ئىدى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە يوق نەرسىلەرنى ئېغىزلىرىدا دېدى، ئۇلار يوشۇرغاننى (يەنى نىفاق بىلەن مۇشرىكلىكنى) ئ اللاھ ئوبدان بىلىدۇ». (سۈرە ئال ئىمران 167 ـ ئايەت)

## ئىسلام قوشۇنى ئوھۇد تېغىدا

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي باشچىلىقىدىكى مۇناپىقلار گۇرۇھى مۇسۇلمانلارغا قىيىن پەيتتە ئاسىيلىق قىلىپ، جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، رەسۇلۇللا

قالغانلار بىلەن دۈشمەن تەرەپكە قاراپ يولنى داۋاملاشتۇردى. مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ بىر قانچە جايدىكى ھەربىي بارگاھلىرى رەسۇلۇللاھ بىلەن ئوھۇد تېغى ئارىلىقىنى تۇسۇپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ: «كىم بىزنى دۈشمەنگە ئۇچراشتۇرماي، ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە باشلاپ چىقالايدۇ»، دېدى. ئەبۇ خەيسەمە: «مەن باشلاپ چىقاي، ئى رەسۇلۇللاھ!» دەپ قوشۇننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يول باشلاپ ماڭدى. ئۇ دۈشمەننىڭ بارگاھىنى كۆن پېتىش (سول تەرەپ)كە تاشلاپ ئوڭ قولنى بېسىپ مېڭىپ بەنى ھارىسە ئايمىقى تەۋەسىدىكى تاشلىق ۋە ئېتىزلىقلار بىلەن ئۇھۇد تېغىغا چىققىلى بولىدىغان بىر چىغىر يولنى بويلاپ ماڭدى. قوشۇن بۇ يول داۋامىدا مىربەئ ئىبنى قەيزى (ئۇ كۆزى كور مۇناپىق ئىدى) نىڭ بېغىدىن كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. ئۇ ئىسلام قوشۇنىنىڭ ھويلىسىغا كىرگەنلىكىنى سەزگەندىن كېيىن قاتتىق چالۋاقاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ يۈزىگە توپا چېچىپ ئاھانەت قىلغىلى تۇردى. ئۇ مۇنداق دەيتتى : «ھەرقانچە رەسۇلۇللاھ (ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ) بولساڭمۇ بېغىمغا كىرىشكە يول قويمايمەن». بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر نەچچە كىشى ئۇنى ئۆلتۈرگىلى قىلىچلىرىنى شىمايلاپ بارغانىدى، رەسۇلۇللا: «ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار! ئۇ دېگەن دىلى كور، كۆزى قارىغۇ ئادەم ئىكەن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ قوشۇن بىلەن بۇ يەردىن ئۆتۈپ ۋادىنىڭ مەدىنىگە يىراق چېتىدىكى ئوھۇد تېغى باغرىغا بېرىپ چۈشتى. نەتىجىدە دۈشمەن قوشۇنى مۇسۇلمانلار بىلەن مەدىنە ئوتتۇرىسىدا پاسىل بولۇپ تۇردى

## مۇداپىئە پىلانى

بۇيەردە رەسۇلۇللاھ قوشۇننى سەپەرۋەر قىلدى ۋە ئۇلارنى سەپكە تىزىپ جەڭگە تەييار تۇرغۇزدى. ئاندىن 50 دەك ئوقياچى مەرگەننى تاللاپ، ئوقياچى قىسمى تەشكىللىدى ۋە ئالدىنقى يىلى بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير ئىبنى نۇئمان ئەنسارىنى بۇ قىسمىنىڭ قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى. ئاندىن ئۇلارنى قەنات ۋادىسىنىڭ جەنۇپ قىرغىقىغا ــ مۇسۇلمانلار قوشۇنى قوماندانلىق شتابىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا تەخمىنەن 150 مېتىر يىراقلىقتىكى تاغ (تۆۋەندە بۇ تاغ ئوقياچىلار تېغى دەپ ئاتىلىدۇ) ئۈستىدىن ئورۇن ئېلىشقا بۇيرىدى. بۇنىڭدىن مەقسەت، رەسۇلۇللاھ ئوقياچىلار قىسمىغا ئېيتقىنىدەك، دۈشمەن ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىپ، زەربە بېرىشىنى توسۇش ئىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ قىسمىنىڭ قوماندانى ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيرگە ئالاھىدە تاپىلاپ: «بىزنى ئوقيا كۈچى ئارقىلىق دۈشمەن ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ئارقىدىن زەربە بېرىشىدىن قوغدىغىن، ئۇلار ئارقا تەرىپىمىزدىن كېلەلمىسۇن، مەيلى غەلىبە قىلايلى، مەيلى مەغلۇپ بولايلى، سەن ئورنۇڭدىن ئايرىلمىغىن، بىز بۇ تەرەپتىن خاتىرجەم بولايلى!» دېدى. ئاندىن ئوقياچىلارغا ئومۇمىيۈزلۈك بۇيرۇق قىلىپ: «سىلەر ئارقا تەرىپىمىزنى ئوبدان قوغداڭلار، بىز مەيلى يېڭەيلى، مەيلى يېڭىلەيلى، كارىڭلار بولمىسۇن (يەنە بىر رىۋايەتتە، مەغلۇب بولساق ياردەمگە كەلمەڭلار، غەنىمەت ئالغىلى باشلىساق، يىغىشىپ بېرەيلى دېمەڭلەر)»، دېدى.

ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «گەرچە بىزنىڭ جەسەتلىرىمىزنى يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ تىتىپ يېگەنلىكىنى كۆرسەڭلارمۇ، مەن ئادەم ئەۋەتمىگۇچە ئورنۇڭلاردىن ئايرىلماڭلار، مەيلى غەلىبە قىلىپ، دۈشمەننىڭ گەجگىسىگە قىلىچ ئۇرساقمۇ، مەن ئادەم ئەۋەتمىگۇچە ئورنۇڭلاردىن ئايرىلماڭلار دېگەنىدى»، دېيىلدى.
رەسۇلۇللاھ بۇ قىسىمنى يۇقىرىقىدەك كەسكىن ھەم قەتئىي ھەربىي بۇيرۇقلار بىلەن بۇ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بۇ تاغقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق مۇشرىكلار ئاتلىق قوشۇنىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىپ، پىيادىلىكلەر قىسمى ئالدىدىن ھۇجۇم قىلىپ، تەڭ قول سېلىش ۋە قورشاپ يوقىتىش ئېھتىمالى بولغان بىردىنبىر چوڭ يوچۇقنى ئەتتى. ئاندىن قالغانلارنى قىسىمغا بۆلۈپ، ئوڭ قانات قىسىمغا مۇنزىر ئىبنى ئەمرىنى، سول قانات قىسىمغا زۇبەير ئىبنى ئاۋۋامنى قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. مىقداد ئىبنى ئەسۋەدنى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامغا ياردەمچى قىلىپ بەردى. زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام باشچىلىقىدىكى قىسىمغا، ئاساسلىقى خالىد ئىبنى ۋەلىد باشچىلىقىدىكى دۈشمەن ئاتلىق قوشۇنغا تاقابىل تۇرۇش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. قوشۇن ئىچىدىن بىر بۆلۈك باتۇر-ئەزىمەتلەرنى تاللاپ، ئالدىنقى سەپكە ئورۇنلاشتۇردى.

بۇ ھەقىقەتەنمۇ توغرا ۋە ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇش بولغانىدىكى، بۇنىڭدا رەسۇلۇللاھنىڭ ھەربىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى قابىلىيىتى يەنە بىر قېتىم نامايەن بولدى. ھەر قانداق بىر ھەربىي ئالىم مەيلى ئۇنىڭ ئىقتىدارى قانچىلىك يۇقىرى بولۇپ كەتسۇن، بۇنىڭدىن پۇختا ۋە تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرالىشى ناتايىن. ئالايلى، رەسۇلۇللاھ ئۇرۇش مەيدانىغا دۈشمەن قوشۇنىدىن خېلى كېيىن يېتىپ كەلگەن تۇرۇقلۇق، جەڭ قىلىشقا ئەڭ ئەپلىك جاينى تاللاپ، ئىگەللىدى. ئارقا ۋە ئوڭ تەرىپىنى ئېگىز تاغ تىزمىلىرى بىلەن ئەتتى. سول تەرەپتىكى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان تۈزلەڭلىك خەۋپى بوشلۇقىنى ئوقياچىلار قىسمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن تولدۇردى. ئۆزىنىڭ قوماندانلىق شتابى ئۈچۈن، تاساددىپىي مۇسۇلمانلارغا مەغلۇبىيەت يۈزلىنىپ قالسا، دۈشمەننىڭ قوغلاپ زەربە بەرگۈچى قىسمىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالماي قېچىپ مۇداپىئەلىنىشۋالغىلى بولىدىغان، ئەمما دۈشمەن تەرەپ بۇ جاينى ئىگەللىمەكچى بولسا، ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرايدىغان، ئورنى ئېگىز، ئېستراتېگىيىلىك بىر جاينى تاللاپ بېكىتتى. دۈشمەنلەرنى بولسا ئۇلار مۇسۇلمانلارغا غالىب كەلگەن تەقدىردىمۇ ئاسانلىقچە ئۇرۇش مېۋىسىنى قولغا چۈشۈرەلمەيدىغان، مەغلۇپ بولغان تەقدىردە مۇسۇلمانلار قوغلاپ زەربە بەرگۈچى قىسمىنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قوتۇلالمايدىغان تۆۋەن بىر ئويمانلىقتا قالدۇردى. شۇنداقلا قوشۇنىنىڭ ئەسكىرى جەھەتتىكى ئازلىقىنى ساھابىلەر ئىچىدىكى يارامىلىق، باتۇر ئەزىمەتلەردىن بىر بۆلۈك كىشىلەرنى تاللاپ ئالدىنقى سەپكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق تولۇقلىدى. مانا مۇشۇنداق قىلىپ، ھىجرىيىنىڭ 3 - يىلى شەۋۋال (10 - ئاي)نىڭ 7 - كۈنى شەنبە سەھەر مەدىنە قوشۇنىنىڭ جەڭ تەييارلىقى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ قوشۇنغا جەڭگىۋارلىق روھى بەخش ئېتىشى

رەسۇلۇللاھ قوشۇننى تاكى ئۆزى بۇيرۇق چۈشۈرمىگۈچە ئالدىراپ قول سېلىشتىن توستى. ئۇستىگە ئىككى ساۋۇتنى قوشلاپ كىيىپ، جەڭگىۋار قىياپەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى ۋە ئەمەلىي كۈچ چىقىرىپ، دۈشمەنگە يولۇققاندا قەتئىي سۇباتلىق ۋە جاسارەت كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىق روھىنى ئۇرغۇتۇپ، قولىدىكى يالىڭاچ تۇرغان قىلىچنى پۇلاڭلىتىپ: «كىم بۇ قىلىچنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ھەققىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلالايدۇ؟» دېدى. بىر قانچەيلەن (ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، ئۆمەر ئىبنى خەتتابلارمۇ بار ئىدى): «مەن، ئى رەسۇلۇللاھ!» دەپ ئالدىغا چىقتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىغا تېخىچە ئىپادە بىلدۈرمىگەنىدى. ئەبۇ دۇجانە (ئەسلى ئىسمى سىماك ئىبنى خەرشەنە) سەپتىن چىقىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ قىلىچنىڭ قانداق ھەقلىرى بار؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: «تاكى دۈشمەن ئارقىغا چېكىنگۈچە توختىماي ئۇرۇسەن، ئۇنىڭ ھەققى شۇ»، دېگەنىدى. ئەبۇ دۇجانە: «ئۇنداق بولسا ماڭا بەرگىن، ئۇنىڭ ھەققىنى مەن ئادا قىلاي»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ بۇ قىلىچنى ئەبۇ دۇجانىگە بەردى.

ئەبۇ دۇجانە جەڭخۇمار، باتۇر ئەزىمەت ئىدى. ئۇ جەڭنى كۆرسە تەنلىرى يايراپ، يۈرەكلىرى ئويناپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بىر قىزىل بەلبېغى بار بولۇپ، ئۇ ھېلىقى بەلباغنى بېشىغا ئورىسىلا، كىشىلەر ئۇنى ئۆلۈم ئۈچۈن ئۇرۇشماقچى، دەپ بىلەتتى. بۇ قېتىم ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قىلىچىنى قولىغا ئېلىپلا، ھېلىقى قىزىل بەلۋېغىنى بېشىغا ئورىدى ۋە تەكەببۇرانە قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، سالماق قەدەم تاشلاپ، سەپلەرنى ئارىلاپ مېڭىپ چىقتى. رەسۇلۇللاھ بۇ چاغدا: «ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ مېڭىشلىرىنى مۇشۇنداق ئورۇندا ياقتۇرىدۇ»، دېدى.

## مەككە قوشۇنىنىڭ جەڭ تەييارلىقى

ئەمما، مۇشرىكلار تەرەپمۇ قوشۇنلىرىنى ھەربىي ئىنتىزام بويىچە ئورۇنلاشتۇردى. ئەبۇ سۇفيان قوشۇننىڭ ئالىي باش قوماندانى بولدى. ئوڭ قانات قىسمىغا خالىد ئىبنى ۋەلىد (بۇ چاغدا ئۇ تېخى مۇشرىك ئىدى)، سول قانات قىسمىغا ئىكرەمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل، پىيادىلىكلەرگە سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە، ئوقياچىلار قىسمىغا ئابدۇللاھ ئىبنى رەبىيئەلەر مەسئۇل قوماندان بولدى. ئەلەم ئابدۇددار جەمەتىدىن سۇباتلىق دەپ تونۇلغان بىر تۈركۈم كىشىلەرگە تاپشۇرۇلدى. ئەلەمدارلىق شۇ جەمەتىنىڭ ئابدۇمانافنىڭ ئەۋلادلىرى بوۋىسى قۇسەي ئىبنى كىلابتىن مىراس قالغان ئەمەل ـ مەنسەپلەرنى بۆلۈشۈۋالغاندىن بېرى ئۆتەپ كېلىۋاتقان ئاتا مىراس ۋەزىپىسى ئىدى. ئەجدادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالغان تارىخى ئەنئەنىگە ھۆرمەت قىلىپ، ھېچ كىشى بۇ ئىمتىيازنى تارتىۋېلىشقا پېتىنالمايتتى. لېكىن، بۇ قېتىم قوشۇننىڭ ئالىي رەھبىرى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب بۇ جەمەت كىشىلىرىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغاپ، ئۇغۇزىنى ئېچىشتۇرۇپ، ئىرادىسىنى چىڭىتىش مەقسىتىدە بەدرى ۋەقەسىدە قۇرەيشلەرگە يەتكەن ئېغىر تالاپەتنى شۇ جەمەتتىن بولغان ئەلەمدار نەزر ئىبنى ھارىسنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئەسىر چۈشۈپ قالغانلىقىغا باغلاپ مۇنداق

دېدى: «ئى ئابدۇددار جەمەتى! ئەلەمنى بەدرى كۈنىمۇ سىلەر كۆتۈرگەنىدىڭلار، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بەدرىدە بىزگە ئېغىر تالاپەت يۈزلەندى. قوشۇنىنىڭ ھايات ـ ماماتى ئەلەمگە باغلىق. ئەلەم يېقىلسا قوشۇن يېقىلىدۇ، دېگەن گەپ. شۇڭا ئەلەمنى چىڭ تۇتۇپ، بىزنى خاتىرجەم قىلىڭلار ياكى ئۇنى بىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار، بىز سىلەرنى خاتىرجەم قىلايلى». ئەبۇ سۇفيان بۇ قېتىم چوتنى دەل جايىدا سوققانىدى. ئابدۇددار جەمەتىنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ گېپىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ نارازى بولدى ۋە ئۇنىڭغا يۈپۈرلۈپ تەھدىت سېلىپ: «تېخى بىز ئەلەمنى ساڭا تاپشۇرۇپ بېرەمدۇق؟ بىزنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىمىزنى ئۇرۇش بولغاندا كۆرگىن»، دېيىشتى.

ئابدۇددار جەمەتى ئۆز ۋەدىسىگە ھەقىقي ئەمەل قىلدى. ئۇلار جەڭ راسا كەسكىنلىشىپ، ئاساسلىق يوقىتىش نىشانى قىلىنغان ئەھۋالدىمۇ، جان ـ جەھلى بىلەن چىڭ تۇرۇپ ئاخىر ھەممىسى يوقىتىلدى.

## قۇرەيش دائىرلىرىنىڭ سىياسىي ھۇجۇم قوزغىشى

جەڭ چاقمىقى چېقىلىش ئالدىدا قۇرەيش دائىرىلىرى مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ۋە ئۇلارنىڭ سېپىدە بۆلگۈنچىلىك ۋە ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن بىر مەيدان سىياسىي ھۇجۇم قوزغىدى. دۈشمەننىڭ ئالىي رەھبىرى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب ئەنسارلارغا مەكتۇپ ئېتىپ: «بىزگە ئۆز پۇشتىمىز (رەسۇلۇللاھنى دېمەكچى)نى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، بىز قايتىپ كېتەيلى، سىلەر بىلەن ئۇرۇشۇش نىيىتىمىز يوق»، دېدى. لېكىن تاغدەك مۇستەھكەم ئىمان ئالدىدا بۇنداق ھىيلە ـ نەيرەڭلەر نېمىگە كار قىلاتتى ؟! ئەنسارلار ئەبۇ سۇفيانغا جاۋاب قايتۇرۇپ قاتتىق دەككىسىنى بەردى ۋە قۇلىقىغا ئاڭلىتىپ ئاھانەت قىلدى. سائەت نۆل يېقىنلىشىپ، ئىككى تەرەپ دېۋەيلەپ كەلمەكتە ئىدى. قۇرەيش دائىرلىرى ئالدىنقىغا ئوخشاش يەنە بىر مەيدان سىياسىي ھىيلە ـ نەيرەڭ ئويۇنى ئوينىدى. خائىن ئەبۇ ئامىر (ئەسلى ئىسمى ئابدۇئەمرى ئىبنى سەيىپ، جاھىلىيەتتە ئۇ راھىپ دەپ ئاتىلاتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى پاسىق دەپ ئاتىغان، ئۇ ئەنسارلارنىڭ ئەۋس قەبىلىسىدىن بولۇپ، جاھىلىيەتتە خېلى ھۆرمەتلىنەتتى. مەدىنىدە ئىسلام دىنى ئومۇملىشىۋىدى، ئۇ بۇنىڭغا چىدىمىدى ۋە رەسۇلۇللاھقا قارىتا ئاداۋەت ئېلان قىلىپ، مەدىنىدىن چىقىپ كەتتى. ئاندىن ئۇدۇل مەككىگە بېرىپ، قۇرەيش دائىرلىرى بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ، رەسۇلۇللاھقا قارشى ئۇرۇش قوزغاشقا چاقىردى ھەمدە ئۇلارغا: «مېنىڭ قەۋمىم سىلەرنى باشلاپ چىققانلىقىمنى كۆرسە، چوقۇم مۇھەممەدنى تاشلاپ بىز تەرەپكە ئۆتىدۇ»، دەپ ۋەدە قىلدى. ئاندىن ئۇ تۇنجى بولۇپ، ئاققۇن ھەبەشلەر ۋە مەككىنىڭ ياللانما ئەسكەرلەر قاتارىغا ئۆزىنى تىزىملىتىپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقانىدى) ئۇنلۇك توۋلىدى ۋە ئۆز قەۋمىگە تونۇشلۇق بېرىپ: «ئى ئەۋس جامائەسى! مەن ئەبۇ ئامىر بولىمەن»، دېدى. ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا: «ياخشىلىق كۆرمىگەيسەن، ئەي پاسىق!» دېيىشتى. ئەبۇ ئامىر: «ئىست قەۋمىم! مەندىن قېلىپ قاتتىق بۇزۇلۇپسىلەر»، دېدى (كېيىن ئۇ ئۇرۇش راسا قىزىغاندا، ئالايىتەن

ئۆز جەمەتىنى ئىزدەپ تېپىپ، شۇلارغا قىلىچ تەڭلىدى ۋە تاش ئاتتى). مانا مۇشۇنداق قىلىپ قۇرەيش دائىرىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار سىپىگە تەرتىقچىلىك سېلىش ئۈچۈن قوزغىغان ئىككىنچى قېتىملىق سىياسىي ھۇجۇمىمۇ بەربات بولدى. قۇرەيشلەرنىڭ بۇ ھىيلە ـ نەيرەڭ ئويۇنلىرىنى ئوينىشى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە مۇسۇلمانلاردىن كۆپ ئۈستۈن بولغىنى بىلەن يەنىلا قورقۇنچا ۋە ۋەھىمىدىن يۈرەكلىرى پۇلاڭلاپ، خەۋپسىرەپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

## قۇرەيش ئايال ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭ قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى

قۇرەيش ئايال ئەسكەرلىرى بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئايالى ھىندى بىنتى ئۇتبە بۇلارغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۇلار جەڭ سەپلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، غەزەل ئېيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ، داپ چېلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىق ئىرادىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى ۋە ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇپ، قارام تەلۋىلەرنىڭ قەھر ـ غەزىپىنى، قىلىچۋاز ۋە مۇبارىز چىلارنىڭ[①] قېنىنى قىزىتتى. ئۇلار بىردەم ئەلەمدارلارغا قارىتىپ:

ئابدۇددار يىگىتلىرى! ھوي، ھوي، ھوي... ...،
ئارقا سەپ ھىماتلىرى! ھوي، ھوي، ھوي... ...،
يالتىراق شەمشەر بىلەن،
ئېچىڭلار قىساس ئوتى ھوي، ھوي، ھوي... ...،

دېگەن شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلسا، يەنە بىر دەم قوشۇنغا ئومۇمىيۈزلۈك خىتاب قىلىپ:

ئالغا باسساڭ سۆيەرمىز، ھوي، ھوي، ھوي ... ...،
چۈشەك بولۇپ باغاشلاپ، ھوي، ھوي، ھوي ... ...،
ئەگەر قاچساڭ قاچۇرمىز، ھوي، ھوي، ھوي ... ...،
ئۈرۈپ، تېپىپ، كاچاتلاپ، ھوي، ھوي، ھوي ... ...،

دېگەن شېئىرلىرىنى ئوقۇدى.

## تۇنجى جەڭ ئۇچقۇنى

ئىككى تەرەپ دېۋەيلەپ كېلىپ، ئارىلىق يېقىنلىشۋىدى، ھەر ئىككىلىسى قاتار سەپ تارتىپ تۇرۇشتى. دەل مۇشۇ پەيتتە سائەتنىڭ ستىرېلكىسى ئۇرۇش پەيتىگە قەدەم قويدى ـ دە، مۇشرىكلارنىڭ ئەلەمدارى تەلھە ئىبنى ئەبى تەلھە مەيدانغا سەكرەپ چىقىپ تۇنجى بولۇپ جەڭ پىلىككىگە ئوت ياقتى. ئۇ قۇرەيش چەۋاندازلىرى ئىچىدە ئەڭ قارام، ئەڭ باتۇر دېگەن نام بىلەن تونۇلغانىدى. مۇسۇلمانلار ئۇنى قوشۇن سەركىسى دەپ ئاتايتتى. تەلھە راسا كىبىرلىشكەن بىر نار تۆگىگە مىنىپ، مۇبارىزە تەلەپ قىلىپ مەيدانغا چۈشتى.

[①] جەڭ باشلىنىشتىن بۇرۇن ئىككى تەرەپ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا يەكمۇ ـ يەك ئېلىشقۇچىلار.

كىشلەر ئۇنىڭ يۈرىكى شىجائىتىنى بىلگەچكە بىر ئاز تەپتارتقان چېغى، سەپ تىمتاسلىققا چۆمدى. لېكىن سەپلەرنى ئارىلاپ ئالدىغا چىققان زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام بۇ جىمجىتلىقنى بۇزدى. ئۇ تەلھەگە قارشى مەيدانغا چۈشۈپلا، يۈگۈرگەن پېتى يولۋاستەك سەكرەپ بېرىپ، ئۇنىڭ كەينىگە مىنىۋالدى، ئاندىن ئۇنى ھەش ـ پەش دېگۈچە پومداقلاپ يەرگە يىقىتىپ، قىلىچ بىلەن گاچ قويۇپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈپ تاشلىغۇەتتى.
رەسۇلۇللاھ بۇ ئاجايىپ ئېلىشىشنى كۆرۈپ: «ئاللاھۇ ئەكبەر»، دەپ توۋلىۋەتتى. مۇسۇلمانلارمۇ تەڭ: «ئاللاھۇ ئەكبەر»، دەپ توۋلاشتى. مەيداندا پەلەككە يەتكەن ياڭراق ئەكىس سادا پەيدا بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇبەيرنىڭ بۇ ھىممىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ: «ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ قوغدىغۇچىسى بولىدۇ، مېنىڭ قوغدىغۇچىم زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام»، دېدى.

## مۇشرىكلار ئەلەمىنىڭ ئەتراپىدا كەسكىن جەڭ بولغانلىقى ۋە ئەلەمدارلارنىڭ ھەممىسى يەر چىشلىگەنلىكى

تەلھەنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ ئۇرۇش ئوتى يامراپ كەتتى. جەڭ مەيدانىنىڭ ھەممە يېرىدە ئىككى تەرەپ كەسكىن تۇتۇشۇپ قېلىشتى. ئۇرۇشنىڭ ئۆلۈش ۋە ئۆلتۈرۈش چاقى مۇشرىكلار ئەلەمىنىڭ ئەتراپىدا كۆپرەك ئايلاندى. ئابدۇددار جەمەتىنىڭ ئادەملىرى ئۆزلىرىنىڭ باش سەركەردىسى تەلھە ئىبنى ئەبى تەلھە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا چۈشۈپ، ئەلەمنى يىقىتماي كۆتىرىپ، ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلدى. ئەلەمنى تەلھەدىن كېيىن ئۇنىڭ قېرىندىشى ئوسمان ئىبنى ئەبۇ تەلھە كۆتۈردى. ئۇ مەيدانغا چۈشۈپ مۇنداق بىر مىسرا شېئىر ئوقۇدى:

ئەلەمدارلارغا مەجبۇرىيەت، ئەلەمنى قەد كۆتۈرتمەكتۇر،
زەپەر ئىيلە قۇچۇپ غەلىبە يا شەرەپ ئىيلە ئۆلمەكتۇر.

ئۇنىڭغا قارشى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ مەيدانغا چۈشۈپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇنىڭ بىر قولىنى بىر قانچە يان قوۋۇرغىسى بىلەن بوقۇرۇۋەتتى. نەتىجىدە ئۇنىڭ يەل خالتىسى ۋە جىگەر، تاللىرى ئاشكارا كۆرۈنۈپ قالدى. ئاندىن ئەلەمنى ئەبۇ سەئەد ئىبنى ئەبۇ تەلھە قولىغا ئېلىپ، ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇلاڭلاتقىلى تۇردى، سەئەد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ راسا چەنلەپ بىر پاي ئوق ئېتىۋىدى، ئوق ئۇنىڭ گەجگىسىگە نەق تېگىپ، ئۇنىڭ تىلىنى چىقىرىۋەتتى. ئۇ ئورنىدىن قوزغىلالمايلا جان ئۈزدى (يەنە بىر رىۋايەتتە ئەبۇ سەئەد مەيدانغا چۈشۈپ، مۇبارىزە تەلەپ قىلغان. ئۇنىڭغا قارىتا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب چۈشۈپ، بىر ـ ئىككى قىلىچ سوقۇشتۇرۇپلا، ھايال قىلماي جەھەننەمگە ئۇزىتىۋەتكەن). ئەبۇ سەئەد ئىبنى ئەبۇ تەلھە يەر چىشلىگەندىن كېيىن ئەلەمنى مۇسافىئ ئىبنى تەلھە ئىبنى ئەبۇ تەلھە كۆتۈردى. ئۇ ئەلەمنى قولىغا ئېلىشىغىلا ئاسىم ئىبنى سابىت بىر پاي ئوق ئۈزۈپ، ئۇنىڭ پور تېرىكىنى ياچاق ئوقى بىلەن شاخلىتىپ قويدى. ئۇ «گۈپ» قىلىپ يىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىقىلغان ھامان ئەلەمنى ئۇنىڭ قېرىندىشى كىلاب ئىبنى ئەبى تەلھە كۆتۈردى. ئۇنىڭغا زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام چىققانىدى، ئىككىيلەن ئازراق تىركىشىپ، ئاخىر زۇبەير غالىب كەلدى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى ئۈزۈۋەتتى.

ئاندىن ئەلەمنى مەزكۇر ئىككىيلەننىڭ ئۈچىنچى قېرىندىشى جەللاس ئىبنى تەلھە كۆتۈرگەننىدى. ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلاردىن تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ بىر نەيزە ئۇرۇپ جېنىدىن جۇدا قىلدى (يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇنى ئاسىم ئىبنى سابىت ئوق بىلەن بىر تەرەپ قىلغۇەتكەن، دېيىلىدۇ). مانا بۇ ئالتە نەپەر ئەلەمدار بىر ئائىلە كىشىلىرى بولۇپ، ھەممىسى ئەبى تەلھە (ئەسلى ئىسمى ئابدۇللاھ ئىبنى ئوسمان ئىبنى ئابدۇددار)نىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. ئۇلار مۇشرىكلارنىڭ ئەلىمى ئەتراپىدا قاتار ياتقۇزۇۋېتىلدى. بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى تولۇق تۈگىگەندىن كېيىن ئەلەمنى ئابدۇددار جەمەتىدىن ئەرتەئە ئىبنى شۇرەھبىل كۆتۈردى. ئۇنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئۆلتۈردى (يەنە بىر رىۋايەتتە ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ ئۆلتۈرگەن دېيىلىدۇ). ئاندىن ئەلەمنى شۇرەيھ ئىبنى قارىز كۆتۈرگەننىدى. ئۇنى قەزمان (ئۇ گەرچە مۇناپىق بولسىمۇ، ئىسلام ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تەرەپبازلىق ئىدىيىسى بىلەن جەڭگە قاتناشقانىدى) ئۆلتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلەمنى ئەبۇ زەيد (ئەسلى ئىسمى ئەمر ئىبنى ئابدۇماناف) قولىغا ئېلىۋىدى، ئۇنىمۇ قەزمان ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. ئاندىن ئەلەمنى شۇرەھبىل ئىبنى ھاشىم (ئەبدەرىيىنىڭ يەنە بىر ئوغلى) كۆتۈرگەننىدى. ئۇنىمۇ قەزمان ئۆلتۈردى. مانا بۇ ئەلەمدارلار جەمەتىدىن بولغان ئون كىشى بىرسىمۇ قالدۇرۇلماي تولۇق يوقىتىلغاچقا، ئەلەمنى كۆتۈرىدىغانغا بۇ جەمەتتىن ئادەم چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ جەمەت كىشىلىرىنىڭ بىرسىنىڭ سەۋۋاپ ئىسىملىك بىر نېگىر قۇلى ئالدىغا چىقىپ، ئەلەمنى تىك كۆتۈردى. ئۇ شۇنداق جاسارەت ۋە شىجائەت كۆرسەتتىكى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلتۈرۈلگەن ئەلەمدار خوجايىنلىرىنىڭ ھېچقايسىسى بۇنىڭدەك سۇباتلىق ۋە چىدامچانلىق كۆرسەتمىگەننىدى. ئۇ ئەلەمنى كۆتۈرۈپ، داۋاملىق ئۇرۇشتى. ھەتتا بىر چاغدا قولى كېسىپ تاشلىنىۋىدى، ئەلەم خادىسىنى بويىنى بىلەن مۆرىسىگە قىسىپ، ئەلەمنى يىقىلىشتىن قوغداپ تۇردى. شۇنداقتىمۇ ئەجەل قىلىچى ئاخىر ئۇنى ئاررۇسىغا يەتكۈزمىدى. ئەلەم خادىسى ئۇنىڭ بويىنىدىن ئاجراپ يىقىلدى. ئۇ ئۈستى ـ بېشىغا قىلىچ چۈشۈۋاتسا: «ئەي ئاللاھ! بۇرچۇمنى ئادا قىلدىممۇ؟» دەيتتى. سەۋۋاپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئەلەم يەرگە تاشلىنىپ قالدى. ئۇنى كۆتۈرىدىغانغا ئادەم چىقمىغاچقا، توپىغا پۇچىلىنىپ، پاتپاراقچىلىقتا دەسسىلىپ قالدى.

## ھەر قايسى نۇقتىلاردىكى جەڭ قايىنىمى

ئۇرۇش چاقى مۇشرىكلارنىڭ ئەلىمى ئەتراپىدا ئۆلۈش ـ ئۆلتۈرۈش بىلەن جىددىي ئايلىنىۋاتقان بىر پەيتتە، جەڭ مەيدانىنىڭ ھەر قايسى ئورۇنلىرىدا كەسكىن ھەم دەھشەتلىك ئۇرۇشلار بولۇۋاتاتتى. ئىمان روھى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە ھەقىقىي كۈچىنى نامايەن قىلىپ، كۇفرى قوشۇنىنى شۇنداق سۈر توقاي قىلدىكى، ئۇلۇغ كەلكۈنگە توغان كار قىلمىغاندەك، ئۇلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئالدىدا دۈشمەن سەپلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئۇلار: «ئەمىيت، ئەمىيت»، دەيتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئوھۇد ئۇرۇشىدىكى مەخپىي بەلگىسى ئىدى. ئاشۇ قىزىق نۇقتىلارنىڭ بىرىدە ئەبۇ دۇجانە

(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) رەسۇلۇللاھنىڭ قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشقا ھەقىقىي ئىرادە باغلىغان ھالدا جەڭ مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ دۈشمەن بىلەن باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشۇپ، ھەتتا ئۆلارنىڭ سەپلىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى. ئۇ ئالدىغا كەلگەنلا مۇشرىكنى ئۆلتۈرۈپ، مۇشرىكلار سېپىنى پاتپاراق قىلىۋەتتى.

زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھتىن قىلىچنى ماڭا بېرىشنى ئۆتۈنگەن بولساممۇ، ئۇنى ماڭا بەرمەي ئەبۇ دۇجانىگە بەرگەن چېغىدا رەسۇلۇللاھتىن ئاغرىنغانىدىم. كۆڭلۈمدە: ‹مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ھاممائاچىسى سەفىييەنىڭ ئوغلى، قۇرەيشتىن تۇرسام، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئالدىغا قىلىچقا قول تەڭلەپ ئەبۇ دۇجانىدىن بۇرۇن بارغان تۇرسام، يەنىلا ئۇ قىلىچنى ماڭا بەرمەي ئەبۇ دۇجانىگە بەردى. ئەزىبىرايى خۇدا ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىر كۆرمىسەم›، دېدىم-دە، ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېنىدىن ھېلىقى قىزىل بەلۋېغىنى چىقىرىپ، بېشىغا ئورىدى. ئەنسارلار بۇنى كۆرۈپ: ‹ئەبۇ دۇجانە ئۆلۈم سەللىسىنى بېشىغا ئورىدى›، دېيىشتى. ئۇ سەللىنى ئورىۋېتىپ، جۇشقۇن، روھلۇق، ئەمما مۇڭلۇق ئاھاڭدا مۇنداق ئىككى مىسرا شېئىر ئوقۇدى.

مەنكى دوستۇم، ۋەدە ئالغان مەرتتۇرمەن،
تاغ باغرىدا ئەزىمەتلەر ئالدىدا.
خۇدا-رەسۇل قىلىچىنى ئوينۇتۇپ،
تۇرمىغايمەن ئارقا سەپتە، دالدىدا.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەڭ مەيدانىغا ئېتىلىپ كىرىپ، ئۇدۇل كەلگەنلا مۇشرىكنى جەھەننەمگە ئۇزىتىپ ماڭدى. مۇشرىكلار قوشۇنىدا بىزنىڭ ياردارلىرىمىزغىمۇ رەھىم قىلماي قىلىچ ئۇرۇپ كېتىۋاتقان بىر كىشى كۆزگە چېلىقتى. كەسكىن جەڭ داۋامىدا بۇ ئىككى كىشى بىر-بىرىگە يېقىنلاپ قالدى. مەن شۇئان ئاللاھتىن تىلىدىمكى، بۇ ئىككىسى بىر ئۇچراشقىيدى، دېگەندەك بۇ ئىككىيلەن تۇتۇشۇپ قالدى-دە، بىر-بىرىگە بىر-ئىككىدىن قىلىچ ئۇرۇشتى. مۇشرىك كىشى ئەبۇ دۇجانىگە قىلىچ ئۇرغانىدى. ئەبۇ دۇجانە قالقان بىلەن قوغداندى. نەتىجىدە قالقان ئۇنىڭ قىلىچىنى چىشلىۋېلىپ، ئەبۇ دۇجانىگە پۇرسەت يارىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ دۇجانە ئۇنىڭغا بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنى جەھەننەمگە ئۇزۇتىۋەتتى.

ئاندىن دۈشمەن پىيادىلىكلەر قىسمىنىڭ ئىچكى قىسمىغا قىلىچ ئۇرۇپ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى. ھەتتا بىر چاغدا قۇرەيش ئايال قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقى ھىندى بىنتى ئۇتبىنىڭ يېنىغا بېرىپ قالدى. ئۇ كۆز ئالدىدا تىكلىشىۋاتقان بۇ كىشىنىڭ ئايال كىشى چىقىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى».

ئەبۇ دۇجانە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئوھۇد كۈنى بىر كىشىنىڭ بىز تەرەپتىن ياردار بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى قايتا قىلىچلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا ئېتىلىپ بېرىپ قىلىچ ئۇرماقچى بولغانىدىم، ئۇ چىرقىراپ تاشلىدى، قارىسام، ئۇ ئايال كىشى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قىلىچىنى ئايال كىشىنىڭ قېنى

بىلەن بۇلغاشتىن نومۇس قىلدىم-دە، ئۇنىڭدىن قىلىچىمنى تارتتىم. بۇ خوتۇن ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئايالى ھىندى بىنتۇ ئۇتبە ئىكەن».

زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەبۇ دۇجانىنىڭ ھىندى بىنتى ئۇتبىنىڭ بېشىغا قىلىچىنى راسا تەڭلەپ بولۇپ، قىلىچىنى ئاستا تارتىۋالغانلىقىنى كۆردۈم ۋە ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىلەر، دېدىم».

ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)مۇ گويا دەرغەزەب بولغان يولۋاستەك، تەڭداشسىز جاسارەت بىلەن ئۇرۇشتى. ئۇ مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىغىلا سەكرەپ كىرىپ، ئاجايىپ قارام، ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشتىكى، جەڭدە ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ قالغان خېلى-خېلى باتۇرلارنىڭ بېشىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا گويا ئۈششۈك تەگكەن غازاڭدەك تۆكۈلەتتى. ئۇ مۇشرىكلارنىڭ ئەلەمدارلىرىنى يوقۇتۇپ، دۈشمەنىنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرغاندىن سىرت، ئۇلارنىڭ باشقا نۇقتىلىرىدىكى سەركەردە باتۇرلىرىغىمۇ قاقشاتقۇچ زەربىلەرنى بېرىۋاتقان ھالەتتە يىقىلدى. ھالبۇكى، بۇ چاغدا ئۇ مۇبارىزچىلارنىڭ ئالدىنقى قاتاردا ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. ئۇ جەڭ مەيدانىدا تىغمۇ-تىغ ئېلىشىپ، رەقىبى تەرىپىدىن يېقىتىلغان بولماستىن، بەلكى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى.

## ئاللاھنىڭ يولۋىسى، غازىلارنىڭ سەركىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ قەستكە ئۇچرىشى

ھەمزە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ قاتىلى ۋەھشى ئىبنى ھەرب مۇنداق دېگەن: «مەن ئەسلىدە جۇبەير ئىبنى مۇتئىمنىڭ قۇل-چاكىرى ئىدىم. جۇبەيرنىڭ تاغىسى تۇئەيمە ئىبنى ئەدىي بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەنىدى. شۇڭا ئۇ كېيىنكى يىلى قۇرەيشلەر ئوھۇد ئۇرۇشىغا ئاتلانغاندا، مېنى ئالايىتەن چاقىرتىپ، ئەگەر بۇ قېتىم تاغام تۇئەيمىنىڭ بەدىلىگە مۇھەممەدنىڭ تاغىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرەلىسەڭ، سەن ئازاد»، دەۋەتتى. مەن بىر نېگىر يىگىت بولۇش سۈپىتىم بىلەن نېگىرلارغا خاس نەيزىۋازلىق ماھارىتى بىلەن تونۇلغانىدىم. نەيزە ئۇرسام ھامان نەخ تېگەتتى. شۇڭا مەن قۇرەيشلەر توپىغا قېتىلىپ چىقتىم. ئىككى تەرەپ ئۇچرىشىپ، گىرەلەشمە جەڭ باشلىنىۋىدى، مەن چىقىپ ھەمزىنى كۆزىتىپ، قارىغا ئېلىشقا باشلىدىم. ھەتتا ئۇ بىر چاغدا كىشىلەر ئارىسىدا گويا ئاق تۆگىدەكلا كۆرۈنۈپ قېلىۋىدى، بىر تۇپ دەرەخ (ياكى بىر قورام تاش)نىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ھەمزىنى قارىغا ئېلىپ ئولتۇردۇم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئالدىغا كەلگەننى ئۆلتۈرۈپ، ھېچكىمنى ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمايۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ئالدىغا سىباﺋ ئىبنى ئەرفەتە قىلىچ تەڭلەپ باردى. ھەمزە ئۇنى كۆرۈپ: «كېلە! ئى جىگدىچى قېرىنىڭ بالىسى!»[1] دېدى-دە، ئېتىلىپ كېلىپ، سىبائقا بىر قىلىچ ئۇرۇپلا ئۇنىڭ بېشىنى دومىلىتىۋەتتى. سىباﺋ دەلدەڭشىپ، بىر-ئىككى قەدەم ئېلىپ يىقىلدى. مەن نەيزەمنى راسا چەنلەپ كۆچەپ ئاتتىم. نەيزە بېرىپ ئۇنىڭ سۆڭگىچىگە نەق تەگدى، ھەتتا نەيزىنىڭ ئۇچچى

[1] سىبائنىڭ ئانىسى قىز بالىلارنى خەتنى قىلىدىغان خەتنىچى خوتۇن ئىدى.

ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىن چىقىپ قالدى. ئۇ بۇ چاغدا ماڭا ئېتىلىپ ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بەرداشلىق بېرەلمەي يىقىلدى. مەن ئۇنى شۇ پېتى قويۇپ قويدۇم. ئۇ ئاخىر جان ئۈزدى. ئاندىن كېلىپ ئۇنىڭدىن نەيزىنى سۇغۇرۇۋالدىم ـ دە، بارگاھقا قايتىپ ياتتىم. ھەمزىدىن باشقا ھېچ كىشى بىلەن كارىم بولمىدى. چۈنكى، مەن ھەمزىنى پەقەت قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا ئۆلتۈرگەنىدىم. ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ مەككىگە قايتىپ كېلىشىدۇق، مېنى ئازاد قىلىۋەتتى».

## ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش

ئاللاھنىڭ يولۋىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ شېھىت قىلىنىشى مۇسۇلمانلارغا قارىتا زور يوقىتىش بولغان بولسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمانلار يەنىلا غەزەپنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ، جەڭ قىلىپ ۋەزىيەتنى تامامەن كونترول قىلدى. شۇ كۈنى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشى، سەئەد ئىبنى مەئاز، سەئەد ئىبنى ئۇبادە، سەئەد ئىبنى رەبىيئە ۋە ئەنەس ئىبنى نەزرى قاتارلىق كاتتا ساھابىلەر شۇنداق قاتتىق، شۇنداق باتۇرانە جەڭ قىلدىكى، ئۇلارنىڭ جاسارىتى ئالدىدا مۇشرىكلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى سۇنۇپ، ئىرادىسى بوشاپ كەتتى.

## يۇمشاق راھەت تۆشەكتىن قىلىچ ـ قالقان بىسىغا

شۇ كۈنى ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە ماماتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلغان يارامىلىق ئوغلانلار ئىچىدە (پەرىشتىلەر غۇسلى قىلدۇرغان) ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بار ئىدى (ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ھەنزەلە ئىبنى ئەبۇ ئامىر. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەبۇ ئامىر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پاسىق راھىب ئەبۇ ئامىردۇر). شۇ كۈنلەردە ھەنزەلە تېخى يېڭىلا ئۆيلەنگەن بولۇپ، ئەمدىلا ئايالى بىلەن بىر تەكىيگە باش قويغانىدى. ئۇ جەڭ تاراڭ ـ تۇرۇڭلىرىنى ئاڭلاپ، ئايالىنىڭ قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، جەڭ مەيدانىغا ئات چاپتۇردى. ئۇ جەڭ مەيدانىدا مۇشرىكلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ، سەپلەرنى بۆسۈپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئاخىرى بىر چاغدا مۇشرىكلارنىڭ ئالىي باش قوماندانى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەربىنىڭ قېشىغا بېرىپ قالدى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئاز قالغاندا، ئاللاھ ئۇنىڭغا شېھىتلىك مەرتىۋىسى ئاتا قىلدى. ئۇ ئەبۇ سۇفيانغا ھۇجۇم قىلىپ، ھەر تەرەپتىن قىستاپ ئاخىر باش ئەگدۈرەي دېگەندە، ئۇنى شەدداد ئىبنى ئەسۋەد (مۇشرىكلارنىڭ تەلۋە پالۋىنى) كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

## ئوقياچىلار قىسمىنىڭ تۆھپىسى

رەسۇلۇللاھ تاغ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرغان ھېلىقى ئوقياچى ئەزىمەتلەرنىڭ تۆھپىسى ئىنتايىن زور بولدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد، خائىن ئەبۇ ئامىر باشچىلىقىدىكى دۈشمەن

ئاتلىق قوشۇنى ئىسلام قوشۇنىنىڭ سول قانات قىسمىنى بىتچىت قىلىپ، ئۇلارنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ، مۇسۇلمانلارنى قورشاپ يوقىتىش شارائىتى هازىرلاش ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇدا ئۈچ قېتىم هۇجۇم قوزغىدى. لېكىن بۇ مەرگەن ئەزىمەتلەر ئۇلارغا قار ـ يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈچ قېتىملىق هۇجۇمىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ئۇلارنى مەقسىتىگە يەتكۈزمىدى.

## مۇشرىكلار مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندى

شىددەتلىك ئۇرۇش چاقى مانا مۇشۇنداق جىددى هەم كەسكىن ئايلانماقتا ئىدى. سانى ئاز، ئاددىي قوراللار بىلەن قوراللانغان ئىسلام قوشۇنى كۈچلۈك ئېتىقاد، ئىلاهىي ئىدىيە بىلەن جەڭ مەيدانىدا ئاساسىي جەهەتتىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىش مۇمكىنچىلىكى مۇقەررەرلىشىپ قالدى. دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قەهرىمان ـ پالۋانلىرىمۇ ئىرادىسى بوشاپ، جان قۇتقۇزۇپ، قېچىش كويىغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئارىنىڭ چىشىدەك قاتار تىزىلغان جەڭ سەپلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ شىددەتلىك هۇجۇمى ئالدىدا ئۇۋاق ـ سول، ئالدى ـ كەينى هەممە تەرەپتىن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يىمىرىلىپ، 3000 دىن ئارتۇق مۇشرىك قوشۇنى نەچچە يۈز مۇسۇلمان بىلەن ئەمەس، بەلكى گويا 30 مىڭ مۇسۇلمان قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقاندەك هالسىراپ كەتتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ كۆزىگە جاهاندا تەڭدىشى يوق باتۇر ـ ئەزىمەتلەر سۈپىتىدە كۆرۈندى.

قۇرەيش قوشۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ سەلدەك كېلىۋاتقان هۇجۇمىنى توسۇش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىر تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى، ئادەملىرىنىڭ ئىرادىسى بوشىشىپ كەتكەنلىكىنى هېس قىلىپ (ئەمەلىيەتتىمۇ قول ئەلەمدار سەۋۋاپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئەلەم يەرگە تاشلىنىپ، تۇپىغا پۇچىلىنىپ قالغان بولۇپ، هېچكىشى ئۇنى قەد كۆتۈرتۈشكە جۈرئەت قىلالمىغانىدى) چېكىنىشكە باشلىدى ۋە جان قۇتقۇزۇپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇزۇندىن بېرى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يالقۇنجاۋاتقان قىساس ئوتلىرى بىردىنلا ئۆچۈپ، يوقالغان شان ـ شەرەپ ۋە ئىززەت هۆرمىتىنى قايتا تىكلەش شېرىن خىياللىرى قاغا ـ قوزغۇن بولۇپ، ئۇچماقتا ئىدى.

ئىبنى ئىسهاق مۇنداق دەيدۇ: «بىر مەيدان كەسكىن جەڭدىن كېيىن ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا غەلىبە ئاتا قىلدى ۋە ئۆز ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بەردى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى بۇغداي ئورغاندەك ئوراپ، قىلىچلاپ، ئاخىرى جەڭ مەيدانىدىن قوغلاپ چىقاردى. شەك ـ شۈبهىسىزكى، مۇسۇلمانلار مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن غەلىبە قىلغانىدى. مۇشرىكلار جان قايغۇسىغا چۈشكەنىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير (ئىبنى ئاۋۋام)دىن رىۋايەت قىلىنغان هەدىستە زۇبەير: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن شۇ كۈنى مۇشرىك ئايال ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى هىندى بىنتى ئۇتبە ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرىنىڭ بار ـ يوق نەرسىلىرىنىڭ هەممىسىنى تاشلاپ، كىيىملىرىنى شىمايلاپ قېچىپ كېتىۋاتقاندا، پۇتلىرىدىكى بىلەيزۈك ۋە خالخال[1]لارنىڭ ئېچىلىپ پارقىراپ قالغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ هېچ نەرسىسىگە قارىماي قېچىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم» دېگەن.

---

[1] خالخال —— قىز ـ خېنىملار پۇت ـ پاقالچاقلىرىغا سالىدىغان قول بىلەيزۈككە ئوخشاش هالقا ئەسۋاب.

سەھھۇلبۇخارىدا بەرراء ئىبنى ئازىب (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: «بىز مۇشرىكلار بىلەن بىر مەيدان كەسكىن جەڭ قىلىشۇدۇق، ئۇلار تىكىۋېتىشتى. ھەتتاكى، مەن ئايال ئەسكەرلەرنىڭ يۈگۈرۈشۈپ، پۇتلىرىنىڭ خالخال بىلەيزۈكلىرى ئېچىلىپ قالغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. مۇسۇلمانلار بىر تەرەپتىن قوغلاپ ئۆلتۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەسىر ئېلىپ، ئولجىلارنى يىغىشقا باشلىدى»، دېيىلگەن.

## ئوقياچىلار قىسمىنىڭ ئېغىر سەۋەنلىكى

سان ۋە سۈپەت جەھەتتە رەقىبلىرىدىن كۆپ تۆۋەن تۇرىدىغان ئىسلام غازاتچى قوشۇنى مەككە قوشۇنى ئۈستىدىن مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن غەلىبە قىلىپ، بەدرى كۈنىدىكىدىن غەلىبىسى زور، تەسىرى تېخىمۇ چوڭ يەنە بىر غەلىبىنى تارىخ بېتىگە پۈتەي، دەپ تۇرغاندا ئوقياچىلار قىسمىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر ئىنتايىن ئېغىر بىر سەۋەنلىك سادىر قىلىپ، ۋەزىيەتنى تامامەن ئۆزگەرتىۋەتتى ۋە مۇسۇلمانلارغا ئۇنتۇلغۇسىز ئېغىر مۇسىبەتلەرنى كەلتۈردى، ھەتتا جانابىي رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسەللەمنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرىغىلى تاسلا قالدى ھەمدە بەدرى غەلىبىسىدىن كېيىن مۇسۇلمانلار قولغا كەلتۈرگەن سىياسىي ئورۇنغا ئىنتايىن يامان تەسىر كۆرسەتتى.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئوقياچى قىسىمغا ئالدىنقى سەپ مەيلى غەلىبە قىلسۇن، ياكى مەغلۇب بولۇپ چېكىنسۇن تاغ ئۈستىدىكى ئورۇننى قەتئىي بوشاتماسلىق ھەققىدىكى بەرگەن ھەربىي بۇيرۇقىنىڭ تولۇق تېكىستىنى ئالدىنقى بابلاردا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەن مال ـ مۈلۈكلىرىنى غەنىمەت ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئەمر ـ پەرمانلارغا سەل قاراپ، دۇنيا ئوقەت توپلاش قىزغىنلىقىغا ئەسىر بولۇپ كەتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە: «غەنىمەت يىغايلى، غەنىمەت...» ئادەملىرىمىز غەلىبە قىلىپ بولغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىمىز؟» دېيىشىپ، ۋەسۋەسە تارقاتتى. ئەمما، ئوقياچىلار قوماندانى ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير ئۇلارغا رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئەسلىتىپ: «ئى مۇسۇلمانلار! رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرگە نېمە دېگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر قوماندانىنىڭ بۇ ئەسلەتمىسىگە قۇلاق سالماي، «بىزمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن يېتىۋېلىپ، غەنىمەت يىغىۋېلىشىمىز كېرەك»، دېيىشىپ، 40 كىشى تاغدىن چۈشۈپ قوشۇنغا قوشۇلۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا سېپى مۇداپىئەسىز قالدى. ئارقا سەپتە ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير باشلىق 10 نەپەر ئادەم ئاخىرقى نەپەسكىچە رەسۇلۇللاھ بەلگىلىگەن ئورۇندىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپ، مۇستەھكەم تۇردى.

## خالىد ئىبنى ۋەلىد ئىسلام قوشۇنىنى قورشاپ يوقىتىش ھەرىكىتىنى قايتا قوزغىدى

دۈشمەن ئاتلىق قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى خالىد ئىبنى ۋەلىد بۇ ئالتۇن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلدى ـ دە، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا سېپىگە ئاتلىرىنى

ئۇچۇتتى. ئۇ ھېلىقى تاغ ئېغىزىدىكى ئۆتۈشمىدە جىق كۈچ سەرپ قىلمايلا ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا سېپىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاتلىق چاپارمەنلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كەينىدىن يېتىپ كېلىپ بىر چۇقان كۆتۈرۈۋىدى، جان قۇتقۇزۇپ قېچىۋاتقان مۇشرىك ئەسكەرلىرى ئۆزگىچە يېڭى بىر بۇرۇلۇش بولغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، ئارقىغا بۇرۇلۇپلا كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، قىلىچ تەڭلىدى. ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، مۇشرىك ئايال ئەسكەرلىرىدىن بىرى (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بەنى ھارىس جەمەتىدىكى ئۆمرە بىنتى ئەلقەمە ئىكەن) ئالمان ـ تالمان يۈگۈرۈپ بېرىپ، مۇشرىكلارنىڭ ئاياغ ـ ئاستىدا دەسسىلىپ توپىغا مىلىنىپ كەتكەن ئەلەمنى كۆتۈرۈپ پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قېچىپ كېتىۋاتقان ياكى ۋەزىيەتتىن خەۋەردار بولۇپ قايتقان بىر قانچە مۇشرىك ئەسكىرى ئەلەم ئەتراپىغا جەم بولدى ۋە بىرلىشىپ كۈچ ئۇيۇشتۇردى. ئۆزئارا چاقىرىشىپ، سەپ تەشكىللىدى. ھەتتا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا خېلى زور بىر توپ مۇشرىك قوشۇنى تەشكىللىنىپ، مۇسۇلمانلارغا قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئۆتتى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلار ئالدى ـ كەينى ھەر ئىككىلى تەرەپتىن قورشىلىپ ئىككى تاش ئارىلىقىدا سوقۇلۇشقا باشلىدى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ دۈشمەننىڭ قورشاپ يوقىتىش ھەرىكىتىگە تۇتقان مەيدانى

رەسۇلۇللاھ بۇ چاغدا بىر قانچە كىشى (توققۇز ساھابە) بىلەن قوشۇننىڭ كەينىدىرەك بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ مۇشرىكلارنى قوغلاپ يوقىتىش ئەھۋالىنى كۆزىتىۋاتقانىدى. ئۇشتۇمتۇت خالىد ئىبنى ۋەلىد ئاتلىق قوشۇنى بېسىپ كەلدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا پەقەت ئىككىلا يول قالغانىدى.

بىرى، ئۇ ئۆزىنى ۋە يېنىدىكى توققۇز نەپەر كىشىنى ئېلىپ (تېزدىن) بىخەتەر قولايلىق ماكانغا بېرىۋېلىپ، قورشاۋدا قالغانلارنى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىرگە تاشلىۋېتىپ ئۇلار بىلەن كارى بولماسلىق.

يەنە بىرى، ئۇ ئۆزىنىڭ خەۋپ ـ خەتەرگە يولۇقۇشىغا قارىماي، ئەتراپتا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنى چاقىرىپ، ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، تاغ باغرىدا قورشاۋدا قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىغا يول ئېچىپ، ئىلگىرىلىيەلەيدىغان كۈچلۈك بىر ئالدىنقى سەپ قالقىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

مانا مۇشۇنداق ھايات ـ ماماتلىق جىددىي پەيتتە رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھتىن ئۆزگە ھېچنېمىدىن قورقماس، جەسۇر قىياپىتى ۋە تەڭداشسىز باتۇرانە شىجائىتى ئىنتايىن تەسىرلىك رەۋىشتە يەنە بىر قېتىم نامايەن بولدى. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن: «عباد الله!»، «عباد الله!» (ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئى مۇئمىن قېرىنداشلار!)، دەپ توۋلىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ بۇ ئاۋازىنى مۇسۇلمانلار ئاڭلاپ بولغۇچە، مۇشرىكلارنىڭ ئاڭلاپ قالىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلەتتى. لېكىن ئۇ مۇشۇنداق جىددىي ھەم ھالقىلىق

پەيتتە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلدى ۋە ئۇلارنى چاقىرىپ، كۈچ تەشكىللەش ۋە قاپسىلىپ قالغانلارنى قۇتقۇزۇشقا ئاتلاندى.

راست دېگەندەك مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ قېلىپ، مۇسۇلمانلار ئاڭلاپ يېتىپ كەلگۈچە ئاللىبۇرۇن باستۇرۇپ كېلىپ بولدى.

## مۇسۇلمانلارنىڭ گاڭگىراپ قېلىشى

ئەمما، مۇسۇلمانلار قوشۇنى دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن قاتتىق گاڭگىراپ قالدى. بىر بۆلۈكلىرىنىڭ ئەقلى ـ ھۇشى ئۇچتى. ئۇلارنىڭ ئەس ـ يادى پەقەت ئۆز جېنىنى مۇھاپىزەت قىلىشلا بولۇپ، جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ تىكىۋېتىش ئويىدا بولدى. ئۇنداق قىلغاندا قانداق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى يادىغىمۇ كەلتۈرمىدى. بۇنداقلارنىڭ بىر قىسمى ئۇدۇل مەدىنىگە قاراپ تىكىۋېتىشتى. ھەتتا مەدىنىگە كىرىپ ئاندىن توختىدى. يەنە بىر قىسىملىرى دەرھال تاغقا ئۆزىنى ئېلىپ پاناھلاندى. ئۈچىنچى بىر تۈركۈملىرى بولسا مۇشرىكلار قوشۇنىغا ئارىلىشىپ كەتتى. نەتىجىدە ئىككى تەرەپ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكتىن مۇسۇلمان كاپىرنى ئايرىغىلى بولمىدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئانچە ـ مۇنچە بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈپ سېلىش ھادىسىسىمۇ كۆرۈلدى.

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئوھۇد كۈنى مۇشرىكلار ئاشكارا مەغلۇپ بولغانىدى، بۇ چاغدا ئىبلىس: ‹ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئارقاڭلارنى...›، (يەنى كەينىڭلاردىن پەخەس بولۇڭلار) دەپ توۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ راسا ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقانلىرى كەينىگە يېنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشتى. بۇ چاغدا ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتىسى ‹يەمانى›نى كۆردى ـ دە، ‹ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئاتام! ئاتام!› دەپ توۋلىدى». ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن توختىدى». ھۇزەيفە ئۇلارغا: «ئاللاھ سىلەرگە مەغپىرەت قىلار»، دەپ قويدى. ئۇرۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ھۇزەيفە ۋاپات قىلغانغا قەدەر، ئۇنىڭدا ياخشىلىقنىڭ ئەسىرى زايىل بولماي كەلدى»[1].

دېمەك، بۇ يەردە قاپسىلىپ قالغان بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قاتتىق چاۋالچاقلىق يۈز بەردى. قالايمىقانچىلىق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بولغاچقا، نۇرغۇنلىرى ئەس ـ ھۇشىنى يوقىتىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمىدى. ئەھۋال مۇشۇنداق خەتەرلىك تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە: «مۇھەممەد ئۆلدى»، دەپ توۋلىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، بۇنىڭ بىلەن بەزىلەرنىڭ چىقالماي قالغان جېنى نەچچە ئېلىنىپ، روھى قۇۋۋىتى سۇندى ياكى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئايرىم بىر قىسىملىرى ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدىن يېنىپ قورالىنى تاشلاپ بىچارە بولۇپ ئولتۇردى. يەنە بەزىبىر قىسىملار دەرھال ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي (مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ئاسىيلىق قىلىپ

---

[1] ئاتىسىنىڭ ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن بىخەستەلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ھېچقانداق غەللە غۇدۇرسىز سەۋرى قىلدى.

قايتقان) بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئەبۇ سۇفياندىن ئامانلىق ئېلىپ بېرىشكە سۆزلىشىشنى ئويلىدى.

شۇنداق تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، بۇلارنىڭ يېنىغا ئەنەس ئىبنى نەزرى كېلىپ قالدى ۋە ئۇلارنىڭ قورالسىز بىچارە تۇرۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ: «نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟» دېدى، ئۇلار: «رەسۇلۇللاھ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ»، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەنەس ئىبنى نەزىر ئۇلارغا: «رەسۇلۇللاھتىن كېيىن ھايات قېلىپ نېمە قىلىسىلەر؟ تۇرۇڭلار رەسۇلۇللاھ ئۆلگەن يولدا سىلەرمۇ ئۆلۈڭلار»، دېدى. ئاندىن يەنە: «ئى ئاللاھ! مەن بۇلارنىڭ (يەنى بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ) قىلغانلىرىدىن ساڭا ئۆزرە ئېيتىمەن ۋە بۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ قىلىقلىرىدىن ھەم ئادا-جۇدامەن»، دېدى-دە، يولىغا راۋان بولدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا سەئەد ئىبنى مەئاز ئۇچراپ: «نەگە ئى ئەبۇ ئەمرى! (ئەنەسنىڭ كونىيەت ئىسمى ئىدى)» دەپ سورىۋىدى. ئەنەس ئىبنى نەزرى: «نەگە ئىدى، قارىمامسەن جەننەتنىڭ ھىد-پۇراقلىرى ئوھۇد تېغى تەرىپىدىن كېلىۋاتىدۇ»، دەپ قويۇپ ئىلگىرىلەپ كەتتى ۋە باستۇرۇپ دېۋەيلەپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇرۇشۇپ-ئۇرۇشۇپ ئاخىر شېھىت قىلىۋېتىلدى. ئۇنى (جەڭ ئاخىرلاشقاندىن) كېيىن ھېچكىم تونۇيالماي، ئاخىر ئۇنىڭ ھەمشىرىسى ئۇنىڭ بارمىقىدىكى بىر بەلگىسىدىن تونۇدى. ئۇنىڭدا نەيزە نەشتىرى، قىلىچ يارىسى ۋە ئوق جاراھىتى بولۇپ، 80 نەچچە يەر ئېغىر ۋە يېنىك زەخىملەندۈرۈلگەنىدى.

سابىت ئىبنى دەھداھ ئۆز قەۋمىنى جەڭگە چاقىرىپ: «ئى ئەنسارلار جامائەسى! ئەگەر مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئاللاھ تىرىك، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، سىلەر دىنىڭلار ئۈچۈن جەڭ قىلىشىڭلار كېرەك، ئاللاھ سىلەرنى چوقۇم زەپەر تاپقۇزغۇسى ۋە سىلەرگە غەلىبە-نۇسرەت ئاتا قىلغۇسى»، دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنسارلاردىن بىر قانچە ئەزىمەت ئاۋاز قوشۇپ مەيدانغا چىقتى. سابىت بۇلار بىلەن بىرلىكتە خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئاتلىق قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇرۇشۇپ-ئۇرۇشۇپ ئاخىر ئۇنىڭغا خالىد ئىبنى ۋەلىد نەيزە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىمۇ بىر-بىرلەپ شېھىت قىلىۋەتتى.

مۇھاجىرلاردىن بىر كىشى جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان، ئۆز قېنىغا مىلىنىپ ياتقان بىر ئەنسارىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى. مۇھاجىر ئۇنىڭغا: «ئى پالانى! رەسۇلۇللاھ ئۆلۈپ كېتىپتۇمىش، ئۇنى ئۇقتۇڭمۇ؟» دېۋىدى، ئەنسارى بوغۇق ئاۋازدا: «رەسۇلۇللاھ ئۆلتۈرۈلگەن بولسا ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىپ ئۆلدى، ئەمدى سىلەر دىنىڭلار ئۈچۈن جەڭ قىلىشىڭلار لازىم»، دېدى.

مانا مۇشۇنداق ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان ئىرادە ۋە تولۇپ تاشقان جاسارەت بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي قۇۋۋىتى ئەسلىگە كەلدى ۋە ئەقلى ھۇشى جايىغا چۈشۈپ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسى قايتا تىكلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەسلىم بولۇش ياكى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بىلەن ئالاقىلىشىش ئويىدىن ۋاز كېچىپ قوللىرىغا قورال ئالدى ۋە مۇشرىكلار توپىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى.

ئۇلار قوماندانلىق شتاب تەرپىگە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنۇۋاتقان پەيتتە «رەسۇلۇللاھ ئۆلۈپتۇ»، دېگەن خەۋەرنىڭ يالغان ئىغۋا ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.بۇ خەۋەر ئۇلارنىڭ كۈچىگە كۈچ قوشتى چېغى، ئۇلار مىسلىسىز باتۇرلۇق، ئاجايىپ جاسارەت بىلەن قان كېچىپ ئۇرۇشۇپ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ ۋە باش قوماندان (يەنى، رەسۇلۇللاھ) ئەتراپىغا توپلىنىش ھەرىكىتىدە تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

بۇ يەردە پۈتۈن ئەس ـ يادى پەقەت رەسۇلۇللاھتا قالغان ئۈچىنچى بىر تۈركۈم كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار دۈشمەننىڭ قورشاپ يوقىتىش ھەرىكىتى سېزىلگەن ھامان رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا قايتقان. بۇلارنىڭ ئالدىن قاتاردا يەنىلا ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە ئالدىنقى سەپتە دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقانس ئالدىن قاتاردىكى ئەزىمەتلەردىن ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى خەتەرگە ئۇچراش خەۋپى تۇغۇلۇۋىدى، ئۇلار دەرھال رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا قايتىپ مۇستەھكەم مۇداپىئە قورغىنى شەكىللەندۈردى.

## رەسۇلۇللاھنى قوغداش جېڭى

ھەر قايسى ئورۇنلاردا جەڭ قىلىۋاتقان مۇھاجىرلار دۈشمەننىڭ قورشاپ يوقىتىش سىرتمىقىدا بوغۇلۇپ، ئاتلىق ۋە پىيادىلىك ھۇجۇمنىڭ قوش تۈگمىنىدە ئېزىلىۋاتقان بىر پەيتتە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىدا جەڭ ئەڭ شىددەتلىك ۋە ئەڭ كەسكىن بولدى.

يۇقىرىدا مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى قورشاۋغا ئالغاندا رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا پەقەت توققۇز نەپەر كىشىلا بار ئىدى، دېگەنىدۇق. رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارنى: «بۇياققا كېلىڭلار! مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد بۇ يەردە»، دەپ توۋلىۋىدى، ئۇنىڭ بۇ ئاۋازىنى مۇشرىكلار ئاۋال ئاڭلاپ قالدى ـ دە، دەرھال ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى ئاۋاز تەرەپكە بۇراپ، ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇلار ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىغا جەم بولۇپ بولغۇچە ئىشنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك باستۇرۇپ كەلدى. نەتىجىدە مۇشرىكلار بىلەن بۇ توققۇز نەپەر ساھابە ئوتتۇرىسىدا شۇنداق قاتتىق، شۇنداق دەھشەت ئۇرۇش بولدىكى، بۇ ئۇرۇشتا ساھابىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك جان پىدا قىلىدىغانلىقى ۋە بۇ ھەقتە قانچىلىك جاسارەت ۋە شىجائەت كۆرسىتىدىغانلىقى يەنە بىر قېتىم ئوچۇق ئاشكارا نامايەن بولدى.

ئىمام مۇسلىم ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ ئېيتتىكى: «شۇ كۈنى (يەنى ئوھۇد كۈنى) رەسۇلۇللاھ ئەنسارلاردىن يەتتە، قۇرەيشتىن ئىككى، جەمئى توققۇز كىشى بىلەن بىر يەرگە قاپسىلىپ قالغانىدى. مۇشرىكلا باستۇرۇپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇلارغا كىم تاقابىل تۇرىدۇ؟ ئۇنىڭغا جەننەت تەييار (ياكى ئۇ مېنىڭ جەننەتتىكى ھەمراھىم بولىدۇ، دېدىمۇ)»، دېۋىدى، ئەنسارلاردىن بىر كىشى ئالدىغا چىقىپ دۈشمەن بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ ئاخىر شېھىت بولۇپ كەتتى. دۈشمەن يەنە

باستۇرۇپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ يەنە ئادەم چىقاردى. ئىش شۇنداق داۋاملىشىپ ھەتتاكى يەتتەيلەننىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ تۆكىلدى.

بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ يېنىدىكى ھېلىقى (قۇرەيشلىك) ئىككى ساھابىسىگە:

«قېرىنداشلىرىمىزغا ئىنساپ قىلمىدۇق»، دېدى.

بۇ يەتتە ئەزىمەتنىڭ ئەڭ كېيىنكىسى ئەممار ئىبنى يەزىد ئىبنى سەكەن بولۇپ، ئۇ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇپ ـ ئۇرۇشۇپ ئاخىر قاتتىق يارىلىنىپ يىقىلدى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ خەتەرلىك پەيت

ئىبنى سەكەن يىقىلغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئىككى قۇرەيشلىك ھەمراھلىرى بىلەنلا قېپقالدى. ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ئەبى ئوسماندىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «قاتتىق جەڭ بولۇۋاتقان ئاشۇ مىنۇتلارنىڭ بىرىدە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ۋە سەئەد ئىبنى ئەبى ۋەققاس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما)تىن باشقا ھېچ كىشى قالمىغانىدى».

بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ خەتەرلىك پەيت ۋە مۇشرىكلارغا نىسبەتەن ئەڭ قىممەتلىك ئالتۇن پۇرسەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ مۇشرىكلار بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشتا ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلمىدى. ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىپ بارلىق كۈچى بىلەن رەسۇلۇللاھنى يوقىتىشنى نىشان قىلدى. ئۇتبە ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەسۇلۇللاھقا تاش ئېتىپ ئۇنى يىقىتتى ۋە ئۇنىڭ ئاستى ئوڭ چىشىنى سۇندۇرۇۋەتتى. ئاستى ئېڭىكى يېرىلىپ كەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى شىھاب زوھرى رەسۇلۇللاھقا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنىڭ پېشانىسىنى يېرىۋەتتى. مۇشرىكلار ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ئەڭ قارام تەلۋە سەركىسى ئابدۇللاھ ئىبنى قەمئە يىراقتىن شىددەت بىلەن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ مۈرىسىگە قاتتىق بىر قىلىچ ئۇرغانىدى. رەسۇلۇللاھ بۇنىڭ دەردىنى بىر ئايدىن كۆپرەك تارتتى. بىرلا ياخشى يېرى ئۇنىڭ قىلىچى رەسۇلۇللاھنىڭ قوش ساۋۇتىنى كېسىپ ئۆتەلمىگەن ئىدى. ئىبنى قەمئە رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىگە يەنە قاتتىق بىر قىلىچ ئۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى مىس قالپاقنىڭ ئىككى ھالقا مېخى رەسۇلۇللاھنىڭ مەڭزىگە پېتىپ كەتتى، ئىبنى قەمئە: «مانا كۆر، مەن دېگەن ئىبنى قەمئە» دەيتتى. رەسۇلۇللاھ يۈزىدىن قاننى سۈرتۈۋېتىپ: «ئاللاھ سېنى پارچە ـ پارچە قىلىۋەتسۇن»، دېدى. ھەدىستە: «شۇ قېتىمقى زەربىدە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆتتۈر چىشلىرى سۇنغان، بېشى يېرىلىپ قاناشقا باشلىغان»، دېيىلگەن. شۇڭا ئۇ يۈز ـ كۆزلىرىدىن قاننى ئېرتىۋېتىپ: «ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ باش ـ كۆزىنى قانغا بويىغان ۋە چىشىنى چاققان قەۋم قانداقمۇ نىجاتلىق تاپار. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئۇلارنى نىجاتلىققا چاقىرىۋاتسا»، دېدى. بۇ چاغدا ئاللاھ: ﴿لَيْسَ لَكَ مِنَ الأَمْرِ شَيْءٌ أَوْ يَتُوبَ عَلَيْهِمْ أَوْ يُعَذِّبَهُمْ فَإِنَّهُمْ ظَالِمُونَ﴾ «ھېچ ئىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس، ئاللاھ يا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. يا ئۇلار زالىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئازابقا دۇچار قىلىدۇ». («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 128 ـ ئايەت)

تەبەرانىينىڭ رىۋايىتىدە رەسۇلۇللاھ شۇ كۈنى: «ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ يۈز-كۆزىنى قانغا بويىغان قەۋمگە ئاللاھنىڭ غەزىپى بەك قاتتىق بولىدۇ»، دېگەن. ئاندىن بىردەم تۇرغاندىن كېيىن يەنە: «ئى ئاللاھ! مېنىڭ قەۋمىمنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلار بىلمەيدۇ»، دېگەن.

سەھىھ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ: «ئى پەرۋەردىگارىم! قەۋمىمنىڭ قىلمىشىنى كەچۈرگىن. ئۇلار بىلمەيدۇ»، دېگەن ۋە قازى ئىيازنىڭ شىفا ناملىق كىتابىدا رەسۇلۇللاھ: «ئى ئاللاھ! قەۋمىمنى ھىدايەت قىلغىن، چۈنكى بۇلار بىلمەي قىلدى»، دېدى، دېيىلگەن.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ قۇرەيشلىك ھېلىقى ئىككى ساھابىسى (سەئەد ئىبنى ئەبى ۋەققاس ۋە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ) شۇنداق ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتى ۋە شۇنداق مىسلىسىز جاسارەت ۋە شىجائەت بىلەن ئۇرۇش قىلدىكى، ئۇلار (پەقەت ئىككىلا ئادەم تۇرۇپ) مۇشرىكلارنىڭ مەقسىتىنى خام ـ خىيالغا ئايلاندۇردى. بۇ ئىككى ئەزىمەت ئەڭ ماھىر مەرگەنلەردىن بولغاچقا مۇشرىكلارغا ئۈزۈلدۈرمەي ئوق ياغدۇرۇپ، ئاخىرى ئۇلارنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىدىن چېكىندۈردى.

سەئەد ئىبنى ئەبى ۋەققاسنىڭ ئالدىغا رەسۇلۇللاھ ئۆز سادىقىنى تاشلاپ بېرىپ: «ئاتە سەئەد! ساڭا ئاتا ـ ئانام پىدادۇر»، دەيتتى. بۇ ئۇنىڭ نەقەدەر تالانتلىق يېتىشكەن مەرگەن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەئەدتىن ئۆزگە ھېچكىمگە ئاتا ـ ئانىسىنى جەملەپ پىدا بولسۇن، دېمىگەنىدى.

ئىمام نەسەئى جابىر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)دىن نەقىل قىلغان مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا بىر قانچە نەپەر ئەنسارى يىگىتنىڭلا قېپقالغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىستە: مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھنىڭ بار يېرىنى بايقىۋالغاندىن كېيىن، ھەممىسى بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ: «ئۇلارنى كىم چېكىندۈرىدۇ؟» دېۋىدى، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدىللاھ: «مەن»، دېدى، دېيىلگەن. ئاندىن جابىر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئەنسار يىگىتلىرىنىڭ بىر ـ بىرلەپ مەيدانغا چۈشكەنلىكىنى ۋە ھەممىسىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن شېھىت بولۇپ كەتكەنلىكىنى (سەھىھۇلمۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە بايان قىلىنغانغا ئوخشاش) بايان قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئەنسارلار تولۇق ئۆلۈپ تۈگىگەندىن كېيىن تەلھە مەيدانغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى يالغۇز ئون بىر ئادەم بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئاخىر بىر قىلىچ ئۇنىڭ قولىغا تېگىپ ئۇنىڭ بارماقلىرى كېسىلىپ كېتىۋىدى: «ھەببەللى، ھەببەللى»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «ئەگەر سەن ‹بسم الله› دېگەن بولساڭ سېنى پەرىشتىلەر كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ كۆتۈرۈپ كېتەتتى»، دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

جابىر مۇنداق دەيدۇ: «بىردەمدىن كېيىن ئاللاھ مۇشرىكلارنى مەغلۇپ قىلدى.

ئىمام ھاكىمنىڭ رىۋايىتىدىكى ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە، شۇكۈنى تەلھەنىڭ بەدىنىنىڭ 35~39 يېرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە يارىلانغان ۋە ئىككى بارمىقى (كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن نامسىز بارماق) سەزمەس بولۇپ قالغان، دېيىلگەن.

ئىمام بۇخارى قەيس ئىبنى ئەبۇ ھازىم (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)دىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «مەن تەلھە ئىبنى ئۇبەيدىللاھنىڭ قولىنى تۇتماس (يەنى چولاق) ھالەتتە كۆردۈم. ئۇقۇشۇمچە، ئۇ بۇ قولىنى ئوھۇد ئۇرۇشىدا رەسۇلۇللاھقا چېپىلغان قىلىچقا قالقان ئورنىدا تۇتۇپ بەرگەنىكەن».

تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە رەسۇلۇللاھ شۇ كۈنى تەلھە ھەققىدە: «يەر يۈزىدە تىرىك مېڭىپ يۈرگەن شېھىتنى كۆرگۈسى بار كىشى تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھنى كۆرۈۋالسۇن»، دېگەن.

ئەبۇ داۋۇد تەيالىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ بەكرى (يەنى ئاتام دېمەكچى) ئوھۇد ئۇرۇشى تىلغا ئېلىنسىلا: ‹بۇ كۈنىنىڭ ھەممىسى (يەنى بارلىق پەزىلىتى) تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھنىڭ بولۇپ كەتكەن›، دەيتتى. ئەبۇ بەكرى يەنە ئۇنىڭ ھەققىدە مۇشۇ شېئىرنى ئوقۇغان:

ئى تەلھە! ئۇبەيدۇللاھ ئوغلى! ساڭا تەيياردۇر جىنان[1]،
ھۆر- پەرى قىلىپ تەييار، كەتتىڭغۇ ئېسەن - ئامان.

ئەنە شۇنداق قىيىن شارائىت ۋە ھالقىلىق سائەت - مىنۇتلاردا ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىگە ئۆزىنىڭ غائىبى ياردىمىنى نازىل قىلدى. سەھىھۇلمۇسلىم ۋە سەھىھۇلبۇخارىدا سەئەد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «مەن ئوھۇد ئۇرۇشى جەريانىدا رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا ناھايىتى شىددەت ۋە زەربىدارلىق بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان ئاق كىيىملىك ئىككى كىشىنى كۆردۈم. مەن ئۇلارنى بۇرۇنمۇ كۆرۈپ باقمىغان، كېيىنمۇ كۆرمىدىم». يەنە بىر رىۋايەتتە، بۇلارنى جىبرىيىل ۋە مىكائىل دېمەكچى، دېيىلگەن.

## ساھابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا توپلىنىشى

يۇقىرىقى قاباھەتلىك ئۆزگىرىشلەر كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ناھايىتى تېز سۈرئەتتە يۈز بېرىپ بولدى. ھالبۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ (ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان) ساپ دىل، سەممىمي ساداقەتلىك ساھابىلىرى ۋەزىيەتنىڭ تەتۈر تەرەققىياتىنى كۆرگەنمۇ (پەملىگەنمۇ)؟ ياكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ھەر ھالدا ئۇلار رەسۇلۇللاھقا بىرەر پېشكەللىك يولۇقۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، دەرھال ئۇنىڭ بار يېرىگە يېتىپ كەلگەنىدى. بىراق، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ يارىلىنىدىغان يەرلىرى ئاللىقاچان يارىلىنىپ، ئەنسارلاردىن ئالتە كىشى شېھىت بولۇپ قاتار ياتاتتى، يەتتىنچىسىمۇ قاتتىق يارىلىنىپ ئۆز قېنىغا مىلىنىپ بىھوش ياتاتتى. سەئەد ئىبنى ئەبى ۋەققاس بىلەن تەلھە ئىبنى ئۇبەيدىللاھ مۇشرىكلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتاتتى. ئۇلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىغا ئۆزىنىڭ تېنى ۋە قورال - ياراقلىرى بىلەن مۇستەھكەم بىر مۇداپىئە قورغىنى شەكىللەندۈردى ۋە

---

[1] جىنان - جەننەتنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى.

رەسۇلۇللاھنى دۈشمەننىڭ زەربىسىدىن قوغداش ۋە ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇشتا مىسلىسىز پىداكارلىقلارنى كۆرسەتتى.

رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا تۇنجى بولۇپ يېتىپ كەلگەن كىشى يەنىلا ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراسى، ھىجرەت سەپدىشى ئەبۇ بەكرى سىددىق بولدى.

ئىبنى ھەببان ئائىشىدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئەبۇ بەكرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتقان: «ئوھۇد ئۇرۇشىدا كىشىلەر جەڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ رەسۇلۇللاھ بىلەن كارى بولماي قاپتۇ. شۇ چاغدا مەن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا تۇنجى بولۇپ يېتىپ بېرىپتىمەن، كېلىۋېتىپ ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ئادەمنىڭ قاتتىق ئېلىشىپ ئۇنى قوغداۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا ھېچ كىشىنى يېقىن كەلتۈرمەيۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. كۆڭلۈمدە دېدىمكى: «سەن تەلھە بولغىيتتىڭ، ساڭا ئاتا ـ ئانام پىدا بولسۇن! سەن تەلھە بولغىيتتىڭ، ساڭا ئاتا ـ ئانام پىدا بولسۇن». ئاندىن ئۇزۇن ئۆتمەي كەينىمدىن ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ يېتىپ كەلدى. ئۇ گويا ئۇچار قۇشتەك چاپاتتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئىككىمىز تەڭلا يېتىپ كەلدۇق. قارىساق، ئالدىمىزدىلا تەلھە ئېغىر يارىلىنىپ يىقىلىپ چۈشتى. بىزنى كۆرۈپ رەسۇلۇللاھ: «قېرىندىشىڭلارنى يۆلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن بۇرچىنى ئادا قىلدى»، دېدى.

مۇشرىكلار تەرىپىدىن ئېتىلغان بىر تاش رەسۇلۇللاھنىڭ مەڭزىگە قاتتىق تەگكەچكە ئۇنىڭ بېشىدىكى مىس قالپاقنىڭ ئىككى پارچە ھالقا تۆمۈرى ئۇنىڭ مەڭزىگە پېتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ھېلىقى ھالقىلارنى رەسۇلۇللاھنىڭ مەڭزىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىۋالماقچى بولىۋىدىم، ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ: «خۇدا ھەققى، ئى ئەبۇ بەكرى! مېنى ئالغىلى قويغىن!»، دېدى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ جاراھىتىنى ئاغرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئېغىزىنى يېقىن ئەكېلىپ، ھېلىقى تۆمۈر پارچىلىرىنىڭ بىرىنى چىشى بىلەن چىشلەپ ئاۋايلاپ تارتىپ ئالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوتتۇرا چىشىنىڭ بىرسى مىدىرلاپ قالدى. ئاندىن يەنە بىرىنى مەن ئالاي دەپ تەمشىلىۋىدىم. ئەبۇ ئۇبەيدە: «خۇدا ھەققى! مېنى ئالغىلى قويغىن، دېدىمغۇ» دەپ تۇرۇۋالدى ۋە ئۇنىمۇ ئۆزى چىشلەپ تارتىپ ئالدى. بۇ قېتىم ئەمدى ئۇنىڭ يەنە بىر چىشى قوزغىلىپ مىدىرلاپ قالدى. مىخ پارچىلىرى ئۇنىڭ يۈزىدىن ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ: «قېرىندىشىڭلارنى يۆلەڭلار، ئۇ بۇرچىنى ئادا قىلدى»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز رەسۇلۇللاھنى قويۇپ تەلھەنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى يۆلەپ جاراھەتلىرىنى تاڭدۇق. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئون نەچچە يېرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە يارىلانغانىدى (مانا بۇمۇ تەلھەنىڭ شۇ كۈنى نەقەدەر جاسارەت ۋە شىجائەت كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ).

مۇشۇ جىددى، پەيتتە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىغا بىر بۆلۈك مۇسۇلمان ئەزىمەتلەر توپلاندى: ئەبۇ دۇجانە، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ، سەھل ئىبنى ھۇنەيف، مالىك ئىبنى سىنان (ئەبۇسەئىدىل خۇدرىينىڭ دادىسى) ئۇممۇ ئەممارە (ئەسلى ئىسمى نەسىبە بىنتى كەئەب مازىنى)، قەتادە ئىبنى نۇئمان، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ھاتەب ئىبنى ئەبى بەلتەئە ۋە ئەبۇ تەلھە قاتارلىقلار...

## مۇشرىكلارنىڭ ھۇجۇمى بارغانسىرى كۈچەيدى

مۇشرىكلارنىڭ سانى ئارقا ـ ئارقىدىن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇملىرىمۇ كۈچەيدى ۋە بارغانسىرى مۇسۇلمانلارنى قىستاپ كەلدى. ھەتتا بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ قاچقۇن ئەبۇ ئامىر پاسىق كولاپ ئۈستىنى يېپىپ قويغان ئورەك (قاپقان)گە چۈشۈپ كېتىپ، تىزى قېقىلىپ بەردى. بۇنى كۆرۈپ، ئەلى دەرھال ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ بېقىنىدىن يۆلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ئېلىپ ماڭدى. نافىئ ئىبنى جۇبەير مۇنداق دېگەن: مەن مۇھاجىرلاردىن بىر كىشىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مەن ئوھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشقانىدىم. ئاشۇ قىزىق جەڭ نۇقتىلىرىنىڭ بىرىدە رەسۇلۇللاھقا ھەر تەرەپتىن ئوق يېغىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. لېكىن بۇ ئوقلارنىڭ ھەممىسى تولۇق پاچاقلاپ تاشلىناتتى.

يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى شىھاب زوھرىينىڭ شۇ كۈنى: «مۇھەممەد نەدە؟ ئۇنى تاپىدىغان بولسام... يا ئۇ ئۆلىدۇ، يا مەن...»، دەپ چوقان كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ۋەھالەنكى رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ يېنىدىلا ئۆزى يالغۇز تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ شۇنداق دېگەچ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. كېيىن سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە ئۇنىڭغا تاپا ـ مالامەت قىلغانىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى شىھاب: «ئەزبىرايى خۇدا! ئۇنى چوقۇم كۆرمىدىم، ئەزبىرايى خۇدا، ئۇ بىۋگۇن ئامان قالىدىغان ئوخشايدۇ، بىز تۆت نەپەر كىشى مەخسۇس ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئەھدى قىلىشىپ چىققان تۇرۇقلۇق مەقسىتىمىزگە يېتەلمەپتۇق»، دېدى.

## مىسلى كۆرۈلمىگەن پىداكارلىق

جەڭ مەيدانىنىڭ تەرەققىياتى دەل مۇشۇ يەرگە يەتكەندە، مۇسۇلمانلار ئاجايىپ جاسارەت ۋە ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتى ۋە بەس ـ بەستە شۇنداق قۇربانلارنى بەردىكى، ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۇنداق ئۆزىنى ئۇنتۇپ باشقىلار ئۈچۈن جان پىدا قىلىش روھى تېخى ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىدى. ئەبۇ تەلھە رەسۇلۇللاھنى دۈشمەننىڭ ئوقىدىن ساقلاش ئۈچۈن كۆكرىكىنى كېرىپ ئالدىغا چىقىپ، رەسۇلۇللاھقا قالقان بولۇپ تۇردى.

ئەنەس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مۇنداق دېگەن: «ئوھۇد كۈنى مۇسۇلمانلارغا ئۇشتۇمتۇت مەغلۇبىيەت يۈزلىنىپ قېلىپ، رەسۇلۇللاھ يالغۇز قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تەلھە قولىدىكى قالقىنىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، رەسۇلۇللاھنى دۈشمەننىڭ ئوقىدىن قوغداپتۇ. ئەبۇ تەلھە ئۇستا مەرگەن ئىدى. ئۇ شۇ كۈنى ياچاقلارنى كۆپ ئىشلىتىپ، قاتتىق تارتقانلىقىدىن ئىككى ياكى ئۈچ ياچاقنىڭ زىيىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ، ياكى كامانى سۇندۇرۇپ قويۇپتۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەنلەرگە: ‹ئوقنى ئەبۇ تەلھەگە تاشلاپ كەت! ئەبۇ تەلھەگە تاشلاپ كەت!› دەيدىكەن». ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ئېگىزلىنىپ دۈشمەننىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ باقاتتى. بۇ چاغدا ئەبۇ تەلھە ئۇنىڭغا: ‹ساڭا ئاتا ـ ئانام پىدا بولسۇن، ئى رەسۇلۇللاھ! دۈشمەن تەرەپكە قارىمىغىن، ساڭا ئوق تېگىپ كەتمىسۇن، مەن ئالدىڭدا تۇراي، ئوق تەگسە ماڭا تەگسۇن، ھەرگىز ساڭا تېگىپ كەتمىسۇن›، دەيتتى».

يەنە ئەنەستىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: «ئەبۇ تەلھە بىلەن رەسۇلۇللاھ ئىككىسى بىر قالقان بىلەن مۇداپىئەلەنگەن.ئەبۇ تەلھە ناھايىتى ئۇستا مەرگەن بولۇپ، ئۇ ئوق ئاتسا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئوقىنىڭ زايا كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، مەمنۇن بولاتتى»، دېيىلگەن.

ئەبۇ دۇجانە رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇپ ئۆزىنىڭ دۈمبىسىنى قالقان قىلىپ، رەسۇلۇللاھنى دۈشمەننىڭ ئوقىدىن قوغدىغان. ئوق ئۇنىڭ ئۈستى ـ باشلىرىغا قار ـ يامغۇردەك يېغىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ مىدىرلىماي چىڭ تۇراتتى.

ھاتىب ئىبنى ئەبى بەلتەئە ئۇتبە ئىبنى ئەبى ۋەققاس (رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك چىشلىرىنى تۆكۈۋەتكەن)نى قوغلاپ يۈرۈپ ئاخىر ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىر قىلىچ ئۇرۇپلا كاللىسىنى دومىلىتىۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئېتى ۋە قىلىچىنى غەنىمەت ئېلىپ، قايتىپ كەلدى. سەئەد ئىبنى ئەبى ۋەققاس ئۆزىنىڭ (بۇ) قېرىندىشىنىڭ كاللىسىنى ئۆز قولى بىلەن بەكمۇ ئالغۇسى بار ئىدى. بىراق ئۇ بۇ ئارزۇسىغا يېتەلمىدى. بەلكى ئۇنىڭ مەقسىتىنى ھاتىپ ئىبنى ئەبۇ تەلھە ئەمەلگە ئاشۇردى.

سەھل ئىبنى ھۇنەيپمۇ كۆزگە كۆرۈنگەن باتۇر ـ ئەزىمەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھقا تا ئۆلگۈچە ئېلىشىشقا قول بەرگەن بولۇپ، بۇ قېتىم مۇشرىكلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇشتا پەۋقۇلئاددە قەھرىمانلىق كۆرسەتتى.

ئاشۇ جىددىي ئېلىشىش بولۇۋاتقان پەيتتە، رەسۇلۇللاھمۇ قولىغا قورال ئېلىپ، دۈشمەننى ئوققا تۇتتى. قەتادە ئىبنى نۇئمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) رىۋايەت قىلىدۇكى: «شۇ كۈنى رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ياچىقىنى ئېلىپ، دۈشمەنگە ئوق ئاتقانىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى قاتتىق بەتلىگەنلىكتىن ياچاق كامىنى سۇنۇپ كەتتى.شۇنىڭ بىلەن قەتادە بۇ ياچاقنى ئېلىپ قويۇپ،خېلى كېيىنگىچە ساقلىغان. شۇ كۈنى يەنە ئۇنىڭ بىر كۆزى يارىلىنىپ، كۆزىنىڭ گۆھىرى سىرتىغا پولتىيىپ چىقىپ قالدى.رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بۇ كۆزىنى ئۆز جايىغا سىلىپ قويۇۋىدى،ئۇنىڭ بۇ كۆزى ئەڭ چىرايلىق ھەم روشەن كۆرىدىغان كۆز بولۇپ قالدى.

شۇ كۈنى يەنە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ئىنتايىن جەسۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشۇپ، ھەتتا ئۈستى باشلىرى ئېغىر يارىلىنىپ، چىشلىرى تۆكۈلۈپ كوماك بولۇپ قالدى. بەدىنىنىڭ 20 نەچچە يېرى يارىلاندى، پۇتى ئېغىرراق زەخمىلەنگەچكە، كېيىن ئاقساق (توكۇر) بولۇپ ساقايدى.

ئەبۇ سەئىد خۇدرىينىڭ ئاتىسى مالىك ئىبنى سىنان رەسۇلۇللاھنىڭ مەڭزىدىكى قانلارنى شوراپ، تازىلىغانىدى. ئۇ بۇ قانلارنى يۇتۇۋالماقچى بولدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «تۈكۈر! تۈكۈر!» دېۋىدى، مالىك ئىبنى سىنان: «ئاللاھ بىلەن قەسەم، ھەرگىز تۈكۈرۈۋەتمەيمەن»، دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرغانچە جەڭ قايىنىمىغا ئۆزىنى ئاتتى. بۇنى كۆرۈپ رەسۇلۇللاھ: «ھەر كىم ئەھلى جەننەتتىن بىر كىشىنى كۆرۈشنى خالىسا، مالىكنى كۆرسۇن»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇپ يىقىلدى.

ئۇممۇ ئەممارە (ئايال) بىر توپ مۇسۇلمان ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە مەلئۇن ئىبنى قەمىئە بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى. ئىبنى قەمىئە بۇ ئايالنىڭ مۈرىسىگە قىلىچ ئۇرۇپ، جاراھەتنىڭ كاتەك ئىزلىرىنى قالدۇردى. ئۇممى ئەممارە ئىبنى قەمىئەنى بىر نەچچە

قىلىچ ئۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قوش ساۋۇت كىيىۋالغاچقا قىلىچ ئۆتمىدى. ئۇمۇ ئەمما يەنە داۋاملىق ئۇرۇشۇپ، بەدىنىنىڭ 12 يېرى ئېغىر يارىلاندى.

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرمۇ رەسۇلۇللاھنى ئىبنى قەمئە ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداپ، مىسلىسىز جاسارەت بىلەن ئۇرۇشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەلىمى ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئوڭ قولىغا ئۇرۇپ ئۇنى كېسىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەلەمنى سول قولى بىلەن كۆتۈرۈپ، تاكى ئۇمۇ كېسىلىپ تاشلانغا قەدەر كاپىرلارنىڭ ئالدىدا پولاتتەك مۇستەھكەم تۇردى. ئاندىن ئۇ تىزلىنىپ يېتىپ، ئەلەم خادىسىنى مۆرىسى بىلەن بويىنىغا قىسىپ، قەد كۆتۈرتۈپ تۇردى. لېكىن، ئاخىر شېھىت قىلىۋېتىلدى. ئۇنى ئىبنى قەمئە ئۆلتۈرگەنىدى. ئۇ مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى «رەسۇلۇللاھ (ئۇ رەسۇلۇللاھقا بەئەينى ئوخشايتتى)نى ئۆلتۈردۈم»، دەپ ئويلىغانىدى. شۇڭا ئۇ مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپلا، مۇشرىكلار توپىغا قايتىپ: «مۇھەممەد ئۆلدى...»، دەپ توۋلىدى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا يالغان خەۋەرنىڭ يامراپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭ يامان تەسىرى

ئىبنى قەمئە تەنتەكلىك بىلەن ھېلىقىدەك جار سېلىپ، بىر نەچچە دەقىقە ئۆتمەيلا «رەسۇلۇللاھ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ»، دېگەن خەۋەر مۇشرىك، مۇسۇلمان ھەممەيلەننىڭ ئارىسىدا پۇر كەتتى. مانا مۇشۇ پەيتتە رەسۇلۇللاھتىن بىر ئاز يىراق جايلاردا قورشاۋدا قالغان ساھابىلاردىن نۇرغۇنلىرىنىڭ ئىرادىسى بوشاپ، مەنىۋى روھى يىمىرىلدى. جەڭگىۋارلىقى سۇۋۇدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قاتتىق قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، ئۇمۇمىيۈزلۈك داۋالغۇش كۆرۈلدى ۋە سەپلەر قالايمىقانلاشتى. بىراق، بىرلا خۇشاللىنارلىق يېرى شۇكى، ئىبنى قەمئەنىڭ بۇ ئېلانىنىڭ قىسمەن ئىجابىي رولىمۇ بولدى. مۇشرىكلار: «مەقسىتىمىزگە يەتتۇق»، دەپ ئويلاپ، ھۇجۇم سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، نۇرغۇنلىرى قورال ـ ياراقلىرىنىڭ تىغ ئۇچچىنى مۇسۇلمان شېھىتلەرنىڭ جەسەتلىرىنى چېپىپ، پارچىلاشقا قاراتتى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋەزىيەتنى ئوڭشىشى

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ بايراقنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاجايىپ جاسارەت ۋە شىجائەت بىلەن ئۇرۇشتى ۋە ئەتراپتىكى باشقا ساھابىلەرمۇ تەڭداشسىز قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتى ۋە قايتۇرما زەربە بەردى.

نەتىجىدە، رەسۇلۇللاھ يېقىن يەردە قاپسىلىپ قالغان قوشۇنىنىڭ يېنىغا يول ئېچىپ ئىلگىرىلىيەلىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىۋىدى، ئۇنى (تۇنجى قېتىم) كەئىب ئىبنى مالىك (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) كۆرۈپ تونۇدى ـ دە، خۇشاللىقىنى باسالماي: «ئى مۇسۇلمانلار! خۇشخەۋەر... مانا رەسۇلۇللاھ ھايات ئىكەن»، دەپ توۋلىۋەتتى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا (مۇشرىكلار ئۇنىڭ بار يېرىنى ئۇقۇپ قالمىسۇن ئۈچۈن) جىم تۇرۇشنى ئىشارەت قىلدى. ئەمما بۇ ئاۋاز مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىگە يەتتى، نەتىجىدە ئۇنىڭ

ئەتراپىغا مۇسۇلمانلار تەرەپ ـ تەرەپتىن يىغىلىشقا باشلىدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە30دەك ساھابە توپلاندى. بۇلار توپلىنىپ بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ مۇنتىزىم، تەرتىپلىك ھالدا تاغ باغرىغا چېكىنىشكە باشلىدى. ئۇ چېكىنىش داۋامىدا مۇشرىكلارنىڭ قورشاپ زەربە بەرگۈچى قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يول ئېچىپ ئىلگىرىلىدى. بۇ چاغدا مۇشرىكلار ھۇجۇمنى كۈچەيتىپ، چېكىنىش يولىنى قاتتىق توسماقچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ يولۋاستەك جەسۇر باتۇرلىقى ئالدىدا كەلكۈنگە ئۇچرىغان ئەخلەتتەك سۈپۈرۈلۈپ كەتتى.

مۇشرىك چەۋەندازلىرىنىڭ بىرى بولغان ئوسمان ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغىيرە رەسۇلۇللاھقا ھۇجۇم قىلىپ: «ئۇ ھايات قالغۇچە مېنىڭ ئۆلگىنىم ياخشى»، دەپ ئات چاپتۇرۇپ كەلدى، رەسۇلۇللاھمۇ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرماقچى بولغانىدى، ئۇنىڭغىچە ئوسماننىڭ ئېتى ئۆزلىــــرى كۆلىگەن بىر ئورەككە سېپىلىپ كېتىپ، يىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھارىس ئىبنى سىممەت ئۇنى ئاتتىن تارتىپ يىقىتىپ، پۇتىغا قىلىچ ئۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئاندىن داۋاملىق دۇمبالاپ، جېنىنى ئېلىپ، جەھەننەمگە ئۇزۇتۇۋەتتى ۋە ئۇنىڭ قورال ـ ياراق ئات ـ جابدۇقلىرىنى ئېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ كەينىدىن يەتتى.

شۇ ئەسنادا (مەككە ئاتلىق قوشۇنىنىڭ يەنە بىر ئەسكىرى بولغان) ئابدۇللاھ ئىبنى جابىر ئوقتەك ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، ھارىس ئىبنى سىممەتكە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ ھارىسنىڭ مۈرىسىگە قىلىچ ئۇرۇپ، ئۇنى ئېغىر يارىلاندۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار كۆتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن قىزىل سەللىلىك قارام پالۋان ئەبۇ دۇجانە كېلىشتۇرۇپ بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئۇچۇرۇۋەتتى.

مۇشۇنداق جىددى ئۇرۇش بولۇۋاتقان ئەسنادا «قۇرئان كەرىم»دە كۆرسىتىلگەندەك مۇسۇلمانلارنى ئاللاھنىڭ ئەمىنلىكى بولغان ئۇيقۇ (مۈگدەك) تۇتتى. ئەبۇ تەلھە مۇنداق دېگەن: «مەن شۇ كۈنى ئۇيقۇ (مۈگدەك) تۇتقانلارنىڭ بىرى ئىدىم. ھەتتا قولۇمدىكى قىلىچىم بىر نەچچە قېتىم چۈشۈپ كەتتى. ئۇ چۈشۈپ كېتەر، مەن ئالارمەن، ئۇ چۈشۈپ كېتەر، مەن ئالارمەن، شۇنداق نەچچە قېتىم تەكرارلاندى.

مانا مۇشۇنداق شىر كەبى جاسارەت ۋە ئۆلۈمدىن قورقماس شىجائەت بىلەن بۇ ئازغىنە قوشۇن (ناھايىتى مۇنتىزىم ۋە تەرتىپلىك چېكىنىش ئارقىلىق) تاغ جىلغىسىغا يېتىپ بېرىۋالدى ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە قالغانلار ئۈچۈن بۇ بىخەتەر ماكانغا يول ئېچىلدى. نەتىجىدە، خېلى كۆپ كىشى بۇ جايغا ئۆزىنى ئېلىپ جېنىنى جايلىۋالدى. قىسقىسى، خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ جەڭ تاكتىكىسى رەسۇلۇللاھنىڭ دانا ھەربىي ئىقتىدارى ئالدىدا بەربات بولدى.



## ئۇبەي ئىبنى خەلەفنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

ئىبنى ئىسهاق مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ئۆزىنى تاغ  باغرىغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇبەي ئىبنى خەلەف: «مۇھەممەد قېنى؟ بۈگۈن يا ئۇ ئۆلىدۇ، يا مەن ئۆلىمەن»، دەپ قاتتىق ئەزۋەيلەپ قوغلاپ كەلدى. بۇ چاغدا كىشىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭغا بىرىمىز چۈشەيلىمۇ؟» دېگەنىدى. رەسۇلۇللاھ: «توختاڭلار، ئۇنى ماڭا قويۇڭلار»، دېدى. ئۇبەي ئىبنى خەلەف تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ يېقىنلاپ كېلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ هارىس ئىبنى سىممەتنىڭ نەيزىسىگە قول ئۇزاتتى ۋە ئۇنى قولىغا ئېلىپ قاتتىق بىر سىلكىنىپ

قوزغالدىكى، ئەتراپتا يېقىنراق تۇرغانلارمۇ گويا تۆگە گۈپپىشۈنسە، يۈك ئۇچقاندەك تورۇپ كېتىشتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇ كىيىۋالغان ساۋۇت (تۆمۈر كىيىم) بىلەن باش قالپىقى ئارىلىقىدىكى يوچۇقتىن ئۇنىڭ بويۇن سۆڭىكى دەل كۆرۈندى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ھېلىقى بوشلۇقتا ئۇدۇللاپ بىرلا نەيزە ئۇرۇۋىدى، ئۇ بۇ نەيزىنىڭ زەربىسىدىن ئېتىدىن نەچچە دومىلاپ يىقىلىپ نەچچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ناھايىتى ئالاقزادىلىك ئىلكىدە جېنىنى جايلاپ قاچتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇرەيش بارگاھىغا قايتىپ كېلىپ، (ۋەھالەنكى ھېلىقى نەيزە زەربىسى ئۇنىڭ بويىنىنى ئازراق زىدە قىلىۋەتكەن بولۇپ قېنىمۇ توختاپ قالغانىدى): «ئەزىبىرايى خۇدا، مۇھەممەد مېنى ھامان ئۆلتۈرىدىغان بولدى، مۇھەممەد مېنى ئۆلتۈرىدىغان بولدى»، دەپ توختىماي جۆيلۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئۇبەيگە: «بىر ئاز قورقۇپ كېتىپسەن، خالاس. ئاللا بىلەن قەسەمكى، جاراھىتىڭ ھەرگىز ئېغىر ئەمەس»، دېگەنىدى. ئۇ: «مۇھەممەد ماڭا مەككىدىكى ۋاقتىدا سېنى ھامان ئۆلتۈرىمەن، دېگەنىدى.[①] شۇڭا جەزم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇ (مۇھەممەد) ماڭا قاتتىقراق بىرنى تۆكۈرسىمۇ ئۆلتۈرىدۇ»، دېدى. دەرھەقىقەت ئاللاھنىڭ دۈشمىنى بۇ مەلئۇن (ئۇبەي) ئۇرۇشتىن قايتىشتا «سەرب» دېگەن يەرگە كەلگەندە ھالاك بولۇپ يىقىلدى.

ئەبۇلئەسۋەدنىڭ ئۇرۋەدىن رىۋايەت قىلغان بىر سۆزىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇ يول بويى كالىدەك مۆكۈرەپ، ئاللا ـ توۋا چاقىرىپ ماڭغان ۋە ناھايىتى خۇرسىنىپ: «ئەزىبىرايى خۇدا، ئەگەر مېنىڭ ھازىرقى دەرد ـ ئەلەملىرىم زىلمەجاز ئەھلىگە تاشلانسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جان بەرگەن بولاتتى، دېگەن».

## تەلھەنىڭ رەسۇلۇللاھنى يۆلەپ قوپارغانلىقى

رەسۇلۇللاھ تاغ جىلغىسىغا چېكىنىش داۋامىدا چوڭ بىر قورام تاش ئۇنىڭ يولىغا توغرا تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ تاشتىن ئاتلاپ ئۆتمەكچى بولۇۋىدى، ئەمما ماجالى يەتمىدى. چۈنكى ئۇ شۇ مەزگىللەردە بىر ئاز سەمرىپ، ئۇستىخانلىرى ئېغىرلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قوش ساۋۇت كىيىۋالغان بولغاچقا، بۇنىڭ بىلەنمۇ راسا قولۇشالمايۋاتاتتى. ئەڭ يامان بولغىنى ئۇ ئېبنى قەمىئەنىڭ ھۇجۇمىدا خېلى ئېغىر يارىلانغانىدى. شۇنىڭ بىلەن تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ دەرھال كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بەردى ـ دە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ دولىسىغا دەسسىگەنچە تاش ئۈستىگە چىقىپ ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى ۋە: «تەلھەگە (جەننەت) ۋاجىپ بولدى، تەلھەگە (جەننەت) ۋاجىپ بولدى»، دەيتتى.

## مۇشرىكلار قوزغىغان ئاخىرقى ھۇجۇم

---

① ئۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: «رەسۇلۇللاھ مەككىدە ۋاقتىدا مەزكۇر ئۇبەي ئىبنى خەلەف بىلەن ئۇچرىشىپ قالاتتى ـ دە، ئۇ رەسۇلۇللاھقا: «ئى مۇھەممەد مېنىڭ ماۋۇ ئېتىمغا كۈنىگە بىر ئىسكەت قوناق بېرىپ بېقىۋاتىمەن، ئۇنى مىنىپ سېنى ئۆلتۈرەرمەن دەيمەن»، دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: « ئىنشائاللاھ، سېنى مەن ئۆلتۈرىمەن »، دەپ قوياتتى.

رەسۇلۇللاھ تاغ جىلغىسىدىكى قوماندانلىق شتابىقا يېتىپ بېرىۋالغاندىن كېيىن مۇشرىكلار ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلاپ يوقاتماقچى بولدى. ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ:
«رەسۇلۇللاھ بىر چاغدا ئۆزىنى جىلغىغا ئېلىپ تۇرۇۋشىغىلا ئۈشتۈمتۇت تاغ ئۈستىدە (خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋە ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب باشچىلىقىدا) بىر بۆلۈك كىشىلەر پەيدا بولدى. رەسۇلۇللاھ بۇلارنى كۆرۈپ: «ئى ئاللاھ! ئۇلار بىزدىن ئۈستۈن تۇرسا بولمايتتى»، دەپ تىلىدى. بۇلارغا قارشى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە مۇھاجىرلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ھۇجۇم قوزغاپ، ئاخىرى ئۇلارنى تاغدىن قوغلاپ چۈشۈردى. «مەغازىلئۇمەۋى» دېگەن كىتابتا زىكرى قىلىنىشىچە، بىر چاغدا مۇشرىكلار تاغ ئۈستىدە پەيدا بولغان. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەئەدكە: «ئۇلارنى قورقۇتقىن، يەنى چېكىندۈرگىن»، دېگەن. سەئەد ئۇنىڭغا: «مەن يالغۇز ئۇلارنى قانداق چېكىندۈرىمەن؟» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ھېلىقى گېپىنى ئۈچ ياكى تۆت قېتىم تەكرارلىغان. شۇنىڭ بىلەن سەئەد يېنىدىكى سادىقىدىن بىر ئوقنى چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ بىرىگە راسا چەنلەپ ئېتىۋىدى، ئوق نەخ تېگىپ ئۇلاردىن بىرىنى جەھەننەمگە غۇلاتقان. سەئەد مۇنداق دېگەن: «ئاندىن يەنە ساداقلىرىمنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، يەنە بىر تال ئوق تاپتىم ـ دە، ئۇنىڭ بىلەنمۇ يەنە بىر مۇشرىكنى جېنىدىن جۇدا قىلدىم. ئارقىدىن يەنە قولۇمنى تىقىپ ساداقتىن يەنە بىر تال ئوق تېپىپ، بىر مۇشرىكقا ئاتقانىدىم، ئۇمۇ يەر چىشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەدەر تىكىۋەتتى. مەن كۆڭلۈمدە: ‹بۇ چوقۇم مۇبارەك ئوق ئىكەن›، دېدىم ۋە ئۇنى ساداقتا ساقلاپ قويدۇم». ھېلىقى ئوق سەئەد ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر ئۇنىڭ يېنىدا ساقلىنىپ كەلدى. سەئەد (ئىبنۇ ئەبى ۋەققاس) ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ساقلىدى.

## شېھىتلەرنىڭ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشى

يۇقىرىقىسى مۇشرىكلارنىڭ رەسۇلۇللاھنى يوقىتىش ئۈچۈن قوزغىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ھۇجۇمى ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ توغرىلىق ھېچقانداق مەلۇماتقا ئېرىشەلمىگەچكە (ئۆلدىمىكى ياكى تىرىكمىكى دېگەن ئىككىلىنىشتە بولغاچقا) قارارگاھىغا قايتىپ يېنىش تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىر ئۈچۈملىرى (بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئايال ئەسكەرلىرى) مۇسۇلمانلارنىڭ شېھىتلىرىنى مۇسلە (ئەزالىرىنى كېسىپ تاشلاش) قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار شېھىتلەرنىڭ
قولاق ـ بۇرۇنلىرىنى، ھەتتا جىنسىي ئەزالىرىنى كېسىپ، قورساقلىرىنى يېرىپ، يۈرەكلىرىنى يۇلۇۋېلىشقا باشلىدى. ھىندى بىنتۇ ئۇتبە ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆكرىكىنى يېرىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ، چايناپ يۇتالماي تۆكۈرۈۋەتتى ۋە قول ـ پۇتلىرىغا شېھىتلەرنىڭ قولاق، بۇرۇن ۋە باشقا ئەزالىرىنى زىرە ـ مونجاق ۋە بولاپكىلارغا تەقلىد قىلىپ ئېسىۋالدى.

## مۇسۇلمان ئەزىمەتلەرنىڭ ئاخىرقى بىر نەپەس قالغۇچە ئېلىشىش ئىرادىسى

مۇشۇ سائەتلەر (يەنى جەڭ ئاخىرلىشاي دېگەن) دە مۇسۇلمان ئەزىمەتلەرنىڭ داۋاملىق جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ خۇدا يولىدا ئۆلۈمنى قانچىلىك مەنسىتمەيدىغان ئىرادىسىنىڭ بارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇنداق ئىككى ۋەقە يۈز بەردى.

1. كەئەب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئوھۇد ئۇرۇشى ئاخىرلىشاي دېگەندە مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمان شېھىتلەرنى پارچىلاپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيانە قىلمىشىنى سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم-دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ جەڭ مەيدانىنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتتۈم. ئۇ يەردە بىر مۇشرىك مۇسۇلمان شېھىتلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئۇلارغا: «پۈتى چېتىلغان قويدەك تەييار يېتىڭلار»، دېگەچ ئۇلارنىڭ ساۋۇت-دۇبۇلغىلىرىنى يىغىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن يىراق بولمىغان يەردە بىر مۇسۇلمان دۇبۇلغىسىنى يۈزىگە تاشلاپ، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ يېتىپتۇ. شۇڭا مەن ئۇنىڭ كەينىگىرەك ئۆتۈپ، ھەر ئىككى تەرەپنى كۆزەتتىم. قارىماققا مۇشرىك تەرەپ مۇسۇلماندىن كۆپ ئۈستۈن كۆرۈنەتتى. مەن ئۇلاردىن نەزىرىمنى ئۈزمەي قاراپ تۇردۇم. ھەتتا بىر چاغدا ئۇلار ئاخىر تۇتۇشۇپ قالدى ۋە مۇسۇلمان ھېلىقى قاۋۇل، بەستلىك كەلگەن مۇشرىكنى بىر قىلىچ ئۇرۇپلا، ساغرىسىغىچە پىچىپ، ئىككى پارچە قىلىپ تاشلىۋەتتى. ئاندىن يۈزىنى ئېچىپ: «قانداقراق ئى كەئەب! مانا مەن ئاكاڭ قارىغاي ئەبۇ دۇجانە»، دېدى.

2. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بىر مۇنچە مۇسۇلمان ئاياللار جەڭ مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن ئائىشە (ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى) ۋە ئۇممۇ سۇلەيملەرنىڭ پۇت-قوللىرىنى شىمايلاپ (ھەتتا پۇتلىرىنىڭ ھالقا-مونجاقلىرىمۇ ئېچىلىپ قالغانىدى)، سۇ تۇلۇملىرىنى يۈدۈپ، سۇ ئەكېلىپ يارىلانغان ۋە ھالىدىن كەتكەنلەرنىڭ ئېغىزىغا سۇ تېمىتىۋاتقانلىقىنى، سۇ تۈگىسە يەنە بېرىپ ئەكېلىپ ئەسكەرلەرنى سۇغۇرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم»، دېگەن. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب: «ئۇممۇ سەلىت (ئايال) ئوھۇد كۈنى بىزگە تۇلۇمدا يۈدۈپ سۇ توشۇپ بېرەتتى»، دېگەنىدى.

مانا بۇ باتۇر ئانىلار ئىچىدە ئۇممۇ ئەيمەنمۇ بار ئىدى. ئۇ ئەسلىدە مەدىنىدە قالغان بولۇپ، قىسمەن مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە قېچىپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىنىدى ۋە ئۇلارنىڭ يۈزىگە توپا چېچىپ: «مېڭىش، ئېزدىن ئۆيۈڭگە كىرىپ، يىپ يىگىنە ۋە يىك-چاقلارنى قولۇڭغا ئېلىش! قىلىچنى بىزگە بەر، ئۇرۇشقا بىز چىقىمىز»، دەپ ئەيىبلىدى. ئاندىن ئۇ ئىنتايىن تېز سۈرئەت بىلەن يول يۈرۈپ ئوھۇد تېغى جەڭ مەيدانىغا يېتىپ كەلگەنىدى ۋە مۇسۇلمان ئاياللار بىلەن بىرلىكتە ياردار ۋە ھالسىزلارنى سۇغۇرۇش ئىشىنى باشلىۋەتكەنىدى. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭغا ھىببان ئىبنى ئەرقە ئىسىملىك بىر (كاپىر) ئەبلەخ ئوق ئېتىپ يىقىتىۋەتتى ۋە كىيىمىدىن ئايرىلىپ يالىڭاچلىنىپ قالدى. خۇدانىڭ دۈشمىنى ھىببان بۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ، ۋالىقى يېرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ يولسىزلىقى رەسۇلۇللاھقا قاتتىق ئېغىر كەلگەن چېغى، ئۇ يېنىدىن بىر تال تىغسىز ئوقنى سەئەدكە ئۇزىتىپ: «مانا! بۇنى ئاۋۇ ئەبلەخكە ئات!» دېدى. ئۇنى سەئەد قولىغا ئېلىپ ئاتقانىدى. ئوق ھىببانىڭ يۈرىكىگە نەخ تېگىپ، ئۇنى يىقىتتى ۋە ئۇيان-بۇيان پۇچىلىنىپ موزايدەك يالىڭاچلىنىپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ رەسۇلۇللاھمۇ كۈلۈپ كەتتى.

كۆلگەندەمۇ قاقاقلاپ كۈلدى. ئاندىن : «يارايسەن سەئەد! ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەردىڭ، ئاللاھ دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلسۇن» دېدى.

## رەسۇلۇللاھ بارگاھتا

رەسۇلۇللاھ تاغ جىلغىسىدىكى بارگاھقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب چىقىپ بېشىدىكى دوبۇلغا بىلەن مەھراس (چوڭ تاش قاچا يەنە بىر سۆزدە ئوھۇد جىلغىسىدىكى سۇنىڭ نامى)دىن ئۇنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن سۇ كەلتۈردى. رەسۇلۇللاھ سۇنى قولىغا ئېلىپ ئىچمەكچى بولغانىدى. سۇنىڭ بەدبوي پۇرىقى ئۇنى سەسكىنىدۈرۈپ قويغان چېغى، سۇنى ئىچمەي ياندۇرۇۋەتتى ۋە ئۇ سۇ بىلەن چىرايىدىكى قاننىڭ قالدۇقلىرىنى ۋە بېشىنى يۇيۇۋېتىپ: «ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى قانغا بويىغان كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ غەزىپى قاتتىق بولسۇن»، دېدى.

سەھل مۇنداق دېگەن: «قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ بېشىدىكى قانلارنى كىمنىڭ يۇغانلىقىنى، كىمنىڭ سۇ قۇيۇپ بەرگەنلىكىنى ۋە نېمە بىلەن دورىلانغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. فاتىمە يۇغانىدى، ئەلى ئىبنۇ ئەبى تالىپ بېشىدىكى دۇبۇلغىسى بىلەن سۇ ئەكېلىپ قۇيۇپ بەردى. فاتىمە يۇغانسېرى جاراھەتنىڭ قانسىراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بورىدىن ئازراق ئېلىپ كۆيدۈرۈپ، جاراھەتكە باستى. شۇنىڭ بىلەن قان توختىدى. شۇ ئارىلىقتا مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە بېرىپ تاتلىق، سوغۇق سۇدىن تېپىپ كەلگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ سۇدىن ئىچىپ مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەگە خەيرلىك دۇئا قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ يارىلانغان ئەزالىرى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنلىكتىن، پېشىن نامىزىنى ئولتۇرۇپ ئوقۇدى ۋە مۇسۇلمانلارمۇ ئولتۇرۇپ ئىقتىدا قىلدى.

## ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى مەسخىرە كۈلكىسى ۋە ئۆمەر بىلەن جاۋابلاشقىنى

مۇشرىكلارنىڭ قايتىش تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن ئەبۇ سۇفيان تاغقا چىقىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا: «مۇھەممەد بارمۇ؟» دەپ توۋلىدى، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرماي جىمجىت تۇرۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ئىبنى ئەبۇ قۇھاپە (ئەبۇ بەكرىنىڭ كونىيتى) بارمۇ؟» دەپ توۋلىدى. كۆپچىلىك يەنە جىم تۇرۇشتى. ئاندىن يەنە گېلىنى راسلاپ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتابچۇ؟» دەپ توۋلىغانىدى، ھېچ سادا چىقمىدى (ئەسلىدە رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى ئەبۇ سۇفيانغا جاۋاب قايتۇرۇشتىن توسقانىدى).

ئەبۇ سۇفيان ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئىسلام مۇشۇ ئۈچ كىشى بىلەن بەرىپا بولۇپ تۇرىدۇ، دېگەننى بىلگەچكە، ئۇ ئاۋۋال مۇشۇلارنى سورىشى مۇقەررەر ئىدى. بۇ چاغدا ئەبۇ سۇفيان: «ھە ... ياخشى! بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈگەپتۇ»، دېدى، بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر ئۆزىنى تۇتالماي: «ئى خۇدانىڭ دۈشمىنى!! سەن تىلغا ئالغانلارنىڭ ھەممىسى تېخى ھايات. ئاللاھ سېنىڭ ئەدىبىڭنى بېرىدىغانلارنى يەنىلا ھايات قويدى»، دەپ جاۋاب قايتۇردى.

ئاندىن ئەبۇ سۇفيان: «سىلەرنىڭ ئۆلۈكلىرىڭلار پارچىلاپ تاشلىنىپتۇ، مەن بۇنداق قىلىشقا بۇيرىمىغان ھەم قايغۇرۇپمۇ كەتمەيدىم»، دېدى ۋە ئۈنلۈك ئاھاڭدا: «ئۇئىلو ھوبول، ئۇئىلو ھوبۇل» (ياشا ھوبول‹بۇتنىڭ ئىسمى› ياشا ھوبۇل، ياشا ھوبۇل) دېيىشكە باشلىدى. رەسۇلۇللاھ بۇنى ئاڭلاپ: «ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمامسىلەر؟» دېدى، ساھابىلەر: «نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرىمىز؟» دېگەندەك رەسۇلۇللاھقا قاراشتى. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ ئالى ھەم ئۇلۇغ، دەپ جاۋاب بېرىڭلار»، دېدى.

ئاندىن يەنە ئەبۇ سۇفيان: «بىزگە ئۇززا[1] ئىلاھ بار، سىزلەرگە ئۇززا ئىلاھ يوق»، دېگەنىدى. رەسۇلۇللاھ: «ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇڭلار»، دېدى. ساھابىلەر: «نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرىمىز»، دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ بىزنىڭ ئىگىمىز، سەنلەر قالدىڭ ئىگىسىز، دەپ جاۋاب قايتۇرۇڭلار»، دېدى.

ئاندىن ئەبۇ سۇفيان يەنە: «بۈگۈن ناھايىتى ئوبدان ئىش بولدى، بەدرى ئۇرۇشىدىكى ئىنتىقامىمىزنى ئالدۇق، غەلىبە دېگەن بىر كۈن ماڭا بىر كۈن ساڭا يۈزلىنىدۇ، مانا بۈگۈن تەڭمۇتەڭ بولدى»، دېگەنىدى، ئۇنىڭغا ئۆمەر جاۋاب بېرىپ: «ھەرگىزمۇ تەڭ - باراۋەر ئەمەس، بىزنىڭ (شېھىت بولغان) قېرىنداشلىرىمىز جەننەتتە بولىدۇ، سىلەرنىڭ تاپلىرىڭلار دوزىخى بولىدۇ»، دېدى. يۇقارقى كەسكىن مۇنازىرە ۋە جاۋابلىشىشتىن كېيىن ئەبۇ سۇفيان ئۆمەرگە: «بۇياققا كەل! ئى ئۆمەر!» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۆمەرگە: «بېرىپ قاراپ باققىن، نېمە گېپى باركىن؟» دېدى. ئۆمەر ئەبۇ سۇفيانغا يېقىن بېرىۋىدى، ئەبۇ سۇفيان: «ئى ئۆمەر، مەن سەندىن ئاللاھنى ئارىغا سېلىپ تۇرۇپ سوراپ باقاي، بىز مۇھەممەدنى ئۆلتۈردۇقمۇ، يوق؟» دەپ سورىدى. ئۆمەر: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەرگىز ئۇنداق ئىش يوق، ئۇ شۇ تاپتا سېنىڭ مۇشۇ گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ»، دەپ جاۋاب بەردى. ئەبۇ سۇفيان: «مېنىڭ نەزىرىمدە سەن ئىبنى قەمىئەدىن راستچىل ھەم سەمىمىي، سېنىڭ گېپىڭگە ئىشىنىمەن»، دېدى.

## بەدرىدە ئۇچرىشىشقا ۋەدىلىشىش

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ سۇفيان ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى تاغدىن چۈشۈش ئالدىدا ئېلانچىسى ئارقىلىق توۋلاپ: «سىلەرگە دەيدىغان گەپ: كېلەر يىلى بەدرىدە ئۇچرىشىمىز»، دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ يېنىدىراق تۇرغان بىر ساھابىسىگە: «بولىدۇ، بۇ ھەر ئىككىمىزگە ۋەدە بولسۇن، دېگىن»، دېدى.

## مۇشرىكلارنىڭ ھەرىكەت نىشانىنى كۆزىتىش

مەزكۇر ۋەدە ئاغزاكى پۈتۈشۈلۈپ، ئەبۇ سۇفيان بارگاھقا قايتقاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى ئەۋەتىپ: «سەن دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ، ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىغا ۋە نېمە ئىش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا نازارەت قىلغىن، ئۇلار ئاتنى يانغا ئېلىپ، تۆگىگە مىنىپ ماڭغان بولسا ئۇدۇل مەككىگە ماڭغان بولىدۇ، ناۋادا ئاتلىرىغا مىنىشىپ، تۆگىلىرىنى بىكار ھەيدەپ مېڭىشقان بولسا، چوقۇم مەدىنىنى

[1] ئۇززا ئەرەبلەرنىڭ تائىفتىكى بۇتى بولۇپ، جاھىلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئىلاھلىرىنىڭ بىرى ھېساپلىناتتى.

نىشانلاپ ماڭغان بولىدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇلار مەدىنىگە ماڭغان بولسا، كېيىندىن قوغلاپ كىرىپ، ئاخىرقى نەپەسكىچە تىغمۇـ تىغ ئېلىشىمەن»، دېدى. ئەلى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مۇنداق دېگەن: «شۇنىڭ بىلەن مەن مۇشرىكلارنىڭ كەينىدىن چىقىپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتىم، ئۇلار ئاتنى يېتىلەپ، تۆگىلىرىگە مىنىپ، مەككىگە قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى».

## شېھىتلەر ۋە يارىدارلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئېلىش

قۇرەيش كاپىرلىرى ئوھۇد دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مۇسۇلمانلار شېھىتلەر ۋە يارىدارلارنىڭ ئىزـ دېرىكىنى ئېلىشقا باشلىدى. زەيد ئىبنى سابىت مۇنداق دەيدۇ: شۇ كۈنى رەسۇلۇللاھ مېنى سەئدە ئىبنى رەبىئنى ئىزلەشكە ئەۋەتتى ۋە: «ئۇنى كۆرسەڭ مەندىن سالام دېگىن ھەمدە ئۇنىڭغا: ‹رەسۇلۇللاھ سەندىن ئۆزۈڭ قانداقراق؟› دەپ سوراپدۇ، دېگىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن جەسەتلەر ئارىسىنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئاخىر ئۇنى تاپتىم. ۋەھالەنكى، ئۇ ئاخىرقى نەپەسكە چۈشۈپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ بەدىنىدە نەيزە ئۇرۇلغان، قىلىچ كەسكەن ۋە ئوق تەگكەن جاراھەت بولۇپ، بەدىنىنىڭ 70 نەچچە يېرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە يارىلانغانىكەن. ئۇنىڭغا دېدىمكى: «ئى سەئدە! رەسۇلۇللاھ ساڭا سالام يوللىدى ۋە ئېيتتىكى، ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ ماڭا ئېيتقىن»، دېدى. سەئدە ناھايىتى تۆۋەن ئاۋاز بىلەن: «رەسۇلۇللاھقىمۇ سالام بولسۇن، ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغىنكى، ئى رەسۇلۇللاھ، مەن جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇراۋاتىمەن ۋە قەۋمىم ئەنسارلارغا يەتكۈزۈپ قويغىنكى، سىلەرنىڭ كۆزۈڭلار مىدىرلاپلا تۇرىدىكەن، رەسۇلۇللاھ بىرەر پىشكەللىككە يولۇقۇپ قالسا قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭلارنى ئاقلاشقا يۈزۈڭلار قالمايدۇ»، دېدى ـ دە، شۇ ھامان جان ئۈزدى.

ساھابىلەر يەنە يارىدارلار ئارىسىدا ئۇسەيرەم (كالتا شەمشەر، ئەسلى ئىسمى ئەمرى ئىبنى سابىت)نى تاپتى. ئۇمۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. مۇسۇلمانلار ئۇنى بۇنىڭدىن ئىلگىرى كۆپ قېتىم ئىسلامغا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇ رەت قىلىپ كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشىپ: «ئۇسەيرەمنى بۇ يەرگە نېمە ئېلىپ كەلگەندۇ؟ بىز ئۇنى مەدىنىدە تاشلاپ چىققاندا، ئۇنىڭ بۇ دىنغا ئىنكارى خېلى كۈچلۈك ئىدى»، دېيىشتى. ئاندىن ئۇنىڭدىن سوراپ كۆردى: «سېنى بۇ يەرگە نېمە ئېلىپ كەلدى؟ ئۆز خەلقىڭنى دەپ چىقتىڭمۇ ياكى ئىسلام دىنىغا قىزىقىپ، ئۇنى قوغداش ئۈچۈن چىقتىڭمۇ؟» دېيىشتى، ئۇسەيرەم جاۋاب بېرىپ: «ئەلۋەتتە ئىسلامغا بولغان رىغبىتىم مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ چىقتى. مەن ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈردۈم، ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ سېپىدە تۇرۇپ جەڭ قىلدىم. ئاخىر مۇشۇ ھالغا كېلىپ ياتىمەن»، دېدى ـ دە، گېپى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا جان ئۈزدى. بۇنى رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلىنىۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇ ئەھلى جەننەتتى»، دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مۇنداق دېگەن: «ئۇ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاللاھقا باش قويۇپ سەجدە قىلىپ باقمىغانىدى».

ياربدارلار ئارىسىدا يەنە قەزمان ئۇچرىتىلدى. ئۇ (جەڭ مەيدانىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىق بىلەن ئۇرۇشۇپ يەتتە ياكى سەككىز مۇشرىكنى يەر چىشلەتكەندىن كېيىن) يارىلىنىپ يىقىلغانىدى. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۇنى بەنى زۇفەر دىيارىغا يۆتكىدى ۋە ئۇنىڭغا ئىسلام يولىدا تارتقان دەرد ـ ئەلەمنىڭ ئەجرى ـ مۇكاپاتى بىلەن بېشارەت بېرىۋىدى، ئۇ: «مەن دېگەن ئۆز خەلقىمنىڭ ۋە ئۆز ۋەتىنىمنىڭ شان ـ شەرىپىنى دەپ ئۇرۇشتۇم. شۇنى دېمىسەم ھەرگىز ئۇرۇشمايتتىم»، دېدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇ ئاغرىققا چىدىماي ئۆزىنى بوغۇزلىۋالدى. رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا قەزمان تىلغا ئېلىنسا: «ئۇ ئەھلى دوزىخى»، دەيتتى.

مۆھتەرەم كىتابخان! مانا بۇ مىللەتچىلىك ياكى ۋەتەنچىلىك ۋەياكى ئاللاھنىڭ دىنىنى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىرىشتىن باشقا ھەر قانداق بىر مەسلەك ئىگىلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقانلارنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. گەرچە ئۇلار ئىسلام تۇغى ئاستىدا ئۇرۇشۇپ ئۆلگەن بولسىمۇ.. ۋە گەرچە ھەتتاكى رەسۇلۇللاھ ۋە ياكى ساھابەكىراملار تەشكىللىگەن ھەربىي سەپلەردە بولسىمۇ، شۇنداق بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇنىڭ ئەكسىچە شېھىتلەر ئارىسىدا بەنى سوئلەبە يەھۇدىيلىرىدىن بىر كىشىنىڭ جەسىتى بايقالدى. ئۇ ئۆز قەۋمىگە: «ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىلىسىلەر، مۇھەممەدكە ياردەم بېرىش زىممەڭلاردىكى مەجبۇرىيەت» دېگەن. ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «دېگىنىڭ راست، لېكىن بۈگۈن كۈنگە شەنبە»، دېيىشكەن. شۇڭا ئۇ قىلىچ ۋە باشقا ياراقلىرىنى ئېلىپ: «ئەگەر مەن جەڭدە مۇسىبەتكە ئۇچرىسام، مېنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكۈم مۇھەممەدكە مەنسۇپ. ئۇ بۇ مېلىمنى ئۆزى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلسۇن»، دەپ قويۇپ تاڭ سەھەردە ئاتلىنىپ جەڭ مەيدانىغا چىقىپ، ئۇرۇشۇپ ئاخىرى مۇشرىكلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈپ تاشلانغان. ئۇنىڭ ھەققىدە رەسۇلۇللاھ: «مۇخەيرىق يەھۇدىيلارنىڭ ياخشىسى»، دەيتتى.

## شېھىتلەرنىڭ جەملىنىپ دەپنە قىلىنىشى

رەسۇلۇللاھ شېھىتلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ باشتىن ـ ئاخىر بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئاندىن مۇنداق دېدى: «مەن بۇلارغا گۇۋاھمەن، كىمكى ئاللاھنىڭ يولىدا يارىلىنىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى قىيامەت كۈنى يارىسى قان تۆككەن ھالدا تىرىلدۈرىدۇ. قانىنىڭ رەڭگى قىزىل، ئەمما ئىپارنىڭ ھىدىدا بولىدۇ». ساھابىلارنىڭ بەزىسى بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ئۇرۇغ ـ تۇغقان يار ـ بۇرادەرلىرىنى مەدىنىگە يۆتكەپ كەتكەنىدى. رەسۇلۇللاھ شېھىتلەرنى ئۆز جايىغا قايتۇرۇپ، تېرە ـ تۆمۈر دېگەندەك قوشۇمچە كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىپ، ئەسلى كىيىمى بىلەنلا، يۇماي يىقىلغان يېرىگە دەپنە قىلىشقا بۇيرىدى. ئىككى ـ ئۈچ كىشى بىر قەبرىگە قويۇلدى. ھەتتا بىر كېپەنگە ئىككى كىشىنى ئېلىشقىمۇ توغرا كەلدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ: «ئۇلارنىڭ قايسىسى قۇرئاننى كۆپرەك يادقا بىلىدۇ؟» دەپ سورايتتى. ئۇلار: «پالانى»، دەپ بىرىنى كۆرسەتسە، شۇنى لەھەتكە بۇرۇن قوياتتى ۋە: «قىيامەتتە مەن بۇلارغا گۇۋاھچى بولىمەن»، دەيتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ھەرام بىلەن ئەمرى ئىبنى جەمۇھە ئوتتۇرىسىدا قويۇق دوستلۇق مۇناسىۋىتى بولغاچقا بۇ ئىككى دوست بىر

قەبرىگە قويۇلدى. ساھابىلەر يەنە جەسەتلەر ئارىسىدا ھەنزەلە (ئىبنى ئامىر)نىڭ جەسىتىنى تاپالماي كۆپ ئىزدىدى. ئاخىر بىر چاغدا ئۇنى بىر تۆپىلىكتىن بەدىنىدىن سۇ تامچىلاپ تۇرغان ھالەتتە ئۇچراتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «ھەنزەلەنى پەرىشتىلەر يۇيۇپ قويغانلىقىنى خەۋەر قىلدى». ئاندىن كېيىن: «ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭ ئەھلىسىدىن سوراپ بېقىڭلار»، دېدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەھلىيىسىدىن سورىغانىدى، ئۇ: «ھەنزەلە جىنابەتتە ئىدى، ئۇ جەڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غۇسلى قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي چىقىپ كەتكەن»، دېدى. شۇ ۋەجىدىن ھەنزەلە «غەسىيلۇلمەلائىكە» (پەرىشتىلەر غۇسلى قىلدۇرغان ئادەم) دەپ ئاتالدى. رەسۇلۇللاھ (ئۆز تاغىسى ھەم ئىمىلدەش قېرىندىشى) ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنى كۆرگەندە ناھايىتى قايغۇردى.

رەسۇلۇللاھنىڭ ھاماچىسى سەفىييە (ھەمزىنىڭ ھەمشىرىسى) كېلىپ قېرىندىشى ھەمزىنى كۆرۈۋالماقچى بولۇۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئوغلى زۇبەير ئىبنى ئاۋۋامنى بۇيرۇپ: «ئاپاڭنى قايتۇرۇپ كەتكىن، قېرىندىشىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆرۈپ قالمىسۇن»، دېدى. بۇ چاغدا سەفىييە: «نېمە ئۈچۈن كۆرمەيدىكەنمەن؟ ئاڭلىشىمچە ئۇ پارچىلىنىپ مۇسلە[1] قىلىنىپتۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئاللاھ يولىدا كەلگەن مۇسىبەت، ئاللاھ ئۈچۈن بىز ھەممىدىن رازى، مەن ئىنشائاللاھ ئۆزەمنى تۇتۇۋالىمەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىمەن»، دېدى ـ دە، كېلىپ ھەمزىنى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم كۆرۈۋالدى ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ، ئىستىرجا ئېيتتى ۋە ئىستىغپار تىلىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ھەمزىنى ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنۇ جەھش بىلەن بىر قەبرىگە دەپنە قىلىشقا بۇيرىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېگەن: «بىز رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ھەمزە ئىبنۇ ئابدۇلمۇتەللىپكە يىغلىغىنىدەك بىراۋغا يىغلىغىنىنى كۆرمىگەنىدۇق، ئۇ ھەمزىنى قىبلىگە قويۇپ، جەسەتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى، ھەتتاكى ھۆڭرەپ تاشلىدى».

شېھىتلەرنىڭ قاتار ياتقان كۆرۈنۈشى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ھەم پاجىئەلىك بولۇپ، يۈرەكنى ئېزەتتى. خەبباب مۇنداق دېگەن: «ھەمزە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)گە پەقەت ئاددى بىر تال تون چاپاندىن باشقا كېپەنلىك تېپىلمىدى. ئۇنىڭ بىلەن باش تەرىپى يۆگەلسە، ئاياغ تەرىپى ئېچىلىپ قالاتتى. ئاياغ تەرىپى يۆگەلسە، باش تەرىپى ئېچىلىپ قالاتتى. ئاخىر بولماي كىيىمنى ئۇنىڭ باش تەرىپىگە تارتىلىپ، ئاياغ تەرىپىگە ئىزخىر (ئۆسۈملۈك نامى) پاخىلى قويۇلدى».

كېيىنكى كۈنلەردە ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف مۇنداق دەپ بەرگەنىدى: «مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرمۇ مۇسىبەتكە ئۇچرىدى. ئۇ مەندىن كۆپ ياخشى كىشى ئىدى. ئۇ بىرلا توندا كېپەنلەندى. ئۇ توننى ئۇنىڭ بېشىغا يېپىلسا، پۇتى ئوچۇق قالاتتى. پۇتىغا يېپىلسا، بېشى ئوچۇق قالاتتى». خەببابنىڭ رىۋايىتىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بايانلار بار. ئۇنىڭدا يەنە: «بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ بىزگە: ‹ئۇ كىيىم بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى يۆگەڭلار، پۇتىغا ئىزخىر پاخىلى سېلىڭلار›، دېدى»، دېيىلگەن.

---

① ئەتراپى ئەزالىرى كېسىپ تاشلىنىپتۇ.

## رەسۇلۇللاھنىڭ پەرۋەردىگار تائالاغا سانا ئېيتىپ دۇئا قىلغانلىقى

ئىمام ئەھمەد (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئوھۇد كۈنى ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، مۇشرىكلار ئۆز يولىغا راۋان بولۇۋىدى، رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىگە: ‹سەپكە كېلىڭلار، مەن ئاللاھقا سانا ئېيتىۋالاي›، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ كېيىنىگە سەپ بولۇپ تۇرغانىدى، رەسۇلۇللاھ: ‹ئى ئاللاھ! جىمى ھەمدۇسانا ساڭا مەنسۇپتۇر، ئى ئاللاھ! سەن كەڭ قويۇۋەتكەننى يىغىپ قورىغۇچى يوقتۇر. سەن يىغىۋالغاننى قويۇۋەتكۈچى يوقتۇر، سەن ئازدۇرغاننى ھىدايەت قىلغۇچى يوقتۇر، سەن ھىدايەت قىلغاننى ھېچ كىشى ئازدۇرالمايدۇ، سەن بەرمىگەننى بەرگۈچى يوقتۇر، سەن بەرگەننى كىشى توسالمايدۇ، سەن يىراق قىلغاننى يېقىن قىلغۇچى يوقتۇر، سەن يېقىن قىلغاننى ھېچ كىشى يىراقلاشتۇرالمايدۇ، ئى ئاللاھ! بىزگە بەرىكەتلىرىڭنى كەڭ قىلغىن، رەھمىتىڭنى كەڭ قىلغىن، پەزلى ـ كەرەمىڭنى ۋە رىزقى ئىنئامىڭنى كەڭ قىلغىن (ئامىين!).

ئى ئاللاھ! مەن سەندىن توزىمايدىغان، يوقالمايدىغان مۇقىيم  نېئمەت تىلەيمەن، ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭدىن قىيىن كۈنلەردە ياردەم بېرىشىڭنى خەۋپ ـ خەتەرلەردىن ئامان قىلىشىڭنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! مەن سىنىڭ بىلەن سەن بىزگە ئاتا قىلغان ۋە ياكى ئاتايىڭدىن ساقىت قىلغان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! بىزگە ئىماننى ياخشى كۆرسەتكىن، دىللىرىمىزنى ئىمان بىلەن زىننەتلىگىن، بىزگە كۇپرىنى، پىسقى ـ فۇجۇرنى ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى سەت (يامان) كۆرسەتكىن ۋە بىزلەرنى تەۋفىق ـ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن (ئامىين!).

ئى ئاللاھ! بىزنى ۋاپات قىلدۇرساڭمۇ مۇسۇلمان ھالەتتە ۋاپات قىلدۇرغىن، ھايات قويساڭمۇ مۇسۇلمان ھالەتتە ھايات قويغىن. بىزنى رەسۋايى جاھان بولمىغان، زىيان تارتمىغان ۋە پىتنە ـ پاساتلارغا مۇپتىلا قىلمىغان ھالەتتە سالىھ (ياخشى)لەرگە يېتىشتۈرگىن. ئى ئاللاھ! سېنىڭ پەيغەمبىرىڭنى ئىنكار قىلغان، سېنىڭ ھەق يولۇڭدىن توسقان كافىرلەرگە لەنەت قىلغىن، سېنىڭ غەزىپىڭنى ۋە ئازاۋىڭنى شۇلارغا قىلغىن. ئى ئاللاھ! كىتاب چۈشكەن كاپىرلارغا لەنەت قىلغىن، سەن ھەققانىي ئىلاھتۇرسەن»، دەپ دۇئا قىلدى.

## مەدىنىگە قايتىش، دوستلۇق ۋە پىداكارلىق روھى

رەسۇلۇللاھ شېھىتلەرنى دەپنە قىلىش ۋە ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىشلاردىن پارىغ بولغاندىن كېيىن مەدىنىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ جەڭ مەيدانىدا مۇسۇلمان ئەزىمەتلەردىن ئاجايىپ ساداقەت ۋە مىسلىسىز پىداكارلىقلارنى كۆرگىنىدەك مەدىنىگە يېتىپ كەلگىنىدە سەممىمي، سادىق مۇسۇلمان ئاياللاردىن ئىنسانلار تەبىئىتىدە كەم كۆرۈلىدىغان مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇغان پىداكارلىق روھىنى ھېس قىلدى.

ھەممىنە بىنتى جەھىش رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ھال سوراپ چىققانىدى. يول ئۈستىدە ئۇنىڭغا ئۇنىڭ قېرىندىشى ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشنىڭ مۇسىبەت خەۋىرى ئۇقتۇرۇلدى. ھەممىنە بۇنى ئاڭلاپ ئىستىرجا ( قالوا انا لله و انا اليه راجعون ) (يەنى، بىز ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇرمىز، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز) ئېيتتى ۋە ئىستىغپار تىلىدى. ئارقىدىن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ (ئانا تەرەپ) تاغىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئۆلۈمى خەۋەر قىلىنىۋىدى، يەنە ئىستىرجا ئېيتتى ۋە ئىستىغپار تىلىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئېرى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭمۇ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقى يەتكۈزۈلۈۋىدى، ھەممىنە تۇۋلاپ تاشلىدى ۋە ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ: «ئايال كىشى دېگەننىڭ ئېرى ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بولىدۇ ھە!» دېدى.

بەنى دىنار جەمەتىدىن بىر ئايال مۇجاھىدلارنىڭ ئالدىغا چىققانىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۇنىڭ ئېرى، بىر تۇغقان قېرىندىشى ھەمدە ئاتىسى قاتار شېھىت بولۇپ يىقىلغانىدى. بۇ ئايال ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن: «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟» دەپ سورىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا: «ياخشى، ئى ھەمشىرەم! ئۇ الحمد لله، سىز ئارزۇ قىلغىنىڭىزدەك ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ»، دېگەنىدى، ئۇ: «رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا مېنى باشلاپ بېرىڭلار، مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرەي»، دېدى. ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ كۆرسىتىلىپ قويۇلىۋىدى، ئۇ: «سەن ھايات بولساڭلا، ھەر قانچە مۇسىبەت ھېچقانچە (يەنى مۇسىبەت ئەمەس دېمەكچى)دۇر»، دېدى.

رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە قايتىپ كېلىۋىدى، سەئەد ئىبنى مەئازنىڭ ئانىسى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. بۇ چاغدا سەئەد رەسۇلۇللاھنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. سەئەد ئانىسىنى كۆرۈپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئانام»، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنى قارشى ئالىمىز»، دېدى ۋە ئۇنىڭغا توختاپ تۇردى. ئۇ خوتۇن يېقىنلاپ كېلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئوغلى ئەمرى ئىبنى مۇئاز توغرىلىق تەسەللى بەردى. ئۇ خوتۇن: «ئى رەسۇلۇللاھ! سېنىڭ ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگىنىڭنى كۆرۈپ بارلىق مۇسىبەتنى ھېچنېمە سانىمىدىم»، دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئوھۇد جەڭ مەيدانىدا شېھىت بولغانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا دۇئا قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئى سەئەدنىڭ ئاپىسى! سىزگە ۋە بارلىق شېھىتلەرنىڭ ئەھلى ئەۋلادلىرىغا خۇشخەۋەركى، ئۇلارنىڭ مۇسىبەتكە ئۇچرىغان قېرىنداشلىرى ھەممىسى بىر يەرگە جەم بولۇشتى ۋە ھەممىسى ئۆز ئەھلىگە شاپائەت قىلىدىغان مەرتىۋىگە ئېرىشتى». سەئەدنىڭ ئاپىسى بۇنى ئاڭلاپ: «بىز رازى بولدۇق، ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇلارغا يەنە كىممۇ يىغلىسۇن؟» دېدى. ئاندىن ئۇ يەنە: «ئى رەسۇلۇللاھ! شېھىتلەرنىڭ ئەھلى بالا ـ چاقىلىرىغا دۇئا قىلسىلا»، دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئى ئاللاھ! مۇسىبەت ئىگىلىرىنىڭ قەلبىدىن غەم ـ قايغۇلىرىنى كەتكۈزگىن، ئۇلارنىڭ مۇسىبەت، دەرد ـ ئەلەمنى يېنىكلەتكىن، ۋارىسلىرىغا ياخشى ئىز باسار ئاتا قىلغىن»، دېدى.

## رەسۇلۇللاھ مەدىنىدە

رەسۇلۇللاھ شۇ كۈنى (ھىجرەتنىڭ 3 ـ يىلى شەۋۋال يەنى 10 ـ ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى شەنبە) كەچ زاۋال بىلەن مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيىگە يېتىپ كېلىپلا قىزى فاتىمىگە قىلىچىنى ئۇزىتىپ: «قىزىم! بۈنىڭدىكى قانلارنى يۇيۇۋەت، ئۇ بۈگۈن ماڭا بەك ئەسقاتتى»، دېدى. ئۇنىڭغا يەنە ئەلى ئىبنۇ ئەبى تالىپمۇ قىلىچىنى ئۇزىتىپ: «بۇنى ھەم يۇيۇۋېتىڭ، ئەزبىرايى خۇدا بۇ ماڭا بۈگۈن بەك ئەسقاتتى»، دېگەنىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «سەن بۈگۈن ئۇرۇشتا سۇباتلىق بىلەن جەڭ قىلىپ ئەسقاتقىنىڭدەك سەھل ئىبنۇ ھۇنەيف ۋە ئەبۇ دۇجانىلەرمۇ بەك ئەسقاتتى»، دېدى.

## ئىككى تەرەپتىن چىقىم بولغانلار

ئوھۇد غازىتىغا ئائىت رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇنىڭغا بىرلىككە كەلدىكى، بۇ غازاتتا مۇسۇلمانلار تەرەپتىن چىقىم بولغانلارنىڭ ئومۇمى سانى 70 كىشى بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەنسارلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 65 كىشىدىن 41 ى خەزرەج ئەنسارلىرىدىن، 24 ى ئەۋس (قەبىلىسى) ئەنسارلىرىدىن، بىر كىشى يەھۇدىيلاردىن، تۆت كىشى مۇھاجىرلاردىن ئىدى. ئەمما مۇشرىكلار تەرەپتىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى (ئىبنى ئىسھاقنىڭ زىكرى قىلىشىچە) پەقەت 22لا ئادەم ئىكەن. لېكىن ئىنچىكىلەپ ستاتىستىكىلىغاندا (مۇشۇ غازاتقا ئائىت تارىخشۇناسلارنىڭ نەقىللىرىگە ۋە ھەر قايسى جەڭ نۇقتىلىرىدا مۇشرىكلار تەرەپتىن يەر چىشلىگەنلەرنىڭ ئەھۋالى زىكرى قىلىنغان ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا) ئۇلاردىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 22 ئەمەس، بەلكى 35 كىشى ئىكەنلىكى مەلۇم (ھەقىقەتتىگە ئاللاھ ئۆزى ئالىمدۇر).

## مەدىنىدە جىددىي ھالەت يۈرگۈزۈلۈشى

مۇسۇلمانلار مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ شۇ كېچىنى (يەنى ھىجرىيىنىڭ 3 ـ يىلى شەۋۋالنىڭ سەككىزىنچى كۈنى يەكشەنبە يۇرۇش كېچىسىنى) جىددىي ھالەتتە ئۆتكۈزدى. ئۇلار پۈتۈن بىر كېچە (ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق چارچاپ ھارغانلىقلىرىغا، جاراھەت ۋە يارىلىرىنىڭ تاقەتسىز ئاغرىۋاتقانلىقلىرىغا قارىماي) مەدىنە يول ئېغىزلىرى ۋە كىرىش ئۆتەڭلىرىدە قاراۋۇللۇقتا تۇرۇپ چىقتى. بولۇپمۇ ئالى باش قوماندانىمىز مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھنى قوغداپ، بىدار ھالەتتە تۇرۇپ قاراۋۇللۇق قىلدى. چۈنكى، بۈگۈن ھەر خىل ئېھتىماللىقلارنىڭ يۈز بېرىشىنى چەتكە قاققىلى بولمايتتى.

## ھەمرائۇلئەسەد غازىتى

رەسۇلۇللاھ گەرچە ئۆيىگە كىرىپ ئارام ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كېچىچە ھازىرقى ۋەزىيەت توغرىسىدا ئويلىنىپ، تاكى سەھەرگە قەدەر كىرپىك قاقمىغانىدى. ئۇ كېچىدىن بىرى «ناۋادا مۇشرىكلار جەڭ مەيدانىدا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكىدىن تولۇق پايدىلىنالمىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، ئالدىراپ مەككىگە

قايتقانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ قالسا، مەدىنىگە قايتا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يولدىن يېنىپ كېلىشى مۇمكىن»، دېگەن توغرىلىق ئويلىناتتى. شۇڭا، ئۇ كۆپ ئويلىنىپ، ئاخىر مەككە قوشۇنىغا قارىتا «قوغلاپ زەربە بېرىش ھەرىكىتى» قوزغاش قارارىغا كەلدى.

تارىخشۇناسلار شۇنداق خۇلاسىلىدىكى، رەسۇلۇللاھنىڭ شۇ كۈنى ئەتتىگەن تاڭ سەھەردە (يەنى ھىجرىيىنىڭ 3 ـ يىلى شەۋۋالنىڭ سەككىزىنچى كۈنى ئوھۇدتىن قايتىپ كىرىپ ئەتىسى يەكشەنبە تاڭ سەھەردە) مۇسۇلمانلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ئۈقتۈرۈش چىقىرىپ ئېلان قىلغۇزدى ۋە ئۇلارنى دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئاتلىنىشقا چاقىردى. ئۇ ئاتلىنىش ئالدىدا: «بىز بىلەن پەقەت ئوھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارلا چىقسۇن»، دېگەنىدى. دەرھال ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي: «مەن چىقمەنمۇ؟ يا رەسۇلۇللاھ!» دېدى. لېكىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ تەكلىۋىنى كەسكىن رەت قىلىپ: «بولمايدۇ»، دەپ ئۇزرۇۋەتتى. مۇسۇلمانلار ئومۇمىيۈزلۈك ھەرىكەتكە كېلىپ، يارا ـ جاراھەتلىرىنى تېڭىپ، ھەر تەرەپتىن يېغىۋاتقان خەۋپ ـ خەتەر ۋەھىمىسىگە پىسەنت قىلماي ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى ۋە ھەممىسى بىردەك قىلىپ: «سۆزۈڭنى ئاڭلايمىز ھەم ئىتائەت قىلىمىز»، دېيىشتى. بۇ قېتىم ئۇرۇشقا قاتناشقانلاردىن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سەن قوزغىغان ھەر قانداق ھەرىكەتكە قاتنىشىشنى چىن دىلىمدىن ئارزۇ قىلاتتىم. بىراق، بۇ قېتىم ئاتام مېنى قىزلىرىغا قاراشقا قالدۇرۇپ قويغانىدى. شۇڭا، ئوھۇدقا قاتنىشالمىدىم. ماڭا ئىزنى قىلساڭ سەن بىلەن بىرگە چىقسام»، دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى.

ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارنى باشلاپ مەدىنىدىن يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ ھەتتا بىر چاغدا ھەمرائۇلئەسەد (مەدىنىدىن 15 كىلومېتىردىن كۆپرەك كېلىدۇ) دېگەن جايغا بېرىپ چۈشۈپ مۇشۇ يەرگە قارارگاھنى تىكتى ۋە گازارما تەسىس قىلدى.

دەل مۇشۇ پەيتتە، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا مەئبەد ئىبنى ئەبۇ مەئبەد خۇزائى كېلىپ مۇسۇلمان بولدى (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بۇ يەردە مۇسۇلمان بولمىغان، بەلكى ئۇ شىرىك ئەقىدىدە بولسىمۇ، لېكىن بەنى ھاشىم جەمەتى بىلەن خۇزائە قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى كونا قەدىناسلىق مۇناسىۋەت ئۇنى رەسۇلۇللاھقا ساداقەتمەنلىك بىلدۈرۈشكە ئۈندىگەن) ۋە: «ئى مۇھەممەد! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ساڭا كەلگەن بۇ كۆڭۈلسىزلىك بىزگە بەكمۇ ئېغىر كەلدى. ئاللاھ ساق ـ سالامەتلىك ئاتا قىلسىچۇ؟ دەپ قالدۇق»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئەبۇ سۇفيانىنىڭ كەينىدىن يېتىپ، ئۇنىڭغا سىياسىي ھۇجۇم قوزغاپ قورقۇتۇپ ئۈركۈتۈشكە بۇيرىدى.

شۇنداق ... رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشرىكلار قوشۇنى يولدىن يېنىپ كېلىپ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش خىيالىدا بولۇشىدىن ئەنسىرىگىنى ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە ئويلاپ كەتكەنلىك ئەمەس ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇلار مەدىنىدىن 36 مىل ( 58 كىلومېتىردەك) يول يۈرۈپ «رەۋھا» دېگەن جايغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۆزئارا تاپا ـ مالامەت قىلىشىپ ۋە يۇقىرى ـ تۆۋەن غوتۇلدىشىپ: «ھېچ ئىش قىلالماي كەلدۇق. پەقەت شانۇ ـ شەۋكىتىنىلا يەرگە ئۇرالىدۇق، خالاس. ئاندىن تاشلاپ كەلدۇق. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىزگە

قارشى ئادەم توپلىيالىغۇدەك كىشىلەر يەنە قېلىپ قالدى. شۇڭا قايتىشىمىز كېرەك ۋە ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىشىمىز كېرەك »، دەپ داۋراڭ سېلىشتى.

قارىغاندا، بۇ پىكىر ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي ئىقتىدارىنى ۋە مەنىۋى كۈچىنى راسا ياخشى مۆلچەرلەپ كېتەلمەيدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن مۇنداقچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر سۆزدەك قىلاتتى. شۇڭا بۇ پىكىرگە قوشۇن مەسئۇلى سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە دەرھال قارشى چىقتى. ئۇ : «ئى خالايىق! مەن ئۇلار (يەنى مۇسۇلمانلار)نىڭ ۋە (ئوھۇد جەڭ مەيدانىغا) چىقىشتىن قېپقالغانلىرىنىڭمۇ بىرگە توپلىنىپ چىقىشىدىن ئەنسىرەيمەن. شۇڭا قايتايلى، غەلىبە ھامان بىزگە مەنسۇپ، قايتا جەڭ قوزغىغاندا ئۇرۇش چاقى بىزگە قارشى چۆرگىلەپ قېلىپ، كېلىشمەسلىك يۈز بېرىشىدىن ئەمىن بولغىلى بولمايدۇ» دېدى. بىراق، بۇ پىكىر مۇتلەق كۆپ ساندىكى غەۋغاچى ئاۋامنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى ئالدىدا تاشلىنىپ قالدى ۋە بۇنى قوللايدىغانغا ئادەم چىقمىدى. نەتىجىدە مەككە قوشۇنى رەۋھادىن ئايرىلىپ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىشقا تەييار بولدى. لېكىن، ئەبۇ سۇفيان ئاتلىنىش بۇيرۇقى چىقىرىش ئالدىدا ئۇشتۇمتۇت مەئبەد ئىبنى ئەبۇ مەئبەد خۇزائى پەيدا بولۇپ قالدى. ئەبۇ سۇفيان مەئبەدنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئۇقمايتتى. شۇڭا، ئۇ ئاددىيلا سالام ـ سەھەتتىن كېيىن: «ئى مەئبەد! يولدا بىرەر غەيرى ئەھۋال ئۇچراتتىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. بۇ چاغدا مەئبەد ئۇنىڭغا (سىياسىي ھۇجۇم قوزغاپ): «مۇھەممەدنى ئۇچراتتىم، ئۇ سىلەرنى قوغلاپ شۇنداق كۆپ قوشۇن بىلەن چىقىپتۇكى، مەن ئۇنداق قوشۇننى كۆرمىگەنىدىم. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن قىساس ئوتى چاقماق چېقنۇۋېتىپتۇ. ئوھۇد مەيدانىغا قاتناشمىغانلارمۇ قوشۇلۇپ چىقىمدار بولغىنىغا ھەسرەت ـ نادامەت چېكىپ، مىسلىسىز قەھرى ـ غەزەب بىلەن ئىلگىرىلەپ كېلىۋېتىپتۇ. مەن ئۇنداق قارام تەلۋىلەرنى كۆرمىگەنمەن»، دەپ جاۋاب بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سۇفيان: «ھوي مەئبەد! نېمە دەيدىغانسەن»، دەپ چۆچۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا مەئبەد يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «ھۇجۇم قوزغاپ»: «ئەزبىرايى خۇدا، سەن مۇشۇ يەردىن قوزغىلىپ بولغىچە، ئالدىقاچان ئاتلىق قوشۇنلارنىڭ سىماسىنى كۆرۈپ قالىسەن (ياكى مۇشۇ دۆۋىلەرنىڭ كەينىدىن ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالىسەن)، دېدى. ئەبۇ سۇفيان: «بىز تېخى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلىشىۋاتاتتۇق»، دېگەنىدى، مەئبەد: «ئۇنداق خىيالدا بولما، مەن ساڭا كۈيۈنۈپ، شۇنداق دەۋاتىمەن»، دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ مەككە ئارمىيىسىنىڭ ئىرادىسى بوشاپ، بەدەنلىرىنى تىترەك باستى. يۈرەكلىرى جىغىلداپ، پۇتلىرى سىقىراشقا باشلىدى. شۇڭا، ئۇلار كۆپ باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمايلا «خاتىرجەملىك پەقەت مەككىگە قاراپ داۋاملىق قوشۇن چېكىندۈرگەندىلا ھاسىل بولىدىكەن»، دېگەننى تونۇپ يەتتى. لېكىن، ئەبۇ سۇفيانمۇ ئىسلام قوشۇنىغا قارىتا سىياسىي ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى توسىغىلى بولمىغاندىمۇ قانلىق توقۇنۇشقا تەۋەككۈل قىلىشتىن ساقلىنىشقا دەۋەت قىلماقچى بولدى. ئۇلار تېخى رەۋھادىن ئايرىلمىغان ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ ئەبدۇلقەيس قەبىلىسىنىڭ بىر سودا كارۋىنى رەۋھاغا كېلىپ چۈشتى. بۇ جاغدا ئەبۇ سۇفيان ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ:

«مېنىڭ بىر ئامانىتىمنى مۇھەممەدكە يەتكۈزۈپ قويالامسىلەر، ناۋادا مەككىگە بېرىپ قالساڭلار مەن سىلەرنى قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن تارتۇقلايمەن»، دېدى. ئۇلار ماقۇل بولۇۋىدى، ئەبۇ سۇفيان: «ئۇنداق بولسا، مۇھەممەدكە ئېيتىپ قويۇڭلاركى، بىز كەينىمىزگە يېنىپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى تۈگىتىپ يوقىتىش قارارىغا كەلدۇق»، دېدى-دە، شۇ هامان قوشۇنىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ مەككىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن كارۋان بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاخىر رەسۇلۇللاھ چۈشكەن ئۆتەڭدىن ئۆتتى ۋە ئۇلارغا ئەبۇ سۇفياننىڭ ئېيتقانلىرىنى يەتكۈزۈپ: «مەككىلىكلەر سىلەرگە قارشى ئادەم توپلاۋېتىپتۇ، ئۇلاردىن ھېزىي بولۇڭلار»، دېيىشتى. بۇ گەپ ئۇلار (مۇسۇلمانلار)نىڭ ئىمانىنى زىيادە قىلدى ۋە: «بىزگە ئاللاھ كۇپايە، (ئۇ ئاللاھ) ئەجەب ياخشى ۋەكىل»، دېيىشتى. نەتىجىدە، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن قايتتى. ئۇلارغا ھېچ يامانلىق يەتمىدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئەگەشتى. ئاللاھ كاتتا پەزلى ئىگىسىدۇر.

رەسۇلۇللاھ ھەمرائۇلئەسەدتە ئۈچ كۈن (يەكشەنبە كېلىپ، دۈشەنبە، سەيشەنبە ۋە چارشەنبە، يەنى ھىجرىيىنىڭ 3 ـ يىلى شەۋۋالنىڭ 9 ـ، 10 ـ، 11 ـ كۈنلىرى) تۇرۇپ، ئاندىن مەدىنىگە قايتتى.

رەسۇلۇللاھ ھەمرائۇلئەسەدتىن قوزغىلىش ئالدىدا شائىر ئەبۇ ئىززەلجۇمەھى (ئالدىنقى يىلى بەدرى ئۇرۇشىدا ئەسىر چۈشۈپ قېلىپ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ كەمبەغەللىكى ۋە قىز بالىلىرىنىڭ كۆپلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ بۇندىن كېيىن رەسۇلۇللاھقا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ھېچ كىشىگە ياردەم بەرمەسلىككە ۋە ھەمقام بولماسلىققا ئەھدى ئېلىپ، تۆلەمسىز قويۇۋەتكەندى، لېكىن ئۇ ئالدىنقى بابلاردا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەھدىسىدە تۇرماي قارا يۈزلۈك قىلىپ، ئۆزىنىڭ شېئىرى تالانتى بىلەن مۇشرىكلارنى رەسۇلۇللاھقا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا قوزغاشقا تەرغىپ قىلغان ۋە ئۆزى ھەم تولۇق قوراللىنىپ، بۇ قېتىم ئوھۇد ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن چىققان)نى تۇتۇۋالدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا يالاپ ئېلىپ كېلىنىۋىدى، ئۇ: «ئى مۇھەممەد! مېنىڭ گۇناھىمدىن ئۆتكىن، ماڭا يەنە بىر قېتىم ياخشىلىق قىلغىن، قىزلىرىم ئۈچۈن بولسىمۇ مېنى قويۇۋەتكىن، مەن ساڭا ئىككىنچى قېتىم قارشى ھەرىكەت قىلماسلىققا ئەھدى بېرەي»، دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ: «ياق، ئەمدى سېنىڭ مەككىگە ساق ـ سالامەت قايتىپ بېرىپ: ‹مۇھەممەدنى ئىككىنچى قېتىممۇ يەنە ئالدىۋەتتىم›، دەپ پىشانەڭنى سىلاپ، كوكۇلاڭنى تاراپ يۈرۈشۈڭگە يول قويۇلمايدۇ، مۇئمىن ئادەم چايان چاققان تۆشۈككە ئىككىنچى قېتىم قول سالمايدۇ»، دېدى. ئاندىن زۇبەيرنى بۇيرىدىمۇ ياكى ئاسىم ئىبنى سابىتنى بۇيرىدىمۇ، بىرىنى بۇيرۇپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، نەخ مەيداندا بېشى كېسىپ تاشلاندى. شۇنداقلا مەككە جاسۇسلىرىدىن يەنە بىر جاسۇسقا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، دەرھال ئىجرا قىلىندى. بۇ جاسۇس (كېيىنكى دەۋردىكى ئۇمەۋىييە خەلىپىلىكىنىڭ 3 ـ خەلىپىسى) ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ (ئانا تەرەپ) بوۋىسى مۇئاۋىيە ئىبنى مۇغىيرە ئىبنى ئەبۇلئاس ئىدى.

ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق، ئوھۇد كۈنى ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، مۇشرىكلار مەككىگە قاراپ يول ئالغاندا، بۇ مۇئاۋىيە ئۈدۈل مەدىنىگە كىرىپ ۋە بىر نەۋرە ئىنىسى (تاغىسىنىڭ

ئوغلى) ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئوسمان ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھتىن ۋاقىتلىق ئامانلىق ئىقامىتى (ۋاقىتلىق تۇرۇش ئىجازىتى) بېرىشنى ئۆتۈندى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئۈچ كۈنلۈكلا ئامانلىق ئىقامىتى بېرىپ: «ناۋادا ئۈچ كۈندىن كېيىن چېلىقتۇرۇلسا بېشى ئېلىنىدۇ»، دېگەننى ئۇقتۇرۇپ قويۇپ، ھەمرائۇلئەسەد غازىتىغا چىقىپ كەتتى. نەتىجىدە ئىسلام قوشۇنى مەدىنىدىن ئايرىلىپ مەدىنە ئۇنىڭغا بوشۇغ قالغاندىن كېيىن بۇ جاسۇس مەدىنىدە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تۇرۇپ، قۇرەيشلەر ئۈچۈن ماتېرىيال ۋە ئاخبارات توپلاپ، تاكى ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئالدى مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىلا ئاندىن ئاستاغىنە تىكىۋەتتى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن زەيد ئىبنى ھارىس ۋە ئەممار ئىبنى ياسىرلارنى مۇئاۋىيەنى قوغلاشقا بۇيرىدى. بۇ ئىككىيلەن ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىپ، ئاخىر ئۆلتۈرۈۋېتىپ قايتىپ كەلدى.

مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، ھەمرائۇلئەسەد غازىتى ئايرىم، مۇستەقىل بىر غازات بولماستىن، بەلكى ئوھۇد غازىتىنىڭ بىر قىسمى ۋە تولۇقلىمىسى، بەلكى ئوھۇد غازىتى بابىنىڭ بىر بېتى دېيىشكە بولىدۇ.

خوش... مانا بۇلار ئوھۇد غازىتىنىڭ ئالدىنقى تەييارلىق باسقۇچى ۋە تەپسىلىي جەريانىدۇر. تەتقىقاتچىلار بۇ غازاتنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا كۆپ ئىزدەندى. زادى بۇ مەغلۇبىيەتمۇ يا يوق؟ ھەر ھالدا ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا قۇرەيش تەرەپ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكىدە گەپ يوق. چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلارنى جەڭ مەيدانىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئۆلۈم ـ يېتىم ۋە شىكەستىلىك مۇسۇلمانلاردا ئېغىر ھەم پاجىئەلىك بولدى. بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار ھەقىقەتەن شىكەستە يېدى. ئۇرۇش پەللىسىدە مەككە دائىرلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئاساسى جەھەتتىن بېسىپ چۈشتى... لېكىن بۇ يەردە بىزنى: «مۇشرىكلار تامامەن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى»، دېيىشتىن توسايدىغان مۇنداق بىر قانچە تۈرلۈك ئاساس بار.

مەككە قوشۇنىنىڭ مۇسۇلمانلار قارارگاھىنى ئىشغال قىلىۋالالمىغانلىقىدا يەنە شەك يوق.

مەدىنە ئارمىيىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى (جەڭ سەپلىرى ئىنتايىن قالايمىقان ۋە چاۋالچاقلىشىپ كەتكەن ئەھۋالدىمۇ) قېچىپ جان قۇتقۇزۇش يولىنى تۇتماستىن، بەلكى جان پىدالىق بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئاخىرى قارارگاھقا توپلىنىۋالدى. جەڭ ئەھۋالى مۇسۇلمانلارنى جەڭ مەيدانىدىن تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىش دەرىجىسىگە يەتمىدى. (بەلكى رەسۇلۇللاھ تەرەپ بىر تەرەپتىن ئۇرۇشۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن چېكىنىپ تەرتىپلىك ھالدا قارارگاھقا بېرىۋالدى). مۇسۇلمانلار تەرەپتىن بىرمۇ ئادەم دۈشمەن قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالمىدى. مۇشرىكلار تەرەپ مۇسۇلمانلارنىڭ ماللىرىدىن ھېچ نەرسىنى غەنىمەت ئالالمىدى ۋە يەنە ئۇلار مۇسۇلمانلار قارارگاھتا ئۈچىنچى باسقۇچلۇق ھۇجۇمنى قوزغاپ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئەڭ مۇھىمى ئۇلار جەڭ مەيدانىدا (شۇ دەۋرلەردىكى غالىب كەلگۈچى تەرەپنىڭ ئادىتى بويىچە) ئۈچ ـ تۆت كۈن تۇرۇپ ئۆز كۈچىنى نامايەن قىلىپ، ئاندىن قايتماستىن بەلكى شىكەستە يىگەن تەرەپ جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلىپ بولغۇچە ئۇلار ئالدىراپ ـ تېنەپ جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلىپ بولدى. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، ئۇلار مەدىنىدىكى ئاياللار ۋە بالىلارنى ھەمدە

مال ـ مۈلۈك ۋە باغ ـ ۋارانلارنى تالان ـ تاراج قىلىش ئۈچۈن باستۇرۇپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ھالبۇكى، ئۇلار مەدىنىگە بىر قانچە قەدەم ئالسىلا كىرەلەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەدىنە پۈتۈن ھەربىي كۈچ ۋە باشقا توسالغۇلاردىن تامامەن خالى ئىدى.

مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، قورېيش تەرەپ قورشاپ يوقىتىش ھەرىكىتىدە ئىسلام قوشۇنىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش مەقسىتىگە قەتئىي يېتەلمىدى، بەلكى مۇسۇلمانلارغا زور چىقىم ۋە ئېغىر تالاپەت يەتكۈزۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى، خالاس. (مۇسۇلمانلار يولۇققان بۇنداق كۆڭۈلسىز تالاپەتلەرگە جەڭدە غالىب كەلگەن تەرەپ ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدۇ)، دېمەك، مۇشرىكلارنىڭ بۇ قېتىمقى غەلىبىسىنىمۇ غەلىبە ۋە نۇسرەت دېگىلى بولامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

بەلكى تېخى ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئالدىراپ جەڭدىن قوشۇن چېكىندۈرۈپ يانغانلىقى ئۇنىڭ ئۈچىنچى مەيدان ئۇرۇش پارتلىسا مەغلۇبىيەت ئۆز ئادەملىرىگە يۈزلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بىز يەنە ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ھەمرائۇلئەسەدتىكى پوزىتسىيىسىگە قارايدىغان بولساق، بۇقىرىقى ھۆكۈمىمىزنىڭ توغرىلىقىغا تېخىمۇ زور ئىشەنچ بىلەن جەزم قىلالايمىز.

دېمەك، بۇ غازات (يەنى ئۇھۇد غازىتى) كەسكىن بىر تەرەپ قىلىنمىغان ھەر ئىككى تەرەپ نۇسرەت ۋە تالاپەتتىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئېلىپ بارگاھىنى قارشى تەرەپنىڭ ئىشغال قىلىشىغا تاشلاپ بېرىپ جەڭ مەيدانىدىن قاچماستىن بەلكى ھەر ئىككىلىسى ئۇرۇشتىن يالتىيىپ ئۆزىچە چېكىنگەن بىر قېتىملىق سوغۇق ئۇرۇش بولغان بولىدۇ. بۇنداق ئۇرۇشنى خۇلاسىسى چىقمىغان ئۇرۇش، دېيىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

مانا بۇ ھۆكۈمىمىزگە ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتى دەلىل بولالايدۇ: ﴿ولا تَهِنواْ فِي ابْتغاءِ الْقوْمْ إن تكونواْ تألَمون فإنّهمْ يألَمون كما تألَمون وترْجون من الله ما لا يرْجون وكان الله عليما حكيمًا﴾ «دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا سۇسلۇق قىلماڭلار؛ ئەگەر سىلەر قىينالساڭلار، ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش قىينىلىدۇ، سىلەر ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى (يەنى شېھىت بولۇشنى، ساۋابنى ۋە غەلىبىنى) ئاللادىن ئۈمىد قىلىسىلەر. ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر». («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 104 ـ ئايەت) بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ھەر ئىككى تەرەپ يارىلىنىش ۋە دەرد ـ ئەلەم چېكىشتە بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەھۋالى بىر ـ بىرىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى ۋە ھېچ قايسىسىنى غالىب دېگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

## «قۇرئان كەرىم» بۇ ئۇرۇش ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى

«قۇرئان كەرىم» بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ھەر قايسى مۇھىم جەڭ نۇقتىلىرىنى باسقۇچلارغا بۆلگەن ھالدا قەدەممۇ ـ قەدەم تەسۋىرلەپ نازىل بولدى. ئاۋۋال بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىكى تولدۇرغۇسىز زىياننى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللارغا نىسبەتەن تەپسىلىي ئىزاھات بەردى. ئاندىن مۆئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشۇنداق ھەل قىلغۇچ مەيدانلاردا زىممىسىگە يۈكلەنگەن شەرەپلىك ھەم ئېغىر ۋەزىپىسىگە نىسبەتەن بولۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ

ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ ياخشى ئۇممەت (مىللەت) بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقا مىللەتلەردىن ئالاھىدە پەرقى بولغان بۇ ئۇممەتتە بولۇشقا تېگىشلىك ئۇلۇغۋار غايە ۋە يۈكسەك ئېسىل پەزىلەتلەرگە زىت بولغان بۇلاردا ساقلىنىۋاتقان ئاجىزلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم» يەنە مۇناپىقلارنىڭ بۇ غازاتتا تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارنىڭ رەزىل ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىدى ھەمدە مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ يەھۇدىي (سۇيىقەست ۋە ھىيلە ـ مىكىر پىرى) ئۇستازلىرى تارقاتقان پىتنە ـ ئىغۋا شەك ـ شۈبھىلەرنىڭ ئايرىم ساندىكى ئىمانى ئاجىزلارنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭىپ كىرىۋاتقان يامان تەسىرىنى تازىلاش بىلەن بىرگە بۇ مۇناپىقلار كۆڭلىدە ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە يوشۇرۇن ساقلاپ كەلگەن ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىكلىرىنى پاش قىلدى.

ئاخىردا بۇ ئۇرۇشتىكى ئىلاھىي ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كەلگۈسى نىشانلارغا ئىشارەت بەردى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا سۈرە ئال ئىمراندىن 60 ئايەت نازىل بولغان بولۇپ: ﴿وإذْ غدوْت منْ أهْلك تبوّئ الْمؤْمنين مقاعد لِلْقتال والله سميع عليم﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا سەن ئەتىگەندە ئۆيۈڭدىن (ئوھۇدقا) چىقىپ مۆمىنلەرنى ئۇرۇش سەپلىرىگە ئورۇنلاشتۇردۇڭ، ئاللا (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر». («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 121 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت ئارقىلىق ئۇرۇش تەييارلىقىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدىكى خىزمەتلەرنى تىلغا ئېلىش بىلەن باشلاپ، ئاخىرىنى بۇ ئۇرۇشنىڭ كەلگۈسى ئىجابى نەتىجىلىرىنى ۋە ياخشى ئاقىۋەتلىرىنى ناھايىتى مەزمۇنلۇق، ئىخچام سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن ئىزاھلاپ ئاياغلاشتۇردى. ئاللاھ مۇنداق دېدى: ﴿مّا كان الله ليذر الْمؤْمنين على مآأنتمْ عليْه حتّى يميز الْخبيث من الطّيب وما كان الله ليطْلعكمْ على الْغيْب ولكنّ الله يجْتبي من رّسله من يشاء فآمنواْ بالله ورسله وإن تؤْمنواْ وتتّقواْ فلكمْ أجْر عظيمٌ﴾ «ئاللاھ يامانىنى (يەنى مۇناپىقنى) ياخشىدىن (يەنى مۆمىندىن) ئايرىمىغىچە مۆمىنلەرنى (يەنى سىلەرنى) ھازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ. ئاللاھ سىلەرنى غەيبدىنمۇ خەۋەردار قىلمايدۇ ۋە لېكىن ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىدىن خالىغىنىنى تاللاپ، ئۇنىڭغا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇناپىقلارنىڭ ھالىنى بىلدۈرگەندەك) غەيبنى بىلدۈرىدۇ؛ ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە (پەرۋەردىگارىڭلاردىن) قورقساڭلار، چوڭ ساۋابقا ئېرىشىسىلەر». («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 179 ـ ئايەت)

## ئوھۇد غازىتىدىكى پايدا ـ مەنپەئەتلەر

ئىمام ئىبنى قەييۇم بۇ ھەقتە ناھايىتى تەپسىلى، ئىنچىكە توختالدى. ئىمام ئىبنى ھەجەر بۇ ئۇرۇشنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى شۇكى: بىرىنچى، ئوھۇد غازىتى ۋە ئۇنىڭدىكى مۇسۇلمانلارغا يەتكەن زور تالاپەتلەردىن نۇرغۇنلىغان ياخشى تەربىيە ۋە ئاچچىق ساۋاقلارنى ئېلىشقا بولىدۇ،

جۈملىدىن مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇقتا بويسۇنماي ھەر كىشى خالىغانچە باشباشتاقلىق بىلەن ئىش كۆرۈشنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى تونۇتۇپ قويۇش ئۈچۈندۇر، چۈنكى يۇقارقى ئىغىر مۇسىبەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئوقياچى قىسمىنىڭ رەسۇلۇللاھ بەلگىلىگەن ئورۇننى تاشلاپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش تۇتقانلىقىدىن كېلىپ چىققان.

ئىككىنچى، پەيغەمبەرلەر ئەنە شۇنداق سىنىلىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا شۇلار غەلىبە قىلىدۇ. بۇنداق سىناشتىن مەقسەت ئەگەر ئۇلار داۋاملىق ئىزچىل تۈردە غالىب كېلىۋەرسە، ئۇلارنىڭ قېتىغا مۇئمىن ئەمەس كىشىلەرمۇ سوقۇنۇپ كىرىۋالىدۇ-دە، سەممىمىي، سادىق، ئاق كۆڭۈل بەندىلەرنى پۇل-مال، نام-شۆھرەت ۋە ھوقۇق-مەنسەپ قۇللىرىدىن ئايرىغىلى بولماي قالىدۇ. ناۋادا داۋاملىق مەغلۇبىيەتكە يولۇقۇپ، شىكەستىلىك كېلىۋەرسە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر ئەۋەتىشتىكى مەقسەت ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ. شۇڭا ئاللاھنىڭ تەدبىر ھېكمىتى سەممىمىي، سادىق بەندىلەرنى ساختا، دىلى كەززاپلاردىن ئايرىش ئۈچۈن غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتتىن ئىبارەت ھەر ئىككى ئىشنىڭ ئوتتۇرىسىنى بىرلەشتۈرۈشنى تەقەززا قىلدى. ئالايلى، مۇناپىقلارنىڭ نىفاق كېسىلى بۇ ۋەقەدىن ئىلگىرى مۇسۇلمانلارغا نامەلۇم ئىدى. بۇ ۋەقە يۈز بېرىۋىدى، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان مەرەزلەر سۆز-ھەرىكىتى ۋە ئەمەلى پوزىتسىيىسى ئارقىلىق دىلىدىكى يوشۇرۇن ئىللەتلەرنى ئاشكارىلىدى ۋە گەپ ئەگىتىپ، ئىككى بىسلىق قىلىپ ئىپادىلەيدىغان زەھەرخەندە سۆزلىرىنى تەپتارتماستىن ئوچۇق ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ، جار سالىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەتتا تام قوشنىلىرى ئارىسىدا ئۆزلىرىگە چىش-تىرنىقى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىدىغان دۈشمەنلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالدى. مۇسۇلمانلار ئەمدى ئۇلارغا نىسبەتەن ھەر ۋاقىت، ھەر زامان ئېھتىياتچان بولىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ سۈيىقەست، ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ھەزەر ئەيلەيدىغان ۋە ھۇشيار تۇرىدىغان بولدى.

ئاشۇ ئۇلۇغۋار ھېكمەتلەردىن بىرى شۇكى، يەنە بەزى جەڭ مەيدانلىرىدا غەلىبە-نۇسرەتنى كېچىكتۈرگەندە، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى سىنىلىدۇ. ئۆز ئۆزىنى چوڭ چاغلاپ كېتىش خاھىشىنى تۈزەتكىلى بولىدۇ. ئالايلى، بۇ قېتىم مۇئمىن-مۇسۇلمانلار ئېغىر مۇسىبەتكە مۇپتىلا قىلىنىۋىدى، ھەقىقىي مۇئمىنلەر سەبرى قىلدى. مۇناپىقلار ئاللا-تۇۋا چاقىرىپ، قاتتىق ئالاقىزادە بولۇپ تىكىۋەتتى.

جۈملىدىن يەنە ھەقىقەتەن ئاللاھ ئۆزىنىڭ مۇئمىن بەندىلىرى ئۈچۈن راھەت-پاراغەت دىيارى (بولغان جەننەت)دا ئالىي مەرتىۋە ۋە مەنزىللەرنى تەييارلىغانىدى. ئەمما، ئۇ مەرتىۋىلەرگە ئۇلارنىڭ نامە-ئەمەللىرى كەملىك قىلاتتى. شۇڭا، ئاللاھ ئۇلارنى ئاشۇ مەرتىۋىلەرگە لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن جاپاسى كۆپ، ساۋابى ئارتۇق ئەمەللەرنى بىجا كەلتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. ئالايلى، شېھىتلىق مەقامى ئەۋلىيا (ئاللاھقا ئەڭ يېقىن دوستلۇق)لىق مەرتىۋىسىنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىسى ئىدى. ئاللاھ بۇ مەقامنى ئۇلارغا شۇڭا ئىلتىپات قىلدى.

شۇ ھېكمەتلەردىن يەنە بىرى، ئاللاھ ئۆز دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلدى. شۇڭا، ئۇلارغا ھالاكەتكە سەۋەبچى بولىدىغان كۇفرىلىق، تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئاللاھنىڭ ئەۋلىيا (سەممىمىي،

سادىق، دوست) بەندىلىرىگە ئازار-كۈلپەت يەتكۈزۈشتە چېكىدىن ئاشقان ھالدا زۇلۇم قىلىش قاتارلىق يامان ئىشلارنى قىلىشقا مۇسەللەت قىلدى. بۇ ئارقىلىق مۇئمىن-مۇسۇلمانلارنى گۇناھىدىن پاكلىدى. كافىرلارنى ھالاكەت غارىغا تىقىپ ئاغزىنى پىچەتلىدى، ۋەھاكازالار...

## ئوھۇد غازىتى بىلەن ئەھزاب غازىتى[1] ئارىلىقىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلەر

ئوھۇد غازىتىدىكى مەغلۇبىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەسىرى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن يامان بولدى. ئۇلارنىڭ رەقىبلەر نەزىرىدىكى غالىب كۈچى ئېتىبارىدىن ساقىت بولدى ۋە ئەل قەلبىدىكى دەبدەبە-ھەيۋىتى قۇرۇق دەۋاغا ئايلىنىپ قالاي دېدى. ئىچكى-تاشقى قىيىنچىلىقلار كۈنسېرى ئېشىپ باردى. مەدىنە شەھىرى خەۋپ-خەتەر ئىچىدە قالدى. بۇ ۋاقىتقا قەدەر ئۇۋۇسىدا جىم ياتقان يەھۇدىي يىلان-چايانلىرى ۋە (ئۇلارنىڭ شايكىلىرى بولغان) مۇناپىقلار ھەتتا بەدەۋى (قاراقچى) ئەرەبلەر ئاشكارا دۈشمەنلىشىش مەيدانىغا ئۆتتى ۋە ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا تېگىش قىلماقچى بولدى. ھەتتا بەزىلىرىنىڭ تېخىمۇ خورىكى ئۆسۈپ، مۇئمىن-مۇسۇلمانلارنى تەلتۆكۈس يوقاتماقچى ۋە تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتماقچى بولۇشتى.

بۇ ئۇرۇشقا ئىككى ئاي بولماي تۇرۇپ بەنى ئەسەد قەبىلىسى مەدىنىگە ھۇجۇم قوزغاش كويىدا بولدى. ئارقىدىنلا ئەزلى، قارە قاتارلىق قەبىلىلەر تىل بىرىكتۈرۈپ ھىجرىيىنىڭ 4-يىلى سەپەر ئېيىدا بىر سۇيىقەست پىلانلاپ، ساھابىلەردىن ئون كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىگە سەۋەب بولدى. مۇشۇ ئاينىڭ ئۆزىدە يەنە بەنۇ ئامىر قەبىلىسى چوڭ بىر سۇيىقەستچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، بىراقلا 70 ساھابىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ۋەقە تارىختا «بىئرى مەئۇنە پاجىئەسى» دەپ ئاتالدى. بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى مۇشۇ جەرياندا ئىنجىل ئاداۋەتلىشىپ ۋە ئۆچەكىشىپ تۇردى. ھەتتا شۇ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەلدە رەسۇلۇللاھنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بىر سۇيىقەست پىلانلىدى. بەنۇ غەپتان قەبىلىسىنىڭ خورىكى ئۆسۈپ، مۇشۇ يىلى (يەنى ھىجرىيىنىڭ 4-يىلى) جۇمادىيەل ئەۋۋەلدە مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييار بولدى.

قىسقىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەل نەزىرىدىكى غالىب ئورنى ئوھۇد ئۇرۇشىدا قولدىن كەتكەن بولغاچقا، ئۇلار مەدىنىدە ھەر تەرەپتىن خەۋپ-خەتەر ئوقىغا نىشان بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇلۇغ يولباشچىمىز مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ جىددىيلىشىپ كەتكەن بۇ ۋەزىيەتكە قوللانغان دانا تەدبىرلىرى ۋە يۈرگۈزگەن توغرا سىياسەتلىرى شۇ خەۋپ-خەتەر دولقۇنلىرىنىڭ بەھەيۋەت داۋالغۇشلىرىنى قايىنغان قازانغا سۇ قۇيغاندەكلا پەسەيتمەكتە ۋە مۇسۇلمانلارغا قايتىدىن ئۈستۈنلۈك ۋە

---

[1] ھىجرىيىنىڭ 5-يىلى مەككە دائىرلىرى باشچىلىقىدا پۈتۈن ھىجاز تۇزلەڭلىكى تەۋەلىكىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرى بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللەپ، مەدىنىگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغان ئۇرۇش بولۇپ، بۇ ئۇرۇش ئەھزاب (كۆپ قەبىلە بىرلەشمە قوشۇنى) ئۇرۇشى دەپ ئاتىلىدۇ.

غەلىبە نۇسرەت ئاتا قىلماقتا ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەقتە ئالغان تۇنجى قەدىمى ھەمرائۇلئەسەدكە قوزغىغان «قوغلاپ زەربە بېرىش ھەرىكىتى» بولغانىدى. ئۇ بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق ئىسلام قوشۇنىنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى زور دەرىجىدە قوغداپ قالدى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي ھەيۋىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلارنى ساراسىمىدە قالدۇردى. ئارقىدىنلا بىر قانچە ھەربىي ھەرىكەتلەرنى قوزغاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتىنى قايتىدىن تىكلىدى. بەلكى تېخى ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى قۇرلاردىن كۆرۈۋالغايسىز!

## ئەبۇ سەلىمە قوشۇنى

ئوھۇد ئۇرۇشى تراگېدىيىسىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلارنىڭ تۇنجىسى ئەسەد ئىبنى خۇزەيمە جەمەتى بولدى. مەدىنە تەرەپ ئىگەللىگەن ئاخباراتتىن قارىغاندا خۇۋەيلىدنىڭ ئىككى ئوغلى تەلھە ۋە سەلىمەلەر ئۆز جەمەتى ئەسەد ئىبنى خۇزەيمەدىن ۋە باشقا جەمەتلەردىن ئادەم تەشكىللەپ، رەسۇلۇللاھقا قارشى ئاتلانغانلىقى مەلۇم بولدى.

شۇڭا، رەسۇلۇللاھ دەرھال ھەرىكەتكە كىلىپ، مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن بولۇپ 150 كىشىلىك قوشۇن تەشكىللىدى. قوشۇنغا ئەبۇ سەلىمىنى ئەمىر قىلىپ تەيىنلەپ ئۇنىڭغا بىر تۇغ قاداپ بەردى. ئەبۇ سەلىمە قوشۇنى بەنى ئەسەد قەبىلىسى ئۆز تەۋەلىكىدىن قوزغالغۇچە باستۇرۇپ بېرىپ، ھۇجۇم قوزغىدى. بەنى ئەسەد خەلقى تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇ بالايى ـ ئاپەتتىن ئالاقزادە بولۇپ، تېگىرقاپ تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ نۇرغۇن تۆگە، قوي، چارۋىلىرىنى غەنىمەت ئېلىپ، ئامان ـ ئېسەن مەدىنىگە قايتتى. ئارىدا ئۇرۇش يۈز بەرمىدى. بۇ قوشۇن ھىجرىيىنىڭ 4 ـ يىلى مۇھەررەمنىڭ ھىلال (يېڭى) ئېيى كۆرۈنگەن كۈنلەردە ئەۋەتىلگەنىدى. قوشۇن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەبۇ سەلىمەنىڭ ئوھۇد ئۇرۇشىدا يارىلانغان جاراھىتى يامانلىشىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئابدۇللاھ ئىبنۇ ئەنىس يۈرۈشى

مۇشۇ ئاينىڭ (يەنى ھىجرىيىنىڭ 4 ـ يىلى مۇھەررەم ئاينىڭ) 5 ـ كۈنى خالىد ئىبنۇ سۇفيان ھۇزەلىيىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى قوشۇن توپلاۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەنىيسنى ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئەۋەتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنۇ ئەنىس يولغا چىقىپ 18 كۈندىن كېيىن مۇھەررەمنىڭ 23 ـ كۈنى شەنبە مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ، خالىدنى ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى كېسىپ بىرگە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ خالىدنىڭ بېشىنى

رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا تاشلىۋىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا بىر ھاسا تاياقنى بېرىپ: «بۇ قىيامەت كۈنى ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تونۇشۇش بەلگىسى بولسۇن»، دېدى. ئابدۇللاھ بۇ ھاسىنى ساقلاپ يۈرۈپ ئۆمرى ئاخىرلاشقاندا ۋارىسلىرىغا بۇ ھاسىنى جەسىتى بىلەن بىللە دەپنە قىلىشقا تەۋسىيە قىلدى.

## رەجىئ ۋەقەسى

مۇشۇ يىلى (يەنى ھىجرىيىنىڭ 4 - يىلى) سەپەر ئېيىدا رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئەرەبلەرنىڭ ئۇزەل ۋە قارە قەبىلىلىرىدىن بولۇپ، بىر تۈركۈم كىشىلەر كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپ رەسۇلۇللاھتىن ئۇلارغا دىنى تەلىم بېرىدىغان ۋە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتىدىغان ئادەم قوشۇپ قويۇشنى ئۆتۈندى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئالتە نەپەر (ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايىتىدە ۋە سەھىھۇلبۇخارىدا ئون نەپەر) كىشىنى قوشۇپ قويدى ۋە ئۇلارغا مەرسەد ئىبنى ئەبۇ مەرسەد غەنەۋىنى (ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايىتىدە ۋە سەھىھۇلبۇخارىدا: ئاسىم ئىبنى سابىت، ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قىيناتىسى)نى باش ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇلار مەزكۇر دەۋەت پىدائىيلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقىپ، رەجىئ (بۇ ھىجاز تەۋەلىكىدە رابىغ بىلەن جىددە ئارىلىقىدا ھۇزەيل قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ سۇ مەنبىئىنىڭ نامى ئىدى) دېگەن يەرگە بارغاندا بىردىنلا نىيىتىنى بۇزۇپ، ھۇزەيل قەبىلىسىنىڭ بەنى لىھيان ئايمىقىنى بۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن يۈزدەك قوراللىق ئادەم چىقىپ، پىدائىيلارنىڭ ئىزىغا چۈشتى ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ چېپىپ ئاخىرى يېتىشىۋېلىپ، قورشىۋالدى (پىدائىيلار بۇ چاغدا ئېگىز بىر قىياغا چىقىۋالغانىدى) ۋە ھىيلە ئىشلىتىپ: «ئەگەر تەسلىم بولۇپ، قىردىن چۈشسەڭلار سىلەردىن بىرمۇ ئادەمنى ئۆلتۈرمەسلىككە ئەھدى - پەيمان بېرىمىز»، دېيىشتى. بۇ چاغدا پىدائىيلار باشلىقى ئاسىم ئىبنۇ سابىت كاپىرلارنىڭ ئەھدىسىگە ئەل بولۇپ قىردىن چۈشمەي قارشىلىق بىلدۈرگەنىدى، ئۇلار قىرنى ئوققا تۇتۇپ، مۇسۇلمانلاردىن يەتتە كىشىنى شېھىت قىلىۋەتتى. پەقەت خۇبەيب، زەيد ئىبنى دەسىنە ۋە يەنە بىر ئادەملا قېپقالدى. دۈشمەنلەر يەنە بىر قېتىم نەيرەڭۋازلىق قىلىپ، ئۇلارغا قاتتىق ئەھدى - پەيمان بەرگەنىدى. بۇ ئۈچ كىشى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشتى. لېكىن بۇ كافىرلار ئۇلارغا بەرگەن ئەھدى - پەيمانلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپلا قاتتىق رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇپ باغلاپ سۆرەپ مېڭىشتى. بۇ چاغدا ھېلىقى ئۈچىنچى كىشى: «مانا بۇ ئەھدىگە تۇرمىغانلىق بولماي نېمە؟» دەپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى. كافىرلار بۇ كىشىلەرنى ئۇرۇپ، دۈشكەللەپ، سۆرەپ مېڭىشقا زورلىغان بولسىمۇ، ئۇ ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە كۆنمىدى. شۇڭا، ئۇلار بۇ كىشىنى قىلىچلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، خۇبەيب ۋە زەيد ئىبنى دەسىنەنى ھەيدەپ كەتتى. كېيىن ئۇلارنى مەككىگە ئاپىرىپ قۇللار بازىرىدا ساتتى. بۇ ئىككى ئەزىمەت بەدرى ئۇرۇشىدا مەككىلىكلەرنىڭ يۇقىرى قاتلام ئەمەلدارلىرىدىن بىر قانچىنى دوزاخقا ئۇزاتقانىدى. شۇڭا، ئۇلار خۇبەيبنى

سېتىۋېلىپ، ئۇنى ھەپسىگە ئالدى. ئاندىن خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئۇلار خۇبەيبنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، ھەرەمنىڭ ئىچىدىن (ھەرەمنىڭ سىرتىدىكى) تەنئىم دېگەن جايغا يالاپ ئېلىپ چىقتى. جازا مەيدانىدا قۇرەيش دائىرىلىرى ئاغزىغا كەلگىنىنى جۆيلۈپ كاپىشغاندىن كېيىن ئۇنى دارغا ئاسماقچى بولۇۋىدى، خۇبەيب: «مېنىڭ پۇت-قولۇمنى بوشىتىۋەتسەڭلار، مەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋالسام»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇبەيبنى بوشىتىپ قويۇپ، قاراپ تۇرۇشتى. خۇبەيب يەڭگىل قىلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. نامازدىن سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن سىلەرنىڭ ‹ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئۇزۇن ئوقۇدى›، دېيىشىڭلاردىن قورقمىسام ئىدىم، ئەلۋەتتە ئۇزۇنراق ئوقۇغان بولاتتىم»، دېدى ۋە: «ئى ئاللاھ ئۇلارنىڭ سانىنى ئالغىن، ئۇلارنىڭ چوڭ-كىچىك ھەممىسىنى يوقاتقىن، بىرىنىمۇ قالدۇرمىغىن»، دەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن تۆۋەندىكى بېيىتلارنى ئوقۇدى:

يېغىلدى بارچە دۈشمەنلەر ئەتراپىمغا ھەر ياندىن،
بولۇپ توپ-توپ ئاۋۇل-ئايماق، قەبىلە-قەۋمى ھەم ئاندىن،
تاماشا بولدى ياۋلارغە، يىغىلدى ئەر-ئايال خۇش ھال،
يېقىن بولغان چېغىمدا مەن جازا مەيدانىدا داردىن،
خۇدايىمغا تۇتاي ئەرزىم شىكايەت ياكى بار دەردىم.
بۇدۇر دۈشمەنگە خوي-پەيلى، ئۇزۇلدۇم قارشى ئىمكاندىن،
ئۇلۇغ تەڭرىم ئاتا قىلدى، ماڭا سەبرى-سۇباتلىقنى،
تېنىمنى تىتىسىمۇ پارچە، يېلىنماسمەن قورقۇپ ئەجنەبى خاندىن،
ئۇلار تەڭلىدى مەنگە كۇفرى يا ئۆلۈم تەييار،
تېنىم يىغلىدى ياشسىز، جۇغۇلداپ ئۇشبۇ كۇفراندىن،
پەقەت ئىمان بىلەن ئۆلسەم بولدى، يوقكى پەرۋايىم، [1]
شېھىت بولۇپ يىقىلسام سول تەرەپ ياكى ئوڭ ياندىن،
خۇدانىڭ يولىدا ئۆلدۈم، ئەگەر ئۇ خالىسا شەكسىز.
ئورۇن ئالغاي بۇ قىينالغان ۋۇجۇدۇم باغۇ-رىزۋاندىن.

بۇ چاغدا ئەبۇ سۇفيان ئۇنىڭدىن: «ناۋادا بىز مۇھەممەدنى تۇتۇپ كېلىپ سېنىڭ ئورنۇڭدا جازالىساق سەن ئائىلەڭگە قايتىپ ئامان-ئېسەن ياشاشنى خالامسەن؟» دەپ سورىغانىدى. خۇبەيب كەسكىن قىلىپ: «ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئائىلەمگە ئامان-ئېسەن قايتىپ بېرىش بەدىلىگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر تال تىكەن بىلەن ئازار يېيىشىنى خالىمايمەن»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇبەيبنى دارغا ئاستى ۋە ئۇنىڭ جەسىتىنى ساقلاشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ مەككىگە قايتىشتى. ئەمرى ئىبنۇ ئۇمەييە زەمەرى كېچىلەپ كېلىپ قاراۋۇللارغا تۇيدۇرماي خۇبەيبنىڭ جەسىتىنى داردىن بوشىتىپ ئېلىپ چىقىپ دەپنە قىلىۋەتتى. خۇبەيبنى ئۆلتۈرۈش ئىشىغا ئاساسلىقى ئۇقبە ئىبنى

---

[1] مەزكۇر شېئىرنىڭ تۆۋەندىكى تۆت مىسراسى دوكتور مۇھەممەد سالىھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمەھالى دېگەن كىتابىدىكى تەرجىمە تېكىستىدىن ئەينەن كۆچۈرۈپ ئېلىندى.

ھارىس ئىگىدارچىلىق قىلغانىدى. چۈنكى، خۇبەيب ئۇنىڭ ئاتىسى ھارىسنى بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرگەنىدى.

سەھىھ ھەدىستە: «خۇبەيب ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشنى تۇنجى بولۇپ سۈننەت قىلىپ قالدۇرغان كىشىدۇر. باشقىلار ئۇنىڭ مەككىدە ئەسىرلىكتە تۇرۇۋاتقان مەزگىلىدە، يېڭى ئۈزۈلگەن ھۆل ئۈزۈمنى يەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. ۋەھالەنكى، شۇ كۈنلەردە مەككىدە قۇرۇق خورمىمۇ تېپىلمايتتى»، دېيىلگەن.

ئەمما زەيد ئىبنى دەسىنەنى سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە سېتىۋېلىپ، ئاتىسى ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتتى.

قۇرەيش دائىرىلىرى ئاسىم ئىبنى سابىتنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىش ئۈچۈن (چۈنكى ئۇ بەدرىدە ئۇلار تەڭداشسىز پەلۋان دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەنىدى) ئۇنىڭ بىرەر ئەزاسىنى كېسىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. شۇئان ئاللاھ ئاسىمنىڭ جەسىتىگە بىر توپ ھاشارەت (سېرىق ھەرە)لەرنى ئەۋەتىپ، قۇرەيش ئەلچىلىرىنى ئاسىمنىڭ جەسىتىگە يېقىن كەلتۈرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇرۇق قول قايتىشتى. كافىرلار ئاسىمنى قىردىن چۈشۈشكە ئۈندىگەندە، ئۇ ئاللاھقا ئەھدى بېرىپ، ئۆزىمۇ كافىرلارنىڭ قولىنى تۇتماسلىققا، ئۇنىڭغىمۇ كافىرلارنى يېقىن يولاتماسلىقنى تىلىگەنىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاسىمنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندا: «ئاللاھ بۇ مۆئمىن بەندىسىنى ھايات ۋاقتىدا مۇھاپىزەت قىلغىنىدەك، ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ئۆز پاناھىدا ساقلاپتۇ»، دېدى.

## بىئرى مەئۈنە پاجىئەسى

رەجىئ ۋەقەسى يۈز بەرگەن ئاينىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭدىن ئېغىر، ئۇنىڭدىن ئېچىنىشلىق يەنە بىر پاجىئە يۈز بەردى. ئۇ تارىختا بىئرى مەئۈنە پاجىئەسى دەپ ئاتالدى.ۋەقە مۇنداق يۈز بەردى: «شۇ كۈنلەردە يەنە «نەيزىۋازلار پادىشاھى» دېگەن نامى بار ئەبۇ بەرراۋ (تولۇق ئىسمى ئامىر ئىبنى مالىك، بەنى ئامىر قەبىلىسىدىن) مەدىنىگە كېلىپ، رەسۇلۇللاھ بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈش داۋامىدا رەسۇلۇللاھ ئۇنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلغانىدى. ئۇ ھازىرچە مۇسۇلمان بولمايدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنى چەتكىمۇ قاقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەسھابلىرىڭنى نەجدە تەرەپكە ئەۋەتكەن بولساڭ، ئۇلار ئەھلى نەجدنى دىنىڭغا دەۋەت قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدا ئۈمىد بار ئىدى»، دەپ رەسۇلۇللاھقا تەكلىپ بەرگەن كىشى بولدى. رەسۇلۇللاھ: «مەن ئۇلارغا نەجدە ئاھالىسىنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن قورقىمەن»، دېۋىدى، ئەبۇ بەرراۋ: «خاتىرجەم بولغىن، مەن ئۇلارغا باش پاناھ بولىمەن»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا 40 (ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايىتىدە ۋە سەھىھۇلبۇخارىدا يەتمىش) ئادەمنى قېتىپ يولغا سالدى ۋە ئۇلارغا بەنى سائىدە ئايمىقىنىڭ باشلىقى مۇنزىر ئىبنى ئەمرى (ئۆلۈم ئۈچۈن ئازاد قىلىنغان دېگەن نامى بار)نى ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى، پازىل سالىھلىرى ۋە ئەڭ دىيانەتلىك قارى قۇرئانلىرىدىن تەركىپ تاپقانىدى.

ئۇلار يولغا چىقىپ كۈندۈزى ئوتتۇن تېرىپ سېتىپ، ئەھلى سۇففە[1]نىڭ يېمەكلىكلىرىنى غەملىسە، كېچىسى «قۇرئان كەرىم»نى دەرس مۇزاكىرە قىلىشاتتى ۋە نامازدا قىيام تۇراتتى. ئۇلار شۇ رەۋىشتە يول يۈرۈپ، ئاخىر بىر كۈنى بىئرى مەئۇنە (ئۇ بەنى ئامىر قەبىلىسىنىڭ زېمىنى بىلەن بەنى سۇلەيم ۋادىسى ئارىلىقىدىكى ئۆتەڭ)گە كېلىپ چۈشتى. ئاندىن ئۇلار ھەرام ئىبنى مىلھان (ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ قېرىندىشى)دىن خۇدانىڭ دۈشمىنى ئامىر ئىبنى تۇفەيلگە رەسۇلۇللاھنىڭ مەكتۇبىنى ئەۋەتتى. خۇدانىڭ دۈشمىنى مەلئۇن ئامىر ئىبنى تۇفەيل خەتكە قاراپمۇ قويماي بىر ئادەمنى بۇيرۇپ، ھەرامنىڭ كەينى تەرىپىدىن نەيزە ئۇرغۇزدى. ھەرام كەينىدىن ئۇرۇلغان نەيزىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن قان بىلەن تېشىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ: «ئاللاھۇ ئەكبەر، كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، مەن ئارزۇيۇمغا يەتتىم»، دېدىيۇ، سىيرىلىپ يىقىلدى.

خۇدانىڭ دۈشمىنى ئامىر ھەرام ئىبنى مىلھاننى شېھىت قىلىۋەتكەندىن كېيىن دەرھال چىقىپ، بەنى ئامىر خەلقىنى ھەرامنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا چاقىردى. لېكىن ئۇلار شۇ جەمەتتىن بولغان ئەبۇ بەررائىنىڭ پاناھلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشمىدى. مەلئۇن ئامىر بۇنىڭ بىلەن توختىماي بەنى سۇلەيمنى جەڭگە (ياردەمگە) چاقىرغانىدى. ئۇلاردىن ئۇسەييە، رەئلى ۋە زەكۋان ئايماقلىرى قوزغىلىپ كېلىپ، دەۋەت ئۆمىكىنى قورشىۋالدى ۋە ئۇلارنى ئۇرۇشقا مەجبۇرلاپ، قاتتىق جەڭ بولدى. مۇسۇلمانلار تەرەپتىن پەقەت كەئەب ئىبنى زەيد ئىبنى نەججاردىن باشقىسى پۈتۈنلەي شېھىت قىلىنىۋېتىلدى. كەئەب ئۆلۈكلەر ئارىسىدا ھايات قالغان بولۇپ، خېلى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەندىن كېيىن خەندەك ئۇرۇشىدا شېھىت بولۇپ كەتتى.

شۇ كۈنلەردە ئەمر ئىبنى ئۇمەييە ئىبنى زەمرى بىلەن مۇنزىر ئىبنى ئۇقبە ئىبنى ئامىر شۇ ئەتراپتا مۇسۇلمانلارنىڭ پادىلىرىنى بېقىۋاتاتتى. تۇساتتىن ئۇلار بىر توپ يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلىپ كېلىپ، بىر جايدىن ئەگىپ كېتەلمەي قالغانلىقىنى كۆردى ـ دە، مۇنزىر ئەھۋالنى ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن كېلىپ، مۇشرىكلار بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىپ، ئاخىر شېھىت قىلىنىۋېتىلدى. ئەمرى ئىبنى ئۇمەييە زەمرى ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. مەلئۇن ئامىر ئەمرى ئىبنى ئۇمەييىنىڭ مۇزەر جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنىڭ كوكۇلا چېچىنى قىرقىۋېتىپ، ئانىسى ئۈچۈن ئازاد قىلىپ قويىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەمرى ئىبنۇ ئۇمەييە زەمەرى ئاشۇ 70 قارىينىڭ بىھۇدە بەختسىزلىككە يولۇققانلىقىدەك ئېغىر مۇسىبەت خەۋىرىنى ئېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق بىراقلا يوقۇتۇلۇشى مۇسۇلمانلارغا ئوھۇد تىراگېدىيىسىنى قايتا ئەسلەتتى، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر قايغۇ ـ ئەلەمگە پاتقۇزدى. چۈنكى ئوھۇد ئۇرۇشىدا بولسا، 70 مۇجاھىد ئاشكارا جەڭ مەيدانىدا باتۇرانە ئېلىشىپ، مەردلەرچە شېھىت بولغانىدى. ئەمما، بۇلار بولسا رەزىللىك ئالدام خالتىسىغا كىرىپ قېلىپ، بىھۇدە كېتىپ قالدى. ئەمرى ئىبنۇ ئۇمەييە قايتىش يولىدا قەرقەرە دېگەن يەردىكى كارىز بېشىغا كېلىپ،

---

[1] ئەھلى سۇففە ــ يۇرت ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، دىن ئۆگىنىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ مەسجىدىدىن ئايرىلماي، «قۇرئان كەرىم» ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆيى بولمىغاچ مەسجىد پېشايۋىنىنىڭ ئاستىدىكى سۇپىلاردا ياتاتتى.

بىر دەرەخ تۈۋىدە سايىداپ ئولتۇرۇۋاتاتتى، بەنى كىلاب قەبىلىسىدىن ناتونۇش ئىككى ئادەم كېلىپ، دەرەخ تۈۋىگە چۈشتى. ئۇلار ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ئەمرى ئىبنۇ ئۇمەييە «قېرىنداشلىرىمنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدىم»، دەپ ئويلاپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ يېنىپ كەلدى. ئەسلىدە بۇلاردا رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلارغا يېزىپ بەرگەن ئامانلىق مەكتۇپنامىسى بار ئىكەن. ئەمرى بۇنى ئۇقمىغانىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، يولدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئېيتىپ بېرىۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇلارنى مېنى تۆلەم تۆلىسۇن دەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپسەن»، دېدى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ تۆلىمى ئۈچۈن مۇسۇلمانلاردىن ۋە ئىتتىپاقداش يەھۇدىيلاردىن مەبلەغ توپلاشقا كىرىشىپ كەتتى. دەل مۇشۇ ئىش بەنى نەزىر غازىتىنى قوزغاشنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تەپسىلاتى كېيىنكى بابلاردا بايان قىلىنىدۇ.[1]

رەسۇلۇللاھ مۇشۇ بىر قانچە كۈن ئىچىدە ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن رەجىئ ۋە بىئرى مەئۈنە پاجىئەلىرى ئۈچۈن قاتتىق قايغۇردى ۋە ئېغىر ئازاب تارتتى[2]. ھەتتا بىر قانچە كۈن ئىچ پۇشۇقىنى باسالماي، ئۆز ئەسھابىلىرىگە سۈيىقەست قىلغان ۋە ئالداپ يوقاتقان ئاشۇ قەبىلە ۋە ئايماقلارغا دۇئايى بەد قىلدى. سەھىھۇلبۇخارىدا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىپ: «رەسۇلۇللاھ بىئرى مەئۈنىدە ئۆز ئەسھابىلىرىغا سۈيىقەست قىلغان رەئىل، زەكۋان، لىھيان ۋە ئۇسەييە ئايماق جەمەتلىرىگە ھەر كۈنى بامدات نامىزىدا 30 كۈندەك دۇئايى قۇنۇت (دۇئايى بەد) ئوقۇدى. ئۇ دۇئاسىدا: ‹ئى ئاللاھ! ئۇسەييە جەمەتى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلدى›، دەيتتى»، دېيىلگەن. شۇ ئارىدا ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە ئايەت نازىل قىلدى. بىز ئۇنى تىلاۋەت قىلدۇق. خېلىدىن كېيىن بۇ ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ﴿إن بلّغوا قومنا انا لقينا ربنا فرضى عنّا و رضينا عنه﴾ «خەلقىمىزگە يەتكۈزۈپ قويۇڭلاركى، بىز پەرۋەردىگارىمىزغا مۇلاقات بولدۇق، ئاللاھ بىزدىن رازى بولدى، بىزمۇ ئاللاھتىن رازى بولدۇق». بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ بامدات نامىزىدا «قۇنۇت» (دۇئايى بەد) ئوقۇشنى تەرك ئەتتى.

## بەنى نەزىر غازىتى ــــ يەھۇدىيلارغا بېرىلگەن قاقشاتقۇچ زەربە

ئالدىنقى بابلاردا بىز يەھۇدىيلار ئىسلام دىنىنىڭ مەدىنە تۇپرىقىدا يىلتىز تارتقانلىقىغا ۋە مۇھاجىر مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يەردە يەرلىشىپ قالغانلىقىغا قاتتىق ئاچچىق ساقلاۋاتاتتى ۋە ھەسەت ئوتىدا پۇچۇلىنىۋاتاتتى، دېگەنىدۇق. ئەمما، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا شۇنچە ئۆچ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا مۇسۇلمانلار بىلەن قارشىلاشقۇدەك يۈرەك ۋە جاسارەتنىڭ يوقلۇقى، ئۇلارنىڭ پەقەت يەرنىڭ تېگىدىن ئىس قويۇش، سۈيىقەستچىلىك، ئالدامچىلىق ۋە ئىغۋاگەرچىلىكنى ئوخشىتالايدىغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىم ۋە ئەھدى ـ پەيمانلارغا ئاشكارا خىلاپلىق قىلىشقا

---

[1] ۋاقىدىنىڭ زىكرى قىلىشىچە، بىئرى مەئۈنە پاجىئەسىنىڭ خەۋىرى بىلەن رەجىئ ۋەقەسىنىڭ خەۋىرى بىرلا كۈندە يېتىپ كەلگەنىكەن.

[2] ئىبنۇ سەئەد ئەنەستىن نەقىل قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ بىئرى مەئۈنە پاجىئەسىگە قايغۇرۇپ، دەرد ـ ئەلەم تارتقىنىدەك ئىككىنچى بىر ئىشقا قايغۇرغىنىنى كۆرمىگەن ئىدىم».

جۇرئەت قىلالماي، ئاستىرتتىن زىيان سېلىش ۋە سۇيىقەست پىلانلاش ئۇچۇن ھەرخىل ھىيلە ـ نەيرەڭلەرنى ئويىنىتىپ، پۇرسەت تاپسىلا دىللىرىدىكى يوشۇرۇن ئاداۋەت زەھەرلىرىنى چېچىشقا ئۇرۇناتتى ۋە بۇ ئارقىلىق كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزاتتى. بولۇپمۇ ئۇلار بەنى قەينۇقا ۋەقەسىدىن كېيىن ۋە ئۇلارنىڭ ئوت قۇيرۇقى كاتتىۋېشى كەئەب ئىبنى ئەشرەپنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن ئۆز ھورىغا جىمىقىپ، سىڭگەن نىنىنى يەپ، تىنچلىق يولىنى تۇتقانىدى. لېكىن ئوھۇد ئۇرۇشى ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇلار بىردىنلا خورىكى ئۆسۈپ، ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆچەكىشىشكە باشلىدى. مۇناپىقلار ۋە مەككىلىك مۇشرىكلار بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىپ، ئىغىز ـ بۇرۇن يالاشتى. مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئەكسىيەتچىل ھەرىكەتلەرنى تېزلەتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا قارىتا قاتتىق ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، سەبىر قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار رەجىئە ۋە بىئىرى مەئۇنە پاجىئەلىرىدىن كېيىن تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، يۈرەكلىرىنى قاپتەك قىلىپ مەيدانغا چىقتى. ئاخىر ئۆز پۇتىغا ئۆزلىرى پالتا سېلىپ، رەسۇلۇللاھنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى پىلانلىدى.

ئۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق بولدى: ھېلىقى بەنى كىلاب قەبىلىسىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ئىككى كىشىنىڭ تۆلىمى ئۇچۇن رەسۇلۇللاھ بىر قانچە ساھابىسى بىلەن بەنى نەزىر قەبىلىسىگە ئىئانە توپلاشقا چىقتى. بۇ تۆلەم مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ روھى بويىچە ئۇلارغىمۇ يۈكلىنەتتى.

ئۇلارغا بۇ ھەقتە گەپ قىلدى. ئۇلار بىردەك: «بولىدۇ، ئى ئەبۇلقاسىم! بىز سەن دېگەندەك قىلىمىز، سەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرغىن، بىز بېرىپ يېتەرلىك مەبلەغ يىغىپ كېلەيلى»، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، بىر يەھۇدىينىڭ تېمىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇردى. رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئەلى ۋە ئۇلاردىن باشقا بىر تۈركۈم ساھابىلەر بىرگە چىققانىدى، ئۇلارمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى. يەھۇدىيلار رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ، ئۆزئارا پىچىرلاشتى. قىسقىسى، شەيتان ئۇلارغا پىشانىسىگە پۈتۈلگەن شەقاۋەتلىك قىسمەتنى لەززەتلىك كۆرسەتتى چېغى، ئاخىر ئۇلار رەسۇلۇللاھنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى پىلانلاشتى. ئۇلار ئۆزئارا پىچىرلىشىپ: «قايسىڭلار بۇ تاشنى (خېلى يېقىندىكى بىر ياغۇنچاقنىڭ پارچە تېشىنى كۆرسىتىپ) ئېلىپ، ئۆگزىگە چىقىپ، ئۇنىڭ بېشىغىلا تاشلاپ، ئۇنىڭ بويىنىنى سۇندۇرىدۇ»، دېيىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ شەقىي بەدبېخى بولغان ئەمرى ئىبنى جەھھاش: «مەن قىلاي»، دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ چاغدا ئۇلارغا سالام ئىبنى مۇشكەم (يەھۇدىيلارنىڭ بىرى): «ئۇنداق قىلمايلى، ئاللاھ بىلەن قەسەم، بۇ ئىش ھامان پاش بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قىلغىنىمىز مۇھەممەد بىلەن ئوتتۇرىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمنى بۇزغانلىق»، دېگەنىدى. ئۇلار سالام ئىبنۇ مۇشكەمنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇشتى. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن ئىش پاش بولۇپ قالدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن ۋەھيي ئېلىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھقا ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى ئۇقتۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ھېچنېمىگە قارىماي مەدىنە تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ساھابىلار ئۇنىڭ

كەيىندىن يېتىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بۇ يەرگە كېلىپ بولۇپسەن، بىز سىنىپلىك ئورنۇڭدىن تۇرغىنىڭنىمۇ تۇيماي قاپتۇق»، دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەست پىلانلىغانلىقىنى ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ شۇ ھامان ئۇلارغا مۇھەممەد ئىبنۇ مەسلەمەنى ئەۋەتىپ: «بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى ئون كۈن ئىچىدە مەدىنىدىن چىقىپ كەتسۇن، سەنلەرنىڭ بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىشىڭلارغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ، ئون كۈندىن كېيىن ئۇچرىتىلغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ»، دەپ ئۇلتىماتۇم تاپشۇردى. يەھۇدىيلارمۇ چىقىپ كەتمەكتىن باشقا ئامال تاپالماي، بىر نەچچە كۈن كۆچۈش تەييارلىقىنى قىلىپ تۇرغاندا مۇناپىقلارنىڭ كاتتىبېشى ئابدۇللاھ ئىبنۇ ئۇبەي ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ: «چىڭ تۇرۇڭلار، سىلەر چوقۇم قوللاشقا ئېرىشىسىلەر، يۇرت ـ ماكانىڭلاردىن چىقىپ كەتمەڭلار، مېنىڭ قول ئاستىمدا 2000 يىگىتىم بار، ئۇلار سىلەر بىلەن قورغانغا تەڭ كىرىپ، ھايات ـ ماماتتا بىللە بولىدۇ، سىلەر يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىپ تاشلانساڭلار، بىزمۇ بىرگە چىقىپ كېتىمىز، سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا باشقىلارغا ئىتائەت قىلمايمىز، سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىلسا چوقۇم ياردەم بېرىمىز، بەنى قۇرەيزە ۋە ئىتتىپاقداشلاردىن غەتفان قەبىلىسى ۋە بەدەۋىلەر سىلەرنى قوللايدۇ»، دەپ ئۇلارغا يەل بېرىپ قويىدى. بۇنى ئاڭلاپ يەھۇدىيلارنىڭ ئىشەنچىسى ئېشىپ، ئاللىقاچان سۇنغان ئىرادىسىگە جان كىرىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار، جان تىكىپ ئېلىشىش قارارىغا كېلىشتى. يەھۇدىيلارنىڭ باشلىقى ھۇيەي ئىبنۇ ئەختەپ ئابدۇللاھ ئىبنۇ ئۇبەينىڭ قۇتراتقۇلىقىغا ئىشىنىپ كېتىپ، رەسۇلۇللاھقا ئوچۇقتىن ئوچۇق: «بىز يۇرت ـ ماكانلىرىمىزنى ساڭا تاشلاپ چىقىپ كەتمەيمىز، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىلغىن، بىز تەييار»، دەپ خەۋەر كىرگۈزدى.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ھازىرقى ۋەزىيەت مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن تولىمۇ جىددىي ھەم خەۋپلىك ئىدى. چۈنكى ئۇلارغا ئۆز تارىخىدىكى بۇنداق ھەر تەرەپتىن خەۋپ ـ خەتەرنىڭ سېپىق ھىدى پۇراپ كېلىۋاتقان جىددىي پەيتتە ئۆز رەقىبلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشى ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدىغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، پۈتۈن ئەرەبلەر بىر تام بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ دەۋەت پىدائىيلىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەنلىكى ھەممىگە ئايان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى ھەربىي كۈچ جەھەتتە خېلى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلارنى تەسلىم قىلىش ئېھتىمالدىن خېلى يىراق ئىدى. قىسقىسى ئۇلارغا ئۇرۇش ئوتى ئېچىش نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرەتتى. لېكىن بىئرى مەئۇنە پاجىئەسى ۋە ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يۈز بەرگەن كوللىكتىپ (رەجىئ ۋەقەسىگە ئوخشاش) ۋە شەخس (رەسۇلۇللاھنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغىنىغا ئوخشاش)لەرگە قارىتىلغان تېرورلۇق ۋە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھادىسىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ جىنايى قىلمىشلارغا قارىتا قاراپ تۇرسا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى. قىسقىسى ھازىرقى ۋەزىيەت جىنايەتچى ئۇنسۇرلاردىن ئىنتىقام ئېلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى جىددىي تەلەپ قىلىۋاتاتتى. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى رەسۇلۇللاھنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغانىكەن، ئۇلار بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىپ، ئۆز پەيغەمبىرىگە سۇيىقەست قىلىش نىيىتىدە بولغانلارنىڭ ئەدەب ـ جازاسىنى بېرىش قارارىغا كەلدى.

رەسۇلۇللاھ ھۇيەي ئىبنى ئەختەبنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ: «ئاللاھۇ ئەكبەر»، دېدى. مۇسۇلمانلارمۇ: «ئاللاھۇ ئەكبەر»، دەپ توۋلاشتى. ئاندىن ئۇلار بىلەن نەخ مەيداندا ئېلىشىپ، ئاشكارا بىر تەرەپ بولۇش ئۈچۈن ئاتلاندى ۋە ئۆز ئورنىدا مەدىنىدە ئابدۇللاھ ئىبنۇ ئۇممۇ مەكتۇمنى قالدۇردى. ئەلەمنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا تۇتقۇزدى. ئاندىن يولغا چىقىپ، بەنى نەزىر مەھەللىسىگە يېتىپ بېرىپلا ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋەتتى. بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى ئاشكارا ئېلىشىشتىن قورقۇپ، قەلئە ۋە قورغانلىرىغا چېقىۋېلىپ، مۇسۇلمانلارغا ئوق ۋە تاشلارنى ئېتىپ، قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. قەلئە ئەتراپىغا جايلاشقان خورمىزارلىق ۋە ئۈزۈمزارلىقلار ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە قولايلىق شارائىت ـ يارىتىپ بەرگەن بولغاچقا، رەسۇلۇللاھ بۇ خورما ۋە ئۈزۈم تاللىرىنى كېسىپ تاشلاشقا بۇيرىدى. بۇ ھەقتە ھەسسان ئىبنۇ سابىت مۇنداق بىر شېئىر ئوقۇغانىدى:

ئېلىپ كەلدى ئەجەب ھەيۋەت، بەنى لۇئەيگە[①] خارلىقنى،

كۆيۈش ـ كۆيدۈرۈش دەھشەت، بۇۋەيرە[②] خورمىزارلىقىنى،

ئاللاھ بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿ما قطعْتم مِن لينة أوْ تركْموها قائمةعلى أصولها فبإذْن الله وليخْزِي الْفاسقين ﴾ «(ئى مۇسۇلمانلار!) سىلەر مەيلى (بەنى نەزىرنىڭ) خورمىلىرىنى كېسىڭلار، مەيلى ئۇنى بۇرۇنقى پېتى ئۆرە قالدۇرۇڭلار، ھەممىسىگە ئاللاھ رۇخسەت قىلىدۇ، (اللەنىڭ رۇخسەت قىلىشى) ئاللاھنىڭ ئىتائەتتىن چىققۇچىلارنى (يەنى يەھۇدىيلارنى) رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر» («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەشىر 5 ـ ئايەت).

بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىمۇ ئۆزىنى چەتكە ئالدى. مۇناپىق، خائىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيمۇ ۋە غەتفانلىق ئىتتىپاقداشلىرىمۇ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىدى. قىسقىسى، ھېچكىشى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ياكى يامانلىقتىن مۇداپىئە قىلىشقا پېتىنالمىدى. شۇڭا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى شەيتان بىلەن ئازغۇن ئىنساننىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىتىپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار يەھۇدىيلارنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇش تا) شەيتانغا ئو خشايدۇ، ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئىنسانغا: ‹كافىر بولغىن › دېدى. ئىنسان كافىر بولغان چاغدا، شەيتان: ‹مەن سەندىن ئادا ـ جۇدامەن، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن قورقىمەن › دېدى». («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەشىر 16 ـ ئايەت)

مۇھاسىرە ئۇزۇنغا سوزۇلمايلا (پەقەت ئالتە كۈن داۋام قىلغان، يەنە بىر رىۋايەتتە 15 كۈن داۋاملاشقان دېيىلگەن) ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ تاشلىغان چېغى، ئۇلار ئۆزىچىلا بوشىشىپ، قورال تاشلاپ تەسلىم بولۇشقا تەييار بولدى ۋە رەسۇلۇللاھقا ئەلچى ئەۋەتىپ: «بىز مەدىنىدىن كۆچۈپ كېتىمىز، ئۇرۇشنى توختاتساڭ»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئۆزىنى ۋە خوتۇن ـ بالا ـ چاقىلىرىنى (قورال ـ ياراقلىرىدىن باشقا) ۋە تۆگىگە قاچىلىغىلى بولىدىغان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىش شەرتى بىلەن سېپىل دەرۋازىسىنى بوشىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ شەرتىگە كۆنۈپ قەلئەدىن چۈشتى ۋە كىشەك ۋە دېرىزە جاھازلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتمەك ئۈچۈن

---

① بەنى لۇئەي ــ بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى.

② بۇۋەيرە ــ رەسۇلۇللاھ ئوت قويىۋەتكەن خورمىلىقنىڭ نامى.

ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن يىقىپ، بۇزۇشقا باشلىدى. ھەتتا بەزىلىرى ئۆيلىرىنىڭ سىنجىي ـ بالالىرىغىچە كۆتۈرۈۋېلىشتى. ئاندىن خوتۇن ـ بالا ـ چاقىلىرىنى كۆتۈرۈپ، 600 تۆگىگە نەرسە كېرەكلىرىنى ئارتىپ مەدىنىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى، بولۇپمۇ ھۇيەيي ئىبنۇ ئەختەپ ۋە سەلام ئىبنۇ مىشكەم قاتارلىق كاتتىۋاشلىرى خەيبەرگە كۆچتى. بىر بۆلۈكلىرى شام (ھازىرقى سۇرىيە)گە قاراپ يول ئالدى. ئۇلاردىن پەقەت ئىككىلا كىشى (يامىن ئىبنۇ ئەمرى ۋە ئەبۇ سەئەد ئىبنۇ ۋەھەب)لا مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، ماللىرىنى ئۆز جايىدا ساقلاپ قالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ بارلىق قورال ـ ياراغلىرىنى يىغىۋالدى ۋە مال ـ مۈلۈك، ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. نەتىجىدە ھەربىي ئەسلىھە قاتارىدا 50 دانە ساۋۇت، 50 دانە مىس قالپىقى ۋە 340 دانە نەيزە ـ قىلىچ قولغا چۈشتى.

بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىدىن تارتىۋېلىنغانماللار، يەر ـ زېمىن، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى مەخسۇس رەسۇلۇللاھنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئۆزى خالاپ، ئىختىيارى ھالدا تەسەررۇپ قىلسا بولاتتى. ئۇ ماللاردىن بەشتىن بىرىنى ئايرىش كەتمىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇ ماللارنى رەسۇلۇللاھقا مېھنەتسىز ئاتا قىلغانىدى، ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئات چاپتۇرۇش ۋە نەيزە سوقۇشتۇرۇشى ھاجەت بولمىدى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ ئۇ ماللارنى مەدىنىگە ئەڭ بۇرۇن كۆچۈپ كەلگەن مۇھاجىرلارغا مەخسۇس بۆلۈپ بەردى. پەقەت ئەنسارلاردىن ئىككىلا كىشى ــ ئەبۇ دۇجانە ۋە سەھل ئىبنۇ ھۇنەيفلارنىڭ ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بولغاچقا بۇلارغىمۇ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى نەزىر ماللىرىنىڭ يىللىق مەھسۇلات كىرىمىدىن ئۆز ئائىلىسى ئۈچۈن بىر يىل يەتكۈدەك مىقدارنى ئايرىۋالغاندىن كېيىن قالغان قىسمىنى خۇدا يولىدا جىھاد تەييارلىقى ئۈچۈن قورال ـ ياراغ ۋە ئات ـ ئۇلاغ چىقىمىغا ئىشلەتتى.

بەنى نەزىر غازىتى ھىجرىيىنىڭ 4 ـ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ( 4 ـ ئاي)دە (مىلادىيە 626 ـ يىلى ئاۋغۇستتا) ئېلىپ بېرىلدى. ئاللاھ بۇ غازات ھەققىدە سۈرە ھەشرنى باشتىن ئاخىر نازىل قىلدى. بۇ سۈرىدە يەھۇدىيلارنىڭ مەدىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىق ۋەقەسى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەندى. مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنى رەسۋايى جاھان قىلدى. غەنىمەت ۋە ئولجىلارنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورناتتى. مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ جاسارەت ۋە شىجائىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. ھەمدە ئۇرۇش تاكتىكىسى ئۈچۈن دۈشمەن زېمىنىدا ئوت قويۇش ۋە كېسىپ تاشلاش قاتارلىق ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، بۇنداق قىلىشنىڭ زېمىندا پاسادچىلىق قىلىش (قىرغىنچىلىق)قا ياتمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئاخىردا مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلارغا تەقۋادارلىقنى لازىم تۇتۇش ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ سۆزىنى ئۆزىگە مەدھىيە ئوقۇش ۋە گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

شۇڭا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈرە ھەشرنى «سۈرە بەنى نەزىر»، دەپ ئاتايتتى.

**نەجدى غازىتى**

مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ قېتىمقى (بەنى نەزىر) غازىتىدا ئارتۇقچە بەدەل تۆلىمەيلا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەدىنە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سىياسىي ئورنى قايتا تىكلەندى، مۇناپىقلار ئاشكارا گەپ يورغىلىتىش ۋە ئىغۋاگەرچىلىك جىنايى ھەرىكەتلىرىدىن ۋاقتىنچە توختىدى. ئوھۇد ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەرىكەتتە بولغان، ھەتتا ئىسلام دەۋىتى پىدائىيلىرىغا رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنى ۋەھشىيلەرچە قەستلەپ ئۆلتۈرگەن، بەلكى تېخى يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش خام ـ خىيالىدا بولغان ئاشۇ بەدەۋى قاراقچى ئەرەب ئوغرىلىرىنىڭ ئەدىبىنى بېرىش پۇرسىتى ئەمدى پىشىپ يېتىلگەنىدى.

رەسۇلۇللاھ ئاشۇ قارا يۈز ئالدامچىلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىشكە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغاندا غەتفان قەبىلىسىنىڭ بەنى مۇھارىب ۋە بەنى سۆئلەبە ئايماقلىرىدىن، بىر توپ قاراقچى بەدەۋىلەر توپلىنىپ، مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش كويىدا بولۇۋاتقانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، بۇ قارا قورساق تومپاي سەھرالىقلارنىڭ يولسىز قىلمىشلىرىنىڭ قايتا تەكرارلانماسلىقى ئۈچۈن نەجدى سەھراسىنى ئارىلاپ ئات چاپتۇرۇپ، تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىلىغا قورقۇنچ ئۇرۇغىنى تېرىپ قويۇپ كەلمەكچى بولدى.

«تاغدا يولۋاس بولمىسا، مايمۇن پادىشاھ»، دېگەندەك قاراقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق كەسپىگە ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇ ياۋايىلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ كىشنىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپلا، قورقۇپ يۈرىكى قېپىدىن چىقتى. تاغ قىرلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلارغا مۆكۈنۈپ پاناھلىنىۋالدى. بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار مەدىنىگە پاراكەندىچىلىك سېلىش ئېھتىمالى بولغان ئاشۇ قەبىلىلەرگە تەنبىھ بەردى ۋە ئۇلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىغا ۋەھىمە خۇرۇچلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەكسىيەتچىلىكنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بەرگەندىن كېيىن ئامان ـ ئېسەن مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

تەرجىمىھال ۋە تارىخشۇناسلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرىيىنىڭ 4 ـ يىلى رەبىئۇسسانى (4 ـ ئاي) ياكى جۇمادىيەلئەۋۋەل ( 5 ـ ئاي)دە مۇشۇ مەقسەت (يەنى قاراقچى، بولاڭچى بەدەۋىيلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىش مەقسىتى)تە نەجدە تەرەپتە ئېلىپ بارغان يەنە بىر غازاتنى تىلغا ئالىدۇ ۋە بۇ غازاتنى «زاتۇررىقا غازىتى» دەپ ئاتىشىدۇ. دۇرۇس، مۇشۇ مەزگىلدە مەلۇم بىر غازاتنىڭ ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئېنىق. بۇنىڭدا شەك ـ شۈبھى يوق. بۇنى مەدىنىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتى ھەقىقەتەن تەقەززا قىلاتتى. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ئوھۇد ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندا ئەبۇ سۇفيان بىلەن بەدرىدە ئۇچرىشىشقا ۋەدىلەشكەن ۋاقىت يېقىنلاپ قالغانىدى. بۇنداق ئەھۋالدا مەدىنە ئەتراپى رايونلىرىدىكى بەدەۋى قاراقچىلارنى خورىكى ئۆسۈك، پاراكەندىچىلىك سېلىش ئېھتىماللىقى ئېغىر ھالەتتە قويۇۋېتىپ، مەدىنىنى ئادەمسىز تاشلاپ قويۇپ مۇشۇنداق چوڭ ئۇرۇشقا چىقىپ كېتىش ئۇرۇش دەۋرى ھەربىي ئىستىراتېگىيىسىگە قەتئىي ئۇيغۇن كەلمەيتتى. بەلكى تېخى بەدرى سەھنىسىدە ئىلگىرىكى ھەر قانداق چاغدىكىدىن تېخىمۇ زور، تېخىمۇ دەھشەت ئۇرۇش بولۇش ئېھتىمالى بولغان بۇنداق چوڭ ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلىنىش

ئالدىدا ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئەمما، رەسۇلۇللاھ ھىجرىيىنىڭ 4 ـ يىلى رەبىئۇسسانى( 4 ـ ئاي) ياكى جۇمادىيەلئەۋۋەل (5 ـ ئاي)دە قوزغىغان غازاتنىڭ «زاتۇررىقا» غازىتى بولۇشى ناتايىن، چۈنكى زاتۇررىقا غازىتىغا ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىلەرمۇ قاتناشقان. ۋەھالەنكى، ئەبۇ ھۇرەيرە خەيبەر غازىتىدىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغان. شۇنىڭدەك ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىمۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن تۇنجى قېتىم خەيبەردە ئۇچراشقان. ئۇنداقتا «زاتۇررىقا» غازىتى خەيبەر غازىتىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان بولىدۇ ۋە يەنە «زاتۇررىقا» غازىتىنى ھىجرىيىنىڭ 4 ـ يىلىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغانلىقىغا بىردىنبىر دەلىل رەسۇلۇللاھ بۇ غازاتتا نامازنى سالاتۇلخەۋپ (ھەربىي ھالەت نامىزى) تەرىقىسىدە ئوقۇغان. ھالبۇكى نامازنى سالاتۇلخەۋپ تەرىقىسىدە ئوقۇش تۇنجى بولۇپ، «ئۇسپان» غازىتىدا يولغا قويۇلغان. ئۇسپان غازىتى خەندەك غازىتىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان. ھەممىگە مەلۇمكى، خەندەك غازىتى ھىجرىيىنىڭ 5 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا بولغان.

## ئىككىنچى قېتىملىق بەدرى غازىتى

مۇسۇلمانلار ئەئراپتىكى قاراقچى ۋە بۇلاڭچى بەدەۋى باندىتلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىش ھەرىكەتلىرىنى چەكلىگەندىن كېيىن چوڭ دۈشمىنى بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. يېڭى يىل كىرىپ، قۇرەيش تەرەپ بىلەن (ئالدىنقى يىلى ئوھۇد غازىتىدا) پۈتۈشكەن مۇددەت كۈنسايىن يېقىنلاپ كەلگەنىدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا كېلىشىمگە ئاساسەن ئەبۇ سۇفياننىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇرۇش چاقمىقىنى قايتا ياندۇرۇپ، ئىككى تەرەپتىن يولى ئەڭ توغرا، ھايات سەھنىسىدە باقىي تۇرۇشقا ئەڭ لايىق بىرسىگە رەھبەرلىك ھوقۇقى ئۆتكەنگە قەدەر بىر ئىزدا قانائەتلىنىپ توختاپ قالماسلىق تولىمۇ ھەقلىق بولۇپ قالغانىدى.

شۇڭا، رەسۇلۇللاھ ھىجرىيىنىڭ 4 ـ يىلى شەئبان ئېيىدا (مىلادىيە 626 ـ يىلى يانۋار) دا ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ئاساسەن 1500 كىشىلىك قوشۇن بىلەن بەدرىگە قاراپ يول ئالدى. قوشۇندا پەقەت ئون دانە ئاتلىق بار ئىدى. ئەلەمنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب كۆتۈردى ۋە ئۆز ئورنىدا مەدىنىدە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنى قالدۇردى. رەسۇلۇللاھ قوشۇننى باشلاپ، بەدرىگە يېتىپ بېرىپ، مۇشرىكلارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ساقلاپ تۇردى.

ئەمما، ئەبۇ سۇفيان مەككە مۇشرىكلىرىدىن ئىككى مىڭ ئەسكەرنى ئەگەشتۈرۈپ (ئۇلارنىڭ ئىچىدە 50 ئاتلىق بار ئىدى) چىقىپ، مەككىدىن بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى «مەررىزەھران»دا مەجىننە دەپ ئاتىلىدىغان بىر سۇ بويىغا چۈشتى.

ئەبۇ سۇفيان مەككىدىن يولغا چىققاندىن بېرى، «مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشساق ئاقىۋەت قانداق بولار؟» دېگەن ھەقتە ئويلىنىپ، گويا جازا مەيدانىغا يالاپ ئېلىپ كېتىلىۋاتقان ئەسىردەك ئۇنىڭ تېنىنى قورقۇنچ بېسىپ، بىر خىللا ۋەھىمە بىلەن جۇغۇلداپ تىترەيتتى. ئۇ مەررىزەھرانغا چۈشكەندىن كېيىن تېخىمۇ سۇر بېسىپ،

كەيپىياتى يامانلاشتى ۋە ئىرادىسى بوشاپ، بىر ئامال قىلىپ، قايتىشنىڭ چارىسىنى ئىزدىدى. شۇڭا، ئۇ ئادەملىرىگە: «ئى قورەيش جامائەسى! ئۇرۇش دېگەننى مەمۇرچىلىق ۋە مولچىلىق يىللاردا قىلىدىغان ئىش ئىدى. ئۇ چاغدا ئات ـ تۆگىلەرنى يايلىتىپ، سۈت ـ قايماقلانى ئىچىپ، روھلۇق جەڭ قىلغىلى بولاتتى. بۇ يىل بىز بىلەن قىبرىشقاندەك قەھەتچىلىك ـ قۇرغاقچىلىق يىل بولۇپ قالدى. مەن مۇشۇ يەردىن قايتساقمىكىن دەيمەن»، دېدى.

ئەھۋالدىن قارىغاندا قوشۇن ئەزالىرىنىمۇ قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە ئەسىر قىلىپ بولغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ھېلىقى نۇتقى بارلىق مۇشرىكلارغا گويا «قېرى كالىغا پىچاق خۇش ياققاندەك» يېقىپ كەتتى. ئۇلار ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئاشۇ پىكرى بىلەنلا قايتىپ مېڭىشتى. ھېچقانداق قارشى سادا ياكى ئۇرۇشۇش قىزغىنلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى.

ئەمما، مۇسۇلمانلار تەرەپ بەدرىدە سەككىز كۈن تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتتى. شۇ جەرياندا تىجارەت ئۈچۈن بىرگە ئېلىۋالغان ماللىرىنى سېتىپ، كۆپ پايدا ئالدى. (ئۇلار بىر دەرھەملىك مالنى ئاز بولغاندا ئىككى دەرھەمگە ساتقانىدى) ئاندىن مەدىنىگە قايتتى. ئۇلار بۇ قېتىمقى ھەربكەت ئارقىلىق، ئەھۋال سېزىلگەن ھامان ھەربكەتكە ئۆتۈش، باش كۆتۈرگەن ھامان مۇشت ئېتىشتەك سىياسىي ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى. كىشىلەر قەلبىدىكى شان ـ شەۋكىتى مەزمۇت بېكىدى ۋە ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشتا مۇداپىئەدە تۇرۇشتىن مۇھاسىرىگە ئۆتۈش دەرىجىسىگە تەرەققىي قىلدى.

بۇ غازات تارىختا «بەدرى كېلىشمى غازىتى» ياكى «ئىككىنچى بەدرى غازىتى» ۋە «بەدرى كىچىك غازىتى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالدى.

## دۇمەتۇلجەندەل غازىتى

رەسۇلۇللاھ بەدرىدىن قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا مەدىنە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلىرىدا تىنچلىق، مۇقىملىق ئومۇملىشىپ، ياخشى بىر ئىجتىمائىي كەيپىيات بارلىققا كەلگەنىدى. پۈتۈن تەۋەلىك خاتىرجەم ئىدى. بۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھقا ئەرەب زېمىنى چېگراسىنىڭ ئەڭ يىراق چەت جايلىرىغىچە قوشۇن تارتىپ بېرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىيەتنى تېخىمۇ ياخشى كونترول قىلىپ، ئىسلام دەۋىتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت شارائىت بەرپا قىلىش ۋە بۇنى يىراق ـ يېقىن دوست ـ دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشقا ئوبدان بىر پۇرسەت يارىتىلدى. ئۇ بەدرىدىن قايتىپ كېلىپ، مەدىنىدە ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن «دۇمەتۇل جەندەل» (شامغا يېقىن جاي) ئەتراپىدىكى قەبىلىلەر يولنى توسۇپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى بولاپ ـ تالاپ، يولۇچىلارغا جەۋرى ـ زۇلۇم ساپتۇ ۋە يەنە مەدىنىگە يۇرۇش قىلىش مەقسىتىدە جەددىي كۈچ توپلاۋېتىپتۇ»، دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۆز ئورنىدا مەدىنىدە سىبائ ئىبنى ئەرفەتەتۇلغىفارنى قالدۇرۇپ، ھىجرىيىنىڭ 5 ـ يىلى رەبىئولئەۋۋەلنىڭ 25 ـ كۈنى مۇسۇلمانلاردىن 1000 كىشى بىلەن يولغا چىقتى ۋە بەنى ئۆزرە قەبىلىسىدىن مەزكۇر ئىسىملىك بىر كىشىنى يولباشلىغۇچىلىققا ئېلىۋالدى.

قوشۇن دۈشمەنگە تويۇقسىز زەربە بېرىش ئۈچۈن كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ، كېچىسى يول ـ يۈرۈپ مېڭىپ، ھەتتا بىر چاغدا ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىگە يېقىنلاپ بېرىۋىدى، ئۇلاردىن ھېچكىمنىڭ ئۈچرىمىدى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ چارۋا ـ ماللىرىغا ۋە قويچى ـ پادىچىلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى قولغا چۈشتى. بەزىسى قېچىپ كەتتى. ئەمما دۇمەتۇلجەندەل ئاھالىسى مۇسۇلمانلارنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، تەرەپ ـ تەرەپكە تىكىۋەتكەنىدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ مەنزىلىگە يېتىپ بارغاندا، ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە بىر قانچە كۈن تۇرۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتىپ ۋە ئارقىمۇ ـ ئارقا قوشۇنلارنى چىقىرىپ، ئاختۇرۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، بىرمۇ ئادەم ئۇچرىتالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەدىنىگە قايتتى. قايتىش سەپىرىدە ئۇيەينە ئىبنى ھىسنى بىلەن (مۇناسىۋەتلىك) كېلىشىملەرنى ئىمزالاشتى.

دۇمەتۇلجەندەل شام تەۋەلىكىدىكى چېگرا بويىغا جايلاشقان مەشھۇر قەدىمى بولۇپ، بۇ يەر بىلەن دەمەشىق (شام پايتەختى) ئارىلىقى 15 كۈنلۈك مۇساپە ئىدى. مەدىنە بىلەن بولغان ئارىلىقىمۇ ئوخشاشلا 15 كۈنلۈك مۇساپە كېلەتتى.

خوش... رەسۇلۇللاھ مانا مۇشۇنداق چاپسان، ھەم جىددىي ھەربىي يۈرۈشلەرنى قوزغاش ۋە مۇشۇنداق دانا ھەم پۇختا تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق رايون تەۋەلىكىنىڭ تىنچ، مۇقىم بولۇشىنى، ۋەزىيەتنى كونترول قىلىپ، دەۋر چاقىنى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ئايلىنىشىنى، ھەمدە مۇشۇ بىر يىل مابەينىدە مۇسۇلمانلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، ھەر تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان ئىچكى ـ تاشقى قىيىنچىلىقلارنى زور دەرىجىدە يېنىكلىتىشتەك نەتىجە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئالايلى، ئەينى ۋاقىتتا تىپىرلاپ قالغان مۇناپىقلار ئەمدىلىكتە بىردىنلا ھورىغا جىمىقىپ، يۇۋاشلىشىپ قالدى. يەھۇدىيلارنىڭ بىر قەبىلىسىنى (يەنى بەنى نەزىرنى) سۈرگۈن قىلىش ئىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىۋىدى، يەنە بىرسى (يەنى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى) قوشنىدارچىلىق ھەققىگە ۋە مۇناسىۋەتلىك كېلىشىم ۋە ئەھدى ـ پەيمانلارغا ۋاپا قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ ئوبدانلاپ قالدى، قاراقچى ـ بۇلاڭچى بەدەۋىيلەرمۇ تىنجىدى. ھەتتا ئەڭ چوڭ دۈشمەن قۇرەيش دائىرىلىرىمۇ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشتىن يالتايدى. دېمەك، مۇسۇلمانلارغا دەۋەتى ئىسلامىيەنى قانات يايدۇرۇش ۋە پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەلچىلىكىنى ئۆز لايىقىدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن مۇۋاپىق شەرت ـ شارائىت ھازىرلاندى.

## ئەھزاب (دۈشمەن ئىتتىپاقداش قوشۇنى) غازىتى

ئۆتكەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى ئېلىپ بېرىلغان ھەربىي ھەرىكەتلەردە قوللىنىلغان ماددىي ۋە مەنىۋى چارە ـ تەدبىرلەر ئارقىلىق ئارالنىڭ ۋەزىيىتى خېلى ئوبدان تىنچلىنىپ قالغانىدى. ئەمنىلىك ۋە خاتىرجەملىك ئاساسىي جەھەتتىن

ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەنىدى. ئەپسۇسكى، (ئۆز تارىخىنىڭ بەتلىرىنى ئالدامچىلىق، سۇيىقەستچىلىك، خىيانەت، بۇزغۇنچىلىق، ئىغۋاگەرچىلىك، مەككار-كەززاپلىق قارا داغلىرى بىلەن بويىۋەتكەن) يەھۇدىيلار ئازغۇنلۇق ئۇيقۇسىدىن يەنىلا ئويغانمىدى. ئۇلارغا ياخشىلىق ياراشمىدى، ئۇلار ئالدامچىلىق ۋە سۇيىقەست پىلانلاش سەۋەبىدىن تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدىن ئاچچىق ساۋاق ۋە ئىبرەت ئالمىدى. نەتىجىدە ئۇلار (بولۇپمۇ بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرى) خەيبەرگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار بىلەن بۇددىست مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان جىددىي توقۇنۇشلارنىڭ نەتىجىسىگە تۆت كۆزى بىلەن قاراپ تۇردى-دە، دەۋرى ئېقىمى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە قاراپ يۈزلىنىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي نوپۇز دائىرىسى كۈنسايىن كېڭىيىشكە ۋە ھاكىمىيەت ئاساسى بارغانسېرى پۇختىلىنىشقا باشلىغىدى ئۇلار ھەسەت خۇمدانلىرىدا دۇملىنىپ، زەھەر قوقاسلىرىغا كۆمۈلگەندەك بولۇپ كېتىشتى. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا قارىتا يېڭىباشتىن باشقىچە بىر خىل سۇيىقەست پىلانلاشقا كىرىشتى ھەمدە مۇسۇلمانلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىدىغان چوڭ بىر زەربىگە تەييارلىق كۆرۈشكە تۇتۇشۇپ كەتتى.

يەھۇدىيلار ئەمدى مۇسۇلمانلار بىلەن بىۋاستە قارشىلىشىشقا مادارى يەتمەيدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئاشۇ رەزىل مەقسىتى ئۈچۈن ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئاجايىپ قەبىھ مۇنداق بىر پىلاننى تۈزۈپ چىقتى.

خەيبەرلىك يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى ۋە بەنى نەزىر يۇقىرى قاتلام ئەمەلدارلىرىدىن بولۇپ، يىگىرمىدەك ئادەم تەشكىللىنىپ مەككىگە باردى. ئۇلار مەككە مۇشرىكلىرىنى رەسۇلۇللاھقا قارشى ئۇرۇش قوزغاشقا چاقىردى ۋە ئۇلار بىلەن مۇشۇ ھەقتە سىياسىي دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ئۆزلىرىمۇ بىۋاستە جەڭگە قاتنىشىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. قۇرەيش تەرەپ دەرھال ماقۇل بولدى. ئۆتكەن يىلى بەدرىدە ئۇچرىشىش ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغان قۇرەيش دائىرىلىرى بۇ قېتىمقى زەربىدە كۆپرەك رول ئوينىاش ئارقىلىق شۇ چاغدا دەخلىگە ئۇچرىغان ئار-نومۇسىنى ئاقلىماقچى بولدى.

ئۆمەك ئەزالىرى قۇرەيش دائىرىلىرىنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇدۇل غەتفان قەبىلىسىگە چىقتى. ئۇلارنىمۇ مۇشۇ نىشانغا ئۈندىگەنىدى. غەتفان تەرەپ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئاندىن بۇ ئۆمەك مۇشۇ ئەتراپتىكى ئەرەب قەبىلىلىرىدە تەرەپ-تەرەپكە چېپىپ، يۇقىرى-تۆۋەن قاتىراپ يۈرۈپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى جامائەت پىكرى توپلىدى ۋە ئوخشاش قاراشتىكىلەر تەڭ دوست تارتىشىپ، تۈلكە-بۆرىلەر ئېغىز-بۇرۇن يالاشتى. قىسقىسى، مانا مۇشۇنداق قىلىپ، يەھۇدىي سىياسىيونلىرى ۋە قوماندان ئەمەلدارلىرى كۇفرى كۈچلىرىنى رەسۇلۇللاھقا قارشى بىرلەشتۈرۈپ، تەشكىللەشتە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇزاق ئۆتمەي ھەر قايسى تەرەپ ۋەدىسىگە ئاساسەن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. قۇرەيش ۋە كەنانە قەبىلىلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى (ئەبۇ سۇفياننىڭ قوماندانلىقىدا) 4000 كىشى بىلەن جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئاتلاندى. ئۇلار مەررىزەھرانغا كەلگەندە، بەنى سۇلەيم قەبىلىسى قوشۇلدى. شەرقتىن غەتفان قەبىلىرىدىن بەنى فەزارە (ئويەينە ئىبنى ھىسنى باشچىلىقىدا)، بەنى

مۇرره (هارس ئىبنى ئەۋف باشچىلىقىدا)، بەنى ئەشجەئە (مىسئەر ئىبنى رەخىيلە باشچىلىقىدا) جەمەت ۋە ئايماقلىرى غەربكە قاراپ ماڭدى. شۇنىڭدەك بەنى ئەسەد ۋە باشقىلارمۇ قوزغالدى.

شۇنداق قىلىپ، ھەر قايسى قەبىلە ۋە ئايماقلارنىڭ قوشۇنلىرى توپ ـ توپ بولۇپ، بەلگىلەنگەن مۇددەت بويىچە مەدىنىگە قاراپ يول ئالدى. ئەمدىكى ئىش مەدىنىدە قالغانىدى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن مەدىنە ئەتراپىدا مەدىنە ئاھالىسىنىڭ (چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش) ئومۇمى سانىدىن ئۈچ ھەسسە ئېشىپ كېتىدىغان 12 مىڭدىن كۆپرەك (شۇ دەۋرگە نىسبەتەن) ناھايىتى زور قوراللىق قوشۇن قارا چۆمۈلە كەبى مىغىلداپ پەيدا بولاتتى. ناۋادا بۇ بىرلەشمە قوشۇن مەدىنە تەۋەسىگە تۇيۇقسىز يېتىپ كېلىدىغان بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يەردىكى مەۋجۇدىيىتىگە مۆلچەردىكىدىن كۆپ خەۋپ ـ خەتەر كەلتۈرەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش قىرغىن قىلىنىپ، يۇرت ـ ماكان ۋە باغ ـ ۋارانلىرى تەلتۆكۈس خانىۋەيران بولۇپ كېتىشىمۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. بىراق، مەدىنە رەھبەرلىك قاتلىمىمۇ سەگەك ھەم يىراقنى كۆرەر رەھبەرلىك بولغاچقا، ئۆزىنىڭ يۇمران ئۇگە بارماقلىرى بىلەن دۈشمەنىنىڭ تومۇرىنى سەگەكلىك بىلەن تۇتۇپ، كېسەلگە توغرا دىئاگنوز قويۇپ، ۋەزىيەتنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، ئەتراپنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا، بۇ جاھالەت شايكىلىرى ئۆز ماكانلىرىدىن تېخى قوزغالماستا مەدىنە قوماندانلىق شتابى ئۆز ئاخباراتچىلىرى ئارقىلىق بۇ مىسلىسىز خەۋپ ـ خەتەر توغرىلىق جەددىي مەلۇمات تاپشۇرۇۋالغانىدى.

رەسۇلۇللاھ ئاخباراتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال يۇقىرى دەرىجىلىكلەر كېڭەيتىلگەن ھەربىي كېڭەش يىغىنى چاقىردى. يىغىندا: «قانداق قىلغاندا مەدىنىنى دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداپ قالغىلى بولىدۇ؟» دېگەن ھەقتە يىغىن قاتناشچىلىرى بىلەن كەڭ ـ كۇشادە پىكىر ئالماشتۇردى. ئاخىردا يىغىن قاتناشچىلىرى بىلەن رەھبەرلىك قاتلىمى ئوتتۇرىسىدا جەددىي مۇزاكىرە ۋە قىزغىن غۇلغۇلا قىلىش ئارقىلىق كاتتا ساھابە سەلمان فارىسى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ـ لايىھىسى ماقۇللاندى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ئىراندا مۇبادا دۈشمەنىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالىدىغاندەك بولساق ئارىغا خەندەك (ئاكوپ) كولىۋالاتتۇق. مۇشۇ يەردىمۇ شۇنداق قىلساق؟» سەلمان پارىسى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ پىلان ئەرەبلەر بۇندىن ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان ناھايىتى ئوبدان تەدبىر ـ لايىھە بولغانىدى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ مۇشۇ تاكتىكىنى قوللىنىشنى قوبۇل تاپتى ـ دە، دەرھال تۇتۇش قىلىپ، ھەر ئون ئادەمگە 40 گەز (تەخمىنەن 30 مېتىردەك)دىن خەندەك (ئاكوپ) كولاشنى ئورۇنلاشتۇردى.

مۇسۇلمانلار قول ـ قولچە، ناھايىتى قىزغىن كەيپىيات بىلەن خەندەك كولاشقا كىرىشىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھمۇ ئۇلارغا ئىلھام ۋە مەنىۋى مەدەت بېرىپ ئۇلارنىڭ خەندەك كولاش ھەرىكىتىگە باشتىن ـ ئاخىر ئۆزى بىۋاستە قاتناشتى. سەھەبۇلبۇخاريدا: سەھل

ئىبنى سەئەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن خەندەكتە كېچە-كۈندۈز بىللە بولاتتۇق، مۇسۇلمانلار جىددىي كولايتتۇق، خەندەك توپىسىنى يۈدۈپ توشۇيتتۇق.

رەسۇلۇللاھمۇ: ئى ئاللاھ! ئاخىرەت ھاياتى ھەقىقىي ھايات،

دەيتتى. مۇھاجىر، ئەنسارلارغا قىلغىن ئىلتىپات.



ئەنەس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:
«رەسۇلۇللاھ بىر كۈنى تاڭ سەھەردە خەندەك ئىش ئورنىغا چىققانىدى. بۇ چاغدا مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلار ھەممەيلەن بىرلىكتە سەھەرنىڭ قەھرىتان سوغاقلىرىغا قارىماي، جىددىي ئاكوپ كولاۋاتاتتى. ئۇلارغا ياردەملىشىدىغان قۇل ـ چاكىرى ياكى ئىشچى ـ مەدىكارى يوق ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئاچلىق دەرد ـ ئەلىمى ئۈستىگە ئەمگەك ئازابى تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ئى ئاللاھ! ئاخىرەت ھاياتى ھەقىقىي ھايات،

مۇھاجىر ئەنسارلارغا قىلغىن ئىلتىپات

دېگەنىدى. ساھابىلەر رەسۇلۇللاھقا:

بىزكى بەيئەت قىلغان مەرد،
مۇھەممەدكە، جىھادقا.
ھۆر ئەقىدە ياشاش ئۈچۈن،
يا شەرەپلىك ماماتقا.

دەپ جاۋاب قايتۇردى».

يەنە سەھىھۇلبۇخارىدا بەررا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ خەندەكتىن توپا توشۇپ، ھەتتا ئۇنىڭ مۇبارەك ئەتلىرى توپا ـ چاڭلار بىلەن قاپلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم. ۋەھالەنكى، رەسۇلۇللاھنىڭ كۆكرەك قىسمىدا قويۇق تۈكلەر بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ توپا توشۇۋېتىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى مۇڭلۇق ئاھاڭدا ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم:

رەببىمىز! سەن بولمىساڭ تاپماس ئىدۇق ھىدايەت،
بىلمەس ئىدۇق، نېمىدۇر؟ زاكات، ناماز،روزا، ئىبادەت،
ئاتا قىلغىن بىزلەرگە خاتىرجەملىك سائادەت،
ئىلىشقاندا ياۋ بىلەن سەبرى ـ سۇبات جاسارەت،
بوزەك قىلدى مۇشرىكلار، تۇتۇپ بىزگە ئاداۋەت،
دىنىمىزدىن ياندۇرسا، قىلماسمىز ھېچ ئىتائەت،

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ يۇقىرىقى شېئىرنىڭ ئاخىر مىسراسى:

بوزەك قىلدى مۇشرىكلار تۇتۇپ بىزگە ئاداۋەت،
دىنىمىزدىن ياندۇرسا قىلماسمىز ھېچ ئىتائەت

نى ناھايىتى مۇڭلۇق ئاھاڭدا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرەتتى».

مۇسۇلمانلار مۇشۇنداق چەبدەسلىك ۋە جۇشقۇن روھ بىلەن ئىشلەيتتى. ۋەھالەنكى، ئۇلار شۇ ھالەتتە قاتتىق ئاچلىق ئازاۋىنى تارتقانىدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «خەندەك كولىغۇچىلارغا بىرەر چاڭگال ئارپا كەلتۈرۈلۈپ، بۇزۇلغان ياغ بىلەن تاماق قىلىنىپ قويۇلاتتى ـ دە، ئۇلارنىڭ قورسىقى تولىمۇ ئاچ بولغانلىقتىن تېتىماي يۇتۇۋېتەتتى. ھالبۇكى، ھېلىقى تائامنىڭ بەتبۇي ھىدى كىشىنى بىزار قىلاتتى»، دېگەن.

ئەبۇ تەلهە: «بىز رەسۇلۇللاھقا ئاچلىق دەردىنى شىكايەت قىلىپ، قورسىقىمىزغا تېڭىۋالغان بىردىن تاشنى ئېچىپ كۆرسەتكەنىدۇق، ئۇ قورسىقىنى ئېچىپ، ئىككى تاشنى قوشلاپ تېڭىۋالغانلىقىنى كۆرسەتتى»، دېگەن.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەندەك كولاش جەريانىدا رەسۇلۇللاھنىڭ بەرھەق، راست پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىر قانچە مۆجىزە ۋە ئالامەتلەر كۆرۈلدى. جابىر ئىبنۇ ئابدۇللاھ بىر كۈنى رەسۇلۇللاھنىڭ چىرايىدا ئاچلىق ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۆيىگە بېرىپ، بىر پاقلاننى سويدى ۋە ئايالىغا بۇيرۇپ، بىر سا (تەخمىنەن 2 كىلوگىرام) ئارپىنى ياغۇنچاق بىلەن ئەزدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ساھابىلەردىن بىر قانچەيلەننى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلىشىنى ئاستاغىنە ئېيتقانىدى، رەسۇلۇللاھ خەندەك كولاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىگە ئېلان قىلىپ، چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەننى ئېلىپ باردى. ئۇلار 1000دەك ئادەم ئىدى. ئۇلار شۇ تاماقتىن تەناۋۇل قىلىشىپ، قورساقلىرى تويۇپ كېتىشتى. لېكىن گۆش قازىنى ئەسلى پېتى پېتىقلاپ قايناۋاتاتتى. قاچىدىكى ئارپا خېمىرىمۇ 1000 كىشىگە نان ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنىلا ئەسلىدىكىدىن كۆپ جىمىمىغانىدى.نۇئمان ئىبنۇ بەشىرنىڭ ھەمشىرىسى ئاتىسى ۋە قېرىندىشىنىڭ غىزالىنىشى ئۈچۈن قورۇق خورما ئېلىپ كەلگەنىدى.ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن خورمىنى سورىدى ۋە ئۇنى ماتا رەخت ئۈستىگە تاشلاپ چاچتى. ئاندىن خەندەك ئەھلىنى چاقىردى. ئۇلار كېلىپ خورمىدىن يېيىشكە باشلىدى. خورما داستىخاندا كۆپىيىپ ئاۋۇپلا تۇراتتى. ھەتتا خەندەك كولاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى تويۇپ قايتتى. ھالبۇكى، ھېلىقى خورمىلار داستىخانغا پاتماي ئەتراپقا چېچىلىپ تۇراتتى».

ئىمام بۇخارىنىڭ توپلىغان ھەدىسىدە، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يۇقىرىقى ئىككى مۆجىزىدىن روشەن ھەم ئېنىقراق بولغان مۇنداق بىر مۆجىزە رىۋايەت قىلىنىپ، مۇنداق دېيىلگەن: «بىز خەندەك كولاۋاتقان ئەسنادا خەندەك ئوتتۇرىسىدا بىر يەردىن چوڭ بىر قۇم قېرىسى[1] ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! چوڭ بىر قورام تاشتەك قۇم قېرىسى چىقىپ قالدى›، دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: ‹مەن چۈشەي›، دەپ، قولىغا بىر تال جوتۇ ئېلىپ چۈشتى. بۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ قورسىقىغا قوشلاپ تاشلارنى تېڭىۋالغانىدى. (چۈنكى ئۈچ كۈندىن بېرى بىز ئېغىزىمىزغا ئۇۋۇقمۇ سالمىغانىدۇق) ئۇ تاشنى قولىدىكى جوتۇ بىلەن بىر ئۇرغانىدى، ھېلىقى تاش گويا كۆك قۇمدەك ئەت تۇپراققا ئايلىنىپ كەتتى».

يەنە بەررا (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مۇنداق دېگەن: «بىز خەندەك كولاۋاتقان كۈنلەردە خەندەكنىڭ بىر يېرىدە بولقا ـ بازغانلارمۇ كار قىلمايدىغان چوڭ بىر قورام تاش ئالدىمىزنى توستى. شۇڭا بىز ئۇنى رەسۇلۇللاھقا مەلۇم قىلدۇق. رەسۇلۇللاھ كېلىپ قولىغا بازغاننى ئالدى ـ دە، ‹بىسمىللاھ›، دەپ قاتتىق بىر ئۇرغانىدى، ئازراق ئۇچۇپ چۈشتى. رەسۇلۇللاھ: ‹ئاللاھۇ ئەكبەر، ماڭا شام زېمىنلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى بېرىلدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن شۇ تاپتا شامنىڭ قىزىل سارايلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن›، دېدى. رەسۇلۇللاھ

[1] بىر خىل قېتىشمىنىڭ ئىسمى، چوقا دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بازغاننى كۆتۈرۈپ يەنە بىرنى ئۇرغانىدى، يەنە ئازراق ئۇچتى. رەسۇلۇللاھ يەنە: ‹ئاللاھۇ ئەكبەر› ماڭا ئىران زېمىنلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى بېرىلدى. مەن شۇ تاپتا ئىران خان ئوردىسىنىڭ ئاق سارايلىرىنى كۆرگەندەك بولىۋاتىمەن›، دېدى. ئاندىن يەنە ‹بىسمىللاھ› دەپ ئۈچىنچى قېتىم بازغان سالغانىدى. تاشنىڭ قالغان قىسمىمۇ پارچىلىنىپ چۈشتى. رەسۇلۇللاھ بۇ چاغدا: ‹ئاللاھۇ ئەكبەر، ماڭا يەمەن زېمىنلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى بېرىلدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھازىر مۇشۇ خەندەك ئىچىدە تۇرۇپ سەنئا شەھەر دەرۋازا قوۋۇقلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن›، دېدى». ئىبنى ئىسھاق سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇشۇ ھەدىسنىڭ ئوخشىشىنى رىۋايەت قىلدى. مەدىنىنىڭ شىمالى قىسمىدىن باشقا ھەممە ياقىسىنى ئەسكى چاتقاللىق تاغ ئېدىرلىق بوستانلىق ۋە خورمىزالىقلار ئوراپ تۇرغان بولغاچقا، رەسۇلۇللاھ گويا يېتىشكەن ھەربىي ئالىمدەك: «بۇنداق زور قوشۇننىڭ مەدىنىگە بىراقلا ھۇجۇم قىلىپ باستۇرۇپ كىرەلىشى پەقەت شىمال تەرەپتىنلا مۇمكىن» دېگەننى پەرەز قىلدى ـ دە، شۇڭا ئۇ خەندەك ئورنىنى مەدىنىنىڭ شىمالى قىسمىغا كولاشنى بېكىتكەنىدى.

مۇسۇلمانلار خەندەك قېزىش ئىشىنى ناھايىتى جىددى ئىلىپ باردى. ئۇلار پۈتۈن بىر كۈن توپا قېزىپ، توشۇپ، كەچ كىرگەندە ئاندىن ئۆيلىرىگە قايتاتتى. شۇنداق قىلىپ ئاشۇ مىسلىسىز زور (شۇ دەۋرنىڭ ئۇرۇش ئەھۋالى بويىچە ـ ت) قوشۇن مەدىنە تەۋەسىگە قەدەم باسقۇچە خەندەك قۇرۇلۇشىمۇ ئەسلىدىكى تەلەپ بويىچە پۈتۈپ چىقتى.

دەل شۇ كۈنلەردە قۇرەيش دائىرلىرى تۆت مىڭ مۇشرىك قوشۇننى باشلاپ كېلىپ زىئابە[①] بىلەن جارىف [②] ئارىلىغىدىكى سەل كۆلچىكى بويىدىن رومە دىگەن يەرگە چۈشتى. غەتپان ۋە ئۇلارغا تەۋە قەبىلىلەردىن 6000 مۇشرىك نەجدە تەرەپتىن سەلدەك ئېقىپ كېلىپ ئوھۇد تېغى تەۋەسىدىن «نىقما قۇيرۇقى» دېگەن يەرگە ئورۇنلاشتى.

مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلار بۇ كۆپ قەبىلە ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ مەدىنە ئەتراپىدا قۇرتتەك مىغىلداپ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ : « مۆمىنلەر ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگەن چاغدا:« بۇ (يەنى قىيىن ئەھۋالدا قالغان‌دا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر.ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى » دېيىشتى.(بۇ ئىش)ئۇلارنىڭ (ئاللاھ غا بولغان)ئىمانىنى ۋە (ئاللاھ نىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان) بويسۇنۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى(سۈرە ئەھزاب 22 ـ ئايەت).

ئەمما مۇناپىقلار ۋە ئىمانى ئاجىزلار دۈشمەننىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا يۈرەكلىرى ئېغىپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىشتى: « ئەينى ۋاقىتتا مۇناپىقلار ۋە(دىللىرىدا مۇناپىقلىق كېسىلى بارلار): ‹ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزلەرگە قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلىپتىكەن › دېيىشەتتى ». (سۈرە ئەھزاب 12 ـ ئايەت).

رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلاردىن 3 مىڭ كىشى بىلەن چىقىپ سەلئى تېغى باغرىغا چۈشۈپ مۇداپىئەدە تۇردى.خەندەك ئاكوپى رەسۇلۇللاھ بىلەن دوشمەن ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ تۇراتتى.

---

① جاي نامى.
② جاي نامى.

ئۇلارنىڭ جەڭ مارشى «دۈشمەن ھامان مەغلۇپ بولىدۇ!» ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئورنىدا مەدىنىدە ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى قالدۇرۇپ ئاياللار ۋە بالىلارنى شەھەر قەلئەسىگە يىغىۋېتىشكە بۇيرىغانىدى.

مۇشرىكلار ئالدى ـ كەينى يىغىلىپ مۇسۇلمانلارغا ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ مەدىنىگە باستۇرۇپ كىرمەكچى بولۇپ دېۋەيلەپ كېلىشىۋىدى تۇپتۇز ھەم تىك كەتكەن خەندەك ئاكوپى گويا كەلگەننى شوراپ كېتىدىغان سورلۇك ئەجدىھادەك ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ تۇرغان ھالەتتە كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇسۇلمانلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ياتماقتىن باشقا ئامال تاپالمىدى، چۈنكى ئۇلار ئۆز ماكانلىرىدىن يولغا چىققاندا بۇ خىل جەڭ تاكتىكىسىغا قارىتا تەييارلىقسىز چىققانىدى (ئالدىنقى باپتا دېيىلگەندەك)، بۇنداق جەڭ تاكتىكىسىنى ئەرەبلەر بۇندىن بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغاچقا ئۇنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى جەڭ ھېساۋىغا كىرگۈزۈپمۇ قويمىغانىدى.

ئۇلار خەندەك تونىلىدىن بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولۇپ ئاجىز ھالقىلارنى پايلاپ يۈرۈپ خەندەك بويىدا ئات چاپتۇرۇشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ھەرىكەت نىشانىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ قايسى تەرەپكە ئات چاپتۇرسا شۇ تەرەپكە يېتىپ بېرىپ مۇشرىكلارنىڭ خەندەكتىن بۆسۈپ ئۆتمەسلىكى ياكى خەندەككە توپا توشقۇزۇپ يول ياسىۋالماسلىقى ئۈچۈن قار ـ يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ ئۇلارنى خەندەك لېۋىگە يېقىن كەلتۈرمىدى. ئاخىرى قۇرەيش چەۋەندازلىرىدىن بىر بۆلۈكلەر مۇھاسىرە نەتىجىسىنى جىمجىتلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشنى خالىمىغان چېغى، (چۈنكى ئىشلارنىڭ ئۆزىچە ھەل بولۇشىنى كۈتۈش قورقۇنچاق توخۇ يۈرەكلەرنىڭ ئىشى ئىدى) ئۇلاردىن بىر تۈركۈم تەلۋىلەر ئات چاپتۇرۇشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمرى ئىبنى ئەبدى ۋۇد، ئىكرەمە ئىبنى ئەبى جەھىل ۋە زىرار ئىبنى خەتتاب قاتارلىق باتۇر ـ پالۋانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار خەندەكتىن سەل تارراق قېزىلغان بىر يەرگە ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ ئۈچۈرتۈپ ئۆتكۈزۈپ سەلئى تېغى بىلەن خەندەك ئارىلىغىدىكى تۈزلەڭلىكتە ئات چاپتۇرۇپ جەۋلان قىلىپ كۈچ كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ئۇلارغا قارشى ئەلى ئىبنۇ ئەبى تالىپ مۇسۇلمانلاردىن بىر نەچچە نەپەر ئەزىمەتنى باشلاپ چىقىپ ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن قورشاپ ئاخىرى ئۆزلىرى ئات سەكرىتىپ ئۆتكەن تار نۇقتىغا قىستاپ ئاپاردى. بۇ يەردە مۇشرىكلار تەرەپتىن ئەمرى ئىبنى ئەبەدۋۇد مۇسۇلمانلارغا يەكمۇ ـ يەك ئېلىشىش تەلىپىنى قويغانىدى، ئۇنىڭغا قارشى ئەلى ئىبنۇ ئەبى تالىپ مەيدانغا چۈشۈپ ئەمرىنىڭ ئۇغۇزىنى ئېچىشتۇرىدىغان بىر گەپنى قىلدى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغارغانچە ئاتنىڭ پۇت ـ قولىنى چېپىپ بويىنىنى ئۈزۈۋەتتى (چۈنكى ئەمرى قۇرەيش ئىچىدە ئەل ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان چەۋەنداز ئىدى). ئاندىن ئەلىغا پەشۋا ئاتتى ۋە قىلىچلاشتى. ئاخىرى ئەلى رەقىبىنى غەپلەتتە قالدۇرۇپ ئۇنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ يىقىتتى. باشقىلار چېكىنگەن پېتى قېچىپ خەندەككە ئۆزىنى ئېتىشتى. ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، باش سەركەردە ئىكرەمە ئىبنۇ ئەبى جەھىل ئەمر ئىبنۇ ئەبدى ۋۇدنىڭ كاللىسىنىڭ ئالدىغا دۇمۇلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ نەيزىسىنى ئېلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قېچىپ ئۆزىنى خەندەككە ئاتتى. مۇشرىكلار مۇھاسىرىنى راسا كۈچەيتكەن ئاشۇ كۈنلەردە، خەندەكتىن

بۆسۈپ ئۆتۈش ياكى توپا توشقۇزۇپ يول بەرپا قىلىشقا كۆپ قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆردى، لېكىن مۇسۇلمانلارمۇ بوش كەلمەي قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ، ئۇلارغا قار ـ يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ ۋە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئاخىر ئۇلارنى مەقسىتىگە يەتكۈزمىدى.




مۇشۇنداق جىددىي ۋە كەسكىن جەڭ بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكتىن، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە

باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قانچە ۋاقىت نامىزى قازا بولۇپ كەتتى. «سەھىھۇلبۇخارى» ۋە «سەھىھۇلمۇسلىم»دا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «خەندەك كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ قۇرەيش كافىرلىرىنى تىللاپ كەتتى ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ مەن شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ ئېخىغىچە ناماز ئوقۇيالمىدىم، ۋەھالەنكى كۈن كىرىپ كەتكىلى تاسلا قاپتۇ» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ: «ئەبىرايى خۇدا مەنمۇ ھەم ئېخىغىچە ئوقۇيالمىدىم» دېدى شۇنىڭ بىلەن بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە تۆۋەنگە چۈشۈپ تاھارەت ئالدۇق، رەسۇلۇللاھمۇ تاھارەت ئالدى، ئاندىن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ناماز شامنى ئوقۇدى. بۇ چاغدا ئاللىبۇرۇن كۈن پېتىپ بولغانىدى».

رەسۇلۇللاھ بۇ نامازلارنىڭ قازا بولۇپ كەتكەنلىكىگە ناھايىتى بىئارام بولدى، ھەتتا ئۆزىنى ناماز ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلغان مۇشرىكلارغا دۇئايى بەد قىلدى. «سەھىھۇلبۇخارى»دا ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «رەسۇلۇللاھ خەندەك ئۇرۇشى كۈنى: ‹ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرى ۋە گۆر ـ قەبرىلىرىنى ئوتقا توشقۇزغۇسۇن، ئۇلار بىزنى تاكى كۈن پاتقانغا قەدەر سەلاتول ۋۇستا[1]دىن مەشغۇل قىلدى› دېدى».

ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمامى شافىئىنىڭ «مۇسنەد» دېگەن كىتاۋىدا «مۇشرىكلار شۇ كۈنى رەسۇلۇللاھنىڭ پېشىن، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىدىن توسۇپ قويغان، شۇڭا ئۇ بۇ نامازلارنى بىر يولىلا ئوقۇغان»، دېيىلگەن. ئىمام نەۋەۋى: «بۇ رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ يولى شۇكى مۇھاسىرە بىر قانچە كۈن داۋام قىلغان. بەزى كۈنلىرى ئەسىر نامىزىلا قازا بولۇپ كەتكەن بولسا، يەنە بەزى كۈنلىرى پۈتۈن بىر كۈنلۈك ناماز قازا بولۇپ كەتكەن»، دېگەن.

مۇشۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، مۇشرىكلارنىڭ خەندەكتىن بۆسۈپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلۈكسىز قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۇلارغا قايتارما زەربە بېرىشى بىر قانچە كۈن داۋاملاشقان، لېكىن خەندەك تونىلى ئوتتۇرىدا پاسىل بولۇپ، ئىككى تەرەپنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۇرغاچقا ئارىدا بىۋاستە ئۇرۇش ۋە قانلىق توقۇنۇش يۈز بەرمىگەن، بەلكى ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى يىراقتىن ئوققا تۇتۇش، كۈچ كۆرسىتىش، ھەيۋە قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن.

دۇرۇس، بۇ قېتىمقى ئېتىشىشتا ھەر ئىككى تەرەپتىن بارماق بىلەن سانىغىلى بولىدىغان بىر قانچە كىشى چىقىم بولدى. مۇسۇلمانلار تەرەپتىن ئالتە كىشى شېھىد بولدى، مۇشرىكلار تەرەپتىن ئون كىشى يەر چىشلىتىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ياكى ئىككى كىشىلا قىلىچ بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى.

ئاشۇنداق ئېتىشىش داۋامىدا سەئەد ئىبنى مەئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوق تېگىپ ئۇنىڭ كۆك قان تومۇرى ئۈزۈۋېتىلدى. ئۇنى قۇرەيشلەردىن ھىببان ئىبنى ئەرەقە ئىسىملىك بىرسى ئاتقانىدى، بۇ چاغدا سەئەد ئىبنى مەئاز دۇئا قىلىپ: «ئى ئاللاھ! سەن بىلىسەنكى، مەن ئۇچۈن سېنىڭ پەيغەمبىرىڭنى يالغانغا چىقىرىپ، ئانا يۇرتىدىن قوغلاپ

[1] ئوتتۇرىدىكى ناماز دېگەن مەنادا بولۇپ، بۇ يەردە ئەسىر نامىزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ

چىقارغان خەلق بىلەن جىهاد قىلىشتىنمۇ ياخشى ئىش بولمىسا كېرەك. ئى ئاللاھ! مەن ئۆيلايمەنكى، ئېهتىمال سەن بىز بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇش بىلەن ئاخىرلاشتۇردىڭ بولغاي، ناۋادا ئالدىمىزدا قۇرەيش كاپىرلىرى بىلەن ئاز- تولا ئۇرۇش بولىدىغان بولسا مېنى هايات قويغىن، سېنىڭ يولۇڭدا جىهادنى داۋاملاشتۇراي. ئەمما، ئۇلار بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشنى توختاتقان بولساڭ، بۇ جاراھەتنى ئاقتۇرۇۋەتكىن ۋە مۇشۇنىڭ بىلەن مېنى دەرگاھىڭغا ئېلىپ كەتكىن»، دېگەن. ئۇ دۇئاسىنىڭ ئاخىرىدا يەنە: «ئى ئاللاھ! بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگۈچە مېنى جېنىمدىن جۇدا قىلمىساڭ»، دېگەن.

خوش ... مۇسۇلمانلار جەڭ مەيدانىنىڭ ئالدىنقى سېپىدا مانا مۇشۇنداق ئېغىر ھەم جىددىي قېيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ ھايات- ماماتلىق ئېلىشىۋاتقان ھالقىلىق پەيتلەردە سۇيىقەستچى مەككار يەھۇدىي يىلان- چايانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇۋا- كامىرلىرىدا تاقەتسىز تىپىرلاپ، زەھەر نەشتەرلىرىنى ئۆز تېنىگە ئۇرۇش (يەنى ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا سېلىش)نىڭ كويىدا توختىماي ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى.

بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ باش جىنايەتچى كاتتىۋېشى ھۇيەيي ئىبنۇ ئەختەب كېچىلەپ بەنى قۇرەيزە مەھەللىسىگە كەلدى. ئۇ كوچا دوقمۇشلاردىن ناھايىتى پەخەسلىك بىلەن ئۆتۈپ، ئاخىرى كەئەب ئىبنى ئەسەد قۇرەيزى [1] نىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئۇنىڭ ئىشىكىنى قاقتى كەئەب تۈن نىسپىدە كەلگەن بۇ مېهماننىڭ سەرگەردان ھۇيەيي ئىبنى ئەختەپ ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا دەۋازىنى ئاچمىدى. ھۇيەيي ئىبنى ئەختەپ ئۇنىڭغا داۋاملىق گەپ قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئىشىكنى ئاچتۇردى ۋە: «ئى كەئەب! مەن ساڭا يەر جاھاننىڭ ئىززەت- ئابرويىنى ئېلىپ كەلدىم ۋە سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان زور قوشۇن بىلەن كەلدىم. مەن قۇرەيشلەرنىڭ ئاتارمەن- چاپارمەنلىرىنىڭ جەممىسىنى ئېلىپ كېلىپ رومە دېگەن جايدىكى كۆل بويىغا چۈشۈردۈم ۋە غەتفان قەبىلىسىنىمۇ بارلىق ئاتارمەن ۋە چاپارمەنلىرى بىلەن قوزغاپ كېلىپ ئوھۇد تاغ باغرىدىكى ‹زەنبى نىقما›غا چۈشۈردۈم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا تاكى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ يوقاتمىغىچە بۇ يەردىن كەتمەسلىككە ئەھدى بەردى»، دېدى.

كەئەب ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئى ئىبنۇ ئەختەب، ئەزبىرايى خۇدا، سەن ماڭا يەر جاھاننىڭ ئىززىتىنى ئەمەس خارلىقىنى ۋە گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق قارا بۇلۇتنى ئېلىپ كېلىپسەن، ئى ھۇيەيي! مېنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، مۇھەممەد ماڭا ساداقەت ۋە ۋاپا كۆرسەتتى» دېدى.

لېكىن مەككار ھۇيەيي ئىبنۇ ئەختەپ كەئەبنىڭ ئېغىزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىقىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ نامىدىن ئەھدى- پەيمان بەردىكى: ناۋادا قۇرەيش ۋە غەتفان قۇشۇنلىرى نەتىجىسىز قايتىپ كېتىپ مۇھەممەدنى بىر تەرەپ قىلىۋېتەلمىسە،

---

[1] قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ كاتتىۋېشى ھەمدە كېلىشىم ۋە توختاملارگە قول قويغۇچى ۋەكىل خاراكتېرلىك كىشى ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھ بىلەن قايسى تەرەپ دۈشمەننىڭ خىرىسقا دۇچ كەلسە شۇ تەرەپكە قورال كۈچى ۋە ھەربىي جەھەتتە ياردەم بېرىش كېلىشىمى ئىمزالىغان.

مەن قورغانغا سەن بىلەن بىللە كىرىپ باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرىمەن»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن كەئەب ئىبنى ئەسەد رەسۇلۇللاھ بىلەن تۈزگەن ئەھدى ۋە كېلىشىملەرنى يىرتىپ تاشلاپ مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، قارشىلاشماقچى ۋە مۇشرىكلار بىلەن بىللە ئۇرۇش سېپىگە قېتىلماقچى بولدى.

بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى ئۇرۇش ئالدىدىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەمەلىي ئىشلىدى. ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «سەفىيە بىنتى ئابدۇلمۇتەللىپ (رەسۇلۇللاھنىڭ هاماچىسى) ھەسسان ئىبنى سابىت قەلئەسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇۋاتاتتى. ھەسسان ئىبنى سابىتمۇ شۇ يەردە ئاياللار ۋە باللار بىلەن بىللە ئىدى. سەفىييە مۇنداق دېگەن: «شۇ ئەسنادا بىز تۇرۇۋاتقان قەلئە ئەتراپىغا بىر يەھۇدىي پەيدا بولۇپ، ئۇن - تىنسىز تېپىرلاپ، ئۇياق - بۇياقلارغا چېپىشقا باشلىدى. ئۇ چاغلاردا بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى بىزگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنىدى. بىز بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇداپىئە توسۇقى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. رەسۇلۇللاھ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار دۈشمەن ئالدىنقى سېپىگە ئاتلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ناۋادا بىرەرسى بىزگە تېگىش قىلىپ قالسا، ئۇلارنى تاشلاپ قايتىپ كىرەلمەيتتى. شۇڭا مەن ھەسسان ئىبنى سابىتقا: «ئى ھەسسان! قارا! ئاۋۇ يەھۇدىي قەلئە ئەتراپىنى چۆگىلەپ قالدى. قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر بۇ يەھۇدىي بىزنىڭ مۇداپىئەسىز ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قالسا، ئۆز ئادەملىرىگە خەۋەر قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. هالبۇكى رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەر ئالدىنقى سەپتە بولۇپ قالدى، شۇڭا سەن دەرھال چۈشۈپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن»، دېدىم. ھەسسان: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن بىلىسەن، بۇنداق قىلىش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئەمەس»، دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن بېلىمنى باغلاپ، قولۇمغا چوماقنى ئالدىم - دە، قەلئەدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ ئۇنى پايلاپ تۇردۇم. بىر چاغدا پۇرسەت كېلىۋىدى، ئۇنى ئارقا - ئارقىدىن چوماقلاپ، ئاخىرى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. ئاندىن قەلئەگە يېنىپ چىقىپ: «ئى ھەسسان، ھېلىقى يەھۇدىينى مەن چۈشۈپ بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ چىقتىم، سەن چۈشۈپ ئۇنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپ چىققىن، ئۇ ئەر كىشى بولغاچقا مېنىڭ يېقىن بېرىشىم ئەپسىز ئىكەن»، دېسەم، ھەسسان: «مېنىڭ ئۇ يەھۇدىينىڭ نەرسە - كېرەكلىرىگە هاجىتىم يوق»، دەپ ئۇنىمىدى.

ھەقىقەتەنمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ هاماچىسى (سەفىييە)نىڭ بۇ ئاجايىپ جاسارىتىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى ۋە نارەسىدە گۆدەك باللىرىنى دۈشمەننىڭ قەستىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاشتا غايەت زور ئىجابىي رولى بولغان. ئېگىللىنىشىچە، يەھۇدىيلار: «بۇ قەلئە ۋە قورغانلار (ئادەتتىكىچە مۇداپىئەدىنمۇ تامامەن خالىي تۇرۇقلۇق) ئىسلام قوشۇنىنىڭ كۈچلۈك مۇداپىئەسى ھەم جەڭگىۋار هالىتى بىلەن قوغدىلىۋېتىپتۇ»، دەپ ئويلىغان. شۇڭا، ئۇلار بۇنداق ھەرىكەتلەر بىلەن قايتا شۇغۇللىنىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. لېكىن، ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن يۈز ئۆرۈپ مۇشرىكلارغا قوشۇلغانلىقىنى ئەمەلىي ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇشرىكلارنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنىغا ئىقتىسادىي تەمىنات ياردەملىرى بىلەن مەدەت بېرىشكە باشلىغان. كېيىنكى

كۈنلەردە مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ مۇشرىكلارغا ياردەم قىلغان ئىئانە تۆگىلىرىدىن يىگىرمە تۆگىنى قولغا چۈشۈرگەن.

يەھۇدىيلارنىڭ ئەھدىنى بۇزغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر رەسۇلۇللاھقا ئاڭلانغان هامان رەسۇلۇللاھ بۇ خەۋەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئىنىقلاپ باقماقچى بولدى. چۈنكى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ مەيدانى ئېنىق بىر تەرەپكە ئايرىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلارغا مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ بۇ خەۋەرنى ئېنىقلاش ئۈچۈن سەئەد ئىبنى مەئاز، سەئەد ئىبنى ئۇبادە، ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھ ۋە خەۋۋات ئىبنى جوبەيرلەرنى ئەۋەتتى ۋە: «سىلەر بېرىپ بۇ خەبەرلەر توغرىلىق دېيىلگەن گەپ ـ سۆز ۋە خەۋەرلەر راستمۇ ياكى يالغانمۇ؟ ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار، ئەگەر ئىش شۇنداق بولسا ماڭا گەپنى سەل ئەگىتىپرەك جاۋاب بېرىڭلار، مەن شۇنىڭدىن بىلىۋالاي. كىشىلەرنىڭ روھىي هالىتىگە سوغۇق سۇ سەپكۈچى بولماڭلار، ناۋادا ئۇلار ۋەدىسىگە تۇرغان بولسا ئۇنى ئەل ئارىسىدا ئۇنىلۈك جاكارلاڭلار»، دېدى. ئەلچىلەر بەنى قۇرەيزە مەھەللىسىگە يېقىنلاپ بېرىۋىدى، ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان مۇسۇلمانلاردىن يۈز ئۆرىگەنلىكىنى بايقىدى. ئۇلار ئەلچىلەرنى ئوچۇقتىن ئوچۇق تىللاپ هاقارەتلىدى. هەتتا، رەسۇلۇللاھقىمۇ ئاشكارا تىل ئۇزىتىپ: «رەسۇلۇللاھ دېگەن كىم ئۇ؟ بىز رەسۇلۇللاھ، ئەنسارى دېگەنلەرنى تونۇمايمىز. بىز بىلەن مۇھەممەدنىڭ ئارىسىدا هېچ قانداق ئەھدى ـ پەيمان دېگەن گەپ يوق»، دەپ ئاغزىغا كەلگىنىچە جۆيلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلچىلەر كەينىگە ئۆرۈلۈپلا قايتىپ كېلىشتى ۋە رەسۇلۇللاھ بىلەن كۆرۈشۈپ: «ئۇززەل ۋە قارە» دەپ گەپ ئەگىتىشتى. يەنى، ئۇ يەھۇدىيلار ئۇززەل ۋە قارا ئايماقلىرىنىڭ رەجىئ ئەھلىگە ۋاپاسىزلىق قىلغىنىدەك ۋاپاسىزلىق قىلىپتۇ، دېمەكچى بولدى.

بۇ ئىش شۇنداق سىر تۇتۇلغان بولسىمۇ، كىشىلەر ھەقىقىي ئەھۋالنى سېزىپ قېلىشتى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ قورقۇنۇشلۇق، ئاجايىپ ۋەھىملىك يەنە بىر چوڭ خەۋپ ـ خەتەر كۆلەڭگۈسى پەيدا بولدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن قېيىن، جىددىي پەيتكە دۈچ كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا سان ـ ساناقسىز دۈشمەن قوشۇنى چۈمۈلە كەبى مىغىلداپ تۇرۇۋاتقان، ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنى تاشلاپ قايتىپ كىرىش ئىمكانىيىتى بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەگەر بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى ئارقىدىن زەربە بېرىپ قالسا، ئۇلارنىڭ هۇجۇمىنى توسايدىغان هېچقانداق مۇداپىئە توسۇقى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاياللار ۋە بالىلار ئاشۇ ۋاپاسىز ئالدامچى مەككارلارغا يېقىن جايدا هېچقانداق مۇداپىئەسىز ۋە مۇھاپىزەتچىسىز هالەتتە قېلىپ قالغانىدى. قىسقىسى ئۇلار ئاللاھ: ﴿إِذْ جاؤوكم مِّن فوْقكمْ ومنْ أسْفل مِنكمْ وإِذْ زاغتْ الأبْصار وبلغت الْقلوب الْحناجر وتظنّون بالله الظّنونا ○هنالك ابْتلِي الْمؤْمنون وزلْزلوا زلْزالا شدِيدًا﴾ «ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (هۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، ئاللاھ ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار. بۇ يەردە مۆئمىنلەر سىنالغان ۋە (بېشىغا كەلگەن كۈنىنىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىگەندەك) قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى» (سۈرە ئەھزاب 10 ـ 11 ـ ئايەتلەر)

دەپ تەسۋىرلىگىنىدەك ئەھۋالدا قالغانىدى. بۇ چاغدا بەزى مۇناپىقلارنىڭ كېسىلى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىسى: «مۇھەممەد بىزگە كىسرا (ئىران پادىشاھلىقى) ۋە قەيسەر (رۇم پادىشاھلىقى)نىڭ خەزىنە يامبۇلىرىنى يەيدىغانلىقىمىز توغرىسىدا ۋەدە بىرەتتى، ئەمدى بۇگۈن بىرىمىز قورقماي ھاجەتكىمۇ بارالمايدىغان بولدۇق»، دەپ جۆيلىسە، يەنە بەزىلىرى ئاممىنى ۋەھىمىگە سېلىپ: «ئۆيلىرىمىز دۈشمەنگە ئوچۇق قالدى، شۇڭا بىزنىڭ ئۆيىمىزگە چىقىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ كېرىشىمىزگە رۇخسەت قىلساڭ. چۈنكى، ئۆيلىرىمىز مەدىنىنىڭ خېلى سىرتىدا»، دەپ قايتىشنى ئىلتىماس قىلدى. ھەتتا، بەنۇ سەلەمە ئايمىقى جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىش تەرەددۇتىنى قىلىپ يۈردى. بۇلار ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿وإذ قالت طائفة منهم يأهل يثرب لامقام لكم فارجعوا ج ويستأذن فريق منهم النبيّ يقولون إنّ بيوتنا عورة ط وما هي بعورة ج إن يّريدون الا فرارًا ﴾ «ئەينى ۋاقىتتا مۇناپىقلار ۋە (دىللىرىدا مۇناپىقلىق كېسىلى بارلار): ‹ئ اللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزلەرگە قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلىپتىكەن›،دېيىشەتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلاردىن يەنە بىر گ ۇرۇھ ئادەم: ‹ ئى يەسرەبلىكلەر! بۇ يەردە تۇرماي قايتىڭلار! › دېيىشەتتى. ئۇلاردىن يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم: ‹بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن ئوچۇقچىلىقتا ›، دېيىشىپ، پەيغەمبەردىن رۇخسەت سورىشاتتى. بۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقچىلىقتا ئەمەس، ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايدۇ » (سۈرە ئەھزاب 12ـ 13ـ ئايەتلەر).

ئەمما، رەسۇلۇللاھ بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئەھدىنى بۇزۇپ ئەھزاب (كۆپ قەبىلە بىرلەشمە) قوشۇنىغا قوشۇلىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان بېشىنى يۆگەپ بىردەم يېنى ياتتى، ھەتتا كىشىلەر ئارىسىدا ھەرخىل پىتنە ـ ئىغۋا ۋە غۇلغۇلىلار كۆپەيدى. ئاندىن بىر چاغدا ئۇنىڭدا بىر ئاز ئۈمىد تۇغۇلدى چېغى، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: «ئاللاھۇئەكبەر (ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر)! ئى مۇسۇلمانلار جامائەسى! سىلەرگە ئاللاھنىڭ غەلىبە ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بىرىلدى»، دېدى. ئاندىن ئۇ ھازىرقى ئۆتكۈنچى ۋەزىيەتكە قانداق تاقابىل تۇرۇش ئۈستىدە پىلان ـ تەدبىر تۈزۈشكە كىرىشتى ۋە مۇشۇ پىلانىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە مەدىنىگە بىر مۇھاپىزەتچى قىسىم ئەۋەتىپ ئۇ يەردىكى ئايال ۋە بالىلارنىڭ دۈشمەنىنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسىگە ئۇچراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى، لېكىن رەسۇلۇللاھ ئۇچۇن ئېيتقاندا چوقۇم كەسكىن بىر تەدبىر قوللىنىپ ئەھزاب (كوپ قەبىلە بىرلەشمە) قوشۇنىنى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاپ تاشلايدىغانىنىڭ چارە ـ ئامالىنى ئىزلەش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ مۇشۇ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇچۇن غەتفان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئۇيەينە ئىبنى ھىسنى ۋە ھارس ئىبنى ئەۋفلەر بىلەن مەخپى ئالاقىلىشىپ، ئۇلارغا ئۆز قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىش بەدىلىگە مەدىنىنىڭ مېۋە ـ چېۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۇچتىن بىرىنى تاپشۇرۇشقا كېلىشىم تۈزۈشنى ئويلىدى. شۇنداق قىلغاندا مۇسۇلمانلار قۇرەيش مۇشرىكلىرى بىلەنلا قالاتتى ـ دە، بۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش تەسكە توختىمايتتى، چۈنكى مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەت مادارىنى كۆپ قېتىم سىناپ كۆرگەن ۋە بىۋاستە ئېلىشىپمۇ باققان. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئويىنى سەئەد ئىبنى مەئاز بىلەن سەئەد ئىبنى

ئۇبادىگە مەسلىھەت تەرىقىسىدە سالغانىدى، ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئەگەر بۇ ئاللاھ سىنى بۇيرۇغان ئىش بولسا، سۆزۈڭنى ئاڭلايمىز، شەرتسىز ئىتائەت قىلىمىز. ئەمما، ئۇ ئۆز پىكرىڭ بولسا بىز ئۇنىڭغا قېتىلمايمىز. چۈنكى، بىزلەر بۇت-ھەيكەللەرگە چوقۇنۇپ يۈرگەن مۇشرىك چاغلىرىمىزدا بۇ قەۋم ۋە بۇ خەلقلەر بىزنىڭ يەل-يېمىشلىرىمىزنى زىياپەت سورۇنلىرىدا ۋە ياكى پۇل ساناپ سېتىۋالغاندا ئاندىن يېيەلەيتتى. بولمىسا، ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئەمدى ئاللاھ بىزنى ئىسلام بىلەن ھۆرمەتلەپ ۋە ھىدايەت قىلىپ سەن ئارقىلىق بىزگە ئۆز-ئۆزىمىزنى قەدىرلەشنى بىلدۈرگەندە، ئۇلارغا بىزماللىرىمىزنى تارتۇقلايمىزمۇ؟ ياق... ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇلارغا قىلىچلا بېرىمىز خالاس»، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھمۇ بۇ ئىككىيلەننىڭ پىكرىنى توغرا تېپىپ: «شۇنداق بۇ مېنىڭ ئۆز پىكرىم ئىدى، پۈتۈن ئەرەبلەر بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ سىلەرگە ھۇجۇم قوزغىغاچقا شۇنداقراق بىر ئامال قىلايلىمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم» دېدى ۋە بۇ ئويىدىنمۇ ۋاز كەچتى.

شۇنىڭدىن ئازغىنىدىن كېيىن ئاللاھۇ ئەززە ۋە جەللە ئۆز دەرگاھىدىن شۇنداق ئەپچىل، شۇنداق دانا بىر تەدبىرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئەۋەتتىكى، ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر توپى مات قىلىندى. بىرلىكى پارچىلاندى ئۇرۇش قىزغىنلىقى سوۋۇپ جەڭگىۋارلىقى يوقالدى.

ئاللاھنىڭ بۇ ھەقتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇنداق بولدى: «غەتبان قەبىلىسىدىن نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد ئىبنى ئامىر ئەشجەئى ئىسىملىك بىر كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بۈگۈندىن ئېتىبارەن مۇسۇلمان بولدۇم. مېنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى خەلقىم تېخى ئۇقمايدۇ، شۇڭا مېنى ئۆزۈڭ خالاپ بىر ئىشقا بۇيرىغىن» دېدى رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: «ئۇنداق بولسا سەن بىر مۇھىم ئادەم. شۇڭا، سەن بىر ئىلاج قىلىپ دۈشمەننى چېكىندۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىلغىن، چۈنكى جەڭ دېگەن ھىيلە-نەيرەڭ دېمەكتۇر»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن چىققانچە ئۇدۇل بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ قېشىغا باردى (ئۇ ئۆز ۋاقتىدا بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى بىلەن ئىجىل ئۈلپەت ئىدى) ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ:

— مېنىڭ سىلەر بىلەن بولغان دوستلۇقۇمنى، بولۇپمۇ مېنىڭ سىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنىڭ قويۇقلىقىنى بىلىسىلەر، شۇنداقمۇ؟— دېۋىدى، ئۇلار

— راست دەيسەن، زادى شۇنداق، — دېيىشتى. ئۇنداق بولسا، دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى نۇئەيىم:

— مۇنداق بىر ئىشنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ، بىلمەيمەن؟ قۇرەيشلىكلەرنىڭ ئەھۋالى سىلەرنىڭكىگە قەتئىي ئوخشىمايدۇ. يۇرت ماكان سىلەرنىڭ، مال-مۈلۈك، بالا-چاقا ۋە قىز-خوتۇنلىرىڭلار مۇشۇ يەردە. بۇ يەردىن باشقا جايغا كۆچۈپ كېتەلمەيسىلەر، قۇرەيشلەر بىلەن غەتفانلار مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى يوقاتماق ئۈچۈن كېلىشۈدى، سىلەر ئۇلارغا ھەمدەمدە بولۇپ ياردەم بەردىڭلار، قۇرەيش ۋە غەتبانلارنىڭ مال مۈلۈك، بالا-چاقا، يۇرت- ماكانلىرى، يىراق-يىراق جايلاردا قالدى. ئۇلار ھازىر پۇرسەت

كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، تەلەي كەلسىغۇ-كەلدى، ناۋادا كەلمەي قالسا ئۇلار سىلەرنى مۇھەممەدكە تاشلاپ بېرىپ يۇرت-ماكانلىرىغا تىكىۋېتىدۇ-دە، ئاندىن مۇھەممەد ئىنتىقامىنى سىلەردىن ئالىدۇ، — دېۋىدى، يەھۇدىيلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ئالاق-جالاق بولۇشۇپ:

— ئى نۇئەيم! سېنىڭچە بىز قانداق قىلىمىز؟— دەپ تەقەززالىق بىلەن سوراشتى. شۇنىڭ بىلەن نۇئەيم ئۇلارغا:

— مېنىڭچە، قۇرەيشلەر سىلەرگە رەنە قويمىغۇچە ئۇرۇشقا قاتناشماڭلار، دەپ جاۋاپ بەرگەنىدى، ئۇلار:

— ناھايىتى دانا يول كۆرسەتتىڭ، — دەپ شۈلگەيلىرى ئېقىپ كېتىشتى. نۇئەيم بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ قېشىدىن چىقىپ ئۇدۇل قۇرەيش دائىرلىرىنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇلارغا كۆيۈنگەن قىياپەتتە:

— مېنىڭ سىلەرگە بولغان دوستلۇقۇمنى ۋە سەممىي ساداقىتىمنى ئوبدان بىلىسىلەر، شۇنداقمۇ؟— دېگەنىدى، ئۇلار:

— ئەلۋەتتە شۇنداق،— دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

— مۇنداق ئىش، بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن بولغان ئەھدىلىرىنى بۇزغانلىقىغا پۇشايمان قىلىشىپ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن نوپۇزلۇق كىشىلىرىڭلاردىن بىر قانچىلەننى رەنىگە ئېلىپ مۇھەممەدكە تۇتۇپ بېرىپ، بۇزۇلغان مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشقا پۈتۈشۈپتۇ. شۇڭا، ئۇلار تەرەپتىن ئەلچى كېلىپ رەنە سورىسا ئالدىراپ بېرىپ قويماڭلار! — دەپ قويدى ئاندىن بۇ يەردىن چىقىپ غەتفان قەبىلىسىنىڭ كاتتىۋاشلىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارغىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر گەپلەرنى دېدى.

ئەتىسى شەنبە (يەنى ھىجرىيىنىڭ 5 - يىلى شەۋۋالنىڭ مەلۇم بىر كۈنى) ئاخشىمى گۇگۇم چۈشۈۋىدى، قۇرەيشلەر قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ: «بىز بۇ جايدا تۇرۇۋېرەلمەيمىز، چۈنكى ئۇلاغلىرىمىز ئۆلۈپ كېتىشكە باشلىدى. ئۆتۈك-ئاياغلىرىمىز يىرتىلىشقا باشلىدى. شۇڭا، بۇگۈن ھەربىكەتكە كەلسەڭلار مۇھەممەد بىلەن تىغمۇ-تىغ ئېلىشىپ بىر تەرەپ بولايلى»، دېدى. بۇنىڭغا قارىتا يەھۇدىيلار جاۋاپ قايتۇرۇپ: «بۇگۈن كۈنگە شەنبە، سىلەر بىلىسىلەر بۇرۇن بىز خەلقتىن شەنبە كۈنىدە ئىش چىقارغانلارنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمىدى؟ ئۇنداق بولمىغاندىمۇ سىلەر بىزگە مۇھىم كىشىلىرىڭلارنى رەنىگە قويمىغۇچە سىلەر بىلەن بىرگە جەڭگە قاتنىشالمايمىز»، دەپ شەرت قويدى.

ئەلچىلەر يەھۇدىيلارنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ۋە ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلىرىنى ئېلىپ كېلىۋىدى، قۇرەيش ۋە غەتفان دائىرلىرى: «ئەزبىرايى خۇدا، نۇئەيم بىزگە راست ئېيتىپتىكەن»، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەھۇدىيلارغا قايتا ئەلچى ئەۋەتىپ: «ئەزبىرايى خۇدا بىز سىلەرگە بىرمۇ ئادەمنى رەنىگە قويمايمىز، لېكىن سىلەر توپلىنىپ كەلسەڭلار مۇھەممەد بىلەن تىغمۇ-تىغ ئېلىشىپ بىر تەرەپ بولساق»، دېدى. بۇنى ئاڭلىغان قۇرەيزە تەرەپ: «ئەزبىرايى خۇدا، نۇئەيم راست ئېيتىپتىكەن»، دېيىشىپ قالدى. نەتىجىدە ئىككى تەرەپ بىر-بىرىدىن گۇمانلىنىپ قالدى. بۆلۈنۈش ۋە ئىختىلاپلار

دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە كەڭ كۆلەمدە يامراپ كەتتى. مۇشرىكلارنىڭ ئىرادىسى بوشاپ، جەڭ قىزغىنلىقى سوۋۇشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلار ئاللاھقا دۇئا قىلىپ: «ئى ئاللاھ! ئەيىبىمىزنى ياپقىن، قورقۇنچىمىزنى كۆتۈرۈۋەتكىن»، دەپ ئىلتىجا قىلاتتى ۋە ئەھزاب (بىرلەشمە) قوشۇنغا قارىتا رەسۇلۇللاھ ئالايتەن دۇئا قىلىپ: «ئى ئاللاھ! كىتاب (قۇرئان)نى نازىل قىلغۇچى ئى ئاللاھ! ھېسابنى تېز ئالغۇچى ئاللاھ! ئەھزاب قوشۇننى مەغلۇپ قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا تەۋرىنىش سالغىن»، دەپ تىلەيتتى.

ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ ۋە مۆئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاسىنى ھەقىقەتەن ئىجابەت قىلدى. مۇشرىكلار سېپىگە تەپرىقە ۋە زىددىيەت ئۇچقۇنى تۇتۇشۇپ، ئۆزئارا پارچىلىنىش تېزلەشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ ئۇلارغا شامال ـ بوراندىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ غايىب قوشۇننى ئەۋەتىپ، شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇن ئۇلارنىڭ چېدىر ـ بارگاھىنى ئۆرۈپ تاشلاپ، قازان ـ قومۇچلىرىنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتتى. تاناپ ئارقانلىرىنى ئۈزۈپ، ئۇلارنىڭ چېدىر ـ بارگاھلىرىنى قۇرۇپ تۇرۇشقا ئىمكانىيەت قويمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھ ئۇلارغا پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ، قەلبلىرىگە قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە سالدى.

رەسۇلۇللاھ سوغۇق قاتتىق بولغان ئاشۇ بىر كېچىسى دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن ھۇزەيفە ئىبنى يەمانىينى ئەۋەتكەندى، ئۇ بېرىپ دۈشمەننىڭ ناھايىتى بىئاراملىق ئىچىدە قايتىش تەييارلىقى قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال قايتىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھنى ۋاقىپلاندۇرۇۋىدى، ئۇ بۇ خەۋەردىن ئىنتايىن خۇشنۇد بولغان ھالدا كېچىنى بىدار ئۆتكۈزدى. ئەتىسى ئەتىگەن قارىسا ئاللاھ دۈشمەنلەرنى ھېچقانداق نەتىجىسىزلا كەلگەن يولى بىلەن قايتۇرۇۋېتىپتۇ. رەسۇلۇللاھنى قانلىق توقۇنۇشتىن ساقلاپتۇ.

دېمەك ئاللاھ ئۆز ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرغانىدى. ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىلاھىي قوشۇننى غالىب قىلدى. بەندىسى (مۇھەممەددۇن رەسۇلۇللاھ)قا ياردەم قىلدى. ئەھزاب قوشۇننى ئۆزى يالغۇز تارمار قىلدى. نەتىجىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەمدىن خالاس بولۇپ، مەدىنىگە قايتتى.

ئەھزاب ئۇرۇشى (سەھىھ رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا) ھىجرىيىنىڭ 5 ـ يىلى شەۋۋالدا يۈز بەرگەن. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى بىر يېرىم ئاي چامىسىدا مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرغان. تارىخى مەنبەلەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ كۆرگىنىمىزدە، مۇھاسىرە شۇ يىلى شەۋۋالدا باشلىنىپ، زۇلقەئدىدە ئاخىرلاشقان. ئىبنى سەئەدنىڭ رىۋايىتىدە، رەسۇلۇللاھ خەندەك جەڭ مەيداندىن زۇلقەئدىنىڭ 23 ـ كۈنى چارشەنبە قايتىپ كىرگەن، دېيىلگەن.

دېمەك، ئەھزاب ئۇرۇشىدا قانلىق ئۇرۇش بولمىغانىدى. لېكىن، ئۇ ئىنتايىن كەسكىن بىر مەيدان سىياسىي ئۇرۇش بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تىلغا ئالغۇدەك ئۆلۈش ـ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەرمىگەن. لېكىن، ئۇ ئىسلام تارىخىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنى قايتا بىرلىشەلمەسلىككە پارچىلاپ تاشلىۋەتكەن، «ئەرەب قورالLIق كۈچلىرىدىن ھېچقانداق بىر كۈچ مەدىنىدىكى بۇ يۇمران كۈچەتنى يۇلۇپ تاشلاشقا قەتئىي

قادىر بولالمايدۇ»، دېگەننى ئۇقتۇرغان ئەڭ ھەل قىلغۇچ، ئەڭ غەلىبىلىك بىر مەيدان جەڭ بولغانىدى. چۈنكى، ئەرەبلەر ھەر قانچە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتسىمۇ، ئەھزاب قوشۇنىدىن كۆپ ئىككىنچى بىر قوشۇننى قايتا تەشكىللىيەلمەيتتى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ ئەھزاب قوشۇنى چېكىنگەندە: «ئەمدى بىز ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىمىز، ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلالمايدۇ، بىز قوشۇن تارتىپ بارىمىز، ئۇلار قوشۇن تارتىپ كېلەلمەيدۇ»، دېگەن.

## بەنى قۇرەيزە غازىتى

ئىسلام قوشۇنى مەدىنىگە قايتىپ كىرگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۇممۇ سەلىمە (مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى)نىڭ ئۆيىدە يۇيۇنۇۋاتاتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ: «(ئى مۇھەممەد!) قورال - ياراقلىرىڭىزنى قويدىڭىزمۇ؟ پەرىشتە - مەلائىكىلەر تېخى ياراقلىرىنى قويغىنى يوق، مەن ھازىر شۇ (مۇشرىك)لارنى قوغلاپ زەربە بېرىپ كېلىشىم، شۇڭا سىز دەرھال مۇسۇلمانلارنى باشلاپ بەنى قۇرەيزەگە يۈرۈش قىلىڭ، مەن ئالدىڭىزدا بېرىپ ئۇلارنىڭ قورغان - قەلئەلىرى ئىچىدە تەۋرىنىش پەيدا قىلىپ، دىللىرىغا قورقۇنچ - ۋەھىمە سېلىپ تۇرىمەن»، دېدى ۋە ئۆز قوشۇنىنى، يەنى پەرىشتىلەرنى باشلاپ يۈرۈپ كەتتى.

شۇڭا، رەسۇلۇللاھ پەرمان چىقىرىپ: «كىمكى ‹ئاڭلىدىق ۋە ئىتائەت قىلدۇق› دەيدىكەن، ناماز ئەسىر (ناماز دىگەر)نى بەنى قۇرەيزە مەھەللىسىدە ئوقۇسۇن» دېدى ئاندىن ئەلەمنى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىبقا تۇتقۇزۇپ، بەنى قۇرەيزىگە ئالدىن ماڭدۇرۇۋەتتى. مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى قالدۇردى. ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب بىر بۆلۈك قوشۇن بىلەن ئاتلىنىپ ئۇلارنىڭ قەلئەسىگە يېقىن بىر جايغا كېلىپ چۈشۈۋىدى ئۇلار تەرەپتىن مۇسۇلمانلارنى ھاقارەتلەيدىغان قەبىھ تىل - ئاھانەتلەر ئاڭلاندى.

ئارقىدىنلا رەسۇلۇللاھ مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇننى باشلاپ بەنى قۇرەيزە مەھەللىسىگە يېتىپ چىقىپ، شۇ تەۋەلىكتىكى « ئا٘نا (عانا) » دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇدۇق بويىغا چۈشتى. بۇ قېتىم مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنىڭ پەرمانىنى بىجا كەلتۈرۈشكە ھەقىقەتەن ئالدىرىغانىدى، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ جەڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىغان ھامان ھېچنېمىگە قارىماي دەرھال قۇرەيزە تەرەپكە قاراپ ئاقتى. ھەتتا بىر بۆلۈك كىشىلەر ناماز ئەسىرنىڭ ۋاقتى يول ئۈستىدە كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلار: «ئەسىر نامىزىنى رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بەنى قۇرەيزىدە ئوقۇشىمىز كېرەك»، دەپ داۋاملىق يول يۈرۈپ، ئاخىرى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئاندىن ئوقۇدى. يەنە بەزىلەر: «رەسۇلۇللاھنىڭ دېمەكچى بولغىنى بۇ ئەمەس ئۇ پەقەت تېز يېتىپ چىقىشنى، ھەرگىز سەل قارىماسلىقنى مەقسەت قىلغان» دېيىشىپ نامازلىرىنى ۋاقتىدا ئوقۇپ ماڭدى رەسۇلۇللاھ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئەيىپكە بۇيرىمىدى.

مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئىسلام قوشۇنى توپ - توپ بولۇپ ئاتلىنىپ، رەسۇلۇلاھ بىلەن بەنى قۇرەيزە مەھەللىسىدە ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ سانى ئۈچ مىڭگە يېتەتتى. ئۇلارنىڭ

ئىچىدە ئاتلىقلار ئوتتۇز ئىدى. قوشۇن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنى قەلئەدىن چۈشۈشكە قىستاپ ئۇلارنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى.

مۇھاسىرە راسا كۈچەيتىلگەندىن كېيىن يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىۋېشى كەئەب ئىبنى ئەسەد ئۇلارنى سەھنىگە يىغىپ ئۈچ خىل تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بىرى: «تەسلىم بولۇش ۋە ھەممەيلەن بىرلىكتە مۇھەممەدنىڭ دىنىغا كىرىپ ئۆزلىرىنىڭ ۋە خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاپ قېلىش (ئۇ كۆپچىلىككە خىزمەت ئىشلەپ مۇنداق دېدى: «ئى خالايىق، ئەزبرايى خۇدا، سىلەرگە ئايدىڭ بولدىكى، مۇھەممەد راستلا مۇرسەل (ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن) پەيغەمبەر ئىكەن. كىتاۋىمىز (تەۋراتتا)دا تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەر چوقۇم مۇشۇ كىشى ئىكەن). ئىككىنچى: ئۇلار خوتۇن بالا - چاقىلىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلىۋېتىپ، ھېچنېمىگە تارتىنماي مەيدانغا چۈشۈپ مۇھەممەد بىلەن تىغمۇ - تىغ ئېلىشىپ بىر تەرەپ بولۇش، شۇنداق قىلغاندا ئۇلار ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ ياكى ئارمانسىز تۈگىشىدۇ. ئۈچىنچى بىرسى: مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بىز (يەھۇدىيلار)نىڭ شەنبە كۈنى ئۇرۇش قىلمايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىدۇ، شۇڭا ئۇلارغا بۈگۈنكى كۈندە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ بۇ كۈنىنىڭ شەرىپىدىن (سۈيئىستېمال قىلىپ) ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش».

بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى كەئەب ئىبنى ئەسەد ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ خىل تەكلىپنىڭ ھېچقايسىسىگە رايى بارماي جىم تۇرۇشتى. بۇ چاغدا كەئەب قاتتىق دەرغەزەپ بولۇپ: «سىلەرنىڭ ھېچ بىرىڭلار ئانىسىنىڭ قوسىقىدىن چۈشكەندىن بىرى بىر كۈنمۇ ئەقلى - ھۇشى بىلەن ياشىماپتۇ»، دېدى.

يەھۇدىيلار مەزكۇر ئۈچ خىل تەكلىپنىڭ ھېچقايسىسىغا رايى بارمىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا قورال تاشلاپ قەلئەدىن چۈشۈپ رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈمىنى كۈتمەكتىن باشقا يول قالمىغانىدى. بىراق، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈمىگە قايىل بولۇپ قەلئەدىن چۈشكەندە قانداق ئىش بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئۇقۇپ بېقىش مەقسىتىدە مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى سابىق ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ باقماقچى بولدى. شۇڭا ئۇلار رەسۇلۇللاھقا: «بىزگە ئەبۇ لوبابىنى ئەۋەتسەڭ، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالساق»، دەپ ئەلچى كىرگۈزدى. ئەبۇلۇبابە بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئۇزاق يىللىق ئىتتىپاقدىشى ئىدى. ئۇنىڭ مال - مۈلۈك ۋە بالا چاقىلىرى شۇلارنىڭ تەۋەلىكىدە تۇراتتى، يەھۇدىيلار ئەبۇ لۇبابىنى كۆرۈپ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. ئاياللار ۋەباللار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىغلاپ، پۇت - قوللىرىغا ئېسىلىپ، قاتتىق تەڭلىككە سالدى. ئاخىرى ئۇنىڭ دىلى بۇ يىغا - زاردىن ئېرىپ كەتتى چېغى، ئۇلار: «ئى ئەبۇلۇبابە، سېنىڭچە بىز مۇھەممەدنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا رازى بولساق بولامدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئەبۇلوبانە: «بولىدۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈمىگە رازى بولساڭلار، مانا مۇنداق بولىدۇ»، دەپ ئۆزىنىڭ بوغۇزىغا ئىشارەت قىلدى. بۇ ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھ سىلەرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ، دېگىنى ئىدى. شۇئان ئۇ ئۆزىنىڭ ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ سالغانلىقىنى سېزىپ خىجالەتتىن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا قايتماي ئۇدۇل مەدىنىگە كىرىپ كەتتى ۋە مەسچىتۇننەبەۋىگە كىرىپ ئۆزىنى بىر تۈۋرۈككە مەھكەم باغلاپ

ئۇنى رەسۇلۇللاھ ئۆز قولى بىلەن يەشمىگۈچە ئۆز ئۆزىنى يەشمەسلىككە ۋە قۇرەيزە زېمىنىغا ئەبەدى قەدەم باسماسلىققا قەسەم قىلدى.

رەسۇلۇللاھ ئۇنى كېچىكىپ قالدى، دەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ خەۋىرىنى مەدىنىدىن ئاڭلاپ: «ئۇ ئۇدۇل مېنىڭ يېنىمغا كەلگەن بولسا، مەن ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە مەغپىرەت تىلەيتتىم، لېكىن ئۇ قىلىدىغىنىنى قىلىپ بولۇپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭغا ئاللاھ تەۋبە ئاتا قىلمىغىچە، مەن يەشمەيمەن»، دېدى. قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى ئەبۇ لۇبابىنىڭ ئىشارىتىگىمۇ دىققەت قىلماي، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن قانداق ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقماق ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۆكۈمىگە رازى بولۇشنى قارار قىلىشتى. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ قەلئە ـ قورغانلىرى ئازادە ھەم پۇختا، ھەم مۇستەھكەم بولۇپ، سۇ، ئاش ـ ئوزۇقلار شۇنىڭ ئىچىدە بولغاچقا خېلى ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇھاسىرىگىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيتتى. ئەكسىچە مۇسۇلمانلار ئەھزاب (دۈشمەن ئىتتىپاقداش قوشۇنى) ئۇرۇشى باشلانغاندىن بېرى ئىزچىل دالادا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بولغاچقا، قەھرىتان سوغۇق ۋە ئاچلىق دەردىدىن ھالسىرىماقتا ئىدى.

بىراق، بەنى قۇرەيزە ئۇرۇشىمۇ يەنىلا ئىدىيىۋى سىياسىي ئۇرۇش بولغان بولغاچقا، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە سېلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىرادىسى ئاللىقاچان بوشاپ يىمىرىلىپ بولغانىدى. ھەتتا، ئۇلارنىڭ روھى شۇ دەرىجىدە چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنىدىكى، مۇسۇلمانلاردىن ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب بىلەن زۇبەير ئىبنى ئاۋام قوشۇن ئالدىغا ئۆتۈپ: «ئى ئىمان قوشۇنى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن تاغام ھەمزە ئېتىغان ئۆلۈم شارابىنى ئېتىيمەن ياكى ئۇلارنىڭ قەلئەسىنى فەتىھ قىلىمەن»، دەپ، قەسەم ياد بىلدۈرگەنىدى، يەھۇدىيلار بۇنى ئاڭلاپ دەرھال رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قورال تاشلاپ قەلئەدىن چۈشۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى تولۇق نەزەربەنتكە ئېلىشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئايرىلىپ مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ نازارەتچىلىكىدە ھەممىسىنىڭ پۇت ـ قوللىرىغا ئارغامچا كىشەن سېلىندى. ئاياللار ۋە بالىلار ئەرلەردىن ئايرىۋېتىلدى.

بۇ چاغدا ئەۋس قەبىلىسىنىڭ جامائەتلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! قەينۇقا يەھۇدىيلىرى قېرىنداش قەبىلە خەزرەجلەرنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئىدى. ئۇلارغىمۇ مۇۋاپىق جازا قوللانغانىدىڭ، بۇلار بولسا بىزنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىمىز ئىدى. بۇلارغىمۇ بەك ئېغىر جازا ھۆكۈم قىلمىساڭ»، دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنداق بولسا بۇ ھۆكۈمنى ئۆز ئىچىڭلاردىن بىر كىشى چىقارسا رازى بولامسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «ئەلۋەتتە رازى بولىمىز»، دېيىشتى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ: «ئۇنداقتا ئۇ ھۆكۈمنى سەئەد ئىبنى مەئازغا قالدۇررايلى»، دېدى. ئۇلارمۇ رازى بولۇپ شۇنداق قىلايلى سەئەد ھۆكۈم چىقارسا رازىمىز» دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەئەد ئىبنى مەئازغا ئۇنى ئالغىلى ئادەم ئەۋەتتى. ئەسلىدە سەئەدنىڭ ئەھزاب ئۇرۇشىدا يارىلانغان جاراھىتى ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكتىن قۇرەيزە ئۇرۇشىغا چىقالمىغانىدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئەۋەتكەن ئادەم سەئەدنى ئېشەككە مىندۈرۈپ

ئېلىپ كەلگەندى، سەئەد رەسۇلۇللاھنىڭ بارگاھىغا كەلگىچە ئۇنىڭ قەۋمى ـ جامائەتلىرى ئۇنى يول ئۈستىدە توسىۋېلىپ: «ئى سەئەد، ئىتتىپاقداشلىرىمىزغا ياخشىلىق قىلغىن، دوستلىرىمىزغا ياخشىلىق قىلغىن، رەسۇلۇللاھ سېنى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ ھۆكۈم چىقارسۇن ئۈچۈن، بۇ ھوقۇقنى ساڭا بەردى»، دېيىشتى. سەئەد ئۇلارغا لام ـ جىم دېمەي كېتىۋاتاتتى، ئۇلار سەئەدكە كۆپ يالۋۇرۇپ كېتىشتى، سەئەد: «مەن سەئەدكە ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىشتا ھېچ كىشىنىڭ تاپا ـ تەنىسىدىن قورقماسلىقنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلدى»، دەپ قويدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سەئەدنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ: «مەدىنىگە قايتىپ جامائەتچىلىككە قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزدى».

سەئەد رەسۇلۇللاھنىڭ بارگاھىغا يېقىنلاپ كېلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرگە: «باشلىقىڭلار ئۈچۈن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار»، دېدى. ئۇلار سەئەدنى چۈشۈرۈپ: «ئى سەئەد! بۇ قەۋملەر سېنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىڭغا ماقۇل بولۇشتى»، دېگەندى، سەئەد: «ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارسام راستىنلا كۈچكە ئىگە بولامدۇ؟» دەپ سورىدى، ئۇلار: «ھەئە»، دەپ جاۋاب بېرىشىۋىدى، سەئەد يەنە: «مۇسۇلمانلارغىچۇ؟ دەپ سورىدى. كىشىلەر: «بىزگىمۇ شۇنداق»، دېيىۋىدى، ئۇ: «بۇ يەردىكىلەرگىچۇ»، دېدى (رەسۇلۇللاھ بار تەرەپنى كۆرسىتىپ). رەسۇلۇللاھ بۇنى چۈشىنىپ: «ماڭىمۇ شۇنداق»، دېدى. سەئەد: «ئۇنداق بولسا مەن ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە، ئاياللىرىنى ۋە بالىلىرىنى ئەسىر ئېلىپ قۇل قىلىشقا، مال ـ مۈلۈك ئۆي ـ زېمىنلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ غەنىمەت ئېلىشقا، ھۆكۈم قىلىمەن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىدىن سۆيۈنۈپ: «ئى سەئەد! سەن ئۇلار ئۈستىدىن يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدىكى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمى بىلەن  ئوخشاش ھۆكۈم چىقاردىڭ»، دېدى.

سەئەد ئىبنى مەئازنىڭ بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكۈمى ئىنتايىن ئادىل، ئۆز جايىدا ئىنساپ بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈمنامە بولغانىدى. چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا قاتمۇقات ئېغىرچىلىقلار يۈزلەنگەن قىيىن پەيتتە مۇسۇلمانلاردىن نومۇسسىزلارچە يۈز ئۆرۈپ كېلىشىمنى بۇزۇپ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتىۋالدى. يەنە بىر جەھەتتىن يوشۇرۇن ھەرىكەت پىلانلاپ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن بىر مىڭ بەش يۈز دانە قىلىچ، ئىككى مىڭ دانە نەيزە، ئۈچ مىڭ دانە ساۋۇت ۋە بەش يۈز دانە دوبۇلغا قاتارلىق ھەربىي ھازىرلىقلارنى تەييارلىغانىكەن. ئۇلار تەسلىم بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار بۇ ئەسلىھەلەرنى تولۇق يىغىۋالدى.

ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنى بەنى نەججار ئايمىقىدىن بىنتى ھارس دېيىلىدىغان بىر خوتۇننىڭ قورۇسىغا قاماپ قويۇشقا بۇيرىدى ۋە مەدىنە بازىرىغا ئورا ـ خەندەك كولاتقۇزدى. ئاندىن پەرمان قىلىپ ئۇلارنى بۆلەك ـ بۆلەكلەرگە بۆلۈپ مەدىنىگە يالاپ ئېلىپ كېلىپ قىلىچ بىلەن بېشى ئېلىنغاندىن كېيىن، ئاكۇپ ـ گوداڭلارغا دومىلىتىۋېتىلدى.

تېخىغىچە ئۆلۈم نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بەزى يەھۇدىيلار باشلىقى كەئەب ئىبنى ئەسەدتىن: «سېنىڭچە بىزنى قانداق قىلىدىغاندۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. بۇ چاغدا كەئەب

ناھايىتى ئاچچىقلانغان ھالدا: «ھەي... سىلەرنى، ھەممىشە بىلمەس بولىۋالامسىلەر؟ قاراڭلار تولىۋاتقانلار جىمىپ قېلىۋاتىدۇ، كەتكەنلەر كەلمەيۋاتىدۇ، ئۇ (يەنى، سىلەرگە قىلىنىدىغىنى ئاللاھ بىلەن قەسەم) ئۆلۈم»، دەپ جاۋاب بەردى. بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى 600 دىن 700گە قەدەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ئۆلتۈرۈلدى.

خوش، مانا مۇشۇنداق قىلىپ سۈيىقەستت، ئالدامچىلىق ۋە خىيانەتكارلىقنىڭ يىلان ـ چايانلىرى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلاندى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قىيىن سائەت ـ مىنۇتلاردا ئوتتۇرىدىكى ناھايىتى پۇختا تۈزۈلگەن ئەھدى ـ پەيمانلارنى يىرتىپ تاشلاپ ئەھزاب (دۈشمەن ئىتتىپاقداش) قوشۇنىغا سېتىلغان بەدبەختلەردۇر. ئۇلار بۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىغا تېگىشلىك ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ ئاساسلىق كاتتىۋاشلىرى بولۇپ قالغانىدى.

ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلار ئىچىدە بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ باش ھازازۇل شەيتىنى ۋە ئەھزاب ئۇرۇشىنىڭ باش جىنايەتچىسى (سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئاتىسى) ھۇيەيي ئىبنى ئەختەپمۇ خەندەك بويىغا يالاپ ئېلىپ كېلىندى. ئۇ ئەھزاب ئۇرۇشى مەزگىلىدە بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىنىڭ باشلىقى كەئەب ئىبنى ئەسەدنى رەسۇلۇللاھقا ۋاپاسىزلىق قىلىشقا كۈشكۈرتكىلى كىچىلەپ كەلگەندە ئۇنىڭغا بەرگەن: «ناۋادا قۇرەيش ۋە غەتپانلار مۇھەممەدنى يوقۇتالماي قايتىپ كېتىپ قالسا، مەن سەن بىلەن ھايات ـ ماماتتا بىللە بولىمەن»، دېگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن بۇلارنىڭ قورغىنىغا كىرىپ مۆكۈنۈۋالغانىدى. ئۇنى قولى گەجگىسىگە ئارقان بىلەن باغلاقلىق ھالدا جازا مەيدانىغا يالاپ ئېلىپ كېلىنىۋىدى (ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇسۇلمانلارغا ئەن ھالدا ئولجا چۈشۈپ قالمىسۇن ئۈچۈن بارماقتەكتىن قىلىپ پارچە ـ پارچە يىرتىۋېتىلگەن قىممەت پۇللۇق بىر يۇرۇش كىيىممۇ بار ئىدى)، ئۇ رەسۇلۇللاھقا: «ئى مۇھەممەد! بىلىپ قالغىنكى، مەن ھەرگىز سەن بىلەن ئاداۋەتلەشكىنىمگە پۇشايمان قىلمايمەن، لېكىن كىمكى ئاللاھ بىلەن كۈچ سىناشسا ئۇ چوقۇم ئۆزى مەغلۇپ بولىدىكەن»، دېدى. ئاندىن يەنە: «ئى خالايىق! كېرەك يوق، خۇدانىڭ بۇيرۇغىنى شۇ ئوخشايدۇ، بۇ پېشانىگە پۈتۈلگەن تەقدىر ۋە ئاللاھ بەنى ئىسرائىلغا پۈتكەن رەسۋاچىلىق، بۇنىڭغا نە چارە؟» دېدى ـ دە، خەندەك لېۋىدە لەسسىدە ئولتۇرىۋىدى، گاچ قىلىپ چۈشكەن ئۆتكۈر شەمشەر بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بېشى ئورەككە دوملاپ چۈشتى.

يەھۇدىي ئايالىلىرىدىن بىرسى شۇ ئارىدا خەللاد ئىبنى سۇۋەيد (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ ئۈستىگە قەلئەدىن تاش تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇمۇ قىساس ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى.

رەسۇلۇللاھ قۇرەيزە يەھۇدىي بالىلىرىدىن ئەۋرىتىگە تۈك چىققانلارنى ئۆلتۈرۈشكە، تۈك چىقمىغانلارنى قالدۇرۇشقا بۇيرىغانىدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە تۈك ئۈنمىگەنلىكتىن قالدۇرۇلغانلار ئىچىدە ئەتىيەتۇلقۇرەيزىمۇ بار بولۇپ، ئۇ كېيىن مۇسۇلمان بولغان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتىگە نائىل بولغان.

سابىت ئىبنى قەيس يەھۇدىي ئەسىرلىرىدىن زۇبەير ئىبنى باتانى ۋە ئۇنىڭ بالا ـ چاقا مال ـ مۈلۈكلىرىنى رەسۇلۇللاھتىن تىلىگەندى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى شۇنىڭغا ھەدىيە

قىلدى (چۈنكى زۇبەيرنىڭ سابىتقا قىلغان مەلۇم بىر ياخشىلىقى بار ئىدى). شۇنىڭ بىلەن سابىت ئىبنى قەيس زۇبەيرگە: «رەسۇلۇللاھ ماڭا سېنى ۋە سېنىڭ بارلىق تەئەللۇقاتىڭنى ھەدىيە قىلىۋەتتى، ئەمدى ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئۆزۈڭنىڭ بولۇپ قالسۇن»، دېگەنىدى. زۇبەير ئىبنى باتا ئۆز قەۋمىنىڭ بىر پۈتۈن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇقۇپ: «ئى سابىت، مېنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ساڭا قىلغان ياخشىلىقىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مېنى دوستلىرىمغا قېتىۋەتسەڭ»، دەپ تۇرۇۋالدى، شۇڭا ئۇنىمۇ دوستلىرىغا قېتىپ جەھەننەمگە يولغا سېلىۋېتىلدى. سابىت ئىبنى قەيس زۇبەيرنىڭ بالىلىرىدىن ئابدۇرەھمان ئىبنى زۇبەيرنى ئېلىپ قالغانىدى، ئۇ كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ ياخشى ساھابىلەردىن بولۇپ كەتتى.

يەنە مۇسۇلمانلاردىن ئۇممى مۇنزىر(تولۇق ئىسمى سەلما بىنتى قەيس بەنى نەججار ئايىمقىدىن) دېگەن خوتۇن رىپائە ئىبنى سەمۋال قۇرەيزىنى رەسۇلۇللاھدىن تىلىۋالغانىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئۇممى مۇنزىرگە ھەدىيە قىلىۋەتتى، شۇڭا ئۇمۇ ھايات قالدى ۋە كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ ياخشى سۆھبەتكە نائىل بولدى.

يەھۇدىيلار تەسلىم بولۇپ قەلئەدىن تۆۋەن چۈشۈشنىڭ ئالدىنقى كېچىسى ئۇلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر مۇسۇلمان بولغانىدى، ئۇلار بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى بىخەتەر ساقلاپ قالدى. شۇ كېچىسى يەنە ئەمرى ئىسىملىك بىرسى (ئۇ يەھۇدىيلار رەسۇلۇللاھ بىلەن بولغان ئەھدىنى بۇزغاندا بىتەرەپ تۇرغان ئىدى) قەلئەدىن چىقىپ بىر ياققا راۋان بولغاندا، مۇسۇلمانلار چارلىغۇچى قىسمىنىڭ باش قوماندانى مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، سالاھىيتىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن قويۇۋەتتى. كېيىن ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكى بولمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىي ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ماللىرىنى بىر تەرەپ قىلدى، غەنىمەتلەرنىڭ بەش ھەسسىدىن بىر ھەسسىسىنى ئايرىۋالغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا بۆلۈپ بەردى، نەتىجىدە ئاتلىقلارغا ئۈچ ئۈلۈش، ئۇنىڭ ئىككى ئۈلۈشى ئاتقا، بىر ئۈلۈشى ئات ئىگىسىگە بېرىلدى. پىيادىلەر ئۈچۈن بىر ئۈلۈشلا تەقسىم قىلدى، ئەسىرلەردىن بىر بۆلۈكىنى سەئەد ئىبنى زەيد ئەنسارىنىڭ يېتەكچىلىكىدە نەجدە بازىرىغا ئەۋەتىپ ساتتۇرۇپ پۇلىغا ئات ۋە ھەربىي قورال ـ ياراقلارنى سېتىۋالدى.

رەسۇلۇللاھ قۇرەيزە ئاياللىرىدىن رەيھانە بىنتى ئەمرى(ئىبنى قەيس)نى ئۆزىگە تاللىۋالغانىدى، ئۇ تاكى رەسۇلۇللاھ ۋاپات تاپقاندا قەدەر رەسۇلۇللاھنىڭ قول ئىلكىدە تۇردى. بۇنى ئىبنى ئىسھاق رىۋايەت قىلدى. ئەمما، كەلبىنىڭ رىۋايىتىدە: «رەسۇلۇللاھ ئۇنى ھىجرىيىنىڭ 6 ـ يىلى ئازات قىلىۋېتىپ ئەمرىگە ئالغان ۋە رەسۇلۇللاھ ھەججەتۇلۋىدائىدىن قايتقان كۈنلەردە ۋاپات قىلىپ كېتىپ بەقىئ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان»، دېيىلگەن.

خۇش... شۇنداق قىلىپ قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئىشلىرى بىر قۇر ئاياغلاشقان كۈنلەردە سالىھ (ياخشى) بەندە سەئەد ئىبنى مەئازنىڭ (ئەھزاب غازىتىدا زىكرى قىلىنغان) دۇئاسى ئىجاۋەت بولدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى پات ـ پات يوقلاپ كۆزدىن كۆچۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن

مەسچىت ئىچىگە بىر چېدىر تەييارلاپ بەرگەنىدى، قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئىشلىرى تامام بولغان هامان، ئۇنىڭ جاراھىتى ئېغىز ئېلىپ توختىماي قاناشقا باشلىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ ئوق قان تومۇرى ئېشىلگەن بولۇپ، مەسچىت ئەھلى (مەسجىددە بەنى غىفار كەنتىدىن بىر قانچە چېدىرلىق كىشىلەر بار ئىدى)نى قوشنا چېدىردىكىلەرنىڭ: «ئى ئەھلى چېدىرلەر! بۇ تەرەپكە ئېقىپ كىرگىنى نېمە قان ئۇ؟» دەپ سورۇشتە قىلغانلىقى چۆچۈتىۋەتتى. ئەسلىدە سەئەدنىڭ جاراھىتى يىرىڭداپ قاناپ كەتكەن. ئۇ شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. سەھىھۇلبۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «رەھمان (ناھايىتى مېھرى شەپقەتلىك ئاللاھۇ تائالا)نىڭ ئەرشى سەئەد ئىبنى مەئازنىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن تەۋرىنىپ كەتتى». ئىمام تىرمىزى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «سەئىد ئىبنى مەئازنىڭ جىنازىسى ئېلىپ مېڭىلىۋىدى، مۇناپىقلار: «سەئىدنىڭ جىنازىسى ئەجەپ يېنىكقۇ؟» دېيىشتى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ: «ئۇنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ»، دېدى.

بەنى قۇرەيزە مۇھاسىرىسى جەريانىدا مۇسۇلمانلاردىن خەللاد ئىبنى سوۋەيد ئىسىملىك بىر كىشى شېھىت بولدى. ئۇنى يەھۇدىيلاردىن بىر خوتۇن ئۇنىڭ بىخۇدلىقىدىن پايدىلىنىپ تاش تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە يەنە مۇھاسىرە جەريانىدا ئۇكاشە ئىبنى مىھسەننىڭ قېرىندىشى ئەبۇ سىنان ئىبنى مىھسەن قازا قىلدى.

ئەمدى ئەبۇ لۇبابىنىڭ ئىشىغا كەلسەك: ئۇ ئاشۇ ئالتە كۈن ئىچىدە مەسچىتنىڭ بىر تۈۋرۈكىگە باغلاقلىق تۇردى. ئۇنىڭ ئايالى ھەر ناماز ۋاقتىدا كېلىپ ئۇنى يېشىپ قويۇپ نامازدىن كېيىن يەنە مەھكەم تېڭىپ قويۇپ كېتەتتى. ئالتە كۈندىن كېيىن بىر كۈنى سەھەر ۋاقتىدا ئۇنىڭ تەۋبىسى نازىل بولدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۇممى سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ: «ئى ئەبۇلۇبابە، خوش خەۋەر، ئاللاھ سىنىڭ تەۋبەڭنى قوبۇل قىلىپتۇ»، دېگەنىدى، كىشىلەر ئالدىراپ ئۇنى يېشىۋەتمەكچى بولۇشتى. بۇچاغدا ئۇ: «مېنى رەسۇلۇللاھ ئۆز قولى بىلەن يېشىپ قويمىسا بولمايدۇ»، دەپ ئۇنىمىدى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ ئۇنى بامداتقا چىققاندا يېشىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. بەنى قۇرەيزە غازىتى ھىجرىيىنىڭ 5 ـ يىلى زۇلقەئدە ئېيىدا ئېلىپ بېرىلدى. مۇھاسىرە 25 كۈن داۋاملاشتى.

ئاللاھ تائالا ئەھزاب غازىتى ۋە قۇرەيزە غازىتى ھەققىدە ئەھزاب سۈرىسىدىن بىر قانچە ئايەتنى نازىل قىلىپ ئۇنىڭدا مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلار بىلەن مۇناپىق كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىنى بۇ ئىككى غازاتتىكى مۇھىم ۋەقەلىكلەرنىڭ بايانىغا بىرلەشتۈرۈپ شەرھىلىدى ۋە سۈرە ئاخىرىدا ئەھزاب (دۈشمەن ئىتتىپاقداش) قوشۇنىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ھەمدە ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىي)لارنىڭ سۈيىقەستىنىڭ شەرمەندىلەرچە مەغلۇب بولغانلىقىدەك يامان ئاقىۋەتلىرىنى بايان قىلدى.

## مۇشۇ غازاتتىن كېيىنكى ھەربىي پائالىيەتلەر

### سەلام ئىبنى ئەبىلھۇقەيقىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى

سەلام ئىبنى ئەبلھۇقەيق (كونيتى ئەبۇ رافىئ)مۇ يەھۇدىيلەر ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئەھزاب ئۇرۇشىنى قوزغاشقا زور ھەسسە قوشقان ۋە مۇشرىكلار قوشۇنىنى نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك ۋە ماددىي تەمىنات بىلەن تەمىنلىگەن ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ غوللۇق كاتتىۋاشلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھقا قارىتا ئۆچمەنلىكى ۋە ئاداۋىتى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى، شۇڭا مۇسۇلمانلار بەنى قۇرەيزە غازىتىدىن قايتقان ھامان ئەنسارلاردىن خەزرەج قەبىلىسىدىكىلەر ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئىزنى سورىدى، چۈنكى كەئەب ئىبنى ئەشرەپ دېگەن يەھۇدىي ئەۋس قەبىلىسىدىن بولغان بىر قانچە ئەزىمەتنىڭ قولى بىلەن يۇقىتىلغان بولغاچقا، بۇلارمۇ سەلام ئىبنى ئەبىھوقەيقنى يوقىتىپ ئۆزلىرىدىكى بۇ بوشلۇقنى تولدۇرماقچى بولدى، شۇڭا ئۇلار بۇ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئىجازەت قىلدى، بىراق ھەرىكەتي جەريانىدا ئاياللار ۋە بالىلارنى ئۆلتۈرۈشتىن قاتتىق توستى. شۇنىڭ بىلەن خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئەبى سەلىمە جەمەتىدىن بەش كىشى پىدائىي بولۇپ تەشكىللىنىپ يولغا چىقتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەتىك بۇ ئەترەتكە ئەمىر قىلىپ تەيىنلەندى.

پىدائىيلار يولغا چىقىپ خەيبەر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. چۈنكى، ئەبى رافىئنىڭ قەلئەسى خەيبەر تەۋەسىگە جايلاشقانىدى. ئۇلار شەھەرگە يېقىنلاپ بارغاندا كۈن پېتىپ گۇگۇم چۈشۈپ قالدى. كىشىلەر مال ـ پادىلىرىنى ھەيدەپ شەھەر دەرۋازىسىدىن كەينى ـ كەينىدىن ئۇزۇلمەي كىرىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ چاغدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەتىك ھەمراھلىرىغا: «مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن بېرىپ دەرۋازىۋەنگە يالۋۇرۇپ باقاي، ئىچكىرىسىگە كىرىۋالالىسام ئەجەپ ئەمەس»، دېدى ـ دە، دەرۋازىغا يېقىن كېلىپ ھاجەت قىلغان بولۇپ كىيىمىگە چۈمكىنىپ ئولتۇرۇۋالدى. كىشىلەر توختىماي كىرىپ كېتىۋاتاتتى، بىر چاغدا دەرۋازىۋەن ئۇنى چاقىرىپ: «ئى كىشى، كىرەر بولساڭ چاپسان بول، مەن دەرۋازىنى تاقايمەن»، دەپ قالدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەتىك مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ بىلەن مەن قەلئە ئىچكىرىسىگە كىرىپلا بىر جايغا مۆكۈنىۋالدىم، كىشىلەر كىرىپ بولۇۋىدى، دەرۋازىۋەن ئىشىكنى تاقاپ قۇلۇپلىغاندىن كېيىن ئاچقۇچنى بىر قوزۇققا ئىلىپ قويدى. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئازدىن كېيىن مەن ھېلىقى ئاچقۇچلارنى قولۇمغا ئېلىۋالدىم ـ دە، دەرۋازىنىڭ قۇلۇپ ـ تاقاقلىرىنى ئېچىۋەتتىم. ئەبۇ رافىئ ئاشۇ قەلئەنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە ھەر كۈنى كەچتە بىر ھازاغىچە كەچلىك پاراڭ قىزىيتتى. مەن ئۇنىڭ ئۆلپەتداشلىرى تارقاپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆۋىلىرىغا كىرىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتىم ۋە ھەر بىر ئىشىكنى ئېچىپ كىرسەم ئۇنى ئىچى تەرەپتىن تاقاپ ماڭدىم. كۆڭلۈمدە: «ناۋادا بۇلار مېنى سېزىپ قالسا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ بولغۇچە قولغا چۈشۈپ قالماي»، دەيتتىم. مەن ئاخىرى ئەبۇ رافىئنىڭ ھەرەمخانىسىگە يېتىپ باردىم. ئۇ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى ئارىسىدا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى، ئۆي قاراڭغۇ بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ قايسىسى ئەبۇ رافىئ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى، شۇڭا مەن: «ئەبۇ رافىئ»، دەپ

چاقىردىم ئۇ: «كىم بۇ؟ كىم دەيمەن؟» دەپ ئاۋاز چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئېتىلىپ بېرىپ قىلىچ ئۇردۇم. لېكىن قاتتىق ھودۇقۇپ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن قىلىچىنى دەل جايىغا تەككۈزەلمەپتىمەن. ئەبۇ رافى ۋارقىراپ كەتتى. مەن سىرتقا چىقىپ ئازراق تۇردۇم ۋە يەنە قايتىپ كىرىپ: «نېمە بولدى، ئى ئەبۇ رافىئ نېمانچە ۋارقىرايسەن؟»، دېسەم، ئۇ: «ۋاي بەچچىغەرنىڭ بالىسى، ماڭا بايام بىرسى قىلىچ ئۇردى»، دەپ دادلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا قاتتىق بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئىمجان قىلىۋەتتىم، ئەمما ئۇ ئۆلمىدى. ئاندىن قىلىچنى كۆچەپ ئۇنىڭ قورسىقىغا تىقتىم، قىلىچ دۈمبىسىگە ئۆتتى. شۇ چاغدا ئۇنى ئۆلتۈرەلىگەنلىكىمگە ئىشەندىم ـ دە، كەينىمگە يانغانچە ئىشىكلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئېچىپ ئاخىرى شوتا تۈۋىگە يېتىپ كەلدىم. مەن چۈشۈۋېتىپ يەرگە چۈشۈپ بولدۇم دەپ ئويلاپ پۇتۇمنى يەرگە قويۇۋېدىم يىقىلىپ كېتىپ پۇتۇم سۇنۇپ كەتتى. كېچە ئىنتايىن ئوچۇق ئايدىڭ ئىدى. پۇتۇمنى بېشىمدىكى سەللە بىلەن تېڭىپ مىڭ تەسلىكتە دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ ئولتۇردۇم ۋە: «بۇ يەردىن ئەبى رافىئ ئۆلدىمۇ، يوق؟ ئۇقۇپراق چىقىپ كېتەي»، دېدىم. بىر چاغدا تاڭ نىسپىدىن ئېشىپ ئاندا ـ ساندا خوراز چىللىۋىدى، قەلئە قۇۋۇقلىرىدىن قىيا ـ چىيالار كۆتۈرۈلدى ۋە: «ھىجاز ئەھلىنىڭ ئاتاقلىق سەردارى سودىگەر ئەبى رافىئ قەستكە ئۇچراپتۇ»، دەپ ئېلان بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر ئامال قىلىپ ھەمراھلىرىمنىڭ يېنىغا بېرىپ: «تېز قاچايلى، تېز قاچايلى، ئاللاھ ئەبۇ رافىئنى ئۆلتۈردى»، دېدىم ۋە ئۇلار بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋەقەنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەردىم. رەسۇلۇللاھ پۇتۇمنى سۇنغۇزۇپ سىلاپ قويغانىدى، پۇتۇم سەللىمازا ساقىيىپ قالدى، ھېچقانداق ئاغرىق سەزمىدىم.

يۇقىرىقى بايان سەھىھۇلبۇخارىنىڭ رىۋايىتى، ئەمما ئىبنى ئىھساقنىڭ رىۋايىتىدە: «ئەبى رافىئنى ئۆلتۈرۈشكە مەزكۇر پىدائىيلارنىڭ ھەممىسى قاتناشقان ۋە ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرغىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەنىس ئىدى»، دېيىلگەن. ئۇ ھەدىسىدە يەنە: «پىدائىيلار ئەبى رافىئنى تاڭ نىسپىدە ئۆلتۈرۈپ بولغاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەتىكنىڭ پۇتى سۇنۇپ كېتىپ ئۇلار ئۇنى كۆتۈرۈپ بىر سۇ بويىغا ئېلىپ كېلىپ سۇغا مۆكۈنۈپ ياتقان، يەھۇدىيلار ئوت ياندۇرۇپ ئىز قوغلاپ كېلىپ نىشانىنى بايقىيالماي نائۈمىد قايتقاندىن كېيىن، ئۇلار سۇدىن چىقىپ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەتىكنى كۆتۈرۈشۈپ رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن»، دەپ قەيت قىلىنغان.

بۇلار ھىجرىيىنىڭ 5 ـ يىلى زۇلقەئىدە ياكى زۇلھەججە ئېيىدا ئەۋەتىلگەن.

خوش ... رەسۇلۇللاھ ئەھزاب قوشۇنى ئۇرۇشى ۋە بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن پارىغ بولۇپ، شۇ جەرياندىكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىدىن بىر قۇر ئىنتىقام ئېلىپ بولۇۋىدى، ياخشىلىق ياراشمايدىغان: «ئازار يېسە، غىزا يېگەندەك» بولىدىغان ئاشۇ ئاز ساندىكى قەبىلىلەر ۋە بەدەۋى قاراقچىلارغا تېتىغۇدەك ئەدەپ جازاسى يۈرۈشى قوزغاشقا باشلىدى.

## مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە قوشۇنى

مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە قوشۇنى ئەھزاب ۋە بەنى قۇرەيزە غازاتلىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن تۈنجى تەشكىل قىلىنغان قوشۇن بولۇپ ئوتتۇز ئاتلىق چەۋەندازدىن تەركىب تاپقان.

قوشۇن نەجدى زېمىنىنىڭ كىرىش ئېغىزى بولغان زەرىيىيە[1] تەۋەلىكىدىكى «قەرتائ» دېگەن جاينى نىشانلاپ يولغا چىقتى. زەرىيىيە بىلەن مەدىنە ئارىلىقى يەتتە كۈنلۈك مۇساپە بولۇپ، ئۇلار مەدىنىدىن ھىجرىيىنىڭ 6 ـ يىلى مۇھەررەم (1 ـ ئاي)نىڭ 10 ـ كۈنى قوزغىلىپ، جىددىي يول يۈرۈپ بەنى بەكرى ئىبنى كىلاب قەبىلىسىنىڭ بىر ئايمىقى ئولتۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ بېرىپ ئۇلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇلار بەدەر تىكىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ نۇرغۇن تۆگە ۋە قوي ـ چارۋىلىرىنى غەنىمەت ئېلىپ مۇھەررەم ( 1 ـ ئاي)نىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار يول ئۈستىدە بەنى ھەنىفە قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سۇمامە ئىبنى ئۇسسالنى قولغا چۈشۈرۈپ بىرگە ھەيدەپ كەلدى. سۇمامە ئەسلىدە كەززاپ مۇسەيلىمەنىڭ بۇيرۇقى بىلەن رەسۇلۇللاھنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ غەيرى كىيىنىپ قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەن ھالدا مەدىنىگە قاراپ كېلىۋاتقاندا مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار سۇمامەنى ئەكېلىپلا مەسچىتنىڭ بىر تۈۋرۈكىگە باغلىۋەتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «سەندە نېمە بار؟ ئى سۇمامە!» دېگەنىدى، سۇمامە: «ياخشىلىق بار ئى مۇھەممەد! ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ بىر جان ئىگىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىسەن، ئىنئام قىلساڭ تەشەككۇر ئىگىسىگە ئىنئام قىلىسەن. مال ـ دۇنيا دېسەڭ دېگىنىڭنى بېرىمەن»، دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇنى شۇ پېتى قويۇپ نامازغا كىرىپ كەتتى، نامازدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ يېنىدىن يەنە ئۆتۈپ ئالدىنقى قېتىمدىكىدەك سوئال سورىغانىدى، سۇمامە يەنە ئوخشاشلا جاۋاب بەردى. ئۈچىنچى قېتىمدىمۇ شۇنداق بولدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ (يۇقىرىقى بىر قاتار سۆزلىشىشلەردىن كېيىن) سۇمامەنى بوشىتىپ قويۇڭلار» دېدى. ساھابىلەر ئۇنى يېشىپ قويۇۋىدى ئۇ مەسچىتكە يېقىن جايدىكى بىر خورمىزارلىقتا بېرىپ غۇسلى تاھارەت ئالدى. ئاندىن قايتىپ كېلىپ شەھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى ۋە: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، يەر يۈزىدە مەن ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ئادىمىم سەن ئىدىڭ، ئەمدى سەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىم بولۇپ قالدىڭ، سەن ئېلىپ كەلگەن دىن يەر يۈزىدە مەن ئەڭ يامان كۆرىدىغان دىن ئىدى، ئەمدى ئۇ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان دىنغا ئايلاندى، سېنىڭ قوشۇنلىرىڭ مېنى تۇتۇپ كەلدى. مەن ئەسلىدە ئۆمرىگە ماڭغانىدىم»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى تەبرىكلىدى ۋە ئۆمرە قىلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. سۇمامە مەككىگە يېتىپ كېلىۋىدى، قۇرەيشلەر ئۇنىڭغا: «مۇرتەد بولۇپسەن، ئى سۇمامە!» دەپ ئېيىبلىۋالدى. بۇ چاغدا ئۇ: «ياق، مۇرتەد بولمىدىم، بەلكى مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ مۇسۇلمان بولدۇم، قەسەم قىلىمەنكى ئۇ (رەسۇلۇللاھ) رۇخسەت قىلمىغۇچە سىلەرگە يەمامەدىن بىر تال بۇغداينىڭ دېنىنى ماڭغۇزمايمەن»، دەپ جاكارلىۋەتتى. يەمامە قەدىمدىن تارتىپ مەككىنىڭ ئاشلىق بازىسى ئىدى، شۇڭا ئۇ يۇرتىغا قايتىپ بارغان ھامان يەمامەدىن مەككىگە بارىدىغان يولنى توسۇپ

[1] زەرىيىيە ــ مەدىنە بىلەن ئىراق يولىدىكى يەتتە كۈنلۈك كېلىدىغان جاي

مەككىگە بىر تۈگمۇ ئاشلىق ئۆتكۈزمىدى. نەتىجىدە قۇرەيش خەلقى ئاشلىقتىن ئېغىر قىسىلىپ رەسۇلۇللاھقا خەت يازدى. ئۇلار خېتىدە رەسۇلۇللاھ بىلەن بولغان ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىقنى دەپ بولسىمۇ سۇمامەگە خەت يېزىپ مەككىگە كېلىدىغان ئاشلىقنى قويۇۋېتىشنى ئۆتۈنگەنىدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ سۇمامەگە خەت يېزىپ مەككىگە ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىشكە يول قويۇشنى ئېيتتى.

## بەنى لىھيان غازىتى

بەنى لىھيان رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىدىن ئون كىشىنى ئالداپ ئاپىرىپ رەجىئە دېگەن جايدا ئۆلتۈرىلىشىگە سەۋەب بولغان قەبىلىدۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ھىجاز تەۋەلىكىنىڭ مەككىگە يېقىن چېتىگە جايلاشقان بولغاچقا ھەم مۇسۇلمانلار بىلەن قۇرەيش دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەم قاراقچى بەدەۋىلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن تىركىشىشلەر بولۇپ تۇرغاچقا، شۇنداقلا رەسۇلۇللاھ « بۇ چوڭ دۈشمەنگە يېقىن جايلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ھەربىي ستىراتېگىيە جەھەتتىن ياخشى ئەمەس »، دەپ قارىغاچقا، ئۇلار تاھازىرغا قەدەر ئىنتىقام توردىن چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى. بۇ قېتىم ئەھزاب قوشۇنى تۇمشۇقىغا يەپ چېكىنىپ، روھى چۈشكۈنلىشىپ، ئىرادىسى بوشاپ، ئەمەلىيەتكە تەن بېرىپ جاھاننىڭ رەپتارىغا بېقىپ ئىش تۇتقاندەك قىلىۋىدى. رەسۇلۇللاھ بەنى لىھيان خەلقىدىن رەجىئ دېگەن جايدا بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن ئەسھابىلىرىنىڭ قىساسىنى ئالىدىغان پۇرسەت يېتىپ كەلدى دەپ قارىدى، شۇڭا ئۇ ھىجرىيىنىڭ ئالتىنچى يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ( 3 ـ ئاي) ياكى جۇمادىيەل ئەۋۋەل ( 5 ـ ئاي)لارنىڭ بىرىدە مۇسۇلمانلاردىن 200 كىشى بىلەن جىھادقا ئاتلاندى. ئۆز ئورنىدا مەدىنىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى قالدۇردى. ئۇ مەدىنىدىن يولغا چىققاندا شام تەرەپكە يۈرۈش قىلغان بولۇپ شىمال تەرەپكە قاراپ يول ئېلىپ مەلۇم مۇساپىنى باسقاندىن كېيىن جەنۇپقا بۇرۇلۇپ سۈرئەتنى تېزلىتىپ جىددىي يول يۈرۈپ ئەمەج بىلەن ئۇسپان ئارىلىقىدىكى مەزكۇر ساھابىلەر شەھىد قىلىنغان جاي بەتنى غەررانغا يېتىپ باردى. رەسۇلۇللاھ ئۇ يەردە ساھابىلىرىگە رەھمەت تىلىدى ۋە دۇئا قىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بەنى لىھيان خەلقى تاغ ـ قىيالارغا ۋە چۆل ـ جىرالاغا قېچىپ كەتتى. ئۇلاردىن بىرمۇ ئادەم قولغا چۈشمىدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ زېمىنىدا ئىككى كۈن تۇرۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە چارلىغۇچى، رازۋېتچىكلارنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ نەتىجىسى بولمىدى. شۇڭا ئۇ ئۇسپان دېگەن جايغا يېتىپ بېرىپ ئۇ يەردە قۇرەيش دائىرىلىرىغا ئۆزىنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتى ۋە ھەيۋەت ـ جاسارىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئون كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى «كۇرا ئولغەمىم» دېگەن جايغا چارلاشقا ئەۋەتتى. ئۇلار ۋەزىپىنى ئورۇنداپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەدىنىگە قايتتى. بۇ قېتىم رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىدىن ئايرىلغان ۋاقتى 14 كۈن بولدى.

## قوشۇن ئەۋەتىش ۋە ھەربىي يۈرۈشلەرنىڭ تېزلىتىلىشى

رەسۇلۇللاھ بەنى لىھيان غازىتىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قوشۇن ۋە پىدائىيلارنى ئەۋەتىش ئىشىنى تېزلەتتى. تۆۋەندىكى قۇرلار ئاشۇ ھەرىكەتلەرنىڭ كىچىكلىتىلگەن تەسۋىرلىرىدۇر، نەزەر سالغايسىز!

1. ئۇكاشە ئىبنى مىھسەن قوشۇنى: ھىجرىيىنىڭ 6 - يىلى رەبىئولئەۋۋەل (3 - ئاي) ياكى رەبىئوسسانى (4 - ئاي)دا غومرى دېگەن جايغا ئەۋەتىلگەن.

ئۇكاشە قىرىق ئادەم بىلەن(بەنى ئەسەدنىڭ سۈيى) غومرى [1] دېگەن جايغا يېتىپ باردى. بۇ چاغدا دۈشمەن ئاللىبۇرۇن قېچىپ كەتكەندى شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار دۈشمەننىڭ ئىككى يۈز تۆگىسىنى غەنىمەت ئېلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

2. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە قوشۇنى: مۇشۇ ئىككى ئاينىڭ بىرىدە زىلقەسسە دېگەن جايغا ئەۋەتىلدى.

مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە مۇسۇلمانلاردىن ئون كىشى بىلەن يولغا چىقىپ بەنى سەئلەبەنىڭ دىيارى زىلقەسسە دېگەن جايغا يېتىپ باردى بۇ چاغدا دۈشمەن تەرەپ مۆكۈنىۋالغانىدى، (ئۇلار يۈز كىشى ئىدى) ئىبنى مەسلمە قوشۇنى ئۇخلاپ قېلىۋىدى دۈشمەن باستۇرۇپ كېلىپ ئىبنى مەسلىمىدىن باشقا ھەممىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ئىبنى مەسلمە ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ قېچىپ قۇتۇلدى.

3. ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ قوشۇنى: مۇشۇ يىلى يەنە رەبىئوسسانى ( 4 - ئاي)دا زىلقەسسىگە ئەۋەتىلدى.

رەسۇلۇللاھ ئۇنى مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنىڭ ئادەملىرى ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ يولغا سالغانىدى. ئەبۇ ئوبەيدە قىرىق كىشى بىلەن يولغا چىقىپ ئىبنى مەسلەمە قوشۇنى بەختسىزلىككە ئۇچرىغان جايغا قاراپ ماڭدى، ئۇلار كېچىلەپ پىيادە يول يۈرۈپ تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ بەنى سۈئلەبە دىيارىغا يېتىپ باردى - دە شۇ ھامان ھۇجۇمنى باشلىۋەتتى دۈشمەن تاغ - قىرلارغا قېچىۋېلىپ قوشۇننى ئۇۋاكيسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار بىر ئادەمنى ئەسىر ئالغان ئىدى، ئۇ مۇسۇلمان بولدى ۋە نۇرغۇن قوي - چارۋىلارنى غەنىمەت ئېلىپ قايتىپ كەلدى.

4. زەيد ئىبنى ھارىسە قوشۇنى: ھىجرىيىنىڭ 6 - يىلى رەبىئولسانى ( 4 - ئاي)دا جەمۇمغا[2] ئەۋەتىلدى.

زەيد جەمۇمغا يېتىپ بېرىپ مۇزەينە قەبىلىسىدىن ھەلىمە ئىسىملىك بىر ئايالنى تۇتۇۋالغان ئىدى، بۇ ئايال ئۇلارنى بەنى سۇلەيمنىڭ ئادەملىرى بار جايغا باشلاپ باردى، ئۇ يەردە مۇسۇلمانلار نۇرغۇن تۆگە، قوي - چارۋىلارنى ۋە ئەسىر - ئولجىلارنى قولغا چۈشۈردى، زەيد غەنىمەت ئالغان ماللارنى ھەيدەپ مەدىنىگە قايتىپ كېلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ھېلىقى مۇزەيىنىلىك ئايالغا ئۆزىنىڭ ۋە ئېرىنىڭ ھۆرلىكىنى ئىلتىپات قىلدى.

5. يەنە زەيد ئىبنى ھارس قوشۇنى: ھىجرىيىنىڭ 6 - يىلى جەمادىيەلئولا (5 - ئاي)دا بىر يۈز يەتمىش كىشى بىلەن ئىيس دېگەن جايغا قۇرەيشلەرنىڭ تىجارەت كارۋىنىنى توسۇشقا ئەۋەتىلدى.

---

[1] غومرى ــ ئەسەد قەبىلىسىنىڭ سۇ مەنبەسى نامى
[2] جەموم بەنى سولەيمىنىڭ مەررى زەھراندىكى سۇ مەئبىنىنىڭ نامى

بۇ قېتىمقى يۇرۇشتە قۇرەيش تەرەپنىڭ كارۋاندىكى تىجارەت سەرمايىسى پۈتۈنلەي ئولجا ئېلىندى، رەسۇلۇللاھنىڭ كۈيئوغلى ئەبۇلئاس كارۋاننىڭ باش مەسئۇلى ئىدى، ئۇ كارۋاننىڭ مەدىنە تەرەپنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى پەملەپلا قېچىپ ئاستاغىنە مەدىنىگە كېلىپ زەينەبتىن پاناھلىق تىلىگەن ۋە ئۇنىڭدىن كارۋان ماللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى رەسۇلۇللاھدىن ئىلتىماس قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن، زەينەب ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلغانىدى، رەسۇلۇللاھ مۇھاجىرلارغا كارۋان ماللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەكلىپ بەردى. ئەمما مەجبۇرلىمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قوللىرىدىكى (ئۆلەشتۈرۈپ بىرىلگەن) ئاز-كۆپ، چوڭ-كىچىك ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئەبۇلئاس بۇ ماللار بىلەن مەككىگە قايتىپ بېرىپ ئامانەتنى ئۆز ئىگىلىرىگە تەگكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە شۇ ھامان مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلدى، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا(قىزى) زەينەبنى ئۈچ يېرىم يىلدەك ۋاقىتتىن كېيىن بۇرۇنقى نىكاھى بىلەن قېتىپ قويدى.

سەھىھ ھەدىستە: «رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئەبۇلئاسقا بۇرۇنقى نىكاسى بىلەن قېتىپ قويغان» دېيىلگەن، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ كاپىر ئەرلەرگە ھارام قىلىنغانلىقى(بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدىكى نىكاھ ئاجراپ كېتىدىغانلىقى-ت) توغرىسىدىكى ئايەت تېخى نازىل بولمىغانىدى. ئەمما رەسۇلۇللاھ ئۇنى يېڭى نىكاھ بىلەن قېتىپ قويغان ياكى ئۈچ يېرىم يىلدىن كېيىن ئەمەس، بەلكى ئالتە يىلدىن كېيىن بۇرۇنقى نىكاھ بىلەنلا قېتىپ قويغان» دېگەن ھەدىسلەر سەھىھ ئەمەس شۇنداقلا سەنەد (مەنبە)جەھەتتىمۇ ئىشەنچىلىك ئەمەستۇر. بۇنداق زەئىپ (سەنەدى ئاجىز) ھەدىسلارغا يۆلىنىۋالىدىغانلارنىڭ ئەجەپلىنەرلىك يېرى شۇكى: «ئۇلار ئەبۇلئاسنى ھىجرىيىنىڭ 8 - يىلى يىل ئاخىرلىرىدا مەككە ئىشغالىيتىدىن سەل ئىلگىرىراق مۇسۇلمان بولغان دېيىشىدۇ، ئاندىن بۇ گېپىنى يەنە بۇزۇپ: «زەينەب ھىجرىيىنىڭ 8- يىلى يىل بېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن» دېيىشىدۇ. بىز بۇ ھەقتە «بۇلۇغۇلمەرام» دېگەن كىتابقا يازغان ئىزاھات ۋە ئوبزورىمىزدا كەڭ كۇشادە توختالغانىدۇق بۇ يەردە تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز.

تېخى تارىخچى مۇسا ئىبنى ئوقبە بۇ ۋەقە[①] ئەبۇ بەسىر ۋە ئۇنىڭ پارتىزان ھەمراھلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان دېگەنلەرمۇ بار، لېكىن بۇ قاراش مەيلى سەھىھ (سەنەدى كۈچلۈك ئىشەنچىلىك) مەيلى زەئىف (سەنەدى ئاجىز) ھەدىسقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

6.يەنىلا زەيد ئىبنى ھارس قوشۇنى: «ھىجرىيىنىڭ 6- يىلى جەمادىيەلئاخىر(6-ئاي)دا تەرەف(مۇ؟) ياكى تەرەق(مۇ؟) دېگەن جايغا ئەۋەتىلدى.

زەيد ئىبنى ھارس 15 ئادەم بىلەن ئاتلىنىپ بەنى سۆئلەبە دىيارىغا يېتىپ بارغاندا بۇ يەردىكى بەدۋىلەر بەدەر تىكىۋەتتى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئۆزى قوشۇن تارتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قورقۇشۇپ كەتكەن ئىدى. نەتىجىدە زەيىد ئىبنى ھارس ئۇلارنىڭ20 تۆگىسىنى غەنىمەت ئېلىپ تۆت كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلدى.

---

① يەنى ئەبولئاس كاروننىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىش ۋەقەسى.

7.يەنىلا زەيد ئىبنى هارس قوشۇنى: ھىجرىيىنىڭ ئالتىنچى يىلى رەجەپ ئېيى(7 ـ ئاي)دا ۋادىقۇراغا ئەۋەتىلگەن.

زەيد 12 ئادەم بىلەن ۋادىلقوراغا دۈشمەننىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى. ئۇلار ئاتلىنىپ ۋادىقۇراغا يېتىپ بارغاندا ۋادىقورا ئاھالىسى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ توققۇز كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ئۈچ كىشى قېچىپ قۇتۇلۇۋالدى، ئۇلارنىڭ بىرسى زەيد ئىبنى هارس ئىدى.

8.خەبتى قوشۇنى(بەزىلەر بۇ قوشۇننى ھىجرىيىنىڭ 8 ـ يىلى رەجەپ ئېيىدا ئەۋەتىلگەن دېيىشىدۇ، لېكىن قوشۇننىڭ پائالىيەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا بۇ قوشۇننىڭ چوقۇم ھۇدەيبىيە ۋەقەسى (يەنى ھىجرىيىنىڭ 6 ـ يىلى يىل ئاخىرى)دىن ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ).

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىزنى رەسۇلۇللاھ ئۈچ يۈز ئادەم بىلەن قۇرەيشلەرنىڭ كارۋىنىنى توسۇشقا ئەۋەتتى ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنى ئەمىرى لەشكەر قىلىپ بەلگىلىدى، يول ئۈستىدە ئېغىر ئاچارچىلىققا يولۇقۇپ ھەتتا خەبتى دەرىخىنىڭ ياپراقلىرىنى يېيىشكە مەجبۇر بولدۇق،شۇڭا بۇ يۈرۈش خەبتى يۈرۈشى دەپ ئاتالدى، بىر كىشى ئۈچ تۆگە سويۇپ قوشۇننى ئوزۇقلاندۇردى، ئاندىن يەنە ئۈچنى سويدى، ئارقىدىن يەنە ئۈچنى سويدى ئاندىن يەنە سويماقچى بولۇۋىدى ئەبۇ ئوبەيدە ئۇنى قويمىدى، شۇ ئارىدا بىز دېڭىز بويىدىن ئەنبەر دەپ ئاتىلىدىغان بىر سۇ ھايۋىنىنى ئۇچرىتىپ ئۇنىڭدىن يېرىم ئايدەك يېدۇق ۋە ياغلاندۇق، ھەتتا ئەتلىرىمىز مايلىشىپ سەمىرىپ قالدۇق، ئەبۇ ئوبەيدە ئۇ ھايۋاننىڭ ئەگرى قوۋۇرغىسىدىن بىرىنىڭ ئىككى بېشىنى كۆمۈپ تۇرغۇزۇپ قوشۇن ئىچىدە بويى ئېگىز ئادەمنى تاللاپ تۆگىگە مىندۇرۇپ ھېلىقى قوۋۇرغا ئاستىدىن ئوتكۇزۇپ كۆردى، قايتىشتا ئۇنىڭ گۆشلىرىدىن ئوزۇقلۇق ئېلىۋالدۇق، مەدىنىگە قايتىپ كېلىۋىدۇق رەسۇلۇللاھقا ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرسەك: «ئۇ(ئەنبەر) ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن چىقىرىپ بەرگەن رىزىق ئىكەن، سىلەردە ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە بارمۇ بىزگىمۇ بېرىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز رەسۇلۇللاھقا ئۇ گۆشتىن ئەۋەتىپ بەردۇق».

يۇقىرىدىكى «ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىدىن قارىغاندا مەزكۇر قوشۇننىڭ ھۇدەيبىيە ۋەقەسىدىن بۇرۇن ئەۋەتىلگەنلىكى مەلۇم، چۈنكى مۇسۇلمانلار ھۇدەيبىيە ۋەقەسىدىن كېيىن(يەنى ھۇدەيبىيە ئەھدىنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن) قۇرەيش تەرەپنىڭ ھەر قانداق كارۋىنىغا چېقىلىشقا ئۇرۇنمىغان.

## بەنى مۇستەلەق غازىتى

ھىجرىيىنىڭ 6 ـ يىلى شەئبان

بۇ غازات گەرچە دائىرىسى كەڭ، ئۇرۇش مۇشەققىتى ئېغىر، ھەربىي جەھەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇلىشى كەڭ كۆلەملىك چوڭ غازات بولمىسىمۇ لېكىن بۇ غازات مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە داۋالغۇش ۋە مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلغان مۇناپىقلارنىڭ شەرمەندىلەرچە رەسۋالىقىنى ئاشكارىلاپ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە ئالىي جاناپ پەزىلەت، كىشىلىك

قەدرى ـ قىممەت ۋە ئاقكۆڭۈللۈكتىن ئىبارەت ئالاھىدە خىسلەت ئاتا قىلغان ھەمدە تەئزىر (جىنايى ئىشلار چارىسى)نىڭ يولغا قويۇلىشىغا سەۋەب بولغان ۋەقەلىكى جىددىي پەۋقۇلاددە ئەھمىيەتلىك غازاتتۇر.

بىز ئاۋۋال غازاتنى قوزغاشنىڭ سەۋەبى ۋە تەپسىلىي جەريانىنى سۆزلەپ ئۆتكەندىن كېيىن غازاتتا يۈز بەرگەن ۋەقەلىكلەرگە يورۇش قىلىمىز.

غازاتنى قوزغاشنىڭ سەۋەبى بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ھارس ئىبنى زىرارنىڭ پۈتۈن قەبىلىدىكىلەرنى شۇنىڭدەك باشقا قېرىنداش قەبىلىلەردىن ئۇنى قوللايدىغانلارنى بىرلەشتۈرۈپ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر رەسۇلۇللاھقا ئاڭلاندى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ بۇ خەۋەرنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بۇرەيدە ئىبنى ھەسىپ ئەسلەمىينى ئەۋەتتى، بۇرەيدە ئۇ يەرگە بېرىپ ھارس ئىبنى زىرار بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ رەسۇلۇللاھقا مەلۇم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ بەنى مۇستەلەق خەلقى ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەنلىكىنى جەزم قىلغاندىن كېيىن ساھابىلەرگە جىددىي ئۇرۇش چاقىرىقى چىقىرىپ مۇشۇ ئاي(شەئبان)نىڭ 2 ـ كۈنى مەدىنىدىن يولغا چىقتى بۇ قېتىم بۇرۇنقى غازاتلارغا قاتناشمىغان بىر بۆلۈك مۇناپىقلارمۇ چىققانىدى، مەدىنىدە ئۆز ئورنىدا زەيد ئىبنى ھارسنى قالدۇردى. يەنە بىر سۆزدە ئەبۇ زەرنى ئۈچىنچى بىر سۆزدە سۇمەيلە ئىبنى ئابدۇللاھنى قالدۇرغان » دېيىلگەن.

مۇشۇ ئەسنادا ھارس ئىبنى زىرار مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ  ئەھۋالىنى ئىگەللەش ئۈچۈن بىر جاسۇسنى پايلاقچىلىققا ئەۋەتكەن ئىكەن. مۇسۇلمانلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ جەھەننەمگە يولغا سېلىۋەتتى. ھارس ئىبنى زىرار ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى رەسۇلۇللاھنىڭ قوشۇن تارتىپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ جاسۇسلۇققا ئەۋەتكەن ئادىمىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق ساراسىمگە چۈشتى، ئەتراپتىكى قەبىلىلەردىن توپلانغان ياللانما قوشۇننىڭ ئەزالىرى بىر ـ بىرلەپ تاراپ كېتىشتى. رەسۇلۇللاھ مۇرەيسىئ[1] دېگەن جايغا يېتىپ بېرىۋىدى دۈشمەن جەڭگىۋار ھالەتكە ئۆتۈپ ئۇرۇشقا تەييارلاندى، شۇڭا رەسۇلۇللاھمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلىرىنى تۈزۈپ ئۇرۇشقا تەييارلاندى. مۇھاجىر مۇسۇلمانلارنىڭ ئەلەمى ئەبى بەكرگە ئەنسارلارنىڭ ئەلەمى سەئەد ئىبنى ئۇبادىگە تۇتقۇزۇلدى، ئىككى تەرەپ بىردەم ئوق ئېتىشىپ بىر ـ بىرىگە ھەيۋە كۆرسىتىشتى ئارقىدىن مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىدى، مۇشرىكلار مەغلۇپ بولۇپ نۇرغۇن ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالدى، رەسۇلۇللاھ نۇرغۇنلىغان ئاياللار، باللار، تۆگە ۋە قويلارنى غەنىمەت ئالدى. بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار تەرەپتىن پەقەت بىرلا كىشى شەھىد بولۇپ كەتتى، ئۇنى ئەنسارلاردىن بىرسى دۈشمەننىڭ ئادىمى دەپ ئويلاپ ئۆلتۈرۈپ قويغانىدى. يۇقىرىقىلار تارىخشۇناسلارنىڭ ئېيتقانلىرىدۇر، ئەمما ئىبنى قەييۇمنىڭ ئېيتىقىنىدا يۇقىرىدا باياندا خاتالىق بار، دېيىلگەن. چۈنكى، بۇ غازاتتا ئۆلۈش ـ ئۆلتۈرۈلۈش بولمىغان ، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا بىر سۇ بويىدا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغاپلا خوتۇن ـ بالا چاقىلىرىنى ۋە مال ـ مۈلۈك قوي ـ كالىلىرىنى غەنىمەت ئالغان.

---

[1] مورەيسىئ ـ قىزىل دېڭىز بويى تەۋلىكىدە قەدىد تەرەپتە بىر سۇ مەنبەئىيىنىڭ يەرلىك ئاتىلىشى.

سەھىھ ھەدىستىمۇ: «رەسۇلۇللاھ بەنى مۇستەلەق خەلقىگە ئۇلار تۇيماي قالغاندا ھۇجۇم قوزغىدى» دېيىلگەن دەيدۇ.

ئەسىرلەر ئىچىدە بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ھارس ئىبنى زىرارنىڭ قىزى جۇۋەيرىيەمۇ بار بولۇپ ئۇ سابىت ئىبنى قەيسكە تەقسىم بولغانىدى، سابىت ئۇنىڭ بىلەن تۆلەم تۆلەپ قۇتۇلۇشقا خەت ـ چەك پۈتۈشتى رەسۇلۇللاھ بۇنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ زىممىسىدىكى تۆلەمنى ئادا قىلىپ ئۇنى ئەمرىگە ئالدى، بۇ نىكاھتىن كېيىن مۇسۇلمانلار: «بەنى مۇستەلەق خەلقىنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېيىنئانا ـ قېيىنئاتا، قۇدا ـ باجىلىرى دېيىشىپ مۇسۇلمان بولغان يۈز ئائىلىلىك كىشىنى ئازات قىلىۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن جۇۋەيرىيە ئۆز خەلقىگە نىسبەتەن ئەڭ بەرىكەتلىك ئايال بولۇپ قالدى.

خوش... ئەمدى بىز بۇ غازاتتا يۈز بەرگەن ۋەقەلىكلەرگە كېلىدىغان بولساق يەنىلا بۇ ۋەقەلەرنىڭ باش قوزغاتقۇچى؛ نىفاقنىڭ خېمىر تۇرۇچى ۋە مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ۋە ئۇنىڭ قولچوماقچى شايكىلىرى بولغاچقا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە پەيدا قىلغان قۇتراتقۇلۇق ۋە ئىغۋاگەرچىلىك جىنايى ھەرىكەتلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## مۇناپىقلارنىڭ بەنى مۇستەلەق غازىتىدىن ئىلگىرىكى مەيدانلاردا ئوينىغان رولى

ئالدىنقى بابلاردا بىز مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتا قاتتىق ئۆچمەنلىك ساقلاپ كېلىۋاتاتتى، بولۇپمۇ رەسۇلۇللاھقا قارىتا گىنە ـ ئاداۋەت ئوتىدا لاۋۇلداپ كۆيەتتى، چۈنكى مەدىنە تەۋەسىدىكى ئەۋس، خەزرەج ئەرەبلىرى ئۇنى ئۆزلىرىگە ئالىي ھوقۇقلۇق شاھەنشاھ قىلماقچى بولغان بولۇپ، ئۇنىڭغا پادىشالىق تاج كېيگۈزۈش ئۈچۈن ئۈنچە ـ مەرۋايىت تىزىۋاتقان بىر پەيتتە مەدىنىگە ئىسلام دىنى كىرىپ خەلقنىڭ كۆزىنى ئاچقان ۋە ئىسلام بايرىقى ئاستىغا بىرلەشتۈرۈپ ئۇنى بولغۇسى شاھلىقتىن مەھرۇم قىلغان. شۇڭا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى: «مېنىڭ بولغۇسى شاھلىق ھوقۇقۇمنى تارتىۋالدى» دەپ قاراپ ئۇنىڭغا يوشۇرۇن ئۆچمەنلىك ساقلاپ يۈرەتتى دېگەننى بىر قانچە يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق.

ئۇنىڭ بۇ خىل ئۆچمەنلىك سۈيىقەستى ۋە گىنە ـ ئاداۋەت زەھەرخەندىلىكى ئۇ يالغاندىن مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلاشنىڭ ئالدى ـ كەينىلىرىدە خېلى كۆپ يەردە ئاشكارە بولۇپ قالغانىدى. بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ ياۋىداق ئېشەككە مىنىپ سەئەد ئىبنى ئۇبادىيىنىڭ كېسىلىنى كۆرگىلى كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە بىر سورۇندىن ئۆتتى، ئۇ سورۇندا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيمۇ بار ئىدى، ئۇ رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپلا چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن ئېغىز ـ بۇرنىنى ئېتىپ: «بىزگە ئازار بەرمەڭلار» دېدى. رەسۇلۇللاھ توختاپ مەجلىس ئەھلىگە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بېرىۋىدى ئابدۇللا يەنە بىلجىرلاپ: «سەن بىزنىڭ سورۇنلىرىمىزغا بۇنداق بېسىپ كەلمەي ئۆيۈڭدە ئولتۇرۇپ بۇ گېپىڭنى قېشىڭغا بارغانلارغا ئېيتىپ بەرگىن» دېدى.

مانا بۇ ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي مۇناپىقنىڭ(يالغانلاردىن) مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىشىنىڭ ئالدىدىكى قىلمىشلى ئىدى. ئەمما ئۇ بەدرى ئۇرۇشىدىن كېيىن كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ يەنىلا ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىن مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىشتا قىلچە بوشاشمىدى، ئۇ داۋاملىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى پارچىلاش ۋە ئىسلام كەلىمىسىنى خۇنۇكلاشتۇرۇشنىلا ئويلايتتى. ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن دوس تارتىپ ئۇلار بىلەن ئىغىز-بۇرۇن يالىشاتتى. ئىلگىرىكى باپلاردا بايان قىلغىنىمىزدەك ئۇ بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشىغىمۇ چاتكىرىۋالدى، شۇنىڭدەك يەنە ئوھۇد غازىتىدا مۇسۇلمانلار ئارىسىغا ئىدىيىۋي داۋالغۇش ۋە تەپرىقچىلىق سېلىپ ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ھەربىي سېپىنى پارچىلاش ئۈچۈن قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى.

بۇ مۇناپىق قاتتىق ھىيلىگەر، ئالدامچىلىقىدىن ئۇ يالغاندىن مۇسۇلمان بولغانىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپلا مەسچىت نەبەۋىنىڭ مىھراپىتىلا ئولتۇرىۋالىدىغان بولدى، رەسۇلۇللاھ ھەر جۈمە خۇتبىگە چىقىپ مۇنبەردە ئولتۇرسا ئۇ مۇنبەرنىڭ يېنىغا بىرىپ: «خالايىق! مانا بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، ئاللاھ سىلەرنى ئۇنىڭ بىلەن ھۆرمەتلىدى ۋە ئۇلۇغلىدى، شۇڭا ئۇنى قوللاڭلار! ئۇ ھازىر سىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ بېرىدۇ ئوبدان ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىڭلار» دەپ قوپۇپ ئاندىن ئولتۇراتتى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئېسىل ئەخلاقى بىرەر ئادەمنى كىشلەر ئارىسىدا خىجىل قىلمايدىغان بولغاچقا ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيتتى.

بۇ مۇناپىقنىڭ ئەڭ شەرمەندە يېرى شۇ يەردىكى ئۇ ئوھۇد غازىتىدىن كېيىنكى ھەپتىسىدىكى جۈمەدە(ئالدىنقى ھەپتىسى تېخى مۇسۇلمانلارغا خائىنلىق قىلىپ ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن تۇرۇقلۇق) ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە گېپىنى قىقىپ بۇرۇنقى قېلىپلاشقان سۆزلىرىنى دېمەكچى بولغانىدى، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ پىشىنى تارتىپ: «ئۆلتۇر! خۇدانىڭ دۈشمىنى ئۆلتۇر! سەن بۇ يەردە تۇرۇپ سۆز قىلىشقا لايىق ئەمەس ئۆتكەن ھەپتە نېمىلەرنى قىلمىدىڭ؟» دېگەنىدى، ئۇ ئۆرۈلگىنىچە كىشلەرنىڭ گەجگىسىدىن ئاتلاپ چىقىپ كېتىۋېتىپ: «ئەزبىرايى خۇدا گويا مەن خاتا گەپ قىلىدىغاندەك ... مەن تېخى ئۇنىڭ گېپىنى قوللاۋاتسام ...» دەپ كۆپچىلىككە كۆزلىرىدىن زەھەر ياغدۇرۇپ ھومىيىپ چىقىپ كەتتى. ئەنسارلاردىن بىر كىشى ئۇنىڭغا مەسچىت دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇچراپ: «ھەي سېنى بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ كەينىڭگە يانغىن، رەسۇللاھ ساڭا ئىستىغفار تىلسۇن» دېگەنىدى ئۇ: «ماڭا ئۇنىڭ ئىستىغفارىنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ قويۇپ كەينىگىمۇ قارىماي كېتىپ قالدى.

ئۇنىڭ يەنە بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى بىلەن بۇرۇندىن تارتىپ ناھايىتى قويۇق باردى-كەلدىسى بار بولۇپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلار مۇھاسىرىگە ئالغان كۈنى ئۇ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ: «ئەگەر(يۇرتۇڭلاردىن) چىقىرىلساڭلار، بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە چىقىپ كېتىمىز. سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىلسا چوقۇم سىلەرگە ياردەم قىلىمىز» دېدى.

شۇنىڭدەك يەنە ئەھزاب(قەبىلە بىرلەشمىسى) ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيۋە ئۇنىڭ شايكىلىرى مۇئمىنلەر ئارىسىغا زىدىيەت ۋە پىتنە ـ پاساد ئۇرۇغىنى چېچىش ۋە ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە تاشلاشتەك ئېغۋاگەرچىلىك قىلمىشلىرى بىلەن شوغۇللاندى. بۇ ھەقتە ئاللاھ سۈرە ئەھزابتا مۇنداق بايانلارنى بىرىدۇ: ﴿وَإِذْ يَقُولُ الْمُنَافِقُونَ وَالَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ مَّا وَعَدَنَا اللَّهُ وَرَسُولُهُ إِلَّا غُرُورًا (12) وَإِذْ قَالَت طَّائِفَةٌ مِّنْهُمْ يَا أَهْلَ يَثْرِبَ لَا مُقَامَ لَكُمْ فَارْجِعُوا وَيَسْتَأْذِنُ فَرِيقٌ مِّنْهُمُ النَّبِيَّ يَقُولُونَ إِنَّ بُيُوتَنَا عَوْرَةٌ وَمَا هِيَ بِعَوْرَةٍ إِن يُرِيدُونَ إِلَّا فِرَارًا (13)﴾ ئەينى ۋاقىتتا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلار:« الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزلەرگە قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلىپتىكەن» دېيىشەتتى( 12).ئەينى ۋاقىتتا ئۇلاردىن بىر گورۇھ ئادەم :« ئى يەسرەبلىكلەر! بۇ يەردە تۇرماي قايتىڭلار! » دېيىشەتتى، ئۇلاردىن يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم:« بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن ئوچۇقچىلىقتا » دېيىشىپ، پەيغەمبەردىن رۇخسەت سورىشاتتى،بۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقچىلىقتا ئەمەس، ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايدۇ » (سۈرە ئەھزاب 12 ـ 13 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتتىن تاكى ﴿يَحْسَبُونَ الْأَحْزَابَ لَمْ يَذْهَبُوا وَإِن يَأْتِ الْأَحْزَابُ يَوَدُّوا لَوْ أَنَّهُم بَادُونَ فِي الْأَعْرَابِ يَسْأَلُونَ عَنْ أَنبَائِكُمْ وَلَوْ كَانُوا فِيكُم مَّا قَاتَلُوا إِلَّا قَلِيلًا﴾ « ئەگەر ئىتتىپاقداش قوشۇن قايتا كەلسە،ئۇلار(قىردا)ئەئرابىلارنىڭ (يەنى قىر ئەرەبلىرىنىڭ)يېنىدا تۇرۇپ سىلەرنىڭ خەۋەرلىرىڭلارنى ئۇقۇقاچ (تىنچ يېتىشىنى) ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلار (ئۇرۇش ۋاقتىدا) ئاراڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ، (قورققانلىقتىن) جەڭگە (رىيا قىلىپ) ئاندا ـ ساندا قاتناشقان بولاتتى» (سۈرە ئەھزاب 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەتلەرگىچە بولغان ئارىلىقتا بايان قىلىنغان ئەھۋاللار ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئىدى.

لېكىن، يەھۇدىيلار، مۇناپىقلار ۋە مۇشرىكلاردىن ئىبارەت ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ بۇنداق تېز كېڭىيىپ بۇ تەۋەلىكتە ئاسانلا ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىپ قىلىشى ھەرگىز ئۇنىڭ ماددىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكى، قورال ـ ياراقلىرىنىڭ سەرخىللىقى ۋە قوشۇنىنىڭ سانى ۋە سۈپىتىنىڭ كۆپ ھەم ئىلغار بولغانلىقىدا ئەمەس بەلكى ئۇنىڭدىكى بىردىن ـ بىر سەۋەب ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتى، تەشەببۇسى، بۇ دىنىنىڭ مەقسىتى، شۇنداقلا بۇ دىندىكى ئۆزگىچە خىسلەت، ئارتۇقچىلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۇبدان بىلەتتى.

ئۇلار يەنە ئىسلام دىنىدىكى بۇ ئارتۇقچىلىقلارنىڭ باش مەنبەئى ۋە ئاشۇ گۈزەل ئەخلاقى پەزىلەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى (ئەڭ ئالىي) ئۈلگىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى، بولۇپمۇ ئۇلار ئۆتكەن بەش يىل مابەينىدىكى جەڭ مەيدانلىرىنى بىر قۇر ئەسلىگەندىن كېيىن بۇ دىننى ۋە ئۇنىڭ ئېتىقادچىلىرىنى قورال كۈچى ئارقىلىق يوقۇتۇشنىڭ قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى ـ دە، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاشۇ مەقسىتى ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ئەنئەنىلىرىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ بۇ دىنغا قارشى كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات، ئىدىئولوگىيە(سىياسى) ئۇرۇشى قوزغاشنى ۋە بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتىنى يەنىلا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتى قىلىشنى قارار قىلىشتى، مۇناپىقلار مۇسۇلمانلار سېپىدە بولغانلىقى، بولۇپمۇ مەدىنىگە يەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن

مۆئمىن ـ مۇسۇلمانلار بىلەن كەڭ ـ كۇشادە، بىمالال ئارىلىشالايتتى ۋە ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاپ ئېغۋا تارقىتالايتتى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مەزكۇر تەتۈر تەشۋىقات ئۇرۇشى ھەرىكىتى ۋەزىپىسىنى مۇشۇ مۇناپىقلار ئۈستىگە ئالدى ئۇلارنىڭ باش مەسئۇلى يەنىلا ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ئىدى.

شۇنداق ... دىن دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ پىلانى ئەھزاب غازىتىدىن كېيىن مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى زەينەب بىنتى جەھىش( بۇرۇنقى ئىبرى) زەيد ئىبنى ھارس(رەسۇلۇللاھنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى)دىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۇنى نىكاھىغا ئالغاندا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەندى. ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە باقما ئوغۇلنى نەسلى ئوغۇل بىلەن ئوپ ـ ئوخشاش دەپ قارايتتى، شۇڭا باقما ئوغۇلنىڭ نىكاھىغا ئېلىپ قويۇۋەتكەن خوتۇنىمۇ بېقىۋالغۇچى كىشى ئۈچۈن قەتئىي ھارام ئىدى، رەسۇلۇللاھ زەينەب بىنتى جەھشىنى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن نىكاھىغا ئېلىۋېدى، مۇناپىقلار رەسۇلۇللاھ ئۈستىدىن پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ ئۇنىڭ خەلقى ئالەم ئالدىدىكى يۈزىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق ئىككى ئىشنى دەستەك قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقتى.

1.رەسۇللاھنىڭ بۇ ئايالى زەينەب! ئۇنىڭ بەشىنچى خوتۇنى بولۇپ قالدى ۋەھالەنكى قۇرئان كەرىم بىر ئەر تۆتتىن زىيادە خوتۇنلۇق بولۇشقا رۇخسەت قىلمىغان تۇرسا ئۇنىڭغا قانداقسىگە بەش خوتۇنلۇق بولۇش دۇرۇس بولۇپ قاپتۇ؟

2.زەينەب بىنتى جەھش ئۇنىڭ(بېقىۋالغان) ئوغلىنىڭ نىكاھىغا ئېلىپ قويۇۋەتكەن خوتۇنى تۇرسا (بىز) ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئورپ ـ ئادىتىمىز بويىچە ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىش ئەڭ قەبىھ گۇناھى كەبىرە ئەمەسمۇ؟

ئۇلار بۇ ھەقتە نۇرغۇن تەتۈر تەشۋىقاتلارنى ۋە سۆز ـ چۆچەكلەرنى توقۇپ:

«مۇھەممەد(رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام) زەينەبنى ئۇ دىققەتسىز تۇرغان ھالىتىدە كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭ نازاكەتلىك گۈزەل قامىتى ۋە ھۆسنى جامالىدىن خۇدىنى يوقىتىپ ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بولۇپ قاپتۇ. قەلبى بىتاب ۋە تاقىتى تاق بولۇپ كېتىپتۇ ئۇنىڭ (بېقىۋالغان) ئوغلى زەيد ئىبنى ھارس بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئاتىسى ئۈچۈن ئايالىدىن چۈشۈپ بېرىپتۇ»، دېگەندەك رەزىل ئەپسانىنى ئويدۇرۇپ تارقاتتى، ئۇلار بۇ ئويدۇرما ئەپسانىسىنى شۇ دەرىجىدە كۈچەپ تارقاتقاچقا بۇ تەشۋىقات بەزى ئىمانى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا خېلى مەھكەم سىڭىپ، قىسمەن تەپسىر ۋە ھەدىس كىتابلىرىدا تا ھازىرقى دەۋرىمىزگە قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە ئاخىرى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلىپ كىشىلەرنىڭ دىللىرىدىكى شەك ـ شۈبھى كېسەللىرىنى داۋالايدىغان شىپالىق رېتسىپلارنى بايان قىلدى.

ئاللاھ بۇ خىل پىتنە ئىغۋا سۆز ـ چۆچەكلىرىنىڭ ناھايىتى كەڭ دائىرىدە تارقالغانلىقىنى ئېلان قىلىپ سۈرە ئەھزابنى تۆۋەندىكى سۆزى ﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ اتَّقِ اللَّهَ وَلَا تُطِعِ الْكَافِرِينَ وَالْمُنَافِقِينَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا﴾ «ئى پەيغەمبەر! الله غا تەقۋادارلىق قىلىشنى (داۋاملاشتۇرغىن)،كافىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، الله ھەقىقەتەن (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر،(ئۇلار نىڭ ئىشلىرىنى)ھېكمەت بىلەن باشقۇرغۇچىدۇر» (سۈرە ئەھزاب 1 ـ ئايەت) بىلەن باشلىدى.

خوش... يۇقىرىقىلار مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىككى يۈزلىمچى خائىن، مۇناپىقلارنىڭ بەنى مۇستەلەق غازىتىدىن كېيىنكى بۇزغۇنچىلىق قىلمىشلىرىنىڭ يەڭگىللىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يولسىزلىقلارنىڭ ھەممىسىگە سەبر ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىپ كەلگەنىدى، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىمۇ بۇلارنىڭ شەررىدىن ھامان پەخەس تۇراتتى ياكى چىشىنى چىشلەپ ئۆزىنى بېسىۋالاتتى. چۈنكى بۇ مۇناپىقلار ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى كالامى ﴿اولا يرون انهم يفتنون فى كل عام مرة او مرّتين ثم لا يتوبون ولاهم يذّكّرون﴾ «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر يىلى بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم سىنىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇلار توغرىسىدا ۋەھيى نازىل بولۇپ، سىرلىرىنىڭ پاش قىلىنىدىغانلىقىنى) بىلمەمدۇ؟ ئاندىن ئۇلار تەۋبە قىلمايدۇ (يەنى نىفاقتىن قايتمايدۇ). ئىبرەتمۇ ئالمايدۇ» (سۈرە تەۋبە 126 ـ ئايەت)نىڭ مەزمۇنى بويىچە ھەممىگە مەلۇملۇق مۇناپىقلاردىن بولۇپ كەتكەنىدى.

## مۇناپىقلارنىڭ بەنى مۇستەلەق غازىتىدا ئوينىغان رولى

بەنى مۇستەلەق غازىتى يۈرۈشىدە مۇناپىقلار ئاللاھ ئېيتقاندەك ﴿وَلو خَرَجُواْ فِيكُم مَّا زَادُوكُمْ إِلاَّ خَبَالاً ولأَوْضَعُواْ خِلاَلَكُمْ يَبْغُونَكُمُ الْفِتْنَةَ وَفِيكُمْ سَمَّاعُونَ لَهُمْ وَاللّهُ عَلِيمٌ بِالظَّالِمِينَ﴾ «ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىرلىكتە چىققان بولسا، ئاراڭلاردا پەقەت پىتنە ـ پاساتنى كۆپەيتەتتى، ئاراڭلارغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن چوقۇم سۇخەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى» (سۈرە تەۋبە 47 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) مەقسەتتە مۇسۇلمانلار سېپىگە قوشۇلۇپ بىرگە چىققانىدى. ئۇلار بۇ غازات جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ زەھەرلىك سىبسىق نەپەسلىرىنى چېچىشقا مۇنداق ئىككى يوچۇق تاپتى، نەتىجىدە ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېغىر توقۇنۇش پەيدا قىلدى ۋە يوقىلاڭ ئېغۋالارنى تارقىتىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئوبرازىغا ئېغىر شانائەت كەلتۈردى، تۆۋەندىكى قۇرلار ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ تەپسىلاتىدۇر.

## مۇناپىقلارنىڭ: «مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز ئادەم(ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىنى دېمەكچى) ئەڭ خار ئادەمنى (رەسۇلۇللاھنى ۋە مۇئمىنلەرنى) مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ» دېگەنلىكى

رەسۇلۇللاھ جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىنمۇ تېخىچە مۇرەيسىئ(سۇنىڭ نامى) بويىدىن ئايرىلمىغان ئىدى. قوشۇننىڭ سۇ توشۇغۇچىلىرى كېلىپ كېتىپ جەددىي سۇ توشۇۋاتاتتى، سۇ توشىغۇچىلار ئىچىدە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ جەھجاھولغىپارى ئىسىملىك بىر خىزمەتكارى بار بولۇپ ئۇ سىنان ئىبنى ۋەبرىلجۇھەنى بىلەن نۆۋەت تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالدى، نەتىجىدە سىنانولجۇھەنى: «ئەنسارى بولساڭ كەل!» دەپ توۋلىدى، جەھجاھ: «مۇھاجىر بولساڭ كەل» دەپ، ياردەمگە ئادەم چاقىردى. رەسۇلۇللاھ بۇنى ئاڭلاپ: «جاھىلىيەتچە تەرەپبازلىق دەۋالىرىنى يەنە كۆتۈرۈپ چىقامسىلەر؟ ئۇ سۇنى

تۆكۈۋېتىشلار، ئۇ سېسىق ئىكەن» دېدى. ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي بۇ جېدەل ـ ماجرانىڭ تەپسىلاتىنى ئاڭلاپ خاپا بولۇپ بىر توپ خەزرەجلىك كىشىلەر ئالدىدا(ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋىجدانلىق يىگىت زەيد ئىبنى ئەرقەممۇ بار ئىدى): «ئۇلار (مۇھاجىرلارنى دېمەكچى ـ ت) شۇنداق قىلدىمۇ تېخى؟! بىز ئۇلارنى يۇرتىمىزغا چۈشۈردۇق ئۆي ـ ماكانلىرىمىزغا باشلىدۇق، ئەمدى ئۇلار بىزنى ئۇرغۇدەك بوپتۇمۇ؟! «ۋاپاغا جاپا» دېگەن شۇ، ئەزبىرايى خۇدا، بىز مەدىنىگە قايتىپ بارغان هامان ئۇلارنى مەدىنىدىن چوقۇم قوغلاپ چىقىرىمىز» دېدى. ئاندىن يەنە ئەتراپىدىكىلەرگە تاپا تەنە قىلىپ: «بۇ خورلۇقنىڭ ھەممىسىگە ئۆزۈڭلار سەۋەبچى بولدۇڭلار، ئۇلارنى يۇرتۇڭلارغا چۈشۈردۈڭلار، ماللىرىڭلارنى تەڭ بۆلۈشتۈڭلار، قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارغا ھېچ نەرسە بەرمىگەن بولساڭلار ئەلۋەتتە باشقا يەرلەرگە كېتىشەتتى» دېدى. زەيد ئىبنى ئەرقەم بۇ گەپنى تاغىسىغا ئېيتتى، تاغىسى كېلىپ رەسۇلۇللاھنى ۋاقىپلاندۇردى، بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا ئۆمەر ئىبنى خەتتابمۇ بار ئىدى. بۇنى ئاڭلاپ ئۆمەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇبباد ئىبنى بىشرنى بۇيرىغىن بۇ مۇناپىقنى يوغۇشتۇرۇۋەتسۇن» دېگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىشىلەر سۆز تارقىتىپ مۇھەممەد ئۆز ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ» دېسە قانداق بولىدۇ. ئى ئۆمەر؟! ھەرگىز ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ، لېكىن سەن دەرھال قوزغىلىش بۇيرۇقى ئېلان قىلغىن» دېدى بۇ ئادەتتە يول يۈرۈش ناھايىتى بىئەپ ۋاقىت ئىدى. پەرمانغا ئاساسەن قوشۇن نائىلاج قوزغىلىپ يولغا چىقتى، بۇ چاغدا ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى ۋە ئۇنىڭدىن بۇنداق غەيرى ۋاقىتتا ئاتلىنىش بۇيرۇقى بېرىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ: «سەن ھېلىقى جەمەتدىشىڭنىڭ نېمە دېگىنىنى ئۇقمىدىڭمۇ؟» دېدى، ئۇسەيد: «ئۇ نېمە دەپتۇ؟ » دېۋېدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇ مەدىنىگە قايتىپ بارغاندا «مۇھاجىرلارنى قەتئى قوغلاپ چىقىرىمەن»دەپ يۈرۈپتۇغۇ؟» دېدى. ئۇسەيد: «بەلكى سەن ئى رەسۇلۇللاھ! خالىساڭ ئۇنى مەدىنىدىن قوغلاپ چىقىرالايسەن، ئەزبىرايى خۇدا، ئۇ ھەقىقەتەن خار ـ زەبۇن،سەن ئەزىزدۇرسەن» دېدى. ئاندىن يەنە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭغا ئىللىق سىياسەت مۇئامىلە قىلغىن، مەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا شاھلىق تاجى كەيگۈزۈش ئۈچۈن ئۈنچە ـ مەرۋايىت تىزىۋاتقاندا ئاللاھ بىزگە سېنى كەلتۈرۈپ بەردى. ئۇ ھازىر سېنى بولغۇسى‹شاھلىقىم›نى تارتىۋالدى»دەپ تەتۈر بېقىۋاتىدۇ» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ قوشۇن بىلەن شۇ كۈنى پۈتۈن بىر كۈن ۋە كېچىسى توختىماي يول يۈردى، ھەتتا ئەتىسى كۈن كۆتۈرۈلگەنىدىن كېيىن ئاندىن بىر مەنزىلگە چۈشۈۋىدى قوشۇن جىم ـ جىت ئۇيقۇغا كېتىشتى، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇنداق قىلىشى كىشىلەرگە بىكار پاراڭ سېلىشقا ئورۇن بەرمەسلىك ئۈچۈن ئىدى.

ئەمما ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ئۆز گېپىنىڭ زەيد ئىبنى ئەرقەم ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا ئاڭلىنىپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە : «مۇنداق گەپلەرنى قىلغۇچى بولمىدىم، ھەتتا كۆڭلۈمگىمۇ كەلتۈرمىدىم» دەپ ئاللاھنى ئارىغا سېلىپ قەسەم ئىچتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ئەنسارلار: «ئى رەسۇلۇللاھ، زەيد ئىبنى ئەرقەم تېخى كىچىك گۆدەك بالا ئۇنىڭ گېپىنى ياخشى ئاڭلىيالماي خاتا ئويلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ

ئۇنىڭ قەسىمىنى قۇۋۋەتلىدى. بۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەينىڭ گېپىگە ماقۇل بولۇپ ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلدى.

زەيىد ئىبنى ئەرقەم مۇنداق دەيدۇ: «بۇ چاغدا ماڭا يەتمىگەن ئوي-خىياللار يېتىپ ئېغىر غەم بېسىۋالدى، ھەتتا ئۆيدىنمۇ چىقمىدىم. شۇ ھالەتتە ئاللاھ: ﴿هُمُ الَّذِينَ يَقُولُونَ لَا تُنفِقُوا عَلَى مَنْ عِندَ رَسُولِ اللَّهِ حَتَّى يَنفَضُّوا ﴾ «رەسۇلۇللەنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرنى تەمىنلىماڭلار، ئۇلار تاراپ كەتسۇن» دەيدۇ »(سۈرە مۇنافىقۇن 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)غىچە ۋە ﴿ يَقُولُونَ لَئِن رَّجَعْنَا إِلَى الْمَدِينَةِ لَيُخْرِجَنَّ الْأَعَزُّ مِنْهَا الْأَذَلَّ وَلِلَّهِ الْعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِ وَلِلْمُؤْمِنِينَ ﴾ «ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار): «مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز ئادەم (يەنى ئابدۇللا ئىبن ئۇبەي ۋە مۇناپىقلار ئۆزلىرىنى دىمەكچى) ئەڭ خار ئادەمنى (يەنى رەسۇلۇللەنى، مۆمىنلەرنى دىمەكچى) مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ» دېيىشىدۇ »(سۈرە مۇنافىقۇن 8- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)دېگەن ئايەتلەرغىچە نازىل قىلدى ۋە شۇ ھامان رەسۇلۇللاھ ماڭا ئادەم ئەۋەتىپ يۇقىرىقى ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىپ: «ئاللاھ سېنى راستقا چىقاردى» دېدى.

بۇ مۇناپىقنىڭ ئوغلى(ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئوبەي) سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، ياخشى ساھابىلەردىن ئىدى، ئۇ بۇ قېتىم ئاتىسىدىن «ئاتا-بالىلىق»تىن ۋاز كېچىپ قىلىچىنى بىلەپ مەدىنە يول ئېغىزىدا تۇرۇۋالدى، قوشۇن مەدىنىگە يېتىپ كېلىپ ئاتىسى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي كىرىپ كېلىۋىدى ئۇنىڭغاقىلىچ تەڭلەپ: « ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، رەسۇلۇللاھ سېنى مەدىنىگە كىرىشكە رۇخسەت قىلمىغۇچە، مەن سېنى كىرگۈزمەيمەن. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەزىز، سەن بولساڭ ھەقىقى خار» دەپ ئۇنى توختىتىپ تۇردى. رەسۇلۇللاھ كېلىۋىدى، ئۇنىڭغا ئىزنى قىلدى ۋە ئاندىن مەدىنىگە كىرەلىدى. ئابدۇللا ئىبنى ئوبەينىڭ بۇ ئوغلى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ناۋادا ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىنى خالاپ قالساڭ مېنى بۇيرىغىن، ئەزبىرايى خۇدا! ئۇنىڭ بېشىنى ئالدىڭغا ئۆزۈم ئېلىپ كېلىمەن» دېدى.

## ئائىشىگە چاپلانغان تۆھمەت

بەنى مۇستەلەق غازىتى جەريانىدا يەنە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تۆھمەت چاپلاش ۋەقەسى يۈز بەردى. ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: رەسۇلۇللاھ بۇ غازاتتا چەك تاشلاش ئارقىلىق ئاياللىرىدىن ئائىشە بىنتى ئەبۇبەكرىنى بىللە ئېلىپ چىققانىدى، رەسۇلۇللاھ بۇنىڭ ئالدىدىمۇ شۇنداق قىلاتتى. قوشۇن غازاتتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ بىر جايدا كېچىلىك قونالغۇغا چۈشكەن ئىدى. ھەزرىتى ئائىشە ھاجەت ئادا قىلىش ئۈچۈن كاجۋىسىدىن چىقىپ قايتىشىدا ھەمشىرىسىدىن ئارىيەت ئالغان بىر مۇنچىقىنى يۈتتۈرۈپ قويىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىقى مۇنچاقنى ئىزلەشكە كىرىشىپ كەتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ كاجۋىسىنى كۆتۈرىدىغانلار ئائىشىنى «كاجۋىدا بار» دەپ ئويلاپ كاجۋىنى تۆگىگە ئارتتى-دە قوشۇن بىلەن يۈرۈپ كەتتى، ئۇنىڭ يېنىكلىكىدىن كاجۋىنىڭ ئىچىدە بار-يوقلۇقى ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەنىدى، چۈنكى ئائىشە ئۇ چاغلاردا تېخى كىچىك نېپىز قىزچاق بولۇپ ئېغىرلىقى مەلۇم بولمىغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ

كاجۋىسىنى بىر قانچە كىشى كۆتۈرگەن بولغاچقا ئۇنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكى ھېچقايسىسىگە بىلىنمىدى، ناۋادا ئۇنى بىر ياكى ئىككى ئادەم كۆتۈرگەن بولسىدى، ئەلۋەتتە بىلگىلى بولاتتى. شۇنداق قىلىپ ئائىشە مۇنچىقىنى تېپىپ قوشۇن چۈشكەن جايغا كەلسە قوشۇننىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. شۇڭا ئائىشە: «ئۇلار مېنى پات پۇرسەتتە چوقۇم ئىزلەپ كېلىدىغۇ» دەپ ئويلاپ قوشۇن چۈشكەن جايدا ئولتۇرۇپ تۇردى، ئاللاھ ئۆز ئىشىغا ھامان غالىبتۇركى ئەرشى ئەلا ئۈستىدە ئىشلارنى خالىغانچە تەسەررۇپ ۋە تەدبىر قىلغۇچىدۇر. ئائىشە ئولتۇرۇپ-ئولتۇرۇپ بىر چاغدا ئۇيقۇغا ئەسىر بولۇپ كۆزى يۇمۇلدى-دە، بىر چاغدا سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەلنىڭ: ﴿إِنَّا لِلّهِ وَإِنَّــا إِلَيْهِ رَاجِعونَ ﴾: «بىز ئاللاھ ئىلكىدە تۇرىمىز، يەنە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىمىز» («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەر 156 - ئايەت) دەپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالىغۇ بۇ؟» دېگەن ئاۋازى بىلەن تەڭ ئويغاندى.

سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل ئالدىنقى مەنزىلدە ئۇخلاپ قېلىپ كېينرەك ئۇيغىنىپ قوشۇننىڭ كەينىدىن يېتىپ كەلگەندى، ئۇ ئائىشىنى مەستۇرە بولۇشنىڭ ئالدىدا كۆرگەن بولغاچقا يىراقتىن بىر كۆرۈپلا تونۇۋالدى-دە : ﴿ إِنَّا لِلّهِ وَإِنَّــا إِلَيْهِ رَاجِعونَ ﴾ دەپ تەنبىھ بەردى، ئاندىن تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ ئائىشىگە ئىشارەت قىلدى. سەپۋان ئائىشىگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، ئائىشىمۇ سەفۋاننىڭ ﴿ إِنَّا لِلّهِ وَإِنَّــا إِلَيْهِ رَاجِعونَ ﴾ دېگەن سۆزىنىلا ئاڭلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئائىشە سەپۋاننىڭ تۆگىسىگە مىندى سەفۋان تۆگىسىنى يېتىلەپ يولغا راۋان بولدى. ئاخىرى بىر چاغدا قوشۇننىڭ كەينىدىن يېتىپ كېلىۋىدى بۇ چاغدا قوشۇن چۈشلۈك دەم ئېلىشقا قويۇۋېتىلگەن ئىدى. كۆپچىلىك ئەھۋالنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قېلىشتى. بىباك بەتقىلىقلار ھەر قايسىسى ئۆزىگە مۇناسىپ گەپ قىلدى ۋە ئېغىزىغا كەلگەنچە كوتۇلدىغىلى تۇردى. دەل بۇ چاغدا پەسكەش مەلئۇن ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەينىڭ كوڭلى-كۆكسى يايراپ، گۇل قەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، ئىچ-ئەزالىرىنى ئۆرتەپ مۇناپىقلىقنىڭ بۇس-بۇخارلىرى كەڭ-كۇشادە ئۆرلەپ، قوشۇننىڭ ساپ مۇھىتىنى بولغىۋەتتى ۋە بەدنامىنى كۆزى كۆرگەندەك تۇقۇپ بىرگە ئوننى قوشۇپ يېيىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ شايكىلىرى تۆھمەتكە ئائىت گەپ-سۆزلەرنى توقۇپ يەتكۈزۈپ ئۇنى خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ ئۇنىڭ ئالدىدا ياخشىچاق بولۇشقا تىرىشاتتى. قوشۇن مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلار بۇ يالغان-ياۋىداق سۆز - چۆچەكلەرنى مەدىنىگە پۇر قىلىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سەبرى قىلىپ بىر قانچە كۈننى ئۆتكۈزدى، ئاندىن كېيىن(ۋەھىي توختاپ قالغاچقا) ساھابىلەردىن بىر قانچە كىشىگە ئائىشىدىن ئايرىلىپ كېتىش توغرىسىدا مەسلەھەت سالدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىپ باشقىدىن ئۆيلىنىشكە گەپ ئەگىتىپراق مەسلەھەت بەردى، ئەمما ئۇچۇق ئېچىپ دېمىدى، ئۇسامە ۋە باشقىلار ئائىشىنى ساقلاۋېرىشنى، دۈشمەننىڭ ئىغۋاسىغا قۇلاق سالماسلىقنى ئېيتتى.

شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ مۇنبەرگە چىقىپ سۆز قىلىپ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي قاتارلىقلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلىسىگە بەدنام چاپلاشقا نېمە ئاساسى بارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا ئۇسەيد ئىبنى ھوزەير(ئەۋس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى) ئۆزىنىڭ ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەينى ئولتۇرۇۋېتىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتتى، بۇنى

ئاڭلاپ سەئەد ئىبنى ئوبادە(ئابدۇللا ئىبنى ئوبەيىنىڭ قەبىلىسى بولغان خەزرەج قەبىلىسىنىڭ باشلىقى)نىڭ قەبىلەۋازلىقى تۇتۇپ، ئىككەيلەن تاكاللىشىپ قېلىپ مەسچىتنىڭ ئىچىدىلا ئىككى قەبىلە تۇتىشىپ كەتكىلى تاسلا قالدى، بۇ چاغدا رەسۇلۇللا مۇنبەردىن چۈشۈپ ئىككى تەرەپكە ھاي بېرىپ ئۇلارنى جىم قىلدى ۋە ئۆزىمۇ جىم بولۇپ ھۇجىرىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئەمما ئائىشە سەپەردىن قايتىپ كىرىپلا ئاغرىپ يېتىپ قالغاندى ۋە ئۇنىڭ كېسىلى بىر ئايغىچە سوزۇلدى. ئۇ بۇ جەرياندا رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئىلگىرىمۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان چاغلىرىدىكى كۆيۈنۈش ۋە ھېسداشلىقلىرىنىڭ سۇسلىشىپ قالغانلىقىنى بايقىغاندىن باشقا ئۇنىڭ ئۇستىدە جەمئىيەتتە تارالغان بەدنام ۋە سۆز-چۆچەكلەردىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. ئائىشە بىر ئاز ياخشىلىنىپ ئورنىدىن تۇرغىدەك بولۇۋىدى، بىر كېچىسى مىستەھ ئىبنى ئوساسەنىڭ ئانىسى ئۇممى مىستەھنىڭ ھەمرالىقىدا سىرتقا ھاجەتكە چىقتى ۋە ئۇ يەردە ئۇممى مىستەھ ئۆز كىيىمىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپ ئوغلىغا دۇئايى بەد قىلغانىدى، ئائىشە ئۇنىڭ ئۆز ئوغلىغا ئۇرۇنسىز دۇئايى بەد قىلغانلىقىغا نارازى بولۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى. ئۇ: «ئۇلارنىڭ قىلىپ يۈرگەن گەپلىرىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟»دېدى ۋە ئائىشىگە ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئائىشە ئەتىسى ئەتىگەن ئۆيىگە قايتىپ ئاتا-ئانىسىدىن ئەھۋالنى ئېنىقراق ئۇقۇش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھدىن ئائىلىسىگە بېرىپ-كېلىشكە رۇخسەت سورىدى ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭكىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقتى-دە بوقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى، ئۇ شۇ كۈنى ۋە ئەتىسى ئىككى كېچە كۆز يۇمماي يىغلاپ چىقتى، ھەتتا ئۇ يىغلاۋېرىپ ئۆز كۆزىدىن ئەنسىرەپ قالدى.

ئائىشىنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق قايغۇ-ئەلەم ئىلكىدە ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە رەسۇلۇللاھ ئۇنى يوقلاپ بېرىپ ئائىشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ: «تەشەھھۇد(ھەمدۇ-سانا ۋە شاھادەت) ئوقىدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئى ئائىشە! سەن توغرىلىق تۈرلۈك سۆز-چۆچەكلەرنى ئاڭلىدىم، ئەگەر سەن بۇ ئىشتىن پاك بولساڭ ئاللا سېنى چوقۇم ئاقلايدۇ، ئەگەر گۇمانلىق بولساڭ تەۋبە قىلغىن، ئىنسان گۇناھىنى تونۇسا ۋە تەۋبە قىلسا ئاللاھ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ»،دېدى. گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئائىشىنىڭ يىغىسى توختاپ، رەسۇلۇللاھقا مەن ئۈچۈن جاۋاب بېرىڭلار دېگەندەك قىلىپ ئاتا-ئانىسىغا قارىدى، ئائىشىنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قېلىشتى، بۇ چاغدا ئائىشە: «بۇ سۆزلەرگە سىلەر شۇ قەدەر ئىشەنگەنسىلەركى، ئەگەر مەن مېنى ... مەن پاك دېسەممۇ(مېنىڭ پاكلىقىمنى ئاللا بىلىدۇ) سىلەر سۆزۈمگە ئىشەنمەيسىلەر(ئاللاھ بىلىدۇكى) مەن پاك تۇرۇپ بۇ تۆھمەتلەرنى ئۈستۈمگە ئالسام چوقۇم ئىشىنىسىلەر، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مەن ئۆز-ئۆزەمگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ : ﴿فَصَبْرٌ جَمِيلٌ ۖ وَاللَّهُ الْمُسْتَعَانُ عَلَىٰ مَا تَصِفُونَ﴾ «مەن پەقەت چىرايلىقچە سەبرى قىلىمەن، سىلەرنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىڭلارغا قارىتا ئاللاھتىن مەدەت تىلەيمەن» («قۇرئان كەرىم» سۈرە يۈسۈف 18- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن سۆزدىن باشقا سۆز تاپالمايمەن، دەپلا ئۆرۈلۈپ ئۇيىاقا قاراپ يېتىۋالدى. دەل شۇ دەقىقىدە رەسۇلۇللاھقا ۋەھى نازىل بولۇشقا باشلىدى ۋە بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭدىن ۋەھيى سۈرى كۆتۈرۈلۈپ چىرايىدا

كۆلكە پەيدا بولدى ۋە : «ئى ئائىشە! خوش خەۋەر، ئاللاھ سېنى ئاقلىدى، بىلگىنكى ئاللاھ سېنى ئاقلىدى» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئائىشىنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا: «تۇرە ئورنۇڭدىن تۇرۇپ رەسۇلۇللاھقا رەھمەت ئېيتقىن» دېگەندى، ئائىشە: «(ئۆزىنىڭ پاكلىقىغا نازىل قىلىنىپ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنى چىن سۆيىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ) ياق ئەزالىيى خۇدا مەن پەقەت ئاللاھقىلا تەزىم بەجا كەلتۈرىمەن ۋە ئاللاھقىلا تەشەككۇر ئېيتىمەن» دېدى.

ئاللاھ ئائىشىگە چاپلانغان تۆھمەت ھەققىدە تۆۋەندىكى ﴿الَّذِينَ جَاؤُوا بِالْإِفْكِ عُصْبَةٌ مِّنكُمْ﴾ «سىزلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم(ئائىشىگە) بوھتان چاپلىدى» قاتارلىق سۈرە نۇردىن 10 نەچچە ئايەتنى نازىل قىلدى. بۇ قېتىم ئائىشىگە تۆھمەت چاپلىغۇچىلاردىن مىستەھ ئىبنى ئۇساسە، ھەسسان ئىبنى سابىت ۋە ھەمنە(ئايال)بىنتى جەھشىلەر ھەر بىرىگە سەكسەندىن دەررە ئۇرۇلدى. مەلئۇن ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي تۆھمەتچىلەرنىڭ باش كاللىسى ۋە ھەممىدىن بەك ئوت قۇيرۇقلۇق قىلغان تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا ھەد(جىنايى جازا) بېرىلمىدى، بۇنداق بولۇشى شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن جىنايى ئىشلار چارىسى جىنايەت سادىر قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئىدى. ھالبۇكى ئاللاھ بۇ قېتىمقى جىنايەت سادىر قىلغۇچىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا ئېغىر ئازاب بارلىقىنى ئېيتتى ياكى ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىنى توسۇپ قالغان سىياسى ۋە ئىجتىمائى مەسىلەھەت، بۇ قېتىممۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان بولۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە.

شۇنداق قىلىپ مەدىنە ئاسمىنىنى بىر ئايدەك قاپلىۋالغان پىتنە-پاساد، غەللە-غەۋغا ۋە ئۆسەك سۆز-چۆچەك قارا تۇمانلىرى تەرەپ-تەرەپكە تاراپ، ھاۋا ئېچىلىپ كۆڭۈللەر تەسكىن تاپتى. مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي شۇنداق رەسۋا بولدىكى ئۇنىڭدىن كېيىن ئەل ئارىسىدا پەقەت بېشىنى كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دېگەن: «مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن ھېلىقى بەدبەخ بىرەر ۋەقە سادىر قىلسا ئۇنىڭ دەككىسىنى ئۇنىڭ ئۆز ئادەملىرى بېرىدىغان بولغان بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۆمەرگە: «قانداق ئى ئۆمەر! ناۋادا ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەينى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى» دېگەن چېغىڭدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولساق، نارازىلىق كۆپ بولاتتى، مانا ئەمدى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىدى» دېدى. ئۆمەر« ئەزىبرايى خۇدا، ئەمدى بىلدىمكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمر پەرمانى مېنىڭ ئويلىغانلىرىمدىن كوپ ھېكمەتلىك ھەم خەيرلىك ئىكەن» دېدى.

## مۇرەيسىئە غازىتىدىن كېيىن ئەۋەتىلگەن قوشۇن ۋە ھەربىي يۈرۈشلەر

1. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف قوشۇنى:

ھىجرىيىنىڭ 6- يىلى شەئبان ( 8-ئاي)دا دەۋمەتۇلجەندەلدىكى بەنى كەلب خەلقىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇن يولغا چىقىش ئالدىدا ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفنى ئالدىغا ئەكىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا سەللا ئوراپ كەيگۈزدى، ئاندىن

ئۇنىڭغا ھەربىي ئىشلاردىكى ئەڭ ئادىل تەرتىپلەرنى تاپىلاپ: «ئەگەر ئۇلار ساڭا قارشىلىقسىز ئىتائەت بويۇنلىرىنى ئەگسە، ئۇلارنىڭ باشلىقىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگىن»دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇراھمان ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ ئۈچ كۈن تۇرۇپ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانىدى، ئۇلار بىردەك مۇسۇلمان بولۇپ ئىتائەت قوللىرىنى سۇندى، شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرەھمان تۇمازىر بىنتى ئەسبەغ(ئۇلار نىڭ قەبىلە باشلىقىنىڭ قىزى)گە ئۆيلەندى. ئۇ ئەبى سەلەمە ئىبنى ئابدۇرەھماننىڭ ئانىسى دۇر. تومارىزنىڭ ئاتىسى ئەسبەغ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تولۇق ھوقۇقلۇق سەردار ئىدى.

2. ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب قوشۇنى:

ھىجرىيىنىڭ 6 ـ يىلى شەئباندا فەدەك[1] تىكى بەنى سەئەد(ئىبنى بەكرى) قەبىلىسىگە ئەۋەتىلدى. سەۋەبى: «ئۇ يەردە بىر بۆلۈك كىشىلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى يەھۇدىيلارغا ھەمدەمدە بولۇۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر رەسۇلۇللاھقا ئاڭلانغانىدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئەلى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) باشچىلىقىدا ئىككى يۈز كىشىنى ئەۋەتتى بۇ قوشۇن كېچىسى يول يۈرۈپ كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ مېڭىپ ئاخىرى يول ئۈستىدە ئۇلارنىڭ بىر جاسۇسىنى قولغا چۈشۈردى، ئۇنىڭ ئاشكارىلىشىچە بەنى سەئەد خەلقى ئۇنى خەيبەرگە خەيبەر خورمىسىدىن مەلۇم ئۈلۈشكە ئېرىشىش شەرتى بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇلارغا ھەمدەمدە بولۇش تەكلىپىنى بەرگىلى ئەۋەتكەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇسۇلمانلارنى دۈشمەن توپلاشقان ئورۇنغا باشلاپ بېرىۋىدى، ئەلى ئۇلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغاپ 500 تۆگە 2000 قوينى قولغا چۈشۈردى بەنى سەئەد خەلقى پۈتۈنلەي قېچىۋالدى. ئۇلارنىڭ باشلىقى ۋەبدە ئىبنى ئەلىم دېگەن كىشى ئىدى.

3. ئەبى بەكرى سىددىق ياكى زەيد ئىبنى ھارس قوشۇنى:

ھىجرىيىنىڭ 6 ـ يىلى رامىزان(9 ـ ئاي)دا ۋادىلقۇراغا ئەۋەتىلدى. ئۇ يەردىكى بەنى پەزارە ئايىمىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان ئىدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئەبۇ بەكرى سىددىقنى ئەۋەتتى. سەلىمە ئىبنى ئەكۋەئ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەبۇ بەكرىنىڭ قوشۇنىدا بىرگە چىققانىدىم، بىز ئۇ يەرگە يېتىپ بارغان كۈنى سەھەر بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا ئۇلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، بىر سۇ بويىغا سۈرگۈن قىلىپ باردۇق، ئەبۇ بەكرى ئۇ يەردە بىر بۆلۈك قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ئۆلۈمگە بۇيرىدى. مەن ئاياللار ۋە بالىلار ئارىلاش بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قېچىپ تاغدىن ئېشىپ كەتكىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ـ دە دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئوق ئۈزۈپ ئۇلارنى توختاتتىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇممى قىرفە ئىسىملىك بىر خوتۇننىڭ ناھايىتى گۈزەل ساھىپجامال بىر قىزى بار ئىكەن، مەن ئۇلارنى ھەيدەپ كېلىۋىدىم ئەبۇ بەكرى ھېلىقى قىزنى ماڭا ئىلتىپات قىلىۋەتتى. مەن ئۇنىڭ تېخى يۈزىنىمۇ ئاچمىغانىدىم، رەسۇلۇللاھ ئۇنى مەندىن سورىۋېلىپ، مەككىدە مۇشرىكلارنىڭ قولىدا قىيىنىلىۋاتقان مۇسۇلمان ئەسىرلەرگە ئالماشتۇردى.

ئوممى قىرفە (ئايال) رەسۇلۇللاھنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان ۋە مۇشۇ مەقسەتتە ئۆز جەمەتىدىن 30 كىشىنى قورال ـ ياراق ۋە باشقا تەمىنات بىلەن

---

[1] جاي نامى.

تەمىنلىگەن تەرسا، شەيتان خوتۇن ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ قېتىم تېگىشلىك جاجىسىنى يېدى، 30 ئادىمىمۇ ساق قالمىدى.

4. كۈرزىز[①] ئىبنى جابىرىلفىھرى قوشۇنى:

بۇ قوشۇن مۇشۇ يىلى شەۋۋال(10 - ئاي)دا ئۇرەينە(قەبىلە)لىك بىر ئوچۇم كىشىلەرگە قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتىلدى، ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق ئۇكلى ۋە ئورەينە قەبىلىلىرىدىن بىر ئوچۇم بۇزۇق ئادەملەر رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار مەدىنىدە بىر مەھەل تۇرغاندىن كېيىن مەدىنىنىڭ ھاۋاسى بىلەن كېلىشەلمەي ئاغرىپ قېلىشتى، شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى يايلاقتىكى تۆگىلەرگە قارىشىپ بەرگەچ ئاشۇ تۆگىلەرنىڭ سۈتى ۋە سۈيدۈكلىرىدىن ئىچىشكە بۇيرىدى. ئۇلار ئۇ يەرگە بېرىپ ساقىيىۋېلىپلا رەسۇلۇللاھنىڭ پادىچىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ مۇرتەد بولۇپ سەدىقە تۆگىلىرىنى ھەيدەپ قېچىپ كەتتى. ئۇلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن كاپىر بولۇشتى، شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى قوغلاش ئۈچۈن ساھابىلەردىن كۆرزىل فىھرىنى 20 ئاتلىق بىلەن ئەۋەتتى ۋە ئۇلارغا دۇئا قىلىپ : «ئەي ئاللاھ ئۇلارنىڭ يولىنى ئاخىرى يوق تۈيۈق يول قىلغىن ۋە ئۇلارنىڭ يولىنى چىغىر يولدىنمۇ تار قىلىۋەتكىن» دېدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ يولىنى ھەقىقەتەنمۇ ئېزىقتۇرىۋەتكەن ئىدى، چۈنكى ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەي مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا رەسۇلۇللاھنىڭ پادىچىلىرىغا قىلغىنىغا ئوخشاش چارە كۆرۈپ پۇت - قوللىرى كېسىلدى. كۆزلىرى ئويۇپ تاشلاندى. ئاندىن ھەررە تاشلىقىغا تاشلاپ قويۇلۇپ قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى. سەھىھۇلبۇخارىدا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ.

تارىخشۇناسلار ئۇرەينە ۋەقەسىدىن كېيىن مۇشۇ يىلى شەۋۋال ئېيىدا ئەمرى ئىبنى ئۇمەييە زەمرى بىلەن سەلىمە ئىبنى سەلىمە قوشۇنىنىڭ ئەۋەتىلگەنلىكىنى زىكرى قىلىشىدۇ. بۇ قوشۇننىڭ ئەۋەتىلىش سەۋەبىدە ئەبۇ سۇفىيان بىر ئەرابىنى سېتىۋېلىپ رەسۇلۇللاھنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھمۇ بۇ قوشۇننى ئەبۇ سۇفياننى يوشۇرۇن ئۆجۇقتۇۋېتىشكە ئەۋەتكەن، لېكىن بۇ ئىككى قوشۇننىڭ ھېچ قايسىسى مەقسىتىگە يېتەلمەي قايتقانلىقى زىكرى قىلىنىدۇ. تارىخشۇناسلار يەنە قوشۇن باشلىقىنىڭ يول ئۈستىدە ئۈچ مۇشرىكنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى زىكرى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ يول ئۈستىدە ئۈچ مۇشرىكنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ۋە مۇشۇ سەپىرىدە شېھىت خۇبەيىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جەسىتىنى بىرگە ئېلىپ قايتقانلىقىنى زىكرى قىلىنىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، خۇبەيىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەجىئ پاجىئەسىدىن بىر قانچە كۈن ياكى بىر قانچە ئايدىن كېيىن شېھىت قىلىۋېتىلگەن. ۋەھالەنكى رەجىئ پاجىئەسى ھىجرىيىنىڭ 4 - يىلى سەپەر( 2 - ئاي)دا يۈز بەرگەن. تارىخچىلار بۇ ئىككى سەپەرنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنمۇ ياكى ھەر ئىككى سەپەر ھىجرىيىنىڭ 4 - يىلى سەپەر ئېيىدا

[①] كورزىلفىھرى بەدرى غازىتىنىڭ ئالدىدا مەدىنە يايلىقىغا ھۇجۇم قوزغاپ، سەپۋان غازىتىنى قوزغاشقا سەۋەب بولغان كىشىدۇر. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ نۇرغۇن ھەربىي يۈرۈشلەرگە قوماندان بولغان، ئاخىرى مەككە پەتھىسىدە شېھىت بولۇپ كەتتى.

بولغانمۇ بۇ ماشا (مۇئەللىپ) ئېنىق ئەمەس. ئەللامە مەنسۇر فۇرىي بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى ھەربىي ھەرىكەت ياكى قورالىق تىركىشىش يۈز بەرگەن ئۇرۇش دېيىشكە قوشۇلمىدى.

خوش... مانا بۇلار ئەھزاب غازىتى ۋە بەنى قۇرەيزە غازىتىدىن كېيىن ئەۋەتىلگەن قوشۇنلار ۋە ئېلىپ بېرىلغان ھەربىي پائالىيەتلەرنىڭ تەپسىلاتىدۇر. ھېچ قايسىسىدا ئېغىر ئۆلۈم ـ يېتىم ياكى قورالىق ئېلىشىش بولمىغان، يۈز بەرگەنلىرىمۇ ئاددى تىركىشىشلەر ئىدى. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا مەزكۇر ھەربىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ھازىرغا قەدەر ئۆز خۇدىنى تاپمىۋاتقان مۇغەمبەر دۈشمەن كۈچلەرنى ۋە ياكى قاراقچى بەدەۋىلەرنى قورقۇتۇپ خورىكىنى جىمىقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان پەسىللىك چارلاپ كۆزىتىش ھەرىكىتى ۋەياكى ئۇلارنى مۇستەبىتلىك ئۇيقۇسىدىن ئويغۇتۇپ ئەدەپلەپ قويۇش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت ئىدى. ئەينى چاغدىكى كونكىرت شەرت ـ شارائىتلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق ئەھزاب غازىتىدىن كېيىنلا دەۋر يۆنىلىشىدە زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ مەنىۋى كۈچى بارا ـ بارا ئاجىزلاپ ئىسلام دەۋىتىنى توسۇش ۋە ئۇنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتىنى يەرگە ئۇرۇش يامان نىيىتىدىن قەدەممۇ ـ قەدەم ۋاز كېچىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مانا بۇ يەكۈنىمىز ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ھۇدەيبىيە سۇلھىسىنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. چۈنكى سۇلھى تۈزۈش ۋە كېلىشىم ئىمزالاش دېگەنلىك مۇشرىكلارنىڭ ئۇزاقتىن بېرى يوقۇتۇش ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭ قىلىپ كېلىۋاتقان ئىسلامنىڭ ھەربىي، ۋە سىياسىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش دېگەنلىكتۇر. شۇنداقلا بۇ دىنىنىڭ ئاللاھنىڭ زېمىنىدىن قانۇنلۇق ئورۇن ئالغانلىقىنى تارىخ سەھىپىسىگە پۈتكەنلىكتۇر، ئەلۋەتتە.

## ھۇدەيبىيە ۋەقەسى

ھىجرىيىنىڭ 6 ـ يىلى زۇلقەئدە (11 ـ ئاي).

### ھۇدەيبىيە ئۆمرىسىنىڭ سەۋەبى

ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى غايەت زور ئۆزگۈرۈشلەر، بولۇپمۇ يېقىندىن بۇيانقى ئىلگىرىلەشلەر تۈپەيلىدىن ئارالىنىڭ ئومۇمى ۋەزىيىتى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىشكە، مۇسۇلمانلارغا پەتھى بىشارەتلىرى كۆرۈنۈشكە، ئىسلامى دەۋەتنىڭ غەلىبە مېۋىلىرى ھوسۇل بېرىشكە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئالتە يىل مابەينىدە مۇشرىكلار تەرىپىدىن چەكلەپ قويۇلغان دىنىي ئىبادەتلەرنى مەسچىدىلھەرام(كەئبە شەرىف)دا ئادا قىلىش ھوقۇقىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش شەرت ـ شارائىتى پىشىپ يېتىلىشكە باشلىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مەدىنىدە چۈش كۆردى، ئۇ چۈشىدە ئەسھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە مەسچىتۇلھەرامغا كىرىپ كەئبىنىڭ ئاچقۇچىنى قولغا ئالدى ۋە ھەممەيلەن بىللە بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ ئۆمرە ھەج قىلىشتى ۋە ئۆزئارا باشلىرىنى چۈشۈرۈپ ئېھرامدىن چىقتى. رەسۇلۇللاھ بۇ چۈشنى ساھابىلەرگە ئۆرۈپ بېرىۋىدى، ئۇلار خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە بۇ يىل چوقۇم

مەككىگە كىرەلەيدىكەنمىز دەپ ئويلىدى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرگە ئۆزىنىڭ ئۆمرىگە چىقىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇۋىدى، كىشىلەر جىددىي سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى.

## ئۆمرە ھەج چاقىرىقى

رەسۇلۇللاھ مەدىنە ۋە مەدىنە ئەتراپىدىكى يېزا ـ قىشلاق ئاھالىلىرىنى ھەجگە چىقىشقا چاقىردى. سەھرا بەدەۋىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ۋاقتىدا ئۇلگۇرۇپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا ساقلىماي كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇيۇپ تەييارلاپ، مەدىنىدە ئۆز ئورنىدا ئابدۇللا ئۇممۇ مەكتۇمنى(يەنى بىر رىۋايەتتە نومەيلە تولەيسىنى) قالدۇرۇپ ھىجرىيىنىڭ 6 ـ يىلى زۇلقەئدە(11 ـ ئاي)نىڭ بىرىنچى كۈنى دۈشەنبە سەھەر 1400 ياكى 1500 ساھابە بىلەن مەدىنىدىن يولغا چىقتى. ئاياللىرىدىن ئۇممى سەلەمەنى ئېلىۋالدى، ئادەتتە مۇساپىر سەپەردە كۆتۈلمىگەن ۋەقەدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئېلىۋالىدىغان قىنىغا سېلىنغان قىلىچتىن باشقا ھېچ قانداق ياراق ئالمىدى.

## مۇسۇلمانلار مەككىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار بىلەن مەككىگە قاراپ ئاتلىنىپ داۋاملىق يول ـ يۈرۈپ زۇلھۇلەيفە دېگەن يەرگە بارغاندا كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇش ئۈچۈن چىقمىغانلىقىدىن خەۋەرلەندۇرۇش ئۈچۈن ھەدىي(ھەجدە قۇربانلىق قىلىدىغان ماللار)گە قىلادە(بەلگە) ئاستى ۋە تۆگىسىنىڭ لوكىسىدىن ئازراق كېسىپ ئۇنىڭغا ئەن [1] سالدى. ئاندىن شۇ يەردە تورۇپ ئۆمرىگە ئېھرام باغلىدى ۋە خۇزائە قەبىلىسىدىن بىر كىشىنى قۇرەيش توغرىلىق ئەھۋال ئىگەللەش ئۈچۈن ئالدىدا ماڭدۇرۇۋەتتى، بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۇسپان[2]غا يېتىپ بېرىۋىدى، ھېلىقى ئادەم قايتىپ كېلىپ: «كەئبە ئىبنى لوئەي جەمەتى سەن ئۈچۈن ھەبەشلەرنى يىغىپ قوشۇن تەشكىللەۋېتىپتۇ، ئۇلار سەن بىلەن ئۇرۇشۇپ بەيتۇللاغا كىرىشىڭنى توسماقچى ئىكەن»دېدى، بۇنى ئاڭلاپ رەسۇلۇللاھ ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئۇ: « بىز مەككە مۇشرىكلىرىغا ياردەمدە بولغانلارنىڭ يۇرت مەھەللىسىگە ھۇجۇم قىلىپ زەربە بېرەيلىمۇ؟ ئەگەر ئۇلار قارشىلىق كۆرسەتمەي تەسلىم بولسا غەم قايغۇ ئىچىدە ئەسىرگە چۈشىدۇ، ناۋادا قارشىلىق كۆرسەتسە ئۇلارنىڭ بېشىنى ئاللاھ ئۈزى كەسكەن بولىدۇ ۋە ياكى بەيتۇللاھقا ئۇدۇل يول ئېچىپ ئىلگىرىلەمدۇق، ئالدىمىزنى توسقانلارنى شۇ چاغدا بىر تەرەپ قىلارمىز... » دېدى.

بۇ چاغدا ئەبۇ بەكرى: «ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلىدۇ، بىز ئۆمرە قىلغىلى كەلدۇق، بىر كىشى بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلمىدۇق، لېكىن بىزنى بەيتۇللادىن

---

[1] مەككىدە قۇربانلىق قىلىنىدىغان ماللاردىن ئازراق قان ئېقىتىپ بۇ ماللار جەڭدە ئىشلىتىلىدىغان قاتناش ئەمەس بەلكى مەككىدە قوربانلىق قىلىنىدىغان ھەدىيە دېگەننى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئەن سىلىپ قويىدىغان ئادەت بار ئىدى.

[2] يەر نامى

توسقانلار بىلەن ئۇرۇشايلى بولمىسا ... »دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنداق بولسا ماقۇل » دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يولغا چىقتى.

## قۇرەيش دائىرلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى بەيتۇللاھتىن توسۇشقا ئۇرۇنۇشى

قۇرەيش تەرەپ رەسۇلۇللاھنىڭ مەككىگە قاراپ يولغا چىققانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جىددىي مەسلىھەت يىغىنى چاقىرىپ مۇسۇلمانلارنى مۇمكىن قەدەر مەككىگە كىرگۈزمەسلىكنى قارار قىلىشقان ئىدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ھېلىقى بەنى كەئب تەشكىللىگەن ھەبەش(نىگىر) ياللانما قوشۇندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ماڭغاندىن كېيىن ئاشۇ جەمەتتىن بىر كىشى كېلىپ: «قۇرەيش تەرەپنىڭ زىتۇەن دېگەن جايغا كېلىپ چۈشكەنلىكىنى ۋە خالىد ئىبنى ۋەلىد باشچىلىقىدا 200 ئاتلىقنىڭ مەككىگە بارىدىغان چوڭ يولدىكى كورائولغەيىم دېگەن جايدا مۇسۇلمانلارنى مەككىگە كىرىشتىن توسۇش ئۈچۈن تۇرۇۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى ۋە شۇ ئەسنادا خالىد ئىبنى ۋەلىد لاۋۇ ـ لەشكەرلىرىنى باشلاپ يېتىپ كېلىپ مۇسۇلمانلاردىن خېلى يىراق جايدا چەۋەندازلىرىنى تىزىپ ھەيۋە كۆرسىتىپ تۇردى، ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى ئېنىق كۆرەلىدى. بىر چاغدا خالىد ئىبنى ۋەلىد مۇسۇلمانلارنىڭ پېشىن نامىزىدا قاتار رۇكۇغا بېرىپ سەجدە قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: « بۇ ئۇلارنىڭ راسا غاپىل ۋاقتى ئىكەن، ئەگەر مۇشۇ ھالىتىدە بىرلا ھۇجۇم قىلساق چوقۇم بىر تەرەپ قىلىۋېتەلەيمىزكەن» دېدى. ئاندىن ئادەملىرىگە ئۇلار ئەسىر نامازغا تۇرغاندا ئومۇمىيۈزلۈك ھوجۇم قىلىشنى ئۇقتۇردى، لېكىن ئۇ ۋاقىتقىچە ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەلاتۇلخەۋق[1] نىڭ ھۆكمىنى نازىل قىلىپ خالىدنىڭ شېرىن خىيالىنى بەربات قىلدى.

## يول يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ قانلىق توقۇنۇشتىن ساقلىنىش

بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ خالىد توسۇۋالغان ھېلىقى تەنئىم ئارقىلىق ئۇدۇل مەككىگە كىرگىلى بولىدىغان چوڭ يولنى سول تەرەپكە تاشلاپ ئوڭغا بۇرۇلۇپ تاغ جىلغىلىرى ئارىسىدىكى ئەگرى ـ تۇقاي ئېگىز ـ پەس يوللار بىلەن مۇسۇلمانلارنى باشلاپ سەنىيەتۇلمىرار يولىدىكى زەھرولھەمىش(دېگەن جاي)نىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ مەككىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ھۇدەيبىيە تۇزلەڭلىكىگە بارىدىغان بىر چىغىر يولنى بويلاپ ماڭدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ ئالغا ئىلگىرلەۋەرگەنلىكىنى كۆرۈپ قۇرەيشلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن مەككىگە قاراپ ئات چاپتۇردى.

رەسۇلۇللاھ داۋاملىق يول يۈرۈپ سەنىيەتولمىرارغا بارغاندا تۇيۇقسىز ئۇنىڭ تۆگىسى چۆكۈۋالدى. كىشىلەر قانچە نوقۇپ ھەيدەپ باققان بولسىمۇ تۆگە ئورنىدىن تۇرغىلى

---

[1] جەڭ ھالىتى نامىزى.

ئۇنىمىدى، بەزىلەر: «قەسۋائ (رەسۇلۇللاھنىڭ ئاق تۆگىسىنىڭ نامى) ھېرىپ قالدى قەسۋائ ھېرىپ قالدى» دېيىشكەندى، رەسۇلۇللاھ قەسۋائ ھېرىپ قالمىدى، بۇ ھېرىپ قالىدىغان تۆگىمۇ ئەمەس، لېكىن ئۇنى ئەسھابىلفىلنىڭ فىلىنى توختىتىپ قويغان ئاللاھ توختىتىپ قويدى» دېدى، ئاندىن مۇنداق دېدى« ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ئۇلار ماڭا بەيتۇللانى ئۇلۇغلايدىغان ھەر قانداق بىر شەرتنى تەڭلىسە ئۇنى چوقۇم قوبۇل قىلىمەن» ئاندىن ئۇ تۆگىسىنى دېۋىتكەن ئىدى تۆگە سەكرەپ قوپۇپ كەتتى ۋە ئىختىيارى ھالدا يول يۈرۈپ ئاخىرى ھۇدەيبىيىنىڭ ئەڭ چەت تەرىپىدىكى سۇيى ئاز بىر قۇدۇق يېنىغا كېلىپ چۈشتى. مۇسۇلمانلار قۇدۇقنىڭ سۈيىنى ئاز- ئازدىن ئۇرۇشلاپ ئېلىشقان بولسىمۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى تېزلا توگەپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رەسۇلۇللاھقا ئۇسسۇزلۇق دەردىنى شىكايەت قىلىشقان ئىدى،رەسۇلۇللاھ يېنىدىكى ساداقتىن بىر تال ئوقنى چىقىرىپ قۇدۇققا تاشلاشقا بۇيرىدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھېلىقى ئوق قۇدۇققا تاشلانغان ھامان سۇ بۇلدۇقلاپ چىقىشقا باشلىدى، كىشىلەرمۇ سۇغا قاندى.

## بۇدەيىل ئىبنى ۋەرقائ ئارىغا چۈشتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەگە چۈشۈپ بىرئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن خۇزائە قەبىلىسىدىن بۇدەيىل ئىبنى ۋەرقا بىر قانچە ئادەمنى باشلاپ كەلدى. خۇزائە قەبىلىسى تىھامە ئاھالىلىرى ئىچىدە رەسۇلۇللاھنىڭ سادىق ئىتتىپاقداشلىرى ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «كەئەب ئىبنى لوئەي جەمەتى ھەرخىل ئېغىر، يېنىك قوراللارنى ئېلىپ ھۇدەيبىيە سۇيىنىڭ ئۇ چېتىگە چۈشتى، ئۇلار سەن بىلەن ئېلىشىپ بەيتۇللاغا كىرىشىڭنى توسماقچى». بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ :« بىز ئۇرۇشقىلى كەلمىدۇق، ئۆمرە قىلغىلى كەلدۇق. قۇرەيشلەرنى بولسا نەچچە يىللىق ئۇرۇش خورىتىۋەتتى. ئۇلار ئېغىر زىيان تارتتى. شۇڭا ئۇلار مەن بىلەن ئەھدى- كېلىشىم تۈزۈشنى خالىسا كېلىشىم تۈزىمەن، باشقىلار(يەنى باشقا ئەرەب قەبىلىلىرى)نىڭ ئىشى ئايرىم ئىش، كېيىنچە ئۇلار خالىسا باشقىلار كىرگەن دىنغا ئۇلارمۇ كىرەر ياكى كىرمەس. ئەمما ئۇلار ماڭا زورلاپ ئۇرۇش تاڭسا، ئەزبىرايى خۇدا، مەن ئۇلار بىلەن جېنىمدىن جۇدا بولغۇچە ياكى ئاللاھ ئۆز ئىشىنى غالىب قىلغۇچە ئۇرۇشىمەن» دېدى، بۇدەيىل رەسۇلۇللاھقا: «دېگەنلىرىڭنى قۇرەيشلەرگە چوقۇم يەتكۈزىمەن»دەپ چىقىپ كەتتى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن چىققان پېتى قۇرەيش تەرەپ بىلەن ئۇچرىشىپ: «مەن ھازىرلا ماۋۇ ئادەم(رەسۇلۇللاھنى دىمەكچى- ت)نىڭ يېنىدىن كەلدىم. ئۇ ماڭا بەزى گەپلەرنى دېدى. خالىساڭلار ئۇتتۇرىغا قويىمەن» دېدى. سورۇندىكى بەزى كەم ئەقىل كىشىلەر بۇدەيلنىڭ گېپىنى ئاڭلا- ئاڭلىمايلا: «قوي ئۇنىڭ گېپىنى دەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق» دېدى. يەنە بەزى پەم- پاراسەتلىكلىرى: «قېنى ئېيتىپ باق! ئاڭلاپ باقايلى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇدەيىل ئۇلارغا رەسۇلۇللاھنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئەينەن يەتكۈزدى، بۇنى ئاڭلاپ قۇرەيش دائىرلىرى ئىشنىڭ تىگى- تەكتىنى ئۇقۇش ئۈچۈن مىكرەز ئىبنى ھەپسىنى ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىكرەزنى يىراقتىن كۆرۈپ: « بۇ قارا يۈز ئالدامچى ئادەم »

دېدى. مىكرەز كېلىپ رەسۇلۇللاھ بىلەن سۆھبەتلەشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا بۇدەيلىگە دېگەنلىرىنى ئەينەن تەكرارلىدى. مىكرەز بېرىپ قۇرەيش دائىرلىرىنى ۋاقىپلاندۇردى.

## قۇرەيش ئەلچىلىرى

مىكرەز ئىبنى ھەپس قۇرەيشلەرگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن كەنانە قەبىلىسىدىن(ھەلىس ئىبنى ئەلقەمە ئىسىملىك) بىر كىشى تۇرۇپ: «ماڭا ئىجازەت قىلىڭلار، مەن ئۇنىڭ قېشىغا ئۆزەم بېرىپ كېلەي» دېدى، ئۇلار: «بېرىپ كەلگىن» دېيىشتى. ئۇ مۇسۇلمانلار تۇرۇۋاتقان جايغا يىراقتىن كۆرۈنۈپ كېلىۋىدى رەسۇلۇللاھ: «بۇ كىشى قۇربانلىق ماللارنى ئۇلۇغلايدىغان قەۋملەردىن، ئۇنىڭ ئالدىغا تۆگىلەرنى ھەيدەپ قويۇڭلار» دېدى، ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ دىگىنىدەك قىلدى ۋە ئۆزلىرىمۇ لەببەيكە ۋە تەكبىر ئېيتىپ ئۇنى قارشى ئالدى، بۇنى كۆرگەن ھەلىس تەئەججۇپلىنىپ: «سۇبھانالللاھ(ئاللاھ ئەيىپ نۇقساندىن پاك مۇنەززەھتۇر) بۇلارنى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشتىن تۇسۇش لايىق ئەمەسكەن» دېدى ۋە رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئادەملىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ: «قۇربانلىق تۆگىلەرگە قىلادە ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى ۋە ھەممىسىگە ئەن سېلىپ بەلگە قىلىنغانلىقىنى كۆردۈم، مىنىڭچە ئۇلارنى ھەج قىلىشتىن تۇسۇشقا بولمايدۇ» دېگەنىدى بۇ سۆز ئۇچۇن قاتتىق تەنقىدكە ئۇچرىدى.

بۇ چاغدا سەقىف قەبىلىسىدىن ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد سەقەفى سۆز قىلىپ: «بۇ ئادەم سىلەرگە دانا تەكلىپ بېرىپتۇ، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ماڭا ئىجازەت بەرسەڭلار ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ كەلسەم» دېۋىدى، ئۇلار: «بېرىپ كەل»، دېيىشتى. ئورۋە كېلىپ رەسۇلۇللاھ بىلەن سۆھبەتلەشتى سۆھبەت داۋامىدا رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا دېگەن سۆزلىرىنى قايتا تەكرارلىدى. بۇنى ئاڭلاپ ئورۋە: «ئى مۇھەممەد ئوز قەۋمى ـ جەمەتىڭنى قىرىپ تاشلاي دەمسەن؟ ئەرەبلەردىن ئۆز پۇشتى جەمەتىنى خانىۋەيران قىلغان بىر ئادەمنى ئاڭلىغانمۇ سەن؟ ناۋادا مەغلۇبىيەت ساڭا يۈزلەنسىچۇ، ئەزبىرايى خۇدا ئادەملىرىڭنىڭ چىرايىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساياق ئاققۇن ئادەملەردەك قىلىدۇ، ئۇلار سېنى تاشلاپ قاچارمىكى؟ دېگەنىدى. ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭ گېپىگە جاۋابەن: «لاتا، ئاناڭنىڭ جىگدىسىنى ئەم، ۋابال تەككۇر! سېنىڭچە بىز رەسۇلۇللاھنى تاشلاپ قاچىدىغاندەك كۆرۈنەمدىكەنمىز؟» دەپ ئاچچىقلاندى. ئورۋە: «ئەگەر مەندە مەن ساڭا تېخىغىچە قايتۇرۇش پۇرسىتى بولمىغان ياخشىلىقىڭ بولمىغان بولسىدى، ئەلۋەتتە جاۋاب قايتۇراتتىم» دېدى ۋە رەسۇلۇللاھ بىلەن كەسكىن جاۋابلىشىپ سۆزلەشكىلى تۇردى. ئۇ ھەدىسىلا رەسۇلۇللاھنىڭ ساقىلىغا قول ئۇزارتىۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا مۇغىرە ئىبنى شۇئبە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) قولىدا شەمشەر، بېشىدا دۇبۇلغا كەيگەن ھالدا مۇھاپىزەتتە تۇرۇۋاتاتتى. قاچانكى ئورۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ساقىلىغا قول ئۇزارتسا موغىرە ئۇنىڭ قولىغا قىلىچنىڭ دەستىسى بىلەن «پاك» قىلىپ ئۇرۇپ، «تارت قولۇڭنى» دەيتتى. ئۇرۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ: «بۇ كىم» دەپ سورىدى كىشىلەر: «موغىرە ئىبنى شۇئبە» دېگەنىدى، ئۇ :«ۋاي ئالدامچى خائىن، سىنىڭ تېرىپ قويغان خىيانىتىڭ ئۇچۇن ھازىرمۇ بەدەل تۆلەۋاتىمەن» دېدى. مۇغىيرە مۇسۇلمان بولۇشىنىڭ ئالدىدا بىر قانچە

ئادەمگە ھەمرا بولۇپ سەپەرگە چىققان ۋە بىر يەرگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن ئاندىن مەدىنىگە كېلىپ مۇسۇلمان بولغانىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن: «سېنىڭ مۇسۇلماندارچىلىقىڭنى قوبۇل قىلىمەن، ئەمما ئېلىپ كەلگەن مېلىڭنى مەن تونۇمايمەن» دېگەنىدى.(مۇغىيرە مەزكۇر ئورۇەنىڭ بىر تۇققان قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئىدى).

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئورۋە يەنە ساھابىلەرنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقى ۋە ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدى ۋە ئۆز ئادەملىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ: «ئى جامائەت مەن ئاتاقلىق پادىشاھلار ۋە كاتتا ئەربابلارنىڭ قېشىغا ئەلچى بولۇپ بارغان، قەيسەر، كىسرا ۋە نەجاشىلارنىڭ ھوزۇرىدا بولغانىدىم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن مۇھەممەدنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلغىنىدەك بۇ شاھلارنىڭ ھېچ قايسى بىرىگە ھۆرمەت قىلىنغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەزبىرايى خۇدا، ئۇلار ئۇنىڭ تۈكۈرگەن تۈكۈرىكىنىمۇ قەتئىي يەرگە چۈشۈرمەيدىكەن، ئۇ تۈكۈرگىلى تەمشەلسە، نەچچە ئون كىشى ئالقانلىرىنى تەڭلەپ يۈز ـ كۆزلىرىگە تەبەرۈك قىلىپ سۈرتىۋالىدىكەن، بىرەر ئىشقا بۇيرىسا بەس ـ بەس بىلەن ئورۇنداشقا ئالدىرايدىكەن، تاھارەت ئالماقچى بولسا كىشىلەر تاھارەت سۈيىنى تالىشىپ نۆۋەتلىشىدىكەن، ھەتتا ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىكىدىن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىمايدىكەن، ئۇ سىلەرگە ئوبدان تەكلىپ بېرىپتۇ، ئۇنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل كۆرۈڭلار» دېدى.

## ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن توستى

قۇرەيش تەرەپتىن ئۇرۇش خۇمار بىر قانچە ئەسەبى تەنتەك ياش باشلىقلىرىنىڭ سۈلھى تۈزۈشكە مايىل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سۈلھى كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشىغا توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان مۇۋاپىق بىر تەدبىر ئۈستىدە ئويلاندى، ئاخىرى ئۇلار كېچىلەپ چىقىپ مۇسۇلمانلار بارگاھىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇرۇش پىلىكىگە ئوت يېقىش ئىرادىسىگە كەلدى ۋە مۇشۇ مەقسەتتە ئۇلاردىن يەتمىش سەكسەندەك ياش تەشكىللىنىپ تەنئىم تېغىنى بويلاپ كېلىپ مەخپى رەۋىشتە مۇسۇلمانلار بارگاھىغا تېگىش قىلماقچى بولدى، بىراق ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن مۇسۇلمانلار مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ قوماندانى مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ ئۇلارنىڭ بىرىمۇ قالماي قولغا چۈشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن سۈلھى كېلىشىم ئىشلىرىغا توسالغۇ بولمىسۇن ئۈچۈن ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىپ ئۆز يولغا قويۇۋەتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە ﴿وَهُوَ الَّذِي كَفَّ أَيْدِيَهُمْ عَنكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ عَنْهُم بِبَطْنِ مَكَّةَ مِن بَعْدِ أَنْ أَظْفَرَكُمْ عَلَيْهِمْ وَكَانَ اللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرًا﴾ «اللہ ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن توستى ھەمدە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىڭلاردىن كېيىن، مەككىنىڭ ئىچىدە (يەنى ھۇدەيبىيىدە) سىلەرنى ئۇلارغا قول سېلىشىڭلاردىن توستى،اللہ قىلغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» سۈرە فەتھى 24 ـ ئايەت نى نازىل قىلدى.

## ئوسمان ئىبنى ئەففان قۇرەيش تەرەپكە ئەلچى بولۇپ باردى

بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ قۇرەيش تەرەپكە ئۆزىنىڭ مەيداننى ۋە بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ ئاساسىي نىشانىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن مەككىگە بىر ئەلچى كىرگۈزۈشنى ئويلىدى. شۇڭا ئۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى چاقىرىپ مەككىگە كىرگۈزمەكچى بولغانىدى، ئۆمەر: «ئى رەسۇلۇللاھ ئەگەر مەن مەككىدە زەربىگە ئۇچرىسام بەنى كەئەب جەمەتىدىن ماڭا ھېسداشلىق قىلىدىغان ئادەم يوق، شۇڭا سەن ئوسمان ئىبنى ئەففاننى ئەۋەتكىن ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىنىڭ ھەممىسى مەككىدە، ئەلچىلىكنىمۇ ئوبدان قاملاشتۇرىدۇ» دەپ ئۆزرە ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئوسماننى چاقىرىپ ئۇنى قۇرەيش تەرەپكە ئەلچىلىككە ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى ۋە: «قۇرەيش تەرەپكە بىزنىڭ ئۇرۇشقىلى كەلمىگەنلىكىمىزنى، پەقەت ئۆمرە ھەج قىلىش ئۈچۈنلا كەلگەنلىكىمىزنى ئۇقتۇرغىن ۋە ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرغىن» دېدى ھەمدە ئۇنى مەككىدىكى بارلىق مۇئمىن ئەر ـ ئاياللار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارغا پەتهى بېشارىتىنى يەتكۈزۈشكە ۋە ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئىمانىنى يوشۇرۇپ يۈرمىسۇن ئۈچۈن ئۇلارغا ئاللاھ بۇ دىننى مەككە تۇپرىقىدا ھامان ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىشقا بۇيرىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئوسمان ئىبنى ئەففان ئەلچى بولۇپ مەككىگە يۈرۈپ كەتتى، ھەتتا بىر چاغدا بەلدەھ دېگەن يەرگە بېرىۋىدى ئۇ يەردە قۇرەيشلەردىن بەزى كىشىلەرنى ئۇچراتتى ئۇلار: «نەگە كېتىۋاتىسەن؟» دەپ سورىغان ئىدى ئوسمان: «رەسۇلۇللاھ مېنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى» دېدى، ئۇلار: «ئاق يول بولسۇن، يولۇڭغا راۋان بولغىن» دېيىشتى. ئەببان ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاس دېگەن كىشى ئوسماننىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى قارشى ئالدى. ئاندىن ئۇنىڭغا باش پاناھ بولۇپ، ئېتىنى توقۇپ ئوسماننى مىندۈردى، ئۆزى ئاتنىڭ كەينىگە مىندى. شۇنداق قىلىپ ئوسمان مەككىگە كىلىپ قۇرەيش دائىرلىرىگە ئەلچىلىكنى يەتكۈزدى ۋە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن قۇرەيش تەرەپ ئۇنى بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىپ قايتىشقا تەكلىپ قىلغانىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ تاۋاپ قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشمىگۈچە ئۆزى يالغۇز تاۋاپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بەيتۇللاھنى يالغۇز تاۋاپ قىلىشقا ئۇنىمىدى.

## ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە يالغان خەۋەر تارقالغانلىقى ۋە رىزۋان بەيئىتى

قۇرەيش تەرەپ ئوسمان ئىبنى ئەففاننى بىر ئاز ساقلىتىپ قويدى(قارىغاندا ئۇلار ھازىرقى ۋەزىيەت ھەققىدە ئۆزئارا مۇزاكىرە قىلىشىپ بىر مەۋقەگە باش قوشۇۋېلىشقاندىن كېيىن، ئاندىن ئوسمان ئېلىپ كەلگەن ئەلچىلىككە مۇۋاپىق جاۋاب قايتۇرۇش مەقسىتىدە ئۇنى كېچىكتۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن) ئۇ مولچەردىكىدىن زىيادە كېچىكىپ قالدى، ۋاقىت ئۆزارغانسىرى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئوسمان ئۆلتۈرۈلۈپتۇ دېگەن خەۋەر تارقالدى، رەسۇلۇللاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ: «بىز ئۇلار بىلەن تىغمۇ ـ تىغ

ئېلىشمىغۇچە ھەرگىز قايتمايمىز» دېدى ئاندىن ساھابىلەرنى چاقىرىپ ھەممەيلەن بەيئەت(ھايات ـ ماماتلىق ئەھدى) بېرىشكە چاقىردى، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھقا بەيئەت بېرىش ھەرىكىتى قوزغىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى: «قەتئى قاچماسلىققا» بەيئەت بەردى ئايرىم بىر بۆلۈكلىرى: «ئاخىرقى نەپەسقىچە جەڭ قىلىشقا» دەپ بەيئەت بەردى. رەسۇلۇللاھقا تۇنجى بولۇپ ئەبۇ سىنان ئەلئە سەدى بەيئەت قىلدى، ئارقىدىن سەلىمە ئىبنى ئەكۋە ئۆلۈمگە بەيئەت قىلدى ئۇ بىركۈندە ئۈچ قېتىم، ئەتىگەندە بىر، چۈشتە بىر ۋە كەچتە بىر قېتىم بەيئەت بېرىپ ئۆلگىچە ئېلىشىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى، رەسۇلۇللاھ ئوڭ قولىنى سول قولى بىلەن تۇتۇپ: «مانا بۇ ئوسمان ئۈچۈن» دېدى، بەيئەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئوسمان كېلىپ ئۆزى قايتا بەيئەت بەردى بۇ قېتىمقى بەيئەتتىن جەددى ئىبنى قەيس ئىسىملىك بىر مۇناپىقلا ئايرىلىپ قالغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بەيئەتنى شۇ يەردىكى بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىدە ئالغانىدى. ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى، مەئقەل ئىبنى يەسار شۇ دەرەخنىڭ بىر نوتىسىنى تۇتۇپ كىشىلەرنىڭ بەيئىتىنى رەسۇلۇللاھقا يەتكۈزەتتى، مانا بۇ ئاللاھ تۆۋەندىكى ﴿لَقَدْ رَضِيَ اللَّهُ عَنِ الْمُؤْمِنِينَ إِذْ يُبَايِعُونَكَ تَحْتَ الشَّجَرَةِ ﴾ «الله مۆمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى، (ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ھۇدەيبىيىدە) دەرەخ (سايىسى) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى » (سۇرە فەتھ 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)شۇ قېتىمقى بەيئەت ھەققىدە ئايەت نازىل بولغان رىزۋان بەيئىتىدۇر.

## (سۇلھى) كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشى ۋە ئۇنىڭ ماددىلىرى

ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ ئەلچىلىكىدىن قۇرەيش تەرەپ ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى تونۇپ يەتتى چېغى، ئۇلار دەرھال سوھەيل ئىبنى ئەمرنى سۇلھى كېلىشىم تۈزۈشكە ئەۋەتتى، ئۇلار سۇھەيلگە: «ئەرەبلەر ‹مۇھەممەد بۇ يىل زورلۇق كۈچى بىلەن مەككىگە كىرىپتۇ› دېگەندەك سۆز چۆچەكلەرنىڭ تارقىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇھەممەدنىڭ بۇ يىل قايتىپ كېتىشىنى چوقۇم كېلىشىمگە كىرگۈزۈشنى تاپىلىدى. سۇھەيل يېتىپ كېلىۋىدى، رەسۇللاھ ئۇنى كۆرۈپ: «ئىشىڭلار يەڭگىلللەشتى، ئۇلار سۇھەيلنى ئەۋەتكىنىگە قارىغاندا چوقۇم سۇلھىنى تاللاپتۇ» دېدى. سۇھەيل يېتىپ كېلىپ رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇزۇن سۆھبەتلەشتى سۆھبەتتىن كېيىن ئىككى تەرەپ سۇلھى كېلىشىمنىڭ تۆۋەندىكى ماددىلىرىغا ئورتاق بىرلىككە كېلىشتى.

1 ـ رەسۇلۇللاھ (تەرەپ) بۇ يىل مەككىگە كىرمەي قايتىدۇ، كېلەر يىلى قايتا كېلىپ مەككىدە پەقەت ئۈچ كۈنلا تۇرىدۇ. ھەرەمگە مۇساپىرلار ھەمرا قىلىدىغان ياراق ۋە قىنىغا سېلىنغان قىلىچتىن باشقا ھەر قانداق قورال ـ ياراق ئېلىپ كىرمەيدۇ، قۇرەيش تەرەپ بۇلارنىڭ ھەج تاۋاپ ئىشلىرىغا ھېچقانداق توسالغۇ ۋە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزمەيدۇ.

2 ـ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئون يىل ئۇرۇش توختىتىلىدۇ، بۇ مۇددەتتە ئىككى تەرەپ خەلقلىرى بىر ـ بىرىدىن ئەمىن بولىدۇ ۋە كونا ئاداۋەت ۋە زىددىيەتلىرىنى كولاشمايدۇ.

3 ـ ھەر قايسى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ مەيلى مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشى ياكى قۇرەيش تەرەپنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشى شۇ خەلقنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تاللىشىغا قويۇلىدۇ. ئەمما ئىككى تەرەپنىڭ قايسى بىرسىنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن قەبىلە خەلقى شۇ تەرەپنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ قەبىلىگە قىلىنغان ھەر قانداق يولسىزلىق شۇ تەرەپكە قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق ھېسابلىنىدۇ.

4 ـ قۇرەيش تەرەپتىن ئىگە ـ چاقىلىرىنىڭ رۇخسىتىسىز(قېچىپ) كەلگەن ھەر قانداق بىر ئەر قۇرەيش تەرەپكە شەرتسىز قايتۇرۇلىدۇ، ئەمما مۇسۇلمانلار تەرەپتىن ئۇلار تەرەپكە قېچىپ بارسا ئۇلار ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ.

كېلىشىمنامىنىڭ ماددىلىرىغا ئىككى تەرەپ ئورتاق بىرلىككە كېلىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبى تالىبنى چاقىرىپ شەرتنامىنى يېزىشقا بۇيرىدى. ئەلى قولىغا دۇۋەت ۋە سىيانى ئېلىپ: « بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمـَٰنِ الرَّحِيمِ » «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللّٰه نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دەپ ياَزغانىدى، سوھەيل بىز: « الرَّحْمـَٰنِ » دېگەن سۆزنى ئەزبىرايى خۇدا تونۇمايمىز، سەن ئۇ يەرنى «بِسْمِكَ اللهم » « سىنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ئى ئاللاھ! بۇ ئىشىمنى باشلايمەن» دەپ ياَزغىن» دېدى(بۇ ئۇلارنىڭ تەۋەرۇك سۆزى ئىدى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىنى سوھەيلىنىڭ دېگىنىدەك يېزىشقا بۇيرىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەلى: «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇنىڭغا سۈلھى قىلىدۇكى»دەپ يازغانىدى سوھەيل رەسۇلۇللاھقا: «بىز سىنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى ئېتىراپ قىلغان بولساق، سەن بىلەن ئۇرۇشۇپ بەيتۇللادىن توسۇپ يۈرمەيتتۇق. شۇڭا: «مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا» دەپ يازغىن دېدى، پەيغەمبەر (ئەلەيھىسسالام) ئۇنىڭغا مېنى گەرچە ئىنكار قىلساڭلارمۇ مەن يەنىلا ئاللاھنىڭ  بەرھەق پەيغەمبىرىدۇرمەن» دېدىيۇ ئەلىينى سوھەيلىنىڭ دېگىنىدەك يېزىشقا ۋە كېلىشىمدىكى «رەسۇلۇللاھ» دېگەن سۆزنى ئۆچۈرىۋېتىشكە بۇيرىدى. ئەلى: «مەن بۇ سۆزنى مەڭگۈ ئۆچۈرمەيمەن» دەپ تۇرىۋالغانىدى، رەسۇلۇللاھ ھېلىقى سۆزنى ئۆز قولى بىلەن ئۆچۈردى، ئاندىن يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ھۆججەتنى پۈتكۈزدى. كېلىشىمگە ئىمزا قويۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن خۇزائە قەبىلىسى رەسۇلۇللاھنىڭ ھىمايىسىگە كىرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى(ئۇلار كىتابىمىزنىڭ بېشىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ بەنى ھاشىم جەمەتىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئىدى. بۇ قېتىمقىسى ئەمدى ئاشۇ كونا ئەھدىنى پۈختىلاش بولدى) بەنى بەكرى قەبىلىسى قۇرەيشلەرنىڭ ھىمايىسىگە كىردى.

## ئەبۇ جەندەلنىڭ قايتۇرۇلۇشى

سۈلھى ھۆججىتى پۈتۈلۈۋاتقان پەيتتە قۇرەيش ۋەكىلى سوھەيل ئىبنى ئەمرىنىڭ ئوغلى ئەبۇ جەندەل كويزا-كىشەنلىرىنى سۆرەپ مەككىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن چىقىپ كېلىپ مۇسۇلمانلار ئارىسىغا ئۆزىنى ئاتتى، سوھەيل بۇنى كۆرۈپ: «مانا بۇ قايتۇرۇشقا تېگىشلىك تۇنجى ئىش» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «بىز تېخى سۈلھى ھۆججىتىنى پۈتۈشۈپ بولمىدۇققۇ؟» دېگەندى، سوھەيل: «ئۇنداقتا مەن سەن بىلەن ھېچقانداق كېلىشىم ئىمزالىمايمەن» دەپ تۇرۇۋالدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنى ماڭا قالدۇرغىن» دېگەندى، سوھەيل: «ئۇنى ساڭا مەڭگۈ قالدۇرالمايمەن» دېدى، رەسۇلۇللاھ قايتا-قايتا تەلەپ قىلغان بولسىمۇ سوھەيل ئۇنىمىدى، سەھەيل ئوغلىنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە ھەدەپ ئۇراتتى ۋە ئۇنى مەككىگە قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ سۆرەيتتى، ئەبۇ جەندەل جېنىنىڭ بارىچە توۋلاپ: «ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار، مېنى دىنىمدىن ياندۇرىدىغان كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بېرەمسىلەر؟!» دەيتتى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ: «ئى ئەبۇ جەندەل! سەبرى قىلغىن، نارازى بولمىغىن، ئاللاھ ساڭا ۋە ساڭا ئوخشاش زۇلۇم قىلىنغان مۇسۇلمانلارغا پات يېقىندا چوقۇم ئەمىنلىك ۋە چىقىش يولى ئاتا قىلىدۇ. بىز ئۇلار بىلەن سۈلھى تۈزەپتۇق. ھەر ئىككى تەرەپ ئاللاھنى ئارىغا سېلىپ تۇرۇپ ئەھدى بېرىشىپتۇق، ئەمدى بىز ئەھدىمىزدە تۇرمىساق بولمايدۇ» دېدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ سەكرەپ بېرىپ ئەبۇ جەندەل بىلەن بىردەم بىللە ماڭدى ۋە: «سەبرى قىل ئەبۇجەندەل! مۇشرىكلارنىڭ ھەر قاندىغىنىڭ قېنى ئىتنىڭ قېنى بىلەن باراۋەر» دېگەچ قىلىچىنىڭ ساپلىقىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ ماڭاتتى، ئۆمەر: «ئەبۇ جەندەل قىلىچنى ئېلىپ ئاتىسىغا سالارمىكىن دېسەم بۇ ئادەمنىڭ ئاتىسىغا كۆزى قىيمىدى. كېلىشىم كۈچكە ئىگە بولۇپ كەتتى»، دېگەن.

## قۇربانلىق ماللارنى زەبھى قىلىپ، باش چۈشۈرۈش ۋە ئۆمرە ئېھرامىدىن چىقىش

سۈلھى ھۆججىتى ئىمزالىنىپ بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرگە: «تۇرۇڭلار قۇربانلىق تۆگىلىرىڭلارنى زەبھى قىلىڭلار» دېدى. ئەزبىرايى خۇدا رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان بولسىمۇ، بىرمۇ ئادەم ئىجرا قىلىشقا تەمشەلمىدى، رەسۇلۇللاھ بۇ جىمجىتلىقنى كۆرۈپ ئايالى ئۇممى سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ مۇسۇلمانلارنىڭ گەپ ئاڭلىمىغانلىقىغا كايىدى، ئۇممى سەلەمە: «ئى رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئەمرىڭگە ئىتائەت قىلىشىنى خالامسەن؟ ئۇنداقتا ئالدى بىلەن ئۆزەڭ چىقىپ قۇربانلىقىڭنى زەبھى قىلغىن ۋە ساتىراچىنى چاقىرىپ چاچلىرىڭنى ئالدۇرۇپ ئېھرامدىن چىققىن دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇممى سەلەمەنىڭ يېنىدىن چىققان پېتى ھېچ كىمگە قارىماي بېرىپ قۇربانلىقىنى زەبھى قىلدى ۋە ساتىراچىنى چاقىرىپ چېچىنى ئالدۇردى. ساھابىلار بۇنى كۆرۈپ قۇربانلىقلىرىنى بەس-بەستە زەبھى قىلدى ۋە ئۆزئارا چاچلىرىنى ئالدۇرۇشتى. ئۇلار قاتتىق دەرد-ئەلەم چېكىۋاتقاندەك قىلاتتى. تۆگە كالىلارنى ئوخشاشلا يەتتە ئادەم بىر تۆگە ياكى بىر كالا قۇربانلىق قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

مۇشرىكلارغا ئۇبدانراق ئەلەم قىلىش ئۈچۈن ئەبۇ جەھىلنىڭ بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلجا ئېلىنغان، كۈمۈش بورۇن تورۇقلۇق قىزىل نار(ئەركەك) تۆگىسىنى قۇربانلىق قىلدى.

رەسۇلۇللاھ چاچلىرىنى چۈشۈرگۈچىلەرگە ئۈچ قېتىم، قىرقىتقانلارغا بىر قېتىم مەغپىرەت تىلىدى. مۇشۇ سەپەردە يەنە ئاللاھ كەئەب ئىبنى ئۇجرە قاتارلىق مەلۇم ئىللەت تۈپەيلى چېچىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئالدۇرغانلارغا روزا تۇتۇش سەدىقە بېرىش ۋە ياكى باشقا پائالىيەتلەرنى قوشۇپ ئادا قىلىش بىلەن كاپارەت تۆلەشنى نازىل قىلدى.

## مۇھاجىر ئاياللارنى قايتۇرۇپ بېرىش تەكلىۋىنىڭ رەت قىلىنىشى

ئارقىدىنلا بىر قانچە مۇئمىن ئايال يېتىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۇلارنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى كېلىپ ھۇدەيبىيە شەرتنامىسىگە ئاساسەن بۇ خوتۇن ـ قىزلارنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىۋى شەرتنامىنىڭ مۇشۇ توغرىسىدىكى ماددىسىدا« بىز تەرەپتىن ھەر قانداق بىر ئەر سىلەر تەرەپكە قېچىپ بارسا، گەرچە مۇسۇلمان بولسىمۇ ئۇنى شەرتسىز قايتۇرۇپ بېرىسىلەر» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ يەردە ئايال كىشى قەتئىي تىلغا ئېلىنمىغان، دېگەن پاكىت بىلەن رەت قىلىۋېتىلدى. ئاللاھ بۇ ھەقتە: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا جَاءَكُمُ الْمُؤْمِنَاتُ مُهَاجِرَاتٍ فَامْتَحِنُوهُنَّ اللَّهُ أَعْلَمُ بِإِيمَانِهِنَّ فَإِنْ عَلِمْتُمُوهُنَّ مُؤْمِنَاتٍ فَلَا تَرْجِعُوهُنَّ إِلَى الْكُفَّارِ لَا هُنَّ حِلٌّ لَّهُمْ وَلَا هُمْ يَحِلُّونَ لَهُنَّ وَآتُوهُم مَّا أَنفَقُوا وَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ أَن تَنكِحُوهُنَّ إِذَا آتَيْتُمُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ وَلَا تُمْسِكُوا بِعِصَمِ الْكَوَافِرِ﴾ « ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە م ۇئمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى الله ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى (سىنىغاندىن كېيىن ھەقىقي) مۇئمىنە دەپ تونۇساڭلار، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار، ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس، كاپىر ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ مەھرلىرىنى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، كاپىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار » سۈرە مۇمتەھىنە »(سۈرە مۇمتەھىنە 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)دېگەن ئايەتكىچە نازىل قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇئمىن ئاياللارنى ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتىگە ئاساسەن ئىمتىھان قىلاتتى «؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟ 749 ـ بەت ؟؟؟؟؟» تەرجىمىسى: «ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مۇشۇ شەرتلەرگە كۆنگەنلىرىگە رەسۇلۇللاھ: «سېنىڭ بەيئىتىڭنى قوبۇل قىلدىم»، دەيتتى ۋە ئۇلارنى مۇشرىكلارغا قايتۇرۇپ بەرمەيتتى.

مۇسۇلمانلار يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ھۆكۈمى بويىچە نىكاھىدىكى كاپىر خوتۇنلىرىنى تالاق قىلىۋەتتى. ئۆمەرمۇ شۇ كۈنى شېرىك ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئىككى خوتۇنىنى قويۇۋەتكەن، ئۇلارنىڭ بىرىنى مۇئاۋىيە، يەنە بىرىنى سەپۋان ئىبنى ئۇمەييە نىكاھىغا ئالغان.

## كېلىشىمنامىنىڭ ماددىلىرى نىملەرنى ئۇقتۇرىدۇ؟

مانا بۇلار ھودەيبىيە سۈلھىسى(كېلىشىمى)نىڭ تەپسىلاتىدۇر. بۇ كېلىشىمنامە ماددىلىرىنى ئۇنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ توغرا تەھلىل قىلغان ۋە توغرا ئانالىز قىلغان ھەر قانداق بىر كىشى بۇ شەرتنامىنىڭ ئىمزالىنىشىنىڭ مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن غايەت زور غەلىبە ۋە چوڭ مۇۋەپپەقىيەت بولغانلىقىغا شەك قىلمايدۇ.

چۈنكى قۇرەيشلەر بۇندىن ئىلگىرى مۇسۇلمانلارنى ئېتىراپ قىلمايتتى. بەلكى،تېخى مۇسۇلمانلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقۇتۇش ئۇلارنىڭ پىلانى ۋە ئاساسىي نىشانى ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھامان بىر كۈن گۈمران بولۇشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۆتەتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى دىنىي داھىي ۋە سىياسىي رەھبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئىسلام دىنىنىڭ ئەرەب جەمئىيىتىدە ئومۇملىشىپ قېلىشىغا جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمدى بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ سولھىگە مايىل بولغانلىقىنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ۋە قۇرەيشنى مەركەز قىلغان بارلىق كۈپرى گۇماشتىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتا قارشىلىق كۆرسۈتۈش ئىقتىداردىن قالغانلىقىنى ئۇقتۇراتتى. كېلىشىمنامىنىڭ ئۈچىنچى ماددىسى قۇرەيش تەرەپ ئۆزلىرى دەۋا قىلىپ يۈرگەن سىياسىي ئورنىنى ۋە دىنىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئەمدى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى، ئۇلار ھازىر ئۆزىنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇندىن كېيىن پۈتكۈل جەمئىيەت، ھەتتا پۈتۈن ئەرەب ئارىلى مۇسۇلمان بولۇپ كەتسىمۇ قۇرەيشلەر ھېچقانداق يول بىلەن ئارىلاشمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قۇرەيشلەرگە نىسبەتەن ئېغىر مەغلۇبىيەت، مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن چوڭ غەلىبە.

بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، مۇسۇلمانلار دۈشمەن كۈچلەر بىلەن قانلىق توقۇنۇشلار ئارقىلىق ئاخىر يېتىدىغان نىشان ھەرگىز قارشى تەرەپنىڭ مال ـ دۇنيالىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ مۇسادىرە قىلىۋېلىش، ئادەملىرى ئۆلتۈرۈپ قىرغىن قىلىش ۋە ياكى ئۇلارغا ئىسلام دىنىنى مەجبۇرى تېڭىپ قوبۇل قىلىشقا زورلاش بولماستىن، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئۇرۇشلاردىكى قانلىق بەدەللەرنى تۆلەشتىكى بىردىن بىر مەقسىدى كىشلەر ئۈچۈن دىن تاللاشتا ۋە ئېتىقادى تونۇش ھاسىل قىلىشتا «خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن دېگەن پىرىنسىپ بويىچە ھېچقانداق بىر زالىم كۈچ ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە توسالغۇ بولمايدىغان مۇكەممەل ھۆرلۈك ۋە ئەركىنلىك ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ۋەھالەنكى بۇ نىشان شۇنداق مۇكەممەل رەۋىشتە ئىشقا ئاشتىكى بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئادەتتە زور كۈچ، قۇدرەتلىك ھەربىي قوشۇن بىلەنمۇ ئېرىشىش مۇمكىن بولمايتتى. بولۇپمۇ بۇ قېتىمقى سۈلھى ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئاشۇ ھۆرلۈك ئۈچۈن دەۋەت قىلىشتا ناھايىتى زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. ئالايلى مۇشۇ كېلىشىم ئىمزالىنىشىنىڭ ئالدىدا مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ سانى ئۈچ مىڭدىن ئاشمايتتى، ئىككى يىلدىن كېيىن مەككە پەتھىسى(ئىشغالىيتى) يۈرۈشىدە ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئۇمۇمىي سانى ئون مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

كېلىشىمنامىنىڭ ئىككىنچى ماددىسى يەنىلا مۇشۇ قېتىم مۇسۇلمانلار قولغا كەلتۈرگەن ئاشۇ زور غەلىبىنىڭ تولۇقلىمىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئەڭ دەسلەپ

ئۇرۇشنى مۇسۇلمانلار باشلىغان ئەمەس بەلكى ئۇرۇشنى قۇرەيش كاپىرلىرى مۇسۇلمانلارغا زورلاپ تاڭغانىدى، ئاللاھۇتائالا بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلىپ:«؟؟؟؟؟؟؟751 ؟؟؟؟؟؟؟؟» تەرجىمىسى «ئۇلار تۇنجى بولۇپ سىلەرگە ئوت ئاچتى» دېگەنىدى. مۇسۇلمانلار قوزغىغان چوڭ-كىچىك ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئالساق، ئۇ پەقەت قۇرەيشلەرنىڭ زومىگەرلىكى ۋە ئاللاھنىڭ يولىدىن كىشىلەرنى توسۇشنى توختىتىش، ئۇلار بىلەن تەڭلىك ۋە باراۋەرلىك ئورنىتىپ، ھەممەيلەن ئۆزى تاللىغان يولدا مېڭىش شارائىتىنى يارىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمدى مانا ئون يىللىق ئۇرۇش توختۇتىش كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشى ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئورۇنسىز چوڭچىلىقلىرىنى ۋە ئىسلامى دەۋەتكە يولسىزلىق بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن چەكلىگەنلىكىدۇر. قىسقىسى، ئۇلار چاغلىماي كاچات ئېتىپ تەستەك يېگەنلىكىنىڭ ھەتتا دەرەخكە چىقىپ چۈشەلمەي قالغانلىقىنىڭ پاكىتىدۇر.

كېلىشىمنامىنىڭ بىرىنچى ماددىسى قۇرەيشلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنى مەسچىدىلھەرامدىن تۇسۇشىغا خاتىمە بېرىلگەنلىكىدۇر. بۇمۇ ھەم قۇرەيشلەر ئۈچۈن مەغلۇبىيەت، ئەلۋەتتە. ئالايلى قۇرەيش تەرەپ بۇ ماددىدا مۇسۇلمانلارنى بۇ يىل مەككىگە كىرمەي قايتىپ كېتىش تەلىۋىگە كۆندۈرەلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن باشقا قۇرەيشلەرنىڭ مەنپەتىگەۋەكىللىك قىلىدىغان ئالاھىدە بىر شەرت قويالمىغان.

قۇرەيش تەرەپ يۇقىرىقى ئۈچ جەھەتتە مۇسۇلمانلارغا يول قويۇپ بېرىپ ئۇنىڭ بەدىلىگە تۆتىنچى ماددىدىكى بىرلا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشۋالغان بولدى، خالاس. ئەپسۇسلىنارلىقى ئۇلار ئېرىشكەن بۇ ئىمتىيازمۇ ئىنتايىن بىمەنە، ئەھمىيەتسىز ئىمتىياز بولۇپ ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلچە زىيان-زەخمىتى تەگمەيتتى. ئالايلى ھەممىگە ئايانكى، مۇسۇلمان ئادەم ئۇ مۇسۇلمانلا بولىدىكەن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئىسلام تەۋەلىكىدىن ھەرگىز قاچمايدۇ، ئۇ قاچماقچى بولسا چوقۇم ئاشكارا ياكى مەخپى رەۋىشتە دىنىدىن چىقىپ مۇرتەد بولۇپ ئاندىن قاچىدۇ. ئۇنداق مۇرتەدنىڭ مۇسۇلمانلارغا كېرىكى يوق، بەلكى تېخى ئۇنداق مۇرتەدنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيتىدىن تېزرەك يوقالغانلىقى بۇ يەردە ئىشپىيۇن بولۇپ تۇرغىنىدىن كۆپ ياخشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىزدىن يۈز ئۆرىگەنلەرنى ئاللاھ يىراق قىلسۇن» دېگەن سۆزى شۇنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەمما مەككىلىكلەردىن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ گەرچە مەدىنىگە بېرىپ پانالىنىش يولى ئېتىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرىغۇ؟ ئالايلى، ئەينى چاغدا مەدىنە ئاھالىسى ئىسلام دىنىنى تونۇمايدىغان ۋاقىتتىلا ھەبەش زېمىنى مۇسۇلمانلارغا قوينىنى كەڭ ئاچقانىغۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەككىلىكلەردىن مۇسۇلمان بولغانلار ئۈچۈن ئاللاھ ئۆز دەرگاھىدىن ئاسانلىق ۋە مۇۋاپىق چىقىش يولى ئاتا قىلغۇسى» دېگىنى دەل مۇشۇنى كۆزدە تۇتقان.

كېلىشىمدە قۇرەيش تەرەپ ئۆز ئەتراپى تەۋەلىكىنى شۇ دەرىجىدە قوغداپ كەتكەنلىكى گەرچە ئۆزىنىڭ ئىززەت ئابرويىنى قوغدىغاندەك تۇس بەرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇلارنىڭ قاتتىق چۆچىگەنلىكىدىن، نىمە قىلارنى بىلەلمەي ئىنتايىن جىددىيلىشىپ

كەتكەنلىكىدىن، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ بۇددىستلىق مەۋجۇدىيىتىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. گويا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى مەۋجۇدىيىتىنى غۇلاپ چۈشۈش گىردابىغا بېرىپ قالغاندەك، شۇڭا مۇشۇنداق چىڭ تۇتمىسا قەتئىي بولمايدىغاندەك ۋەزىيەتنى ھېس قىلىشقاندەك قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلاردىن قۇرەيش تەرەپكە قېچىپ كەتكەنلەرنى قايتۇرۇۋالماسلىقتا دادىل يول قويۇشى ئۇنىڭ ئۆز تەۋەلىكىنى مۇستەھكەملەشتە پەقەت ئىماننىڭ ھاياتى كۈچىگە تايىنىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇ بۇنداق شەرتلەرگە پەرۋا قىلماي كەتمەيدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر ئەلبەتتە.

## مۇسۇلمانلارنىڭ قايغۇرىشى ۋە ئۆمەرنىڭ نارازىلىقى

خوش... مانا بۇلار ھودەيبىيە سۈلھىسىدىكى ئاساسلىق ماددىلارنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان ئەسرار ۋە ھەقىقەتلەردۇر. لېكىن بۇ يەردە مۇنداق ئىككى ئىش مۇسۇلمانلارنى غەم ـ قايغۇغا غەرق قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ بىرى: رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرگە: « بىز پات ـ پۈرسەتتە بەيتۇللاغا بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىمىز» دەپ ئۇقتۇرغان، ئەجەبا ئۇ ئەمدى بەيتۇللاغا كىرمەي قايتماقچى بولۇپ قالدىغۇ؟!

يەنە بىرى: « ئۇ ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى تۇرسا، ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتسا ۋەھالەنكى ئاللاھنىڭ ئۆز دىنىنى ھامان غالىب قىلىشقا ۋەدىسى بولسا نېمە دەپ رەسۇلۇللاھ قۇرەيش تەرەپنىڭ يولسىز شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ؟ نېمە دەپ سۈلھىدە تەڭسىزلىككە يول قويىدۇ؟ مانا بۇ ئىككى سوئال، شەك ـ شۈبھىسىزكى غەم ـ قايغۇ ۋە ئۇي خىياللارنىڭ ئاساسىي مەنبىئى ئىدى. مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا مۇسۇلمانلارنىڭ روھى چۈشۈپ سۈلھى ماددىلىرىنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان غەلىبىلەرنى ئويلىماي ئەكسىچە قايغۇ ـ ھەسرەت كىشەنلىرىگە باغلاندى. ساھابىلەر ئىچىدە ھەممىدىن بەك قايغۇرۇپ ئازاپ تارتقان كىشى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ بولسا كېرەك. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ: « ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ھەق(يول) ئۈستىدە، ئۇلار باتىل (يول) ئۈستىدە ئەمەسمۇ؟ » دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ: « ھەئە، ئەلۋەتتە شۇنداق » دەپ جاۋاب بېرىۋىدى، ئۇ: « بىزدىن ئۆلگەنلەر جەننەتتە، ئۇلاردىن ئۆلگەنلەر دوزاختا بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟ » دېدى رەسۇلۇللاھ: « ھەئە، شۇنداق » دېدى. ئۇ: « ئەمىسە نېمە دەپ دىنىمىز ھەققىدە خورلۇققا (ئېغىر شەرتلەرگە) يول قويىمىز؟ نېمىشقا ئاللاھنىڭ بىز بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتمەي تۇرۇپ قايتىپ كېتىمىز؟ » دەپ رەسۇلۇللاھ بىلەن تاقارىشىپ تۇرىۋالدى، بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ: « ئى ئۆمەر! مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، مەن ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلالمايمەن. ئاللاھ ماڭا نۇسرەت ئاتا قىلغۇچى، ئۇ مېنى ھەگىز تاشلىۋەتمەيدۇ» دېدى. ئۆمەر: « سەن بىزگە بەيتۇللاغا بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىمىز دېگەنتىڭغۇ؟ » دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ: « توغرا، مەن ساڭا مۇشۇ يىل چوقۇم ھەج تاۋاپ قىلىمىز دېگەنمىدىم؟ » دەپ سورىدى. ئۆمەر: « ياق » دېدى، رەسۇلۇللاھ: « توغرا، سەن ئۇنىڭغا چوقۇم كېلىپ تاۋاپ قىلىسەن » دېدى.

ئاندىن ئۆمەر ئاچچىقىنى يەنە باسالماي ئەبۇ بەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ رەسۇلۇللاھقا دېگەنلىرىنى ئۇنىڭغا قايتا دېدى، ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ دېگەندەك جاۋاب قايتۇردى ۋە: «ئۇنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلغىن، ئەزىبرايى خۇدا ئۇ ھەق ئۈستىدە» دېگەن گەپنى قوشۇپ قويدى. ئاندىن ئاللاھ : ﴿إِنَّا فَتَحْنَا لَكَ فَتْحًا مُّبِينًا ﴾ «بىز ساڭا روشەن بىر غەلىبە ئاتا قىلدۇق» دېگەن سۈرىنى نازىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۆمەرنى چاقىرتىپ بۇ سۈرىنى ئوقۇپ بەرگەندى، ئۆمەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ(ھۆدەيبىيە سۈلھىسى) پەيھى(غەلىبە)مۇ؟» دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ: «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىشۇدى ئۆمەرنىڭ كۆڭلى كۆكسى ئېچىلىپ يايراپ كەتتى.

كېيىن ئۆمەر بۇ قىلغانلىرىغا كۆپ پۇشايمان قىلدى. ئۇ مۇنداق دەيتتى: «مەن شۇ قېتىم ئالدىراقسانلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن نۇرغۇن ئەمەللەرنى قىلدىم، سەدىقە بەردىم، روزا تۇتتىم، ناماز ئوقۇدۇم ۋە قۇل ئازات قىلدىم ۋە ئويلاپ يەتتىمكى ئېھتىمال ئاشۇ قىلغانلىرىممۇ مەن ئۈچۈن ياخشى بوپتىكەن».

## توختىتىپ قويۇلغان مۇسۇلمانلارنىڭ قىينچىلىقى ھەل بولدى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندى، مەككىدىكى مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى مەدىنىگە قېچىپ كەلدى. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئەبۇ بەسىر (سەقىف قەبىلىسىدىن) بولۇپ، قۇرەيشلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى. ئۇلار ئۇنى قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن ئىككى ئادەمنى ئەۋەتىپ ئادەمنى ئەكەتمەكچى بولدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەسىرنى ھېلىقى ئىككى ئەلچىگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئەلچىلەر ئەبۇ بەسىرنى ئېلىپ زۇلھۇلەيفىگە كەلگەندە چۈشۈپ، بىر يەردە يېنىدىكى خورمىلىرىنى تۆكۈپ يېيىشكە باشلىدى. ئەبۇ بەسىر ئۇلارنىڭ بىرىنى گەپكە سېلىپ: «ئەزىبرايى خۇدا، ئى پالانى يېنىڭدىكى بۇ قىلىچىڭ بەك بەلەندەك قىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلچىلەرنىڭ يەنە بىرى ھېلىقى قىلىچنى قولىغا ئېلىپ قىنىدىن سۇغۇرۇپ: «راستىكەن، ھەقىقەتەن قۇچى بەلەن قىلىچ ئىكەن» دېدى. بۇ چاغدا ئەبۇ بەسىر: «ئەكىلە! مەن كۆرۈپ باقاي» دېگەنىدى ئۇ قىلىچنى ئەبۇ بەسىرگە تۇتقۇزۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەسىر گاچ ئۇرۇپلا ئۇنى موللاق ئەتكۈزۈۋەتتى. يەنە بىرى قېچىپ مەدىنىگە يېتىپ بېرىپ ئۇدۇل مەسچىتكە كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆرۈپ : «بۇ ئادەم چوقۇم بىرەر پىشكەللىككە يولۇقۇپتۇ» دېدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «مېنىڭ ھەمراھىم ئۆلتۈرۈلدى، مەنمۇ تاسلا قالدىم» دېدى. ئارقىدىنلا ئەبۇ بەسىر كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ سېنى ۋەدەڭگە ۋاپا قىلدۇردى، سەن مېنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردىڭ، ئاندىن ئاللاھ مېنىمۇ قۇتقازدى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ۋاي ۋابال تەككۇر! يەنە بىر ئادەمى بولغان بولسا ئۇرۇش قوزغار ئىكەن» دېدى.

ئەبۇ بەسىر بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «رەسۇلۇللاھ مېنى ئۇلارغا ھامان قايتۇرۇپ بېرىدىكەن» دەپ قاراپ مەدىنىدىن چىقىپ كەتتى ۋە قىزىل دېڭىز بويىدىن سەيفۇل

بەھرى دېگەن يەرگە كېلىپ چۈشتى ئارقىدىنلا ئەبۇ جەندەل ئىبنى سوھەيىل قېچىپ چىقىپ ئەبۇ بەسىرگە قوشۇلدى، شۇنداق قىلىپ مەككىدىن مۇسۇلمان بولۇپ قېچىپ چىققانلا كىشى ئەبۇ بەسىرنىڭ سېپىگە قېتىلىپ ئاخىرى ئۇ يەردە كۈچى خېلى زور بىر قوشۇن تەشكىللىنىپ قالدى، ئۇلار مەككىدىن شامغا ماڭغان قۇرەيش كارۋىنى بايقالسىلا ئالدىنى توسۇپ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ ماللىرىنى بولاپ تالىغىلى باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن قۇرەيشلەر رەسۇلۇللاھقا ئاللاھنى ۋە تۇققانلىق سىلەر-رەھمىنى ئارىغا سېلىپ تۇرۇپ: «سېنىڭ يېنىڭغا بارغان ھەر قانداق كىشى ئامان بولسا» دەپ خەت يازدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ مەدىنىگە قايتۇرۇپ كەلدى.

## قۇرەيشلىك بىر قانچە ئەزىمەتنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى

ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن ھىجرىيىنىڭ 7 ـ يىلى يىلىنىڭ بېشىدىلا[1] ئەمرى ئىبنى ئاس، خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋە ئوسمان ئىبنى تەلھە قاتارلىق قۇرەيشلىك ئۈچ ئەزىمەت مۇسۇلمان بولۇپ كەلدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «مەككە بىزگە يۈرەك پارىلىرىنى تاشلاپ بېرىپتۇ» دېدى.

# ئىككىنچى باسقۇچ — يېڭى بۇرۇلۇش

ھۇدەيبىيە سۈلھىسى مۇسۇلمانلار تارىخىدىكى يېڭى بىر بورۇلۇشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. ئالايلى، قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئىسلام دىنىغا قارىتا ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ ياۋۇز، ئەڭ ئەشەددى دۈشمەن ئىدى. ئۇلارنىڭ جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىشى بىلەن دۈشمەن ئۈچ بىرلەشمە(يەنى قۇرەيش، غەتپان ۋە يەھۇدىيلار) قوشۇنىنىڭ قانىتىدىن ئەڭ كۈچلۈك بىر قانات سۇنۇپ كېرەكتىن چىقتى ۋە يەنە قۇرەيشلەر بۇددىزىمنىڭ(بۇتپەرەسلىك) ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ۋەكىللىرى ۋە پۈتۈن بۇتپەرەسلەرنىڭ دىنى داھىيلىرى بولغاچقا بىردىنلا بۇددىستلارنىڭ خورىكى جىمىپ تاجاۋۇزچىلىق ۋە زوراۋانلىق قىزغىنلىقى زور دەرىجىدە سوۋۇپ كەتتى. شۇڭا غەتپان بەدەۋى قاراقچىلىرىنىڭ مۇشۇ سۈلھى (كېلىشىمنامە) ئىمزالانغاندىن كېيىن چوڭ مالىمانچىلىق پەيدا قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەن كۈچلەر سادىر قىلغان ئەكسىيەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى پەقەت يەھۇدىيلارنىڭ كۈشكۈرتىشىدىن كېلىپ چىقتى، خالاس.

---

[1] مەزكۇر ساھابىلەر مۇسۇلمان بولغان يىلنى بېكىتىشتە ئوخشاش بولمىغان قاراشلار بار. كۆپىنچە تارىخچىلار: «بۇ ھىجرىيىنىڭ 8 ـ يىلى مۇسۇلمان بولغان»، دەيدۇ. لېكىن، ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ نەجاشىنىڭ ھۇزۇرىدا مۇسۇلمان بولغانلىقى ئېنىق. خالىد بىلەن تەلھە ئەمرى ئىبنى ئاس ھەبەشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان. ئېيتىلىشىچە، ئەمر ھەبەشىستاندىن قايتقاندىن كېيىن مەككىگە كىرمەي، ئۇدۇل مەدىنىنى نىشانلاپ ماڭغان ۋە خالىدى بىلەن ئەمرمۇ مۇشۇ مەقسەتتە مەدىنىگە ماڭغان بولۇپ، ئۇلار يول ئۈستىدە ئۇچرىشىپ قالغان ۋە ئۈچى بىرلىكتە رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇسۇلمان بولغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇلار ھىجرىيىنىڭ 7 ـ يىلى يىل باشلىرىدا مۇسۇلمان بولغان بولىدۇ.

يەھۇدىيلار يەسرەپ (مەدىنە مۇنەۋۋەر)دىن سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزلىرىگە خەيبەرنى ئىغۋاگەرچىلىك ۋە سۇيىقەستچىلىك ئۇۋىسى قىلىپ بېكىتكەنىدى. ئۇلارنىڭ چوڭ كاتتىۋاش شەيتانلىرى بۇ مەككارلىق ئۇۋىسىدا قۇرتلاپ، ھەربىدەك تارقىلىپ، چايانىدەك زەھەر چىچىپ، مەدىنە ئەتراپىدىكى بەدىۋى ئەرەبلەرنى رەسۇلۇللاھنى ۋە مۇسۇلمانلارنى يوقىتىشقا مۇمكىن بولمىغاندىمۇ ئۇلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىشقا كۈشكۈرتۈپ، كىچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، تىنماي تىپىرلىماقتا ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنى ئىمزالاپ قايتىپ كەلگەنىدىن كېيىنلا، باسقان تۇنجى قەدىمى ئاشۇ بەدۆلەرنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى (پىلانلىغۇچىسى بولغان) يەھۇدىي ئۇۋىسىغا زەربە بېرىپ، ئۇنى چۇۋۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت بولدى.

ھاسىل كالام، ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن باشلانغان بۇ دەۋر خاراكتېرلىك يېڭى بۇرۇلۇش، مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دەۋىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، تارقىتىش ۋە كەڭ كۆلەمدە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ياخشى بىر پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزۈش قىزغىنلىقى يېڭى بىر كەيپىياتقا كۆتۈرۈلدى.

شۇڭا بىز بۇ يېڭى بۇرۇلۇش دەۋرى باسقۇچىنى مۇنداق ئىككى قىسمىغا بۆلۈشىمىز مۇمكىن.

1. دىنى دەۋەت ساھەسىدىكى جانلىنىش يەنى پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرگە مەكتۇپ يوللاش دەۋرى باسقۇچى.

2. ھەربىي ھەرىكەتلەرنى قايتا جانلاندۇرۇش باسقۇچى.

خوش، ئەمدى بىز ئاشۇ يېڭى باسقۇچتا جانلانغان ھەربىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىشتىن ئالدىدا ئەتراپتىكى پادىشاھ-ئەمىرلەرگە مەكتۇپ يوللاش ماۋزۇلىرىغا نەزەر سېلىپ باقايلى. چۈنكى ئىسلام دىنىدا دەۋەت ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، ئىسلام دەۋىتى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار نۇرغۇن جەۋرى-جاپالارنى چەككەن. مۇشەققەتلىك ئۇرۇش، داۋالغۇش ۋە مالىمانچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن.

## ئەتراپتىكى پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرگە مەكتۇپ يوللاش

ھىجرىيە 6-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى، رەسۇلۇللاھ ھۇدەيبىيەدىن قايتىپ كېلىپلا ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەرنىڭ پادىشاھ ۋە ئەمىرلىرىگە مەكتۇپ يوللاپ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئىشىنى باشلىۋەتتى. رەسۇلۇللاھ مەكتۇپ يوللىماقچى بولغاندا پادىشاھ-ئەمىرلەرنىڭ مۆھۈر بېسىلمىغان مەكتۇپلارنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى ئوتتۇرغا قويۇلدى، شۇڭا ئۇ كۈمۈشتىن بىر مۆھۈر ياسىتىپ ئۇنىڭغا « محمد رسول الله» (ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد) دېگەن خەتنى ئويدۇردى. مۆھۈرنىڭ خېتى تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئۈچ قاتار قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، « محمد» دېگەن خەت مۆھۈرنىڭ تۆۋەن قۇرىغا، «رسول» دېگەن خەت مۆھۈر يۈزىنىڭ ئوتتۇر قۇرىغا ۋە « ئاللاھ » دېگەن خەت مۆھۈر يۈزىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى قۇرىغا تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە ئويۇلغانىدى.

الله
رسول
محمد

ھەمدە مۇشۇ مەقسەتتە رەسۇلۇللاھ ساھابىلەردىن بىلىملىك ھەم پەم ـ پاراسەتلىك بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تاللاپ ئاشۇ پادىشاھلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئەللامە مەنسۇرفورى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەلچىلەرنى خەيبەر غازىتىغا ئاتلىنىشنىڭ ئالدىدا ھىجرىيىنىڭ 7 ـ يىلى مۇھەررەم ( 1 ـ ئاي)نىڭ بېشىدايولغا سالغان» ، دەپ جەزم قىلدى. تۆۋەندە ئاشۇ مەكتۇپلارنىڭ تولۇق تېكىستلىرىنى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى بايان قىلىمىز.

## 1) ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىغا مەكتۇپ يوللاش

نەجاشىنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەسھەمە ئىبنى ئەبجەر ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھىجرىيە 6 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ياكى 7 ـ يىلى مۇھەررەم نىڭ بېشىدا ئەمرى ئىبنى ئۇمەييە تورزەمەرىدىن مەكتۇپ يوللىدى، ئىمام تەبەرى بۇ قېتىمقى مەكتۇپنىڭ تولۇق تېكىستىنى زىكرى قىلغانىدى، لېكىن ئۇ زىكرى قىلغان تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا دىققەت بىلەن نەزەر سالغاندا ئۇنىڭ زىكرى قىلغىنى رەسۇلۇللاھ ھۇدەيبىيەدىن كېيىن يەنى مۇشۇ قېتىم يوللىغان مەكتۇپنىڭ ئەسلى تېكىستى ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە چېغىدا جەئفەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغاندا شۇنىڭدىن يوللىغان مەكتۇپنىڭ تېكىستى ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ. چۈنكى، ئىمام تەبەرى زىكرى قىلغان مەكتۇپنىڭ تېكىستىدە ئاشۇ مۇھاجىرلار توغرىلىق مۇنداق بايانلار قىستۇرۇلغان: «سىز تەرەپكە تاغامىنىڭ ئوغلى جەئفەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر بۆلۈك مۇھاجىر مۇسۇلمانلارنى ئەۋەتتىم، ئۇلار يېتىپ بارسا شەپقەت كۆزىڭىز بىلەن قاراپ قويغايسىز، يەكلەپ زۇلۇم ـ سىتەم قىلمىغايسىز، ۋەسسالام»دېگەنىدى.

ئىمام بەيھەقى ئىبنى ئىسھاقتىن رەسۇلۇللانىڭ نەجاشىغا يوللىغان مەكتۇبىنىڭ تولۇق تېكىستىنى تۆۋەندىكىدەك نەقىل قىلدى:

*بۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدنىڭ ھەبەشىستان چوڭى ئەسھەمە نەجاشىغا يوللىغان مەكتۇبىدۇر. توغرا ھىدايەتكە ئەگەشسە ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە، ئاللاھنىڭ يەككە ـ يىگانە، شېرىكى يوق، خوتۇن ۋە بالىغا ھاجەت ئەمەس ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە سالام! مەن سېنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلىمەن. مەن ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرىدۇرمەن، مۇسۇلمان بولساڭ ئامان بولىسەن، ئى ئەھلى كىتابلار! پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك ۋە ئاللاھنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى ئىلاھ قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى ئورتاق بىر خىل ئەقىدە)گە ھۆرمەت قىلايلى. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە(يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا) بىزنىڭ*

*مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار دەڭلار، ئەگەر بۇنىڭدىن باش تارتساڭ خەلقىڭ ئىچىدىكى بارلىق خرىستىئانلارنىڭ گۇناھى ساڭا يۈكلىنىدۇ.*

ئاتاقلىق دىنى ئۆلىما، تەتقىقاتچى، دوكتۇر ھۇمەيدۇللا (پارىژ) يېقىندا بايقالغان مۇنداق بىر مەكتۇبنىڭ تېكىستىنى ئېلان قىلدى. ئىبنى قەييۇم بۇ تېكىستنى ئازراق ئۆزگىرىش بىلەن نەقىل قىلدى. جانابى دوكتۇر ھۇمەيدۇللاھ بۇ تېكىستنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ئەجىرلەرنى سىڭدۈرۈپ، ھازىرقى زامان كەشپىيات، تەجرىبىلىرىدىنمۇ پايدىلىنىپ مەزكۇر تېكىستنى مۇنداق رەۋىشتە بايان قىلدى:

*ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.*

*ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن ھەبەشىستان چوڭى نەجاشىغا:*

*توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام!. سالامدىن سوڭرە، مەن ئاللاھنى شۇنداق مەدھىيىلەيمەنكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بارلىق كائىناتنىڭ ئىگىسىدۇر. ئەيىپ نۇقساندىن پاك ـ مۇنەززەھتۇر، ئىنسانىيەتكە سالامەتچىلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، مۆئمىنلەرنى ئازاپتىن خالاس قىلغۇچىدۇر، بىرلا ۋاقىتتا ھەممە شەيئىگە تەڭلا نازارەت قىلغۇچىدۇر ۋە گۇۋاھلىق بىرىمەنكى مەريەم ئوغلى ئىسا(ئەلەيھىسسالام) ئاللاھنىڭ روھى ۋە كەلىمە(سۆزى)سى دۇركى ئاللاھ ئۇنى ياتلىق بولۇشتىن ۋازكەچكەن ئىپپەتلىك، تېگى پاك مەريەمگە ئىلقا (تاشلاش) قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىيساغا ئېغىر ئاياق بولدى. ئاللاھ ئۆز قولى بىلەن ئادەم ئاتىنى ياراتقاندەك، ئىسانى ئۆز روھى كەلىمىسى بىلەن ياراتتى، مەن سېنى شېرىكى يوق بىر ئاللاھقا ئىشىنىشكە، ئۇنىڭ ئىتائىتىگە بىرلىككە كېلىشكە ، ماڭا ئەگىشىشكە، ۋە ماڭا نازىل قىلىنغان قۇرئانغا ئەگىشىشكە چاقىرىمەن. مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇرمەن، مەن سېنى ۋە سېنىڭ بارلىق لەشكەرلىرىڭنى ئاللاھ تەرەپكە چاقىرىمەن. مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزدۈم ۋە نەسىھەت قىلدىم، نەسىھىتىمنى قوبۇل قىلىڭلار! توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام.*

دوكتۇر ھۇمەيدۇللاھ بۇ مەكتۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدىن قايتىپ كېلىپلا نەجاشىغا يوللىغان مەكتۇپنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدۇر، دەپ تەكىتلىدى. دەلىل پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا بۇ تېكىستنىڭ توغرىلىقىدا شەك ـ شۈبھە يوق، لېكىن ھۇدەيبىيەدىن كېيىنلا يوللانغان مەكتۇپ مۇشۇ شۇ دەپ ئېيتالمايمىز. چۈنكى، ئىمام بەيھەقى ئىبنى ئىسھاقتىن نەقىل كەلتۈرگىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قوشنا ئەل پادىشاھلىرىغا ۋە ياكى خرىستىئان ئەمىرلىرىگە يوللىغان مەكتۇپلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدا « ئى ئەھلى كىتاب! ھەممىمىز ئورتاق بىر ئەقىدىگە كېلەيلى » دېگەن ئايەت كەرىم كىرگۈزۈلگەن، ئەمەلىيەتتىمۇ رەسۇلۇللاھ مەزكۇر ئايەتنى شۇ مەزگىلدە يوللىغان مەكتۇپلىرىنىڭ ھەممىسىگە كىرگۈزەتتى . بۇنىڭدا يەنە «ئەسھەمە» دېگەن ئىسىم ئوچۇق يېزىلغان، ئەمما دوكتۇر ھومەيدۇللا ھۇدەيبىيەدىن كېيىن يوللىغان مەكتۇپنىڭ تېكىستى دەپ كەلتۈرگىنى بەلكىم ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسھەمە ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەلى ئەھدىسىگە يوللىغان

مەكتۇپى بولۇشىمۇ مۇمكىن، شۇڭىمۇ بۇ مەكتۇپتا «ئەسھەمە» دېگەن ئىسىم ساقىت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

مېنىڭ مۇشۇنداق تەھلىل قىلىشىمغا پەقەت ئاشۇ مەكتۇپلارنىڭ تېكىستى ئىپادىلىگەن ئىچكى دەلىل ـ ئىسپاتتىن باشقا ھېچقانداق دەلىلى قەتئىي يوق.

ئەڭ ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، ئىمام بەيھەقى ئىبنى ئىسھاقتىن نەقىل كەلتۈرگەن مەكتۇپنىڭ تېكىستىدە ئەسھەمە دېگەن ئىسىم ئېنىق يېزىلغان تۇرۇقلۇق دوكتۇر ھۇمەيدۇللاھ ئۇنى «بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسھەمە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەلى ئەھدىسىگە يوللىغان مەكتۇبىنىڭ تېكىستىدۇر» دەپ جەزم قىلدى.

خوش ... ئەلچى ئەمرى ئىبنى ئۇمەييە زەمەرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەجاشىغا يوللىغان مەكتۇبىنى ساق ـ سالامەت ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بېرىۋىدى، نەجاشى ئۇنى ناھايىتى ئالىي ئىھتىرام بىلەن قولىغا ئېلىپ كۆزىگە سۈرتتى ۋە تەختىدىن چۈشۈپ ھۆرمەت بەجا كەلتۈردى. ئاندىن جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىبنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولۇپ رەسۇلۇللاھقا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ خەت يازدى. ئۇنىڭ خېتىنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

*ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.*

*ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدكە ئەسھەمە نەجاشىدىن سالام. ئى رەسۇلۇللاھ ساڭا ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەركاتى بولسۇنكى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر.*

*سالامدىن كېيىن مەلۇم بولغايكى، ئى رەسۇلۇللاھ ماڭا سېنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە يوللىغان مەكتۇبىڭ تەگدى. ئاسمان زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى ئىيسا سەن تەۋسىپلىگەندىن كەم ـ زىيادە ئەمەستۇر. ئۇ بەئەينى سەن دېگەندەك. بىز ئەۋەتكەن مەكتۇپىڭدىن ۋاقىپلاندۇق، تاغاڭنىڭ ئوغلىنى ھۆرمەتلىدۇق ۋە ئۇنىڭ ئىززىتىنى ياخشى قىلدۇق، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى سەن ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرىدۇرسەن، ساڭا بەيئەت قىلدىم ۋە تاغاڭنىڭ ئوغلىغا بەيئەت قىلدىم ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدۇم ۋە سالام!*

دېيىلگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەجاشىدىن جەئفەر ۋە ئۇنىڭ شۇ يەردىكى ھەمراھلىرىنى مەدىنىگە يولغا سېلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغانىدى، نەجاشى ئۇلارنى ئەمرى ئىبنى ئۇمەييە زەمەرى بىلەن مەخسۇس ئىككى كېمە تەييارلاپ يولغا سېلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمرى ئۇلارنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا باشلاپ كەلدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ خەيبەردە ئىدى. مەزكۇر نەجاشى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلى رەجەپ (7 ـ ئاي)دا تەبۇك غازىتىدىن كېيىنلا ئالەمدىن ئۆتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ۋاپات قىلغان كۈنى ئەسھابىلەرگە خەۋەر قىلغانىدى ۋە ئۇنىڭغا غائىبانە نامىزىنى چۈشۈرگەنىدى. نەجاشى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر پادىشاھ تەختكە چىقىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يەنە قايتا مەكتۇپ يوللىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولدىمۇ يوق، ئۇ بىزگە نامەلۇمدۇر.

## 2) مىسىر پادىشاھى مۇقەۋقىسقا مەكتۇپ يوللاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مىسىر ۋە ئىسكەندەرىيەنىڭ پادىشاھى مۇقەۋقىسقا (تۇلۇق ئىسمى جەرەيج ئىبنى مەتتا)غا مەكتۇپ يوللىدى. مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەنىدى.

*ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.*
*ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن قىبتىلارنىڭ كاتتىسى مۇقەۋقىسقا:*
*توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام. سالامدىن كېيىن مەن سېنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلىمەن، مۇسۇلمان بولغىن، ئامان بولىسەن. ئاللاھ ساڭا ئىككى ھەسسە ساۋاپ ئاتا قىلىدۇ. مۇسۇلمان بولۇشتىن باش تارتساڭ بارلىق قىبتىلەرنىڭ گۇناھى ساڭا يۈكلىنىدۇ.*
*«ئى ئەھلى كىتاب پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك ۋە ئاللاھنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى ئىلاھ قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر ئەقىدىگە) ھۆرمەت قىلايلى. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە(يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار، دەڭلار».*

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەكتۇپنى يەتكۈزۈشكە ھاتەب ئىبنى ئەبى بەلتەئەنى تاللىدى ۋە بۇ خەتنى ئۇنىڭدىن يولغا سالدى.

ھاتەب ئىبنى ئەبى بەلتەئە مىسىرغا بېرىپ مۇقەۋقىس بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭغا: «بۇ يەرلەردە سەندىن بۇرۇن ئۆزىنى «بۈيۈك پەرۋەردىگار» دۋالغان(يەنى پىرئەۋننى دېمەكچى ـ ت) بىر ئادەم ئۆتكەنىدى، ئاللاھ ئۇنى دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن جازالىدى. ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ قىلمىقىنى رەۋا كۆرمىدى، ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالدى. شۇڭا سەن باشقىلاردىن ئىبرەت(ئاگچىق ساۋاق) ئالغىن، باشقىلار سەندىن ئىبرەت ئالمىسۇن» دېدى. مۇقەۋقىس ئۇنىڭغا جاۋابەن: «بىزنىڭ ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىمىز بار، ئۇنى تاشلىيالمايمىز. بىراق ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بولسا ....... »دېيۋدى. بۇ چاغدا ھاتەپ: «بىز سېنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىمىز ئاللاھ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق دىنى ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كىشىلەرنى ئاشۇ دىنغا چاقىردى، ئۇلاننىڭ ئىچىدە بۇ دىنغا ھەممىدىن بەك قارشى چىققىنى قۇرەيشلىكلەر بولدى ۋە بۇ دىنغا قارىتا ئىلمى مۇئامىلىدە بولغىنى نەسارالار(خىرىستىئان)لار بولدى»، دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىيسا(ئەلەيھىسسالام) بىلەن بەرگەن بىشارىتى ئىيسا(ئەلەيھىسسالام)نىڭ مۇھەممەد(ئەلەيھىسسالام) بىلەن بەرگەن بىشارىتىگە ئوپئوخشاشتۇر. بىزنىڭ سېنى قۇرئانغا دەۋەت قىلىشىمىز سېنىڭ ئەھلى تەۋرات(يەنى يەھۇدىيلار)نى ئىنجىلغا دەۋەت قىلغىنىڭغا ئوخشاشتۇر. ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر قايسى خەلققە ئەلچىلىككە ئەۋەتىلسە ئۇلار شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇممىتى بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا

ئىتائەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. سەنمۇ مۇشۇ پەيغەمبەرنىڭ زامانىدىكى تابىيلارنىڭ بىرى. بىز سېنى مەسىھ (ئىيسا) ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن توسمايمىز، بەلكى ئۇنىڭ توغرا تەرىپىنى تۇتۇشقا بۇيرۇيمىز» دەپ سۆزىنى ئاياغلاشتۇرغانىدى، مۇقەۋقىس: «مەن بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئىشلىرىغا نەزەر سېلىپ كۆردۈم. ئۇ يامان ئىشلارغا بۇيرىماپتۇ، ياخشى ئىشلاردىن ھېچقايسىسىنى توسماپتۇ. ئۇ ئازغۇن سېھىرگەر ۋە ياكى چىراغچى كاھىن ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭدا يوشۇرۇن غائىب ئىشلارنى، مەخپى ـ يېپىق سىرلارنى ئاللاھقا مۇناجات قىلىش بىلەن رىئال ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشتەك پەيغەمبەرلىك مۆجىزىلىرىنى سەزدىم. مەن يەنە ياخشىراق ئويلاپ كۆرەي» دېدى ـ دە رەسۇلۇللاھنىڭ مەكتۇپىنى قولىغا ئېلىپ پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان ئېسىل بىر قاپچىغا سېلىپ ئاغزىنى ئېتىپ پېنىدىكى بىر چۆرىگە بەردى ۋە ئەرەبچە يازالايدىغان بىر مىرزىنى چاقىرتىپ رەسۇلۇللاھقا مۇنداق مەكتۇپ يازدى:

*ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن*
*قىبتىلەرنىڭ چوڭى مۇقەۋقىستىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاغا سالام:*
*سالامدىن كېيىن مەلۇم بولغايكى يوللىغان مەكتۇبىڭنى ئوقۇپ ئۇنىڭدا نېمىگە دەۋەت قىلغانلىقىڭدىن ۋاقىپ بولدۇم. مەن پەيغەمبەر كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، ئەمما شامدىن چىقىدۇ دەپ ئويلايتىم. ئەلچىڭنى ھۆرمەتلىدىم ۋە ئۇنىڭدىن ساڭا قىبتىلەر ئىچىدە يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە ئىككى كېنىزەكنى ۋە كىيىم ـ كېچەك ئەۋەتتىم قوبۇل قىلغايسەن ۋە ساڭا ئاتاپ بىر خېچىر ئەۋەتتىم مىنىپ كۆرگەيسەن ۋەسسالام.*

ئۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىپادە بىلدۈرمىدى ھەم مۇسۇلمان بولغانلىقىنىمۇ ئېلان قىلمىدى. ئۇنىڭ ئەۋەتكەن ئىككى كىنىزىكى بىرى مارىيە يەنە بىرى سىيرىن ئىدى. خېچىر بولسا رەسۇلۇللاھ ئۆزى ئەتىۋارلاپ مىنگەن دۇلدۇل شۇ بولۇپ ھەزرىتى مۇئاۋىيەنىڭ زامانىغىچە ھايات ئىدى. مارىيەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمرىگە ئېلىپ مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسىلىق شەرىپىگە ئېرىشكەن ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىبراھىم دېگەن ئوغلىنى تۇغۇپ بەرگەن، ئەمما سىيرىن دېگەن كېنىزەكنى ھەسسان ئىبنى سابىتقا بېرىۋەتكەن.

## 3) پارىس (ئىران) شاھى كىسراغا مەكتۇپ يوللاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پارىس(ئىران) شاھى كىسراغا مۇنداق مەزمۇندا مەكتۇپ يوللىدى:

*ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن*
*ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن پارسنىڭ كاتتىسى كىسراغا:*
*توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ۋە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى» دەپ شاھادەت ئېيتقانلارغا سالام:*
*مەن سېنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلىمەن. مەن بارلىق ئىنسانلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن(دىلى) تىرىك كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە كاپىرلارغا ئازاپ ھەققىدىكى*

*سۆزنىڭ ھەقلىقىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇرمەن. مۇسۇلمان بولساڭ ئامان بولىسەن، ئەگەر باش تارتساڭ پۈتۈن مەجۇسى (ئاتەشپەرەس)لەرنىڭ گۇناھى ساڭا يۈكلىنىدۇ».*

رەسۇلۇللاھ بۇ مەكتۇپنى ئەۋەتىش ئۈچۈن ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە سەھمىنى تاللىدى. ئابدۇللاھ بۇ مەكتۇپنى ئاپىرىپ بەھرەيىننىڭ چوڭىغا تاپشۇرۇپ بەردى. بەھرەيىننىڭ چوڭى بۇ مەكتۇپنى ئۆز ئادەملىرى ئارقىلىق كىسراغا يوللاپ بەردىمۇ؟ ياكى ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافىنىڭ ئۆزىنى ئەۋەتتىمۇ؟ بىزگە ئېنىق ئەمەس. قانداقلا بولمىسۇن ھەر ھالدا مەكتۇپ كىسرانىڭ قولىغا تېگىپ پارىسچىغا ئۆرۈپ ئوقۇپ بېرىلىشۇدى، ئۇ مەكتۇپنى يىرتىپ تاشلاپ مەغرۇر قىياپەتتە: «مېنىڭ پۇقرالىرىمدىن بىر ئاددى پۇقرا قانداقسىگە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى مېنىڭ ئىسمىمدىن بۇرۇن تىلغا ئېلىشقا پېتىنىپتۇ؟!» دەپ ئەزۋەيلەپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىسرانىڭ بۇ مەكتۇپقا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئاڭلاپ: «ئاللاھ ئۇنىڭ خاندانلىقىنى ۋەيران قىلىۋەتسۇن!» دېگەنىدى، ئۇنىڭ سەلتەنىتى راستلا گۇمران بولدى. كىسرا بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ يەمەندە تۇرۇشلۇق ۋالىيسى «بازان»غا خەت يېزىپ جەسۇر چەبدەس ئادەمدىن ئىككىنى ئەۋەتىپ، ھىجاز تەۋەسىدىن چىققان ئاشۇ ئادەم (رەسۇلۇللاھنى دېمەكچى ـــ ت) نى ھۇزۇرۇمغا تاپشۇرۇپ بەرگەيسەن» دەپ بۇيرىغانىدى. بازان يېنىدىكى ئادەملىرىدىن راسا يېتىشكەن ئىككى نەۋكەرنى تاللاپ خەت بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ئۇ خېتىدە رەسۇلۇللاھقا مەزكۇر ئىككى كىشىگە قارشىلىق كۆرسەتمەي، ئىرانغا بېرىپ خان بىلەن كۆرۈشۈشكە بۇيرىغان ئىدى. نەۋكەرلەر مەدىنىگە كېلىپ رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىرسى: «شاھىنشاھ (يەنى پادىشاھى ئالەم) كىسرا پادىشاھىمىز بازانغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ سېنى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ بېرىشكە پەرمان قىلغانىكەن، شۇڭا بازان بىزنى سېنى ئىرانغا ئاپىرىپ كىسراغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئەۋەتتى» دېدى ۋە نۇرغۇن تەھدىت گەپلەرنى قىلدى، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى: «ئەتە كۆرۈشەيلى» دەپ چىقىرىۋەتتى. دەل شۇ سائەت، شۇ مىنۇتلاردا ئىران ئارمىيىسى رۇم ئارمىيىسى تەرىپىدىن پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە يولۇقۇش بىلەن تەڭ كىسرا خان جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كىسراغا قارشى قانلىق سىياسى ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، كىسرانىڭ ئوغلى شىرۋەيھ ئاتىسىغا قارشى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ بارلىق ھوقۇق ۋە سەلتەنىتىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغانىدى. بۇ ئەھۋال ھىجرىيىنىڭ 7 ـ يىلى جەمەدىيەلئولا (5 ـ ئاي)نىڭ 10 ـ كۈنى سەيشەنبە كېچە يۈز بەرگەن بولۇپ، رەسۇلۇللاھ بۇنى ۋەھيي ئارقىلىق خەۋەر تاپقانىدى. ئەلچىلەر ئەتىسى ئەتىگەن رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچرىشىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا بۈگۈن كېچە خان ئوردىسىدا يۈز بەرگەن پاجىئەنى سۆزلەپ بەرگەنىدى، ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپ: «نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ بىز ساڭا ئاددى چارە ئويلىشىپتۇق، سېنىڭ بۇ ئېيتقانلىرىڭنى يېزىپ خانغا مەلۇم قىلامدۇق؟» دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ: «بولىدۇ، ئۇنى ئەلۋەتتە خەۋەرلەندۈرۈڭلار ۋە ئېيتىپ قويۇڭلار، مېنىڭ دىنىم ۋە مېنىڭ سەلتەنىتىم كىسرانىڭ قول ئاستىدىكى بارلىق زېمىنلەرنى ئىگەللەيدۇ، ئاتلىق ۋە پىيادىلىك بارالىغان ھەممە يەرگە بارىدۇ. پادىشاھىڭلارغا يەنە شۇنى ئېيتىپ قويۇڭلاركى،

ئەگەر مۇسۇلمان بولساڭ ھوقۇقىڭنى ساقلاپ قالىسەن، ئۆز خەلقىڭنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنىمۇ بېرىمەن» دېدى. ئەلچىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن چىقىپ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يول يۈرۈپ ئاخىرى بازاننىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدى ۋە شۇ ئەسنادا يەنە بازانغا ئىران خان ئوردىسىدىن شاھزادە شىرۋەيھ ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغانلىقى توغرىسىدا مەكتۇپ كەلدى. مەكتۇپنامىدە شىرۋەيھ مۇنداق يازغانىدى: «ئاتام ساڭا خەت يازغان ھېلىقى ئادەم توغرۇلۇق مېنىڭ پەرمانىم بولمىغۇچە ئالدىراپ ئۇنى قوزغىتىپ قويمىغىن».

مۇشۇ ۋەقە بازان قاتارلىق يەمەندە تۇرۇشلۇق ئىرانلىقلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەب بولدى.

## 4) رۇم پادىشاھى قەيسەرگە مەكتۇپ يوللاش

ئىمام بۇخارى ئۇزۇن بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىش جەريانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇم پادىشاھى قەيسەرگە يوللىغان مەكتۇبىنىڭ تولۇق تېكىستىنى رىۋايەت قىلدى. تۆۋەندىكى ئۇنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسىدۇر:

*ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن*

*ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەدتىن رۇمنىڭ كاتتىسى ھىرەقلىگە:*

*توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام، مۇسۇلمان بولغىن، ئامان بولىسەن. مۇسۇلمان بولغىن ئاللاھ ساڭا ئىككى ھەسسە ساۋاپ(بىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكىڭنىڭ، يەنە بىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكىڭنىڭ ساۋابى) بېرىلىدۇ. ئەگەر ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈسەڭ بارلىق خەلقىڭنىڭ گۇناھى ساڭا يۈكلىنىدۇ. ئى ئەھلى كىتاب! پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا ھېچ قانداق نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر-بىرىمىزنى ئىلاھ قىلىپ تىكلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بىر ئەقىدىگە ھۆرمەت قىلايلى» دېگىن. ئەگەر بۇنى قوبۇل قىلمىساڭلار بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار! دەڭلار» (سۈرە ئال ئىمران 64-ئايەت)*

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەكتۇپنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە دىھيە ئىبنى خولەيفەتۇلكەلبىنى تاللىدى ۋە ئۇنى ئاۋۋال مەكتۇپنى بۇسرا ۋالىيسىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە، بۇسرانىڭ ۋالىيسىنى قەيسەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشكە ھاۋالە قىلىپ قويۇشقا بۇيرىدى.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىشىچە، ھېلىقى ئون يىللىق ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىغان مەزگىلدە ئەبۇسۇفيان شامدا تىجارەتتە بولۇۋاتقاندا، رۇم پادىشاھى ھىرەقلى ئۇنى قۇرەيش سودىگەرلىرى بىلەن چاقىرتىپ قوبۇل قىلغان. ئۇلار ئىيلىيا (ئىرۇسالىم، يەنى بەيتۇلمۇقەددەس)دىكى چاغدا پادىشاھ ئۇ يەرگە كېلىپ، ھىجازدىن كەلگەن ئەرەب

سودىگەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەن [1] ۋە ئۇلارنى ئۆز مەجلىسىگە چاقىرتىپ ئولتۇرغۇزغان، ئۇنىڭ ئەتراپىدا رۇم دولىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىر-ۋۇزىرالىرى ئولتۇرغان.
ئەبۇ سۇفيان مۇنداق دېگەن: پادىشاھ سورۇن ئەھلىگە دىققەت بۇيرۇقى بەرگەنىدىن كېيىن تەرجىمان ئارقىلىق:
— قايسىڭلارنىڭ نەسىبى (يەنى ئۇرۇق-تۇققانچىلىقى) ھېلىقى ئۆزىنى پەيغەمبەر دەۋالغان كىشىگە يېقىنراق؟— دەپ سورىدى، مەن:
— مېنىڭ نەسەبىم ئەڭ يېقىن، — دېسەم، ئۇ مېنى ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرۇشقا، باشقا ھەمراھلىرىمنى مېنىڭ كەينىمدە ئولتۇرۇشقا بۇيرىدى. ئاندىن ئۇ تەرجىمان ئارقىلىق:
— مەن بۇنىڭدىن (يەنى ئەبۇ سۇفياندىن) ھېلىقى كىشى توغرىلىق بىر قانچە سوئال سورىماقچى، ناۋادا ئۇنىڭ گېپىگە يالغانچىلىق ئارىلىشىپ قالسا، دەرھال رەت قىلىڭلار،— دېدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇلار مېنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىمنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشىدىن قورقمىسام ئىدىم، ئەلۋەتتە ئانچە-مۇنچە يالغانلارنى قېتىپ قوياتتىم. ئاندىن ئۇ مەندىن سورىدى:
— ئۇنىڭ ئاراڭلاردىكى نەسەبى قانداق؟
— نەسەبى ئېسىل نەسەب.
— ئۇنىڭ(يەنى مۇھەممەد)دىن بۇرۇن ئاراڭلاردا پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان كىشى بولغانمۇ؟
— ياق
— ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئىچىدە پادىشاھلىق ھوقۇقى تۇتقانلار بولغانمۇ؟
— ياق
— ئۇنىڭغا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئەگەشتىمۇ ياكى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرمۇ؟
— تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر
— ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى كۆپىيىۋاتامدۇ ياكى ئازىيىۋاتامدۇ؟
— كۆپىيىۋاتىدۇ.
— ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر ئىچىدە ئۇنىڭ دىنىنى ياقتۇرماي يېنىۋالغانلار بارمۇ؟
— يوق
— ئۇ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىشىنىڭ ئالدىدا ئۇنى يالغانچىلىق بىلەن ئەيىپلىگەنمىدىڭلار؟
— ياق.
— ئۇنىڭ ئەھدىگە ۋاپاسىزلىق قىلغان يېرى بارمۇ-يوق؟
— ھازىر بىز ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزۈشتۇق مۇشۇنىڭغا خىيانەت قىلامدۇ-يوق؟ بىلمەيمەن.

---

[1] 629-يىلى (يەنى ھىجرىيىنىڭ 7-يىلى) رۇم خانى قەيسەر ئىران بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئاللاھ ئۇنىڭغا نۇسرەت ئاتا قىلغانلىقىغا تەشەككۇر ئېيتىش يۈزىسىدىن ئىلياغا (بەيتۇلمۇقەددەس)كە كېلىپ ئىرانلىقلار ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قايتۇرۇپ بەرگەن كرستنى ئەسلى جايىغا قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان ۋەقە. مۇشۇ يەردە ئەرەب سودىگەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەن.

(ئەبۇ سۇفيان: «ماڭا مۇشۇ سۆزنى قوشۇپ قويۇشتىن باشقا بىر كەلىمە سۆزگە ئىمكان بولمىدى» دېگەن)

— ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلدىڭلارمۇ؟

— ھەئە، ئۇرۇش قىلدۇق.

— قايسىڭلار يەڭدىڭلار؟

— ئوخشاش بولمىدى. بەزىدە ئۇ يەڭدى، بەزىدە بىز يەڭدۇق.

— ئۇ سىلەرنى نېمىلەرگە بۇيرۇۋاتىدۇ؟

— ئۇ بىزنى بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ دەۋا ـ دەستۇرلىرىنى چۆرۈپ تاشلاشقا، ناماز ئوقۇشقا، سەدىقە بېرىشكە، راستچىل، ئىپپەتلىك بولۇشقا ۋە ئۇرۇق تۇققانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇۋاتىدۇ.

قەيسەر يۇقىرىقى سوئاللاردىن كېيىن تەرجىمان ئارقىلىق ئەبۇ سوفيانغا مۇنداق دېدى:

— مۇھەممەدنىڭ نەسەبىنى سورىسام ئۇنى ئېسىل نەسەبلىك دېدىڭ، توغرا، پەيغەمبەرلەر ئېسىل نەسەبلىك بولىدۇ. ئىلگىرى ئاراڭلاردا پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان كىشىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتىڭ، ئەگەر پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان كىشى بولغان بولسا مۇھەممەد: «شۇنى دوراپ چىققان كىشى ئىكەن» دەيتتىم. ئۇنىڭ ئەجدادلىرىدا بىرەرسى پادىشاھ بولغانمۇ؟ دېسەم يوق دېدىڭ، شۇنداق بولسا ئەجدادىنىڭ شاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلماقچى بوپتۇ»، دەيتتىم. ئۇنى بۇرۇن يالغانچىلىق بىلەن قارىلانمىغان» دېدىڭ، ئۇ كىشىلەرگە يالغان ئېيتمىغان ئىكەن ئاللاھقا ئەلۋەتتە يالغاننى توقۇمايدۇ. ئۇنىڭغا تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئەگىشىپتۇ، ئىنتايىن توغرا، پەيغەمبەرلەرگە تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئەگىشىدۇ. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى كۆپىيىۋاتىدۇ، دېسەن ئىمان ئەھلى ئەنە شۇنداق كۆپىيىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىچىدىن يېنىۋالغانلار يوق، دېدىڭ، شۇنداق ئىماننىڭ ھالاۋىتى كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالسا ئۇلارنىڭ مەيدانى مۇستەھكەملىنىدۇ. ئۇنى ۋەدىسىگە خىيانەت قىلمىدى دېسەن، پەيغەمبەرلەر ئەزەلدىنلا خىيانەتتىن خالى كىشىلەردۇر. ئۇ نېمىلەرگە بۇيرۇيدۇ؟ دېسەم ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، بۇتقا چوقۇنماسلىققا، ناماز ئوقۇشقا، سەدىقە بېرىشكە ۋە ئىپپەتلىك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ» دېسەن، ئەگەر دېگەنلىرىڭ راست بولسا، ئۇ مەن تۇرۇۋاتقان مۇشۇ زېمىنلەرنى پات ـ ئارىدا ئىگەللەيدۇ. مەن ئۇنىڭ چوقۇم چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، ئەمما سىلەردىن چىقىدۇ، دەپ ئويلىمايتتىم. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا ئىمكان بولسا چوقۇم ئۇچرىشىشقا تىرىشىمەن. ناۋادا ھازىر ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا بولىدىغان بولسام ئۇنىڭ پۇت ـ قولىغا سۇ تۆتۈپ ھۆرمەت بىلدۈرەتتىم»، دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئەۋەتكەن مەكتۇپنى چاقىرتىپ ئوقۇشقا باشلىدى. مەكتۇپ ئوقۇلۇپ بولۇۋىدى، پادىشاھ قەيسەرنىڭ سورۇنىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ غەۋغالار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىز چىقىپ كېتىشكە ئەمىر قىلىندۇق. ئەبۇ سۇفيان مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭ بىلەن مەن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئۆز ئادەملىرىمىزگە: «ئۇ(مۇھەممەد)نىڭ ئىشى رۇم پادىشاھىنى چۆچۈتكىدەك بولۇپ قاپتا!؟»

دېدىم ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ(رەسۇلۇللاھ)نىڭ ئىشى چوقۇم غەلىبە قىلىدىكەن دېگەن ئويدا بولدۇم، ئاخىرى ئاللاھ مېنى ئىسلامغا مۇشەررەپ قىلدى.

مانا بۇ ئەبۇ سۇفيانىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ مەكتۇبىنىڭ روم پادىشاھى قەيسەردە قالدۇرغان تەسىراتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىدۇر. بۇ مەكتۇپ قەيسەردە شۇنداق ياخشى تەسىراتلارنى قالدۇرغانلىقتىن رەسۇلۇللاھنىڭ مەكتۇبىنى ئېلىپ بارغان، ئەلچى دىھيە ئىبنى خولەيفىنى نۇرغۇن مال، ماتا ۋە كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق سوۋغا ـ سالاملار بىلەن تارتۇقلىدى، ئەپسۇس دىھيە قايتىشىدا ھەسما دېگەن يەرگە كەلگەندە جوزام قەبىلىسىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇنىڭ يېنىدىكى جىمى نەرسىنى بۇلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن دىھيەتۆلكەلىبى ئۆيىگە كىرمەي، ئۇدۇل رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ دەرھال زەيد ئىبنى ھارسنى ھەسما (ۋادلقورانىڭ چەت تەرىپىدىكى جاي)غا بەش يۈز كىشى بىلەن جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. زەيد ئىبنى هارس ھەسمادىكى بۇ قاراقچىلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە مىڭ تۆگە، بەش يۈز قوي غەنىمەت ئالدى، ئاياللار ۋە باللاردىن يۈز ئەسىر ئېلىپ مەدىنىگە ياڵاپ ئېلىپ كەلدى.

ئەسلىدە رەسۇلۇللاھ بىلەن جوزام قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا ئەھدى كېلىشىم بار ئىدى، شۇڭا بۇلارنىڭ باشلىقى زەيد ئىبنى رىپائە جوزامى دەرھال رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ دەۋالاشتى. زەيد ئىبنى رىفائە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر خېلى بۇرۇنلا مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، قاراقچىلار دىھيەنىڭ يولىنى توسقاندا زەيد ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى دىھيە تەرەپتە تۇرۇپ ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن، شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بۇ دەۋاسىنى قوبۇل قىلىپ غەنىمەت ئېلىنغان مال ـ مۈلۈك ۋە ئەسىرلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىدى.

تارىخچىلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ قوشۇن ھۇدەيبىيە شەرتنامىسىنى ئىمزالاشتىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان دەپ زىكرى قىلىشىدۇ. بۇنداق دېيىش قاپقارا خاتالىق. چۈنكى قەيسەرگە مەكتۇپ يوللاش ئىشى ھۇدەيبىيە شەرتنامىسىدىن كېيىن يوللانغان شۇ جەھەتتىن ئىبنى قەييۇم(رەھمەھۇللاھۇ): «بۇ قوشۇن(يەنى زەيد ئىبنى ھارس قوشۇنىنىڭ جۇزام قەبىلىسىگە ئەۋەتىلىشى)نىڭ ھودەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغانلىقىدا شەك يوق» دېدى.

## 5) مۇنزىر ئىبنى ساۋىغا مەكتۇپ يوللاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەھرەيىنىنىڭ باش ۋالىيسى مونزىر ئىبنى ساۋىغا مەكتۇپ يوللاپ مەكتۇپتا ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى ۋە بۇ مەكتۇپنى ئەلائ ئىبنى ھەزرەمىدىن ئەۋەتتى. مونزىر مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھقا جاۋاب نامە يېزىپ :«ئى رەسۇلۇللاھ! مەكتۇبىڭنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ بەھرەيىن خەلقىگە ئوقۇپ بەردىم، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بۇ چاقىرىقنا ئاۋاز قوشۇپ مۇسۇلمان بولدى، يەنە بىر قىسمىنىڭ ئىدىيىسى ھەل بولمىدى. مېنىڭ تەۋەلىكىمدە مەجۇسى(ئاتەشپەرەس)لار ۋە يەھۇدىيلار بار، بۇلار توغرىسىدا نېمە قىلىشىمنى بۇيرۇيسەن» دېگەنىدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ يازدى:

*ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن مونزىر ئىبنى ساۋىغا سالام:*
*مەن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىمەنكى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوق ۋە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن مەلۇم بولغايكى، مەن ساڭا ئاللاھنى ئەسلىتىمەن. كىمكى سەممىمي ـ سادىق بولىدىكەن ئۆزىگە پايدىلىق، كىمكى مېنىڭ ئەلچىلىرىمگە ئىتائەت قىلسا ۋە ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنسا، ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. ھەركىم ئۇلارغا سەممىمي ـ ساداقەتلىك بولسا ماڭا سادىق بولغان بولىدۇ. مېنىڭ ئەلچىلىرىم سېنىڭ ياخشى تەرىپىڭنى قىلىپ كەپتۇ، مەن سېنى خەلقىڭ ئۈچۈن شەفىي (ۋەكىل) قىلدىم. مۇسۇلمان بولغانلارغا چېقىلما، مەن ئاسىي گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈردۈم، سەنمۇ كەچۈرگىن. سەن بىزگە سادىق بولساڭلا، سېنى ئەمەلىڭدىن ئېلىپ تاشلىمايمىز، ئۆز دىنىدا قالغان يەھۇدىي ۋە مەجۇسىلەردىن جىزيە (قوغداش كاپالەت ھەققى) ئېلىنسا بولىدۇ. ۋەسسالام.*

## 6) يەمەننىڭ باش ۋالىيسى ھەۋزە ئىبنى ئەلىگە مەكتۇپ يوللاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەمەننىڭ باش ۋالىيسى ھەۋزە ئىبنى ئەلىگە مۇنداق مەكتۇپ يوللىدى:

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن ھەۋزە ئىبنى ئەلىگە ۋە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام. سالامدىن كېيىن، بىلىشىڭ كېرەككى، مېنىڭ دىنىم يەر يۈزىنىڭ ھەممىسىگە تارقىلىدۇ. مۇسۇلمان بولساڭ ئامان بولىسەن ۋە سېنى يەنىلا ۋالىيلىق ئورنۇڭدا قالدۇرىمەن».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەكتۇپنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن سەلت ئىبنى ئەمرنى تاللىدى، سەلت رەسۇلۇللاھنىڭ مۆھۈرى بېسىلغان بۇ مەكتۇپنى ئاپىرىپ ھەۋزىگە تاپشۇرۇپ بېرىۋىدى، ھەۋزە ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ئۆز لايىقىدا ئىززەت ئىكرام قىلدى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ مەكتۇبىنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ مەكتۇبىغا جاۋاب قايتۇرۇپ: «سېنىڭ دەۋەت قىلغانلىرىڭ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، ياخشى ئىشلار ئىكەن. پۈتۈن ئەرەب مەندىن تەپتارتىدۇ، شۇڭا مېنى ئىشىڭغا شېرىك قىلساڭ ساڭا ئەگىشىمەن» دەپ يازدى، ھەمدە نۇرغۇن سوغا ـ سالام ۋە ھەجەردە ئىشلەنگەن رەخت بىلەن تارتۇقلىدى.

سەلت ھېلىقى نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى يەتكۈزۈۋىدى رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇپ كۆرۈپ: «ئۇ مەندىن بىر پارچە يەر سورىسىمۇ بەرمەيمەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ۋە ھاكىمىيىتىمۇ ۋەيران بولىدۇ» دېدى. شۇنىڭدىن خېلى كېيىن رەسۇلۇللاھ مەككە پەتھىسىدىن قايتىپ كەلگەن چېغى ئىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھەۋزەنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزدى، شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يېقىندا يەمامىدە پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىدىغان بىر كەززاپ مەيدانغا

كېلىدۇ، ئاندىن ئۇ مەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن يوقىتىلىدۇ» دېدى. بىرەيلەن : «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى كىم ئۆلتۈرىدۇ؟ دەپ سورىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ: «سەن ۋە سېنىڭ ھەمراھلىرىڭ» دەپ جاۋاب بەردى كېيىن راست شۇنداق بولدى.

## 7) دەمەشقنىڭ ۋالىيسى هارس ئىبنى ئەبى شىممىرگە مەكتۇپ يوللاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەمەشىق ۋالىسى ھارىسقا تۆۋەندىكى مەزمۇندا مەكتۇپ يوللىدى :

*ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن*
*ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن ھارىس ئىبنى ئەبى شىممىرگە:*
*توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلارغا ۋە ئاللاھنى ئېتىراپ قىلغانلارغا سالام . سالامدىن سۆڭرە، مەلۇم بولغايكى مەن سېنى شېرىكى يوق يەككە ـ يېگانە بىر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرىمەن، شۇنداق قىلساڭ ئورنۇڭ ساقلىنىپ قالىدۇ.*

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەكتۇپنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئەسەد ئىبنى خۇزەيمە قەبىلىسىدىن شوجائ ئىبنى ۋەھەبنى تاللىدى. شۇجائ مەكتۇپنى ئېلىپ بېرىپ ھارىسقا تاپشۇرۇپ بېرىۋىدى ئۇ: «مېنىڭ ۋالىلىقىمنى كىم تارتىۋالالايدىكەن؟ ئۇنىڭ بىلەن مەن چوقۇم ئەسكەر تارتىپ بېرىپ ئۇرۇشىمەن» دېدى ۋە مۇسۇلمان بولماي قېلىۋەردى.

## 8) ئۇممان پادىشاھىغا مەكتۇپ يوللاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممانىنىڭ پادىشاھى جەيفەر ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەبدى(جولەندىنىڭ ئىككى ئوغلى)گە مەكتۇپ يوللىدى. مەكتۇپنىڭ تېكىستى مۇنداق ئىدى:

*ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن*
*مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھتىن جۇلەندىنىڭ ئىككى ئوغلى جەيفەر ۋە ئەبدىگە:*
*توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام. سالامدىن سوڭرە مەلۇم بولغايكى مەن سىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا چاقىرىمەن. مۇسۇلمان بولساڭلار ئامان بولىسىلەر، مەن ھايات ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇشقا، كاپىرلارغا ئاللاھنىڭ ئازاۋىنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەردۇرمەن. مۇسۇلمان بولساڭلار، ئۆز مەنسىۋىڭلاردا قالىسىلەر، ئەگەر باش تارتساڭلار ھوقۇقىڭلاردىن ئايرىلىپ قالىسىلەر، يۇرت ماكانىڭلار ئاتلىق قوشۇنىنىڭ تۇياق ئاستىدا قالىدۇ. مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىم تەۋەيىڭلاردا چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ»، ۋەسسالام.*

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسلام بۇ مەكتۇپنى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئەمرى ئىبنى ئاسقا تاپشۇردى.

ئەمرى ئىبنى ئاس مۇنداق دەيدۇ: «مەن مەكتۇپنى ئېلىپ چىقىپ ئاخىرى ئومانغا يېتىپ باردىم. مەن ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ ئاۋۋال ئەبدى بىلەن كۆرۈشتۇم (ئەبدى جەيفەر نىسبەتەن مىجەز-خۇلقى تەمكىن ئادەم ئىدى) ۋە ئۇنىڭغا: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ سەن ۋە سىنىڭ قېرىنددشىڭ جەيفەرگە مەخسۇس ئەۋەتكەن ئەلچىسىدۇرمەن» دېدىم. ئۇ ماڭا: «قېرىنددشىم جەيفەر ياشتا ۋە ھوقۇقتا مەندىن چوڭ تۇردۇ، شۇڭا مەن سېنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتۇراي. مەكتۇپىڭنى ئۇ ئۆزى ئوقۇپ كۆرسۇن» دېدى. ئاندىن ئۇ: «سەن نېمىگە دەۋەت قىلىسەن؟» دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭغا: «ئاللاھنى بىر، يەككە-يىگانە، شېرىكى يوق دەپ بىلىشكە ئاللاھتىن باشقا (يالغان) مەئبۇدلارنى چۆرۈپ تاشلاشقا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە دەۋەت قىلىمەن» دېدىم، ئۇ ماڭا: «ئى ئەمرى سەن خەلقىڭ ئىچىدە خېلى نوپۇزلۇق ئادەم، ئېيتىقىنە سېنىڭ ئاتاڭ قانداق قىلدى؟ ئۇنى بىز ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلايلى» دېدى. مەن: «ئۇ مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)كە ئىمان كەلتۈرمەي ئۆلۈپ كەتتى، مەن ھازىر ئۇنى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان بولىسكەن دەيمەن، مەنمۇ يېقىنغا قەدەر ئاتامغا ئوخشاش تونۇشتا ئىدىم، يېقىندا ئاللاھ مېنى ھىدايەت قىلىپ مۇسۇلمان بولدۇم» دېدىم. ئەبدى مەندىن : «ئۇنىڭغا سەن قاچاندىن بېرى ئەگەشتىڭ؟» دەپ سورىدى، مەن : «ئۇزاق بولمىدى» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ يەنە مەندىن: «قەيەردە مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى سورىغانىدى، مەن نەجاشىنىڭ ھۇزۇرىدا مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى ۋە نەجاشىنىڭمۇ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېيتسام ئۇ: «نەجاشىنىڭ خەلقى ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى قانداق قىلدى؟» دېدى، مەن: «ئۇنىڭ خەلقى ئۇنى ئۆز ئورنىدا قالدۇردى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشتى» دېسەم ئۇ: «باش پوپلار ۋە راھىپلارنىڭ ھەممىسى ئەگەشتىمۇ؟» دەپ سورىدى، مەن: «ھەئە ئۇلارمۇ ئەگەشتى» دەپ جاۋاب بىرىۋىدىم، ئەبدى: «ئى ئەمرى ئوبدان ئويلاپ سۆزلىگىن، ئادەمگە يالغانچىلىقتىن قەبىھ رەسۋاچىلىق يوق» دېدى، مەن: «قەتئىي يالغان ئېيتمىدىم، يالغان ئېيتىشنى دىنىمىزدا قەتئىي راۋا كۆرمەيمىز» دېدىم. ئاندىن ئۇ: «پادىشاھ ھىرەقلى نەجاشىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئۇقمىغان بولسا كېرەك » دېدى، مەن: «ئەلۋەتتە ئۇققاندۇ» دېدىم، ئۇ: «بۇنى قانداق بىلىسەن؟» دەپ سورىدى، مەن: «نەجاشى ئەسلىدە ھىرەقلىگە غەللە-جاساق تاپشۇرۇپ تۇرىدىكەن. ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ رەسۇلۇللاھ قا ئەگەشكەندىن كېيىن: «ئەزىرائى خۇدا! ئۇ (يەنى ھىرەقلى) مەندىن بىر تىيىن سورىسىمۇ بەرمەيمەن»، دەپ قەسەم قىپتۇ. بۇ گەپ ھىرەقلىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن ئىكەن، قېرىندىشى نىياق ئۇنىڭغا «نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ساڭا ئەل بولۇپ غەللە تاپشۇرۇپ كەلگەن بىر قۇلۇڭ ئەمدىلىكتە بىراقلا ئىتائەتتىن چىقىپ سېنىڭ دىنىڭنى تاشلاپ يېڭى بىر دىنغا مايىل بولۇپ كەتسە ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسەڭ توغرا بولامدۇ؟ دېگەن ئىكەن، ھىرەقلى: «كىشى ئۆزىگە بىر دىننى تاللاپ ئۇنىڭغا قىزىقىپ كەتسە مەن توسۇپ نېمە قىلاتتىم، قەسەم قىلىمەنكى ھوقۇق-مەنسەپنى دېمىسەم، مەنمۇ ئۇنىڭ قىلغىنىنى قىلار ئىدىم، دەپ رەدىيە بەرگەنمىش» دېۋىدىم ئۇ: «ئى ئەمرى! ئېيتقانلىرىڭ راستمۇ؟»دەپ سورىدى، مەن : «ئەزىرايى خۇدا راست بولمايچۇ» دېدىم. ئەبدى:

«مۇھەممەد نېمىلەرگە بۇيرۇيدۇ، نېمىلەردىن توسىدۇ، ماڭا ئېيتىپ بەرگىن» دېدى، مەن دېدىمكى: «ئۇ بىزلەرنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن توسىدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، سىلە-رەھىمنى ئۇلاشقا بۇيرۇيدۇ. زۇلۇم سېلىش، باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىش، زىنا قىلىش، ھاراق ئىچىش، تاش-تىكەن بۇت-ھەيكەللەرگە ۋە كىرىست تىلمۇدلارغا چوقۇنۇشتىن توسىدۇ» ئەبدى بۇنى ئاڭلاپ: «ئۇنىڭ دەۋەت قىلغانلىرى نېمە دېگەن ياخشى، ئەگەر قېرىندىشىم ماقۇل كۆرسە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەن بولاتتۇق، لېكىن ئۇ مۇھەممەدكە تەۋە بولۇپ ھوقۇقىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە كۆزى قىيمايدۇ» دېدى، مەن ئۇنىڭغا: «ئەگەر قېرىندىشىڭ مۇسۇلمان بولسا رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئۆز مەنسىپىدە قالدۇرىدۇ-دە ئۇ بايلاردىن زاكات ئېلىپ كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىپ، ھۆكۈم سۈرسە بولۇۋېرىدۇ»، دېگەنىدىم ئۇ: «ئى ئەمرى! بۇ ياخشى قائىدە ئىكەن، سەدىقە-زاكات دېگەن نېمە؟» دەپ سورىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ بېكىتكەن ئىسلام دىنىنىڭ ئىقتىسادى مال-مۈلۈك تۈزۈملىرىنى، زاكات، ئۆشرە، ئىقتىسادىي مەجبۇرىيەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ، تۆگە-چارۋىلار ھەققىدە توختىلىۋىدىم، ئەبدى ئىبنى جولەندى: «ئى ئەمرى يايلاقتا بېقىلىۋاتقان چارۋىلىرىمىزدىنمۇ زاكات ئېلىنامدۇ؟» دەپ سورىدى، مەن: «ھەئە، ئەلۋەتتە ئېلىنىدۇ» دېدىم ئۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ خەلقىم يۇرت مەھەللە مەنزىللىرى كەڭ ھەم تارقاق، چارۋىلىرى كۆپ بۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىقى تەسكە توختايدۇ»، دېدى، ئەمرى ئىبنى ئاس مۇنداق دەيدۇ: « شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر قانچە كۈن تۇردۇم، ئۇ قېرىندىشى جەيفەرگە مېنىڭ كۈندىلىك ئەھۋالىمنى، ئېيتقان سۆزلىرىمنى يەتكۈزۈپ تۇردى. ئۇ بىر كۈنى مېنى چاقىرتىپتۇ، شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئوردىسىغا باردىم، ئۇنىڭ ئادەملىرى مېنى توسىماقچى بولۇۋىدى، ئۇ ماڭا كىرىشكە ئىجازەت بېرىپ ئىشارەت قىلدى، مەن كىرىپ جەيفەرنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇشقا تەمشىلىۋىدىم، ئۇلار مېنى ئولتۇرغۇزمىدى، شۇڭا مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىسام ئۇ: «گېپىڭ بولسا دېگىن» دېگەندەك ئىشارەت بەردى. مەن ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھنىڭ مۆھۈرى بېسىلغان مەكتۇبىنى ئۇزارتىۋىدىم جەيفەر مەكتۇپنامىنى ئېچىپ ئوقۇپ ئاخىرلاشتۇرۇپ قېرىندىشىغا بەردى، ئۇمۇ مەكتۇپنى ئېلىپ ئوقۇدى، ئىككىسىنىڭ پەرقى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭ قېرىندىشى خېلىلا تەمكىن كۆرۈنەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئى ئەمرى قۇرەيشلەر قانداق قىلدى؟» مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن: «ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشتى ياكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن دىنغا كىرىپ ئەگەشتى ياكى قىلىچ بىلەن ئىتائەتكە كەلدى» دېدىم. جەيفەر: «ئۇنىڭ يېنىدا قانداق ئادەملەر بار؟» دەپ سورىدى، مەن: «ھەممە ئادەم ئىسلامغا مايىل بولۇپ كەتتى ۋە ئۇلار ئۇ دىننى باشقا دىنلاردىن ئىلغار بىلمەكتە. ئاۋام خەلق ھازىر ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ھىدايەت ئاتا قىلىشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل پاراسەت ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ ئازغۇنلۇق ۋە گۇمراھلىقتا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشماقتا، ئەمدى ھازىر مۇشۇ ئەتراپتا سەنلا قېپقالدىڭ ۋە سەنمۇ مۇسۇلمان بولۇپ ئۇنىڭغا بوگۈن تابى بولمىساڭ ئەتە ئۇنىڭ ئاتلىق قوشۇنى سېنىڭ باغ-ۋاران ئۆي-ماكانلىرىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولىدۇ. مۇسۇلمان بولساڭ ئامان بولىسەن، مۇھەممەد

سېنى ئۆز مەنسۇپڭدە قالدۇردۇ، ئاتلىق قوشۇن دېگەنلەرنى كۆرمەيسەن»، دېدىم، ئۇ ماڭا: «بىر كۈنلۈك مۆھلەت بەرگىن ئەتە ئەتىگەن ئۇچرىشايلى»، دېدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن جەيفەرنىڭ ئوردىسىدىن چىقىپ ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەبدىنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ ماڭا: «ئى ئەمرى مەن ئۇ(جەيفەر)نىڭ ھوقۇقىغا تارتىشىپ قالمىسىلا چوقۇم مۇسۇلمان بولۇشىغا ئىشىنىمەن» دېدى. ئەتىسى ئەتىگەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىۋىدىم، ئۇلار مېنى كىرگۈزمىدى، شۇڭا يەنە قايتىپ ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەبدىنىڭ يېنىغا بېرىپ جەيفەر بىلەن ئۇچرىشالمىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئەبدى مېنى قېرىندىشى جەيفەر بىلەن كۆرۈشتۈردى.

ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن سېنىڭ دەۋەت قىلغان ئىشلىرىڭ توغرىسىدا كۆپ ئويلاندىم، بىر ئادەمنىڭ ئەسكىرى كۈچىنى كۆرمەي تۇرۇپ قولۇمدىكى ھوقۇقىمنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرسەم «سۈنى كۆرمەي تۇرۇپ كىيىم سالىدىغان قابىلىيەتسىز ئادەم بولۇپ قالغۇدەكمەن، ئۇنىڭ قوشۇنى يېتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ كۆرگۈلۈكنى كۆردۇ»، دېدى. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئەتە يولغا چىقىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، ئۇ مېنىڭ راسلا قايتماقچى بولغانلىقىمنى جەزم قىلغاندىن كېيىن قېرىندىشى ئەبدى بىلەن بىردەم ئايرىم پىكىرلىشىپ دېيىشىپتۇ: «بىز مۇھەممەد بىلەن قارشىلىشىپ پايدا تاپالمىغۇدەكمىز، مۇھەممەد مەكتۇپ ئەۋەتكەن ئەللەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭغا ئىتائەت بويۇنلىرىنى ئىگىپتۇ»، شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ ماڭا ئادەم ئەۋەتىپ ئاكا-ئۇكا ئىككىلىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەستىقلىدى. مېنىڭ زاكات ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى ھەق-تەلەپ دەۋا ئىشلىرىنى شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم چىقىرىش ئىشلىرىمغا شارائىت راسلاپ بەردى ۋە قارشىلىق قىلغانلارغا مەن تەرەپتە تۇرۇپ ياردەم قىلدى».

قىسسەنىڭ جەريانىدىن قارىغاندا بۇ مەكتۇپنىڭ ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن ۋاقتى باشقا پادىشاھ ۋە ۋالىيلارغا مەكتۇپ ئەۋەتكەن ۋاقىتتىن كۆپ كېيىن ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ مەككە ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

خوش ... مانا مۇشۇ مەكتۇپلارنى ئەۋەتىش ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ دەۋەت ساداسىنى مۇشۇ مەزگىلدىكى جاھان پادىشاھلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا يەتكۈزدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلىرىمۇ، بويۇن تولغاپ كاپىر ھالەتتە قالغانلىرىمۇ بولدى. لېكىن، سادا ئاشۇ كاپىر بەتبەخلەرنىڭ پۈتۈن ئەس-يادىنى چىرمىۋالدى ۋە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ نامى-شەرىپىنى، دىنى مەسلەك نىشانىنى تونۇتۇپ قويدى.

## ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىنكى ھەربىي پائالىيەتلەر— غابە غازىتى ياكى زىقەرەد غازىتى

بۇ غازات رەسۇلۇللاھ بىلەن قارشىلىشىش مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ ، بۇلاڭچىلىق ۋە قاراقچىلىق جىنايەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بەنى فەزارىلىك بىر ئوچۇم جىنايەتچىلەر

گۇرۇھىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان قوغلاپ زەربە بېرىش ھەرىكىتىدۇر. بۇ غازات ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن، خەيبەر غازىتىدىن ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان.

ئىمام بۇخارى مەزكۇر بابنىڭ تەرجىمىسىدە بۇ غازاتنى خەيبەر غازىتىدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى تەشكىللەنگەن، دەپ زىكرى قىلدى. ئىمام مۇسلىم سەلىمە ئىبنى ئەكۋەنىڭ ھەدىسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، يۇقىرىقى قاراشنى كۈچەيتتى. كۆپ قىسىم تارىخشۇناسلار بۇ غازات خەيبەر غازىتىدىن خېلى ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان ، د ەپ قاريدى. ئەمما ، سەھىھۇلبۇخارىنىڭ رىۋايىتى توغرىغا ئەڭ يېقىندۇر.

رىۋايەتلەرنىڭ خۇلاسىسىنى مۇشۇ غازاتنىڭ باش قەھرىمانى سەلىمە ئىبنى ئەكۋە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەدىقە تۆگىلىرىنى رىباھ ئىسىملىك چاكىرىدىن يايلاققا باققىلى ئەۋەتكەنىدى، مەن رىباھ بىلەن ئەبۇ تەلھەنىڭ ئېتىغا مىنىپ چىققانىدىم. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئابدۇرەھمان ئەلفەزارى رەسۇلۇللاھنىڭ سەدىقە تۆگىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ پادىچىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە تۆگىلەرنىڭ ھەممىسنى بۇلاپ ھەيدەپ كېتىپتۇ، شۇڭا مەن: ‹‹ئى رىباھ! سەن بۇ ئاتنى مىنىپ دەرھال ئەبۇ تەلھەگە ئاپىرىپ بەرگىن ۋە رەسۇلۇللاھقا ئەھۋالنى خەۋەر قىلغىن ››، دېدىم. ئاندىن بىر چوققىغا چىقىپ مەدىنىگە قاراپ: ‹‹ يا سەبا ...ھاھ!... ››[1] دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىدىم، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ئۇلارنى قوغلاپ كەينىدىن ئوققا تۇتۇپ قوشاق ئوقۇدۇم:

مەنكى ئەكۋە ئوغلىمەن،
سەرۋازلارنىڭ بالىسى،
ياغار بۈگۈن بېشىگە،
رەزىل ياۋنىڭ بالاسى...

ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى مەن ئۇلارنى توختىماي ئوققا تۇتۇپ كاشىلا قىلىپ تۇردۇم. دۈشمەن كەينىگە يېنىپ قوغلىسا دەرەخ تۈۋىگە مۆكىنىۋالاتتىم -دە، ئاندىن ئۇنىڭغا ئوق ئۈزۈپ توپا چىشلىتەتتىم، ھەتتا بىر چاغدا ئۇلار بىر تاغنىڭ جىلغا-قاپتاللىرىغا كىرىۋىدى، مەن ھېلىقى تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇلارغا تاش دومىلىتىشقا باشلىدىم. مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئۇلار بۇلاپ كەتكەن تۆگىلەرنىڭ بىرنى قويماي سالدۇرۇۋېلىپ كەينىگە قايتۇرۇۋەتتىم. ئۇلار ئاخىرى تۆگىگە قارىماي تىكىۋېتىشتى، ئاندىن يەنە ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئوق ئۈزۈپ قوغلاشقا باشلىدىم، ھەتتا ئۇلار بولالماي يېنىكرەك يول يۈرۈش ئۈچۈن 30 قۇردىن ئ وشۇقراق كىيىم-كېچەك ۋە 30 دانە نەيزە-چوماقلارنى تاشلاپ كەتتى. ئۇلار تاشلىغانلا نەرسىگە رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەر بىلىۋالسۇن ئۈچۈن تاش-توقماقلار بىلەن بەلگە قويۇپ ماڭدىم، ھەتتا بىر چاغدا ئۇلار تاغ ئېچىدە بىر قاپتال ئېغىزىغا كېلىپ غىزالىنىشقا ئولتۇرۇۋېدى، مەن شۇ تاغنىڭ چوققىسىغا ئۆرلىدىم ، بۇ چاغدا ئۇلاردىن تۆت كىشى تاغقا يامىشىپ چىقتى ، شۇڭا مەن ئۇلارغا: ‹‹مېنى بىلىشەمسەن؟ مەن دېگەن سەلىمە ئىبنى ئەكۋە بولىمەن ، مەن كىمنىڭ

---

[1] يا سەباھ ـــ دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى، پەخەس بولۇڭلار دېگەن مەنىدە.

پېيىگە چۈشسەم ، ئۇنى تۇتماي ق ــويمايمەن، ئەمما ھېچ كىشى مېنى قوغلاپ تۇتالمايدۇ ››، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاستاغىنە تاغدىن چۈشۈپ كېتىشتى، شۇ تاپتا مەن تېخى ئورنۇمدىن قوزغالمىغانىدىم، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاتلىق ۋە پىيادىلىك قوشۇنى ئېدىرلىقلار ئارىسىدا پەيدا بولدى . ئەڭ دەسلەپ ئەخرەمنى كۆردۈم، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەبۇ قەتادە پەيدا بولدى، ئارقىسىدىن مىقداد ئىبنى ئەسۋەد ئىز قوغلاپ چېپىپ كەلدى. ئەخرەم كېلىپ ئابدۇرەھمان فەزارى بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى، ئەخرەم ئابدۇرەھماننىڭ ئېتىغا قىلىچ ئۇرۇپ يىقىتقانىدى، ئابدۇرەھمان ئۇنىڭغا نەيزە ئۇرۇپ شەھىد قىلىۋەتتى، ئاندىن ئەخرەمنىڭ ئېتىغا مىنىپ قاچماقچى بولۇۋىدى، ئۇنىڭغا قەتادە يېتىشىۋېلىپ كەينىدىن نەيزە ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى، بۇنى كۆرۈپ قاراقچىلار بەدەر تىكىۋ ېتىشتى، بىز ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا باشلىدۇق، مەن پىيادە يۈگۈرەيتتىم. ئاخىرى ئۇلار پۈتۈن بىر كۈن ئاچ ـ ئۇسسۇز بولغانلىقتىن كۈن پېتىش ئالدىدا ‹‹زىقەرەد›› ، دەپ ئاتىلىدىغان بىر سۇ بويىغا كېلىپ چۈشتى . مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ كېلىپ سۇغا يېقىن كەلتۈرمىدىم، ئۇلار بىر تېمىم سۇ ئىچەلىسە قانداق دەيسىز؟ رەسۇلۇللاھ ۋە باشقا مۇسۇلمانلار گۇگۇم چۈشكەندىن كېيىن يېتىپ كەلدى مەن دېدىمكى: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار ھازىر ئاچ ، ئۇسسۇز، ماڭا يۈز ئادەم قوشساڭ ئۇلارنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىنى تارتىۋېلىپ قارشىلاشقانلىرىنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلگەن بولسام ››. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ‹‹ئى ئىبنى ئەكۋە! ھېلىمۇ كۆپ جاسارەت كۆرسەتتىڭ، ئەمدى بولدى قىلغىن›› ، دېدى. ئاندىن يەنە: ‹‹ئۇلار ئەمدى غ ەتپانغا بېرىپ توختايدۇ ›› ، دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ بۇ قېتىمقى قوغلاپ زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى خۇلاسىلاپ: ‹‹بۈگۈنكى چەۋەندازلىرىمىزنىڭ ياخشىسى ئەبۇ قەتادەدۇر ۋە پىيادىلىكلەرنىڭ ياخشىسى سەلىمە ئىبنى ئەكۋەدۇر ››، دېدى ۋە ماڭا ئىككى ئۈلۈش (بىرى پىيادىلىكلەر نىڭ، يەنە بىرى ئاتلىقلار نىڭ) ئولجىسىنى تارقىتىپ بەردى. ئاندىن م ېنى ئەزبا (رەسۇلۇللاھنىڭ تۆگىسى)نىڭ كەين ىگە مىندۈرۈپ مەدىنىگە قايتتۇق. رەسۇلۇللاھ بۇ غازاتتا مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا ئابدۇللا ھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى قالدۇرغان ۋە جەڭ ئەلىمىنى مىقداد ئىبنى ئەمرگە تۇتقۇزغانىدى.

## خەيبەر ۋە ۋادىلقورا غازىتى

(ھىجرىيىنىڭ 7 ـ يىلى مۇھەررەم)

خەيبەر مەدىنە مۇنەۋۋەرنىڭ شىمالىدىن ئاتمىش ياكى سەكسەن مىل (بىر مىل 1650 مېتىر) يىراقلىقتا جايلاشقان قەلئە ۋە ئىستىھكاملارغا ئىگە دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكنى ئاساس قىلغان چوڭ شەھەر ئىدى . ئۇ ھازىر ھاۋا ك ىلىماتى دېگەندەك ياخشى بولمىغان بىر كەنتتۇر.

### غازات قوزغاشنىڭ سەۋەبى

رەسۇلۇللاھ قۇرەيش تەرەپ بىلەن ھۇدەيبىيە شەرتنامىسىنى ئىمزالاش ئارقىلىق دۈشمەن ئۈچ بىرلەشمە قانىتىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ ئەشەددى قانىتىنى سۇندۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن ئۇلاردىن خاتىرجەم بولۇپ، مەزكۇر رايوننىڭ تىنىچ - ئامانلىقىنى ۋە مۇقىملىقىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، نەچچە يىل داۋام قىلغان قانلىق توقۇنۇشلاردىن قول يىغىپ، ئەمدى ئاللاھنىڭ ئەلچىلىكىنى تىنىچ - ئامان يەتكۈزۈشكە ۋە دىنىي دەۋەتكە تېخىمۇ پۇختا ئاساس سېلىش مەقسىتىدە، قالغان ئىككى قانات (يەنى يەھۇدىيلار ۋە نەجدى قەبىلىلىرى)تىن ھېساب ئې الماقچى بولدى . چۈنكى خەيبەر ئۇزاقتىن بىرى سۈيىقەست ۋە مەككارلىقىنىڭ ئۇۋىسى، قوراللىق توپىلاڭچىلارنىڭ بازىسى، ئىغۋاگەرچىلىك ۋە مالىمانچىلىق پەيدا قىلىش مەركىزى بولۇپ كەلگەچكە، مۇسۇلمانلار ھەممىدىن ئاۋۋال دىققەت - ئېتىبارىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك مۇھىم ئورۇن بولۇپ قالغانىدى. بىز خەيبەرنى مۇنداق تونۇشتۇرىشىمىزدىكى سەۋەپ ، خەيبەرلىك (يەھۇدىي)لەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئەھزاب (كۆپ قەبىلە بىرلەشمە قوشۇنى)نى تەشكىللەشتە پىلتە بولغانلىقىنى، ئەھزاب ئۇرۇشى داۋامىدا بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنى ئەھدىگە ۋاپاسىزلىق قىلىشقا ۋە كېلىشىمگە خ ىيانەت قىلىشقا كۈشكۈرتكەنلىكىنى ، ئاندىن كېيىن يەنە مۇناپىقلار بىلەن، غەتپان ۋە بەدەۋىلەر (يەنى، دۈشمەن بىرلەشمە كۈچلىرىنىڭ ئۈچىنچى قانىتى) بىلەن ي وشۇرۇن ئالاقىلاشقانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىمۇ بىۋاستە ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرگەنلىكىنى، بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى كۆپلىگەن تالاپەتلەرگە ئۇچراتقانلىقىنى، ھەتتا تېخىمۇ ھەدد ىدىن ئېشىپ رەسۇلۇللاھنى قەستلەپ ئ ۆلتۈرۈش پىلانىنى تۈزۈشكەنلىكلىرىنى ئۇنتۇپ قالغىنىمىز يوق . ئەينى چاغدا مۇسۇلمانلار بۇ يولسىزلىقلارغا قارىتا ئارقىمۇ - ئارقا قوشۇن تارتىشقا ۋە سەلام ئىب نى ئەبىلھۇقەيىق ۋە ئۇسەير ئىبنى زارىمگە ئوخشاش سۇيىقەستچىلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى يوشۇرۇن ئۆجۇقتۇرۇۋېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ل ېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەت بىر ياكى ئىككىتال بەتبەخ تنى يوقىتىش بىلەن ئادا تاپمايتتى. بەلكى، ئۇ ھەرىكەت تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك ۋە تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك بول ۇشى كېرەك ئىدى. ئەينى چاغدا مۇسۇلمانلار زىممىسىدىكى بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشنى كۆپ كېچىكتۈردى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا يەھۇدىيلارنىڭ كۈچىدىن نەچچە ھەسسە زور، جەڭگىۋارلى قى يۇقىرى، ئاداۋىتى كۈچلۈك، باش ئەگمەس ئەسەبى دۈشمەن (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى) د ۈۋەيلەپ تۇرماقتا ئىدى. بۇ قېتىم ئ ۇلار ئالدىنقى سەپتىن چ ېكىنىپ يۈزمۇ - يۈز قارشىلىششتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋىدى ، ئەمدى مۇسۇلمانلارغا ھېلىقى جىنايەتچى ئونسۇرلاردىن ئىنتىقام ئالىدىغان شارائىت پىشىپ يېتىلدى - دە، ھېساب كىتاب قىلىدىغان كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى.

## خەيبەرگە يۈرۈش قىلىش

ئىبنى ئىسھاق: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيىدىن قايتىپ كېلىپ مەدىنىدە زۇلھەججە ( 12 ئاي) ۋە مۇھەررەم ( 1 - ئاي) دىن ئازراق تۇرۇپ مۇشۇ ئاي (يەنى مۇھەررەم)نىڭ ئاخىرلىرىدا خەيبەرگە يۈرۈش قىلدى »، دېگەن. مۇفەسسىرلەر: «خەيبەر

ئاللاھ ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى ﴿وعدكم الله مغانم كثيرة﴾ تەرجىمىسى: ‹ئاللاھ سىلەر ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىمەتلەرنى ۋەدە قىلدى ›، دېگەن ئايىتى ئارقىلىق بەرگەن ۋەدىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئىدى» دېيىشتى.

## ئىسلام قوشۇنىنىڭ سانى

ئالدىنقى يىلى ھۇدەيبىيە غازىتىدا مۇناپىقلار ۋە ئىمانى ئاجىز كىشىلەر رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە چىقماي يېتىۋالغان بولغاچقا، رەسۇلۇللاھقا ئاللاھ تەرىپىدىن مۇنداق پەرمان بولغانىدى: ﴿سَيَقُولُ الْمُخَلَّفُونَ إِذَا انطَلَقْتُمْ إِلَى مَغَانِمَ لِتَأْخُذُوهَا ذَرُونَا نَتَّبِعْكُمْ يُرِيدُونَ أَن يُبَدِّلُوا كَلَامَ اللَّهِ قُل لَّن تَتَّبِعُونَا كَذَلِكُمْ قَالَ اللَّهُ مِن قَبْلُ فَسَيَقُولُونَ بَلْ تَحْسُدُونَنَا بَلْ كَانُوا لَا يَفْقَهُونَ إِلَّا قَلِيلًا﴾ (ھۇدەيبىيىگە چىقماي) قېلىپ قالغانلار غەنىمەت ئېلىش ئۈچۈن چىققان ۋاقىتىڭلاردا: ‹‹بىز سىلەر بىلەن چىقايلى ››، دەيدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ (خەيبەر غەنىمىتىنى ھۇدەيبىيگە چىققانلارغا خاس قىلغانلىقىدىن) ئىبارەت. سۆزىنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: ‹‹بىز بىلەن چىقىشىڭلارغا ھەرگىز بولمايدۇ، ئاللاھ ئىلگىرى مۇشۇنداق دېگەن›› ئۇلار: ‹‹ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئاللاھ ئۇنداق دېگەن يوق) بەلكى سىلەر بىزگە ھەسەت قىلىۋاتىسىلەر ›› دەيدۇ. ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (ئاللاھنىڭ كالامىنى) پەقەت يۈزەكىنە چۈشىنىدۇ. (‹‹قۇرئان كەرىم›› سۈرە فەتھ 15 ـ ئايەت). شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا: ‹‹مەن بىلەن پەقەت جىھادقا قىزىقىدىغانلارلا بىللە چىقسۇن ›› ، دەپ ئېلان قىلدى. شۇڭا بۇ قېتىم ئەسھابۇششەجەر (ھۇدەيبىيىدە دەرەخ تۈۋىدە رەسۇلۇللاھقا ئۆلۈمگە ئەھدى بەرگەنلەر)لا ئاتلاندى. ئۇلار 1400 كىشى ئىدى ۋە ئۆز ئورنىغا مەدىنىدە سىباﺋ ئىبنى ئەپەتۇلغى فارىنى قالدۇردى . ئىبنى ئىسھاق: ‹‹نومەيلە ئىبنى ئابدۇللا لەيسىنى قالدۇرغان ›› ، دەيدۇ. ھەرھالدا ئاۋۋالقى قاراش توغرىغا كۆپ يېقىن. مۇجاھىدلار خەيبەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولۇپ كەلدى. ئۇ مەدىنىگە كەلگەندە سىباﺋ ئىبنى ئەرپەتە بامداد نامىزى ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى، سىباﺋ نامازدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن ئەبۇ ھۇرەيرە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتى. سىباﺋ ئۇنىڭغا سەپەر راسخوتى ھازىرلاپ يولغا سېلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ كەينىدىن خەيبەرگە باردى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارغا گەپ قىلىپ ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى غەنىمەتكە شېرىك قىلدى.

## مۇناپىقلارنىڭ يەھۇدىيلارغا ئاخبارات يەتكۈزگەنلىكى

مۇناپىقلار يەنە يەھۇدىيلار ئۈچۈن كەتمەن چېپىشقا باشلىدى. مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي خەيبەر يەھۇدىيلىرىغا يوشۇرۇن ئاخبارات يوللاپ: ‹‹ مۇھەممەد سىلەرنى قەستلەپ يۈرۈپ كەتتى، پەخەس بولۇڭلار ، ئەمما قاتتىق قورقۇپ كەتمەڭلار، چۈنكى سىلەر سان ۋە سۈپەتتە ئۇنىڭدىن كۆپ ئۈستۈن، مۇھەممەدنىڭ ئادەملىرى قورالسىز ئاددى، سانى چەكلىك، ساياق ئادەملەردۇر ›› ، دېدى. خەيبەرلىكلەر ئاخباراتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن دەرھال ھەرىكەتلىنىپ كەنانە ئىبنى ئەبىلھۇقەيق

بىلەن ھەۋزە ئىبنى قەيسنى غەتپان قەبىلىسىگە ياردەم سوراشقا ئەۋەتتى، چۈنكى ئۇلار خەيبەر يەھۇدىيلىرىنىڭ قەدىناس ئىتتىپاقدىشى ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىغىز-بۇرۇن يالىشىدىغان يالاقچى دوستلىرى ئىدى. ئۇلار: «بۇ قېتىم مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن غالىب كېلەلىسە، خەيبەر مېۋە مەھسۇلاتىنىڭ يېرىمىنى غەتپان قەبىلىسىگە تاپشۇرۇشنى شەرت قىلىشتى.

## خەيبەر يولى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر سەپىرىدە ئىسسىر (يەنە بىر سۆزدە ئەسىر) تاغ تىزملىرىنى بويلاپ مېڭىپ سەھبائ (جاي نامى)دىن ئۆتۈپ رەجىيئ (جاي نامى)گە كېلىپ چۈشتى، بۇ يەر بىلەن غەتپانلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەمئىي بىر كېچە-كۈندۈزدەك يول قالاتتى. دەل شۇ كۈنلەردە غەتپانلىقلار مۇ جەڭ تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ يەھۇدىيلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن خەيبەرگە قاراپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلار ئوتتۇرا يولغا كەلگەندە كەينى تەرەپتە ئۇشتۇمتۇت چۇقان-سۈرەن ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئاۋازنى مۇسۇلمانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمىزغا ۋە مال-مۈلۈكلىرىمىزگە ھۇجۇم قىپتۇ» ، دەپ ئويلاپ دەرھال كەينىگە يېنىپ ئۆز مەھەللىسىنى قوغداشنىڭ كويىدا بولدى. ۋە رەسۇلۇللاھ بىلەن خەيبەرلىكلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىقنى قارار قىلدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ قوشۇنغا يول باشلاپ مېڭىۋاتقان ئىككى يول باشلىغۇچى (ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ھەسىل ئىدى)نى چاقىرتىپ ئۇلاردىن خەيبەرگە شىمال (يەنى شام) تەرەپتىن كىرگىلى بولىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق يول بىلەن باشلاپ مېڭىشنى تەلەپ قىلدى، شۇنداق قىلغاندا غەتپانلىقلارنىڭ خەيبەر ئىشىغا ئارىلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى ھەمدە خەيبەر يەھۇدىيلىرىنىڭ شامغا قېچىۋېلىشىنى توسۇپ قالغىلى بولاتتى. بۇچاغدا ئۇلارنىڭ بىرى: «مەن باشلاپ ماڭاي، ئى رەسۇلۇللاھ!» دەپ قوشۇننىڭ ئالدىغا كىرىپ ماڭدى. بىر چاغدا ئۇ تۆت يولغا بۆلۈنىدىغان بىر ئاچال يول ئېغىزىغا كېلىپ توختىدى ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ يوللارنىڭ ھەممىسىدىن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، قايسىسىغا يول ئالىمىز؟ » دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئاشۇ يوللارنىڭ نامىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرىشكە بۇيرىدى، ئۇ «ھەزەن » (قايغۇ) ، دېدى شۇ يوللارنىڭ بىرسىنى كۆرسىتىپ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يول ئېلىشقا ئۇنىمىدى، يول باشلىغۇچى يەنە بىرىنىڭ ئىسمىنى «شاش » ، دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغىمۇ بېشىنى چايقىدى، ئاندىن يەنە بىرىنى كۆرسەتتى . بۇنىڭ ئىسمى «ھاتىب» (ئوتۇن تەرگۈچى) ، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغىمۇ «بولمايدۇ » ، دېدى، بۇ چاغدا ھەسىيل (يول باشلىغۇچى) «ئەمدى بىرلا يول قالدى » ، دېگەنىدى، ئۆمەر: «ئېيتمامسەن ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟ » دەپ ئالدىراتتى. ئۇ: «مەرھەب» (قارشى ئالغۇچى) ، دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنى تاللىدى.

## يول ئۈستىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

1) سەلىمە ئىبنى ئەكۋەدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىست ە مۇنداق د ېيىلىدۇ: ‹‹بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن خەيبەر غازىتىغا چىققاندا كېچىسى يول يۈرگەنىدۇق مۇسۇلمانلاردىن بىركىشى ئامىر ئىبنى ئەكۋەگە: ‹‹ئى ئامىر! بىزگە ھېلىقى مۇڭلۇق ئاۋازىڭ بىلەن بىزگە راھەت بەرمەمسەن؟ ›› دېدى (ئامىر يېتىشكەن شائىر ھەم ناخشىچى ئىدى). شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلىغىدىن چۈشۈپ «ھۆي....ھۆي» ئېيتىپ كىشىلەرگە مۇشائىرە ۋە ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى، ئۇ مۇنداق دەيتتى:

رەببىمىز سەن بولمىساڭ تاپماس ئىدۇق ھىدايەت،
بىلمەس ئىدۇق رېمىدۇر زاكات، ناماز، روزا، ئىبادەت.
مەغپىرەت قىل، جان پىدا دور ساڭا تەڭرىم شاد ـ خۇرام،
ئېلىشقاندا ياۋ بىلەن ئاتا قىلغىن مەتانەت.
بېغىشلىغىن بىزلەرگە خاتىرجەملىك سائادەت ،
بېسىم قىلسا كۇفرى ئەل قىلماسمىز ھېچ ئىتائەت.
قانچە سۆرەن سالسىمۇ مەنستمەيمىز تائەبەت.

.... پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹بۇ كىم ؟ ›› دەپ سوردى، كىشىلەر: ‹‹ئامىر ئىبنى ئەكۋە››، دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ››، دېدى، بۇ چاغدا جامائەتچىلىكتىن بىر كىشى: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ۋاجىپ قىلدىڭ (يەنى ش ەھىدلىق شەرىپىنى ئۇنىڭغا تەلەپ قىلدىڭ) بىزنى ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرىمەن قىلساڭ بولماسمىدى؟!›› دېدى. چۈنكى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ ھەر قانداق ئادەمگە ئايرىم دۇئا قىلسا ئۇنى شەھىدلىكنى تاپىدۇ، دەپ بىلەتتى. ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۇ مۇشۇ غازاتتا شەھىدلىككە ئېرىشتى.

2) سەپەر داۋامىدا مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىر ئويمانلىقا يىقىنلاپ كەلگەندە ھەممىسى ئۈنلۈك سادا بىلەن: ‹‹ئاللاھۇ ئەكبەر، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ››، دەپ ئاۋاز كۆتۈرگەندى. رەسۇلۇللاھ: ‹‹ئۆزۈڭلەرگە هاي ب ېرىڭلار (يەنى ئورۇنسىز ۋارقىرىماڭلار)، چۈنكى سىلەر گاس ـ گاچىغا ۋە ياكى يوق غائىپ نەرسىگە ئەمەس بەلكى ھەمىشە سىلەردىن ئايرىلمايدىغان سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ئاللاھقا دۇئا قىلىسىلەر›› ، دېدى.

3) خەيبەرگە يېقىن جاي سەھبائىغا بارغاندا رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلار بىلەن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدى، ناامازدىن كېيىن غىزالىنىش ئۈچۈن ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى چاقىرغاندى ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا پەقەت تالقانلا كەلتۈرۈلدى. شۇڭا ئۇ تالقاننى بۆيرۈپ نەمدەتكەندىن كېيىن ئۆزىمۇ يېدى، باشقىلارمۇ يېدى، ئارقىدىن ناماز شام ۋاقتى بولۇۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئېغىزىنى چايقىۋېتىپ ئاندىن نامازغا تۇردى، ساھابىلەرمۇ شۇنداق قىلدى، قايتا تاھارەت ئالمىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدى.

## ئىسلام ئارمىيىسى خەيبەر قەلئەلىرى بويىدا

مۇسۇلمانلار ئەتىسى ئەتىگەن ئۇرۇش باشلىنىدىغان ئاخىرقى ك ېچىنى خەيبەرگە يېقىن بىر جايدا ئۆتكۈزدى، يەھۇدىيلار بۇنى سەزمەيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر

قەۋمىنىڭ يۇرتىغا كىچە بىرىپ قالسا ، تاڭ ئاتمىغۇچە تېگىش قىلمايتتى، مۇسۇلمانلار ئەتىسى تاڭ ئاتقان هامان بامدادنى بۇرۇنراق ئوقۇپ خەيبەرگە قاراپ ئاتلاندى، بىر دەمدىن كېيىن تاڭ سۈزۈلۈپ ئالەم يور ۇۋدى، خەيبەر ئاهالىلىرى پالتا ـ كەتمەن، تاغار ـ زەمبىلىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئېتىز ـ ئېرىقلىرىغا چىقىشتى، ۋەهالەنكى ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ بېسىپ كەلگەنلىكىدىن قىلچە خەۋەر سىزدەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار مۇسۇلمانلار قوشۇننى كۆرۈپ: ‹‹مۇهەممەد، ئەزىبرايى خۇدا مۇهەممەد قوشۇنى بىلەن بىللە كەپتۇ ››، دېيىشىپ ئالاقزادىلىك ئىلكىدە شەهەرگە قاراپ قېچىشتى، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: ‹‹ئاللاهۇ ئەكبەر! خەيبەر خاراب بولدى ، بىز بىرەر قەۋمنىڭ مەهەللىسىگە چۈشسەك (ئالدىن) ئاگاهلاندۇرۇش بېرىلگەنلەرنىڭ ئەتىگەنلىكىگە ۋاي! ›› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام خەيبەرگە كىرىپ بىر مەنزىلنى هەربىي گازارما (يەنى هەربىي بارگاه) قىلىشقا تاللىغان ئىدى. هۇباب ئىبنى مۇنزىر (رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ) ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ : ‹‹ئى رەسۇلۇللاه بۇ يەرگە بارگاه تەسىس قىلىش ئاللاهنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ؟ ياكى جەڭ تەدبىرىمۇ؟ ›› دەپ سورىغان ئىدى ، رەسۇلۇللاه: ‹‹ئەلۋەتتە جەڭ تەدبىرى››، دېدى. ئۇ: ‹‹ئى رەسۇلۇللاه! بۇ جاي دۈشمەنىنىڭ نەتات قورغىنىغا بەك يېقىن، خەيبەر ئەسكىرى كۈچلىرىنىڭ هەممىسى دەل مۇشۇ قەلئەدە، بىز بۇ يەرگە چۈشسەك ئۇلار بىزنىڭ ئەهۋالىمىزنى ئاسانلا بىلىۋالىدۇ، بىز ئۇلارنىڭ ئەهۋالىنى ئۇقالمايمىز. ئۇلارنىڭ ئاتقان ئ وقى بىزگە نەخ ت ېگىدۇ (چۈنكى ئۇلار قەلئە ئۈستىدىن ئاتىدۇ)، ئەمما بىزنىڭ ئوقىمىز ئۇلارغا نەخ تېگىشى ناتايىن (چۈنكى بىز پەستە تۇرۇپ ئاتىمىز). ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ك ېچىلەپ هۇجۇم قىلىپ چىقىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، هەم بۇ يەر خورمىلىق ئار ىسىغا جايلاشقان ئىكەن، ئىستىرات ېگىيە جەهەتتىن ئورنى مۇۋاپىق ئەمەس، شارائىتى بىئەپ زېمىن ئىكەن. مۇشۇ ئىللەتلەردىن خالىراق بىر مەنزىلگە ئەمرى قىلساڭ ، ئاشۇ يەرگە بارگاه تەسىس قىلساق ››، دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ : ‹‹توغرا تەكلىپ بەردىڭ ››، دېدى ـ دە، قوشۇننى باشقا بىر جايغا يۆتكەپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام خەيبەرگە يېقىنلاپ كېلىپ شەهەر قەلئەلىرى يىراقتىن غىلپال كۆر ۈنىۋدى ، قوشۇنغا : ‹‹توختاڭلار ››، دېدى. شۇنىڭ بىلەن قوشۇن هەرقايسىسى ئۆز ئورۇنلىرىدا توختىۋىدى. رەسۇلۇللاه دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ: ‹‹ئى ئاللاه! يەتتە قات ئاسماننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇرسەن ۋە يەتتە قات زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇرسەن! شەيتانلارنىڭ ۋە ئۇلار تەرىپىدىن ئازدۇرۇلغانلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇرسەن، سەندىن بۇ يۇرتنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە بۇ كەنت ئاهالىسىنىڭ ياخشىلىقىنى ۋەيۇرتتىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيمىز ۋە سېنىڭدىن بۇ يۇرتنىڭ يامانلىقىدىن، كەنت ئاهالىسىنىڭ يامانلىقىدىن ۋە يۇرتتىكى جىمى شەيئىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناه تىلەيمىز ››، دېدى. ئاندىن ‹‹بىسمىللاه بىلەن ئالغا قاراپ مېڭىڭلار!›› دېدى.

## جەڭ تەييارلىغى ۋە خەيبەر قەلئەلىرى

ئەتىسى ئەتىگەن تۇگىش قىلىمىز دېگەن كۈنى كەچلىكى رەسۇلۇللاھ سۆز قىلىپ : ‹‹مەن ئەتە ئەلەمنى شۇنداق بىر كىشىگە تۇتقۇزىمەنكى ، ئۇ ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيىدۇ ، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمۇ ئۇنى سۆيىدۇ ›› ، دېدى ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ ھەممە كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلەپ قېلىشتى . ھەممە ئادەم شۇ كىشى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۇشتۇمتۇت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : ‹‹ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب قېنى؟ ›› دەپ قالدى. كىشىلەر: ‹‹ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ قاپتۇ›› دېيىشكەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : ‹‹ئۇنى تېپىپ كېلىڭلار››، دېدى. ئەلى كەلتۈردى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ كۆزىگە تۈكۈرۈپ قويدى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلدى . نەتىجىدە ئۇنىڭ كۆزى سەللىمازا ساقىيىپ قۇسۇرسىز بولۇپ كەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئەلەمنى ئۇنىڭغا بېرىۋىدى، ئۇ : ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇلار بىلەن تاكى ئۇلار بىزدەك (مۇسۇلمان) بولغانغا قەدەر ئۇرۇ ۋشىمەن››، دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : ‹‹ئۇنداق بولسا، سەن شۇ پېتى بېرىپ ئۇلارنىڭ مەنزىلىگە چۈشكىن، ئاندىن ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغىن ۋە ئۇلارنىڭ زىممىسىگە ۋاجىپ بولغان ئاللاھنىڭ ھەقلىرىنى ئۇقتۇرۇپ قويغىن، قەسەم قىلىمەنكى ، ئاللاھ نىڭ سەن ئارقىلىق بىرەر ئادەمگە ھىدايەت قىلغىنى سەن ئۈچۈن نەچچە مىڭ قىزىل تۆگىدىن ياخشى ›› ، دېدى.

خەيبەر چوڭ جەھەتتىن مۇنداق ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ بىر بۆلىكىدە بەش قورغان بار ئىدى ، ئۇلار: 1) نائىم قورغىنى. 2) سەئەب ئىبنى مۇئاز قورغىنى . 3) زۇبەير قەلئەسى قورغىنى. 4) ئۇبەي قورغىنى. 5) نەزار قورغىنى

ئاۋۋالقى ئۈچ قورغان خەيبەرنىڭ نەتات رايونىغا، كېيىنكى ئىككى قورغان ‹‹شىيىق›› رايونىغا جايلاشقانىدى، ئەمما ئىككىنچى بۆلىكى ‹‹كەتىيبە›› (ھەربىي رايون) دەپ ئاتالغان بولۇپ ئۇنىڭغا ئۈچ قورغان جايلاشقانىدى.

1) قەمۇس قورغىنى (بۇ بەنى نەزىر قەبىلىسىدىن بولغان ئەبىلھۇقەيقنىڭ قورغىنى ئىدى.

2) ۋەتيھ قورغىنى.

3) سەلالىم قورغىنى قاتارلىقلار.

خوش..... خەيبەردە يەنە بۇ سەككىز قورغاندىن باشقا چوڭ ـ كىچىك قەلئە ۋە قورغانلار بار بولۇپ ، ھەربىي كۈچى ۋە مۇداپىئە ئىستىھكامى جەھەتتە ئالدىنقى سەككىز قورغانغا يەتمەيتتى، شۇڭا ئۇرۇشنىڭ ئېغىر چاقى قورغاننىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە كۆپرەك ئايلاندى، ئەمما ئىككىنچى بۆلىكىدىكى ئۈچ قورغان ھەربىي قىسىملار كۆپ ۋە مۇداپىئەسى كۈچلۈك بولسىمۇ قارشىلىق كۆرسەتمەيلا تەسلىم بولدى.

## ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى ۋە نائىم قورغىنىنىڭ فەتھى قىلىنىشى

بۇ قورغانلار ئىچىدە مۇسۇلمانلار تۇنجى ھۇجۇم قىلغان قورغان نائىم قورغىنى بولدى. مەزكۇر قورغاننىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا يەھۇدىيلار

ئۇنى جان تىكىپ قوغدىدى. شۇنداقلا بۇ قورغان يەنە يەھۇدىيلارنىڭ ‹‹مىڭگە تېتىيدىغان باتۇر›› دېگەن نامى بار مىللى قەھرىمانى ‹‹مەرھەب›› پالۋاننىڭ باشقۇرىشىدىكى قورغان ئىدى.

ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇنى باشلاپ بۇ قورغاننى مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇش (يەنى تەسلىم بولۇش)قا چاقىردى. يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارنىڭ دەۋىتىنى كەسكىن رەت قىلىپ، مۇغەمبەرلىك بىلەن مەيدانغا چىقىشتى. ئۇلار بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ باش سەركەردىسى مەرھەب پالۋانمۇ بار ئىدى. مەرھەب جەڭ مەيدانىغا چىقىپ يەكمۇ-يەك ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى. سەلىمە ئىبنى ئەكۋەئ مۇنداق دەيدۇ: ‹‹بىز خەيبەرگە يېتىپ بېرىۋىدۇق ، ئۇلارنىڭ باشلىقى مەرھەب قىلىچ ىنى پۇلاڭلىتىپ مەيدانغا چۈشۈپ تۆۋەندىكى شېئىر ئوقىدى:

خەيبەر ئارا نامىم مەشھۇر مەرھەب پەھلىۋان،
جەڭگىۋارمەن، تەجرىبەم بار، تەڭ كېلەلمەس.
ئۇرۇش ئوتى قىزىغاندا ئۇچقۇندىن يامان،
مەرد بولساڭ چۈش مەيدانغا ئېلىشايلى بىر مەيدان

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تاغام ئامىر مەيدانغا چۈشۈپ تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇدى:

بىلىپ قويغىن خەيبەرلىك، نامىمنى — «ئامىر»،
سىپىنگدەككە تەييارمەن پەھلىۋان (سادىر).
ئوغۇل بولساڭ چۈش مەيدانغا تۇزكۇرى كاپىر،
ئۆلتۈرەرمەن يا شەھىدمەن — شەرەپلىك ئاخىر.

ئىككىسى بىر ئىككىدىن قىلىچ سوقۇشتۇردى-دە، ئۇشتۇمتۇت مەرھەبنىڭ قىلىچى تاغام ئامىرنىڭ قالقىنىغا تەگدى، ئامىر قالقانغا ت ېگىدىن قىلىچ ئۇزىتىپ يەھۇدىينىڭ پۇتىغا سالماقچى بول ۋۇدى، ئۇنىڭ قىلىچى يەھۇدىينىڭ پۇتىغا تەگم ەي، ئايلىنىپ كېلىپ ئۆز پۇتىنىڭ ت ىزلىپىكىگە تېگىپ كەتتى، ئاخىرى شېھىد بولدى. ئۇنىڭ ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ››، دېدى ۋە ئىككى بارمىقىنى جەملىدى ۋە يەنە: ‹‹ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق مۇجاھىد ئىدى، ئۇنداق ئەرە ب يەر يۈزىدە ئاز تېپىلىدۇ ››، دېدى. ئاشكارىلىنىشچە، مە رھەب شۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى كۆرەڭلەپ يەنە بىر قېتىم م ۇبارىزىگە كۈچ تەلەپ قىلىپ: ‹‹خەيبەر ئارا نامىم مەشھۇر مەرھەب پەھلىۋان ›› دېگەن جەڭ مارشىنى ئوقۇپ مەيدانغا چۈشۈپ، ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب مەيدانغا چۈشۈپ ئۇنى خورىكىگە جىمىقتۇرۇپ قويغان. سەلىمە ئىبنى ئەكۋەئ مۇنداق دەيدۇ: ‹‹شۇنىڭ بىلەن ئەلى:

ئانام مېنى ئاتاپدۇر نامىمنى ھەيدەر[1]،
ياۋ مەن بىلەن ئېلىشسا يولۋاس ئىكەن دەر.
زۇلپىقاردا ئەلقىساسنى ئالىمسام مەن خەر،

---

[1] ھەيدەر — تاغ يولۋىسى دېگەن مەنىدە.

ئى خۇدانىڭ دۈشمىنى.... ئاللاھۇ ئەكبەر .

دېگەن جەڭ مارشىنى ئوقۇ غاچ مەيدانغا چۈشتى ۋە مەيدانغا چۈشكەن پېتى مەرھەبنىڭ بېشىغا بىر قىلىچ ئۇرۇپلا ، ئۇنى جەھەننەمگە ئۇزىتىۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا نائىم قورغىنى پەتھى قىلىندى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ قەلئەسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋىدى، بىر يەھۇدىي قەلئە ئۈستىدىكى بىر قوۋۇقتىن بېشىنى چىقىرىپ: ‹‹ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ ›› دەپ ۋارقىرىدى . ئەلى : ‹‹مەن ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب›› دەپ جاۋاب قايتۇرغانىدى، ھېلىقى يەھۇدىي : ‹‹مۇساغا نازىل قىلىنغان تەۋرات بىلەن قەسەمكى ، ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگۈدەكسىلەر ››[1] دېدى. ئاندىن مەرھە بنىڭ قېرىندىشى ياسىر مەيدانغا چىقىپ: ‹‹مەيدانغا چۈشىدىغان ئادەم بارمۇ؟ كىم چۈشىدۇ؟››

دەپ توۋلىدى ، ئۇنىڭغا قارشى بىز تەرەپتىن زۇبەير ئىبنى ئ ەۋۋام مەيدانغا چىقىۋىدى ، زۇبەيرنىڭ ئانىسى (رەسۇلۇللاھنىڭ ھاماچىسى) سەفىييە : ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ ئوغلۇمنى ئۆلتۈرىۋېتەرمۇ، قانداق؟ ›› دېدى ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا : ‹‹ياق، بەلكى ئوغلىڭىز ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرىدۇ ›› ، دېدى. راست دېگەندەك زۇبەير ئۇنى ئاسانلا بىر تەرەپ قىلىۋەتتى.

خوش... نائىم قورغىنى ئەتراپىدا ئاجايىپ دەھشەت سوقۇشلار بولدىكى ، بۇ يەردە يەھۇدىيلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سەردار پەھلىۋانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يوقىتىلدى . نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش قىزغىنلىقى يوقىلىپ، جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلىشىپ ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇۋېلىشقا ماد ارى يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. تارىخى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا ، نائىم قورغىنى ئەتراپىدا ئۇرۇش بىر قانچە كۈن داۋاملاشقان بولۇپ ، يەھۇدىيلار قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئالدىدا قارشىلىق نەتىجىسىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، ئاستا ـ ئاستا سەئىب قورغىنىغا چ ېكىنگەن. نەتىجىدە ، مۇسۇلمانلار نائىم قورغىنىغا بېسىپ كىرىپ ئۇنى ئىگىلىگەن.

## سەئىب ئىبنى مائاز قورغىنىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى

سەئىب ئىبن مائاز قورغىنى نائىم قورغىنىدىن قالسا ھەربىي كۈچى ۋە مۇداپىئە ئىستىھكامى جەھەتتە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئىست ېراتېگىيىلىك قورغان ئىدى . مۇسۇلمانلار بۇ قورغانغا ھۇباب ئىبنى مۇنزىر ئەنسارىينىڭ قوماندانلىقىدا ھۇجۇم قوزغىدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئۇدا ئۈچ كۈن مۇھاسىرىگە ئېلىپ ھېچ نەتىجىگە ئ ېرىشەلمىدى. ئۈچىنچى كۈنى بولغاندا رەسۇلۇللاھ مۇشۇ قورغاننىڭ پەتھى قىلىنىشى ئۈچۈن ئالايىتەن دۇئا قىلدى . ئىبنى ئىسھاق مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەسلەم قەبىلىسىنىڭ بەنى سەھمى ئايمىغى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ ھېرىپ چارچىدۇق ، قورساقلىرىمىز ئاچتى ، ئوزۇقلىرىمىز ت ۈگىدى › ، دېگەنىدى . رەسۇلۇللاھ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ: ‹‹ئى ئاللاھ! سەن بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلگۈچى ئۇۇرسەن، بېرەي دىسەم ، مەندە يوقلىقىنى بىلىسەن، شۇڭا بۇلارغا يەھۇدىي قورغانلىرى ئىچىدىكى بايلىقى ئەڭ مول ،

[1] بۇ ئۇنىڭ ئەلى دېگەن سۆزىدىن پال ئالغانلىقى ئىدى.

ئاش ـ ئوزۇقلىرى كۆپ بىر قورغاننى پەتھى قىلىپ بەرگىن ››، دېدى. راست دېگەندەك ئەتىسى ئەتىگەنلىك ھۇجۇمدىلا سەئەب قورغىنى پەتھى قىلىندى . خەيبەردە سەئىب قورغىنىدىكىدەك ئاش ـ ئوزۇقلىرى مول، ياغ ـ مايلىرى كۆپ قورغان يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئادىن كېيىن مۇسۇلمانلارنى مۇشۇ قورغاننى ئىشغال قىلىشقا چاقىرىق قىلغانىدى، بەنى ئەسلەم خەلقى ھۇجۇم نەيزىسىنىڭ ئۇچى بولۇپ ماڭدى. قورغان ئالدىدا يەكمۇ يەك ئېلىشىش ۋە ئۆلتۈرۈشلەر راسا قىزىدى. ئاخىر شۇ كۈنى كەچ كۈن پېتىشتىنىڭ سەلپەل ئالدىدىراق بۇ قورغان پەتھى قىلىندى . مۇسۇلمانلار بۇ قورغاندا بىر قانچە دانە مەنجانىق (دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا يىراقتىن توپ ئاتىدىغان قورال) توپ ۋە دەببابە (شۇ دەۋرنىڭ تانكا بىرونىۋېكلىرى)لەرنى قولغا چۈشۈردى . ئىبنى ئىسھاقنىڭ نەقىل قىلغان ھەدىسىدە تىلغا ئېلىنغان ئاشۇ ئاچلىق تۈپەيلى ئەسكەرلەر ئارىسىدا يۈز ئايرىم كىشىلەر يەرلىك ئېشەكلەرنى سويۇپ قازانغا سېلىپ ئوت ياققانىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئېلانچى چىقىرىپ يەرلىك ئېشەكلەرنى يېيىشتىن توستى.

## زۇبەير قەلئەسىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى

نائىم ۋە سەئەب قورغانلىرى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن نەتات رايونى قورغانلىرىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى زۇبەير قەلئەسىگە يىغىلىۋالدى . بۇ قەلئە تاغ چوققىسىغا جايلاشقان مۇستەھكەم بىر قورغان بولۇپ ، قورغان ئەتراپى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ھۇجۇم قىلىشقا بىئەپ، دۈشمەنگە نىسبەتەن مۇداپىئەلىنىش شارائىتىنىڭ ياخشى ئىدى. مەيلى ئاتلىق ، مەيلى پىيادىلىك ھېچكىم ئۇنىڭغا يېقىن بارالمايتتى. رەسۇلۇللا بۇ قەلئەنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئۈچ كۈن تۇردى. ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر يەھۇدىي ئەل بولۇپ كېلىپ: ‹‹ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلارنى بىر ئاي مۇھاسىرىگە ئېلىپ ياتساڭمۇ پەرۋا قىلىشمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ يەر ئاستى سۈيى ۋە بۇلاقلىرى بار. ئۇلار كېچىسى چىقىپ سۇ قاچىلاپ ئەكىرىۋېلىپ قەلئەدە بىكىنىپ يېتىۋېرىدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ سۇ يولىنى ئۈزۈپ تاشلىيالىساڭ، ئاندىن ئۇلار سىرتقا چىقىدۇ ››، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى ئۈزۈپ تاشلىغانىدى ، يەھۇدىيلار قەلئەدىن چۈشۈپ قاتتىق تەرسالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى . نەتىجىدە، مۇسۇلمانلار تەرەپتىن بىر قانچە كىشى قازا قىلدى، ئونغا يېقىن يەھۇدىي جەھەننەمگە ئۇزىتىلدى، ئاخىرى قەلئە پەتھى قىلىندى.

## ئۇبەي قەلئەسىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى

زۇبەير قەلئەسى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن يەھۇدىيلار ئۇبەي قەلئەسىگە يۆتكىلىپ بۇ يەردە مۇداپىئەدە تۇرۇۋالدى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىپ چۈشۈشكە قىستىغانىدى، بۇلاردىن ئىككى سەرۋاز نۆۋەت بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا چۈشۈپ يەكمۇ ـ يەك ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما باتۇر مۇسۇلمان ئەزىمەتلەر ئۇلارغا ئامانلىق

بەرمەي ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى جەھەننەمگە يولغا سىلىۋەتتى. يەھۇدىيلاردىن ئىككىنچى قېتىم مەيدانغا چۈشكەن دۈشمەننىڭ ئەدىبىنى بەرگەن كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتاغلىق قەھرىمانى قىزىل سەللىلىك باتۇر ئەبۇدۇجانە (يەنى، سىماك ئىبنى خەرشەنەتولئەنسارى) ئىدى. ئۇ مەزكۇر مۇبارىزچىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپلا يولۋاستەك ئېتىلىپ قەلئەگە بېسىپ كىردى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باشقا مۇسۇلمانلارمۇ بېسىپ كىردى. نەتىجىدە، قورغان ئىچىدە بىرەر سائەتتەك كەسكىن جەڭ بولغاندىن كېيىن يەھۇدىيلار بۇ قەلئەنى تاشلاپ بىر- بىرلەپ سۇغۇرۇلۇپ چىكىنىپ چىقىپ، مۇشۇ رايوننىڭ ئەڭ كەينىدىكى قەلئە نەزار قەلئەسىگە يۆتكىلىپ مۇداپىئەدە تۇردى.

## نەزار قورغىنىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى

نەزار قورغىنى مۇشۇ تەۋەلىكتىكى قورغانلار ئىچىدە ھەممىدىن مۇستەھكەم ، ھەممىدىن پۇختا بىنا قىلىنغان قورغان ئىدى . شۇڭا ئۇلار مۇسۇلمانلارنى: « بۇ قەلئەگە ھەرقانچە قىلسىمۇ كىرەلمەيدۇ »، دەپ قاراپ ، ئاساسلىق چوڭ قەلئەلىرى قولدىن كەتكەن بولسىمۇ ، ئاياللار ۋە باللارنى مۇشۇ قەلئەگە ي ىغىپ مۇداپىئەدە تۇرغان ىدى. مۇسۇلمانلار بۇ قەلئەنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە ھەرتەرەپتىن بېسىمنى كۈچەيتتى . لېكىن قورغاننىڭ تاغ ئۈستىگە جايلىشىشتەك ئالاھىدىلى كى مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇپ كىرىشتىن توسۇپ قويغانىدى. يەھۇدىيلارمۇ قاتمۇ- قات مۇھاسىر ىنى بۆسۈپ چىقىشقا پېتىنالمىدى. مۇسۇلمانلارنى ئوقىا تۇتۇپ ، تاش ئېتىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇردى . دېمەك نەزار قورغىنىنى ئېلىش قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى مەنچەنىق ۋە دەبابە (ئىچىگە كىرىپ بېرىپ قورغاننى تېشىدىغان ۋە ياكى قورغان دەرۋازىسىغا ئوت قۇيىدىغان ھەربىي ئەسلىھە) قاتارلىق ئېغىر تېپتىكى قورالللا رنى ئىشقا سېلىشقا بۇير ۇدى. ئارشكار ىلىنىشچە، مۇسۇلمانلار بۇ ئەسلىھەل ەر بىلەن دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى توپقا تۇتۇپ ، مەزكۇر قورغاننىڭ تام - تورۇسلىرىدىن چوڭ - كىچىك شورا- سۈڭگۈچلەرنى ئاچقان ۋە شۇ يەردىن باستۇرۇپ كىرىپ قورغان ئىچىدە كەسكىن جەڭ قىلغان. ئاخىرى دۈشمەن تەرەپ پاجىئەلىك مەغلۇپ بولۇپ تەسلىم بولغان. چۈنكى ، ئۇلار ئالدىنقى سېپىللاردىن خوتۇن- باللىرىنى ب ىرگە ئېلىپ ئاستا- ئاستا چېكىنىپ قېچىۋالغىنىغا ئوخشاش ، بۇ قەلئەدىن ئۇنداق ئاسان قېچىۋالالمىغان، قاچقانلارمۇ خوتۇن- باللىرىنى مۇسۇلمانلارغا تاشلاپ ، جېنىنى ئېلىپ قاچقان. مۇداپىئەلىنىش شارائىتى ھەممىدىن مۇستەھكەم بولغان بۇ قورغاننىڭ ئىشغال قىلىنىشى بىلەن خەيبەر شەھ ىرىنىڭ بىرىنچى چوڭ بۆلى كى پۈتۈنلەي مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى . بۇ چوڭ بۆلەك نەتات ۋە شە ىق رايونى بۆلىكى ئىدى . بۇ بۆلەكتە يەنە يۇقىرىقى قورغانلاردىن باشقا چوڭ- كىچىك بىر قانچە قورغان ۋە ئىستىھكاملار بار ئىدى. بىراق، يەھۇدىيلار ئەڭ مۇستەھكەم ۋە ئەڭ بىخەتەر بۇ قورغانلىر ىنىڭ قولدىن كېتىشى بىلەن باشقا قورغانلارنى ئۆزلىكىدىن بوشىتىپ بېرىپ، خەيبەر شەھ ىرى ئىككىنچى بۆلەك رايونغا قېچىپ بېرىۋالدى.

## خەيبەر شەھىرى ئىككىنچى بۆلەك رايونىنىڭ ئېلىنىشى

خەيبەر 1 ـ بۆلەك ، يەنى نەتات ۋە ش ەيىق رايونى ئىشغال قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ قوشۇنىنى خەيبەر نىڭ 2 ـ بۆلەك رايونى ، يەنى كەتىيبە (ھەربىي رايون) قورغىنى ، ۋەتىيھە (سا ي رايونى قورغىنى) ۋە سالالىم (بەنى نەزىرنىڭ كاتتىسى ئەبۇلھوقەيقنىڭ قورغىنى) تەرەپكە يۆتك ىدى. بۇ يەرگە نەتات ۋە شەيق رايونلىرىدا دەككىسىنى يەپ جان قۇتقۇزۇپ كېلىۋالغان قاچقۇن يەھۇدىيلا رنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ مۇستەھكەم بىر مۇداپىئە تورى شەكىللەندۈرگەنىدى، تارىخچىلارنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمالى) مەزكۇر ئۈچ قورغاننىڭ قايسى بىرىدە ئۇرۇش بولغان ياكى بولمىغانلىقى توغرىسىدا قاراش ئوخشاش ئەمەس ، ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايىتىدىن قارىغاندا، قەمۇس قەلئەسىنى ئېلىش جەريانىدا ئۇرۇش بولغانلىقى ئېنىق ، بەلكى رىۋايەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا بۇ قورغان پەقەت ھەربىي كۈچ يەنى ئۇرۇش بىلەنلا ئىشغال قىلىنغان، سىياسى سۆزلىشىش ۋە بېسىم ئىشلىتىش قاتارلىق ۋاستىلارنىڭ كار قىلمىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئەمما ئىمام ۋاقىدى ‹‹خەيبەر 2 ـ بۆلەك رايونىدىكى ئۈچ قەلئەنىڭ ھەممىسى پەقەت سۆزلىشىش ئارقىلىق سىياسى يول بىلەن ئېلىنغان›› ، دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. ئېھتىمال قەمۇس قەلئەسى ئەتراپىدا بىر ئاز ئۇرۇش ۋە تىركىشىشلەر يۈز بەرگەندىن كېيىن ئاندىن سۆزلىشىش ۋە سىياسى جەھەتتىن ھۇجۇم قىلىش باشلانغان بولۇشى مۇمكىن ئەمما كېيىنكى ئىككى قورغان ئۇرۇشماي ۋە قان تۆكۈلمەيلا بىر تەرەپ قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن ، خوش قانداقلا بولمىسۇن رەسۇلۇللاھ قوشۇنى بۇ تەرەپ (كەتىيبە)كە يۆتكەپ كەلگەندىن كېيىن ، بۇ يەرنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى . مۇھاسىرە 14 كۈنگە سوزۇلدى . يەھۇدىيلار قورغانلىرىدىن چىقماي يېتىۋەردى . ئاخىر رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا مەنجەنىق تىكلەپ توپقا تۇتماقچى بولۇۋىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ كېتىشىگە جەزىم قىلىپ رەسۇلۇللاھقا سۈلھى تۈزۈش تەكلىۋىنى سۇندى.

## يەھۇدىيلارنىڭ ئاق بايراق چىقىرىشى

ئەھۋال مۇشۇ يەرگە يەتكەندە ، ئىبنى ئەبۇلھوقەيىق رەسۇلۇللاھقا ئەلچى ئەۋەتىپ سۆزلىشىپ كۆرۈشۈش ئويىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ماقۇل كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قورغان ئىچىدىكى چوڭ ـ كىچىك بارلىق يەھۇدىيلارنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش بەدىلىگە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلۈك، يەر ـ زېمىن ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ، قوي ـ كالا ۋە ئۈستىگە كەيگەن كىيىم ىدىن باشقا بارلىق نەرسىلىرىنى ھەتتا زىبۇ ـ زىننەت ھالقىلىرىغىچە مۇسۇلمانلارغا قالدۇرۇپ ، بالا ـ چاقا خوتۇن ـ قىزلىرىنى ئېلىپ خەيبەردىن چىقىپ كېتىشكە كېلىشتى كېلىشىمگە ئىمزا قويۇش ئالدىدا رەسۇلۇللاھ ئىبنى ئەبۇلھوقەيقكە ‹‹ئەگەر مەندىن ھەرقانداق بىرنەرسىنى يوشۇرساڭلار ، سىلەردىن ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن

ئەھدىسى ئۇزىلىدۇ ››، دەپ ئاگاھلاندۇردى . ئۇلار شەرتلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆنۈپ كېلىشىمگە ئىمزا قويدى [1] ۋە بۇ كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن خەيبەر قورغانلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى . بۇنىڭ بىلەن خەيبەرنى ئىشغال قىلىش غەلىبىلىك تاماملاندى.

## ئەبىلھوقەيقنىڭ ئىككى ئوغلى كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى

كېلىشىمنامىدە يۇ قىرىقىدەك سەممى ي ـ سادىق بولۇش قاتتىق تەكى تلەنگەن بولسىمۇ، ئەبى لھۇقەيقنىڭ ئىككى ئوغلى نۇرغۇن مال مۈلۈكنى يوشۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ھويەيي ئىبنى ئەختەپنىڭ بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى مەدىنىدىن س ۈرگۈن قىلىنغاندا، خەيبەرگە يۆتكەپ كەلگەن ئەتىۋارلىق زىبۇ ـ زىننەت، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىمۇ بار ئىدى. ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ : ‹‹رەسۇلۇللاھ كەنانەتور رەبىيئىنى چاقىرىپ (بەنى نەزىرنىڭ خەزىنە ماللىرى شۇنىڭ قولىدا ئىدى) ، ئۇنىڭدىن ئاشۇ، خەزىنىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورىغانىدى، ئۇ : «خەزىنىنىڭ ئورنىنى قەتئىي بىلمەيمەن »، دەپ تۇرۇۋالدى. يەھۇدىيلاردىن بىرئادەم كېلىپ: «مەن كەنانەنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەن مۇشۇ خارابىيلىقنى چۆگىلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم »، دەپ گۇۋاھلىق بەردى . شۇڭا ، رەسۇلۇللاھ كەنانىگە: ‹‹ناۋادا ئاشۇ ماللارنى سېنىڭدىن تېپىۋالساق كاللاڭنى ئالسام بولامدۇ؟›› دەپ سورىغانىدى ، كەنانە : ‹‹ بولىدۇ ››، دەپ جاۋاب بەردى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خارابىيلىقنى ق ېزىشقا بۇيرىدى . نەتىجىدە ، ئۇيەردىن بەنى نەزىر ماللىرىنىڭ بىر بۆلىكى تېپىۋېلىندى. ئاندىن ئۇنىڭدىن قالغان قىسمى سورالغانىدى، ئۇ مەسىلىنى تاپشۇرغىلى ئۇنىمىدى . شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئۇنى زۇبەيرگە بېرىپ: ‹‹ئۇنى ئەدەپلىگىن[2] ، ئۇ يوشۇرۇپ قويغان نەرسىل ەرنى تېپىۋالايلى ››، دېدى زۇبەير ئۇنىڭ كۆكرىكىگە ئۇرۇپ ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قالدى . ئاندىن ئۇنى رەسۇلۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمىگە بەرگەنىدى، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئۇنى قېر ىندىشى مەھمۇد ئىبنى مەسلەمەنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈردى (مەھمۇد نائىم قورغىنىنىڭ تۈۋىدە سايىداۋاتقاندا ئۈستىگە تاش تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنىدى) . ئىبنى قەييۇم مۇنداق دېگەن: ‹‹رەسۇلۇللاھ ئەبىلھوقەيقنىڭ ئىككى ئوغلىغا ئۆلۈم جازاسى بەردى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ئەھدىگە خىيانەت قىلغانلىقىنى كەنانەنىڭ بىر نەۋرە تۇققىنى (يەنى ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى) ئىقرار قىلغان. رەسۇلۇللاھ يەنە ھويەيي ئىبنى ئەختەپنىڭ قىزى سەپىيەنى ئولجا ئالدى. ئۇ ئەبىلھوقەيقنىڭ ئوغلى كەنانەنىڭ قولىدا بولۇپ ، ئۇلار ئەمدىلا بىر تەكىي نگە باش قويغانلار ئىدى.

---

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە رەسۇلۇللاھ بۇ قېتىمقى كېلىشىمدە: «ناۋادا يەھۇدىيلار خەيبەردىن چىقىپ كەتمەكچى بولسا، تۆگىلىرى كۆتۈرگىدەك نەرسە كېرەك ئارتىپ چىقىپ كەتسە بولىدۇ»، دەپ پۈتۈشكەن.

[2]

## خەيبەر غەنىمەتلىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى

رەسۇلۇللاھ خەيبەر يەھۇدىيلىرىنى بۇ يەردىن سۈرگۈن قىلىۋېتىپ ، ئاندىن خەيبەر زېمىنى ۋە ئولجىلىرىنى بىراقلا تەقسىم قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەنىدى . يەھۇدىيلار: ‹‹بىزنى مۇشۇ زېمىندا قالدۇرساڭ ، بىز ئۇنى تېرىپ ـ تىكىپ گۈللەندۈرسەك ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى بىز ئوبدان بىلىمىز›› ، دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. ئەمەلىيەتتىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە ساھابە كىراملارنىڭ ئۇ يەرلەرنى تېرىپ ـ تىكىپ باشقۇرۇپ بېرىدىغان مۇلازىم ـ چاكارلىرى يوق ئىدى . ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بۇ ئىشلارغا ئېش ىنالمايتتى . شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا خەيبەر زېمىندىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىنى بېرىشكە، قالغان يېرىمىنى مۇسۇلمانلارغا تاپشۇرۇشقا كېلىشتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ خالىغان مۇددەتكىچە تۇرۇپ تۇرۇشقا ماقۇل بولدى . ئابدۇللا ھ ئىبنى رەۋاھە ئۇلارغا خەيبەر زېمىنلىرىنى تەخمىنى باھالاپ بېكىتىپ بېرىشكە مەسئۇل بولدى . خەيبەر زېمىنى 36 (ئوتتۇز ئالتە) بۆلەككە بۆلۈن دى. ھەر بىر بۆلەك يۈز ئۈلۈش ھوسۇللۇق ئېتىزغا ئايرىلدى. نەتىجىدە، خەيبەر جەمئىي 3600 (ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز) ئۈلۈشلۈك ھوسۇل ئېتىزى قىلىپ بېكىتىلدى. مەدىنە تەرەپكە 1800 (بىرمىڭ سەككىز يۈز) ئۈلۈش ھوسۇل قالدى . رەسۇلۇللاھمۇ ئاۋام مۇسۇلمانلار قاتارىدا بىركىشىلىك نېسىۋە ئالدى . چۈنكى ، خەيبەر غەنىمەتلىرى 1800 ئۈلۈش قىلىپ تەقسىم قىلىنغانىدى. مۇنداق بولۇشى بۇ غەنىيمەتلەر ئاللاھنىڭ ھۇدەيبىيە غازىتىغا قاتناشقان مۇجاھىد مۇسۇلمانلارغا ئىلتىپات قىلغان ھەدىيەسى بولۇپ ، ئۇلاردىن بۇ قېتىمقى جەڭگە قاتناشقان ياكى قاتناشمىغانلىرى بولسۇن، ھەممىسىگە نېسىۋە تېگىشى كېرەك ئىدى . ھۇدەيبىيە مۇجاھىدلىرى 1400 كىشى بولۇپ، ئىككى يۈز ئاتلىق بار ئىدى. شۇڭا ھەر بىر ئاتقا ئىككى ئۈلۈش، ئىگىسىگە بىر ئۈلۈش جەمئىي ھەربىر ئاتلىق ئۈچ ئۈلۈش نېسىۋە ئالدى . قالغانلار بىر ئۈلۈشتىنلا نىسىۋىگە ئىگە بولدى . خەيبەر غەنىمەتلىرىنىڭ مولل ۇقىنى شۇنىڭدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇكى، ئىمام بۇخارى ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىپ: ‹‹بىز خەيبەرنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ئاش ـ تاماقتا تويۇنغانىدۇق ›› ، دېگەن. يەنە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹‹خەيبەر قولغا كېلىۋىدى ، ئەمدى خورمىغا تويىدىغان بولدۇق دېدۇق ›› ، دېگەنىدى . رېمىلا بولمىسۇن ، رەسۇلۇللاھ خەيبەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەنسارلار مۇھاجىرلارغا بۇرۇن ئۆتنۈپ بەرگەن خورمىلىق ۋە باغۋارانلىرىنى قايتۇرۇپ بەردى . چۈنكى، ئەمدى مۇھاجىرلارنىڭمۇ يەر ـ زېمىنلىرى بار بولغانىدى.

## جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىب ۋە ئەشئەرىيلەرنىڭ قايتىپ كېلىشى

بۇ غازاتنىڭ غەنىمەتلىرىنى تەقسىم قىلىش ھارپىسىدا رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى (ئەبۇ تالىب)نىڭ ئوغلى جەئفەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھەبەشىستاندىن قايتىپ كەلدى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەبۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ باشقا ئەشئەرى ھەمراھلىرىمۇ بارئىدى. ئەبۇ مۇسا مۇنداق دەيدۇ: ‹‹بىز رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ چىققانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئۇ چاغدا

بىز يەمەندە ئىدۇق ، شۇنىڭ بىلەن بىز (مەن ۋە ئىككى قېرىندىشىم بىرلىكتە) جەمەتىمىزدىن ئەللىك نەچچە كىشى بىلەن بۇ تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ چىقتۇق بىز بىر كېمىگە ئولتۇرغانىدۇق. بۇ كېمە بىزنى ھەبەشىستان (نەجاشىينىڭ تەۋەلىكى)گە ئاپىرىپ قويدى. ئۇ يەردە بىز جەئفەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق . ئۇ بىزگە: ‹‹رەسۇلۇللاھ بىزنى مۇشۇ يەردە تۇرۇشقا ئەۋەتتى . شۇڭا سىلەرمۇ بىز بىلەن ت ۇرۇپ تۇرۇڭلار››، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئاشۇلار بىلەن بىر مۇددەت تۇرۇپ ق ېلىپ كېيىن كەلگەنىدۇق. بىز رەسۇلۇللاھنىڭ دەل خەيبەرنى ئېلىشقا ماڭغان ۋاقتىغا ئۇدۇل كەپتۇق. ئۇنىڭ كەينىدىن خەيبەرگە بارساق ئۇ خەيبەرنى ئېلىپ بولغانىكەن ، ئۇ بىزگىمۇ بىر ئۈلۈش غەنىمەت بۆلۈپ بەردى. ئەمما، بىزدىن باشقا خەيبەر پەتھىسىگە قاتناشمىغان بىرمۇ ئادەمگە بىر تىيىن بەرمىدى . شۇنداق قىلىپ جەئفەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يېتىپ كېلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنى سۆيۈپ كەتتى ۋە مۇنداق دېدى: ‹‹ئەزبىرايى خۇدا ! نېمىگە خۇشال بولۇۋېتىشىمنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن، خەيبەرنىڭ ئېلىنغىنىغىمۇ؟ ياكى جەئفەرنىڭ ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگىنىگىمۇ؟ ››. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرى ئىبنى ئۇمەييە زەمەرى ئارقىلىق مۇھاجىرلارنى قايتۇرۇپ كېلىش توغرىلىق نەجاشىغا يوللىغان مەكتۇبى يېتىپ بارغاندىن كېيىن يولغا چىققانىدى . نەجاشى ئۇلارنى ئىككى كېمە بىلەن يولغا سالدى. ئۇ يەردىكى مۇھاجىرلار جەمئىي 16 كىشى بولۇپ، بالا ـ چاقىلىرى بىرگە كەلگەن ئىدى. ئۇلاردىن باشقا مۇھاجىرلار خېلى بۇرۇنلا بىردىن ـ ئىككىدىن مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ بولغانىدى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ سەفىيەگە ئۆيلىنىشى

بىز يۇقىرىدا سەفىيەنىڭ ئېرى كەنانە كېلىشىمگە خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ سەفىيەنىڭ ئەسىر ئېلىنغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدۇق. ئەسىرلەر بىر يەرگە جەملىنىپ تەقسىم قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى . دەھىيە ئىبنى خولەيفەتولكەلبى (نوپۇزلۇق بىر ساھابە) كېلىپ: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئەسىرلەردىن بىر چۆرە (ئايال قۇل) ئىلتىپات قىلساڭ›› ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹‹بارغىن ئۆزۈڭ خالاپ بىرنى ئېلىپ كەت››، دېگەنىدى. ئۇ بېرىپلا سەفىيەنى تاللاپ ئېلىپ ماڭدى بۇ چاغدا بىر كىشى: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ ! سەن د ەھىيەتولكەلبىيگە بەنى قۇرەيزە ۋە بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ سەردارى ھۇيەيىنىڭ قىزى ـــ ئەڭ بەلەن ئايالنى ئىلتىپات قىلىۋەتتىڭ، ئۇ دېگەن ساڭىلا لايىق كېلەتتى›› ، دېدى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ: ‹‹دەھىيەنى چاقىرىڭلار ›› ، دېدى. دەھىيە سەفىيەنى ئېلىپ كېلىۋىدى ، رەسۇلۇللاھ ئۇنى كۆرۈپ: ‹‹ بارغىن ئۇنىڭدىن باشقا بىرسىنى تاللىغىن ›› ، دېدى. ر ەسۇلۇللاھ ئۇنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلغانىدى. ئۇ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى . شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئازات قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ھۆرلىكىنى ئۇنىڭغا تويلۇق قىلىپ بېرىپ ئۇنى ئەمرىگە ئالدى. قايتىشتا سەددوسەھبا دېگەن يەرگە كەلگەندە ، ئىددىتى چىقىپ ھالال بولۇۋىدى، ئۇممى

سۈلەيمم ئۇنى ياساندۇرۇپ رەسۇلۇللاھقا قىتىپ قويدى . رەسۇلۇللاھ شۇ كېچىسى سەفىيە بىلەن بىر تەكىيگە باش قويدى. ئەتىسى ئەتىگەن جامائەتچىلىككە خورما ھالۋىسى قىلىپ توي زىياپىتى بەردى ۋە يول بويى ئۈچ كېچىنى سەفىيە بىلەن بىرگە ئۆتكۈزدى. رەسۇلۇللاھ سەفىيەنىڭ چىرايىدا تاياق زەربىسىدىن بولغان كۆكنى كۆرۈپ : ‹‹ئۇ زېمە ئىششىق؟ ›› دەپ سورىغانىدى، سەفىيە: «ئى رەسۇلۇللاھ! سىلەر بىزگە ھۇجۇم قىلىش ھارپىسىدا بىر چۈش كۆردۈم ، چۈشۈمدە ئاسماندىكى ئاي ئورنىدىن قوزغىلىپ كېلىپ مەن بىلەن بىر تەككىيگە باش قويغۇدەك . ئەزبىرايى خۇدا ، مەن بۇ چۈشۈمنىڭ ھازىرقى سەن ب ولۇپ قېلىشىڭنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدىم، مەن ئۇ چۈشنى ئېرىم كەنانىگە ئېيتىپ بېرىۋىدىم ، ئۇ: ‹مەدىنىدە باش كۆتۈرگەن ئاشۇ پادىشاھنى ئارزۇ قىلىپ شۇنداق چۈش ياسىدىڭ › ، دەپ مېنى ئۇرغان »، دېدى.

## زەھەرلەنگەن قوينىڭ كاشىلىسى

رەسۇلۇللاھ خەيبەرنى ئىشغال قىلىپ ھەربىي ھەرىكەتلەرد ىن خاتىرجەم بولۇپ ئولتۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەلام ئىبنى مۇشكەمنىڭ ئايالى زەينەب (ھارىسنىڭ قىزى) بىر قوينى زەھەرلەپ بىشۇرۇپ ‹‹ھەدىيە›› دەپ كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ خوتۇن رەسۇلۇللاھنىڭ قوي سېپىنىغا ئامراق ئىكەنلىكىنى سوراپ ئۇقۇپ، شۇ يەرگە زەھەرنى كۆپرەك سېلىپ ۋە باشقا يەرلىرىنىمۇ زەھەرلەپ ئېلىپ كەلگەنىكەن . قوي رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا قويۇلۇۋىدى، ئۇ قوينىڭ سېنىنى ئاجرىتىۋېلىپ ئېغىزىغا بىر چىشلەم سېلىپلا ئازراق چاينىپ تۈكۈرۈپ تاشلىدى ۋە: ‹‹ بۇ ئۇستىخان ماڭا ئۆزىنىڭ زەھەرلەنگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى››، دېدى . ئاندىن ئۇنى چاقىر تىپ سوراق قىلغانىدى ، ئۇ ئېتىراپ قىلدى . رەسۇلۇللاھ: ‹‹ بۇنى زېمە ئۈچۈن قىلدىڭ؟ ›› دېگەنىدى ئۇ: ‹‹ئەگەر پادىشاھ بولسا ئۆلىدۇ، ئارام تاپىمىز، ناۋادا ھەقىقىي پەيغەمبەر بولسا تەسىر قىلمايدۇ، ئەگىشىمىز دەپ قىلغان››، دەپ تۇرۇۋالدى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى . رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ھېلىقى گۆشتىن يېگەنلەر ئىچىدە بەرراﺋ ئىبنى مەئرورنىڭ ئوغلى بىشرى بار ئىدى. ئۇ بىر چىشلەم ي ۇتۇپ سالغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتتى . بۇ خوتۇنغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى ياكى كەچۈرۈم قىلىنغانلىقى ھەققىدە ر ىۋايەتلەر ئوخشاش ئەمەس . شۇڭا ، تارىخشۇناسلار: ‹‹رەسۇلۇللاھ ئاۋۋال كەچۈرۈم قىلغانىدى ، كېيىن بىشرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قىساس ئۈچۈن ئۇ ئايالنى ئۆلتۈردى›› ، دېگەن يەرگە كېلىشتى.

## خەيبەر ئۇرۇشىدا ئىككى تەرەپتىن چىقىم بولغانلار

خەيبەر جەڭ مەيدانىدا مۇسۇلمانلاردىن شەھىد بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ ئومۇمى سانى 16 كىشىگە يەتتى. قۇرەيشتىن تۆت، ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر ۋە خەيبەرلىك بىر، قالغانلىرى ئەنسارلاردىن ئىدى. يەنە بىر سۆزدە مۇسۇلمانلاردىن شەھىد بولغانلارنىڭ ئومۇمى سانى 18 دېيىلىدۇ، ئەللامە مەنسور پۇرى 19 ئادەم دەيدۇ، ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

‹‹مەن ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ ئىزدە ەرگەنەدىن كېيى ىن شەھەد بولغانلار قاتارىدا 23 كىشىنىڭ ئىسمىنى تاپتىم . ئۇلارنىڭ بىرىنى ئىمام تەبرى تىلغا ئالدى ، يەنە بىرىنى ئىمام ۋاقىدى زىكرى قىلدى ۋە بىرى زەھەرلەنگەن قوينى يەپ سېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى››، دەيدۇ . ئاخىرقى بىرى بەدردە ئۆلتۈر ۈلگەنمۇ ياكى خەيبەردە ئۆلتۈر ۈلگەنمۇ ئىختىلاپ بار، ئەمما يەھۇدىيلاردىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 93 (توقسان ئۈچ) كىشىدۇر.

## فەدەك

رەسۇلۇللاھ خەيبەرگە يېتىپ بېرىپلا مەھى يسە ئىبنى مەسئۇدنى فەدەك يەھۇدىيلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا ئالدىن ئەۋەتكەنىدى ، ئەمما ئۇلار دەرھال گەپكە كىرمەي ياكى جاۋاب قايتۇرماي ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈشتى . ئاللاھ خەيبەرنى مۇسۇلمانلارغا ئىلتىپات قىلىۋىدى، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ چۈشۈپ ، رەسۇلۇللاھقا ئەلچى ئەۋەتىپ خەيبەرلىكلەرگە ئوخشاشلا فەدەك مە ھسۇلاتىنىڭ يېرىمىنى تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى . رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ ئۇلار بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى. مۇسۇلمانلار فەدەكنى ئۇرۇش قىلماي ئالغان بولغاچقا ، ئۇنىڭ ك ىرىمى مەخسۇس رەسۇلۇللاھنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولدى. ئۇنى رەسۇلۇللاھ ئۆز ئائىلىسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلەتتى.

## ۋادىلقۇرا

رەسۇلۇللاھ خەيبەرنىڭ ئىشلىرىدىن بوشىنىپلا ۋادىلقۇراغا يۈرۈپ كەتتى . چۈنكى، ئۇ يەردىمۇ بىر بۆلۈك يەھۇدىيلار ۋە قىسمەن ئەرەبلەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ ئۇلار ئۆزئارا ئېغىز- بۇرۇن يالىشىپ، ئەكسىيەتچىل مەيداندا جان - جەھلى بىلەن چىڭ تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىۋىدى، دۈشمەن تەرەپ ت ولۇق تەييارلىق بىلەن تۇرغاچقا مۇسۇلمانلارنى قارا- يامغۇردەك ئوقتا تۇتۇشتى . ئېتىشىش داۋامىدا رەسۇلۇللاھنىڭ چاكىرى (قۇلى) مۇدئەم ئۆلۈپ كەتتى. كىشىلەر: ‹‹خۇش مۇبارەك ئەھلى جەننەتتى بولغىنىغا، مۇبارەك››، دېيىشىكەنىدى، رەسۇلۇللاھ: ‹‹يوقسۇ، ئۇنداق ئەمەس ، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ، ئۇ خەيبەردە تە قسىماتتا كىرمىگەن ئەھۋالدا ئىگەللىۋالغان تون چاپان ئۇنىڭغا ئوت ياقىدۇ ››، دېدى. كىش ىلەر بۇنى ئاڭلاپ بىرى بىرتال تانا يەنە بىرى بىرتال ياكى ئىككى تال بوغۇچ كۆتۈرۈپ كېلىپ ۋمۇمغا تاپشۇردى. رەسۇلۇللاھ: ‹‹بىر دانە ئوت بۇغۇچ ياكى ئىككى دانە ئوت بۇغۇچ ››[1] دەيتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ قوشۇننى جەڭگە سەپەرۋەر قىلىدى ۋە قىسىملارغا ب ۆلۈپ سەپ تۈزدى. جەڭ تۇغىنى سەئەد ئىبنى ئۇبادەگە تۇتقۇزدى. قىسىملارنىڭ ئەلەملىرىدىن بىرنى ھۇباب ئىبنى مۇنزىرگە، يەنە بىرنى سەھل ئىبنى ھەنىفكە ۋە يەنە بىرنى ئابباد ئىبنى بىشر ىگە بەردى. ئاندىن ھەربىكەتكە ئۆتۈپ ئۇلارنى ئىسلامغا (يەنى تەسلىم بولۇشقا) چاقىردى . ئۇلار تەكلىپنى رەت قىلىپ يەكمۇ- يەك ئېلىشىشقا ئادەم چىقاردى . ئۇنىڭغا قارشى بىز

---

[1] رەسۇلۇللانىڭ بۇنداق دېيىشى ئاشۇ بىر ئىككى تال بوغۇچلار ئومۇمغا تاپشۇرۇلۇپ تەقسىماتقا كىرمىگەن تەقدىردە، ئاشۇ بوغۇچلار ئوتقا ئايلىنىپ ئىگىسىگە ئازاپ ئوقىبەت كەلتۈرىدۇ.

تەرەپتىن زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام چىقىپ هايال قىلماي ئۆز رەقىبىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىۋەتتى. يەنە بىرەيلەن سەكرەپ چىققانىدى ، ئۇنىمۇ ئەپچىللىك بىلەن ئۇجۇقتۇرۇپ قويدى. ئارقىدىن يەنە بىر يەهۇدىي چىققانىدى ئۇنىڭغا قارىتا ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب چىقىپ قوغلاپ يۈرۈپ چېپىۋەتتى. ئەلى مەيدانغا بىر چىققانچە ئۇلاردىن ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشكەن ئون بىر ئادەمنى قىلىچلاپ يوقاتتى. ئۇ هەر بىر يەهۇدىينى ئۇ ئالەمگە ئۇزاتسا كېيىنكىلىرىنى هەقىقەتكە تەن بېرىپ تەسلىم ب ولۇشقا چاقىراتتى. شۇ كۈنى هەر نامازنىڭ ۋاقتى كىرسە، رەسۇلۇللاھ ساهابىلەر بىلەن جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇۋېتىپ بازىغا قايتاتتى ـ دە، ئاندىن ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىپ هەتتا كەچ كىرگەنگە قەدەر جەڭ قىلاتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى هۇجۇمنى بۇرۇنراق توختۇتۇپ ئەتىسى ئەتىگەن كۈن چىقىشنىڭ ئالد ىدا ئۇلارغا هۇجۇم قوزغىغانىدى ، ئۇلار قوللىرىدىكى بارلىق نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى. رەسۇلۇللاھ ۋادىلقۇرانى غالىب هەربىي كۈچ بىلەن ئىگ ەللەپ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى غەنى يمەت ئالدى . ئاللاھ رەسۇلۇللاهنى نۇرغۇن ئۆي سەرەمجان ۋە رەخ ـ ماتالارغا ئىگە قىلدى . ۋادىلقۇرا ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئۇ يەردە تۆت كۈن تۇرۇپ ساهابىلەرگە غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىپ بەردى . يەر ـ زېمىن دەل ـ دەرەخ ۋە ئۈزۈم ـ خورمىلارنى يەرلىك ئاهالىلارغا (خەيبەرلىكلەر بىلەن كېلىشكەندەك) تەڭ شېرىكلىككە بېرىۋەتتى.

## تەيمائ

تەيمائ يەهۇدىيلىرى، ئاۋۋال خەيبەرلىكلەرنىڭ ئارقىدىن فەدەك ۋە ۋادىلقۇرالىقلارنىڭ بىر ـ بىرلەپ تەسلىم بولۇشقانلىقلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۆزلىكىدىن مۇسۇلمانلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، سۈلهى تەلەپ قىلىشتى . رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى ق وبۇل كۆرۈپ ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈك يۇرت مەهەللىسىگە ت ېگىش قىلمىدى ۋە ئۇلارغا تۆۋەندىكىدەك ئامانلىق خېتى يېزىپ بەردى:

*بۇئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇهەممەدنىڭ بەنى ئادىيا خەلقىگە يېزىپ بەرگەن پۈتۈكنامىسىدۇر. بەنى ئادىيا خەلقى مۇسۇلمانلارنىڭ هىمايىسىدە بولىدۇ، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا باج تاپشۇرىدۇ، ئۇلار ئەهدىگە ۋاپا قىلىسىلا ئىززەت ـ هۆرمىتى دەخلىگە ئۇچرىمايدۇ. يۇرت ماكانلىرىدىن قو غلاپ چىقىرىلمايدۇ . كېچە قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ هامان تاڭ يورۇيدۇ.*[1] *(ۋەسسالام)*

دېدى. مەكتۇپنى خالىي ئىبنى سەئىد يېزىپ بەردى.

## مەدىنىگە قايتىش

[1] بۇ ماقال ـ تەمسىل بولۇپ، كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەمەلى ئەهۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ــــ ت

سۈلھىدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە قاراپ يول ئالدى . يول ئۈستىدە بىر كۈنى كېچە بىر ۋاقىتقىچە يول يۈرۈپ ، ھەتتا ئاخىر كېچە بولغاندا ئاندىن ئۇخلاش ئۈچۈن بىر قونالغۇغا كېلىپ چۈشتى ۋە بىلالغا: ‹‹سەن بۈگۈن ئۇخلىماي بىزنى بامداتقا ئويغاتقىن››، دەپ تاپىلى غانىدى. بىلال تۆگىسىنىڭ توق ۋمغا يۆلىنىپ ئۇخلىماي ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئاخىر بىر چاغدا كۆزى ئىختىيارسىز ئۇيقىغا كېتىپ قالدى . ھەتتا قۇياش نۇرى ئۇلارنىڭ يۈزىگە چۈشكەنگە قەدەر ئۇلاردىن بىرمۇ ئادەم ئويغانمىغاندى. بۇ چاغدا ئەڭ بالدۇر ئويغانغان كىشى يەنىلا رەسۇلۇللاھ بولدى. ئۇ ئويغىنىپلا بۇ يەردىن قوزغىلىپ باشقا بىر ۋادىغا چىققاندىن كېيىن ناماز ئوقىدى . بەزى تارىخچىلار: ‹‹بۇ ۋەقە باشقا بىر سەپەردە يۈز بەرگەن››، دېيىشىدۇ.

خەيبەر غازىتىنىڭ تەپسىلاتىغا ئىنچىكىلەپ نەزەر سالغىنىمىزدا ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ غازاتتىن ھىجرىيىنىڭ 7 ـ يىلى سەپەر ( 2 ـ ئاي) نىڭ ئاخىرلىرى رەبىيئۇلئەۋۋەل (3 ـ ئاي) نىڭ باشلىرى قايتىپ كەلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

## ئەببان ئىبنى سەئەد قوشۇنى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدەۋى ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىق ۋە قاراقچىلىق ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ بىخۇدلىشىشىنى كۈتۈپ مەدىنە ئەتراپىدا پايپاسلاپ يۈرۈۋاتقان بىر پەيتتە ، ھەرەم ئايلىرى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا بىپەرۋالىق قىلىپ مەدىنىنى ئەسكىرى ي كۈچتىن ئايرىۋىتىش ھەرگىز ئاقىلانىلىك بولمايدىغانلىقىنى ھەرقانداق بىر ھەربىي مۇتەخەسسىستىنمۇ ئوبدانراق بىلەتتى. شۇڭا ئۇ خەيبەرگە يېتىپ بارغان ھامان نەج دى تەرەپتىكى بۇلاڭچىلىق ۋە قاراقچىلىققا ئادەتلەنگەن قىر ئەرەبلىرىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئەببان ئىبنى سەئەد باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتكەنىدى. ئەببان ئۆز ۋەزىپىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىپ ، ئۇدۇل خەيبەرگە قايتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن شۇ يەردە ئۇچراشتى . بۇ چاغدا خەيبەر ئېلىنىپ بولغانىدى. بۇ قوشۇن شۇ يىلى سەپەر ئېيىدا ئەۋەتىلگەن بولۇشى ئېھتىمالغا كۆپ يېقىن. بۇ قوشۇن توغرىسىدا سەھىھۇلبۇخارىدىمۇ ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىغان.

# ھىجرىيىنىڭ 7 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان غازاتلار ۋە ئەۋەتىلگەن قوشۇنلار

## زاتۇررىقائ غازىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەن ئۈچ بىرلەشمە قانىتىدىن ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ جاھىل (يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى ۋە خەيبەرنى بازا قىلغان يەھۇدىي مەككارلىرى قاتارلىق) قاناتتىن ئىككى چوڭ قاناتنى تەلت ۋكۇس سۇندۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن ،

ئۈچىنچى سول قانات دۈشمەنگە ، يەنى نەجدى تۈزلەڭلىكىدە چېپىپ يۈرۈپ پۇرسەت تاپسىلا قاراقچىلىق، بۇلاڭچىلىق ۋە ئوغرىلىق جىنايەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قارا قورساق بەدەۋىيلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىشكە ئاتلاندى. بۇ بەدەۋىيلەر مەلۇم بىر كەنتتە ياكى بىر شەھەردە ئولتۇراقلاشمىغان ۋە ياكى مەلۇم بىر تەۋەلىككە تەۋە بولۇپ، بىر سىياسى كۈچ ئۇلارنى ئىدارە قىلمىغان ۋە ياكى بىرەر قەلئە ياكى سېپىلنى ماكان تۇتۇپ ، شۇ جايدىن چىقىپ ھەرىكەت قىلمىغا ن بولشغا چقا ئۇلارغا زەربە ب ېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەش مەككىلىكلەر ۋە خەيبەرلىكلەرگە قارىغاندا كۆپ قىيىنغا توختايتتى . بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت يىراقتىن تور سېلىپ ، يېقىندىن قارىغا ئېلىش تەدبىرىنى قوللانغاندىلا ئاندىن ئانچە-مۇنچە مەقسەتكە يەتكىلى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ بۇلارغا قارىتا بىر دە ئارقاننى ئۈزۈن قويۇۋېتىش ، يەنە بىر دە ھۇجۇم قىلىپ ئەدىبىنى بېرىش تاكتىكىسىنى قوللاندى.

خوش... كۈچ كۆرسىتىپ ھەيۋە قىلىپ قويۇش ئۈچۈنمۇ (ياكى ئاشۇ قاراقچىلارنىڭ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن توپلىشىۋاتقانلىق خەۋىرى ئاڭلانغانلىقى ئۈچۈنمۇ) ھەرھالدا رەسۇلۇللاھ بۇ قېتىم ئۇلارغا قارىتا بىر ھەربىي ھەرىكەت قوزغىدى . بۇ ھەرىكەت تارىختا زاتوررىقائ غازىتى دەپ ئاتالدى. تارىخچىلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ غازات ھىجرىيىنىڭ 4- يىلى ئېلىپ بېرىلغان دەيدۇ. لېكىن، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)لارنىڭ بۇ غازاتقا قاتناشقانلىقى، مەزكۇر غازاتنىڭ خەيبەر غازىتىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ غازاتنىڭ ھىجرىيىنىڭ 7- يىلى رەبىئۇلئەۋۋەلدە ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئېھتىمالغا كۆپ يېقىن.

غازات ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەتپان قەبىلىسىدىن ئەنمار، بەنى سۆئلەبە ۋە بەنى مۇھارىبە ئايماقلىرى توپلىشىپ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ مەدىنىگە قارىتا تەمە كۆزىنى تىكىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، مۇسۇلمانلاردىن 400 ياكى 700 كىشىنى تەشكىللىدى ۋە ئۆز ئورنىدا مەدىنىدە ئەبۇ زەرنى ، يەنە بىر سۆزدە ئوسمان ئىبنى ئەففاننى قالدۇرۇپ، ئۇلار تەرەپكە ئاتلاندى. رەسۇلۇللاھ ناھايىتى جىددىي يول يۈرۈپ ئۇلارنىڭ دىيارىغا ئىچكىرلەپ كىردى . ھەتتا مەدىنىدىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى ‹‹نەخلى ›› دەپ ئاتىلىدىغان بىر جايغا يېتىپ باردى ۋە ئۇ يەردە غەتپانلىقلاردىن بىر توپ كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتى. ئەمما، ئۇلار بىلەن كېلىشىپ ئارىدا ئۇرۇش بولمىدى. شۇنداقتىمۇ رەسۇلۇللاھ شۇ كۈنلۈك نامازنى ‹‹سەلاتولخەۋف››، يەنى ئۇرۇش ھالىتىدە ئوقۇلىدىغان تەرىقىدە ئوقىدى . سەھىھولبۇخارىدا ئەبومۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلى نىپ مۇنداق د ېيىلىدۇ: « بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن زاتوررىقائ غازىتىغا چ ىققانىدۇق، بۇ غازاتتا پەقەت ئالتە كىشىگە بىر تۆگە توغرا كېلەتتى . بىز نۆۋەت ئالمىشىپ مىنەتتۇق . شۇنداقتىمۇ پۇتلىرىمىز قاپىرىپ ، تاپانلىرىمىز تېشىلىپ كەتتى . جۈملىدىن م ېنىڭ پ ۇتۇم ت ېشىلىپ ئېچىلىپ كەتتى ، ھەتتا تىرناقلىرىم چۈشۈپ كەتتى. ھەممەيلەن پۇتلىرىغا لاتا-بۇتا تېڭىۋالغانىدى. شۇڭا بۇ غازات ‹رىقائ › (لاتا-تېڭىق) غازىتى دەپ ئاتالدى». مۇشۇ ھەقتە يەنە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: « زاتۇررىقائ غازىتىدا بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن

بىللە ئىدۇق . سەپەر داۋامىدا دەم ئېلىشقا توغرا كەلسە ، سايىسى ياخشىراق دەرەخنى ئۇچراتساق، ئۇنى رەسۇلۇللاھقا قالدۇرۇپ، بىز باشقا سايە ياكى دەم ئېلىش ئورنى ئىزدەپ تاراپ كېتەتتۇق . بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىگە چۈشۈپ قىلىچىنى ئاشۇ دەرەخكە ئېسىپ قويۇپ ئارام ئېلىشقا باشلىغانىدى، بىزمۇ ئەتراپقا تاراپ ئۇخلاپ قاپتۇق. شۇ ئەسنادا بىر مۇشرىك كېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ قىلىچىنى قولىغا ئاپتۇ ـ دە، شارت قىلىپ سۇغۇرۇپ رەسۇلۇللاھقا تەڭلەپتۇ ۋە: ‹‹مەندىن قورقامسەن؟ ›› دەپتۇ، رەسۇلۇللاھ: ‹‹ياق قورقمايمەن ››، دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن ، ئۇ: ‹‹سىنى مەندىن كىم توسۇپ قالالايدۇ؟ ›› دەپتۇ، رەسۇلۇللاھ: ‹‹ئاللاھ توسۇپ قالىدۇ››، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بىر چاغدا رەسۇلۇللاھنىڭ بىزنى توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بىز كەلسەك رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا بىر بەدەۋى مۆكۈنۈپ بىچارە ھالەتتە ئولتۇرۇپتۇ رەسۇلۇللاھ ۋەقەنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: ‹مەن ئۇخلاۋاتاتتىم، توساتتىن بۇ ئادەم كېلىپ قىلىچىمنى قىنىدىن سۇغارغاندەك قىلدى. ئويغىنىپ قارىسام ، ئۇ بېشىمدا قىلىچىمنى يالىڭاچ تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ مەندىن: ‹سىنى كىم قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ؟› دېگەنىدى ، مەن: ‹ئاللاھ قۇتقۇزۇپ قالىدۇ › ، دېدىم. مانا بۇ ھازىر ئولتۇرۇۋاتىدۇ›، دېدى. ئاندىن ئۇنىڭغا باشقا گەپ سۆز قىلمىدى. يەنە بىر رىۋايەتتە شۇنىڭ بىلەن نامازغا تەكبىر ئوقۇلدى . رەسۇلۇللاھ غازاتچىلارنى ئىككى بۆلەككە بۆلۈپ بىر بۆلەك بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى . ئۇلار كەينىگە چېكىنىپ ھەربىي ھالەتكە ئۆتتۈۋىدى، يەنە بىر بۆلەك كېلىپ رەسۇلۇللاھ بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. نەتىجىدە ، رەسۇلۇللاھنىڭ نامىزى تۆت رەكئەت، جامائەتچىلىكنىڭ ئىككى رەكئەتتىن بولۇپ تاماملاندى ››. ئەبۇ ئاۋانەنىڭ رىۋايىتىدە : رەسۇلۇللاھ ھېلىقى گەپنى قىلغاندىن كېيىن ئۇ بەدەۋىينىڭ قولى تىترەپ قىلىچ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن . شۇنىڭ بىلەن قىلىچنى رەسۇلۇللاھ قولىغا ئېلىپ : ‹‹ئەمدى سېنى مەندىن كىم توسۇپ قالالايدۇ؟ ››دېگەندە، ئۇ : ‹‹ماڭا ياخشىلىق قىلساڭ ››، دەپ يالۋۇرغان . رەسۇلۇللاھ : ‹‹شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولامسەن؟ ›› دېگەن. بەدەۋىي: ‹‹مەن ساڭا قارشى ئۇرۇش قىلماسلىققا ۋە ئۇرۇش قىلغانلارغا ھەمراھ بولماسلىققا ئەھدى بېرەي ››، دەپ تۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇۋەتكەن. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «مەن ئەڭ ياخشى ئادەمنىڭ ھوزۇرىدىن كەلدىم »، دەپ رەسۇلۇللاھنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلغان.

ئىمام بۇخارىنىڭ مۇسەددەدتىن، ئۇ ئەبى ئاۋانەدىن، ئۇ ئەبۇ بىشرىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، ئۇ بەدەۋىنىڭ ئىسمى غەۋرەس ئىبنى ھارىس ئىكەن. ئىبنى ھىجرى مۇشۇ قىسسىدە بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى دوئسۇر ئىدى، ئۇ مۇسۇلمان بولغان، دېگەن. لېكىن، ئۇنىڭ گېپىدىن قارىغاندا ، بۇ ئىككىسى ئىككى ئىشتەك قىلىدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

مۇسۇلمانلار مۇشۇ غازاتتىن قايتىش يولىدا مۇشرىكلار تەرەپتىن بىر ئايالنى ئەسىر ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى قەسەم ئىچىپ : ‹‹مۇھەممەدنىڭ قوشۇنىدا قان تۆكمەيدىغان بولسام ››، دېگەننى ئۆزىگە نەزىر قىلىپ كېچىلەپ كېلىپ مۇسۇلمانلارنى ماراپ مۆكۈنۈپ يېتىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇسۇلمانلاردىن ئىككى كىشىنى

كۆزەتچىلىككە قويۇپ ، دۈشمەننىڭ ئۇشتۇمتۇت ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن مۇداپىئەلەنگەنىدى. كۆزەتچىلەر ئاببادە ئىبنى بىشرى ۋە ئەممار ئىبنى ياسىرلار بولۇپ ، ئەممار ئۇخلىغان ئىكەن ، ئەبباد ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن. ھېلىقى كىشى ئەببادقا ئوق ئۈزۈپتۇ، ئەبباد نامىزىنى بۇزماي ، ئۇ ئاتقان ئوقنى تېنىدىن سۇغۇرۇۋېتىپ، نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ پاي ئوق ئۈزگەن ئىكەن، ئەبباد ئاخىرى سالام بېرىپ نامازدىن چىقىپتۇ ـ دە، ئەممارنى ئويغىتىپتۇ. ئەممار ئەھۋالنى ئۇقۇپ: «سۇبھانەللاھ!... نېمىشقا مېنى ئويغاتمايسەن؟» دېگەنىكەن، ئەبباد: «مەن بىر سۈرىنى باشلىغانىدىم، ئۇنى ئاخىرلاشتۇرماي تۇرۇپ نامازدىن قايتىشنى رەۋا كۆرمىدىم»، دەپ جاۋاب بەردى.

خوش... بۇ غازاتنىڭ ئاشۇ قارا قورساق قاراقچى بەدەۋى يىللارنىڭ دىللىرىغا ۋەھىمە سېلىپ، ئۇلارنى ھەيۋە بىلەن جىمىقتۇرۇشتا زور ئەھمىيىتى بولدى. ئالايلى، مۇشۇ غازاتتىن كېيىنكى ھەربىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەپسىلاتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق ، غەتپانلىق مەزكۇر قەبىلىلەر شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەيرى ھەرىكەتتە بولمىغانلىقىنى، بەلكى كۈندىن ـ كۈنگە باش ئېگىپ، ئەل بولۇپ، ئاخىرى مۇسۇلمان بولغانلىقىنى، ھەتتا تېخى ئاشۇ قەبىلىلەرنىڭ بىر قانچىسى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە مەككىنى ئىشغال قىلىش جېڭىگە قاتناشقانلىقىنى ۋە ھۇنەين جەڭ مەيدانلىرىدا خىزمەت كۆرسىتىپ، ئولجا غەنىمەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى ۋە يەنە ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىغا «مۇسەددىق» (سەدىقە يىغقۇچى ئەمەلدار)لار، «ئاشىر» (زاكات يىغقۇچى) لارنى ئەۋەتىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ نىزامى بويىچە ئىدارە قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز.

مانا شۇنداق قىلىپ ئەھزاب (دۈشمەن بىرلەشمە قوشۇنى) ئۇرۇشى مەزگىلىدە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز ئالدىدا دۈۋىلەپ تۇرغان دۈشمەننىڭ ئۈچ چوڭ قانىتىنىڭ ئۈچىلىسىنى سۇندۇرۇش ئىشى بىر ـ بىرلەپ ناھايىتى غەلىبىلىك ھالدا تاماملاندى. ئەتراپى ئالەم تىنجىپ مۇقىملىق ۋە تىنچلىق ھۆكۈم سۈردى . شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار بەزى قەبىلە ۋە ئايماقلار ئايرىم جايلاردا پەيدا قىلغان غەيرىي ھادىسە ۋە يوچۇقلارنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا ئېتىپ تاشلىدى. بەلكى، تېخى بۇ غازاتتىن كېيىن ھەرقايسى ئەللەرگە ۋە ئەتراپتىكى مەملىكەتلەرگە تېگىش قىلىش ئۈچۈن ئاساس يارىتىلدى. چۈنكى ، دۆلەت ئىچى شارائىتى ئىسلام دىنىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە قاراپ تەرەققى قىلىۋاتاتتى.

بۇ غازاتتىن قايتىپ كېلىپ رەسۇلۇللاھ شۇ يىلى شەۋۋال ئېيىغا قەدەر مەدىنىدە تۇرۇپ، بىر قانچە قوشۇننى تەشكىللەپ زۆرۈر بولغان جايلارغا ئەۋەتتى . تۆۋەندىكىسى شۇنىڭغا ئائىت ئەھۋاللار پۈتۈلگەن قۇرلاردۇر.

1) غالىب ئىبنى ئابدۇللا لەيسى قوشۇنى: ھىجرىيىنىڭ 7 ـ يىلى سەپەر ئېيىدا قەدىد دېگەن جايدىكى بەنى مۇلەۋۋەھ قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىلدى . بەنى مۇلەۋۋەھ خەلقى بەشىر ئىبنى سۇۋەيدنىڭ ھەمرا ھلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. شۇڭا بۇ قوشۇن ئۇلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا ئەۋەتىلدى . قوشۇن قەدىدقا يېتىپ بېرىپ ، دۈشمەنگە كېچىلەپ ھۇجۇم قوزغاپ، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇن چارۋا،

قوي ـ كالىلارنى ئولجا ئېلىپ ھەيدەپ كەلگەندى . ئۇلارنىڭ كەينىدىن زور بىر تۈركۈم دۈشمەن قوغلاپ كېلىپ مۇسۇلمانلارغا يېقىنلاپ قالغاندا ، تۇساتتىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرۇ ىسىنى چوڭ كەلكۈن ئايرىۋەتتى ـ دە، نەتىجىدە مۇسۇلمانلار مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا چېكىنىۋالدى.

2) ھەمسى قوشۇنى: ھىجرىيەنىڭ 7 ـ يىلى جۇمادىيەلسانى (6 ـ ئاي)دا ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭ تەپسىلاتى پادىشاھلارغا مەكتۇپ يوللاش ھەققىدىكى بايانلاردا زىكرى قىلىنىدى.

3) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب قوشۇنى: ھىجرىي ىنىڭ 7 ـ يىلى شەئبان ئېيىدا تۇربە دېگەن جايغا ئەۋەتىلدى . ئۆمەر ئوتتۇز كىشى بىلەن ك ۈچىسى يول يۈرۈپ ، كۈندۈز ى يوشۇرۇنۇپ مېڭىپ ، ئاخىرى ھەۋازىنىغا يېتىپ باردى. ھەۋازىن ئاھالىسى ئەھۋالدىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تاپقان بولۇپ ، ئۇلار ئۆمەر يېتىپ بارغاندا ، يۇرت ـ مەھەللىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەنىدى . شۇڭا ئۆمەر ئۇلارنىڭ مەنزىلىگە يېتىپ بېرىپ بىرمۇ ئادەم نى ئۇچرىتالماي مەدىنىگە قاراپ يول ئالدى.

4) بەشىرى ئىبنى سەئەد ئەنسارى قوشۇنى: ھىجرىي ىنىڭ 7 ـ يىلى شەئبان ئېيىدا فەدەك تەۋەلىكىدىكى بەنى مۇررە ئايمىقىغا ت ۈگىش قىلىش ئۈچۈن 30 ئادەم بىلەن ئەۋەتىلدى. ئۇ نىشانغا يېتىپ بېرىپ دۈشمەننىڭ نۇرغۇن قوي ـ تۆگە ، چارۋىلىرىنى ھەيدەپ ماڭدى. كەچ كىرگەندە دۈشمەن قوغلاپ كېلىپ ئۇلارنى ئوققا تۇتۇپ ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېلىشتى. ئاخىرى بەشرى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئوقى تۈگەپ كەتكەنلىكتىن بەشرىدىن باشقا ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى. پەقەت ب ەشرىلا ھايات قالغان بولۇپ تەسلىكتە فەدەككە ئۆزىنى ئېلىۋالدى ۋە جاراھەتى ساقايغانغا قەدەر شۇ يەردە بىر يەھۇدىينىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ كېيىن قايتىپ كەلدى.

5) غالىب ئىبنى ئابدۇللا لەيسى قوشۇنى: ھىجرىيەنىڭ 7 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا مەيفىئە دېگەن جايدىكى بەنى ئەۋۋال ۋە بەنى سوئلەبە قەبىلىلىرىگە (ئىككىنچى بىر سۆزدە جەھىيىنىڭ ھەرقات دېگەن يىرىگە) ت ۈگىش قىلىش ئۈچۈن 130 ئادەم بىلەن ئەۋەتىلدى، قوشۇن نىشانغا يېتىپ بېرىپ دۈشمەنگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغاپ ئۇچرىغانلا دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ نۇرغۇن قوي ـ كالا چارۋىلارنى غەنىمەت ئېلىپ ھەيدەپ كەلدى . مۇشۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە ئۇسامە ئىبنى زەيد دۈشمەن تەرەپ تىن نەھىك ئىبنى مىرداسنى ئۇ: ‹‹لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ››، دەپ تۇرسىمۇ ئۆلتۈرۈپ قويغانىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق كايىدى ۋە : ‹‹ئۇنىڭ دىلىنى يېرىپ ، سۆزىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئىنىقلاپ باققانمىدىڭ؟›› دەپ ئاچچىقلىدى.

6) ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھە قوشۇنى: مۇشۇ يىلى شەۋۋال ئېيىدا 30 ئاتلىق قوشۇن بىلەن خەيبەرگە ئەۋەتىلدى . سەۋەبى ئەسىر (ياكى بەشىر) ئىبنى زارىم دېگەن كىشى غەتپانلىقلارنى ئاستىرتتىن كۈشكۈرتۈپ مۇسۇلمانلارغا قارشى تويلىغان لىقى مەلۇم بولدى. قوشۇن خەيبەرگە يېتىپ بېرىپ بەشىرگە: ‹‹رەسۇلۇللاھ سىنى خەيبەرگە ۋالى ي قىلىپ تەيىنلىشى مۇمكىن›› ، دەپ ھوققۇق تەمەسىگە سېلىپ، ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن 30 كىشى بىلەن ئۇنى خەيبەردىن ئېلىپ چىقتى . ئۇلار ‹‹قەرقەرەتۇننەييار ››، دېگەن يەرگە

كەلگەندە، ئىككى تەرەپ ئارىسىغا غەيرى ي گۇمان پەيدا بولۇپ قىلىپ بەشىر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى كېلىپ چىقتى.

7) بەشىر ئىبنى سەئەد ئەنسارى قوشۇنى: ھىجرىي ىنىڭ 7 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىدا يۇمنى ۋە جۇبار (غەتپانلىقلارنىڭ يەنە بىر سۆزدە پەزارە ۋە ئۇزدە قەبىلىلىرىنىڭ زېمىنى) دېگەن جايغا، مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن توپلانغان بىر توپ قاراقچىلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىش ئۈچۈن 30 كىشى بىلەن ئەۋەتىلدى. ئۇلار كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ كېچىسى يول يۈرۈپ نىشانغا يېقىنلاپ بارغاندا ئۇلارغا بەشىرنىڭ ھەرىكىتى سىزىلىپ قېلىپ بەدەر تىكىۋېتىشتى. بەشىر نۇرغۇن قوي ـ تۆگە چارۋىلارنى ئولجا ئېلىپ ئىككى ئادەمنى ئەسىر ئېلىپ قايتىپ كەلدى . ئىككى ئەسىر رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن مۇسۇلمان بولدى.

8) ئەبى ھەدرەدىلئەسلەمى قوشۇنى: مۇشۇ يىلى مەلۇم بىر ئايدا غابە دېگەن جايغا ئەۋەتىلدى. ۋەقەنىڭ جەريانى شۇكى ، جەشەم ئىبنى مۇئاۋىيە جەمەتىدىن بىر كىشى غابە دېگەن جايغا بىر تۈركۈم ساياق ـ قاچقۇنلارنى باشلاپ كېلىپ ، قەيس قەبىلىسىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى توپلاۋاتقانلىقى ئاڭلاندى . شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئەبۇھە درەد ئەسلەمىينى ئىككى كىشى بىلەن ئۇ يەرگە ئەۋەتتى. ئەبۇھەدرەد ناھايىتى دانا بىر ھەربىي تاكتىكىلارنى ئىشلىتىپ، دۈشمەنگە قاخشاتقۇچ زەربىلەرنى بەردى ۋە ئۇلارنى يېڭىپ نۇرغۇن چارۋا قوي ـ كالىلارنى غەنىيمەت ئېلىپ قايتىپ كەلدى.

## ھۇدەيبىيە ئۆمرىسىنىڭ قازاسى

ئىمام ھاكىم مۇنداق دەيدۇ: ھەدىس رىۋايەتلىر ىنىڭ خۇلاسىسىسى بىردەك شۇنى كۆرسەتتىكى، شۇ يىلى يەنى ھىجرىي ىنىڭ 7 ـ يىلى زۇلقەئىدە ( 11 ـ ئاي)كىرىپ كېلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ساھابە كىراملارنى ئالدىنقى يىلدىكى ھەج ئۆمرىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرىدى ۋە ھۇدەيبىيىگە قاتناشقان ھەرقانداق ئادەم قېپقالماسلىقنى تاپىلىدى. شۇڭا، ساھابىلاردىن ھازىرغا قەدەر شەھىد بولۇپ كەتكەنلەردىن باشقا ھەممىسى ئاتلاندى. شۇنىڭدەك يەنە ئۆمرە قىلغۇسى بارلارمۇ بىرگە چىقتى . نەتىجىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاياللار ۋە بالىلارنى ئېلىۋەتكەندە 2000 (ئىككى مىڭ)غا يەتتى . مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا ئۇۋەيف ئىبنى ئەبارەھىم غىپارىنى قالدۇردى. قۇربانلىق ئۈچۈن 60 تۆگە ئېلىۋالدى ، ئۇنىڭغا ناجىيە ئىبنى جۇندوپ ئەسلەمىنى مەسئۇل قىلدى، ۋە ز ۇلھۇلەيفىگە چىقىپلا ئۆمرىگە ئېھرام باغلاپ ‹‹لەببەيكە›› ئېيتىپ تەكبىر ساداسىنى ياڭراتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ جاراڭلىق ھەم مۇڭلۇق تەكبىر ئاۋازى كەڭ جاھاننى لەرزىگە سالاتتى. رەسۇلۇللاھ قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ ئەھدىگە خىيانەت قىلىپ سۇيىقەست پىلانلىشىدىن ئەنسىرەپ قورال ـ ياراق ۋە جەڭ ئەسلىھەلىرىنى تولۇق ئېلىۋالغانىدى . يەئجىج دېگەن يەرگە بارغاندا قالقان ، دۇبۇلغا، ئوق ـ يا، نەيزە قاتارلىق جەڭ ئەسلىھەلىرىنى قالدۇرۇپ ، ئۇنىڭغا ئەۋس ئىبنى خەۋلى ئەنسارىنى مەسئۇل قىلىپ ئىككى يۈز ئادەم بىلەن قالدۇردى . مەككىگە ئادەتتە مۇساپىرلار بىرگە ئېلىپ مېڭىشقا بولىدىغان قىلىچنى غىلاپ بىلەن،

پىچاق ـ خەنجەرلەرنى قاپچۇقلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ كىردى . رەسۇلۇللاھ مەككىگە كىرگەندە قەسۋا دېگەن تۆگىسىگە مىنىپ ماڭغانىدى . مۇسۇلمانلار قىلىچلىرىنى ئېسىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىنى ھىم ـ يېقىن ئوراپ ، ياڭراق ئاۋازدا تەكبىر ئېيتىپ ماڭ اتتى. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ئۈچۈن مەككىنىڭ شىمالىدىكى قەئىيقىئان تېغىغا چىقىپ قاراپ تۇرۇشتى . ئۇلار ئۆزئارا: ‹‹بۇگۈن يەسرەپ (مەدىنە)نىڭ تۆۋەن ھاۋاسىدا تېنى ئاجىزلاپ زەئىپلىشىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ تاۋاب ئەھۋالىنى كۆرىمىز ››، دېيىشكەنىدى. شۇڭا ، رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرنى ئالدىنقى ئۈچ قېتىمدا ت ېز يۈگۈرۈپ م ېڭىشقا، ئىككى ر ۈكنى ئوتتۇر ىسىدا ئۆز ھەللىسىد ە مېڭىشقا بۇيرىدى . رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلەرنى تاۋاپنىڭ ھەممىسىنى ت ېز يۈگۈرۈپ ئادا قىلىشقا بۇيرىماسلىقى ئۇممۇمنىڭ ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتقانلىقى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئارقىلىق مۇشرىكلارغا ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەت ، جاسارىتىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى . شۇنىڭدەك يەنە ‹‹ئىستىباغ›› قىلىشقا، يەنى ئوڭ مۈرىسىنى ئوچۇق قويۇپ رىدانىڭ ئىككى تەرىپىنى سول مۈرىسىدىن چىقىرىپ تاشلاپ م ېڭىشقا بۇيرىدى. بۇ ئەنئەنىۋى يۇسۇندا ھەج تاۋاپ قىلغانلىق ىنى بىلدۈرەتتى . رەسۇلۇللاھ مەككىگە ھ ەجۇن دېگەن جاينىڭ ئۈدۈلىدىكى داۋاندىن ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كەلدى . (بۇچاغدا مۇشرىكلەر يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قاتار تىزىلىپ تۇرۇپ ھەج قوشۇنى ىنى كۆزىتىۋاتاتتى). قوشۇن توختىماي تەلبىيە ئېيتىپ ماڭدى . ئاخىرى رەسۇلۇللاھ قولىدىكى ھاسا بىلەن بەيتۇللاھنىڭ رۈكنىنى بۇسە قىلدى (سۆيدى) ۋە تاۋاپ قىلدى . مۇسۇلمانلارمۇ تاۋاب قىلدى. ئابدۇللا ھ ئىبنى رەۋاھ ە رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا قىلىچنى شىمايلاپ مېڭىپ تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇيتتى:

كۇففارنىڭ كۈچۈكلىرى يول بوشات، يولنى بوشات،
يول بوشات رەسۇلۇللاھ دىنى ئەيلەر دىلنى شاد.
قىلدى نازىل تەڭرى رەھمان «قۇرئان كەرىم» نامىدا،
ئورنىتار ئۇ دىلغا مەشئەل، ئوقۇلسا ھەرۋاق پاتمۇ ـ پات.
ئى خۇدا ـ تەڭرىم! م ېنى ىڭ سۆزۈڭگە كامىلدۇر ئىمان،
بۇر ھىدايەت ئۇندا تاپتىم ياخشىلىقنى قاتمۇ ـ قات.
دەل ئۇرارمىز باشىگە، ھەق كەلام ئىنكارىگە،
ئۇشبۇ يولدا ئەڭ شەرەپلىك ھەق كۈرەش ھايات ـ مامات.
ئايرىلار قاقباش چوقا ئىسكىلىت ئەشكالىدىن،
دوستىنى تاشلار قاياش قايغۇ ئىچرە بولۇپ يات.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىڭ ھەدىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: بۇچاغدا ئ ۆمەر: ‹‹ئى ئىبنى رەۋاھە! رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا (يەنە بىر سۆزدە ئاللاھنىڭ ھەرىمىدە) مۇشۇنداق شېئىر قوشاقلارنى ئوقۇمسەن؟ › دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ: ‹‹ئۇنى ئوقۇغىلى قويغىن ، ئى ئۆمەر! بۇ ئۇلارغا نىسبەتەن ئوق ئاتقاندىن ياماندۇر››، دېدى. رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلار بىلەن ئالدىنقى ئۈچ تاۋاپنى يۈگۈرۈپ قىلغانىدى ، مۇشرىكلار بۇنى كۆرۈپ: ‹‹مانا تەپ كېسىلى جۇدىتىۋەتتى، دېگەن كىشلەر خېلى ـ خېلى كىشلەردىن جاسارەتلىك تۇرمامدۇ؟ ››

دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ تاۋاپتىن پارىغ بولغاندىن كېيىن سەفا مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيى (يۈگۈرۈش) قىلدى. سەئيىدىن كېيىن ھەد يىە (قۇربانلىق)نى مەرۋە يېنىدا توختۇتۇپ: ‹‹بۇ مەنھەر (قۇربانلىق قىلىدىغان ئورۇن)دۇر ۋە مەككەيوللىرىنىڭ ھەممىسى مەنھەردۇر›› دېدى. مەرۋە يېنىدا قۇربانلىق بوغۇزلىدى ۋە بېشىنى چۈشۈردى . مۇسۇلمانلارمۇ شۇنداق قىلىشتى، ئاندىن بىر بۆلۈك كىشلەرنى ھېلىقى يەئجىج دېگەن جايدىكى قورال- يىراقلارنى ساقلاشقا ئەۋەتتى. ئۇ يەردىكىلەر مەككىگە كېلىپ ئۆمرە قىلىۋالدى. رەسۇلۇللاھ مەككىدە ئۈچ كۈن تۇردى، تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە مۇشرىكلار ئەلى ئىبنى ئەبى تالىبنىڭ قېشىغا كېلىپ: ‹‹بۇ ئادەمگە ئېيتقىن ، چىقىپ كەتسۇن ، ۋاقىت توشتى››، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ مەككىدىن چىقىپ كىتىپ، سەرف دېگەن جايغا چىقىپ شۇيەردە تۇردى. ئۇ مەككىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى ، ھەمزىنىڭ قىزى ئۇلارغا ئەرىشىپ : «تاغا..تاغا...» دەپ توۋلىغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئەلى قولىغا ئالغانىدى، ئۇنى تالىشىپ جەئفەر، زەيد ۋە ئەلى جاڭجاللىشىپ قالدى . شۇڭا، رەسۇلۇللاھ ئۇنى جەئفەرگە بۇيرۇپ بەردى. چۈنكى ، ئۇنىڭ ھاممىسى (ئانىسىنىڭ ھەمشىر ىسى)جەئپەرنىڭ ئەمرىدە ئىدى. مۇشۇ قېتىمقى ئۆمرىدە رەسۇلۇللاھ ھارىسئامىرنىڭ قىزى مەيمۇنەگە ئۆيلەندى . رەسۇلۇللاھ مەككىگە كىرىشىنىڭ ئالدىدا جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىبنى مەيمۇنەنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا خېرىدارلىق قىلغانىدى . مەيمۇنە ئۆزىنىڭ ئىگىدارلىقىنى ئاباساقا تاپشۇردى. چۈنكى ، ئۇنىڭ ھەمشىرسى ئاباسىنىڭ ئايالى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئابباس ئۇنى رەسۇلۇللاھقا ياتلىق قىلدى. رەسۇلۇللاھ مەككىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا ، ئەبى رافىئ نى قالدۇرۇپ مەيمۇنەنى كەينىدىن ئېلىپ چىقىشقا بۇيرىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن سەرف دېگەن جايدا بىر تە كىيىگە باش قويدى. بۇ ئۆمر ە قازا ئۆمرىسى دەپ ئاتالدى. چۈنكى، ئۇ ئالدىنقى يىلىدىكى ھۇدەيبىيە ئۆمرىسىنىڭ قازاسى ئىدى. يەنە بەزىلەر: ‹‹بۇ ئۆمرىنى كېيىشىم ئۆمرىسى دەپ ئاتىدى . چۈنكى ، بۇ ئالدىنقى يىلى ھۇدەيبىيەدە تۈزۈلگەن كېلىشىم ئەھدىنامىسىگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان ئۆمر ە ھەج ئىدى ››، دېيىشىدۇ. يەنە بۇ ئۆمرە سۈلھى ئۆمرىسى ۋە قىساس ئۆمرىسى دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

يەنە مۇشۇ يىلى ئەۋەتىلگەن قوشۇنلار:

1) ئىبنى ئەبىلئەۋجا قوشۇنى: رەسۇلۇللاھ ھىجرىيىنىڭ 7 ـ يىلى زۇلھەججىدە ئەللىك ئادەم بىلەن بەنى سول ەىم خەلقىنى ئىسلامغا چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى . ئۇلار: ‹‹سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا ھاجىتىمىز ي وق››، دەپ قوشۇن بىلەن قاتتىق ئۇرۇشتى . بۇ ئۇرۇشتا قوشۇن باشلىقى ئەبلئەۋجا يارلاندى. ئۇلاردىن ئىككى ئادەم ئەسىر ئېلىندى.

2) غالىب ئىبنى ئابدۇللا قوشۇنى : ھىجرىيىنىڭ 8 ـ يىلى سەپەرئيېىدا ئىككى يۈز ئادەم بىلەن فەدەكتىكى (ئالدىنقى يىلى) بىشرى ئىبنى سەئەد قوشۇنى بەختىسىزلىككە ئۇچرىغان جايغا ئەۋەتىلدى. قوشۇن ئۇلاردىن بىر قانچە ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە نۇرغۇن چارۋىلارنى غەنىمەت ئېلىپ قايتتى.

3) زاتى ئەتلەھ قوشۇنى: ھىجرىيىنىڭ 8 ـ يىلى رەبىيئۇل ئەۋۋەل دە بەنى قۇزائە خەلقى مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قوشۇن توپلاۋاتقانلىقى ئاڭلانغانىدى. شۇڭا ،

رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا كەئەب ئىبنى ئۇمەيرنى 15 ئادەم بىلەن ئەۋەتتى. قوشۇن دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرغاندى، ئۇلار ئىسلامغا ئاۋاز قوشمايلا قالماي ، بەلكى ئوق ئېتىپ قوشۇن ئەزالىرىنى پۈتۈنلەي شېھىت قىلىۋەتتى. پەقەت بىرلا كىشى ئۆلۈكلەر ئارىسىدا ھايات قالدى.

4) زاتى ئىرقى قوشۇنى : ھىجرىيىنىڭ 8 ـ يىلى رەبىيئۇل ئەۋۋەلدە بەنى ھەۋازىن خەلقىگە قوشۇن ئەۋەتىلدى. بەنى ھەۋازىن خەلقى دۈشمەن كۈچلەرگە ئىزچىل ياردەم ۋە مەدەت بېرىپ كەلگەنىدى. شۇڭا ، رەسۇلۇللاھ شۇجائ ئىبنى ۋەھاب ئەسەدىنى 25 ئادەم بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. قوشۇن دۈشمەنىنىڭ نۇرغۇن چارۋا ـ ماللىرىنى غەنىيمەت ئالدى ۋە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى.

## مۇئتە ئۇرۇشى

بۇ ئۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا ئېلىپ بارغان ئەڭ چوڭ قوراللىق ئېلىششى ۋە ئەڭ ئېغىر قانلىق توقۇن ۇشى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا دۇنيا خرىستىئان مەملىكەتلىرىنى پەتھى قىلىشنىڭ ئالدىنقى تەييارلىقى ۋە بېشارەت سىگنالى ھېسابلىنىدۇ. ۋەقە ھىجرىيەنىڭ 8 ـ يىلى جۇمادىيەلئەۋۋەل (مىلادى 629 ـ يىلى 8 ـ ئاي ياكى 9 ـ ئايلار غا توغرا كېلىدۇ)دە يۈز بەرگەن.

مۇئتە شامنىڭ بەلقا دېگەن ي ېرىگە يېقىن كەنت بولۇپ ، مۇئتە بىلەن بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ ئارىلىقى ئىككى كۈنلۈك سەپەر دەپ قارىلىدۇ.

## ئۇرۇش ھارپىسى

مۇئتە ئۇرۇشىنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبى مۇنداق بولغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ب ۇسرا ۋالى يسىغا يوللىغان مەكتۇ پىنى ھا رس ئىبنى ئ ۇمەير ئەز دىىن ئەۋەتكەنىدى. ئەلچى شام زېمىنىغا قەدەم باسقان كۈنى ش ۇرەھبىل ئىبنى ئەمرىلغىپارى (ئۇ شۇۋاقىتتا ر ۇملۇقلارنىڭ شام زېمىنىگە قويغان قورچاق ۋالىيسى ئىدى) ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ چەمبەرچەس باغلىۋەتتى ۋە ئۆز قولى بىلەن چېپ ىپ تاشلىدى. ئەلۋەتتە ئەلچى ۋە ۋ ەكالەتچىلەرنى ئۆلتۈرۈش ئەڭ قەبىيھ جىنايەت ھىساپلىنىدۇ، بەلكى ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرۈش ئاشكارا جەڭ ئېلان قىلغانلىقىنىمۇ بىسىپ چۈشىدۇ.

ھەر ھالدا بۇ خەۋەر رەسۇلۇللاھقا ئاڭلىنىۋىدى ، ئۇ ئىنتايىن قايغۇردى ۋە غەمگە پاتتى. شۇڭا ئۇ دەرھال ئ ۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ ، ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۈتكۈزدى. بۇ ئەھزاب ئۇرۇشىدىن كېيىن تەشكىللەنگەن ئەڭ چوڭ ئىسلام قوشۇنى ھېسابلىنىدۇ.

## قوشۇن سەركەردىلىرى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلارغا تەۋسىيە قىلغىنى

رەسۇلۇللاھ بۇ قوشۇنغا زەيد ئىبنى ھارىسنى ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى ۋە : ‹‹زەيد ئۆلۈپ كەتسە جەئفەر ئەمىر بولسۇن ، جەئفەرمۇ ئۆلۈپ كەتسە ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھە ئەمىر لەشكەر بولسۇن ››، دېدى ۋە ئۆز قولى بىلەن تۇغ قاداپ زەيد ئىبنى ھارىسكە تۇتقۇزدى . ئەلەمنىڭ رەڭگى ئاق ئىدى . قوشۇن يولغا چىقىش ئالدىدا رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: ‹‹سىلەر ھارىس ئىبنى ئۇمەيىر ئەزدى ئۆلتۈرۈلگەن جايغىچە بېرىپ ، شۇ يەردىكىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىڭلار، ئۇلار قوبۇل قىلسا ئۆز تەلىيى، ناۋادا قوبۇل قىلمىسا ئاللاھتىن مەدەت ۋە ياردەم تىلەپ ئۇرۇش قىلىڭلار ››، دەپ تەۋسىيە قىلدى . ئۇ يەنە جېكىلەپ: ‹‹ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئاللاھ يولىدا ئاللاھقا ئىنكار قىلغانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار ، ئەھدىگە خىيانەت قىلماڭلار، ئۆلۈكلەرنى پارچىلاپ تاشلىماڭلار، بالىلار، ئاياللار ۋە ھالىدىن كەتكەن قېرى ـ چۆرىلەرنى، چېركاۋلاردا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بول ۋاتقان ئابىد ـ زاھىدلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. م يۋىلىك دەل ـ دەرەخلەرنى كەسمەڭلار ، قەلئە ۋە قورۇلۇشلارنى بۇزۇپ چاقماڭلار»، دېدى .

## قوشۇننىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن خوشلاشقىنى ۋە ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھەنىڭ يىغىسى

قوشۇن يولغا چىقىش ئالدىدا پۈتۈن مەدىنە ئاھالىسى جەم بولۇپ ، قوشۇن سەركەردىلىرىگە خەيرلىك بىلەن دۇئا قىلىشتى ۋە ئۇلارغا سالام ـ سەھەت تىلىدى . بۇ چاغدا قوشۇن سەركەردىلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھە يىغلاپ تاشلىدى . كىشلەر ئۇنىڭدىن نىمىگە يىغلايسەن؟ دەپ سورىغانىدى ، ئۇ: ‹‹ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، دۇنيانىڭ مۇھەببىتىدىن ۋە ياكى سىلەردىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىغانلىقتىن يىغلىغىنىم يوق، پەقەت مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قۇرئاندىكى دوۋزاخنى ئەسلىتىدىغان مۇنۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم ﴿وإن منكم إلا واردها كان على ربك حتما مقضيا﴾ تەرجىمىسى: «(سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ ، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر ». (سۈرە مەريەم 71 ـ ئايەت) مەن دوۋزاخقا بېرىپ بولغاندىن كېيىن قاندىق يېنىشىمنى بىلمەيمەن ›› دېدى. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۇلارغا: ‹‹سىلەرگە ئاللاھ ھەمراھ بولغاي! ئاللاھ سىلەرنىڭ زەپەر قۇچۇپ كېلىشىڭلارنى ئاسان قىلغاي »، دېيىشتى. قوشۇن قوزغالدى . ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھە تۆۋەندىكى مىسرالارنى مۇڭلۇق ئاھاڭدا ئوقۇپ ماڭاتتى:

لېكىن مەنھەم تىلەيمەن ئاللاھ تامان يۈزلىنىپ،
قاتتىق قوللۇق بولۇشنى ياۋ بۇشتىغا ئەتلىنىپ.
نەيزە ئۇرسام مەردانە مەرگەن كەبى چەن بىلەن،
تۆمۈر شاخلىق پور كۆتەك يەرگە چۈشكەي مىخلىنىپ.
شەھىد بولسام دېگەيلەر قەبرەم باشى كەلگەنلەر،
خۇدا رازى غازى سەن، ئەل قەلبىدە ئەسلىنىپ.

قوشۇن مەدىنىدىن قوزغ ىلىپ چىقىۋىدى، رەسۇلۇللاھمۇ ئۇلارنى ئۇزىتىپ سەنىيەتولۋىدا دېگەن يەرگىچە چىقتى ۋە مۇشۇ يەردە توختاپ قوشۇن بىلەن خوشلاشتى.

## قوشۇننىڭ نىشانغا قاراپ ئىلگىرلىگەنلىكى ۋە كۈتۈلمىگەن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنلىكى

قوشۇن شىمالغا قاراپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرلەپ ھىجازنىڭ شىمال قىسمىغا تۇتىشىدىغان شام (سۈرىيە) زېمىنىدىن مەئان دېگەن يەرگە چۈشتى ۋە بۇ يەردە ئىگىلىگەن ئاخباراتتىن مەلۇم بولدىكى ، رۇم پادىشاھى ھىرەقلى يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن رۇمدىن بەلقا ئىنىڭ مەئاب دېگەن ي ېرىگە كېلىپ چۈشۈپتۇ ۋە يەرلىك لەخمى، جوزام، بەلقىن، بەھرام، ۋە بەللى قاتارلىق ئەرەب قەبىلىلىرىدىن يەنە يۈ ز مىڭ كىشىلىك ياللانما قوشۇن قوشۇلۇپتۇ، دېگەن خەۋەر جەزىملەشتى.

## مەئاندىكى ھەربىي كېڭەش

مۇسۇلمانلار بۇ يىراق ئەلدە مۇنچە كۆپ سان ـ ساناقسىز دۈشمەن بىلەن ئۇشتۇمتۇت تونۇشۇپ قالارىنى ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيە پىلانىغا كىرگۈزمىگەنىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۈچ مىڭ كىشىلىك بۇ قوشۇن سان ـ ساناقسىز ئاشۇ (ئىككى يۈزمىڭ) زور قوشۇنغا ئاقىۋەتنى ئويلىمايلا قارامىلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىش كېرەكمۇ؟ ياكى قايتىپ كېتىش كېرەكمۇ؟... مۇسۇلمانلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي مەئاندا ئىككى كۈن تۇرۇپ ، كۆز ئالدىدىكى ئەھۋاللارنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىت ىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. ئاخىرى ئۇلار ھەر تەرەپلىمە كېڭەشكەندىن كېيىن: «رەسۇلۇللاھقا خەت يېزىپ دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى خەۋەر قىلايلى ، ئۇ بىزگە ھەربىي كۈچ بىلەن ياردەم ب ېرەر ياكى ئۆزى چاغلاپ بىر ئىشقا پەرمان قىلار ، بىز شۇنى ئىجرا قىلارمىز »، دېيىشتى. لېكىن قوشۇن رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھ بۇ پىكىرگە قوشۇلمىدى . ئۇ كۆپچىلىكنى ئىلھاملاندۇرۇپ: «ئى مۇسۇلمانلار جامائىسى! ھازىر سىلەرگە ياقمايۋاتقىنى دەل سىلەر ئىزلەپ چىققان ھېلىقى ئاللاھنىڭ يولىدا شەھىد بولۇش ئەمەسمۇ؟ بىز دۈشمەن بىلەن قورال ياراقتا، ھەربىي كۈچىمىزگە ۋە ياكى سان سۈپىتىمىزگە تايىنىپ ئۇرۇشمايمىز، بەلكى ئاللاھ بىزنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلغان مۇشۇ دىنىمىز بىلەن ئۇرۇشىمىز. جەڭگە ئاتلىنايلى! بىزنى چوقۇم ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرى كۈتۈپ تۇرىدۇ — زەپەر ياكى شەھىدلىك»، دېدى.

كۆپ تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن مەسلىھەت ئاخىرى ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھەنىڭ پىكرىگە تەيىن تاپتى.

## قوشۇن دۈشمەن تەرەپكە ئاتلاندى

مۇسۇلمانلار قوشۇنى مەئاندا ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن يەنە قوزغىلىپ شىمالغا قاراپ ئىلگىرلىدى ۋە بەلقا چېگراسىغا بارغاندا، ھىرەقلى قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى . دۈشمەن تەرەپ ناھايىتى قاتتىق ھەيۋە بىلەن د ۈەيلەپ كەلمەكتە ئىدى . مۇسۇلمانلار دەرھال مۇئتەگە قايتىپ ئۇ يەردە ھەربىي گازارما تەسىس قىلدى ۋە جەڭدى ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۇختىلىدى. قوشۇننى قايتا رەتكە سېلىپ ئوڭ قاناتقا قۇتبە ئىبنى قەتادە ئۇزرىنى، سول قاناتقا ئوبادە ئىبنى مالىك ئەنسارىنى قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى.

## ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى ۋە ئەمىرلەرنىڭ نۆۋەت بىلەن ۋەزىپە ئۆتىگەنلىكى

مۇشۇ يەردە يەنى مۇئتە دېگەن يەردە ئىككى تەرەپ تۇت ۇشۇپ قالدى . ھەش - پەش دېگۈچە شىددەتلىك گىرەلەشمە جەڭ باشلىنىپ كەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ 3000 كىشىلىك قوشۇنى ھىرەقلىنىڭ ئىككى يۈزمىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم قوشۇنغا تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كەلگەنىدى. پاھ... مىسلىسىز ئۇرۇش ! ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، لېكىن ئىمان روھى نى... نى... ئىشلارنى قىلالايدۇ. ئەلەمنى تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇشتا رەسۇلۇللاھنىڭ ئامراق ئادىمى زەيد ئىبنى ھارىس كۆتۈرۈپ ئىنتايىن جە سۇرلۇق ۋە مەردانە لىك بىلەن ئۇرۇش قىلدىكى ، ھېچ قانداق بىر پالۋان ياكى باتۇر ئەزىمەتتە ئۇنداق قەھر ىمانلىق جاسارىتى تېپىلمايتتى. ئۇ ئۇرۇشۇپ - ئۇرۇشۇپ ئاخىر ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە دۈشمەن نەيزىلىرى گويا تىكەندەك سانچىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن يىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلەمنى جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىب قولىغا ئېلىپ تەڭداشسىز باتۇرلۇق ۋە مىسلىسىز شىجائەت بىلەن ئۇرۇشتىكى ، جەڭ راسا قىزىپ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئۇ مىنىۋاتقان قىزىل ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنىڭ بويىنىنى ئۈز ۈەتتى. ئاندىن جەڭ قايىنىمىغا كىرىپ ئۇرۇشۇپ - ئۇرۇشۇپ ئاخىر ئەلەم كۆتۈرگەن ئوڭ قولى كېسىلىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇ ئەلەمنى دەرھال سول قولىغا ئېلىپ چىڭ تۇتۇپ قەد كۆتۈرتۈپ تۇردى ئاخىرى سول قولىمۇ كېسىپ تاشلاندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەلەم خادىسىنى بوينى بىلەن قىسىپ ئۇنى قەد كۆتەرتىپ تۇرغانىدى ، ئاخىرى بېشىمۇ ئۈزۈۋ ېتىلدى. (ئېيتىشلارغا قارىغاندا رۇملۇقلاردىن بىرى جەئفەرگە قىلىچ ئۇرۇپ پارچىلىۋەتكەن) ھەدىست ە: ‹‹ئاللاھ جەئفەرگە ھېلىقى ئىككى قولىنىڭ بەدىلىگە جەننەتتە ئىككى قانات ئاتا قىل دى، ئۇ بۇ ئىككى قانىتى بىلەن جەننەتنىڭ خالىغان يېرىدە ئۇچىدۇ ››، دېيىلگەن ھەم شۇ سەۋەبتىن ئۇنى ‹‹جەئفەر تەيران ›› (قوشقاناتلىق جەئفەر) دەپ ئاتال غان. ئىمام بۇخارى نافىئ دادىن، ئۇ ئىبنى ئۆمەردىن نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىستە، ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ ھەدىس سۆزلەپ بەرگەن: ‹‹ئۇ شۇكۈنى جەئفەرنىڭ شەھىد بولۇپ كەتكەندىن كېيىنكى جەستىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم، ئۇنىڭ بەدىنىدە 50 نەچچە يەردە قىلىچ ۋە نەيزىنىڭ ئىزى بار ئىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ كەينى تەرىپىدە بىرمۇ جاراھەت ئىزى يوق ئىكەن››، دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بۇ قېتىمقى غازاتقا مەنمۇ قاتناشقانىدىم، ئۇرۇشتىن كېيىن جەئفەرئىبنى ئەبى تالىبنى ئىزدىدۇق ، ئاخىر ئۇنى

ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن تاپتۇق . ئۇنىڭ جەسىتىدە 90 نەچچە يەردە قىلىچ ۋە نەيزىنىڭ جاراھەت ئىزى بار ئىكەن››. يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ قوشۇپ قويغان: ‹‹ھېلىقى جاراھەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدى كۆكرەك قىسمىدا ئىكەن››. دېمەك جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىب مانا مۇشۇنداق شىجائەت ۋە جەڭگىۋارلىق روھى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئاخىرى شەھىد بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئەلەمنى ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھە قولىغا ئېلىپ ئېتىغا مىندى ـ دە ، دۈشمەن تەرەپكە ئېتىلدى . ئۇ ئاتتىن چۈشۈشكە بىر تەمشىلىپ بولۇپ، يەنە بىر ئاز ئىككىلەندى، ئاندىن ئۇ يەنە قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ تۆۋەندىكى مىسرالارنى قىلىچ قالقان ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ ئوقىدى.

قەسەم قىلدىم ئابدۇللاھ،ئېتىل دۈشمەن تامانغا،
مەيلى خالا ـ خالىما،چۈشكىن چوقۇم مەيدانغا.
ياۋلەر تۇرسا ئالدىڭدا، چۇقان سېلىپ جاھانغا،
شەھىد بولۇپ كىرمەمسەن جەننەت دېگەن ماكانغا[1].

ئاندىن ئۇ ئاتتىن چۈشتى. قوشۇندا ئابدۇللاھنىڭ بىر نەۋرە تۇققىنى بار ئىدى. ئۇ بىر پارچە پىششىق گۆشنى تەڭلەپ: ‹‹قېرىندىشىم، ئال ! بۇ گۆشنى يەۋال ، بىر قانچە كۈندىن بىرى سەن ئاچ قالدىڭ ››، دېگەنىدى ، ئابدۇللا ئۇنىڭ قولىدىن گۆشنى ئېلىپ بىر ـ ئىككىنى چىشلىدى ـ دە ، پاك قىلىپ يەرگە ئېتىۋېتىپ ، شەمشەرنى پۇلاڭلىتىپ دۈشمەن تەرەپكە ئېتىلدى ۋە ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشۇپ ئاخىرى شەھىد بولدى.

## مۇسۇلمانلارنىڭ ئەلىمى ئاللاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچنىڭ قولىغا ئۆتتى

ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە يىقىلغاندىن كېيىن ئەلەمنى بەنى ئەجلان قەبىلىسىدىن سابىت ئىبنى قەيس ئىسىملىك بىر كىشى ئېلىپ ئېگىز كۆتۈردى ۋە: ‹‹ئى مۇسۇلمانلار! ئاراڭلاردىن بىر كىشىنى قوماندانلىققا كۆرسىتىڭلار››، دېدى . قوشۇن ئەھلى: ‹‹سەن قوماندان بولغىن ››، دېگەنىدى ، سابىت: ‹‹مەن ئەپلەشتۈرەلمەيمەن ››، دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار خالىد ئىبنى ۋەلىدنى قوماندانلىققا سايلاپ چىقتى . خالىد ئىبنى ۋەلىد ئەلەمنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن قوشۇننى قايتا رەتكە سېلىپ قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپ، دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربىلەرنى بەردى.

ئىمام بۇخارى خالىد ئىبنى ۋەلىدىن نەقىل كەلتۈرگەن بىر ھەدىسقە مۇنداق دېگەن: ‹‹مۇئتە ئۇرۇشىدا مېنىڭ قولۇمدا توققۇز قىلىچ سۇنۇپ كەتتى ، ئاخىرى يەمەندە سوقتۇرۇلغان بىرلا قىلىچ بەرداشلىق بەردى. يەنە بىر ئىبارىدە: ‹‹مۇئتە ئۇرۇشىدا مېنىڭ قولۇمدا توققۇز قىلىچ سۇنۇپ كېتىپ، ئاخىر بىرلا قىلىچ پايلىدى ››، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئتە ئۇرۇشىنىڭ ئەھۋالىنى جەڭ مەيدانىدىن خەۋەر يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا ۋەھيي ئارقىلىق ئەل جامائەتكە ئۇقتۇردى، ئۇ مۇنداق دېدى: ‹‹ئەلەمنى زەيد

---

[1] ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ بۇ شېئىرىنىڭ تەرجىمە تېكىستى دوكتور مۇھەممەد سالىھنىڭ «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابىدىن ئەينەن ئېلىندى.

تۇتقانىدى، شەھىد بولدى، ئاندىن جەئفەر تۇتقانىدى، ئۇمۇ شەھىد قىلىنىۋېتىلدى. ئاخىرىدا ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھ تۇتقانىدى ، ئۇمۇ شەھىد قىلىنىۋېتىلدى . رەسۇلۇللاھ مۇشۇلارنى دەۋېتىپ كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكەتتى . ئاندىن: ‹‹ئەلەمنى ئاللاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچ قولىغا ئالغانىدى ، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن قوشۇنغا نۇسرەت ئاتا قىلدى››، دېدى.

## ئۇرۇش توختىدى

مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنداق جاسارەت ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى قەھرىمانلىق بىلەن جان پىدا قىلىپ ئۇرۇشقان تەقدىردىمۇ سانىنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلى دۈشمەننىڭ ئادەم دېڭىزىنى تەشكىل قىلغان زور قوشۇننىڭ ھۇجۇم دولقۇنى ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلىشى ۋە ياكى ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن بىخەتەر قۇتۇلۇپ چىقالىشى ناتايىن ئىدى. دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يېڭى قوماندانى خالىد ئىبنى ۋەلىد مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرى كەتكۈزۈپ قويغان ئاجىزلىق نوقتىسىدىن قۇتۇلدۇرۇشتا ئۆزىنىڭ يۇقىرى جەڭ ماھارىتىنى ۋە يېتىشكەن ھەربىي ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇردى.

بۇ قېتىم قايتا تەشكىللەنگەن قوشۇن قانداق ئۇسۇلدا ئۇرۇش قىلغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بىر مەلۇمات يوق ، بىراق بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرنىڭ تەپسىلاتىغا ئىنچىكىلەپ نەزەر سالغىنىمىزدا شۇ مەلۇم بولىدىكى ، خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندان بولغان تۇنجى كۈنى رۇم قوشۇنىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئالدىدا قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ خېلى ياخشى ئۇنۇم قازانغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس يادى قانداق قىلىپ مۇسۇلمانلارنى ساق ـ سالامەت قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن رۇملۇقلارنىڭ قەلبىگە ۋەھىمە تاشلاپ ، ئۇلارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغان ئۈنۈملۈك بىر چارە ـ تەدبىر ئۈستىدە جىددىي ئىزدىنىۋاتاتتى. چۈنكى ، دۈشمەن تەرەپ داۋاملىق قوغلاپ زەربە بەرگەن ئەھۋالدا مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ دۈشمەننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقالىشى تەسكە توختايتتى. شۇڭا ئۇ ئىككىنچى كۈنى سەھەردە قوشۇننى قايتا تەشكىللەپ ئۇلارنى قايتا سەپەرۋەرلىككە چاقىردى. قوشۇننىڭ ئارقا سەپ مۇداپىئە قىسمىنى ئالدىنقى سەپكە ئوڭ قانات قىسمىنى سولغا قاناتقا ئالماشتۇرۇپ قوشۇننى يېڭى بىر تۈسكە كىرگۈزدى . دۈشمەن تەرەپمۇسۇلمانلارنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدىكى بۇ يېڭى مۇنتىزىم جەڭگىۋار قوشۇننى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى ۋە : ‹‹مۇسۇلمانلارغا ياردەم كەپتۇ ››، دەپ ئويلاپ ، ئۆزئارا ساراسىمىگە چۈشتى ۋە پۇت ـ قوللىرىنى تىترەك باستى. بۈگۈن ئەتىگەنكى ئۇرۇشتا ئىككى تەرەپ بىرەر سائەتتەك ئۇرۇشقاندىن كېيىن خالىد ئىبنى ۋەلىد قوشۇننى جەڭ سېپى ئىنتىزامىنى بۇزمىغان ھالەتتە ئاستا ـ ئاستا ئارقىغا چېكىنىشكە بۇيرىدى. رۇم دائىرىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنتىزام بىلەن چېكىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ‹‹ئۇلار بىزگە ھىيلە ئىشلىتىۋاتىدۇ، بىزنى چۆلگە ئەگەشتۈرۈپ ئاچىقىپ ھەر تەرەپتىن قورشاپ يوقىتىشنى پىلانلاۋاتىدۇ››، دەپ ئويلاپ ئارقىدىن قوغلاشنى توختاتتى . مانا مۇشۇنداق قىلىپ رۇم دائىرىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كەينىدىن قوغلاشتىن ئەيمىنىپ ئۆز جايىدا توختاپ قېلىشتى. مۇسۇلمانلار بولسا داۋاملىق بىخەتەر چېكىنىپ ئاخىرى مەدىنىگە قايتىپ كېلىشتى.

## ئىككى تەرەپتىن چىقىم بولغانلار

مۇئتە جەڭ مەيداندا تۇنجى ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار تەرەپتىن 12 ئادەم شەھىد بولۇپ كەتتى. ئەمما ، دۈشمەن تەرەپتىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس . بىراق ، جەڭنىڭ تەپسىلاتىغا چوڭقۇر نەزەر سېلىپ كۆرگىنىمىزدە ئۇلاردى ن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى خېلى كۆپتەك قىلىدۇ.

## مۇئتە ئۇرۇشنىڭ تارىخى ئەھمىيتى

مۇسۇلمانلار بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا گەرچە ئېغىر بەدەل ت ۆلەپ تۇرۇپ ، كۆزلىگەن ئىنتىقام ئېلىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ، بۇ ئۇرۇش مۇسۇلمانلارغا يۈكسەك ئابرۇي، ياخشى نام ئېلىپ كەلدى . بۇ ئۇرۇش پۈتۈن ئەرەبلەرنى ھەيرانلىق قا سالدى. چۈنكى ، ئەينى دەۋىردە رۇم دۆلىتى يەر شارىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى جاھانگىر ۋە ئەڭ كۈچلۈك زومىگەر مەملىكەت ئىدى. ئەرەبلەر رۇملۇقلار بىلەن پۈت ت ېپىشىش ئۆز بۇتىغا ئۆزى پالتا سالغانلىق ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك ، دەپ قارايتتى . شۇڭا، بۇ ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ گويا ئادەم دېگىزنى شەكىللە ندۈرگەن ئىككى يۈزمىڭ جەڭچى ىسى بار بىر قوشۇنغا جەڭ ئېلان قىلىپ ، بىرقانچە مەيدان تۇتۇشۇپ ، ئاندىن يەنە تىلغا ئالغۇدەك ئېغىر چىقىم تارتماي ئامان ـ ئ ېسەن قايتىپ كەلگەنلىكى جاھان ئاجايىباتلىرىدىن بىر مۆجىزە ھېسابلىناتتى.

بۇ ئۇرۇش يەنە خەلقى ئالەمگە: ‹‹مۇسۇلمانلار پۈتۈن ئەرەبلەر ۋە جاھان خەلقى تونۇيدىغان ھالەتتىن باشقا بىر خىل خىسلەتكە ئىگە خەلق ئىكەن ، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن ھەقىقەتەن زور ياردەم ۋە مەدەت كېلىدىكەن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرھەق ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەن ››، دېگەننى جاكارلىدى.
شۇڭا بىز بۇنىڭدىن ئىلگىرى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپلا يۈرىدىغان ئايرىم جىدەلخور، ئۆكتەم قەبىلە ۋە ئايماقلارنىڭ بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆزل ۈكىدىن ئىسلامغا مايىل بولغانلىقىنى ، نەتىجىدە بەنى سولەيىم، ئەشجەئە، غە تپان، زەبيان ۋە فەزارە قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بىر پۈتۈن ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، مەدىنىگە ئەل بولغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇنىڭدەك بۇ ئۇرۇش يەنە رۇملۇقلار بىلەن بولىدىغان قانلىق توقۇنۇشنىڭ تۇنجى مۇقەددىمىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ رۇم مەملىكەتلىرىنى پەتھى قىلىپ كەلگۈسىدە يىراق ـ يىراق ئەللەرنىمۇ بويسۇندۇرىدىغانلىقىنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە ئالدىن تەييارلىق خىزمىتى بولۇپ قالدى.

## زاتۇسسەلاسىل قوشۇنى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شام تەۋەل ىكى چېگرا بويلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ مۇئتە ئۇرۇشىدا رۇم دائىرلىرى بىلەن بىر تام تۇرۇپ مۇسۇلمانلارغا قارشى

جەڭگە قاتناشقانلىقىدەك ئەكسىيەتچىل مەيدانىنى ئۇققاندىن كېيىن، بۇنداق زور قوشۇننىڭ قايتا توپلانماسلىقى ئۈچۈن رۇملۇقلار بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا سوغۇق مۇناسىۋەت پەيدا قىلىدىغان، ئەكسىچە ئۇلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق رىشتىسى ئورنىتىدىغان ئەپلىك چارە ـ تەدبىر قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدى. شۇ ڭا ئۇ مۇئتە ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى ھىجرىيىنىڭ 8 ـ يىلى جامادىيەلئۇخرا ( 6 ـ ئاي)دا يۇقىرىقى پىلان نى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئەمر ئىبنى ئاسنى تاللىدى. چۈنكى ، ئەمرنىڭ چوڭ ئانىسى (يۇق ىرىدا تىلغا ئېلىنغان) بەللى دېگەن جايدىن ئىدى. يەنە بىر ئىباردە ئېيتىلىشىچە ، ئاخبارات يەتكۈزگۈچىلەر «قۇزائە قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم كىشلەر توپلىنىپ مەدىنە ئەتراپىغا ھۇجۇم قىلىش كويىدا بولۇۋېتىپتۇ »، دېگەن مەلۇماتنى يەتكۈزگەنىدى، شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئەمر ئىبنى ئاسنى شۇ يەرگە ئەۋەتتى، دېيىلگەن. بەلكىم ئىككى ئىش بىر كېلىپ قالغان بولسا كېرەك. ھەر ھالدا رەسۇلۇللاھ ئەمرى ئىبنى ئاسقا بىر دانە ئاق ئەلەم ۋە ئۇنىڭغا يانداشتۇرۇپ يەنە بىر دانە قارا ئەلەمنى تۇتقۇزۇپ مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ پېشقەدەملىرىدىن 300 كىشى بىلەن يولغا سالدى. قوشۇندا 30 ئاتلىق بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەمرنى ئۇ بېسىپ ئۆتىدىغان يول بويىدىكى بەللى، ئۇزرە ۋە بەلقىين ئاھالىلىرىنى ياردەمگە چاقىرىشقا بۇيرىدى. ئەمرى يول بويى كېچىسى يول يۈرۈپ ، كۈندۈزى يوشۇرنۇپ مېڭىپ دۈشمەنگە يېقىنلاپ كەلگەندە ، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئۇقتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ رافىئە ئىبنى مەكىس جۇھەنىينى كەينىگە ياندۇرۇپ رەسۇلۇللاھدىن ياردەم سوراشقا ئەۋەتتى. بۇنىڭغا ئاساسەن رەسۇلۇللاھ ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنى 200 يۈز كىشىگە باش قىلىپ ئەمر ئىبنى ئاسقا ياردەمگە ئەۋەتتى . بۇ قوشۇنغا رەسۇلۇللاھ مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ پېشقەدەملىرىنى ، جۈملىدىن ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب قاتارلىق ساھابىلەرنى سەپلەپ بەردى.

قوشۇن يولغا چىقىش ئالدىدا رەسۇلۇللاھ ئەبۇ ئۇبەيدىگە تاپىلاپ: «تېز يول يۈرۈپ ئەمرگە يېتىشىۋېلىپ، ئىككەيلەن بىر نىيەت بىر مەقسەتتە جەڭ قىلىڭلار، ئىختىلاپلاشماڭلار»، دېدى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئەمرگە يېتىشىۋالغاندىن كېيىن بىر نامازدا ئىمام بولماقچى بولۇۋىدى، لېكىن ئەمر ئىبنى ئاس ئۇنىڭغا: «سەن دېگەن ماڭا ياردەمگە كەلگەن ، قوشۇننىڭ مەسئۇلى مەن، شۇڭا سەن ماڭا ئىقتىدا قىلىشىڭ كېرەك »، دېگەنىدى، ئەبۇ ئۇبەيدە ماقۇل بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قوشۇنغا ئەمرى ئىبنى ئاس ناماز باشلاپ ئوقۇپ بەردى. ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كېلىپ قوشۇن تەشكىللىنىپ بولۇۋىدى، ئەمر قوشۇننى باشلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرلەپ قۇزائە قەبىلىسىنىڭ زېمىنىغىچە باستۇرۇپ بېرىپ ، يەرلىك ئاھالىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ ئەڭ چەت يىراق جايلىرىغىچە ئات چاپتۇردى. شۇ جەرياندا ئۇ بىر توپ ساياق قوشۇن بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىپ بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئۇلارنى تارمار قىلدى ۋە ئەۋف ئىبنى مالىك ئەشجەئىينى رەسۇلۇللاھقا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن مەدىنىگە يولغا سالدى . ئەۋف ناھايىتى تېز يول يۈرۈپ رەسۇلۇللاھقا قوشۇننىڭ ساق ـ سالامەت قايتقانلىقىنى ۋە جەڭ غەلىبىسىنى يەتكۈزۈپ ئۇنى خاتىرجەم قىلدى. زاتۇسسەلاسىل ۋادىلقۇرانىڭ ئۇ چېتىگە جايلاشقان بىر جاي بولۇپ، مەدىنە بىلەن بولغان ئارىلىقى 10 كۈنلۈك مۇساپە ئىدى، ئىبنى ئىسھاق: «مۇسۇلمانلار بۇ قېتىمقى

يۈرۈشتە جوزام قەبىلىسىنىڭ سەلاسىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر سۇ بويىغا چۈشۈپ بارگاھ تىككەن بولغاچقا، بۇ قوشۇن (سەلاسىل ئىگىلىرى دېگەن مەنىدە) ‹زاتوسسەلاسىل›، دەپ ئاتالغان»، دېدى

## ئەبۇ قەتادە قوشۇنى

خۇزرە دېگەن جايغا ئەۋەتىلگەن بۇ قوشۇن ھىجرىيىنىڭ 8- يىلى شەئبان ( 8- ئاي) دا ئەۋەتىلگەنىدى. سەۋەبى بەنى غەتپان قەبىلىسىدىن بىر توپ كىشىلەر نىڭ خۇزرە (نەجدە تەۋەلىكىدە بەنى مۇھارىپ قەبىلىسىنىڭ زېمىنى) گە توپلىنىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى 15 كىشىگە باش قىلىپ ئۇلارنى تارقىتىۋېتىشكە ئەۋەتتى . ئەبۇ قەتادە بەلگىلەنگەن جايغا يېتىپ بېرىپ قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ، تەسلىم بولغانلارنى قالدۇرۇپ نۇرغۇن ئولجا ۋە غەنىمەتلەرگە ئېرىشتى. مەدىنىدىن ئايرىلىپ 15- كۈنى ساق-سالامەت قايتىپ كەلدى.

## مەككە پەتھىسى

ئىبنى قەييۇم مەككە پەتھىسى ھەققىدە توختىلىپ: ‹‹مەككە پەتھى ئۇرۇشى ئاللاھ ئۆزىنىڭ دىنىنى، ئۆز پەيغەمبىرىنى ئۇلۇغلىغان، ئۆز قوشۇنىنى ئەزىزلىگەن ۋە مۇقەددەس جاي مەككىنى (بولۇپمۇ ئىنسانلارغا ھىدايەت قىلىپ بېكىتىلگەن بەيتۇللا ھنى) كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغان، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ ھەم شەرەپلىك ئۇرۇشتۇر. مەككە پەتھى قىلىنغاندا ئاسمان ئەھلى شاتلاندى . مەككىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ئاشتى. كىشىلەر توپ-توپ بولۇپ ئاللاھنىڭ دىنىغا كىردى يەر-زېمىن قايتا يۈرۈپ خۇشاللىق تەنتەنىسىگە چۆمدى»، دېگەن.

## ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى

ئالدىنقى بابلاردا يەنى ھىجرىيىنىڭ 6- يىلىدىكى ھۇدەيبىيە شەرتنامىسىنى تىلغا ئالغاندا شەرتنامىنىڭ ماددىلىرىدىن مۇھىم بىر ماددا : «ھەرقانداق بىر ئەرەب قەبىلىسىنىڭ مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)نىڭ ھىمايىسىگە كىرىش ياكى قۇرەيشلەرنىڭ ھىمايىسىگە كىرىش ئەركىنلىكى بولىدۇ، ئەمما ئىككى تەرەپنىڭ قايسى بىرسىنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن قەبىلە شۇ تەرەپنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ . ئاندىن بۇ قەبىلىلەرگە قىلىنغان ھەرقانداق يولسىزلىق شۇ تەرەپكە قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق ھېسابلىنىدۇ»، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق.

مۇشۇ ماددىنىڭ روھىغا ئاساسەن خوزائە قەبىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىمايىسىگە كىردى. بەنى بەكرى قەبىلىسى قۇرەيشلەرنىڭ ھىمايىسىگە كىردى. نەتىجىدە ئىككىلى قەبىلە بىر-بىرىدىن ئەمىن بولۇشتى . بۇرۇن جاھىلىيەت دەۋرىدە بەنى بەكرى

قەبىلىسى بىلەن خوزائە قەبىلىسى ئوتتۇر ىسىدا ئۇزاقىقا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇش ۋە سوغۇق مۇناسىۋەت داغلىرى بار ئىدى. ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ھۇدەيبىيە شەرتنامىسى تۈزۈلدى . نەتىجىدە ، ئۇرۇش ۋۇۋاتقان ئىككى تەرەپ بىر- بىرىدىن خاتىرجەم بولۇپ ، تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغانىدى . بەنى بەكرى قەبىلىسى خوزائە قەبىلىسىنىڭ بىخۇتلاشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ كونا ئىنتىقامىنى ئالماقچى بولدى. ھىجرىيەنىڭ 8- يىلى شەئبان ( 8- ئاي)دا نەۋفەل ئىبنى مۇئاۋىيە دېگەن كىشى بەنى بەكرى قەبىلىسىدىن بىر توپ ئادەمنى باشلاپ چىقىپ ، تۈن قاراڭغۇسىدا خوزائە قەبىلىسىنىڭ تۇرالغۇ سىغا ھۇجۇم قىلدى . ئۇلار بۇ چاغدا «ۋەتىر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر سۇ بويىدا تۇرۇۋاتاتتى . بەنى بەكرى تەرەپ بۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىپ قاتتىق قىردى ۋە نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلت ۈردى. قۇرەيش تەرەپ بەنى بەكرى قەبىلىسىنى ئاستىرتتىن قوللاپ ، ئۇلارنى قورال- ياراق ۋە ماددى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى. ھەتتا تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ قۇرەيش لىك بەزى جېدەلخۇمار يالاڭتۆشلەر ئەمەلىي ئۇرۇشقىمۇ قاتناشتى. ھەتتا ئۇلار خوزائە قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرىنى ھەرەم زېمىنىغىچە قىستاپ كىردى . ئۇلار ھەرەم زېمىنىگە كىرىپ كەلگەندە بەنى بەكرى قەبىلىسىدىن بەزى ئادەملەر: «ئى نەۋفەل بىز ھەرەم زېمىنىگە كىرىپ قالدۇق، ئاللاھتىن قورقايلى »، دېگەنىدى، نەۋفەل قەبىھ جۆيلۈپ: «بۈگۈن خۇدا، ئىلاھ دېگەنلەرنى قويۇپ ئىنتىقام ئېلىڭلار، قەسەم قىلىپ ئېيتالايمەنكى ، سىلەر ھەرەمدە ئوغرىلىق قىلساڭلار بولىدىكەنۇ؟ بۇ يەردە قىساس ئالساڭلار بولمامدىكەن؟ » دېدى. خوزائە خەلقىنىڭ قېچىپ ئامان قالغانلىرى مەككىگە كىرىپ ئۆز جەمەتدىشى بولغان بۇدەيل ئىبنى ۋەرقائ خوزائىنىڭ ۋە شۇ جەمەتتىن رافىئ ئىسىملىك يەنە بىر كىشىنىڭ قورۇسىغا كىرىپ پانا ھېلىنىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمرى ئىبنى سالىم خوزائى دەرھال يولغا چىقىپ مەدىنىگە يېتىپ كەلدى رەسۇلۇللاھ بۇ چاغدا مەسچىت ۋنەبەۋىدە ساھابىلەر بىللەن بىللە ئولتۇرۇۋاتاتتى . ئەمرى ئىبنى سالىم ئۇدۇل مەسچىتكە كىرىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇدى:

مۇھەممەدتىن ئۆتۈنمەكچى، ئى خۇدا- پەرۋەردىگار!
نەچچە ئەۋلاد جان قەدىناس بىزگە بولغان غەمگۇزار.
سىلەرنىڭ چوڭ ئاناڭلار ھۇبا قىز — بىزنىڭ مومىمىز،
ئەزەلدىنلا ئىجىل ئۆتتۇق ۋەدىمىزدە ۋاپادار.
ئەل مەدەت قەتئى نىيەت ئاللاھ ئاتا قىلغاي ساڭا،
چاقىرىق قىل غازىلەرنى كەلسۇن بولۇپ مەدەتكار.
سەپلەر ئارا رەسۇلۇللاھ تولۇن ئايدەك چېچىپ نۇر،
يۈكسىلىپ بارغان قوشۇنى ئاق يولغا باشلار شاھيار،
تەڭلىسە گەر ئەجنەبىي ناھەق سىتەمگە باش ئەگمەس،
ئۆركەشلىگەن دەريا كەبى ماڭار ھەيۋەت تاجىدار.
قۇرەيش خەلقى خىلاپ قىلدى، ئەھدى پەيماننى بۇزۇپ،
ئەھدى- مىيساق بۇزغىنى چۈن بولۇش لايىق زىيانكار.

قۇرەيش خەلقى ماڭا قويدى «كەدا» يولىدا كۆزچى،
جېكىلەپ كەتتى ئۇزاق سېنى قىلماسقا خەۋەردار.
ياۋنىڭ سانىدۇر چەكلىك، رەزىل ھەم قەبىھ فىئىلدۇر،
«ۋەتىر» دا باستۇرۇپ چاپتى ئۇخلاپ ياتقاننى قىلماي ئار.
ئۇلار بىزنى باستۇردى نامازخان بولغانغا ھەم روزىدار[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ شىكايەتنامىسىنى ئاڭلاپ: ‹‹چوقۇم ياردەمگە ئېگە بولىسەن، ئى ئەمرى ئىبنى سالىم!›› دېدى ۋە شۇ ئەسنادا مەدىنە ئاسمىنىغا بۇلۇت پەيدا بولغانىدى، رەسۇلۇللاھ: ‹‹بۇ بۇلۇتمۇ بەنى كەئەب، يەنى خۇزائە خەلقى ئۇچۇن ياردەم تەلەپ قىلىۋاتىدۇ››، دېدى. ئارقىدىنلا بۇدەيل ئىبنى ۋەرقائ خوزائى خوزاﺋ ە قەبىلىسىدىن بىر بۆلۈك ئادەملەرنى باشلاپ مەدىنىگە يېتىپ كەلدى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ بىلەن كۆرۈشۈپ ‹‹ۋەتىر ›› پاجىئەسىنى ۋە ئۇنىڭدا ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانىنى يەتكۈزدى. قۇرەيش دائىرىلىرىنىڭ بەنى بەكرى ئۇرۇشقاقلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، خوزائە قەبىلىسىگە زەربە بەرگەنلىكىنى شىكايەت قىلىپ قويۇپ مەككىگە قايتتى.

## ئەبۇ سوفيان كېلىشىمنامىنى يېڭىلاپ تۈزۈش ئۈچۈن مەدىنىگە كەلدى

قۇرەيش ۋە ئۇنىڭ ئىت تىپاقداشلىرى سادىر قىلغان يۇقىرىقى جىنايى قىلمىش كېلىشىمنامىغا خىلاپلىق قىلغانلىق ۋە ھايات ـ ماماتقا تاقىلىدىغان چوڭ ئەھدى ـ پەيمانغا ئوچۇق ـ ئاشكارا خىيانەت قىلغانلىق ئىدى. ئۇلار بۇ ئىشتا ئۆزلىرىنى ھېچقانداق بىر ئۆزرە ياكى باھانە كۆرسىتىپ ئاقلىيالمايتتى . شۇنداق بولغاچقا قۇرەيش دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەكلى پى بىلەن تۈزۈلگەن بۇ كېلىشىمنامىنى ئۆزلىرىنىڭ بۇزغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ ، خىيانەتنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئەنسىردى . شۇڭا ئۇلار دەرھال كېڭەيتىلگەن مەسلىھەت يىغىنى چاقىردى. يىغىندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشلىقى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەربنى كېلىشىمنامىنى يېڭىلاپ قايتا تۈزۈپ كېلىشكە ۋەكىللىككە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە قۇرەيش تەرەپ ئۆز خىيانىتى ئۈچۈن چوقۇم ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ: ‹‹ئېھتىمال ئەبۇ سۇفيان كېلىشىمنامىنى تېخىمۇ پۇختىلاپ مۇددىتىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن كېلىپ قېلىشى مۇمكىن››، دېگەنىدى. ئەبۇ سۇفيان (ھېلىقى قارارغا ئاساسەن) يولغا چىقىپ ئوسپان دېگەن جايغا كېلىۋىدى، (مەدىنىدىن مەككىگە قاراپ كېلىۋاتقان) بودەيل ئىبنى ۋەرقائ خوزائى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . ئەبۇ سۇفيان (ئۇنى مەدىنىگە بېرىپ مۇھەممەد بىلەن كۆرۈشتى دەپ ئويلاپ):

—— نەدىن كېلىشىڭ ئى بۇدەيل؟—— دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

[1] شېئىرنىڭ بۇ مىسراسىدا ئابدۇلمۇتەللىپ زامانىدىن بۇيانقى ئىككى جەمەت ئوتتۇرىسىدىكى يېقىن ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئەسلىتىدۇ. ئېيتىلىشىچە، رەسۇلۇللاھنىڭ بوۋىسى ئابدۇمانافنىڭ ئانىسى، يەنى قوسەينىڭ ئايالى ھوبا خۇزائە قەبىلىسىدىن ئىكەن.

— دېگىنىز ساھىلى ۋە شۇتەرەپلەردىكى جەمەتداشلارنى يوقلاپ كەلدىم ، — دەپ قويدى. ئەبۇ سۇفيان:

— مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بارمىدىڭما؟ دەپ سورىۋىدى، بۇدەيل:

— ياق،— دەپ جاۋاب بەردى. بۇدەيل مەككىگە راۋان بولۇۋىدى، ئەبۇسۇفيان:

— ئەگەر ئۇ مەدىنىگە بارغان بولسا ئۇنىڭ تۆگىسى چوقۇم خورما ئۇرۇقچىسىنى يېگەن بولىدۇ،— دېدى-دە، بۇدەيل تۆگىسىنى چۆكتۈرگەن يەرگە كېلىپ ئۇنىڭ مايىقىنى قولىغا ئېلىپ ئۇۋاپ باقتى ۋە ئۇنىڭدىكى خورما ئۇرۇقچىسىنى كۆرۈپ: ‹‹بۇدەيل چوقۇم مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بېرىپ كەپتۇ››، دېدى. ئەبۇسۇفيان مەدىنىگە يېتىپ كېلىپ ئۇدۇل قىزى ئۇممى ھەبىبەنىڭ ئۆيىگە چۈشتى ۋە رەسۇلۇللاھ ئولتۇرىدىغان پالازدا ئولتۇرماقچى بولۇۋىدى، ئۇممى ھەبىبە ھېلىقى پالازنى قاتلاپ ئېلىۋەتتى. ئەبۇسۇفيان قىزىغا:

— ئى قىزىم! بۇ پالازنى مەندىن ئايىدىڭمۇ ياكى مېنى ئۇنىڭدىن ئايىدىڭمۇ؟— دەپ سورىدى. ئۇممۇ ھەبىبە:

— ئۇ دېگەن رەسۇلۇللاھ ئولتۇرۇپ قويىدىغان پالاز، سەن بولساڭ مۇشرىك، مۇشرىك دېگەن نىجىس،— دەپ جاۋاب قىلدى. ئەبۇ سۇفيان:

— ئەزىبىرايى خۇدا ، سەن مەندىن ئايرىلىپ كۆپ ب ۇزۇلۇپسەن، — دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا چىقىپ ئۆزىنىڭ كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى ئېيتقانىدى ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا لام ـ جىم دېمەي قوشۇمىسىنى تۈرۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەبۇ بەكرىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئ ۇنىڭدىن رەسۇلۇللاھقا گەپ قىلىپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەنىدى ، ئەبۇ بەكرى: ‹‹مەن ئۇنداق قىلالمايمەن››، دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. ئەبۇ سۇفيان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىدىن چىقىپ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىردى ۋە ئۇنىڭغا ئۆز مەقسى تىنى ئېيتقانىدى ، ئۆمەر ئ ۇنىڭ گېپىگە خاپا بولغاندەك قىلىپ: ‹‹مەن س ەن‌لەر ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بارامدىمەن؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن س ەن‌لەر بىلەن جەڭ قىلىشقا قىلچىلىك ئاساس تاپىدىغان بولسام ، س ەن‌لەرگە ھەرگىز كېچىكتۈرمەي جىھاد ئوتى ئاچقان بولاتتىم ››، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سۇفيان ئۆمەردىن دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن پايپاسلاپ ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭكىگە باردى. بۇ چاغدا ئەلىنىڭ قېشىدا ئايالى پاتىمە بار ئىدى. ئوغلى ھەسەن يېقىلىپ قوپۇپ ئويناپ يۈرەتتى. ئەبۇ سۇفيان ئەلى گە: ‹‹ئى ئەلى! سەن بىلەن ئىككىمىز خېلى يېقىن تۇققانلاردىن بولىمىز ، مەن بۇ يەرگە مۇنداق بىر ھاجەت بىلەن كەلگەن. مەن بۇ يەردىن كەلگەن پېتى چىقىپ كەتسەم بولماس، شۇڭا مەن بىلەن بىللە بېرىپ مۇھەممەد كە گەپ قىلىشىپ بەرسەڭ ››، دېدى. ئەلى ئۇنىڭغا: ‹‹ئى ئەبۇ سۇفيان! قاراسېنى، رەسۇلۇللاھ بىر ئىشنى ب ېكىتسە بىز ئارىغا چۈشۈپ گەپ قىلالمايمىز››، دېدى. ئەبۇ سۇفيان لاپپىدە پاتىمىگە قاراپ: ‹‹ئى پاتىمە! سەن بۇ ئوغلۇڭنى بۇيرۇيالامسەنمۇ؟ ئۇ بىز خەلققە باشپاناھ بولۇپ ئۆمۈرۋايەت ئەرەبلەرنىڭ كاتتا ئەربابى بولار ئىدى ››، دېۋىدى ، پاتىمە: ‹‹ئەزىبىرايى خۇدا! مېنىڭ بۇ ئوغلۇم تېخى باش پاناھ بولغۇدەك بولمىدى، بولغان تەقدىردىمۇ رەسۇلۇللاھ كېيىن قىلغان ئىشقا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ››، دېدى. بۇ چاغدا ئەبۇ سۇفياننىڭ كۆز ئالدىنى ۋەھىمىلىك بىر قاراڭغۇلۇق

باستى چېغى ، ئۇ جىددىيلەشكەن ۋە ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا: ‹‹ئى ئەلى ! مېنىڭ ئىشلىرىم بارغانسېرى قاتماللىشىپ كېتىۋاتىدۇ، شۇڭا سەن ماڭا بىر چىقىش يولى كۆرسەتكىن››، دېدى. ئەلى ئۇنىڭغا: ‹‹ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ، مەن سېنى رازى قىلغۇدەك بىرەر چارە تاپالمايمەن، لېكىن سەنمۇ بەنى كەنانە (قۇرەيش لەرنىڭ چوڭ ئاتىلىشى) خەلقىنىڭ كاتتىسى . ئۇنداق بولغانىكەن سەنمۇ ئۆز خەلقىڭگە باشپاناھ بولىدىغانلىقىڭنى جاكارلاپ قويۇپ يولۇڭغا راۋان بولغىن ››، دېدى. ئەبۇ سۇفيان: ‹‹سېنىڭچە مۇشۇنداق قىلسام مەقسەت ھەل بولارمۇ؟ ›› دېگەنىدى، ئەلى: ‹‹مەن چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، دېيەلمەيمەن ، بىراق مەن ساڭا بۇنىڭدىن باشقا يول كۆرسىتەلمەيمەن››، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سۇفيان ئوردۇل مەسچىتكە كەلدى ۋە: ‹‹ئەييۇھانناس، مەنمۇ ئۆز خەلقىمگە باشپاناھ بولدۇم››، دېدى ـ دە، مەسچىتتىن چىقىپلا مەككىگە راۋان بولدى. ئۇ شۇ ماڭغان پېتى جىددىي يول يۈرۈپ مەككىگە يېتىپ كەلدى.

قۇرەيش خەلقى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ : ‹‹ئى ئەبۇ سۇفيان سەپەرنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟›› دەپ سوراشقان ئىدى، ئۇ: ‹‹مەن مۇھەممەد بىلەن كۆرۈشتۈم، ئەزبىرايى خۇدا، ئۇ ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى . ئاندىن ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۇچراشتىم ، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىلىق كەلمىدى . ئارقىدىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇ ھەممىدىن بەك دۈشمەنلىك بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ئاخىردا ئەلى ئىبنى ئەبى تالىبنىڭ يېنىغا بارغانىدىم، ئۇ خېلى يۇمشاق مۇئامىلە قىلدى . مەن شۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ قويۇپ قايتىپ كەلدىم . ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ، بۇ ئىشىم كار قىلىدىمۇ، يوق؟ بىلمەيمەن››، دېدى. ئۇلار: ‹‹ئەلى سېنى نېمىگە بۇيرىغانىدى؟›› دەپ سورىشىۋىدى، ئەبۇ سۇفيان: ‹‹ئۇ مېنى ئەل ئارىسىدا باشپاناھ بولۇشقا بويرىغانىدى، مەن شۇنداق قىلدىم››، دېدى. ئۇلار: ‹‹ئۇنى مۇھەممەد ئېتىراپ قىلدىمۇ؟ د ېيىشىۋىدى ، ئەبۇ سۇفيان : ‹‹ياق››، دېدى. ئۇلار: ‹‹ۋاي! سېنى ئەخمەق قىلغىن ىنى ، ئۇ ئادەم ساڭا چاقچاق قىلىپتۇ ، خالاس››، دېيىشتى. ئەبۇ سۇفيان: ‹‹ياق، ئۇنداق قىلمىدى . ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ، ئۇنىڭدىن باشقا يولنى مەنمۇ تاپالمىدىم››، دەپ گەپنى تۈگەتتى.

## غازات تەييارلىقى ۋە ئۇنى مەخپىي تۇتۇش چارىلىرى

ئىمام تەبەرانى نەقىل قىلغان ھەدىسلەردىن مەلۇم بولىشىچە ، رەسۇلۇللاھ ئائىشىگە (ئۇنىڭغا قۇرەيش دائىرىلىرىنىڭ ھۇدەيبىيە ئەھدىنامىسىنى بۇزغانلىق خەۋىرى يېتىپ كېلىشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى ) سەپەر تەييارلىقى كويىغا كىرىپ قويۇشقا ۋە ئۇنى مەخپى تۇتۇشقا بۇيرىغان. شۇ كۈنلەردە ئەبۇ بەكرى ئائىشىنىڭ يېنىغا كىرگەن ۋە:‹‹ئى قىزىم! بۇ نېمە ئىش؟›› دەپ سورىغان. ئائىشە: ‹‹ئەزبىرايى خۇدا! مەنمۇ بىلمەيمەن››، دەپ جاۋا ب بەرگەندە، ئەبۇ بەكرى: ‹‹سۇبھانەللاھ! بۇ رۇملۇقلار بىلەن ئ ۇرۇشىدىغان چاغ بولمىسا ، رەسۇلۇللاھ قەيەرنى ئىرادە قىلىدىغاندۇ؟ ›› دەپ قالغان. ئائىشەمۇ: ‹‹مەنمۇ بىلمىدىم››، دېگەن. مۇشۇ گەپ بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئەمرى ئىبنى سالىم خۇزائى قىرىق ئاتلىق كىشى بىلەن مەدىنىگە يېتىپ كېلىپ، ھېلىقى

مۇھەممەدتىن ئۈتۈنەي ئى خۇدا پەرۋەردىگار!
قەدىناسلىق ھۆرمىتى ئۇ بىزگە بولسۇن غەمگۇزار

دېگەن تەشەببۇسنامىسىنى ئوقۇغان. شۇ چاغدا كىشىلەر ئاندىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىمنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئۇققان. ئەمرى كېلىپ بىر ئىككى كۈندىن كېيىن بۇدەيل ئىبنى ۋەرقا خۇزائى كەلگەن . ئارقىدىن ئەبۇ سۇفيان كەلگەن. نەتىجىدە ، مۇسۇلمانلار خەۋەرنىڭ راستلىقىنى جەزملەشتۈرگەن.

ھاسىل كالام، رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارغا غازات تەييارلىقى كۆرۈپ قويۇشقا بۇيرىدى ۋە مەككىگە يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئۇقتۇرۇپ: ‹‹ئى ئاللاھ! بىز مەككىگە باستۇرۇپ كىرمىگۈچە جاسۇسلارنىڭ قۇرەيشلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ساقلىغىن ››، دەپ تىلىدى.

سىرتقا قارىتا ئىشنى تېخىمۇ مەخپىي ، تېخىمۇ سىر تۇتۇش ۋە دۈشمەنىنىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇرىۋېتىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەبۇ قەتادە ئىبنى رەبئى باشچىلىقىدا سەككىز كىشىلىك پىدائىيلار قوشۇنى تەشكىللەپ ، مۇشۇ يىلى ، يەنى ھىجرىيىنىڭ 8 ـ يىلى رامىزاننىڭ بېشىدىلا بەتنى ئىزەم دېگەن جاي (مەدىنىدىن 35 چاقىرىم بولۇپ زى خەشەپ بىلەن زى مەرۋە ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ)غا ‹‹كۆزەتچىلىك ›› ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە ئەۋەتتى. مەقسەت مەدىنە تەرەپنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىدىغان پايلاقچى كۆزلەر رەسۇلۇللاھنى شۇ تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلماقچى ئوخشايدۇ دەپ قالسۇن ھەمدە شۇنداق خەۋەر تارقالسۇن ئۈچۈن ئىدى.

مەزكۇر قوشۇن[①] بۇيرۇققا بىنائەن داۋاملىق يول يۈرۈپ ، ئاخىر بەلگىلەنگەن نىشانغا يېتىپ بارغاندا، رەسۇلۇللاھ مەككىگە قوشۇن تارتىپ يۈرۈپ كەتكەنلىكى ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاتنىڭ تىزگىنىنى مەككە تەرەپكە بۇراپ، تېز يول يۈرۈپ چوڭ قوشۇننىڭ كەينىدىن يېتىشىۋالدى.

شۇ ئارىدا ھاتەب ئىبنى ئەبى بەلتەئە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دېگەن ساھابە قۇرەيش خەلقىگە خەت يېزىپ ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلارغا قوشۇن تارتماقچى بول ۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەككىدە تۇرۇۋاتقان بالا ـ چاقىلىرىنى قوغدىماقچى بولدى ۋە بۇ خەتنى شۇ تەرەپكە ماڭغان بىر ئايالغا تۇتقۇزۇپ ، ناۋادا خەتنى ساق ـ سالامەت ئۆز جايىغا تاپشۇرۇپ بېرەلىسە مۇۋاپىق سۆيۈنچە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى خوتۇن خەتنى ئۆرۈم چېچىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ مەككىگە قاراپ يول ئالدى… شۇ ھامان رەسۇلۇللاھقا ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەھيى نازىل بولۇپ ھاتەبنىڭ ئىشى خەۋەر قىلىندى. شۇڭا ئۇ ئەلى ئىبنى ئەبى

---

① مەزكۇر قوشۇن يولدا ئامىر ئىبنى ئەزبەت دېگەن كىشىگە يولۇققان. ئامىر قوشۇنغا مۇسۇلمانچە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام قىلغان بولسىمۇ، قوشۇن ئەزالىرىدىن بىرى بولغان مەھلەم ئىبنى جەسامە دېگەن ساھابە ئۇنى ئاڭلىماسقا سېلىپ، كونا ئاداۋىتى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈپ قويغان ۋە ئۇنىڭ تۆگە ۋە باشقا نەرسىلىرىنى بۇلىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھقا ئاللاھ تەرىپىدىن: (سىلەرگە سالام قىلغان كىشىنى «سەن مۇئمىن ئەمەسسەن» دېمەڭلار) دېگەن ئايەت نازىل بولغان. مەھلەمنىنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا گۇناھىنى تىلەپ بىرىشكە ئېلىپ كەلگەن. ئەمما، رەسۇلۇللاھ: «ئى ئاللاھ! مەھلەمنىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمىگىن»، دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. مەھلەمە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن ياشلىرىنى سۈرتۈپ چىقىپ كەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا كېيىن ئىستىغپار تىلىگەنىكەن.

تالىپ ۋە مىقدادنى ئاتلىق يولغا سالدى ۋە ئۇلارغا: ‹‹سىلەر ئىككىڭلار رەۋزەتى خاخ دېگەن جايغا بېرىپ ئۇ يەردە مەككىگە كېتىۋاتقان بىر ئايالنى كۆتۈڭلار، ئۇنىڭدا مەككىلىكلەرگە يوللانغان بىرپارچە خەت بار، ئۇنى ئېلىپ ك ېلىڭلار››، دېدى. ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ھېلىقى جايغا يېتىپ بارسا راست دېگەندەك ئۇ يەردە مەككىگە كېتىۋاتقان بىر خوتۇننى ئۇچراتتى ، ئۇلار ھېلىقى خوتۇننى ئ ۇلاغدىن چۈشۈرۈپ: ‹‹خەتنى چىقار! ›› دېگەنىدى. ئۇ خوتۇن: ‹‹مەندە خەت يوق ››، دەپ قەتئىي تاندى. شۇنىڭ بىلەن ئ ۇلار ئۇ خوتۇننىڭ يۈك تاقلىرىنى بىر بىرلەپ ئا ختۇرۇپمۇ خەتنى تاپالمىدى. شۇڭا ، ئەلى ئۇنىڭغا: ‹‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ يالغان سۆزلىمەيدۇ، بىزمۇ ھەم ساڭا يالغاندىن تۆھمەت قىلغىنىمىز يوق، سەن چوقۇم خەتنى چىقار، بولمىسا كىيىملىرىڭنى سالدۇرۇپ ئاختۇرۇمىز››، دېۋىدى بۇ خوتۇن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىدى بولغاي ، ئەلىگە: ‹‹ئەمىسە ئۇياققا قاراپ تۇر›› دېدى. ئەلى باشقا ياققا قاراپ تۇرغان ئىدى، ئۇ بېشىدىن بىر ئۆرۈم چاچنى چۇۋۇپ ئارىسىدىن خەتنى چىقىرىپ ئەلىگە سۇندى. ئەلى ۋە مىقدادلار دەرھال مەدىنىگە قايتىپ خەتنى رەسۇلۇللاھقا تاپشۇردى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى : ‹‹ ھاتە ب ئىبنى ئەبى بەلتەئەدىن قۇرەيش كاتتىلىرىغا س الام! مەلۇم بولغايكى... ››. ئۇ خېتىدە رەسۇلۇللاھنىڭ مەككىگە قوشۇن تارتماقچى بولۋۇاتقانلىقىنى خەۋەر قىلغانىدى ، رەسۇلۇللاھ ھاتەبنى چاقىرتىپ: ‹‹بۇ نېمە ئىش؟ ئى ھاتەب!›› دېگەنىدى ، ھاتەب: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئالدىرىمىسىلا، قەسەم قىلىمەنكى ، مېنىڭ ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان ئىمانىم كامىل، مەن بۇ ئىشنى مۇرتەد بولۇپ دىندىن يانغانلىقىم ئۈچۈن ۋە ياكى دىنىنى دۇنياغا ساتقانلىقىم ئۈچۈن قىلغىنىم يوق، پەقەت مەن ئەسلى قۇرەيشلىك بولماستىن ئۇ يەرگە كۆچمەن ئادەممەن، مېنىڭ ئۇ يەردە بالا ـ چاقىلىرىم ، ئۇرۇق ـ تۇققان، ئەھلى ئەۋلادلىرىم بار ، ئۇلا ر ھىماتچىسىز قالدى، باشقا مۇھاجىرلارنىڭ ئەھلى ـ ئەۋلادلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان تۇققانلىرى (ھىماتچىلىرى) بار، شۇڭا مەن بۇ خەتنى يوللاش ئارقىلىق ئۇلار ئارىسىدىكى بالا چاقىلىرىمنى قوغدايدىغان بىر ئەھدى بەرپا قىلماقچى بولغانىدىم، خالاس. باشقا مەقسەت يوق ››، دېدى. بۇ چاغدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب قىلىچىنى سۇغۇرۇپ: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ! رۇخسەت قىلسىلا، مەن بۇ مۇناپىقنىڭ كاللىسىنى ئالاي ، ئۇ ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپتۇ، ئۇ مۇنا پىق بوپتۇ؟›› دېگىلى تۇرغا نىدى، رەسۇلۇللاھ: ‹‹ئۆزۈڭنى بېسىۋال ، ئى ئۆمەر! ئۇ دېگەن بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان، سەن ب ىلەمسەن، ئاللاھ بەدرىگە قاتناشقانلارغا ئىلتىپات قىلىپ: ‹خالىغىنىڭلارنى قىلىۋېڭلار، مەن سىلەرگە مەغپىرەت قىلىۋەتتىم › دېگەن ››، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر كۆز يېشى قىلىپ: «ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلگۈچىدۇر»، دېدى.

مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئاللاھ جاسۇس ـ پايلاقچىلارنىڭ يوللىرىنى ئەتتى ـ دە، قۇرەيش تەرەپ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرىكەت پىلانى ۋە ئ ۇرۇش تەييارلىق ھەرىكەتلىرىدىن قىلچە خەۋەرسىز قالدى.

### قوشۇن مەككىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى

ھىجرىيىنىڭ 8 ـ يىلى رامىزان ( 9 ـ ئاي)نىڭ 10 ـ كۈنى رەسۇلۇللاھ مەدىنىدە ئۆز ئورنىدا ئەبۇ رەھمىلغىپارنى قالدۇرۇپ، ئون مىڭ ساھابە (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) بىلەن مەككىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ جۇھپىگە يېتىپ كېلىۋىدى، تاغىسى ئاببباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىپ يولۇقتى. ئۇ بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلاپ ھىجرەت قىلىپ مەككىدىن قايتىپ چىققان ئىدى.

ئاندىن يەنە ئەبۋائ دېگەن يەرگە بارغاندا يەنە بىر تاغىسى ھارىسنىڭ ئوغلى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ۋە ھاممىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئۇمەييىگە يولۇقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى ئۇلاردىن كۆپ ئەزىيەت تارتقان ۋە ئاھانەتكە ئۇچرىغان بولغاچقا، ئۇلارغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئۆتسە ئۇ يۈزىنى باشقا ياققا بۇرىۋالاتتى، بۇچاغدا ئۇممۇ سەلىمە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆز تاغاڭ ۋە ھامماڭنىڭ بالىلىرى سىنىڭ ئۇلارنى مەئزۇر تۇتماسلىقىڭ بىلەن شەقى (بەختسىز) بولۇپ كەتمىسۇن يەنە››، دېدى. ئۇنىڭغىچە ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپمۇ ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس (ئەلىينىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى)غا ئىش ئۆگىتىپ: ‹‹سەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۇسۇف (ئەلەيھىسسالام)نىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ يۇسۇف (ئەلەيھىسسالام)غا دېگەندەك: ﴿قَالُواْ تَاللّهِ لَقَدْ آثَرَكَ اللّهُ عَلَيْنَا وَإِن كُنَّا لَخَاطِئِينَ﴾ ‹ئۇلار: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ سېنى ھەقىقەتەن بىزدىن ئارتۇق قىلىپتۇ، بىز جەزمەن خاتا قىلىپتۇق› دېيىشتى)› (‹قۇرئان كەرىم› سۈرە يۇسۇف 91 ـ ئايەت)، دېگىن. ئۇ چاغدا ساڭا رەسۇلۇللاھتىنمۇ ياخشىراق سۆز قىلىدىغان كىشى بولمايدۇ››، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەلى ئۆگەتكەندەك دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىر تۇققان ـ قېرىنداشلىرىغا قايتۇرغان مۇنۇ جاۋاپنى نەقىل قىلىپ ئوقىدى: ﴿قَالَ لاَ تَثْرَيبَ عَلَيْكُمُ الْيَوْمَ يَغْفِرُ اللّهُ لَكُمْ وَهُوَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ﴾ ‹‹بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى كەچۈرسۇن! ئاللاھ ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر››. بۇ چاغدا ئەبۇ سۇفيان[1] خۇشاللىنىپ تۆۋەندىكى بېيىتلارنى ئوقۇدى:

قەسەم ئۆمرى ھاياتىم، مەن ئەلەم كۆتۈرگەن چاغ،
ھامان غالىب كېلەر دەپ لات ـ مانات قوشۇنلىرى.
ھەيرانىمەن تېڭىرقاپ يۈرەرئىدىم ئازغۇندەك،
ئەمدى كۆڭلۈم ئازادە تاپقانغا ھەق يوسۇنلىرى.
توغرا يولنى كۆرسەتتى مەن ئاداۋەت قىلغان زات،
قىلغانىدىم قوغلاندى، چوۋغان سورۇنلىرى.

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مەيدىسىگە قاتتىق بىرنى ئۇرۇپ: ‹‹ئاشۇ مېنى قوغلاندى قىلغانلارنىڭ بىرسى سەن ئىدىڭ ››، دېدى.

[1] مەزكۇر ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىسنىڭ مۇسۇلماندارچىلىقى كېيىن ناھايىتى ياخشى بولۇپ كەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن تارتىپ، تاكى ۋاپات تاپقانغا قەدەر خىجالەتتىن رەسۇلۇللاھقا قارىيالمىغان. رەسۇلۇللاھ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن بېشارەت بەرگەن ۋە ئەبۇ سۇفيانغا: «سەن ماڭا ھەمزىنىڭ ئىزباسارى بولۇشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن»، دېگەن. ئەبۇ سۇفيان ئۆلۈش ۋاقتىدا ۋەسىيەت قىلىپ: «مەن ئۆلسەم يىغلىماڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن مۇسۇلمان بولغاندىن بېرى يامان گەپ قىلمىدىم»، دېگەن.

## قوشۇن مەررى زەھراندا

رەسۇلۇللاھ ئىسلام قوشۇنى بىلەن يول بويى ر وزىدار ھالەتتە يول يۈرۈپ ئاخىرى كۇدەيد (ئوسپان بىلەن قەدەيد ئوتتۇرىسىدىكى سۇ مەنبىئىنىڭ نامى) دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا ئىپتار قىلىۋەتتى. مۇسۇلمانلارمۇ ئىپتار قىلدى، ئاندىن يەنە ئاتلىنىپ شۇ كۈنى كەچكە مەررى زەھرانغا يېتىپ باردى. ئاندىن قوشۇنغا بۇيرۇق چ ۋشۇرۇپ ھەر بىر ئادەم ئايرىم ـ ئايرىم يەرگە ئوت قالاشقا پەرمان قىلدى . نەتىجىدە، مەررى زەھران ۋادىسىدا ئون مىڭ يەرگە ئوت يېقىلدى. رەسۇلۇللاھ بۇگۈنكى مۇھاپىزەتچىلىككە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى مەسئۇل قىلدى.

## ئەبۇسۇفيان ئىبنى ھەرب رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا

قوشۇن مەررى زەھرانغا چۈشكەندىن كېيىن ئابباس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ) رەسۇلۇللاھنىڭ ئاق خېچىرىغا مىنىپ ئوتۇنچى ياكى بىرەر ئادەم تېپىپ قۇرەيشلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈپ ئۇلار مۇسۇلمانلار مەككىگە باستۇرۇپ كىر گىچە رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئامانلىق تىلىۋالسا ، دەپ بىر ھازا يول يۈردى. ئاللاھ قۇرەيشلەردىن ھەرقانداق خەۋەرنى ئۈز ۈۋەتكەن بولۇپ ، ئۇلار قورقۇنچىدا ئەتراپىنى ك ۆزىتىپلا يۈرەتتى . بولۇپمۇ ، ئەبۇسۇفيان ئىبنى ھەرب ئۆزىنىڭ قۇرەيشلەرنىڭ مەسئۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن پات ـ پات مەككىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېچىنى قاراڭغۇ، كۈندۈزنى ئىسسىق د ەپ خەۋەر تىمىسقلاپ كۆڭلى دەككۇ ـ دۈككىدە ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن ئاخشاممۇ ھەكىم ئىبنى ھىزام، بۇدەيل ئىبنى ۋەرقائىلار بىلەن ئۆزئارا مۇڭداشقاچ خەۋەر تىم ىسقلاپ چىققانىدى. ئابباس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مۇنداق دەيدۇ: ‹‹مەن ھېلىقى خېچىر بىلەن (يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ خېچىرى بىلەن) كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب بىلەن بۇدەيل ئىبنى ۋەرقائىلارنىڭ جىددىي تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم.

ئەبۇ سۇفيان مۇنداق دېدى:

— بۈگۈنكىدەك كۆپ ئوتنى ۋە بۇنداق كۆپ قوشۇننى كۆرمىگەنمەن. بۇدەيل ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— بۇ چوقۇم خۇزائە قەبىلىسى، ئۇلارنى ئۇرۇش ئەنە شۇنداق چىچىۋەتكەن، — دېدى.

ئەبۇسۇفيان:

— خۇزائە دېگەن مۇنچە كۆپ خەلق ئەمەس، بۇ ئوتلار ئۇلارنىڭ ياققان ئوتلىرى ئەمەس، بۇ ئۇلارنىڭ قوشۇنىمۇ ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى تونۇپلا ئۈنلۈك قىلىپ: ‹‹ئەبۇ ھەنزەلەمۇسەن؟›› دېدىم. (ئەبۇ ھەنزەلە ئەبۇ سۇفياننىڭ كۈنيەت ئىسمى ئىدى) ئەبۇ سۇفيانمۇ مېنىڭ ئاۋازىمنى نەخ تونۇپ: ‹‹ئەبۇلفەزلىمۇ؟›› دەپ توۋلىدى، مەن: ‹‹ھەئە، مەن شۇ ››، دېسەم، ئۇ: ‹‹ساڭا ئاتا ـ ئانام پىدادۇر، سەن بۇ يەرلەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟›› دېدى، مەن: ‹‹بىلمەمسەن؟ بۇ دېگەن رەسۇلۇللاھ، ناھايىتى زور قوشۇن بىلەن كەپتۇ. قۇرەيشلەرنىڭ ئەتىگىنىگە ۋاي، ئەزبىرايى خۇدا››، دېدىم. ئۇ: ‹‹ ئەمدى نېمە ئىش قىلسام بولار، ساڭا ئاتا ـ ئانام پىدادۇر››، دېگەنىدى، مەن ئۇنىڭغا: ‹‹ئاللاھ بىلەن قەسەم، ئۇ سېنى تۇتۇۋالسا چوقۇم بېشىڭنى ئالىدۇ ، شۇڭا سەن بۇ خېچىرىمنىڭ كەينىگە مىنگىن، مەن سېنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئامانلىق ئېلىپ بېرەي››، دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سۇفيان كەينىمگە مىندى ، قالغان ئىككى ھەمراسى بولسا قايتىپ كېتىشتى.

ئاbbاس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) يەنە مۇنداق دەيدۇ: شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنى ئېلىپ كەلدىم، ھەرقاچانكى ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار توپىدىن بىر توپنىڭ يېنىدىن ئۆتسەم ئۇلار: « بۇ كىم؟ » دېيىشەتتى ، ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ خېچىرىنى مىنىۋالغانلىقىمنى كۆرسە: ‹رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ئىكەن ، رەسۇلۇللاھنىڭ خېچىرىغا مىنىۋاپتۇ›، دەيتتى. بىر چاغدا مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بار توپنىڭ يېنىدىن ئۆتتىم ، ئۆمەر ئورنىدىن تۇرۇپ : « بۇ كىم؟ » دەپ قالدى . مېنى ۋە ئەبۇ سۇفياننىڭ مېنىڭ كەينىمدە رەسۇلۇللاھنىڭ خېچىرىغا مىنىۋالغانلىقىمىزنى كۆرۈپ: ‹‹خۇدانىڭ دۈشمىنى ئەبۇ سۇفيان ئىكەنغۇ، ئاللاھقا شۈكرىكى ئۇ سېنى ئوتتۇردا ئەھدى ك ېلىشىم بولمىغان ھالەتتە قولغا چۈشۈرۈپ بېرىپتۇ ››، دېدى ـ دە ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ بار جايغا قاراپ يۈگۈردى. مەنمۇ خېچىرنى تېزلىتىپ ئۇنىڭدىن ئېشىپ بېرىپ خېچىردىن ئۆزۈمنى ئېتىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىردىم. ئۆمەر ئىبنى خەتتابمۇ كەينىمدىن ئىز بېسىپ كىرىپ: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ! مانا بۇ ئەبۇسۇفيان ئىبنى ھەرب ـــ خۇدانىڭ دۈشمىنى كىرىپ كەلدى. ماڭا ئىجازەت قىلسىلا مەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالاي ››، دەپ دېۋەيلەپ تۇرىۋالدى. مەن: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىپ بولدۇم ››، دېدىم . ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا بىردەم ئولتۇردۇم. بۇ جەرياندا مەن ئەبۇ سۇفياننىڭ بېشىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇتۇۋېلىپ غىلىق ئىدىم ۋە: ‹‹ئاللاھ بىلەن قەسەم ، بۈگۈن كېچە ئۇنىڭغا مەندىن باشقا ھېچكىشىنى قېتىشقا بولمايدۇ ›› ، دەيتتىم. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىدا ئەبۇ سوفيان توغرىلىق تولا غۇلغۇلا قىلغىلى تۇرۇۋىدى، مەن ئۇنىڭغا: ‹‹بولدى قىلساڭچۇ، ئى ئۆمەر ! ئەگەر ئۇ بەنى ئەدىي جەمەتى (ئۆمەرنىڭ جەمەتىنى دېمەكچى. ـــ ت)دىن بولغان بولسا ئۇنداق دەپكەتمىگەن بولاتتىڭ ھەر قاچان ›› ، دېدىم. ئۆمەر: ‹‹ئى ئاbbاس! سەنمۇ بولدى قىلغىن، مەن سېنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىڭغا ئاتام خەتتا بىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىدىنمۇ (ناۋادا ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ قالغان بولسا) بەكرەك خۇشالمەن، بۇ پەقەت رەسۇلۇللاھنىڭ سېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىڭنى (ئاتام) خەتتا بىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئەل ۋەتتە››، دېدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئاbbاسقا: ‹‹ئى ئاbbاس ! ئۇنى ياتىقىڭغا ئېلىپ كېتىپ ئەتە سەھەرلىككە ئېلىپ كەلگىن››، دېدى. ئەتىسى ئەتىگىنى تاڭ سەھەردە ئۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەلدىم. رەسۇلۇللاھ ئۇنى كۆرۈپ: ‹‹ھەي سېنى ئەبۇ سۇفيان! ساڭا ئاللاھنىڭ بىرلىگىنى بىلىش ۋاقتى يەتمىدىمۇ؟›› دېۋىدى، ئەبۇ سۇفيان: ‹‹ساڭا ئاتا ـ ئانام پىدادۇر، سەن نېمىدېگەن كەڭ قورساق ، نېمىدېگەن ئېسىل ھەم سىيلە ـ رەھىمدىلسەن! مەن شۇ تاپتا بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ بولسىدى ، ماڭا مۇشۇ ھالەتتە كارغا كېلەر ئىدى ، دەپ قالدىم»، دېدى، رەسۇلۇللاھ يەنە: ‹‹ھەي ئەبۇ سۇفيان! ساڭا مېنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمنى تونۇش ۋاقتى يەتمىدىمۇ؟›› دېگەنىدى، ئەبۇ سۇفيان: ‹‹ساڭا ئاتا ـ ئانام پىدادۇر ئى رەسۇلۇللاھ! سەن نېمىدېگەن كەڭ قورساق، نېمىدېگەن ئەپۇچان ۋە

رەھىمدىبگەن سىيلە ـ رەھىمىلىك، ئەمما ئوچۇقنى ئېيتسام تا ھازىرغا قەدەر كۆڭلۈمدە ئۇنىڭدىن ئازراق سان بار ›› دېدى.

بۇ چاغدا ئاباس: ‹‹ھە...ي، سېنى ئەبۇسۇفيان، تولا ۋالاقشىماي بوينۇڭغا قىلىچ چۈشۈپ بولغۇچە شەھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولساڭچۇ ؟!›› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ‹‹بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق ، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى››، دەپ شاھادەت (گۇۋاھلىق) ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

ئاباس مۇنداق دېدى: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ ! ئەبۇ سۇفيان ھوقۇقپەرەس ئادەم ، شۇڭا ئۇنىڭغا ئازراق ئىمتىياز ئىلتىپات قىلغان بولساڭ ››، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ تە ﻛﻠﯩﭙﯩﮕﻪ قوشۇلدى ۋە: ‹‹كىمكى ئەبۇ سۇفياننىڭ قورۇسىغا كىرىۋالسا ئامان بولىدۇ، كىمكى ئۆز قورۇسىدىن چىقمىسا ئامان بولىدۇ ۋە كىمكى مەسجىدىلھەرامغا كىرىۋالسا ئامان بولىدۇ››، دېدى.

## قوشۇن مەررى زەھراندىن مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى

شۇ كۈنى ئەتىگەن ، يەنى ھىجرىيەنىڭ 8 ـ يىلى رامىزاننىڭ 17 ـ كۈنى چارشەنبە سەھەردە رەسۇلۇللاھ قوشۇنى باشلاپ مەررى زەھراندىن مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى ۋە ئاباسقا ئەبۇ سۇفياننى (ئۇ لەشكىرى ئىسلامنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسۇن ئۈچۈن) ۋادىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى تاغ يولى ئېغىزىدا توختىتىپ تۇرۇشنى تاپىلىدى . ئاباس ئەبۇ سۇفياننى رەسۇلۇللاھنىڭ دېگىنىدەك تاغ يولى ئېغىزىدا توختىتىپ تۇرغانىدى. ئۇ يەردىن ھەرقايسى قەبىلە ۋە ئايماقلار ئەلەملىرىنى لەپىلدىتىپ ئۆتۈشكە باشلىدى . ئەبۇ سۇفياننىڭ ئالدىدىن ھەر بىر قەبىلە ياكى ئايماق ئۆتسە: ‹‹ئى ئاباس! بۇلار كىملەر؟›› دەپ سورايتتى . ئاباس ئۇنىڭغا : ‹‹(مەسلەن) بەنى سولەيم قەبىلىسى ياكى پالان ئايماق››، دەپ جاۋاب بەرسە ، ئەبۇ سۇفيان: ‹‹مەن بەنى سۇلەيم خەلقىگە نېمە قىلغان بولغىيىتتىم ؟ ››، دەيتتى ، ئاندىن يەنە بىر قەبىلە ئۆتسە ئەبۇ سۇفيان: ‹‹بۇ قايسى قەبىلە؟ ›› دەپ سورايتتى ئاباس ‹‹ موزەينە قەبىلىسى ›› دىسە ئەبۇ سۇفيان : ‹‹ موزەينە خەلقىگە نېمە قىلغان بولغىيىتتىم ؟›› دەيتتى. ئاخىرى ھەممە قەبىلە ۋە ئايماقلار ئۆتۈپ بولدى. ھەرقاچانكى بىر قەبىلە ياكى بىر ئايماق ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە ئۇ ئاباستىن : ‹‹ بۇ قايسى قەبىلە؟ ›› دەپ سورايتتى . ئۇنىڭغا: ‹‹پالان قەبىلە ياكى پالان ئايماق ›› دېيىلسە ئۇ: ‹‹مەن ئۇنىڭغا نېمە قىلغان بولغىيىتتىم ، مەن بۇنىڭغا نېمە قىلغان بولغىيىتتىم ؟››، دەپ ھەممىسىدىن ئاغرىناتتى . ئاخىرى بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن تەركىب تاپقان ياپ ـ يېشىل كىيىملىك سەرخىل بىر قوشۇن بىلەن يېتىپ كېلىۋىدى، ئۇلار بىر پۈتۈن ساۋۇت كىيىم كىيىۋالغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆز قارىچۇقىدىن ئۆزگە يېرى كۆرۈنمەيتتى . ئەبۇسۇفيان چۆچىگەن ھالدا: ‹‹سۇبھانەللاھ، ئى ئاباس! بۇلار كىملەر؟›› دەپ سورىدى ، ئاباس: ‹‹بۇلار رەسۇلۇللاھ، مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار›› دېگەنىدى، ئەبۇ سۇفيان: ‹‹ بۇلارغا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمىگۈدەك ››، دېدى، ئاندىن ئۇ يەنە: ‹‹ئى ئاباس! بۈگۈن قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىنىڭ سەلت ەنتى ھەقىقەتەن كاتتا بولۇپ

كېتىپتۇ››، دېگەنىدى، ئاbbاس: ‹‹ئى ئەبۇ سۇفيان! ئۇ دېگەن سەلتەنەت ئەمەس، بەلكى ئۇ دېگەن پەيغەمبەرلىك (يەنى ئىلاھى ي ھاكىمىيەت) » د ۈيدى، ئەبۇ سۇفيان: ‹‹ئۇنداق دىسەڭمۇ مەيلى ئەمىسە» ، دېدى.

بۇ قېتىمقى ھەربكەتتە ئەنسارلارنىڭ ئەلىمىنى سەئەد ئىبنى ئۇبادە كۆتۈرگەن ئىدى. ئۇ ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە: «ئەي ئەبۇ سۇفيان! بۈگۈن ئەدىبىڭلارنى بېرىدىغان كۈن، ھەرەمدە ئۇرۇش قىلىش دۇرۇس بولغان كۈن، ئاللاھ قۇرەيشلەرنى خار-زەب ۇن قىلىدىغان كۈن ››، دەپ قويۇپ مېڭىپ كەتتى . شۇ ئەسنادا رەسۇلۇللاھ ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئۇدۇلىغا يېتىپ كېلىۋىدى، ئەبۇ سۇفيان ئۇنىڭغا: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ! سەئەدنىڭ ىېمىلەرنى دېگىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ›› دېدى، رەسۇلۇللاھ: ‹‹ئۇ ىېمە دېدى؟ ›› دېگەنىدى، ئەبۇ سۇفيان رەسۇلۇللاھقا سەئەدنىڭ دېگەنلىرىنى ئېيتتى . بۇنى ئاڭلاپ ئوسمان بىلەن ئابد ۇرەھمان ئىبنى ئەۋفلەرمۇ: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ ! بىزمۇ سەئەدنىڭ قۇرەيشلەر ئارىسىدا ئ ۆچ ئېلىش خاراكتېرىدە ھەربكەت قوللىنىشىدىن خاتىرجەم بولالمايمىز ››، دېيىشتى . بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ: ‹‹بەلكى بۈگۈن كەئبە (يەنى ھەرەم) ئ ۇلۇغلىنىدىغان، ئاللاھ قۇرەيشلەرنى ئىلگىرىكىدىنمۇ ئەزىزلەيدىغان كۈن ››، دېدى . ئاندىن سەئەدگە ئادەم ئەۋەتىپ ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئەلەمنى تارتىۋېلىپ ئۇنى سەئەدنىڭ ئوغلى قەيىس ئىبنى سەئەدكە تۇتقۇزدى بۇ ئارقىلىق ئاساسىي مەقسەت ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان كۆڭۈل ئارازلىق تەڭلا ھەل قىلىندى. يەنە بىر سۆزدە زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامغا تۇتقۇزغان، دېيىلگەن.

## قۇرەيشلەر ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئۇشتۇمتۇت كىرگەنلىكىدىن ھاڭ-تاڭ قىلىشتى

رەسۇلۇللاھ ئەبۇ سۇفيانىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ھامان ئاbbاس ئۇنىڭغا: ‹‹تېز بولغىن، سەن خەلقىڭگە خەۋەر يەتكۈزگىن ››، دېدى . شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سۇفيان قوشۇندىن ئىلگىرلەپ ئۇچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ مەككىگە كىردى ۋە پۈتۈن ئاۋازى بىلەن : ‹‹ئى قۇرەيش خەلقى! مانا ھازىر مۇھەممەد تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان زور قوشۇن بىلەن يېتىپ كەلدى . دەرھال قېچىڭلار! كىمكى ئەبۇ سۇفيان قورۇسىغا كىرىۋالسا ئامان بولىدۇ››، دەپ توۋلىغىلى تۇردى . بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئايالى ھىندى بى نتى ئۇتبە يۈگۈرەپ چىقىپ ئۇنىڭ ساقىلىدىن ئالدى ۋە ئاغزىنى بۇزۇپ : ‹‹ھۇ قورقۇنچاق توخۇ يۈرەك ! بۇ مەيدانسىز ئەبلەخنى ئۆلتۈرۈڭلار ! دۈشمەنىنىڭ قول چ ۇماقچىسى بولۇپ كەتكەنلىكىڭگە ئىسىت››، دەپ چۇقان كۆتۈردى. ئەمما ئەبۇ سۇفيان ئۇنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماي: ‹‹ۋاي! سىلەرنى نېمىگە قاراپ تۇرسىلەر، بۇ خوتۇننىڭ گېپىگە كىرمەڭلار، مۇھەممەد سىلەرگە سان-ساناقسىز قوشۇن بىلەن باستۇرۇپ كەلدى . ھەركىم ئەبۇ سۇفيانىنىڭ (يەنى مىنىڭ دېمەكچى.—— ت) ھويلىسىغا كىرىۋالسا ئامان قالىدۇ ››، دېگەنىدى، ئۇلار : ‹‹ئى ۋابال تەككۈر! سېنىڭ ھويلاڭ نېمىگە كار قىلاتتى ››، دېيىشتى . شۇڭا ئۇ : ‹‹ئۆز ھويلىسىغا كىرىپ دەرۋازىسىنى تاقىۋالغانلارمۇ ئامان قالىدۇ، مەسجىدىلھەرامغا كىرىۋالغانلارمۇ ئامان قالىدۇ››، دېدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۆز ئۆيىگە ۋە مەسجىدىلھەرەم تەرەپكە يۈگۈرۈشتى.

شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر بۆلۈك كىشىلەر ياتلار ئۈچۈن جان بېرىشنى شەرەپ بىلىدىغان ھەبەشلىك ئەخمەق ـ نادانلارنى ياللاپ تەشكىللەپ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇيۇشتۇردى. ئۇلارنىڭچە ئىش ئوڭدىن كېلىپ قۇرەيش غەلىبە قىلسا ھەممەيلەن قوزغىلىپ جەڭ قىلماقچى ، ناۋادا ئىش ئەپلەشمىسە ، ئاندىن ئەبۇ سۇفيانىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشماقچى ئىدى . نەتىجىدە ئىكرەمە ئىبنى ئەبى جەھىل ، سەپۋان ئىبنى ئۇمەييە ۋە سوھەيل ئىبنى ئەمرىنىڭ باشچىلىقىدا قۇرەيش ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن بولۇپ بىر ئوچۇم ئەقىلسىز يالاڭتۆشلەر ۋە ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان تەلۋىلەر خەندەمە دېگەن جايغا توپلىنىپ مۇسۇلمانلارنى توسۇش ئۈچۈن تەييارلاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇرەيشلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان بەنى بەكرى قەبىلىسىدىن ھىماس ئىبنى قەيس ئىسىملىك بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇ شۇ ئەسنادا جىددى ئۆيگە قايتىپ قورال ـ ياراق جابدۇقىغا كىرىشكەندى، بۇنى كۆرگەن ئايالى ئۇنىڭغا : ‹‹بۇنى نېمىگە تەييارلايسەن؟ ›› دېگەندى ، ئۇ: ‹‹مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە ››، دېدى. ئايالى : ‹‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇقۇشۇمچە مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە ھېچنەرسە تەڭ كېلەلمەسمىشقۇ؟ ›› دېۋىدى، ئۇ: ‹‹ئى خوتۇن! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن تېخى ئۇلاردىن بىر قانچىنى ساڭا خىزمەتكار قىلىپ بېرەي دەۋاتىمەن ››، دېدى. ئاندىن مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

ئەگەر كەلسە بۈگۈن كەلسۇن يوقدۇر مەندە باھانە،

قوراللىرىم تەل مېنىڭ كۆرمىگەندۇر زامانە .

ئىككى بىسلىق شەمشىرىم مەشۇقۇمدۇر جانانە.

ئاندىن كېلىپ خەندەمەدىكى ساياقلارغا قېتىلدى.

## ظعسلام قذشذنع ز عتعؤةندة

ئەمما رەسۇلۇللاھ تەرەپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرلەپ ‹‹زىتىۋەن›› دېگەن جايغا يېتىپ كېلىپ، ئۇ يەردە توختاپ قوشۇننى قىسىملارغا بۆلدى. رەسۇلۇللاھ مۇشۇ يەرگە كەلگەنگە قەدەر ئاللاھنىڭ ئۇنى مەككە پەتھىسى بىلەن تارتۇقلىغىنىغا تەشەككۈر ئېيتىش يۈزىسىدىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئ ېگىشىپ ماڭغانىدى ، ئۇنىڭ مۇبارەك ساقال ـ مويلىرى ئات ئىگىرىنىڭ ئالدى پايىنىكىگە تېگىپ قالغانىدى. ئۇ خالىد ئىبنى ۋەلىدنى ئوڭ قانات قىسىمغا ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى . بۇ قىسىمغا بەنى ئەسلەم، بەنى سۇلەيىم، بەنى غىفار، مۇزەينە، جۇھەينە ۋە بىرقانچە ئەرەب قەبىلىلىرىنى ئايرىدى ۋە ئۇنى مەككىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن كىرىشكە بۇيرۇق بېرىپ: ‹‹سىلەر مەن بىلەن سەپا تېغىدا ئۇچراشقانغا قەدەر قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى قىرىپ تاشلاڭلار ››، دېدى. ئاندىن ئارمىيىنىڭ سول قانات قىسمىنى تەشكىل قىلىپ زوبەير ئىبنى ئ ەۋۋامنى ‹‹ئەمىر لەشكەر›› قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ ئەلەمنى تۇتق ۇزدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى مەككىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن (يەنى كودەي)دىن كىرىشكە ۋە مەزكۇر ئەلەمنى ھەجۇن تۆپىلىكىگە قاداپ، رەسۇلۇللاھ يېتىپ بارغانغا قەدەر ھەجوندىن ئايرىلماي تۇرۇشقا بۇيرىدى. پىيادىلىكلەر بىلەن مۇھاسىرچى قىسىم (يەنى قورال ـ ياراقسىزلار )غا

ئەبۇ ئۇبەيدە «ئەمىر لەشكەر» قىلىندى . رەسۇلۇللاھ ئۇنى بەتنى ۋادى سىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يول ئېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا ئۇدۇل مەككىگە كىرىشكە بۇيرىدى.

## ئىسلام قوشۇنى مەككىگە كىردى

ئىسلام ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى قىسىم ۋە قوشۇنلىرى بەلگىلەنگەن لىنىيە بويىچە يول ئالدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد باشچىلىقىدىكى قوشۇن ئالدىغا ئۇچرىغانلا مۇشرىكنى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا غەرق قىلىۋېتىپ، نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن پەقەت كورزى ئىبنى جابىر ئەلفىھرى بىلەن خونەيىس ئىبنى خالىد ئىبنى رەبىيئە بەختسىزلىككە يولۇقتى. سەۋەبى بۇلار قوشۇندىن ئايرىلىپ ئېزىقىپ باشقا بىر يولغا كىرىپ قالغانلىقتىن مۇشرىكلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلدى.

ئەمما، ھېلىقى مۇشرىكلار تەرەپتىن توپلانغان نادان كىشىلەر «خەندەمە»دە خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىنى توسۇپ تىركەشتى . خالىد ئىبنى ۋەلىد قوشۇنى ئۇلارنى تېزلا سۈرگۈن ـ توقاي قىلىپ 12 ئادەمنى ئۆلتۈردى. نەتىجىدە، مۇشرىكلار ۋە (ھېلىقى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئالايىتەن تەييارلىق قىلغان) ھىماس ئىبنى قەيىس قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تىكىۋەتتى. ئۇ ھالسىرىغان پېتى ئۆيگە كىرىپ كېلىپ ئايالىغا: «ئىشىكنى تاقا! ئىشىكنى تاقا!» دەپ ۋارقىرىغانىدى. ئايالى ئۇنىڭغا تېخى بايامىلا: «رەھمە دەۋاتاتتىڭ؟» دېگەندە، ئۇ مۇنداق دېدى:

ئەگەر كۆرسەڭچۇ؟ نە بولدى خەندەمە؟
قاچتى سەپۋانمۇ، قاچتى ئىكرەمە.
بېشىمىزدا ئوينىدى مۇسۇلمان قىلىچلىرى،
كەسكەندۇر بىلەكنى باشىنى كەسمەس دېمە،
قىلىچ يېگەن لام ـ جىم دېمەي چىشلەر توپا.
ئارقىدىن قوغلار دېسەم ھەيران بولۇپ سورىما «نېمە؟»
ئېغىز ئاچما مالامەتكە ماڭا قىلما بىر كەلىمە.

خالىد مەككە كوچىلىرىدا غالىب ھالدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىرى رەسۇلۇللاھ بىلەن سەپا تېغىدا ئۇچراشتى. زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام نىشانغا تېزلا ئىلگىرلەپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەلەمىنى فەتھى دەرۋازىسى يېنىدىكى ھەجونغا قاداش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى ۋە رەسۇلۇللاھقا شۇ يەردە بىر چېدىر تىكىپ ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

## رەسۇلۇللاھ مەسجىدىلھەرەمگە كىرىپ بەيتۇللاھنى بۇت ـ ھەيكەللەردىن تازىلىدى

رەسۇلۇللاھ زۇبەير قىسمى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن بەيتۇللاھقا قاراپ ماڭدى . مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇنى ئوراپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ ئۇدۇل بېرىپ ھەرەمگە (يەنى مەسجىدىلھەرەم)گە كىردى ۋە ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى سۆيۈپ قىلدى. ئاندىن كەئبىنى تاۋاپ قىلدى. بۇ چاغدا كەئبە ئەتراپىدا 360 دانە بۇت تىكلەنگەنلىك ئىدى.

رەسۇلۇللاھ قولىدا بىر تال ياچاق ئوقنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئۇ ھېلىقى ئوق بىلەن بۇتلارنى ئۇرۇپ پاچاقلاپ تاشلاشقا باشلىدى. ئۇ: ﴿وَقُلْ جَاءَ الْحَقُّ وَزَهَقَ الْبَاطِلُ إِنَّ الْبَاطِلَ كَانَ زَهُوقًا﴾ «‹ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (بىرەر مەخلۇقنى) پەيدا قىلالمايدۇ ۋە (يوقالغان بىرەر مەخلۇقنى)ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ›، دېگىن». («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەنى ئىسرائىل 81 ـ ئايەت) نى ئوقۇپ ماڭاتتى. بۇتلار دومىلاپ يىقىلىپ چۈشۈۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ تاۋاپى ئۇلاغ ئۈستىدە بولدى . ئۇشۇ كۈنى مۇھرىم (ئېھرام باغلىغۇچى) ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ كەئبىنى تاۋاپ قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەندى.

تاۋاپتىن كېيىن ئوسمان ئىبنى تەلھەنى چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن كەئبىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ كەئبىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئىچىگە كىردى. رەسۇلۇللاھ كەئبىنىڭ ئىچىدە تۇرغۇن رەسىم ۋە سۈرەتلەرنى كۆردى . رەسىملەر ئىچىدە ئىبراھىم (ئەلەيھىسسالام) ۋە ئىسمائىل (ئەلەيھىسسالاملار)نىڭ قوللىرىدا پال ئوقلىرىنى تۇتۇپ پال سېلىۋاتقان ھالەتتىكى خىيالى سىزما رەسىملىرى بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ: ‹‹مۇشرىكلارغا ئاللاھ لەنەت قىلسۇن! ئاللاھ بىلەن قەسەم، ئۇلار ھەرگىز پال سالغان ئەمەس ››، دېدى ۋە كەئبىنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدا ياغاچتىن ئويۇلغان كەپتەرنىڭ ھەيكىلىنى كۆرۈپ ئۇنى ئۆز قولى بىلەن سۇندۇرۇۋەتتى. ئاندىن ھېلىقى رەسىم ۋە سۈرەتلەرنى بۇيرۇپ ئۆچۈرتۈۋەتتى.

## رەسۇلۇللاھ كەئبە ئىچىدە ناماز ئوقۇپ چىقىپ قۇرەيش خەلقىگە نۇتۇق سۆزلىدى

كەئبە ئىچىدىكى سۈرەتلەر ئۆچۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن كەئبىنىڭ دەرۋازىسى تاقىۋېتىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب ۋە ئۇسامە ئىبنى زەيدلا قالغانىدى. رەسۇلۇللاھ كەئبە ئىچىدە ئوڭ تەرەپتىن بىر، سول تەرەپتىن ئىككى، كەينىدىن ئۈچ تۈۋرۈكنى تاشلاپ (شۇ ۋاقىتتا كەئبە ئالتە تۈۋرۈكلۈك ئىدى) دەرۋازا ئۇدۇلىغا ئورنىتىلغان تامنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىكى (ئارقا) تامغا ئالدىنى قىلىپ تام بىلەن ئۆزى ئارىلىقىدا ئۈچ گەز (تەخمىنەن ئىككى مېتىردىن ئازراق كۆپ) يەر قالدۇرۇپ ناماز ئوقۇدى. نامازدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن كەئبىنىڭ ھەممە بۇلۇڭىنى ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ ھەر بىر بۇلۇڭىدا تەكبىر ئېيتىپ ﴿لا حول ولا قوة الا بالله العلي العظيم﴾ تەرجىمىسى: «ياماندىن ساقلىنىش ۋە ياخشىلىققا مۇۋەپپەق بولۇش پەقەت ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن مۇمكىندۇر››، دەپ ماڭاتتى. ئاندىن دەرۋازىنى ئاچتى. بۇ چاغدا قۇرەيشلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرغان بولۇپ، مەسجىد توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار پەستە رەسۇلۇللاھنىڭ رىيە قىلارىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ دەرۋازىنى ئېچىپ ئىككى قولىدا دەرۋازىنىڭ ئىككى قاسىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: ‹‹يەككە ـ يېگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، ئاللاھ ئۆز ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، ئۆز بەندىسىگە ياردەم بەردى. كۆپ قوشۇننى ئۆزى يالغۇز مەغلۇپ قىلدى . ئاگاھ بولۇڭلاركى ھەرقانداق ئىمتىياز، ئالۋان ـ سېلىق ۋە ياكى كونا قىساس قانلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈندىن ئېتىبارەن قەتئىي بىكار قىلىنىدۇ . پەقەت بەيتۇللا ھەغا قاراش ھوقۇقى ۋە ھاجىلارنى

سۈغۇرۇش ئىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. بىلىشىڭلار كېرەككى ، سەھۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش قەستەن (تاياق ۋە قامچا قاتارلىقلار شۇنىڭ ئىچىدە) ئۆلتۈرگەن بىلەن باراۋەر . ئۇنىڭدا دىيەت (تۆلەم) ئېغىرلىتىپ يۈز تۆگە تۆلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى قىرىق تۆگە بوغاز بول ۇشى شەرت . ئى قۇرەيش جامامەسى! ئاللاھ سىلەردىن جاھىلىيەتنىڭ مۇغەمبەرلىكىنى ۋە ئەجدادل ىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ئىللەتلەنى كەتكۈزدى . ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئادەم ئاتىنىڭ بالىلىرى، ئادەم ئاتا تۇپراقتىن يارالغان». ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى تالاۋەت قىلدى: ﴿ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ ﴾ ‹‹ئى ئىنسانلار! بىز سىلەرنى بىر ئەر ۋە بىر ئايالدىن ياراتتۇق . ئۆزئارا تونۇشۇ شىڭلار ئۈچۈن نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق . ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋ ادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەپ بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر ››.

## سىلەر بۇگۈن ئەيىپلەشكە ئۇچرىمايسىلەر

ئۇ يەنە: ‹‹ئى قۇرەيش جامائەسى!›› سىلەر مېنى ئۆزەڭلارغا قارىتا نېمە قىلىدۇ››، دەپ قارايسىلەر؟ دېگەنىدى، ئۇلار: ‹‹ياخشىلىق قىلار››، دەپ ئويلايمىز، چۈنكى سەن ياخشى قېرىندىشىمىز، ياخشى قېرىندىشىمىزنىڭ ئوغلى ››، دېيىشتى . بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ: ‹‹مەن سىلەرگە يۈسۈف (ئەلەيھىسسالام) قېرىنداشلىرىغا ن ېمە د ېگەن بولسا شۇنداق دەيمەن. ئۇ قېرىنداشلىرىغا: ﴿ قَالَ لاَ تَثْرَيبَ عَلَيْكُمُ الْيَوْمَ ﴾ ‹سىلەر بۇگۈن ئەيىپلەشكە ئۇچرىمايسىلەر›، (‹‹قۇرئان كەرىم›› سۈرە يۈسۈف 92 ـ ئايەت) دېگەن، مەنمۇ مۇشۇنداق دەيمەن، بېرىڭلار ھەممىڭلار ئەركىن ـ ئازات››، دېدى.

## بەيتۇللانىڭ ئاچقۇچى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلدى

رەسۇلۇللاھ يۇقىرىقى بايانلارنى سۆزلىگەندىن كېيىن مەسجىدگە كىرىپ ئولتۇردى . بەيتۇللاھ (كەئبە)نىڭ ئاچقۇچى تېخىچە ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. ئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ! بىزگە (يەنى بەنى ھاشىم جەمەتىگە دېمەكچى. ــــ ت) ھىجابەت (كەئبىكە يوپۇق يېپىش ۋە ئۇنىڭغا قاراش)نى سىقايەت (ھاجىلارنى سۇغۇرۇش ۋە ھەج داۋامىدىكى ئىشلىرىغا يارسازلىق قىلىش) بىلەن جەملەپ بەرگىن، ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلغاي ››، دېدى. يەنە بىر سۆزدە ‹‹بۇ گەپنى دېگۈچى ئاbbاس ئىدى ››، د ېيىلگەن. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ: ‹‹ئوسمان ئىبنى تەلھە نەدە؟ ›› دەپ سورىدى. ئوسمان چاقىرىپ كېلىنىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: ‹‹مەھ! ئاچقۇچنى قولۇڭغا ئال، ئى ئوسمان! بۇگۈن ياخشىلىق ۋە ۋاپادارلىق كۈنىدۇر ››، دېدى. ‹‹تەبەقات›› دېگەن كىتابتا ئىبنى سەئەدنىڭ رىۋايىتىدە رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئاچقۇچنى قايتۇرۇپ بەرگەندە مۇنداق دېگەن: ‹‹ئى ئوسمان بۇ ئاچقۇچنى مەڭگۈ سىلەر تۇتۇڭلار، بۇنى سىلەردىن زالىمدىن ئۆزگە كىشى تارتىپ ئالمايدۇ.

ئى ئوسمان! ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىنىڭ بەيتىگە قاراشقا ئەمىن (ئىشەنچىلىك) تاپتى . شۇڭا سىلەرگە بۇ ‹بەيت› تەرىپىدىن كەلگەن نەرسىدىن يوللۇق بەھرىمەن بولۇڭلار››.

## بىلالنىڭ ئەزان ئاۋازى كەئبە ئۈستىدە ياڭرىدى

ناماز ۋاقتى كىرىۋىدى ، رەسۇلۇللاھ بىلالنى كەئبە ئۈستىگە چىقىپ ئەزان توۋلاشقا بۇيرۇدى. بۇ چاغدا ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب، ئەتتاپ ئىبنى ئەسىد ۋە ھارىس ئىبنى ھىشام قاتارلىقلار مەسجىدىلھەرەم سەيناسى دا باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئەتتاپ يېنىدىكىلەرگە پىچىرلاپ: ‹‹ئاللاھ ئەسدنى دەرگاھىغا ئېلىپ كېتىپ ئۇنى ھۆرمەتلەپتىكەن، ئۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلىسا كۆپ بىئارام بولا ر ئىدى ››، دېدى. ھارىس پىچىرلاپ: ‹‹ئەمما، مەن ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر بۇ دىنىنىڭ ھەق (توغرا) دىن ئىكەنلىكىنى بىلسەم ئىدىم ، ئەلۋەتتە ئەگەشكەن بولاتتىم ››، دېدى. ئەمما ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب قورۇنغان ھالدا: ‹‹ئەمما مەن بۇ توغرىدا بىر نېمە دېمەيمەن ، ئەگەر دەپ قويساملا مۇشۇ تاش ـ شېغىللارمۇ ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىپ قويىدىكەن ››، دېدى. شۇ ئەسنادا رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ: ‹‹مەن سىلەرنىڭ بايام دېگەنلىرىڭلاردىن خەۋەر تاپتىم ››، دېدى ۋە ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بىرىۋىدى، ئەتتاپ بىلەن ھارىس: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ ! بىز سېنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمىز، بۇ گەپلەرنى بىز ئۈچ كىشىدىن باشقا ھېچ كىشى ئاڭلىمىغانىدى، بولمىسا بىز: ‹بىرسى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇپتۇ، دەر ئىدۇق› ›› دېيىشتى.

## (غەلىبە ساناسى)ياكى تەشەككۇر نامىزى

رەسۇلۇللاھ شۇ كۈنى مەسجىدتىن چىقىپ ئۇممۇ ھارىئى (ئەبۇ تالىبنىڭ قىزى) نىڭ ئۆيىگە كىرىپ غۇسلى تاھارەت ئالدى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدە سەككىز رەكئەت ناماز ئوقىدى. ئۇ چاشگاھ ۋاقتى ئىدى. شۇڭا ئۇ نامازنى بەزىلەر چاشگاھ نامىزى دەپ ئويلىدى، يەنە بەزىلەر ئۇ غەلىبە ساناسى (تەشەككۇر نامىزى) ئىدى دەپ قارىدى، ئۇممى ھانىئ ى ئ ېرىنىڭ تۇققانلىرىدىن ئىككى كىشىگە پاناھلىق بەرگەن ىكەن. رەسۇلۇللاھ: ‹‹سەن پاناھلىق بەرگەن كىشىگە بىزمۇ پاناھلىق بېرىمىز ئى ئۇمم ۇ ھانئىە! ›› دېدى. ئۇممى ھانىئىنىڭ قېرىندىشى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ ئۇ ئىككى ئادەمنى ئۆلت ۈرۈۋەتمەكچى بولغانىكەن. شۇڭا ئۇ بۇلارنى ئۆيگەسولاپ ئىشىكلىرىنى تاقاپ ساقلىغان ۋە رەسۇلۇللاھ تىن ئۇلارغا ئامانلىق تىلىگەنىدى

## جىنايەتچىلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بىرقانچە ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش

رەسۇلۇللاھ شۇ كۈنى پەرمان چىقىرىپ جىنايەتچىلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن توققۇز كىشىگە ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىلدى ۋە ئۇلارنى تاپقان يەردە ۋۆلتۈرۈشنى، گەرچە كەئبىنىڭ يوپۇقى بىلەن پاناھلىنىۋالسىمۇ رەھىم قىلماسلىقنى بۇيرىدى. ئۇلار ئابد ۇلئۇززا ئىبنى خەتەل، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى سەرھى، ئىكرەمە ئىبنى ئەبى جەھل، ھارىس ئىبنى نۇپەيل ئىبنى ۋەھەب، مەق يىس ئىبنى سەبابە، ھۇبار ئىبنى ئەس ۋەد ۋە ئىبنى خەتەلنىڭ ناخشىچى ئىككى دېدىكى قاتارلىقلار ئىدى . بۇ ئىككى د ېدەك مەككە كوچىلىرىدا رەسۇلۇللاھنى ھەجۋى قىلىپ سەييارە ناخشا ئېيتىپ ئۇسۇل ئوينايتتى. يەنە ئابدۇلمۇتەللىپ جەمەتىدىن بىر كىشىنىڭ سارە ئىسىملىك بىر دېدىكىمۇ ئىدى. ئۇ مۇشۇ قېتىمقى يۈرۈشنىڭ ئالدىدا ھاتەب ئىبنى ئەبى بەلتەئە يوللىغان خەتنى مەككىگە يۈشۈرۈن ئېلىپ قاچماقچى بولغان.

ئەمما ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى سەرھنى ئوسمان ئىبنى ئ ەففان رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىپ تۇرۇۋالغاندى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلەردىن بىرى كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىۋېتەر دېگەن ئۈمىدتە ئوسماننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي يۈزىنى باشقا ياققا نەچچە قېتىم بۇرىۋالغاندىن كېيىن نائىلاج ئۇنىڭ ئىسلامىنى قوبۇل قىلىپ قېنىنى تۆكۈش بۇيرۇقىنى بىكار قىلدى. ئۇ خېلى بۇرۇنلا مۇسۇلمان بولۇپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان، ئاندىن يەنە «سۇغۇق سۇ ئۆز ئەكسىنى تارتىپ تۇ» دېگەندەك مۇرتەد بولۇپ مەككىگە قېچىپ كېلىۋالغان ئىدى.

ئىكرەمە ئىبنى ئەبى جەھىل بولسا يەمەن تەرەپكە ق اچتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئايالى رەسۇلۇللاھتىن ئامانلىق سورىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئامانلىقىنى ق وبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئېرىنىڭ كەينىدىن ئىزلەپ چىقىپ ئۇنى جىد دىدىن كېمىگە چىققىلى قوپقان يېرىدىن ياندۇرۇپ ئەكىردى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلامغا كىرىپ ناھ ايىتى تەقۋادار، ياخشى مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ كەتتى.

ئىبنى خەتەل كەئبىنىڭ يوپۇقىغا ئېسىلىپ پاناھلانماقچى بولغانىدى ، بىر ئادەم كېلىپ: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئىبنى خەتەل كەئبىنىڭ يوپۇقىغا ئېسىلىۋاپتۇ››، دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ: ‹‹ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن››، دەپ بۇيرۇق قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم بېرىپ ئىبنى خەتەلنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەمما مەقىس ئىبنى سەبابىنى نۇمەيلى ئىبنى ئابدۇللا ئۆلتۈردى. ئۇ خېلى بۇرۇن مۇسۇلمان بولۇپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋە ئۇ يەردە ئەنسارلاردىن بىر ئادەمگەيولسىزلىق قىلىپ جىدەللىشىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئاندىن مۇرتەد بولۇپ مەككىگە قېچىپ كەتكەن ئىدى. ھارىس ئىبنى نۇپەيل رەسۇلۇللاھقا ئۇ مەككىدىكى ۋاقتىدا تولىمۇ ئەزىيەت يەتكۈزگەنىدى. شۇڭا ئۇنى ئەلى ئۆلتۈردى. ھۇبار ئىبنى ئەسۋەد دېگەن كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى زەينەب ھىجرەت قىلماقچى بولۇپ چىققاندا ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ تۆگىسىنى ئ ۈركۈتكەن. نەتىجىدە ، زەينەب تۆگىدىن يىقىلىپ قورسىقىدىكى بالىسى چۈشۈپ كەتكەن . ھۇبار مەككە ئىشغال قىلىنغان كۈنى قېچىپ كەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئىسلامنى ق وبۇل قىلىپ ياخشى مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ كەتتى.

ئەمما، ئىبنى خەتەلنىڭ ھېلىقى ئىككى ناخشىچى دېدەكنىڭ بىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ نەخ مەيداندا ئىجرا قىلىندى. يەنە بىرىگە ئامانلىق تىلەنگەن بولغاچقا قالدۇرۇپ قويۇلدى. كېيىن ئۇ مۇسۇلمان بولدى. شۇنىڭدەك سارە دېگەن د ېدەككىمۇ ئامانلىق تىلىنىپ، ئۇمۇ كېيىن مۇسۇلمان بول دى. ئىبنى ھىجرى مۇنداق دېگەن: ‹‹ئەبۇ مەئشەرنىڭ زىكرى قىلىشىچە ، ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىل ىنغانلار ئىچىدە ھارىس ئىبنى تەلاتىل ئەلخۇزائىمۇ بار ئىكەن. ئۇنى ئەلى ئۆلتۈرگەن. ئىمام ھاكىمنىڭ زىكرى قىلغىنىدا ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىلىنغانلار ئىچىدە يەنە كەئەب ئىبنى زۇھەيرمۇ باركەن (ئۇنىڭ قىسسىۈسى ھەممىگە مەلۇملۇق. ئۇ شۇنىڭدىن خېلى كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەن ۋە رەسۇلۇللاھنى مەدھىيلەپ شېئىر ئوق ۇغان). شۇقاتاردا يەنە (رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ھەمزىنىڭ قاتىلى) ۋەھشي ئىبنى ھەرب ، ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئايالى ھىندى بىنتى ئ ۇتبە، (كېيىن مۇسۇلمان بولغان ) ئىبنى خەتەلنىڭ ئەرنەپ ئىسىملىك بىر دېدىكى (ئۆلتۈرۈلگەن) ۋە ئۇممى سەئەد ئىسىملىك يەنە بىر ئايال (ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلگەن) قاتارلىقلار بار ئىكەن. ئىبنى ئىسھاقنىڭ ئېيتىقىنىدا سەككىز ئەر ئالتە ئايال بولۇپ ئ ومۇمى سان توشقان. ئېھتىمال ئەرنەب، ئۇممى سەئەد دېگەنلەر مەزك ۇر ئىككى ناخشىچى ئايال شۇلار بولسا كېرەك.

## سەپۋان ئىبنى ئۇمەييە بىلەن پۇزالە ئىبنى ئۇمەيرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

سەپۋان ئىبنى ئۇمەييە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن جىنايەتچىلەر ئىچىدىكى ئادەتتىكى بىر جىنايەتچى ئۇ مەككە كاتتىۋاشلىرىنىڭ چوڭى بولغاچقا سۈپىتى بىلەن ئۆزىدىن ئۆزگە قورقۇپ قېچىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭغا ئۇمەير ئىبنى ۋەھەب جۇمەھى رەسۇلۇللاھدىن ئامانلىق تىلىگەنىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئامانلىق بەردى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مەككىگە يۈرۈش قىلغاندا كىيگەن سەللىسىنى بەلگە قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئ ۇمەير ئۇنىڭ كەينىدىن ئىز قوغلاپ چىقىپ جىددىدە كىمە بىلەن يەمەنگە قاچماقچى بولغان يېرىدىن قايتۇرۇپ كىردى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا ھازىر بولغاندا رەسۇلۇللاھقا: ‹‹ماڭا ئىككى ئايلىق م ۆھلەت بەرسەڭ ئويلىنىۋالسام ››، دېگەنىدى ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: ‹‹ساڭا تۆت ئايلىق ئويلىنىش پۇرسىتى بىرەي ›› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خېلى كېيىن مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى ئىلگىرىكى نىكاھى بىلەن قالدۇردى. پۇزالە ئىبنى ئۇمەيرگە كەلسەك ئۇ ناھايىتى يۈرەكلىك ، جەسۇر ئادەم ئىدى. ئۇ شۇ كۈنى رەسۇلۇللاھ تاۋاپ قىلىۋاتقاندا پىچاق ئۇرۇپ رەسۇلۇللاھنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ پۇرسەت پايلاپ يۈردى. بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئۇشتۇمتۇت يېنىغا چاقىرىپ ئۇنىڭ نىيەت مەقسەتلەرنى قىلىپ يۈر ۈۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ئىدى . ئۇ شۇئان شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

## مەككە ئىشغال قىلىنىپ 2 ـ كۈنى رەسۇلۇللاھ يەنە نۇتۇق سۆزلىدى

مەككە ئىشغال قىلىنغاننىڭ ئەتىسى رەسۇلۇللاھ كۆپچىلىككە يەنە سۆز قىلدى . ئۇ ئەۋەل ئاللاھقا ھەمد ۋسانا ئېيتتى ۋە تېگىشلىك تەمجىد (ئاللاھنىڭ ئەيىپ ـ نوقساندىن خالىي ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان سۆز ئىبارىلەر) ئېيتتى. ئاندىن مۇنداق دېدى: ‹‹ئەييۇھەنناس! (ئى خالايىق !) چوقۇم ئاللاھ بۇ مەككىنى ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان كۈنىلا ھارام (ئۇرۇش قىلىش، ناھەق قان تۆكۈش ھارام قىلىنغان جاي) قىلىپ بېكىتكەنىدى. شۇڭا بۇ مەككە ئاللاھنىڭ ھارام قىلىشى بىلەن قىيامەت كۈنىگە قەدەر ھارامدۇر، شۇڭا ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان ھەر قانداق بىر كىشىگە مەككىدە قان تۆكۈش ھالال بولمايدۇ. ئۇنىڭ دەل ـ دەرەخلىرىنى خالىغانچە چاتاپ كېسىشكە يول قويۇلمايدۇ. ناۋادا بىر كىشى م ېنىڭ مەككىگە يۈرۈش قىلغانلىقىمنى باھانە قىلىپ دۈرۈسلۇققا يول ئىزدىسە ئۇنىڭغا: ‹‹ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىگە رۇخسەت قىلغان، سىلەرگە رۇخسەت قىلغىنى يوق ، دەڭلار. ماڭا ھېلىقى كۈنى كۈندۈزدىن مەلۇم ۋاقىت رۇخسەت قىلىنغان ئىدى. بۈگۈن يەنە ئۇنىڭ ھۆرمىتى (يەنى ھاراملىق پەزىلىتى) ت ۈنۈگۈنكىدەكلا ئەسلىگە قايتتى . بۇنى مۇشۇ يەردە بارلار يوقلارغا يەتكۈزسۇن ››، دېدى. يەنە بىر ئىباردە رەسۇلۇللاھ: ‹‹ھەرەمنىڭ دەرىخى كېسىلمەيدۇ، ياۋايى ھايۋانلىرى ئۈركۈتۈلمەيدۇ، چۈشۈپ قالغان نەرسىلەرنى تونۇشتۇرغۇچى (ئېلان قىلغۇچى)لاردىن ئۆزگىلەرنىڭ تېپىپ ئېلىشىغا بولمايدۇ. ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىلمايدۇ››، دېدى. بۇ چاغدا ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ! پەقەت ئىزخىرنى قالدۇرساڭ ، ئۇ ئاھالىلارنىڭ ئوتۇن ۋە تۆمۈرچىلىرىگە ھەمدە ئۆي ـ ئىمارەتلىرىگە كېرەكلىك ئىدى›› دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: ‹‹ئىزخىر بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر ››، دېدى. خوزائە قەب ىلىسىنىڭ ئادەملىرى شۇ كۈنى بەنى لەيس قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنى جاھىلىيەت (ئىسلامنىڭ ئالدىدىكى مەزگىل) تىكى بىر كونا قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنىدى، رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە توختىلىپ: ‹‹ئى خۇزائە خەلقى! ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ئادەم ئۆلتۈرۈش ياخشى بولغان بولسا نۇرغۇن ئادەم لەر ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتى. سىلەر بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپسىلەر ، ئەمدى ئۇنىڭ دىي ىتى (تۆلەم قان پۇلى)نى مەن تۆلەيمەن. ھەركىم بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئادەم ئۆلتۈرسە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى ئىككى خىل تاللاشنىڭ بىرىنى ئىختىيار قىلسا بولىدۇ، خالىسا قىساس ئۈچۈن قاتىلنى ئۆلتۈرىدۇ، خالىسا ئۇلاردىن دىيەت (قان پۇلى) تۆلىمىنى تۆلىتىپ ئالىدۇ››، دېدى. يەنە بىر ئىباردە بۇ چاغدا يەمەنلىك بىر ئادەم (ئۇنىڭ ئىسمى ئەبۇ شاھ دەپ ئاتىلاتتى) : ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا يازدۇرۇپ بەرگەن بولساڭ ››، دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ: ‹‹ئەبۇ شاھقا (يۇقىرىقىلارنى) پۈتۈپ بېرىڭلار ››، دېدى.

## ئەنسارلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ مەككىدە قېپقېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى

مەككە پەتھىسى غەلىبىلىك ئاياغلاشقاندىن كېيىن، (ھالبۇكى مەككە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز يۇرتى، ئانا ۋەتىنى ۋە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جاي) ئەنسارلاردا مۇنداق بىر خىل ئەنسىرەش كەيپىياتى پەيدا بولدى. ئۇلار ئۆزئارا: ‹‹قاراڭلار، ئاللاھ رەسۇلۇللاھقا ئۆز زېمىنىنى، ئانا يۇرتىنى پەتھى قىلىپ بەردى، ئەمدى ئۇ بۇ يەردە قېپقالارمۇ ؟››دېيىشتى (بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەپا تېغىدا قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىۋاتاتتى). ئۇ دۇئادىن پارىغ بولغاندىن كېيىن ئەنسارلارغا: ‹‹بايام نېمىلەرنى دېيىشتىڭلار؟›› دېدى، ئۇلار: ‹‹ھېچ نېمە دېمىدۇق ، ئى رەسۇلۇللاھ !›› دەپ تۇرۇۋالدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن كوچىلاپ سورىغاندى، ئاخىرى ئۇلار كۆڭلىدە دەككە-دۈككىدە قالغانلىقلىرىنى ئېيتتىشتى . شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: ‹‹ئۇنداق قىلىشتىن خۇدا ساقلار، ياشىساممۇ سىلەر بىلەن ياشايمەن، ئۆلسەممۇ سىلەر بىلەن ئۆلىمەن››، دېدى.

## (بەيئەت) ئەھدىنامە ئېلىش

ئاللاھ مەككىنى رەسۇلۇللاھقا ۋە مۇسۇلمانلارغا پەتھى قىلىپ بەرگەندىن كېيىن مەككىلىكلەرگە ئىش ئايان بولدى ۋە ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھەق ۋە ناھەق ئايدىڭلىشىپ مۇسۇلمان بولماقتىن باشقا چىقىش يولى يوقلۇقىنى ت ونۇپ يەتتى . شۇڭا ئۇلار ئۆزۈلىكىدىن جەم بولۇپ رەسۇلۇللاھقا بەيئەت (ئەھدى) بېرىپ بويسۇندىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەپاغا چىقىپ ئولتۇرۇپ كىشىلەردىن بەيئەت (ئەھدى) ئېلىشقا باشلىدى . ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەسۇلۇللاھنىڭ سەل ت ۋۋىنىدىرەك تۇرۇپ رەسۇلۇللاھقا ۋاكالىتەن ئەھدى ئا لدى. كىشىلەر رەسۇلۇللاھقا قۇدرىتىنىڭ ي ېتىشىچە گېپىنى ئاڭلاشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا بەيئەت (ئەھدى-پەيمان) ب ېرىشتى . ‹‹مەدارىك›› دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، رەسۇلۇللاھ شۇ كۈنى ئەرلەردىن بەيئەت ئېلىشتىن پارىغ بولغاندىن كېيىن ، ئاياللاردىن بەيئەت ئېلىشقا باشلىغان . ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەسۇلۇللاھدىن سەل پەسرەك بىر يەردە ئولتۇرۇپ ، ئاياللاردىن رەسۇلۇللاھنىڭ د ېگىنى بويىچە بەيئەت ئالغان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ دېگەنلىرىنى ئاياللارغا يەتكۈزگەن ئىدى . شۇچاغدا ھىندى بىنتى ئۇتبە (ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرى بنىڭ ئايالى ) ئۆزىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ھەمزىگە قىلغان ۋەھشي قىلمىشى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ تونۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ باشقىچە ياسىنىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا بەيئەتكە تۇرغانىدى ، رەسۇلۇللاھ ئاياللارغا سۆز قىلىپ: ‹‹مەن سىلەردىن ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بەيئەت ئالىمەن ››، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئ ۆمەر ئاياللاردىن ‹‹ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى ش ېرىك كەلتۈرمەسلىككە ›› بەيئەت ئالدى . ئاندىن رەسۇلۇللاھ: ‹‹سىلەر ئوغرىلىق قىلمىغايسىزلەر››، دېگەنىدى، ھېلىقى ھىندى بىنتى ئۇتبە: ‹‹ ئەبۇ سۇفيان بەك بېخىل ئادەم ، ئۇنىڭ مېلىدىن خۇپىيانە تەسەررۇپ قىلسام قانداق بولار؟›› دەپ تاشلىدى. ئەبۇ سۇفيان شۇ يەردە بار ئىدى. ئۇ: ‹‹مېنىڭ م ېلىمدىن خۇپىيانە تەسەررۇپ قىلغانلىرىڭ ساڭا ھالال ››، دېدى. رەسۇلۇللاھ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ ھىندى بىنتى ئۇتبە ئىكەنلىكىنى تونۇپ: ‹‹سەن بىنتى ئۇتبە ئىكەنسەن-دە؟›› دېۋىدى،

ئۇ: ‹‹ھەئە، مەن شۇ، ئى رەسۇلۇللاھ ! بۇرۇنقى ئىشلارغا سال ىۋات قىلسىلا، ئاللاھ ئۆزلىرىگىمۇ سالىۋات قىلار ››، دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ: ‹‹ئى ئاياللار ! سىلەر زىنا قىلمىغايسىزلەر››، دېگەندى. ئۇ: ‹‹ھۆر (ئازات ئېسىل) ئايال دېگەن زىنا قىلامتىكى؟ ›› دېدى. رەسۇلۇللاھ يەنە: ‹‹بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمىگەيسىزلەر ››، دېۋىدى، ئۇ: ‹‹بىز بالىلىرىمىزنى كىچىكىدە ئاسراپ تەربىي ىلەپ باققانىدۇق، چوڭ بولغاندا سىلەر ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭلار، بۇ ئىشنى ئۆزەڭلار ئوبدان بىلىسىلەر؟ ›› دېدى. (ئۇنىڭ ئوغلى ھەنزەلە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان بەدرى ئ ۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەنىدى). ئۆمەر كۈلۈپ، تېلىقىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ: ‹‹بۆھتان توقۇمىغايسىلەر››، دېۋىدى، ھىندى: ‹‹ئەزىبرايى خۇدا، بۆھتان دېگەن قەبىھ سەت ئىش، سەن بىزنى ياخشى ئىش ۋە مەكارىم (ئىسىل) ئەخلاققا بۇير ۇيدىكەنسەن››، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئاخىرىدا: ‹‹توغرا ئىشلاردا ماڭا ئاسىي بولمىغايسىلەر››، دېۋىدى، ئۇ: ‹‹ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بۇ يەردە كۆڭلىمىزگە ئاسىيلىق قىلىشنى پۈكۈپ ئولتۇرمىدۇق››، دېدى.

بۇ ئايال بەيئەتتىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ بۇتلىرىنى ئۆز قولى بىلەن چ ېقىشقا باشلىدى. ئۇ: ‹‹بىز ساڭا تولىمۇ ئالدىنىپ ئۆتۈپتىكەنمىز››، دەيتتى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ مەككىدە تۇرغان مەزگىلى ۋە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى

رەسۇلۇللاھ مەككىدە ئون توققۇز كۈن تۇرۇپ، شەھەرنىڭ ئىسلامى بەلگە ئالامەتلىرىنى يېڭىلىدى. خەلقىنى ھىدايەتكە ۋە تەقۋادارلىققا يېتەكلىدى. ئۇ مۇشۇ جەريانىدا ئەبۇ ئۇسەيد خۇزائىنى بۇيرۇپ، ھەرەمنىڭ مۇنارلىرىنى يېڭىلاتقۇزدى. ئىسلام دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۇچۇن ئەتراپقا قوشۇنلارنى ئەۋەتتى ۋە مەككە ئەتراپىدىكى رايونلاردا بار بولغان بۇت - ھەيكەللەرنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۇچۇن ئايرىم قوشۇن ۋە پىدائىيلارنى ئەۋەتىپ بۇتلارنىڭ ھەممىسىنى چاققۇز ۇۋەتتى. مەككە كوچىلىرىغا جاكارچىلارنى چىقارتىپ: ‹‹كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىكەن ئۆيىدە بۇتنىڭ س ۇنىقىنىمۇ قويماي چېقىۋەتسۇن››، دەپ ئېلان قىلغۇزدى.

## قوشۇن ۋە پىدائىيلارنى ئەۋەتىش

1) رەسۇلۇللاھ مەككىنى پەتھى قىلىشتىن خاتىرجەم بولۇپلا خالىد ئىبنى ۋەلىدنى رامىزاننىڭ 25 - كۈنى (ھىجرىيەنىڭ 8 - يىلى) ئۇززا دېگەن بۇتنى چېقىۋەتىشكە ئەۋەتتى. بۇ بۇت ‹‹نەخلى›› دېگەن جايدا بولۇپ ، قۇرەيشلەر ۋە بارلىق بەنى كەنانە ئەۋلادلىرى چوقۇنىدىغان ئەڭ چوڭ بۇت ئىدى. بۇ بۇتقا بەنى شەيبان جەمەتى قارايتتى . خالىد ئۇ يەرگە ئوتتۇز ئاتلىق بىلەن ئاتلىنىپ بېرىپ ئۇنى چېقىۋەتتى. ئۇ مەككىگە قايتىپ كېلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن: ‹‹بىر نەرسە كۆردىڭمۇ؟ ›› دەپ سورىدى، خالىد: ‹‹ياق››، دېگەندى ، رەسۇلۇللاھ: ‹‹سەن ئۇنى يىقالماپسەن، شۇڭا قايتىپ بېرىپ ئۇنى

باشقىدىن يېقىۋېتىپ كەلگىن ››، دېدى. شۇنىڭ بىلەن خالىد دەرغەزەپ بولۇپ قىلىچىنى قىنىغىمۇ سالماي نەخلىگە ئات چاپتۇرۇپ باردى . بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئالدىغا ياپ ـ يالىڭاچ، قاراتەنلىك، چاچلىرى چۇۋۇق بىر خوتۇن چىقتى . بۇتقا قارىغۇچى شەيخ مۇشۇ خوتۇننىڭ تىلى بىلەن يىغلىغىلى تۇردى. خالىد بېرىپ بۇ خوتۇننى بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. ئاندىن مەككىگە قايتىپ رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلغانىدى، رەسۇلۇللاھ:
‹‹شۇنداق ئۇززا دېگەن بۇت شۇدۇر ، ئۇ سىلەرنىڭ زېمىنىڭلاردا ئىبادەت قىلىنىشىدىن ئەبەدىي ئۈمىدىنى ئۈزدى››، دېدى.

2) ئۇنىڭ كەينىدىنلا رەسۇلۇللاھ مۇشۇ ئاينىڭ ئۆزىدە ‹‹سۇۋائ›› دېگەن بۇتنى چېقىۋېتىش ئۈچۈن ئەمىرى ئىبنى ئاسنى يولغا سالدى. سۇۋائ ھۇزەيل قەبىلىسىنىڭ چوڭ بىلىدىغان بۇتى بولۇپ ، مەككىدىن ئۈچ مىل (بەش كىلومېتىر) يىراقلىقتىكى رىھات دېگەن جايدا ئىدى. ئەمىر ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىۋىدى، بۇتقا قارىغۇچى ئۇنىڭغا: ‹‹سەن نېمە ئىرادە بىلەن كەلدىڭ؟ ›› دەپ سورىدى . ئەمر ى: ‹‹مېنى رەسۇلۇللاھ مۇشۇ بۇتنى چېقىۋېتىشكە بۇيرىدى ››، دېۋىدى، بۇتقا قارىغۇچى: ‹‹سەن ئۇنى چېقىشقا قادىر بولالماي‌سەن ››، دېدى. ئەمر: ‹‹نېمىشقا؟››، دېگەندى. شەيخ : ‹‹مەنئىي قىلىنىسەن ››، دېدى. ئەمرى: ‹‹تاھازىرغىچە باتىل (كۇفرى)دىن ئۈمىد ئۈزمىدىڭمۇ؟ ھەي ئېسىت سېنى ، ئۇ دېگەن ئاڭ لىيالامتى ياكى كۆر لەمتى؟›› دېدى ، ئاندىن بېرىپ ئۇنى پاچاقلاپ تاشلىۋەتتى ۋە ئادەملىرىنى بۇيرۇپ ئۇنىڭ خەزىنە ئۆيىنى ئاقتۇرغانىدى، ئۇ يەردىن ھېچ نەرسە تېپىلمىدى . ئاندىن ئۇ بۇتقا قارىغۇچىغا: ‹‹قانداق؟ كۆردىڭمۇ؟ ›› دېۋىدى، بۇتقا قارىغۇچى: ‹‹ئاللاھقا تەسلىم بولدۇم››، دېدى.

3) مۇشۇ ئاينىڭ ئۆزىدە يەنە رەسۇلۇللاھ سەئەد ئىبنى زەيد ئەشھەلىينى يىگىرمە ئاتلىق بىلەن مانات دېگەن بۇتنى چېقىۋېتىشكە ئەۋەتتى. ئۇ قەدىد (جاي نامى) يېنىدىكى مۇشەللەل دېگەن يەردە بولۇپ ، ئەۋس ، خەزرەج ، غەسسان ۋە باشقا قەبىلىلەر مەخسۇس چوقۇنىدىغان بۇت ئىدى. سەئەد ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن بۇتقا قارىغۇچى ئۇنىڭغا: ‹‹نېمە مەقسەتتە كەلدىڭ؟ ›› دېدى. سەئەد : ‹مەنات›نى چاققىلى ››، دېۋىدى، بۇتقا قارىغۇچى: ‹‹نېمە قىلساڭ قىلغىن ››، دېدى . شۇنىڭ بىلەن سەئەد ھېلىقى بۇتنى چاققىلى باشلىۋىدى، باشلىرى چۇۋۇق ، تېنى يالىڭاچ قاپ ـ قارا بىر خوتۇن ئاللا تووۋا چاقىرىپ، مەيدە ـ باشلىرىغا ئۇرۇپ چىقىپ كەلدى . بۇتقا قارىغۇچى بۇ خوتۇنغا خىتاپ قىلىپ: ‹‹ئى مەنات! ساڭا ئاسىيي بولغانلارنى قەھرىڭگە ئالغىن ››، دېدى. شۇنىڭ بىلەن سەئەد ھېلىقى ئايالنى قىلىچلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاندىن بۇتقا تۇتۇش قىلىپ ئۇنى چېقىپ تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭ غەزىنىسىدىمۇ ھېچ نەرسە بايقىمىدى.

4) خالىد ئىبنى ۋەلىد ئۇززا دېگەن بۇتنى چېقىۋېتىپ كەلگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۇنى شەۋۋال ( 10 ـ ئاي) دا بەنى جوزەيمە خەلقىگە ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىشقا جەڭ قىلغۇچى قىسىم قىلىپ ئەمەس، بەلكى دەۋەتچى قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. ۇ مۇھاجىر ئەنسار ۋە بەنى سۇلەيمدىن بولۇپ ، 350 ئادەم بىلەن يولغا چىقتى . خالىد ئۇلارنىڭ مەھەللىسىگە يېتىپ بېرىپ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانىدى، ئۇلار‹‹ئەسلەمنا››، يەنى مۇسۇلمان بولدۇق، دېگەن گەپنى دېيەلمەي ‹‹سەبەئنا سەبەئنا›› يەنى، كونا دىندىن يېڭى

دىنغا چىقتۇق ، دېگىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن خالىد ئۇلا رنى ئۆلتۈرۈپ ئەسىر ئالغىلى تۇردى ۋە ھەر ئادەمگە بىردىن ئەسىرنى تۇتقۇزۇپ بەردى . ئاندىن بىر كۈنى تۇرۇپ ھەممەيلەننى قولىدىكى ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈۋ ېتىشكە بۇيرىدى. بۇ چاغدا ئىبنى ئۆمەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈ ېتىشكە قوشۇلمىدى ۋە قايتىپ كەلگەندە رەسۇلۇللاھقا ئەھۋالنى ئېيتقانىدى، رەسۇلۇللاھ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ: ‹‹ئى ئاللاھ ! مەن خالىدنىڭ ئىشلىرىدىن چىكارىگاد ۇرمەن›› دەپ ئىككى قېتىم تەكرارلىدى. بۇ قېتىم خالىدنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن باشقا بەنى سۇلەيىم خەلقى قوللىرىدىكى ئەسىرلەرنى تولۇق ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلىنى ئەۋەتىپ ئۇلاردىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە قان پۇلى تۆلىمىنى تۆلەپ بەردى ۋە ئىقتىسادى ز ىيىنىنى تولدۇرۇپ بەردى. بۇ قېتىم خالىد ئىبنى ۋەلىد بىلەن پېشقەدەم مۇھاجىر ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف ئوتتۇرىسىدا مۇشۇ ئىش توغرىسىدا خېلى قوپال گەپ-سۆزلەر بولغان ۋە ئېغىر ئارازلىق يۈز بەرگەنىدى. رەسۇلۇللاھ بۇنى ئاڭلاپ: ‹‹ئۆزۈڭنى بېسىۋال ئى خالىد ! پېشقەدەم ساھابىلىرىمدىن تىلىڭنى يىغقىن، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئ ۋھۇد تېغىدەك (مەدىنىدىكى بىر تاغ) ئالتۇن بولسا، سەن ئۇنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلساڭمۇ مېنىڭ پېشقەدەم ساھابىلىرىمدىن بىرىنىڭ بىر ئەت تىگەن ياكى بىر كەچلىكى قىلغان ئەمىلىنىڭ پەزىلىتىنى تاپالمايسەن››، دېدى.

مانا بۇلار مەككە پەتھىسى غازىيتىنىڭ تەپسىلاتىدۇر. بۇ غازات بۇتپەرەسلىكنىڭ ئەرەب يېرىم ئارال تۇپرىقىدىكى مەۋجۇدىيىتىگە يوچۇق ياكى ئورۇن قالدۇرماي ئۇنى تەلت ۆكۈس يوقاتقان ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا مەڭگۈلۈك خاتىمە بەرگەن تارىخى ئەھمىيەت كە ئىگە ، ھەل قىلغۇچ پەتھى ئ ۇرۇشى بولدى. بارلىق ئەرەب قەبىل ىلىرى مۇسۇلمانلار بىلەن بۇددىستلار ئوتتۇر ىسىدىكى تىركىشىش ۋە قانلىق توقۇنۇشلار ئەڭ ئاخىرقى ھىساپتا قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى كۈتمەكتە ئىدى. بۇ قەبىلىلەر: ‹‹ئۇلارنىڭ قايسىسى ھەق (توغرا يول) ئۈستىدە بولسا ھەرەمنىڭ ھوق ۇقىنى شۇلار ئىگ ىلەيدۇ››، دەپ قارايتتى . ئۇلارنىڭ بۇ قارىشى ۋە ئ ېتىقادى مۇشۇنىڭدىن دەل يېرىم ئەسىر ئىلگىرى ئەسھابول فىل (فىل ئۇرۇشىنى قوزغىغۇچى) قوشۇنى بەيتۇللا ھنى قەستلەپ كىرگەندە ئۇشتۇمتۇت ھەممىسى ھالاك قىلىنغان، ھەتتا بىرسىمۇ ئامان قالمىغاندىن ب ېرى تەدرىجى شەكىللەنگەن ۋە ئاستا-ئاستا مۇكەممەللىشىپ جەزىملەشكەن قاراش ئىدى. ھۇدەيبىيە شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشىمۇ بۇ ئۇلۇغ پەتھىنىڭ ئالدىن تەييارلىق خىزمىتى ۋە ئىستىراتېگىيىلىك مۇقەددىمىسى بولغانىدى. بۇ كېلىشىم بىلەن كىشىلەر خاتىرجەم بولغانىدى. ئىككى تەرەپ ئۆزئارا سۆزلىشەلەيدىغان، ئىسلام ئۈچۈن مۇنازىرە ئېلىپ بارالايدىغان، مەككىدە ئۆز ئ ېتىقادى ۋە دىيانىت ىنى يوشۇرۇپ كەلگەنلەر ھۇدەيبىيە شەرتنامىسىدىن كېيىن ئاشكارا دىنى ي پائالىيەت ئېلىپ بارالايدىغان ۋە دىنى ي دەۋەت ئېلىپ بارالايدىغان ، ھەتتا شۇ ھەقتە ئىلمى ي مۇنازىرە ۋە ئىلمى ي سۆھبەت ئۆتكۈزەلەيدىغان بولغانىدى. نەتىجىدە ، نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلامغا كىردى ياكى مايىل بولغانىدى. ھەتتا ھۇدەيبىيە شەرتنامىسى ئىمزالىنىشتىن ئىلگىرى تەشكىللەنگەن

غازاتلاردا ئۈچ مىڭگە يەتمەيدىغان ئىسلام قوشۇنىنىڭ سانى بۇ قېتىم بىراقلا 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

بۇ ھەل قىلغۇچ غازات كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر كۆزىنى ئاچتى ۋە ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇشقا توسالغۇ بولۇپ تۇر ۋۇاتقان جاھالەت قارا پەردىلىرىنى يىرت يپ تاشلىدى. بۇ پەتھى (غەلىبە) ئارقىلىق مۇسۇلمانلار پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ دىنىي ۋە سىياسى ي ۋ ەزىيىتىنى كونترول قىلىپ دىن بىلەن سىياس ى بىرلەشتۈرۈلگەن بىردىنبىر ھۆكۈمران كۈچكە ئايلاندى.

ھۇدەيبىيە شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپ ەئەتىگە قاراپ يۈزلەنگەن بۇ دەۋرىي باسقۇچ مەككە پەتھىسى بىلەن تولۇقلاندى ۋە پۈختىلاندى. بۇنىڭدىن كېيىن تامامەن مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە قاراپ يۈزلەنگەن، ۋەزىيەتنى پۈتۈنلەي مۇسۇلمانلار كونترول قىلغان، ئەرەب قەۋملىرىگە رەسۇلۇللاھقا ئەل بولۇپ كېلىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ۋە ئىسلام دەۋ ىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىشتىن باشقا چىقىش يولى قالمىغان يېڭى بىر دەۋر باشلاندى ۋە ئۇلارنى بۇ ۋەزىپىلەرگە لايىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئىشى كېيىنكى ئىككى يىلدا تاماملاندى.

## 3 ـ باسقۇچ دەئۋەت سەمەرىلىرى

ئۈچىنچى باسقۇچ رەسۇلۇللاھنىڭ ھايات مۇساپىسىنىڭ ئاخىرقى بىر باسقۇچى بولۇپ، بۇ رەسۇلۇللاھ نىڭ يىگىرمە نەچچە يىل مابەينىدە ئېلىپ بارغان ئۇزاق مۇددەتلىك كەسكىن سىياسى كۈرەشلەر ۋە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئېغىر ـ مۇشەققەت، پىتنە ـ پاسات، داۋالغۇشلارنىڭ نەتىجىلىرى كۆرۈلىدىغان باسقۇچ بولدى.

مەككە پەتھىسى مۇسۇلمانلار يېقىنقى يىللاردىن بېرى قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ زور مۇۋەپپىقىيەتلىك بىر قېتىملىق چوڭ غەلىبە بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن دەۋر چاقى ئۆڭغا بۇرۇلدى. ئەرەب ئاسمىنىنى قاپلىۋالغان قارا تۇمانلار ۋە زەھەرلىك ئىس ـ تۈتەكلەر باشقا ياقلارغا تاراپ جاھان يورۇدى . ھاسىل كالام، مەككە پەتھىسى ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنى ئايرىيدىغان كەسكىن بىر پاسىل بولدى. ئالايلى، قۇرەيش خەلقى ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدە دىنىنىڭ ھىماتچىلىرى ۋە ئۇنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئىدى . ئەرەبلەر بۇ جەھەتتە قۇرەيشلەرگە قاراشلىق ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا قۇرەيشلەرنىڭ ئىسلام ھاكىمىيىتىگە ئەل بولغانلىقى ئەرەب ئارىلىدىكى بۇددىنزىم دىيانىتىنىڭ تەلت ۆكۈس ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

بۇ باسقۇچنىمۇ يەنە مۇنداق ئىككى جەريانغا بۆلىشىمىز مۇمكىن:

1) يەنىلا جىھاد، كۆرەش قىلىش جەريانى.

2) ھەر قايسى خەلق ۋە ئايماقلارنىڭ بەس ـ بەس بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇپ كېتىش جەريانى.

بۇ ئىككى جەريان بىر ـ بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان ياكى مۇشۇ باسقۇچتا ئاقا ـ ئارقىدىن ۋۇجۇدقا چىققان، ھەتتا بۇ ئىككى جەريانى بىر ـ بىرىگە ئۆزئارا گىرەلىشىپ

كەتكەن دېڭىشكىمۇ بولىدۇ، بىراق ، بىز كىتا بىمىزنىڭ كۆن ـ تەرتى پى بويىچە ھەربىر جەريانىنى ئايرىم ـ ئايرىم تونۇشتۇرۇشنى لايىق كۆردۇق . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش ج ىھاد سەھىپىسى (جەريانى) ئالدىنقى باپلارنىڭ مەزمۇنىغا ماس ھەم بولالايدىغان بولغاچقا ئالدى بىلەن يەنىلا مۇشۇ سەھىپىنى تونۇشتۇردۇق

## ھۇنەيىن غازىتى

مەككە پەتھىسى ئۇشتۇمتۇت ئېلىپ بېرىلىپ، گويا چاقماق تېزلىكىدە قولغا كەلگەن بولغاچقا پۈتۈن ئەرەبلەر ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. ئەتراپتىكى قوشنا قەبىلىلەر ھەش ـ پەش دېگۈچە يۈز بەرگەن ، ئەمما توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ھاڭ ـ تاڭ قىلىشتى. شۇڭا ئۇلار ئىختىيارىي ۋەياكى ئامالسىزلىقتىن تەسلىم بولماي بولمىدى. بىراق، بۇ يەردە ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئۆزىنى كۈچلۈك چاغلايدىغان ھاكاۋاۋۇر قەبىلە ۋە ئايماقلارنى يوق دېگىلى بولمايتتى. ھەۋازىن ۋە سەقىف قەبىلىلىرى ئۆزلىرىگە بەنى نەسىر، بەنى جەشەم بەنى سەئەد ئىبنى بەكرى جەمەتى ۋە بەنى ھىلال ئايمىقىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەرنى (ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەيسى ئىيلان جەمەتىگە مەنسۇپ كىشىلەرئىدى)نى ئەگەشتۈرۈپ مۇسۇلمانلارغا قارشى توپلاندى. بۇ ئايماق ۋە قەبىلىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىپ بويسۇنۇشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئابرويىنى چۈشۈرگەنلىك، دەپ قاراپ نەسىر ئايمىقىدىن مالىك ئىبنى ئەۋف نەسرى دېگەن كىشىنىڭ ئەتراپىغا ئ ۇيۇشۇپ، ئۇنىڭ قوماندانل ىقىدا مۇسۇلمانلارغا قارشى يۈرۈش قىلىشقا بەلباغلىدى.

## دۈشمەن ئەۋتاس ۋادىسىغا كېلىپ چۈشتى

باش قوماندان مالىك ئىبنى ئەۋف مۇسۇلمانلارغا قارشى قوشۇن تارتىپ ئاتلانماقچى بولۇۋىدى، ئۇ قوشۇننى بارلىق مال ـ مۈلكى ۋە خوتۇن ـ بالا چاقىلىرى بىلەن بىرگە ھەيدەپ ماڭدى . ئۇ داۋاملىق ئىلگىرلەپ ئاخىرى ئەۋتاس ۋادىسىغا كېلىپ چۈشتى (ئەۋتاس ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ تەۋەلىكىدىكى ھۇنەيىنگە يېقىن بىر ۋاد ا ئىدى. (ھۇنەيىن زىلمەجاز تەرەپتىكى يەنە بىر ۋاد ا. دېمەك ھۇنەيىن، ئەۋتاس دېگەنلەر باشقا باشقا ۋادىلارنىڭ نامىدۇر). ئەۋتاس بىلەن مەككە ئارىلىقى ئەرە پات تەرەپتىن ھېسابلىغاندا ئون نەچچە مىل (20 كىلومېتىردەك كېلىدۇ.

## تەجرىبىلىك بىر مويسىپىتنىڭ قوماندانىنىڭ تەدبىرىنى خاتاغا چىقارغانلىقى

مالىك ئەۋتاس ۋادىسىغا كېلىپ چۈشكەندە ، قوشۇنىنىڭ باش ئاخىرى جەم بولدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دۇرەيد ئىبنى سەممەت ئىسىملىك( جەڭ تەدبىرلىرىگە ماھىر ، چىچەن

تەجرىبىلىك بىر دانىشمەن مويسىپىت) كىشىمۇ بار ئىدى. ئۇ مۇنداق دەپ سوراپ قالدى (ئۇ كۆزى كور بولغاچقا): ‹‹بىز ھازىر نەدە؟›› ئۇلار: ‹‹ئەۋتاستا›› دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئۇ: ‹‹ھە... ئات چاپتۇرۇش مەيدانى بەك قوپال ، قاتتىقمۇ ئەمەس ۋە بەك يۇمشاقمۇ ئەمەس، ئەجىبا مەن تۆگە بوتىقىلارلىرىنىڭ توۋلاشلىرىنى ئات ـ ئېشەكلەرنىڭ كىشنەشلىرىنى ۋە بوۋاق نارىسىدىلەرنىڭ يىغا ـ زارىنى ھەمدە قوي ـ قۇتازلارنىڭ مەڭرەشلىرىنى ئاڭلايمەنغۇ؟›› دەپ سورىدى. ئۇلار: ‹‹مالىك ئىبنى ئەۋف ئادەملەرنى خوتۇن بالا ـ چاقىلىرى ۋە مال ـ مۈلكى ھەتتا ئوغۇل ـ قىز پەرزەنتلىرى بىلەن ھەيدەپ كەلدى›› دېيىشكەندى، ئۇ مالىكنى چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەبنى سورىدى. ئۇ: ‹‹كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مال ـ دۇنياسى ۋە خوتۇن قىزلىرىنىڭ ئار نومۇسىنى قوغداش ئۈچۈن بولسىمۇ جان تىكىپ ئۇرۇش قىلسۇن ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم›› دېۋىدى، دۇرەيد ئويلانمايلا: ‹‹ئەزىبرايى خۇدا پادىچىنىڭ ئۆزى ئىكەنسەن (يەنى بەكمۇ ساددا ئىكەنسەن) ، مەغلۇپ بولغاندىن مەدەت سورىغان نەدە بار؟ ئۇرۇشتا غالىب كەلسەڭ ، ساڭا ئەسقاتىدىغىنى قورال ـ ياراقلىرى ئەل چەبدەس يىگىتلەر، ئەكسىچە مەغلۇپ بولساڭ مال ـ مۈلۈك خوتۇن باللىرىڭ ئالدىدا رەسۋايى جاھان بولغىنىڭ شۇ ، خوتۇن ـ قىزلىرىڭنى دۈشمەن خوتۇن قىلىدۇ›› دېدى. ئاندىن ئۇ بەزى ئايماق ۋە نوپۇزلۇق كىشىلەرنى سورۇشتۇرگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ‹‹ئى مالىك ! سەن ھەۋازىن خەلقىنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى، ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنياسىنى دۈشمەننىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ياخشى ئىش قىلماپسەن. شۇڭا سەن ئۇلارنى ئەسلى ماكانىغا قايتۇرۇۋەت، ئاندىن بۇ ياتىدىندىكىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغىن، غەلىبە قىلساڭ خەلقىڭ كېلىپ تەبرىكلەيدۇ، ناۋادا مەغلۇپ بولساڭ خوتۇن ـ قىزلىرىڭنى ۋە مال ـ دۇنيالىرىڭنى ئار ـ نومۇستىن ساقلاپ قالىسەن›› دېدى. لېكىن (باش قوماندان) مالىك بۇ تەلەپتىن باش چايقىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ‹‹ئەزىبرايى خۇدا ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، قەسەم قىلالايمەنكى ھەۋازىن خەلقى ماڭا چوقۇم ئىتائەت قىلىدۇ، بولمىسا ئۆز قىلىچىم بىلەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۋالىمەن››. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: ‹‹مالىكقا ئىتائەت قىلىمىز›› دەپ چۇقان سېلىشتى ، شۇڭا دۇرەيد: ‹‹بۇ ئەسلى مەن قاتناشمايدىغان ۋە قېچىپمۇ قۇتۇلالمايدىغان بىر كۈن بولدى›› دېدى ۋە تۆۋەندىكى قوشاقنى ئېيتتى:

مەن ئۆزەم بىر نەۋقىران ،
بولاي بۇگۈن پەھلىۋان.
ياۋ قىزنى ئەسىر ئېپ(ئېلىپ)،
ھەيدەپ ماڭسام شادىمان.

## دۈشمەن تەرەپنىڭ ئاخبارات ئىگىلىشى

مالىكنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كېلىشكە ئەۋەتكەن پايلاقچىلىرى قايتىپ كەلدى . ۋەھالەنكى ، ئۇلارنىڭ روھى ي ھالىتى تولىمۇ غەمكىن ۋە ئالاقزادە كۆرۈنەتتى. مالىك ئۇلارغا: ‹‹ۋاي سىلەرنى، سۆزلەڭلەرچۇ؟ بۇ نېمە ئىش؟›› دېگەندى، ئۇلار

دۇدۇقلاپ: ‹‹ئەزبىرايىي خۇدا، ئاق ئاتلىق ئاق كىيىملىك سەرۋازلارنى كۆرۈپ ۋۇجۇدىمىزنى تىترەك باستى. ئەزبىرايىي خۇدا، بىزنىڭ شۇنىڭدىن بېرى ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالىمىز قالمىدى››، دېدى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ دۈشمەنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئەھۋال ئىگىلىشى

رەسۇلۇللاھ ئىگىلىگەن ئاخباراتلىرىدىن دۈشمەنىنىڭ ئاتلانغانلىقى مەلۇم بولغانىدى. شۇڭا ئۇ ھەدرەدىلئەسلەمىي‌نى ئەۋەتىپ دۈشمەنىنىڭ ئىچكى قىسمىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۇ يەردە مۇۋاپىق مۇددەت تۇرۇپ، ئەھۋال ئىگىلەپ كېلىشكە بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يولغا چىقىپ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىپ قايتىپ كەلدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن ھۇنەينگە قاراپ ئاتلاندى

شەنبە (ھىجرىيىنىڭ 8 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 6 ـ)كۈنى سەھەردە رەسۇلۇللاھ مەككىدىن ئايرىلىپ (بۇ مەككىنى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 19 ـ كۈنىگە توغرا كېلەتتى) 12 مىڭ ساھابە بىلەن ئاتلاندى . بۇلارنىڭ 10 مىڭى مەدىنىدىن كەلگەنلەر، ئىككى مىڭى مەككىدە يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى . رەسۇلۇللاھ بۇ غازات ئۈچۈن سەفۋان ئىبنى ئۈمەييەدىن 100دانە ساۋۇتنى بىر يۈرۈش ئەسلىھەلىرى بىلەن ئارىيەت ئالدى ۋە ئەتتاب ئىبنى ئەسىيدنى مەككىگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى . شۇ كۈنى كەچ كىرىپ گۇگۇم چۈشۈۋېدى، ئاتلىق بىر كىشى كېلىپ مۇنداق بىر مەلۇماتنى يەتكۈزدى: ‹‹مەن پالان تاغقا چىققانىدىم ، ئۇ يەردە ھەۋازىن خەلقىنىڭ چوڭ ـ كىچىك، قىرى ـ ياش، بالا ـ چاقا، قوي ـ كالىلىرى بىلەن توپلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ››، دېدى. رەسۇلۇللاھ بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ‹‹ئىنشائەللا (خۇدا خالىسا) ئەتە شۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ بولىدۇ ››، دېدى. شۇ كۈن دىكى كۆزەتچىلىكنى ئەنەس ئىبنى ئەبى مەرسەدىلغەنەۋى زىممىسىگە ئالغانىدى.

مۇسۇلمانلار ھۇنەينگە كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدە ياپ ـ يېشىل ئۆسكەن چوڭ بىر تۈپ سىدرە دەرىخىنىڭ تۈۋىدىن ئۆتتى. ئۇ زاتى ئەنۋات دەپ ئاتىلاتتى. شۇ يەردىكى ئەرەبلەر بۇ دەرەختىن تەبەررۈك تىلەپ ئۇنىڭغا قورال ـ ياراقلىرىنى ئېسىپ، ئۇنىڭ تۈۋىگە مال بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلاتتى، يىغلاپ زارلىناتتى. بۇ چاغدا بەزىلەر: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنىڭ ‹زاتى ئەنۋات › بار بولغىنىدەك(يەنى مۇبارەك دەرەخ ) بىزگىمۇ ‹زاتى ئەنۋات › قىلىپ بەرسەڭ ››دېدى. رەسۇلۇللاھ بۇ گەپكە خاپا بولۇپ: ‹‹ئاللاھۇئەكبەر (ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر)، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، خۇددى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا: ‹بىزگىمۇ ئۇلارنىڭكىدەك ئىلاھ تىكلەپ بەرگىن ›، دېگىنىدەك گەپ قىلدىڭلار. مۇسا: ‹سىلەر تولىمۇ نادان خەلق ئىكەنسىلەر ›، دېگەنىدى. بۇ تارىخى قانۇنىيەت ، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر باسىسىلەر ››دېدى. يەنە بەزىلەر ئۆز قوشۇنىنىڭ

كۆپلۈكىنى كۆرۈپ: ‹‹بۈگۈن قەتئىي مەغلۇپ بولمىغۇدەكمىز››، دېيىشكەنىدى. بۇ گەپ رەسۇلۇللاھقا قاتتىق ئېغىر كەلدى.

## ئىسلام قوشۇنى ئۇشتۇمتۇت دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى

ئىسلام قوشۇنى ھۇنەينگە شەۋۋال ( 10 ـ ئاي) نىڭ 20 ـ كۈنى سەيشەنبە كېچە يېتىپ باردى. مالىك ئىبنى ئەۋف بۇ يەرگە ئاللىبۇرۇن يېتىپ كېلىپ بولغان بولۇپ، ئۇ بۇ تەرەپلەردىكى ئىستىرات ېگىيىلىك ئۇرۇنلارغا قوشۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇر ۋۇالغانىدى. يوشۇرۇنۇش مۇمكىن بولغان يول ئېغىزى، جىلغا، تارچۇق، قىيا چو قۇقا ۋە كىرىش ئېغىزلىرىغا بۆكتۈرمە قوشۇن تارقىتىپ مۇسۇلمانلار كۆرۈنگەن ھامان ئوق بىلەن زەربە بېرىشكە، ئاندىن بىراقلا قوزغ ىلىپ يەر يۈزى ھۇجۇمى قوزغاشقا بۇيرۇق بەرگەنىدى .

ئەتىسى تاڭ سەھەردە رەسۇلۇللاھ قوشۇننى رەتكە سالدى ۋە تۇغ ـ ئەلەملەرنى ھەرقايسى قىسىملارغا تارقىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار سەھەر ئالا قاراڭغۇدا ھۇنەين ۋادىسىغا قاراپ تۆۋەن چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلار بۇ يوللاردا ۋە جىلغىلاردا دۈشمەن بۆكتۈرمە قوشۇنى بارلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلار شۇنداق تىزلىك بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان بىر پەيتتە ئۇشتۇمتۇت ئ ۈستى ـ باشلىرىغا قار ـ يامغۇردەك ئوقلار يېغىپ كەتتى. ئالدى تەرەپتىن دۈشمەنلەر چۇقان سېلىپ دىۋەيلەپ كەلدى . بۇ چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلىرى چۇۋالچاقلىشىپ، تەرتىپسىز ھالدا قېچىشقا باشلىدى. ھېچ كىشى ھېچ كىشىگە باقمايتتى. بۇ ئۇشتۇمتۇت بېرىلگەن زەربە ئاجايىپ تالاپەت بولدىكى، ھەتتا ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب (ئۇ يېڭىدا مۇسۇلمان بولغان بولغاچقا): ‹‹ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەغلۇبىيىتى قىزىل دېڭىز بويىدا ئاخىرلاشقۇدەك ››، دېدى. جىبىللە (ياكى كەلدە) ئىبنى ج ۈنەيد دېگەن كىشى: ‹‹ئى خالايىق! بۈگۈن سېھىر ئىشلىمەي قالدى ››، دەپ ۋارقىرىدى، ئەمما رەسۇلۇللاھ قېچىۋاتقانلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ئەسلىدىكى ئورنىدىن تەۋرەنمەي تۇردى ۋە: ‹‹ئى خالايىق! بۇ ياققا كېلىڭلار، مانا مەن رەسۇلۇللاھ بۇ يەردە، مانا مەن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا بۇ يەردە››، دەپ توۋلايتتى. بۇچاغدا ئۇنىڭ يېنىدا مۇھاجىرلار ۋە ئۆز ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بولۇپ ، ساناقلىق بىر قانچە كىشىلا قالغانىدى. مانا مۇشۇ يەردە رسۇلۇللاھنىڭ تەڭداشسىز جەسۇر قىياپىتى ۋە ھېچنىمىدىن قورقماس باتۇر خىسلىتى ھەقىقىي رەۋىشتە نامايەن بولدى. ئۇ ھەدەپ خېچىرىنى دۈشمەن تەرەپكە دېۋىتىپ:

مەن پەيغەمبەر راست سۆزۈم ،  
يالغان ئېغىز ئاچمايمەن.  
ئابدۇلمۇتەللىپ پۇشتى مەن،  
ياۋ پۇشتىدىن قورقمايمەن.

دەيتتى. بىراق رەسۇلۇللاھنىڭ خېچىر ىنىڭ تىزگىنىنى ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ۋە ئۇنىڭ ئىگ ەر ئ ۈزەڭگىسىنى تاغىسى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ چىڭ تۇتىۋالغان بول غاچقا، خېچىرنى ماڭغىلى قويماۋاتاتتى . ئاندىن

رەسۇلۇللاھ ئاتتىن چۈشۈپ پەرۋەردىگار تائالادىن : ‹‹ئى ئاللاھ! ياردىمىڭنى نازىل قىلغىن››، دەپ مەدەت تىلىدى.

## مۇسۇلمانلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى ۋە جەڭ مەيدانىنىڭ قايتا قىزىغانلىقى

رەسۇلۇللاھ تاغىسى ئابباس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نى بۇيرۇپ، ساھابىلەرنى توۋلاتقۇزدى (ئۇ ئاۋازى يۇقىرى كىشى ئىدى). ئاببار مۇنداق دەيدۇ: ‹‹شۇنىڭ بىلەن مەن پۈتۈن ئاۋازىم بىلەن: ‹رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلار نەدە؟!› دەپ توۋلىدىم . قەسەم قىلالايمەنكى، ئۇلار مىنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ: ‹لەببەي، لەببەي › (مانا بىز ، مانا بىز) دېيىشىپ، ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىشتى ››. بىر ئادەم تۆگە بىلەن قېچىۋاتقان بولسا بۇ ئاۋازنى ئاڭلا پلا، تۆگىنى ئاۋاز تەرەپكە بۇر ايتتى ، ئەمما ئۇنىڭ تۆگىنى قايتۇرۇشقا مادارى يەتمەيتتى دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇساۋۇت ۋە قىلىچ، نەيزە قاتارلىق جەڭ قورالىرىنى قولىغا ئېلىپ تۆگىدىن سەكرەپ ئاۋاز تەرەپكە چاپاتتى. تۆگىسى بىر ھازاغىچە چېپىپ ھارغاندا توختايتتى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا يۈزدەك ئادەم جەم بولىۋدى، ئۇلار سەپ تارتىپ دۈشمەن تويىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇلار بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن دەئۋەت ئەنسارلار قارىتىلدى: ‹‹ئى ئەنسار جامائەسى! ئى ئەنسارلار! ›› دەپ چاقىرىلدى. ئاندىن بەنى ھارىس ئىبنى خەزرەج (ئەنسارلارنىڭ بىر ئايىمىقى)گە ئالاھىدە قارىتىلىپ چاقىرىلدى. گويا ئۇركۇتۇلگەن جەرەندەك قېچىۋاتقان مۇسۇلمانلار بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۇۋغا ئېتىلغان يولۋاستەك ئېتىلىپ كېلىشتى . نەتىجىدە ، ھەر ئىككى تەرەپ ئاجايىپ جاسارەت ، ئاجايىپ قەھرىمانلىق بىلەن ئېلىشتى رەسۇلۇللاھ‹‹جەڭ مانا ئەمدى قىزىدى››، دېدى. ئاندىن يەردىن بىرچاڭگال توپىنى ئېلىپ: ‹‹دۈشمەنلەر خار بولسۇن!›› دەپ ئۇلار تەرەپكە چاچقانىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى توپىغا توشۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى بوشىشىپ ، سەپ ـ تەرتىپلىرى چاۋالچاقلاشتى ، ئىشلىرى كەينىگە چېكىندى.

## دۈشمەنىنىڭ روھى سۇنۇپ كەڭ ـ كۆلەمدە مەغلۇپ بولۇشى

رەسۇلۇللاھ ھېلىقى بىر سىقىم تۇپراقنى چېچىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا دشمەن تەرەپكە ئېغىر مەغلۇبىيەت يۈزلەندى. سەقىف قەبىلىسىدىنلا يەتمىشكە يېقىن مۇشرىك جەڭگىر ئۆلتۈرۈلدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ھەيدەپ كەلگەن مال ـ مۈلۈك، قورال ـ ياراق ۋە خوتۇن ـ قىزلىرىنى يېغىپ ئۆتكۈزىۋالدى. ئاللاھ قۇرئاندا بۇ ئۆزگۈرۈشلەرگە ئىشارەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ نَصَرَكُمُ اللّهُ فِي مَوَاطِنَ كَثِيرَةٍ وَيَوْمَ حُنَيْنٍ إِذْ أَعْجَبَتْكُمْ كَثْرَتُكُمْ فَلَمْ تُغْنِ عَنكُمْ شَيْئًا وَضَاقَتْ عَلَيْكُمُ الأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ ثُمَّ وَلَّيْتُم مُّدْبِرِينَ ثُمَّ أَنَزلَ اللّهُ سَكِينَتَهُ عَلَى رَسُولِهِ وَعَلَى الْمُؤْمِنِينَ وَأَنزَلَ جُنُودًا لَّمْ تَرَوْهَا وَعذَّبَ الَّذِينَ كَفَرُواْ وَذَلِكَ جَزَاءُ الْكَافِرِينَ﴾ ‹‹ۋە ھۇنەين كۈنىدە (ھۇنەين جېڭىدە) ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار ، (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ

سانىمىز كۆپ، مەغلۇپ بولمايمىز دېدىڭلار بۇ چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 12 مىڭ، مۇشرىكلار نىڭ سانى 4000 ئىدى) سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى، (قاتتىق قورققىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى، ئاندىن (مەغلۇپ بولۇپ رەسۇلۇللاھنى ئازغىنا مۇئمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار ئاندىن ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە م ۇئمىنلەرگە مەرھەمەت قىلىپ خات ىرجەملىك بېغىشلىدى. سىلەرگە قوشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى. ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار)، ئاللاھ كافىرلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش بىلەن) ئازابلىدى. كافىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇدۇر » (« قۇرئان كەرىم» 9 ـ سۈرە 25 ـ، 26 ـ ئايەتلەر).

## قوغلاپ زەربە بېرىش ھەرىكىتى

دۈشمەن تەرەپ جەڭ مەيدانىدا ئېغىر شىكەستە ي ېگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى تائىف تەرەپكە، يەنە بىر بۆلىكى نەخلى دېگەن جايغا، ئۈچىنچى بىر بۆلىكى ئەۋتاسقا قاراپ. تىكىۋېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەۋتاسقا ئەبۇ ئامىر ئەشئەرى باشچىلىقىدا بىر تۈركۈم قوغلاپ زەربە بەرگۈچى قىسىمنى ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار دۈشمەن بىلەن ئازراق تىركىشىپ، ئاخىر دۈشمەننى مەغلۇپ قىلدى. شۇ قېتىمقى تىركىشىشتە قىسىم قوماندانى ئەبۇ ئامىر ئەشئەرى شەھىد بولۇپ كەتتى.

يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتلىق چەۋەندازلىرىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر نەخلىگە قاچقان مۇشرىك قاچاق قوشۇننى قوغلاپ زەربە بەردى. قاچقۇنلار ئىچىدە د ۇرەيد ئىبنى سەمەت قولغا چۈشكەن بولۇپ، ئۇنى رەبىئە ئىبنى رەفيىئ ئۆلتۈردى. ئەمما، مۇشرىكلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى قاچاق قوشۇنى تائىفقا كىرىپ پانا ھلىنىۋالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ بولارغا غەنىمەتلەرنى جەملەپ بولغاندىن ك ېيىن ئۆزى بىۋاستە قوشۇن تارتىپ جازا يۈرۈشى قوزغىدى.

## ھۇنەين غەنىمەتلىرى

بۇ قېتىم قولغا چۈشكەن غەنىمەتلەرنى تۈر بويىچە ھېسابلىغاندا ئالتە مىڭ ئادەم، 24 مىڭ تۆگە، 40 مىڭ دىن كۆپرەك قوي، تۆت مىڭ ئوقىيە (بىر ئوقىيە 37.4 گىرامغا تەڭ) كۈمۈش قاتارلىقلار ئىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ غەنىمەتلەرنى جەملەپ جىئ ىررانە دېگەن جايدا توختىتىپ تۇرۇشقا مەسئۇد ئىبنى ئەمرىلغىپارنى مەسئۇل قىلدى ۋە تائىف غازىتىدىن پارىغ بولغانغا قەدەر بۇ غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلمىدى. ئەسىرلەر ئىچىدە رەسۇلۇللاھنىڭ ئېمىلدەش ھەمشىرىسى شەيما بىنتى ھارىس سەئەدىمۇ بار ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى رەسۇلۇللاھقا تونۇشتۇرغانىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئۇنىڭدىكى مەلۇم بىر بەلگە بىلەن تونۇۋېلىپ ناھايىتى خۇش بولدى ۋە ئۇنىڭغا

ئۈستىدىكى رىداسىنى سېلىپ ئولتۇر ۋشقا تەكلىپ قىلدى ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ قوۋۋەتتى.

## تائىف غازىتى

بۇ غازات تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا ھۇنەيىن غازىتىنىڭ داۋامىدۇر ، چۈنكى ، ھۇنەيىن جەڭ مەيدانىدا مەغلۇپ بولغان ھەۋازىن ۋە سەقىف قاچاق قوشۇنى باش قوماندان (مالىك ئىبنى ئەۋف) بىلەن بىللە تائىف قورغىنىغا كىرىپ مۇداپىئەلىنىۋالغانىدى. رەسۇلۇللاھ ھۇنەيىندىكى غەنىمەتلەرنى يىغىپ جىئىررانىگە ئورۇنلاشتۇرۇشتىن پارىغ بولۇپلا، مۇشۇ ئاي (يەنى شەۋۋال)نىڭ ئۆزىدە تائىفقا جازا يۈرۈش قىلدى. ئۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن خالىد ئىبنى ۋەلىدنى مىڭ كىشى بىلەن قوشۇنىنىڭ ك ۋزەتچىلىرى سۈپىتىدە ئالدىن يولغا سېلىۋەتكەنىدى. ئاندىن ئۇ چوڭ قوشۇننى باشلاپ ئۆزى بىۋاستە ئاتلاندى. ئۇ يول ئۈستىدە نەخلى، يامانىيە ئاندىن قەرنۇلمەنازىلنى بېسىپ ئۆتۈپ لەيىيە دەپ ئاتىلىدىغان بىر جايغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە مالىك ئىبنى ئەۋفنىڭ بىر قەلئەسى بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى چېقىپ تۈزلىۋېتىشكە بۇيرىدى. ئاندىن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ بىر چاغدا تائىفقا يېتىپ بېرىپ تائىف قەلئەسىگە يېقىن بىر جايغا چۈشۈپ شۇ يەرگە بارگاھ قۇردى ۋە قەلئەنى مۇھاسىرىگە ئالدى.

مۇھاسىرە خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى ئىمام مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە مۇھاسىرە قىرىق كۈن داۋاملاشقان ، دېيىلىدۇ. تارىخشۇناسلارنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشى ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەر: ‹‹20 كۈن››، دىسە، يەنە بەزىلەر ‹‹ئون نەچچە كۈن بولغان›› دەيدۇ. بىر سۆزدە «18 كۈن»، دېيىلسە يەنە بىرسۆزدە «15 كۈن»، دېيىلىدۇ. ھەر ھالدا مۇھاسىرە خ ېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان بولۇپ ، بۇ جەرياندا ئىككى تەرەپتىن بىر ـ بىرىگە ئوق ئېتىشىش ۋە توپ ئېتىشىشلار بولۇپ تۇرغان. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى مۇھاسىر ىگە ئالغان تۇنجى كۈنى دۈشمەن تەرەپ ئۇلارغا قەلئە ئۈستىدىن قار ـ يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ ، مۇسۇلمانلاردىن نۇرغۇن ئادەم يارىلانغان ۋە ئون ئىككى ئادەم (شەھىد بولۇپ كەتكەن). نەتىجىدە، مۇسۇلمانلار بارگاھنى ئەسلىدىكى ئورنىدىن ھازىرقى تائىف جامەسىنىڭ ئورنىغا يۆتكەشكە مەجبۇر بولغان ۋە مۇشۇ يەرنى بازا قىلىپ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىف كۈچلىرىگە مەنج انىق تىكلەپ ئۇلارنى توپقا تۇتقانىدى، بۇ تەدبىر بىر ئاز ئىشل ەپ قالدى. مەنچەنىق[1]تا ئېتىلغان تاشلار قەلئە تېمىدا چوڭ ـ كىچىك چاك ۋە شۇرا ـ يوچۇقلارنى پەيدا قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم كىشىلەر دەببابە (ھازىرقى زاماندىكى تانكا)نىڭ ئىچىگە كىرىپ تامنى تېشىش ئۈچۈن قەلئە تۈۋىگە بارغانىدى، دۈشمەن بۇلارغا قىپ ـ قىزىل قىزىتىلغان تۆمۈر زىخلارنى ئېتىپ

[1] مەنچەنىق ــــ ھازىرقى زامان جەڭ قوراللىرىدىكى ئايروپىلان ئاتارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان، بىرخىل چوڭ تىپتىكى ھەربىي قورال.

دەببابە[1] گە ئوت قويۇۋەتتى . ئۇنىڭ تېگىدىكىلەر قايتىپ چىقىۋىدى ، ئۈستىدىن ئوق ياغدۇرۇپ بىر قانچە كىشىنى شەھىد قىلىۋەتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە (دۈشمەننى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن جەڭ تەدبىرى سۈپىتىدە) تائىف ئۈزۈمزارلىقىنى كېسىپ تاشلاش ۋە باغ ـ بوستانلىرىغا ئوت قويۇشقا بۇيرىغانىدى ، مۇسۇلمانلار بىر بۆلۈك يەرلەرنىڭ تالللىقىنى ۋەيران قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سەقىق خەلقى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاللاھنىڭ ۋە سىيلە ـ رەھىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئوت قويۇشنى توختاتساڭ ، دەپ يالۋۇرۇشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئاللاھنىڭ ۋە سىيلە ـ رەھىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن دەپ قالدۇرۇپ قويىدى، ئارقىدىن جاكارچى چىقىرىپ: «كىمكى قەلئەدىن ئەل بولۇپ چۈشسە ، ئۇ ھۆر (ئازاد ئەمىن بولىدۇ »، دەپ ئېلان قىلغۇزدى . بۇ تەدبىرمۇ بەلگىلىك رول ئوينىدى. نەتىجىدە يىگىرمە ئۈچ ئادەم ھەرخىل يوللار بىلەن قەلئەدىن چۈشۈپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر كىشى تائىف قەلئەسى ئىچىدىكى بىر سۇ تارتىش ئەسۋابىنىڭ ئارغامچىسى بىلەن قەلئە ئۈستىدىن سى يېرىلىپ چۈشكەنىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى شۇ مەنانى ئىپادىلەيدىغان «ئەبۇ بەكرەتە» (ئارقانچى) دەپ ئاتاپ قويىدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرۈم قىلدى . بۇلارنىڭ تەمىناتىنى مۇسۇلمانلارغا يۈكلىدى. بۇ ئىش قەلئەدىكى مۇشرىكلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ناھايىتى قاتتىق زەربە بولدى.

مۇھاسىرىنىڭ ۋاقتى ئۇزۇنغا سوزۇلغانس يېرى دۈشمەننىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش تەدبىرلىرى كۈچەيدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە مۇشرىكلارنىڭ ئوق زەربىسى ۋە قىزىتىپ تاشلىغان تۆمۈر پارچىلىرىنىڭ زەربىسىدىن ئۆلۈم ـ يېتىم ۋە ياردار بولۇش ئەھۋالى ئېشىپ باردى. ئەسلىدە دۈشمەن تەرەپ قورغان ئىچىگە بىر يىل يەتكۈدەك تەمىنات ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك توپلىۋالغانىدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ نەۋفەل ئىبنى مۇئاۋىيە ئە دەيلىگە مەسلىھەت سالدى . ئۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇلار ھازىر ئۇۋىسىغا كىرىۋالغان تۈلكىگە ئوخشايدۇ، ئۇنى ماراپ تۇرساڭ ھامان تۇتالايسەن ، تاشلاپ كەتسەڭ ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ»، دېدى. ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ مۇھاسىرىنى بوشىتىپ قوشۇننى چېكىندۈرۈپ كېتىش قارارىغا كەلدى ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى بۇيرۇپ قوشۇنغا: «ئاللاھ خالىسا ئەتە قايتماقچىمىز»، دەپ ئېلان قىلدۇردى. بۇ قارار كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارغا ياقمىدى. ئۇلار: «قورغاننى ئالماي قايتىمىزمۇ؟» دېيىشتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمىسە ئەتە ئەتىگەن كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاڭلار» دېگەنىدى ، ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەنلىك ھۇجۇمدىلا ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى . نۇرغۇن كىشىلەر ياردار بولدى . بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ: « ئەمدى بىز چوقۇم قايتىمىز »، دېگەنىدى، مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن شاتلاندى ۋە چېكىنىشكە باشلىدى . رەسۇلۇللاھ كۈلمەكتە ئىدى.

مۇسۇلمانلار تائىف مۇھاسىرىسىنى بوشىتىپ قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقىۋىدى ، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «قايتقۇچىدۇرمىز، تەۋبە قىلغۇچىدۇرمىز، ئىبادەت قىلغۇچىدۇرمىز، رەببىمىزگە ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىدۇرمىز »، دەپ مېڭىڭلار دېدى. بىر كىشى : «ئى

[1] دەبببابە (تانكا) ــــ ئەينى زاماندىكى تانكا ھازىرقىغا ئوخشمايتتى. دەبىابە ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ئادەملەر ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىتتىرىپ بېرىپ قەلئە سېپىل ۋە ئىستىھكاملارنىڭ تېگىنى تېشىش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى.

رەسۇلۇللاھ! سەقىف خەلقىگە دۇئايى بەد[1] قىلساڭ دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: ‹‹ئى ئاللاھ! سەقىف خەلقىنى ھىدايەت قىلغىن ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىغىن››، دېدى.

## جىئىررانىدىكى تەقسىمات

رەسۇلۇللاھ تائىفتىكى مۇھاسىرنى بوشىتىپ جىئىررانىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەۋازىن خەلقى تەۋبە (پۇشايمان) قىلىپ، مال ـ مۈلۈك ۋە ئەسىرلىرىنى تىلەپ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئەلچى كېلىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلماي، ئون نەچچە كۈن كۈتۈپ تۇردى. لېكىن، ئۇلار تەرەپتىن ھېچكىم كەلمىدى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ پۈتۈن ئەس ـ يادى غەنىمەت ۋە تەقسىماتتا قالغان ئايرىم شەخسلەر، قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە مەككە كاتتىۋاشلىرىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىشقا كىرىشتى. كۆڭلىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئوبيېكتلىرى ھەممىدىن ئەۋۋەل بەھرىمەن قىلىندى ۋە ئالاھىدە نىسىۋىگە ئىگە بولدى. رەسۇلۇللاھ ئەڭ ئاۋال ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەربكە قىرىق ئوقىيە (بىركىلوغا يېقىن) ئالتۇن ۋە يۈزدانە تۆگە بېرىۋەتتى. ئەبۇ سۇفيان: ‹‹ئوغلۇم يەزىدكىچۇ؟›› دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغىمۇ شۇنچىلىك مىقداردا مال دۇنيا بەردى. ئەبۇ سۇفيان يەنە: ‹‹ئوغلۇم مۇئاۋىيىگىچۇ؟›› دېگەندى، ئۇنىڭغىمۇ يەنە ئاتىسىنىڭكىگە ئوخشاش مىقداردا مال ـ دۇنيا ئىلتىپات قىلدى. ھەكىم ئىبنى ھىزامغا يۈز دانە تۆگە بەرگەندى، ھەكىم يەنە يۈز تۆگە ئىلتىپات قىلىشنى سورىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا يەنە يۈز تۆگە بۇيرۇدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سەپۋان ئىبنى ئۇمەييىگە يۈز تۆگە بەرگەندى، ئومۇ ئاقا ـ ئارقىدىن سوراپ ئۈچ يۈز تۆگىگە ئىگە بولدى (شىفا ناملىق كىتابتا شۇنداق دېيىلىدۇ). ھارىس ئىبنى ھارىس ئىبنى كەلدىگە يۈز تۆگە بەردى. شۇنىڭدەك قۇرەيش كاتتىۋاشلىرى ۋە باشقا قەبىلە ئاقساقاللىرىدىن بىر قانچە كىشىگە يۈزدىن ـ يۈزدىن تۆگە ئىلتىپات قىلدى. يەنە بىر قىسىملىرىغا ئەللىكتىن قىرىقتىن بەردى. ھەتتا ئەل ئارىسىدا ‹‹مۇھەممەد تۆگەپ كېتىشىدىن قورقماي بېرىدىكەن››، دېگەن خەۋەر تارقالدى. نەتىجىدە، شۇ ئەتراپتىكى ئەئرابى (بەدەۋى) لەر رەسۇلۇللاھدىن مال تەلەپ قىلىپ توپ ـ توپ كېلىپ، ھەتتا ئۇنى مەيداننىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر دەرەخ تۈۋىگىچە قىستاپ ئاپاردى. دەرەخ رەسۇلۇللاھنىڭ رىداسى (يەكتەك)نى ئىلىۋالدى، بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: ‹‹ئى خالايىق! رىدايىمنى سۇنۇپ بېرىڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ھازىر يېنىمدا تەھامە دەرەخلىرىنىڭ سانىچە مال مۈلۈكىم بولسا، ئۇنىڭدىن ئۆزۈمگە ئازراقمۇ قالدۇرماي، ھەممىنى سىلەرگە بېرىۋەتكەن بولاتتىم. مەن ئۇنداق بېخىل،كۆزى كىچىك، قورقۇنچاق كاززاپلاردىن ئەمەسمەن››، دېدى. ئاندىن ئۇ تۆگىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، تۆگىسىنىڭ لوكىسىدىن بىر تال يۇڭنى يۇلۇپ ئالدى ـ دە، مۇنداق دېدى: ‹‹سىلەرنىڭ بۇ ئولجا ـ پولجا دېگەن بىر ن ېمىلىرىڭلاردىن ماڭا مۇشۇنچىلىكمۇ قالمايدۇ، پەقەت بەشتىن بىرى قالىدۇ، ئۇ بەشتىن بىرىمۇ يەنە سىلەرگە قايتۇرىلىدۇ››.

---

[1] دۇئايى بەد ـــ قارغىشنى مەزمۇن قىلغان دۇئا.

ئىسلام دىنىغا مايىل قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا رەسۇلۇللاھ ئۆزى چاغلاپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن، زەيد ئىبنى سابىتنى قالغان غەنىمەتلەر بىلەن ئەسىرلەرنىڭ سانىنى ئېلىشقا بۇيرىدى. ئاندىن ئۇنى قوشۇننىڭ كىشى بېشىغا چاچقاندى. ھەربىر ئادەمگە تۆت تۆگە، قىرىق دانە قوي تەقسىم بولدى . ناۋادا ئاتلىق بولسا ئون ئىككى تۆگە ۋە يۈز يىگىرمە قويغا ئىگە بولدى. بۇ تەقسىمات ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىي يىۋىلىككە ئىگە ئىنتايىن دانا تەقسىمات بولغاندى. چۈنكى، دۇنيادا شۇنداق بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلارنى ھەقىقانىيەت قايىنىمىغا ئەقىللىرى ۋە تەپەككۇر، ئاڭ-ئىدراكلىرى ئەمەس، بەلكى گال-قورساقلىرى سۆرەپ ئەكىرىدۇ، بۇ خۇددى ئۆرۈككەك، ئاساۋ ھايۋانلارنى يەم-خەشەككە ئالداپ قوتانغا ئامان-ئېسەن سولىۋالغانغا ئوخشا يدۇ. بۇنداقلارمۇ ئىمان-ئىسلامغا مايىل قىلىنىشى ئۈچۈن ھەرخىل قىزىقتۇرۇش ۋە جەلپ قىلىش ۋاستىلىرىگە مۇھتاج ئەلۋەتتە.

## ئەنسارلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا ئاچچىقى كەلگەنلىكى

بۇ سىياسەت دەسلەپتە ئانچە ياخشى چۈشىنىلمىگەچكە. شۇڭا ھەرخىل ئۆسەك گەپ-سۆزلەر پەيدا بولدى . ئەنسارلار ئاشۇ سىياسەتنىڭ زىيىنىنى ئەڭ كۆپ تارتتى. ئۇلار ھۇنەين ھەدىيە سوۋغىلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغانىدى. ۋەھالەنكى، قىيىن پەيتتە چاقىرىلغاندا ئۈچقاندەك كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ قوشۇننىڭ چېكىنىش ھالىتىنى غەلىبە ۋە زەپەر ھالىتىگە ئۆزگەرتكەنلەر دەل ئەنسارلار ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا جەڭنىڭ تاراق-تۇرۇقىنى ئاڭلاپلا قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋەتكەنلەر قوللىرىغا ئۈچۈملاپ ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئېلىپ ، خۇشاللىقىدىن كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ كەتتى. ئەمما، ئۇلارچۇ تېخى بىر قوينىڭ بويىنىغا ئارغامچا سېلىپ باقمىدى. ئىبنى ئىسھاق ئەبۇ سەئىدىل خۇدرىيىي (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: ‹‹رەسۇلۇللاھ، بۇ غەنىمەتلەردىن قۇرەيشلەرگە ۋە باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىگە كۆپلەپ بېرىپ ئەنسارلارغا ھېچ نەرسە تەگمىگەندىن كېيىن، بۇ كىشىلەر ئۆز ئىچىدە خاپا بولۇپ بەزى گەپلەرنى قىلدى. ھەتتا ئاچچىقىغا پايلىمىغان بىرسى: ‹‹ئەزىبىرايى خۇدا! رەسۇلۇللاھ ئەمدى ئۆز قەۋم-جامائەتلىرىنى تېپىۋىلىپ بولدى››، دېدى. سەئەد ئىبنى ئۇبادە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كىرىپ: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئۆز قەۋم-قېرىنداشلىرىڭغا ۋە باشقا قەبىلە ئاقساقاللىرىغا زور مىقداردا سوۋغا ۋە ھەدىيەلەرنى تۆكۈپ بېرىپ ، ئەنسارلاردىن ئىبارەت بۇ بىر جەمەت كىشىلەرگە ھېچ نەرسە بەرمىگەندىن كېيىن ئۇلار سەندىن خاپا بولۇپتۇ››، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: ‹‹سەنمۇ خاپا بولدىڭمۇ؟›› دەپ سورىدى ، سەئەد ئىبنى ئۇبادە: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ ! مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى-دە، ئەلۋەتتە››، دېدى. رەسۇلۇللاھ : ‹‹ئۇنداق بولسا قەۋمىڭنى مۇنۇ ئىھاتە ئىچىگە يىغقىن››، دېدى. شۇنىڭ بىلەن سەئەد ئەنسارلارنىڭ قېشىغا چىقىپ ئۇلارنى ھېلىقى ئىھاتە ئىچىگە يىغدى. مۇھاجىرلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر كەلگەنىدى. ئۇلارنى كىرگىلى قويدى. ئاندىن يەنە بىر بۆلۈكلەر كەلگەنىدى، ئۇلارنى كىرگۈزمىدى. ئۇلار تولۇق يىغىلىپ بولۇۋىدى، سەئەد چىقىپ رەسۇلۇللاھقا: ‹‹ ئەنسارلار يىغىلىپ بولدى ››، دەپ خەۋەر

قىلدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ ئ  اۋۋال ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتتى، ئاندىن مۇنداق دېدى: ‹‹ئى ئەنسارلار جامائەسى ! ماڭا سىلەر تەرىپىدىن ئاڭلانغىنى قانداق گەپ؟! ئۇ سىلەر نىڭ كۆڭلۈڭلەردە ماڭا ئاچچىقلىقلار كەلگىنىمۇ؟! مەن سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا بېرىشىنىڭ ئالدىدا سىلەر ئازغۇن ـ گۇمراھ خەلق ئەمەسمىدىڭلار ، ئاللاھ سىلەرنى مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟ كەمبەغەل ـ نامرات ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى باي قىلمىدىمۇ؟ ئۆزئارا ئاداۋەتلىك دۈشمەنلەردىن ئىدىڭلار، ئاللاھ قەلبىڭلارنى بىرلەشتۈرۈپ سىلەرنى ياراشتۇرمىدىمۇ؟ ›› ئەنسارلار: ‹‹شۇنداق، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ياخشىلىقى كۆپتۇر ۋە ئەۋزەلدۇر››، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ يەنە: ‹‹ئى ئەنسارلار جامائەسى! جاۋاب بىرىڭلارچۇ؟ ›› دېگەنىدى، ئەنسارلار: ‹‹ نېمىدەپ جاۋاب بېرەرمىز ئى رەسۇلۇللاھ! ياخشىلىق ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە مەنسۇپ ››، دەپ تۇرۇۋالدى. رەسۇلۇللاھ: ‹‹ئەگەر خالىساڭلار: ‹سېنى باشقىلار يالغانغا چىقىرىپتىكەن، بىز راست دەپ ئىتىراپ قىلدۇق، ئەل تاشلىۋېتىپتىكەن، بىز قوللىدۇق، قوغلىۋېتىپتىكەن، بىز ئارىمىزغا ئالدۇق، نامرات يوقسۇلكەنسەن، غەمخورلۇق قىلدۇق›، دېيىشڭلار مۇمكىن ، ئەلۋەتتە راست دەيسىلەر. ئى ئەنسارلار! بەزى ئادەملەرنى مۇسۇلمان بولسۇن ئۈچۈن دۇنيانىڭ يوقىلاڭ نەرسىلىرى بىلەن بەھرىمەن قىلىپ، سىلەرنى ئىمانىڭلارغا تاپشۇرسام شۇنىڭغا ئاچچىقىڭلار كەلدىمۇ؟ ئى ئەنسارلار ! باشقىلار قوي ـ كالىلارنى ھەيدەپ كەتسە ، سىلەر يۇرتۇڭلارغا رەسۇلۇللاھنى ئېلىپ قايتىشقا رازى بولمامسىلەر؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ھىجرەت بولمىغان بولسا مەن ئەنسارلاردىن ئەۋەتىلگەن بولاتتىم. جىمى ئادەملەر بىر يولدا مېڭىپ، ئەنسارلار يەنە بىر يولغا ماڭسا مەن چوقۇم ئەنسارلار ماڭغان يول نى تۇتقان بولاتتىم. ئى ئاللاھ ! ئەنسارلارغا رەھمەت قىلغىن ، ئەنسارلارنىڭ بالىلىرىغا رەھمەت قىلغىن ۋە ئۇلارنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىگە رەھمەت قىلغىن ››، دېدى. بۇ چاغدا ئەنسارلار كۆز يېشى قىلىشىپ كەتتى، ھەتتا ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كەتتى. ئۇلار مۇنداق دېدى: ‹‹رەسۇلۇللاھنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولدۇق ۋە ن بىسۋىمىزنىڭ رەسۇلۇللاھ بولىشىغا رازى بولدۇق››، ئاندىن رەسۇلۇللاھمۇ قايتتى ۋە ئۇلارمۇ تارقىلىشتى.

## ھەۋازىن ئەلچىلىرىنىڭ كېلىشى

غەنىمەتلەر تەقسىم قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ھەۋازىن ئەلچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلدى . ئۇلار زۇھەير ئىبنى سەردا باشچىلىقىدا ئون تۆت ئادەم ئىدى. ئەلچىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ئىمىلداش تاغىسى ئەبۇ بەرقاننىمۇ ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەلچىلەر رەسۇلۇللاھ تىن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن ئەسىر ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تىلىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھقا كىشىنىڭ دىلىنى ئېرىتىدىغان شېرىن ـ تاتلىق گەپلەرنى قىلغانىدى ، رەسۇلۇللاھ: ‹‹كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر ، مەن يالغۇز ئەمەسمەن راست گەپ قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن ، سىلەر تاللاڭلار ئوغۇللىرىڭلار ۋە خوتۇن ـ قىزلىرىڭلارغا تۇرامسىلەر ياكى مال ـ دۇنيالىرىڭلارغىمۇ؟ ››دېدى. ئۇلار بىردەك: ‹‹ نەسلىمىزگە ھېچ نەرسىنى تەڭ قىلمايمىز››، دېيىشكەنىدى، رەسۇلۇللاھ : ‹‹ئۇنداق بولسا سىلەر پېشىن نامىزىدىن كېيىن

ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ: ‹رەسۇلۇللاھنى م ۇئمىنلەرگە (ئارىغا سىلىپ) كەلتۇرۇپ ۋە م ۇئمىنلەرنى رەسۇلۇللاھقا شىپى كەلتۇرۇپ ئەسىرلىرىمىزنى قايتۇرۇپ ب ېرىشىڭلارنى سورايمىز ›، دەڭلار››، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رەسۇلۇللاھ پېشىن نامىزىدىن پارىغ بولغان هامان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ شۇنداق قىلغانىدى، رەسۇلۇللاھ: «مەن م ېنىڭ قولۇمدىكى ۋە بەنى ئابدۇلمۇتەللىپ جەمەتىنىڭ قولىدىكى بارلىق ئەسىرلەرنى چوقۇم قايتۇرۇپ بىرىمەن ھەمدە باشقىلارنىڭمۇ قايتۇرۇپ بېرىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىمەن ››، دېدى. بۇ چاغدا بارلىق مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلار ئىپادە بىلدۈرۈپ: ‹‹بىزنىڭ نىسىۋىلىرىمىزمۇ رەسۇلۇللاھقا تەئەللۇق ›› دېيىشتى . ئەقرەئ ئىبنى هابىس: «مەن ۋە بەنوتەم ىيىم خەلقى قايتۇرۇپ بەرمەيمىز ››، دېدى. ئۇيەينە ئىبنى هىيسنىمۇ: ‹‹مەن ۋە بەنى پەزارە خەلقى قايتۇرۇپ بەرمەيمىز »، دېدى. ئابباس ئىبنى مەرداسمۇ ئىپادە بىلدۈرۈپ: ‹‹مەن ۋە بەنى سولەيىم خەلقىمۇ قايتۇرمايمىز ››، دېگەنىدى، ئۇنىڭ خەلقى بىردەك: ‹‹بىزگە تەگمىش بولغىنى رەسۇلۇللاھقا مەنسۇپ ››، دەۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ : ‹‹مېنى يەرگە قاراتتىڭلار »، دەپ جىمىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: ‹‹بۇ ئادەملەر مۇسۇلمان بولۇپ تەۋبە قىلىپ كەپتۇ . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن ئۇلارنىڭ (ئەسىرلىرىنى) تەقسىم قىلماي بىر قانچەكۈن ساقلىغانىدىم، ئەمدى مەن ئۇلارنى ئىختىيار ىغا قويۇۋېدىم، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەسىبىگە ھېچ نەرسىنى تەڭ قىلمايدىكەن، شۇڭا يېنىدا ئەسىر بارلار قايتۇرۇپ بىرىشكە رازى بولسا قايتۇرۇپ بەرسۇن، قاچان ئۆز نىسىۋىسىنى چىڭ تۇتىمەن د ېگۈچىلەر بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى ئەسىرلەرنى هازىر ئەلچىلەرگە چوقۇم قايتۇرۇپ بەرسۇن. ئۇنىڭ ئورنىغا كېيىن ئاللاھ بىزگە غەنىمەت ئاتا قىلغاندا تۆنجى بولۇپ شۇلار بىرگە ئالتە ھەسسە كۆپەيتىپ غەنىمەت ئالسۇن ››. جامائەتچىلىك بىردەك قىلىپ: ‹‹رازى بولدۇق ، ئى رەسۇلۇللاھ! ›› دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ : ‹‹بىز هازىر ئاراڭلاردىن كىمنىڭ رازى بولغانلىقىنى ، كىمنىڭ نارازى بولغانلىقىنى ئۇقمايمىز، شۇڭا ھەممىڭلار ياتاقلىرىڭلارغا قايتىپ، ۋەكىللىرىڭلار پىكىرىڭلارنى يەتكۈزسۇن››، دېدى. شۇنىڭ بىلەن م ۇسۇلمانلار ھەۋزان ئەلچىلىرىگە بەس-بەس بىلەن ئاسارەتتىكى خوتۇن-قىزلىرىنى ۋە ئوغۇل بالا چاقىلىرىنى قايتۇرۇپ بىرىشتى. پەقەت ئۇيەيىنە ئىبنى ھىسنى ئۇنىڭغا تەگمىش بولغان قولىدىكى بىر قېرى خوتۇننى قايتۇرۇپ بەرگىلى ئۇنىماي كېيىنرەك قايتۇرۇپ بەردى . رەسۇلۇللاھ ئەسىرلەر قايتىش ئالدىدا ھەممىسىنى بىردىن مىسىردا ئىشلەنگەن كىيىم-كېچەكلەر بىلەن تارتۇقلاپ يولغا سالدى.

## ئۆمرە ھەج قىلىپ مەدىنىگە قايتىش

رەسۇلۇللاھ جىئرانەدىكى تەقسىمات ۋە ئەسىرلەرنى قايتۇرۇش ئىشلىرىدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن ، شۇ يەردىن ئۆمرە ھەجگە ئ ېھرام باغلاپ ھەرەمگە كىرىپ ئۆمرە ئادا قىلدى ۋە مەككىگە ئەتتاب ئىبنى ئەسىيدنى باش مەئم ۇر (ۋالىي) قىلىپ تەيىنلەپ قويغاندىن كېيىن مەدىنىگە قايتتى. ئۇ مەدىنىگە شۇ يىلى (ھىجرىي ىنىڭ 8- يىلى) زۇلقەئدە (11- ئاي)نىڭ 24- كۈنى قايتىپ كەلدى. مۇھەممەت غ ەززالى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن : ئاللاھقا مىڭ شۈكرىكى، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ قېتىم مەككىدىن چوڭ غەلىبە تاجىسىنى كىيىپ ، زەپەر قۇچۇپ مەدىنىگە قايتىپ كېلىشى

بىلەن بۇ ئۇلۇغ شەھەر (يەنى مەدىنە مۇنەۋۋەر)گە مۇشۇنىڭدىن سەككىز يىل ئىلگىرى قەدەم تەشرىپ قىلىش ئوتتۇرسىدىكى پەرق نېمە دېگەن زور ! نېمە دېگەن چوڭ ! ئۇ بۇ چاغدا پاناھلىق ئىزلەپ غېرىپ ـ مۇساپىر بولۇپ كەلگەنىدى. ھېسداشلىق ۋە ياردەمگە مۇھتاج ئىدى. بۇ چاغدا مەدىنە خەلقى ئۇنى ھۆرمەتلىدى ، يۇقىرى ئورۇن بەردى ، ئارىغا ئېلىپ ياردەم قىلدى. ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (قۇرئان)غا ئەگەشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇچۇن جىمىي ئادەملەرنىڭ دۈشمەنلىك قىلىشىغا، چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ قېچىپ مۇھاجىر بولۇپ كەلگەن چېغىدا قىزغىن قارشى ئالغان ئاق كۆڭۈل مەدىنە خەلقى مانا ئەمدى ئۇنى سەككىز يىلدىن كېيىن يەنە بىرقېتىم قارشى ئېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. ۋەھالەنكى ، ئەمدى ئۇنىڭغا مەككىمۇ بويسۇندى . ئۇ ئۆزىنىڭ زومىگەر تەكەببۇرلۇقىنى ۋە جاھىل تەرسالىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ ئۇنىڭ ئالدىدا بىچارە ھالەتتە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغانىدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئىسلام ئىززەت ـ ھۆرمىتى بىلەن ھۆرمەتلەپ ئۇنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭغا شەرەپ لىباسىنى كەيگۈزدى . ئۆتمۈشتىكى بارلىق خاتالىقلىرىنى ۋە كەچۈرگۈسىز گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلدى: ﴿إِنَّهُ مَن يَتَّقِ وَيِصْبِرْ فَإِنَّ اللّهَ لاَ يُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِينَ﴾ «كىمكى ھەقىقىي تەقۋادارلىق قىلىدىكەن سەبرى قىلىدىكەن (ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ) ، چۈنكى ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ» (سۈرە يۇسۇف 90 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ).

## مەككە ئىشغالىيتىدىن كېيىن ئەۋەتىلگەن قوشۇن ۋە پىدائىيلار

رەسۇلۇللاھ بۇ قېتىمقى تولۇق زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر مەھەل مەدىنىدە مۇقىم تۇرۇپ ئەلچىلەرنى كۈتتى (قوبۇل قىلدى). ئاساسىي قاتلام مەئمۇرلىرىنى تەيىنلىدى. دىنىي دەۋەتچىلەرنى ئەۋەتتى ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشتىن باش تارتىپ ئەرەب جەم ئىيتىنىڭ ھازىرقى يۈزلىنىش تەقدىرىگە تەن بەرمەيۋاتقان بىر قىسىملارنى ھورىغا جىمىقتۇرۇپ قويۇش ئۇچۇن قوشۇنلارنى يولغا سالدى. زەربىدارلارنى تەشكىللىدى.

### ( مۇسەددىق )مۇلكى ئەمەلدارلەر

بىز يۇقىرىدا رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىگە ھىجرىيەنىڭ 8 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقانىدۇق. ئۇزاق ئۆتمەي ھىجرىيەنىڭ 9 ـ يىلى مۇھەررەم ( 1 ـ ئاي) نىڭ ھىلال ئېيى مەدىنە ئاسمىنىدا جۇلالىدى. مۇشۇ ئارىلىقتا رەسۇلۇللاھ ھەرقايسى قەبىلىلەرگە مۇسەددىق (زاكات يىغىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار)لارنى ئەۋەتتى . تۆۋەندىكىسى ئۇلارنىڭ ئىسىملىگى ۋە ئەۋەتىلگەن قەبىلىلەرنىڭ نامىلىرىدۇر:

1) ئۇيەينە ئىبنى ھىسنى بەنى تەمىم قەبىلىسىگە؛
2) يەزىد ئىبنى ھۇسەيىن بەنى ئەسلەم ۋە غىپار قەبىلىسىگە؛

3) ئەبباد ئىبنى بەشىر ئەشھەلى بەنى سۇلەيىم ۋە مۇزەينە قەبىلىسىگە؛
4) رافىئ ئىبنى مەكىيس جوھەينە قەبىلىسىگە؛
5) ئەمر ئىبنى ئاس بەنى پەزارە قەبىلىسىگە؛
6) زەھھاك ئىبنى سۇفيان بەنى كىلاپ قەبىلىسىگە؛
7) بەشىر ئىبنى سۇفيان بەنى كەئەب قەبىلىسىگە؛
8) ئىبنى لۇتەيبە ئەلئەزدى بەنى زەبيان قەبىلىسىگە؛
9) مۇھاجىر ئىبنى ئۇمەييە سەنئاغا؛
10) زەيياد ئىبنى لەبىيد ھەزرەمەۋتكە؛
11) ئەدىي ئىبنى ھاتەم بەنى تەي ۋە بەنى ئەسەد قەبىلىلىرىگە؛
12) مالىك ئىبنى نۇۋەيرەبەنى ھەنزەلە قەبىلىسىگە؛
13) زەبەرقان ئىبنى بەدرى بەنى سەئەد قەبىلىسىنىڭ بىر قىسمىغا؛
14) قەيس ئىبنى ئاسىم بەنى سەئەدنىڭ يەنە بىر قىسمىغە؛
15) ئەلائو ئىبنى ھەززەمى بەھرەيىنگە؛
16) ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ نەجرانغا (سەدىقە ۋە باج ھەر ئىككىسىنى يىغىش ئۈچۈن) ئەۋەتىلدى.

مەزكۇر مۇسەددىقلارنىڭ ھەممىسى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلى مۇھەررەم ( 1 ـ ئاي)دىلا ئەۋەتىلگەن بولماستىن ، بەلكى ئۇلارنىڭ بىر قانچىسى شۇ قەبىلە خەلقلىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلغۇچە تەخىر قىلىنىپ، ئاندىن ئەۋەتىلگەن.
شۇنداق، بۇ مۇسەددىقلارنى 9ـ يىلى مۇھەررەم ( 1 ـ ئاي) دىلا بۇنچە كۆپ جايلارغا ئەۋەتىش، ئىسلام دەۋ ىتىنىڭ ھ ۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن قانچىلىك زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەككە قولغا كەلگەندىن كېيىن بولسا ئادەملەر ئىسلامغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرىشكە باشلىدى ، ئەلۋەتتە.

## ئەۋەتىلگەن قوشۇنلار

ھەر قايسى قەبىلە ۋە ئايماقلارغا مۇسەددىق (زاكات يىغقۇچى ئەمەلدار)لار ئەۋەتىلگىنىدەك، ئارال تەۋەلىكىدە ئومۇمىيۈزلۈك تىنىچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەزى جايلارغا قۇراللىق قوشۇن تەشكىللەپ ئەۋەتىشكە توغرا كەلدى. تۆۋەندە مۇشۇ ھەقتە ئەۋەتىلگەن قوشۇن ۋە ئىبلىپ بىرىلگەن ھەر بىر پائالىيەتلەرنىڭ قىسقىچە كۆرۈنىشىنى بېرىمىز.

### 1) ئۇيەيدە ئىبنى ھىسنى ئەلپەرازى قوشۇنى:

ھىجرىيىنىڭ 9ـ يىلى مۇھەررەم ( 1 ـ ئاي) دا ئەللىك ئاتلىق بىلەن بەنى تەمىم قەبىلىسىگە جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتىلدى. ئ ۇلارنىڭ ئىچىدە بىرمۇ مۇھاجىر ياكى ئەنسارى يوق ئىدى. سەۋەبى بەنى تەمىم خەلقى ئەتراپتىكى قەبىلىلەرنى مەدىنىگە قارشى كۈشكۈرتكەن ۋە ئۇلارنى جىز يە (غەيرى م ۇسۇلمان پۇقرالار تاپشۇرىدىغان باج) تاپشۇرۇشتىن باش تارتىشقا قۇتراتقانىدى.

قوشۇن كۆندۈزى يوشۇرۇنۇپ ، كېچىسى يول يۈرۈپ ئاخىرى ئۇلارغا سەھەردە ھۇجۇم قوزغىدى. دۈشمەن تەرەپ قېچىپ كەتتى. قوشۇن ئۇلاردىن 11 ئەر 21 خوتۇن ۋە 30 دانە يېشىغا توشمىغان نارىسىدە بالىنى قولغا چۈشۈرۈپ مەدىنىگە ھەيدەپ كەلدى ۋە رەملە بىنتى ھارىسنىڭ قورۇسىغا ئورۇنلاشتۇر ۋلدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن شۇ قەبىلىنىڭ كاتتىلىرىدىن ئون كىشى مەدىنىگە كېلىپ ئودۇل رەسۇلۇللاھنىڭ ئىشىك تۈۋىدە توختىدى ۋە: ‹‹ئى مۇھەممەد! بۇ ياققا چىققىن ››، دەپ توۋلاشتى. رەسۇلۇللاھ ئولارنىڭ ئالدىغا چىقمىغانىدى، ئۇلار رەسۇلۇللاھقا يېپىشىۋېلىپ يالۋۇرغىلى تۇردى. رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن بىر دەم تۇرۇپلا پېشىن نامىزىغا كىرىپ كەتتى. نامازدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ مەسجىدنىڭ سەيناسىدا ئولتۇراتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ بىلەن بەس مۇنازىرىلىشىپ بېقىش ۋە مۇشائىرە ئېيتىپ ئەجدادلار ئىش ـ ئىزلىرى بىلەن مۇفاخىرىگە[1] چۈشۈپ بېقىش ئويى بارلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ سۆزمەن ناتىقى ئەتارۇد ئىبنى ھاجىبنى چىقىرىپ سۆزلىگىلى سالدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا قارىتا ئىسلام ناتىقى سابىت ئىبنى قەيىس ئىبنى شىماسنى بۇيرۇپ ئۇلارغا جاۋاپ نۇتقى سۆزلىدى. ئاندىن ئۇلار شائىرى زەبەرقان ئىبنى بەدرىنى ئالدىغا چىقىرىپ مۇشائىرىگە سال غانىدى. ئۇ مۇفاخىرە شېئىرلىرىنى ئوقىدى. ئۇنىڭغا ئىسلام شائىرى ھەسسان ئىبنى سابىت دەلمۇدەل ، يۈز تۇرانە مۇشائىرە ئېيتىپ جاۋاپ قايتۇردى. ئىككى خەتىپ ۋە ئىككى شائىر مۇشائىرە ۋە مۇفاخىرىدىن توختىۋىدى ، ئەلچىلەرنىڭ بىرى بولغان ئەقرە ئە ئىبنى ھابىس: ‹‹ئۇنىڭ (رەسۇلۇللاھنىڭ) شائىرى بىزنىڭ شائىرىمىزدىن فائىق (ماھىر) ئىكەن. ئۇنىڭ خەتىبى بىزنىڭ ناتىقىمىزدىن سۆزمەن ئىكەن ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاۋازى بىزنىڭ ئاۋازىمىزدىن جاراڭلىق ھەم ئۇنلۇك ئىكەن ››، دېدى. ئاندىن ئۇلار مۇسۇلمان بولۇشتى . رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلارغا خۇتۇن باللىرنى قايتۇرۇپ بەردى.

### 2) قۇتبە ئىبنى ئامىر قوشۇنى:

مۇشۇ يىلى سەپەر ئېيىدا تەبالە تەۋەلىكىدىن تۇربىگە يېقىن جايدا ئولتۇراقلاشقان خەسئەم قەبىلىسىنىڭ بىر ئايمىقىغا ئەۋەتىلدى. قۇتبە باشچىلىقىدىكى قوشۇن يىگىرمە ئادەمدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ ، ھەر ئىككىسى بىردىن تۆگىگە نۆۋەتلىشىپ مىنىپ ماڭدى. قوشۇن دۈشمەنگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى تەرەپ كەسكىن ئېلىشتى. نەتىجىدە ھەر ئىككى تەرەپتىن خېلى كۆپ كىشى يارىدار بولدى. قوشۇن ئەمىر لەشكىرى قۇتبە ۋە يەنە بىر قانچە كىشى شەھىد بولۇپ كەتتى . ئاخىرى مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلىپ دۈشمەننىڭ قوي ـ چارۋا ۋە قىز ـ خوتۇنلىرىنى مەدىنىگە ھەيدەپ كەلدى.

### 3) زەھھاك ئىبنى سۇفيان ئەلكىلابى قوشۇنى:

بۇ قوشۇن مۇشۇ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەلدە بەنى كلاب خەلقىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىدى. بەنى كىلاب خەلقى دەۋەتكە قايىل بولماي ئار ىدا ئۇرۇش يۈز بەردى. ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلارئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ، دۈشمەن تەرەپتىن بىر ئادەم ئۆلدى.

### 4) ئەلقەمە ئىبنى مۇجەززىز مۇدەللىجى قوشۇنى:

[1] مۇفاخىرە ـ ياخشى ئىشلارنى كۆز ـ كۆز قىلىپ پەيىزقىلىشىش دېگەن.

بۇ قوشۇن مۇشۇ يىلى رەبىئۇل ئاخىر( 4 ـ ئاي)دا ئەلقەمە باشچىلىقىدا ئۈچ يۈز ئادەم بىلەن جىددە دېڭىز ساھىلىغا ئەۋەتىلدى. سەۋەبى ھەبەشلەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر جىددە ساھىلىغا توپلىنىپ ، مەككىلىكلەرگە قارشى قاراقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى پىلانلىغان ئىدى. ئەلقەمە جىددىگە يېتىپ بېرىپ دېڭىزغا ئىچكىرلەپ كىرىپ بىر ئارالغا ئۆتكەنىدى، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ زەربىسىدىن قورقۇپ تاراپ كېتىشتى.

## 5) ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ قوشۇنى:

مەزكۇر قوشۇن مۇشۇ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەلدە تەي قەبىلىسىنىڭ قەلەس ناملىق بۇتىنى چېقىۋېتىشكە ئەۋەتىلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى 150 ئادەم، 100 تۆگە ۋە 50 ئات بىلەن يولغا سالدى. ئۇنىڭغا بىردانە قارا بايراق ۋە بىر دانە ئاق رەڭلىك تۇغ قاداپ بەردى.

قوشۇن ھاتەمنىڭ مەھەللىسىگە يېتىپ بېرىپ تاڭ سەھەردە ھۇجۇمنى باشلىۋەتتى. ئۇلار جاھان يورىغۇچە قەلەس بۇتىنى چېقىپ تاشلاپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئەسىر ئېلىپ ، قوي ـ كالىلارنى يىغىپ بىر ياقلىق قىلىپ بولغانىدى. ئەسىرلەر ئىچىدە ئەدىي ئىبنى ھاتەمنىڭ ھەمشىرىسىمۇ بار ئىدى. ئەدىي ئىبنى ھاتەم شامغا قېچىپ كەتكەن ئىدى. مۇسۇلمانلار قەلەس بۇتىنىڭ ئامبىرىدا ئۈچ دانە قىلىچ ۋە ئۈچ دانە ساۋۇتنى بايقىدى. ئۇلار ئوتتۇرا يولغا كەلگەندە غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىپ بۆل ۋۋېلىشتى. چاپسا ن كەلمەي قالغان غەنىمەتلەرنى رەسۇلۇللاھقا ئاتاپ ئايرىپ ق ويۇشتى. شۇ قاتاردا ئەدىي ئىبنى ھاتەمنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىمۇ تەقسىم قىلىنمىغانىدى. ئەسىرلەر مەدىنىگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن ئەدىي ئىبنى ھاتەمنىڭ ھەمشىرىسى رەسۇلۇللاھقا يالۋۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى رەسۇلۇللاھ! مۇرەببىيىم يوقاپ كەتتى، ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلىپ قالدىم. مەن بىر ياشىنىپ قالغان مىسكىن ئايالمەن ، ماڭا ياخشىلىق قىلسىلا ، ئاللاھ ئۆزلىرىگىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلار »، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «سېنىڭ مۇرەببىيىڭ كىم ئىدى؟ » دەپ سورىۋىدى، ئۇ ئايال: «ئەدى ئىبنى ھاتەم »، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن قاچقان ئەدىي » دېدى ـ دە، ئىشىغا راۋان بولدى. ئەتىسى يەنە ھېلىقى ئايال ئالدىنقى كۈندىكىدەكلا يالۋۇردى . رەسۇلۇللاھمۇ ئ وخشاشلا جاۋاپ بېرىپ قويدى. ئۈچىنچى كۈنى ئۇ ئايال يەنە رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئالدىنقى كۈندىكى سۆزىنى تەكرارلىدى، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئېھسان قىلىپ قويۇۋەتتى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئەر كىشى (ئۇ ئەلى ئىدى دېگۈچىلەرمۇ بار) بار ئىدى. ئۇ ھېلىقى ئايالغا: «رەسۇلۇللاھتىن ئۇلاغ سوراپ ىامسەن؟» دېدى . ئۇ ئايال رەسۇلۇللاھقا : «ماڭا ئۇلاغ بەرسىلە»، دېۋىدى ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا بىر تۆگە بۇيرۇدى.

ئەدىينىڭ ھەمشىرىسى مەدىنىدىن چىقىپ ئۇدۇل شامغا ـــــقېرىندىشى ئەدىي ئىبنى ھاتەمنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ قېرىندىشىغا: «رەسۇلۇللاھ ئاتاڭ قىلمىغان ئىشنى قىلدى، شۇڭا سەن مەيلى رىغبىتىڭ بولسۇن ياكى بولمىسۇن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بارغىن »، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەدىي ھېچقانداق پاناھلىقى ياكى ئامانلىق ئەھدىسى بولمىغان ئەھۋالدا يولغا چىقىپ مەدىنىگە كەلدى ۋە ئۇدۇللا رەسۇلۇللاھنىڭ ئىشىك تۈۋىدە توختىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىپ:

‹‹نېمە دەپ قاچتىڭ؟ لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېيىشتىن قاچتىڭمۇ؟ بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلەمسەن يە؟ ›› دەپ سورىدى. ئەدىي : ‹‹ياق››، دەپ جاۋاپ بەردى. رەسۇلۇللاھ يەنە بىر هازا گەپ قىلغاندىن كېيىن يەنە: «ئاللاھۇ ئەكبەر دېيىلگەنگە قاچامسەن؟ ياكى ئاللاھتىنمۇ ئۇلۇغ بىر شەيئىنى بىلەمسەن؟ ›› دېدى. ئەدىي: «ياق»، دەپ جاۋاپ بەردى. رەسۇلۇللاھ: «يەھۇدىيلار ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانلاردۇر، ناسارالار بولسا ئازغۇن مىللەتتۇر » دېگەن ئىدى، ئەدىي: ‹‹مەن ھەقىقەت ياقلىغۇچى مۇسۇلماندۇرمەن››، دېدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھنىڭ چىرايى خۇشاللىقىدىن جىلۋىلەندى ۋە ئۇنى ئەنسارلاردىن بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە ئ ورۇنلاشتۇردى. ئۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەتە ئاخشام كۆرۈشۈپ تۇردى. ئىبنى ئىسھاقنىڭ ئەدىي ئىبنى ھاتەمدىن نەقىل قىلغان بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: رسۇلۇللاھ مېنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ مۇنداق دېگەن: «سۆزلىگىن ئى ئەدىي ئىبنى ھاتەم! سەن روكوسى[1] ئەمەسمىدىڭ». مەن: «ھەئە، شۇنداق ئىدىم »، دەپ جاۋاپ بەردىم، رەسۇلۇللاھ: « سەن خەلقىڭنىڭ ئارىسىدا ‹ مىرباغ› (غەنىمەتنىڭ 4 دىن 1 نى ئايرىۋېلىش ھوقۇقى)غا ئىگە ئەمەسمىدىڭ؟ »، دەپ سورىدى. مەن: « ھەئە، شۇنداق ئىدى » دىسەم، رەسۇلۇللاھ: « سېنىڭ دىنىڭدا ئاشۇنداق قىلىش ھارام ئىدىغۇ؟» دېدى، مەن: ‹‹ئەزبىرايى خۇدا، شۇنداق ئىدى››، دېدىم ۋە شۇئان بىلدىمكى، ئۇ چوقۇم بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەن، پەيغەمبەردىن باشقا كىشى ئۇقمايدىغاننى بىلىدىكەن، دەپ جەزىم قىلدىم.

ئىمام ئەھمەدنىڭ بىر رىۋايىتىدە رەسۇلۇللاھ ماڭا: ‹‹ئى ئەدىي مۇسۇلمان بولغىن ، ئامان بولىسەن››، دېگەن. ئەدىي : ‹‹مەن دىندارمەن ››، د ېگەن. رەسۇلۇللاھ : « سېنىڭ دىنىڭنى مەن سېنىڭدىن ئوبدانراق بىلىمەن »، دېگەن. ئەدىي: ‹‹مېنىڭ دىنىمنى مېنىڭدىن ئوبدان بىلەمسەن؟ » د ەپ سورىغان. رەسۇلۇللا ھ: ‹‹ ھەئە ، سەن روكوسى ئەمەسمۇ؟ سەن خەلقىڭنىڭ ئارىسىدا مىرباغ (غەنىمەتنىڭ 1\4نى) نى يەۋالىسەن ئەمەسمۇ؟ ›› دېگەن. ئەدىي: ‹‹ھەئە، شۇنداق » دېگەن. رەسۇلۇللاھ : ‹‹شۇنداق قىلىش سېنىڭ دىنىڭدە قەتئىي ھالال بولمايدۇ، ئەمەسمۇ؟ ›› دېگەن. ئەدىي مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ماڭا شۇ گەپلەرنى قىلىۋىدى، مەن ئۇنىڭغا قايتا گەپ قىلماي رازى بولۇپ ئولتۇردۇم ››.

ئىمام بۇخارى ئەدىي ئىبنى ھاتەمدىن نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىست ە ئەدىي مۇنداق دېگەن: « بىر چاغدا بىز رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدۇق، بىر كىشى كېلىپ رەسۇلۇللاھقا نامراتلىقتىن داتلاندى. ئارقىدىن يەنە بىر كىشى كېلىپ ئۇنىڭغا يولنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى (قاراقچى ۋە بۇلاڭچىلارنىڭ خەۋپى)نى شىكايەت قىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئەدىيگە: ‹‹ئى ئەدىي! سەن ھىيرە دېگەن شەھەرنى كۆرگەنمۇ؟ ئەگەر ئۆمرۈڭ يار بەرسە يالغۇز بىر ئايال ھىرەدىن يولغا چىقىپ، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ قايتىدۇ. ئۇ ئاللاھدىن باشقا ھېچ كىشىدىن قورقمايدۇ، يەنە ئۆمرۈڭ بولسا كىسرا (ئىران خانىدانلىقى)نىڭ خەزىنە ۋە دەبىلىرىنى پەتھى (ئىشغال) قىلىسىلەر! ئى ئەدىي ئۆمرۈڭ بولسا، يەنە بىرئادەم سەدىقە

---

[1] روكۇسى ـــ خرىستىئان ۋە سابىئىيەت دىنىنىڭ بىرلەشمە قالدۇقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قائىدە-نىزاملىرى بار ئىدى.

ئۇچۇن قولىغا لىق ئالتۇن ـ كۈمۈشنى توشقۇزۇپ چىقىپ ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان ئادەمنى ئىزدەيدۇ، ھەتتا تاپالمايدۇ»، دېگەن، ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا ئەدىي مۇنداق دېگەن: «مەن ھېلىقى (رەسۇلۇللاھ خەۋەر قىلغان) مۇساپىر خوتۇننىڭ ھ يرەدىن (ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يىراق ئەلدىن) يالغۇز يولغا چىقىپ بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىپ قايتقانلىقىنى، ئاللاھدىن ئۆزگە ھېچ كىشىدىن ئەنسىرىمەيۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم . كىسرا ئىبنى ھورمۇز (ئىران خانى) نىڭ خەزىنە ق ۇلۇپلىرىنى چاققانلارنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم. ئەمدى ئاللاھ خالىسا ، پەيغەمبىرىمىز ئېيتقان (كىشى قولىغا لىق ئالتۇننى ئېلىپ چىقىدۇ) دېگەن خەۋەرنى سىلەرنىڭ ئۆمرۈڭلار يار بەرسە كۆرەرسىلەر»، دېدى.

## تەبۇك غازىتى

ھىجرىيەنىڭ 9ـ يىلى رەجەپ (7ـ ئاي)

شۇنىسى ئېنىقكى، مەككە پەتھىسى ھەقىقەت (توغرا، ھەققانىي ئەقىدە ۋە ساغلام ھايات يولى) بىلەن باتىل(خاتالىق) ئوتتۇرىسىنى كەسكىن ئايرىغان ھەل قىلغۇچ پاسىل بولغانىدى. بۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (بەرھەق پەيغەمبەرلىكى)گە نىسبەتەن شەك ۋە گۇمان قىلىشقا قىلچە ئۇرۇن قالمىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ ۋەقەدىن كېيىن تارىخنىڭ چاقى تامامەن ئۆزگىچە ئايلاندى. كىشىلەر ئاللاھنىڭ دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرىشكە باشلىدى. (بىز بۇنى ئەلچىلەر ھەققىدىكى باياناتلاردىن ۋە يەنە ھەججەتۇلۋىدا(ۋىدالىشىش ھەجى) دىكى قاتناشچىلارنىڭ سانىدىن كۆرۈۋالالايمىز) ئىچكى قىيىنچىلىقلار تۈگەپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگۈتۈش ئۈچۈن ھەمدە ئىسلامى دەۋەتنى كەڭ قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەنىدى.

### غازاتنىڭ سەۋەبى

لېكىن، بۇ يەردە مۇسۇلمانلارغا تەھدىت بولۇپ تۇرغان بىر دۈشمەن كۈچى بار بولۇپ ئۇ بولسىمۇ (ئەينى دەۋردىكى يەر شارى بويىچە ھەربىي كۈچى ئەڭ زور) رۇم خاندانلىق ئىدى.

بىز ئالدىنقى باپتىكى باياناتلاردا ئۇلار بىلەن بولغان توقۇنۇشنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەلچىسى(ھارس ئىبنى ئۇمەير ئەلئەزدى) ئۇنىڭ بۇسرا ۋالىيسىغا يوللىغان مەكتۇبىنى ئېلىپ كېتىۋاتقاندا شۇرەھبىل ئىبنى ئەمرى ئەلغەسسانى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن تارتىپ باشلانغانلىقىنى، رەسۇلۇللاھ ھارىسنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن زەيد ئىبنى ھارىس قوشۇنىنى ئەۋەتىپ قوشۇن رۇملۇقلار بىلەن مۇئتە دېگەن جايدا دەھشەتلىك ئېلىشقانلىقىنى ئەمما ئۇرۇشتا ئاشۇ زومىگەر زالىملاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ئۇرۇشنىڭ يىراق ـ يېقىندىكى بارلىق ئەرەبلەر كۆڭلىدە مۇسۇلمانلارغا غالىبلىق تۇيغۇسى ئورناتقانلىقىدەك ياخشى تەسىرىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق.

شۇندىن كېيىن قەيسەر(رۇم خاندانى) مۇئتە ئۇرۇشىنىڭ مۇسۇلمانلار ئۇچۇن كەلتۈرگەن ئىجابىي تەسىرلىرىنى ۋە ئۆز مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ رۇملۇقلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ مۇسۇلمانلارغا ئەل بولۇش كويىدا بولۇۋاتقانلىقىنى بۇ خىل ئىدىيىۋى بۇرۇلۇش ئۇنىڭ چېگرىسى ئىچىگە قەدەممۇ-قەدەم ئىچكىرلەپ ئەرەب شام چېگرىسىغا تەھدىت سېلىۋاتقان بىردىن-بىر چوڭ خەۋپ-خەتەر بولۇپ قالغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

شۇڭا ئۇ: «مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى زورىيىپ تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان چوڭ كۈچ ئايلىنىشىن بۇرۇن بولۇپمۇ رۇمغا قاراشلىق ئەرەب رايونلىرىدا چوڭ قالايمىقانچىلىق ۋە ئىنقىلابلار يۈز بېرىشىنىڭ بۇرۇن چوقۇم ئۇلار (يەنى مۇسۇلمانلار)نىڭ كۈچىنى يوقىتىۋېتىش كېرەك»، دەپ قارىدى.

مۇشۇ ئەھۋاللاغا ئاساسەن موئتە ئۇرۇشىغا تولۇق بىر يىل بولماي تۇرۇپلا قەيسەر(رۇم خاندانى) رۇملۇقلار ۋە رۇمغا قاراشلىق غەسسان ئەرەبلىرى ۋە باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىدىن قوشۇن تەشكىللەشكە كىرىشتى ۋە چوڭ قانلىق تۇقۇنۇشقا تەييارلىق كۆردى.

## رۇملۇقلار ۋە غەسسانلارنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى ھەققىدىكى تولۇقسىز مەلۇمات

رۇملۇقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتا كەڭ-كۆلەمدە ئۇرۇش قوزغاش ئۈچۈن جىددى تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر مەدىنىگە ھەر تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. ھەتتا خەۋپ ۋە ئەندىشە شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇلار مەدىنىدە شۇنداق بىر غەيرى سادا ئاڭلانسىمۇ: «رۇملۇقلارنىڭ تاجاۋۇزى» دەپ ئويلاپ قالىدىغان بولدى.

بۇ خىل ئەندىشە ۋە تەشۋىش ھالىتىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇنداق بىر ۋەقەگە بىلدۈرگەن ئىپادىسىدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

مۇشۇ يىلى(ھىجرىيىنىڭ 9- يىلى) مەلۇم بىر ئايدا رەسۇلۇللاھ ئاياللىرىغا بىر ئاي يېقىن بارماسلىققا قەسەم قىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆيىنىڭ ئۈستىدىكى بالىخانىغا چىقىۋېلىپ ئۇلار(يەنى ئاياللىرى)دىن ئايرىلىپ تۇرغانىدى. ساھابە كىراملار دەسلەپتە ئىشنىڭ تېگىنى ئۇقماي، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا تالاق قىلىۋەتكەن چېغى، شۇڭا ھېچقايسى ئايالى بىلەن ئارايىش قىلمايدىغان چېغى دەپ ئويلاپ غەمگە پاتتى ۋە قاتتىق بىئارام بولۇشتى.

ئۆمەر (بۇ ۋەقەنى نەقىل قىلىپ) مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئەنسارلاردىن بىر قېرىندىشىم بار ئىدى. مەن مەدىنىگە كىرەلمەي قالسام، ئۇ شۇ كۈنىنىڭ خەۋىرىنى ماڭا يەتكۈزەتتى، ئۇ كىرەلمىگەندە مەن يەتكۈزەتتىم (بىز مەدىنىنىڭ يۇقىرىسىدىكى بىر مەھەللىدە ئولتۇراتتۇق. رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا نۆۋەت بىلەن كىرىپ چىقاتتۇق) شۇ چاغلاردا بىز غەسسان پادىشاھلىرىدىن بولغان بىر پادىشاھتىن ئەنسىرەيتتۇق. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ بىزگە قارشى قوشۇن تەشكىللەۋېتىپتىكەن. بىز ئۇنىڭدىن ئىنتايىن ھوشيار ھالەتتە ئىدۇق. بىر كۈنى ھېلىقى دوستۇم ئۇشتۇمتۇت ئىشىكىمنى قېقىپ:

«ئاچ! ئاچ!»دېدى، مەن: «غەمسانلار كەپتىمۇ؟» دېسەم، ئۇ: «بەلكى، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئىش بولۇپتۇ. رەسۇلۇللاھ ئاياللىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ»، دېدى (سەھىھۇل بۇخارى).

يەنە بىر ئىبارىدە ئۆمەر مۇنداق دېگەن: «ئاڭلاشلارغا قارىغاندا غەسسان تەرەپ بىزگە ھۇجۇم قوزغاش ئۈچۈن ئاتلانغان ئىكەن، بىر كۈنى ھېلىقى مېنىڭ دوستۇم نۆۋەت بويىچە مەدىنىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ كەچتە چىقىپ ئىشىكىمنى قاتتىق ئۇردى ۋە: «ئۇخلاپ قالدىڭمۇ؟» دەپ توۋلىدى، مەن ناھايىتى قورققان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتىم، ئۇ: «چاتاق بوپتۇ» دېدى، مەن: «نېمە ئىش بوپتۇ؟ غەسسانلار كەپتۇمۇ؟»دېسەم، ئۇ: «ياق ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ھەم يامان ئىش بوپتۇ، رەسۇلۇللاھ ئاياللىرىنى تالاق قىلىۋېتىپتۇ» دېدى(سەھىھۇل بۇخارى)

مانا بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ رۇم دائىرلىرىنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۆتكۈنچى دەۋرى ئىنتايىن جىددى ھەم ۋەھىملىك بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇملۇقلارنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر مەدىنىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ مەدىنىدىكى يەرلىك مۇناپىقلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىك ھەرىكەتلىرى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەن. بۇ مۇناپىقلار رەسۇلۇللاھنىڭ ھەر قايسى جەڭ مەيدانلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ يەر يۈزىدىكى ھېچ قانداق بىر سۇلتاندىن قورقۇپ قالمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئۆز يولىدا پەيدا بولغان ھەر قانداق كاشىلىنى چوقۇم سۈپۈرۈپ تاشلىيالايدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنىلا كۆڭلىدە يوشۇرۇپ كەلگەن رەزىل خام خىياللىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى، ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتا تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن يامانلىقلارنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىدىن ئۈمىدىنى تېخىچە ئۈزمىگەنىدى، شۇڭا ئۇلار بۇ قېتىم ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتتى ۋە ھەرىكىتىنى تېزلەتتى.

ئۇلار بۇ قېتىم ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ رەزىل ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ۋاقتى يېقىنلاپ كەلدى، دەپ قاراپ مەدىنىدە سۇيىقەسىت پىلانلاش ۋە دۈشمەن كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش مەقسىتىدە، مەسجىد نامىدا رەزىللىك ئۇۋىسىدىن بىرنى تەسىس قىلدى. ئۇ بولسىمۇ تارىختىكى زىرار مەسجىدى (يەنى زىيانلىق مەسجىد)ئىدى. ئۇلار ئۇ مەسجىدنى كۇفرىنى قايتا باش كۆتۈرگۈزۈش، مۆئمىن مۇسۇلمانلار ئارىسىغا پاراكەندىچىلىك سېلىش، ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ۋە ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا قارشى تۇرغۇچىلار(ئەبۇ ئامىر راھىبقا ئوخشاش) ئۈچۈن تايانچ بازا تەسىس قىلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئۇلار تېخى رەسۇلۇللاھنى بۇ مەسجىدتە تەبەررۇكەن ناماز ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان ئىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت مۇئمىنلەرنى ئالداش ۋە بۇ مەسجىدتە كەلگۈسى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىغۋاگەرچىلىك ۋە دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش سۇيىقەستچىلىك ھەرىكەتلىرىنى چىرايلىقچە نىقاپلاش ئۈچۈن ئىدى. شۇنداق بولغاندا مۇسۇلمانلار بۇ جاينى مەسجىد دەپ بىلەتتى-دە، بۇ يەرگە كەلگەن-كەتكەنلەرگە دىققەت قىلمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ چەتئەلدىكى بۇزغۇنچى ئۇنسۇر (ئەبۇ ئامىر راھىبقا ئوخشاش)لىرىنىڭ كۇفرى ۋە نىغاق مىكروپلىرىنى ئۆستۈرۈپ تارقىتىدىغان ئىنتايىن ئەپلىك ۋە بىخەتەر ئۇۋىسىغا ئايلىناتتى.

لېكىن رەسۇلۇللاھ ئۇرۇش ئىشى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا ناماز ئۇقۇپ بىرىش ئىشىنى (غازاتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنگە) كەينىگە سۈردى، نەتىجىدە ئۇلار مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايلا قالماستىن بەلكى سۈيىقەستى پاش بولۇپ قېلىپ ئەل ئارىسىدا رەسۋا بولدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ غازاتتىن قايتىپ كېلىپ ناماز ئوقۇپ بىرىشنىڭ ئورنىغا قۇراللىق قوشۇن ئەۋەتىپ ھېلىقى مەسجىد نامىدىكى ئۇۋنى چۇۋۇۋەتتى.

## رۇم تەرەپنىڭ ھەربىي ھەرىكىتى توغرىسىدا ئەڭ يېڭى مەلۇمات

يۇقىرىقىلار مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن ئەھۋاللار ۋە تاپشۇرۇۋالغان ئاخباراتلار ئىدى. شۇ ئەسنادا ئۇشتۇمتۇت شامدىن مەدىنىگە ياغ ئېلىپ كېلىدىغان ئەنبات قەبىلىسىگە تەۋە ئەرەب سودىگەرلىرى كەلدى، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە «ھىرەقلى» (رۇم پادىشاھى) قىرىق مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ ئۇنىڭ قوماندانلىقىنى رۇملۇقلارنىڭ پۇشتىدىن بولغان بىر كىشىگە تۇتقۇزغان. ئۇ يەنە بۇ ئۇرۇشقا ئەرەب خىرىستىئانلىرىدىن لەخمى، جۇزام ۋە باشقا قەبىلىلەرنى قاتنىشىشقا چاقىرغان. قوشۇننىڭ ئالدى بەلقا(مۇسۇلمانلار بىلەن چېگرىلىنىدىغان شامغا تەۋە شەھەرنىڭ نامى)غا كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋەھاكازالار بولدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ چوڭ بىر خەۋپ-خەتەرنىڭ قارا كولەڭگىسى پەيدا بولدى. پۇلاڭلاشقا باشلىدى.

## ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلەشتى

مەدىنىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى،چۈنكى ئادەملەر نامرات قىيىنچىلىقى ئىچىدە، ئۇلاغ-ئۇلاغ ئەلمەكلىرى يولغا يارىمايتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە مەدىنە خورمىلىرى مىلىق-مىلىق پىشقان مەزگىلگە توغرا كېلىپ قالغان بولغاچقا، ئادەملەر باغ-ۋارانلىرىدىن ۋە سايىلىق دەرەخلىرىنىڭ تۈۋىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى، قىسقىسى بۇنداق بىئەپ چاغدا سەپەرگە چىقىشنى ھېچكىم ياقتۇرمايتتى. بۇنى ئاز دەپ مۇساپە ئۇزاق، يول يۇرۇش جاپالىق، قىيىنچىلىق ئىچىدە ئىدى.

## رەسۇلۇللاھ ئەھۋالنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر كەسكىن قارار چىقاردى

پايدىسىز ئاملالار نۇرغۇن ئەمەلىي ئەھۋاللار ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ، شارائىت قىيىن بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن رەسۇلۇللاھ دەۋر شارائىتى ۋە ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ھەممىدىن ئىنچىكە ۋە ھەممىدىن بەك يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن نەزەر سېلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئۇ: «ناۋادا بۇ قېتىم مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە رۇم تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ پەيلىگە سەل قاراپ بىپەرۋالىق قىلىنسا ۋە ئۇلارنى مۇسۇلمانلار كونتروللىقىدىكى رايۇنلاردا قالايمىقان مالقايلاپ يۈرۈشكە ، ھەتتا مەدىنىگىچە ئات چاپتۇرۇپ كېلىشكە يول قويۇلسا ئۇنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي شانۇ-شەۋكىتىگە تەسىرى قانداق بولىدۇ؟ ئەمدىلا ھۇنەين ۋەقەسىدىن قاقشاتقۇچ زەربىگە يولۇققان ۋە ئەك ئاخىرقى تىنىقلىرى بىلەن جان تالىشىۋاتقان جاھىلىيەت ئېقىمى بۇ چاغدا قايتا جانلىنىپ يەنە باش كۆتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەسمۇ؟ شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ كۈتۈلمىگەن تالاپەتكە يولىقىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان ۋە پاسىق ئەبى ئامىر ئارقىلىق رۇم خانىدانى بىلەن خۇپىيانە ئالاقىلىشىپ ئىغىز-بۇرۇن يالىشىۋاتقان مۇناپىقلار رۇم تەرەپ مۇسۇلمانلارغا ئالدى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان ھامان ئۇلارنىڭ، كەينىدىن زەربە بىرىش ئىھتىماللىقى ناھايىتى يېقىنغۇ؟ ئۇنداق بولغاندا رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابە كىراملارنىڭ ئىسلامنى تارقىتىش يولىدا تۆلىگەن ئاجايىپ زور بەدەللىرى ۋە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى نۆلگە تەڭ بولمامدۇ ھەمدە شۇنچە ئۇزاق يىللاردىن بىرى قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ جاپالىق ھەربىي يۈرۈشلەرنى قوزغاپ مىڭ مۇشەققەتتە ئېرىشكەن نەتىجە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاسانلا قولدىن كەتمەمدۇ؟قىسقىسى، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇن-تۈنسىز يوقىلىدۇ، خالاس»، دېگەنلەرنى ئويلايتتى.

رەسۇلۇللاھ مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى ئوبدان ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. شۇڭا ئۇ (بۇ قېتىم شارائىتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر) دۈشمەن تەرەپنىڭ چېگرا تەۋەلىكىگە كەڭ كۆلەملىك غازات قوزغاپ ئۇلارنىڭ ئىسلام دىيارىغا باستۇرۇپ كىرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىشنى قارار قىلدى.

## رۇم بىلەن بولىدىغان جەڭگە تەييارلىق كۆرۈش چاقىرىقى

رەسۇلۇللاھ ۋەزىيەتنى مانا مۇشۇنداق توغرا مۆلچەرلىگەندىن كېيىن ساھابە كىراملارغا ئۇرۇش تەييارلىقى كۆرۈشكە چاقىرىق قىلدى. مەككە ۋە باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ كىشىلەرنى  سەپەرۋەر قىلدى. ئىلگىركى غازاتلاردا دۈشمەنگە تۇيدۇرماسلىق يۈزىسىدىن غازات نىشانىنى ئاشكارىلىمايتتى، لېكىن بۇ قېتىم ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكى ۋە خەۋپ-خەتەرنىڭ ئېغىرلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ رۇملۇقلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى ۋە تولۇق تەييارلىق كۆرۈۋالسۇن ئۈچۈن ئەھۋالنى ئېنىق دەپ ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنى جىھادقا چاقىردى. شۇ ئەسنادا سۈرە بارائەتنىڭ بىر قىسمى نازىل بولۇپ ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ جاسارىتىگە ۋە جەڭگىۋارلىق روھىغا ئىلھام مەدەت بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ يەنە مۇسۇلمانلارنى بۇ ئۇرۇشقا كۆپرەك ئىئانە بېرىشكە، ئاللاھنىڭ يولىدا ناچار ياكى ئەتىۋار دېمەي خەيرى ساخاۋەت قىلىشقا چاقىردى.

## مۇسۇلمانلار بەس-بەستە غازات تەييارلىقىغا ئاتلاندى

مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇمغا قارشى ئۇرۇش چاقىرىقىنى ئاڭلىغان هامان بەس ـ بەستە ئاۋاز قوشتى. ئۇلار قول ـ قولچە تەييارلىق كۆرۈپ ناهايىتى تېزلىكتە مەدىنىگە هازىر بولۇشتى. هەش ـ پەش دىگۈچە هەر قايسى ئايماقلاردىن ئورۇق ـ سېمىز تۆگە ـ تايلاقلارغا مىنىپ، هەر قايسى كوچا ـ چىغىرلاردىن مەدىنىگە ئېقىشقا باشلىدى.

بۇ غازاتتىن دىلىدا مۇناپىقلىق كېسىلى بارلاردىن باشقا (ئۈچ نەپەر كىشى بۇلاردىن مۇستەسنادۇر) بىرمۇ ئادەم ئايرىلىپ قېلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. هەتتا نامرات كەمبەغەل كىشىلەر خىراجەتتىن قىسىلغانلىقتىن رەسۇلۇللاهنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇلارنى ئۇلاغقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى ئۇلارنىڭمۇ رۇم بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئىرادىسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقاندا رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق»، دېسە «ئۇلار(جىهاداقا چىقىشقا) سەرپ قىلىدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن غەمكىن بولۇپ كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن هالدا قايتىشاتتى» سۈرە بەرائەت 92 ـ ئايەت.

شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلار يەنە بەس ـ بەس بىلەن پۇل مال ئىئانە قىلدى. سەدىقە بەردى ۋە خەيرى ساخاۋەت قوللىرىنى كەڭ ئېچىۋەتتى. ئوسمان ئىبنى ئەففان شۇ كۈنلەردە 200 تۆگىنى توقام تارتۇقلىرى بىلەن ۋە 200 ئوقىيە(بىر ئوقيە 12 دەرهەم ياكى 37.4 گىرام ئالتۇنغا تەڭ) نەق پۇلنى تىجارەت كارۋىنى تەشكىللەپ شامغا يولغا سالماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇ بۇ ماللارنىڭ هەممىسىنى خۇدا يولىدا سەدىقە بىرىۋەتتى، ئارقىدىن يەنە 100 تۆگىنى ئىگەر جابدۇقلىرى بىلەن ئىئانە قىلدى، ئۇنىڭ كەينىدىن مىڭ دىنار(تىللا)نى كۆتۈرۈپ كېلىپ رەسۇلۇللاهنىڭ ئىتىكىگە توككەندى رەسۇلۇللاھ دىنارلارنى شاراقلىتىپ ئوڭ قولىدىن سول قولىغا تۆكۈپ: «بۈگۈندىن ئىتىۋارەن ئوسمان قىلىپ سالغان ئىشلارنىڭ ئۇنىڭغا هېچ زىيىنى بولمايدۇ» دەيتتى. ئاندىن ئوسمان يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن ئەكىلىپ تۆككەن ئىئانىلىرىنىڭ ئومۇمي سوممىسى نەق دىناردىن باشقا توققۇز يۈز تۆگە ۋە يۈز دانە ئات (ئىگەر جابدۇقلىرى بىلەن)قا يەتتى.

ئابدۇرەهمان ئىبنى ئەۋف ئىككى يۈز ئوقيە ئىئانە قىلدى. ئەبۇ بەكرى سىددىق مال ـ دۇنياسىنىڭ جىممىسىنى ئېلىپ كەلدى، ئۇ بۇ ئۇرۇشقا تۇنجى بولۇپ ئىئانە ئېلىپ كەلگەن كىشى بولۇپ :«ئائىلەمگە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى قالدۇردۇم » دېدى. ئۇ تۆت مىڭ دەرهەم ئىدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ئىقتىسادىنىڭ بىرىمىنى بۆلۈپ ئېلىپ كەلدى. ئاباسمۇ نۇرغۇن مال ـ دۇنيانى ئەكىلىپ تاشلىدى. تەلهە، سەئەد ئىبنى ئوبادە ۋە مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەلەرمۇ نۇرغۇن مال ئىئانە قىلدى.

ئاسىم ئىبنى ئەدىي 90 ۋەسەق(بىر ۋەسەق 150 كىلوگىرامغا تەڭ) خورما ئىئانە قىلدى.

بىر قانچە كۈندىن بىرى ئىئانە قىلغۇچىلانىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى هەممە ئادەم ئازدۇر ـ كۆپتۇر سەدىقە ۋە ئىئانىلىرىنى ئېلىپ كەلدى، هەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدە هېچ نەرسە تاپالمىسا بىر مۇد(ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ هازىرقى 18 لىتىرغا تەڭ) ياكى ئىككى مۇد بولسىمۇ بىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى.

مۇسۇلمان ئاياللارمۇ قاراپ تۇرمىدى. ئۇلار قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە بىلەيزۈك، مۇنچاق، خالخال(پۇتقا سالىدىغان زىننەت بۇيۇمى) ھالقا، زىرە ۋە ئۈزۈك چاغلىق بىر نەرسىلىرىنى ئەۋەتىپ غازاتنى قوللىدى.

قىسقىسى بۇ قېتىم ھېچ كىم قول قوشتۇرۇپ تۇرمىدى. ھەممە ئادەم ئازدۇر-كۆپتۇر ئىئانە قىلدى، پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى تەبىئىتى رەزىللىك بىلەن يۇغۇرۇلغان مۇناپىق بەتبەخلەرلا پۇل ماللىرىغا كۆز قىزارتىپ بىكارغا بىرىشكە چىدىمىدى. ئۇلار تېخى(يەنى مۇناپىقلار) «مۆئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن(كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە(كەمبەغەل بولغاندىكىن ئاز) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيتتى ۋە مەسخىرە قىلاتتى» سۈرە تەۋبە 79 ـ ئايەت.

## لەشكىرى ئىسلام تەبۇكقا قاراپ ئاتلاندى

مۇسۇلمانلار مۇشۇنداق جىددى تۇتۇشۇپ ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە ئۆز ئورنىدا مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنى(يەنى بىر سۆزدە سىباﺋ ئىبنى ئەرپەتەنى) قالدۇرۇپ يولغا چىقتى. ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدا ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپنى قالدۇرۇپ ئۇنى مەخسۇس رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلىسىگە قاراشقا بۇيرىدى. رەسۇلۇللاھ يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن مۇناپىقلار ئەلىنى ئەيىپلەپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە گەپ تاپقانلىقتىن ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ كەينىدىن يېتىشىۋالدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى مەدىنىگە يەنە قايتۇرۇپ: «سەن بىلەن مەن ھارۇن بىلەن مۇساغا ئوخشاش بولساق رازى بولمامسەن؟ بىرلا مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ خالاس» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلىنى مەدىنىگە قايتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن تەبۇكقا قاراپ ئىلگىرىلىدى. لېكىن قوشۇننىڭ سانى كۆپ بولغاچقا، ( 30 مىڭ كىشى بولۇپ مۇسۇلمانلار بۇنىڭ ئالدىدا بۇنداق زور كۆلەمدە تەشكىللىنىپ باقمىغان ئىدى) مۇسۇلمانلار گەرچە ئىئانە قوللىرىنى كەڭ ئېچىۋەتكەن بولسىمۇ، تولۇق تەييارلىق قىلالمىغان بولغاچقا، يەنىلا قوشۇندا ئۇزۇقلۇق ۋە ئۇلاغ مەسىلىسىدە زور قىيىنچىلىق كۆرۈلدى. 18 سەككىز ئادەم بىر تۆگىگە نۆۋەتلىشىپ مىنەتتى، بەزىدە ئۇلار دەل ـ دەرەخلەرنىڭ غازاڭ ـ يوپۇرماقلىرىنى يېيىشكە مەجبۇر بولغان بولۇپ، ئېغىز ۋە لەۋلىرى ئىششىپ دودىيىپ كەتتى. تۆگە ئۇلاغلار مىنگىلى يېتىشمەيۋاتقاننىڭ ئۈستىگە ئۇسسۇزلۇق ئازابىغا چىدىماي(يوق دىسە يېتىپ ئىچىلىك دېگەندەك) تۆگىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ سۇ خالتىسىدىكى سۇلارنى ئىچىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ سەۋەپتىنمۇ بۇ قېتىمقى غازاتقا «جەيشۇلئۇسرە» يەنى «قىيىنچىلىق غازىتى» دەپ نام بېرىلدى.

قوشۇن شىمالغا يۈرۈش سەپىرىدە ھىجرى (يەنى تارىختىكى سەمۇد خەلقىنىڭ تاش ئويۇپ بىنا قوپارغان جايى ۋادالقورا)دىن ئوتتى. كىشىلەر ئۇ يەرنىڭ قۇدۇقلىرىدىن سۇ تارتىپ ئىچمەكچى بولۇپ ئالدىراشقانىدى رەسۇلۇللاھ: «ئۇ يەرنىڭ قۇدۇقلىرىدىن سۇ ئىچمەڭلار، تاھارەتمۇ ئالماڭلار، ئۇنىڭ سۈيى بىلەن يۇغۇرۇلغان خېمىرنى تۆگە ئۇلاغلارغا

ھەلەپ قىلىپ بىرىۋېتىڭلار، ئازراقمۇ يەپ سالماڭلار»دېدى ۋە ئۇلارنى پەيغەمبەر سالىھ (ئەلەيھىسسالام)نىڭ تۆگىسى سۇ ئىچىدىغان قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ ئىچىشكە بۇيرىدى.

سەھىھۇلبۇخارى بىلەن سەھىھۇلمۇسلىمدا ئىبنى ئۆمەردىن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «رەسۇلۇللاھ ھىجرى(ۋادىلقورادىكى بىر قەدىمكى خارابىلىقنىڭ نامى)دىن ئۆتكەندە: «ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ مەھەللىسىگە يىغا ـ زار بىلەن كىرىڭلار، شۇنداق قىلغاندا ئۇلارغا كەلگەن ئازاپ ئۇقىبەتلەر سىلەرگە كەلمىسە كېرەك » دېدى، ئاندىن بېشىنى مەھكەم ئوراپ ئۇلاغنى تېزلىتىپ ئاخىرى ھېلىقى ۋادىدىن ئوتۇپ كەتتى.

يول ئۈستىدە قوشۇننىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى بەكمۇ ئېشىپ كېتىپ، ئاخىرى رەسۇلۇللاھقا ئۇسسۇلۇقتىن شىكايەت قىلىشتى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئاللاھغا دۇئا قىلغانىدى ئاللاھ شۇئان بىر پارچە بۇلۇتنى ئەۋەتىپ يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، نەتىجىدە ھەممە ئادەم سۇغا قاندى ھەتتا قاچىلىرىنىمۇ توشقۇزۇۋېلىشتى.

رەسۇلۇللاھ تەبۇكقا يېقىنلاپ كېلىۋېدى ئۇ قوشۇنغا سۆز قىلىپ: «سىلەر ئاللاھ خالىسا ئەتە تەبۇكقا يېتىپ بارىسىلەر، سىلەر بەلكىم كۈن راسا قىزىغاندا ئاندىن يېتىپ بېرىشىڭلار مۇمكىن. ئۇ يەرگە بۇرۇن يېتىپ بارغانلار ئۇ يەرنىڭ سۈيىگە، مەن بارغۇچە قول تەككۈزمىسۇن » دېدى. بۇ ھەدىسنى نەقىل قىلغۇچى مائاز (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ بىلەن بىز ئەتىسى تەبۇك كەنتىگە يېتىپ باردۇق، ئۇ يەردىكى بىر بۇلاققا ئالدىقاچان ئىككى ئادەم يېتىپ بېرىپ بولۇپتۇ. بۇلاقنىڭ سۈيىمۇ ناھايىتى ئاز سىرغىپ تۇرىدىكەن، رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن: « بۇلاقنىڭ سۈيىگە قول تەككۈزدۈڭلارمۇ؟ »دەپ سورىغان ئىدى، ئۇلار: « ھەئە، دەپ جاۋاب بەردى رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئازراق كايىدى، ئاندىن ھېلىقى بۇلاقتىن ئاز ـ ئازدىن ئۇچۇملاپ ئېلىپ بىر ـ ئىككى ئادەمنىڭ ئىچىشىگە يەتكىدەك سۇ يىغىلدى، رەسۇلۇللاھ بۇ سۇ بىلەن يۈز ـ كۆزىنى ۋە قولىنى يۇغاندىن كېيىن ھېلىقى بۇلاققا تۆككەنىدى بۇلاق شۇ ئان بۇلدۇقلاپ ئاققىلى تۇردى، ئادەملەر ھەممىسى ئىچىپ قاندى سۇ توختىماي ئېقىۋاتاتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: «ئى مەئاز! ئۆمرۈڭ بولسا مۇشۇ يەرلەرنىڭ باغۇ ـ بوستانلىققا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرىسەن ».

بىر كۈنى يول ئۈستىدە(ياكى تەبۇك كەنتىگە يېتىپ بېرىپ بولغاندىن كېيىنمۇ رىۋايەت ئوخشاش ئەمەس) رەسۇلۇللاھ: « بۈگۈن كېچە قاتتىق بوران چىقىدۇ، ھېچكىم ئورنىدىن تۇرۇپ ھەرىكەت قىلمىسۇن، تۆگىسى بارلار تۆگىسىنىڭ پۇتىنى مەھكەم چېتىۋەتسۇن » دېدى راستىنلا شۇ كېچىسى قاتتىق بوران چىقىپ، بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرغانىكەن بوران ئۇنى ئۇچۇرۇپ تەي(ئەرەبلەرنىڭ بىر قەبىلىسى ئورۇنلاشقان تاغنىڭ نامى)تېغى تەرەپكە ئاپىرىپ تاشلىۋەتتى. رەسۇلۇللاھ بۇ قېتىمقى سەپەردە يول بويى نامازلارنى پېشىن بىلەن ئەسىرنى، شام بىلەن خۇپتەننى جەمئى تەقدىم(يەنى بىرنى ئازراق كېچىكتۈرۈ پ يەنە بىرنى ئازراق ئالدىغا سۈرۈپ بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇش) ئۇسۇلى بويىچە ئادا قىلىپ ماڭدى.

## ئىسلام قوشۇنى تەبۇكقا ئۇرۇنلاشتى

ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ تەبۇك كەنتىگە يېتىپ كەلگەن ئىسلام قوشۇنى دۈشمەنىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن شۇ يەرگە بارگاھ قۇرۇپ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ قوشۇنغا نۇتۇق سۆزلەپ ئاجايىپ پاساھەتلىك، لەبزى ئىخچام مەزمۇنى مول سۆز ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ قوشۇننى ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتنىڭ ھۆلى بولغان جىھادنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى. ئۇ قورقۇنچاقلىقنىڭ نومۇسلۇق ئاقىۋىتىدىن ھەزەر ئەيلەتتى ۋە ئۇ دۇنيادىكى شەرمەندىچىلىكتىن ئاگاھلاندۇردى.قورقتى، جەسۇر باتۇر بولۇشقا ئۈندىدى. ئۇ يەنە جاسارەت بىلەن شېھىد بولغانلارغا ئاخىرەتتە بولىدىغان ئالاھىدە ئىلتىپاتلار بىلەن خۇش بىشارەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن قوشۇننىڭ ھارغىنلىقى چىقىپ روھى كۆتۈرۈلۈپ ئۇزۇق ـ تۈلۈك يېتىشمەسلىك، ھەربىي ئەسلىھەلەر كەمچىل بولۇش، يەر شارائىتى بىلەن تونۇشماسلىق سەۋەپلەر تۈپەيلى كېلىپ چىققان غەم ـ ئەندىشىلەر زايىل بولدى. ھەممەيلەن روھىي جۇشقۇن، جەڭگىۋار قىياپەتكە كىردى، ئۇرۇش قىزغىنلىقى كۈچەيدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى ئاياغلاشماي تۇرۇپلا: «جەڭ مەيدانى ھازىر بولسا شۇ پېتى ئۇرۇشۇپ، شېھىد بولساق» دەپ كېتىشتى.

ئەمما رۇم دائىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياللانما ئىتتىپاقداشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇن تارتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەنلىرىگە قورقۇنچ، تىترەك ئولىشىپ سەراسىمىگە چۈشتى، ئۇلار باستۇرۇپ كېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن قانداق چېكىنىش ئويىغا پاتتى ۋە كەلگەن پېتى تارقاپ كېتىش قارارىنى قىلىشىپ ئاستاغىنا تارقىلىپ كېتىشتى.

بۇنىڭ بىلەن تەبۇك غازىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. ئەمما بۇ غازات مۇسۇلمانلارنىڭ ئارالىنىڭ ئىچى سىرتىدىكى شان ـ شەۋكىتىنى ئىلگىركىدىن ھەسسىلەپ ئاشۇردى. ئەمدى ھەر قانداق بىر دۈشمەن كۈچ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىي كۈچىنى سەل چاغلىمايدىغان بولدى. مۇسۇلمانلار بۇ قېتىمقى تىنىچ ئۇرۇش بىلەن قانلىق ئېلىشىقاندا قولغا كېلىشى تەسكە توختايدىغان غايەت زور سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇۋەپپەقىيەتلەر ئېرىشتى. جۇملىدىن ئەيلە ھاكىمى يۇھەننا ئىبنى روبە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كېلىپ رەسۇلۇللاھ بىلەن باج خىراج تاپشۇرۇش ۋە ئەسلى ئورنىنى ساقلاپ قېلىش توختامى ئىمزالىدى، ئارقىدىنلا جەربا ۋە ئەزرۇھ ۋەكىللىرى كېلىپ رەسۇلۇللاھقا باج خىراج تاپشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. رەسۇلۇللاھ بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بىر نۇسخىسىنى ئۇلارنىڭ قولىدا قالدۇردى. رەسۇلۇللاھ ئەيلە ھاكىمىغا مۇنداق دەپ يېزىپ بەرگەن ئىدى:

*ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن*

*بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەر تەرىپىدىن ئەيلە ھاكىمى يوھەننا ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە بېرىلگەن ئامانلىق خېتىدۇر. ئۇلارنىڭ دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق قاتنىشى ئاللاھنىڭ ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھىمايىسىدە ئامان ئىسەن بولىدۇ، شام ۋە دېڭىز ئاراللىرىدىكى ئاھالىلەردىن يوھەنناغا ئەگەشكەنلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، كىمكى ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلىدىكەن ئۇنىڭ مېلى جېنى كاپالەتلەندۈرۈلمەيدۇ.*

*ئۇنداقلارنىڭ مال ـ مۈلكى كۆچى يەتسە ئالغانلارغا ھالالدۇر. كېلىشىمگە ئەمەل قىلغانلار مەيلى دېڭىز مەيلى قۇرۇقلۇقتا دەخلى تەئەررۇزسىز بولىدۇ.*

رەسۇلۇللاھ تەبۇكتا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە خالىد ئىبنى ۋەلىدنى 420 ئاتلىق بىلەن دۇمەتولجەندەلنىڭ ھاكىمى ئۇكەيدىر دېگەن كىشىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى، رەسۇلۇللاھ خالىدقا : «سەن ئۇنى ئۇۋ ئۇۋلاۋاتقان يېرىدىن تاپىسەن» دېگەنىدى. خالىد يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ قورغىنىدىن كۆز يەتمەم مىقدارى يىراقلىقتا كۆزىتىپ تۇردى. بىر چاغدا بىر دانە ياۋا كالا كېلىپ ئۇنىڭ قەسرىنىڭ دەرۋازىسىغا ئۇسۇشكە باشلىدى، ئوكەيدىر بۇنى تۇيۇپ كالىنى ئوۋلىغىلى چىقتى، كېچە بەكمۇ يورۇق ئايدىڭ ئىدى، شۇنىڭ بىلەن خالىد ئۇنى تۇتۇۋېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ قېنىدىن كەچتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىككى مىڭ تۆگە سەككىز يۈز تۇياق قوي، تۆت يۈز ساۋۇت ۋە تۆتيۈز نەيزە تاپشۇرۇش بويىچە كېلىشىم ئىمزالىدى. ئۇكەيدىر باج تاپشۇرۇشقا قايىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا يوھەننىاغا يېزىپ بەرگەندەك دومە، تەبۇك ئەيلە ۋە تەيما قاتارىدا ئامانلىق مەكتۇپ نامىسى يېزىپ بەردى.

بۇ بىر قاتار پائالىيەتلەر رۇملۇقلار ئۆچۈن كەتمەن چاپىدىغان شىمالدىكى ئەرەب قەبىلىلىرىگە: «ئەمدى كونا تاجاۋۇزچى خوجايىنلىرىغا جان كۆيدۈرۈشنىڭ ۋاقتى كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى دەۋر چاقىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەتىگە قاراپ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدۇردى. شۇنداق قىلىپ بۇ يېڭى ئىسلام دۆلىتىنىڭ شىمالى چېگىرىسى داۋاملىق كېڭىيىپ رۇم چېگرىسىغا بىۋاستە تۇتاشتى ۋە بۇ زېمىن تەۋەسىدىكى رۇم قولچوماقچىلىرىمۇ ئەمدى بۇ زېمىندا مەڭگۈ قامچا ئوينىتالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، قاتتىق خورسىندى.

## مەدىنىگە قايتىش

ئىسلام قوشۇنى تەبۇكتا نۇسرەت قازىنىپ زەپەر بىلەن مەدىنىگە قايتتى، ئۇلار ھېچقانداق پىشكەللىككە يولۇقمىدى. ئاللاھ مۆئمىن مۇسۇلمانلارنى قانلىق توقۇنۇشتىن ساقلىدى. قايتىش يولىدا بىر داۋان بويىغا كەلگەندە مۇناپىقلاردىن ئون ئىككى كىشى رەسۇلۇللاھنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى پىلانلىغان بولسىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق يۈز بەردى: رەسۇلۇللاھ قايتىش يولىدا ئاشۇ بىر داۋاندىن ئېشىۋاتاتتى ئەممار ئىبنى ياسىر رەسۇلۇللاھنىڭ تۆگىسىنى يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى. ھۇزەيفە ئىبنى يەمان ئۇلاغنىڭ كەينىدىن ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى، چوڭ قوشۇن تاغ باغرىدىكى تۈزلەڭلىكتىن ماڭغان ئىدى. بۇ مۇناپىقلار رەسۇلۇللاھنىڭ مۇھاپىزەتچىسىز ماڭغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قول سالماقچى بولدى. بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ ھېلىقى ئىككى ھەمراسى بىلەن كېتىۋاتسا ئۇشتۇمتۇت ئارقىدىن بىر قانچە كىشىنىڭ گۈلدۈپ ـ گۈلدۈپ ئاياغ تىۋشى ئاڭلاندى. ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر قانچە قارا نىيەت دۈۋىلەپ كېلىۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ دەرھال ھۇزەيپەگە ئۇلارنىڭ ئۇلاغلىرىنىڭ بېشىغا قولىدىكى دۈبۈلغا بىلەن ئۇرۇپ ئۇركۈۋەتىشنى بۇيرىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھ

ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ سالدى. ئۇلار كەلگەن پېتى قېچىپ قوشۇنىنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇۋالدى. رەسۇلۇللاھ ھوزەيفەگە ئۇلانىڭ ئىسمىلىكىنى ۋە پىلانلىغان سۇيقەستىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. شۇڭا ھۇزەيفە رەسۇلۇللاھنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلىغۇچىسى دەپ ئاتالدى. ئاللاھ بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە ﴿وهموا بما لم ينالوا﴾ تەرجىمىسى «ئۇلار ئەمەلگە ئاشمىغان سۇيقەستىنى پىلانلىدى»، دەپ جاكارلىدى.

رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە يېقىنلاپ كېلىپ مەدىنە شەھىرى كۆزگە يىراقتىن غىلپال كۆرۈنۈۋىدى رەسۇلۇللاھ: «بۇ تابە(ياخشى جاي)، ئاۋۇ ئۇھۇد تېغى. بىز ئۇنى سۆيىمىز، ئۇمۇ بىزنى سۆيىدۇ»، دېدى.

مەدىنە خەلقى رەسۇلۇللاھنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قوزغىلىپ كەتتى. ئاياللار، باللار ۋە قول چۆرىلەر قىزغىن ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىپ ئىسلام قوشۇنىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقتى. ئۇلار قوشۇننىڭ قەدەملىرىگە تەڭكەش قىلىپ مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇيتتى.

رەسۇلۇللاھ تولۇن ئايدەك چىچىپ نۇر،
چىقىپ كەلدى سەنىييەتۇل ۋىداﹰدىن.
خۇداغا شۈكرى قىلماق بىزگە لازىم،
بىرەر ئادەم قول ئۇزمىسىلا دۇئادىن.

رەسۇلۇللاھ تەبۇكقا رەجەپ ( 7 ـ ئاي)دا ئاتلانغان ئىدى، رامىزان( 9 ـ ئاي)دا قايتىپ كەلدى. بۇ غازاتقا ئەللىك كۈندەك ۋاقىت سەرپ بولدى، بۇنىڭدىن 20 كۈن تەبۇكتا ئۆتتى، بىر ئايدەك ۋاقىت بېرىش ـ كېلىشكە كەتتى. تەبۇك غازىتى رەسۇلۇللاھ قاتناشقان ئەڭ ئاخىرقى غازات بولۇپ قالدى.

## سەپتىن سۇغۇرۇلۇۋالغانلار

تەبۇك غازىتى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە قىيىن شەرت ـ شارائىتى بىلەن ئاللاھنىڭ بىر قېتىملىق چوڭ ئىمتىھان سىنىقى بولدى. بۇ غازاتتا ھەقىقىي، سەممىي سادىق مۆئمىن مۇسۇلمانلار بىلەن شەكلى مۇسۇلمانلار ئايرىلدى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا سىناش ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولۇپ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَّا كَانَ اللَّهُ لِيَذَرَ الْمُؤْمِنِينَ عَلَى مَآ أَنتُمْ عَلَيْهِ حَتَّىَ يَمِيزَ الْخَبِيثَ مِنَ الطَّيِّبِ﴾ «ئاللاھ يامانىنى(يەنى مۇناپىقنى ) ياخشىدىن (يەنى مۆمىندىن) ئايرىمىغۇچە مۆئمىنلەرنى(يەنى سىلەرنى) ھازىرقى پېتىڭلاردا قويمايدۇ» سۈرە ئال ئىمران 179 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. دېمەك بۇ غازاتقا ھەقىقىي مۇسۇلمان بولغان كىشىلەرلا ئاتلاندى، ھەتتا بۇ غازاتتىن سۇغۇرۇلۇۋېلىش شۇ كىشىنىڭ مۇناپىقلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. بىرەر ئادەم چىقماسلىقىنى ئىرادە قىلىپ سۇغۇرۇلىۋالسا كىشىلەر ئۇنى رەسۇلۇللاھقا ئېيتسا رەسۇلۇللاھ: «ئۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، ئەگەر ئۇنىڭدا ياخشىلىق بار بولسا ئاللاھ ئۇنى سىلەرگە چوقۇم قوشىدۇ. ئەمما ئۇنداق بولمىسا ئاللاھ سىلەرنى ئۇنىڭدىن ساقلىغان بولىدۇ»، دەيتتى. شۇڭا بۇ قېتىم راستىنلا ئۆزرىسى

---

[①] مەدىنىدىكى بىر جىلغىنىڭ ئىسمى.

(ئەمەلىي قىيىنچىلىقى) بارلار ياكى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە يالغان ئېيتىپ يالغاندىن باھانە سەۋەپ كۆرسىتىپ قېپقېلىشقا رۇخسەت سورىغانلار ۋە ياكى باشتىن ئاخىر پەقەتلا رۇخسەتمۇ سورىماي ئۆيىگە كىرىپ يېتىۋالغان يۈزى قېلىن مۇناپىقلارلا قېپقالدى.

بۇ يەردە يەنە ھېچقانداق باھانىسى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا يەنىلا قېپقالغان سەممىمىي ياخشى مۇسۇلمانلاردىن پەقەت ئۈچ نەپەر كىشى بار بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنى قاتتىق ئىمتىھان قىلىپ سىنىغاندىن كېيىن يەنە تەۋبە ئاتا قىلدى. ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداقيۈزبەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇدۇللا مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقۇدى. ئاندىن ئادەملەر بىلەن كۆرۈشكىلى ئولتۇردى. بۇ چاغدا ئالدى بىلەن يەنىلا مۇناپىقلار (ئۇلار سەكسەن نەچچە ئادەم ئىدى)[1] كېلىپ تۈرلۈك باھانە ۋە ئۆزرە (ئەمەلىي قىيىنچىلىق)لەرنى كۆرسىتىپ قەسەم ئىچكىلى تۇردى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ تاشقى ئىپادىسىنى ئېتىبارغا ئېلىپ ناماقۇللىقىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ بەيئەتلەشتى ۋە مەغپىرەت تىلىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاللاھقا تاپشۇردى، بىراق ھېلىقى ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمانلار (ئۇلار كەئەب ئىبنى مالىك، مۇرارە ئىبنى رەبىئە ۋە ھىلال ئىبنى ئۇمەييەلەر ئىدى) راسچىللىقنى تاللاپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا يالغان ـ ياۋداق سۆزلەر بىلەن كەلمىدى. رەسۇلۇللاھمۇ ساھابىلەرنى ھېلىقى ئۈچ كىشىگە گەپ قىلماسلىققا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئۈچ كىشىگە نىسبەتەن كەڭ كۆلەمدە مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش جازاسى يۈرگۈزۈلدى. كىشىلەرمۇ ئۇلارغا ياخشى قارىمىدى، ھەتتا ئانا تۇپراقمۇ ئەمدى ئۇلارنى قوينىغا ئالمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. كەڭ جاھان تارلىق قىلدى، نەپسى سىقىلدى. ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈش جازاسى يۈرگۈزۈلۈپ قىرىق كۈندىن كېيىن ئۇلار خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارغا يۈرگۈزۈلگەن جازاغا 50 كۈن توشتى، ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغانلىق ھەققىدە تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿وَعَلَى الثَّلاَثَةِ الَّذِينَ خُلِّفُواْ حَتَّى إِذَا ضَاقَتْ عَلَيْهِمُ الأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ وَضَاقَتْ عَلَيْهِمْ أَنفُسُهُمْ وَظَنُّواْ أَن لاَّ مَلْجَأَ مِنَ اللّهِ إِلاَّ إِلَيْهِ ثُمَّ تَابَ عَلَيْهِمْ لِيَتُوبُواْ إِنَّ اللّهَ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾ «جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ ئاللا قوبۇل قىلدى. شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان، ئۇلار ئاللاغا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ ئاللانىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئاللا ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. ئاللا تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر » سۈرە تەۋبە 118 ـ ئايەت.

بارلىق مۇسۇلمانلار خۇشال بولدى، بولۇپمۇ ھېلىقى ئۈچەيلەن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە شادلىققا چۆمدى. ئۇلار بۇ قېتىم ئۆزلىرى سادىر قىلغان گۇناھىدىن

---

[1] بۇ سان پەقەت ئەنسارلار ئىچىدىكى مۇنافىقلارنىڭ سانى ئىدى. ئەمما، ئەئرابى يەنى بەدەۋىيلەردىن ئۆزرە ئېيتقۇچىلار ھەم 82 كىشى بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى بەنى غىفار ۋە باشقا قەبىلىلەردىن ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرىنى قوشقاندا بۇ تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

پاكلانغانلىقىنى تەنتەنە قىلىشتى، كىشىلەر ئۇلارنى تەبرىكلىدى. ئەتراپتا شادلىق سادالىرى ياڭرىدى، كەلگەن ـ كەتكەنلەرگە سوغا سالاملارنى ھەدىيە قىلىشتى ۋە خەير ـ ساخاۋەتلەرنى ئاتىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ بەختلىك دەقىقىلەر بولۇپ قالدى.

ئەمما ئۆزرە سەۋەبىدىن بۇ قېتىمقى غازاتقا چىقالمىغانلار ھەققىدە ئاللاھ تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى ﴿ لَّيْسَ عَلَى الضُّعَفَاء وَلاَ عَلَى الْمَرْضَى وَلاَ عَلَى الَّذِينَ لاَ يَجِدُونَ مَا يُنفِقُونَ حَرَجٌ إِذَا نَصَحُواْ لِلّهِ وَرَسُولِهِ مَا عَلَى الْمُحْسِنِينَ مِن سَبِيلٍ وَاللّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ O وَلاَ عَلَى الَّذِينَ إِذَا مَا أَتَوْكَ لِتَحْمِلَهُمْ قُلْتَ لاَ أَجِدُ مَا أَحْمِلُكُمْ عَلَيْهِ تَوَلَّواْ وَّأَعْيُنُهُمْ تَفِيضُ مِنَ الدَّمْعِ حَزَنًا أَلاَّ يَجِدُواْ مَا يُنفِقُونَ ﴾ تەرجىمىسى:« ئاجىزلار (يەنى ياشانغان بوۋايلار)، كېسەللەر، (جىھادقا چىقىشقا) خىراجەت تاپالمىغانلار ئاللاغا ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولسىلا، جىھادق ا چىقمىسا گۇناھ بولمايدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەشكە يول يوقتۇر، ئاللا مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر[ 91]. يەنە شۇنداق كىشىلەرنىمۇ ئەيىبلەشكە يول يوقتۇركى، ئۇلار (جىھادقا چىقىش ئۈچۈن) سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەندە، (ئۇلارغا سەن "مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق دىگەنلىكىڭ ئۈچۈن غەمكىن، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا قايتىشتى » سۈرە تەۋبە 91 ـ 92 ـ ئايەتلەر. بۇلار ھەققىدە رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە يېقىنلاپ كەلگەندە مۇنداق دېگەن ئىدى: « مەدىنىدە بىر قىسىم كىشلەر قالغانكى، سىلەر مەيلى بىر مۇساپىنى بېسىڭلار، مەيلى بىر ۋادىنى كېسىپ ئۆتۈڭلار ئۇلار سىلەر بىلەن ساۋاپتا تەڭ شېرىك بولىدى، ئۇلارنى ئۆزرە توسۇپ قويغان »، دېدى. ساھابىلەر: « ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار مەدىنىدە تۇرۇپ شۇنداق بولامدۇ؟ » دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ: « ھەئە ئۇلار مەدىنىدىن ئايرىلماي تۇرۇپمۇ شۇنداق ساۋاپقا ئىگە بولىدۇ » دىدى.

## تەبۇك غازىتىنىڭ تەسىرى

بۇ غازات مۇسۇلمانلارنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەرەب زېمىنىغا ھوكۈمرانلىق نوپۇزىنى تىكلىشى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى تەسىرى بولدى. كىشلەرنىڭ نەزىرىدە ئەمدى ئەرەب زېمىنىدا ئىسلام كۈچلىرىدىن باشقا ھېچقانداق بىر كۈچنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، دېگەن قاراش شەكىللەندى. مۇسۇلمانلارغا چىش بىلەپ يۈرىدىغان ئاشۇ قالدۇق مۇناپىق جاھىللارنىڭ قەلبىدىكى رەزىل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى كۆپۈككە ئايلاندى، ئۇلار بارلىق ئۈمىد ۋە ئارزۇلىرىنى رۇم تاجاۋۇزچىلىرىغا باغلىغان ئىدى. ئەمدى ئۇلار بۇ غازاتتىن كېيىن بىردىنلا ھورىغا چىمىقىپ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان رېئال ئەمەلىيەتكە تەسلىم بولۇشتى. ئەمدى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا(يەنى مۇناپىقلارغا) مۇلايىم سىپايە مۇئامىلە قىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانىدى. شۇڭا، ئاللاھ ئۇلارغا نىسبەتەن قاتتىق قول قەتئى بولۇشقا بۇيرىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ سەدىقە ۋە زاكاتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئېلىشتىن ۋە ئۇلار ھەققىدە دۇئا قىلىپ ئىستىغفار تىلەشتىن جىنازە ۋە قەبرە بېشىدا تۇرۇپ تەزىيە ۋە تەسەللى بېرىشتىن توستى.

ئۇلارنىڭ مەسجىد نامىدا بىنا قىلىپ ياسىۋالغان سۈيقەست ۋە ئەكسىيەتچىلىك ئۇۋىسىنى چۇۋۇپ تاشلاشقا بۇيرىدى ۋە مۇشۇ ھەقتە بىر قانچە ئايەت نازىل قىلىپ ئۇلارنىڭ رەسۋاسىنى چىقاردى. ئەمدى ئۇلارنى تونۇۋېلىش تەسكەتوختىمايدىغان بولدى. چۈنكى بۇ ھەقتىكى ئايەتلەر گويا ئۇلارنىڭ مەدىنىدە تۇرۇشلۇقلىرىنىڭ ئىسمىلىكىنى ئاشكارا ئېلان قىلغاندەك ئېنىق ھەم رۇشەن ئىدى.

بۇ غازاتنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ نەقەدەر چوڭ بولغانلىقىنى شۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى ئەرەبلەر مەككە ئىشغالىيىتىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە رەسۇلۇللاھقا ئانچە مۇنچە ئەلچى يوللاپ ئەل بولۇش يولىنى تۇتقان بولسىمۇ بىراق ئاساسلىق ئەلچى يوللاش دولقۇنى مۇشۇ (تەبۇك) غازىتىدىن كېيىن ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ھەتتا بىر مەزگىل مەدىنە كوچىلىرى ئەلچىلەر بىلەن ئاۋاتلىشىپ كەتتى.

## «قۇرئان كەرىم» بۇ غازات ھەققىدە توختالدى

بۇ غازات ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە خېلى كۆپ ئايەتلەر نازىل بولدى، ئۇ ئايەتلەرنىڭ بەزىسى غازاتقا ئاتلىنىشنىڭ ئالدىدا نازىل بولغاندى يەنە بەزىلىرى رەسۇلۇللاھ مەدىنىدىن قوزغالغاندىن كېيىن يول ئۈستىدە نازىل بولدى، ئۈچىنچى بىر قىسمى رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نازىل بولدى. بۇ ئايەتلەر مەزكۇر غازاتنىڭ قېيىن شەرت ـ شارائىتى، مۇناپىقلارنىڭ رەسۋا بولغانلىقى، سەممىمي سادىق ئىخلاسمەن مۇجاھىدلارنىڭ پەزىلىتى، غازاتقا ئەمەلىي قاتناشقان ۋە ياكى مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلى مەدىنىدە قېپقالغان ئاق كۆڭۈل مۇئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ مەقبۇل بولغانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى.

## مۇشۇ يىلى يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقەلەر

مۇشۇ يىلى تارىخى ئەھمىيىتى زور بولغان بىر قانچە ۋەقە يۈز بەردى.

1. رەسۇلۇللاھ تەبۇكتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەدىنىدە ئۇۋەيمىر ئەجلانى بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئوتتۇرىسىدا لەنەت ئېيتىشىش ۋەقەسى يۈز بەردى.
2. ئۆزىنىڭ زىنا ـ پاھىشە ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن غامىيد قەبىلىلىك ھېلىقى ئايال بالىسىنى ئەمچەكتىن ئايرىپ كەلگەندىن كېيىن، تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى.
3. ھەبەشىستان پادىشاھى ئەسھەمە نەجاشى ۋاپات بولدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا غائىبانە مېيت نامىزى ئوقۇدى.
4. رەسۇلۇللاھنىڭ ئوسمان ئىبنى ئەففاندىكى قىزى ئۇممى كۇلسۇم ۋاپات بولدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا قاتتىق قايغۇردى ۋە ئوسمانغا: «ئەگەر يېنىمدا ئۈچىنچى بىر قىزىم بولغان بولسا ئۇنى ئەلۋەتتە يەنە ساڭا ياتلىق قىلغان بولاتتىم» دېدى.

5. رەسۇلۇللاھ تەبۇكتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇ ئۆلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئىستىغپار تىلىدى ۋە ئۆمەرنىڭ توسۇپ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي ئۇنىڭ مېيىت نامىزىنى چۈشۈرگەندى كېيىن قۇرئاندا ئۆمەرنىڭ ئىرادىسىنى قوللاپ ئايەت نازىل بولدى.

## ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەج قىلىشى

شۇ يىلى (ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلى) زۇلقەئدە (11 ـ ئاي) ياكى زۇلھەججەدە (12 ـ ئاي) رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئەبۇ بەكرىنى ھەج ئەمىرى قىلىپ ئەۋەتتى.

ئەبۇ بەكرى يولغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن مۇشرىكلار بىلەن بولغان بارلىق ئەھدى كېلىشىملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ئۇنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئاشكارا جاكارلاش توغرىسىدا سۈرە بارائەتنىڭ باش قىسمى نازىل بولغان بولغانچقا رەسۇلۇللاھ ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە قان ـ قىساس ۋە ئىقتىسادى توختاملاردىكى شۇ جەمەتتىن بىر كىشى بىۋاستە يەتكۈزۈپ قويۇش قائىدىسى بويىچە ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپنى بۇ جاكار نامىنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. ئەلى بۇيرۇقنا بىنائەن ئاتلىنىپ ئەرەج ياكى زەجنان دېگەن جايدا ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۇچراشتى. ئەبۇ بەكرى: «ئەمىرمۇ؟ ياكى مەئمۇرمۇ؟» دەپ سورىغان ئىدى ئەلى: «يوقسۇ ئەلۋەتتە مەئمۇر» دېدى. ئاندىن ئىككىيلەن بىرلىكتە مەككىگە كەلدى، ئەبۇ بەكرى كىشىلەرنىڭ ھەج ئىبادىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. نەھر كۈنى(زۇلھەججىنىڭ 10 ـ كۈنى يەنى ھېيت كۈنى ـ ت) بولۇۋىدى ئەلى مىنادىكى جەمرات يېنىدا تۇرۇپ كىشىلەرگە رەسۇلۇللاھنىڭ پەرمانىنى جاكارلىدى ۋە ئارىدا ئەھدىنامە بار تەرەپلەرگە مۇسۇلمانلار بىلەن پۈتۈلگەن ئەھدى ـ كېلىشىمنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئۇقتۇردى ۋە ئۇلارغا تۆت ئاي موھلەت بەردى. شۇنىڭدەك ئارىدا ئەھدى ـ كېلىشىم بولمىغانلارغىمۇ تۆت ئاي مۆھلەت بىرىلدى. ئەمما مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىملىرىگە ئەمەل قىلغان ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى دۈشمەن كۈچلەرنى قوللاش تەرەپدارى بولمىغانلارنىڭ ئەھدى ـ كېلىشىملىرىنى ئەسلى بەلگىلەنگەن مۇددەتكە قەدەر كۈچكە ئىگە قىلىپ قالدۇردى.

ئەبۇ بەكرى يەنە مەخسۇس جاكارچىلارنى ئەۋەتىپ كىشىلەر ئارىسىدا: «بۇ يىلدىن ئېتىبارەن مۇشرىكلارنىڭ ھەج قىلىشى ۋە يالىڭاچلارنىڭ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشى قەتئى مەنئى قىلىنىدۇ» دەپ جاكارلاتقۇزدى. بۇ جاكارنامە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بۇت پەرەسلىككە خاتىمە بىرىلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئەمدى قايتا كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

## غازاتلارغا نەزەر

رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ قاتناشقان غازاتلار، ئەۋەتكەن قوشۇن ۋە قوزغىغان ھەربىي ھەرىكەتلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق بىز ۋە بىزدىن باشقا ئۇرۇش ۋەزىيىتى، ئۇرۇشنىڭ تەسىرى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشلىرىگە توغرا نەزەر سېلىپ ئىلمىي تەھلىل قىلالايدىغان ھەر قانداق بىر ئەقىل ئىگىسى رەسۇلۇللاھنى پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىك بابىدا ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ كاتتا پەيغەمبەر بولغىنىدەك، سىياسىي ساھەدىمۇ دۇنيا مىقياسىدىكى ئەڭ قابىل، ئەڭ جاسارەتلىك، ھەربىي ئالىم يۇكسەك پاراسەتلىك سىياسىئون ۋە تەڭدىشى يوق ئۇلۇغ شەخس دەپ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدۇ.

ئالايلى رەسۇلۇللاھ قايسى بىر جەڭگە پەم ـ پاراسەت، قورقماس شىجائەت ۋە دانا تەدبىر بىلەن دەل ۋاقتىدا ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن ئاتلانغان. شۇڭا ئۇ ھېچقايسى بىر جەڭدە قوشۇنلارنى سەپەرۋەر قىلىش، ئىستىراتىگىيىلىك مۇھىم نىشانلارنى بېكىتىش قارشىلىق كۆرسىتىشكە قولاي ئورۇن ۋە ئەۋزەل شارائىتلارنى ئالدىن ئىگىلەش ۋە جەڭ پەللىسىنى پايدىلىق تەرەپكە بۇراش ئۈچۈن دانا تەدبىرلەرنى قوللىنىش جەھەتلەردە بىخەستىلىك قىلىپ سېلىپ مەغلۇپ بولغىنى يوق. ئۇ شۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ھەربىي ئىلمىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەربىي ئىشلاردا دۇنيادا تەڭدىشى يوق شەخس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇھۇد(غازىتى) ۋە ھۇنەيىن(غازىتى)دا يۈز بەرگەن قىسمەن تىراگېدىيىلەر بولسا قوشۇننىڭ قىسمەن ئەزالىرىدىكى ئاجىزلىقتىن (مەسىلەن ھۇنەيىن غازىتىدىكى پاجىئەگە ئوخشاش) ياكى قوشۇندىكى ئايرىم كىشىلەرنىڭ بۇيرۇققا بويسۇنمىغانلىقى (ئۇھۇد غازىتىدىكىگە ئوخشاش) ۋە ھەربىي ئىنتىزامغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزگىچە قابىلىيىتى ۋە ئىقتىدارى ھېلىقى ئىككى غازات(ئۇھۇد ۋە ھۇنەيىن غازىتى)تا مۇسۇلمانلار تالاپەتكە يولۇقۇپ تىكىۋەتكەندە تېخىمۇ روشەن تېخىمۇ گەۋدىلىك نامايەن بولدى. ئۇ ئالدىنقى سەپتە تەۋرەنمەي مۇستەھكەم تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە دانا تەدبىرى بىلەن دۈشمەنىنىڭ قورشاپ يوقىتىش پىلانىنى بىتچىت قىلدى(مەسىلەن ئۇھۇد غازىتىدا) ياكى بولمىسا ئۇرۇش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ(مەسىلەن ھۇنەيىن غازىتىدا) مەغلۇبىيەتنى غەلىبە قىلىشقا يۈزلەندۈردى. ھالبۇكى، مۇنداق خەتەرلىك ئەھۋال ۋە بۇنداق ئېغىر مەغلۇبىيەت ئادەتتە قوماندانلارنىڭ روھىنى چۈشۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ ـ دە بۇ چاغدا ئۇلاردا پەقەت جان قۇتقۇزۇپ قېچىشتىن باشقا خىيال بولمايدۇ.

مانا بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مەخسۇس ھەربىي ئىشلار قوماندانلىق ئىلمى ۋە ئەمەلىيىتىدىكى خىسلەتلىرىدۇر. باشقا تەرەپلەرنى ئالساق، رەسۇلۇللاھ بۇ غازاتلار ئارقىلىق ئامانلىق ۋە تىنىچلىق ئورناتتى، پىتنە ـ پاساد يوچۇقلىرىنى ئەتتى، ئىسلام دىنى ۋە بۇتپەرەسلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتە دۈشمەنىنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ

ئۇلارنى تىنچلىق كىلىشىم ئۈستىلىگە سۆرەپ كەلدى ۋە توسالغۇلارنى يىڭىپ يولنى راۋانلاشتۇرۇپ دەۋەتكە سورۇن ھازىرلىدى. شۇنىڭدەك يەنە بۇ غازاتلار جەريانىدا سەمىمىي سادىق ساھابىلەر دىلىدا مۇناپىقلىق كېسىلى بار ئالدامچى خىيانەتكارلاردىن ئايرىلدى.

رەسۇلۇللاھ بۇ جەرياندا يەنە زور بىر تۈركۈم قابىلىيەتلىك ھەربىي قوماندان ۋە سىياسىئونلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى، ئۇلار كىيىنكى كۈنلەردە ئىراق ۋە شام جەڭ مەيدانلىرىدىكى پارس ۋە رۇم لەشكەرلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا جەڭ تاكتىكىسى ۋە ئۇرۇش ۋەزىتىنى توغرا مۆلچەرلەپ، ئوبدان ئىدارە قىلىش جەھەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى بىلەن دۈشمەننى مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن يېڭىپ، ئۇلارنى ئۆي ـ ماكان، يەر ـ زېمىن باغ ـ ۋارانلىرىدىن قوغلىۋەتتى.

شۇنىڭدەك، يەنە بۇ غازاتلار ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا تۇرالغۇ جاي، تېرىلغۇ يەر، ھۈنەر كەسىپ قاتارلىق ھۇل مۇئەسسەسەلەرنى تولۇقلىغاندىن سىرت پۇل مال ۋە ئۆي ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ كەلگەن مۇساپىرلار مەسىلىسىنىمۇ ئوبدان ھەل قىلدى. قورال ـ ياراغ، ئۇلاغ (قاتناش)، ھەربىي ھازىرلىق ۋە ئامىمۋى پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرىگە ئاساس سالدى. ئۇ بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە كىشلەرگە زەررىچە زۇلۇم قىلماي ھەقكە تاجاۋۇز قىلىپ ئاقنى ـ قارىغا ئېلىشتۇرماي ئېرىشتى.

ئەڭ مۇھىمى رەسۇلۇللاھ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بىگۇناھ قان تۆكۈلۈشكە سەۋەپ بولىدىغان ئاشۇ چوڭ ـ كىچىك ئۇرۇشلارنىڭ نىشانى ۋە ئۇنىڭدىكى غەرەزلەرنى ئۆزگەرتتى. ئەينى چاغدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۇچرىغاننى قارا قويۇق ئۆلتۈرۈش، زوراۋانلىق كۈچىنى نامايەن قىلىش، تاجاۋۇز قىلىش، ئىنتىقام ئېلىش، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش ئۆي ـ ئىمارەت، باغ ـ ۋارانلارنى ۋەيران قىلىش، ئاياللارنى دەپسەندە قىلىش قېرىلار ۋە ئاجىز سەبىلەرنى خورلاش، ھايۋانلار ۋە جانلىقلارنى قىرىش ۋە زېمىندا خالىغانچە زورلۇق زومبۇلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما ئەمدى بۇ ئۇرۇشلار ئاللاھنىڭ سەلتەنىتىنى زېمىنغا بەرپا قىلىشتەك (ئىسلام دىنىدا) ئۇلۇغۋار نىشان، يۈكسەك غايە ۋە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان غەرەزلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان جىھاتقا ئايلاندى. ئۇرۇش ئەمدى ئىنسانىيەتنى تۈزۈمدىن ئادالەتلىك ۋە ھەققانىي تۈزۈمگە، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەپ كىتىدىغان ناھەق ئېقىمدىن ھەقىقەتنى ئۆز جايىغا قارار تاپقۇزۇشقا، كۈچلۈكلەر ۋە ئاجىزلار باراۋەر بولىدىغان تۈزىمگە قۇتقۇزۇپ چىقىشتىكى ئۇلۇغ جىھادقا ئايلاندى. ۋە ﴿مْ لاَ تُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَالْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ الرِّجَالِ وَالنِّسَاء وَالْوِلْدَانِ الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا أَخْرِجْنَا مِنْ هَـــذِهِ الْقَرْيَةِ الظَّالِمِ أَهْلُهَا وَاجْعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ وَلِيًّا وَاجْعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ نَصِيرًا﴾ «(ئى مۆمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، ئاللانىڭ يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ): ‹ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل ›» (سۈرە نىسا 75 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دەپ ئىلتىجا قىلىۋاتقان ئاجىز ئەر ئاياللارنى ۋە سەبى گۈدەك باللارنى قۇتقۇزىدىغان جىھادقا ئايلاندى.

بۇ ئۇرۇشلار ئەمدى ئاللاھنىڭ زېمىنىنى ئالدامچىلىق، خىيانەتكارلىق گۇناھ ـ ئىسيانكارلىق زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقتىن تازىلاپ مۇقىملىق تىنچلىق، مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە ئەدلى ـ ئادالەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە كىشىلىك ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلىش، كىشىلىك قەدرى ـ قىممەت ۋە ئادىمىگەرچىلىكلەرگە رىئايە قىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىشقا ئۆزگەردى.

شۇنىڭدەك رەسۇلۇللاھ يەنە مۇشۇ جەرياندا ئۇرۇش ۋە جەڭ مەيدانىغا ئائىت بىر قاتار قائىدە ـ نىزاملارنى ئۆگەتتى. ئۇ پۈتۈن قوشۇن ۋە قوماندانلاردىن بۇ نىزاملارغا قاتتىق رىئايە قىلىشنى، ھېچقانداق ۋاقىتتا بۇنىڭدىن چەتنەپ كەتمەسلىكنى تەلەپ قىلاتتى.

سۇلايمان ئىبنى بۇرەيد ئاتىسىدىن نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ بىر ئادەمنى بىرەر قوشۇن ياكى بىرەر پىدائىيلارغا قوماندان قىلىپ تەيىنلىسە ئۇنى ئايرىم چاقىرىپ شۇ كىشىنىڭ ئۆزىمۇ ۋە قوشۇندىكىلەرنىمۇ ئاللاھتىن قورقۇشقا تەۋسىيە قىلاتتى. ئاندىن ئۇلارغا: «بىسمىللا(يەنى ئاللاھنىڭ ئىسمى) بىلەن غازاتقا ئاتلىنىڭلار، كافىر بولغانلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، غازاتتا خىيانەت قىلماڭلار، ئالداپ ئۆلتۈرمەڭلار، ئۆلۈكلەرنى پارچىلاپ تاشلىماڭلار، بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار» دەيتتى. ئۇ يەنە ئىشلارنى ئوڭايلاشتۇرۇشقا بۇيرۇيتتى: «ئاسان ـ ئوڭايلاشتۇرۇڭلار، قىيىن ـ تەسلەشتۈرمەڭلار، تىنچ ـ خاتىرجەملىك ھېس قىلدۇرۇڭلار، نەپرەتلەندۈرمەڭلەر»، دەيتتى. رەسۇلۇللاھ بىر قەۋمنىڭ دىيارىغا كېچىسى يېتىپ كەلسە تاڭ ئاتمىغىچە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلمايتتى. ئۇ ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈشنى قاتتىق چەكلەيتتى. قىيناپ ئۆلتۈرۈش، ئاياللار ۋە بالىلارنى ئۆلتۈرۈشتىن ۋە ئۇلارنى خورلاشتىن ۋە ئۇرۇشتىن توساتتى. قاراقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىقنى قەتئىي چەكلەيتتى ئۇ مۇنداق دەيتتى: «بۇلانغان مال ـ مۈلۈك ئۆلۈكنىڭ تاپىنىدىنمۇ بەتتەردۇر».

رەسۇلۇللاھ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىشتىن، چارۋا ماللارنى ئۆلتۈرۈش، دەل ـ دەرەخ، ئورمان بوستانلارنى كېسىپ تاشلاشتىن توساتتى. بىراق قاتتىق ئېھتىياج بولۇپ باشقا چىقىش يولى بولمىسا ئۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى. رەسۇلۇللاھ مەككىنى ئىشغال قىلغاندا مۇنداق پەرمان چۈشۈرگەن: «يارىدارلارغا تۆپىلەپ ئۇۋال قىلماڭلار، قاچقانلارنى قوغلىماڭلار، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەڭلار» ئۇ ئەلچىنى ئۆلتۈرمەسلىك سۈننىتىنى باشتىن ـ ئاخىر قەتئىي يۈرگۈزگەن. زىممىي[1] نى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلەپ پەرمان چىقارغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «زىممىي نى ئۆلتۈرسە جەننەتنىڭ ھىدىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ. ھالبۇكى جەننەتنىڭ ھىدى قىرىق يىللىق مۇساپىدىنمۇ بايقىلىدۇ».

رەسۇلۇللاھ مانا مۇشۇنداق ئادىل، ئۇلۇغۋار قائىدە نىزاملارنى ئورنىتىش ئارقىلىق ئىسلامدىكى ئۇرۇشنى ۋە جەڭ سەپلىرىنى جاھىلىيەتنىڭ ناپاك كىر ۋە داغلىرىدىن تازىلاپ، مۇقەددەس جىھاد قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

## ئادەملەر ئاللاھنىڭ دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرمەكتە

---

[1] ئۆز دىنىدا قېلىش بەدىلىگە ئىسلام ھۆكۈمىتىگە باج تاپشۇرۇشقا ئەھدى تۈزۈشكۈچى.

مەككىنى پەتھى قىلىش غازىتى(يۇقاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك) بۇتپەرەسلىككە تەلتۆكۈس خاتىمە بېرىلگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭ بولغانىدى. ئەرەبلەر بۇنىڭ بىلەن ھەق ـ ناھەقنى ئايرىۋالدى. كۆڭۈل ئاسمانلىرىنى قاپلىۋالغان شەك ـ شۈبھى قارا تۇمانلىرى ئاستا ـ ئاستا يوقالدى، نەتىجىدە ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئەقىدە باغلاشنى تېزلەتتى.

ئەمر ئىبنى سەلىمە مۇنداق دەيدۇ: بىز بىر سۇ بويىدا تىرىكچىلىك قىلاتتۇق. بىزنىڭ يېنىمىزدىن كارۋانلار ئۆتسە ئۇلاردىن: «مەككىلىكلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ۋە بۇ ئادەمنىڭ(رەسۇلۇللاھنى دىمەكچى) ئەھۋالى قانداق؟» دەپ سورايتتۇق، ئۇلار: «ھېلىقى ئادەم ئاللاھ ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا پالان ـ پۇستان ۋەھىيلەرنى نازىل قىلغانلىقىنى دەپ يۈرىدۇ»، دەيتتى. مەن ئۇلارنىڭ نەقىل قىلغانلىرىنى يادلىۋالاتتىم. دەگويا رەسۇلۇللاھ ماڭا ئۆز ئېغىزى بىلەن ئېيتىپ بەرگەندەك تۇيۇلاتتى. ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامنى پەتھى (يەنى مەككىنىڭ بىر تەرەپ بولىشى)گە باغلاپ تۇرغانىدى، ئۇلار: «مۇھەممەدنى مەككىلىكلەرگە قويايلى، ئەگەر ئۇ مەككىلىكلەر ئۈستىدىن غالىب كەلسە، راست پەيغەمبەر بولىدۇ»، دەيتتى. ئۇ مەككىنى ئىشغال قىلىۋىدى، ھەممە خەلق مۇسۇلمان بولۇشقا ئالدىرىدى، مېنىڭ ئاتام ۋە مېنىڭ قەۋمىمۇ ئالدىراپ مۇسۇلمان بولدى. ئاتام مەدىنىدىن قايتىپ كېلىۋىدى، ئۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە ھەق پەيغەمبەرنىڭ قېشىدىن كەلدىم. ئۇ: «پالان نامازنى پالان ۋاقىتتا ئوقۇڭلار ۋە پۇستان نامازنى پۇستان ۋاقىتتا ئوقۇڭلار، ناماز ۋاقتى كىرسە بىرىڭلار ئەزان ئوقۇسۇن، قۇرئاننى كۆپرەك بىلىدىغىنىڭلار ئىمام بولسۇن»، دېدى، دېگەن.

بۇ ھەدىس مەككە پەتھىسىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، ئىسلام دىنىنىڭ شەۋكىتىنىڭ ئۆسىشىگە ئەڭ مۇھىمى ئەرەبلەرنىڭ بىر مەۋقەگە كېلىشىگە، ئىسلام قەتئىي بىر مەۋقەگە كېلىپ ئىسلام دىنىغا ئەقىدە باغلىشىغا قانچىلىك چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەككە پەتھىسىنىڭ بۇ تەسىرى تەبۇك غازىتىدىن كېيىن تېخىمۇ روشەن ھەم گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. بىز مۇشۇ ئىككى (ھىجرىيەنىڭ توققۇزىنچى ۋە ئونىنچى) يىلدا مەدىنىگە ئۈزۈلمەي ئەلچىلەر كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغانلىقىنى كىشلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا توپ ـ توپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئاددىسى مەككىنى پەتھى قىلىش غازىتىدا ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي سانى ئون مىڭ كىشى ئەتراپىدا ئىدى، مۇشۇنىڭغا تولۇق بىر يىل بولماي تۇرۇپ كەلەر يىلىدىكى تەبۇك غازىتىدا مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي سانى بىردىنلا ئوتتۇز مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، ئارقىدىن ھەججە تۇلۇۋىدادا گويا ئادەم دېڭىزى(يەنى بىر يۈز قىرىق تۆت مىڭدەك ئادەم) رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىدا دولقۇنلاپ ئېقىپ تەلبىيە (لەببەيكە) ئېيتىپ تەكبىر (ئاللاھۇئەكبەر) تەسبىھ (سۇبھانالللا) ۋە تەھمىد (لەكەلھەمدۇ) ئوقۇپ يەر جاھاننى لەرزىگە سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

## ئەلچىلەر ئۆمەكلىرى

تارىخچىلار يېزىپ قالدۇرغان ئەلچىلەر ئۆمەكلىرىنىڭ قېتىم سانى يەتمىشتىن ئاشىدۇ. بىزگە نىسبەتەن ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى ئىگەللەشمۇ مۇمكىن بولمايدۇ ھەم ئۇنىڭ تەپسىلاتىغا چوڭقۇرلاپ كىرىشىنىڭمۇ ئارتۇقچە ھاجىتى يوق. بىز بۇ يەردە پەقەت تارىخى ئەھمىيىتى زور ئىجتىمائىي تەسىرى كۈچلۈك بولغان بىر قىسىم ئەلچىلەرنى خۇلاسىلىغان ھالدا تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز.

بارلىق قەبىلىلەر ۋە ئايماقلارنىڭ ئەلچىلىرى گەرچە مەككە پەتھىسىدىن كېيىن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن قىسمەن قەبىلە خەلقلىرىنىڭ ئەلچىلىرى مەككە پەتھىسىدىن ئىلگىرى كەلگەنلىكى كىتابخانلارنىڭ ئېسىدە بولىشى مۇمكىن.

1) ئابدۇلقەيس ئەلچىلىرى: بۇ قەبىلىنىڭ ئەلچىلىرى ئىككى قېتىم كەلگەن. بىرىنچى قېتىم ھىجرىيەنىڭ 5 ـ يىلى ياكى ئۇنىڭ سەل ئالدىدىراق كەلگەن. ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق: ئابدۇلقەيس قەبىلىسىدىن مۇنقىز ئىبنى ھەببان ئىسىملىك بىر كىشى مەدىنىگە تىجارەت بىلەن كېلىپ كىتىپ تۇراتتى. ئۇ رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلغاندىن كېيىنمۇ كېلىپ تۇردى ۋە ئىسلام دىنى بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭغا مۇشەررەپ بولدى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنىڭ قەۋمىگە يازغان خېتىنى ئېلىپ بارغانىدى، ئۇلار مۇسۇلمان بولدى ۋە ھارام ئايلارنىڭ بىرىدە ئون ئۈچ ياكى ئون تۆت كىشىلىك ئەلچى تەشكىللەپ مەدىنىگە ئەۋەتتى. بۇ قېتىم ئۇلار رەسۇلۇللاھتىن ئىمان ـ ئىسلام ۋە يېمەك ـ ئىچمەك توغرىسىدا سوئال سورىدى ئۇلارنىڭ باشلىقى ئەشەج ئەسرى دېگەن كىشى ھەققىدە رەسۇلۇللاھ: «سەندە ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ياقتۇرىدىغان ئىككى خىسلەت بار ئىكەن مۇلايىملىق ۋە تەمكىنلىك» دېگەنىدى.

بۇ قەبىلىنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن ۋاقتى كېيىنكى ئەلچىلەر يىلى(يەنى ھىجرىيىنىڭ 10 ـ يىلى) بولغان، ئۇلارنىڭ بۇ قېتىم ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنىڭ سانى قىرىق ئادەم ئىدى. ئەلچىلەر ئىچىدە جارۇد ئىبنى ئەلائولئەبدى دېگەن بىر كىشى بار بولۇپ ئۇ ئەسلى خىرىستىئان دىنىغا ئېتقاد قىلاتتى. ئۇ بۇ قېتىم ئىمان ئېيتىپ ناھايىتى ئىخلاسمەن ياخشى مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ كەتتى.

2) دەۋس ئەلچىلىرى: بۇ قەبىلىنىڭ رەسمى ئەل بولۇپ ئەلچى ئەۋەتكەن ۋاقتى ھىجرىيىنىڭ 7 ـ يىلى يىل بېشىدا رەسۇلۇللاھ خەيبەردىكى ۋاقتىغا توغرا كەلدى. كىتابىمىزنىڭ بېشىدا بىز شۇ قەبىلىنىڭ تۇفەيل ئىبنى ئەمر دەۋسى دېگەن بىر كىشىنىڭ رەسۇلۇللاھ مەككىدە چېغىدىلا مۇسۇلمان بولغانلىنى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى مەككىدە نۇرغۇن غەۋغا پەيدا قىلغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ خەلقنى ئىزچىل ئىسلامغا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار تۈپەيلىنىڭ چاقىرىقىغا دەرھال ئاۋاز قوشمىغان، شۇنىڭ بىلەن تۇفەيل ئۇلاردىن ئۈمىدسىزلىنىپ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ دەۋس خەلقىگە دۇئا قىلىشنى ئۆتۈنگەن، رەسۇلۇللاھ: «ئى ئاللاھ دەۋس خەلقىگە ھىدايەت قىلغايسەن» دەپ دۇئا قىلغان ئىدى، ئاردىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى دەۋس خەلقى تولۇق مۇسۇلمان بولدى. تۇفەيل ئۆز خەلقىدىن 70 ياكى 80 ئۆيلۈك ئادەمنى باشلاپ ھىجرىيىنىڭ 7 ـ يىلى باھاردا مەدىنىگە ئەلچى بولۇپ كەلدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ خەيبەر غازىتىغا

چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ كەينىدىن خەيبەرگە چىقىپ ئۇ يەردە رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچراشتى.

3) فەرۋە ئىبنى ئەمرى ئەلجوزامى ئەلچىلىرى: فەرۋە دېگەن بۇ كىشى شامنىڭ مەئان دېگەن يېرىدىن بولۇپ رۇم قوشۇنى ئىچىدىكى بىردىن بىر ئەرەپ قوماندانى ئىدى. قۇشۇمچە رۇم ئىشغالىيىتىدىكى ئەرەب زېمىنىغا قورچاق باش مەئمۇر ئىدى. ئۇ ئالدىنقى قېتىم مۇسۇلمانلارنىڭ (ھىجرىيىنىڭ 8 - يىلىدىكى) مۇئتە ئۇرۇشىدا كۆرسەتكەن ئاجايىپ قەھرىمانلىقلىرى ۋە ئۆلۈمدىن قورقماس جاسارىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلەنگەن ۋە مۇسۇلمان بولغانىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھقا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى يەتكۈزۈشكە بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى تەشكىللەپ مەدىنىگە يولغا سالدى. ئۇ ئەلچىلەردىن بىر دانە ئاق خېچىرنى رەسۇلۇللاھقا ئالايىتەن سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. رۇم دائىرلىرى ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ ھەپسىگە ئالدى. ئاندىن ئۇنى پەلەستىنگە يالاپ ئاپىرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بۇ يولدىن يېنىپ مۇرتەد بولۇپ خىزمەت كۆرسىتىشنى ياكى ئۆلۈمنى تاللاش ئىختىيارلىقىدا قويىدى. بۇ چاغدا ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۆلۈمنى تاللىغان بولغاچقا، ئۇلار ئۇنى ئەپرا دەرياسى بويىغا ئەپچىقىپ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردى. ئاندىن پەسكە چۈشۈرۈپ قىلىچ بىلەن بېشىنى ئالدى.

4) سەدائ ئەلچىلىرى: بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى ھىجرىيىنىڭ 8 - يىلى رەسۇلۇللاھ جىئىيررانە ئۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېينلا مەدىنىدە پەيدا بولدى. ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق ئىدى: رەسۇلۇللاھ جىئىبررانەدىن قايتىش ئالدىدا مۇسۇلمانلاردىن 400 كىشىلىك بىر قوشۇن تەشكىللەپ يەمەن تەۋەلىكىگە تىگىش قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە سەدائ دېگەن جايمۇ بار ئىدى. قوشۇن ئاتلىنىپ شۇ تەرەپتىكى بىر قانالنىڭ بېشىغا كېلىپ چۈشۈپ ئۇ يەرگە بازا تەسىس قىلىپ تۇرغاندا شۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى زەياد ئىبنى ھارس سەدائى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ كىچىلەپ يول يۈرۈپ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە رەسۇلۇللاھقا: «مەن ساڭا ئۆز خەلقىمگە ۋاكالىتەن ئەلچى بولۇپ كەلدىم. قوشۇننى قايتۇرۇپ كەلسەڭ مەن خەلقىمگە ۋاكالىتەن ساڭا ئەل بولۇشقا كېپىل بولسام» دەپ ۋەدە بەردى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ قوشۇننى شۇ يەردىنلا قايتىشقا بۇيرۇق قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى. زەيد ئىبنى ھارىس سەدائىمۇ قايتىپ خەلقىنى رەسۇلۇللاھقا ئەل بولۇشقا ھەيدىدى، نەتىجىدە رەسۇلۇللاھ جىئىبررانىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېينلا شۇ قەبىلىدىن 15 ئادەم تەشكىللىنىپ كېلىپ رەسۇلۇللاھقا كىرىشكە بەيئەت بىرىشتى. ئاندىن قايتىپ ھەممىسى ئۆز خەلقلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتى بۇنىڭ تۇرتكىسىدە ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمان بولغانلار تېز كۆپىيىپ كېيىنكى يىلدىكى ھەججەتۇلۋىدادا ئۇلاردىن 100 ھاجى مەككىگە كېلىپ رەسۇلۇللاھ بىلەن ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشقا قاتناشتى.

5) كەئەب ئىبنى زۇھەير ئىبنى ئەبى سەلمانىڭ ئەل بولۇپ كېلىشى: كەئەب ئىبنى زۇھەير ئەدىب ۋە شائىر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئەرەب شائىرلىرى ئىچىدە ئەڭ يېتىشكەن قابىل شائىر ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنى ھەجۋى قىلىدىغان شېئىر-قۇشاقلارنى كۆپ توقىغان. ھىجرىيىنىڭ 8 - يىلى رەسۇلۇللاھ تائىف غازىتىدىن قايتقاندا كەئەبنىڭ

قېرىندىشى بۇجەيىر ئىبنى زۇھەيىر ئۇنىڭغا خەت يېزىپ رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ قېتىم مەككىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇنىڭغا ئازار بەرگەن ۋە ھەجۋى شېئىر توقۇپ ئەلنى قايىمۇقتۇرغان بىر قىسىم كىشىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكىنى، بىر قىسىم قۇرەيش شائىرلىرىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئۇ خېتىدە: ئەگەر توغرا تاپساڭ دەرھال كېلىپ رەسۇلۇللاھتىن ئەپۇ سورىغىن، ئۇ گۇناھىنى تونۇغان ئادەمنى ئەيىپكە بۇيرىمايدۇ، ناۋادا بۇنى قىلمىساڭ جېنىڭنى جايلىغىن، ئەھۋال خەتەرلىك» دېگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قېرىنداش ئارىسىدا خېلى كۆپ خەت ـ پەت ئالماشتۇرۇشلار بولدى. كەئەبگە بۇ كەڭ جاھان بارغانچە تار تۇيۇلۇۋاتاتتى. قانداقتۇر بىر قارا كۆلەڭگە ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىش كويىدا بولۇۋاتقاندەك ۋەھىمىگە سالاتتى. شۇنىڭ بىلەن كەئەب بىر كۈنى خۇپىيانە ھالدا مەدىنىگە كەلدى ۋە جۇھەينە قەبىلىسىدىن بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى، ئەتىسى ئۇنىڭ بىلەن بامدات نامىزىنى بىللە ئوقۇدى، نامازدىن كېيىن جۇھەيىنلىك ھېلىقى كىشى كەئەبكە رەسۇلۇللاھنى كۆرسىتىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ كەئەب ئىبنى زۇھەير تەۋبە قىلىپ مۇسۇلمان بولۇپ،سەندىن ئامانلىق تىلەپ كەلگەن ئىكەن، ئەگەر مەن ئۇنى باشلاپ كەلسەم ئۇنى كەچۈرەرسەنمۇ؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ كەئەبنى تونۇمايتتى، شۇڭا ئۇ: «ھەئە، ئەلۋەتتە» دەپ جاۋاب بەردى. كەئەب: «ئۇنداق بولسا كەئەب ئىبنى زوھەير مەن بولىمەن، مىنى ئەپۇ قىلسىلا »، دېگەنىدى. ئەنسارلاردىن بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىشقا رۇخسەت سورىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «تۇرۇپ تۇرغىن ئۇ ئۆتمىشىگە پۇشايمان قىلىپ كەپتۇ» دېدى. بۇ چاغدا كەئەب ئۆزىنىڭ:جۇدالىق ناملىق مەشھۇر شېئىرىنى ئوقۇدى. بۇ شېئىرنىڭ تۇنجى مىسراسى مۇنداق باشلانغانىدى:

سۇئاد[①] ياردىن ئايرىلىپ قەلبىم بۇگۈن جاراھەت،
خارۇزار مەن ئىشقىدا پەرۋانە مەن ھارارەت.

كەئەب ئىبنى زۇھەير شېئىرنىڭ داۋامىدا رەسۇلۇللاھقا ناماقۇل بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

ئۇقسام ماڭا رەسۇلۇللاھ قەتئىي ئۆلۈم بۇيرۇپتۇ،
ئۇمىدىم زور ئەپۇدىن قىلار ماڭا ئىنايەت.

تۇتماڭ مىنى ئالدىراپ چېقىمچىلار پەيلىدىن،
گۇناھىم يوق ئانچە كۆپ، كۆپ بولغانغا شىكايەت.

قىلماڭ تەخىر رەسۇلۇللاھ قۇرئان سىزگە ئىلتىپات،
ۋەز ـ نەسىھەت ئۇندا بار مۇسۇلمانغا ھىدايەت.

كۆردۇم ھەم ئاڭلىدىم شۇ كەم تۇرغان جايدا،

---

[①] سۇ ئاد ــــ نامى ئەرەب خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بىر مەشۇقنىڭ نامى.

گەر تۇرسا ئۇندا بۇر قۇۋۋەت پىل كۆرسىتىپ جاسارەت.

تىترەپ كېتەر جاقىلداپ جان ماندىن ئەيمىنىپ،
پەقەت ئالسا پەيغەمبەر ئۇنى قولداپ ھىمايەت.

ئوك قولۇمنى قويدۇمەن بەيئەت ئۇچۇن ئەل گۇۋاھ،
ۋەئدى ۋاپا مەرتىۋەمەن گېپىم گەپتۇر ئىناۋەت.

رەسۇلۇللاھ ئالدىدا كەتتى مېنى سۇر بېسىپ،
سۆزلەۋېتىپ تىترەيمەن جاۋابكارمەن جىنايەت.

گويا خەۋپى يولۋاسنىڭ ماڭا چۈشتى دەشتىدە،
ياكى يالماۋۇز قولى قامال سالدى بەتھەيۋەت.
كەئب يەنە رەسۇلۇللاھنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دېدى:
رەسۇلۇللاھ تۇلۇن ئاي نۇر چاقنىتار يالتىراپ،
ئۆتكۈر شەمشەر ياۋغا ئۇ ياغدۇرادۇر تالايەت.

كەئب يەنە مۇھاجىرلارنى مەدھىيىلىگەچ ئەنسارلارغا تىل ئۇزاتتى، چۈنكى ھېلىقى كۈنى بىر ئەنسارى ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى رۇخسەت سورىغان، ئەمما مۇھاجىرلاردىن غەيرى پىكىر چىقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ:
سالماق قەدەم ماڭارلەر جەڭگاھقا ئۇ كىرگەندە،
قارا تەنبىل ياۋ قىلىچ ئۇرسا تەگمەس كارامەت.
دەپ يازغان.

كەئب مۇسۇلمان بولدى، مۇسۇلمان بولغاندىمۇ ناھايىتى تەقۋادار ياخشى مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ كەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئەنسارلارنى مەدھىيىلەپ ئەشئار يېزىپ ئىلگىركى خاتالىقىدىن ئەپۇ سورىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:
كىم دېسە: «مەن شات ياشاي بۇ جاھان كەڭ قويىندا»،
ئۇ چوقۇم كىرسۇن ھامان تويقا ئەنسارى بولۇپ.

مىراس قالغان ياخشىلىق ئۇلارغا ئەجداد كانىدىن،
ياخشىلارنىڭ ياخشىسى كەلدى ئەنسارى بولۇپ.

6) بەنى ئۇزرە ئەلچىلىرى: مەزكۇر ئەلچىلەر ئۆمىكى ھىجرىيىنىڭ 9- يىلى سەپەر(2- ئاي)دا كەلگەن بولۇپ ئۇلار 12 ئادەم ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەمزە ئىبنى نوئمان ئىسىملىك بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇ ئەلچىلەرگە ۋاكالىتەن: «بىز بەنۇ ئۇزرە خەلقى قۇسەي (رەسۇلۇللاھنىڭ 6- چوڭ بوۋىسى)نىڭ ئانا تەرەپ تاغىلىرىمىز. قۇسەيگە ياردەم بېرىپ ۋە ئۇنى قوللاپ خۇزائە ۋە بەنى بەكرى قەبىلىلىرىنى مەككىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا تايانچى بولغانمىز. بىزنىڭ ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئۇرۇق تۇققانلىقىمىز ۋە كونا

قىرابىتىمىز بار»دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا قىزغىن مۇئامىلىدە بولدى. ۋە ئۇلارغا شامنى چوقۇم پەتھى قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى، ئاخىرىدا ئۇلارنى رامبال پالچى چىراغچى، داخانلاردىن ئىش سوراشتىن ۋە بۇت ھەيكەللەرگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەشنى تاپىلىدى. ئەلچىلەر ئىمان ئېيتىپ ئىسلام قائىدىلىرىنى ئۆگىنىپ قايتىشتى.

7) بەللى ئەلچىلىرى: بەللى ئەلچىلىرى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلى رەببۇلئەۋۋەل (3 ـ ئاي)دا كېلىپ مۇسۇلمان بولغان ۋە مەدىنىدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ مۇسۇلماندارچىلىقتا زورۇر بولغان مەسىلىلەرنى سوراپ ئۆگىنىۋالغان. ئۇلارنىڭ باشلىقى ئەبۇ زەبىب زىياپەتتە ساۋاپ بارمۇ؟ دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئەلۋەتتە ساۋاب بار، سەن مەيلى باي، مەيلى نامرات ھەر قانداق ئادەمگە قىلغان خەير ئېھسانىڭ سەدىقە بولىدۇ» دېدى. ئۇ رەسۇلۇللاھتىن زىياپەت ۋاقتى قانچىلىك بولىدۇ؟» دەپ سورىغان ئىدى رەسۇلۇللاھ : «ئۈچ كۈن» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ: «ئېزىپ كېلىپ قالغان قوينى نېمە قىلغۇلۇق؟» دەپ سورىۋىدى رەسۇلۇللاھ: «ئۇ سېنىڭ ياكى سېنىڭ قېرىندىشىڭنىڭ ۋە ياكى بۆرە يىرتقۇچنىڭ» دېدى. ئۇ يەنە: «تۆگىنىڭ ئازغان ـ تازغانلىرىنىچۇ؟» دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ، ئۇنىڭ بىلەن ئىشىڭ بولمىسۇن، تاكى ئۇنى ئۆز ئىگىسى تېپىۋالسۇن»، دېدى.

8) سەقىف ئەلچىلىرى: سەقىف ئەلچىلىرى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلى رامىزان(9 ـ ئاي) دا رەسۇلۇللاھ تەبۇك غازىتىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېينلا يېتىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇش جەريانى تولىمۇ ئەگرى ـ توقاي بولغان. مۇسۇلمانلار تائىف غازىتىدىن قايتىپ مەدىنىگە يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغاندا ئۇلارنىڭ باشلىقى ئۇرۋە ئىبن مەسئۇد سەقەفى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولدى ۋە تائىفقا قايتىپ ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ خەلقلىرىم ماڭا ئىتائەت قىلىدۇ ۋە ماڭا ئەگىشىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى. چۈنكى ئۇ سەقىف خەلقى ئىچىدە بىردىن بىر ھۆرمەتكە سازاۋەر مەشھۇر شەخس ئىدى. جىمى خەلق ئۇنى ئۆز پەرزەنتلىرىدىنمۇ بەكرەك سۆيەتتى ۋە ھىمايە قىلاتتى. ئۇ بۇ قېتىم سەقىف خەلقىنى ئىسلامغا چاقىرۋىدى، ئۇلار ئۇرۋەگە ماقۇل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن بەلكى ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ ۋە ھەر تەرەپتىن ئوق ياغدۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشتى. ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى ئۇلار يەنە ساراسىمگە چۈشتى ۋە ئەتراپتىكى مۇسۇلمان بولۇپ رەسۇلۇللاھقا ئەل بولغان جىمى ئەرەبلەر بىلەن قارشىلىشىپ ئۆتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ بىر ئادەمنى رەسۇلۇللاھقا ئەلچىلىككە ئەۋەتمەكچى بولدى، ئۇلار ئەبدىيا لەيل ئىبنى ئەمرنى تاللىدى ۋە ئۇنىڭغا بۇ تەكلىپنى بىرىۋىدى، ئابدىيا لەيىل ئىبنى ئەمرى ئۇنىمىدى ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ كەلسە ئورۋەگە ئوخشاش قىسمەتكە مۇپتىلا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى، ئۇ مۇنداق دىدى: «مەن بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلالمايمەن، بىراق بىر قانچە ئادەم بىللە بارساق مەيلى».

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەبدىيا لەيىل ئىبنى ئەمرگە ئىتتىپاقداش قەبىلىلەردىن ئىككى كىشىنى بەنى مالىك قەبىلىسىدىن ئۈچ كىشىنى قېتىپ ئالتە كىشىلىك بىر ئۆمەك تەشكىللىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئوسمان ئىبنى ئەبىلئاس سەقەفى ئەلچىلەر ئىچىدىكى يېشى ئەڭ كىچىك ئەلچى ئىدى.

ئەلچىلەر مەدىنىگە يېتىپ كېلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا قۇرئان ئاڭلىسۇن ۋە كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇغىنىنى كۆرسۇن ئۈچۈن مەسجىدنىڭ بىر چېتىدىن ئالاھىدە بىر چېدىر تەييارلاپ بەردى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەتتىگەن ئاخشامدا ئۇچرىشىپ تۇردى. رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن ھەر قېتىم ئۇچراشسا ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلاتتى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ باشلىقى رەسۇلۇللاھتىن مەدىنە تەرەپ بىلەن سەقىف ئوتتۇرىسىدا بىر پارچە ھۆججەت توختىتىشنى، ھۆججەتكە سەقىف خەلقى ئۈچۈن زىناخورلۇققا (جىنسىي ئەركىنلىك)كە، هاراقكەشلىك ۋە جازانىخورلۇققا يول قويۇشنى، لات ① بۇتنى چېقىۋەتمەسلىك، ئۇلاردىن نامازنى كەچۈرۈم قىلىش ۋە كىچىك خۇسۇسىي بۇتلارنى ئۆزلىرىنى چاققىلى سالماسلىق، ئاندىن ئۇلار ئەل بولۇش قاتارلىق مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈشنى شەرت قىلىشتى. رەسۇلۇللاھ بۇ شەرتلەرنىڭ بىرىنىمۇ قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، ئۇلار يەنە چېدىرىغا كىرىپ مەسلىھەتلەشتى ۋە ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشتى. ئاخىرى ئۇلار رەسۇلۇللاھقا تەسلىم بولماقتىن باشقا چىقىش يولى يوقلۇقىنى ھېس قىلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. پەقەت لات بۇتنى رەسۇلۇللاھ ئۆزى ئادەم ئەۋەتىپ چاقتۇرۇۋاتسا پىكرى يوقلىقىنى، ئەمما سەقىف خەلقى بۇ بۇتنى ئۆز قوللىرى بىلەن چاقمايدىغانلىقىنى شەرت قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ بۇ شەرتىگە قوشۇلدى ۋە ئۇلارغا بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بەردى ۋە ئۇلارغا ئوسمان ئىبنى ئەبلئاس سەقەفىنى ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى سەۋەبى: ئۇ ئەلچىلەر ئارىسىدىكى ئىسلامى بىلىملەرنى ئىگەللەشكە قۇرئان ئوقۇشقا ۋە دىن ئۆگۈنۈشكە ئەڭ قىزىقىدىغان كىشى ئىدى. ئەلچىلەر ھەر كۈنى ئەتتىگەن رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئۇنى ياتىقىدا قالدۇرۇپ چىقىپ كەتسە، ئۇ بۇ چاغدا مەسجىدتىكى ئىلمىي سۆھبەتكە ئىشتىراك قىلاتتى ئەلچىلەر قايتىپ كىلىپ چۈشلۈكى ئۇخلاپ قېلىشسا ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىنەتتى ۋە دىنىي ئەھكاملارنى سورايتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇخلاپ قالغان بولسا ئەبۇ بەكرىنى ئىزدەيتتى (ئوسمان ئىبنى ئەبلئاس كېيىنكى مۇرتەدلەر زامانىدا ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئەڭ بەرىكەتلىك، تۇھپىسى ئەڭ زور كىشى بولۇپ قالدى. ئەينى چاغدا سەقىف خەلقىمۇ بۇزۇلۇپ مۇرتەد (دىنىدىن يانغۇچى) بولماقچى بولغاندا ئۇ نەسىھەت قىلىپ: «سىلەر ھەممىدىن كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ، ھەممىدىن بۇرۇن مۇرتەد بولماڭلار»، دېدى. نەتىجىدە ئۇلار ئىسلامدا چىڭ تۇرۇپ مۇرتەد بولمىدى).

ئەلچىلەر تائىپقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ، تائىف خەلقىگە ئۇرۇش خەۋپى بارلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۆزلىرىمۇ ئىنتايىن بىئاراملىق ۋە قايغۇ ھەسرەت ئىزھار قىلىشتى رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن ئىسلامدىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى، زىناخورلۇق، هاراقكەشلىك ۋە جازانىخورلۇقتىن قەتئىي قول ئۈزۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، بولمىسا قوشۇن تارتىپ كېلىپ ئۇرۇشماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىشتى. بۇنى ئاڭلاپ خەلقىنىڭ جاھىلىيەتچە مۇغەمبەرلىكى تۇتۇپ ئىككى، ئۈچ كۈندەك ئۇرۇش تەييارلىقىدا ئالدىراش ئۆتتى. تۆتىنچى كۈنىگە كەلگەندە ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچا سالدى چېغى، ئۇلار قايتا يىغىلىپ ھېلىقى ئەلچىلەرگە مەدىنىگە

① لات ئەرەب يېرىم ئارىلى ھىجاز تۇزلەڭلىكىدىكى لات، مانات، ئۇززا دىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بۇتنىڭ بىرى.

قايتىپ مۇھەممەدنىڭ تەلىپىگە كۆندۈرۈلگەنلىكىمىزنى ئۇقتۇرساڭلار دېيىشتى. ئىش مۇشۇ يەرگە يەتكەندە ئەلچىلەر ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاشكارىلىدى ۋە رەسۇلۇللاھ بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن خەلقى تامامەن مۇسۇلمان بولدى.

ئازغىنىدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ خالىد ئىبنى ۋەلىد باشچىلىقىدا بىر قانچە ئادەمنى لات بۇتىنى چېقىۋېتىشكە ئەۋەتكەنىدى، ئۇلار يېتىپ كېلىپ بۇتنى چېقىش ئالدىدا مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ھەمراھلىرىغا: «مەن سىلەنى بىر كۈلدۈرۈپ قوياي»، دېدى ـ دە، قولىغا بولقىنى ئېلىپ بۇتقا قاتتىق بىرنى ئۇردى ئاندىن ئۆزىنى تاشلاپ تىپىچەكلەشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قاراپ تۇرغان تائىف ئاھالىسى چۇرۇقلىشىپ كەتتى ۋە : «ئاللاھ مۇغىيرىگە لەنەت قىلسۇن، ئۇنىڭغا لات تەقسىرەت قىلدى»، دېيىشتى. بۇ چاغدا مۇغىرە سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئاغزىڭنى يىغ قاغىش تەككۈرلەر، بۇ دېگەن ئەسكى ـ تۈسكى تام تىكەن ۋە لاي ـ خىشلار خالاس»، دېدى ـ دە، بۇتخانىنىڭ دەرۋازىسىغا ئۇرۇپ ئۇنى ئۆرۈۋەتتى ۋە شۇپېتى يامىشىپ بۇت ھەيكىلىنىڭ ئۈستىگە چىقتى، باشقىلارمۇ چىقىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار لات بۇتىنى گۈلدۈرلىتىپ چېقىپ ئۇنى يەر بىلەن تەڭ تۈزلىۋەتتى. ھەتتا بۇتخانىنىڭ ھۇلىنى كولاپ ئۇ يەردىكى زىبۇ ـ زىننەت، كىيىم ـ كېچەكلەرنى چىقىرىۋالدى. سەقىف قەبىلىسى قوللىرىنى چىشلىشىپ ھەيران قېلىشتى. خالىدنىڭ ئادەملىرى قىزىقىۋېلىنغان نەرسىلەرنى ئېلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇ نەرسىلەرنى شۇ كۈنىلا قوشۇن ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بەردى ۋە ئاللاھنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىگە نۇسرەت ئاتا قىلغانلىقىغا ۋە ئۆز دىنىنى غالىب قىلغانلىقىغا ھەمدۇسانا ئوقۇدى.

9) يەمەن پادىشاھ جەمەتىنىڭ مەكتۇپ ئەۋەتىشى: رەسۇلۇللاھ تەبۇكتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەمەن ھىمىيەر پادىشاھ جەمەتىنىڭ ئەل بولۇش مەكتۇپنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. مەكتۇپقا ئىمزا قويغانلاردىن ھارىس ئىبن ئابدى كۈلال نۇئەيم ئىبن ئابدۇلكولال نۇئمان ئىبن قىيل زىرە ئىين، ھەمدان ۋە مۇئافىرلار بار ئىدى. ئۇلار بۇ خەتنى ئەلچى مالىك ئىبنى موررە رەھاۋىدىن ئەۋەتتى، ئۇلار خېتىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى شىرىك ئەقىدە ۋە مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدا بولغانلىقىنى يازغان.

رەسۇلۇللاھمۇ ئۇلارغا بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتتى. مەكتۇپتا ئۇ مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيىتىنى ۋە زىممىي (مۇسۇلمانلار دۆلەت تەۋەلىكىدىكى باج تاپشۇرۇش بەدىلىگە ھاياتلىق ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىك ئەھدىنامىسى تۈزۈشكەن غەيرى مۇسۇلمانلار زىممىي دەپ ئاتىلىدۇ)لارنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلسىلا، ئۇلار ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھىمايىسىدە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغانىدى.

رەسۇلۇللاھ يەنە ساھابىلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەرنى ئۇلارغا دىن ئۆگىتىشكە ئەۋەتتى. ئۇلارغا مۇئاز ئىبنى جەبەلنى باش قىلىپ تەيىنلىدى.

10) ھەمدان ئەلچىلىرى: ھەمدان ئەلچىلىرى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلى تەبۇك غازىتىدىن كېيىن كەلگەن، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بەردى. مەكتۇپتا ئۇلارنىڭ يولسىز تەلەپلىرىنى قەتئىي چەكلىگەنىدى ۋە ئۇلارغا مالىك ئىبنى نەمەتنى ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ شۇلار ئىچىدىكى مۇسۇلمان بولغانلارغا مەسئۇل بولغان ئىدى،

قالغانلىرىغا خالىد ئىبنى ۋەلىدنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتتى. خالىد ئۇ يەردە ئالتە ئاي تۇرۇپ ئۇلارغا دەۋەت ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ئۇلاردا ھېچقانداق ئىلگىرلەش بولمىدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ھەمدانغا ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا خالىدنى قايتۇرۇۋېتىشنى بۇيرىدى. ئەلى ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇلارغا رەسۇلۇللاھنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بەردى ۋە ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا چاقىرۋىدى، ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى مۇسۇلمان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى رەسۇلۇللاھقا خەت يېزىپ ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى رەسۇلۇللاھ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىت بولۇپ سەجدىگە باش قويدى ۋە بىر هازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «ھەمدانغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، ھەمدانغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن» دېدى.

11) بەنى فەزارە ئەلچىلىرى: بەنى پەزارە ئەلچىلىرى ھىجرىيىنىڭ 9- يىلى رەسۇلۇللاھ تەبۇكتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېتىپ كەلگەن بۇ ئۆمەكتە ئون نەچچە ئادەم بار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ۋە رەسۇلۇللاھقا يۇرت- ماكانلىرىنىڭ قۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىكتە ئىكەنلىكىنى شىكايەت قىلىشقان. شۇڭا رەسۇلۇللاھ مۇنبەرگە چىقىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى ۋە ئاللاھدىن سۇ تەلەپ قىلىپ: «ئى ئاللاھ! خەلقلىرىڭنى سۇغارغىن. چارۋا- تۇياقلارنى سۇغارغىن، رەھمىتىڭنى چاچقىن، چاڭقىغان ئۆلۈك زېمىنلىرىڭنى رەھمەت يامغۇرلىرىڭ بىلەن تىرىلدۈرگىن ئى ئاللاھ بىزنى تاتلىق، راھەتلىك، ئارام بەخش ئىتىدىغان ھەممىنى سۇغۇرىدىغان جانغا ئەسقېتىدىغان كېچىكمەيدىغان مەنپەتى مول زىيان سالمايدىغان يامغۇر بىلەن سۇغارغىن. ئى ئاللاھ: رەھمەت يامغۇرى بىلەن سۇغارغىن، ئازاپ يامغۇرى بىلەن سۇغارمىغىن. ۋەيرانچىلىقتىن، كەلكۈن پەيدا قىلىشتىن ۋە لاتقا بېسىپ كېتىشتىن ساقلىغىن. ئى ئاللاھ بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن ۋە بىزنى دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى.

12) نەجران ئەلچىلىرى: نەجران مەككىنىڭ جەنۇبىدىن يەتتە كۈنلۈك كېلىدىغان چوڭ شەھەر بولۇپ، يەتمىش ئىككى يېزا- كەنتىسى بار ئىدى. ئاتلىق بىر كۈندە ئايلىنىپ بولغىلى بولاتتى، يۈز مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم قوشۇنى بار ئىدى. ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى.

نەجراننىڭ ئەلچىلىرىمۇ ھىجرىيىنىڭ 9- يىلى كەلگەن. ئەلچىلەر ئاتمىشتەك ئادەمدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 24 كىشى ئەشرەپ ئەكابىرلەردىن ئىدى. ئۈچ كىشى نەجراننىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىرى ئىدى.

ئۇلارنىڭ بىرى ئاقىب (ئەينى چاغدىكى دۆلەت ئاپاراتى ۋەزىپە- مەنسەپ نامى) دۆلەتنىڭ مەئمۇرى ئىشلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇلمەسىيھ ئىدى. ئىككىنچىسى سەييىد (باش خوجىدار) بولۇپ، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە سىياسىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئەيھەم ئىدى، يەنە بىر سۆزدە شۇرەھبىل ئىدى دېيىلگەن. ئۈچىنچىسى ئەسقەف دۆلەتنىڭ دىن ئىشلىرى ۋە ئىدىيۋى خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىش ئىشلىرى مۇشۇ كىشىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمى ئەبۇ هارس ئىبنى ئەلقەمە دەپ ئاتىلاتتى، ئەلچىلەر مەدىنىگە كېلىپ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۆزئارا سوئال ـ جاۋاپ تاشلىشىپ پىكىر ئالماشتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى ۋە قۇرئان ئوقۇپ بەردى ئەمما ئۇلار بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلماي رەسۇلۇللاھنىڭ ئىيسا (ئەلەيھىسسالام)غا قارىتا نېمە دەيدىغانلىقىنى سورىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ بۇ سوئالىغا شۇ كۈنى جاۋاب بەرمەي كېيىنگە سۈردى، ئاخىر ئۇنىڭغا ﴿ إِنَّ مَثَلَ عِيسَى عِندَ اللّهِ كَمَثَلِ آدَمَ خَلَقَهُ مِن تُرَاب ثِمَّ قَالَ لَهُ كُن فَيَكُونُ ○ الْحَقُّ مِن رَّبِّكَ فَلاَ تَكُن مِّن الْمُمْتَرِينَ ○ فَمَنْ حَآجَّكَ فِيهِ مِن بَعْدِ مَا جَاءكَ مِنَ الْعِلْمِ فَقُلْ تَعَالَوْاْ نَدْعُ أَبْنَاءنَا وَأَبْنَاءكُمْ وَنِسَاءنَا وَنِسَاءكُمْ وَأَنفُسَنَا وأَنفُسَكُمْ ثُمَّ نَبْتَهِلْ فَنَجْعَل لَّعْنَةُ اللّهِ عَلَى الْكَاذِبِينَ ﴾ تەرجىمىسى: (ئىسا ھەققىدىكى بۇ سۆز) شۈبھىسىزكى، ئاللانىڭ نەزەرىدە ئىسانىڭ مىسالى (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى ئاللا (ئاتا ـ ئانىسىز) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: ‹ ۋۇجۇتقا كەل › دېدى ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كەلدى (ئىسانىڭ ئىشى ئادەمنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس) [59]. (ئىسا ھەققىدىكى بۇ سۆز) ئاللا تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر، سەن شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن[ 60]. سەن ئىسا توغرۇلۇق ھەقىقىي مەلۇماتقا ئىگە بولغىنىڭدىن كېيىن، كىملەركى سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، سەن ئۇلارغا: ‹ كېلىڭلار، ئوغۇللىرىمىزنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى، ئۆزلىرىمىزنى ۋە ئۆزلىرىڭلارنى يىغىپ، ئاللانىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن، دەپ ئاللاغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلايلى› دېگىن[61] » (سۈرە ئال ئىمران 59 ــــ 61 ـ ئايەتكىچە) دېگەن ئايەت نازىل قىلىندى.

ئەتىسى ئەتىگەن رەسۇلۇللاھ ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ يۇقىرىقى ئايەت كەرىمنىڭ روھىي بۇيىچە ئىيسا (ئەلەيھىسسالام) ھەققىدىكى ئۆزىنىڭ كۆز قارشىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇلارنى ئوبدان ئويلىنىپ كېلىشكە قويۇۋەتتى. ئەلچىلەر يەنىلا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىيسا (ئەلەيھىسسالام) ھەققىدە ئېيتقانلىرىغا قانائەت قىلغۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ ئەتىسى سەھەردە ئۇلار يەنىلا يا رەسۇلۇللاھنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئېيقانلىرىغا قانائەت قىلماي، يا ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا مەسلىھەتى پىشماي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېلىشىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى لەنەت ئېيتىششقا چاقىردى ۋە ھەسەن بىلەن ھۈسەيىنلەرنى بىر پارچە رەختتكە يۆگەپ ئېلىپ كەلدى، قىزى پاتىمە رەسۇلۇللاھنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتاتتى ئەلچىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ قەتئىي نىيىتىنى كۆرۈپ بىر دەپ ئايرىم سۆھبەتلەشتى ۋە ئاقىب (دۆلەت باشلىقى) سەيىد (سىياسەت ۋە مائارىپ باشلىقى) ۋە ئەسقەف (دىنى داھى) قاتارلىق ئالىي رەھبەرلىرى مۇنداق قاراشقا كېلىشتى: «ئۇنىڭ بىلەن لەنەت ئېيتىشقا بولمايدۇ، ئۇ ئەگەر راس پەيغەمبەر بولۇپ بىز لەنەت ئېيتىششاق بىز ۋە بىزنىڭ خەلقىمىز ئەبەدى نىجاتلىق تاپالمايمىز بىزنىڭ زېمىنىمىزدىكى ئادەملەر ۋە ھايۋانلار ھەممىسى قالماي ھالاك بولىدۇ». ئاخىرى ئۇلارنىڭ پىكىرى رەسۇلۇللاھنىڭ بىر نېمە دەپ ھۆكۈم چىقىرىشىغا تەيىن تاپتى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ: «بىز سېنىڭ قانداق تەلىۋىڭ بولسا ئورۇندايدىغان بولدۇق»، دېيىشتى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن باج ئېلىشنى قوبۇل كۆردى ۋە ئۇلار بىلەن ھەر يىلى ئىككى مىڭ قۇر كىيىم (مىڭ قۇرنى رەجەپ ‹ 7 ـ ئاي›دا يەنە

مىلىك قۇرنى سەپەردە تاپشۇرۇشقا) ھەر بىر قۇر كىيىم بىلەن بىر ئوقىيە ئالتۇن قوشۇپ تاپشۇرۇشقا كېلىشىم تۈزدى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلار دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە تولۇق ئەركىن بولىدىغان بولدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا بۇ كېلىشىمنامىنى ئالايىتەن يازدۇرۇپ بەردى.
ئەلچىلەر رەسۇلۇللاھتىن مەزكۇر خىراجنى تاپشۇرۇۋېلىشقا ئىشەنچلىك بىر ئادەمنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغانىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا (مۇشۇ ئۇممەتنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى روسۇلۇللاھنىڭ سۆزى بويىچە) ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنى ئەۋەتتى، شۇنىڭدىن باشلاپ نەجراندا ئىسلام دىنى تارقىلىشقا باشلىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا سەيىد ۋە ئاقىب قاتارلىق ئالىي رەھبەرلەرمۇ نەجرانغا قايتقاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان. كېيىنرەك رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئەلىينى نەجراننىڭ زاكات ۋە خىراجلىرىنى يىغىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. ھەممىگە ئايانكى ئۇشرە ـ زاكات دېگەنلەر مۇسۇلمانلاردىن ئېلىنىدىغان سېلىقتۇر.

13) بەنى ھەنىفە ئەلچىلىرى: بۇ قەبىلىنىڭ ئەلچىلىرىمۇ ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلى كەلگەن ئەلچىلەر 17 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ئۇلارنىڭ ئىچىدە كەززا مۇسەيلىمە بىمۇ بار ئىدى(ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇسەيلىمە ئىبنى سۇمامە ئىبنى ھەبىب ئىبنى ھارس بولۇپ شۇ قەبىلىدىن) ئۇلار ئەنسارلاردىن بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ ئاندىن رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچرىشىپ مۇسۇلمان بولۇشتى. ئەمما كەززاب موسەيلىمە ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئوخشاش ئەمەس، بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە چوڭقۇر نەزەر سالغىنىمىزدا، كەززاب موسەيلىمە باشتىنلا مۇسۇلمان بولۇشتىن باش تارتىپ ھوقۇق مەنسەپ تەمەسىدە بويۇن تولغاپ يۈرگەن ھەتتا رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچرىشىشتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن سۆھبەتكە قاتناشمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال ئۇنى چىرايلىق سۆز ۋە ئىللىق مۇئامىلە بىلەن قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان، ئەمما ئۇنىڭغا ياخشىلىق ياراشمايدىغاندەك قىلغاچقا رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ يامان نىيىتى بارلىقىنى پەملىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى بىر چۈش كۆرگەن. ئۇ چۈشىدە پۈتۈن يەر ـ زېمىننىڭ خەزىنە ـ بايلىقلىرى بېرىلگەن ۋە قولىغا ئىككى دانە ئالتۇن ئۈزۈك پەيدا بولۇپ قالغان، بۇ ئىككى ئۈزۈك رەسۇلۇللاھقا قاتتىق ئېغىر كەلگەن ۋە ئۇنى غەم باسقان شۇئان رەسۇلۇللاھقا ۋەھيي قىلىنىپ: «ئۇنى پۈۋدىگىن»، دېيىلگەن. رەسۇلۇللاھ ئۇنى پۈۋلىگەندە ئۈزۈكلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇچۇپ يوقالغان» رەسۇلۇللاھ چۈشىدىكى بۇ ئىككى ئۈزۈكنى ئۇنىڭدىن كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىقىدىغان ئىككى كاززاپ(يالغانچى)غا تەبىر ئېيتقانىدى.

خوش، مۇسەيلىمە كاززاپ ئەنە شۇنداق بويۇن تولغىغاندىن كېيىن (مۇسەيلىمە رەسۇلۇللاھقا ئەگەر، سەن سەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى مەئمۇرلۇق ھوقۇقىنى ماڭا ئىلتىپات قىلساڭ ئاندىن ساڭا ئەگىشىمەن دېگەنىدى) رەسۇلۇللاھ ئالايىتەن ئۇنى ئىزلەپ كەلدى. ئۇ قولىدا بىر پۇتاق خورما شېخىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى، رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە رەسۇلۇللاھنىڭ ناتىقى (ۋاكالىتەن سۆزلەشكۈچىسى) سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شىماس بار ئىدى. ئۇلار مۇسەيلىمە ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئۇچراشتى. رەسۇلۇللاھ مۇسەيلىمىگە ئۆزى بىۋاستە گەپ قىلدى. مۇسەيلىمە ئۇنىڭغا: «ئەگەر خالىساڭ بىز سېنىڭ ئىشلىرىڭغا

ئارىلاشمىساق، سەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ھوقۇق ۋە ھاكىمىيەتنى بىزگە تەۋسىيە قىلساڭ ئاندىن بىز ساڭا ئەگەشسەك»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا كەسكىن رەددىيە بېرىپ: «ئەگەر سەن مەندىن مۇشۇ بىر تال شاخنى سورىساڭمۇ ھەرگىز بەرمەيمەن، سەن ھەددىڭدىن ئاشمىغىن، ناۋادا ھەقتىن يۈز ئۆرۈيدىغان بولساڭ ئاللاھ سېنى چوقۇم ھالاك قىلىدۇ، قەسەم قىلالايمەنكى چۈشۈمدە كۆرسىتىلگەن ھېلىقى كەززاپ سەن ئىكەنسەن. ماۋۇ سابىت ئىبنى قەيس ساڭا جاۋاب بەرسۇن، مېنىڭ ساڭا سۆزلەپ ئولتۇرغىلى ۋاقتىم يوق.ۋاقتىم يوق» دەپ قويۇپ ئۆرۈلگىنىچە كېتىپ قالدى.

ئاخىرى ئىش رەسۇلۇللاھ ئويلىغان يەردىن چىقتى. مۇسەيلىمە يەمامىگە قايتقاندىن كېيىن ئۇيان ئويلاپ بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ئۇ ئۆزىنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پەيغەمبەر بولغانلىقى دەۋاسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە : «مەنمۇ پەيغەمبەر دەپ داۋراڭ سالدى. ئۇ قوشاق ۋە قاپىيەلەرنى توقۇپ قۇرئاننىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولدى. يەمامە خەلقى ئۈچۈن ھاراق ۋە زىنا ـ پاھىشىلەرنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇ: «مۇھەممەد راست پەيغەمبەردۇر»، دەيتتى. ئۇنىڭ خەلقى ئۇنىڭ يالغان ـ ياۋداق سۆزلىرىگە ئالدىنىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇلىغا داپ چېلىپ ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتى. مۇسەيلىمەنىڭ ئىشى كۈنسايىن زورايدى، ھەتتا ئۇنىڭ ئابرويى ئىشىپ ئۇ «يەمامە شەپقەتچىسى» دەپ ئاتالدى. ئۇ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ رەسۇلۇللاھقا خەت يازدى. ئۇ خېتىدە: «مەن پەيغەمبەرلىكتە ساڭا شېرىك قىلىندىم، يېرىم ھوقۇق بىزنىڭ، يېرىم ھوقۇق قۇرەيشلەرنىڭ بولسۇن» دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «زېمىن ئاللاھنىڭ زېمىنى، ئاللاھ ئۇنى خالىغان كىشىگە ئىلتىپات قىلىدۇ، ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ»، دەپ رەددىيە بەردى. ئىبنى مەسئۇد (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)دىن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

«مۇسەيلىمەنىڭ ئىككى ئەلچىسى ئىبن نەۋاھ ۋە ئىبنى ئەسساللار رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن: ‹سىلەر ئىككىڭلار مېنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسىلەر›، دەپ سورىدى، ئۇلار: ‹بىز مۇسەيلىمە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز›، دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ غەزەپلىنىپ: ‹ئاللاھقا ئىمان كەلتۈردۈم، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈردۈم. ئەگەر مەن ئەلچىنى ئۆلتۈرەر بولسام چوقۇم ئىككىڭلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم›، دېدى.

مۇسەيلىمە پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ چىققان ۋاقىت ھىجرىيىنىڭ 10 ـ يىلى ئىدى. ئۇ ئەبۇ بەكرى خەلىپىلىكىنىڭ 1 ـ يىلى، يەنى ھىجرىيىنىڭ 12 ـ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەلدە يەمامە ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنى ھەمزە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ قاتىلى ۋەھشى ئىبنى ھەرب ئۆلتۈرگەنىدى. ئەمما، يەنە بىر پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغۇچى ئەسۋەد ئەل ئەنەسى دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ يەمەندە باش كۆتۈردى، ئۇنى پەيرۇز دېگەن كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن بىر كۈن ئىلگىرى ئۆلتۈرگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ۋەھيى ئارقىلىق بۇ خەۋەرنى مۇسۇلمانلارغا ئۇقتۇرغان. ئەمما، يەمەندىن بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن ئەلچى رەسۇلۇللاھنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن كەلگەچكە ئەبۇ بەكرىگە دوكلات قىلىشقا توغرا كەلدى.

14) بەنى ئامىر ئىبنى سەئسەئە ئەلچىلىرى: بەنى ئامىر ئەلچىلىرى ئىچىدە ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئامىر ئىبنى تۇپەيل ئەربەد ئىبنى قەيس(لۆبەيدنىڭ ئانا بىر قېرىندىشى) خالىد ئىبنى جەئپەر ۋە جاپپار ئىبنى ئەسلەملەر بار ئىدى.

ئۇلار شۇ قەبىلىنىڭ باشلىق، كاتتىۋاشلىرى ۋە ئوت قۇيرۇقى شەيتانلىرى بولۇپ ئۇلارنىڭ ئامىر ئىبنى تۇپەيل دېگەن بەتبەخ بىئەرى مەئونە پاجىئەسىنىڭ پىلانلىغۇچىسى ئىدى. بۇ ئۆمەك مەدىنىگە قەدەم بېسىش ئالدىدا ئامىر بىلەن ئەربەد يەنە سۇيىقەست پىلانلاپ رەسۇلۇللاھنى تۇيدۇرماي ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى. ئەلچىلەر كېلىپ رەسۇلۇللاھ بىلەن كۆرۈشتى ئامىر رەسۇلۇللاھنى گەپكە سېلىپ گال قىلماقچى بولدى، شۇئان ئەربەد رەسۇلۇللاھنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ شارت قىلىپ قىلىچنى بىر غېرىچ سۇغارغانىدى، ئاللاھ ئۇنىڭ قولىنى ھەرىكەتتىن توختاتتى، ئۇنىڭ قىلىچىنى غىلىپىغا كىرگۈزۈۋېتىشكىمۇ مادارى يەتمىدى. ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرى ئەنە شۇنداق مۆھاپىزەت قىلغانىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ ئىككىسىگە دۇئا قىلدى، ئۇلار قايتقاندىن كېيىن ئاللاھ ئەربەدكە بىر چاقماق ئەۋەتىپ ئۇنى تۆگىسى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئامىر مەدىنىدە سەلول جەمەتىدىن بىر ئايالنىڭ ئۆيىگە چۈشكەنىدى، ئۇ يەردە ئۇنىڭ گەجگىسىگە بىر خىل بەز (ئۆسمە) پەيدا بولۇپ شۇنىڭ بىلەن ئۆلدى. ئۇ : « تۆگە كېسىلىگە ئوخشاش بەز چۈشۈش سەلولىينىڭ ئۆيىدە ئۆلگۈدەكمەن »، دەيتتى. سەھىھۇل بۇخارىدا ئامىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: « مەن سېنى ئۈچ خىل يولنىڭ بىرىنى تاللاشقا ئىختىيار قويىمەن، بىرى يېزا قىشلاق ـ سەھرالار ساڭا بولسۇن، شەھەر كەنتلەر ماڭا بولسۇن. يەنە بىرى مەن سەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن سېنىڭ خەلىپەڭ بولاي. ئۈچىنچىسى مەن ساڭا غەتپاندىن ئىككى مىڭ ئاتلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىمەن »، دېگەن. ئۇ قايتىش يولىدا بىر خوتۇننىڭ ئۆيىدە كېسەل تەگكەن. ئۇ: « ماڭا تۆگە كېسىلىگە ئوخشاش كېسەل تېگىپتۇ؟ مۇشۇنداق خوتۇننىڭ ئۆيىدە ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟ ماڭا ئېتىمنى تۇقۇپ بېرىڭلار» دېگەن ئېتىغا مىنىپ ھايال ئۆتمەيلا جان ئۈزگەن.

15) نەجىب ئەلچىلىرى: نەجىب ئەلچىلەر ئۆمىكى 13 ئادەمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ئۇلار ماللىرىنىڭ زاكىتىدىن نامراتلارغا بېرىپ ئاشقىنىنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇ ئۆمەكنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يىرى شۇكى ئۇلار كەلگەن پېتى قۇرئان ئۆگۈنۈشكە كىرىشىپ كەتكەن، ئۇلار رەسۇلۇللاھتىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى سورىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ سورىغان سۇئاللىرىغا يازما جاۋابنامە پۈتۈپ بەردى، ئەلچىلەر ئۇزاق تۇرماي قايتماقچى بولۇۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا يوللۇق تۇتۇپ ئۇزىتىپ قويىدى. ئۇلار ياتاقلىرىغا بېرىپ ئۇلار قالدۇرۇپ كەلگەن بىر يىگىتنى ئەۋەتتى، يىگىت كېلىپ: « ئى رەسۇلۇللاھ ئاللاھ بىلەن قەسەم، مېنىڭ شۇنچە يىراق يەردىن جاپا چېكىپ كېلىشىمدىكى سەۋەب سەن ئاللاھتىن تىلەپ بەرسەڭ ئاللاھ مېنىڭ گۇناھىمنى كەچۈرسە، ماڭا شەپقەت قىلسا ۋە مېنىڭ قەلبىمنى باي قىلسا »، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەڭ قانائەتچان ئادەم بولدى. كېيىنكى مۇرتەدلىك ئەۋج ئالغان كۈنلەردە ئۇ ئىسلامدا چىڭ تۇردى ۋە ئۆز قەۋمىگە نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارمۇ

ئىسلامدا مۇستەھكەم بولدى، ھېچقايسىسى ئاغمىدى. بۇ ئۆمەك كېيىنكى يىلى
ۋىدالىشىش ھەججىدە رەسۇلۇللاھ بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچراشقانىدى.

16. تەي ئەلچىلىرى: مەزكۇر ئەلچىلەر ئىچىدە زەيدۇلخەيل دېگەن كىشىمۇ بار ئىدى.
ئۇلار رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچرىشىپ سۆھبەتلەشتى رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا
دالالەت قىلىۋىدى، ئۇلار مۇسۇلمان بولدى. ئۇلارنىڭ مۇسۇلماندارچىلىقىمۇ ياخشى بولۇپ
كەتتى. رەسۇلۇللاھ ھېلىقى زەيدۇلخەيلى ھەققىدە: «مەن ئەرەبلەر ئىچىدە بىرەر ئادەمنىڭ
پەزىلەت تەۋسىفنى ئاڭلاپ ئاندىن يۈز كۆرۈشسەم، ئۇلار مەن ئاڭلىغاندەك ئاز چىقاتتى.
بىراق زەيدۇلخەيلى ئۇ ئەخلاق ۋە پەزىلەتتە مەن ئاڭلىغاندىنمۇ كۆپ ئارتۇق ئىكەن»،
دېدى ۋە ئۇنى زەيدۇلخەيرى(ياخشى زەيد) دەپ ئاتاپ قويدى.

مانا مۇشۇنداق قىلىپ ھىجرىيىنىڭ 9 ـ ۋە 10 ـ يىللىرى ھەر قايسى قەبىلە،
پادىشاھلىق، ۋە خەلىفىلىكلەرنىڭ ئەلچى ۋە ئۆمەكلىرى مەدىنىگە ئۈزۈلمەي كېلىپ
ئىتائەت بويۇنلىرىنى ئەگدى. تارىخچىلار يەنە بۇ ئەلچىلەر ئىچىدە يەمەن ئەلچىلىرىنى،
قوزائە قەبىلىسىدىن ئەزدى، بەنى سەئەد ۋە ھۆزەيم ئايماقلىرىنىڭ ئەلچىلىرىنى، بەنى
ئامىر ئىبنى قەيس، بەنى ئەسەد، بەھرائ، خەۋلان، مۇھارىب، بەنى ھارس ئىبنى كەئەب،
غامىد، بەنى مۇنتەفىق، سىيلامان، بەنى ئەبەس، موزەينە، موراد، زوبەيدە، كىندە، زىمۇررە،
غەسسان، بەنى ئەيش ۋە نەخەئە قەبىلىلىرىنىڭ ئەلچىلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. نەخەئە
قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى ئەڭ ئاخىردا كەلگەن ئەلچىلەر بولۇپ ھىجرىيىنىڭ 11 ـ يىلى
مۇھەررەمنىڭ ئوتتۇرىدا كەلگەن ئۇلارنىڭ سانى ئىككى يۈز كىشى ئىدى. مەزكۇر
ئەلچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ ۋە 10 ـ يىللىرى كەلگەن ئاز بىر
قىسمىلا ھىجرىينىڭ 11 ـ يىلىغىچە كېچىككەن.

خوش ..، مانا بۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ئەل بولۇش دولقۇنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكى
ئىسلام دەۋىتىنىڭ پۈتۈن ئەرەب ئارىلىدا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا كىشىلەرنىڭ كەڭ ئالقىشىغا
ۋە قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغانلىقىنى ۋە ئىسلام ھۆكۈمرانلىق نوپۇز دائىرىسىنىڭ زور
دەرىجىدە كېڭەيگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پۈتۈن ئەرەبلەر ئۇزۇندىن بېرى مەدىنىگە قارىتا
كۆزىتىش ۋە ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش پوزىتسىيەسىنى تۇتقانىدى، ئاخىرى ئۇلار مەدىنە
ئالدىدا ئەل بولماقتىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. دېمەك مەدىنە ئەمدى
پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ دىني ۋە سىياسىي پايتەختىگە ئايلاندى. بۇنىڭغا كۆز
يۇمغىلى بولمايتتى. بىراق، بىز ئىسلام دىنى پۈتۈن ئارال خەلقىنىڭ ھەممىسىنىڭ
قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ كەتتى دېيەلمەيمىز. چۈنكى
قەبىلە چوڭلىرىغا تابىيلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئاغزاكى مۇسۇلمان بولۇپ قويغان، ئەمما
كۆڭلى ـ كۆكسى تېخىغىچە قاراقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىقتىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمىگەن، ئىسلام
تەلىماتلىرىمۇ ئۇلارنىڭ قەلبىنى تامامەن يورۇتۇپ كېتەلمىگەن بىر بۆلۈك قارا قۇرساق
بەدەۋىلەر بار ئىدى. قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مۇنداق ئەيىبلىدى: ﴿ الأَعْرَابُ
أَشَدُّ كُفْرًا وَنِفَاقًا وَأَجْدَرُ أَلاَّ يَعْلَمُواْ حُدُودَ مَا أَنزَلَ اللّهُ عَلَى رَسُولِهِ وَاللّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ O وَمِنَ الأَعْرَابِ مَن
يَتَّخِذُ مَا يُنفِقُ مَغْرَمًا وَيَتَرَبَّصُ بِكُمُ الدَّوَائِرَ عَلَيْهِمْ دَآئِرَةُ السَّوْءِ وَاللّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴾ تەرجىمىسى:
«ئەئرابىلارنىڭ كۇفرى ۋە مۇناپىقلىقى تېخىمۇ زىيادىدۇر، ئاللا پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان

شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلمەسلىككە ئۇلار ئەڭ لايىقتۇر، ئاللاھ (مەخلۇقاتىنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[97]. ئەئرابىلاردىن بەزىلىرى (ئاللا يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى جەرىمانە ھېسابلايدۇ، سىلەرنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىشىڭلارنى كۈتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ھالاكەتكە ئۇچرىسۇن، ئاللا (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر». (سۈرە تەۋبە 97 ـ 98 ـ ئايەتلەر) قۇرئان كەرىم يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئاپىرىن ئۇقۇدى: ﴿وَمِنَ الأَعْرَابِ مَن يُؤْمِنُ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَيَتَّخِذُ مَا يُنفِقُ قُرُبَاتٍ عِندَ اللّهِ وَصَلَوَاتِ الرَّسُولِ أَلا إِنَّهَا قُرْبَةٌ لَّهُمْ سَيُدْخِلُهُمُ اللّهُ فِي رَحْمَتِهِ إِنَّ اللّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ «ئەئرابىلارنىڭ بەزىلىرى ئاللاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدۇ، (ئاللا يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى ئاللاغا يېقىن بولۇشنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ، ئۇلار بۇ ئارقىلىق راستلا ئاللاغا بولغان يېقىنچىلىققا ئېرىشىدۇ، ئاللاغا ئۇلارنى ئۆز ىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ، ئاللا ھەقىقەتەن (مۆمىن بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) تولىمۇ مېھرىباندۇر» (سۈرە تەۋبە 99 ـ ئايەت)

مەككە، مەدىنە، سەقىف، يەمەن ۋە بەھرەيىنلەردىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئارىسىدا ئىسلام دىنى ئەلۋەتتە كۆچەيگەن ۋە ئۇلاردىن كاتتا ساھابىلەر ۋە مۇسۇلمان ئەربابلار يېتىشىپ چىققان.

## دەۋەتنىڭ ئۇنۇمى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى

رەسۇلۇللاھنىڭ ئاخىرقى ھاياتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تۇتۇش قىلىشتىن ئاۋۋال بىز ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ خۇلاسە سەمەرىسى بولغان ۋە ئۇنى جىمىي پەيغەمبەرلەردىن ئۈستۈن قىلغان، ھەتتا ئەۋۋەل ـ ئاخىرى جىمىي ئىنسانلارنىڭ سەرۋىرى دېگەن تاجغا مۇشەررەپ قىلغان ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار ئىش ـ ئىزلىرى، ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلىرىگە بىر قۇر نەزەر سېلىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن ﴿يَا أَيُّهَا الْمُزَّمِّلُ ٥ قُمِ اللَّيْلَ إِلا قَلِيلًا﴾ «ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!)[1] كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن». (سۈرە مۇزەممىل 1 ـ، 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ۋە ﴿يَا أَيُّهَا الْمُدَّثِّرُ ٥ قُمْ فَأَنذِرْ﴾ «ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) [1] تۇر! (ئىنسانلارنى)ئاللاھ نىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر» (سۈرە مۇددەسسىر 1 ـ 2 ـ ئايەت) دەپ بۇيرۇق قىلىنغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ زېمىندىكى بۈيۈك ئامانەت بارلىق ئىنسانىيەتكە مەسئۇل بولۇشتىن ۋە ھەر قايسى مەيدانلاردىكى ئۈستىگە ئېلىپ 23 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ھاردىم ـ تالدىم دېمەي كۈرەشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى.

قىسقىسى، ئۇ جاھىلىيەت ئوي ـ خىياللىرى، شەھۋانىيەت ئارقان كىشەنلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن، يەر شارى تارتىش كۈچى تەسىرىگە ئېغىر يولۇققان، جاھىلىيەتچە تەسەۋۋۇرغا غەرق بولۇپ كەتكەن ۋە غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئىڭراۋاتقان

ئىنسانىيەت ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى ئەڭ كەسكىن، ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ دەھشەتلىك كۈرەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ سابىت، بەرقەدەم بىلەن مۇستەھكەم تۇردى. ھەتتا بىر چاغدا قىسمەن ساھابىلارنىڭ ئىدىيىسى ئازات بولۇپ جاھىلىيەتچە تەسەۋۋۇردىن ۋە ئەينى چاغدىكى باتىل ھايات يۈنىلىشىدىن ئازدۇر-كۆپتۇر قۇتۇلغاندەك بولۇۋىدى، باشقا ساھەلەردە يەنە باشقىچە كۈرەشلەر باشلاندى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئاللاھنىڭ دىنىغا ۋە مۆئمىنلەرگە قارشى ئۇيۇشقان ۋە بۇ يېڭى يۇمران كۆچەتلەرنى ئۆسۈپ يېتىلمىز تارتقىچە، قانات قۇيرۇقلىرىنى كېرىپ ئەتراپىغا سايە تاشلىغۇدەك بولغىچە، ئۇنى بىخ ھالىتىدىلا يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان ئىچكى ئۇرۇشلار يەنى مۇناپىقلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىك ئۇرۇشى باشلاندى. ئەرەب يېرىم ئارىلى تەۋەسىدىكى ئۇرۇشلار ئاياغلاشماي تۇرۇپلا رۇم دائىرىلىرى بۇ يېڭى دۆلەتكە قارشى ئىغۋاگەرچىلىك ئۇرۇشى قوزغىدى ۋە ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىغا تاجاۋۇزچىلىق قولىنى سۇندى.

مۇشۇ جەرياندا ئۇ ھېلىقى بىرىنچى دەرىجىلىك كۈرەشنى (ئىدىئولوگىيە كۈرىشى) ھەرگىز توختىتىپ قويمىدى. ئۇ كۈرەش ھايات-ماماتلىق كۈرىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا دۈشمەن تەرەپتىن شەيتان مەلئۇن رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ ئىنسانىيەت قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئىدىيىۋى ئىغۋاگەرچىلىك ھەرىكىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى.

بۇ تەرەپتىن ئاللاھنىڭ دەۋەتكە ۋە دەۋەت مەيدانلىرىنىڭ ھەر قايسى نۇقتىلىرىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قوماندانلىق قىلدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى مال-دۇنيا ئۇنىڭغا يۈزلەنگەن تۇرۇقلۇق غورىگىل ۋە قىسلچىلىقتا ئوتتى.ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان مۆئمىن مۇسۇلمانلار ئەمىنلىك ۋە راھەت ھېس قىلىشتى. ئۇنىڭ ھاياتى داۋاملىق جاپا مۇشەققەت بىلەن ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇ بۇنىڭ ھەممىسىگە چىرايلىقچە سەبرى قىلدى. كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇدى، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىبادىتى ئۈچۈن ئېتىكاپقا كىردى، قۇرئان تىلاۋەت قىلدى ۋە تەكرارلىدى ۋە ئاللاھنىڭ تەلىپىگە لايىق قولچىلىق(بەندىچىلىك) بۇرچىنى ئادا قىلدى.

رەسۇلۇللاھ مانا مۇشۇنداق 20 يىلدىن كۆپرەك داۋام قىلغان مەڭگۈلۈك ئۇرۇش (جىھاد) ئوتى ئىچىدە ياشىدى. ئۇ بۇ جەرياندا بىر ئىشنى دەپ يەنە بىر ئىشقا سەل قارىمىدى. ئۈچىنچى ئىشنى دەپ تۆتىنچى بىر ئىشنى تاشلاپ قويمىدى، ئاخىرى ئىسلام دەۋىتى كەڭ كۆلەمدە ئادەمنىڭ ئەقلىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. مانا ئەمدى پۈتۈن ئەرەب ئارىلى ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇپ جاھىلىيەت چاڭ-تۇزانلىرى ئارال ئاسمىنىدىن يوقۇلىشقا باشلىدى. ئىدىيىۋى كېسەللەر ساقىيىپ بۇت-ھەيكەللەر چېقىپ تاشلاندى، ھەتتا ئۇنى مۇشرىكلار ئۆز قوللىرى بىلەن چاقاتتى. تەۋھىد (يەنى ئاللاھ ئۇلۇغدۇر دېگەن) سادالىرى ئاسمان-پەلەك ياڭرىدى. ئىمان ئىسلام يېڭى ھاياتي كۈچ ئاتا قىلغان بۇ قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا بەش ۋاقىت نامازغا توۋلانغان ئەزان ئاۋازلىرى كۆكنى ياراتتى. قارى-قۇرئان تىلاۋەتچىلەر قۇرئاننى تەلىم قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ ئاھكاملىرىنى ئەمىلىلەشتۇرۇش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپلەرگە يۈرۈپ كەتتى.

كەڭ ئاما ۋە چېچىلاڭغۇ قەبىلە جەمەتلەر بىرلەشتى ئادەم ئادەمگە چۇقۇنۇشتىن ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشقا قۇتۇلدى. ئەمدى بۇ يەردە يۇقىرى تەبىقە تۆۋەن

تەبىقىدىكىلەر، قۇلدارلار ۋە قۇللار، ھۆكۈمرانلار ۋە مەھكۇملار، زالىملار ۋەياكى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار دەيدىغان تەبىقە ئايرىمىچىلىقى قالمىدى. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بەندىسى، سۆيۈملۈك قان ـ قېرىنداشلار ئۇلار ئاللاھنىڭ شەرىئىتى (قانۇنى ھۆكۈمى) ئالدىدا باب ـ باراۋەر دېگەن قاراش تىكلەندى. ئاللاھ ئۇلاردىن جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ تەرەببازلىق ئىددىيسىنى، مۇغەمبەر بويۇنتاۋلىقلىرىنى ۋە ئاتا ـ ئەجدادلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ناچار خۇيىنى كەتكۈزدى. ئەمدى: پەقەت تەقۋالىقا، ئەرەپ،بىلەن غەيرى ئەرەپ، ئاق، تەنلىك بىلەن قارا تەنلىك ئارىسىدىكى يۇقىرى تۆۋەنلىكنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەمگە ئايلىندى. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئادەم ئاتىنىڭ باللىرى ئادەم ئاتا تۇپراقتىن يارالغان» دېگەن قاراش ئورتاق تونۇشقا ئايلاندى.

(بۇ دەۋەتنىڭ نەتىجىسىدە) ئەرەب بىرلىكى، ئىنسانىيەت بىرلىكى، ئىجتىمائىي ئادالەت ۋە ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ئاخىرەتلىك بەخىت، سائادىتى ھەقىقى رەۋىشتە ئىشقا ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن دەۋر ئۆزگەردى، جاھان ئوڭشالدى. تارىخ بېتىگە يېپيېڭى سەھپە ئېچىلدى. ئەقىل ـ پاراسەت يۈكسەلدى. ۋەھالەنكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى دۇنياغا جاھىلىيەت روھى ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى بۇزۇق، روھى چىرىگەن، ئىنساني قەدرى ـ قىممەت ۋە مىزانلار دەخلىگە ئۇچرىغان، زۇلۇم ـ ستەم ئىزىش ۋە ئىزىلىشلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ كەتكەندى. ئەينى چاغدا ئىنساننى چېكىدىن ئاشقان راھەتپەرەسلىك يۇقىرى ماددى ئىستىمال ئىنسانىيەتنىڭ بىردىنبىر غايىسى ئىدى. بار بولغان ئىلاھىي دىنلارمۇ ئەسلى ماھىيىتىنى يوقاتقان ۋە چىرىكلەشكەن بولۇپ، ئېتىقادچىلارنىڭ ئىدىيىسىگە رەھبەرلىك قىلغۇدەك رولى قالمىغانىدى. قىسقىسى بۇ دىنلار ھاياتى كۈچى ۋە ياكى روھىي تەسىرى قالمىغان قۇرۇق مۇراسىمغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئىسلام دەۋتى كىشىلىك ھاياتتا ئۆزىنىڭ رولىنى ھەقىقىي رەۋىشتە جارى قىلدۇرۇپ ئىنسانىيەتنى روھىي جەھەتتىكى قۇرۇق ۋەھىمە، خۇراپاتلىق، روھىي قۇللۇق، مەھكۇملۇق، پاسادخورلۇق، مەنىۋى ئەخلاقى بۇزۇلۇش ۋە چۈشكۈنلىشىش قاتارلىقلاردىن خالاس قىلدى. جەمئىيەت زۇلۇم ـ ستەم، چېچىلاڭغۇلۇق ۋە ئىشەنچىسىزلىكتىن، تەبىقە ئايرىمچىلىقى ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ مۇستەبىتلىكىدىن، چىراغچى رامباللار ۋە ئالدامچى مەككارنىڭ دەستىدىن خالىي بولدى.

بۇ دەۋەت ئىنسانلار دۇنياسىنى ئىجتىمائى ئەدىلى ـ ئادالەت، سىياسىي باراۋەرلىك ئورنىتىلغان، ئىلىم ـ مەرىپەت گۈللەنگەن، ئىنساني مۇھەببەت كۈچەيگەن، ئاللاھ كۆرسەتكەن ھايات يولى ۋە قىممەت قاراشلار ئىنسانلارنىڭ نەپسى ـ ئەقلى خاھىشلىرىدىن غالىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ پىكىر ـ ھەرىكىتىگە ھەقىقى تۈردە يېتەكچىلىك قىلغان، جىنايەت مەنبەلىرى ئېتىلگەن، قىسقىسى ئىنسانلار دۇنياسىدا ئاللاھنىڭ سەلتەنىتى ھۆكۈم سۈرگەن ئىللىق ئادىل دۇنيا قىلىپ قۇرۇپ چىقماقچى بولدى.مانا بۇ بۇرۇلۇش ئارقىلىق ئەرەب يېرىم ئارىلى ئالەم بىنا بولغاندىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاجايىپ يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشتى ۋە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئالتۇن دەۋرىگە قەدەم قويىدى.

## ۋىدالىشىش ھەججى

دىنني دەۋەت ئېلىپ بېرىش، ئىلاھىي ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇزۇش ئاساسىدا يېڭى جەمئىيەت قۇرۇش ئىشلىرى بىر قۇر تاماملىنىۋىدى، گويا بىر مەخپىي سادا رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىگە «سېنىڭ دۇنيادا تۇرىدىغان ۋاقتىڭ ئاياغلىشاي دەپ قالدى» دېگەندەك بىر ئۇچۇر يوللىدى. بۇ ئۇچۇرنىڭ بېشارەت ۋە ئىشارەتلىرى ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 10-يىلى مۇئاز ئىبنى جەبەلنى يەمەنگە يولغا سالغاندا: «ئى مۇئاز ئېھتىمال سەن مۇشۇ يىلدىن كېيىن مەن بىلەن ئۇچرىشالماسلىقىڭ مۇمكىن، بەلكىم مېنىڭ مەسجىدىمدىن ۋە قەبرەمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالارسەن» دېگەن مۇئاز بۇ گەپنى ئاڭلاپ رەسۇلۇللاھتىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كۆز يېشى قىلغان ئىدى.

ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ يىل مەككىدە ھەر قايسى ئەرەب قەبىلە خەلقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىپ رەسۇلۇللاھدىن دىن-شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىپ رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ ئامانەتنى يەتكۈزگەنلىكىگە، ئەلچىلىكنى ئادا قىلغانلىقىغا ۋە مىللەتكە سەمىمىي نەسىھەت قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق ئېلىپ يىگىرمە نەچچە يىل مابەينىدە جەۋرى-جاپاسىنى تارتقان دەۋەتنىڭ سەمەرىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىشنى ئىرادە قىلدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ بۇ يىل ئۆزىنىڭ بۇ ھۆججەت خاراكتېرلىك چوڭ ھەجكە ئىرادە قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. نەتىجىدە رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە ھەج قىلىش مەقسىتىدە مەدىنىگە نۇرغۇن ئادەملەر جەم بولدى ۋە زۇلقەئىدە(11-ئاي)نىڭ 26-كۈنى شەنبە رەسۇلۇللاھ سەپەر تەييارلىقىنى پۈتتۈردى.

ئۇ بېشىنى تاراپ ياغلاندى (ئۇلاندى) ئىشتان ۋە رىداسىنى كەيدى. قۇربانلىق تۆگىسىگە بەلگە ئېسىپ پېشىن نامىزىدىن كېيىن جەنۇپقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئەسىر ۋاقتىدىن بۇرۇنراق زۇلھۇلەيفىگە يېتىپ باردى ۋە ئۇ يەردە ئەسىر نامىزىنى ئىككى رەكئەت قىلىپ قەسىر[①] ئوقۇدى. ئاندىن شۇ يەردە قونۇپ قالدى. ئەتىسى ئەتىگەن ساھابىلارغا: «ماڭا بۈگۈن كىچە ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنىپ: «مۇشۇ مۇبارەك ۋادىدا ناماز ئوقۇغىن، ئۆمرە ۋە ھەج قىلىمەن دېگىن» دېيىلدى» دېدى. ئۇ پېشىن نامىزىنىڭ ئالدىدا ئېھرام ئۈچۈن غۇسلى تاھارەت ئالدى. ئاندىن ئۇنىڭ باش ۋە بەدەنلىرىگە ئائىشە ئۆز قولى بىلەن ئىپار ئەنبەر قېتىلغان خۇش پۇراق خۇرۇچلىرىنى سۈۋاپ قويىدى. ھەتتا خوش-پۇراق مەلھەمېنىڭ نۇرى ئۇنىڭ چاچ ساقاللىرىدا جىلۋىلىنەتتى. ئاندىن ئۇنى شۇ پېتى قويۇپ يۇيۇۋەتمىدى. ئارقىدىن ئىشتان ۋە رىداسىنى كىيىپ پېشىن نامىزىنى ئىككى رەكئەت ئوقۇپ شۇ ئورنىدىلا ھەج ۋە ئۆمرىگە بىراقلا تەكبىر ئېيتىپ ھەج قىران[②]

---

[①] قەسىر ئۇقۇش تۆت رەكەت نامازنى ئىككى رەكەت ئۇقۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام شەرئىتىدە مۇسۇلمانلارغا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن نورمان سەپەر مۇساپىسى ئۈچ كىچە-كۈندۈزلۈك (تۆگە سەپىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ھازىرقى 100 كىلومېتىرچامىسىدا) يىراق چىققان كىشى 4 رەكئەت نامازنى 2 رەكئەت ئوقۇش يولغا قويۇلۇلغان.

[②] ھەج ۋە ئۆمرىگە بىراقلا نىيەت قىلىش ھەج قىران قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئېھرام دېگەن شۇ مەزگىلدە كۆرسىتىلگەن مەلۇم پائالىيەتلەردىن باشقا جىنسى مۇناسىۋەت، چاچ-ساقال ئالدۇرۇش، ئوۋ ئوۋلاشقا ئوخشاش خۇسۇسىي ئەركىنلىكتىن چەكلىنىش دېگەنلىكتۇر. ئېھرامدىن چىقىش ئاشۇ چەكلىنىشنى بۇزۇش دېگەنلىكتۇر.

غا ئىھرام باغلىدى. ئاندىن چىقىپ قەسۋا(تۆگىسىنىڭ ئىسمى)غا مىنىپ تۇرۇپ تەكبىر ئوقۇدى ئاندىن تۇزلەڭلىككە چىققاندا يەنە توختاپ تەكبىر ئوقىدى.

ئۇ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر چاغدا مەككىگە يېقىن كېلىشىدى «زىتتىۋەن» دېگەن جايدا قونۇپ قالدى، ئەتىسى ھىجرىيىنىڭ 10 ـ يىلى زۇلھەججىنىڭ(12 ـ ئاي)نىڭ 4 ـ كۈنى يەكشەنبە سەھەردە غۇسلى تاھارەت ئېلىپ قويۇپ بامداد نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەككىگە كىردى يولدا سەككىز كۈننى ئوتكۈزدى، بۇ ئوتتۇراھال سۈرئەت ھېسابلىناتتى.

رەسۇلۇللاھ مەسجىدۇلھەرەمگە كىرىپ ئاۋال بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدى، سافا ـ مەرۋەنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەئىيە قىلدى ۋە ئىھرامدىن چىقىپ ھالال بولمىدى. چۈنكى ئۇ ھەج قىرانغا ئىھرام باغلىغان بولۇپ ئۆزى بىلەن بىللە قۇربانلىققا تۆگە ھەيدەپ كەلگەنىدى. ئاندىن مەككىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ھەجۇن دېگەن جايغا چىقىپ ئورۇنلىشىپ شۇ يەردە تۇردى ۋە ھەج تاۋاپىدىن باشقا قايتا تاۋاپقا كىرمىدى. ساھابىلەردىن ھەدىيە (قۇربانلىق تۆگە) ئېلىپ كەلمىگەنلەرنى ئىھرامنى ئۆمرە ھەجگە ئۆزگەرتىۋېتىشكە، ئۇلار بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ سافا ۋە مەرۋەدە سەئىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن تولۇق ھالال بولۇشقا بۇيرىدى. ساھابىلار بۇنىڭدىن ئىككىلىنىپ قالدى، شۇڭا رەسۇلۇللاھ بۇنىڭغا قارىتا: «ئەگەر مەن ھازىر بىلگەنلىرىمنى بۇرۇن بىلگەن بولسام، ھەدىيە (قۇربانلىق) ھەيدەپ كەلمىگەن بولاتتىم ۋە ئەلۋەتتە ئىھرامدىن چىقىپ ھالال بولغان بولاتتىم» دېدى شۇنىڭ بىلەن ھەدىيە(قۇربانلىق مال) ھەيدەپ كەلمىگەنلەر ئىھرامدىن چىقىپ ھالال بولۇشتى، ھەممەيلەن رەسۇلۇللاھنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلدى.

ئۇ زۇلھەجج (12 ـ ئاي)نىڭ 8 ـ كۈنى (ئۇنى تەرۋىيە يەنى قۇربانلىق ماللارنى سۇغا قاندۇرۇش كۈنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) بامداتتىن كېيىنلا مەناغا چىقتى ئۇ يەردە پىشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن ۋە ئەتىسى بامدات( بەش ۋاق ناماز)نى ئوقۇدى، ئاندىن بىر ئاز تۇرۇپ كۈن چىققاندىن كېيىن ئەراپاتقا قاراپ يول ئالدى . رەسۇلۇللاھ ئەراپاتقا يېتىپ بېرىپ ئۇ يەردە ئۇنىڭغا ئاتاپ ياسالغان بىر چېدىرغا چۈشتى بىر چاغدا قۇياش قايرىلىپ كۈن چۈشتىن ئۆتتۈدى رەسۇلۇللاھ قەسۋا (تۆگىسىنىڭ ئىسمى )نى تەييارلاشقا بۇيرۇدى ئۇلاغ تەييارلاندى. رەسۇلۇللاھ قەسۋاغا مىنىپ بەتنى ۋادى (ئەراپات تېغىنىڭ تۆۋەنكى تۈزلەڭلىك)غا كەلدى بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىر يۈز قىرىق تۆتمىڭ كىشى جەم بولغانىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ يەردە ئۇلارغا تۆۋەندىكى ھۆججەت خاراكتېرلىك نۇتۇقنى سۆزلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

ئەييۇھەنناس! ئىسمەئۇ قەۋلى ! (ئى خالايىق ! گېپىمگە قولاق سېلىڭلار !) مەن بىلمەيمەن، ئېھتىمال مەن بۇ يىلدىن كېيىن سىلەر بىلەن بۇ يەردە مەڭگۈ ئۇچرىشالماسلىقىم مۇمكىن . چوقۇمكى سىلەرنىڭ جېنىڭلار ۋە مال ـ مۈلكىڭلار خۇددى مۇشۇ ئاي مۇشۇ جايدا سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈنۈڭلار ھارام بولغىنىغا ئوخشاش سىلەرگە ھارامدۇر. ئاگاھ بولۇڭلاركى! جاھىلىيەت دەۋرى دەستۇردىن ھەر قانداق بىر ئىش ھازىردىن باشلاپ بىكار قىلىنىدۇ. جاھىلىيەت (كونا) قان قەرزلىرىنىڭ ھەممىسى شەرتسىز بىكار

قىلىنىدۇ. مەن ئاۋۋال جەمەتىمىزنىڭ قان قېرىنداشلىرىمىزدىن ئىبنى رەبىئە ئىبنى هارىسنىڭ قان قەرزىنى بىكار قىلىمەن . ئۇ بەنى سەئەد قەبىلىسىدە ئېمىتىشكە بېرىلگەنىدى. ئۇنى هۇزەيىل قەبىلىسىدىكىلەر ئۆلتۈرۈۋەتكەن جاھىلىيەت جازانىخورلۇقلىرىمۇ تۈپتىن بىكار قىلىنىدۇ، مەن بىكار قىلىدىغان جازانىنىڭ تۇنجىسى تاغام ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ جازانىلىرىدۇر . ئۇنىڭ بارلىق جازانە ـ ئۆسۈمكەشلىك ئىشلىرى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

ئەييۇھەنناس! ئاياللار مەسىلىسىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى بىلەن ئالدىڭلار ئاللاھنىڭ كەلىمىسى (يەنى نىكاھ ) بىلەن ھالال (يەنى خوتۇن ) قىلدىڭلار، سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارنىڭ زىممىسىدە ھەققىڭلار بار . ئۇلار سىلەرنىڭ چۈشەكلىرىڭلارغا غەيرى ئادەملەرنى دەسسەتمىسۇن ، ناۋادا ئۇلار شۇنداق قىلىپ سالسا ئۇلارنى زەخمىلەنمىگۈدەك ئۇرۇڭلار، ئۇلارنىڭمۇ سىلەرنىڭ زىممىڭلاردا ھەققى بار. ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك رىزقى ۋە تاقەت مىقدارى كىيىم ـ كېچىكى قاتارلىقلار.

مەن سىلەرگە شۇنداق بىر نەرسىنى قالدۇردۇمكى ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىڭلار ، ھەرگىز ئازمايسىلەر ئۇ ئاللاھنىڭ كىتابى(قۇرئان )دۇر.

ئەيیۇھانناس!( ئى خالايىق !) مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ ، سىلەردىن باشقا ئۈممەت بولمايدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى سىلەر بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار ، بەش ۋاقىت نامىزىڭلارنى ئوقۇڭلار ، رامىزان (ئېيىڭلارنىڭ) روزىسىنى تۇتۇڭلار . ماللىرىڭلارنىڭ زاكىتىنى رازىمەنلىك بىلەن ئادا قىلىڭلار ، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ بەيتىنى تاۋاپ قىلىڭلار ، ئىش ئىگىلىرىڭلار (يەنى ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر )غا ئىتائەت قىلىڭلار ! پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ جەننىتىگە ئامان ـ ئېسەن كىرەلەيسىلەر».

رەسۇلۇللاھ: سىلەر مەن توغرىلىق سوراق قىلىنىسىلەر . سىلەر نېمە دەيسىلەر ؟ دېگەنىدى ئۇلار : « ئەلچىلىكنى يەتكۈزگەنلىكىڭگە ، ئامانەتنى ئادا قىلغانلىقىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمىز »، دېيىشتى . بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئاسمان تەرەپكە كۆتۈرۈپ كىشىلەر تەرىپىگە بىر نوقۇپ : « ئى ئاللاھ! گۇۋاھ بولغىن »، دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئەراپاتتىكى بۇ نۇتقىنى رەبىئە ئىبنى ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ كىشىلەرگە سۆزمۇ ـ سۆز جاكارلاپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

رەسۇلۇللاھ نۇتۇقتىن پارىغ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتى نازىل بولدى: ﴿حُرِّمَتْ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةُ وَالْدَّمُ وَلَحْمُ الْخِنْزِيرِ وَمَا أُهِلَّ لِغَيْرِ اللّهِ بِهِ وَالْمُنْخَنِقَةُ وَالْمَوْقُوذَةُ وَالْمُتَرَدِّيَةُ وَالنَّطِيحَةُ وَمَا أَكَلَ السَّبُعُ إِلاَّ مَا ذَكَّيْتُمْ وَمَا ذُبِحَ عَلَى النُّصُبِ وَأَن تَسْتَقْسِمُواْ بِالأَزْلاَمِ ذَلِكُمْ فِسْقٌ الْيَوْمَ يَئِسَ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِن دِينِكُمْ فَلاَ تَخْشَوْهُمْ وَاخْشَوْنِ الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الإِسْلاَمَ دِينًا فَمَنِ اضْطُرَّ فِي مَخْمَصَةٍ غَيْرَ مُتَجَانِفٍ لِّإِثْمٍ فَإِنَّ اللّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ تەرجىمىسى: سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان ، قان ، چوشقا گۆشى ، ئاللاھدىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان ، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، (ھايۋانلار تەرىپىدىن) ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان ، يىرتقۇچ ھايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان (نىڭ گۆشىنى

يېيىش) هارام قىلىندى . لېكىن (يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك هايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا) بوغۇزلىغانلىرىڭلار هالال بولىدۇ هەمدە بۇتلارغا ئېلىپ بېرىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا بوغۇزلانغان هايۋانلار هارام قىلىندى . ئەزلام (يەنى جاهىلىيەت دەۋرىدە پال ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۈچ پارچە ياغاچ ) بىلەن پال سېلىشىڭلار هارام قىلىندى ، بۇ گۇناهتۇر، كافىرلار بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلار (نى يوقىتىش ) دىن ئۈمىدىنى ئۈزدى ، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار . بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم ، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم ، كىمكى ئاچلىقتا ئىلاجىسىزلىقتىن، گۇناهنى مەقسەت قىلماستىن (هارام قىلىنغان نەرسىلەرنى يېسە گۇناه بولمايدۇ)، ئاللا مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە ناهايىتى مېھرىباندۇر » ( «قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەت) بۇ ئايەتنى ئاڭلاپ ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭغا نېمىشقا يىغلايسەن دېيىلگەندى ئۇ : « هەر قانداق ئىش تاكاملاشسا ئۇنىڭغا نۇقسان ئەگىشىدۇ»، دېدى.

نۇتۇقتىن كېيىن بىلال ئەزان توۋلىدى ۋە تەكبىر ئېيتتى شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئادەملەر بىلەن بىللە پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى ، ئارقىدىن بىلال يەنە تەكبىر ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدى بۇ ئىككى نامازنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشقا ناماز ئوقۇمىدى . نامازدىن كېيىن تۆگىسىگە مىنىپ مەۋقەف (هاجىلار ئەراپاتتا ۋۇقۇف قىلىدىغان جاي )غا كەلدى ۋە ئۇ يەردە قەسۋانى قۇرام تاشلار ئۈستىگە چۆكتۈردى پىيادىلىكلەر يولىنى ئالدىدا قالدۇرۇپ قىبلىگە قاراپ كۈن كىرىپ كەتكەنگە قەدەر ۋۇقۇف قىلىپ تۇردى . كۈننىڭ شەكلى غايىپ بولۇپ سېرىقلىق ئازراق يوقىلىۋىدى ، ئۇسامە ئىبنى زەيدنى كەينىگە مىندۈرۈپ ئەراپاتتىن قايتتى ۋە خېلى بىر چاغ بولغاندا مۇزدەلىفەگە يېتىپ كېلىپ، ئۇ يەردە ناماز شام ۋە خۇپتەننى بىر ئازان بىر تەكبىر بىلەن ئادا قىلدى ۋە بۇ ئىككى ناماز ئارىلىقىدا هېچ نېمە ئوقۇمىدى ئاندىن يېتىپ قالدى هەتتا تاڭ ئاتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ بامدات نامىزىنى تاڭ روشەن سۈزۈلگەندىن كېيىن بىر ئەزان ۋە ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇدى . ئاندىن يەنە تۆگىسىگە مىندى ۋە مەشئەرىلھەرام (جاي نامى )غا كېلىپ قىبلىگە قاراپ دۇئا قىلدى ، تەكبىر ئېيتتى ، تەلبىيە ۋە تەهلىل ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ مۇشۇ هالەتتە تۇرۇپ جاهان خېلى ئوبدان يورىدى.

ئاندىن كۈن چىقىشنىڭ ئالدىدا مۇزدەلىفەدىن مىناغا قاراپ يول ئالدى ۋە پەزلى ئىبنى ئابباسنى كەينىگە مىندۈرۈۋالدى ئۇ بەتنى مۇهەسسەر دېگەن جايغا كەلگەندە ئازراق تېز ماڭدى . ئاندىن جەمرە تولكۇ براغا چىقىدىغان ۋادىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر يولغا ئەگىپ ماڭدى ۋە ئۇ يەردىن ئۇدۇل چوڭ دەرەخ يېنىدىكى جەمرەگە يېتىپ باردى (ئۇ جەمرەتۇلكۇبرا بولۇپ شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ يېنىدا بىر تۈپ چوڭ دەرەخ بار ئىدى ئۇ جەمرەنى جەمرە ئەقەبە ۋە جەمرە ئۇۋۋلا « بىرىنچى جەمرە» دەيمۇ ئاتىلاتتى ) رەسۇلۇللاھ بۇ جەمرەگە يەتتە دانە تاش ئاتتى ، ئۇهەر بىر تاشنى ئاتقاندا تەكبىر ئېيتاتتى ، تاشلار ساپال پارچىلىرىغا ئوخشاش بولۇپ ئۇنى بەتنى ۋادىدىن ئېلىۋالغان ئىدى . ئاندىن مەنهەر(قۇربانلىق قىلىدىغان جاي )گە قايتتى ۋە ئاتمىش ئۈچ تۆگىنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلىدى ئاندىن پىچاقنى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپقا بەرگەندى ئۇ يەنە قالغان (ئوتتۇز

يەتتە تۆگە )نى بوغۇزلاپ يۈز قىلىۋەتتى ۋە ئۇنى (يەنى ئەلىنى ) قۇربانلىقىغا شېرىك قىلدى، ئاندىن ھەر بىر تۆگىدىن ئازراقتىن گۆش ئەكېلىپ قازانغا سېلىپ پۇشۇرۇشقا بۇيرىدى. گۆش پىشۇدى ئىككەيلەن ئۇنىڭ گۆشىدىن يېدى ۋە شورپىلىرىدىن ئىچتى.

تاماقتىن كېيىن رەسۇلۇللاھ تۆگىسىگە مىنىپ بەيتۇللاغا قاراپ يول ئالدى ، ئۇ مەككىدە پىشىن نامىزىنى ئوقۇپ ئابدۇلمۇتەللىپ جەمەتىنىڭ زەمزەم قۇدۇقىدىن سۇ تارتىپ ھاجىلارنى سۇغۇرۇۋاتقان يېرىگە باردى ۋە: « تارتىڭلار، ئابدۇلمۇتەللىپ ئوغۇللىرى! ئەگەر مەن باشقىلارنىڭ بۇسقايەت (ھاجىلارنى سۇغۇرۇش )نى سىلەردىن تارتىۋېلىشىدىن قورقمىسام ئىدىم. مەنمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە سۇ تارتقان بولاتتىم »، دېدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھقا بىر چېلەك سۇ تارتىپ سۇنۇپ بەرگەن ئىدى رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن ئىچتى.

نەھرى كۈنى (يەنى زۇلھەججىنىڭ 10 ـ كۈنى ) قۇياش خېلى كۆتۈرۈلگەندە رەسۇلۇللاھ يەنە نۇتۇق سۆزلىدى . ئۇ بىر ئاق خېچىرغا مىنىۋالغانىدى ، ئەلى پۈتۈن ئاۋازى بىلەن كۆپچىلىككە يەتكۈزۈپ تۇراتتى . ئادەملەرنىڭ بەزىسى ئولتۇرۇقلۇق ، بەزىسى ئۆرە تۇرۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇ نۇتىقىدا ئالدىنقى كۈنى سۆزلىگەن بەزى مەزمۇنلارنى قايتا تەكرارلىدى ئىمام مۇسلىم ۋە سەھىھۇل بۇخارىدا ئەبى بەكرەتەدىن نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن : رەسۇلۇللاھ بىزگە نەھرى كۈنى نۇتۇق سۆزلەپ : «ئاللاھ ئاسمان زېمىننى ياراتقان كۈندىن تارتىپ زامان ئۆز پېتىچە دەۋر قىلماقتا ، بىر يىل ئون ئىككى ئاي، ئۇنىڭدىن تۆت ئاي ھارام (يەنى ھۆرمىتىنى بۇزۇش ھارام) ئايلاردۇر. ئۈچ ئاي زۇلقەئىدە (11 ـ ئاي)، زۇلھەججە (12ئاي) ۋە مۇھەررەم (1 ـ ئاي ) بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن كەلگۈچىدۇر، تۆتىنچىسى جۇمادىيەل (6 ـ ئاي) بىلەن شەئبان (8 ـ ئاي) ئوتتۇرىسىدىكى مۇزەرنىڭ[1] رەجەپ (7 ـ ئاي) ئېيىدۇر»، دېدى.

ئۇ يەنە: « بۇ قايسى ئاي ؟ »دەپ سورىدى بىز : «ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلگۈچىدۇر»، دېدۇق، ئۇ سۈكۈتكە چۆمدى. بىز: «رەسۇلۇللاھ بۇ ئاينى باشقا بىر نام بىلەن ئاتايدىغان ئوخشايدۇ »، دەپ ئويلىدۇق ئۇ : «زۇلھەج ئېيى ئەمەسمۇ؟» دېدى، بىز: « ئەلۋەتتە شۇنداق »، دېدۇق. رەسۇلۇللاھ يەنە : « بۇ قايسى شەھەر؟» دەپ سورىدى ، بىز: « ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلگۈچىدۇر»، دېدۇق رەسۇلۇللاھ سۈكۈتكە چۆمدى ھەتتا بىز رەسۇلۇللاھ بۇ شەھەرنى باشقىچە بىر نام بىلەن ئاتايدىغان چېغى » دەپ ئويلىدۇق ئۇ: « بۇ ئاشۇ مەككە شەھىرى ئەمەسمۇ؟» دېدى بىز: « ئەلۋەتتە شۇنداق » دېدۇق، رەسۇلۇللاھ : « بۇ قايسى كۈن ؟» دەپ سورىدى ، بىز : « ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلگۈچىدۇر »، دېدۇق . ئۇ يەنە سۈكۈت قىلىپ تۇردى ، ھەتتا بىز رەسۇلۇللاھ بۇ كۈننى باشقىچە بىر نام بىلەن ئاتايدىغان بولدى » دەپ ئويلىدۇق . رەسۇلۇللاھ: « نەھرى (قۇربانلىق مالنى زەبھى قىلىدىغان ) كۈن ئەمەسمۇ؟» دېدى، بىز: « ئەلۋەتتە شۇنداق » دېدۇق رەسۇلۇللاھ: « ئەمىسە سىلەرنىڭ قانلىرىڭلار (يەنى ئۆزئارا قان تۆكۈپ ئادەم ئۆلتۈرۈشۈڭلار ) ماللىرىڭلار (ماللىرىڭلارنى ناھەق يەۋېلىش ) ۋە ئىناۋەت ـ ئابرويىڭلار(يەنى تۆھمەت ۋە باشقا ناچار ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزئارا

---

[1] مۇزەرنىڭ رەجەپ ئېيى دېيىشتىكى سەۋەب —— رەجەپ ئاينى مۇشۇلار بەك ھۆرمەتلەيتتى.

ئىناۋەت ـ ئابرۇيىغلارنى تۆكۈش ) سىلەرگە خۇددى سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈنىڭلار ، مۇشۇ ئاي مۇشۇ شەھەرلەردە هارام بولغاندەك هارامدۇر» دېدى.

«سىلەر پات يېقىندا پەرۋەردىگارىڭلارغا مۇلاقات بولىسىلەر . ئۇ سىلەرنىڭ نامى ـ ئەمەللىرىڭلاردىن سورايدۇ ، ئاگاھ بولۇڭلاركى مەندىن قالغاندا بىر ـ بىرىڭلارنى قىرىدىغان ئازغۇنلاردىن بولماڭلار.

(ئى خالايىق) ئاگاھ تۇرۇڭلار! مەن (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى) يەتكۈزدۈممۇ؟» دېدى ئۇلار: «ھەئە» دېگەندى ، رەسۇلۇللاھ : «ئى ئاللاھ گۇۋاھ بولغىن !، هازىر بولغانلار يوقلارغا يەتكۈزسۇن! يەتكۈزۈلگەنلەرنىڭ بەزىسى هازىر ئاڭلىغانلاردىن بەكرەك ئەستە تۇتىشى مۇمكىن»، دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ ئاشۇ قېتىمقى نۇتۇقىدا يەنە مۇنداق دېگەن : «ئى خالايىق ئاگاھ بولۇڭلار، ھەر كىم ئۆز نەپسىگە جىنايەت قىلمىسۇن !، ئۆز پەرزەنتلىرىگە جىنايەت قىلمىسۇن! پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىسىغا جىنايەت قىلمىسۇن ! ھەممىڭلارغا ئايان بولسۇنكى شەيتان سىلەرنىڭ بۇ شەھىرىڭلاردا مەئبۇد بولۇشتىن ئەبەدى ئۈمىدىنى ئۈزدى لېكىن ئۇ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن بەزى بىر كىچىك ئىشلاردا سىلەرنى بويسۇندۇرماقچى ئۇ چوقۇم شۇنىڭدىن مەمنۇن بولىدۇ».

رەسۇلۇللاھ تەشرىق (زۇلھەججىنىڭ 11 ـ ، 12 ـ ، 13 ـ كۈنلىرى) كۈنلىرى مىنادا تۇرۇپ ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلدى . شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەلىم بەردى ، ئاللاھقا زىكرى ئېيتتى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن قالغان ھىدايەت بەلگە (يول)لىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شېرىكنىڭ تەسىرى ۋە ئۇنىڭ نامى نىشانلىرىنى ئۆچۈردى.

ئۇ يەنە تەشرىق كۈنلىرىنىڭ بىر كۈنىدە مىنادا نۇتۇق سۆزلىدى ، ئىمام ئەبۇ داۋۇت سىرائ بىنتى نەبھان ( ئايال)دىن نەقىل كەلتۈرگەن بىر ھەدىستە : «بىزگە رەسۇلۇللاھ زىرۇئۇس (يەنى ئادەملەر مىناغا توپلانغان ) كۈنى سۆز قىلىپ : «بۇ تەشرىق (گۆش پارچىلاش) كۈنىنىڭ ئوتتۇرى ئەمەسمۇ؟» دېدى. ئۇنىڭ شۇ كۈندىكى نۇتقىنىڭ مەزمۇنى نەھرى كۈنىدىكى نۇتقىغا ئوخشاش ئىدى . ئۇ بۇ نۇتۇقنى سۈرە نەسرى نازىل بولۇپ بولغاندىن كېيىن سۆزلىگەن دېيىلگەن.

نەۋرنىڭ (يەنى ھەرەمگە كىرىپ تاۋاپ قىلىپ قايتىپ چىقىش كۈنىنىڭ ) ئىككىنچى كۈنى (يەنى زۇلھەججىنىڭ (12 ـ ئاي) نىڭ 13 ـ كۈنى) رەسۇلۇللاھ مىنادىن قايتىپ كېلىپ مەككە ۋادىسىغا «بەنى كەنانە مەنزىلى » دەپ ئاتىلىدىغان بىر جايغا چۈشتى، ئۇ بۇ كۈننى ۋە بۇ كۈنىنىڭ كېچىسىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى . بۇ يەرە پېشىن ، ئەسىر، شام، خۇپتەن نامازلىرىنى ئوقۇي . خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن بىر دەم ئۇخلىدى ، ئاندىن بەيتۇللاھقا كىرىپ ئۇنىڭدا ۋىدالىشىش تاۋاپىنى گوا ۋىدالاشقۇچىدەك تاۋاپ قىلدى.

رەسۇلۇللاھ ھەج پائالىيەتلىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپلا ، مەدىنە مۇنەۋۋەرگە قايتىشقا ئالدىرىدى. ئۇ راھەت ۋە ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى خۇدا يولىدىكى جاپالىق كۆرەشلەرنى قايتىدىن باشلاش ۋە جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

## ئەڭ ئاخىرقى قوشۇن

رۇم دائىرلىرىنىڭ مۇغەمبەر- چوڭچىلىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدىكى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ياشاش ھوقۇقىنىمۇ چىدىغۇسى كەلمەيدىغاندەك بولۇپ قىلىشقانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە بېقىنغان ئەرەبلەردىن مۇسۇلمان بولغانلارنى ئۆلتۈرۈشتى. رۇم تەرەپتىن مەئان (شامدا بىر جاينىڭ نامى)غا ۋالى بولغان پەرۋە ئىبنى ئەمرى جۇزامىينىڭ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلۈشى بۇنىڭ تىپىك مىسالى ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ بۇ خىل مۇغەمبەرلىكىنى ۋە چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ھىجرىيىنىڭ 11- يىلى سەپەر (2- ئاي)دا بىر قوشۇن تەشكىللەشكە كىرىشتى ۋە بۇ قوشۇنغا ئۇسامە ئىبنى زەيدنى ئەمىر لەشكەر قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنى بۇ قوشۇن بىلەن پەلەستىنىنىڭ بەلقائ ۋە دارۇم چېگرالىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت رۇم تەرەپنىڭ خورىكىنى جىمىقتۇرۇپ قويۇش بىلەن بىرگە چېگرا بويىدىكى ئەرەبلەرنىڭ قەلبىگە ئىسلامغا قارىتا ئىشەنچىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. شۇنداق قىلغاندا كىشىلەر: «چېركاۋ ھۆكۈمرانلىقى زاۋال تاپمايدۇ ئىسلام دىنىغا كىرىش ئۆز جېنىغا ئۆزى زامىن بولغانلىق»، دەپ ئويلاپ قالمايتتى.

بەزىلەر بۇ قوشۇننىڭ قۇماندانى ھەققىدە: «يېشى كىچىك تەجرىبىسىز» دەپ گەپ تاپتى ۋە ئۇنى يولغا سېلىشنى كېچىكتۈردى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ: «ئۇنىڭ(يەنى ئوسامەنىڭ) قوماندان بولۇشىغا تەئنە (شەنىگە داغ يېتىدىغان گەپ سۆز) قىلىشقان بولساڭلار، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ قوماندان بولىشىغىمۇ شۇنداق قىلىشقان ئىدىڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇ چوقۇم ئەمىرلىك (ئەمىر- قۇماندان بولۇش) كە لايىقتۇر. ئۇنىڭ ئاتىسى (يەنى زەيد ئىبنى ھارس) ئادەملەر ئىچىدە ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك ئىدى. بۇ (يەنى ئۇسامە ئىبنى زەيد)مۇ ئۇنىڭدىن قالسا ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىدۇر»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇسامە ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ ئۇنىڭ قوشۇنىغا تىزىلدى ۋە مەدىنىدىن بىر پەرسەخ (6.24 كىلومېتىرغا تەڭ) يىراقلىقتىكى جەرىف دېگەن جايغا چىقىپ پەرمان كۈتۈپ تۇردى. بىراق، رەسۇلۇللاھنىڭ كېسىلى ھەققىدىكى قورقۇنۇشلۇق خەۋەر ئۇلارنى كېسەل بىر تەرەپ بولغۇچە تەخىر قىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. بەلكىم ئاللاھ بۇ قوشۇننى ئەبۇبەكرىنىڭ خىلاپىتىدە يولغا سېلىنىدىغان تۇنجى قوشۇن بولۇشىنى ئىرادە قىلغان چېغى ئىدى.

# ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر

## ۋىدالىشىش بىشارەتلىرى

دەۋەت ئىشلىرى تاكامۇللىشىپ، ۋەزىيەتنى ئىسلام ھۆكۈمرانلىقى تولۇق ئىگەللىۋىدى، بۇ دۇنيادىن خوشلىشىش بىشارەتلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ چىھرىدىن غىلپال كۆرۈنۈشكە باشلىدى ۋە ئۇنىڭ ئىش ھەرىكەت ۋە سۆز ـ ئىبارىلىرىدە ئاشكارا ئىپادىلەندى.

ئۇ ئالدىنقى يىلى( ھىجرىيىنىڭ 10 ـ يىلى ) رامىزان(9 ـ ئاي )دا 20 كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇردى. ئەمما ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى يىللاردا پەقەت ئون كۈنلا ئېتىكاپ قىلاتتى ، بۇ قېتىمقى ئېتىكاپتا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قۇرئاننى ئىككى قېتىم دەرس مۇزاكىرە قىلىپ بەردى ( بۇنىڭ ئالدىدا ئۇ ھەر يىلى رامىزاندا پەقەت بىرلا قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ بىرەتتى ). ئۇ ھەججەتۇلۋىدادا مۇسۇلمانلارغا سۆز قىلغاندا : «مەن بىلمەيمەن ، ئېھتىمال مەن بۇ يىلدىن كېيىن سىلەر بىلەن بۇ يەردە، يۈز كۆرۈشەلمەسلىكىم مۇمكىن» دېدى . يەنە جەمرى ئەقەبە (مىنادا شەيتانغا تاش ئاتىدىغان جاي )دا: «ئى خالايىق! مەندىن ھەج ئىبادەتلىرىنى ئۆگىنىۋېلىڭلار، ئېھتىمال مەن بۇ يىلدىن كېيىن ھەج قىلالماسلىقىم مۇمكىن » دېدى . تەشرىق كۈنلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا رەسۇلۇللاھقا سۈرە نەسرى نازىل قىلىنغانىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ۋىدالىشىش (بۇ جاھاندىن خوشلىشىش ) ھەججى ئىكەنلىكى ۋە رەسۇلۇللاھقا ئۆلۈم خەۋىرى يەتكۈزۈلگەنلىكى مەلۇم بولدى.

ھىجرىيىنىڭ 11 ـ يىلى سەپەر ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ئۇھۇد تېغىغا چىقتى ۋە ئۇ يەردە ئۆلۈك ۋە تىرىك، ھەممىسى بىلەن خوشلىشىدىغاندەك شەھىدلەرگە دۇئا قىلدى . ئاندىن قايتىپ كىرىپ مۇنبەردە سۆز قىلدى ، ئۇ مۇنداق دېدى : «مەن سىلەردىن بۇرۇنراق كېتىدىغاندەك تۇرىمەن ، مەن سىلەرگە گۇۋاھچى بولىمەن . ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مەن شۇ تاپتا ھەۋزى كەۋسەر [1] نى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن ماڭا يەر ـ زېمىن خەزىنەلىرىنىڭ (ياكى زېمىنىنىڭ دېدىمۇ) ئاچقۇچلىرى ئاتا قىلىندى. ئاللاھ بىلەن قەسەم! مەن سىلەرنىڭ مەندىن كېيىن مۇشرىك بولۇپ ئېتىپ كېتىشىڭلاردىن قورقمايمەن ، بىراق مەن سىلەرنىڭ مال ـ دۇنيا، بايلىقلارغا بېرىلىپ كېتىشىڭلاردىن قورقىمەن ».

يەنە بىر كۈنى كېچىدە ( تۈن نىسپىي بولغاندا) رەسۇلۇللاھ بەقىئە[2] گە چىقىپ ئۇلارغا مەغپىرەت تىلىدى ۋە : «ئەسسەلامۇئەلەيكۇم ئى مەقبەرە ئەھلى ! سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار ھاياتلارنىڭكىدىن كۆپ ياخشى . پىتنە ـ پاساد تۈن قاراڭغۇسىدەك بېسىپ كەلدى . بۇ پىتنە ـ پاسادلار بىر ـ بىرىدىن ياماندۇر» دېدى. ئاندىن ئۇلارغا بىشارەت بەرگەندەك: « **انا الله انا بكم لاچقون**» بىزمۇ چوقۇم سىلەرگە قوشۇلىمىز» دېدى.

## رەسۇلۇللاھقا كېسەل تەگدى

---

[1] جەننەتتە رەسۇلۇللاھقا ئىلتىپات قىلىنىدىغان تاتلىق سۇلۇق كۆل. ــــ ت

[2] مەدىنىدىكى چوڭ ھەم مەشھۇر قەبرىستانلىق.ــــ ت

ھىجرىيىنىڭ 11 ـ يىلى سەپەر(2 ـ ئاي) ئېيىنىڭ 29 ـ كۈنى(دۈشەنبە) رەسۇلۇللاھ بەقىئ قەبرىستانلىقىدا بىر مېيىت نامىزىغا ھازىرلىق قىلغان ئىدى . مەقبەرەدىن قايتىۋېتىپ يولدا رەسۇلۇللاھنىڭ بېشىغا ئاغرىق تەگدى ۋە ئۇشتۇمتۇت بەدىنىنىڭ ھارارىتى ئۆرلەپ ، ھەتتا ئۇنىڭ قىزىتما دەپتىنى ئۇنىڭ بېشى تېڭىلغان تېڭىقى ئۈستىدىنمۇ بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېسەل تېگىپ 11كۈن جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدى، ئۇنىڭ كېسەل تارتقان جىمى كۈنلىرى 13ياكى 14 كۈن ئىدى.

## ئەڭ ئاخىرقى بىر ھەپتە

رەسۇلۇللاھنىڭ كېسىلى كۈنسىرى ئېغىرلاشتى ، ئۇ ھەر كۈنى ئاياللىرىدىن : «ئەتە (تەڭلە كۈنى ـ ت) مەن نەدە؟ ئەتە مەن نەدە ؟» دەپ سورايتتى . رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ئۇنىڭ خالىغان يەردە بېقىنىشقا رۇخسەت قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن پەزلى ئىبنى ئابباس ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا بېشى تېڭىقلىق ھالدايۆلەپ ماڭغۇزۇلۇپ ئائىشىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىندى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككى قەدىمى يەرنى جىجىپ ماڭاتتى ، نەتىجىدە رەسۇلۇللاھ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ھەپتىسىنى ئائىشەنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزدى.

ئائىشە رەسۇلۇللاھتىن يادلىۋالغان موئەۋۋىزات(پاناھ تىلەش مەزمۇنىدىكى ئايەتلەر)[1] ۋە خاسىيەتلىك دۇئالارنى ئوقۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ بەدىنىگە ھۈرۈپ قوياتتى ۋە ئايەتلەردىن تەبەرۈك ئىزدەپ رەسۇلۇللاھنى سىلاپ تۇتۇپ قوياتتى.

## بەش كۈن ئىلگىرى

رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن بەش كۈن ئىلگىرى چارشەنبە كۈنى ئىدى .ئۇنىڭ بەدىنىدىكى كېسەل ھارارىتى يالقۇنجاپ كەتتى . ئاغرىق كۈچىيىپ رەسۇلۇللاھ ھوشسىزلاندى. ئۇ: «باشقا ـ باشقا قۇدۇقتىن يەتتە تۇلۇم سۇ كەلتۈرۈپ ئۈستى بېشىمغا قۇيۇڭلار، مەن ئۇلار قېشىغا چىقىپ ۋەسىيەت قىلىۋالاي » دېدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رەسۇلۇللاھنى چوڭ بىر تەڭلە قاچىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئۈستىگە سۇ قۇيدى ، ھەتتا بىر چاغدا: «بولدى، بولدى» دەپ ھوشىغا كەلدى.

بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۆزىنى بىر ئاز يېنىكلىگەندەك ھېس قىلدى ئۇ (بېشى تېڭىقلىق ھالدا) مەسجىدكە كىرىپ مۇنبەرگە چىقىپ ئولتۇردى ۋە ئادەملەرگە سۆز قىلدى كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋېلىشقانىدى . ئۇ مۇنداق دېدى : «ئاللاھنىڭ لەنىتى يەھۇدىيلارغا ۋە ناسارا (خىرىستىئان)لارغا بولسۇن ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد(ئىبادەتخانا قىبلىگاھ) قىلىۋېلىشتى » يەنە بىر رىۋايەتتە : «ئاللاھ يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى ھالاك قىلسۇن ، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ مەقبەرىسىنى مەسجىد (سەجدىگاھ)

---

[1] سۈرە فەلەق، سۈرە ناس، سۈرە ئىخلاسلارنى كۆرسىتىدۇ.

قىلىۋېلىشتى » دېدى ، ئۇ يەنە: « مېنىڭ قەبرەمنى مەئبۇد قىلىۋالماڭلار » دېدى . رەسۇلۇللاھ يەنە ئۆزىنى قىساس ( ئىنتىقام ۋە ئەنتىنى ئېلىۋېلىش )قا تەكلەپ: « مەن بىر كىشىنىڭ ئۇچىسىغا ئۇرۇپ سالغان بولسام مانا بۇ مېنىڭ ئۇچام، مەندىن ئىنتىقامىنى ئېلىۋالسۇن ۋە كىمنىكى تىللاپ ئابرويىنى توككەن بولسام مانا مېنى تىللاپ ئەنتىنى ئېلىۋالسۇن » دېدى . ئاندىن مۇنبەردىن چۈشۈپ پېشىن نامىزىنى ئوقىدى ، پېشىن نامىزىدىن كېيىن مۇنبەرگە يەنە چىقىپ ھېلىقى ئۆچ ـ ئاداۋەت ۋە ئەنتى قىساس ھەققىدىكى گەپلىرىنى قايتا تەكرارلىدى . بۇ چاغدا بىر ئادەم : « ئۆزلىرىدە مېنىڭ ئۈچ دەرھەم پۇلۇم بار ئىدى» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ: « ئى فەزلى ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىۋەت» دەپ بۇيرىدى. ئاندىن ئەنسارلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىلىق ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېدى: « مەن سىلەرگە ئەنسارلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تەۋسىيە قىلىمەن ، ئۇلار مېنىڭ ئۆز باغرىم ۋە سىرداشلىرىمدۇر ، ئۇلار زىممىسىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ بولدى، ئەمدى ئۇلارغا قايتۇرۇشقا تېگىشلىك ھەقلىرى قېپقالدى ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى قوللاڭلار، كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىڭلار ». يەنە بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن : « كىشىلەر بارغانسېرى كۆپىيىدۇ ، ئەنسارلار ئازلاپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇلار ئاشنىڭ تۇزىدەك قالىدۇ ھەر كىم سىلەردىن بىر كىشىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلىگۈدەك ئەمەل تۇتسا ئۇ چوقۇم ئەنسارلارنىڭ ياخشىلىقىنى قوبۇل قىلسۇن ، كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلسۇن » دېدى.

ئاندىن ئۇ: « ئاللاھ بىر بەندىسىگە بۇ دۇنيادا قېلىش ياكى ئۇ دۇنياغا كېتىشنىڭ بىرىنى تالاش ئىختىيارلىقىنى بەرگەن ئىدى ، ئۇ بەندە ئۇ دۇنياغا كېتىشنى ئىختىيار قىلدى » دېدى. ئەبۇ سەئىد خۇدرى مۇنداق دەيدۇ : « بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەبۇ بەكرى يىغلاپ كەتتى ۋە ئاتا ـ ئانىمىز ساڭا پىدا بولسۇن » دېدى، بىز ھەيران بولدۇق، بەزىلەر: « قاراڭلار بۇ شەيخ( موتىۋەر)گە رەسۇلۇللاھ بۇ دۇنيادا قېلىش ياكى ئۇ دۇنياغا كېتىش ئىختىيارلىقىدا قويۇلغان بىر بەندە ھەققىدە خەۋەر بېرىۋاتسا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىمىز ساڭا پىدا بولسۇن دەۋاتقىنىنى » دېيىشتى . ئەسلىدە ئىختىياردا قويۇلغۇچى رەسۇلۇللاھ ئىدى. ئەبۇبەكرى بۇنى ھەممىمىزدىن بۇرۇن چۈشەنگەنىكەن . رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دېدى : « مەن ئەبۇبەكرىنىڭ سۆھبىتىگە ئوخشاش ھېچبىر سۆھبەت كۆرمىدىم . مەن ئۇنىڭدىن رازى ، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمدىن ئۆزگە سىرداش دوس تۇتىدىغان بولسام ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى سىرداش تۇتاتتىم. لېكىن ئىسلام قېرىنداشلىقى ۋە ئىسلامى دوسلۇق كۇپايە قىلىدۇ . مەسجىدگە ئېچىلغان ئىشىكلەردىن ئەبۇبەكرىنىڭ ئىشىكىدىن باشقىسى قويماي تاقىۋېتىلسۇن.

## تۆت كۈن ئىلگىرى

رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن تۆت كۈن ئىلگىرى، يەنى پەيشەنبە ئۇنىڭ كېسىلى قاتتىق كۈچىيىپ كەتكەن ئىدى . ئۇ: « ماڭا قەغەز ـ قەلەم كەلتۈرۈڭلار ، مەن سىلەرگە ۋەسىيەت قالدۇراي، ئېزىپ كەتمەيسىلەر»، دېدى. ئۆيدە ئۆمەر قاتارلىق بىر قانچە كىشى بار ئىدى . ئۆمەر: « رەسۇلۇللاھقا ئاغرىق دەردىنى تارتقىلى قويايلى، قولىمىزدا قۇرئان بار، ئاللاھنىڭ

كىتابى ۋەسىيەتكە كۆپايە»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىكىلەر تالاش ـ تارتىش قىلىشتى ۋە جاڭجاللىشىپ كەتتى. بەزىلىرى: «رەسۇلۇللاھ دېگەن ئىكەن ، قەغەز ـ قەلەم كەلتۈرەيلى ، يېزىپ بەرسۇن»، دەيتتى. يەنە بەزىلىرى ئۆمەرنىڭ پىكرىنى قوللايتى، ھەتتا بىھۇدە گەپ ۋە نامۇۋاپىق پىكىرلەر ئېشىپ كېتىۋىدى ، رەسۇلۇللاھ يېنىمدىن چىقىپ تۇرۇڭلار »، دېدى.

شۇ كۈنى رەسۇلۇللاھ مۇنداق ئۈچ خىل تەۋسىيىنى جىكىلىدى : «ئەرەب ئارىلىدىن يەھۇدىيلارنى، ناسارا (خىرىستىئان)لارنى ۋە مۇشرىكلارنى چىقىرىپ تاشلاشقا تەۋسىيە قىلدى. ئەلچىلەرنى رەسۇلۇللاھ كۈتۈۋالغاندەك رەۋىشتە كۈتىۋېلىشنى تەۋسىيە قىلدى . ئۈچىنچى ۋەسىيەتنى ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى ئۇنتۇپ قالغان ، ئېھتىمال ئۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ۋە سۈننەت (يەنى ھەدىس)كە چىڭ ئېسىلىش توغرىسىدىكى تەۋسىيە ياكى ئۇسامە ئىبنى زەيد قوشۇننى يولغا سېلىش تەۋسىيىسى ياكى : «نامازنى قولدىن بەرمەڭلار» دېگەن تەۋسىيەسى بولۇشى مۇمكىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قاتتىق دەرد ـ ئەلەم تارتىۋاتقان بولسىمۇ، نامازلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە مەسجىدتە ئوقۇپ كەلگەنىدى. ھەتتا، شۇ كۈنى (يەنى ۋاپاتىدىن تۆت كۈن ئىلگىرىكى پەيشەنبە كۈنى )مۇ ناماز شامنى مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە ئوقۇپ مۇرسەلات سۈرىسىنى قىرائەت قىلغان ئىدى، خۇپتەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ كېسىلى مەسجىدكە چىقالمىغۇدەك دەرىجىدە ئۆزگىرىۋالدى. ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ: «ئۇلار ناماز ئوقۇپ بولدىمۇ؟» دەپ سورىدى، بىز: «ياق، ئۇلار ئۆزلىرىگە ساقلاۋاتىدۇ»، دېگەنىدۇق. رەسۇلۇللاھ: «ماڭا تەشتەك (چوڭ تېپتىكى قاچا)تە سۇ قۇيۇپ بېرىڭلار»، دېدى. بىز ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدۇق. رەسۇلۇللاھ ھېلىقى قاچىدا غۇسلى قىلدى، ئاندىن قوپماقچى بولىۋىدى ، ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن يەنە ھوشىغا كېلىپ: ئۇلار «ناماز ئوقۇپ بولدىمۇ؟» دېدى. بۇنداق ئەھۋال (يەنى ھوشىدىن كېتىش ۋە ھوشىغا كېلىپ كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇپ بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى سوراش) ئىككى، ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى. ئاخىرى ئۇ ناماز باشلاپ ئوقۇپ بېرىشكە ئەبۇ بەكرىگە ئادەم ئەۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى شۇ كۈنلەردە 17 ۋاق نامازنى ئىمام بولۇپ ئوقۇدى . ئائىشە كىشىلەرنىڭ شۇملۇق ۋە نەسلىكنى ئەبۇبەكرىدىن كۆرمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىمامەتچىلىك قىلماسلىقىنى ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىمىدى ۋە : «سىلەر يۈسۈف (ئەلەيھىسسالام)نىڭ ۋەقەسىدىكى ئاياللاردەك ئىكەنسىلەر، ئەبۇ بەكرىگە ئېيتىڭلار، ئۇ مۇسۇلمانلارغا ناماز باشلاپ ئوقۇپ بەرسۇن»، دېدى.

## بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن ئىلگىرى

شەنبە ياكى يەكشەنبە كۈنى ئىدى، رەسۇلۇللاھ بىر ئاز يېنىكلىگەندەك بولدى چېغى، ئىككەيلەننىڭ يۆلىشى بىلەن پېشىن نامىزىغا چىقتى . بۇ چاغدا ئەبۇ بەكرى كىشىلەر بىلەن ناماز ئوقۇۋاتاتتى . ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ كەينىدىكى سەپكە قايتماقچى بولىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ يانماسلىقىقا بۇيرىدى ۋە : «مېنى ئۇنىڭ

يېنىغا ئولتۇرغۇزۇڭلار»، دېدى. ھېلىقى ئىككەيلەن رەسۇلۇللاھنى ئەبۇ بەكرنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزدى، شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھنىڭ نامىزىغا ئىقتىدا قىلدى ۋە كىشىلەرگە تەكبىرنى ئاڭلاتتى.

## بىر كۈن ئىلگىرى

ۋاپاتىدىن بىر كۈن ئىلگىرى يەكشەنبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق قۇل ـ چۆرىلىرىنى ئازات قىلىۋەتتى ، يېنىدىكى يەتتە دىنار پۇلنى سەدىقە بەردى ۋە قۇرال ـ ياراغ ئەسلىھەلىرىنى مۇسۇلمانلارغا ھەدىيە قىلىۋەتتى. ۋەھالەنكى، ئائىشە شۇ كېچىسىدىكى چىراغ يېغىنى قوشنىسىدىن ئۆتنە ئېلىپ ياندۇرغانىدى ۋە يەنە رەسۇلۇللاھنىڭ ساۋۇتى (تۆمۈر كىيىم) ئوتتۇز سائ (بىر سائ 61 كىلو 200 گىرامغا تەڭ) ئارپا ئۈچۈن بىر يەھۇدىينىڭ ئۆيىدە رەنىگە قويۇغلۇق ئىدى.

## ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈن

ئەنەس ئىبنى مالىك مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ : «دۈشەنبە كۈنى سەھەر مۇسۇلمانلار بامدات نامىزىدا ئىدى، ئەبۇبەكرى ناماز باشلاپ ئوقۇۋاتاتتى، ئۇشتۇمتۇت رەسۇلۇللاھ ئائىشە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ ھۇجرا ئىشىكىنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ ئۇلارغا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى. ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھنى نامازغا چىقتى دەپ ئويلاپ ئارقىسىدىكى سەپكە چېكىندى. مۇسۇلمانلار نامازدا تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن پاتىپاراق بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا رەسۇلۇللاھ قولى بىلەن ئۇلارغا نامازنى ئوقۇۋېرىشكە ئىشارەت قىلىپ قويۇپ، ھۇجىرىسىغا كىرىپ (پەردە)نى قويىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگىچە بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈگە خوشلاشتى.

شۇ كۈنى قۇياش كۆتۈرۈلۈپ چاشگاھ ۋاقتى بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى پاتىمەنى چاقىرتىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا گەپ قىلدى، پاتىمە يىغلاپ كەتتى، ئاندىن يەنە بىر نىمىلەرنى دېۋىدى، پاتىمە كۈلدى. ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: بىز پاتىمەدىن(يەنى كېيىن) شۇ ئىشنى سورىدۇق ، ئۇ : رەسۇلۇللاھ ماڭا : «مۇشۇ قېتىمقى كېسەلدە ۋاپات بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى ، مەن يىغلىدىم ئارقىدىن ماڭا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن تۇنجى بولۇپ مېنىڭ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ بارىدىغانلىقىمنى ئېيتتى ، شۇڭا مەن كۈلگەنىدىم »، دېدى، شۇ كۈنى رەسۇلۇللاھ پاتىمىگە ئۇنىڭ جىمى ئاياللارنىڭ سەرۋىرى (ئۇلۇغ پېشىۋاسى) بولىدىغانلىقىنى بېشارەت بەردى.

پاتىمە رەسۇلۇللاھنىڭ دەرد ـ ئەلىمىنى كۆرۈپ : «ۋاي دادامنىڭ دەردى » دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «دادىڭىزغا بۈگۈندىن كېيىن دەرد ـ ئەلەم بولمايدۇ »، دېدى. ھەسەن بىلەن ھۈسەيىننى چاقىرتىپ ئۇلارنى سۆيۈپ قويدى ۋە ياخشىلىقتا ۋەسىيەت قىلدى. ئاندىن ئەھلىلىرىنى چاقىرتىپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى ۋە ئەسلەتمە بەردى.

دەرد ـ ئەلەم بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى خەيبەردە يەپ سالغان ھېلىقى زەھەرنىڭ تەسىرى ئېنىق ئاشكارا كۆرۈلۈشكە باشلىدى . ھەتتا رەسۇلۇللاھ: «ئى ئائىشە مەن ئەينى

چاغدا خەيبەردە يەپ سالغان زەھەرلەنگەن گۆشنىڭ دەردىنى تارتىۋاتىمەن مانا ھازىر چوڭ كۆك قان تومۇرۇم ئۈزۈلگەنمىكى دەيمەن» دېدى. ئۇ كىشىلەرگە تەۋسىيە قىلىپ: «نامازنى قولدىن بەرمەڭلار ، نامازنى قولدىن بەرمەڭلار » دىدى . بۇ گەپنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىدى.

## سەكرات

جان تەلىپىزى باشلاندى ئائىشە رەسۇلۇللاھنى ئۆزىگە يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى ئائىشە مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن نېئمەتلىرىدىن بىرى شۇكى رەسۇلۇللاھ مېنىڭ ئۆيۈمدە مېنىڭ كونۇمدە مېنىڭ يۈرۈكۈم بىلەن كۆكرىكىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا جان ئۈزدى ۋە يەنە رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇش ئالدىدا، ئاللاھ مېنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۈكرۈك (ئېغىز ـ ت) سۈيىمىزنى بىرلەشتۈردى. ئابدۇرەھمان(ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى) ئۆيگە كىرىپ كەلدى ئۇنىڭ قولىدا مىسۋاك بار ئىدى. مەن رەسۇلۇللاھنى يۆلەپ ئولتۇرۋاتاتتىم رەسۇلۇللاھنىڭ ھېلىقى مىسۋاكقا كۆز ـ يۈگۈرتۈۋاتقانلىقىنى سەزدىم ـ دە ئۇنىڭ مىسۋاك قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە : «ئۇنى سىزگە ئېلىپ بېرەيمۇ ؟» دېدىم رەسۇلۇللاھ : «ھەئە»، دەپ بېشىنى لىڭشىتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ مىسۋاكنى ئابدۇراھماندىن ئېلىپ بەردىم، مىسۋاك قاتتىق كېلىپ قالدى ، مەن: «ئۇنى چايناپ يۇمشىتىپ بېرەيمۇ؟» دېدىم رەسۇلۇللاھ بېشى بىلەن ماقۇل دەپ ئىشارەت قىلدى مەن ئۇنى چايناپ يۇمشىتىپ بەردىم رەسۇلۇللاھ مىسۋاكنى قولىغا ئېلىپ ئېغىزىغا سۈركىدى (يەنە بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ مىسۋاك بىلەن ساق ۋاقتىدىكىدىنمۇ ياخشىراق مىسۋاك قىلدى دېيىلگەن). رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا بىر قاچىدا سۇ بار ئىدى، قولىنى سۇغا چىلاپ يۈزىنى سىلايتتى ۋە «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ، ھەقىقەتەنمۇ ئۆلۈمنىڭ سەكراتى (ئاچچىقى) بار» دەيتتى.

رەسۇلۇللاھ مىسۋاكتىن پارىغ بولماي تۇرۇپلا قولىنى (ياكى بارمىقىنى دېدىمۇ) كۆتۈرۈپ قالدى، كۆزى ئاسمان تەرەپكە چەكچىيىپ كەتتى ۋە لەۋلىرى مىدىرلاپ بىر نىمىلەرنى دەيتتى ئائىشە قۇلىقىنى يېقىن ئەكىلىپ تىڭشىغان ئىدى رەسۇلۇللاھ : «ئى ئاللاھ، سەن ئىنئام قىلغان پەيغەمبەرلەر ، سىددىق (راسچىل)لەر، شېھىدلەر ۋە سالىھ (ياخشى)لار بىلەن بىللە قىلغىن ۋە دەرگاھى ھەقكە ئېلىپ كەتكىن ، ئى ئاللاھ مېنى دەرگاھى ھەقكە ئېلىپ كەتكىن »، («قۇرئان كەرىم سۈرە ئايەت)، دېدى ۋە ئاخىرقى ئىككى كەلىمە سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى ۋە قولى بوشاپ لىككىدەك چۈشۈپ كەتتى ﴿إِنَّا لِلّهِ وَإِنَّـــا إِلَيْهِ رَاجِعونَ﴾ «بىز ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىمىز» بۇ ۋەقە ھىجرىيىنىڭ 11 ـ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل (3 ـ ئاي)نىڭ 12 ـ كۈنى دۈشەنبە چاشگاھ ۋاقتى بولغاندا يۈز بەردى بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئاتمىش ئۈچ ياشقا كىرىپ ئون كۈن ئاشقان ئىدى.

## ساھابىلەرنى غەم باستى

بۇ قورقۇنۇچلۇق خەۋەر تېزلا تارقالدى . مەدىنە ئەھلىگە ئەتراپى ئالەم قاراڭغۇلۇق تۇيۇلدى. جاھان غۇۋا دەك كۆرۈنەتتى . ئەنەس : « رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلغان كۈندىن ئوچۇق يورۇقلۇق ۋە شاد خۇراملىق كۈننى كۆرمىگەنىدىم يەنە رەسۇلۇللاھ ئۆلۈپ كەتكەن كۈندىنمۇ قاراڭغۇلۇق قاباھەتلىك كۈننى كۆرمىدىم » دېگەن.

رەسۇلۇللاھ جان ئۈزۈۋۇدى پاتىمە: « ۋاي ئاتا! چاقىرغان رەببىگە لەببەي دېگەن ئاتا ، ۋاي ئاتا جەننەتۇلفىردەۋىستىن جايىڭ بولسۇن ئاتا! ئى ئاتا! جىبرىئىلگە « ئۆلۈپ كەتتى » دەيلى ئاتا! دەپ يىغلىدى.

## ئۆمەرنىڭ مەيدانى

ئۆمەر مۇنداق پوزىتسىيە بىلدۈردى (ئەسلىدە بۇ شۇم خەۋەر ئۇنىڭ ئەس ـ ھۇشىنى يوقاتقانىدى): « مۇناپىقلارنىڭ بەزىسى رەسۇلۇللاھ ۋاپات تاپتى دېيىشىۋاتىدۇ . جەزىم قىلىمەنكى، رەسۇلۇللاھ ۋاپات تاپمىدى، لېكىن ئۇ مۇسا ئىبنى ئىمران (ئەلەيھىسسالام) پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا كەتتى قىرىق كۈن غايىپ بولۇپ مۇسا ئۆلۈپ كېتىپتۇ دەپ گەپ تارقالغاندىن كېيىن يەنە پەيدا بولۇپ كەلگىنىگە ئوخشاش ، رەسۇلۇللاھمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتتى. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ، ئۇ يەنە قايتىپ كېلىپ ئۇنى ئۆلدى ، دېيىشىپ يۈرگەن ئاشۇ بىر ئۇچۇملارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى چوپقۇم كېسىپ تاشلايدۇ».

## ئەبۇ بەكرىنىڭ قەتئى مەيدانى

ئەبۇ بەكرى سۇنهى دېگەن مەھەللىدىكى تۇرالغۇسىدىن ئات بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپلا مەسجىدكە كىردى ۋە ھېچ كىشىگە گەپمۇ قىلماي ئائىشىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇدۇل رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا باردى. رەسۇلۇللاھقا يوللۇق رەخت يېپىپ ياتقۇزۇپ قويۇلغان ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەختىنى ئۆرۈپ رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىنى ئاچتى ۋە ئېڭىشىپ ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيدى ۋە كۆز يېشى قىلدى. ئاندىن مۇنداق دېدى: « ساڭا ئاتا ـ ئانام پىدا بولسۇن، ئاللاھ ساڭا ئىككى قېتىم ئۆلۈم بەرمىسۇن . ساڭا يېزىلغان ئۆلۈم مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگەپ كەتسۇن ».

ئاندىن مەسجىدكە چىقتى ئۆمەر يەنىلا كىشىلەرگە سۆز قىلىۋاتاتتى ، ئەبۇ بەكرى : « ئولتۇرغىن ئۆمەر! » دېدى ئۆمەر ئولتۇرغىلى ئۇنىمىدى . كىشىلەر ئۇنى تاشلاپ ئەبۇ بەكرىنىڭ ئەتراپىغا ئۇلاشتى، ئەبۇ بەكرى مۇنداق دېدى: « ئەمما بەئدۇ (ئاللاغا ھەمدۇسانا رەسۇلۇللاھقا سالام يوللىغاندىن كېيىن ) ئاراڭلاردىن كىمكى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)كە ئىبادەت قىلىدىغان بولسا ئەمدى ئۇ ئۆلدى ، كىمكى ئاللاغا ئىبادەت قىلسا چوقۇم ئاللاھ تىرىكتۇر ئۆلمەيدۇ، ئاللاھ: « وَمَا مُحَمَّدٌ إِلاَّ رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِهِ الرُّسُلُ أَفَإِن مَّاتَ أَوْ قُتِلَ انقَلَبْتُمْ عَلَى أَعْقَابِكُمْ وَمَن يَنقَلِبْ عَلَىَ عَقِبَيْهِ فَلَن يَضُرَّ اللّهَ شَيْئًا وَسَيَجْزِي اللّهُ الشَّاكِرِينَ » تەرجىمىسى: « مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن ، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن

ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە ، ئارقاڭلارغا يې نىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر ؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ ئاللاغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ . ئاللا شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ» (سۈرە ئال ئىمران 144 ـ ئايەت) دېگەن ، دېدى. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «قەسەم قىلالايمەنكى گويا كىشىلەر ئاللاھنىڭ بۇ ئايەتنى نازىل قىلغىنىنى بۇرۇن بىلمەيدىغاندەك بۇگۈن ئەبۇبەكرى تۇساتتىن ئۇنى تىلاۋەت قىلىۋاتقاندەك، ھەممىسى ئۇنى ئېغىزىغا ئېلىپ تەكرارلىشاتتى ، مەن ھەممە كىشىنىڭ شۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم».

ئىبنى مۇسەييەبنىڭ دېيىشىچە ئۆمەر مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەم مەن ئەبۇ بەكرىنىڭ ھېلىقى ئايەتنى تىلاۋەت قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ بوشىشىپ كەتتىم ، پۇت ـ قوللىرىم دىر ـ دىر تىترەيتتى مەن ئۇنى ئاڭلاۋېتىپ يەرگە يېقىلدىم ۋە شۇئان رەسۇلۇللاھ چوقۇم ئۆلۈپ كېتىپتۇ دەپ بىلدىم.

## مۇبارەك جەسەت بىلەن خوشلىشىش ۋە ئۇنى يەرلىكىدە قويۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك جەسىتىنى كېپەنلەپ يەرلىكىدە قويۇش ئىشىنى ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن خىلاپەت (خەلىفە بەلگىلەش) مەسىلىسىدە ئىختىلاپ كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بەنى سائىدە ھويلىسىدا ئەنسارلار بىلەن مۇھاجىرلار ئوتتۇرىسىدا مۇزاكىرە ۋە مۇنازىرلەر بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن ، ھەممەيلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپە بولۇشىغا بىرلىككە كېلىشتى. دۈشەنبە كۈنى تاكى كېچىگە قەدەر مۇسۇلمانلار مۇشۇ ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ، رەسۇلۇللاھنى يەرلىكىدە قويۇش ئىشىغا ئېشىنالمىدى . ھەتتا سەيشەنبە يورۇيدىغان كېچە تاڭ سەھەر ۋاقتى بولۇپ قالدى ، شۇنىڭغىچە رەسۇلۇللاھنىڭ پاك تىنى فىراش ئۈستىدە ھېلىقى يوللۇق رەخت بىلەن يېپىقلىق ھالەتتە تۇرۇپ تۇردى. ئۇنىڭ ئەھلىلىرى ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالغانىدى.

سەيشەنبە كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىچ كىيىمى بىلەن تۇرغۇزۇپلا يۇيۇلدى . يۇغۇچىلار ئابباس ، ئەلى ، پەزلى ۋە قەسەم (ئابباسنىڭ ئىككى ئوغلى ) شەقران (رەسۇلۇللاھنىڭ ئازات قىلىۋەتكەن قۇلى ) ئۇسامە ئىبنى زەيد ۋە ئەۋس ئىبنى خەۋلە قاتارلىقلار ئىدى. ئابباس فەزلى قەسەملەر رەسۇلۇللاھنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ بەرگەنىدى ئۇسامە ۋە شەقرانلار سۇ قۇيۇپ بەردى ، .ئەلى ئۇنى يۇدى ئەۋس ئىبنى خەۋلە رەسۇلۇللاھنى كۆكرىكىگە ئېلىپ يولەپ ياردەملەشتى . ئۇلار رەسۇلۇللاھنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن پاختىدىن توقۇلغان ئاق رەخت بىلەن ئۈچ قات كېپەنلىدى . كۆينەك ۋە سەللە بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس ئىدى. رەسۇلۇللاھ رەختكە ھىم يۆگەلدى.

ئاخىرىدا مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنى دەپنە قىلىدىغان ئۇرۇن مەسىلىسىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدى، ئەبۇ بەكرى: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ: «ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر قەبزە روھ (يەنى نەپەس ئۈزگەن ) بولغان جايدا دەپنە قىلىنغان » دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» دېدى شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تەلھە رەسۇلۇللاھ نەپەس ئۈزگەن ئورۇندىكى

پىراشنى ئۆرۈۋېتىپ ئۇ يەرگە ئوران كۆلىدى ۋە قەبرە لەھەد (ئىچ ئورانلىق ) قىلىپ ياسالدى.

ئاندىن ئادەملەر ئوندىن ئوندىن بىر جامائەت بولۇپ ھۇجرىغا كىرىپ رەسۇلۇللاھنىڭ نامىزىنى ئوقۇدى ، ھېچ كىشى يەنە باشقا بىروغا ئىمام بولمىدى. دەسلەپ ئائىلە تاۋاباتلىرى ئاندىن مۇھاجىرلار ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنسارلار كىرىپ ئوقىدى ئاياللار ئەرلەردىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا رەسىيدە ئۆسمۈر باللار كىرىپ ئوقۇدى.

مۇشۇ ئىش بىلەن سەيشەنبە پۈتۈن بىر كۈن ئوتتى ، ھەتتا چاشەنبە يۇرىدىغان كېچە كىرىپ قالدى. ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: « بىز چارشەنبە يورۇيدىغان كېچە ھۇجرىدىن كەتمەن گۈرجەكلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانغا قەدەر رەسۇلۇللاھنىڭ دەپنە قىلىنىپ بولغانلىقى ياكى قىلىنمىغانلىقىنى ئۇقالمىغانىد

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەتتىن ئىلگىرى مەككىدە قۇرغان ئائىلىسى ئۆزى ۋە ئايالى خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىددىن تەركىپ تاپقانىدى رەسۇلۇللاھ خەدىچىگە ئۆيلەنگەن چېغىدا 25 ياشقا خەدىچە 40 ياشقا كىرگەنىدى . رەسۇلۇللاھ تاكى خەدىچە ۋاپات تاپقانغا قەدەر يەنە بىر خۇتۇننى ئەمرىگە ئالغان ئەمەس ، ئۇنىڭدىن بىر قانچە ئوغۇل ۋە قىز پەرزەنت يۈزى كۆرگەن ئوغۇللىرىدىن بىرىمۇ تۇرمىغان،(يەنى كىچىكىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن) قىزلىرىدىن زەينەب، رۇقىيە، ئوممى كۇلسۇم ۋە پاتىمەلەر چوڭ بولغان زەينەب ھىجرەتتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە تۇققىنى (يەنى زەينەبنىڭ ھاماچىسىنىڭ ئوغلى) ئەبولئاس ئىبنى رەبىيئگە ياتلىق بولغان رۇقىيە بىلەن ئۈممى كۇلسۇم بىرسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن يەنە بىرنى كەينى كەينىدىن ئوسمان ئىبنى ئەپپانغا ياتلىق قىلىنغان ، ئەمما پاتىمە بەدرى ئۇرۇشى بىلەن ئوھۇد ئۇرۇشى ئارىلىقىدا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا ياتلىق قىلىنغان بولۇپ ئۇنىڭدىن ھەسەن ، ھۇسەيىن، زەينەب ۋە ئۇممى گۇلسۇم قاتارلىق تۆت پەرزەنتى بولغان. ھەممىگە مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن ياخشى غەرەزلەر ۋە ئالىي مۇددىئا ۋە مەقسەتلەر ئۈچۈن تۆتتىن زىيادە خوتۇن ئالسا بولىدىغان ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى، شۇڭا ئۇ ئالغان ئاياللىرىنىڭ ئومۇمى سانى 13 كە يەتتى. توققۇز خوتۇنى ئىلكىدە بار ھالەتتە دۇنيادىن كەتتى. ئۇلاردىن ئىككىسى رەسۇلۇللاھ ھايات چېغىدىلا ۋاپات تېپىپ كەتكەن ئۇنىڭ بىرى خەدىچە يەنە بىرى «مىسكىنلەرنىڭ ئانىسى» دەپ ئاتالغان زەينەب بىنتى خۇزەيمە ئىدى . قالغان ئىككىسىنى رەسۇلۇللاھ ئەمرىگە ئالغان لېكىن ئۇلارغا دوخۇل(بىر تەككىيدە باش قويۇش ) قىلمىغان. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ نامى شىرىپلىرىنى ۋە ئەندەك تەئرىپاتىنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمىز.

2) سەۋدە بىنتى زەمئە. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بىلەن نەبۇۋەت(رەسۇلۇللاھغا پەيغەمبەرلىك كەلگەن)نىڭ 10 - يىلى شەۋۋال (10 - ئاي ) ئايدا، خەدىچە ئۆلۈپ كېتىپ بىر قانچە

كۆندىن كېيىن ئۆيلەنگەن . ئۇ ئىلگىرى سەكران ئىبنى ئەمرى ئىسمىلىك بىر نەۋرە تۇققىنىدا ئىدى. سەكران ئۆلۈپ كېتىپ سەۋدە تۇل قالغان.

3) ئائىشە بىنتى ئەبى بەكرى . رەسۇلۇللاھ ئۇنى نەبۇۋەت (پەيغەمبەرلىك كەلگەن يىلى)نىڭ 11 ـ يىلى سەۋدىگە ئۆيلىنىپ بىر يىلدىن كېيىن ھىجرەتتىن ئىككى يىل ۋە بەش ئاي ئىلگىرى ئالتە يېشىدا مەككىدە ئەمرىگە ئالغان ھىجرەتتىن يەتتە ئاي كېيىن شەۋۋال (10 ـ ئاي)دا مەدىنىدە ئۇنىڭ بىلەن بىر تەكىيدە باش قويغان. ئۇ بۇ چاغدا توققۇز ياشقا توشقانىدى . ئائىشە رەسۇلۇللاھ نىكاھىغا ئالغان تۇنجى قىز خوتۇنى بولۇپ ، ئۇ بۇنىڭدىن باشقا قىز خوتۇن ئالمىغان . رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراق ئىدى . ئائىشە مۇسۇلمان ئاياللىرى ئىچىدىكى ئەڭ كاتتا فەقىھ (دىنىي ئالىمە ) ۋە ئەڭ بىلىملىك شەخس ھېسابلىنىدۇ.

4) ھەفسە بىنتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ . ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئېرى خۇنەيسە ئىبنى ھۇزافە تۇسسەھمى بەدرى غازىتى بىلەن ئۇھۇد غازىتى ئارىلىغىدا ۋاپات تېپىپ كېتىپ تۇل قالغان شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇنى ھىجرىيىنىڭ 3 ـ يىلى نىكاھىغا ئالغانىدى.

5) زەينەب بىنتى خوزەيمە . بەنى ھىلال ئىبنى ئامىر جەمەتىدىن ، ئۇ يېتىم ـ يەسىرلارغا بەك كۆيۈنگەنلىكى ۋە ئۇلاردىن مېھرى شەپقىتىنى ـ ئايىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇممۇلمەساكىن (مىسكىن، ئاجىز ـ يېسىرلارنىڭ ئانىسى ) دەپ ئاتالغان . زەينەب ئەسلىدە ئابدۇللا ئىبنى جەھشىنىڭ نىكاھىدا ئىدى ، ئابدۇللا ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شەھىد بولۇپ كەتكەن شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇنى ھىجرىيىنىڭ 5 ـ يىلى ئەمرىگە ئالدى. ئۇ رەسۇلۇللاغا ياتلىق بولۇپ ئىككى ئاي ياكى ئۈچ ئايدىن كېيىن ۋاپات تېپىپ كەتكەن.

6) ئۇممۇ سەلىيمە (تولۇق ئىسمى ھىندى بىنتى ئەبى ئۇمەييە ). ئۇ ئىلگىرى ئەبى سەلىيمەنىڭ نىكاھىدا ئىدى. ئەبى سەلىمە ھىجرىيىنىڭ 4 ـ يىلى جەمادىيەل ئۇخرا(6 ـ ئاي)دا ئۆلۈپ كەكەندىن كېيىن، شۇ يىلى شەۋۋال (10 ـ ئاي )دا رەسۇلۇللاھقا ياتلىق بولدى.

7) زەينەب بىنتى جەھش ئىبنى رەياب. بەنى ئەسەد ئىبنى خۇزەيمە جەمەتىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئادا تەرەپ ھاممىسىنىڭ قىزى. ئۇ بۇرۇن رەسۇلۇللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئاتالغان زەيد ئىبنى ھارىسقا ياتلىق قىلىنغان ئىدى. ئۇلار چىقىشالماي زەيد ئۇنىڭ تالىقىنى بېرىپ ئايرىلىپ كەتكەن، بۇ چاغدا ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ﴿فلمّا قضا زيْد مّنْها وطرًا زوّجْناكها﴾ تەرجىمىسى: «زەينەبنى زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق »سۈرە ئەھزاب (37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېدى.

يەنە مۇشۇ ھەقتە سۈرە ئەھزابتىن بىر قانچە ئايەت نازىل بولۇپ « بېقىش بېقىۋېلىش» مەسىلىسىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. (بىز بۇ توغرىدا كېيىن توختىلىمىز).

شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇنى ھىجرىيىنىڭ 5 ـ يىلى زۇلقەئدە (11 ـ ئايدا) ئۆز ئەمرىگە ئالدى.

8) جۇۋەيرىيە . خۇزائە قەبىلىسى بەنى مۇستەلەق جەمەتىنىڭ باشلىقى ھارىسنىڭ قىزى. ئۇ بەنى مۇستەلەق غازىتىدا ئەسىر چۈشكەن بولۇپ سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى

شىماسقا تەقسىم قىلىنغان سابىت ئۇنىڭ بىلەن مۇكاتەپ (قەرەللىك پۇل تاپشۇرۇپ ئۆزىنى ئازات قىلىش ) توختىمى ئىمزالىغان . رەسۇلۇللاھ بۇنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنىڭ زىممىسىدىكى ھەقنى سابىتقا تۆلەپ بېرىپ ئۇنى ھىجرىيىنىڭ 6 ـ يىلى زۇلقەئدە(11 ـ ئاي)دە نىكاھىغا ئالغانىدى.

9) ئۇممى ھەبىبە(تولۇق ئىسمى رەملە). ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قىزى. ئۇ بۇرۇن ئۇبەيدۇللا ئىبنى جەھەشنىڭ نىكاھىدا ئىدى . ئۇ ئېرى ئۇبەيدۇللا بىلەن بىللە ھەبەشىستانغا ھىجرە قىلغان ، ئوبەيدۇللاھ ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن مۇرتەد بولۇپ (ئىسلام دىنىدىن يېنىپ) خىرىستىئان دىنىغا كىرىپ كەتكەن ۋە شۇ يەردە ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن . ئوممى ھەبىبە بولسا ئۆز ئەقدىسىدە چىڭ تۇرۇپ ھىجرەت نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغان . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىينىڭ 7 ـ يىلى مۇھەررەم (11 ـ ئاي)دە ئەمرى ئىبنى ئومەييە زەمەرىدىن نەجاشى (ھەبەشىستان پادىشاھى)غا مەكتۇپ ئەۋەتكەندە ، ئۇ ئەمرى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا خىرىدارلىق قىلغان . شۇنىڭ بىلەن ئەمرى رەسۇلۇللاھقا ئۇنىڭ نىكاھىنى چىگىپ قويۇپ ، ئۇنى شۇرەھبىل ئىبنى ھەسەنەگە قېتىپ مەدىنىگە يولغا سېلىۋەتكەن.

10) سەفىيە. ھۇيەي ئىبنى ئەختەپنىڭ قىزى بەنى ئىسرائىل(يەھۇدىي)لاردىن خەيبەر ئۇرۇشىدا ئەسىر چۈشكەن. رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئۆزىگە تاللاپ ئېلىپ قىلىپ ئازات قىلىۋەتكەن ۋە شۇ يىلى(7 ـ يىلى) ئۇرۇشتىن كېيىنلا ئۇنى نىكاھىغا ئالغان.

11) مەيمۇنە بىنتى ھارىس . ئوممى پەزلى (ئابباسنىڭ ئايالى )نىڭ ھەمشىرىسى . رەسۇلۇللاھ ئۇنى ھىجرىيىنىڭ 7 ـ يىلى زىلقەئدە (11 ـ ئاي )دە ئالدىنقى يىلدىكى ھۇدەيبىيە ئومرە(ھەج)سىنىڭ قازاسىنى قىلغىلى بارغاندا(سەھىھ رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا) ئۆمرە ئىھرامدىن ھالال بولغاندىن كېيىن نىكاھىغا ئالغان . مانا بۇلار رەسۇلۇللاھ ئۆز نىكاھىغا نىكاھ ئەھدىسىنى بېرىپ ئالغان ۋە بىر تەكىيىگە باش قويغان ئون بىر پازىل ئايال خىنىملار دۇر ئۇلار نىڭ ئىچىدە (يۇقاردا تىلغا ئالغىنىمىزدەك ) ئىككىسى رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدىلا ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ توققۇزى رەسۇلۇللاھ ۋاپات تاپقاندا تېخى ھايات ئىدى.

رەسۇلۇللاھ نىكاھىغا ئېلىپ بىر تەكىيىگە باش قويغۇچە ئۇ ئالەمگە كەتكەن يەنە ئىككى ئايالى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى بەنى كىلاب قەبىلىسىدىن يەنە بىرى كىندە قەبىلىسىدىن بولۇپ ئۇ جۇۋەيرىيە دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان . بۇ يەردە نۇرغۇن ئوخشىمىغان پىكىر ۋە قاراشلار بار ئۇنى تەپسىلىي بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئەمما قۇل ـ چۆرىلەردىن مەلۇم بولىشىچە، رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن ئىككى چۆرىسى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلغان. بىرى مارىيە قىبتى (مىسىرلىق) مىسىر پادىشاھى مۇقەۋقىس رەسۇلۇللاھقا ھەدىيە قىلغان، ئۇ رەسۇلۇللاھقا ئوغلى ئىبراھىمنى تۇغۇپ بەرگەن . رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ئوغلى ھىجرىيىنىڭ 10 ـ يىلى شەۋۋەل (10 ـ ئاي)نىڭ 28 ـ كۈنى ياكى 29 ـ كۈنى مىلادى 632 ـ يىلى 27 ـ يانۋار بوۋاق چېغىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى.

ئىككىنچى چۆرىسى رەيھانە بىنتى زەيد(بەنى نەزىر ياكى بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىدىن ) بەنى قۇرەيزە ئۇرۇشىدا ئەسىر چۈشكەن رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئۆزىگە قالدۇرغان، «يەنە بىر سۆزىدە

رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئازاد قىلىۋېتىپ نىكاھىغا ئالغان ، شۇڭا ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ خاتۇنلىرى قاتارىدىن سانىلىدۇ »، دېيىلگەن.دەۋرىمىزدىكى تەتقىقاتچى ئالىم ئەبۇ ئوبەيدە يەنە باشقا ئىككى ئايالنى زىكرى قىلدى. ئۇنىڭ بىرى جەمىلە بىر ئۇرۇشتا ئەسىر چۈشكەن يەنە بىرى زەينەب بىنتى جەھش ھەدىيە قىلغان باشقا بىر چۆرىدۇر»، دېدى.

دىمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغا نەزەر سالغان ھەر قانداق بىر كىشى شۇنى ئوبدان بىلىۋالىدۇكى، ئۆزىنىڭ ئوتتۇز يىلدەك ياشلىق ئۆمرىنى بولۇپمۇ ئەڭ گۈزەل ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان چاغلىرىنى ، ئوتتۇرا ياشلىق (ئەۋۋەل خەدىچە ئاندىن سەۋدەگە ئوخشاش ) بىر خوتۇن بىلەنلا ئۆتكۈزۈپ ، ئاندىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا مۇنچە كۆپ خاتۇنلارغا ئۆيلىنىپ قىلىشى ،ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇشۇنداق كۆپ خوتۇن بولمىسا قاندۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان بىر خىل شەھۋانى ئىشقىۋازلىق كېسىلى تەساددىپىي ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولماستىن بەلكى بۇ يەردە جىمىكى ئۆيلىنىش ۋە ياتلىق بولۇشلىرىدا ئاساسىي نىشان قىلىدىغان مۇددىئا ۋە مەقسەتلىرىدىن تېخىمۇ ئۇلۇغۋار تېخىمۇ يۈكسەك باشقا بىر غەزەر ۋە نىشانلارنىڭ بارلىقىنى چۈشىنەلەيدۇ . ئالايلى ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىشە ۋە ھەفسەلەرگە ئۆيلىنىپ ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرلەر بىلەن قۇدىلىشىشقا يۈزلىنىشى شۇنىڭدەك قىزى فاتىمەنى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپقا ۋە رۇقىيە ئاندىن ئۇممى كۈلسۇملارنى ئوسمان ئىبنى ئەففانغا ياتلىق قىلىشى ئۇنىڭ ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن قىيىن كۈنلەردە ئىسلام ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئاشۇ مەشھۇر تۆت شەخس بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتكە قاتتىق ھۆرمەت قىلىناتتى . ئۇلار كۈيئوغۇللۇق مۇناسىۋەت ئورنۇتۇش قارشىلىشىۋاتقان ئايماق جەمەتلەر ئارىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش دەرۋازىسىنى ئاچقانلىق دەپ بىلەتتى ۋە قۇدا كۈيئوغۇللار بىلەن تىركىشىپ قان تۆكۈشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئار ـ نومۇس ۋە تۆۋەن خەسلەتلىك دەپ قارايتتى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ مۆئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى بولغان ئاشۇ بىر قانچە ئايالنى ئەمرىگە ئېلىش ئارقىلىق ئايرىم قەبىلە ۋە ئايماقلارنىڭ ئىسلامغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى پەسەيتىشنى ۋە ئىسلامغا قارشى قوزغىغان ئۇرۇش ئوتلىرىنى ئۆچۈرۈشنى ئىرادە قىلدى.

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممى سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (ئەبى جەھىل ئىبنى ھىشام ۋە خالىد ئىبنى ۋەلىدلەرنىڭ قەبىلىسى بولغان ) بەنى مەخزۇم قەبىلىسىدىن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇممى سەلىمە بىلەن تويلىنىشۋىدى خالىد مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئۇھۇد ئۇرۇشىدا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپلا قالماي ئەكسىچە تېخى ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزلىگىدىن مۇسۇلمان بولۇپ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ھىجرەت قىلىپ كەلدى . شۇنىڭدەك ئەبۇ سۇپيانىمۇ قىزى ئۇممى ھەبىبە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈۋىدى، ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇ ـ يۈز تىركىشىشكە جۈرئەت قىلالمىدى . يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رەسۇلۇللاھ جۇۋەيرىيە ۋە سەفىيەلەرگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن ، بەنى مۇستەلەق ۋە بەنى نەزىر قەبىلىلىرىدىنمۇ ھېچقانداق ئىغۋاگەرچىلىك ئاشكارا دۈشمەنلىشىش ھەرىكەتلىرى

كۆرۈلمىدى. ئەڭ مۇھىمى تېخى جۇۋەيرىيە ئۆز خەلقىگە نىسبەتەن ئەڭ بەرىكەتلىك ۋە ئىپتىخارلىق ئايال بولۇپ قالدى. رەسۇلۇللاھ جۇۋەيرىيەنى ئەمرىگە ئېلىۋىدى، ساھابىلار بەنى مۇستەلەق ئەسىرلىرىدىن يۈز ئائىلىلىك ئەسىرنى : «رەسۇلۇللاھنىڭ قېيناغا ۋە قېيناتىلىرى»، دەپ قويۇۋەتتى. بۇ ياخشىلىقنىڭ ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان.

يەنە بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغۋار ۋە بۇنىڭدىنمۇ شەرەپلىك بىردىن بىر غەرەز شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدەنىي مائارىپ، تەرەققىيات، ئەدەپ ئەخلاق قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىش ۋە ئىلغار جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا ھەسسە قوشۇش دېگەنلەردىن قىلچە خەۋىرى يوق بىر خەلقنى ئاقارتىشقا مەسئۇل قىلىنغانىدى . ئەمما ، ئىسلامىي جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ئەر ـ ئاياللارنىڭ قارا ـ قويۇق ئارىلىشىشىغا يول قويمايتتى . ھالبۇكى ، ئاياللارنى ئاقارتىشقا بولغان ئېھتىياج ئەرلەرگە قارىغاندا تولىمۇ جىددى ۋە كەم بولسا بولمايدىغان دەرىجىدە مۇھىم بولىسىمۇ ، بىراق، ئاشۇ پرىنسىپلارغا رىئايە قىلىش بىلەن تەڭ ھېلىقى (ئاياللارنىمۇ) ئاقارتىش نىشانىغا بىۋاستە يەتكىلى بولمايتتى.

بۇنداق ئەھۋالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن يېشى ۋە تالانت ئىقتىدارى ئوخشىمايدىغان قابىل ئاياللارنى تاللاپ ئەمرىگە ئېلىپ ئۇلارنى تەربىيىلەپ ئاقارتىشى، دىن شەرىئەت ئەھكامىنى ئۆگىتىپ ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن قوراللاندۇرۇپ ئۇلارنىڭ كەلگۈسى شەھەر ، يېزا ئاياللىرىنىڭ قېرى ياش ھەممىسىنى تەربىلەشى ئۈچۈن ئالدىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشى كېرەك ئىدى . ئاندىن ئۇلار ئاياللار ئىچىدىكى تەبلىغ(دىنى دەۋەت) يۈكىنى ئۈستىگە ئالالايتتى.

بەرھەق ئۇلار (يەنى مۆئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى )نىڭ كېيىنكى كۈنلەردە رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ۋە خۇسۇسىي ئىشلىرىنى كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا نەقىل قىلىپ تونۇشتۇرۇشتا ئاجايىپ چوڭ تۆھپىسى بولدى ، بولۇپمۇ ئۇزاقراق ئۆمۈر كۆرگەن ئائىشە ئانىمىزغا ئوخشاش ئايال ئالىمەلەر رەسۇلۇللاھنىڭ نۇرغۇن ئىش ئىزلىرىنى ۋە سۆز ھەرىكەتلىرىنى ئەينەن تونۇشتۇرۇپ بەردى.

بۇ يەردە يەنە جاھىلىيەت ئىنسانلىرىنىڭ قان ـ تومۇرىغا سىڭىپ كەتكەن كونا ئەنئەنىۋى قائىدە يوسۇنلارنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان مۇنداق بىر خىل نىكاھمۇ بار. ئۇ قائىدە بولسا بالا بېقىۋېلىش قائىدىسى بولۇپ جاھىلىيەت ئەرەبلىرىنىڭ نەزىرىدە بېقىۋېلىنغان بالا ئۆز ۋۇجۇدىدىن بولغان پەرزەنتىگە ئوخشاشلا ھوقۇق ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولاتتى . بۇ قائىدە كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا شۇ دەرىجىدە سىڭىپ كەتكەن ئىدىكى ئۇنى ئۆزگەرتىش ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغاندەك قىلاتتى ، ئەڭ قاملاشمايدىغان يېرى شۇكى ، بۇ قائىدە ئىسلام يولغا قويغان نىكاھ ، تالاق ، مىراس ، ۋە ھىجاپ (نامەھرەملىك) ۋە باشقا مۇئامىلىلەردىكى قائىدە ـ نىزاملارغا قاتتىق زىت بولۇپ ئىسلام دىنىي جەمئىيەتتىن يوقاتماقچى بولغان نۇرغۇن بۇزۇقچىلىق ۋە پاسادخورلۇقلارغا يوچۇق قالدۇراتتى.

شۇڭا، ئاشۇ ناتوغرا ئاڭنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ھاممىسىنىڭ قىزى زەينەب بىنتى جەھشىنى نىكاھىغا ئېلىشقا بۇيرىدى . زەينەب ئەسلىدە زەيدنىڭ ئەمرىدە ئىدى . ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت ئىسسىقچىلىق بولماي كەلدى. ئاخىرى زەيد ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىش قارارىغا كەلدى . بۇ دەل ئەھزاب (كۆپ قەبىلە بىرلەشمە) قوشۇنىنىڭ رەسۇلۇللاھقا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى بىرلىك سەپ ھاسىل قىلىپ توپلىشىپ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان پەيتىگە توغرا كەلگەچكە رەسۇلۇللاھ مۇناپىقلار مۇشرىكلار ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تەتۈر تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ ئىغۋاگەرچىلىك قوزغىشىدىن ۋە خۇراپى قائىدە يوسۇنلاردىن پايدىلىنىپ ئىمانى ئاجىز مۇسولمانلارغا يامان تەسىر بېرىشىدىن ئەنسىرىدى . شۇڭا ئۇ تۆپىلەپ بۇ پاتقاققا پېتىپ قالماسلىق ئۈچۈن زەيدنىڭ خوتۇنىنى تالاق قىلىۋەتمەسلىكىنى تاپىلىدى ئەمما، بۇنداق زىددىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئېھتىيات يولىنى تۇتۇش ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە دىلغۇلدا بولۇش رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىك سالاھىيىتىگە ماس كەلمەيتتى ، شۇڭا ئاللاھ بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كايىدى ۋە مۇنداق دىدى : ﴿وَإِذْ تَقُولُ لِلَّذِي أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِ وَأَنْعَمْتَ عَلَيْهِ أَمْسِكْ عَلَيْكَ زَوْجَكَ وَاتَّقِ اللَّهَ وَتُخْفِي فِي نَفْسِكَ مَا اللَّهُ مُبْدِيهِ وَتَخْشَى النَّاسَ وَاللَّهُ أَحَقُّ أَن تَخْشَاهُ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا سەن ئاللاھ نېمەت بەرگەن ، سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە : « خوتۇنىڭنى نىكاھىڭدا تۇتقىن ،ئاللاھتىن قورققىن! » دېدىڭ ، ئاللاھ ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ،كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ،ئاللاھ دىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى . «قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەھزاب (37ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ئاخىرى بولماي زەيد ئۇنى تالاق قىلىپ ئايرىلىپ كەتتى . مۇسۇلمانلار بەنى قۇرەيزەنى مۇھاسىرگە ئېلىۋاتقان كۈنلەردە رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئىددىتى (ئاجراشقاندىن كېيىن 100 كۈنگىچە ياتلىق بولماي كۈتۈپ تۇرۇش ۋاقتى ) چىقىپ بولغاندىن كېيىن نىكاھىغا ئالدى. بۇ نىكاھ رەسۇلۇللاھنىڭ ئىختىيارى بىلەن بولماستىن بەلكى ئاللاھ بۇ نىكاھىنى رەسۇلۇللاھقا قەتئىي تاڭغان ئىدى ، ھەتتا بۇ نىكاھقا ئۆزى بىۋاستە ئىگىدارچىلىق قىلىپ ﴿لَمَّا قَضَى زَيْدٌ مِّنْهَا وَطَرًا زَوَّجْنَاكَهَا لِكَيْ لَا يَكُونَ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ حَرَجٌ فِي أَزْوَاجِ أَدْعِيَائِهِمْ إِذَا قَضَوْا مِنْهُنَّ وَطَرًا وَكَانَ أَمْرُ اللَّهِ مَفْعُولًا﴾ «مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى ن ىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن،زەينەبنى زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق » سۈرە ئەھزاب 37ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى دىدى. دىمەك ئاللاھنىڭ زەينەبنى رەسۇلۇللاھقا مەجبۇري نىكاھلاپ بېرىشىدىكى سەۋەب مۇنۇ ئايەتلەردە نەزەرىيە جەھەتتىن ئاللىقاچان پاچاقلاپ تاشلانغان بالا بېقىش ۋە بېقىۋېلىشنىڭ كونا خاتا قائىدە يوسۇنلارنى ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق بىر قېتىملىق تۈزەش ھىسابلىناتتى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ادْعُوهُمْ لِآبَائِهِمْ هُوَ أَقْسَطُ عِندَ اللَّهِ﴾ «ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ ئاللاھ نىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر» (سۈرە ئەھزاب 5ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿مَّا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِّن رِّجَالِكُمْ وَلَكِن رَّسُولَ اللَّهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّينَ وَكَانَ اللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمًا﴾ «مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس ،لېكىن (ئۇ ) ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىر ى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى

ئاخىرلاشتۇرغان،ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ)» (سۈرە ئەھزاب 40ـ ئايەت).

شۇنداق... جەمئىيەتتە شۇ دەرىجىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن نۇرغۇنئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇنلار باركى ئۇنى ئاغزاكى تەشۋىقاتقا تايىنىپلا تۈگەتكىلى ياكى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇ تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى زىچ بىرلىشىشى لازىم. بۇ خىل ئەمەلىي ھەرىكەتنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتقا قانچىلىك تېز تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھۇدەيبىيە ئۆمرىسىدە مۇسۇلمانلاردا ناھايىتى رۇشەن ئىپادىلەندى. ئۇ قېتىم مۇسۇلمانلار ئۇرۇە ئىبنى مەسئۇد سەقەفى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگىنىدەك رەسۇلۇللاھنىڭ تۈكۈرگەن تۈكۈرۈكلىرىنىمۇ تەبەررۈك بىلىپ يۈز كۆزلىرىگە سۈركىلىشىۋېلىشقان، تاھارەت سۈيى بىلەن قوللىرىنى نەملىۋېلىش ئۈچۈن ئۆرۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قېلىشقاندى. ئۇلار تېخى دەرەخ تۈۋىدە ئۆلۈمگە رازى بولۇش ، ئەمما قاچماسلىققا بەس ـ بەستە ئەھدى بېرىشكەن پىداكار مۇسۇلمانلار ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرلەرگە ئوخشاش پېشقەدەم، پىداكار ساھابىلارمۇ بار ئىدى. ھۇدەيبىيە كېلىشىمى ئىمزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ساھابىلارنى دەرھال تۇرۇپ ھەدىيە (قۇربانلىق)لىرىنى بوغۇزلاپ ئېھرامدىن چىقىشقا بۇيرىغان ئىدى، ئۇنىڭ بۇيرىقىغا ھېچكىم مىدىر ـ سىدىر قىلماي جىم تۇرۇۋالدى ، ھەتتا رەسۇلۇللاھ قاتتىق تەشۋىشلەندى ۋە غەزەبلەندى ، لېكىن بۇ چاغدا ئۈممى سەلىمە رەسۇلۇللاھقا باشقىلار بىلەن كارى ـ بارى بولماي ئۆزى بېرىپ ھەدىيە (قۇربانلىق)سىنى زەبھى قىلىپ ئېھرامدىن چىقىۋېرىشكە مەسلىھەت بەردى، رەسۇلۇللاھ شۇنداق قىلغۇدى، ساھابىلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىپ ھەدىيىلىرىنى زەبھى قىلىشىپ ئېھرامدىن چىقىشقا ئالدىرىدى . مانا بۇ ۋەقە ئارقىلىق كونا ئەنئەنىۋى بىر قائىدىنى ئۆزگەرتىشتە ئاغزاكى تەشۋىقات بىلەن ئەمەلى ھەرىكەتنىڭ بىرلىشىشىنىڭ قانچىلىك زور تەسىر پەرقى بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

دېگەندەك بۇ نىكاھتىن كېيىن مۇناپىقلار نۇرغۇن ئىغۋالارنى تارقاتتى، ئۇلار بۇ نىكاھ توغرىسىدا كەڭ كۆلەمدە تەتۈر تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ بەزى ئىمانى ئاجىز مۇسۇلمانلارغا قىسمەن يامان تەسىرلەرنى كۆرسەتتى ، بولۇپمۇ زەينەب رەسۇلۇللاھنىڭ بەشىنچى ئايالى بولۇپ قالدى، ۋەھالەنكى مۇسۇلمانلار بىر ئەر تۆتتىن زىيادە خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ ھالال(راۋا)لىقىنى قەتئى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زەيد ئىبنى ھارىس شۇ كەمگىچە رەسۇلۇللاھنىڭ ئوغلى دەپ قارىلىپ كەلگەنىدى . ئەلنىڭ نەزىرىدە ئوغلىنىڭ ئايالىنى خوتۇن قىلىش ئەڭ قەبىھ پاھىشىۋازلىق سانىلاتتى . ئاللاھ سۈرە ئەھزابتا مۇشۇ ئىككى تېما ھەققىدە دەل جايىدا ۋە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەردى ۋە ساھابىلارمۇ «بېقىش ـ بېقىۋېلىش» نىڭ ئىسلام دىنىدا نىكاھ مۇناسىۋىتىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى ۋە يەنە ئاللاھنىڭ رەسۇلۇللاھقا ئۇنىڭ ئالاھىدە ئۇلۇغۋار نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئاممىسغا رۇخسەت قىلىنمىغان تۆتتىن زىيادە ئۆيلىنىش ئىمتىيازىنى بەرگەنلىكىنى بىلىۋالدى.

خوش... رەسۇلۇللاھ ئاشۇ ئۇممۇھاتىلمۇئمىنىين (مۆئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى) بىلەن سەممىمي، كۆيۈمچانلىق، ھايا ـ ھۆرمەت، ئېسىللىك، ئالىي جاناپلىق ۋە خۇش ـ خۇيلۇق بىلەن چىقىشىپ ئۆتكەن. شۇنىڭدەك ئۇلارمۇ رەسۇلۇللاھنى ئىززەتلەش، قانائەت قىلىش، سەبرچانلىق، كەمتەرلىك، ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش ۋە ئەر ـ خۇتۇنلۇق ھەقلىرىنى ئۇستىگە ئېلىش جەھەتلەردە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تۇراتتى ، ھالبۇكى رەسۇلۇللاھنىڭ تۇرمۇشى كىشى تاقەت قىلالمىغۇدەك رەۋىشتە قىسىلچىلىق ۋە نامراتچىلىقتا ئۆتكەنىدى. ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ تاكى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا رىھلەت (سەپەر) قىلغانغا قەدەر ئاق نان كۆرگىنىنى ۋە بىر پۈتۈن كاۋاپ قىلىنغان قوينى كۆرگىنىنى بىلمەيمەن»، دېگەن. ئائىشە: «بىز ئىككى ئاي ئۆتۈپ ئۈچىنچى يېڭى ئاينى كۆرەتتۇق ، رەسۇلۇللاھنىڭ ھېچ قايسى ئۆيلىرىدە ئوت قالانمايتتى » دېگەن. ئۇرۋە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۇنىڭدىن: «سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلار نېمە ئىدى ؟» دەپ سورىغاندا ، ئۇ: « ئىككى قارا يېمەكلىك يەنى سۇ ۋە خورما ئىدى»، دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى مۇشۇنداق غورىگىل ۋە نامراتلىقتا ئۆتكەن بولسىمۇ بۇ ئاياللاردىن تەنقىدلەشكە تېگىشلىك چوڭ بىر قانەئەتسىزلىك خاتالىقى سادىر بولغان ئەمەس، بىراق ئۇلارمۇ ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى شەرىئەت ئەھكامىنى تۇرغۇزۇشقا سەۋەب بولسۇن ئۈچۈن پەقەت بىرلا قېتىم يۈز بەرگەن. بۇ چاغدا ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىختىيار، قويۇش ئايىتىنى نازىل قىلىپ: « يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ قُل لِّأَزْوَاجِكَ إِن كُنتُنَّ تُرِدْنَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَزِينَتَهَا فَتَعَالَيْنَ أُمَتِّعْكُنَّ وَأُسَرِّحْكُنَّ سَرَاحًا جَمِيلًا (28) وَإِن كُنتُنَّ تُرِدْنَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَالدَّارَ الْآخِرَةَ فَإِنَّ اللَّهَ أَعَدَّ لِلْمُحْسِنَاتِ مِنكُنَّ أَجْرًا عَظِيمًا » تەرجىمىسى: «ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ سېنى رەنجىتكەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇ زىننەتلىرىنى كۆزلىسەڭلار،كېلىڭلار،سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرەي،سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي(28).ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى،ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار،ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا چوڭ ساۋابنى (يەنى كۆز كۆرمىگەن،قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنسانىنىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن نازۇ نېمەتلەر بار جەننەتنى )تەييار قىلدى» (سۈرە ئەھزاب 28 ـ 29 ـ ئايەتلەر) دېدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئىسىل نەسەب پاكىزلىقى ۋە ئالىي جاناب پەزىلەتلىكلىكى تۈپەيلىدىن ھېچ كىشىگە مەسلىھەت سالماستىن، ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىختىيار قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بىرىمۇ دۇنيانى (يەنى بۇ دۇنيانىڭ پاراۋان تۇرمۇشنى) تاللاشقا مايىل بولۇپ كەتمىدى.

شۇنداقلا ئۇلار شۇنچە كۆپ تورۇقلۇق ، ئادەتتە ( كۈندەشلەر) ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان كۈندەشلىك غەلۋە ـ غۇدۇرلىرى يۈز بەرمىدى. پەقەت ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئايرىم بەزىلىرىدىن قىسمەن گەپ سۆزلەر بولۇپ ئۆتكەن بولۇپ ئاللاھ بۇنىڭغا تەنقىد بەرگەندىن كېيىن قايتا تەكرارلانمىدى. بۇ ئەھۋالنى ئاللاھ سۈرە تەھرىمدە مۇنداق دەپ تىلغا ئالدى: «يا أيّها النّبِيّ لم تحرّم ما أحلّ الله لك تبْتغي مرْضات أزْواجك والله غفور رّحِيم» تەرجىمىسى: «ئى

پەيغەمبەر! نىمە ئۈچۈنئاللاھ ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن ھارام قىلىسەن ،ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ، ناھايىتى مېھرىباندۇر[1] .ئاللاھ سىلەرگە (كەففارەت) بىلەن قەسىمىڭلاردىن چىقىشنى بەلگىلىدى،ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر،ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[2] . ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئاياللىرىدىن بىرىگە (يەنى ھەفسەگە ) بىر سۆزنى يوشۇرۇن ئېيتقان ئىدى، ئۇ (يەنى ھەفسە) ئۇنى (ئائىشەگە) ئېيتىپ قويغان،ئاللاھ بولسا سىرنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىنى (پەيغەمبەرگە) بىلدۈرگەن چاغدا، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇنىڭغا (ھەفسەگە) ئۇ (يەنى ھەفسە ) ئاشكارىلاپ قويغان سۆزلەرنىڭ بەزىسىنى ئېيتتى (يەنى يۈزىگە سالدى ). بەزىسىنى ئېيتمىدى (يەنى يۈزىگە سالمىدى ). پەيغەمبەر ئۇنىڭغا سىرنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى ئېيتقان چاغدا ، ئۇ (يەنى ھەفسە ): «بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟» دېدى، پەيغەمبەر: «ماڭا (بۇنى) ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردارئاللاھ خەۋەر قىلدى» دېدى[3] . ئەگەر (ئائىشە، ھەفسە) ئىككىڭلارئاللاھقا تەۋبە قىلساڭلار (ئۆزەڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر ). سىلەرنىڭ دىلىڭلار (رەسۇلۇللاھقا ئىخلاس قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كەتتى ، ئەگەر سىلەر (رەسۇلۇللا خوپ كۆرمەيدىغان ئىش ئۈستىدە ) ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرساڭلار، ئۇ چاغدائاللاھ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇ، ئۇلاردىن باشقا پەرىشتىلەرمۇ (ئۇنىڭغا) يۆلەنچۈكتۇر[ 4]. ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە ، پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا، سىلەردىن ياخشى ، (اللەنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە ) بويسۇنغۇچى ، (اللەغا ۋە پەيغەمبەرگە ) ئىمان ئېيتقۇچى ، ئىتائەت قىلغۇچى ، گۇناھلاردىن تۆۋبە قىلغۇچى ، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا بېرىشى مۇمكىن (تەھرىم 1 ـ 5 ئايەتكىچە).

ئاخىرىدا مەن (مۇئەللىپ) ئىسلام دىنىنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش پرىنسىپىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ ۋە ئۇنى ئاقلاپ دەلىللەشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايمەن. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ بۇ سىياسىتىگە چىش تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرىدىغان ئاشۇ ياۋرۇپالىقلارنىڭ ۋە ئامېرىكا ئاھالىرىنىڭ تۇرمۇشىغا بولۇپمۇ ، ئۇلار تارتىۋاتقان بەختسىزلىك ۋە ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارغا ، ئۇلار سادىر قىلىۋاتقان رەسۋاچىلىق ۋە قەبىھ جىنايەتلەرگە ۋە بۇ پىرىنسىپتىن ۋاز كەچكەنلىكى ئۈچۈن دۇچ كېلىۋاتقان بالا ـ قازا ۋە دەرت ئەلەملىرىگە نەزەر سالغان ھەر قانداق بىر ئەقىللىق كىشى دەلىللەپ ئولتۇرمىساقمۇ بۇنى چۈشىنىدۇ، مانا ئۇلارنىڭ بۇ بەختسىز ھاياتى ئىسلام دىنىنىڭ مۇشۇ پرىنسىپىنىڭ ئادىل توغرىلىقىغا بولغان ئەڭ كۈچلۈك روشەن شاھىد بولالايدۇ ، بۇنىڭدىن ئەقىل ئىلگىرى چوقۇم ئىبرەت ئالالايدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ۋە گۈزەل ئەخلاقلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى پەزىلىتى ۋە مۇكەممەل بەدەن قۇرۇلۇشى سۈپەتلىرى بىلەن تىل تەۋسىپلەشتىن ئاجىز كېلىدىغان دەرىجىدە ئالاھىدە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى ئۇچۇن تۈمەن مىڭ قەلبلەر ئۇنى ئۇلۇغلاش ۋە تەۋسىپلەش بىلەن كۆيدى. نى ...نى ئەزىمەتلەر ئۇنى قوغداش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش يولىدا دۇنيا تارىخىدا ئىككىنچى بىر كىشىگە كۆرسىتىلمىگەن پىداكارلىقلارنى كۆرسەتتى ، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەنلەر ئۇنىڭغا گويا ئاشىق بولۇپ قالغاندەك دوست تۇتۇپ قالاتتى . ئۇلار بېشى كېتىشكە رازى ئىدىكى ، رەسۇلۇللاھنىڭ تىرنىقى يېرىلىشقا كۆزى قىيمايتتى . ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھنى شۇ دەرىجىدە ياخشى كۆرۈپ ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلىشىدىكى بىردىن بىر سىر رەسۇلۇللاھنىڭ ۋۇجۇدىدا باشقا بىر ئىنساندا تېپىلمايدىغان كامالى پەزىلەتلەرنىڭ بار بولغانلىقىدا ئەلبەتتە. تۆۋەندە بىز ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى ئاجىزلىقىمىزنى ئىتراپ قىلىپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ بەزى گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە مۇكەممەل سۈپەت رەۋىشلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

## رەسۇلۇللاھنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى

ئۇممى مەئبەد خۇزائى رەسۇلۇللاھنى (ئۇ ھىجرەت سەپىرىدە ئۇممى مەئبەدنىڭ چېدىرىغا چۈشۈپ ئۆتكەنىدى ) ئىرىگە تونۇشتۇرغاندا : «ئۇ چىرايى نۇرلۇق رەڭگى ئاق ، بەدەن قۇرۇلۇشى گۈزەل قامەتلىك ، ئوتتۇرا بوي ، كۆزى چوڭ ، چاچلىرى تىرەڭ، رەتلىك، ئاۋازى جاراڭلىق، يېقىملىق بوينى تۈز، كېلىشكەن ، قارا كۆز ، ئۆرمە كىرپىك ، قەلەم ـ قاش، چېچى قاپ ـ قارا ، جىم تۇرسا سالاپەتلىك ، سۆزلىسە ھەيۋەت ياغىدىغان ، يىراقتىن قارىماققا قاۋۇل، ھەيۋەتلىك ، يېقىندىن كۆرمەككە مۇلايىم ھەم خۇش پېئىل، تىلى تاتلىق، ئىسىل،كەم سۆز خامۇشمۇ ئەمەس، تولا سۆزلەيدىغان ۋالاق تەككۇرمۇ ئەمەس ئۇنىڭ سۆزلىرى يىپى ئۈزۈلگەن گۆھەردەك چۈشىدىكەن ، پاكارلىق بىلەن ھاقارەتلەنمەيدىغان ئېگىزلىك بىلەن ئەيىبلەنمەيدىغان ئوتتۇرا بوي ، ئىككى شاخ ئوتتۇرىسىدىكى نوتىغا ئوخشايدىكەن . ئۇچەيلەن ئىچىدىكى ئەڭ كۆركەم بەلەن كىشى ئىكەن. ھەمراھلىرى ئۇنى جىنى بىلەن قوغدايدىكەن ، سۆزلىسە جىم تۇرىشىدىكەن، بۇيرىسا ئىجرا قىلىشقا ئالدىرايدىكەن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىناۋەتلىك ، توڭ قوپالمۇ ئەمەس ۋە قوسۇرچى مالامەتخورمۇ ئەمەس ئىكەن» دېگەن.

ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن : «رەسۇلۇللاھ بەك ئېگىز خادا بويمۇ ئەمەس، بەك پاكار پىستەكمۇ ئەمەس ، ئوتتۇرا بوي كىشى ئىدى . چاچلىرى گىيدە ـ بۇدرىمۇ ئەمەس ، جانسىز ئۆلۈكمۇ ئەمەس ، ئەتلىك يارىشىملىق ئىدى . يۈزى گۆشلۈك، سىمىزمۇ ئەمەس ، ئورۇقمۇ ئەمەس ، يۈزى يۇملاق رەڭگى رويى ئاق، كۆزىنىڭ قارچۇغى قاپ ـ قارا كىرپىكلىرى قويۇق كۆكرىكى كەڭ غوللۇق مەيدىسىدە تۆۋەنگە سوزۇلغان يۇمران تۈكلەر بار ئىدى . پۇت ـ قوللىرىنىڭ ئالقانلىرى كەڭ ئىدى ماڭسا ئىگىزدىن چۈشىۋاتقاندەك سالماق ماڭاتتى ، قارىسا تامامەن بۇرۇلۇپ قارايتتى، غولىدا پەيغەمبەرلىك مۆھۈرى بار ئىدى . قولى كەڭ (يەنى سىخى )

يۈرەكلىك(قورقماس) راستچىل، ۋاپادار، تەبىئىتى ئوچۇق چىقىشقاق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دەسلەپ كۆرگەن ئادەمگە سۈرلۈك تۇيۇلاتتى، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ تونۇشقان ئادەم ئۇنى دوست تۇتۇپ قالاتتى. رەسۇلۇللاھنى تەرىپلىگۈچىلەر: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك ئادەمنى بۇرۇنمۇ ۋە كېيىنمۇ كۆرمىدىم» دېيىشىدۇ.

ئەلىدىن نەقىل قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە: «رەسۇلۇللاھنىڭ باش سۆڭىكى چوڭ، ئۇستىخانلىق، مەيدىسىدە تۆۋەنگە سوزۇلغان يۇمران تۈكلەر بار ئىدى. گويا ئېگىزدىن چۈشۈۋاتقاندەك تېز ماڭاتتى» دېيىلگەن.

جابىر ئىبنى سەمۇرە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزى يوغان كۆزىنىڭ ئېقى قىزغۇچراق پۇتىنىڭ ئوشۇق سۆڭىكى ئۇسۇك ئىدى»دېگەن.

ئەبۇ تۇپەيل: «رەسۇلۇللاھ رەڭگى ئاق، قاڭشارلىق ئوتتۇرا بوي كىشى ئىدى» دېگەن.

ئەنەس ئىبنى مالىك: «رەسۇلۇللاھنىڭ پۇت-قوللىرىنىڭ ئالقانلىرى كەڭ ئىدى» دېگەن. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزى ئاق سېرىقمۇ ئەمەس، بۇغداي ئوڭلۈك قارامتۇلمۇ ئەمەس، نۇرلۇق پارقىراق ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئالەمدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ چاچ ساقاللىرىدا يىگىرمە دانە ئاق تۈك چىقمايتتى، ئۇنىڭ چېكىسىدە ۋە باش قىسمىدا ئاندا-ساندا ئاق چاچ پەيدا بولغان ئىدى».

ئەبۇ جۇھەيپە: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ تۆۋەنكى لېۋى ئاستىدا يەنى ماقلىدا ئانچە مۇنچە ئاق تۈك كۆرگەن ئىدىم»، دېگەن.

ئابدۇللا ئىبنى بۇسرى: «رەسۇلۇللاھنىڭ ماقلىدا بىر قانچە تال ئاق تۈكلەر بار ئىدى» دېگەن.

بەرائ ئىبنى ئازىب: «رەسۇلۇللاھ ئوتتۇرا بوي، غوللۇق كىشى ئىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىنى يېپىپ تۇرىدىغان چېچى بار بولۇپ، مەن ئۇنى بىر كۈنى قىزىل رەڭلىك تون بىلەن كۆرگەن ئىدىم. ماڭا ئۇنىڭدىن چىرايلىق كىشى كۆرۈنمىدى»، دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپكى بىر مەزگىللەردە يەھۇدىيلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشنى ياقتۇرغانلىقى ئۈچۈن چېچىنى قويۇۋەتتى، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە چېچىنى ئايرىيدىغان بولدى»دېگەن

بەرائ: «رەسۇلۇللاھ ئادەملەر ئارىسىدىكى يۈزى(چىرايى) ئەڭ چىرايلىق تەن قۇرۇلۇشى ئەڭ كېلىشكەن كىشى ئىدى» دېگەن.

بەررائىيدىن: «رەسۇلۇللاھنىڭ چىرايى قىلىچتەك پارقىراقمىدى؟» دەپ سورالغاندا ئۇ: «ياق بەلكى ئۇنىڭ چىرايى شەكلى ئايدەك(يەنە بىر سۆزدە يۇملاق) ئىدى»، دېگەن.

رەبىئە موئەۋۋىز: «مەن رەسۇلۇللاھنى كۆرسەم قۇياشنىڭ جۇلا قىلىپ نۇر چاچقان ھالىتىنى كۆرگەندەك بولاتتىم» دېگەن.

جابىر ئىبنى سەمۇرە: «مەن بىر ئايدىڭ كېچىدە رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچراشقان ئىدىم مەن رەسۇلۇللاھقا بىر قارايمەن، ئايغا بىر قارايمەن. رەسۇلۇللاھ قىزىل تون كىيىۋالغان ئىكەن، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ تولۇن ئايدىنمۇ چىرايلىقراق بولۇپ كېتىپتۇ» دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە : « مەن رەسۇلۇللاھتىن چىرايلىق ئادەمنى كۆرمىگەن، قۇياش گويا ئۇنىڭ يۈزىدە ئاققاندەك بىلىنەتتى . ماڭسا ئۇنىڭغا يەر قاتلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى ، بىز مۇشەققەت بىلەن ماڭساق، ئۇ قىينالماي ماڭاتتى »دېگەن.

كەئەب ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ : « رەسۇلۇللاھ خۇشاللانسا چىرايى يورۇپ كېتەتتى، گويا ئۇ تولۇن ئاينىڭ ئۆزى بولۇپ كېتەتتى . بىر قېتىم ئۇ ئائىشىنىڭ يېنىدا تەرلەپ قالغانىدى ئۇنىڭ يۈزى ۋىلىلداپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئائىشە ئۇنىڭغا ئەبو كەبىر ھۇزەلىينىڭ تۆۋەندىكى شېئىرنى تەمسىل قىلىپ ئوقۇپ بەردى.

قارايدىغان بولسىڭىز چىراي شەكلى جانانىنىڭ،
چاقماق كەبى نۇر چاچار مىسلى بولۇت جاھانىنىڭ.

ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھنى كۆرسە مۇنداق دېيتتى:

ئىشەنچىلىك مۇستاپا ياخشىلىققا چاقىرار،
تولۇن ئاينىڭ نۇردەك قاراڭغۇنى يورىتار.

ئۆمەر رەسۇلۇللاھقا زۇھەيرنىڭ ھەرەم ئىبنى سىنان ھەققىدە ئېيتقان مۇنداق بىر مىسرا شېئىرىنى تەمسىل قىلاتتى:

سىز ئەگەر بولماي كىشى ئادىمىزات نەسلىدىن،
چىقسىڭىز كۆككە ئۇزۇپ نۇرسىز كۆرۈنگەي تولۇن ئاي.

ئاندىن ئۇ: « رەسۇلۇللاھ مانا مۇشۇنداق ئىدى »، دەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەزەپلەنسە چىرايى قىزىرىپ گوياكى ئۇنىڭ مەڭزىگە ئانارنىڭ دانچىلىرى سىقىلغاندەك بولۇپ كىتەتتى.

جابىر ئىبنى سەمورە: « رەسۇلۇللاھنىڭ پاچىقىدا ئازراق قاپارتما ئىزلىرى بار ئىدى ، ئۇ كۈلسە تەبەسسۇم بىلەن كۈلەتتى. مەن رەسۇلۇللاھنى كۆرسەملا كۆزىگە سۈرمە سۈركەپتۇ» دەيتتىم، ئەمما ئۇ سۈرمە تارتمايتتى » دېگەن.

ئىبنى ئابباس : « رەسۇلۇللاھنىڭ چىشى ئاراشراق ئىدى ، سۆزلىسە چىشلىرى ئارىسىدىن نۇر چىقىۋاتقاندەك بىلىنەتتى »دېگەن.

ئۇنىڭ بوينى كىيىكنىڭ بويىنىدەك كېلىشكەن ، كۈمۈشتەك پاكىز ئىدى . ئۆرمە كىرپىكلىك قويۇق ساقاللىق، پىشانىسى كەڭ قەلەم قاش، قاڭشارلىق ، مەڭزى تۈز ، كۆكرىكىدىن كىندىكىگىچە تۆۋەن سوزۇلغان تۈكلەر بار ئىدى . قول ۋە ئىككى دولىسى تۈكلۈكرەك قوساق ۋە مەيدىلىرى تۈپتۈز كەڭ كۆكرەكلىك ، بىلەكلىرى ئۇزۇن ، پۇت ـ قوللىرىنىڭ ئالقانلىرى كەڭ ، تاپىنىنىڭ بوشلۇقى يىڭاڭراق، ئۇگە ـ بارماقلىرى ئۇزۇن ئىدى. ماڭسا قوزغىلىپ ماڭاتتى. قەدىمىنى ئۇزۇپ كۆتۈرۈپ سالماق قەدەم تاشلاپ ماڭاتتى ».

ئەبۇ جوھەيفە : « مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قولىنى تۇتۇپ پىشانەمگە قويغان ئىدىم ، ئۇ قاردىنمۇ سوۋۇق( يەنى راھەتلىك) ئىپاردىنمۇ خۇشبۇي تۇيۇلدى » دېگەن.

جابىر ئىبنى سەمۇرە: « رەسۇلۇللاھ مەڭزىمنى (ئۇ كىچىك سەبى بالا ئىدى ) سىلاپ قويۇدى، ئۇنىڭ قولىنى گويا ئەتتار (ئەتىر ساتقۇچى )نىڭ قۇتىسىدىن چىققاندەك ھېس

قىلدىم» دېگەن . ئۇممى سولەيم : رەسۇلۇللاھنىڭ تەرلىرى ئەڭ ئېسىل ، خۇشپۇراق ئىدى »، دېگەن.

جابىر: « بىرەر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭغان يولدىن ئۆتسە ئۇ شۇ يولنىڭ خۇشبۇيلىقىدىن بۇ يولدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭغانلىقىنى بىلەتتى ، ئۇنىڭ مۆسىدە كەپتەر تۇخۇمىغا ئوخشاش ئەسلى ئېتىدە پەيغەمبەرلىك مۆھۆرى بار ئىدى. ئۇ سول مۈشىبىنىڭ ئۇدۇلىدا يۇمىلاق قاپارتقۇ (بىر خىل ئۆسمە) شەكلىدە بولۇپ ئۈستىدە سىزىقچىلار بار توپچا ئىدى»

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىجەز خاراكتېرى ۋە ئېسىل ئەخلاقلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلىنىڭ پاساھەتلىكلىكى ۋە يۇقىرى سۆز قابىلىيىتى بىلەن ئالاھىدە ئورۇندا تۇراتتى. ئۇ تەبىئىتى مۇلايىم ، تىلى راۋان ، سۆزى مەزمۇنلۇق، چۈشەنچىسى دۇرۇس، تەكەللۇپسىز ئىدى. ئۇنىڭدا لەبزى ئىخچام، مەزمۇنلۇق، ھېكمەتلىك سۆزلەش ئىقتىدار ئاتا قىلىنغانىدى. ئۇ ئەرەب تىل ـ شىۋىلىرىنى پىششىق بىلەتتى. ھەر بىر قەبىلە خەلقىگە شۇ قەبىلىنىڭ تىل تەلەپپۇزى ۋە سۆزلەش ئۇسلۇبى بويىچە سۆزلەيتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋۇجۇدىدا سەھرانىڭ ساددا ، تەبىئىي سۆز ئىقتىدارى بىلەن شەھەرنىڭ مەدەنىي ، چىرايلىق تەلەپپۇزى ۋە ئىلاھىي ۋەھيى تەمىنلىگەن ئاللاھنىڭ قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشى تولۇق مۇجەسسەملەشكەنىدى . مۇلايىملىق، جاپاغا چىداش ، ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق كەچۈرۈم قىلىش كۆڭۈلسىزلىكلەرگە سەبرى قىلىش قاتارلىقلار ئاللاھ ئۇنىڭغا سىڭدۈرگەن ئېسىل ئەخلاق پەزىلەتلەر ئىدى . ھەر قانداق مۇلايىم ئادەم ھەممىشە مۇلايىم بولىۋەرمەيدۇ ، ئۇنىڭدىن چوقۇم ھامان بىرەر قېتىم ئالدىراقسانلىق سادىر بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن پەيغەمبىرىمىز شۇنچە كۆپ كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسىگە چىدىغان، ئۆزىگە ئازار، كۈلپەت يەتكۈزگەن نادان جاھىللارغىمۇ مۇلايىملىقىنى ئۆزگەرتمىگەن.

ھەزرىتى ئائىشە : «رەسۇلۇللاھ ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى ئىختىيار قىلىشقا توغرا كەلگەندە گۇناھ بولمايدىغانلا بولسا ئۇنىڭ ئوڭايراقىنى تاللايتتى ، ئەگەر گۇناھ بولىدىغان بولسا ئۇنىڭدىن ھېزى بولاتتى . ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالمايتتى ، پەقەتلا ئاللاھنىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنسا ئاللاھ ئۈچۈنلا ئىنتىقام ئالاتتى . ئۇ غەزەپلىنىش ۋە ئاچچىقلىنىشتا بەك ئاستا، رازىمەنلىك ۋە خۇشال بولۇشتا ئەڭ تېز ئىدى »، دېگەن.

### رەسۇلۇللاھنىڭ كەڭ قول، سېخىيلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساخاۋەت ۋە كەڭ قوللۇق بابىدا تەڭدىشى يوق ئىدى . ئۇ نامرات بولۇپ قېلىشتىن قورقماي بېرەتتى. ئىبنى ئابباس: «رەسۇلۇللاھنىڭ ياخشىلىق

ئۇچۇن قولى بەك ئوچۇق ئىدى. رامىزان ئېيىدا تېخىمۇ سېخى بولۇپ كېتەتتى. جىبرىئىل بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىدا تېخىمۇ كەڭ قول بولۇپ كىتەتتى ، جىبرىئىل رامىزاننىڭ ھەممە كۈنىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قۇرئاننى دەرس ـ مۇزاكىرە قىلىپ بىرەتتى ، بۇ چاغدا ئۇ ياخشىلىق ئۇچۇن شامالدىنمۇ تېز ھەرىكەت قىلاتتى » دېگەن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باتۇرلۇقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ دەرىجىدە باتۇر ۋە قورقماس جەسۇر ئىدىكى، باتۇرلۇق بىلەن شۆھرەت قازانغان كىشىلەر مۈشكۈل پەيتلەردە قاچقان چاغدىمۇ، رەسۇلۇللاھ ئۆز ئورنىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇراتتى . بەلكي تېخىمۇ ئالغا ئىلگىرلەيتتى ، ئارقىغا چېكىنمەيتتى. قالتىس باتۇرلارنىڭمۇ مۇھىم پەيتلەردە قاچقان ياكى خاتالىق سادىر قىلغان چاغلىرى بولغان پەقەت رەسۇلۇللاھلا بۇنداق نۇقسانلاردىن پۈتۈنلەي خالى ئىدى . ئەلى: بىز ئەڭ مۈشكۈل پەيتلەردە رەسۇلۇللاھقا ئىلتىجا قىلاتتۇق ، جەڭ مەيدانلىرىدا رەسۇلۇللاھ دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن ئۇرۇندا تۇراتتى » دېگەن.

ئەنەس: « بىر كۈنى كېچىسى مەدىنە خەلقى تەشۋىشلىك بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى دەپ قۇراللىنىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئاتلاندى . ھالبۇكى رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن ئىلگىرى چىققان بولۇپ ئەبۇتەلھەنىڭ ياۋىداق ئېتىغا مىنىپ قىلىچىنى ئاسقان ھالدا ئالللىقاچان ئەھۋالنى ئېنىقلاپ «قورقماڭلار! قورقماڭلار » دەپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى »، دېگەن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياسى ۋە ئۇياتچانلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تولىمۇ ھايالىق ئىدى . كىشىلەرنىڭ ئەيىپ ـ نۇقسانلىرىنى كۆرمەسكە سالاتتى . ئەبۇ سەئىد خۇدۇرى : « رەسۇلۇللاھ يۈزى ئېچىلمىغان قىزدىنمۇ بەكرەك ھايالىق ئىدى ، ئۇنىڭ بىرەر ئىشنى ياقتۇرمىغانلىقىنى چىرايىدىن بىلگىلى بولاتتى »دېگەن.

بىر ئادەمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ ئالىيىپ قارىمايتتى، ئۆڭى سۈزۈك يۈزى تۆۋەن ئىدى، كۆپىنچە ھاللاردا يەرگە قاراپراق تۇراتتى ، ئۇنىڭ نەزىرى مۇلاھىزە بىلەن ئۆتەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئېسىل ئالىي جاناپلىقىدىن كىشلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشنى يۈزمۇ ـ يۈز تۇرۇپ ئېيتمايتتى. باشقىلارنىڭ بىرەر يامان گېپىنى ئاڭلىسا پالانى مۇنداق قىپتۇ دەپ ئىسمىنى ئاتىماستىن بەلكى مۇنداق قىلغانلارمۇ بار دەپ شۇ ئىشنى چەكلەيتتى.

ئۇنىڭغا پەرەزدەقنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرى بەكمۇ ماس كېلىدۇ:

ﻳﯘمار كۆزنى ھاياسىدىن<br>
تەبەسسۇمسىز ئېغىز ئاچماس

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادىللىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ئادىل، ئېپپەتلىك، لەۋزىدە تۇرىدىغان، راستچىل ۋە ئىشەنچىلىك ئىدى. ئۇنىڭ بۇ پەزىلىتىنى دۈشمەنلىرىمۇ ئېتىراپ قىلغان. ئۇ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى كىشىلەر ئۇنى ئەمىن(ئىشەنچىلىك) دەپ ئاتىشاتتى ۋە ئۇنىڭ ئايرىغان ھۆكۈملىرىگە رازى بولۇشاتتى.

ئىمام تىرمىزى ئەلىيدىن نەقىل قىلىپ : ئەبۇ جەھىل رەسۇلۇللاھقا : « بىز سىنى ئىنكار قىلمايمىز، بەلكى سەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى(يەنى دىنىنى) ئىنكار قىلىمىز»، دېگەنىدى، بۇ چاغدا ئاللاھ: «فَإِنَّهُمْ لاَ يُكَذِّبُونَكَ وَلَكِنَّ الظَّالِمِينَ بِآيَاتِ اللّهِ يَجْحَدُونَ » تەرجىمىسى:« ئۇلار سىېنى (ئىچىدە) ئىنكار قىلمايدۇ (لېكىن ئۇلار تەرسالىقتىن ئىنكار قىلىدۇ)، (ھەقىقەتتە) زالىملار ئاللاھ نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ » (سۈرە ئەنئام 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى.

ھىرەقلى (رۇم پادىشاھى) ئەبۇ سۇفياندىن: «ئۇنى مۇشۇ (پەيغەمبەرلىك ھەققىدىكى) گەپلەرنى دېيىشىنىڭ ئالدىدا يالغانچىلىق بىلەن ئەيىپلىگەنمۇ ؟» دەپ سورىغاندا ئەبۇ سۇفيان قەتئى قىلىپ: «ياق»، دەپ جاۋاب بەرگەن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كەمتەر بولۇپ ، تەكەببۇرلۇق ۋە چوڭچىلىقلاردىن خالىي كىشى ئىدى . ئۇ پادىشاھلارنى ئۇلۇغلاپ ئورنىدىن تۇرغاندەك، ئۆزى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشىنى يامان كۆرەتتى . ئاجىز ـ مىسكىنلەرنى يوقلايتتى ، غېرىپ ـ غۇرۋالار بىلەن بىللە ئولتۇراتتى . قۇل چىللىسىمۇ باراتتى ، ساھابىلىرى بىلەن شۇلارنىڭ ئىچىدە بىر كىشى سۈپىتىدە ئولتۇرۇپ قوپاتتى. ئائىشە: «رەسۇلۇللاھ ئايىغىنى ياماي‌تتى، كىيىمىگە ياماغلىق سېلىپ كىيەتتى. ئۇ ئائىلە ئىشلىرىنى سىلەرگە ئوخشاشلا قىلاتتى، قويىنى سېغىپ بېرەتتى، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى قىلاتتى » دېگەن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپادارلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ۋاپادار، سىلە رەھىملىك، شەپقەتلىك، مېھرىبان، كىشىلەرگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىدىغان زات ئىدى . ئۇ چىقىشقاق ، ئەدەپلىك، مىجەزى ئوڭلۇق، ئەدەپ ـ ئەخلاققا يات ئىشلاردىن يىراق ئىدى. قىلىقى سەت، ئەدەپسىز، لەنەتخور، رەستىلەردە سۆرۈن سالغۇچى ئەمەس ئىدى . يامانلىققا يامانلىق قىلمايتتى ، بەلكى يامانلىق قىلغانلارنى كەچۈرەتتى. ئەپۇ قىلاتتى، باشقىلارنى ئۆزىنىڭ كەينىدىن ماڭغىلى قويمايتتى. يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك كىيىشتە قول ـ چۆرىلىرىدىن ئالاھىدە بولۇۋالمايتتى. خىزمىتىنى قىلغان كىشىنىڭ ئىززىتىنى قىلاتتى. خىزمەتچىسىگە «ئىھ (ئىستت)» دېمەيتتى. بىر ئىشنى سەھۋەنلىك بىلەن قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى ئۈچۈن

تاپا ـ تەنە قىلمايتتى. ئۇ مىسكىن بىچارىلەرنى ياخشى كۆرەتتى ، ئۇلارنىڭ دەرد ـ ئەھۋالىنى ئاڭلايتتى، جىنازا نامىزىغا هازىرلىق قىلاتتى، كەمبەغەل نامراتلارنى تۆۋەن كۆرمەيتتى.

ئۇ بىر قېتىم سەپەردە ھەمراھلىرى بىلەن تاماق تەييارلاشقا توغرا كەلگەندە بىرى : «مەن قوينى بوغۇزلاي »، دېگەن، يەنە بىرى: «مەن سويۇپ پارچىلاي »، دېگەن. ئۈچىنچى بىرى مەن پۇشۇراي دېگەن ، رەسۇلۇللاھ: «مەن ئوتۇن تىرىپ كىلەي »، دېگەن. بۇ چاغدا ئۇلار: «ئۇنىمۇ بىز قىلىمىز»، دېگەندە رەسۇلۇللاھ: «قىلىدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن، ئەمما مەن سىلەردىن ئالاھىدە بولۇۋېلىشنى خالىمايمەن، ئاللاھ بەندىسىنىڭ ئۆز ھەمراھلىرىدىن ئالاھىدە بولۇۋېلىشنى ياقتۇرمايدۇ»، دېگەن ۋە بېرىپ ئوتۇن تىرىپ كەلگەن.

ئىبنى ئەبى ھالە رەسۇلۇللاھنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن : «رەسۇلۇللاھ ھەمىشە خىيالچان، دائىم تەپەككۇر ئىلكىدە يۈرەتتى. كۆلۈپ يايرىمايتتى. ئورۇنسىز سۆزلىمەيتتى، كۆپىنچە ھاللاردا سۈكۈت قىلاتتى ، بىر گەپنى باشلىسا تولۇق ئاياغلاشتۇراتتى . ئىخچام، مەزمۇنلۇق، بىھۇدە گەپتىن خالى كەمكۈتسىز ئۇقۇملۇق قىلىپ سۆزلەيتتى.

مۇلايىم،خۇش پېئىل، ئىدى. قوپال توڭمۇ ئەمەس، يۇۋاش، يۇمشاقمۇ ئەمەس ئىدى. ھەر قانداق نىئمەتنى كىچىك ئاز بولسىمۇ قەدرلەيتتى ، ئەيىپقا بۇيرىمايتتى ، بىرخىل تاماقنى ئەتىۋارلاپ ، يەنە بىر خىلنى سوكمەيتتى . ئۆزى ئۈچۈن ئۆچ ئالمايتتى ، پەقەت ھەقىقەت دەخلى تەرۇغا ئۇچرىسا ، ھەق ئۆز جايىغا قارار تاپمىغۇچە غەزىپىنى باسقىلى بولمايتتى، ئىشارە قىلسا پۈتۈن ئالىقى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى . بىر ئىشتىن ئەجەپلەنسە ئالقىنىنى پۇلاڭلىتاتتى ، غەزىپى كەلسە يۈزىنى باشقا ياققا بۇرۇۋالاتتى . شادلانسا كۆزى يۇمۇلۇپ كېتەتتى ، كۈلسە تەبەسسۇم بىلەن كۈلەتتى ـ دە چىشلىرى مۆلدۈردەك پارقىراپ كېتەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىمەنە ئىشلاردىن تىلىنى يىغاتتى ، ساھابىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇراتتى، ھەرگىزئارىغا ئارازلىق سالمايتتى . ھەر قەۋمنىڭ كاتتىسىنى ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئۇنى شۇلارغا باشلىق قىلىپ قوياتتى ، كىشىلەرنى چىرايىنى تۈرمەي ، مىجەزىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ ئاگاھلاندۇراتتى. ئۇ ناھايىتى ئېھتىياتچان ئىدى. ساھابىلارنى يوقلاپ تۇراتتى، كىشىلەردىن ئەل ئارىسىدىكى ئىشلارنى سوراپ تۇراتتى. ياخشى ئىشلارنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيتتى، يامان ئىشلاردىن سەسكەندۈرۈپ ئۇنى قامچىلايتتى.

ھەرىكىتى مۆتىدىل قارمۇ ـ قارشى ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەممە ئىشنىڭ ئەندىزىسى بار بولۇپ توغرا ئىشتىن قۇسۇر چىقارمايتتى . ھەقنى تۇتمەن دەپ ھەددىدىن ئاشۇرمايتتى. ياخشى ئادەملەر بىلەن يېقىن ئۆتەتتى ، ئۇنىڭ نەزىرىدە ياخشىلىقى كۆپ كىشىلەر ئەڭ پەزىلەتلىك ئادەملەر ھېسابلىناتتى ، كەڭ قول ئالىي ـ جاناب ئىسىل كىشىلەرنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرەتتى.

رەسۇلۇللاھ ئولتۇرسا ـ قوپسا، زىكرى تەسبىھ بىلەن ئولتۇرۇپ قوپاتتى. ئۆزىگە ئالاھىدە بىر ئورۇن ئىگەللىمەيتتى. بىر قەۋمنىڭ مەجلىسىگە بارسا توغرا كەلگەن يەردە ئولتۇراتتى ۋە شۇنداق قىلىشنى تەكىتلەيتتى. ھەر بىر سۆھبەتدېشىغا ئۆزىگە لايىق ئورۇن بىرەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ سوھبەتداشلىرىنىڭ ھەممىسى «رەسۇلۇللاھ مېنى ھۆرمەتلىدى » دېگەن

ھېسسىياتتا بولاتتى. ئۇ ھاجەتمەن بولۇپ كەلگەن ئادەمنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتەتتى تاكى شۇ كىشى قايتمىغۇچە رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ يېنىدىن قوپۇپ كەتمەيتتى . بىرەر نەرسە سوراپ كەلگەن كىشىگە ھاجىتىنى راۋا قىلاتتى ياكى چىرايلىق گەپ ياكى ۋەدە بىلەن قايتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىجەزى شۇ دەرىجىدە يېقىملىق ۋە ئۇگلۇق ئىدىكى ئۇ كىشىلەرگە ئۆز ئاتىسىدەك تۇيۇلاتتى. رەسۇلۇللاھقا نىسبەتەن ھەقىقەت ئالدىدا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى باپباراۋەر ئىدى . تەقۋادارلىق بىلەن پەرقلىنەتتى . ئۇنىڭ مەجلىسى ئىللىقلىق ، ھايا ـ ھۆرمەت ، سەبرچانلىق ۋە ۋاپادارلىق مەجلىسى بولۇپ سۈرەن، چۇقان، كۆتۈرۈلمەيتتى ، ھايا ھۆرمەت ئاياغ ئاستى قىلىنمايتتى (يەنى ھۆرمەتسىزلىك كۆرۈلمەيتتى ). تەقۋادارلىق بىلەن مېھرى مۇھەببەت ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللەيتتى. چوڭلار ھۆرمەتلىنەتتى . كىچىكلەر قەدىرلىنەتتى ، ھاجەتمەنلەر تارتۇقلىنىپ، غېرىپ ـ غۇرۋالار ئۇلپەتلەندۈرەلەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ھەمىشە ئوچۇق چىراي ، خۇشخۇي، مۇلايىم ئىدى . ئۇ توك، قوپال ، سۈرەن سالىدىغان ئەدەپسىز ، ھەددىدىن زىيادە ئەيىپلىگۈچى ۋە مەدھىيىلىگۈچى ئەمەس ئىدى . نامۇۋاپىق ئىشلارنى كۆرمەسكە سالاتتى . ئەمما ، ئۇنىڭغا يول قويغانلىقتىن ئەمەس ئىدى ، ئۆزىنى ئۈچ ئىشتىن : «رىياخورلۇق، ئاچكۆزلۈك ۋە پايدىسىز ئىشلاردىن خالى تۇتاتتى ۋە كىشىلەرنىمۇ ئۈچ ئىشتىن ئايىغانىدى ، بىراۋنى سۆكمەيتتى، ئەيىبلىمەيتتى ، ئەيىبىنى كوچىلىمايتتى ، بىھۇدە گەپ قىلمايتتى . رەسۇلۇللاھ سۆز قىلغاندا سۆھبەتداشلىرى گويا باشلىرىغا قۇش قونغاندەك جىم تۇرۇشاتتى ئۇ توختىسا ئاندىن ئۇلار سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بولمايتتى. بىرسى گەپ قىلسا باشقىلار تىڭشايتتى ، ساھابىلەر كۈلگەن ئىشتىن رەسۇلۇللاھمۇ كۈلەتتى ، ئەجەبلەنگەن ئىشتىن ئەجەبلىنەتتى . سۆزدە قوپال ئېيتقۇچىلارغا سەبر قىلاتتى ، ئۇ : ھاجەتمەننى كۆرسەڭلار ھاجىتىدىن چىقىڭلار ! دەيتتى . ئۇ مۇكاپات ئالغانلارنىڭ رەھمىتىنى قوبۇل قىلاتتى.

خارىجە ئىبنى زەيىد: «رەسۇلۇللاھ مەجلىسلەردە ئەڭ ۋەزمىن ۋە تەرتىپلىك ئىدى، ئۇ پۇت قوللىرىنى سوزۇپ ئەدەپسىز ئولتۇرمايتتى، تولاراق سۈكۈت بىلەن جىم تۇراتتى. زۆرۈر بولغاندا سۆزلەيتتى ، ياخشى سۆز قىلمىغانلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمايتتى ، كۈلسە تەبەسسۇم بىلەن كۈلەتتى . ئارتۇق ياكى كەم سۆزلىمەيتتى ، ساھابىلار رەسۇلۇللاھنى ھۆرمەتلەپ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەبەسسۇم بىلەن كۈلىشەتتى » دېگەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، رەسۇلۇللاھ ئاجايىپ يۈكسەك كامالەت سۈپەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى مۇشۇ پەزىلەتلەر بىلەن تەربىيىلىگەن ۋە ئۇنىڭغا « وَإِنَّكَ لَعَلى خُلُقٍ عَظِيمٍ » تەرجىمىسى : «(ئى مۇھەممەد !) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن» (سۈرە قەلەم 4 ـ ئايەت) دەپ باھا بەرگەن.

دېمەك، مانا بۇلار رەسۇلۇللاھنى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىنلاشتۇرغان، قەل،بلەرگە سۆيۈملۈك كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا ئەرزىيدىغان قوماندانغا ئايلاندۇرغان، ھەتتا ئۆز خەلقىنىڭ تەرسالىقىنى يۇمشىتىپ ئۇلارنى توپ ـ توپ بولۇپ ، ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشكە سەۋەپ بولغان خىسلەت ۋە پەزىلەتلەردۇر.

بىز بايان قىلغان بۇ خىسلەتلەر رەسۇلۇللاھنىڭ كامالەت سۈپەتلىرى ۋە ئۇلۇغۋار پەزىلەتلىرىدىن پەقەت تامچىلاردۇر خالاس . ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى يورۇتۇپ بىرىش ۋە ئېسىل خىسلەت ۋە ئالىي جاناپ كامالەت ۋە پەزىلەتلىرىنى بايان قىلىش قولىمىزدىن كەلمەيدىغان بىر ئىشتۇر . دۇنيادا كامالەت پەللىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوقىسىغا يەتكەن ئۆز رەببىنىڭ نۇرىدىن يورۇقلۇق ئالغان ھەتتا ئەخلاقى قۇرئاننىڭ ئۆز ئەينى بولۇپ كەتكەن ئەڭ ئۇلۇغ بىر زاتنىڭ ھەقىقىي تەۋسىپىنى يورۇتۇپ بىرەلىسۇن؟...

ئى ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاغا ۋە ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا رەھمەت قىلغاندەك رەھمەت قىلغىن . سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىق سەن ئۇلۇغدۇرسەن.

ئى ئاللاھ ئىبراھىمغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا بەركەت ئاتا قىلغاندەك مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)غا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن ، ھەقىقەتەن سەن مەدھىيىلەشكە ئەڭ لايىقتۇرسەن، ئۇلۇغدۇرسەن.

تامام.